# جامع الصحاح

## سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى

(1 ـ قىسىم)

ئىمام جالالۇددىين سۇيۇتى
ئىمام ناسىرۇددىين ئەلبانى

مىللەتلەر دىن نەشرىياتى

جامع الصحاح
سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى
(1 ـ قىسىم)

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۇئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئۇغۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 2
زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا ........................................ 9
<<ئ >> ئەلىق ھەمزە ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ........................ 17
《ئەتا》ئەلىق ئاندىن كېيىن ت بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ........................ 26
تەقۋالىق قىل، قورقىن دېيىلىدىغان ھەدىسلەر ................................ 37
«ئىزا» بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 63
ناماز ئوقۇسا دېيىلىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 120
ئاللاھۇممە يەنى ئى ئاللاھ دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................ 218
ئىننە بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 271
<< إنما >> بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 434
ب  بە ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 531
« ت » تە  ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 549
ئۈچ چېكىتلىك سە (ث) ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر................................ 571
« ج » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 585
«ح» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 590
« خ » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 603
ياخشىلار، ياخشىسى دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 613
« د » دال ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 627
« ذ »زال ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 637
« ر » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 641
« ز » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 660
« س » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 663
« ش » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 684
« ص » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 691
« ض » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 711
« ط » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 714
« ظ » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 723
« ع » ھەرپى بىلەن باشلانغان  سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 723

# كىرىش سۆز

مەن «يالغان ھەدىسلەر توپلىمى» ، «مشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ بولغىنىمدا ، ئەمدى نۆۋەتنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»غا كەلگىنىنى ھېس قىلدىم ، دوستلىرىم، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنى ھېس قىلىپ، ماڭا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى، ئاللاھنىڭ ياردىمى، شارائىت، ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن مەن بۇ خىزمەتنى داۋام قىلدىم. شەيخ ، مۇھەددىس، مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ ،ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتىنىڭ جامىئۇسسەغىير ناملىق كىتابىغا ئاساسەن تۈزگەن8200 سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشقا ئاتلاندىم.

مەقسەت ، نىيەت، ئارزۇيۇم، مۇرادىم: ئاللاھنىڭ جامالى، جەننەتتىكى ئالى مەرتىۋە ، ئۆزۈمنىڭ شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھىدايىتى، توغرا ـ ھەق يول تېپىشى، قۇرئاننى پەقەت مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىزاھلاش، شەرھىيلەش، تەپسىرلەش. يالغانغا، زەئىپكە ئەمەس، سەھىھ، ھەسەن، راست، توغرىسىغا ئەمەل قىلىش ۋە قىلدۇرۇشتۇر.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردىكى زور بوشلۇقنى تولدۇرۇشتۇر، بىر ئايەت، بىر ھەدىس بولسىمۇ يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكۈزسۇن، ئامىن!

مەندىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى، كەچۈرۈشىنى مەن ئۈچۈن سوراپ، تۈزىتىپ ئوقۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ، تەنقىد ، تەربىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن. ئەبۇ مۇھەممەد

قۇرئان، ھەدىسنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس،

تەرجىمە ، بەزى مەنىسىنى بايان قىلغۇر ھەممىنى ئەمەس،

قۇرئان ـ ھەدىس لەبزىنىڭ تەفسىرى،ئۇنىڭ بەزىسىدۇر،

بەزى ئايەتنىڭ مەنىسى،توپلامدىدۇر،بىردىلا ئەمەس.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# مۇقەددىمە

سەھىھ ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشىمدىن بۇرۇن سەھىھ ھەدىس توغرىسىدا توختىلىمەن. ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىس ئىلمى، كىتابلىرىدىن سۆز تاللاپ يېزىپ، قانداق ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن.

ھەدىس ئىلمى تەتقىقات توغرىسىدا تۈزۈلگەن كىتابلار:

1. «يادلىغۇچى بىلەن راۋىيسى ئارىسىنى ئايرىغۇچى مۇھەددىس»: بۇ كىتابنى قازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن رامھورموز يازغان. ۋاپاتى 360 ـ يىلى ھىجرىيە .

2. «ھەدىس ئىلىملىرىنى تونۇش»: بۇ كىتابنى ئەبۇ نۇئەيىم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسبەھانى يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 43 ـ يىلى.

3. «ھەدىس ئىلىملىرىدىن مەرىپەت»: بۇ كىتابنى مۇھەممەد ھاكىم نىسابورى يازغان. ۋاپاتى 405 ـ يىلى، ھىجرىيە .

4. «راۋىيەت ئىلمىدىكى كۇپايەت»: بۇ كىتابنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىيبولبەغداد يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 463 ـ يىلى.

5. «ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىينىڭ ئەخلاقى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار توپلىمى»: بۇ كىتابنىمۇ خەتىيبۇلبەغداد يازغان.

6. «راۋايەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇتقان نۇر»: دېگەن كىتابنى قازى ئىياز يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 544 ـ يىلى.

7. «ھەدىس ئىلىملىرى دېگەن كىتابنى» ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان شەھرەزورى يازغان. ۋاپاتى، 643 ـ يىلى

8. «تەقرىيب» ناملىق كىتابنى يەھيا ئىبنى شەرپى نەۋەۋى يازغان، ۋاپاتى 676 ـ يىلى، ھىجرىيە .

9. «بۇ كىتابقا تەدرىيب» ناملىق شەرھىنى جالالۇددىن ئابدۇرەھمان سۇيۇتى يازغان. بۇ مۇھەددىس، مۇپەسسىرنىڭ ۋاپاتى، 911 ـ يىلى، ھىجرىيە .دەل مۇشۇ كىشى بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورىدۇر .

10. ئەسەر ئىلمىدىكى گۆھەرلەر تىزىقى، بۇ كىتابنى زەينوددىن ئابدۇرەھىيم يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 806 ـ يىلى.

11. «پەتھۇلمۇغىيس»نى ئىمام ساخاۋى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 902 ـ يىلى.

12. «ئەسەر ئىلمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاللانمىسى» دېگەن كىتابنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان، بۇخارىنىڭ شارھى، ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى.

13. «بەيقونىيىە نەزمىسى» ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 1080 ـ يىلى.

14. «ھەدىس سۆزلەش قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى مۇھەممەد جامالۇددىن قاسىمى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 1332 ـ يىلى.

15. ئۇندىن باشقا ھازىرقى ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان، مەسىلەن: ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ يازغان، ۋاپاتى، مىلادى 2001 ـ يىلى

يەنە ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان بارلىق ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى توپلانغان كىتابنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەھان يازغان، كىتابلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بولالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پۇرسەت ۋە ماتېرىياللار تولۇق

بولغان، كومپيۇتېر دەۋرىدە، كومپيۇتېر دىسكىسى، پلاستىنكىسى ۋە تور بەتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئىككى ـ ئۈچ ئۆمۈردىمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز، ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى. مەن ھازىر ئەنە شۇنداق كىتابلاردىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمەن.

ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ، توغرا بولغىنى، ھەقىقى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن، قىلىقى بىلەن قىلغان، ئىشەنچلىك ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر. يەنى بىرگە: قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىشەنچلىك ھالدا يېتىپ كەلگەن ھەدىس. كۆپ جايلاردىكى كۆپ كىشىلەر ئوخشاش سۆزلىگەن، ئوخشاش خاتىرىلىگەن، ئۇلارنىڭ يالغانغا ئىتتىپاققا كېلىشىلىشى، ئالدىن دېيىشىۋېلىشى زادى مۇمكىن ئەمەس، خۇددى پۈتۈن مەملىكەتلەردە بىردەك بەرگەن خەۋەردەك، بارلىق مۇسۇلمان، غەيرى مۇسۇلمانلار بىردەك، چىڭگىزخان، مۇسۇلمانلارنى باغداتقىچە تاجاۋۇز قىلىپ قىرغان زالىم. گىتلېر يەھۇدىيلارنى قىرغان دېگەندەك خەۋەر.

يۇقىرىقى مۇتىۋاتىر ھەدىسكە بىر مىسال:

« رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئۆتۈككە مەسھ قىلغان» ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللاھ بۇ خەۋەر بۇ ئەسەر، بۇ ھەدىس 70 ساھابىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش، بىردەك سۆزلەنگەن دېدى. مۇتىۋاتىر ھەدىس، قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بولۇپ، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، بۇنداق ھەدىسلەر سۇيۇتىنىڭ قۇتۇپۇلئەزھار، ئىمام كەتتانىنىڭ نەزمۇلمۇتەناسىر مىن ھەدىسى مۇتىۋاتىر دېگەن كىتابلاردا توپلانغان. ئاندىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئەمما، ئۈچتىن كۆپ كىشىلەر بىردەك ئوخشاش سۆزلەيدۇ.

لېكىن، بۇ مەشھۇر ھەدىستىن، ئىككىلا كىشى ئىككى ئىسناد، ئىككى راۋىيدىن سۆزلەنگەن ئەزىز ھەدىستىن، راۋىيسى باشتىن ـ ئاخىرى بىرلا بولغان غەرىيىپ ھەدىسلەردىن، سەھىھ ھەم ھەسەن، ھەم زەئىپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ.

مەلۇم يالغان سۆز، كەڭ تارقاپ كەتسە، تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرسە، مەشھۇر بولىۋېرىدۇ، خۇددى مەشھۇر شەخسلەردە ، پەيغەمبەر، ساھابە، تابىئىن، ئەۋلىيالار، شۇنداقلا كاپىر، دىنسىز زالىملارمۇ بولغاندەك، شەيتانمۇ ھەممە كىشىگە مەشھۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشھۇر، ئەزىز غەرىيىپ ھەدىسلەرنىڭ سەھىيسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، مەشھۇر ھەدىسلەرگە ساخاۋىينىڭ مەقاسىد دېگەن كىتابى، شەيبانىنىڭ تەمىيىز دېگەن كىتابلىرى بار.

ھەقىقى سەھىھ ھەدىس، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن ياكى ئۆزى قىلغان، راست، توغرا، سەھىھ ھەدىس دېگەن ، ئىسنادى تۇتاشقان بولۇش، يەنى ھەدىسنى يازغان، بۇخارى، مۇسلىمدەك، كاتىپدىن باشلاپ ئۇنىڭ شەيخ ، ئاندىن شەيخنىڭ ئۇستازى ئاندىن ئەتباﺋ، ئاندىن تابىئىن، ئاندىن ساھابە، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، مۇنداق قىلغان دېگەن ھەدىس، كاتىپدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن يول، ئىسناد تۇتاشقان بولۇش لازىم، ئەگەر ئىسنادىدىن ساھابە ئۆزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇرسەل زەئىپ بولىدۇ. تابىئىن ياكى كېيىنكى راۋى ئۆزۈلۈپ قالسا، مۇنقەتىﺋ مۇئزەل زەئىپ دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىس ئىشەنچلىك ئىتىماتلىق كىشىلەرگە زىت، خىلاپ رىۋايەت قىلىنسا، بۇ ھەدىسنى شاز زەئىپ دەيمىز.



www.uyghurkitap.com

ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى توغرىسىدا ئىللەت، ئەيىب بولماسلىقى، سۆز قىلىنماسلىقى لازىم، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، مۇسۇلمان بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بولۇشى، پاسىق، پاجىر ئەمەس، ئادىل، تەقۋا بولۇشى شەرت ، مۇكەممەل، كامىل، پۇختا يادلاش ، قابىلىيىتى بولۇش، ئېلىشىپ قالماسلىق لازىم. ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن، بەش شەرت لازىم.

1. كاتىبىدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئىسناد يولى تۇتاشقان بولۇش.

2. راۋىيلار ئىشەنچلىك، تەقۋا، ئادىل بولۇش.

3. پۇختا، مۇكەممەل يادلاش .

4. ئىللەت، تەنە تېپىلماسلىق.

5. ئىشەنچلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ بولماسلىق، مۇشۇ بەش شەرتنىڭ بىرەرسى تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ھەدىس، سەھىھ بولمايدۇ.

مەسىلەن: كاتىپ، مۇھەددىس ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى يۇسۇپ، ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ دەيدۇكى: بىزگە مالىك ئىبنى شىھابىددىن خەۋەر قىلدى، ئۇ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ھەدىس سەھىھ، چۈنكى، كاتىپ بۇخارى رەھمەھۇللاھدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۆلەنگەن، تۇتاشقان، يول ئۈزۈك ئەمەس، راۋىيلىرى ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچلىك، بۇخارى رەھمەھۇللاھ مۇكەممەل، پۇختا يادلىيدۇ، سەھىھ، ئىشەنچلىك ھەدىسكە ياكى كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھۆججەت، دەلىل - ئىسپات قىلىش، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجمائىغا، ئىتتىپاققا كېلىشى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئۇ شەرىئەت، ئىسلام قانۇن - پرىنسىپ ، مەنبەلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال - ھارام مەسىلىلىرىدە ھۆججەت، دەلىل - ئىسپات قىلىنىدۇ.

ئالىملار، بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرى مۇكەممەل، توشقان بولىدۇ، سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھېچبىر ئىللەت يوق.

ئەگەر بۇ ھەدىس، سەھىھ ئەمەس دېسە، يۇقىرىقى بەش شەرت توشمىغان بولىدۇ. بارلىق ھەدىس ئىماملىرى، فىقھى ئىماملىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەڭ ئىشەنچلىك، سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى ۋە قوبۇل قىلىپ، ھۆججەت، دەلىل - ئىسپات قىلىپ، ئەمەل قىلدى.

بۇخارى رەھمەھۇللاھنىڭ، مەن بۇ كىتابىمغا سەھىھ بولغانلىرىنى كىرگۈزدۇم، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدۇم دېگەن سۆزى.

مۇسلىم رەھمەھۇللاھنىڭ، مەن كىتابىمغا مىنىڭ نەزىرىمدە سەھىھ بولغىنىنى ئەمەس، بارلىق كىشىلەر سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلگىنىنى يازدىم دېگەن سۆزىگە، شۇنداقلا، بۇخارى رەھمەھۇللاھ، مەن قالدۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر نۇرغۇن، مەن سەھىھ ھەدىستىن 100000نى سەھىھ بولمىغاندىن 200000نى يادا ئالدىم دېگەن ، سۆزىگە قارىغاندا، سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ئىككى كىتاب بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن، يەنە باردۇر.

بۇخارىدا تەكرار بىلەن 7275 ھەدىس بولۇپ، تەكرارنى ئېلىپ تاشلىغاندا، 4000 ھەدىس قالىدۇ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئىسنادى يۆلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەكرارسىز 2602 ـ ھەدىس دېگەن ، يەنى بۇخارىدا تەكرارسىز 2602سەھىھ ھەدىسلەر بار دېگەن .

مۇسلىمدا تەكرار بىلەن 12000 تەكرارسىز 4000 ھەدىس باردۇر، بۇخارى، مۇسلىمدىن قېلىپ قالغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇنۇ كىتابلاردا باردۇر.

ئىبنى خوزەيمە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ئەھمەد، مالىك مۇئەتتا، مۇسنەد شافىئى، مۇسنەد ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ قاتارلىقلار.

ئەمما، بۇ كىتابلارنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

مەسىلەن: ھاكىم مۇستەدرەكنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللاھ تەكشۈرۈپ، ھەربىر ھەدىسكە ئۆزىگە لايىق، باھا ھۆكۈملەرنى بەرگەن، 1/4نى زەئىپ دەپ 100 يالغان ھەدىس بار دېگەن .

ھاكىم مۇستەدرەككە قارىغاندا، ئىبنى ھەببانىنىڭ سەل قارىشى كەمرەك، بۇ سەھىيرەك، ئاندىن يۇقىرىقى ئىبنى خۇزەيمە، بۇ كىشى قاتتىق تەكشۈرگەچكە، شەرتنى چىڭ، قاتتىق قويغاچقا، سەھىيرەك ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ سەھىھ، ئىسناد؛ سەھىھ سەھىيدىن كەلگىنى، مەسىلەن: مالىكدىن ناپىئدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى كەلگەن ھەدىس، چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساھابە، ناپىئ ئۇنىڭ خادىمى ئىمام مالىكنىڭ شەيخىدۇر ، ئاندىن قالسا، ھەممادىدىن، سەلمەدىن، سابىتدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى سۆزلەنگەن، تۆت كىشى سۆزلىنىدۇ، ئاندىن سۇھەيلدىن، ئەبۇ سالىھدىن دادىسىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سۆزلەنگەن ھەدىس، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسناد، راۋيىلىرى كۆپ بولسىمۇ شەرتكە توشقانلىرىدۇر.

ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، بۇخارى رەھمەھۇللاھ بىلەن مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ئۇنچە ـ مارجانلارنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ، 1906دۇر.

ئاندىن قالسا، بۇخارىينىڭ، ئاندىن مۇسلىمنىڭ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن سەھىھ كىتابلار، ھازىر ئالىملار شەيخ ئىمام، سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ، «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن ، نام بىلەن بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى. مانا ھازىر بىز بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. ئومۇمي سانى 8200دىن ئاشىدۇ.

سەھىھ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسى، ھەسەن، بۇ خىل ھەدىسنى ئىمام خەتتابى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ، كېلىش ئورنى ئېنىق بولغان، راۋيىسى، ئەرلىرى، مەشھۇر بولغان، كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرى قوبۇل قىلغان، بارلىق فىقھى ئالىملىرى ئىستېمال قىلىپ، دەلىل قىلغان، ھەدىسلەر ھەسەن بولىدۇ،

تىرمىزى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئىسنادى تۆتاش ھالدا سۆزلەنگەن، راۋيىلىرى ئارىسىدا يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن كىشى بولمىغان، ئىشەنچلىك، ئادىل، تەقۋالارغا خىلاپ، زىت بولمىغان، باشقا يوللاردىنمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن ھەدىس



www.uyghurkitap.com

ھەسەندۇر.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: ئىسناد يولى تۇتاش، ئادىل، تەقۋا، يادلاش قابىلىيىتى كامىل، راۋىيلار سۆزلىگەن، ئىللەت يوق، خىلاپلىق، زىتلىق بولمىغان. يەنى يۇقىرىقى بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەدىسلەر سەھىھ لىزاتى بولىدۇ. ئەگەر يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس ھەسەنۇللىزاتى دېيىلىدۇ .

ھەسەن ھەدىسنى تونۇشتۇرۇشدا، ئىبنى ھەجەرنىڭ سۆزى تاللاندى، يەنى يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان، قالغان شەرتلەر سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغان ھەدىستۇر.

ھەسەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، ئەمەل ۋە ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىنىدۇ، بارلىق فىقھشۇناس ئالىملار بۇ خىل ھەدىسنى دەلىل، ھۆججەت قىلدى.

«جەننەتنىڭ ئىشىك ئاچقۇچى قىلىچ سايىسى ئاستىدا »دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دېگەن . تۆت راۋىيسى ئىشەنچىلىك، كامىل، ھاپىز دېگەن ، جەئفەر ئىبنى سۇلەيمان دېگەن كىشىنىڭ ھەدىسى، ھەسەن دەرىجىلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ مەردىبىسىدىن ھەسەنگە چۈشكەن. ئەگەر تىرمىزى رەھمەھۇللاھ، بىر ھەدىسنى ھەسەن ھەم سەھىھى دېگەن بولسا، بۇ خىل ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئىبنى ھەجەرنىڭ جاۋابى، بۇ جاۋابقا ئىمام سۇيۇتى رازى بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ ئىككى ئىسنادى بولۇپ، بىرسى سەھىھ بولسا، يەنە بىرسى ھەسەن دەرىجىلىك، ئەگەر بىرلا ئىسنادى بولسا، بەزى قەۋمنىڭ نەزىلدە سەھىھ بولسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ نەزىلدە ھەسەن بولىدۇ دېگەن .

بەغۋي مەسابىھنىڭ ھەدىسلىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق دېگەن ، بۇخارى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى سەھىھ دېگەن . نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەسەن دەۋەتكەن، بۇ بارلىق مۇھەددىس، ئىماملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، خاتا ئاتالغۇ بولغان، چۈنكى، بۇ تۆت كىتابدا سەھىھ ھەم ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا ئاز ـ تولا يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى سىلاھ بىلەن ئىمام نەۋەۋى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەسابىھ دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى لازىم. ھەدىس ئاتالغۇلىرى دېگەن پەندىن خەۋىرى بولۇشى لازىم دېگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن، مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ باش تەرىپىگە شەيخ ، مۇھەددىس، دىھلىۋىنىڭ ھەدىس ئىلملىرى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن، بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ، جاھىل، موللىلىرىمىز بۇ ئىلىمدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ قويۇپ، نەخ ھەدىسنىلا ئوقۇتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار زەئىپ ھەدىس، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىيالماي گاڭگىرايدۇ، ھەدىسكەنىغۇ دەپلا ئىتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ئازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەنگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ، مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ، مىشكاتىنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى ئايرىپ بەرگەن، مەن ئۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغان، نەشر قىلىنىدىغۇ دەيمەن.

ھەتتا، مەخسۇس مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ يالغان ھەدىسلىرى ناملىق كىتابلار بار، بۇ خىل يالغان ھەدىسلەرنى بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يېزىپ بولغان، 20دىن ئاشىدىغۇ دەيمەن. مىشكاتتا زەئىپ، مۇنكەر، يالغان بولۇپ، 830 ھەدىسنى زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا تەرجىمە قىلىپ بولغان ئىدۇق، مانا ئەمدى، خاتىرجەم ئوقۇڭلار، لېكىن، شۇ كىتابنى ھەمراھ قىلىش شەرتتۇر.

ھەسەن ھەدىسلەر توپلىمىغا مەخسۇس كىتاب تۈزۈلمىگەن، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر

توپلىمىغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن، تىرمىزىيدا بۇ خىل ھەدىس كۆپتۇر، تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئالاھىدە ھەسەن دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنىلاردا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر كۆپتۇر، قالغان ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر مۇشۇ كىتابىدا سۆزلىنىدۇ.

ھەسەن ھەدىس يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك يەنە بىر يولدىن خاتىرىلىنىپ، باشقا ھەدىسنىڭ ياردىمىدە سەھىھۇلغەيرى دېگەن نامغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، ھەسەن ھەدىستىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مۇرسەل، مۇئەللەق دېگەن زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى ئىسنادى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، زەئىپلىك سەۋەب ئىللەتلىرى يوقاپ، ھەسەنۇلىغەيرى دېگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەمما، يەنىلا مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل ۋە ھۆججەت قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى تامام بولدى.

ئەمدى بىز ناسىخ، مەنسۇخ ھەدىسلەرنى سۆزلەپ ئاندىن شەيخ، مۇھەددىس، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھنىڭ، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمىز.

ناسىخ، مەنسۇخ دېگىنىمىز : ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ مەلۇم ھېكمەتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلدىن قالغىنى مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە، ھۆكۈم، ناسىخ دېيىلىدۇ .

بۇ خىل ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقىقا كەلگەن، مەخسۇس قۇرئان كەرىمنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى ئۈچۈن كىتابلار يېزىلغان. بۇ كىتابلار تەپسىر، ھەدىس پىلاستىنكىلىرى ۋە شۇ كىتابلاردا مەۋجۇتتۇر.

ھەدىسنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: مىئراج ھەدىسىدە 50 ۋاخ ناماز، بەش ۋاخ نامازغا چۈشۈرۈلگەن، قۇربانلىقنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، بىر قىسىم قاچا، كۆزىلاردا ئىچىملىك، سۇ ئىچىشتىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن توسۇپ، كېيىن ئەرلەرگە رۇخسەت قىلغان، قىبلىنى مەككىگە ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار.

2. ساھابىلەر سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆنجى قېتىم ئوت تەگكەن كاۋابدەك نەرسىنى يېسە، تاھارەت ئالاتتى، كېيىن، تەرك ئەتتى، يەنى كېيىن تاھارەت ئالمىغان دېگەندەك ، بۇ خىل ئەھۋاللاردا بىز كېيىنكى ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز.

3. تارىخ بىلەن تونۇلىدۇ، كېيىنكىسى كۈچكە ئىگە، مەسىلەن: شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە قان ئالغان، قان ئالدۇرغان كىشى ئېپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنىدۇ دېگەن .

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزان ئېيىدا ئېھرام باغلاقلىق ھالدا قان ئالدۇرغان، شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەككىنى ئىشغال قىلغان ۋاخ بولۇپ، ئىبنى ئاbbasنىڭ ھەدىسى، ھەججەتۇل ۋىدادا كېيىن دېيىلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى

مەنسۇخ بولىدۇ، خۇددى ئات گۆشىنى يېيىشتىن توسقان دېگەن ھەدىسنى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ مۇتتەپەقۇن ھەدىسى بىلەن يەنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ھەدىسى بىلەن ئەبۇ داۋۇد مەنسۇخ دېگەندەك .

4. ئىجمائ بىلەنمۇ مەنسۇخ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىلار دېگەن ، ھەدىس ساھابىلەر، تابىئىنلار ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ ھېچبىر ھاكىم بۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان، نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ بۇ مەنسۇخ دېگەن ، ئىجمائ، ناسىخ، مەنسۇخ بولمايدۇ. لېكىن، ناسىخقا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ناسىخ مەنسۇخنى ئايرىپ بېرىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ ھەدىس ئاتالغۇسى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن:

مۇتىۋاتىر ھەدىس، يالغانچىلىققا ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمىغان، دېيىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان، جامائەت ھېسسىي ئىسناد بىلەن يەنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم بىلەن سۆزلىگەن ھەدىستۇر.

ھەدىس قۇددۇس، ھەدىس ئىلاھى، رەببانى دېگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ مۇنداق دېدى دېگەن ھەدىستۇر.

بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەردىبىسى قۇرئان كەرىمدىن تۆۋەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى لەۋزەن، مەئنەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بولسا، مەنىسى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىدۇ، لەۋزنى بولسا، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن، شۇڭلاشقا ئۇچۇن، ھەدىس قۇددۇس لەۋزى بىلەن تىلاۋەت قىلىنىپ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ، نامازدا قىرائەت قىلىنمايدۇ. قۇرئاندەك مۇتىۋاتىر ھالدا خاتىرىلەنمەي، بەلكى،ئۇنىڭدىن مۇتىۋاتىر، سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، ھەدىسنىڭ لەۋزى، مەنىسى كۆپ جامائەتتىن مۇتىۋاتىر ھالدا، سۆزلەنسە، بۇ لەۋزەن ۋە مەئنەن مۇتىۋاتىر بولىدۇ، ئەگەر مەنىسى بىر لەۋزى ھەرخىل بولسا، مۇتىۋار مەئنىۋى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش، ھەدىسى، ماڭا يالغاننى توقۇغان، ئادەم دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دېگەن ، ھەدىسلەر مۇتىۋاتىر 60دىن 70 گىچە كىشى سۆزلىگەن، دۇئادا قول كۆتۈرۈش بولسا، مۇتىۋاتىر، مەئنەن بولىدۇ، مەنىسى بىر خىل لەۋزى ھەرخىلدۇر.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرب ھەدىسلەرنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش تونۇشتۇرغان، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن دېگەن ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلقەمەتدىن، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم تەيمىدىن، يەھيا قاتارلىقلار سۆزلىگەن بولۇپ، باشتىن - ئاخىر بىرلا راۋىيى سۆزلىگەن بولغاچقا، غەرب ، لېكىن، ئۆزى سەھىھ دېگەن ، مانا بۇ غەرىيپ، سەھىھ.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرب ھەدىسلەردىن سەھىھ، زەئىپ، ھەسەن، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، بۇنى بىز سۆزلەپ بولدۇق.

سەھىھ لىزاتى، سەھىھ لىغەير

ھەسەن لىزاتى، ھەسەن لىغەير دېگەن ھەدىسلەرنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلغان، زەئىپ ھەدىسنى بولسا، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى توشمىغان ھەدىس دېگەن .

ئوقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبولبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، دەيلىمى پىردەۋس، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى جارۇد قاتارلىق كىتابلارنى زەئىپ دېگەن .

# زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا

«مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دېگەن كىتابىمدا تەپسىلى سۆزلىگەنمەن، ئالدى بىلەن يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا ئاندىن زەئىپ، ئاندىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆزلىدىم.

بۇ ئۈچ مۇقەددىمىنى بىرلەشتۈرسە، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابى، ھەدىس ئاتالغۇلىرى تولۇق سۆزلىنىپ بولىدۇ. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇنداق دېگەن:

مەرپۇئ ھەدىس دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزى، قىلىقى، جىم تۇرۇپ ئىقرار قىلىشى بىلەن مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر. مۇنداق دېگەن ، مۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلساق، جىسىم تۇرغان ياكى بىز شۇ زاماندا مۇنداق قىلاتتۇق. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەن، بىلىپ توسىمىغان دېگەندەك ھەدىسلەر. ساھابىلارنىڭ بۇ ئىش سۈننەت دېيىشى ، ياكى بىز مۇنداق بۇيرۇلغان، بۇنىڭدىن چەكلەنگەن دېگەن سۆزى ياكى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەرپۇئ قىلىپ ئۆزى سۆزلەپ كېتىشى، ھۆكمەن مەرپۇئ دېيىلىدۇ .

ساھابىلارنىڭ ئۆزى ئۆز كۆز قارىشىدىن سۆزلىگەن، قىلغان ئىشى، تەپسىرلىرى ھەدىس مەۋقۇپ دېيىلىدۇ، بىر قىسىم تەپسىرلەر مەرپۇئلۇق ھۆكمىدە بولىدۇ.

تابىئىنلارنىڭ سۆزى، قىلىقى ھەدىس مەقتۇئ دېيىلىدۇ .

ساھابە دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇسۇلمان ھالدا تاپقان، بىرلەشكەن، كۆرۈشكەن، مۆئمىن ھالدا كۆرۈپ ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر.

نەجاشىيدەك كۆرمەي تۇرۇپ، ئىمان كەلتۈرسە، ساھابە بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەمراھ بولالمىغان، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دېگەن سۆزلەر ھەدىس بولىدۇ. مۇرتەد بولۇپ، ئىماندىن قايتىۋالغان كىشىلەر ساھابە ھېسابلانمايدۇ، ساھابىلەر تەخمىنەن 114000 دىن ئاشىدۇ، ھەممىسى ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشىلەردۇر. ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكىنى بولسا، ئامىر ئىبنى ۋاسىلەت لەيسى بولۇپ، مەككىدە ھىجرىيە 110 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، مەدىنىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە مەھمۇد ئىبنى رەبىيئۇلئەنسارى، ھىجرىيە 99 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شامدا ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 86 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ئابدۇللا ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيە 96 ـ يىلى ھىمسىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارى بەسرەدە ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 93 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئەبۇ ھەنىيفە 13 ياشتا ئىدى. بەزىلەر ئەبۇ ھەنىيفە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن، تابىئىن دېيىشىدۇ ، ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ بولسا ،ئۇچاغدا بىر ياشتا ئىدى، چۈنكى ئۇ، ھىجرىيە 94 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپارەز ھىجرىيە 87 ـ يىلى كۇپىدە ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە.

ئابدۇللا ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 89 ـ يىلى مىسىردا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاخىرقى ساھابە.

خۇلاسە كالام شۇكى، 110 ـ يىلدىن باشلاپ ساھابە قالمىغان، شۇ يىلى ئاخىرلاشقان، كىم ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلىق داۋاسى قىلسا، ياكى مەن ساھابىدىن ئاڭلىغان دېسە، ئۇ كاززاپ، يالغانچى

ھېسابلىنىدۇ،خۇددى روتنى كاززاپدەك، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس دەلىلدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن، 100 يىل توشقاندا، يەر يۈزىدە ھايات تۇرغان كىشىدىن بىرسىمۇ قالمايدۇ دېگەن . مۇسلىم خاتىرىلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن، خىزىر ئەلەيھىسسالام ھايات دېگەنلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن ، ۋە ئۇ توغرىلىق ھەدىسلەر يالغان دېگەن ،

راۋىي ساھابىنى تىلغا ئالمىسا، ھەدىس ئىسنادى، يولى ئۈزۈك، زەئىپ بولىدۇ.

ئەڭ كۆپ ھەدىس سۆزلىگەن ساھابىلەر.

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .5374
2. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .2630
3. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .2286
4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەدىسى .2210
5. ئابدۇللا ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .1660
6. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى .1540
7. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1170 .

ھەدىسى ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىش، ھەمزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى خەلىپە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى ھەر ئىككى سەۋەب بولۇش ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى يىل كېيىنلا، شۇنداقلا مەشغۇللىقى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلىرى ناھايىتى ئازدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇچقاشمىغان، كۆرۈشمىگەن كىشى مۇخەزرەم دېيىلىدۇ . ساھابە بىلەن تابىئىن ئارىسىدا تۇرىدۇ، بەلكى، چوڭ تابىئىنلار قاتارىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سانى 40دىن ئاشىدۇ، ھەدىسلىرى مۇرسەل قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ.

تابىئىن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ھالدا، ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئەتباڭ دېيىلىدۇ . تابىئىنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سانى ئېنىق ئەمەس، بۇلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: سەئىيد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللاھ، ئۇرۋەت، ئەلقەمەت، ئىبنى قەيسلار چوڭ، ھەسەن بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين، مۇجاھىد ئىكرىمەت، قەتادە، شۇئبى، زۇھەيرى، ئەتائ، ئومەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سالىم ئىبنى ئابدۇللائىبنى ئۆمەرلەر ئوتتۇرانجى تابىئىنلاردۇر. ئىبراھىم نەخئى يەنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شەيخى ، ئەبۇ زەناد يەھيا ئىبنى سەئىدلەر كىچىك تابىئىنلار. ئەنە شۇلار سەلەپ سالىھلاردۇر.

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر ئەقىدىسىدە ئىشەنچلىك ئادىل تەقۋادار كىشىلەر، ۋەھى زامانىسىغا يېقىن كىشىلەردۇر. ئۇلار تائىپەتۇمەنسۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەدىسنى تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، نەسەب ، لەقەم، سۈپەت، ئىسىم، كىنايە، ۋەتەن، جاي، قەبىلىسىنى بىلىشتىن باشقا، مۇنداق تارىخلارنى بىلىشىڭىز شەرت ، ئاددىي بىر مىسال:

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 63 يېشىدا ھىجرىيە 11 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى

دۈشەنبە، چاشكا ۋاقتى بىلەن ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇڭۇمدا، ئەمەلىيەتتە كۆردۈم دەپ ساھابىلىق داۋاسى قىلغان كىشى كازراپ، يالغانچى بولىدۇ.

2. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، 63 يېشىدا، ھىجرىيە 13 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 23 ـ يىلى ھەج ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

4. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 35 ـ يىلى 82 ، يەنە بىر خاتىرىدە 90 يېشىدا شېھىت قىلىنغان.

5. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 40 ـ يىلى 63 يېشىدا رامزان ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىت بولغان.

ھەكىيم ئىبنى ھىزام، ھەسسان ئىبنى سابىتلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، 60 يىل جاھالىيەتتە، 60 يىل ئىسلامدا ياشاپ، 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئىككى ساھابە، ھىجرىيە 54 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 80 ـ 150 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 93ـ 179 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 150ـ 204 ۋاپات بولغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 164 ـ 241 ۋاپات بولغان.

بۇ تۆت ئىمامنىڭ تارىخىي تەپسىلاتى تۆت فىقھى كىتابلاردا بار.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى 194 ـ 256 ـ ھىجرىيە .

مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىيسابورى رەھمەھۇللاھ، 204 ـ 261 ـ ھىجرىيە .

ئەبۇ داۋۇد سەجىستانى رەھمەھۇللاھ 202 ـ 275 ـ ھىجرىيە .

ئەبۇ ئەيسا تىرمىزى رەھمەھۇللاھ 209 ـ 279 ـ ھىجرىيە .

ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب نەسەئى رەھمەھۇللاھ 2124 ـ 303 ـ ھىجرىيە .

ئىبنى ماجە قوزۋىينى رەھمەھۇللاھ 207 ـ 275 ـ ھىجرىيە

دارمىي رەھمەھۇللاھ 181 ـ 255 ـ ھىجرىيە ، 75 ياش، سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان. بۇلار مۇھەددىسلەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان تارىخى، تەپسىلاتى تارىخ كىتابلىرىدا ھەدىس كىتابلىرىدا فىقھى كىتابلىرىدا مەۋجۇتتۇر.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، ھەدىس كىتابلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

1. سەھىھۇلبۇخارى بۇ كىتابنى مۇھەددىس 16 يىل جەريانىدا ئىزدىنىپ كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، 600000 ھەدىستىن تاللاپ، ھەربىر سەھىھ ھەدىسنى، غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ يازغان، پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنى يازغاندۇر. كىتابى پۈتكەندە، ئۇنى ئىمام ئەھمەدكە، يەھيا ئىبنى مەئىين، ئەلى ئىبنى مەيدەنى ۋە باشقىلارغا سۇنغان، ئۇلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ دەپ ماختاپ، سەھىھ ئىكەنلىكىگە شاھىد، گۇۋاھچى بولغان. بارلىق ئالىملار، قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان، بۇ ئەھۋال ھەربىر زاماندا يۈز بەرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بىلەن زەھەبي رەھمەھۇللاھ ۋە باشقىلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئېسىل، كاتتا، ئەۋزەل كىتابى دېگەن .

ئومۇمىي ھەدىسى 7397 ، تەكرارنى ئېلىۋەتكەندە 2602 ھەدىس باردۇر. بۇ ھاپىز ئىبنى ھەجەرنىڭ تەھرىرلىشىدۇر . باشقىلار 4000 دېگەن . بەلكى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزلىرىمۇ باردۇر.

2. سەھىھۇلمۇسلىم ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان، ئىمام نەۋەۋى مەدھىيلەپ، ماختاپ سۆز يازغان، ۋە شەرھى يازغان، تەكرار بىلەن 7275 ، تەكرارسىز 4000 ھەدىس بار.

سەھىھ مۇسلىمنى بارلىق ئالىملار سەھىھ دەپ ئىتتىپاقلا كەلگەن. بۇخارىدىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ياكى يېقىن تۇرىدۇ.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ: بۇخارى رەھمەھۇللاھ، سەھىيلىكتە ئۈستۈن بولسا، مۇسلىم سانائىتىنىڭ، تەسىسنىپىنىڭ گۈزەل، ياخشىلىقىدا ئۈستۈن دېگەن ھەدىسلىرى ئوخشاشلا سەھىدۇر.

3. نەسەئى ئالدى بىلەن سۈنەنۇلكۇبرا دېگەن كىتابنى يېزىپ، سەھىھ ھەدىسنى شۈنداقلا، ئىللەتى بار ھەدىسلەرنى توپلىغان، كيىن، بۇ كىتابنى قىسقارتىپ، مۇجتەبا، تاللانغان ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان، ئۆز نەزلىدە سەھىھ دەپ قارىغان ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۇخارى، مۇسلىمدىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. زەئىپ ھەدىسلىرى ئىنتايىن ئازدۇر، قاتتىق تەكشۈرۈپ قاتتىق شەرت قويغاچقا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى، ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزى ھەدىسلىرىنى يازغان، نۇرغۇن كىشىلەردىن نەسەئى ھەزەر قىلغان. نەسەئىيدا تەكرار بىلەن قوشۇپ، 5758 ھەدىس بار، بەزىلەر 5662 دېگەن . تەكرارسىز 2525 ھەدىس باردۇر. خۇلاسىسى 120، قىسقارتىلغىنى 2358 ھەدىستۇر.

4. ئەبۇ داۋۇد، 4800 ھەدىسنى 500000 ھەدىسدىن تاللىغان، مەخسۇس فىقھى ھۆكۈم ھەدىسلىرى باردۇر، سەھىھ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى يازغان، كۆپىنچىسى مەشھۇردۇر. ئىمام سۇيۇتى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ سالىھ دېگەن سۆزى ھۆججەت، دەلىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئېتىبار ، ئىبرەت ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇ زەئىپ ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ سۆز قىلمىغان ھەدىسلەر ھەسەن، دېگەن .

ئىبنى مۇندىھ دېگەن ئالىم، ئەبۇ داۋۇد بىرەر بابقا سەھىھ ھەدىسنى تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان، چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدا زەئىپ ھەدىس كۆز قارىشىدىن ياخشى ئىكەن دېگەن .

ئەبۇ داۋۇدتا پۈتۈنلەي فىقھى ھەدىسلىرى بولغاچقا، فىقھى ئالىملىرىنىڭ نەزلىدە مەشھۇردۇر، ئۇ كىتابنى يېزىپ بولۇپ، ئىمام ئەھمەدكە سۇنىدۇ، ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ، ياخشى دەپ باھا بېرىدۇ، كاتتا سانايدۇ، ئىبنى قەيۇممۇ مەدھىيلەيدۇ، بۇ كىتابتا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر باردۇر.

5. تىرمىزى بۇ مۇھەددىس كىتابىغا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان بولۇپ، ھەربىر ھەدىسنىڭ ئورنىنى ھۆكمىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ قويغان، كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىلەل ئىسملىك مەزمۇن قويۇپ، نۇرغۇن پايدىلارنى يازغان، بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىنغاندۇر. ھىجاز، ئىراق، خاراسان ئەھلى بۇ كىتابنى ياخشى ساناپ مەدھىيلىگەن. ئىبنى رەجەب بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ، تىرمىزى كىتابىدا سەھىھ، ھەسەن، غەرىب ، مۇنكەر ھەدىسلەرنى يازغان. تىرمىزىدا 3891 ھەدىس بار، ئەھمەد شاكىر 3956 دېگەن . تەكرارسىز 3367 ھەدىس، خۇلاسىسى 90، قىسقارتىلغىنى 2549 ھەدىس.

6. ئىبنى ماجە، ئومۇمي ھەدىسى 4332، ئابدۇلباقى 4341 دېگەن . ئەئزەمى 4397 دېگەن ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ 4341 دېگەننى يازغان، تەكرارسىز 3978 ھەدىس بار. خۇلاسىسى 198، قىسقارتمىسى 3858 ھەدىس. بۇ كىتاب ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئالتىنچىسى، لېكىن، ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە تەنھا، يالغۇزلا خاتىرىلىگەن، ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ، ھەتتا، مۇنكەر ئىكەنلىكى مەشھۇردۇر. ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ئۇنىڭ948 ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەرنى

تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغان. ئىبنى ماجە 1339 ھەدىستە يالغۇز قالغان، تەنھا ئۆزىلا خاتىرىلىگەن، دەل مۇشۇلاردا زەئىپ، مۇنكەر ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇ مەشھۇردۇر.

7. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللاھنىڭ مۇسنەد ناملىق ھەدىس كىتابى تەكرار بىلەن 40000 تەكرارسىز، 30000 ھەدىس بولۇپ، ئۇغلى ئابدۇللا زىيادە قىلىشتەكەن. كومپيۇتېر پلاستىنكىسىدا 27100 ھەدىس بار، تەكرارسىز 9339 ھەدىس بار دېيىلىدۇ ، قىسقارتىلمىسى 7275 ھەدىس. مۇھەددىس بۇ ھەدىسلەرنى 75000 ھەدىستىن تاللاپ يازغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، دىن، دۇنيالىقتا زور پايدىلىقتۇر، ھەربىر مەسىلىگە مەخسۇس ھەدىس يازغاندۇر.

ئالىملار بۇ كىتاب ئۈستىدە مۇنداق قارىدى.

1. بۇ كىتابدىكى بارلىق ھەدىسلەر ھۆججەت بولالايدۇ.

2. ئۇنداق ئەمەس، بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر بار ، بولۇپمۇ ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلغىنى كۆپىنچىسى زەئىپ، يالغان، ئىبنى جەۋزى 29 ھەدىسنى يالغان دېدى ، ئىراقى ئۇنىڭ ئۈستىگە يانا توققۇز ھەدىسنى قوشۇپ، 38 يالغان ھەدىس بار دېيىلدى.

3. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىس بار بولسىمۇ، يالغان ھەدىس يوق دېدى. بۇ خىل كۆزقاراشقا ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، ئىمام زەھەبى، ئىبنى ھەجەر، ئىمام سۇيۇتىلار يۈرۈپ كەتتى، ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن ، بۇ مۇسنەد كىتاب، ئەبۇ داۋۇددىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد ھەدىس خاتىرىلىگەن، نۇرغۇن كىشىلەردىن ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ يۈز ئۆرىگەن، قويغان شەرتلىرى ، تەلەپلىرى قاتتىقتۇر، زەئىپ، ھەتتا يالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ زىيادە ئارتۇق قوشۇپ قويغىنىدا باردۇر، بۇنى ئىلمىسىز كىشىلەر ئەھمەدنىڭ ھەدىسى دەپ گۇمان قىلىپ قالغان دېگەن . بۇ كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلىغاندا، بۇ كىتابدا سەھىھ ھەدىسلەر بار، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار، لېكىن، بۇ زەئىپ ھەدىسلەر ھۆججەت بولالمايدۇ دېيىلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەسەن مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، خۇددى، ئىمام سۇيۇتى دېگەندەك ، يالغانلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ زىيادىلىرىدە باردۇر.

بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر بىلەن ئىمام سۇيۇتى ئادۇۋكاتتەك ئاقلاپ، يالغان دېيىلگەن، ھەدىسلىرىگە بىرمۇ بىر باھا بېرىپ، چۈشەنچە بەرگەن. بۇ كىتابنى يەتتە قىسىملىق قىلىپ، بابلاشتۇرۇپ، مۇندەرىجىلىك قىلىپ تۈزگەن، شەرھى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرەھمان، كىتاب ئىسمى، پەتھۇررەببانىدۇر.

8. دارمى سەھىھ كىتابلار قاتارىدا توققۇز كىتاب پروگراممىسىدا بار، ئومۇمىي ھەدىسى 3367، تەكرارسىز 1668 ھەدىس باردۇر. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر بار بولۇپ، ئەمەل قىلىنىدۇ، زەئىپلىرى تەكشۈرۈلىدۇ، مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا سەھىھ ھەدىسلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. مالىك مۇئەتتا، ئومۇمىي ھەدىسى 1891 - ھەدىس، بەزىلەر 1594 دېگەن ، بىر ئەمدى، ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابلارغا بەرگەن باھاسىنى يازىمىز. بۇ سۆزلەر جامئۇسسەغىير ناملىق ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دېگەن ، «ۋاپاتى ھجرىيە 911 - يىلى»

بۇخارى، مۇسلىم زادى سەھىھ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائولمەقدەسى، ئەبۇ ئەۋانە، ئىبنى سەكەن، مالىك مۇئەتتا، بۇلاردا سەھىھ ھەدىسلەر بار، لېكىن، ھاكىم مۇستەدرەككە سۆز



www.uyghurkitap.com

قىلىندى، توغرا، بىز بۇ سۆزنى يۇقىرىدا يېزىپ بولدۇق، 1/4 زەئىپ ، 100 يالغان ھەدىس بار دېيىلگەن.
ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ زىيادىلىرى، ئابدۇرەززاقنىڭ كىتابى ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى ئەۋسەت، دارىقۇتنى، بەيھەقى قاتارلىق بۇ كىتابلاردا سەھىھ ھەدىسمۇ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ باردۇر، ئەھمەدنىڭ ئوغلىدىن باشقا ئۆزى چىقارغان ھەدىسلىرى مەقبۇل، قوبۇل قىلىندى، ھۆججەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى زەئىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن .
ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى جارۇد، دەيلىمى پىردەۋس، ھاكىم تارىخى، بىز يۇقىرىدا دېگەن ئەبۇ ئەيسا تىرمىزىدىن باشقا ھەكىيم تىرمىزىلار زەئىپتۇر دېگەن ، مانا بۇ ئىمام سۇيۇتىنىڭ باھاسى.

**ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى ھەرپلەر بىلەن قىلىنغان ئىشارەتلەر ، مۇنداق ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.**

**خ: بۇخارىي، م: مۇسلىم، تخ: بۇخارىي تارىخىدا، خد: بۇخارى ئەدەپتە، ن: نەسەئىي، ت: تىرمىزىي، د :ئەبۇداۋۇد ، ھ ، ە : ئىبنى ماجە ، 4 : يۇقىرىقى تۆت كىتاب ، 3 :ئىبنى ماجەدىن باشقا، ن، ت، د، ئۈچ كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ھەب : ئىبنى ھەببان، ك : ھاكىم ، زاد ھەرفي : زىيائۇلمەقدەسى ، ھەم : ھامىم : ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل ، ئەيىن بىلەن م: ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى كۆرسىتىدۇ.ئىتقي تە ھەرپي: تەيالىسىي، ئەيىن بىلەن بە ھەرپى ئابدۇررەززاقىدۇر . ساد ھەرپى : سەئىد ئىبنى مەنسۇر نى كۆرسىتىدۇ ، ش : ئىبنى ئەبۇ شەيبە ، ئەيىن بولسا ئەبۇيەئلا ، ئىتقي تەسي بىلەن ب : تەبراني.ئىتقي تە بىلەن س: تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان ، ق : بەيھەقىي ، ق بىلەن ئىتقي تە : دارىقۇتنىي ،ئەيىن بىلەن ق : ئۇقەيلى ، ھب : بەيھەقىي شوئىبلئىماندا ، ئەيىن بىلەن د : ئىبنى ئەدىي.خ بىلەن ئىتقي تە : خەتىيبولباغداد ، فر: دەيلىمي فىردەۋستە توپلىغاننى كۆرسىتىدۇ.كر : ئىبنى ئەساكىر. بۇلاردىن باشقا ئىبنى خۇزەيمە ، خەرائىتي ، ئىبنى سەئىد ، سەمۇيە ، ئىبنى قانىئ ،باۋرۇدي جارۇد ،ئىبنى جەرىر تەبرىي ، ھەل : يەنى ئەبۇ نۇئەيم قاتارلىقلار باردۇر.ھەدىس كىتابلىرى كۆپتۇر .**

**(بۇكىتاپنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ، شەرھى-ئىزاھاتى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى)**

شەيخ ، ئىمام مۇھەددىس، مۇھەممەد ناسرۇددىن ئەلبانى رەھمەھۇللاھ، بۇ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنى ئىمام سۇيۇتىينىڭ «جامىئۇسسەغىير» دېگەن 10000دىن ئارتۇق ھەدىس كىرگۈزۈلگەن كىتابنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى شاللىۋېتىپ ،سەھىھ ھەسەن ھەدىسلەرنى تولۇقلاپ كىرگۈزۈپ تۈزگەن.

بۇ ئەسەر ئۇلۇغ ئىككى ئىمامنىڭ ئەسىردۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار كۆرۈلۈپ قالىدۇ،بۇنى توغرا چۈشىنىڭلار.
شەيخ بۇ كىتابنىمۇ ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابىغا ئوخشاش، ھەرپلەر بىلەن باشلانغان قىلىپ تۈزگەن. 28 ھەرپكە شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان ھەدىسلەرنى تىزغان. بۇنداق قىلغاندا، تەكرارسىز بولىدۇ، باب، پەسلە، كىتاب قىلىنمايدۇ، بەلكى، ھەربىر ھەدىسنى ھەرپ بويىچە ئىزدەپ تاپىمىز، ئەرەبچە بىلگەنلەرگە بۇ ئاسان، لېكىن، بىز ھازىر ئامالىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن، بىزمۇ شۇ كىتابنىڭ تەرتىپ، تۈزۈلۈشىگە بويسۇنۇپ، ھەرپ

بويىچە يازىمىز. مەسىلەن: ب بە ھەرپى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر. پ ياكى ي ھەرپى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر دېگەندەك ، مۇندەرىجىمۇ دەل شۇنداق تۈزۈلىدۇ. ھەدىس باشلانغان ھەرپ ياكى ئىسىم ياكى پېئىل بولسا، بىز ئۇنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ قويىمىز.

مەسىلەن: نۇن ھەرپىدە نەھا بىلەن باشلانغان ھەدىسلەرنى چەكلىدى، توستى، مەنىسى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر دەپ قويىمىز. ئىننە، ئىننە بولسا، مەنىسى ھەققەتەن دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر بولىدۇ.

ھەدىس، ئەرەبچە 28 ھەرپ بىلەن باشلانغان بولىدۇ، بىز پەقەت، شۇ ھەرپ ، شۇ ئىسىم، شۇ پېئىلنىڭ مەنىسىنى يېزىپ قويىمىز خالاس.

ئەپسۇس! ھەدىسنى ئىزدەپ تاپماق تەس، قىيىنغا توختايدىغان بولدى، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ئامال يوق. چۈنكى، ئاپتور بۇ كىتابنى شۇنداق يازغان، ئەرەبچە بىلگەنلەر ھەرپ بىلەنلا ئىزدەپ تاپسۇن، چۈنكى، ئەرەبچىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەرەبچە بىلمىگەنلەر مەنىسى بىلەن تەرجىمىسى بىلەن ئىزدەپ تاپسۇن، ھېچ بولمىغاندا، رەقەم سانى، ھەدىسنىڭ نومۇرى بار، بۇ بەك مۇھىم

گەرچە بىز ئەپسۇسلانغان بولساقمۇ ،كىتابنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە تۈزۈلۈشىنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار.

1 ـ ئۇيغۇر تارىخىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇسلۇب بىلەن  كىتاب تۈزۈلىشى لازىم.

2 ـ ھەدىس  ھەرپ تەرتىپى بويىچە ئىزدىلىپ  ئاسان تېپىلىدۇ.

3 ـ ھەربىر سۆزلۈك ،لۇغەت ئىزدىلىپ،ئاسان تېپىلىپ ،لۇغەت جەھەتتىن پايدا مەنپەئەت بېرىدۇ.

4 ـ بۇ ئۇسلۇب  ھەدىس يادلاشقا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

5 ـ تەكراردىن ساقلانغىلى بولىدۇ .

6 ـ مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر ئاسان ئېنىقلىنىدۇ.بولۇپمۇ مۇتىۋاتىر مەئنەن.

7 ـ ھەدىسنى دەلىل ئىسپات قىلىشتا ئاسان ئەسكە ئالغىلى بولىدۇ .

8 ـ ھەدىس رەقەملىك سانلار بويىچە تىزىلغان بۇنىڭدا ئاسانلىق قۇلايلىق باردۇر.

9 ـ بۇ خىل ئۇسلۇب ،كومپيۇتېر پلاستىنكىسىغا ھەدىسلەرنى كىرگۈزۈپ پىراگىراممائىشلەشكەقۇلايلىقتۇر.

10 ـ بۇ كىتابتىن ئاز مىقداردا ئوقۇپلا نۇرغۇن ھاجەتتىن چىققىلى بولىدۇ،بۇ كىتاب بابلىق ،پەسىللىك بولمىغاچقا ھاجەتتىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە دەرسلىك قىلمىسىمۇ بىر ئىككى مىڭنى ئوقۇپلا ئۇنىۋېرسال مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ .بولۇپمۇ دىنىي دەرسلىك چەكلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە تاللانغان مۇشۇ «سەھەھ ھەدىسلەر توپلىمنى»دەرسلىك قىلىشىمىز  لازىم.بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتمۇ باردۇر ئۇ بولسىمۇ ھەدىسلەر ئارىسىدا ................ ھەدىسلەر باردۇر.

ئۇنداق بولسا، بىز سەھەھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز. تەرجىمە ۋە خەت ئىملالىرىدا خاتا كەتكەن جايلاردا تۈزىتىپ ئوقۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ، تەنقىد، تەربىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن، مەن ئۈچۈن، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مەغپىرەت، ئەپۇ، كەچۈرۈم سوراپ قويارسىلەر، ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈپ، مەندىن رازى بولغاي، ئامىن!

مۇھىم بىر سۆزنى ئەسكەرتىمەنكى، خۇددى قۇرئان ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى قۇرئان

ھېسابلانمىغاندەك ، ھۆكۈم پەقەت تەرجىمە تەپسىردىن ئەمەس، بەلكى، قۇرئان ئايىتىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغاندەك، بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى ئەرەب تىلى بولغان نۇسخىسىدىن ھۆكۈم ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە شۇنداقتۇر. تەرجىمىسىدىن ھۆكۈم ئېلىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ دېگەن تەرجىمە. ئايەت، ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلساق، بىر مەناسىنى بەرسەك، يەنە نۇرغۇن مەناسى قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ خەلق ئاممىسى، ھەدىس ئىلمى، فىقھى ئىلمىدىن 20، 30 يىل تەتقىقاتتىن، تىل تەتقىقاتتىن مەنا بايان ئىلىملىرىدىن،ئۇسۇل ئىلمىدىن خەۋەرسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمنى يەنىلا موللا، ئالىم، مۇھەددىس، فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناسلار ئالسۇن، سىلەر پەقەت تەرجىمىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمدىن باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىڭلار،

ئالىملار ئېلىپ بەرگەن ھۆكۈملەرگە ھەدىسلەرنى دەلىل ـئىسپات قىلىڭلار.

مەن تەرجىمە قىلماقچى بولغان ھازىرقى ھەدىسلەر پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن دېگەن ھەدىسلىرىدۇر. ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈكۈت،تەقرىراتى ئەمەس بەلكى سۆزلىرىدۇر.

خۇددى ھۆكۈم ئايەتلىرى 150 دىن 170 گىچە بولغاندەك، ھۆكۈم ھەدىسلىرىمۇ 500دىن 1000 غىچە بولۇشى مۇمكىن،شۇڭا بىز تەرجىمىسىنى يەتكۈزىۋەردۇق. ئەرەپلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ پايدىلانسۇن دېدۇق. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن، توغرا يولغا سېلىپ، ئاخىرەتتە جامالىنى بەرسۇن، ئامىن!

بسم الله الرحمن الرحيم

# << سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى >>

## <<ئ >> ئەلىف ھەمزە ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

( صحيح ) . ( حم م ) عن أنس . ( ت ) عن عدي بن حاتم آتى باب الجنة يوم القيامة فأستفتح فيقول الخازن: من أنت ؟ فأقول محمد فيقول: بك أمرت أن لا أفتح لأحد قبلك

1. ئەنەس، ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا بىرىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىمەن. باشقۇرغۇچى خازىن: كىم سەن؟ دەيدۇ. مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيمەن. ئاندىن ئۇ: مەن سەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە ئىشىكنى ئاچماسلىقتا، پەقەت ساڭىلا ئېچىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدىم دەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەھمەد خاتىرىلىگەن. سەھىھ ھەدىس.

ئىمام سۇيۇتى بىلەن ئىمام ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىقى شەرتلەرگە، قائىدە ـ قانۇنلارغا چۈشكەچكە، سەھىھ ياكى ھەسەن دەپ ھۆكۈم چىقارغان، بىز شۇ ھۆكۈمنى ئۆز ئەينى يېزىپ قويىمىز.

(صحيح )(ابن عساكر في تاريخ دمشق) من حديث أبي مسعود البدري آخر ما أدرك الناس من كلام النبوة الأولى: إذا لم تستح فاصنع ماشئت

2. ئەبۇ مەسئۇدىلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن كىشىلەر تاپقان ئاخىرقى سۆز مۇنۇ سۆزدۇر: ھايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىلغىن! ئىبنى دەمەشق تارىخىدا خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

مەقسەت ھايا قىلىپ يامان ئىش قىلمىغىن.

( صحيح ) ( ك ) عن أبي هريرة : آخر من يحشر راعيان من مزينة يريدان المدينة ينعقان بغنمهما فيجداها وحشا حتى إذا بلغا ثنية الوداع خرا على وجوههما

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەھشەرگاھقا توپلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ياكى ئوت ئارقىلىق توپلىنىدىغان كىشىنىڭ ئاخىرى مۇزەينەت قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى پادىچىدۇر. ئۇلار قويلىرىنى ۋارقىراپ ھەيدىشىپ، مەدىنىنى مەقسەت قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار مەدىنىنى ھېچبىر كىشى يوق خالىي تاپىدۇ. سەنىيەتۇلۋەداڭ دېگەن جايغا كەلگەندە، يۈزىچە يىقىلىپ، يەر چىشلەيدۇ. ھاكىم مۇستەدرەك، سەھىھ.

( صحيح ) ( حم م ) عن ابن مسعود آخر من يدخل الجنة رجل يمشي على الصراط فهو يمشي مرة و يكبو مرة و تسفعه النار مرة فإذا جاوزها التفت إليها فقال تبارك الذي نجاني منك لقد أعطاني الله شيئا ما أعطاه أحدا من الأولين و الآخرين فترفع له شجرة فيقول أي رب أدنني من هذه الشجرة فلأستظل بظلها و أشرب من مائها فيقول الله يا ابن آدم لعلي إن أعطيتكها سألتني غيرها ؟ فيقول لا يا رب و يعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة أخرى هي أحسن من الأولى فيقول أي رب أدنني من هذه لأشرب من مائها و أستظل بظلها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني ألا تسألني غيرها ؟ فيقول لعلي إن أدنيتك منها تسألني غيرها ؟ فيعاهده أن لا يسأله غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فيستظل بظلها و يشرب من مائها ثم ترفع له شجرة عند باب الجنة و هي أحسن من الأولين فيقول أي رب أدنني من هذه فلأستظل بظلها و أشرب من مائها لا أسألك غيرها فيقول يا ابن آدم ألم تعاهدني أن لا تسألني غيرها ؟ قال بلى يا رب أدنني من هذه لا أسألك غيرها و ربه يعذره لأنه يرى ما لا صبر له عليه فيدنيه منها فإذا أدناه منها سمع أصوات أهل الجنة فيقول:أي رب أدخلنيها فيقولك يا ابن آدم ما يعريني منك؟ أيرضيك أن أعطيك الدنيا و

مثلها معها؟ فيقول:أي رب أتستهزئ مني وأنت رب العالمين؟فيقول:إني لا أستهزئ منك ولكني على ما أشاء قادر

4. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان كىشى بولسا، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە گاھ تىز ماڭالايدۇ، گاھ يىقىلىپ توختاپ قالىدۇ، گاھ ئۇنىڭغا دوۋزاخ ئوتى يېتىپ بەلگە سېلىپ قويىدۇ. ئۇ دوۋزاختىن سالامەت ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا (دوۋزاخقا) قاراپ مۇنداق دەيدۇ: مېنى سەندىن قۇتقۇزغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر! ئۇ كاتتا، ئۇلۇغ زاتتۇر! ماڭا ئاللاھتائالا ئەۋۋەل ـ ئاخىر ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نېئمەتنى ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر توپ دەرەخ كۆتۈرۈلۈپ كۆرۈنىدۇ. ئۇ: ئەي رەببىم ئاللاھ! مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام دەيدۇ. ئاللاھ: ئى ئادەم بالىسى، ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم، ئۇنىڭدىن باشقىنمۇ سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ: ياق ئى رەببىم، سورىمايمەن، ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىمايمەن دەپ ئۇنىڭدىن باشقىنى زادى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ياكى ئالدىن ھۆججەت تۇرغۇزىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنى دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئۇ سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئالدىدىكىدىن ياخشىراق، گۈزەل بىر دەرەخ كۆرۈنىدۇ. ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىسام، سۈيىدىن ئىچسەم، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئى ئادەم بالىسى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ماڭا ئەھدە، توختام، ھەتتا قەسەم بەرمىگەنمىدىڭ؟ ئەگەر ساڭا بۇنى بەرسەم، يەنە باشقىنى سورايسەن دەيدۇ. ئۇ باشقىنى سورىماسلىققا قەسەم ئەھدە بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرسىزلىكىنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئۇ سايىدا سايىداپ، سۈيىدىن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا بىر دەرەخ ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئەۋۋەلقى ئىككىسىدىن گۈزەل ياخشىراق ئىدى. ئۇ: ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخكە يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىدىۋالسام، سۈيىدىن ئىچىۋالسام، ئەمدى قەتئىي باشقىسىنى سورىمايمەن دەيدۇ. ئاللاھ تۇنجى قېتىمقى سۆزنى دەيدۇ. ئۇمۇ يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ قەسەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ يېقىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزىۋەتسەڭ بوپتىكەن. ئاللاھتائالا: ئى ئادەم بالىسى، مەن ساڭا قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ دۇنيا، دۇنيانىڭ ئوخشىشىدەك يەنە بىر ھەسسە بەرسەم رازى بولامسەن؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، سىلى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرۇپ، مېنى زاڭلىق، مەسخىرە قىلىۋاتامدىلا؟ دەيدۇ. ئاللاھ: مەن سېنى زاڭلىق قىلمىدىم، لېكىن مەن نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا قادىر، دەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە باشقىلار توپلىدى. سەھىھ.

( صحيح ) ( ن ) عن ابن مسعود . آكل الربا و موكله و كاتبه و شاهداه إذا علموا ذلك و الواشمة و الموشومة للحسن و لاوي الصدقة و المرتد أعرابيا بعد الهجرة ملعونون على لسان محمد يوم القيامة

5. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە ـ ئۆسۈم يېگۈچى، ئۇنىڭغا ۋەكىل بولغۇچى ۋە بىلىپ تۇرۇپ گۇۋاھچى بولغۇچىلار، گۈزەللىك ئۈچۈن مەڭ ئويغۇچى، ئويدۇرغۇچى، زاكاتنى كېچىكتۈرگۈچى، ھىجرەتتىن كېيىن ئەئرابى ھالدا مۇرتەد بولۇپ دىندىن قايتقۇچى قىيامەت كۈنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلىدا لەنەت قىلىنىدۇ. نەسەئى ۋە باشقىلار توپلىغان. سەھىھ.

آكل كما يأكل العبد فوالذي نفسي بيده لو كانت الدنيا تزن عند الله جناح بعوضة ما سقى منها كافرا كأسا

6. ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قۇل يېگەندەك يەيمەن. مېنىڭ جېنىم ئۆز ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن

قەسەمكى، ئەگەر دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىگەن بولسا، شۇنچىلىك مىيزاندا بولغان بولسا، دۇنيادىن كافىرنى بىر قەدەھ سۇ بىلەنمۇ سۇغارمايتتى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھەنناد توپلىغان. سەھىھ.

( صحيح ) آكل كما يأكل العبد و أجلس كمايجلس العبد ( ابن سعد ع حب ) عن عائشة .

7. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قۇل يېگەندەك يەيمەن، قۇل خوجايىن ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن. ئىبنى سەئىد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) آكل كما يأكل العبد و أجلس كما يجلس العبد فإنما أنا عبد . ( ابن سعد هب ) عن يحيى بن أبي كثير مرسلا

8. يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قۇل خوجايىن ئالدىدا يېگەندەك ھالەتتە تائام يەيمەن ۋە قۇل ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن. ھەقىقەتەن مەن قۇل، ئاللاھنىڭ بەندىسى. ئىبنى سەئىد، بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان. سەھىھ.

آلفقر تخافون ؟ و الذي نفسي بيده لتصبن عليكم الدنيا صبا حتى لا يزيغ قلب أحدكم إن أزاغه إلا هي و ايم الله لقد تركتكم على مثل البيضاء ليلها ونهارها سواء ( ه ) عن أبي الدرداء .

9. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر پېقىرلىقتىن قورقۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە دۇنيا شۇنداق كەڭرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇكى، قەلبىڭلارنى پەقەت شۇ دۇنيا ھەقىدىن مايىل قىلىۋېتىدۇ. (يەنى دۇنيانىلا ياخشى كۆرۈپ كېتىسىلەر. ئۇمۇ كەڭرىپ كېتىدۇ) ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى ھازىر كېچىسى كۈندۈز بىلەن ئوخشاش بولغان، نۇرلۇق ئاپئاق كۈننىڭ ئۈستىدە قالدۇرۇپ كەتتىم. ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

( صحيح ) آمركم بأربع و أنهاكم عن أربع آمركم بالإيمان بالله وحده أتدرون ما الإيمان بالله وحده ؟ شهادة أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و إقام الصلاة و إيتاء الزكاة و صيام رمضان و أن تؤدوا خمس ما غنمتم و أنهاكم عن الدباء و النقير و الحنتم و المزفت احفظوهن و أخبروا بهن من وراءكم ( ق 3 ) عن ابن عباس

10. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەلچىلەرگە مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى تۆت ئىشقا بۇيرۇپ، تۆت ئىشتىن توسىمەن. سىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن. ئاللاھقا تەنھا بىر دەپ ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ 1/5 نى تاپشۇرۇشتۇر. مەن سىلەرنى قاپاقتا ياسالغان قاچىدىن، دەرەخ كۆتىكىدىن ياسالغان تۇلۇمدىن، لاي بىلەن يۇگىدىن، قاندىن ياسالغان قاچىدىن، رومكىلاردىن توسىمەن. بەيھەقى، مۇسلىم، بۇخارى قاتارلىقلار خاتىرىلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىستە، تۆتكە بۇيرۇيمەن دەپ بەشنى بۇيرۇغان مەسىلىگە ئالىملار مۇنداق دېگەن: تۆتنى ۋەدە بويىچە بۇيرۇغان، بەشىنچىسىنى قوشۇپ قويغان. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزەر قەبىلىسىنىڭ كافىرلىرى بىلەن بىرگە ياشايتتى. ھەج تېخى پەرز بولمىغاچقا تىلغا ئالمىغان.

يۇقىرىقى ئىچىملىك، تۇلۇم، قاچاـ تاۋاقلارنىڭ چەكلىنىشى مەنسۇخ قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : مەن سىلەرنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىچىملىك چىلاشتىن توسقان، ئەمدى ھەرقانداق نەرسە بولسا چىلاپ ئىچىڭلار، ئەمما مەس قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار دېگەن. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. جۇمھۇر ئالىملار بۇ ھەدىس بىلەن

يۇقىرىقى قاچا مەسىلىسى مەنسۇخ دېدى، يەنى ئەمەلدىن قالغان.

( صحيح ) آمركم بأربع و أنهاكم عن أربع اعبدوا الله و لا تشركوا به شيئا و أقيموا الصلاة و آتوا الزكاة و صوموا رمضان و أعطوا الخمس من الغنائم و أنهاكم عن أربع: عن الدباء و الحنتم و المزفت و النقير( حم م ) عن أبي سعيد

11 . ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقىغا ئوخشاش تۆتكە بۇيرۇپ، تۆتتىن توسقان بۇ ھەدىستە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشلار، ناماز ئوقۇشلار، زاكات بېرىشلار، روزا تۇتۇشلار، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ 1\5 نى بېرىشلار دېگەن بۇيرۇقدىن كېيىن، يۇقىرىقى تۆت خىل قاچا، تاۋاقلار سۆزلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

آمركم بثلاث و أنهاكم عن ثلاث آمركم أن تعبدوا الله و لا تشركوا به شيئا و أن تعتصموا بحبل الله جميعا و لا تفرقوا و تسمعوا و تطيعوا لمن ولاه الله أمركم و أنهاكم عن قيل و قال و كثرة السؤال و إضاعة المال

12 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ئۈچ ئىشقا بۇيرۇپ، ئۈچ ئىشتىن توسىمەن: ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلارغا، مۇتەپەررىق بولۇپ، بۆلۈنۈپ كەتمەستىن ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى بولغان قۇرئانغا بىرلىكتە مەھكەم ئېسىلىشىڭلارغا، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا ئىگە قىلغان، سىلەردىن بولغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشىڭلارغا بۇيرۇيمەن. مالنى زايە قىلىۋېتىشتىن، كۆپ سوئال سوراشتىن، قىيىل قالدىن ( ئۇ مۇنۇ دەپتۇ، بۇ بۇنى دەپتۇ دېگەندەك) سۆزنى قىلىشتىن توسىمەن. ئەبۇ نۇئەيم ھىلىيەت دېگەن كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

آمروا النساء في أنفسهن فإن الثيب تعرب عن نفسها و إذن البكر صمتها ( طب هق ) عن أبي هريرة

13 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللاردىن توي قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىپ، ئىزنى ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن بىرەر قېتىم توي قىلغان جۇۋان بولسا ئۆزى توغرىسىدا روشەن، ئوچۇق قىلىپ سۆزلەيدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنىڭ ئىزنى (يەنى رۇخسەت بېرىشى) ماقۇللۇق بىلەن جىم تۇرۇشتۇر. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) آمروا اليتيمة في نفسها و إذنها صماتها ( طب ) عن أبي موسى

14 . ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېتىم قىزچاققىمۇ مەسلىھەت سېلىپ، ماقۇللۇقىنى ئېلىڭلار. ئۇنىڭ ماقۇللۇقى جىم تۇرۇشتۇر. تەبرانى توپلىدى، سەھىھ دېدى.

( صحيح ) آية الإيمان حب الأنصار و آية النفاق بغض الأنصار ( حم ق ن ) عن أنس

15 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىماننىڭ ئالامىتى ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش. نەسەئى، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) آية المنافق ثلاث: إذا حدث كذب و إذا وعد أخلف و إذا ائتمن خان ( ق ت ن ) عن أبي هريرة

16 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىدۇ. نەسەئى، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان .

يۇقىرىقى خىسلەتلەر پەقەت ئالامەت بەلگىدۇر، ھەقىقى مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، قۇرئاندىكى بولۇپمۇ سۈرە تەۋبە، سۈرە مۇناپىق قاتارلىق ئايەتلەرگە قاراپ، 20 نەچچە خىل ئالامەت بەلگىلەرگە قاراپ، بولۇپمۇ ئەڭ چوڭ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ زىيىنىغا، كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھەرىكەت

قىلسا، تىلىدا ئىمان كەلتۈرۈپ، دىلىدا، قەلبىدە ئىنكار قىلسا، شەك قىلسا، ئاندىن مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمنى ھاكىم، ئالىملار قىلسۇن، سىز پەقەت مۇشۇ ھەدىستىكى مۇناپىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھەزەر قىلىڭ.

ائت حرثك أنى شئت و أطعمها إذا طعمت و اكسها إذا اكتسيت و لا تقبح الوجه و لا تضرب ( د ) عن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده

17. بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىرائىتىڭگە يەنى ئاياللىڭغا خالىغانچە كەل، تائام يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ تائام بەر، كىيىم كىيگىنىڭدە ئۇنىڭغىمۇ كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەر، يۈزىگە ئۇرما، سەتلەشتۈرمە. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن. يەنى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش ئەمەل قىلىنىدۇ، ھەسەن مەرتىۋىسىنى بىز مۇقەددىمىدە سۆزلىگەن.

( حسن ) ائتدموا بالزيت و ادهنوا به فإنه يخرج من شجرة مباركة ( ه ك هب ) عن ابن عمر

18. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەيتۇن يېغى بىلەن چاي قىلىڭلار، تائام قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ياغلاڭلار. چۈنكى ئۇ مۇبارەك دەرەختىن چىقىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم مۇستەدرەكتە، بەيھەقى شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

ائتدموا من هذه الشجرة – يعني الزيت – و من عرض عليه طيب فليصب منه ( طس ) عن ابن عباس

19. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ دەرەختىن يەنى زەيتۇن يېغى بىلەن چاي قىلىڭلار، كىمگە خۇش پۇراق ئەتىردەك نەرسە تەقلىنسە ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالسۇن. ئەۋسەت دېگەن كىتابتا توپلانغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ھەسەن دېگەن.

( صحيح ) ائتوا الدعوة إذا دعيتم ( م ) عن ابن عمر

20. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاقىرىلغان يەرگە بېرىڭلار. مۇسلىم.

( صحيح ) ائذنوا للنساء أن يصلين بالليل في المسجد ( الطيالسي ) عن ابن عمر

21. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارغا كېچىدىمۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىڭلار. تەيالسى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئاياللار مەسچىتتىن چەكلەنگەن، چۈنكى پىتنىدىن ئەنسىرىگەن، ھازىر مەسجىد ئايرىم بولسا، ئەرلەر بىرىنچى قەۋەتتە، ئاياللار ئىككىنچى قەۋەتتە بولسا، كىرىش ـ چىقىش ئىشىكلىرى باشقا ـ باشقا، ئايرىم بولسا، خۇلاسە پىتنە ـ پاسات بولمىسا رۇخسەت.

( صحيح ) ائذنوا للنساء بالليل إلى المساجد ( حم م د ت ) عن ابن عمر

22. يەنىلا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارغا كېچىدىمۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن رۇخسەت بېرىڭلار. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىغان. سەھىھ.

( صحيح ) أبى الله أن يجعل لقاتل المؤمن توبة ( طب الضياء فى المختارة ) عن أنس

23. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تەۋبە قىلىشىغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. تەبرانى زىيائۇلمۇقەددەسى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

بۇ ھەدىس ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مەزھىپى بولۇپ، ئۇلار مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىگە تەۋبە يوق، قوبۇل ئەمەس دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئالىملار بۇ ھەدىس ۋە بۇ مەنىدىكى ئايەتتىن، شېرىكتىن باشقىسىنى ئەپۇ قىلىدىغان ئايەت كېيىن چۈشكەن، يەنىلا تەۋبە قىلسا ئەپۇ قىلىنىدۇ دېگەن.

( صحيح ) أبي الله و المؤمنون أن يختلف عليك يا أبا بكر ( حم ) عن عائشة

24. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇبەكرى! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن مۆئمىنلەر ساڭا قارشى ئىختىلاپ قىلىنىشىغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ، يول قويمايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أبايعك على أن تعبد الله لا تشرك به شيئا و تقيم الصلاة المكتوبة و تؤتي الزكاة و تنصح لكل مسلم و تبرأ من الشرك ( حم ن ) عن جرير

25. جەرير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنى ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلىشىڭغا، پەرز ناماز ئوقۇشۇڭغا، زاكات بېرىشىڭگە، ھەر بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىشىڭغا، شېرىك ئەقىدىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ چىقىشىڭغا، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ پاكلىنىشىڭغا بەيئەت قىلدۇرىمەن. نەسەئى، ئەھمەد خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

أبايعكم على أن لا تشركوا بالله شيئا و لا تسرقوا و لا تزنوا و لا تقتلوا أولادكم و لا تأتوا ببهتان تفترونه بين أيديكم و أرجلكم و لا تعصوني في معروف فمن وفى منكم فأجره على الله و من أصاب من ذلك شيئا فأخذ به في الدنيا فهو له كفارة و طهور و من ستره الله فذلك إلى الله عز و جل إن شاء عذبه و إن شاء غفر له

( حم ق ت ن ) عن عبادة بن الصامت

26. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى تۆۋەندىكى ئىشلارغا بەيئەت قىلدۇرىمەن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار (ئىبادەتتىلا ئەمەس، ھاكىمىيەتتىمۇ شۇنداق) ئوغرىلىق قىلماڭلار، زىنا قىلماڭلار، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، پۇت-قولۇڭلار بىلەن بوھتان قىلماڭلار (يەنى بالا مەسىلىسىدە بوھتان قىلماڭلار) ياخشىلىققا بۇيرۇسام ماڭا ئاسىي بولماڭلار. سىلەردىن كىم ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر، كىم ۋاپا قىلماي يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىپ قالسا، ئاندىن بۇ دۇنيادا جازالانسا بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كەفارەت بولۇپ ئۇنى پاكلايدۇ، ئەگەر ئاللاھ ئۇنى يېپىپ ئۇ جازالانمىسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقىدۇر. خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ. نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

( صحيح ) ابدأ بمن تعول ( طب ) عن حكيم بن حزام

27. ھەكىيم، ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە-ئېھسانىڭنى سەن ئىگە بولغان ئائىلەڭدىن باشلىغىن. تەبرانى توپلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ابدأ بنفسك فتصدق عليها فإن فضل شيء فلأهلك فإن فضل شيء عن أهلك فلذي قرابتك فإن فضل عن ذي قرابتك شيء فهكذا و هكذا ( ن ) عن جابر

28. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېھسان، ھەدىيە، سەدىقىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلاپ قىلغىن، ئېشىپ قالسا، ئەھلى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا قىلغىن، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالسا ئاۋۇلار، ماۋۇلارغا يەنى ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلارغا قىلغىن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أبردوا بالظهر ( ه ) عن ابن عمر ( طب ) عن عبدالرحمن بن حارثة

29. ئىبنى ئۆمەر ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پېشىن نامىزىنى سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. ئىبنى ماجە، تەبرانى خاتىرىلىگەن، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) أبردوا بالظهر فإن شدة الحر من فيح جهنم ( خ ه ) عن أبي سعيد ( حم ك ) عن صفوان بن مخرمة ( ن ) عن أبي موسى ( طب ) عن ابن مسعود ( عد ) عن جابر ( ه ) عن المغيرة بن شعبة

30. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاۋا قىزىپ كەتسە پېشىننى سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن كۈچلۈك ھارارەت بولسا جەھەننەمنىڭ قىزىقىدۇر. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ئەبۇ سەئىدتىن، ئەھمەد، ھاكىم سەپۋانىدىن، نەسەئى مۇسادىن، تەبرانى ئىبنى مەسئۇددىن، ئىبنى ئەدى جابىردىن، ئىبنى ماجە مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان بولۇپ، يەكمۇ سەھىھ ھەدىستۇر، لېكىن ھارارەتتىن ئەنسىرىمىسە پېشىننى بالدۇر ئوقۇشقىمۇ ھەدىس باردۇر.

( صحيح ) أبشر عمار ! تقتلك الفئة الباغية ( ت ) عن أبي هريرة

31. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەممار، خوش بېشارەت ئالغىنكى، سىنى باغى ھەددىدىن ئاشقان، خاتالاشقانلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ دېدى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدىكى جەڭدە مۇئاۋىيەنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، مۇئاۋىيەگە بىز باغى يەنى ئىمامغا، خەلىپىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ خاتا قىلىپتۇق دېيىلسە، ئۇ ئەممارنى ئېلىپ كەلگەنلەر ئۆلتۈرگەن بولىدۇ دەپ تۇرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىلىچنى چاپقان كىشى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ھەر ئىككى كىشى سالىھ، تەقۋا، مۆئمىن ئىدى.

أبشر فإن الله تعالى يقول: هي ناري أسلطها على عبدي المؤمن في الدنيا لتكون حظه من النار يوم القيامة

32. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىتما كېسىلى توغرىسىدا  مۇنداق دېگەن: خوش بېشارەت ئالغىنكى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، قىزىتما كېسەل مېنىڭ ئوتۇم بولۇپ، مۆئمىن بەندەمنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دوۋزاخ ئوتىدىن نېسىۋىسى بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كېسەلنى مۇشۇ دۇنيادىلا مۆئمىن بەندەمگە سالىمەن، يەنى بۇ كېسەل ئاخىرەتتىكى ئوتتىن بەدەلدۇر. ھاكىم ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أبشروا إن من نعمة الله عليكم أنه ليس أحد من الناس يصلي هذه الساعة غيركم ( خ ) عن أبي موسى

33. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خوش بېشارەت ئېلىڭلاركى، ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللاھنىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى بولسا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، مۇندىن كېيىن مەڭگۈ ھالاك بولمايسىلەر، ئېزىپمۇ كەتمەيسىلەر. تەبرانى توپلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

أبشروا فإن هذا القرآن طرفه بيد الله و طرفه بأيديكم فتمسكوا به فإنكم لن هلكوا و لن تضلوا بعده أبد

( طب ) عن جبير بن مطعم

34. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئېلىڭلاركى، ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ بىر تەرىپى ئاللاھنىڭ قولىدا، يەنە بىر تەرىپى بولسا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، مۇندىن كېيىن مەڭگۈ ھالاك بولمايسىلەر، ئېزىپمۇ كەتمەيسىلەر. تەبرانى توپلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

أبشروا و بشروا من وراءكم أنه من شهد أن لا إله إلا الله صادقا بها دخل الجنة ( حم طب ) عن أبي موسى

35. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، سىلەردىن كېيىنكىلەرگە بېشارەت بېرىڭلاركى، ھەقىقەتەن كىم



www.uyghurkitap.com

چىن قەلبىدىن سەممىيلىك بىلەن تەستىقلاپ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئالىملار بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دېگەن، بۇ ھېچبىر پەرز پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن دېيىلگەن ھەدىستۇر، ياكى ئىشنىڭ بېشى شۇ، بۇ ئاچقۇچسىز مۇسۇلمان مۆئمىن بولغىلى بولمايدۇ، بۇ ئاساس دېگەن ياكى بۇ كەلىمە شوئار بايراقتۇر، ئۇ كىشى بۇ شوئار بايراق ئاستىدا تەلەپكە لايىق ياشىشى لازىم دېگەن. سەييىد قۇتۇپ.

أبشروا هذا ربكم قد فتح بابا من أبواب السماء يباهي بكم الملائكة يقول: انظروا إلى عبادي قد قضوا فريضة و هم ينظرون أخرى ( حم ه ) عن ابن عمرو

36. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، مانا بۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ھازىر ئاسمان ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ سىلەرنى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، داڭلاپ، باھالاپ مۇنداق دەيدۇ: قاراڭلار، بۇ بەندىلىرىم بىر پەرزنى ئادا قىلىپ، يەنە بىر پەرزگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. (يەنى خۇپتەن نامىزى) ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أبشري يا أم العلاء فإن مرض المسلم يذهب خطاياه كما تذهب النار خبث الحديد ( طب ) عن أم العلاء

37. ئۇممە ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئۇممە ئىلائى، خۇش بېشارەت ئالغىنكى، مۇسۇلمان كىشى كېسەل بولسا، بۇ كېسەل ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى خۇددى ئوت تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، تازىلاپ يوقىتىۋېتىدۇ. تەبرانى خاتىرىلىگەن، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) أبشري يا عائشة ! أما الله فقد برأك ( ق ) عن عائشة

38. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، خۇش بېشارەت ئالغىنكى، ئاللاھ سىنى بۇ بۆھتاندىن ئاقلاپ، پاك دېدى. بەيھەقى خاتىرىلىگەن، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. ئايەتمۇ گۇۋاھ.

( صحيح ) أبغض الرجال إلى الله: الألد الخصم ( ق حم ت ن ) عن عائشة

39. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچمەنرەكى داۋالىشىشتا قاتتىق، چىڭ تۇرغاقراقى. نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أبغض الناس إلى الله ثلاثة: ملحد في الحرم و مبتغ في الإسلام سنة الجاهلية و مطلب دم امرئ بغير حق ليهريق دمه ( خ ) عن ابن عباس

40. ئىبنى ئاббас رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچرەكى، يەنى ئاللاھ ئەڭ ئۆچ كۆرۈدىغان كىشى ئۈچتۇر: بىرىنچى، ھەرەمدە ھەقتىن بۇرۇلۇپ زۇلۇم قىلغۇچى، ئىككىنچى، ئىسلام دىنىدا جاھىلىيەت يوللىرىنى، ئىشلىرىنى تەلەپ قىلغۇچى، ئۈچىنچى، قان تۆكۈش ئۈچۈن بىرەر ئىنساننىڭ قېنىنى ھەقسىز تەلەپ قىلغۇچى. بۇخارى.

ابغوني الضعفاء فإنما ترزقون و تنصرون بضعفائكم ( حم م حب جد ك ) عن أبي الدرداء

41. ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى ئاجىزلار ئىچىدىن ئىزدەڭلار، سىلەرگە ئاجىز يەنى باللار، ئاياللار، قېرىلار، غېرىب ـ غۇرىبالار سەۋەبىدىن، يېتىم ـ يېسىر، مىيىپ، مىسكىنلەر سەۋەبىدىن رىزق بېرىلىدۇ، ياردەم بېرىلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد، ھاكىم ئىبنى جارۇد توپلىغان، سەھىھ.

ابن آدم ستون و ثلاثمائة مفصل على كل واحد منها في كل يوم صدقة فالكلمة الطيبة يتكلم بها الرجل صدقة و عون الرجل أخاه على الشيء صدقة و الشربة من الماء يسقيها صدقة و إماطة الأذى عن الطريق صدقة ( طب ) عن ابن عباس

42. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىدا 360 مەفسەل (بوغۇم) بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. كىشى سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزمۇ سەدىقە، قېرىندىشىغا ياردەم بېرىشمۇ سەدىقە، سۇغارغان بىر ئوتلام سۇمۇ سەدىقە، يولدىن ئەزىيەتنى، تىكەنلەرنى يوقىتىشمۇ سەدىقە. تەبرانى خاتىرىلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ابن أخت القوم منهم ( حم ق ت ن ) عن أنس ( د ) عن أبي موسى ( طب ) عن جبير بن مطعم وعن ابن عباس و عن أبي مالك الأشعري

43. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ بالىسى شۇ قەۋمدىن بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقىلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ داۋۇت ئەبۇ مۇسادىن، تەبرانى جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن، ئىبنى ئابباسدىن، ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىدى، سەھىھ.

( صحيح ) ابن السبيل أول شارب يعني من زمزم ( طص ) عن أبي هريرة

44. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىر كىشى زەمزەم سۈيىدىن ئالدى بىلەن ئىچىدۇ. تەبرانىينىڭ ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) ابنا العاص مؤمنان: هشام و عمرو ( ابن سعد حم ك طب ) عن أبي هريرة

45. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىشام، ئەمرۇدىن ئىبارەت ئاسنىڭ ئىككى ئوغلى يەنى ھىشام ئىبنى ئاس، ئەمرۇ ئىبنى ئاس ھەر ئىككىلىسى مۆئمىندۇر. ئەھمەد ھاكىم تەبرانى، ئىبنى سەئىد خاتىرىلىگەن. سەھىھ.

( صحيح ) أبن القدح عن فيك ثم تنفس ( سمويه في فوائده هب ) عن أبي سعيد

46. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاراب ئىچكۈچىگە، سۇ ئىچكۈچىگە قەدەھنى ئاغزىڭدىن نېرى قىلىپ، ئاندىن تىنىۋال دېگەن. بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا سەمۇيەھى پەۋائىدتا خاتىرىلىگەن، ئەلبانى تەكشۈرۈپ سەھىھ دېگەن.

ابناي هذان: الحسن و الحسين: سيدا شباب أهل الجنة و أبوهما خير منهما ( ابن عساكر ) عن علي وعن ابن عمر

47. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم يەنى ھەسەن ـ ھۈسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، دادىسى ئۇ ئىككىسىدىن ياخشى. ئىبنى ئەساكىر توپلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) ابن سمية ما عرض عليه أمران قط إلا اختار الأرشد منهما ( حم ك ) عن ابن مسعود

48. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىبنى سۇمەييەگە ئىككى ئىش بىراقلا تەكلىنىپ قالسىلا، ئۇ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ. ھاكىم ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) أبني ! لا ترموا جمرة العقبة حتى تطلع الشمس ( حم 4 ) عن ابن عباس

49. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج پائالىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئى ئوغلۇم، ئەقەبە تىېشىنى (يەنى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى) كۈن چىقمىغۇچە ئاتماڭلار. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعد بن أبي وقاص في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة و أبو عبيدة بن الجراح في الجنة ( حم الضياء ) عن سعيد بن زيد ( ت ) عن عبدالرحمن بن عوف

50. سەئىيد ئىبنى زەيد ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس جەننەتتە، سەئىد ئىبنى زەيد جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتە. تىرمىزى، ئەھمەد، زىيائولمەقدەس توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

بۇ ھەدىستە يۇقىرىقى 10كىشىنى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى) جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ھايات چېغىدا بېشارەت بېرىلگەن، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز.

أبو بكر و عمر: سيدا كهول أهل الجنة من الأولين و الآخرين إلا النبيين و المرسلين ( حم ت ه ) عن علي ( ه ) عن أبي جحيفة ( ع الضياء في المختارة ) عن أنس ( طص ) عن جابر وعن أبي سعيد

51. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار، نەبى مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىرىنىڭ خوجىسىدۇر، كاتتىسىدۇر. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ماجە ئەبۇ جۇھەيپىدىن، ئەبۇ بەئلا، زىيائۇلمەقدەسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەۋسەت جابىر، ئەبۇ سەئىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أبو سفيان بن الحارث خير أهلي ( طب ك ) عن أبي حبة البدري

52. ئەبۇ ھوببەتۇلبەردى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ سەفيان ئىبنى ھارىس مېنىڭ ئەھلىمنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ھاكىم تەبرانى توپلىدى، ھەسەن.

## «ئەتا»ئەلىف ئاندىن كېيىن ت بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر. مەنىسى: كەلدى، كېلىدۇ، ماڭا جىبرىئىل كېلىپ دېگەن ھەدىسلەر

أتاكم أهل اليمن هم أرق أفئدة و ألين قلوبا الإيمان يمان و الحكمة يمانية و الفخر و الخيلاء في أصحاب الإبل و السكينة و الوقار في أهل الغنم ( ق ) عن أبي هريرة

53. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يەمەن ئەھلى دىللىرى يۇمشاق، قەلبى مۇلايىم ھالدا كېلىدۇ. ئىمان يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە. پەخىرلىنىش، مۇتەكەببىرلىك تۆگە ئەھلىدە، خاتىرجەملىك، كاتتا ئۇلۇغلۇق قوي ئەھلىدە. بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

أتاكم أهل اليمن هم أضعف قلوبا و أرق أفئدة الفقه يمان و الحكمة يمانية ( ق ت ) عن أبي هريرة

54. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يەمەن ئەھلى قەلبى زەئىپ، ئاجىز، يۈرەكلىرى يۇمشاق ھالدا كېلىدۇ. فىقھى يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە. تىرمىزى، بەيھەقى توپلىدى. سەھىھۇلبۇخارى، مۇسلىمدا بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى بار، يېقىندا كېلىدۇ.

أتاكم شهر رمضان شهر مبارك فرض الله عليكم صيامه تفتح فيه أبواب الجنة و تغلق فيه أبواب الجحيم و تغل فيه مردة الشياطين و فيه

ليلة هي خير من ألف شهر من حرم خيرها فقد حرم ( حم ن هب ) عن أبي هريرة

55. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مۇبارەك ئاي، رامزان ئېيى يېتىپ كەلدى، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. بۇ ئايدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرىنىڭ پۇت ـ قول، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىدۇ، بۇ ئايدا بىر كېچە بولۇپ 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، ئۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن مەھرۇم قالغان كىشى ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

أتاني آت من عند ربي فخيرني بين أن يدخل نصف أمتي الجنة و بين الشفاعة فاخترت الشفاعة و هي لمن مات لا يشرك بالله شيئا ( حم ) عن أبي موسى ( ت حب ) عن عوف بن مالك الأشجعي

56. ئەبۇ مۇسا، ئەۋق ئىبنى مالىك، ئەسجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا رەببىمدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئۈممىتىمنىڭ يېرىمىنىڭ جەننەتكە كىرىشى بىلەن شاپائەت ئوتتۇرىسىدا تاللىشىمغا ئەركىنلىك بەردى، مەن شاپائەت قىلىشنى تاللىدىم، مىنىڭ شاپائىتىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ. تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببانلار توپلىدى، سەھىھ.

أتاني آت من عند ربي عز و جل فقال: من صلى عليك من أمتك صلاة كتب الله له بها عشر حسنات و محا عنه عشر سيئات و رفع له عشر درجات و رد عليه مثلها

57. ئەبۇ تەلھەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا رەببىم تەرەپتىن بىر ئەلچى كېلىپ مۇنداق دېدى، ئۈممىتىڭدىن كىم ساڭا بىرقېتىم دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يېزىپ، ئون خاتالىق گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن 10دەرىجە كۆتۈرىدۇ. شۇ دۇرۇت، دۇئايى ـ سالامنىڭ ئوخشىشىنى (يەنى ساۋابىنى) يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرىدۇ. ئەھمەد توپلىدى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

حم خ د عن عمر . ( أتاني الليلة آت من عند ربي فقال: صل في هذا الوادي المبارك – يعني العقيق – و قل عمرة في حج)

58. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۈگۈن كېچە رەببىمنىڭ نەزلىدىن بىر ئەلچى كېلىپ مۇنداق دېدى، بۇ مۇبارەك جايدا، يەنى ئەقىيق دېگەن جايدا ناماز ئوقۇغىن، ئۆمرە ھەج پەرز ھەجنىڭ ئىچىدە دېگىن. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇت، ئەھمەد توپلىدى، سەھىھ.

أتاني الليلة ربي تبارك و تعالى في أحسن صورة فقال: يا محمد هل تدري فيم يختصم الملأ الأعلى ؟ قلت لا فوضع يده بين كتفي حتى وجدت بردها بين ثديي فعلمت ما في السموات و ما في الأرض فقال: يا محمد هل تدري فيم يختصم الملأ الأعلى ؟ قلت: نعم في الكفارات و الدرجات و الكفارات: المكث في المساجد بعد الصلوات و المشي على الأقدام إلى الجماعات و إسباغ الوضوء في المكاره قال: صدقت يا محمد ! و من فعل ذلك عاش بخير و مات بخير و كان من خطيئته كيوم ولدته أمه و قال: يا محمد إذا صليت فقل اللهم إني أسألك فعل الخيرات و ترك المنكرات و حب المساكين و أن تغفر لي و ترحمني و تتوب علي و إذا أردت بعبادك فتنة فاقبضني إليك غير مفتون و الدرجات: إفشاء السلام و إطعام الطعام و الصلاة بالليل و الناس نيام ( عب حم عبد بن حميد ت ) عن ابن عباس

59. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۈگۈن كېچە رەببىم تەبارەك ۋەتەئالا ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ئۈستۈنكى جامائەت، پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا دەتالاش قىلىشۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟ مەن، ياق بىلمەيمەن دېدىم. ئاندىن رەببىم ئاللاھ قولىنى ئىككى تاغىقىم ئارىسىدا قويدى، ئۇ سوغۇق لەززەتنى كۆكسۈم ئارىسىدا تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق

نەرسىلەرنى بىلدىم، ئاندىن، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ دېدى. مەن، ھەئە بىلدىم، ئۇلارنىڭ دەتالاش قىلىپ داۋالاشقانلىرى گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان كەفارەت توغرىسىدا، دەرىجىلەر توغرىسىدا ئىكەن. گۇناھقا كەفارەت بولىدىغان ئىشلار بولسا مەسچىتتە نامازدىن كېيىن ئولتۇرۇش، قەدەملەر بىلەن جامائەتكە مېڭىش، قىيىنچىلىقتىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش دېدىم. ئاللاھ، راست دېدىڭ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! كىم يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلسا ياخشىلىق بىلەن ياشاپ، ياخشىلىق بىلەن ئۆلىدۇ، خاتالىقىدىن ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك بولۇپ كېتىدۇ. ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ناماز ئوقۇغان چېغىڭدا مۇنداق دۇئا قىل: ئى ئاللاھ! مەن سىلىدىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى سورايمەن، ياخشىلىقلارنى قىلىشنى، يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشنى، مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغپىرەت قىلىشلىرىنى، رەھمەت قىلىشلىرىنى، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن. بەندىلىرىگە بىرەر پىتنە، سىناق ئىرادە قىلسىلا مېنى پىتنىگە قويماستىن سىلى تەرەپكە ئېلىپ كەتسىلە، بۇ مېنىڭ سورايدىغىنىم. دەرىجىسى يۇقىرى مەرتىۋىلەر بولسا: سالامنى كەڭرى قىلىش، تائام بېرىش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇشتۇر دېدى. ئەھمەد ئابدۇررەززاق، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدەتلەر خاتىرىلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر.

أتاني جبريل بالحمى و الطاعون فأمسكت الحمى في المدينة و أرسلت الطاعون إلى الشام فالطاعون شهادة لأمتي و رحمة لهم و رجس على الكافرين ( حم ابن سعد ) عن أبي عسيب

60. ئەبۇ ئۇسەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا قىزىتما كېسەل بىلەن ۋابا كېسىلىنى ئېلىپ كەلدى، مەن قىزىتما كېسىلىنى مەدىنىدە ئېلىپ قېلىپ، ۋابا كېسەلنى شامغا ئەۋەتتىم، ۋابا كېسىلى بولسا ئۈممىتىم ئۈچۈن شەھىدلىك ۋە ئۇلارغا رەھمەتتۇر، كاپىرلارغا بولسا ئازابتۇر. ئەھمەد، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

أتاني جبريل فأخبرني أن أمتي ستقتل ابني هذا – يعني الحسين – و أتاني بتربة من تربة حمراء ( ك ) عن أم الفضل بنت الحارث

61. ئۇممە پەزلى بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى، ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم ئۇلۇغ ھۈسەيىننى ئۆلتۈرىدىكەن، جىبرىئىل ماڭا قىزىل تۇپراقنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى، يەنى بۇ تۇپراق ئۇنىڭ شەھىدلىك جايىدۇر. ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىغان، سەھىھ.

أتاني جبريل فأمرني أن آمر أصحابي و من معي أن يرفعوا أصواتهم بالتلبية ( حم 4 حب ك هق ) عن السائب بن خلاد

62. سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ساھابىلىرىمنى (مەن بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنى) ھەجدىكى تەلبىيەدە ئاۋازلىرىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈشكە بۇيرۇشۇمنى بۇيرىدى. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، مالىك، دارىمى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ئىككى-ئۈچ راۋىي كىتابلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنى تەكشۈرسەك بارلىق ھەدىس كىتابلاردا چىقىدىكەن.

أتاني جبريل فبشرني أن الحسن و الحسين: سيدا شباب أهل الجنة ( ابن سعد ) عن حذيفة

63. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق بېشارەت بەردى، ھەقىقەتەن ھەسەن-ھۈسەن جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، كاتتىسىدۇر. ئىبنى سەئىد توپلىدى، سەھىھ.

أتاني جبريل فبشرني أنه من مات من أمتك لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة فقلت: و إن زنى و إن سرق ؟ فقال: و إن زنى و إن سرق ( ق ) عن أبي ذر

64. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق بىشارەت بەردى، ھەقىقەتەن ئۈممىتىڭدىن كىم ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا گەرچە زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېدىم، ئۇ گەرچە زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ شۇنداق دېدى. بەيھەقى خاتىرىلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر.

أتاني جبريل فقال: إن الله يأمرك أن تقرئ أمتك القرآن على حرف فقلت: أسأل الله معافاته و مغفرته فإن أمتي لا تطيق ذلك ثم أتاني الثانية فقال: إن الله يأمرك أن تقرئ أمتك القرآن على حرفين فقلت: أسأل الله معافاته و مغفرته إن أمتي لا تطيق ذلك ثم جاءني الثالثة فقال: إن الله يأمرك أن تقرئ أمتك القرآن على ثلاثة أحرف فقلت: أسأل الله معافاته و مغفرته و إن أمتي لا تطيق ذلك ثم جاءني الرابعة فقال: إن الله عز و جل يأمرك أن تقرئ أمتك القرآن على سبعة أحرف فأيما حرف قرءوا عليه فقد أصابوا ( م د ن ) عن أبي بن كعب

65. ئۇبەي ئىبنى كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى بىر ھەرپ بىلەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرۇدى، مەن ئاللاھدىن ئەپۇ قىلىپ ساقلىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەنكى، ئۈممىتىم ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ھەقىقەتەن ئاللاھ سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى ئىككى ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرىدى دېدى، مەن يەنە شۇ دۇئانى قىلىپ سورىدىم، تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم، ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ، ئۈچ ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى دېدى، مەن يەنە ئاللاھدىن ئەپۇ قىلىپ، ساقلىشىنى، مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەنكى، ئۈممىتىم ئۇنىڭغىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ دېدىم، تۆتىنچى قېتىم كېلىپ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە سىنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بېرىشىڭگە بۇيرىدى دېدى، ئۇلار قايسى ھەرپ بىلەن ئوقۇسا توغرا ئوقۇغان بولىدۇ دېدى. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىدى، سەھىھ.

ئالىملار بۇ يەتتە ھەرپ دېگەننى يەتتە قەبىلە لۇغىتى، يەتتە خىل ئەرەب تىلى ياكى يەتتە خىل ئىئراپ، تاۋۇش بەلگىسى قويۇش، ئەمەلىيەتتە مەنىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدۇ، ياكى يەتتە تۈرلۈك مەسىلە بار. ھالال ـ ھارام، مىسال، ئىبرەت، تارىخ ۋە ئىز، قورقۇتۇش، قىزىقتۇرۇش دېگەندەك تەپسىرلەرنى بەردى. مۇھەممەد ئىبنى جەرىير ئۆز تەپسىردە بۇ يەتتە ھەرپنى ھالال ـ ھارام دېسە خاتالىشىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەر ئىككى خىل ئوقۇغان ساھابىنى توغرا قىلدىڭ، ياخشى قىلدىڭ دېگەن. ئۇنداقتا بىرىنى ھالال قىلدىڭ، بىرىنى ھارام قىلدىڭ دەپ ھالال ۋە ھارام قىلىشقا يول قويغان بولمايدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەدىسنىڭ چۈشەنچىسىدىن ئۇ تاۋۇش بەلگىلىرى خالاس، زىر زەۋەر مەسىلىلىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار قۇرئاننى توپلاپ، بىرلا ھەرپ بىلەن تارقاتتى، بۇ ئىختىلاپنى، جېدەل ـ ماجىرالارنى، بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ، سەن كاپىر، سەن كاپىر دېيىشلەرنى تۈگەتتى دېدى. ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، مانا ئەمدى بارلىق مۇسۇلمانلار، ئۆلىمالار، شۇ بىر ھەرپ بىلەن ئوقۇۋاتىدۇ ھەم شۇنداق ئوقۇشى لازىم، پىتنە، ئىختىلاپ تېرىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ دېگەن. تەپسىر كىتابلىرىدا بۇ يەتتە خىل ئىئراپ تېپىلىدۇ.

أتاني جبريل فقال: بشر أمتك أنه من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة قلت: يا جبريل و إن سرق و إن زنى ؟ قال: نعم قلت: و إن سرق و إن زنى ؟ قال: نعم قلت: و إن سرق و إن زنى ؟ قال: نعم و إن شرب الخمر ( حم ت ن حب ) عن أبي ذر

66. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ، ئۈممىتىڭگە مۇنداق بىشارەت بەرگىن دېدى، ھەقىقەتەن كىم ئاللاھقا ھېچ نېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالدا ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ. مەن ئى جىبرىئىل، گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ ئۈچ قېتىم سورىسام، ئۇ ئۈچىلى قېتىم شۇنداق، گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ھەتتا، ھاراق ئىچسىمۇ شۇنداق دېگەننى زىيادە قىلدى.

نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد توپلىدى، بۇ سەھىھ. ھەدىستىن يۇقىرىقى گۇناھلارنى قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇ گۇناھى كەبىيرە بولۇپ، مۇنداق جازالارغا تارتىلىدۇ: زىناخور توي قىلغان بولسا رەجىم قىلىنىدۇ، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، ھاراق ئىچكۈچى 80 قامچا يەيدۇ، بۇ دۇنيادا جازالانمىغان بولسا، ئاخىرەتتە ئاللاھ خالىسا جازالاپ خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار تەۋبە قىلىش پەرزدۇر.

أتاني جبريل فقال لي: إن الله يأمرك أن تأمر أصحابك أن يرفعوا أصواقم بالتلبية فإنها من شعائر الحج ( حم ه حب ك ) عن زيد بن خالد

67. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنى مۇنداق بۇيرىدى، سەن ساھابىلىرىڭنى بۇيرۇغىن، ئۇلار ھەجدىكى تەلبىيىدە يەنى لەببەيكە دېگەن دۇئادا ئاۋازلىرىنى ئۈستۈن كۆتۈرسۇن، چۈنكى، ئۇ ھەجنىڭ شوئارى ، ھەج پائالىيىتىنىڭ رەسمىيەتلىرى دېدى. ھاكىم ئىبنى ھەببان، ئەھمەد ئىبنى ماجە توپلىدى، سەھىھ. يۇقىرىقى ھەدىسكە ئاخىرقى سۆزلەر زىيادە قىلىندى.

أتاني جبريل فقال: إني كنت أتيتك البارحة فلم يمنعني أن أكون دخلت عليك البيت الذي كنت فيه إلا أنه كان على الباب تماثيل و كان في البيت قرام ستر فيه تماثيل و كان في البيت كلب فمر برأس التمثال الذي في البيت فليقطع فيصير كهيئة الشجرة و مر بالستر فليقطع فيجعل وسادتين منبذتين توطئان و مر بالكلب فليخرج ( حم د ت هق ) عن أبي هريرة

68. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، مەن ئۆتكەن كېچە قېشىڭغا كەلگەن ئىدىم، مېنى سەن بار ئۆيگە كىرىشتىن مۇشۇ ئىشلار توسۇپ قويدى، ئىشىك ئۈستىدە سۈرەت بار ئىكەن، ئۆيدە قىرام پەردە بولۇپ، ئۇنىڭدا سۈرەت بار ئىكەن، شۇنداقلا ئۇ ئۆيدە ئىت بار ئىكەن. ئۆيدىكى سۈرەتنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىشكە بۇيرۇغىن، شۇنداق قىلغاندا ئۇ سۈرەت دەرەخنىڭ تۇرقىغا ئۆزگىرىدۇ. پەردىنى كېسىپ ياستۇق قىلىشقا، تاشلاپ ئولتۇرىدىغان نەرسە قىلىشقا بۇيرۇغىن، ئىتنى بولسا چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇغىن. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

تەنتاۋى تەپسىرىدىكى سۈرەتلەرگە ۋە ئىسلامى مۆجىزە فىلىملىرىگە رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، سەۋەبسىز، ئورۇنسىز، ئۆزرىسىز خاتىرە قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ سۈرەتكە چۈشۈش دۇرۇس ئەمەس. بولۇپمۇ ھەيكەل، بۇت ھارام قىلىنغان. چۈنكى، بۇددا دىنى سۈرەت ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، قىيامەت كۈنى شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرەت سىزغۇچىلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ، بۇ ھەدىس كېيىن كېلىدۇ.

أتاني جبريل فقال: يا رسول الله هذه خديجة قد أتتك معها إناء فيها إدام أو طعام أو شراب فإذا هي قد أتتك فاقرأ عليها السلام من ربها و مني و بشرها ببيت في الجنة من قصب لا صخب فيها و لا نصب ( م ) عن أبي هريرة

69. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مانا بۇ خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سېنىڭ قېشىڭغا قاچىدا چاي، تائام، شاراب ئېلىپ كەلدى (يەنى ھازىر كېلىدۇ) ئەگەر ئۇ قېشىڭغا كەلسە، ئۇنىڭ رەببى ئاللاھ ۋە مەندىن سالام يوللىغىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا جەننەتتىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر مارجان، جەۋھەردىن بولغان ئۆي بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ ئۆيدە ئاۋاز، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يوق، مۇشەققەت يوق دېدى. مۇسلىم توپلىدى، سەھىھ. (بۇخارى، مۇسلىمغا سەھىھ دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بۇ ئىككى كىتاب سەھىھدۇر)

( صحيح ) حم م ت ه أبي سعيد ( حم ه حب ك ) عن عبادة بن الصامت

70. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ھاكىملار توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

أتاني جبريل فقال: يا محمد ! أما يرضيك أن ربك عز و جل يقول: إنه لا يصلي عليك من أمتك أحد صلاة إلا صليت عليه بها عشر و لا يسلم عليك أحد من أمتك تسليمة إلا سلمت عليه عشرا فقلت: بلى أي رب ! ( حم ن حب ك الضياء ) عن أبي طلحة

71. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ھەقىقەتەن رەببىڭ ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دېدى، ساڭا ئۈممىتىڭدىن بىرەر كىشى بىرلا قېتىم دۇرۇت، دۇئايى رەھمەت يوللىسا، ئۇنىڭغا 10 رەھمەت يوللىنىدۇ، ئەگەر ساڭا بىرلا قېتىم سالام يوللىسا، ئۇ كىشىگە 10 قېتىم سالام يوللىنىدۇ، سەن بۇنىڭغا رازى بولمامسەن؟ مەن، ئى رەببىم مەن رازى، مەن رازى دېدىم. نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىدى، سەھىھ.

شاربها و حاملها و المحمولة إليه أتاني جبريل فقال: يا محمد ! إن الله عز و جل لعن الخمر و عاصرها و معتصرها و و بائعها و مبتاعها و ساقيها و مسقيها ( طب ك هب الضياء ) عن ابن عباس

72. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھاراقنى، ئۇنى سىقىپ چىقارغۇچىغا ۋە ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىغا، ئىچكۈچىگە، كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچىغا ۋە ئاپىرىلغان كىشىگە، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ئۇنى قۇيۇپ بەرگەن ساقىيغا، سۇغارغۇچى ساھىبخانىغا لەنەت قىلدى، يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئازابقا يېقىن قىلدى. ھاكىم، تەبرانى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى، سەھىھ.

أتاني جبريل فقال: يا محمد ! عش ما شئت فإنك ميت و أحبب من شئت فإنك مفارقه و اعمل ما شئت فإنك مجزي به و اعلم أن شرف المؤمن قيامه بالليل و عزه استغناؤه عن الناس ( الشيرازي في الألقاب ك هب ) عن سهل بن سعد ( هب ) عن جابر ( حل ) عن علي

73. سەھلى ئىبنى سەئىد، جابىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! خالىغانچە ياشا، سەنمۇ ئۆلىسەن، خالىغان كىشىنى ياخشى كۆرگىن، سەن ئۇنىڭدىن بۇ دۇنيادا ئايرىلىسەن، خالىغانچە ئەمەل قىل، ئۇنىڭ جازا ـ مۇكاپاتىنى كۆرىسەن. بىلگىنكى، مۆئمىننىڭ ئۇلۇغلۇقى، شەرىپى كېچىدە قىيامدە تۇرۇشتۇر، ئىززىتى بولسا كىشىلەردىن ئۆزىنى بىھاجەت تۇتۇشتۇر. ھاكىم، بەيھەقى، شىرازى، ئەبۇ نۇئەيملەر توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

أتاني جبريل فقال: يا محمد ! قل قلت: و ما أقول ؟ قال: قل أعوذ بكلمات الله التامات التي لا يجاوزهن بر و لا فاجر من شر ما خلق و ذرأ و برأ و من شر ما ينزل من السماء و من شر ما يعرج فيها و من شر ما ذرأ في الأرض و برأ و من شر ما يخرج منها و من شر فتن الليل و النهار و من شر كل طارق يطرق إلا طارقا يطرق بخير يا رحمن ( حم طب ) عن عبدالرحمن بن خنب

74. ئابدۇرەھمان ئىبنى خەنبەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ دېگىن دېدى، مەن نېمە دەيمەن دېسەم، ئۇ: ئاللاھنىڭ ياخشى ـ يامانلار تاجاۋۇز قىلالمايدىغان كامىل سۆزى بىلەن ئاللاھ ياراتقان، كەڭ تارقىتىپ ياراتقان، ساپ ـ ساق، كامىل سۈرەت ئاتا قىلىپ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋە ئاسمانغا چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، ئاللاھ زېمىن ئىچىگە ياراتقان ۋە زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن، كېچىدە يول يۈرگۈچىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن (ياخشىلىق بىلەن يول يۈرگۈچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا) يا رەھمان دېگىن دېدى. ئەھمەد، تەبرانى خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

أتاني جبريل فقال: يا محمد ! من أدرك أحد والديه فمات فدخل النار فأبعده الله قل: آمين فقلت: آمين قال: يا محمد من أدرك شهر رمضان فمات فلم يغفر له فأدخل النار فأبعده الله قل: آمين فقلت: آمين قال: و من ذكرت عنده فلم يصل عليك فمات فدخل النار فأبعده الله قل:

آمين فقلت: آمين ( طب ) عن جابر بن سمرة

75. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! كىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەرسىنى تېپىپ ياخشىلىق قىلالماي ئۆلۈپ، دوۋزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم؛ كىم رامىزان ئېيىنى تېپىپ مەغپىرەت قىلىنماي ئۆلۈپ دوۋزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىمۇ رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم؛ كىم ئالدىدا سەن تىلغا ئېلىنىپ ساڭا رەھمەت، دۇرۇت، سالام يوللىماي ئۆلۈپ دوۋزاخقا كىرسە، ئاللاھ ئۇنىمۇ رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أتاني جبريل في أول ما أوحي إلي فعلمني الوضوء و الصلاة فلما فرغ من الوضوء أخذ غرفة من الماء فنضح بها فرجه ( حم قط ك ) عن أسامة عن أبيه زيد بن حارثة

76. ئۇسامەتتىن، دادىسى زەيد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا تۇنجى قېتىم ۋەھيي كەلگەن كۈنلەردە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ماڭا تاھارەت ئېلىشنى، ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان. تاھارەت ئېلىشتىن پارىغ بولغاندا، بىر چاڭگال سۇنى ئېلىپ ئىچىغا سېپىپ قويدى، يەنى بۇ ئىشنى ماڭا ئۆگەتتى. ئەھمەد، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ئىشتان ئاغنى يۇيۇپ تۇرۇش چىقىپ تۇرىدۇ، شەك، گۇمان يوقايدۇ، چۈنكى، ئەۋرەت تۇرغان جاي يۇيۇلىدۇ.

أتاني جبريل من عند الله تبارك و تعالى فقال: يا محمد ! إن الله عز و جل يقول: إني قد فرضت على أمتك خمس صلوات فمن وافى بهن على وضوئهن و مواقيتهن و ركوعهن و سجودهن كان له عندي بهن عهد أن ادخله بهن الجنة و من لقيني قد انتقص من ذلك شيئا فليس له عندي عهد إن شئت عذبته و إن شئت رحمته ( الطيالسي محمد بن نصر في كتاب الصلاة طب الضياء في المختارة ) عن عبادة بن الصامت

77. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئاللاھتائالانىڭ نەزىلىدىن كېلىپ مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، مەن ئۈممىتىڭگە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدىم، كىم بۇ نامازلارنىڭ تاھارەت ۋاقىتلىرىغا، رۇكۇ، سەجدىلىرىگە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزىلىمدە مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەھدە، ۋەدە بولىدۇ. كىم ماڭا يۇقىرىقىلاردىن بىرەر نەرسىنى كام قىلىپ قويۇپ، ۋاپا قىلالماي ئۇچراشسا ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزىلىمدە ئەھدە يوق، خالىسام جازالايمەن، خالىسام رەھىم قىلىمەن. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، تەيالىسى، مۇھەممەد ئىبنى نەسرلەر توپلىغان، سەھىھ.

أتاني جبريل و ميكائيل فقعد جبريل عن يميني و ميكائيل عن يساري فقال جبريل: يا محمد اقرأ القرآن على حرف فقال ميكائيل: استزده فقلت: زدني فقال: اقرأه على ثلاثة أحرف فقال ميكائيل: استزده فقلت: زدني كذلك حتى بلغ سبعة أحرف فقال: اقرأه على سبعة أحرف كلها شاف كاف ( حم عبد بن حميد ن ) عن أبي بن كعب ( حم طب ) عن أبي بكرة ( ابن الضريس ) عن عبادة بن الصامت

78. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل بىلەن مىكائىل قېشىمغا كېلىپ، جىبرىئىل ئوڭ تەرىپىمدە، مىكائىل سول تەرىپىمدە ئولتۇردى. جىبرىئىل، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! قۇرئاننى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇغىن دېدى، مىكائىل يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشنى سورىغىن دېدى، مەن زىيادە قىلىپ بەرگىن دېدىم. ئۇ ئۈچ ھەرپ بىلەن ئوقۇغىن دېدى، مىكائىل يەنە شۇنداق دېدى، مەن زىيادىلىقنى سورىدىم. ئۇ يەتتە ھەرپ بىلەن ئوقۇشقىچە يەتتى، ئاندىن يەتتە ھەرپكە

ئاساسەن ئۇقۇغىن، ھەممىسى شىپا ۋە كۇپايىدۇر دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئەھمەد، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدە، ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن، ئەھمەد تەبرانى ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئىبنى زەرىس، ئۇبادەت ئىبنى سامىتتىن توپلىغان، سەھىھ.

أتاني ملك فسلم علي نزل من السماء لم ينزل قبلها فبشرني أن الحسن و الحسين: سيدا شباب أهل الجنة و أن فاطمة سيدة نساء أهل الجنة ( ابن عساكر ) عن حذيفة

79. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئاسماندىن بۇرۇن چۈشۈپ باقمىغان بىر پەرىشتە چۈشۈپ سالام قىلىپ مۇنداق بېشارەت بەردى، ھەقىقەتەن ھەسەن- ھۈسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى دېدى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ سەھىھ دېگەن، بۇنىڭ ئوخششى يۇقىرىدا ئۆتتى.

أتحب أن يلين قلبك و تدرك حاجتك ؟ ارحم اليتيم و امسح رأسه و أطعمه من طعامك يلن قلبك و تدرك حاجتك ( طب ) عن أبي الدرداء

80. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى، ھاجىتىڭگە يېتىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟ يېتىملەرگە رەھىم قىلىپ، بېشىنى سىلا، يەنى ياخشىلىق قىل، سەن يېگەن تائامدىن بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، قەلبىڭ يۇمشايدۇ، ھاجىتىڭگىمۇ يېتىسەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس.

أتحبون أيها الناس أن تجتهدوا في الدعاء ؟ قولوا: اللهم أعنا على شكرك و ذكرك و حسن عبادتك ( ك حل ) عن أبي هريرة

81. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى كىشىلەر، دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ ئۇنداق بولسا، ئى ئاللاھ، بىزگە سىلىگە شۈكرى قىلىشقا، سىلىنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىشقا، ئىبادەتلىرىنى ياخشى قىلىشقا ياردەم بەرسىلە دەڭلار. ھاكىم مۇستەدرەكتە، ئەبۇ نۇئەيم ھىلىيەتتە توپلىغان، سەھىھ.

اتخذوا الغنم فإنها بركة ( طب خط ) عن أم هانئ ورواه ( ه ) بلفظ: اتخذي غنما فإنها بركة

82. ئۇممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي بېقىڭلار، ئۇ بەرىكەتتۇر. ئىبنى ماجە، تەبرانى، خەتىيبولبەغداد توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

( حسن ) اتخذي غنما فإنها تروح بخير و تغدوا بخير ( حم ) عن أم هانئ

83. يەنە شۇ ئايالدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي باقىقىن، ئۇ ئەتىگەن- ئاخشام ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ياخشىلىق بىلەن چىقىپ ياخشىلىق بىلەن قايتىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

أتدرون أين تذهب هذه الشمس ؟ إن هذه تجري حتى تنتهي إلى مستقرها تحت العرش فتخر ساجدة فلا تزال كذلك حتى يقال لها: ارتفعي ارجعي من حيث جئت فترجع فتصبح طالعة من مطلعها ثم تجري حتى تنتهي إلى مستقرها تحت العرش فتخر ساجدة فلا تزال كذلك حتى يقال لها: ارتفعي ارجعي من حيث جئت فترجع فتصبح طالعة من مطلعها ثم تجري لا يستنكر الناس منها شيئا حتى تنتهي إلى مستقرها ذاك تحت العرش فيقال لها: ارتفعي أصبحي طالعة من مغربك فتصبح طالعة من مغربها أتدرون متى ذاكم ؟ حين ( لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا ) ( م ) عن أبي ذر

84. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ قۇياشنىڭ قەيەرگە بارىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن بۇ ئەرش ئاستىدىكى قارارگاھقا بارغانغا قەدەر ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇ بىرىپ سەجدە قىلىپ يىقىلىدۇ، ئۇ سەجدىدە بېشىڭنى كۆتۈر، كەلگەن يېرىڭگە قايتقىن! دېيىلگەنگە قەدەر تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ قايتىپ يەنە چىقىدىغان جايدىن چىقىدۇ. يەنە

مېڭىپ، يەنە شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ سۆز قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە قايتىپ، چىقىدىغان جايدىن چىقىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئىنكار قىلمايدۇ، يەنى بۇ خىل ئىشلار قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ، كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئەرش ئاستىدا يەنە سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بېشىڭنى كۆتۈر، ئەتە كىرگەن جايىڭدىن چىق! دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەتىسى كىرگەن جايدىن چىقىدۇ. بۇ ئىشنىڭ قاچان بولىدىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ كۈن بولسا بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، نەپسىگە ئىمانى مەنپەئەت بەرمەيدىغان چاغدا يۈز بېرىدۇ. (بۇ قىيامەت ئالامىتى) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇنىڭ ئوخشىشى بۇخارىيدىمۇ بار بولۇپ، بۇ سەھىھ ھەدىس مەڭگۈ مۆجىزە ئورۇنىدا تۇرماقتا. قۇياش زېمىنغا كىرمەستىن ماڭىدىكەن، زېمىن بىللە ماڭىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، كىرگەن جايدىن قانداق چىقىدۇ؟ ئالىملار قۇياش ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 17 مىليون 28 مىڭ كىلومېتىر ماڭىدۇ دېگەن. ئاللاھ ئالىم. بۇ توغرىسىدا سۈرە ياسىندا ئوچۇق قىلىپ قۇياش ماڭىدۇ، ئۆز پەلىكىدە سەيرە قىلىدۇ دېيىلگەن.

أتدرون ما العضه ؟ نقل الحديث من بعض الناس إلى بعض ليفسدوا بينهم ( خ د هق ) عن أنس

85. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىزەھ دېگەن نېمە بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تېرىش ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ سۆزىنى بەزىلەرگە يۆتكەپ گەپ توشۇشتۇر. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

أتدرون ما الغيبة ؟ ذكرك أخاك بما يكره إن كان فيه ما تقول فقد اغتبته و إن لم يكن فيه فقد بهته

( حم م د ت ) عن أبي هريرة

86. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئالساڭ، بۇ غەيۋەت. ئەگەر سەن دېگەن شۇ نەرسە ئۇنىڭدا بولسا غەيۋەت بولىدۇ، ئەگەر بولماي قالسا، سەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولىسەن. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

أتدرون ما المفلس ؟ إن المفلس من أمتي من يأتي يوم القيامة بصلاة و صيام و زكاة و يأتي قد شتم هذا و قذف هذا و أكل مال هذا و سفك دم هذا و ضرب هذا فيعطى هذا من حسناته و هذا من حسناته فإن فنيت حسناته قبل أن يقضى ما عليه أخذ من خطاياهم فطرحت عليه ثم طرح في النار ( حم ت ) عن أبي هريرة

87. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇپلىسنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن مۇپلىس ئىپلاس كىشى دېگەن مۇنداق كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى نۇرغۇن ناماز، روزا، زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرنى تىللاپ بىرگە بۆھتان قىلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى يەۋېلىپ، بۇنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى قىلىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى تۈگىمەستىن ياخشىلىقى تۈگەپ كەتسە، باشقىلارنىڭ خاتالىق گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، مانا بۇ مۇپلىس، ئىپلاس ئادەم دېدى. تىرمىزى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أتدرون ما هذان الكتابان ؟ فقال للذي في يده اليمنى: هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل الجنة و أسماء آبائهم و قبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم و لا ينقص منهم أبدا ثم قال للذي في شماله: هذا كتاب من رب العالمين فيه أسماء أهل النار و أسماء آبائهم و قبائلهم ثم أجمل على آخرهم فلا يزاد فيهم و لا ينقص منهم أبدا سددوا و قاربوا فإن صاحب الجنة يختم له بعمل أهل الجنة و إن عمل أي عمل و إن صاحب النار يختم له بعمل أهل النار و إن عمل أي عمل فرغ ربكم من العباد ( فريق في الجنة و فريق في السعي  حم ت ن ) عن ابن عمرو

88. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى كىتابنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئاندىن ئوڭ قولىدىكى كىتابقا مۇنداق دېدى، بۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىسىملىرى، دادىلىرىنىڭ، قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ باردۇر. ئاندىن ئاخىرىغىچە قىسقىچە تامامالاپ، ئىجمالى يۈتتۈرۈلگەن، زىيادە ـ كام قىلىنمايدۇ. ئاندىن سول قولىدىكىگە، بۇمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كىتاب، بۇ كىتابتا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمىمۇ بار. بۇ كىتابمۇ ئاخىرىغىچە يۈتتۈرۈلدى، زىيادە ئارتۇق كەم قىلىنمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق. توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، يەنى ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن يېقىن بولۇڭلار. ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى قانداق ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەمەلى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، دوزاخ ئەھلىنىڭ بولسا قانداق ئەمەل قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلى بىلەن تامام قىلىنىدۇ. يەنى، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقىسى ھېساب. ئاخىرغىچە، ئاداققىچە چىڭ تۇرۇڭلار، رەببىڭلار مۇنداق دېيىش بىلەن پارىغ بولدى (يەنى ئىشنى تۈگەتتى) « ئىنسانلارنىڭ جىنلارنىڭ بىر پىرقىسى جەننەتتە، يەنە بىر پىرقىسى دوزاختا بولىدۇ» نەسەئى، تىرمىزى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أترضون أن تكونوا ربع أهل الجنة ؟ أترضون أن تكونوا ثلث أهل الجنة ؟ أترضون أن تكونوا شطر أهل الجنة ؟ إن الجنة لا يدخلها إلا نفس مسلمة و ما أنتم في الشرك إلا كالشعرة البيضاء في جلد الثور الأسود أو كالشعرة السوداء في جلد الثور الأحمر ( حم ت ه ) عن ابن مسعود

89. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ 1/4ى بولۇشۇڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ 1/3 بولۇشقىچۇ؟ ھەتتا جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارغا رازى بولامسىلەر؟ ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلار كىرىدۇ. سىلەر مۇشرىك دىنسىزلارغا نىسبەتەن تۇم قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال ئاق تۈكچىلىك ياكى تۇم قىزىل كالىنىڭ تېرىسىدىكى بىر تال قارا تۈكچىلىك كېلىسىلەر. تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر ھەدىستە ساھابىلەر خۇشاللىقتىن تەكبىر ئېيتىدۇ.

اتركوا الحبشة ما تركوكم فإنه لا يستخرج كنز الكعبة إلا ذو السويقتين من الحبشة ( د ك ) عن ابن عمر

90. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىكلەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشماي سىلەرنى جىم قويسىلا، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي جىم قويۇڭلار، كەئبىنىڭ كانلىرىنى پەقەت ھەبەشىستانلىق كىچىك، ئىنچىكە پاچاقلار چىقىرىۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى مىشكاتتا زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، بۇ كىتابدا ھەسەن دېگەن.

اتركوني ما تركتكم فإذا حدثتكم فخذوا عني فإنما هلك من كان قبلكم بكثرة سؤالهم و اختلافهم على أنبيائهم ( ت ) عن أبي هريرة

91. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى جىم قالدۇرسام، سىلەرمۇ مەندىن سوئال سورىماي، مېنى جىم قويۇڭلار. سىلەرگە سۆزلەپ بەرسەم، ئاندىن ئۇنى مەندىن ئېلىڭلار. ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقىلار كۆپ سوئال سوراش بىلەن پەيغەمبەرلەرگە قارشى ئىختىلاپ قىلىشىپ، ھالاك بولۇپ كەتكەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھدۇر.

أتريد أن تكون فتانا يا معاذ ؟ إذا صليت بالناس فاقرأ ب ( الشمس و ضحاها و ( سبح اسم ربك الأعلى ) و ( الليل إذا يغشى ) و ( اقرأ باسم ربك ) . ( ه ) عن جابر

92. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قېتىم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇپتەن نامىزىدا سۈرە بەقەرنى ئوقۇغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز، سەن كىشىلەرنى پىتنىگە قويماي دەمسەن؟ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسەڭ، سۈرە شەمسى، سۈرە ئەئلا، سۈرە لەيلى، سۈرە ئەلەق، ئىقرائ لارنى ئوقۇغىن( الشمس و ضحاها و ( سبح اسم ربك الأعلى ) و ( الليل إذا يغشى ) و ( اقرأ باسم

ربك ) ئىبنى ماجە ۋە  باشقىلار توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أتريد أن تميتها موتات ؟ هلا حددت شفرتك قبل أن تضجعها ( ك ) عن ابن عباس

93. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۇ جانىدارنى بىر نەچچە ئۆلۈمدە قىيناپ ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بېسىشتىن بۇرۇن پىچىقىڭنى بىلىسەڭ بولمامدۇ؟ ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىغان، سەھىھ.

أتزعمون أني من آخركم وفاة ؟ ألا و إني من أولكم وفاة و تتبعوني أفنادا يقتل بعضكم بعضا ( حم ) عن واثلة

94. ۋاسلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سىلەردىن كېيىن ئاخىرىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلامسىلەر؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەردىن بۇرۇن ۋاپات بولىمەن، سىلەر بەزىڭلار بەزىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ بىر-بىرلەپ تۈگەيسەن، يوقىغان ھالدا ماڭا ئەگىشىسىلەر. ئەھمەد توپلىدى، سەھىھ.

أتسمعون ما أسمع ؟ إني لأسمع أطيط السماء و ما تلام أن تئط و ما فيها موضع شبر إلا و عليه ملك ساجد أو قائم ( طب الضياء ) عن حكيم بن حزام

95. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەن ئاڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھەقىقەتەن مەن ئاسماننىڭ غىچىرلاپ ئاۋاز چىقارغىنىنى ئاڭلىدىم، ئاسمان نېمىشقا ئۇنداق قىلمىغۇدەك؟ ئۇ شۇنداق قىلىشقا لايىق، چۈنكى ئاسماندا ھەربىر غېرىچ ئورۇن بولىدىكەن، قىيامدا تۇرغان، سەجدە قىلىپ تۇرغان پەرىشتىلەر باردۇر. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى. سەھىھ.

أتعلم ؟ أول زمرة تدخل الجنة من أمتي فقراء المهاجرين يأتون يوم القيامة إلى باب الجنة و يستفتحون فيقول لهم الخزنة: أو قد حوسبتم ؟ قالوا: بأي شيء نحاسب و إنما كانت أسيافنا على عواتقنا في سبيل الله حتى متنا على ذلك ؟ فيفتح لهم فيقيلون فيها أربعين عاما قبل أن يدخلها الناس ( ك هب ) عن ابن عمرو

96. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلەمسەن؟ جەننەتكە تۇنجى قېتىم كىرىدىغان جامائەت مىنىڭ ئۈممىتىمدىن پېقىر، مۇھاجىرلاردۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلار جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارغا جەننەتنى باشقۇرغۇچى خەزىنىچىلەر، سىلەر ھېساب بېرىپ بولدۇڭلارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟ قىلىچلىرىمىز ئاللاھ يولىدا مۈرىمىزگە ئېسىقلىق يۈردۇق، ھەتتا شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلدۇق دەيدۇ، ئۇلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىلىدۇ، كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل بۇرۇن ئۇلار جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئارام ئېلىپ بولىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھدۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەتكە كىرىپ ئاندىن بولىدۇ، ئىككى ھەدىس بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس.

اتق الله حيثما كنت و أتبع السيئة الحسنة تمحها و خالق الناس بخلق حسن ( د حم ت ك هب ) عن أبي ذر ( حم ت هب ) عن معاذ ( ابن عساكر ) عن أنس

97. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەيەردە بولساڭ، ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىپ، ئاللاھدىن قورققىن، ھەربىر يامانلىققا ئۇنى ئۆچۈرىدىغان بىر ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن، كىشىلەرگە ياخشى ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى ئەبۇ زەردىن، مۇئازدىن؛ ئىبنى ئەساكىر ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

# تەقۋالىق قىل، قورقىن دېيىلىدىغان ھەدىسلەر

اتق الله و لا تحقرن من المعروف شيئا و لو أن تفرغ من دلوك في إناء المستسقي و أن تلقى أخاك و وجهك إليه منبسط و إياك و إسبال الإزار فإن إسبال الإزار من المخيلة و لا يحبها الله و إن امرؤ شتمك و عيرك بأمر ليس هو فيك فلا تعيره بأمر هو فيه و دعه يكون وباله عليه و أجره لك و لا تسبن أحدا ( الطيالسي حب ) عن جابر بن سليم الهجيمي

98. جابىر ئىبنى سۇلەيىم ھوجەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقىن، تەقۋالىق قىل، ياخشىلىقتىن ھېچنېمىگە سەل قاراپ، كىچىك سانىما. مەيلى سۇ سورىغان كىشىنىڭ قاچىسىغا چېلەكىڭدىن سۇ قۇيۇپ بېرىش بولسۇن، ياكى قېرىندىشىڭ بىلەن خۇشال، كۈلۈمسىرەپ ئۇچرىشىپ سالام قىلىش بولسۇن، كىچىك سانىما. ئىشتانتى ئۇزۇن كىيىشتىن ھەزەر قىل، ئۇ تەكەببۇرلۇق بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەگەر بىرسى سىنى سەندە يوق ئىشلار بىلەن تىللاپ ئەيىبلىسە، سەن ئۇنى ئۇنىڭدا بار ئىشلار بىلەنمۇ ئەيىبلىمە، ئۇنى قويىۋەت، ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ، ئەجىر ساڭا بولىدۇ، ھېچكىشىنى تىللىما. ئىبنى ھەببان تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

اتق الله يا أبا الوليد لا تأتي يوم القيامة ببعير تحمله و له رغاء أو بقرة لها خوار أو شاة لها ثؤاج ( طب ) عن عبادة بن الصامت

99. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبا ۋەلىيد! ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋالىق قىل، قىيامەت كۈنى بوزلاپ ھۆركىرىگەن تۆگىنى، مۆرىگەن كالىنى، مەرىگەن قوينى كۆتۈرۈپ كەلمە، يەنى زاكىتىنى ئادا قىلىۋەت. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ ھەدىستۇر دېگەن.

اتق المحارم تكن أعبد الناس و ارض بما قسم الله لك تكن أغنى الناس و أحسن إلى جارك تكن مؤمنا و أحب للناس ما تحب لنفسك تكن مسلما و لا تكثر الضحك فإن كثرة الضحك تميت القلب ( حم ت هب ) عن أبي هريرة

100. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھارامدىن ساقلان، كىشىلەرنىڭ ئابىدراقى بولىسەن؛ ئاللاھ ساڭا تەقسىم قىلغانغا رازى بولساڭ، كىشىلەرنىڭ بايراقى بولىسەن؛ قوشناڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، مۆئمىن، ئەمىن بولىسەن؛ ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقا كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرسەڭ، مۇسۇلمان بولىسەن؛ تولا كۈلمە، تولا كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

اتقوا الظلم فإن الظلم ظلمات يوم القيامة ( حم طب هب ) عن ابن عمر

101. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلىش، قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر. ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس.

اتقوا الظلم فإن الظلم ظلمات يوم القيامة و اتقوا الشح فإن الشح أهلك من كان قبلكم و حملهم على أن سفكوا دماءهم و استحلوا محارمهم ( حم خد م ) عن جابر

102. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمدىن ھەزەر قىلىپ، ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتتۇر. ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئاچكۆزلۈك سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلىۋەتتى، ئۇلارنى ئۆز ـ ئارا قان چېچىشقا، ھارامنى ھالال ساناشقا ئاپىرىپ قويدى. بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا الله فإن أخونكم عندنا من طلب العمل ( طب ) عن أبي موسى

103. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەققەتەن بىزنىڭ نەزلىمىزدە خىيانەت قىلغاقلارنىڭ، ئەمەل ـ مەنسەپ تەلەپ قىلغان كىشىدۇر. تەبرانى خاتىرىلىگەن، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

اتقوا الله في البهائم المعجمة فاركبوها صالحة و كلوها صالحة ( حم د ابن خزيمة حب ) عن سهل بن الحنظلي

104. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بولۇپمۇ سۆز قىلالماس ھايۋانلار توغرىسىدا. ئۇنى ياخشى مىنىپ، ياخشى قالدۇرۇڭلار، يەنى سەۋەبسىز ئۇرماي، قورسىقىغا نەرسە بېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

اتقوا الله في الصلاة و ما ملكت أيمانكم ( خط ) عن أم سلمة

105. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز توغرىسىدا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلار توغرىسىدا قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار. خەتىيبۇلبەغدادى توپلىغان، سەھىھ.

اتقوا الله فيما ملكت أيمانكم ( خد ) عن علي

106. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اتقوا الله و اعدلوا في أولادكم ( ق ) عن النعمان بن بشير

107. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار. بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

( اتقوا الله و صلوا أرحامكم ) ابن عساكر عن ابن مسعود

108. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇپ تەقۋادار بولۇڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىپ، تۇغقانلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھگە يېقىن ھەسەن.

اتقوا الله و صلوا خمسكم و صوموا شهركم و أدوا زكاة أموالكم طيبة بها أنفسكم و أطيعوا ذا أمركم تدخلوا جنة ربكم ( ت حب ك ) عن أبي أمامة

109. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار، رامزاندا روزا تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى چىن قەلبىڭلاردىن رازى بولۇپ، پاكلاپ بېرىڭلار، نىمىگە بۇيرۇلساڭلار، يەنى ئىسلام خەلىپىسى نىمىگە بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىڭلار، شۇندا سىلەر جەننەتكە كىرىسىلەر. تىرمىزى ھاكىم ئىبنى ھەببان توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا اللاعنين: الذي يتخلى في طريق الناس أو في ظلهم ( حم م د ) عن أبي هريرة

110. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ يولىدىكى خالىي جاي ۋە سايىلاردىن ئىبارەت ئاسانلا لەنەت قىلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان جايدىن ھەزەر قىلىپ، ئۇ جايلارغا تەرەت قىلماڭلار. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا المجذوم كما يتقى الأسد ( تخ ) عن أبي هريرة

111. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جوزام دېگەن تېرە كېسىلىدىن خۇددى شىر، يولۋاسدىن ھەزەر قىلغاندەك ھەزەر قىلىڭلار. بۇخارى، تىرمىزى توپلىدى، سەھىھ.

بۇ ھەدىسمۇ مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار بۇ كېسەلنىڭ مىكروب، ۋىرۇسىنى تەكشۈرسە، راستىنلا شىر، يولۋاسقا ئوخشاش چىققان، شۇنىڭ ئۈچۈن يىلان، چايانىدىن دېمىگەن.

اتقوا الملاعن الثلاث: البراز في الموارد و قارعة الطريق و الظل ( د ه ك هق ) عن معاذ

112. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ جايدا لەنەتكە ئۇچراشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ سۇ قۇيۇلىدىغان كۆلگە، يول بويىغا، سايىلارغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى توپلىدى، ھەسەن.

اتقوا الملاعن الثلاث: أن يقعد أحدكم في ظل يستظل فيه أو في طريق أو في نقع ماء ( حم ) عن ابن عباس

113. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد رەھمەھۇللاھ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

اتقوا النار و لو بشق تمرة

114. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە بىر تال خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، بەيھەقى ئەدى ئىبنى ھاتەمدىن، ئەھمەد ئائىشەدىن، ئەۋسەت، زىيائۇلمەقدەس ئەنەسدىن، بەزار، نۇئمان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىدى. سەھىھ.

اتقوا النار و لو بشق تمرة فإن لم تجدوا فبكلمة طيبة ( حم ق ) عن عدي

115. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر تاپالمىساڭلار، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن ساقلىنىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا بيتا يقال له الحمام فمن دخله فليستتر ( طب ك هب ) عن ابن عباس

116. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنچا دېيىلىدىغان ئۆيدىن يەنى ئاممىۋى مۇنچىلاردىن ھەزەر قىلىڭلار، كىم ئۇ جايغا كىرىپ قالسا، ئەۋرىتىنى يېپىپ پەردىلەنسۇن. ھاكىم، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اتقوا دعوة المظلوم فإنها تحمل على الغمام يقول الله: و عزتي و جلالي لأنصرنك و لو بعد حين ( طب الضياء ) عن خزيمة بن ثابت

117. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەزلۇم يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دۇئاسى بۇلۇتلار ئۈستىدىنمۇ ئۆرلەپ كېتىدۇ، يەنى ئىجابەت بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، ئىززىتىم بىلەن، كاتتىلىقىم بىلەن قەسەمكى، گەرچە بىر ئازدىن كېيىن بولسىمۇ مەن ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىمەن. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا دعوة المظلوم فإنها تصعد إلى السماء كأنها شرارة ( ك ) عن ابن عمر

118. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى ئاسمانغا تېز ئۆرلەيدۇ، گوياكى ئۇ ئوت ئۇچقۇنىدىسى ياكى ئۆتكۈر پىچاق. ھاكىم توپلىدى، سەھىھ.

اتقوا دعوة المظلوم و إن كان كافرا فإنه ليس دونها حجاب ( حم ع الضياء ) عن أنس

119. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كافىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى توسىدىغان پەردە يوقتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

گەرچە كاپىرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدىغان ئايەت بولسىمۇ، بۇ دۇنياغىلا تۇرغاننىڭ دۇئاسى،

شەيتاننىڭ سورىغىنى بىرىلگەن ئايەتمۇ باردۇر، بۇ ھەدىس كۆچكە ئىگە، ئەھۋال ئوخشاش ئەمەس.

اتقوا هذه المذابح – يعني المحاريب – ( طب هق ) عن ابن عمرو

120. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلتۈرۈلۈش جايىدىن يەنى جەڭ مەيدانىدىن ھەزەر قىلىڭلار. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى ئۆرۈشتىن ساقلىنىش، ئەمما دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا چىڭ تۇرۇپ سەۋرى قىلىشتۇر.

أتموا الركوع و السجود فوالذي نفسي بيده إني لأراكم من وراء ظهري إذا ركعتم و إذا سجدتم حم ق ن عن أنس

121. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ، سەجدىلەرنى كامىل قىلىڭلار. جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەجدە، رۇكۇ قىلغان ۋاقتىڭلاردىمۇ مەن سىلەرنى ئارقامدىن كۆرۈپ تۇرىمەن. نەسەئى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىس بولۇپ، مۆجىزە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇسۇسىيىتى.

أتموا الصف المقدم ثم الذي يليه فما كان من نقص فليكن من الصف المؤخر حم د ن حب ابن خزيمة ض عن أنس

122. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىنچى سەپنى كامىل تولۇقلاڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىن سەپنى تولۇقلاڭلار، كاملاپ قېلىشقا توغرا كەلسە، ئاخىرقى سەپتىن كام بولسۇن. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أتموا الصفوف فإني أراكم خلف ظهري ( م ) عن أنس

123. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلەرنى كامىل تولۇقلاڭلار، مەن سىلەرنى ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، خاس مۆجىزىدۇر.

أتموا الوضوء ويل للأعقاب من النار ( ه ) عن خالد بن الوليد ويزيد بن أبي سفيان وشرحبيل بن حسنة وعمرو بن العاص

124. خالىد ئىبنى ۋەلىد، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سوپيان، شۇرەھبىل، ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار، يۇيۇشتىن چالا قالغان تاپانلارغا دوزاخ ئوتىدىن ۋاي! ئىبنى ماجە توپلىدى، سەھىھ.

أتى الله عز و جل بعبد من عباده آتاه الله مالا فقال له: ماذا عملت في الدنيا ؟ فقال: ما عملت من شيء يا رب إلا أنك آتيتني مالا فكنت أبايع الناس و كان من خلقي أن أيسر على الموسر و أنظر المعسر قال الله تعالى: أنا أحق بذلك منك تجاوزا عن عبدي ( ك ) عن حذيفة وعقبة بن عامر وأبي مسعود الأنصاري

125. ھۇزەيفە ئۇقبەت ئىبنى ئامىر ئەبۇ مەسئۇدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا بەرگەن بىر بەندىنى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: سەن دۇنيادا نېمە ئەمەل قىلدىڭ؟ بەندە ئېيتىدۇ، مەن دۇنيادا ھېچ ئىش قىلالمىدىم، پەقەت سىلى بەرگەن مالدا تىجارەت قىلىپ، كىشىلەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلدىم. مېنىڭ ئەخلاقىم بايلارغا ئاسان قىلىپ بېرىش، پېقىر ـ يوقسىز بولسا، ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇش، ئۆتنۈپتىش بولدى. ئاللاھتائالا، بۇ ئىشقا مەن لايىق دەپ، بەندەمدىن ئۆتنۈپتىڭلار دەيدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إتيان النساء في أدبارهن حرام ( ن ) عن خزيمة بن ثابت

126. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەت تەرىپىگە كىلىش ھارام، يەنى مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ھارام. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أتيت بالبراق و هو دابة أبيض طويل فوق الحمار و دون البغل يضع حافره عند منتهى طرفه فركبته حتى أتيت بيت المقدس فربطته بالحلقة التي تربط بها الأنبياء ثم دخلت المسجد فصليت فيه ركعتين ثم خرجت فجاءني جبريل بإناء من خمر و إناء من لبن فاخترت اللبن فقال جبريل: اخترت الفطرة؛ ثم عرج بنا إلى السماء فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بآدم فرحب بي و دعا لي بخير؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثانية فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بابني الخالة: عيسى بن مريم و يحي بن زكريا فرحبا بي و دعوا لي بخير؛ ثم عرج بنا إلى السماء الثالثة فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بيوسف و إذا هو قد أعطي شطر الحسن فرحب بي و دعا لي بخير؛ ثم عرج بنا إلى السماء الرابعة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإدريس فرحب بي و دعا لي بخير قال الله تعالى: ( و رفعناه مكانا عليا ؛ ثم عرج بنا إلى السماء الخامسة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بهارون فرحب بي و دعا لي بخير؛ ثم عرج بنا إلى السماء السادسة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بموسى فرحب بي و دعا لي بخير؛ ثم عرج بنا إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإبراهيم مسندا ظهره إلى البيت المعمور و إذا هو يدخله كل يوم سبعون ألف ملك لا يعودون إليه ثم ذهب بي إلى سدرة المنتهى و إذا ورقها كآذان الفيلة و إذا ثمرها كالقلال فلما غشيها من أمر الله ما غشي تغيرت فما أحد من خلق الله يستطيع أن ينعتها من حسنها فأوحى الله إلي ما أوحى ففرض علي خمسين صلاة في كل يوم و ليلة؛ فنزلت إلى موسى فقال: ما فرض ربك على أمتك قلت: خمسين صلاة قال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فإن أمتك لا تطيق ذلك فإني قد بلوت بني إسرائيل و خبرتهم فرجعت إلى ربي فقلت: يا رب خفف عن أمتي فحط عني خمسا؛ فرجعت إلى موسى فقلت: حط عني خمسا قال: إن أمتك لا يطيقون ذلك فارجع إلى ربك فسله التخفيف؛ فلم أزل أرجع بين ربي و بين موسى حتى قال: يا محمد إنهن خمس صلوات كل يوم و ليلة لكل صلاة عشر فذلك خمسون صلاة و من هم بحسنة فلم يعلمها كتبت له حسنة فإن عملها كتبت له عشرا و من هم بسيئة فلم يعملها لم تكتب شيئا فإن عملها كتبت سيئة واحدة؛ فنزلت حتى انتهيت إلى موسى فأخبرته فقال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فقلت: قد رجعت إلى ربي حتى استحييت منه حم م عن أنس

127. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئېشەكتىن چوڭراق قېچىردىن كىچىكرەك ئۇزۇن ئاق ھايۋان ئىدى. يۇگۈرسە قەدىمىنى، تۇۋۇقىنى كۆزى يەتكەن جايغا قوياتتى، يەنى بىر كۆز يېتىم مىقدارىغا بىر ئاتلايتتى. مەن ئۇنىڭغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلىغىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، مەسچىتكە كىرىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم. ئاندىن چىقسام، ماڭا جىبرىئىل بىر قاچىدا شاراب، بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەپتۇ، مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، سەن پىترەتنى يەنى دىننى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەتنى، ئىسلام دىنىنى، سۈننەتنى، توغرا يولنى تاللىدىڭ. ئاندىن بىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كىم سەن؟ دېيىلدى، ئۇ، جىبرىئىل دېدى. سەن بىلەن كىم بار؟ دېيىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى. ئۇ ئۈستىگە چاقىرىلغانمۇ؟ (ئالىملار ئۇلار پەيغەمبەرلىكنى بىلگەچكە ئۇنى سورىمىغان، پەقەت چاقىرىلغانلىقىنى سورىغان دېدى) جىبرىئىل، ھەئە چاقىرىلغان دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ناگاھان مەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ، مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى، يەنى ياخشىلىقنى سورىدى. ئاندىن بىز ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى سورىدى. كىم سەن دېيىلدى؟ جىبرىئىل. سەن بىلەن كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم. ئۈستىگە چاقىرىلدىمۇ؟ ھەئە. بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ناگاھان مەن ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىككى بالىسى، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ يېنىدا تۇرىمەن (ئۇلار بىر نەۋرە بولۇپ، ھامىلىلارنىڭ ئوغۇللىرى) ئۇلارمۇ مېنى قارشى ئېلىپ، خۇش كەپسىز دەپ مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى

سوراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ جايدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ، ئۇمۇ مەرھابا دەپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز تۆتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. كىم سەن؟ جىبرىئىل. سەن بىلەن بىللە كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم. ئۇ يۇقىرىغا چاقىرىلغانمۇ؟ شۇنداق. ئاندىن بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. ناگاھان مەن ئىدرىيس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇمۇ مېنى قارشى ئېلىپ، مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. (ئاللاھ بۇ پەيغەمبەر توغرىسىدا بىز ئۇنى ئۇستۇن، ئالى ئورۇنغا كۆتۈردۇق دېگەن). ئاندىن بىز بەشىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ئۇمۇ مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئالتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مېنى قارشى ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. ناگاھان مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ ئۇچىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلەۋاپتۇ، بۇ ئۆيگە ئىبادەت، زىيارەت ئۈچۈن ھەر كۈنى 70000 پەرىشتە كىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدىكەن. ئاندىن مەن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرىلدىم (بۇنداق ئاتىلىش پەرىشتىلەر ئىلمى، شۇ جايدا توختايدۇ، چۈشكەن-ئۆرلىگەن نەرسىمۇ شۇنداق، بۇ جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملا ئۆرلىيەلىگەن) ئۇنىڭ قۇلىقى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن، مېۋىسى بولسا چوڭ-چوڭ تاۋاقلارغا ئوخشايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئۇنى قورشاشقا تېگىشلىك نەرسە قورشىغان چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ. ئاللاھ ماڭا ۋەھيي قىلىشقا تېگىشلىك، ۋەھيي قىلماقچى بولغان نەرسىنى ۋەھيي قىلدى، ماڭا بىر كېچە-كۈندۈزدە 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى (ئۈممىتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە چۈشتۈم. ئۇ، رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟ دېدى، مەن 50 نامازنى دېدىم. ئۇ، رەببىڭگە قايتىپ، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ، مەن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى سىناپ كۆرگەن دېدى. مەن رەببىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، يەنى مۇناجاتلاشقان جايغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇناجات قىلدىم. (ئاللاھ ھەممىگە قادىر، خالىسا زېمىندا پەرز قىلالاتتى، لېكىن ناماز كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، ئاسماندا پەرز قىلىندى. يۇقىرىقى ھەربىر ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالى ۋە بۇ مۇناجات ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنى بىلمەيمىز، ئەمما شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز) مەن كېلىپ، ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يەڭگىللەتسىلە دەپ سورىدىم، مەندىن بەشنى ئېلىپ تاشلىدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەشنى ئېلىپ تاشلاپ يەڭگىللەتتى دېدىم، ئۈممىتىڭ قادىر بولالمايدۇ، يەنە قايتىپ بېرىپ سورىغىن، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى. مەن رەببىم بىلەن مۇسا ئارىلىقىدا چۈشۈپ-چىقىپ يۈردۈم. ئاخىرى ئاللاھتائالا، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! ھەقىقەتەن بۇ بىر كېچە-كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەربىر ۋاخ نامازغا ئونى بېرىلىدۇ، ئۇ بەش ناماز 50 ۋاخ بولىدۇ. كىم بىر ياخشىلىقنى مەقسەت، نىيەت قىلىپ، ئەمەل قىلالمىسا، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئەگەر ئەمەل قىلسا، ئون ياخشىلىق بىرىنىڭ باراۋىرىگە يېزىلىدۇ؛ ئەگەر يامانلىققا مەقسەت قىلىپ ئەمەل قىلمىسا، ھېچنېمە يېزىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلىپ سالسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ دېدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بۇلارنى خەۋەر قىلدىم. ئۇ، يەنە قايتقىن، رەببىڭدىن يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن رەببىمنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىپ خىجىل بولۇپ، ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم دېدىم. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىدى، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى روھانىي ئىشلار، مۇناجات ئىشلىرى، كىلىپ ـ كېتىش، چۈشۈپ ـ چىقىش، ۋەھىي ئەھۋاللىرى ئاللاھقىلا مەلۇم ئىشلاردۇر. بىز ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ھەرگىز بىلمەيمىز، بىزنىڭ ئەقلىمىز، قىياس قىلىشىمىز بۇ ئىشلارغا يەتمەيدۇ. بىز پەقەت ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەقىدە قىلىمىز خالاس. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىرمۇ مۆجىزە ئورنىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاسمانغا چىقىش ئىشىدۇر.

أتيت بالبراق و هو دابة أبيض طويل يضع حافره عند منتهى طرفه فلم نزايل ظهره أنا و جبريل حتى أتيت بيت المقدس ففتحت لي أبواب السماء و رأيت الجنة و النار ( حم ع حب ك الضياء ) عن حذيفة

128. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئاق، ئۇزۇنراق ھايۋان بولۇپ، يۈگۈرگەندە تۇۋىقىنى كۆزى يەتكەن جايغا قويااتتى. جىبرىئىل بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدۇق، ئاندىن ماڭا ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلدى، مەن جەننەت، دوۋزاخنىمۇ كۆردۈم. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىدى. بۇ ھەدىس ھەسەن بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىشلاردۇر، ۋەقە بىر قېتىم بولغان.

أتيت ليلة أسري بي على قوم تقرض شفاههم بمقاريض من نار كلما قرضت وفت فقلت: يا جبريل من هؤلاء ؟ قال: خطباء أمتك الذين يقولون ما لا يفعلون و يقرءون كتاب الله و لا يعملون به ( هب ) عن أنس

129. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە كەلدىم، ئۇلار لەۋلىرىنى ئوتتىن بولغان قايچىدا كېسىۋېتىپتۇ، ھەر قېتىم كېسىپ بولسا، لەۋلىرى يەنە ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار يەنە كېسىۋاتىدۇ. مەن: ئى جىبرىئىل، بۇلار كىملەر؟ دېدىم، ئۇ، بۇلار ئۈممىتىڭنىڭ ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدىغان، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇپ، ئەمەل قىلمايدىغان خەتىپلىرى، ئىماملىرى دېدى. بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى مىشكاتتا زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، بۇ جايدا ھەسەن دېگەن، ھۆججەتتۇر.

أتيت ليلة أسري بي فانطلق بي إلى زمزم فشرح عن صدري ثم غسل بماء زمزم ثم أنزل ( م ) عن أنس

130. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى، يەنى مىئراج كېچىسى زەمزەم قېشىغا ئېلىپ كېلىندىم، كۆكسۇم يېرىلىپ، قەلبىم زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلدى، ئاندىن ۋەھيي نازىل قىلىندى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

اثبت أحد ! فإنما عليك نبي و صديق و شهيدان ( خ م ت ) عن أنس ( ت ) عن عثمان ( حم ع حب ) عن سهل ابن سعد

131. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ئوھۇد تېغى ئۈستىدە ئەبۇ بەكرى، ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىللە ئىدى، تاغ تەۋرىدى، ئاندىن: ئى ئوھۇد تېغى، جىم تۇرغىن، ھەققەتەن ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق، ئىككى شەھىد بار دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ئەنەسدىن، تىرمىزى ھەم ئوسماندىن، ئەھمەد ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان سەھلى ئىبنى سەئىددىن توپلىغان، سەھىھ.

اثبت حراء ! فإنما عليك نبي أو صديق أو شهيد ( حم د ت ه ) عن سعيد بن زيد ( حم ) عن أنس وعن بريدة ( طب ) عن ابن عبا

132.بۇ سەھىھ ھەدىستە تۆت خەلىپە، تەلھە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم: ئى ھىرا تېغى، جىم تۇر! ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سىددىق ياكى شەھىد بار دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە سەئىددىن، ئەھمەد ھەم ئەنەس ئەبۇ ھۇرەيرەتتىن، تەبرانى ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أثقل الصلاة على المنافقين صلاة العشاء و صلاة الفجر و لو يعلمون ما فيهما لأتوهما و لو حبوا و لقد هممت أن آمر بالصلاة فتقام ثم آمر

رجلا فيصلي بالناس ثم أنطلق معي برجال معهم حزم من حطب إلى قوم لا يشهدون الصلاة فأحرق عليهم بيوتهم بالنار ( حم ق د ه ) عن أبي هريرة

133. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقلارغا نامازنىڭ ئېغىر كېلىدىغىنى خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى. ھەقىقەتەن مەن مۇنداق مەقسەت قىلىۋاتىمەن، نامازغا بۇيرۇسام، تەكبىر ئېيتىلسا، بىر كىشىنى بۇيرۇسام كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسە، ئاندىن مەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئوتۇن ئاپىرىپ، نامازغا جامائەتكە چىقمىغان كىشىلەرنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىۋەتسەم. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أثقل شيء في الميزان الخلق الحسن ( حب ) عن أبي الدرداء

134. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيزاندا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ياخشى ئەخلاقتۇر. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أثقل شيء في ميزان المؤمن خلق حسن إن الله يبغض الفاحش المتفحش البذي ( هق ) عن أبي الدرداء

135. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ مىيزانىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ياخشى ئەخلاقتۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا پاھىشە سۆزلەيدىغان ھەم پاھىشە، قىلىن سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئېغىزى بېزەپ كىشىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ، دۈشمەن بىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اثنان لا تجاوز صلاتهما رءوسهما: عبد آبق من مواليه حتى يرجع و امرأة عصت زوجها حتى ترجع ( ك ) عن ابن عمر

136. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل كىشىنىڭ نامىزى بېشىدىن ئۆتمەيدۇ، يەنى قوبۇل بولمايدۇ. بىرسى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل قايتىپ كەلمىگۈچە شۇنداق بولىدۇ، يەنە بىرسى، ئېرىگە ئاسىي بولغان ئايال بولۇپ، بۇمۇ ئاسىيلىقىدىن قايتمىغۇچە شۇنداق بولىدۇ. ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىغان، ئەلبانى بۇ سەھىھ ھەدىس دېدى.

اثنان يعجلهما الله في الدنيا: البغي و عقوق الوالدين ( تخ طب ) عن أبي بكرة

137. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشىگە ئاللاھ مۇشۇ دۇنيادىلا تېز ئازاب بېرىدۇ، بىرسى ئۆز ئىمامىغا، خەلىپىسگە قىلىچ كۆتۈرگەن، ھەددىدىن ئاشقان زومىگەر باغىي تاجاۋۇزچى، يەنە بىرسى بولسا، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى. بۇخارى، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اثنتان في الناس هما بهم كفر: الطعن في الأنساب و النياحة على الميت ( حم م ) عن أبي هريرة

138. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىكى ئىككى ئىش كۇپۇرلۇقتۇر، بىرى نەسەبلەردە تەنە قىلىش، يەنە بىرسى بولسا، مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلاشتۇر. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ ھەدىس. ئالىملار بۇ ئىشنى كۇپۇر دېيىش، كاپىرلار قىلىقى، ياكى ھالال ساناش ياكى كۇپۇر نېئمەتتۇر دېگەن.

اثنتان يكرههما ابن آدم: يكره الموت و الموت خير له من الفتنة و يكره قلة المال و قلة المال أقل للحساب ( ص حم ) عن محمود بن لبيد

139. مەھمۇد ئىبنى لوبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى ئىككى ئىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم پىتنىگە قېلىشتىن ياخشىدۇر، ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئاز بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مالنىڭ ئازلىقى ھېسابىنىڭ ئازلىقىدۇر. ئەھمەد، سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، سەھىھ.

اثنتان تدخلان الجنة: من حفظ ما بين لحييه و رجليه دخل الجنة ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن عائشة

140. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئىش جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىككى زاڭاق، ئېڭەك ئارىسىنى، ئىككى پۇت ئارىسىنى ساقلاش، يەنى ئىككى ئېغىزنى، سۆز قىلىش ئېغىزى بىلەن ئەۋرەت ئېغىزىنى ساقلىغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.

اجتمع إحدى عشرة امرأة في الجاهلية فتعاقدن أن يتصادقن بينهن و لا يكتمن من أخبار أزواجهن شيئا . فقالت الأولى: زوجي لحم جمل غث على رأس جبل وعر لا سهل فيرتقى و لا سمين فينتقل . قالت الثانية: زوجي لا أبث خبره إني أخاف أن لا أذره إن أذكره أذكر عجره و بجره . قالت الثالثة: زوجي العشنق إن أنطق أطلق و إن أسكت أعلق . قالت الرابعة: زوجي إن أكل لف و إن شرب اشتف و إن اضطجع التف و لا يولج الكف ليعلم البث . قالت الخامسة: زوجي عياياء طباقاء كل داء له داء شجك أو فلك أو جمع كلا لك . و قالت السادسة: زوجي كليل تهامة لا حر و لا قر و لا مخافة و لا سآمة . و قالت السابعة: زوجي إن دخل فهد و إن خرج أسد و لا يسأل عما عهد . و قالت الثامنة: زوجي المس مس أرنب و الريح ريح زرنب و أنا أغلبه و الناس يغلب . قالت التاسعة: زوجي رفيع العماد طويل النجاد عظيم الرماد قريب البيت من الناد . قالت العاشرة: زوجي مالك و ما مالك ؟ مالك خير من ذلك له إبل قليلات المسارح كثيرات المبارك إذا سمعن صوت المزاهر أيقن أنهن هوالك . قالت الحادية عشرة: زوجي أبو زرع و ما أبو زرع ؟ أناس من حلي أذني و ملأ من شحم عضدي و بجحني فبجحت إلي نفسي وجدني في أهل غنيمة بشق فجعلني في أهل صهيل و أطيط و دائس و منق فعنده أقول فلا أقبح و أرقد فأتصبح و أشرب فأتقمح أم أبي زرع و ما أم أبي زرع ؟ عكومها رداح و بيتها فساح ابن أبي زرع و ما ابن أبي زرع ؟ مضجعه كمسل شطبة و تشبعه ذراع الجفرة بنت أبي زرع و ما بنت أبي زرع ؟ طوع أبيها و طوع أمها و ملء كسائها و عطف ردائها و زين أهلها و غيظ جارتها جارية أبي زرع و ما جارية أبي زرع ؟ لا تبث حديثنا تبثيثا و لا تنقث ميرتنا تنقيثا و لا تملأ بيتنا تعشيشا خرج أبو زرع و الأوطاب تمخض فمر بامرأة معها ابنان لها كالفهدين يلعبان من تحت خصرها برمانتين فطلقني و نكحها فنكحت بعده رجلا سريا ركب شريا و أخذ خطيا و أراح علي نعما سريا و أعطاني من كل رائحة زوجا فقال: كلي أم زرع و ميري أهلك فلو جمعت كل شيء أعطانيه ما ملأ أصغر إناء من آنية أبي زرع فقال النبي صلى الله عليه وسلم: يا عائشة ! كنت لك كأبي زرع لأم زرع إلا أن أبا زرع طلق و أنا لا أطلق ( طب ) عن عائشة ورواه ( خ الترمذي في الشمائل ) موقوفا إلا قوله: كنت لك كأبي زرع فرفعاه قالوا: وهو يؤيد رفع الحديث كله

141. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جاھىلىيەت دەۋرىدە 11 ئايال بىرلىشىپ، ئۆزئارا راست سۆزلەشكە، ئەرلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نېمىنى يوشۇرماسلىققا ۋەدىلىشىپ مۇنداق دېيىشىپتۇ. بىرىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم خۇددى ئورۇق تۆگىنىڭ گۆشى، بۇ تۆگە چىققىلى بولماس ئېگىز تاغ ئۈستىدە، كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكۈدەك سېمىز ئەمەس. (بۇ سۆز كىنايە بولۇپ، مەنىسى مەنپەئەتسىز، ياخشىلىقى كام، مۇتەكەببىر، ناچار ئەخلاقلىق دېگەن بولىدۇ) ئىككىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مەن ئېرىمنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلىمايمەن، ئەگەر سۆزلەپ قالسام، ئۇجۇر-بۇجۇرگىچە يەنى بارلىق ئەيىب-نۇقسانلىرىنى سۆزلىۋېتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى توختىتىپ بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن، ياكى ئۇنىڭ مېنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ خەۋەرنى بولدى قىلىمەن. ئۈچىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم ئەخلاقسىز، مەنپەئەتسىز ئادەم بولۇپ، ئېغىزىمنى ئېچىپ سۆز قىلسام، مېنى تالاق قىلىۋېتىدۇ، ئەگەر جىم تۇرسام، ئېرىم باردەكمۇ ئەمەس، ئېرىم يوق تۇل ئايالمۇ ئەمەس بولۇپ قالىمەن. تۆتىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم تەھامە كېچىسىدەك ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، يەنى ئازار بېرىشى يوق، ياخشى، راھەت، لەززەتلىك ئەر، مۆئتىدىل ئەر. ئەخلاقى ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، مېنىمۇ زېرىكتۈرمەيدۇ، مەقسەت ئۇ ياخشى. بەشىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كىرسە، يىلپىزدەك ئۇخلايدۇ، سىرتقا چىقسا، شىر-يولۋاستەك باتۇر، ئۆيدىكى مال-مۈلۈك ئىشلىرىدىن ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ. ئالتىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: ئېرىم تاماق يېسە يالماپ كۆپ يەيدۇ، شاراب ئىچسە غۇرتۇلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىدۇ، ياتسا يۆگىنىپ ياتىدۇ، غەم-قايغۇنى بىلىش ئۈچۈن قولنى سالمايدۇ (يەنى كۆيۈنمەيدۇ،



www.uyghurkitap.com

مۇھەببەتسىز ياكى بەدىنىدە كېسەل بولۇپ ئەخلاقلىق، خىجىل بولۇپ شۇنداق قىلىدۇ) يەتتىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: ئېرىم بەكمۇ ئوسال، ئەخمەق ياكى پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ، ھەرقانداق ناچار ئىللەت ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ، بېشىڭىزنى يارىدۇ ياكى يارىلاندۇرىدۇ ياكى ھەممىنى قىلىدۇ. سەككىزىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىمنىڭ پۇرىقى زەرنەپ دېگەن خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ پۇرىقىدەك مىزىلىك، سىلاشلىرى بولسا توشقاندەك، شۇنداق ئەخلاقلىق. توققۇزىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم ئاتاقلىق مەشھۇر، قامەتلىك، كۆلى تولا يەنى سېخىي، مەرد ، ئۆيى بولسا، مەجلىسخانىغا يېقىن. ئونىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم خوجايىن. خوجايىن دېگەن نېمە؟ ئۇ ھەممىدىن ياخشى، باي، ياخشىلىقتا ئىگە بولغۇچى، ئۇنىڭ مۇبارەك سۈتى بەرىكەتلىك تۆگىلىرى بولۇپ، يايلاققا ئاز چىقىدۇ، پادا تايىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ، يەنى شۇنداق سېخى، گۆشتە مېھمان قىلىدۇ. ئون بىرىنچىسى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ ئېرىم ئەبۇ زەرئىدۇر. ئۇ مېنىڭ زىرـ مۇنچاقلىرىمنى تەۋرەتكەن، يەنى ھەدىيەسى كۆپ، بىلىكىمنىڭ يېغىنى توشقۇزۇپ، مېنى سەمرىتكەن، مېنى خۇشال قىلغان، چوڭ قىلغان، ئۇلۇغلىغان، مەنمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق ھېس قىلدىم. ئۇ مېنى تاغنىڭ بىر چېتىدىكى بىر نەچچە قويلا بار ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ئاتلار كىشنەيدىغان، تۆگىلەر بوزلايدىغان، ئاشلىق ئاقلاپ، خامان يۇمشىتىدىغان باي بىر ئائىلىگە ئېلىپ كىردى، ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىسەم، ھاقارەتلەنمەيمەن، ئۇخلىسام تاڭ ئاتقىچە ئۇخلايمەن، ئىچىملىك ئىچسەم قېنىپ ئىچىمەن، ئەبۇ زەرئىنىڭ ئانىسى ئۇممە ئەبۇ زەرئى نېمىدېگەن كاتتا ئايال ھە! ئۇنىڭ چوڭ بوغچىسى لىق تولغان، ئۆيلىرىمۇ كەڭرىدۇر. ئەبۇ زەرئىنىڭ ئوغلى بولسا، باتۇر، كېلىشكەن ئوغۇلدۇر. قىزى بولسا ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەتمەن، بەدەنلىرى توشقان، كۈندىشىنىڭ ھەستىنى قوزغاپ ئاچچىقىنى كەلتۈرگۈدەك قىز. ئۇنىڭ دېدىكى، چۆرىسى بولسا، ئۆينىڭ گېپىنى سىرتقا توشمايدىغان ئۆينى پاكىز تۇتۇپ، ئەخلەت قالدۇرمايدىغان قىز. 11 ـ ئايال گېپىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: ئەبۇ زەرئى يىلىنلەر سۈتكە تولغان چاغدا، سەھراغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۆكسى ئاناردەك تولغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قېلىپ، مېنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئۇ ئايالنى ئالدى. مەنمۇ كېيىن باي بىر كىشىگە تەگدىم، ئۇمۇ نەيزە تۇتقان ھالدا ئاتنى تىز مىنەتتى، ئۇ ماڭا پاراۋان، مول تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى، ھەرقانداق مال ـ دۇنياسىنىڭ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئى ئۇممە زەرئى، يەڭ، ئىچىڭ، ئاتا ـ ئانىڭىزغىمۇ ئاپىرىڭ دېدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ ھەممىنى بىرلەشتۈرسەممۇ، ئەبۇ زەرئىنىڭ كىچىك بىر تال تاۋىقىغىمۇ يەتمەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: بۇ سۆزلەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ، ئى ئائىشە، مەن سىزگە نىسبەتەن، ئۇممە زەرئىگە نىسبەتەن ئەبۇ زەرئىدەك بولىمەن، لېكىن ئەبۇ زەرئى تالاق قىلىپتۇ، مەن تالاق قىلمايمەن دېدى. مانا مۇشۇ سۆز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدۇر، قالغىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزى بولۇپ، ھەدىسى مەۋقۇپ بولىدۇ. لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ تۇرغان، ئاخىرىدا شۇ سۆزنى قىلغان. بۇ ھەدىستىن ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى باردۇر. بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اجتمعوا على طعامكم و اذكروا اسم الله يبارك لكم فيه ( حم د ه حب ك ) عن وحشي بن حرب

142. ۋەھشى ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاماقىڭلارنى بىرلىشىپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ يەڭلار. شۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن تائامدا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

اجتنب الغضب ( ابن أبي الدنيا في ذم الغضب ابن عساكر ) عن رجل من الصحابة

143. ساھابىلاردىن بىر ئەردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەزەپ قىلىشتىن نېرى، يىراق بول. ئىبنى ئەبىد دۇنيا، ئىبنى ئەساكىر

توپلىدى، ھەسەن.

اجتنبوا السبع الموبقات: الشرك بالله و السحر و قتل النفس التي حرم الله إلا بالحق و أكل الربا و أكل مال اليتيم و التولي يوم الزحف و قذف المحصنات المؤمنات الغافلات ( ق د ن ) عن أبي هريرة

144. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە ھالاك قىلغۇچىدىن يىراق بولۇڭلار. بىرىنچىسى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن يىراق بولۇڭلار، ئىككىنچىسى، سېھرىگەرلىك، ئۈچىنچىسى، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈش، قاتىللىق. (ھەقلىق بىلەن بولسا مەيلى) تۆتىنچىسى، جازانە- ئۆسۈم يېيىش، بەشىنچى، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئالتىنچىسى، جەڭ كۈنى جەڭدىن قېچىش، يەتتىنچى، ھېچ ئىشدىن خەۋىرى يوق، مۆئمىن، ئىپپەتلىك ئېرى بار ئايالغا بۆھتان چاپلاش. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقىلار توپلىغان. سەھىھ.

اجتنبوا الكبائر السبع: الشرك بالله و قتل النفس و الفرار من الزحف و أكل مال اليتيم و أكل الربا و قذف المحصنة و التعرب بعد الهجرة ( طب ) عن سهل بن أبي حثمة

145. سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە گۇناھى كەبىيردىن يىراق بولۇپ، ھەزەر قىلىڭلار. يۇقىرىقى ئىشلارنى ساناپ كېلىپ، سېھرىگەرلىكنىڭ ئورنىدا ھىجرەتتىن كېيىن يېزىدا ئەئرابى بولۇپ ياشاشتىن يىراق بولۇڭلار دېگەن. ئۇلار بۇ ئىشنى دىنىدىن يېنىۋېلىش دەپ بىلەتتى. تەبرانى توپلىدى، ھەسەن.

اجتنبوا الكبائر و سددوا و أبشروا ( ابن جرير ) عن قتادة مرسلا

146. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىيرلەردىن يىراق بولۇڭلار ، توغرا، ئوتتۇرھال يول تۇتۇڭلار، بېشارەت ئېلىڭلار. مۇپەسسىر ئىبنى جەرىير تەپسىردە يازغان، ھەسەن.

اجتنبوا كل مسكر ( طب ) عن عبدالله بن مغفل

147. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن يىراق بولۇڭلار دېگەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اجتنبوا ما أسكر ( الحلواني ) عن علي

148. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەست قىلىدىغان نەرسىلەردىن يىراق بولۇڭلار، ھەزەر قىلىڭلار دېگەن. ھەدىسنى ھەلۋانى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

اجتنبوا هذه القاذورات التي نهى الله تعالى عنها فمن ألم بشيء منها فليستتر بستر الله و ليتب إلى الله فإنه من يبد لنا صفحته نقم عليه كتاب الله ( ك هق ) عن ابن عمر

149. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ توسقان، چەكلىگەن بۇ نىجىس، قەبىھ گۇناھلاردىن يىراق بولۇڭلار. كىم بۇ ئىشلاردىن بىرەر نەرسىگە يېتىپ قېلىپ قالسا، ئاللاھنىڭ پەردىسى بىلەن پەردىلىنىپ يوشۇرسۇن، ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن. ئەگەر بىزگە ئۇنىڭ دەپتىرى، قىلمىشى ئاشكارىلانسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ كىتابىنى تۇرغۇزۇپ جازالايمىز. ھاكىم بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اجعل بين أذانك و إقامتك نفسا حتى يقضي المتوضئ حاجته في مهل و يفرغ الآكل من طعامه في مهل ( عم ) عن أبي ( أبو الشيخ في الأذان ) عن سلمان وعن أبي هريرة

150. ئۇبەي، سەلمان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىنى، تاھارەت ئالغۇچى



www.uyghurkitap.com

ھاجىتىنى ئالدىرىماي ئادا قىلغۇدەك ، تائام يېگۈچى تائامدىن ئالدىرىماي بىكار بولغۇدەك مىقداردا بوشلۇق قىلغىن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ، ئەبۇششەيىخ توپلىغان ، ھەسەن.

اجعلوا آخر صلاتكم بالليل وترا ( ق د ) عن ابن عمر

151. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدىكى نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى تاق يەنى ۋىتىر قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

اجعلوا بينكم و بين الحرام سترا من الحلال من فعل ذلك استبرأ لعرضه و دينه و من أرتع فيه كان كالمرتع إلى جنب الحمى يوشك أن يقع فيه و إن لكل ملك حمى و إن حمى الله في الأرض محارمه ( حب طب ) عن النعمان بن بشير

152. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھارام بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىغا ھالالدىن پەردە قىلىڭلار. كىم شۇنداق قىلالىسا ، دىنى ئۇچۇن، يۈز-ئابرۇيى، بارلىقى ئۈچۈن پاك بولىدۇ. كىم پەردىسىز ھارام يېنىدا ئوتلىسا ، ئۇ خۇددى چېگرا يېنىدا ئوتلىغان مال ياكى پادا باققۇچىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھارامغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى چېگراسى ھارام قىلغان نەرسىلەر ۋە جايلاردۇر. ئىبنى ھەببان تەبرانى توپلىغان ، سەھىھدۇر.

اجعلوا بينكم و بين النار حجابا و لو بشق تمرة ( طب ) عن فضالة بن عبيد

153. پوزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىلەن دوۋزاخ ئوتى ئارىلىقىغا گەرچە يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ ھىجاپ، پەردە قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان ، ھەسەن.

اجعلوا من صلاتكم في بيوتكم و لا تتخذوها قبورا ( حم ق د ) عن ابن عمر ( ع الروياني الضياء ) عن زيد بن خالد ( محمد بن نصر في الصلاة ) عن عائشة

154. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىگە ئوخشاش قىلىۋالماي، نامىزىڭلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار (يەنى سۈننەت نەپلەنى). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى ئىبنى ئۆمەردىن ، ئەبۇ يەئلا ، روريانى ، زىيائولمەقدەسى زەيد ئىبنى خالىددىن، مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان ، سەھىھ.

اجلس فقد آذيت و أنيت – قاله للذي تخطى يوم الجمعة –( حم د ن حب ك هق ) عن عبدالله بن بسر ( ه ) عن جابر

155. ئابدۇللاھ ئىبنى بوسرى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جۈمە كۈنى كىشىلەرنىڭ بوينىغا دەسسەپ، ئاتلاپ ئۆتكەن كىشىگە مۇنداق دېگەن: جايىڭدا ئولتۇر! كېلىشتە كېچىكىپ كېلىپ ، ئەمدى كىشىلەرگە ئازار بەردىڭ. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

اجلس يا أبا تراب ! – قاله لعلي – ( خ ) عن سهل بن سعد

156. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئولتۇرغىن، ئى ئەبا توراپ (يەنى تۇپراق ئاتىسى، ئىگىسى) دېگەن. چۈنكى، ئۇ توپىدا ياتقان ئىكەن. بۇخارى، سەھىھ.

أجملوا في طلب الدنيا فإن كلا ميسر لما كتب له منها ( ه ك طب هق ) عن أبي حميد الساعدي

157. ئەبۇ ھومەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيانى تەلەپ قىلىشتا چىرايلىق تەلەپ قىلىڭلار. چۈنكى ، ھەممىسى لەۋھە كىتابتا پۈتۈلگەنگە ئاسان قىلىنىدۇ. ھاكىم، ئىبنى ماجە ، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

أجيبوا الداعي و لا تردوا الهدية و لا تضربوا المسلمين ( حم خد طب هب ) عن ابن مسعود

158. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاقىرغۇچىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇ جايغا بېرىڭلار، ھەدىيىنى قايتۇرىۋەتمەڭلار، مۇسۇلمانلارنى ئۇرماڭلار. ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى، خەتىيبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أجيبوا هذه الدعوة إذا دعيتم لها ( ق ) عن ابن عمر

159. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاقىرىلغان دەۋەتكە بېرىڭلار، يەنى قىچقىرىلساڭلار بېرىڭلار. بەيھەقى توپلىغان، شەھىھ ھەدىستۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ سەھىھ. ھەسەن دېگىنى ئەلبانى.

أحب الأديان إلى الله تعالى الحنيفية السمحة ( حم خد طب ) عن ابن عباس

160. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىنلارنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈك بولغىنى ھەققە مايىل، ئاسان بولغان ئىسلام دىنىدۇر. ئەھمەد، تەبرانى، خەتىيب بەغداد توپلىدى، ھەسەن.

أحب الأسماء إلى الله عبد الله و عبد الرحمن ( م د ت ه ) عن ابن عمر

161. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسىملارنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى ئابدۇللاھ، ئابدۇرەھماندۇر (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىسى) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أحب الأسماء إلى الله عبد الله و عبد الرحمن و الحارث ( ع ) عن أنس

162. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىسىملارنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى ئابدۇللاھ، ئابدۇرەھمان، ھارىستۇر دېگەن. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أحب الأعمال إلى الله أدومها و إن قل ( ق ) عن عائشة

163. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلغىنىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أحب الأعمال إلى الله الصلاة لوقتها ثم بر الوالدين ثم الجهاد في سبيل الله ( حم ق د ن ) عن ابن مسعود

164. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى، سۆيۈملۈكرەكى ئۆز ۋاقتىدىكى ناماز، ئاندىن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئاندىن ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أحب الأعمال إلى الله أن تموت و لسانك رطب من ذكر الله ( حب ابن السني في عمل اليوم والليلة طب هب ) عن معاذ

165. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى تىلىڭ ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى بىلەن ھۆل ھالدا ئۆلۈشىڭدۇر. مەسىلەن: قۇرئان ئوقۇۋېتىپ، جايناماز ئۈستىدە ۋاپات بولۇش، جەڭدە ئۆلۈش. ئىبنى ھەببان، ئىبنى سىنا، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

أحب الأعمال إلى الله إيمان بالله ثم صلة الرحم ثم الأمر بالمعروف و النهي عن المنكر و أبغض الأعمال إلى الله الإشراك بالله ثم قطيعة الرحم ( ع ) عن رجل من خثعم

166. خەسئەم قەبىلىسىدىكى بىر ئەردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىشىنىش، ئاندىن قالسا سىيلە ـ رەھىم

قىلىش، ئاندىن ياخشىلىقتا بۇيرۇش، ئاندىن يامانلىقتىن توسۇش، ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكى شېرىك كەلتۈرۈش، سىيلە-رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، بۇ زەئىپ ھەدىسنى ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن .

أحب البلاد إلى الله مساجدها و أبغض البلاد إلى الله أسواقها ( م ) عن أبي هريرة ( حم ك ) عن جبير بن مطعم

167. ئەبۇ ھۇرەيرە، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئۇنىڭ مەسجىدلىرى، ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكى بولسا بازارلىرىدۇر. مۇسلىم، ھاكىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أحب الجهاد إلى الله كلمة حق تقال لإمام جائر ( حم طب ) عن أبي أمامة

168. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى زالىم ئىماماغا، باشلىققا دېيىلىدىغان ھەق سۆزدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أحب الحديث إلي أصدقه ( حم خ ) عن المسور بن مخرمة ومروان معا

169. مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەت، مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ماڭا سۆزلەرنىڭ دوستراق، سۆيۈملۈكرەكى راست، سەمىمىيسىدۇر دېگەن. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أحب الصيام إلى الله صيام داود و كان يصوم يوما و يفطر يوما و أحب الصلاة إلى الله صلاة داود كان ينام نصف الليل و يقوم ثلثه و ينام سدسه ( حم ق د ن ه ) عن ابن عمرو

170. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنىڭ ئاللاھقا دوستراقى، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن يەيتتى. نامازنىڭمۇ شۇنداق، ئۇ كېچىنىڭ يېرىمىدا ئۇخلايتتى، 1/3دە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، 1/6دە ئۇخلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

أحب الطعام إلى الله ما كثرت عليه الأيدي ( ع حب هب الضياء ) عن جابر

171. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائاملىنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى قوللار كۆپ بولغىنىدۇر. (يەنى كۆپ كىشى قاتناشقان) ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

أحب العباد إلى الله تعالى أنفعهم لعياله ( عبدالله في زوائد الزهد ) عن الحسن مرسلا

172. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى ئائىلىرىغا، ئەھلى باللىرىغا مەنپەئەتلىكرەكىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد زىيادىلىرىدە توپلىغان، ھەسەن.

أحب الكلام إلى الله تعالى أربع: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر و لا يضرك بأيهن بدأت ( حم م ) عن سمرة بن جندب

173. سۇمرەت ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۆزلەرنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈك، دوستراقى سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەللاھ ئەكبەر (يەنى ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر) قايسى بىلەن باشلىساڭ ساڭا زەرەر يوق. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أحب الكلام إلى الله أن يقول العبد: سبحان الله و بحمده ( حم م ت ) عن أبي ذر

174. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كالام سۆزلەرنىڭ ئاللاھقا دوستراقى، بەندىنىڭ مۇنداق دېيىشىدۇر. سۇبھانەللاھ ۋەبىھەمدىھى

(ئاللاھ پاك، ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىمەن) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىدى، سەھىھ.

أحب الكلام إلى الله تعالى ما اصطفاه الله لملائكته: سبحان ربي و بحمده سبحان ربي و بحمده سبحان ربي و بحمده ( ت ك هب ) عن أبي ذر

175. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۆزلەرنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈك بولغىنى، ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە تاللاپ بەرگەن مۇنۇ سۆزدۇر. سۇبھانە رەببىي ۋەبىھەمدىھى (ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇنى پاك، بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز) نى ئۈچ قېتىم دېدى. ھاكىم، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أحب الناس إلى الله أنفعهم و أحب الأعمال إلى الله عز و جل سرور تدخله على مسلم أو تكشف عنه كربة أو تقضي عنه دينا أو تطرد عنه جوعا و لأن أمشي مع أخي المسلم في حاجة أحب إلي من أن أعتكف في المسجد شهرا و من كف غضبه ستر الله عورته و من كظم غيظا و لو شاء أن يمضيه أمضاه ملأ الله قلبه رضى يوم القيامة و من مشى مع أخيه المسلم في حاجته حتى يثبتها له أثبت الله تعالى قدمه يوم تزل الأقدام و إن سوء الخلق ليفسد العمل كما يفسد الخل العسل ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج طب ) عن ابن عمر

176. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت بەرگىنى. ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەكى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، قېرىندىشىڭنى خۇشال قىلىشىڭ ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆگىتىپ قويۇشۇڭ ياكى ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇشۇڭ. مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىللە مېڭىشىم مەسجىددە بىر ئاي ئېتىكاپ قىلىشىمدىن ياخشىدۇر. كىم غەزىپىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ياپىدۇ، يەنى رەسۋاچىلىقىنى ياپىدۇ. كىم راۋان قىلىشقا يۈرگۈزۈشكە قادىر تۇرۇپ ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قەلبىگە رازىلىقىنى تولدۇرىدۇ. كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىشىپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ ھاجەتنى ئادا قىلىپ، مۇقىم قىلغانغا قەدەر بىللە ماڭسا، ياردەملەشسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنى قەدەملەر تېيىلىپ كېتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇقىم قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ناچار، يامان ئەخلاق خۇددى سىركە ھەسەلنى بۇزۇپ قويغاندەك ئەمەللەرنى بۇزۇۋېتىدۇ. تەبرانى، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن ھەدىس.

أحب الناس إلي عائشة و من الرجال أبوها ( ق ت ) عن عمرو بن العاص ( ت ه ) عن أنس

177. ئەمرۇ ئىبنى ئاس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، دوستراقى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەرلەردىن ئۇنىڭ دادىسى. تىرمىزى، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

أحبب حبيبك هونا ما عسى أن يكون بغيضك يوما ما و أبغض بغيضك هونا ما عسى أن يكون حبيبك يوما ما ( ت هب ) عن أبي هريرة ( طب ) عن ابن عمرو ( الدارقطني في الأفراد عد هب ) عن علي ( خد هب ) عن علي

178. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوستۇڭنى بەك قاتتىق ياخشى كۆرۈپ، ئىچ باغرىڭنى، سىرلىرىڭنى تۆكۈپ كەتمەي، ئوتتۇرھال، مۆتىدىل ياخشى كۆرگىن. كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۈشمىنىڭنىمۇ قاتتىق دۈشمەن تۇتۇپ، زومىگەرلىك قىلماي، مۆتىدىل، ئوتتۇرھال ھالدا دۈشمەن تۇت. كۈنلەردىن بىر كۈن ئۇمۇ دوستۇڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، بەيھەقى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبرانى ئىبنى ئەمرۇدىن، دارىقۇتنى، بەيھەقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەتىبۇلبەغداد بىلەن بەيھەقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أحب عباد الله إلى الله أحسنهم خلقا ( طب ) عن أسامة بن شريك»

179. ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراق بولغىنى ئەخلاقى

ياخشى بولغىنىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أحب للناس ما تحب لنفسك ( تخ ع طب ك هب ) عن يزيد بن أسيد

180. يەزىيد ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرگىن. بۇخارى، تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

احبس أصلها و سبل ثمرها ( ن ه ) عن ابن عمر

181. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ماڭا خەيبەردە يەتكەن نېسۋەمنى سەدىقە قىلماقچى بولسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلىنى، مەنبەسىنى ۋەخپە قىلغىن، مىۋىلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغىن. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

احبسوا صبيانكم حتى تذهب فوعة العشاء فإنها ساعة تخترق فيها الشياطين ( ك ) عن جابر

182. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىڭلارنى كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى كەتكەنگە قەدەر تالاغا، سىرتقا چىقارماي تۇتۇپ تۇرۇڭلار. ئاشۇ بىر سائەتتە جىن ـ شەيتانلار يامراپ، يالغانچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، كەڭ تارقايدۇ. ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىدى، سەھىھ.

احتج آدم و موسى فحج آدم موسى ( خط ) عن أنس

183. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئادەم ئاتا بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھۆججەت قويۇپ مۇنازىرىلىشىپ، ئادەم يېڭىۋالدى دېگەن. خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

احتج آدم و موسى فقال موسى: أنت آدم الذي خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أسجد لك ملائكته و أسكنك جنته أخرجت الناس من الجنة بذنبك و أشقيتهم ! قال آدم: يا موسى أنت الذي اصطفاك الله برسالاته و بكلامه و أنزل عليك التوراة أتلومني على أمر كتبه الله على قبل أن يخلقني ؟ ! فحج آدم موسى حم ق د ت ه عن أبي هريرة

184. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاتا بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھۆججەت قويۇشۇپ مۇنازىرىلەشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دېدى: سەن بولساڭ ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، روھنى ساڭا پۈۋدېگەن، مالائىكە ـ پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇرغان، جەننىتىدە تۇرغۇزغان ئادەم ئاتا بولىسەن. گۇناھىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شەقىلىقى سەۋەبلىك بارلىق ئىنسانلارنى جەننەتتىن چىقاردىڭ، دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىنى ئاللاھ ئەلچىلىككە تاللىدى، سۆز قىلىشقا تاللىدى، ساڭا تەۋراتنى چۈشۈردى. ئاللاھ مېنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا ماڭا پۈتۈۋەتكەن ئىشقا ماڭا تاپا قىلىپ مالامەت قىلامسەن؟ دېدى ـ دە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىۋالدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان. سەھىھ.

ئىبنى كەسىير بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: ئادەم ئۆز گۇناھىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويغىنى يوق. ئۇ قۇرئاندا ئاسىي، گۇناھكار دېيىلدى، جىنايىتى سەۋەبىدىن جەننەتتىن قوغلاندى، بۇ راست. ئەمما، ئۇنىڭ مەقستى بىرىنچىدىن ئۆتكەن ئىشقا، بولۇپ بولغان ئىشقا ئەمدى تاپا قىلما دېمەكچى. ئىككىنچىدىن، تەۋبە قىلسا گۇناھ قالمايدۇ، ئاندىن تاپا ـ تەنە، مالامەت دۇرۇس ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئاللاھنىڭ مېنى بۇنداق جازالىشىنى مەن بىلمەيتتىم، ئاللاھ خالىسا باشقىچە جازالايتتى. لېكىن، ھەممىمىزنى مۇشۇ جىنايەت سەۋەبلىك جەننەتتىن قوغلىدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، پۈتكەن ئىشى، بۇنىڭغا ئامال يوق، دېگەن ئىدى. راستىنلا ئاسىيلىقتىن كېيىنكى جازانى ئۇ بىلمەيتتى، ئاللاھ شۇنى پۈتتى، خالىدى، ئىرادە قىلدى، بۇنىڭدا زور ھېكمەت بار ئىدى. ئاللاھ ئالىمدۇر. بىز تەقدىرگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرىمىز، ئىنكار قىلمايمىز،

تەقدىرگىمۇ ئارتىپ قويمايمىز.

احتجت الجنة و النار فقالت الجنة: يدخلني الضعفاء و المساكين و قالت النار: يدخلني الجبارون و المتكبرون: فقال الله للنار: أنت عذابي أنتقم بك ممن شئت و قال للجنة: أنت رحمتي أرحم بك من شئت و لكل واحدة منكما ملؤها ( م ت ) عن أبي هريرة ( م ) عن أبي سعيد ( ابن خزيمة ) عن أنس

185. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىيد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت بىلەن دوۋزاخ مۇنازىرىلىشىپ، داۋالىشىپ قالدى. جەننەت دېدىكى، ماڭا ئاجىزلار، مىسكىنلەر كىرىدۇ. دوۋزاخ دېدىكى، ماڭا زۇلۇمكەش، زومىگەر، مۇتەكەببىرلەر كىرىدۇ. ئاندىن  ئاللاھ دوۋزاخقا: سەن مېنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن دېدى. جەننەتكە بولسا، سەن مېنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر دېدى. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمىلەر توپلىغان، سەھىھ.

احثوا التراب في وجوه المداحين ( ت ) عن أبي هريرة ( عد حل ) عن ابن عمر

186. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدداھلارنىڭ يەنى مەدھىيىچىلەرنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار! تىرمىزى، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيملەر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ بۇ سەھىھ ھەدىس دېگەن .

احثوا في أفواه المداحين التراب ه عن المقداد بن عمرو حب )عن ابن عمر ( ابن عساكر ) عن عبادة بن الصامت

187. يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدھىيىچىلەرنىڭ ئاغزىغا توپا چېچىڭلار! بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ھەببان ئىبنى ئۆمەردىن، ئىبنى ئەساكىر ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

( صحيح ) احجج عن أبيك و اعتمر ( د ) عن أبي رزين

188. ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داداڭ ھەققىدىنمۇ پەرز ھەجنى قىلغىن، شۇنداقلا ئۆمرە ھەجنىمۇ قىلغىن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) « أحد أحد» ( د ن ك ) عن سعد ( ت ن ك ) عن أبي هريرة

189. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەر ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دۇئا قىلغاندا: بىرنى قىل، بىر بارمىقىڭنى قىل! دېگەن. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر. بولۇپمۇ، تەشەھھۇد، ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندا، بىر بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىش تەكىتلەندى.

أحد يا سعد ( حم ) عن أنس

190. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ دۇئا قىلىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بىردە قىل دېگەن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أحد جبل يحبنا و نحبه ( خ ) عن سهل بن سعد ( ت ) عن أنس ( حم طب الضياء ) عن سويد بن عامر الأنصاري وماله غيره ( أبو القاسم بن بشران في أماليه ) عن أبي هريرة

191. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇھۇد بىزنى ياخشى كۆرۈدىغان تاغ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ ھەدىسنى بۇخارى سەھلدىن، تىرمىزى ئەنەستىن، ئەھمەد، تەبرانى، زىيائولمەقدەسى سۇۋەيد ئىبنى ئامىر ئەنسارىدىن، ئەبۇلقاسىم، ئىبنى بەشەر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە يەرشارىنى، مۇھىتنى، ئىسلامى ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

احذروا الدنيا فإنها خضرة حلوة ( حم في الزهد ) عن مصعب بن سعد مرسلا

192. مۇسئەب ئىبنى سەئىد رەھمەھۇللاھدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن يېشىل ئاتلىقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ھەقىقى مۆئمىنگە ئاللاھ ئاخىرەت، جەننەت تاتلىقتۇر.

أحرج اسم عند الله يوم القيامة رجل يسمى: ملك الأملاك ( د ) عن أبي هريرة

193. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ، ھاقارەتلىك ئىسىم بولسا مەلىكۇلئەملاك، شاھىنشاھ (يەنى پادىشاھلار پادىشاھى) دېگەن ئىسىمدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أحسن الناس قراءة: الذي إذا قرأ رأيت أنه يخشى الله ( محمد بن نصر في كتاب الصلاة هب خط ) عن ابن عباس ( السجزي في الإبانة خط ) عن ابن عمر ( فر ) عن عائشة

194. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان قىرائىتى ئەڭ ياخشى كىشى بولسا، ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ قىرائەت قىلغان كىشىدۇر. ئۇ قىرائەت قىلغاندا ئاللاھدىن قورقۇۋاتقىنىنى كۆرىسەن. بۇ ھەدىسنى ئىبنى نەسر، بەيھەقى، خەتىيبۇلبەغداد ئىبنى ئابباسدىن، سەجزىييە، خەتىيبۇلبەغداد ئىبنى ئۆمەردىن، فىردەۋس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أحسنوا إقامة الصفوف في الصلاة ( حم حب ) عن أبي هريرة

195. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا سەپلەرنى تۈز قىلىشنى ياخشى قىلىڭلار! ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أحسنوا إلى محسن الأنصار و اعفوا عن مسيئهم ( طب ) عن سهل بن سعد وعبدالله بن جعفر معا

196. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئابدۇللا ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلىرىغا ياخشىلىق قىلىڭلار، يامانلىق قىلغانلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

احشدوا فإني سأقرأ عليكم ثلث القرآن فقرأ ( قل هو الله أحد و قال: ألا إنها تعدل ثلث القرآن ) ( حم م ت ) عن أبي هريرة

197. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىغىلىڭلار! مەن سىلەرگە يېقىندا قۇرئاننىڭ 1/3نى قىرائەت قىلىپ، ئوقۇپ بېرىمەن. ئاندىن قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد (يەنى سۈرە ئىخلاس) نى ئوقۇپ بېرىپ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ سۈرە قۇرئاننىڭ 1/3گە تەڭ دېدى. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أحصوا هلال شعبان لرمضان ) ت ك عن أبي هريرة

198. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيىنى بىلىش ئۈچۈن شەئبانىنىڭ ئېيىنى ھېسابلىغاچ تۇرۇڭلار. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( أحصوا هلال شعبان لرمضان و لا تخلطوا برمضان إلا أن يوافق ذلك صياما كان يصومه أحدكم و صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن غم عليكم فأكملوا العدة ثلاثين يوما فإنها ليست تغمى عليكم العدة) قط هق عن هريرة

199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيىنى بىلىش ئۈچۈن، شەئبانىنىڭ ئېيىنى ھېسابلاڭلار. رامزان روزىسىغا باشقا روزىنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇتماڭلار. لېكىن، بىرەرسىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسى مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ يەڭلار (يەنى روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇڭلار)

ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاينى كۆرەلمىسەڭلار، سانىنى 30 كۈن تولۇق قىلىڭلار، سىلەرگە سان تۇتۇق بولمايدۇ، يەنى شەئبان ئېيىنى، رامىزان ئېيىنى ساناڭلار. دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يۇقىرقى بىر سۆز، ئاينى كۆرۈپ ياكى كۆرۈش جەھەتتىن دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىشىلەر دائىم ئىلگىرـئاخىر، ئىگىزـپەس تۇرۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ھەدىسنىڭ كېيىنكى مەنىسىدە يەنى ئاي ھاۋا تۇتۇق بولۇپ كۆرۈنمىسە دېگەن مەنىسى، ئاينى كۆرۈپ تۇتۇش، كۆرۈپ يېيىش، ناماز ئوقۇشنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئىككىلەنمەستىن قورقماي، ئاينى ئۆلچەم، مىيزان قىلىڭلار، مەككەـمەدىنىگە بويسۇنۇڭلار!

( احضروا الجمعة و ادنوا من الإمام فإن الرجل لا يزال يتباعد حتى يؤخر في الجنة و إن دخلها ) ( حم د هق ك ) عن سمرة

200. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۇمئە نامىزىغا بالدۇر كېلىڭلار، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار. ھەقىقەتەن جۇمئەگە كېچىكىپ بارغان كىشى گەرچە جەننەتكە كىرسىمۇ، كېچىكىپ ئاخىرىدا كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ.

احضروا الجمعة و ادنوا من الإمام فإن الرجل ليتخلف عن الجمعة حتى أنه يتخلف عن الجنة و إنه لمن أهلها ( حم هق الضياء ) عن سمرة

201. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۇمئەگە بالدۇر كېلىپ، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار. ھەقىقەتەن كىشى جەننەت ئەھلى بولسىمۇ، جۇمئە نامىزىغا كېچىكىپ، ئاخىرىدا كېلىپ، جەننەتتىنمۇ كېچىكىپ ئارقىسىدا قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

احفروا و أعمقوا و أوسعوا و ادفنوا الاثنين و الثلاثة في قبر واحد و قدموا أكثرهم قرآنا حم 4 هق عن هشام بن عامر

202. ھىشام ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئوھۇد كۈنى قەبرە كولاشنىڭ قىيىنلىقىدىن مۇنداق دېگەن: چوڭقۇر، كەڭرى، ياخشى كولاپ، بىر قەبرىگە ئىككىـئۈچنى قويۇڭلار. قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادا ئالغان بولسا، شۇ قارىيراقنى بالدۇر قويۇڭلار، ئىلگىرى قىلىڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

احفظ عورتك إلا من زوجتك أو ما ملكت يمينك قيل: إذا كان القوم بعضهم في بعض ؟ قال: إن استطعت أن لا يرينها أحد فلا يرينها قيل: إذا كان أحدنا خاليا ؟ قال: الله أحق أن يستحيا منه من الناس ( حم ع ك هق ) عن بهز بن حكيم عن أبيه عن جده

203. بەھزى ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، دادىسىدىن، بوۋىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەۋرىتىڭنى ساقلا! پەقەت ئاياللىڭ، دېدەكـچۆرىلىرىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يەنى ئۇلاردىن ساقلاش ھاجەتسىز. ئاندىن مۇنداق سوئال سورالدى: ئەگەر كىشىلەر كۆپ بولۇپ، بىرسى بىرسىنىڭ قېشىدا بولسىچۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەۋرىتىڭنى بىرەر كىشىگە كۆرسەتمەسلىكىكە قادىر بولساڭ، كۆرسەتمە دېدى. خالى، يالغۇز بولساقچۇ؟ دېيىلگەندە، كىشىلەرنىڭ ھايا قىلىشىغا ئاللاھ ئەڭ لايىق دېدى. ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن.

احفظ لسانك ( ابن عساكر ) عن مالك بن يخامر

204. مالىك ئىبنى يوخامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلىڭنى ساقلا! ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

احفظ لسانك ثكلتك أمك معاذ ! و هل يكب الناس على وجوههم إلا ألسنتهم ؟ ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن الحسن مرسلا

205. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاناڭ سىنى يوقىتىپ قويسۇن، ئى مۇئاز! تىلىڭنى ساقلا! كىشىلەرنى پەقەت تىللىرىلا

دۈۋزاختىقا يۈزىچە دۈم تاشلايدۇ. خەرائىتى مەكارىمۇلئەخلاقتا توپلىغان، سەھىھ.

احفظوني في أصحابي ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يفشوا الكذب حتى يشهد الرجل و ما يستشهد و يحلف و ما يستحلف ( ه ) عن عمر

206. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى ساھابىلىرىمنىڭ، ئۇلارغا يېقىن بولغان تابىئىنلارنىڭ، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتباﺋ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئىچىدە ساقلاڭلار (يەنى سۈننىتىمنى، ھەدىس سۆزلىرىمنى يادىلاڭلار). ئاندىن كېيىنكى زامانلاردا يالغانچىلىق يامراپ، كۆپىيىپ كېتىدۇ. ھەتتا كىشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھچى بولۇپ، قەسەم قىلىپ كېتىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أحفوا الشوارب و اعفوا اللحى ( م ت ن ) عن ابن عمر ( عد ) عن أبي هريرة

207. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللا ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى قىرقىپ، ئېلىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى كامىل (يەنى ئۇزۇن) قويۇڭلار. مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ئەدىلەر توپلىغان. سەھىھ.

أحفهما جميعا أو انعلهما جميعا و إذا لبست فابدأ باليمنى و إذا خلعت فابدأ باليسرى ( حب ) عن أبي هريرة

208. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يا ھەر ئىككى پاي كەشنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياق مېڭىڭلار، يا ھەر ئىككىسىنى كىيىۋېلىپ، كەش بىلەن مېڭىڭلار. كىيگەندە ئوڭ تەرەپ بىلەن، سالغاندا بولسا سول تەرەپ بىلەن باشلاڭلار. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أحل الذهب و الحرير لأناث أمتي و حرم علي ذكورها ( حم ن ) عن أبي موسى

209. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن بىلەن يىپەك ئۈممىتىمنىڭ ئايال كىشىلىرىگە ھالال قىلىندى، ئەر كىشىلىرىگە ھارام قىلىندى. نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أحلت لنا ميتتان و دمان فأما الميتتان: فالحوت و الجراد و أما الدمان: فالكبد و الطحال ( ه ك هق ) عن ابن عمر

210. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزگە ئىككى دانە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك بىلەن ئىككى دانە قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈك بولسا بېلىق بىلەن چېكەتكە، ئىككى قان بولسا جىگەر بىلەن تالدۇر. ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

احلفوا بالله و بروا و اصدقوا فإن الله يحب أن يحلف به ( حل ) عن عمر

211. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم قىلساڭلار ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، ۋاپا قىلىڭلار. ياخشىلىق قىلىپ، سەمىمىي، راستچىل بولۇڭلار. ئاللاھتائالا ئۆزى بىلەن قەسەم قىلىنىپ، ۋاپا قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم ھىلىيەتتە توپلىغان، سەھىھ. شەيخ ئەلبانى تەكشۈرۈپ سەھىھ دېگەن.

احلقوه كله أو اتركوه كله ( د ن ) عن ابن عمر

212. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك بالىنىڭ چېچىنى ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە چېكە، مۇڭگۈز چاچ قويماستىن، يا پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ياكى بىراقلا چېچىنى قويۇڭلار. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أحيانا يأتيني – يعني الوحي – في مثل صلصلة الجرس و هو أشده علي فيفصم عني و قد وعيت ما قال و أحيانا يتمثل لي الملك رجلا فيكلمني فأعي ما يقول ( مالك حم ق ت ن ) عن عائشة زاد(طب)في آخره: وهو أهونه علي

213. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ماڭا ۋەھيي بەزى چاغلاردا كولدۇرما جىرىڭلىغان ئاۋازغا ئوخشاش كېلىدۇ، ئۇ بولسا ماڭا ئەڭ ئېغىر، قاتتىق تۇيۇلىدۇ. پەرىشتە مەندىن ئايرىلىدۇ-دە، مەن ئۇ دېگەن سۆزلەرنى يادا ئېلىۋالىمەن. بەزى چاغلاردا بولسا، پەرىشتە ماڭا ئەر كىشىنىڭ سىياقىدا كېلىپ سۆز قىلىدۇ، بۇ ماڭا ئاساندۇر، مەن ئۇ دېگەن سۆزلەرنى يادا ئېلىۋالىمەن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

أخاف على أمتي من بعدي ثلاثا: حيف الأئمة و إيمانا بالنجوم و تكذيبا بالقدر ( ابن عساكر ) عن أبي محجن

214. ئەبۇ مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمگە مەندىن كېيىن ئۈچ ئىشتىن ئەنسىرەيمەن. ئۇلار بولسا، ئىماملارنىڭ زۇلۇم قىلىشى، يۇلتۇزغا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈپ كېتىشى، تەقدىرنى ئىنكار قىلىشىدۇر. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

أخاف على أمتي من بعدي خصلتين: تكذيبا بالقدر و تصديقا بالنجوم ( ع عد خط في كتاب النجوم ) عن أنس

215. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن ئۈممىتىمگە ئىككى ئىشدىن ئەنسىرەيمەن. بىرى تەقدىرنى ئىنكار قىلىش، ئىككىنچىسى، يۇلتۇزغا ئىشىنىپ تەستىقلاشتۇر. ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ئەدى، خەتىبۇلبەغدادىلار توپلىغان، سەھىھ.

أخاف عليكم ستا: إمارة السفهاء و سفك الدم و بيع الحكم و قطيعة الرحم و نشوا يتخذون القرآن مزامير و كثرة الشرط ( طب ) عن عوف بن مالك

216. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئالتە ئىشدىن ئەنسىرەيمەن. جاھىل، نادان كىشىلەرنىڭ ئەمىر-باشلىق بولۇشىدىن، قان تۆكۈلۈشىدىن، ھاكىملارنىڭ ھۆكۈمنى سېتىپ، تىجارەت قىلىپ كېتىشىدىن، سىيلە-رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن، قۇرئاننى نەيدەك مۇڭلۇق ناخشا ئاھاڭغا سېلىۋالىدىغان قەۋم-جامائەتتىن، شەرتلەرنىڭ ياكى ساقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن. تەبرانى خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

أخبرك بعمل إن أخذت به أدركت من كان قبلك و فت من يكون بعدك إلا أحدا أخذ بمثل ذلك تسبح خلف كل صلاة ثلاثا و ثلاثين و تكبر ثلاثا و ثلاثين و تحمد أربعا و ثلاثين ( حم ه ابن خزيمة الضياء ) عن أبي ذر

217. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا بىر ئەمەلنى دەپ بېرەي ، ئەگەر ئۇ ئەمەلنى چىڭ تۇتساڭ، سەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە بۇندىن كېيىنكىلەرنىڭ ساۋابىنى تاپالايسەن. ئەمما ، ساڭا ئوخشاش بۇ ئەمەلنى چىڭ تۇتقانلار ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش تاپالايدۇ. ئۇ ئەمەل بولسا ، ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 تەكبىر، 33 ھەمد ئېيتىشىڭدۇر. ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ، ئىبنى خۇزەيمە ، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىغان، سەھىھ.

أخبرني جبريل أن الحجم أنفع ما تداوى به الناس ( ك ) عن أبي هريرة

218. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ھەققەتەن ئىنسانلار داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىكرەكى قان ئالدۇرۇشتۇر دەپ خەۋەر قىلدى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أخبرني جبريل أن حسينا يقتل بشاطئ الفرات ( ابن سعد ) عن علي

219. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فۇرات دەرياسىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەننى خەۋەر قىلدى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

أخبروني بشجرة شبه الرجل المسلم لا يتحات ورقها و لا و لا و لا تؤتي أكلها كل حين ؟ هي النخلة ( خ ) عن ابن عمر

220. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئەرگە ئوخشايدىغان دەرەختىن ماڭا خەۋەر بېرىپ بېقىڭلار، ئۇ قايسى دەرەخ؟

ئۈنىڭ ھەرگىز قۇلىقى چۈشمەيدۇ، ھەر دائىم مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسا خورما. بۇخارى خاتىرىلىگەن، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە، خورما دەي دەپ بولۇپ، تارتىنىپ قالدىم دېگەن بار.

اختتن إبراهيم و هو ابن ثمانين سنة بالقدوم ( حم ق ) عن أبي هريرة

221. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنى ئۆزى پالتىدا خەتنە قىلغان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اختر منهن أربعا و فارق سائرهن ( د ) عن الحارث بن زيد الأسدي

222. ھارىس ئىبنى زەيدىلئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى (ئۇ كۆپ خوتۇنلۇق ئىدى) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تۆتىنى ئىختىيار قىلىپ تاللا، قالغىنىنى قويىۋەت دېگەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن.

أخذ الراية زيد فأصيب ثم أخذها جعفر فأصيب ثم أخذها عبد الله بن رواحة فأصيب ثم أخذها خالد عن غير إمرة ففتح الله عليه و ما يسرني أنهم عندنا – أو قال – و ما يسرهم أنهم عندنا ( حم خ ن ) عن أنس

223. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىراقتىكى بىر ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ: بايراقنى زەيد ئالدى، ئۇنىڭغا مۇسىبەت يېتىپ شەھىد بولدى. ئاندىن جەئپەر ئېلىپ، ئۇ شەھىد بولدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھ ئېلىپ، ئۇمۇ شەھىد بولدى. ئاندىن مەسلىھەتسىز، ئەمىر ـ پەرمانسىزلا بايراقنى خالىد ئېلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئىشغال قىلدى. ھەقىقەتەن ئۇ شەھىد بولغانلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا بولۇشى مېنى ياكى ئۇلارنى خۇرسەن قىلىپ كەتمەيدۇ (يەنى شەھىدلىك ياخشى بولدى) دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارى، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أخذ الله عز و جل مني الميثاق كما أخذ من النبيين ميثاقهم و بشر بي عيسى ابن مريم و رأت أمي في منامها أنه خرج من بين رجليها سراج أضاءت له قصور الشام ( طب أبو نعيم في الدلائل ابن مردويه ) عن أبي مريم الغسن

224. ئەبۇ مەريەم غەسسانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ـ مىيساق ئالغاندەك، مەندىنمۇ ئەھدە ـ مىيساق، ۋەدە ـ توختام ئالدى. مەن بىلەن مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىشارەت بەردى ۋە ئانام بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئىككى پۇتى ئارىلىقىدىن بىر چىراغ، نۇر چىقىپ، شامنىڭ يەنى سۈرىيە ئەتراپىنىڭ قەسىرلىرىنى يورىتىۋېتىپتۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى مەردىۋىييەلەر توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىس ھەسەن دېگەن .

أخذنا فألك من فيك ( د ) عن أبي هريرة ( ابن السني أبو نعيم معا في الطب ) عن كثير بن عبدالله عن أبيه عن جده ( فر ) عن ابن عمر

225. ئەبۇ ھۇرەيرە كەسىيربىن ئابدۇللاھنىڭ بوۋىسىدىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇشال قىلارلىق بىر سۆزنى ئاڭلاپ: بىز ياخشى پالنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئالدۇق دېگەن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيىم، فىردەۋسلەر توپلىدى، سەھىھ.

أخر الكلام في القدر لشرار أمتي في آخر الزمان ( طس ك ) عن أبي هريرة

226. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقدىر توغرىلىق سۆز قىلىش مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىر زاماندىكى يامان كىشىلىرىگە كېچىكتۈرۈلۈپ قالدۇرۇلدى. ھاكىم، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن دېيىلدى.

أخر عني يا عمر إني خيرت فاخترت قد قيل لي استغفر لهم أو لا تستغفر لهم إن تستغفر لهم سبعين مرة فلن يغفر الله لهم لو أعلم أني لو زدت على السبعين غفر له لزدت ( ت ن ) عن عمر

227. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قېتىم ئىبنى ئۇبەيگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازا نامىزى چۈشۈرگىلى تۇرسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توسۇۋالدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئۆمەر، سەن مەندىن يىراق تۇر! ماڭا ئىختىيارلىق بېرىلدى، مەن شۇنى تاللىدىم. ھەقىقەتەن ماڭا، سەن ئۇنىڭغا مەغپىرەت سورامسەن ياكى سورىمامسەن؟ گەرچە ئۇلارغا 70 قېتىم مەغپىرەت سورىساڭمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ دېيىلدى. ئەگەر مەن 70دىن زىيادە، ئۇشۇق مەغپىرەت سورىسام، ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت بولىدىغىنىنى بىلسەم، ئەلۋەتتە زىيادە قىلاتتىم دېدى. نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، كاپىر، مۇناپىققا مەغپىرەت سوراش چەكلەندى.

أخروا الأحمال فإن الأيدي مغلقة و الأرجل موثقة ( د في مراسيله ) عن الزهري ووصله ( البزار ع طس ) عن سعيد بن المسيب عن أبي هريرة نحوه

228. زۇھەيرى سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېغىر يۈكلەرنى نېرى قىلىپ، تاشلىۋېتىڭلار. چۈنكى، كۆنلەردىن بىر كۈن قوللارغا تاقاق، پۇتلارغا كىشەن سېلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەزار، ئەبۇ يەئلا، ئەۋسەتلەر توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

اخرج فناد في الناس: من شهد أن لا إله إلا الله وجبت له الجنة ( ع ) عن أبي بكرة

229. ئەبۇ بەكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چىقىپ ئىنسانلارغا مۇنداق نىدا قىلغىن، كىم ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ! ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

بۇ مەنىدە باشقا سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ بار بولۇپ، بىز بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى يۇقىرىدا چۈشەندۈردۇق.

أخرجوا المخنثين من بيوتكم ( حم خ ) عن ابن عباس ( خ د ه ) عن أم سلمة

230. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس خۇناسالارنىڭ ئاغزىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنى ئاڭلاپ: خۇناسالارنى (يەنى ئىككى جىنسلىق كىشىلەرنى) ئۆيۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار دېدى. بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

أخرجوا المشركين من جزيرة العرب و أجيزوا الوفد بنحو ما كنت أجيزهم ( خ د ) عن ابن عباس

231. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىك، دىنسىزلارنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. ئەلچىلەرگە مەن ئىجازەت بەرگەندەك ئىجازەت، رۇخسەت بېرىڭلار. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أخرجوا اليهود و النصارى من جزيرة العرب ( م ) عن عمر

232. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلارنى، ناسارا، خىرىستىئانلارنى (يەنى ئەھلى كىتابلارنى) ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أخرجوا يهود الحجاز و أهل نجران من جزيرة العرب و اعلموا أن شر الناس الذين اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد ( حم ع حل الضياء ) عن أبي عبيدة بن الجراح

233. ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجاز يەھۇدىيلىرىنى، نەجران ئەھلىنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالغان

كىشىلەردۇر. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

اخرجي إليه فإنه لا يحسن الاستئذان فقولي له: فليقل: السلام عليكم أأدخل ؟ ( حم ) عن رجل من بني عامر

234. بەنى ئامىردىن بىر ئەردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئۇ ئىزنى، رۇخسەت سوراشنى ياخشى قىلالمايدىكەن، چىقىپ ئۇنىڭغا دەڭ، ئالدى بىلەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېيىشۈپ، ئاندىن كىرسەم بولامدۇ؟ دېسۇن. ئەھمەد توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

اخرجي فجذي نخلك لعلك أن تصدقي منه أو تفعلي خيرا ( د ن ه ك ) عن جابر

235. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىددەت تۇتۇۋېتىپ، زۆرۈرىيەتتىن سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت سورىغان بىر ئايالغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن چىقىپ خورمىڭنى ئۈزۈۋەرگىن، سەن ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلىشىڭ ياكى بىرەر ياخشىلىق قىلىشىڭ مۇمكىن. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

اخفضي و لا تنهكي فإنه أنضر للوجه و أحظى عند الزوج ( طب ك ) عن الضحاك بن قيس

236. زەھھاك ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتنە قىلىدىغان ئايال كىشىگە مۇنداق دېگەن: پەسرەك كەسكىن. لېكىن بەك يېتەرلىك كېسىۋەتمە. شۇنداق خەتنە قىلىش يۈزلەرنى خۇرسەن، نۇرلۇق قىلىدۇ، ئەر كىشىنىڭ نەزىرىدە لەززەتلىكتۇر. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ داۋۇتتىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىدا ھەسەن بولىدىغان مۇرسەل، زەئىپ ھەدىس باردۇر.

أخنع الأسماء عند الله يوم القيامة رجل تسمى ملك الأملاك لا مالك إلا الله ( ق د ت ) عن أبي هريرة

237. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئىسىملارنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قەبىھرەكى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ ئاتالغان كىشىدۇر. ئاللاھدىن باشقا ھەققى ھەق ئىگىكى ئالەملىك پادىشاھ يوقتۇر. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إخوانكم خولكم جعلهم الله قنية تحت أيديكم فمن كان أخوه تحت يده فليطعمه من طعامه و ليلبسه من لباسه و لا يكلفه ما يغلبه فإن كلفه ما يغلبه فليعنه ( حم ق د ت ه ) عن أبي ذر

238. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەتراپىڭلاردىكى قۇل، چۆرە، قېرىنداشلىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە نېئمەت قىلىپ، قول ئاستىڭلاردا ئىتائەتچان قىلىپ بەردى. كىمنىڭ قول ئاستىدا قۇل، چۆرە، قېرىندىشى بولۇپ قالسا، تائامىدىن تائام، كىيىمىدىن كىيىم بەرسۇن. تاقەت قىلالمايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلمىسۇن، تەكلىپ قىلىپ قالسا ئۆزى ياردەملەشسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

أخوف ما أخاف على أمتي كل منافق عليم اللسان ( عد ) عن عمر

239. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمگە مەن قورقىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇچلۇقراقى، ھەرقانداق تىلى ئالىم، تىلى راۋان، سۆزى ئۆتكۈر مۇناپىقتۇر. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

أدالأمانة ألى من ائتمنك ولا تخن من خانك ( تخ د ت ك ) عن أبي هريرة ( قط الضياء ) عن أنس ( طب ) عن أبي أمامة ( د ) عن رجل من الصحابة ( قط ) عن أبي بن كعب

240. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا ئامانەت قويغان كىشىگە ئامانىتىنى تاپشۇر، ئادا قىل، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ سەن خىيانەت قىلما! بۇ ھەدىسنى بۇخارى تارىخىدا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى ئەنەسدىن، تەبرانى ئەبۇ

ئۇمامەتتىن، ئەبۇ داۋۇد بىر ساھابە ئەردىن، دارىقۇتنى ئۇبەي ئىبنى كەئبىدىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) توپلىغان، سەھىھ.

أدوا صاعا من بر أو قمح بين اثنين أو صاعا من تمر أو صاعا من شعير على كل حر و عبد صغير و كبير ( حم قط الضياء ) عن عبدالله بن ثعلب

241. ئابدۇللا ئىبنى سوئلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە پىتىر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇغدايدىن بىر سا ياكى خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا، ھەربىر ھۆر ياكى قۇل، چوڭ ياكى كىچىك كىشىدىن ئادا قىلىڭلار. (بىر سا 5ـ 6 جىڭ) ئەھمەد، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أدوا صاعا من طعام في الفطر ( حل هق ) عن ابن عباس

242. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە پىتىرگە تائامدىن بىر سا بېرىپ، ئادا قىلىڭلار. ئەبۇ نۇئەيم ھىليەتتە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( أدخل الله الجنة رجلا كان سهلا مشتريا و بائعا و قاضيا و مقتضيا ) حم ن ه هب عن عثما

243. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېتىۋالغاندا، ساتقاندا، قەرزنى تەلەپ قىلغاندا، قەرزنى قايتۇرۇپ ئادا قىلغاندا ئاسان قىلغۇچى كىشىنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن، ئىمام سۇيۇتى سەھىھ دېگەن .

ادع إلى ربك الذي إن مسك ضر فدعوته كشف عنك و الذي إن أضللت بأرض قفر فدعوته رد عليك و الذي إن أصابتك سنة فدعوته أنبت لك( حم د هق ) عن أبي جري

244. ئەبۇ جەراسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن دۇئا قىلماقچى بولساڭ، ساڭا زەرەر يەتسە، دۇئا قىلساڭ سەندىن زەرەرنى كۆتۈرىۋېتىدىغان؛ بىپايان چۆل زېمىندا ئېزىپ قېلىپ، ئۇلۇغىڭنى يىتتۈرۈپ قويساڭ ئاندىن دۇئا قىلساڭ ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغان؛ ساڭا قەھەتچىلىك يەتسە، دۇئا قىلساڭ زىرائەت، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

دۇئاغا شۇنداق زات لايىقتۇر.

ادعوا الله و أنتم موقنون بالإجابة و اعلموا أن الله لا يستجيب دعاء من قلب غافل لاه ( ت ك ) عن أبي هريرة

245. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا دۇئا قىلىڭلار. بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ئاللاھ غاپىل، سەھۋە قىلىدىغان، سەھۋە ئويۇن بىلەن بولىدىغان قەلبنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ادعوا الناس و بشروا و لا تنفروا و يسروا و لا تعسروا ( م ) عن أبي موسى

246. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى ئىسلامغا، ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىڭلار، چاقىرىڭلار. بىشارەت بېرىپ، نەپرەتلەندۈرمەڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار. قىيىنلاشتۇرماڭلار. ئاسان قىلىپ، قىيىنلاشتۇرماڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ادعي أبا بكر أباك و أخاك حتى أكتب كتابا فإني أخاف أن يتمنى متمن و يقول قائل: أنا أولى و يأبى الله و المؤمنون إلا أبا بكر ( حم م ) عن عائشة

247. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داداڭ ئەبۇ بەكرنى ۋە قېرىندىشىڭنى چاقىرغىن، مەن بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي.

ھەقىقەتەن مەن ئەبۇ بەكرگە قارشى ئارزۇ قىلغۇچىنىڭ (خەلىپىلىكنى) ئارزۇ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم ۋە بىرەرسىنىڭ بۇ ئىشقا مەن لايىق دېيىشىدىنمۇ ئەنسىرىدىم. ئاللاھ ۋە مۆئمىنلەر ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، پەقەت ئەبۇ بەكرگىلا ئۇنايدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ادفعوها إلى خالتها فإن الخالة أم ( ك ) عن علي

248. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا ئەگەشكەن قىزچاق توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلغان: ئۇ قىزچاقنى ھاما ئانىسىغا بېرىڭلار، ھاما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ھاكىم توپلىدى، سەھىھ.

ادفنوا القتلى في مصارعهم ( 4 ) عن جابر

249. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا قۇربان بولغان شەھىدلەرنى يىقىلغان جايغا دەپنە قىلىڭلار. نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارغا شۇ جاينى تاللىغان، ئۇلارنى سىلەر يۆتكىۋەتمەڭلار.

( أدن اليتيم منك و ألطفه و امسح برأسه و أطعمه من طعامك فإن ذلك يلين قلبك و يدرك حاجتك ) الخرائطي في مكارم الأخلاق ابن عساكر عن أبي الدرداء

250. ئەبۇ داردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېتىمگە يېقىن تۇر، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنگىن، بېشىنى سىلاپ، تائامىڭدىن تائام بەرگىن. ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش قەلبىڭنى يۇمشىتىدۇ، ھاجىتىڭنى قايتۇرىدۇ، ئادا قىلىدۇ. خەرائىتى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

أدن يا بني فسم الله و كل بيمينك و كل مما يليك ( د ت حب ) عن عمر بن أبي سلمة

251. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بالام، يېقىن كەلگىن، بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭدا ئالدىڭدىن يېگىن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

بۇ بالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي بالىسىدۇر.

أدنى أهل النار عذابا ينتعل بنعلين من نار يغلي دماغه من حرارة نعليه ( م ) عن أبي سعيد

252. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابتا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغىنى ئوتتىن ئىككى كەشنى كىيىدۇ. بۇ ئىككى كەشنىڭ ھارارەت، قىزىقلىقىدىن ئۇ كىشىنىڭ مېڭىسى، دىمىقى قايناپدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە ئەبۇ تالىپ شۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ.

أديموا الحج و العمرة فإنهما ينفيان الفقرو الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديدالدارقطني في الأفراد طس عن جابر

253. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى دائىم قىلىپ تۇرۇڭلار. چۈنكى، ھەقىقەتەن بۇ ئىككى ھەج خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلاپ يوق قىلغاندەك، گۇناھلارنى، پېقىرلىقنى يوق قىلىدۇ. دارىقۇتنى، ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە پېقىرلىقتىن قورقماي ھەج قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى يوقۇلۇپ، يەنە باي بولۇشى كۆرسىتىلىدۇ.

# «ئىزا» بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر، مەنىسى چاغدا، ۋاقتىدا، سە، سا يەنى شەرت سۆزى

( صحيح ) إذا آتاك الله مالا فلير أثر نعمة الله عليك و كرامته ( 3 ك ) عن والد أبي الأحوص

254. ۋالىد ئەبۇلئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ساڭا مال ـ دۇنيا بەرسە، ئۇستۈڭدە ئاللاھنىڭ نېمىتىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن. شۇنداقلا، مال ـ دۇنيانىڭ كارامىتى (يەنى سېخىيلىق) كۆرۈلسۇن. (باشقىلار بىلىپ سورىيالايدۇ) ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( إذا آتاك الله مالا فلير عليك فإن الله يحب أن يرى أثره على عبده حسنا و لا يحب البؤس و لا التباؤس ) تخ طب الضياء عن زهير بن أبي علقمة

255. زوھەير ئىبنى ئەبۇ ئەلقەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ساڭا مال بەرسە، ئۇنىڭ ئەسىرى سەندە كۆرۈلسۇن. ئاللاھ نېمىتىنىڭ ئەسىرىنىڭ بەندىسىدە ياخشى، گۈزەل كۆرۈنۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ. نېمەتكە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى غەمكىن، غېرىپ، سۇنۇق كۆرسەتكۈچىنى ۋە شۇنداق قىلىشنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەي، ئۆچ كۆرىدۇ. بۇخارى تارىخىدا، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

إذا آتاك الله تعالى مالا لم تسأله و لم تشره إليه نفسك فاقبله فإنما هو رزق ساقه الله إليك ( هق ) عن عمر

256. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ساڭا مال بەرسە، سەن سورىماستىن، نەپسىڭنى يامان قىلماستىن، ئاچكۆز بولماستىن ئۇنى قوبۇل قىلغىن. ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ ساڭا يورۇتۇپ بەرگەن رىزقتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ باردۇر.

( صحيح ) إذا ابتعت طعاما فلا تبعه حتى تستوفيه ( م ) عن جابر

257. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام سېتىۋالساڭ، ئۇنى قولۇڭغا تولۇق تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە ساتما. مۇسلىم، سەھىھ.

إذا ابتلى الله العبد المسلم ببلاء في جسده قال الله عز و جل: أكتب له صالح عمله فإن شفاه غسله و طهره و إن قبضه غفر له و رحمه ( حم ) عن أنس

258. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇسۇلمان بەندىسىنى ئۇنىڭ جەستىگە بالا بېرىش بىلەن سىنىسا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندە ئۈچۈن سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىڭلار! ئەگەر شىپالىق، داۋا ئاتا قىلسا، ئۇنى گۇناھتىن يۇيۇپ پاكلايدۇ، جېنىنى ئالسا، مەغپىرەت قىلىپ، رەھىم قىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

إذا أبردتم إلي بريدا فابعثوه حسن الوجه حسن الاسم ( البزار ) عن بريدة

259. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئالاقىچى، پوچتىكەش ئەۋەتسەڭلار، يۈزى گۈزەل، ئىسمى گۈزەلنى ئەۋەتىڭلار. بەزار توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

إذا أبق العبد لم تقبل له صلاة ( م ) عن جرير

260. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل خوجايىنىدىن قاچسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتى أحدكم الصلاة و الإمام على حال فليصنع كما يصنع الإمام ( ت ) عن علي ومعاذ

261. ئەلى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

سىلەردىن بىر كىشى نامازغا بارسا، ئىمام نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولسا شۇ ئىشنى قىلسۇن. (يەنى رۇكۇدا بولسا رۇكۇ، سەجدىدە بولسا سەجدە قىلسۇن) تىرمىزي توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتى أحدكم الغائط فلا يستقبل القبلة و لا يولها ظهره و لكن شرقوا أو غربوا ( حم ق 4 ) عن أبي أيوب

262. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىغا ھاجەتكە بارسا، قىبلىگە يەنى كەئبىگە ئالدىنىمۇ، ئارقىسىنىمۇ قىلمىسۇن. لېكىن ئۇ كىشى قىبلىنىڭ شىمالىدا، جەنۇبىدا بولسا، شەرققە، غەربكە قارىسۇن (يەنى كەئبىنىڭ شەرق، غەربىدە بولسا، جەنۇب، شىمالىغا قارىسۇن) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتى أحدكم أهله ثم أراد أن يعود فليتوضأ ( حم م 4 ) عن أبي سعيد زاد ( حب ك هق ) : فإنه أنشط للعود

263. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئەھلىگە كەلسە (يەنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا)، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قايتا كەلمەكچى بولسا، كىچىك تاھارەت ئېلىۋەتسۇن. يەنە بىر خاتىرىدە شۇنداق قىلىش ئىككىنچىسىنى ئاكتىپ پائالىيەتچان قىلىدۇ دېگەن سۆز زىيادە باردۇر. بۇ ھېكمىتى ئىكەن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتى أحدكم خادمه بطعامه قد كفاه علاجه و دخانه فليجلسه معه فإن لم يجلسه معه فليناوله أكلة أو أكلتين ( ق د ت ه ) عن أبي هريرة

264. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرىڭلارغا خادىمى، قۇلى، خىزمەتچىسى تائام ئېلىپ كەلسە، ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، بىر-ئىككى لوقما بەرسۇن. چۈنكى، ئۇ خادىم تائامنىڭ ئامالىنى قىلغان، تۈتۈنىنى يېگەندۇر. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتى أحدكم على ماشية فإن كان فيها صاحبها فليستأذن فإن أذن له فليحتلب و ليشرب و إن لم يكن فيها فليصوت ثلاثا فإن أجابه أحد فليستأذنه فإن لم يجبه أحد فليحتلب و ليشرب و لا يحمل ( د ت هق الضياء ) عن سمرة

265. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار يايلاقتىكى چار پايلارنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالسا، ئىگىسى بولسا رۇخسەت، رازىلىق سورىسۇن، رۇخسەت بەرسە سېغىپ ئىچسۇن. ئىگىسى بولمىسا، ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ چاقىرسۇن، ئەگەر بىرەر كىشى جاۋاب بەرسە ئۇ كىشىدىن سورىسۇن. ھېچكىشى جاۋاب بەرمىسە، زۆرۈرىيەت ئۈچۈن سېغىپ ئىچسۇن، يېنىغا ئېلىۋالمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىدى، ھەسەن.

إذا أتى الرجل القوم فقالوا له: مرحبا فمرحبا به يوم القيامة يوم يلقى ربه و إذا أتى الرجل القوم فقالوا له: قحطا فقحطا له يوم القيامة ( طب ك ) عن الضحاك بن قيس

266. زەھھاك ئىبنى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى بىرەر قەۋمگە مېھمان بولۇپ كەلسە، ئۇلار ئۇ كىشىنى مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ كۈتىۋالسا، ئۇلارغىمۇ قىيامەت كۈنى (ئاللاھقا ئۇچراشقان كۈندە) مەرھابا، خۇش كەپسىلەر دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلماي قەھەتچىلىك دېسە، ئۇلارغىمۇ قىيامەت كۈنى قەھەتچىلىك بولىدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتاكم السائل فضعوا في يده و لو ظلفا محرقا ( عد ) عن جابر

267. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە سائىل، دىۋانە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ قولىغا گەرچە قوينىڭ ئۆكلەنگەن پاقالچىقىنىمۇ بولسا بېرىڭلار. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتاكم المصدق فلا يصدر عنكم إلا و هو راض ( حم م ت ن ه ) عن جري

268. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچىلار سىلەرگە بېرىپ قالسا، ئۇلار سىلەردىن پەقەت رازى بولۇپ قايتسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتاكم كريم قوم فأكرموه» ه ) عن ابن عمر ( البزار ابن خزيمة طب عد هب ) عن جرير ( البزار ) عن أبي هريرة ( عد ) عن معاذ وأبي قتادة ( ك ) عن جابر ( طب ) عن ابن عباس وعبدالله بن ضمرة ( ابن عساكر ) عن أنس وعدي بن حاتم ( الدولابي في الكنى ابن عساكر ) عن أبي راشد عبدالرحمن بن عبد بلفظ: شريف قومه

269. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە بىرەر قەۋمنىڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى كەلسە، سىلەرمۇ ئۇ كىشىنى ھۆرمەتلەڭلار، يەنى ئالىم، باشلىقلار بۇ ھەدىسنى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئۆمەردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەزار ئىبنى خۇزەيمە، تەبرانى ئىبنى ئەدى، بەيھەقىلەر، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەزار ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئىبنى ئەدى، مۇئاز ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھاكىم، جابىردىن، تەبرانى ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇمرەتتىن، ئىبنى ئەساكىر، ئەنەس، ئەدى ئىبنى ھاتەمدىن توپلىغان. ئاللاھ ئۇ ساھابىلاردىن رازى بولسۇن، بۇ ھەدىس ھەسەن.

إذا أتاكم من ترضون خلقه و دينه فزوجوه إن لا تفعلوا تكن فتنة في الأرض و فساد عريض ( ت ه ك ) عن أبي هريرة ( عد ) عن ابن عمر ( ت هق ) عن أبي حاتم المزني وماله غيره

270. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە سىلەر ئەخلاقىدىن، دىنىدىن رازى بولىدىغان كىشى ئەلچى بولۇپ كەلسە، ئەلچى ئەۋەتسە، قىز بېرىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، زېمىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئەدى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تىرمىزى بەيھەقى ئەبۇ ھاتەمدىن توپلىغان، ھەسەن.

إذا اتسع الثوب فتعطف به على منكبيك ثم صل و إن ضاق عن ذلك فشد به حقوك ثم صل بغير رداء ( حم الطحاوي ) عن جابر

271. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىيىم ـ كېچەك كەڭرى بولۇپ قالسا، ئۇنى مۈرەڭگىچە ئارتىپ ناماز ئوقۇغىن. ئەگەر تار، قىس بولۇپ، كەم بولۇپ قالسا، ئۇنى بېلىڭگىچە چىگىپ ئاندىن رىدا، تونسىزلا ناماز ئوقۇۋەرگىن، يەنى ئەۋرەت يېپىلسا بولىدى. ئەھمەد، تەھاۋىيلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتيت الصلاة فأتها بوقار و سكينة فصل ما أدركت و اقض ما فاتك ( طس ) عن سعد

272. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا كەلگىنىڭدە، ئالدىرىماي، خاتىرجەم، چوڭ سۈپەت كەلگىن. تەمكىنلىك بىلەن كېلىپ، تاپقىنىڭنى ئوقۇغىن، سەندىن ئۆتۈپ كەتكىنىنىڭ قازاسىنى قىلىپ ئادا قىل. ئەۋسەتتە بار بو لۇپ، سەھىھ.

( صحيح ) إذا أتيت أهلك فاعمل عملا كيسا ( خط ) عن جابر

273. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەھلىڭگە بارغىنىڭدا (يەنى جىنسى مۇناسىۋەتتە) ئاقىللارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ياخشى، مۇلايىم بول. خەتىبولبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتيت على راعي إبل فناد يا راعي الإبل ثلاثا فإذا أجابك و إلا فاحلب و اشرب من غير أن تفسد و إذا أتيت على حائط فناد يا صاحب الحائط ثلاثا فإن أجابك و إلا فكل من غير أن تفسد ( حم ه حب ك ) عن أبي سعيد

274. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: تۆگە باقىدىغان پادىچىنىڭ ئۇستىگە كەلگەندە، ئى پادىچى! دەپ ئۈچ قېتىم توۋلا. ساڭا جاۋاب بەرسە سورىغىن، جاۋاب بەرمىسە، بۇزماستىن سىغىپ ئىچكىن. بىرەر باغقا بېرىپ قالساڭ، ئى باغۋەن! دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىغىن. جاۋاب بەرسە، سوراپ يە، جاۋاب بەرمىسە، بۇزماستىن يېگىن (يېنىڭغا ئېلىۋالما. چۈنكى، يېيىشىڭ مۇھىم ھاجەت ئۈچۈندۇر) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان.سەھىھ

إذا أتيتم الصلاة فعليكم بالسكينة و لا تأتوها و أنتم تسعون فما أدركتم فصلوا و ما فاتكم فأتموا‌حم ق) عن أبي قتادة

275. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا بارساڭلار، ئالدىرىماي، خاتىرجەم، تەمكىنلىك بىلەن بېرىڭلار، يۈگۈرۈپ، سوكۇلداپ بارماڭلار. تاپقىنىڭلارنى ئوقۇڭلار، سىلەردىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى تولۇقلاپ، كامىل قىلىۋېلىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أتيت مضجعك فتوضأ وضوئك للصلاة ثم اضطجع على شقك الأيمن ثم قل: اللهم أسلمت وجهي إليك و فوضت أمري إليك و ألجأت ظهري إليك رغبة و رهبة إليك لا ملجأ و لا منجا منك إلا إليك آمنت بكتابك الذي أنزلت و بنبيك الذي أرسلت فإن مت من ليلتك فأنت على الفطرة و اجعلهن آخر ما تتكلم به ( حم ق 3 ) عن البراء

276. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېتىش ئۈچۈن ئورۇن تۇتقاندا، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالغىن. ئاندىن ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ يېتىپ، مۇنداق دېگىن:«ئى ئاللاھ، مەن سىلىگە يۈزلەندىم، مۈكەممەل بويسۇندۇم، بارلىق ئىشلىرىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، سىلىگە يۆلەندىم، رەھمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابلىرىدىن قورقۇپ سىلىگىلا ئىلتىجا قىلدىم، سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدىن باشقا ئىلتىجا قىلىشقا تېگىشلىك نىجاتلىق جاي يوقتۇر، سىلى نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، شەكسىز ئىشەندىم» شۇنداق دەپ بۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىسلام دىنى توغرا يول ئۈستىدە ئۆلىسەن، بۇ سۆزلەرنى سۆزۈڭنىڭ ئاخىرى قىلغىن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىلار توپلىغان. سەھىھ.

إذا أثنى عليك جيرانك أنك محسن فأنت محسن و إذا أثنى عليك جيرانك أنك مسيء فأنت مسيء ( ابن عساكر ) عن ابن مسعود

277. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنىلىرىڭ سېنى ھەققەتەن بۇ كىشى ياخشى ئادەم دەپ مەدھىيىلىسە، سەن ياخشى كىشى ھېسابلىنىسەن؛ سېنى ھەققەتەن بۇ كىشى ناچار، يامان ئادەم دېسە، سەن يامان ئادەم ھېسابلىنىسەن. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ، (چۈنكى ئۇلار گۇۋاھچى).

إذا أجمرتم الميت فأجمروه ثلاثا ( حم هق الضياء ) عن جابر

278. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيىتكە خۇشپۇراق ئەتىر سېپىڭلار، ئۈچ قېتىم تاق سېپىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب أحدكم أخاه فليعلمه أنه يحبه ( حم خد د ت حب ك ) عن المقداد بن معدي كرب ( حب ) عن أنس ( خد ) عن رجل من الصحابة

279. مىقداد ئىبنى مەئدىيكەرىيبە ئەنەس ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنى، بۇرادىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىملەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب أحدكم أخاه في الله فليعلمه فإنه أبقى في الألفة و أثبت في المودة ( ابن أبي الدنيا في كتاب الإخوان ) عن مجاهد مرسلا

280. مۇجاھىد رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ قالسا، بىلدۈرۈپ قويسۇن. شۇنداق قىلىش

ئۇنىسى ـ ئۆلپەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دوستلۇقنى چىڭىتىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان ھەسەن.

إذا أحب أحدكم صاحبه فليأته في مترله فليخبره أنه يحبه لله ( حم الضياء ) عن أبي ذر

281. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەمراھىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ جايىغا، ئۆيىگە بېرىپ، ھەقىقەتەن ئۇنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويسۇن. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب الله عبدا حماه في الدنيا كما يحمي أحدكم سقيمه الماء ( ت ك هب ) عن قتادة بن النعمان

282. قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى خۇددى بىرىڭلار كېسەل كىشىنى سۇدىن ھىمايە قىلىپ، ساقلىغاندەك ھىمايە قىلىپ ساقلايدۇ. تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب الله عبدا نادى جبريل: إن الله يحب فلانا فأحبه فيحبه جبريل فينادي جبريل في أهل السماء: إن الله يحب فلانا فأحبوه فيحبه أهل السماء ثم يوضع له القبول في الأرض ( ق ) عن أبي هريرة

283. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلغا ھەقىقەتەن ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ياخشى كۆر دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ بەندىنى جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە ھەقىقەتەن ئاللاھ پالانى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار! دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇنى ئاسمان ئەھلى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن زېمىندىمۇ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىش قويۇلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب الله عبدا نادى جبريل: إني قد أحببت فلانا فأحبه فينادي في السماء ثم تترل له المحبة في الأرض فذلك قوله تعالى: ( إن الذين آمنوا و عملوا الصالحات سيجعل لهم الرحمن ودا ) و إذا أبغض الله عبدا نادى جبريل إني أبغضت فلانا فينادي في السماء ثم تترل له البغضاء في الأرض . ( ت ) عن أبي هريرة

284. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلغا، مەن پالانىنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ياخشى كۆر دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندا نىدا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن بولغان مۇھەببەت زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭ دەلىلى بولسا، سۈرە مەريەمدىكى مۇنۇ ئايەتتۇر: «ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ» (سۈرە مەريەم 96 ـ ئايەت) ئاللاھ بىرەر بەندىنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتسا، جىبرىئىلغا مەن پالانىنى دۈشمەن تۇتتۇم، سەنمۇ دۈشمەن تۇت دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماندا نىدا قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى ئۈچۈن بولغان ئۆچمەنلىك، دۈشمەن تۇتۇش زېمىنغا چۈشىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحب الله قوما ابتلاهم ( طس هب الضياء ) عن أنس

285. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، بالالار بىلەن سىنايدۇ. (بىرەر شەخسنىمۇ شۇنداق ئەۋسەت، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحدث أحدكم في صلاته فليأخذ بأنفه ثم لينصرف ( ه ك حب هق ) عن عائشة

286. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ نامازى ئىچىدە تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، بۇرنىنى تۇتۇپ قايتسۇن، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أحسن أحدكم إسلامه فكل حسنة يعملها يكتب له عشرة أمثالها إلى سبعمائة ضعف و كل سيئة يعملها يكتب له مثلها حتى يلقى الله

( حم ق ) عن أبي هريرة

287. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىسلامىنى، دىنىنى ياخشى قىلسا، يەنى ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ياخشى ئەمەلىگە 10دىن 700گىچە يېزىلىدۇ. ئۇ قىلغان ھەربىر يامان ئەمەل بولسا بىرلا يېزىلىدۇ، يەنى بىرگە بىر يېزىلىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا اختلف البيعان فالقول قول البائع و المبتاع بالخيار ( ت هق ) عن ابن مسعود

288. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، سۆز ساتقۇچىنىڭ بولىدۇ (يەنى شۇنىڭ گېپى ھېساب بولىدۇ) سېتىۋالغۇچى ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا سېتىۋالىدۇ، خالىسا ئالمايدۇ. تىرمىزى، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. قۇرئاندىن، ھەدىستىن، ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمنى دوكتور، شەيخلەر چىقارسۇن، فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

إذا اختلف البيعان و ليس بينهما بينة فهو ما يقول رب السلعة أو يتتاركان ( د ن ك هق ) عن ابن مسعود

289. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ھەر ئىككىسىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججىتى بولمىسا، ئۇ چاغدا مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ ياكى ئۇلار سودىنى تەرك ئېتىدۇ. (مال ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولۇشىدا، مال مەيداندا باردۇر) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا اختلف البيعان و ليس بينهما بينة و المبيع قائم بعينه فالقول ما قال البائع أو يتركان البيع ( ه ) عن ابن مسعود

290. بۇ ھەدىسمۇ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر. پەقەت مال، نەخ مەيداندا ئۆز ئەينى بولسا دېگەن سۆز زىيادە قىلىنغان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا اختلفتم في الطريق فاجعلوه سبعة أذرع ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة ( حم ه هق ) عن ابن عباس

291. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولغا سىغماي سوقۇشۇپ كەتكۈدەك بولساڭلار، يولنى يەتتە گەز قىلىڭلار، يەنى 3ـ 4 مېتىر قىلىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

يەنە سىغىشمىسا يەنە كەڭرى قىلسا بولىدۇ، مۇسۇلمانلار ياخشى دېگەن ئىش ياخشى بولىدۇ.

إذا أخذت مضجعك من الليل فاقرأ ( قل يا أيها الكافرون ثم نم على خاتمتها فإنها براءة من الشرك ) . ( حم د ت ك هب ) عن نوفل بن معاوية ( ن البغوي ابن قانع الضياء ) عن جبلة بن حارثة

292. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇن تۇتقاندا، سۈرە قۇل يا ئەييۇھەل كافىرۇننى ئوقۇپ تۈگىتىپ ئۇخلا، ھەقىقەتەن ئۇ شېرىكتىن قۇتقۇزىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقىلەر نەۋپەل ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نەسەئى، بەغەۋى، ئىبنى قانىئ، زىيائۇلمەقدەسى جەبلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، ھەسەن.

إذا أدخل أحدكم رجليه في خفيه و هما طاهرتان فليمسح عليهما ثلاثا للمسافر و يوما للمقيم ( ش ) عن أبي هريرة

293. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىككى پۇتىنى پاك ھالدا (ئىككى پۇتى پاك ھالدا) ئۆتۈك كىيسە، مۇساپىر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، مۇقىم تۇرغان كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈز مەسھ قىلسا بولىدۇ. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أدرك أحدكم سجدة من صلاة العصر قبل أن تغرب الشمس فليتم صلاته و إذا أدرك سجدة من صلاة الصبح قبل أن تطلع الشمس

فليتم صلاته ( خ ن ) عن أبي هريرة

294. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى كۈن كىرىشتىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدىن بىر سەجدە بىر رەكەت تاپسا، نامىزىنى كامىل، تولۇق قىلىۋالسۇن. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بامدات نامىزىدىن بىر سەجدە تاپسا، بۇ نامىزىنىمۇ كامىل قىلىۋالسۇن. بۇخارى بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أدى العبد حق الله و حق مواليه كان له أجران ( حم م ) عن أبي هريرة

295. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قۇل، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بولىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا أذن ابن أم مكتوم فكلوا و اشربوا و إذا أذن بلال فلا تأكلوا و لا تشربوا ( حم ن ابن خزيمة حب ) عن أنيسة بن خبيب

296. ئەنىيسەت ئىبنى خەبىيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئابدۇللا ئىبنى ئۇممە مەكتۇم ئەزان توۋلىغان چاغدا، سوھۇرلۇق تامىقىڭلارنى يەپ ئىچىۋېرىڭلار (چۈنكى، بۇ سۈبھى تېخى يورۇمىغان چاغ) بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان توۋلىغاندا يېمەڭلار، ئىچمەڭلار (چۈنكى، بۇ سۈبھى يورۇپ بولغان چاغ). ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ. بەزى خاتىرىدە دەل بۇنىڭ ئەكسى يەنى ئىبنى ئۇممە مەكتۇم توۋلىغاندا يەڭلار، ئۇ سۈبھى يورىدى دېگەندە توۋلايدۇ دېيىلگەن.

إذا أذن المؤذن فلا يخرج أحد حتى يصلي ( هب ) عن أبي هريرة

297. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئەزان توۋلىغان چاغدا، مەسجىدتىن ناماز ئوقۇمىغىچە ھېچ كىشى چىقمىسۇن! بەيھەقى شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، سەھىھ.

إذا أذنت المغرب فاحدرها مع الشمس حدرا ( طب ) عن أبي محذورة

298. ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام نامىزىغا ئەزان توۋلىغان چېغىڭدا، قۇياش كىرىشكە ئالدىرىغانىدەك، سەنمۇ ئۇ نامازغا ئالدىراپ، تېز تەكبىر ئوقۇغىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد أحدكم أن يذهب إلى الخلاء و أقيمت الصلاة فليذهب إلى الخلاء ( حم د ن ه حب ك ) عن عبدالله بن أرقم

299. ئابدۇللا ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھاجەتخانىغا بېرىشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، ھاجەتخانىغا بېرىۋەرسۇن (كېلىپ تاھارەت ئېلىپ ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن مۆئمىن كىشى مىس ـ مىس بولماي، ئالدىن تەييارلىق قىلىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد أحدكم أن يزوج ابنته فليستأمرها ( طب ) عن أبي موسى

300. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى قىزىنى ئەرگە بەرمەكچى بولسا، قىزى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئىزنى، رۇخسەت، رازىلىقنى ئالسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد أحدكم من امرأته حاجته فليأتها و إن كانت على تنور ( حم طب ) عن طلق بن علي

301. تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاياللىرىدىن ھاجىتىنى ئادا قىلماقچى، ھېسسىياتى قاندۇرماقچى بولسا،

گەرچە ئۇ ئايال تونۇر ئۈستىدە نان يېپىۋاتقان بولسىمۇ دەرھال كەلسۇن، يەنى ھاجىتىنى ئادا قىلسۇن. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بالأمير خيرا جعل له وزير صدق إن نسي ذكره و إن ذكر أعانه و إذا أراد به غير ذلك جعل له وزير سوء إن نسي لم يذكره و إن ذكر لم يعنه ( د هب ) عن عائشة

302. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر ئەمىر، خەلىپىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا سەممىي، سادىق، ئىشەنچلىك ۋەزىرنى قىلىپ بېرىدۇ. خەلىپە ئۇنتۇپ قالسا، ۋەزىر ئەسلىتىدۇ؛ ئەسلىسە، ئىسىگە كەلسە، ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن باشقىنى ئىرادە قىلسا، يەنى ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىسا، ئۇ خەلىپىگە يامان، ئوسال ۋەزىرنى قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنتۇپ قالسا، ئەسلەتمەيدۇ؛ ئىسىگە ئالسا، ياردەم بەرمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بأهل بيت خيرا أدخل عليهم الرفق ( حم تخ هب ) عن عائشة ( البزار ) عن جابر

303. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر ئۆي ئەھلىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈشنى كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى ئەدەب دېگەن كىتابىدا، بەيھەقى، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بعبد خيرا استعمله قيل: ما يستعمله ؟ قال: يفتح له عملا صالحا بين يدي موته حتى يرضي عليه من حوله ( حم ك ) عن عمرو بن الحمق

304. ئەمرۇ ئىبنى ھەمەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى ئەمەل قىلدۇرىدۇ. قانداق ئەمەل قىلدۇرىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇ كىشى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەلنى ئېچىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۆلۈمى ئالدىدا ھەتتا ئۇ كىشىدىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرمۇ رازى بولىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بعبد خيرا استعمله قيل: كيف يستعمله ؟ قال: يوفقه لعمل صالح قبل الموت ثم يقبضه عليه ( حم ت حب ك ) عن أنس

305. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئەمەل قىلدۇرىدۇ. قانداق ئەمەل قىلدۇرىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆلۈش ئالدىدا تەۋپىق ئاتا قىلىپ، ياخشى، سالىھ ئەمەلنى ئاسان، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ بېرىپ، ئاندىن شۇ ئەمەل ئۈستىدە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بعبد خيرا طهره قبل موته قالوا: و ما طهور العبد ؟ قال: عمل صالح يلهمه إياه حتى يقبضه عليه ( طب ) عن أبي أمامة

306. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇنى ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن پاكلايدۇ. ئۇلار قانداق پاكلايدۇ؟ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشى ئەمەلنى ئىلھام قىلىدۇ، ئاندىن شۇ ئەمەلنىڭ ئۈستىدە جېنىنى ئالىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بعبد خيرا عسله قيل: و ما عسله ؟ قال: يفتح له عملا صالحا قبل موته ثم يقبضه عل حم طب عن أبي

307. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى ئەبۇ ئەنبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش. بۇ ھەدىستە يۇيىدۇ دېيىلگەن، مەنىسى ئوخشاشتۇر. ئاللاھ بىزنى شۇ بەندىدىن قىلسۇن ئامىن!

إذا أراد الله بعبده الخير عجل له العقوبة في الدنيا و إذا أراد بعبده الشر أمسك عنه بذنبه حتى يوافي به يوم القيامة ( ت ك ) عن أنس ( طب ك هب ) عن عبدالله بن مغفل ( طب ) عن عمار بن ياسر ( عد ) عن أبي هريرة

308. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ، بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇشۇ دۇنيادا ئازابىنى تېز بېرىدۇ. يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ قالسا، ئۇ بەندىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بىرگە مەھكەم ساقلاپ، قىيامەت كۈنى جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ھاكىم ئەنەسدىن، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەلدىن، تەبرانى ئەممادىن، ئىبنى ئەدى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله بقوم عذابا أصاب العذاب من كان فيهم ثم بعثوا على أعمالهم ( ق ) عن ابن عمر

309. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ئازابلاشنى ئىرادە قىلسا، ئازابنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەرگىمۇ يەتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ. يەنە بىر خاتىرىدە نىيەتلىرى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلىدۇ دېيىلگەن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله خلق شيء لم يمنعه شيء ( م ) عن أبي سعيد

310. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر نەرسىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنى ھېچنەرسە توسالمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أراد الله قبض عبد بأرض جعل له فيها حاجة ( طب حم حل ) عن أبي هريرة

311. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بەندىنىڭ جېنىنى بىرەر زېمىندا ئېلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ بەندە ئۈچۈن ئاشۇ زېمىندا بىرەر ھاجەتنى قىلىپ قويىدۇ ـ دە، جېنىنى شۇ جايدا ئالىدۇ. تەبرانى، ئەھمەد، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أردت أن تبزق فلا تبزق عن يمينك و لكن عن يسارك إن كان فارغا فإن لم يكن فارغا فتحت قدمك ( البزار ) عن طارق بن عبدالله

312. تارىق ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا بەلغەم تۈكۈرۈشنى ئىرادە قىلساڭ، ئوڭ تەرىپىڭگە تۈكۈرمەي، بىكار بولسا سول تەرىپىڭگە تۈكۈرگىن، بىكار پارىغ بولمىسا پۇتۇڭنىڭ ئاستىغا تۈكۈرگىن. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أرسلت كلابك المعلمة و ذكرت اسم الله فكل مما أمسكن عليك و إن قتلن إلا أن يأكل الكلب فإني أخاف أن يكون إنما أمسكه على نفسه و إن خالطها كلاب من غيرها فلا تأكل فإنك لا تدري أيها قتل و إن رميت الصيد فوجدته بعد يوم أو يومين ليس به إلا أثر سهمك فكل و إن وقع في الماء فلا تأكل ( ق 4 ) عن عدي بن حات

313. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتىڭنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ قويۇپ بەرسەڭ، گەرچە ئۇ ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ، يېگىن. لېكىن ئىت يەپ قويسا يېمىگىن، ھەقىقەتەن مەن ئىتنىڭ ئوۋنى ئۆزى ئۈچۈن ساقلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر سەن قويۇپ بەرگەن ئىتقا باشقا ئىتلار ئارىلىشىپ قالسا، يەنە يېمىگىن، چۈنكى، سەن قايسىسىنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى بىلەلمەيسەن. ئەگەر سەن بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئوقنى ئاتساڭ، بىرـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى تاپساڭ، ئۇنىڭدا پەقەت سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئەسىرى بولسا يېگىن، سۇغا چۈشۈپ كەتسە (سىبىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا) يېمىگىن. بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أرسلت كلبك المعلم فقتل فكل و إذا أكل فلا تأكل فإنما أمسك على نفسه و إن وجدت معه كلبا آخر فلا تأكل فإنما سميت على كلبك و لم تسم على كلب آخر ( ق ) عن عدي بن حاتم

314. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرسەڭ، ئۇ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئوۋلىغان نەرسىنى يېگىن.

ئىت يەپ قويسا يېمىگىن، ھەقىقەتەن ئۇ ئۇۋنى ساڭا ئەمەس، ئۆزىگە تۇتۇپ قالغان بولىدۇ. ئىتىڭ بىلەن باشقا بىر ئىتنى تاپساڭ، يېمىگىن، چۈنكى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىتىغا بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان، يەنە بىر ئىتقا بولسا تىلغا ئالمىغان. بەيھەقى خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

إذا أرسلت كلبك المكلب و ذكرت و سميت فكل ما أمسك عليك كلبك المكلب و إن قتل و إن أرسلت كلبك الذي ليس بمكلب و أدركت ذكاته فكل و كل ما رد عليك سهمك و إن قتل و سم الله ( حم ق 3 ) عن أبي ثعلبة

315. ئەبۇ سۇئىلەبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرسەڭ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، بىسمىللا دېگەن بولساڭ، ئۇ تۇتۇپ ساقلاپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يېگىن، گەرچە ئۇ ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ شۇنداق. ئەگەر سەن بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرسەڭ، بوغۇزلاپ يېگىن. ئوقيادا ئۆلتۈرگەن نەرسە بولسىمۇ ئۇ ئۇۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ يەۋەرگىن، بىسمىللاھ دېگىن (قاپقانمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أرسلت كلبك فاذكر اسم الله فإن أمسك عليك فأدركته حيا فاذبحه فإن أدركته قد قتله و لم يأكل منه فكله و إن وجدت مع كلبك كلبا غيره قد قتل فلا تأكل فإنك لا تدري أيها قتله و إن رميت بسهمك فاذكر اسم الله فإن غاب عنك يوما فلم تجد فيه إلا أثر سهمك فكل إن شئت و إن وجدته غريقا في الماء فلا تأكل فإنك لا تدري الماء قتله أو سهمك ؟ ( م ن ) عن عدي بن حاتم

316. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم بىلەن نەسەئى توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئوخشاش. مەنىدە تىرىك تاپساڭ، بوغۇزلاپ يېگىن. ئۆلۈك تاپساڭ، ئىت يېمىگەن بولسا يېگىن، سۇدا غەرق بولغاننى يېمىگىن، چۈنكى سەن ئوق بىلەن ئۆلتۈردۈڭمۇ ياكى سۇمۇ؟ ئۇقمايسەن دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن، سەھىھ.

( حسن ) إذا أسأت فأحسن ( ك هب ) عن ابن عمرو

317. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر يامانلىق قىلساڭ، بىر ياخشىلىق قىل، ياكى ساڭا يامانلىق قىلىنسىمۇ سەن ياخشىلىق قىل. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا استأذن أحدكم ثلاثا فلم يؤذن له فليرجع ( مالك حم ق د ) عن أبي موسى وأبي سعيد معا ( طب الضياء ) عن جندب البجلي

318. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۈچ قېتىم ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن. بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئەبۇ مۇسا ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، جۇندۇبدىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا استأذنت أحدكم امرأته إلى المسجد فلا يمنعها ( حم ق ن ) عن ابن عمر

319. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئايالى مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت سورىسا، توسمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا استؤذن على الرجل و هو يصلي فإذنه التسبيح و إذا استؤذن على المرأة و هي تصلى فإذنها التصفيق ( هق ) عن أبي هريرة

320. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ناماز ئوقۇۋاتقاندا، رۇخسەت، ئىزنى سورالسا، ئۇنىڭ ئىزنى قىلىشى سۇبھانەللاھ دېگەن تەسبىھدۇر. ئايال كىشى ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئىزنى سورالسا، ئۇنىڭ ئىزنى قىلىشى چاۋاكتۇر. بەيھەقى خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

( صحيح ) إذا استجمر أحدكم فليوتر ( حم م ) عن جابر

321. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، ئەتىر ئىشلەتسە، تاق قىلسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مەنىسى ئىستىنجادا تاق چالما تۇتۇش، تاق تازىلاش.

إذا استطاب أحدكم فلا يستطب بيمينه ليستنج بشماله ( ٥ ) عن أبي هريرة

322. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىستىنجا قىلىش بىلەن پاكلانماقچى بولسا، ئوڭ قولى بىلەن قىلماي، سول قولى بىلەن ئىستىنجا قىلسۇن، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، يەنى ئەۋرەتنى تازىلاش.

إذا استعطرت المرأة فمرت على القوم ليجدوا ريحها فهي زانية ( 3 ) عن أبي موسى

323. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر ئايال ئەتىر ئىشلىتىپ، بىرەر جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى تاپسا، ئۇ ئايال زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا استقبلت القبلة فكبر ثم اقرأ بأم القرآن ثم اقرأ بما شئت فإذا ركعت فاجعل راحتيك على ركبتيك و امدد ظهرك و مكن لركوعك فإذا رفعت رأسك فأقم صلبك حتى ترجع العظام إلى مفاصلها فإذا سجدت فمكن سجودك فإذا جلست فاجلس على فخذك اليسرى ثم اصنع كذلك في كل ركعة و سجدة ( حم حب ) عن رفاعة بن رافع الزرقي

324. رۇپائەت ئىبنى راپىئزۇرەقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن قىبلىگە ئالدىڭنى قىلغاندا، تەكبىر ئېيتىپ، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن. ئاندىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغىن، ئاندىن سەن خالىغان بىر سۈرىنى ئوقۇغىن. ئاندىن رۇكۇ قىلغاندا قولۇڭنى تىزىڭ ئۈستىدە قويغىن، ئۇچاڭنى يېيىپ رۇس تۇر، رۇكۇنى ئىمكان قەدەر ياخشى قىل، راۋۇرۇس قىلغىن. ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، سۇلبىڭنى تۈزلە، سۆڭەكلەر، مەسپەللىرىگە قايتسۇن. سەجدە قىلساڭ رۇس قىلىپ، سەجدىدە ئىمكان قەدەر ياخشى تۇر. ئولتۇرغاندا بولسا سول يوتاڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىن. ئاندىن ھەربىر رۇكۇ، سەجدىلەردە شۇنداق قىلغىن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا استلج أحدكم في اليمين فإنه آثم له عند الله من الكفارة التي أمر بها ( ٥ ) عن أبي هريرة

325. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قەسەمنى داۋام قىلدۇرسە، بۇزۇۋەرسە ھەققەتەن ئۇ گۇناھكاردۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىدە ئۇ كىشى بۇيرۇلغان كەفارەتلا بار. ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا استلقى أحدكم على قفاه فلا يضع إحدى رجليه على الأخرى ( ت ) عن البراء ( حم ) عن جابر ( البزار ) عن ابن عباس

326. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئوڭدىسىغا ياتسا، بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويمىسۇن. تىرمىزى بەررائىدىن، ئەھمەد جابىردىن، بەزار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇسلىمدا بولىدىغانلىق توغرىسىدا ھەدىس بار، يۇقىرىقى ئەمەلدىن قالدۇ.

إذا استنشقت فاستنثر و إذا استجمرت فأوتر ( طب ) عن سلمة بن قيس

327. سەلەمەت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرنۇڭغا سۇ ئالساڭ پۈركۈپ تېشىغا چىقارغىن، ئىستىنجا قىلساڭ تاق قىلغىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا استهل المولود ورث ( د هق ) عن أبي هريرة

328. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا ئاۋاز قىلىپ چۈشسە، ۋارىس بولالايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا استيقظ أحدكم فليقل: الحمد لله الذي رد على روحي و عافاني في جسدي و أذن لي بذكره( ابنالسني عن أبي هريرة

329. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، مۇنداق دېسۇن: «بارلىق ھەمدۇ-سانالار ماڭا روھىمنى، جېنىمنى قايتۇرغان، جەستىمنى ساقلىغان، مەن ئۇچۇن ئۆزىنى زىكرى قىلىپ ئەسلەشكە رۇخسەت قىلغان ئاللاھقىلا خاستۇر» ئىبنى سەنا توپلىغان، ھەسەن.

إذا استيقظ أحدكم من منامه فتوضأ فليستنثر ثلاث مرات فإن الشيطان يبيت على خياشيمه ( ق ن ) عن أبي هريرة

330. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ، بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالسۇن. چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ بۇرنىدا قونىدۇ. نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا استيقظ أحدكم من نومه فرأى بللا و لم ير أنه احتلم اغتسل و إذا رأى أنه قد احتلم و لم ير بللا فلا غسل عليه( سعد ه ) عن عائشة

331. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، ئىھتىلام بولمىسىمۇ ھۆللۈكنى، مەنىينى كۆرسە، غۇسلى قىلىپ يۇيىنىدۇ. چۈشىدە ئىھتىلام بولسىمۇ، ھۆللۈكنى، مەنىنى كۆرمىسە، غۇسلى قىلمايدۇ، يۇيۇنمايدۇ. ئىبنى سەئىد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إذا استيقظ أحدكم من نومه فلا يدخل يده في الإناء حتى يغسلها ثلاثا فإن أحدكم لا يدري أين باتت يده ( مالك الشافعي حم ق 4 ) عن أبي هريرة

332. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان چاغدا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغىچە قاچىغا سالمىسۇن. چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ كېچىسى نەدە تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ. مالىك، شافىئى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا استيقظ الرجل من الليل و أيقظ أهله و صليا ركعتين كتبا من الذاكرين الله كثيرا و الذاكرات ( د ن ه حب ك ) عن أبي هريرة وأبي سعيد معا

333. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى كېچىدە ئويغىتىپ ھەر ئىككىلىسى ناماز ئوقۇسا، ئۇلار ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچى ئەر-ئاياللار دەپ يېزىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا استيقظت فصل ( حم د حب ك ) عن أبي سعيد

334. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئويغانغان چېغىڭدا ناماز ئوقۇغىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

( حسن )إذا أسلم الرجل فهو أحق بأرضه و ماله ( حم ) عن صخر بن عيلة

335. سەخر ئىبنى ئەيلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى مۇسۇلمان بولسا ئۆز زېمىنىغا، ئۆز مېلىغا ئۆزى ئەڭ لايىقتۇر (يەنى مۇسۇلمان بولغان كىشىگە ئىسلام خەلىپىسى مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ) ئەھمەد رەھمەھۇللاھ توپلىغان، ھەسەن.

إذا أسلم العبد فحسن إسلامه كتب الله له كل حسنة كان أسلفها و محيت عنه كل سيئة كان أزلفها ثم كان بعد ذلك القصاص الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف و السيئة بمثلها إلا أن يتجاوز الله عنها ( مالك ن هب ) عن أبي سعيد

336. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى ياخشى بولۇپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىنى يېزىپ، يېقىندا قىلغان بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ، ئاندىن كېيىنكىسى ئادىللىق مىزان بولسا، مۇنداق بولىدۇ، بىر ياخشىلىققا 10دىن 700 گىچە يېزىلىدۇ، بىر يامانلىققا بولسا، بىرلا گۇناھ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ ئۆتۈۋېتىدۇ، مالىك، نەسەئى، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أسلم العبد فحسن إسلامه يكفر الله عنه كل سيئة كان زلفها و كان بعد ذلك القصاص الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف و السيئة بمثلها إلا أن يتجاوز الله عنها ( خ ن ) عن أبي سعيد

337. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى ياخشى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن كېيىن قىساس (يەنى ئادىل تەڭشەش) بىر ياخشىلىققا 10دىن 700 گىچە، بىر يامانلىققا بىر يېزىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆتۈۋېتىشى تېخى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أشار الرجل على أخيه بالسلاح فهما على جرف جهنم فإذا قتله وقعا فيه جميعا ( الطيالسي ن ) عن أبي بكرة

338. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىغا قورال تەڭلىسە، ئىشارەت قىلسا، ھەر ئىككىلىسى دوۋزاخنىڭ گىرۋىكىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈۋەتسە، ھەر ئىككىلىسى دوۋزاخقا كىرىدۇ. تەيالىسى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، ئۆلگۈچىمۇ قورال تەڭلەگىلىك، يا بۇ ئۆلتۈرەتتى.

إذا اشتد الحر فأبردوا بالصلاة فإن شدة الحر من فيح جهنم ( حم ق 3 ) عن أبي هريرة ( حم ق د ت ) عن أبي ذر ( ق ) عن ابن عمر

339. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاۋا بەك قىززىپ كەتسە، نامازنى يەنى پېشىننى ھاۋا سوۋۇغاندا ئوقۇڭلار. ھەقىقەتەن قىزىق ھارارەت، دوۋزاخنىڭ زەھرى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەبۇ زەردىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) وتقدم برقم: 30 ( ه ) عن أبي هريرة . إذا اشتد الحر فأبردوا بالظهر فإن شدة الحر من فيح جهنم

340. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، پېشىننى تىلغا ئالغان، شۇنداقلا بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى 30 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا اشترى أحدكم الجارية فليقل: اللهم إني أسألك خيرها و خير ما جبلتها عليه و أعوذ بك من شرها و شر ما جبلتها عليه و ليدع بالبركة و إذا اشترى أحدكم بعيرا فليأخذ بذروة سنامه و ليدع بالبركة و ليقل مثل ذلك ( ه ) عن ابن عمرو

341. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۆرىلىككە دېدەك قىزچاق سېتىۋالسا، مۇنداق دېسۇن: «ئى ئاللاھ، مەن سىلىدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلى ئۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن سىلى ئۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» ئاندىن بەرىكەت تىلىسۇن. بىرىڭلار تۆگە سېتىۋالسا، قولىنى لوكىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بەرىكەت تىلەپ، يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا اشتريت مبيعا فلا تبعه حتى تقبضه ( حم ن حب ) عن حكيم بن حزام

342. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال سېتىۋالساڭ، ئۇنى قولۇڭغا تاپشۇرۇپ ئالمىغۇچە ساتما! نەسەئى، ئەھمەد ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

ئامبارغا سالغان قولۇپىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالماي، مالنى كۆرمەي تۇرۇپ، ھۆججەت، ئىسپات يوق تۇرۇپ نېمىنى ساتىسىز؟ يوق نەرسىنى ساتماڭ.

إذا اشتكى العبد المسلم قال الله تعالى للذين يكتبون: اكتبوا له أفضل ما كان يعمل إذا كان طلقا حتى أطلقه ( حل ) عن ابن عمرو

343. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان بەندە كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، ئاللاھ ئەمەللەرنى يازىدىغان كاتىپلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندەم ئۈچۈن ئۇ ساق چاغدا قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىنى يېزىڭلار! بۇ ئەھۋال ئۇ

ساقىيىپ، ئەركىن بوشانغىچە شۇنداق بولىدۇ. ئەبۇ نۇئەيىم ھىلىيەتتە توپلىغان، سەھىھ.

إذا اشتكى المؤمن أخلصه من الذنوب كما يخلص الكير خبث الحديد ( خد حب طس ) عن عائشة

344. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى ئاغرىپ قالسا، كېسەل ئۇنى گۇناھلىرىدىن خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنى كىرلەردىن سۈزۈپ تازىلىغاندەك، پاكىز تازىلايدۇ. بۇخارى ئەدەبتە، ئىبنى ھەببان ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

إذا اشتكى عينيه و هو محرم ضمدهما بالصبر ( م ) عن عثمان

345. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرام باغلاقلىق تۇرۇپمۇ كۆزى ئاغرىپ قالسا، سەبورە (يەنى بىر خىل داۋا بولىدىغان دەرەخنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى) بىلەن ياغلاپ تاڭاتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا اشتكيت فضع يدك حيث تشتكي ثم قل: بسم الله أعوذ بعزة الله و قدرته من شر ما أجد من وجعي هذا ثم ارفع يدك ثم أعد ذلك وترا ( ت ك ) عن أنس

346. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل بولۇپ، بىرەر ئەزايىڭ ئاغرىپ قالسا، شۇ جايغا قولۇڭنى قويۇپ، مۇنداق دېگىن: «بىسمىللاھى ئەئۇزۇ بىئىززەتىللاھى ۋەقۇدرەتىھى مىن شەررىما ئەجىدۇ مىن ۋەجئى ھازا» (تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ ئىززىتى، غالىبلىقى ، قۇدرىتى بىلەن مەن مۇشۇ كېسەلىمدىن تاپقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن) ئاندىن قولۇڭنى كۆتۈرۈۋېتىپ، يەنە قايتا قويۇپ قايتا قىلىسەن، بۇنى تاق قىلىسەن. (3، 5، 7، 9) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن، شۇنداقلا بىزمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن، قىلچە شەك قىلماي ئاللاھقا ئىشىنىپ تەۋەككۇل قىلسىڭىز، چوقۇم ئۈنۈم بېرىدۇ.

إذا أصاب أحدكم مصيبة فليذكر مصيبته بي فإنها من أعظم المصائب ( عد هب ) عن ابن عباس ( طب ) عن سابط الجمحي

347. ئىبنى ئابباس، سابىت جەمھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارغا مۇسىبەت يەتسە، دەرھال مېنىڭ ۋاپات بولغىنىمنى، مەندىن ئايرىلىپ قالغان مۇسىبەتنى ئەسلىسۇن. ھەقىقەتەن ئۈنىڭدىن چوڭ مۇسىبەت يوق، ئۇ ئەڭ چوڭى. ئىبنى ئەدى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( إذا أصاب أحدكم هم أو لأواء فليقل: الله الله ربي لا أشرك به شيئا ) طس عن عائشة

348. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارغا غەم ـ ئەندىشە ياكى قىيىنچىلىق، تار تۇرمۇش يەتسە، مۇنداق دېسۇن: «ئاللاھ، ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، مەن ئۇنىڭغا ھېچ نېمىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن» ئەۋسەتتە بار، ھەسەن.

إذا أصاب المكاتب حدا أو ورث ميراثا فإنه يورث على قدر ما عتق و يقام عليه بقدر ما عتق منه ( د ت ك ) عن ابن عباس

349. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قولىغا «مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسەڭ ئازاد بولىسەن» دەپ خەت يېزىپ بېرىلگەن مۇكاتەپ قۇل جازاغا يېتىپ قالسا ياكى مىراس ئېلىغا ۋارىس بولماقچى بولسا، ئازاد قىلىنغان مىقداردا شۇ بويىچە ۋارىس بولالايدۇ، شۇنىڭ بويىچە جازاغا تارتىلىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە جازا تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أصاب ثوب إحداكن الدم من الحيضة فلتقرصه ثم لتنضحه بالماء ثم لتصلي فيه ( ق د ) عن أسماء بنت أبي بكر

350. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ كىيىمىگە ھەيز (ئاياللار كېسىلىنىڭ قېنى) تېگىپ

قالسا، ئۇنى تاتلاپ چىقىرىپ، سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسۇن. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( إذا أصبح ابن آدم فإن الأعضاء كلها تكفر اللسان فتقول: اتق الله فينا فإنما نحن بك فإن استقمت استقمنا و إن اعوججت اعوججنا ) ت ابن خزيمة هب عن أبي سعيد

351. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر كۈنى ئادەم بالىسى تاڭ ئاتقۇزسىلا، بارلىق ئەزالىرى تىلىنى ئەيىبلەپ، تىلغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يالۋۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئاللاھدىن قورققىن، ھەقىقەتەن بىز ساڭا باغلىق. سەن رۇس، تۈز بولساڭ، بىزمۇ شۇنداق بولىمىز، ئەگەر سەن ئەگرى بولساڭ، بىزمۇ ئەگرى بولىمىز. تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە، بەيھەقىلەر توپلىغان، ھەسەن.

( إذا أصبح أحدكم فليقل: أصبحنا و أصبح الملك لله رب العالمين اللهم أني أسألك خير هذا اليوم فتحه و نصره و نوره و بركته و هداه و أعوذ بك من شر ما فيه و شر ما قبله و شر ما بعده ثم إذا أمسى فليقل مثل ذلك ) د عن أبي مالك الأشعري

352. ئەبۇ مالىك، ئەشئەررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىشى تاڭ ئاتقۇزغاندا، مۇنداق دېسۇن: بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇزدى. ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بۇ كۈننىڭ ياخشىلىقىنى، ياردەم غەلىبىسىنى، نۇر-بەرىكىتىنى، ھىدايەت، توغرا يولنى سورايمەن. سىلىگە سىغىنىپ بۇ كۈندىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، بۇ كۈندىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.» كەچ كىرگەندىمۇ شۇ دۇئانى قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( إذا أصبح أحدكم فليقل: اللهم بك أصبحنا و بك أمسينا و بك نحيا و بك نموت و إليك المصير و إذا أمسى فليقل: اللهم بك أمسينا و بك أصبحنا و بك نحيا و بك نموت و إليك النشور ) ت عن أبي هريرة

353. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاڭ ئاتقۇزغاندا مۇنداق دېسۇن: «ئى ئاللاھ، سىلىنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، يەنە شۇنداق كەچ قىلىمىز. قۇدرەتلىرى بىلەن تىرىلدۇق، يەنە شۇنداقلا ئۆلىمىز. ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي سىلىنىڭ دەرگاھلىرى بولىدۇ.» كەچ قىلغاندا مۇنداق دېسۇن: «ئى ئاللاھ، سىلىنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن كەچ قىلدۇق، يەنە شۇنداق تاڭ ئاتقۇزىمىز. قۇدرەتلىرى بىلەن تىرىلدۇق، شۇنداقلا ئۆلىمىز. تىرىلىپ قوپىدىغان، قايتىدىغان جاي سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدۇر». تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

إذا أصبحتم فقولوا: اللهم بك أصبحنا و بك أمسينا و بك نحيا و بك نموت و إليك المصير ه ابن السنيعن أبي هريرة

354. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئىبنى سەنالار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، سەھىھ.

إذا اصطحب رجلان مسلمان فحال بينهما شجر أو حجر أو مدر فليسلم أحدهما على الآخر و يتباذلوا السلام ( هب ) عن أبي الدرداء

355. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان ئەر ھەمراھ بولۇپ قالسا، ئاندىن بۇلارنىڭ ئارىلىقىنى دەرەخ ياكى تاش ياكى چالما، تام ئايرىۋېتىپ، قايتا كۆرۈشسە، بىرسى يەنە بىرسىگە يەنە سالام قىلسۇن. سالامنى ئاشكارا كەڭرى تارقاتسۇن، ئايىمىسۇن. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إذا أطال أحدكم الغيبة فلا يطرق أهله ليلا ( حم ق ) عن جابر

356. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ غايىب بولۇپ، باشقا جايدا تۇرۇشى ئۇزىراپ كەتسە، ئۆيىگە كېچىدە كىرمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ئۇلارنى قورقۇتماسلىق، ئاۋارە قىلماسلىق ياكى تەييارلىقسىز ھالدا كىرمەسلىك ياكى باشقا سەۋەبلەر چىقىپ تۇرىدۇ.

إذا اطمأن الرجل إلى الرجل ثم قتله بعدما اطمأن إليه نصب له يوم القيامة لواء غدر ( ك ) عن عمرو بن الحمق

357. ئەمىر ئىبنى ھەمەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە قەلبى خاتىرجەم بولۇپ ئىشەنسە، ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئىشەنگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، قاتىل كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى خىيانەت بايرىقى قادىلىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە، بۇ خىيانەتچى قاتىل تەۋبە قىلمىسا، دوۋزاختا بولىدۇ.

إذا أعطى الله أحدكم خيرا فليبدأ بنفسه و أهل بيته ( حم م ) عن جابر بن سمرة

358. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ياخشىلىق، مال ـ دۇنيا بەرسە، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن، ئۆي ئەھلىلىرىدىن باشلىسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا أعطيت شيئا من غير أن تسأل فكل و تصدق ( م د ن ) عن عمر

359. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن سورىماستىن ساڭا بىرەر نەرسە بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ يېگىن، سەدىقە قىلغىن. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن سورىما، بەرسە قايتۇرما!

( إذا أفاد أحدكم امرأة أو خادما أو دابة فليأخذ بناصيتها و ليدع بالبركة و ليقل: اللهم إني أسألك من خيرها و خير ما جبلت عليه و أعوذ بك من شرها و شر ما جبلت عليه و إن كان بعيرا فليأخذ بذروة سنامه ) ك هق عن ابن عمرو

360. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاياللىدىن، خادىم ـ خىزمەتچىسىدىن ياكى بىرەر ھايۋاندىن پايدا كۆرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بەرىكەت تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلسۇن: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى، سىلى بۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ بۇنىڭ يامانلىقىدىن، سىلى بۇنىڭدا ياراتقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەگەر تۆگە بولسا، لوكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسۇن. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، 341 ـ ھەدىسمۇ شۇنداق.

إذا أفضى أحدكم بيده إلى فرجه فليتوضأ ( ن ) عن بسرة بنت صفوان

361. بۇسرەت بىنتى سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قولى بىلەن ئەۋرىتىنى تۇتسا، سىيلىسا، كىچىك تاھارەت ئالسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أفضى أحدكم بيده إلى فرجه و ليس بينه و بينها حجاب و لا ستر فقد وجب عليه الوضوء ( الشافعي حب قط ك هق ) عن أبي هريرة

362. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قولى بىلەن ئەۋرىتىنى سىيلىسا، قولى بىلەن ئەۋرىتى ئارىسىدا ھىجاب، پەردە بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھارەت ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى تاھارىتى سۇنىدۇ. شافىئى ئىبنى ھەببان، دارىقۇتنى، ھاكىم بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ داۋۇتتا رۇخسەت قىلىنغان ھەدىس بار، مەخسۇس باب باردۇر. ئاللاھ ئالىمدۇر.

(إذا أفطر أحدكم فليفطر على تمر فإنه بركة فإن لم يجد تمرا فليفطر على الماء فإنه طهور ) حم 4 ابن خزيمة حب عن سلمان بن عامر الضبي

363. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار روزا تۇتۇپ، ئىپتار قىلماقچى بولسا، خورما بىلەن قىلسۇن، ھەقىقەتەن

ئۇ بەرىكەتتۇر. ئەگەر خورما تاپالمىسا، سۇ بىلەن قىلسۇن، ئۇ پاكلىغۇچىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، ئەلبانى رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى زەئىپ دەپ بولۇپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدۇ دېگەن.

إذا أقبل الليل من هاهنا و أدبر النهار من هاهنا و غربت الشمس فقد أفطر الصائم ( ق د ت ) عن عمر

364. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچە بۇ تەرەپتىن ئالدىنى قىلسا، كۈندۈز بۇ تەرەپتىن ئارقىنى قىلسا (كۈن كىرىپ بولسا) ھەقىقەتەن روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلىپ بولىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ، شەھىھ مۇسلىمدا بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى باردۇر.

إذا اقترب الزمان لم تكد رؤيا الرجل المسلم تكذب و أصدقهم رؤيا أصدقهم حديثا ( ق ه ) عن أبي هريرة

365. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زامان يېقىنلاشقانسېرى يەنى قىيامەت يېقىن قالغاندا، مۇسۇلمان كىشىنىڭ چۈشى راست بولۇپ، يالغانغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشى راستراقى سۆزىدە سەممىي راستراقىدۇر. بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقعد المؤمن في قبره أتي ثم شهد أن لا إله إلا الله و أن محمد رسول الله فذلك قوله: ( يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت ) ( خ ) عن البراء

366. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن قەبرىسىدە ئولتۇرغۇزۇلغاندا، ئۇنىڭغا سوئال سورايدىغان پەرىشتە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇ مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئاشۇنىڭغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر، «ئاللاھ ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرگە مۇقىم سۆز كەلىمە تەييىبەنى مۇقىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ» بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة فطوفي على بعيرك من وراء الناس ( ن ) عن أم سلمة

367. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، سەن تۆگەڭنىڭ ئۈستىدە كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ھەج تاۋاپىڭنى قىلغۇەرگىن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة فكبر ثم اقرأ ما تيسر من القرآن ثم اركع حتى تطمئن راكعا ثم ارفع حتى تعتدل قائما ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم ارفع حتى تطمئن جالسا ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم افعل ذلك في صلاتك كلها ( حم ق 3 ) عن أبي هريرة

368. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن، يەنى ئىھرام باغلاپ، ئاندىن قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ ئاسان بولغىنىنى ئوقۇغىن. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ، رۇكۇدا قەلبىڭ ئارام تاپقان ھالدا رۇس تۇرغىن. ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ رۇس، تۈز تۇرغىن. ئاندىن سەجدە قىلغىن، سەجدىدە رۇس، مەزمۇت تۇرغىن. ئاندىن راۋۇرۇس، بېجىرىم ئولتۇرغانغا قەدەر بېشىڭنى كۆتۈرگىن، ئاندىن يەنە شۇنداق سەجدە قىلغىن. مانا شۇ ئىشلارنى بارلىق نامازلىرىڭدا قىلغىن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار.

إذا أقيمت الصلاة فلا تأتوها و أنتم تسعون و أتوها و أنتم تمشون و عليكم السكينة فما أدركتم فصلوا و ما فاتكم فأتموا ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة

369. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، يۈگۈرۈپ، سوكۇلداپ كەلمەي، ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىڭلار. خاتىرجەملىكنى، تەمكىنلىكنى لازىم تۇتۇڭلار. تاپقىنىڭلارنى ئوقۇڭلار، ئۆتۈپ كەتكىنىنى بولسا تولۇقلاپ، كامىل قىلىۋېلىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة فلا تقوموا حتى تروني ( حم ق د ن ) عن أبي قتادة زاد ( 3 ) : قد خرجت إليكم

370. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، مەن چىقمىغۇچە، سىلەر مېنى كۆرمىگۈچە، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة فلا صلاة إلا المكتوبة ( م 4 ) عن أبي هرير

371. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، پەرز نامازدىن باشقا ناماز يوق. (يەنى نەپلە، سۈننەتلەرنى توختىتىش) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة و أحدكم صائم فليبدأ بالعشاء قبل صلاة المغرب و لا تعجلوا عنعشائكم( حب ) عن أنس

372. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى روزا تۇتۇقلۇق ھالەتتە شام نامىزىغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن شام نامىزىدىن بۇرۇن تاماق يەۋالسۇن، تامىقىدىن ئالدىراپ كەتمىسۇن. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة و أراد الرجل الخلاء فليبدأ بالخلاء ( مالك الشافعي حب ت ن ه حب ك هق ) عن عبدالله بن أرقم

373. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، بىرەر كىشى ھاجەتخانىغا بېرىشنى مەقسەت قىلسا، ھاجەتخانىغا بېرىش بىلەن باشلىسۇن. (يەنى ھاجەتخانىغا بېرىپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، نامازنى ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى، تاھارەت قىستىغاندا ناماز ياخشى بولمايدۇ) مالىك، شافىئى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أقيمت الصلاة و حضر العشاء فابدءوا بالعشاء ( حم ق ت ن ه ) عن أنس ( ق ه ) عن ابن عمر ( خ ه ) عن عائشة ( حم طب ) عن سلمة بن الأكوع ( طب ) عن ابن عباس

374. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا، تاماق ھازىر بولۇپ قالسا، تائام بىلەن باشلاڭلار. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەنەسدىن، بەيھەقى بىلەن ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، بۇخارى بىلەن ئىبنى ماجە ئائىشەدىن، ئەھمەد بىلەن تەبرانى سەلەمەتتىن، يەنە تەبرانى ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( إذا اكتحل أحدكم فليكتحل وترا و إذا استجمر فليستجمر وترا ) حم عن أبي هريرة

375. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كۆزىگە سۈرمە تارتسا تاق تارتسۇن، ئىستىنجا قىلسا ياكى ئەتىر ئىشلەتسە تاق قىلسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھكە يېقىن ھەدىس.

إذا أكثبوكم فارموهم بالنبل و استبقوا نبلكم ( خ د ) عن أبي أسيد

376. ئەبۇ ئۇسەيددىن، دادىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار سىلەرگە يوپۇرۇلۇپ، يېقىن كەلگەندە ئۇلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار، ئالدى بىلەن ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇرۇنقى جەڭ قائىدىسى: ئالدى بىلەن ئوقيا، ئاندىن نەيزە، ئاندىن قىلىچ، بەزىدە مەنچاناق بىلەن تاش ئېتىشتۇر. ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش بەكمۇ مۇھىم.

إذا اكفر الرجل أخاه فقد باء بها أحدهما ( م ) عن ابن عمر

377. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنى كاپىر دەپ كاپىرغا چىقارسا، كۇفرىلىق ئىككىسىنىڭ بىرسىگە قايتىدۇ،

يەنى راست كاپىر بولسا، بولدى، كاپىر بولمىسا دېگۈچى كۇفرى بىلەن قايتىدۇ. مۇسلىم،سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىسكە مۇنداق دېدى: مۆئمىننى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ، ياكى شۇ سۆزنى ھالال بىلگۈچى ياكى بۇ كۇفرى نېئمەت بولىدۇ. چۈنكى، قېرىنداشلىق نېئمەتتۇر.

إذا أكل أحدكم طعاما فسقطت لقمته فليمط ما رابه منها ثم ليطعمها و لا يدعها للشيطان ( ت ) عن جابر

378. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يەۋاتقاندا، بىر لوقما تاماق چۈشۈپ كەتسە، شۇ تاماقتىن ئۇنى شەكلەندۈرىدىغان نەرسىنى تازىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى شەيتانغا قالدۇرماي يەۋەتسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أكل أحدكم طعاما فلا يمسح يده بالمنديل حتى يلعقها أو يلعقها ( حم ق د ه ) عن ابن عباس ( حم م ن ه ) عن جابر بزيادة: فإنه لا يدري في أي طعامه تكون البركة

379. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاماق يېگەندە، قولىنى، بارمىقىنى يالىتىۋەتمىگىچە لۆڭگىگە ئېرتمىسۇن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

كېيىنكى كىتابلاردا بەرىكەتنىڭ قايسى تائامدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ دېگەن سۆز زىيادە باردۇر.

إذا أكل أحدكم طعاما فليذكر اسم الله فإن نسي أن يذكر الله في أوله فليقل: بسم الله على أوله و آخره ( د ت ك ) عن عائشة

380. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېگەندە ، بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىسۇن، ئەگەر باشتا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ دېسۇن. ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أكل أحدكم طعاما فليقل: اللهم بارك لنا فيه و أبدلنا خيرا منه و إذا شرب لبنا فليقل: اللهم بارك لنا فيه و زدنا منه فإنه ليس شيء يجزي من الطعام و الشراب إلا اللبن ( حم د ت ه هب ) عن ابن عباس

381. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېگەندە ، مۇنداق دېسۇن: ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ تائامدا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە. شاراب ئىچكەندە بولسا: ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ شارابتا بەرىكەت بەرسىلە، ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرسىلە. تائام، شارابقا سۈتتىن باشقىسى كۇپايە قىلمايدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەيھەقىلەر توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىسنى مىشكاتتا زەئىپ دەپ بۇ جايدا ھەسەن دېگەن .

إذا أكل أحدكم طعاما فليلعق أصابعه فإنه لا يدري في أي طعامه تكون البركة ( حم م ت ) عن أبي هريرة ( طب ) عن زيد بن ثابت ( طس ) عن أنس

382. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېسە، بارماقلىرىنى يالىۋەتسۇن. چۈنكى، ئۇ بەرىكەتنىڭ تائامنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تەبرانى زەيد ئىبنى سابىتتىن، ئەۋسەت، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا أكل أحدكم فليأكل بيمينه و إذا شرب فليشرب بيمينه فإن الشيطان يأكل بشماله و يشرب بشماله ( حم م د ) عن ابن عمر ( ن ) عن أبي هريرة

383. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېسە، ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، شاراب ئىچسىمۇ ئوڭ قولى

بىلەن ئىچسۇن. چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ـ ئىچىدۇ. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أكل أحدكم فليأكل بيمينه و ليشرب بيمينه و ليأخذ بيمينه و ليعط بيمينه فإن الشيطان يأكل بشماله و يشرب بشماله و يأخذ بشماله و يعطي بشماله ( الحسن بن سفيان في مسنده ) عن أبي هريرة

384. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائام يېگەندە ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئېلىپ، يەنە ئوڭ قولى بىلەن بەرسۇن. چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ـ ئىچىدۇ، ئالىدۇ، بېرىدۇ. بۇ ھەدىسنى ھەسەن، ئىبنى سۇفيان، مۇسنەد دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

إذا التقى الختانان فقد وجب الغسل ( ه ) عن عائشة وعن ابن عمرو

385. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خەتنە قىلىدىغان جاي بىر ـ بىرىگە ئۇچراشسا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. يەنى ئەرنىڭ ئەۋرىتى بىلەن ئايالنىڭ ئەۋرىتى ئۇچراشسا، مەنىي سۈيى چۈشمىسىمۇ غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( إذا التقى الختانان و غابت الحشفة فقد وجب الغسل أنزل أم لم ينزل ) طس عن ابن عمرو

386. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىرسى ـ بىرسىگە ئۇچراشسا، زەكەر بېشى غايىب بولسا، مەنىي سۈيى چۈشسۇن ـ چۈشمىسۇن، غۇسلى قىلىش، يەنى چوڭ تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

إذا التقى المسلمان بسيفيهما فقتل أحدهما صاحبه فالقاتل و المقتول في النار قيل: يا رسول الله هذا القاتل فما بال المقتول ؟ قال: إنه كان حريصا على قتل صاحبه( حم ق د ن ) عن أبي بكرة ( ه ) عن أبي موسى

387. ئەبۇ بۇكرەت، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قورال، قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۆلتۈرگۈچى قاتىل ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوززاختا بولىدۇ. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، قاتىلغۇ دوززاختا بولسۇن، ئۆلتۈرۈلگۈچى كىشىنىڭ ھالى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى، ئۇمۇ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈۋشكە ھېرىسمەن ئىدى، يەنى جىم تۇرسا ئۆلتۈرەتتى دېدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ئىسلام دۆلىتى ئىسلام دۆلىتىگە قورال كۆتۈرمىسۇن.

إذا التقى المسلمان و حمل أحدهما على أخيه السلاح فهما على جرف جهنم فإذا قتل أحدهما صاحبه دخلاها جميعا ( حم م ه ) عن أبي بكرة

388. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا، ھەر ئىككىلىسى دوززاخنىڭ گىرۋىكىدە بولىدۇ. بىرسى ـ بىرسىنى ئۆلتۈرگەن ھامان ھەر ئىككىسى بىراقلا دوززاخقا كىرىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا ألقى الله في قلب امرئ خطبة امرأة فلا بأس أن ينظر إليها ( حم ه ك هق ) عن محمد بن مسلمة

389. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىر ئىنساننىڭ قەلبىگە بىرەر ئايالنى ئېلىشقا ئەلچى ئەۋەتىشنى تاشلىسا، ئۇ ئىنسان شۇ ئايالغا قاراپ باقسا گۇناھ يوق. ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ، ھاكىم بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أمذى أحدكم و لم يمسها فليغسل ذكره و أنثييه ثم ليتوضأ و ليصل ( عب طب ) عن المقداد بن الأسود

390. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سىيلىمغان ھالدا، مەزىي (يەنى مەنىيدىن سۇيۇق، ھېسسىياتى قوزغالغاندا چىقىدىغان سۇ) نى ئاقتۇرسا، زەكىرىنى، ئىككى تۇخۇمىنى يۇيۇۋېتىپ، كېيىن تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. تەبرانى بىلەن ئابدۇررازاق توپلىغان، سەھىھ.

إذا أم أحدكم الناس فليخفف فإن فيهم الصغير و الكبير و الضعيف و المريض و ذا الحاجة و إذا صلى لنفسه فليطول ما شاء( حم ق ت ) عن أبي هريرة

391. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ قالسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن. چۈنكى، جامائەتنىڭ ئىچىدە بەك كىچىك، بەك چوڭ، ئاجىز، كېسەل، ھاجەت ئىگىلىرى باردۇر. ئۆزى يالغۇز ئوقۇغاندا، خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أم الرجل القوم فلا يقم في مكان أرفع من مقامهم ( د هق ) عن حذيفة

392. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى قەۋمگە ئىمام بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئورنىدىن ئۈستۈن ماكاندا تۇرمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أممت الناس: فاقرأ ب ( الشمس و ضحاها ) و ( سبح اسم ربك الأعلى ) و ( الليل إذا يغشى ) . ( م عن جابر

393. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ئىمام بولساڭ، سۈرە شەمسى، سۈرە ئەئلا، سۈرە لەيلىلەرنى ئوقۇغىن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا أممت قوما فأخف بهم الصلاة ( م ه ) عن عثمان بن أبي العاص

394. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر قەۋمگە ئىمام بولۇپ قالساڭ، ئۇلارغا نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بەرگىن. (ئىللىتى يۇقىرىدا ئۆتتى) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا أمن الإمام فأمنوا فإنه من وافق تأمينه تأمين الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه ( مالك حم ق 4 ) عن أبي هريرة

395. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام، ئامىن! دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن! دەڭلار. ھەقىقەتەن كىمنىڭ ئامىن دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېيىشى بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا أمن القارئ فأمنوا فإن الملائكة تؤمن فمن وافق تأمينه تأمين الملائكة غفر له ما تقدم من ذنب ن ه أبي هريرة

396. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قارى ئامىن دېگەندە ، سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار. (يەنى نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىنكى ئامىن) چۈنكى، پەرىشتىلەرمۇ ئامىن دەيدۇ، كىمنىڭ مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ شۇنداق ھەدىسلەر باردۇر.

إذا انتصف شعبان فلا تصوموا حتى يكون رمضان ( حم 4 ) عن أبي هريرة

397. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەئبان ئېيى تەڭ بولغاندا، رامزان ئېيى كىرمىگۈچە، روزا تۇتماڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانىينىڭ 3ـ4 دېگەن سان قويۇشى، سەھىھ تۆت، ئۈچ كىتابنى كۆرسىتىدۇ.

إذا انتعل أحدكم فليبدأ باليمنى و إذا خلع فليبدأ باليسرى لتكون اليمنى أولهما تنعل و آخرهما تنزع ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة

398. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاياغنى كىيگەندە، ئوڭدىن باشلىسۇن، سالغاندا بولسا، سول پۇتىدىن باشلىسۇن. چۈنكى، ئوڭ پاي كىيگەندە باشتا، سالغاندا ئاخىردا بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا انتهى أحدكم إلى المجلس فإن وسع له فليجلس و إلا فلينظر إلى أوسع مكان يراه فليجلس فيه ( البغوي طب هب ) عن شيبة بن عثمان

399. شەيبەت ئىبنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى مەجلىسكە بارسا، ئەگەر ئورۇن كەڭرى بولسا، شۇ جايدا ئولتۇرسۇن. ئەگەر كەڭرى بولمىسا، ئۆزى گۇمان قىلغان كەڭرى بىر جايغا قاراپ، شۇ جاينى تېپىپ ئولتۇرسۇن. تەبرانى، بەيھەقى، بەغۇى توپلىغان، ھەسەن.

إذا انتهى أحدكم إلى المجلس فليسلم فإن بدا له أن يجلس فليجلس ثم إذا قام فليسلم فليست الأولى أحق من الآخرة ( حم د ت حب ك ) عن أبي هريرة

400. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەجلىسكە بارسا، سالام قىلسۇن. ئەگەر ئولتۇرغۇسى كەلسە، ئولتۇرسۇن. ئاندىن قوپۇپ كەتمەكچى بولسا، يەنە بىر سالام قىلسۇن. تۇنجى قېتىمقى سالام ئاخىرقىدىن ھەقلىقراق ئەمەس، يەنى ھەر ئىككىلىسى باراۋەر، ئوخشاشتۇر، ئاخىرقىسىمۇ ھەقلىقتۇر. خوشلاشقاندا سالام قىلىپ خوشلىشىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا أنزل الله بقوم عذابا أصاب العذاب من كان فيهم ثم بعثوا على أعمالهم ( حم خ ) عن ابن عمر

401. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر قەۋمگە ئازاب چۈشۈرسە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى كىشىگىمۇ ئازابنى يەتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۇلار نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

إذا أنفق الرجل على أهله نفقة و هو يحتسبها كانت له صدقة ( حم ق ن ) عن أبي مسعود

402. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئۆز ئەھلىلىرىگە نەفىقە، خىراجەت قىلسىمۇ، ساۋاب ئۈمىد قىلسىلا، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أنفقت المرأة من بيت زوجها عن غير أمره فلها نصف أجره ( ق د ) عن أبي هريرة

403. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىكى مالدىن ئېرىنىڭ بۇيرۇقىسىز، نەفىقە خىراجەت قىلسا، ئېرىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، گۇناھكار ئەسلا بولمايدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا أنفقت المرأة من بيت زوجها غير مفسدة كان لها أجرها بما أنفقت و لزوجها أجره بما كسب و للخازن مثل ذلك لا ينقص بعضهم من أجر بعض شيئا ( ق 4 ) عن عائشة

404. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن سەدىقە ـ ئېھسان قىلسا، مالنى بۇزمىسا، بۇ ئايالغا سەدىقىنىڭ ساۋابى، ئېرىگە كەسىپ قىلغانلىقنىڭ ساۋابى، مالنى ساقلىغۇچى خەزىنىچىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەجىر ـ ساۋاب بار، زادى كاملىمايدۇ، ھەممىسى ئوخشاش. بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا انقطع شسع أحدكم فلا يمش في نعل واحدة حتى يصلح شسعه و لا يمشي في خف واحد و لا يأكل بشماله و لا يحتب بالثوب الواحد و لا يلتحف الصماء ( م د ) عن جابر

405. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئاياغ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنى ئوڭشىمىغىچە بىر ئاياغ بىلەن ماڭمىسۇن، بىر ئۆتۈك بىلەنمۇ ماڭمىسۇن. سول قولىدا تائام يېمىسۇن، بىرلا كىيىم بىلەن يۆگەنمىسۇن، ئۇستى-بېشىنى گاستەك پۈتۈنلەي يۆگىۋالمىسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا انقطع شسع نعل أحدكم فلا يمش في الأخرى حتى يصلحها ( خد م ن ) عن أبي هريرة ( طب ) عن شداد بن أوس

406. ئەبۇ ھۇرەيرە، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئاياغ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئوڭشىمىغىچە يەنە بىر ئاياغ بىلەن ماڭمىسۇن. بۇخارى ئەدەبتە، مۇسلىم، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا أوى أحدكم إلى فراشه فلينفضه بداخلة إزاره فإنه لا يدري ما خلفه عليه ثم ليضطجع على شقه الأيمن ثم ليقل: باسمك ربي وضعت جنبي و بك أرفعه إن أمسكت نفسي فارحمها و إن أرسلتها فاحفظها بما تحفظ به عبادك الصالحين ( ق د ) عن أبي هريرة

407. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى كۆرپىسىگە بارسا، ئۇنى ئىشتىنىنىڭ ئىچى بىلەن قېقىپ سۈرتۈۋەتسۇن. چۈنكى، ئۇ ئورنىدا نېمىنىڭ ئىز باسار بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيدۇ. ئاندىن ئوڭ يېنىنى قويۇپ يېتىپ مۇنداق دېسۇن: « ئى رەببىم، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يېنىمنى قويدۇم، سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن كۆتۈرىمەن، ئەگەر جېنىمنى دەرگاھىڭدا ساقلاپ قالساڭ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئۇنى ماڭا ئەۋەتسەڭ، يەنى مېنى ئويغاتساڭ، سالىھ بەندىلىرىڭنى ساقلىغاندەك، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىغىن.» بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا باتت المرأة هاجرة فراش زوجها لعنتها الملائكة حتى تصبح ( حم ق ) عن أبي هريرة

408. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ كۆرپىسىنى ئاداۋەت بىلەن تەرك ئېتىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالسا ياكى ئېرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ قونۇپ قالسا، بۇ ئايالغا تاڭ ئاتقىچە پەرىشتىلەر لەنەت قىلىدۇ. (چۈنكى ئۇ ئىتائەت قىلمىدى، ھەققىنى ئادا قىلمىدى) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. باشقىلاردىمۇ بار.

( صحيح ) إذا باع أحدكم الشاة أو اللقحة فلا يحفلها ( ن ) عن أبي هريرة

409. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قوينى ساتسا ياكى سىغىن تۆگە، كالىنى ياكى تۇغۇش ئالدىدىكى چارۋىنى ساتسا، خېرىدارنى ئالداش ئۈچۈن، مالنىڭ يېلىنىغا سۈت يىغمىسۇن. ئەھمەد، نەسەئى، خاتىرىلىگەن، سەھىھ، بۇخارىدىمۇ بار.

إذا بال أحدكم فلا يمس ذكره بيمينه و إذا دخل الخلاء فلا يتمسح بيمينه و إذا شرب فلا يتنفس في الإناء ( حم ق 4 ) عن أبي قتادة

410. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تەرەت قىلغاندا، ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن، ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ئوڭ قولى بىلەن سىلىمىسۇن، تازىلىمىسۇن. شاراب ئىچكەندە، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. 4 دېگىنى مۇشۇ تۆت كىتاب شۇدۇر.

( صحيح ) إذا بايعت فقل لا خلابة ( مالك حم ق د ن ) عن ابن عمر ( 4 ) عن أنس

411. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سودىدا ساختىلىقتا، ئالدىنىشقا ئۇچرىغان بىر ئەرگە مۇنداق دېگەن: بىرەر نەرسە سېتىپ قالساڭ، ساختىلىق، ئالداش، ھىيلە-مىكىر بولمىسۇن جۇمۇ! دەپ قويغىن، مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا بدا حاجب الشمس فأخروا الصلاة حتى تبرز و إذا غاب حاجب الشمس فأخروا الصلاة حتى تغيب ( م ) عن ابن عمر



www.uyghurkitap.com

412. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياشنىڭ بىر تەرىپى گىرۋىكى ئاشكارا بولغاندا، كۈن رەسمىي چىقىپ بولغۇچە، بامدات نامىزىنى تەخىر قىلىپ كېچىكتۈرۈڭلار. قۇياشنىڭ بىر تەرىپى كىرىشكە باشلىغاندا بولسا، يەنىلا پۈتۈنلەي غايىب بولغۇچە نامازنى كېچىكتۈرۈپ تۇرۇڭلار. يەنى ھەقىقى چىقىپ ـ كىرىپ بولغاندا، ئاندىن ئوقۇڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا بعثتم إلى رجلا فابعثوه حسن الوجه حسن الاسم ( البزار طس ) عن أبي هريرة

413. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بىرەر كىشىنى ئەۋەتمەكچى بولساڭلار، يۈزى، ئىسمى گۈزەل كىشىنى ئەۋەتىڭلار، يەنى ياخشى پال بار، خۇرسەنلىك بار. بەزار ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

إذا بلغ الرجل من أمتي ستين سنة فقد أعذر الله إليه في العمر ( ك ) عن أبي هريرة

414. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشى 60 ياشقا يەتسە، ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆمۈر بېرىشتە تولۇق ئۆزرە قويمايدۇ، يەنى سەۋەب كۆرسىتىپ بولىدۇ. ئۇ بولسا، مەن ساڭا ئۆمۈر بەرمىگەنمۇ؟ دېيىشتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا بلغ الله العبد ستين سنة فقد أعذر إليه و أبلغ إليه في العمر ( عبد بن حميد ) عن سهل بن سعد

415. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى 60 ياشقا يەتكۈزەلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ بەندىگە تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆمرىنى ۋايىغا يەتكىچە بەرگەن بولىدۇ، يەنى بەندىنىڭ ئۆمۈر توغرىسىدا ئۆزرىسى قالمايدۇ. ئابدۇ ئىبنى ھەمىيد توپلىغان، سەھىھ.

إذا بلغ الماء قلتين لم يحمل الخبث ( حم 3 حب قط ك هق ) عن ابن عمر»

416. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇ ئىككى قىللەت بولسا، نىجىسنى كۆتۈرمەيدۇ، قوبۇل قىلمايدۇ. (قىللەت لۇغەتتە تاغدىكى سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەك، يا چوڭ تۇڭ. ئالىملار بۇ ھەدىستىكى سۇنىڭ مىقدارى بەش تولۇن سۇ دېگەن. مەنىسى: نىجىس بولمايدۇ.) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارمى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا بلغ الماء قلتين لم ينجسه شيء ( ٥ ) عن ابن عمر

417. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇ ئىككى چوڭ تۇڭ مىقدارىغا يەتسە، ھېچنېمە نىجىس قىلالمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ئۆزگەرمىسە شۇنداق دېگەن.

إذا بلغ أولادكم سبع سنين ففرقوا بين فرشهم و إذا بلغوا عشر سنين فاضربوهم على الصلاة ( قط ك ) عن سبرة

418. سەۋرەت ئىبنى مەئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باللىرىڭلار يەتتە ياشقا يەتكەندە، ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار. ئۇلار ئون ياشقا يەتكەندە، ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا، ناماز ئوقۇغىن دەپ، يەنە ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار. دارىقۇتنى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا بلغ بنوا أبي العاص ثلاثين رجلا اتخذوا عباد الله خولا و مال الله دولا و كتاب الله دغلا ( حم ع ك ) عن أبي سعيد ( ك ) عن أبي ذ

419. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇلئاسنىڭ باللىرى 30 ئەرگە يەتكەندە، ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى خادىم،

قۇل قىلىنىۋالىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىنى، كىتابىنى ھىيلە-مىكىر، خىيانەت قىلىنىۋالىدۇ، سەۋەبمۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مېلىنى ئۆزئارا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان دۆلەت قىلىۋالىدۇ، باشقىلارغا بەرمەيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ھاكىملار توپلىغان، دىنىنى دېگەن بىلەن كىتابىنى دېگەن بىللە كەلگەن، باشقا خاتىرىدە كىتابى ئىكەن.

إذا بلغت حي على الفلاح فقل: الصلاة خير من النوم ( أبو الشيخ في كتاب الأذان ) عن أبي محذورة

420. ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامداتنىڭ ئەزىنىدا، ھەييەئەلەلپەلاھ! دېگەن جايغا كەلگەندە، ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم (يەنى ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېگەننى قوشۇپ دېگىن. ئەبۇششەيىخ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا بويع خليفتان فاقتلوا الآخر منهما ( حم م ) عن أبي سعيد

421. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنىپ قالسا، يەنە بىرنى يەنى ئىككىنچى ئاسىينى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا تبايع الرجلان فكل واحد منهما بالخيار ما لم يتفرقا و كانا جميعا أو يخير أحدهما الآخر فإن خير أحدهما الآخر فتبايعا على ذلك فقد وجب البيع و إن تفرقا بعد أن تبايعا و لم يترك واحد منهما البيع فقد وجب البيع ( ق ن ه ) عن ابن عمر

422. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى سودا قىلىشقاندا، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئېلىم-سېتىمدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ. ئايرىلىپ كەتسىمۇ ئىختىيارلىق شەرتىنى قويسا، بىرسى يەنە بىرسىگە ئىختىيارلىق بەرسە، سودىنى شۇ بويىچە قىلىدۇ، يەنە ئىختىيارلىق بولىدۇ، بەيئى يەنى سودا ئېلىم-سېتىم ۋاجىپ بولۇپ مۇقىملىشىدۇ. سودىدىن كېيىن ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، بىرسى تېخى سودىنى، بەيئىنى تەرك ئەتمىسە، يەنىلا سودا بولۇپ ۋاجىپ بولىدۇ، مۇقىملىشىدۇ. نەسەئى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا تبايعتم بالعينة و أخذتم أذناب البقر و رضيتم بالزرع و تركتم الجهاد سلط الله عليكم ذلا لا ينزعه حتى ترجعوا إلى دينكم ( د ) عن ابن عمر

423. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مالنى مۇددەتلىك سېتىپ ھەم سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاز بولسىمۇ نەخ سېتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانساڭلار، كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالساڭلار (يەنى دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولساڭلار) دېھقانچىلىق زىرائەتلەرگە رازى بولۇپ، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە خارلىقنى غالىب قىلىپ قويىدۇ. سىلەر دىنىڭلارغا قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇ خارلىقنى سىلەردىن ھەرگىز ئېلىۋەتمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا تبعتم الجنازة فلا تجلسوا حتى توضع ( م ) عن أبي سعيد

424. ئەبۇ سەئىددە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭساڭلار، ئۇ قويۇلمىغۇچە ئولتۇرماڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا تثاءب أحدكم فليرده ما استطاع فإن أحدكم إذا قال: ها ضحك منه الشيطان ( خ ) عن أبي هريرة

425. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئەسنىسە، قادىر بولىشىچە قايتۇرسۇن. ئەگەر ئۇ ھا! دېسە، شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إذا تثاءب أحدكم فليضع يده على فيه فإن الشيطان يدخل مع التثاؤب ( حم ق د ) عن أبي سعيد

426. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئەسنەپ قالسا، قولىنى ئاغزىغا قويىۋالسۇن. چۈنكى، شەيتان ئەسنەش بىلەن كىرىۋالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا تثاءب أحدكم في الصلاة فليكظم ما ستطاع فإن الشيطان يدخل( م د ) عن أبي سعيد

427. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازدا ئەسنىسە، قادىر بولىشىچە بېسىۋېلىپ توختىتىۋالسۇن. چۈنكى، شەيتان شۇنىڭ بىلەن كىرىۋالىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا تزوج أحدكم فليقل له: بارك الله لك و بارك عليك ( الحارث طب ) عن عقيل بن أبي طالب

428. ئۇقەيىل ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي قىلسا، مۇنداق دەڭلار: بارەكەللاھۇ لەكە بارەكەللاھۇ ئەلەيكە (يەنى، ئاللاھ ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن). ھارىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا تزوج البكر على الثيب أقام عندها سبعا و إذا تزوج الثيب على البكر أقام عندها ثلاثا ( هق ) عن أنس

429. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزنى جۇۋان، چوكاننىڭ ئۈستىگە ئالغان كىشى قىزنىڭ يېنىدا تۈنجى قېتىم يەتتە كۈن تۇرىدۇ؛ جۇۋان، چوكاننى قىزنىڭ ئۈستىگە ئالسا، چوكاننىڭ ھۇجرىسىدا ئۈچ كۈن تۇرسا بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( إذا تزوج العبد فقد استكمل نصف الدين فليتق الله في النصف الباقي ) هب عن أنس

430. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلغان بەندە دىنىنىڭ يېرىمىنى مۇكەممەل قىلغان بولىدۇ، قالغان يېرىمىدا ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋا بولسۇن. بەيھەقى، شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

( صحيح ) إذا سميتم بي فلا تكنوا بي ( ت ) عن جابر

431. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئىسمىمنى ئىسىم قويساڭلار، كىنايە ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇپ ئاتىماڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا تشهد أحدكم فليتعوذ من أربع: من عذاب جهنم و عذاب القبر و فتنة المحيا و الممات و من شر المسيح الدجال ثم يدعو لنفسه بما بدا له ( ن ) عن أبي هريرة

432. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئەتتەھىييات‌تۇدا، تەشەھھۇد ئوقۇسا، مۇنۇ تۆت ئىشتىن، نەرسىدىن پاناھ تىلىسۇن، جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن (يەنى سىناق ئازابلىرىدىن) دەججالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن خالىغان شەرئەت رۇخسەت قىلغان دۇئانى قىلىۋالسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يەنىلا ئاللاھ ئۈنىڭ ئەلچىسى، ساھابىلار، تابىئىنلار ئالىمدۇر، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭ.

إذا تصافح المسلمان لم تفرق أكفهما حتى يغفر لهما ( طب ) عن أبي أمامة

433. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان سالاملاشقاندا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، مەغپىرەت قىلىنماي تۇرۇپ قوللىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. (قوللىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي تۇرۇپ مەغپىرەت قىلىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ دېيىلدى.

إذا تطهر الرجل ثم مر إلى المسجد يرعى الصلاة كتب له كاتبه بكل خطوة يخطوها إلى المسجد عشر حسنات و القاعد يرعى الصلاة كالقانت و يكتب من المصلين من حين يخرج من بيته حتى يرجع إليه ( حم حب ك هق ) عن عقبة بن عامر

434. ئوقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى تاھارەت ئېلىپ، نامازنى مۇھاپىزەت قىلغان، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان ھالدا مەسجىدكە ماڭسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن كاتىپى مەسجىدكە ماڭغان ھەربىر قەدىمىنىڭ باراۋىرىگە 10 ياخشىلىق يازىدۇ. نامازنى ساقلاپ، رىئايە قىلىپ ئولتۇرغان كىشى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى، قىيامدا تۇرغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئۆيىدىن چىققان ۋاقتتىن باشلاپ تا قايتقانغا قەدەر ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن يېزىلىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە چىقىش، نامازغا ئوبدان رىئايە قىلىپ، مۇھاپىزەت قىلىش، نامازنى ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى چىقىپ تۇرىدۇ.

إذا تقاضى إليك رجلان فلا تقض للأول حتى تسمع كلام الآخر فسوف تدري كيف تقضي ( ت ) عن علي

435. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى ساڭا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلسە، يەنە بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، بىرىنچىسى ئۇچۇن ھۆكۈم قىلىۋەتمە. شۇنداق قىلساڭ، بىر ئازدىن كېيىنلا قانداق ھۆكۈم قىلىشىڭنى بىلىۋالىسەن. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

إذا تكلم الله بالوحي سمع أهل السماء الدنيا صلصلة كجر السلسلة على الصفا فيصعقون فلا يزالون كذلك حتى يأتيهم جبريل حتى إذا جاءهم جبريل فزع عن قلوبهم فيقولون: يا جبريل ماذا قال ربك ؟ فيقول: الحق فيقولون: الحق الحق ( د ) عن ابن مسعود

436. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ۋەھيي بىلەن سۆز قىلسا، بىرگە يېقىن ئاسمان ئەھلى خۇددى تاش ئۈستىدە زەنجىر سۆرىگەندەك جاراڭ ـ جۇرۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كېتىدۇ، ئۇلارغا جىبرىئىل كەلگەنگە قەدەر ھوشسىز تۇرىدۇ. جىبرىئىل كەلگەندە قەلبلىرى چۆچۈپ، قورقۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى جىبرىئىل، رەببىڭ نىمە دېدى؟ جىبرىئىل: ھەقنى، ھەققەتنى سۆزلىدى دەيدۇ. ئۇلار ئاندىن: ھەق ھەق! دېيىشىپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، سەھىھ.

( صحيح ) إذا تمنى أحدكم فليكثر فإنما يسأل ربه ( طس ) عن عائشة

437. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆپ قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ رەببى ئاللاھتىنلا سورايدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

إذا تنخم أحدكم فلا يتنخمن قبل وجهه و لا عن يمينه و ليبصقن عن يساره أو تحت قدمه اليسرى ( خ ٥ ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

438. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بەلغەم تۈكۈرمەكچى بولسا، ئالدى تەرەپكە ياكى ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمەي، سول تەرەپكە ياكى سول پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن. بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى نامازدا.

إذا تنخم أحدكم و هو في المسجد فليغيب نخامته لا تصيب جلد مؤمن أو ثوبه فتؤذيه ( حم ع ابن خزيمة هب الضياء ) عن سعد

439. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىد ئىچىدە بەلغەم تۈكۈرمەكچى بولسا، بەلغەملىرىنى غايىب قىلىپ يوقاتسۇن، ئۇنى بىرەر مۆئمىننىڭ بەدىنىگە ياكى كىيىمىگە تەگكۈزمىسۇن ، ئازار بېرىپ قويىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى خۇزەيمە، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان بولۇپ، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم فأحسن الوضوء ثم خرج إلى الصلاة لم يرفع قدمه اليمنى إلا كتب الله عز و جل له حسنة و لم يضع قدمه اليسرى إلا حط الله عنه سيئة فليقرب أحدكم أو ليبعد فإن أتى المسجد فصلى في جماعة غفر له فإن أتى المسجد و قد صلوا بعضا و بقي بعض صلى ما أدرك و أتم ما بقي فإن أتى المسجد و قد صلوا فأتم الصلاة كان كذلك ( د هق ) عن رجل من الأنصار

440. ئەنسارىلاردىن بىر ئەردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ مەسجىدكە چىقسا، ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرگەن ھامان ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ، سول پۇتىنى قويغان ھامان ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىر گۇناھنى ئۆچۈرىدۇ. ئەمدى بىرىڭلار خالىسا يېقىن بولسۇن، خالىسا يىراق ياكى خالىسا يېقىن، ئۇششاق ماڭسۇن، خالىسا يىراق ياكى خالىسا مەسجىدكە يېقىن بولسۇن، خالىسا يىراق، ئەگەر مەسجىدكە كېلىپ، جامائەت ئىچىدە ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەگەر مەسجىدكە كەلسە، جامائەت نامازنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر قىسمى قالغان بولسا، ئۇ تاپقىنىنى ئوقۇپ قالغىنىنى تولۇقلىسا ياكى مەسجىدكە كەلسە، ئۇلار نامازنى ئوقۇپ بولسا، ئاندىن ئۇ ئۆزى ئوقۇسىمۇ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش مۇكاپات، مەغپىرەتكە ئېرىشىۋېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم فأحسن الوضوء ثم خرج إلى المسجد لا يترعه إلا الصلاة لم تزل رجله اليسرى تمحو عنه سيئة و تكتب له اليمنى حسنة حتى يدخل المسجد و لو يعلم الناس ما في العتمة و الصبح لأتوهما و لو حبوا ( طب ك هب ) عن ابن عمر

441. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەتنى كامىل، ياخشى ئېلىپ، مەسجىدكە چىقسا، ئۇنى پەقەت نامازلا ئېلىپ چىققان بولسا، سول پۇتىنىڭ قەدىمى ئۈچۈن گۇناھى ئۆچۈرۈلۈپ، ئوڭ پۇتى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىپ تۇرىدۇ. مەسجىدكە كىرگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدىكى پەزىلەتلەرنى بىلسە ئىدى، بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم فأحسن وضوءه ثم خرج عامدا إلى المسجد فلا يشبكن بين يديه فإنه في صلاة ( حم د ت ) عن كعب بن عجرة

442. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، مەسجىدنى قەست قىلغان ھالدا چىقسا، قول بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرمىسۇن. چۈنكى ئۇ ناماز ئىچىدە بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم فليجعل في أنفه ماء ثم يستنثر و إذا استجمر فليوتر ( مالك حم ق د ن ) عن أبي هريرة

443. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سۇنى تېشىغا پۈركۈپ چىقارسۇن. ئىستىنجا قىلسا (يەنى ھاجەتتىن كېيىن ئەۋرەتنى تازىلىسا) تاق قىلسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى باردۇر.

إذا توضأ أحدكم فليجعل في أنفه ماء ثم لينتثر و إذا استنثر فليستنثر وترا ( أبو نعيم في المستخرج )عن أبي هريرة

444. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەت ئالغاندا، بۇرنىغا تاق سۇ ئالسۇن. ئەبۇ نۇئەيىم، مۇستەخرەجدە توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم في بيته ثم أتى المسجد كان في صلاة حتى يرجع فلا يقل هكذا:وشبك بين أصابعه( ك عن هريرة

445. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەت ئېلىپ، مەسجىدكە ماڭسا، ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرغاندەك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مۇنداق قىلمىسۇن دەپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ أحدكم للصلاة فلا يشبك بين أصابعه ( طس ) عن أبي هريرة

446. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئالسا، بارماقلىرىنى كىرىشتۈرمىسۇن. (ئىللىتى يۇقىرىدا ئۆتتى) بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ ھەدىس.

إذا توضأ أحدكم و لبس خفيه فليصل فيهما و ليمسح عليهما ثم لا يخلعهما إن شاء إلا من جنابة ( قط ك ) عن أنس

447. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئىككى ئۆتىكىنى كىيسە، شۇ ئۆتۈك بىلەن ناماز ئوقۇسۇن ۋە ئۇ ئۆتۈككە مەسھ قىلسۇن، خالىسا سالمىسۇن. لېكىن، جۇنۇپ بولغاندا سېلىپ يۇيۇنسۇن. (شۇنداقلا مۇددەت توشسا سالىدۇ) دارىقۇتنى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ الرجل المسلم خرجت خطاياه من سمعه و بصره و يديه و رجليه فإن قعد قعد مغفورا له ( حم طب ) عن أبي أمامة

448. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى تاھارەت ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى قۇلىقىدىن، كۆزىدىن، ئىككى قولى، ئىككى پۇتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئولتۇرسا، مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إذا توضأ العبد المؤمن فتمضمض خرجت الخطايا من فيه فإذا استنثر خرجت الخطايا من أنفه فإذا غسل وجهه خرجت الخطايا من وجهه حتى تخرج من تحت أشفار عينيه فإذا غسل يديه خرجت الخطايا من يديه حتى تخرج من تحت أضفار يديه فإذا مسح برأسه خرجت الخطايا من رأسه حتى تخرج من أذنيه فإذا غسل رجليه خرجت الخطايا من رجليه حتى تخرج من تحت أضفار رجليه ثم كان مشيه إلى المسجد و صلاته له نافلة ( مالك حم ن ه ك ) عن عبدالله الصنابحي

449. ئابدۇللاھ سۇنابىھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بەندە تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئالسا، خاتالىقلىرى ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدۇ؛ بۇرنىغا سۇ ئالغاندا بۇرنىدىن، يۈزىنى يۇغاندا خاتالىقلار يۈزىدىن، ھەتتا، كۆزىنىڭ كىرپىكلىرى ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ؛ ئىككى قولىنى يۇسا، خاتالىقلار ئىككى قولىدىن ھەتتا بارماق، تىرناقلىرى ئارىسىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ؛ بېشىغا مەسھ قىلسا، خاتالىقلار قۇلىقىدىن تارتىپ چىقىپ كېتىدۇ؛ ئىككى پۇتىنى يۇسا، خاتالىقلار پۇتىنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدىن تارتىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ نامازغا، مەسجىدكە مېڭىشى ۋە ناماز ئوقۇشى بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە، زىيادە مۇكاپات بولىدۇ. مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأ العبد المسلم أو المؤمن فغسل وجهه خرج من وجهه كل خطيئة نظر إليها بعينيه مع الماء أو مع آخر قطر الماء فإذا غسل يديه خرجت من يديه كل خطيئة كان بطشتها يداه مع الماء أو مع آخر قطر الماء فإذا غسل رجليه خرجت كل خطيئة مشتها رجلاه مع الماء أو مع آخر قطر الماء حتى يخرج نقيا من الذنوب ( مالك الشافعي م ت ) عن أبي هريرة

450. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ياكى مۆئمىن بەندە تاھارەت ئېلىپ يۈزىنى يۇسا، يۈزىدىن كۆزى بىلەن قارىغان ھەرقانداق خاتالىق سۇ بىلەن ياكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ؛ ئىككى قولىنى يۇسا، ئۇ قولى بىلەن تۇتقان ھەربىر خاتالىقلار قولىدىن ئاخىرقى بىر تامچە سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ؛ ئىككى پۇتىنى يۇسا، ئىككى پۇتى بىلەن ماڭغان بارلىق خاتالىقلىرى سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ. تاكى ئۇ گۇناھىدىن پاكلانغانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. مالىك، شافئى، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

لېكىن، شەرتى مۆئمىن بولۇش. چىقىپ كېتىدىغىنى بولسا، خاتالىق. خاتالىق بىلەن چوڭ گۇناھ، ئاسىيلىق، مەئسىيەت ئارىسىدا، قەستەنلىك ئارىسىدا پەرىق بار.

إذا توضأت فانتثر و إذا استجمرت فأوتر ( حم ت ن ه حب ) عن سلمة بن قيس الأشجعي

451. سەلەمەت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالساڭ، بۇرنۇڭغا سۇ ئالغىن. ئىستىنجا قىلساڭ تاق قىلغىن. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ تەكرار كېلىش سەۋەبى بولسا، مەلۇم مەنىسى ئوخشىماسلىق، راۋىيسى ئوخشىماسلىق، زىيادە ـ كام سۆزلەر بولۇش، كاتىپ، شەيخ ئوخشىماسلىق، بىرسى سەھىھ بولسا، بىرسى ھەسەن بولۇش ياكى ھەرپ تەرتىپىگە كېلىپ قېلىش ياكى ئاپتور تەكرار كەلتۈرۈپ سىپلىشلاردۇر. بۇنىڭ زىيىنى يوق، ئاللاھتائالامۇ سۈرە ئەررەھماندا مەلۇم ھىكمەت سەۋەبلەردىن بىر ئايەتنى 31 قېتىم تەكرار كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ سەۋەبى بولسا، 31دىن ئارتۇق نىئمەتلەر سۆزلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىنسانلار جاھىل، نادان، ئۇنۇتقاق، غەپلەتتە يۈرىمىز.

إذا توضأت فخلل أصابع يديك و رجليك ( ت ك ) عن ابن عباس

452. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالغاندا، پۇت ـ قولىرىڭنىڭ بارماق ئارىسىغا خىلال قىلغىن، يەنى سۈنى كىرگۈزگىن. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا توضأت فخلل الأصابع ( ت ك ) عن لقيط بن صبرة

453. لەقىيت ئىبنى سەبۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالساڭ، بارماقلارغا خىلال قىلىپ، ئارىلىقلىرىغا سۇنى كىرگۈزگىن. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان. سەھىھ.

( صحيح ) إذا توضأتم فابدءوا بميامنكم ( ه ) عن أبي هريرة

454. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالساڭلار، ئوڭ تەرىپىڭلار بىلەن باشلاڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا توفي أحدكم فوجد شيئا فليكفن في ثوب حبرة ( د الضياء ) عن جابر

455. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ۋاپات تاپقاندا، نەرسە تېپىلسا ھىبرىيگە مەنسۇپ تون، كىيىمگە كېپەنلەنسۇن. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) تقدم ب: إذا اقيمت انظر صحيح الجامع ( 369 ) إذا ثوب للصلاة فلا تأتوها و أنتم تسعون و أتوها و عليكم السكينة فما أدركتم فصلوا و ما فاتكم فأتموا فإن أحدكم إذا كان يعمد إلى الصلاة فهو في صلاة ( م ) عن أبي هريرة

456. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا يۈگۈرۈپ كەلمەي، ئالدىرىماي، خاتىرجەم كېلىڭلار. تاپقانىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تولۇقلاڭلار. بىرىڭلار نامازنى قەست قىلسىلا، ئۇ ناماز ئىچىدە ھىسابلىنىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس 369ـ ھەدىستە ئۆتكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى ئىككى. بىرسى، ئۇ ھەدىستە ئۇقىيمەت دېيىلگەن بولسا، بۇ ھەدىستە سوۋۋىبە دېيىلگەن. لەۋزى ئىككى خىل، مەنىسى بىر خىل بولغان (يەنى تەكبىر ئېيتىلسا) ئىككىنچى، ئاخىرى ئوخشىمايدۇ. ئەنە شۇنداق مەلۇم سەۋەبلەردىن تەكرار كېلىپ قالىدۇ.

إذا جاء أحدكم الجمعة فلا يقيمن أحدا من مقعده ثم يقعد فيه ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن جابر

457. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىركىشى جۈمئەگە كەلسە، ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتمىسۇن. خەرائىتى ئەخلاقتا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا جاء أحدكم الجمعة فليغتسل ( مالك ق ن ) عن ابن عمر

458. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن. مالىك، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا جاء أحدكم إلى الصلاة فليمش على هينة فليصل ما أدرك و ليقض ما سبقه ( حم د هق الضياء ) عن أنس

459. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازغا كەلگەندە ئالدىرىماي، تەمكىن ماڭسۇن. ئاپىقىنىنى ئوقۇپ، ئۆتۈپ كەتكىنىنىڭ قازاسىنى قىلىپ تولۇقلىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

إذا جاء أحدكم المسجد فليصل سجدتين من قبل أن يجلس ثم ليقعد بعد إن شاء أو ليذهب لحاجته ( د ) عن أبي قتادة

460. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كەلسە، ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. ئاندىن كېيىن خالىسا ئولتۇرسۇن ياكى ھاجىتىگە يۈرۈپ كەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئۇندىن باشقا بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ ئىككى رەكئەت ناماز سۆزلەنگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزى ھەم ئوقۇغان. بۇ ناماز يالغۇز جۈمئە كۈنىگە خاس بولماستىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەت.

إذا جاء أحدكم إلى المسجد فلينظر فإن رأى في نعليه قذرا أو أذى فليمسحه و ليصل فيهما ( د ) عن أبي سعيد

461. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كەلگەندە، ئايىغىغا قاراپ باقسۇن، ئەگەر نىجاسەتنى ياكى ئەزىيەتنى كۆرسە، ئۇنى سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن پاكىز ئاياغ بىلەن ناماز ئوقۇسۇن. ئەبۇ داۋۇت توپلىغان، سەھىھ.

إذا جاء أحدكم إلى مجلس فأوسع له فليجلس فإنها كرامة أكرمه الله بها و أخوه المسلم فإن لم يوسع له فلينظر أوسع موضع فليجلس فيه ( خط ) عن ابن عمر

462. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەجلىسكە كەلسە، كەڭرى جاي بولسا شۇجايدا ئولتۇرسۇن. ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھۆرمەتلىگەن كارامەتتۇر، شۇنداقلا مۇسۇلمان قېرىندىشىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. كەڭرى ئورۇن بولمىسا، كەڭرى جايغا قاراپ بېقىپ، شۇ جايدا ئولتۇرسۇن. خەتىبۇلبەغدادى توپلىغان، ھەسەن.

إذا جاء أحدكم فأوسع له أخوه فإنما هي كرامة أكرمه الله بها ( تخ هب ) عن مصعب بن شيبة

463. مۇسئەب ئىبنى شەيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشى ئورۇننى كەڭرىتىپ بەرسە، بۇ بىر ھۆرمەتلەش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىمۇ شۇ سەۋەبلىك ھۆرمەتلەيدۇ. بۇخارى تارىخدا بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، ھەسەن.

إذا جاء أحدكم يوم الجمعة و الإمام يخطب فليصل ركعتين و ليتجوز فيهما ( حم ق د ن ه ) عن جابر

464. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە كۈنى جۈمئەگە كەلسە، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، قىسقا، يەڭگىل قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا جاء أحد يطلب ثمن الكلب فاملأ كفه ترابا ( د هق ) عن ابن عباس

465. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئېتىنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ قولىغا لىق توپا بېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ئالىملار ئېتىنى سېتىش ھارام دېگەن.

إذا جاء الرجل يعود مريضا فليقل: اللهم اشف عبدك فلانا ينكأ لك عدوا أو يمش لك إلى الصلاة ( حم د ابن السني طب ك ) عن ابن عمرو

466. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كېسەل يوقلاپ كەلسە، مۇنداق دېسۇن، ئى ئاللاھ، پالانى بەندەڭگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ئۇ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى جاراھەتلەندۈرىدۇ، كۆپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى نامازغا بارىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سىنا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إذا جئت فصل مع الناس و إن كنت قد صليت ( مالك الشافعي ن حب ) عن محجن

467. مىھجەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت بار جايغا كەلگەندە گەرچە سەن ناماز ئوقۇپ بولغان بولساڭمۇ، كىشىلەر بىلەن بىرگە يەنە ناماز ئوقۇغىن. مالىك، شاپىئى، نەسەئى، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا جئتم الصلاة و نحن سجودا فاسجدوا و لا تعدوها شيئا و من أدرك الركعة فقد أدركالصلاة( د ك هق ) هريرة

468. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر نامازغا كەلگەندە، بىز سەجدە قىلىۋاتقان بولساق، سىلەرمۇ سەجدە قىلىڭلار. بۇ سەجدىنى نامازدىن بىرەر نەرسە سانىماڭلار، كىم بىر رەكئەت تاپسا، ھەقىقەتەن نامازنى تاپقان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن، ئىمام نېمە قىلىۋاتقان بولسا شۇنى قىلىش، ئەمما، رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەي، سەجدىگە ئۈلگۈرسە، ئۇنى ھېسابلىماي، ئۆزى بىر رەكئەتنى باشتىن باشلاپ تولۇقلاش لازىم. بىر رۇكۇ ئىككى سەجدە بولمىسا، بىر رەكئەت ھېسابلانمايدۇ.

إذا جاء خادم أحدكم بطعامه فليقعده معه أو ليناوله منه فإنه هو الذي ولي حره و دخانه ( حم ه ) عن ابن مسعود

469. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەرسىڭلارنىڭ خادىمى، قولى تائام ئېلىپ كەلسە، ئۆزى بىلەن ئولتۇرغۇزسۇن، ياكى تائامدىن سۇنۇپ بەرسۇن. چۈنكى، ئۇ تائامنىڭ ھارارەت، قىززىقلىرىغا، تۈتۈنلىرىگە ئىگە بولغاندۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا جاء رمضان فتحت أبواب الجنة و غلقت أبواب النار و صفدت الشياطين ( ن ) عن أبي هريرة

470. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان كەلگەندە رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا جاء رمضان فتحت أبواب الرحمة و غلقت أبواب جهنم و سلسلت الشياطين ( ن ) عن أبي هريرة

471. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان كەلگەندە رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىنىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا جاء رمضان فصم ثلاثين إلا أن ترى الهلال قبل ذلك ( طب ) عن عدي بن حاتم

472. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيى يېتىپ كەلسە، 30 كۈن روزا تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېڭى ئاينى كۆرۈۋشۇڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

يەنى 30 كۈن تۇتۇشتىن بۇرۇن ئاينى كۆرسەڭلار، 29 كۈن تۇتساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ، ناماز ئوقۇۋېرىڭلار.

إذا جاءك من هذا المال شيء و أنت غير مستشرف و لا سائل فخذه و ما لا فلا تتبعه نفسك ( خ ) عن عمر

473. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا بۇ مالدىن بىرەر نەرسە كەلسە، سەن ئۇنى كۆتۈپ تۇرمىغان ھەم سورىمىغان بولساڭ، قوبۇل قىلىپ ئال. ئۇنداق بولماي سورىساڭ، تاما قىلساڭ، ئاچكۆز بولساڭ، مالغا نەپسىڭنى ئەگەشتۈرمە. (يەنى تاماخور، سائىل بولما) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إذا جامع الرجل امرأته ثم أكسل فليغسل ما أصاب المرأة منه ثم ليتوضأ ( حم ق ) عن أبي بن كعب

474. ئۇبەي ئىبن كەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ، ئاندىن مەقسەتكە يېتەلمەي سولۇشۇپ، مەنىي چىقمىسا، ئايال كىشىدىن يەتكەن نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىپ، كىچىك تاھارەت ئالسا بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان. بۇخارى، مۇسلىملاردىمۇ مەنىي چىقمىسا يۇيۇنماسلىق توغرىسىدا سەھىھ ھەدىس بولۇپ، كېيىن مەنسۇخ قىلىنغان، يەنى كۆچكە ئىگە ئەمەس، كۆچكە ئىگە ھەدىس بولسا، تۆۋەندىكى مۇنۇ ھەدىستۇر.

إذا جاوز الختان الختان فقد وجب الغسل ( حم ت ) عن عائشة ( طب ) عن أبي أمامة ورافع بن خديج ( الشيرازي في الألقاب ) عن معاذ

475. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرنىڭ ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايى ئايال ئەۋرىتىنىڭ خەتنە قىلىنىدىغان جايىدىن ئۆتۈپ كەتسە، يەنى زەكەر بېشى ئايال ئەۋرىتىدە غايىپ بولسا (مەنىي چىقمىسىمۇ) غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى پەرزدۇر. ۋاجىپ پەرز مەنىسىدە بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەت، رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، شىرازىي مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ ھەدىستۇر.

إذا جعلت بين يديك مثل مؤخرة الرحل فلا يضرك من مر بين يديك ( د ) عن طلحة بن عبيدالله

476. تەلھەت ئىبنى ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇغاندا ئالدىڭلارغا تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرىدىغان كاجۇ، ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكىدەك نەرسە قويساڭلار، ئالدىڭلاردىن ئۆتكەن كىشى نامازغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى باشقا كىتابلاردا بولۇپ، بۇ نەرسىنىڭ مىقدارى بىر گەز يەنى 40 ـ 50 سانتىمېتىر)

إذا جلس أحدكم على حاجته فلا يستقبل القبلة و لا يستدبرها ( م ) عن أبي هريرة

477. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھاجەتكە ئولتۇرسا، قىبلىگە ئالدىنىمۇ، ئارقىسىنىمۇ قىلمىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( إذا جلس إليك الخصمان فسمعت من أحدهما فلا تقض لأحدهما حتى تسمع من الآخر كما سمعت من الأول فإنك إذا فعلت ذلك تبين لك القضاء ) حم ك هق عن علي

478. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى دەۋاگەر ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ، يېنىڭدا ئولتۇرسا، بىرسىدىن سۆز ئاڭلاپلا يەنە بىرسىدىن سۆز ئاڭلىمىغۇچە بىرىنچىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ھۆكۈم قىلما. ئىككىنچىسىدىن سۆز ئاڭلاپ كۆرسەڭ، قانداق ھۆكۈم قىلىش، ساڭا ئاشكارا نامايەن بولىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إذا جلس بين شعبها الأربع ثم جهدها فقد وجب عليه الغسل و إن لم يترل ( حم ق د ن ه ) عن أبي هريرة

479. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ تۆت شاخچىسى (يەنى پۇت ـ قوللىرى) ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، جىددى ھەرىكەتكە كىلىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، گەرچە مەنىي چىقمىسىمۇ غۇسلى تاھارەت ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا جلس بين شعبها الأربع و مس الختان الختان فقد وجب الغسل ( م ) عن عائشة

480. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ پۇت ـ قوللىرى، چاتىرقى ئارىسىدا ئولتۇرسا، زەكەرىنىڭ خەتنە جايى ئايالنىڭ ئەۋرىتىدىكى خەتنە جايىدىن ئۆتسە، بىر ـ بىرىگە تېگىشسە، ھەققەتەن غۇسلى تاھارەت پەرز بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا جمرتم الميت فأوتروا ( حب ك ) عن جابر

481. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە خۇشپۇراق ئەتىر چاچساڭلار تاق قىلىڭلار. ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( إذا جمع الله الأولين و الآخرين ليوم لا ريب فيه نادى مناد: من كان أشرك في عمل عمله لله أحدا فليطلب ثوابه من عنده فإن الله أغنى الشركاء عن الشرك ) حم ت ه عن أبي سعيد بن أبي فضالة

482. ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ پوزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تەئالا شەك يوق قىيامەت كۈنى ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق كىشىلەرنى توپلىغاندا، بىر توۋلىغۇچى جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ: كىم ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرىدە بىرەر كىشىنى شېرىك قىلسا، رىيا قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپات، ساۋابىنى شۇ كىشىدىن تەلەپ قىلسۇن. ئاللاھ شېرىكلەردىن بىھاجەت. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إذا جمع الله الأولين و الآخرين يوم القيامة يرفع لكل غادر لواء فقيل: هذه غدرة فلان ابن فلان ( م ) عن ابن عمر

483. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق كىشىلەرنى توپلىغاندا، ھەربىر خىيانەتچىگە بىردىن بايراق تىكىلىنىپ، بۇ پالانىنىڭ بالىسى، پالانىنىڭ خىيانىتى دېيىلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا حاك في نفسك شيء فدعه ( حم حب ك ) عن أبي أمامة

484. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭدە، كۆڭلۈڭدە بىرەر نەرسە شەكلەندۈرسە، گۇناھمىكى دەپ ئىككىلەندۈرسە، ئۇنى تەرك ئەتكىن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا حج الصبي فهي له حجة حتى يعقل فإذا عقل عليه حجة أخرى و إذا حج الأعرابي فهي له حجة فإذا هاجر فعليه حجة أخرى ( ك ) عن ابن عباس

485. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك بالا ھەج قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىگە كەلگەنگە قەدەر ھەج بولۇپ تۇرىدۇ. ئەقلىگە كەلسە، بالىغ بولسا، يەنە بىر ھەج ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز بولىدۇ (يەنى پەرزنى قىلىدۇ). ئەئرابى (يېزىلىق كىشى) ھەج قىلسا، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج بولىدۇ. ئۇ ھىجرەت قىلسا، شەھەرگە كەلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( إذا حدث الرجل بحديث ثم التفت فهي أمانة ) حم د ت الضياء عن جابر ( ع ) عن أنس

486. جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى بىر سۆزنى قىلسا، ئاندىن ئۇ قايتسا، ئۇ سۆز ئاڭلىغانلارغا ئامانەت بولىدۇ، يەنى ئۇ سۆزنى ئاشكارا قىلماسلىق لازىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن.

( إذا حضر أحدكم الأمر يخشى فواته فليصل هذه الصلاة – يعني الجمع بين الصلاتين – ) ن عن ابن عمر

487. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارغا بىرەر ئىش ھازىر بولۇپ قېلىپ، نامازنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، مۇنۇ نامازنى ئوقىسۇن، يەنى ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇسۇن. (سەپەردە، قورقۇنچتا، جىددىي ۋاقىتلاردا پېشىن بىلەن ئەسىر، شام بىلەن خۇپتەن جۈپلەپ ئوقۇلسا بولىدۇ، جۈپلىمىسىمۇ بولىدۇ) نەسەئى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

إذا حضر أحدكم الصلاة في مسجده فليجعل لبيته نصيبا من صلاته فإن الله جاعل في بيته من صلاته خيرا ( حم م ) عن جابر

488. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازغا مەسجىدكە كەلسە، نامازدىن ئۆيدە ئوقۇش ئۈچۈنمۇ نېسىۋە يەنى سۈننەت، نەپىلىلەرنى ئېلىپ قويسۇن. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆيدىكى نامازدىمۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا حضر العلماء ربهم يوم القيامة كان معاذ بن جبل بين أيديهم بقذفة حجر ( ابن عساكر ) عن عمر

489. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالىملار قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىغا ھازىر بولغاندا، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تاش ئېتىم مىقدارى ئۇلارنىڭ ئالدىدىراق تۇرىدۇ. (يەنى بۇ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

إذا حضر المؤمن أتته ملائكة الرحمة بحريرة بيضاء فيقولون: اخرجي راضية مرضيا عنك إلى روح و ريحان و رب غير غضبان فيخرج كأطيب ريح المسك حتى إنه ليناوله بعضهم بعضا حتى يأتوا به باب السماء فيقولون: ما أطيب هذا الريح التي جاءتكم من الأرض ! فيأتون به أرواح المؤمنين فلهم أشد فرحا به من أحدكم بغائبه يقدم عليه فيسألونه: ماذا فعل فلان ؟ ماذا فعل فلان ؟ فيقولون: دعوه فإنه كان في غم الدنيا فإذا قال: أما أتاكم ؟ قالوا: ذهب به إلى أمه الهاوية و إن الكافر إذا حضر أتته ملائكة العذاب بمسح فيقولون: اخرجي ساخطة مسخوطا عليك إلى عذاب الله فيخرج كأنتن ريح جيفة حتى يأتوا بها باب الأرض فيقولون: ما أنتن هذه الريح ؟ حتى يأتوا بها أرواح الكفار( ن ك ) عن أبي هريرة

490. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە ۋاپات ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا رەھمەت پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئاق يىپەك ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى جان! رازى بولغان ھەم رازى بولۇنغان رەب تائالا غەزەپ قىلمىغان ھالدا راھەت-پاراغەتكە، ياخشى رىزىققا چىققىن! (بۇ ئىككى سۆز يەنى روھ رەيھان سۈرە ۋاقىئە 89- ئايەتتە بار) ئاندىن ئۇ جان مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق ھالەتتە چىقىدۇ، ھەتتا ئۇنى بىرسى-بىرسىدىن، قولدىن-قولغا سۇنۇۋېلىپ ئاسمان ئىشىكىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار: سىلەرگە زېمىندىن كەلگەن بۇ پۇراق نېمىدېگەن خۇشپۇراق ھە! دېيىشىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ روھنى مۆئمىنلەر روھلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ، بىرىڭلار يىراقتا كەتكەن ئادىمى كەلگەندە خۇشال بولغاندىن بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن مۆئمىنلەر روھلىرى ئۇ روھدىن: پالانى، پوكۈنى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى: ئۇنى قويۇڭلار! ھەقچان ئۇ دۇنيا غېمىدە قالدى دەپ كېتىدۇ. ئاندىن بارغان روھ: ئۇ سىلەرگە كەلمىدىمۇ؟ دېگەندە، ئۇلار: ھە! ئەمدى بىلدۇق، ئۇ ئەسلى ھاۋىيە دېگەن دوۋزاختىكى جايىغا ئاپىرىلىپتۇ-دە! دەيدۇ. كاپىر كىشىگە ۋاپات ھازىر بولغاندا بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئەسكى كىگىزدەك، تاشلاندۇق پالازدەك يۇڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس جان! خاپا بولغان، ئاچچىقلانغان، ساڭىمۇ غەزەپ قىلىنغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئازابىغا چىققىن! ئاندىن ئۇ تاپىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق ھالەتتە چىقىدۇ. ئۇنى زېمىننىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلسە، ئۇلار: بۇ نېمىدېگەن سېسىق پۇراق ھە! دەپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى كاپىرلار روھلىرىغا ئاپىرىۋېتىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. روھ، جان مەۋجۇد.

2. ئۇنى پەرىشتىلەر ئالىدۇ.
3. مۆئمىنگە رەھمەت، كاپىرغا ئازاب.
4. مۆئمىن خۇشپۇراق، كاپىر سېسىق.
5. روھلارمۇ ئۇچرىشىدۇ، سۇئال سورىشىدۇ، خۇشال بولۇشىدۇ. زىيارەت باردۇر.
6. ئۆلگەنلەر روھلىرى بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۆلگەنلەردىن سوراپ بىلىدىكەن.
7. روھ كىرگۈزۈلىدۇ، پۈۋدىلىدۇ، چىقىرىلىدۇ. لېكىن، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم.
8. كاپىرلار روھلىرى زىمىنغا يەنى تۆۋەنگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىدە ئازاب بار تېخى.

إذا حضرتم الميت فقولوا خيرا فإن الملائكة يؤمنون على ما تقولون ( حم 4 حب ك ) عن أم سلمة

491. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە يەنى ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىگە ھازىر بولساڭلار، ياخشى سۆز قىلىڭلار. چۈنكى، پەرىشتىلەر سىلەر دېگەن سۆزگە ئامىن دەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم (بۇخارى، مۇسلىمدىن) باشقا تۆت سەھىھ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

( إذا حضرتم موتاكم فأغمضوا البصر فإن البصر يتبع الروح و قولوا خيرا فإن الملائكة تؤمن على ما يقول أهل البيت ) حم ه ك عن شداد بن أوس

492. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ھازىر بولساڭلار، كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇڭلار. ھەقىقەتەن كۆز روھقا ئەگىشىپ ئېچىلىپ قالىدۇ. ياخشى سۆزلەرنى دەڭلار، ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئۆي ئەھلى دېگەن سۆزگە ئامىن دەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا حكم الحاكم فاجتهد فأصاب فله أجران و إذا حكم فاجتهد فأخطأ فله أجر واحد ( حم ق د ن ه ) عن عمرو بن العاص ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة

493. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاكىم ھۆكۈم چىقارغاندا، ئىجتىھاد قىلىپ، تىرىشىپ توغرا ھۆكۈم چىقارسا، ئىككى ئەجىر ئالىدۇ. ھۆكۈم قىلغاندا ئىجتىھاد قىلىپ، خاتا ھۆكۈم قىلسا، يەنىلا بىر ئەجىر ئالىدۇ. (خاتالىق ئەپۇدۇر). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد يەنى بۇ تۆت كىتاب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

( إذا حكمتم فاعدلوا و إذا قتلتم فأحسنوا فإن الله محسن يحب المحسنين ) طس عن أنس

494. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۆكۈم چىقارساڭلار ئادىل بولۇڭلار، سۆز قىلساڭلار ياخشى سۆز قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچى بولۇپ، ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

( إذا حلف أحدكم فلا يقل ما شاء الله و شئت و لكن ليقل ما شاء الله ثم شئت ) ه عن ابن عباس

495. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قەسەم قىلسا، ئاللاھ خالىسا ۋە مەن خالىسام ياكى سەن خالىساڭ دېمىسۇن. لېكىن، ئاللاھ خالىسا، ئاندىن قالسا مەن ياكى سەن خالىساڭ دېسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إذا حلم أحدكم فلا يحدث الناس بتلعب الشيطان في المنام ( م ه ) عن جابر

496. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئىھتىلام بولۇپ قالسا، يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، بۇنداق شەيتاننىڭ چۈشىدىكى ئويۇنىشىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا حم أحدكم فليسن عليه الماء البارد ثلاث ليال من السحر ( ن ع ك الضياء ) عن أنس

497. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قىزىنىپ قالسا، ئۈستىگە ئۈچ كۈن سەھەردە سوغۇق، مۇزلۇق سۇ قۇيسۇن. نەسەئى، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( إذا ختنت فلا تنهكي فإن ذلك أحظى للمرأة و أحب إلى البعل ) هق عن أم عطية

498. ئۇممە ئەتىييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزلارنى خەتنە قىلساڭ، بەك ھەددىدىن ئارتۇق، يېتەرلىك كېسىۋەتمە. شۇنداق خەتنە قىلىش ئاياللارغا لەززەت، ئەرگە سۆيۈملۈكتۇر. بەيھەقى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن. قىزلارمۇ خەتنە قىلىنىشى كېرەك.

إذا خرج الرجل من بيته فقال: بسم الله توكلت على الله لا حول و لا قوة إلا بالله فيقال له: حسبك قد هديت و كفيت و وقيت فيتنحى له الشيطان فيقول له شيطان آخر: كيف لك برجل قد هدي و كفي و وقي ؟ ( د ن حب ) عن أنس

499. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆيىدىن چىققاندا، بىسمىللاھ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمەن، بارچە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ دېسە، ئۇ كىشىگە: ساڭا كۇپايە بولدى، ھىدايەت تاپتىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ، ساقلاندىڭ دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ شەيتىنى يىراقلىشىدۇ. بۇ شەيتانغا يەنە بىر شەيتان مۇنداق دەيدۇ: ھىدايەت قىلىنغان، كۇپايە قىلىنغان، ساقلانغان كىشى بىلەن سېنىڭ ھالىڭ نېمە بولۇپ كېتەر ھە! ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا خرج ثلاثة في سفر فليؤمروا أحدهم ( د الضياء ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

500. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقىپ قالسا، بىرىنى ئۆزىگە ئەمىر، باشلىق قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا خرجت إحداكن إلى المسجد فلا تقربن طيبا ( حم ) عن زينب الثقفية

501. زەينەپ سوقەپىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار، سىلەردىن بىرسى مەسجىدكە چىقىپ قالسا، خۇشپۇراق نەرسە، ئەتىرلەرنى يېقىن كەلتۈرمىسۇن، ئىستېمال قىلمىسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( إذا خرجت اللعنة من في صاحبها نظرت فإن وجدت مسلكا في الذي وجهت إليه و إلا عادت إلى الذي خرجت منه ) هب عن عبدالله

502. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ ئاغزىدىن لەنەت چىقسا، لەنەت ئۈياققا ـ بۇياققا قارايدۇ. بىرەر يول، ئورۇن تاپالىسا، شۇ جايغا بارىدۇ. ئەگەر ھېچبىر ئورۇن تاپالمىسا، چىققان جايغا قايتىدۇ. يەنى، لەنەت قىلىنغان نەرسە راستىنلا شۇنداق بولسا، ئىش تامام، ئۇنداق بولمىسا دىگۈچىگە قايتىدۇ. بەيھەقى، شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھكە ئوخشاش ھەسەن.

إذا خرجت المرأة إلى المسجد فلتغتسل من الطيب كما تغتسل من الجنابة ( ن ) عن أبي هريرة

503. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى مەسجىدكە چىقىپ قالسا، ئىشلەتكەن خۇشپۇراق ئەتىرلىرىنى خۇددى جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنغاندەك يۇيۇنۇپ تازىلىۋەتسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا خرجت روح العبد المؤمن تلقاها ملكان يصعدان بها – فذكر من ريح طيبها – و يقول أهل السماء: روح طيبة جاءت من قبل الأرض صلى الله عليك و على جسد كنت تعمرينه فينطلق به إلى ربه ثم يقول: انطلقوا به إلى آخر الأجل و إن الكافر إذا خرجت روحه – فذكر من نتنها – و يقول أهل السماء: روح خبيثة جاءت من قبل الأرض فيقال: انطلقوا به إلى آخر الأجل ( م ) عن أبي هريرة

504. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ جېنى چىققاندا، ئۇنى پەرىشتىلەر ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ شۇنداق خۇشپۇراقكى، ئاسمان ئەھلى مۇنداق دەيدۇ: بۇ پاك، خۇشپۇراق جان زېمىن تەرەپتىن كەلگەن، ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەن گۈللەندۈرگەن جەسەدكىمۇ رەھمەت قىلدى. ئاندىن ئۇ ئۆز رەببىنىڭ يېنىغا ئاپىرىلىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئاخىرقى مۇددەت ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ئاپىرىڭلار! ئەگەر كاپىرنىڭ جېنى چىقسا، ئۇ شۇنداق سېسىقكى، ئاسمان ئەھلى: بۇ نىجىس، سېسىق جان زېمىن تەرەپتىن كەلدى. بۇ جانغىمۇ مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنى ئاخىرقى مەنزىلگە ئاپىرىڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھھە.

( إذا خرجت من منزلك فصل ركعتين تمنعانك مخرج السوء و إذا دخلت إلى منزلك فصل ركعتين تمنعانك مدخل السوء ) البزار هب عن أبي هريرة

505. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭدىن چىققاندا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، بۇ ناماز سېنى چىققاندىكى يامان ئاقىۋەتتىن ساقلايدۇ. ئۆيۈڭگە كىرگەندىمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، بۇ ناماز سېنى كىرگەندىكى يامانلىقتىن ساقلايدۇ. بەزار، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( إذا خطب أحدكم المرأة فإن استطاع أن ينظر منها إلى ما يدعوه إلى نكاحها فليفعل ) د ك هق عن جابر

506. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنى، شۇ ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشقا قىزىقتۇرغان ئىشلارغا قاراپ بېقىشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن، يەنى قىزنىڭقان نەرسىگە قاراپ باقسۇن. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

يۇقىرىدا قاراپ باقسا بولىدىغانلىق توغرىسىدا ئۆتتى.

إذا خطب أحدكم المرأة فلا جناح عليه أن ينظر إليها إذا كان إنما ينظر إليها لخطبته و إن كانت لا تعلم ( حم طب ) عن أبي حميد الساعدي

507. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا ياكى ئەۋەتمەكچى بولسا، ئەلچى ئەۋەتىش ئۈچۈنلا قارىسا، قارىغانغا گۇناھ بولمايدۇ، گەرچە ئۇ ئايال بۇ ئىشلارنى بىلمىسىمۇ شۇنداق. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

( إذا خفضت فأشمي و لا تنهكي فإنه أحسن للوجه و أرضى للزوج ) خط عن علي

508. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتنە قىلىدىغان ئايالغا مۇنداق دېگەن: قىزلارنى خەتنە قىلغىنىڭدا، بوشراق كەس، بەك كېسىۋەتمە. شۇنداق قىلىش يۈزنى گۈزەل قىلىدۇ، ئەرنى رازى قىلىدۇ. خەتىبۇلبەغدادى توپلىغان، ھەسەن.

( إذا خفضت فأشمي و لا تنهكي فإنه أسرى للوجه و أحظى عند الزوج ) طس عن أنس

509. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىستە قىزلارنى خەتنە قىلىش ئەرگە لەززەتلىك دېيىلىدۇ، بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئوخشىشى يۇقىرىدا ئۆتتى، ئاياللارنى ئۇممە ئەتىييە خەتنە قىلغانلىق مەشھۇردۇر. ھازىرمۇ بەزى دۆلەتتە خەتنە قىلىدۇ، بۇ ھەدىس ھەسەن. چۈنكى يۇقىرىدا ئەۋسەت توپلىغان بۇ ھەدىسنى قوللايدىغان سەھھە ھەدىسلەر ئۆتتى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سەھھە، ھەسەن دېگىنى ئىمام مۇھەددىس شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھدۇر.

إذا خلص المؤمنون من النار حبسوا بقنطرة بين الجنة و النار فيتقاصون مظالم كانت بينهم في الدنيا حتى إذا نقوا و هذبوا أذن لهم بدخول الجنة فوالذي نفس محمد بيده لأحدهم بمسكنه في الجنة أدل منه بمسكنه كان في الدنيا ( حم خ ) عن أبي سعيد

510. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر دوۋزاختىن قۇتۇلغاندا، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدىكى كۆۋرۈك بىر مەيداندا

توختىتىلىپ، ئۆز ـ ئارا دۇنيادىكى چاغدا يۈز بېرىپ قالغان زۇلۇملارغا بىر ـ بىرىگە قىساس ئېلىپ بېرىلىپ، گۇناھىدىن پاكلىنىپ، جەننەتكە لايىق ئەدەپ ـ ئەخلاق بېرىلگەندە، ئاندىن ئۇلارغا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئۆز قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى دۇنيادىكى جايىنى تونۇغاندىن بەكرەك جەننەتتىكى ئورۇن، جايلىرىنى تونۇيالايدۇ. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا دبغ الإهاب فقد طهر ( م د ) عن ابن عباس

511. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېرە ئاشلانسا جەزمەن پاك بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا دبغ جلد الميتة فحسبه فلينتفع به ( عب ) عن عطاء مرسلا

512. ئەتائ رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ تېرىسى ئاشلانسا، ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەنسە بولىدۇ، شۇ كۇپايە. (يەنى ئاشلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش پاكلىنىشقا كۇپايە.) بۇ ھەدىسنى ئابدۇررازاق توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

إذا دخل أحدكم المسجد فلا يجلس حتى يصلي ركعتين ( حم ق 4 ) عن أبي قتادة ( ه ) عن أبي هريرة

513. ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەندە، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماي ھەرگىز ئولتۇرمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ بولغاچقا، ئالىملار ھەرقانداق ۋاقىتتا كىرسە چوقۇم ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ دېدى.

إذا دخل أحدكم المسجد فليسلم على النبي و ليقل: اللهم افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج فليسلم على النبي و ليقل: اللهم اعصمني من الشيطان ( ن ه حب ك ) عن أبي هريرة

514. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كىرسە، پەيغەمبەرگە يەنى ماڭا سالام يوللىسۇن ۋە مۇنداق دۇئا قىلسۇن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىن. چىققاندا بولسا، يەنە ماڭا سالام يوللاپ، ئى ئاللاھ، مېنى شەيتاندىن ساقلىغىن دېسۇن. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل أحدكم المسجد فليسلم على النبي و ليقل: اللهم افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج فليسلم على النبي و ليقل: اللهم إني أسألك من فضلك ( د ) عن أبي حميد أو أبي أسيد ( ه ) عن أبي حميد

515. ئەبۇ ھۇمەيدى، ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەندە، پەيغەمبىرىگە سالام يوللاپ مۇنداق دېسۇن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىن. چىققاندىمۇ سالام يوللاپ، ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىدىن پەزلىلىرىنى سورايمەن دېسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل أحدكم المسجد فليصل على النبي صلى الله عليه وسلم و ليقل: اللهم افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج فليسلم على النبي و ليقل: اللهم إني أسألك من فضلك ( حم م ) عن أبي حميد أو أبي أسيد ( حم ن حب هق ) عن أبي حميد وأبي أسيد معا

516. ئەبۇ ھەمىيد، ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەندە، پەيغەمبىرىگە سالام يوللاپ مۇنداق دېسۇن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن رەھمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسىلە. چىققاندا يەنە سالام يوللاپ، ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ پەزلىلىرىنى سورايمەن دېسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، ھەرپلەر، راۋىيلار، كاتىپلار ئوخشىمىغاچقا تەكرار كەلدى، سەھىھ.

( إذا دخل أحدكم إلى القوم فأوسع له فليجلس فإنما هي كرامة من الله أكرمه بها أخوه المسلم فإن لم يوسع له فلينظر أوسعها مكانا فليجلس فيه ) الحارث عن أبي شيبة الخدري

517. بۇ ھەدىسنى ھارىسى ئەبۇ شەيبەدىن خاتىرلىگەن بولۇپ، مەرتىۋىسى ھەسەن، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتۈپ بولدى. مەزمۇنى مەجلىسكە كەلگەندە كەڭرى جايدا ئولتۇرۇش، كەڭرىتىپ بېرىشتۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىشى.

إذا دخل أحدكم على أخيه المسلم فأطعمه من طعامه فليأكل و لا يسأل عنه و إن سقاه من شرابه فليشرب و لا يسأل عنه ( طس ك هب ) عن أبي هريرة

518. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇ تائامدىن بەرسە يىسۇن، لېكىن سورىمىسۇن. ئۇ شارابتىن سۇغارسا ئىچسۇن، لېكىن سورىمىسۇن.

(بۇ تاماق ئۆستىگە كىرىپ قېلىش مەسىلىسى بولۇپ، بەرسە يىسۇن، بەرمىسە سورىمىسۇن ھەم خاپا بولمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن. چۈنكى، ھەققى يوق. سەدىقە ـ ئېھسان خالىسا قىلىدىغان نەرسە. لېكىن، مۇسۇلمانلار بېرىپ تەڭ يەيدۇ، تائام ئۆستىگە كېلىپ قالغان كىشىگە بېرىپ يېيىشكە ھەدىس ئۆتتى) ھاكىم، ئەۋسەت، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل الرجل بيته فذكر اسم الله تعالى حين يدخل و حين يطعم قال الشيطان: لا مبيت لكم و لا عشاء هاهنا و إن دخل فلم يذكر اسم الله عند دخوله قال الشيطان: أدركتم المبيت و إن لم يذكر اسم الله عند مطعمه قال: أدركتم المبيت و العشاء ( حم م د ه ) عن جابر

519. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆيىگە كىرگەندە ئاللاھنى ئەسلىسە، تائام يېگەندىمۇ ئاللاھنى ئەسلىسە، بىسمىللاھ دېسە، شەيتان بالىلىرىغا، قوشۇنلىرىغا: سىلەرگە بۇ جايدا قونالغۇ ھەم تاماق يوق دەيدۇ. ئەگەر ئۆيىگە كىرگەندە، بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنى ئەسلىمىسە، شەيتان: قونالغۇ تاپتىڭلار دەيدۇ، تائام يېگەندە ئاللاھنى ئەسلىمىسە، شەيتان: ھە! ئەمدى قونالغۇ ھەم تائام تاپتىڭلار دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل العشر و أراد أحدكم أن يضحي فلا يمس من شعره و لا من بشره شيئا ( م ن ه ) عن أم سلمة

520. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇربانلىق ئېيىنىڭ تۇنجى ئون كۈنى كىرگەندە، (يەنى بىرىنچى كۈندىن قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئونىنچى كۈنىگىچە) قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى چاچ ـ ساقىلىنى، تېرىسىدىن بىر نەرسىنى يەنى تىرناق، تۈكلىرىنى ئالمىسۇن. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمدا بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدىلا چاچ، تىرناقنى ئېلىشنى توسقان ھەدىس بار.

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىيسىدە مۇنداق دېگەن: سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، رەبىيئە، ئەھمەد، ئىسھاق، داۋۇد، بىر قىسىم ئالىملار چاچ ـ ساقالنى، تىرناق ـ تۈكلەرنى بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئېلىش ھارام دېگەن. شافئى رەھمەھۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھارام ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ دېگەن. ئەبۇ ھەنىيفە مەكرۇھمۇ ئەمەس دېگەن، مالىكمۇ شۇنداق دېگەن. لېكىن، مالىكىيە مەزھىپىدە مەكرۇھ دېگەن ھۆكۈممۇ بار. ھەر قايسىسى دەلىل كەلتۈرگەن. نەۋەۋى ئاخىرىدا بۇ ھۆكۈم ھاجىلاردىن باشقا بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئامدۇر، ھەرقانداق قۇربانلىق قىلىدىغان كىشى چاچ، تىرناق، تۈك (ئەۋرەت، قولتۇق، بۇرۇن تۈكلىرى) قاتارلىقلارنى ھەرقانداق ئۇسۇللار بىلەن ئالسا بولمايدۇ، سەھىھ ھەدىستە ئېنىق كەلگەچكە، بىز بۇنى مەكرۇھ دېيمىز دېگەن. ئۇنى ـ بۇنى كوچىلىماي، ھەدىسكە سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلايلى! ھارامىمدۇ، مەكرۇھ يا مۇباھمىدۇ، ئۇ ـ بۇ دېمەي، ئەمەل قىل! ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ، ساڭا ئايەت، ھەدىستىن بىرەر ھۆكۈم كەلسە، بۇ ھارامىمدۇ، مەكرۇھمىدۇ، مۇباھمىدۇ، پەرزمىدۇ، ۋاجىپ، سۈننەتمىدۇ دېمەي، سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلغىن. ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى ئۈلگە قىلغىن، شۇلاردەك ئەمەل قىلغىن. دەلىلنىمۇ شۇلاردەك

چۈشەنگىن دېگەن.

إذا دخل أهل الجنة الجنة و أهل النار النار نادى مناد: يا أهل الجنة إن لكم عند الله موعدا يريد أن ينجزكموه فيقولون: و ما هو ؟ ألم يثقل الله موازيننا و يبيض وجوهنا و يدخلنا الجنة و ينجنا من النار ؟ فيكشف الحجاب فينظرون إليه فوالله ما أعطاهم الله شيئا أحب إليهم من النظر إليه ولا أقر لأعينهم(حم ه ابن خزيمة حبعن صهيب

521. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، بىر نىدا قىلغۇچى جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ: ئى جەننەت ئەھلى! ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزدىدە بىر ياخشى ۋەدە بار، ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە ھازىر ئىجرا قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار: ئۇ نېمە؟ ئاللاھ بىزنىڭ مىزانلىرىمىزنى ئېغىر قىلمىدىمۇ؟ يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىمۇ؟ بىزنى ئۇ دوۋزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىمۇ؟ يەنى شۇلارنى ئاللاھ قىلىپ بەرگەن تۇرسا، يەنە قايسى ئىش قالدى؟ دېگەندە، ئاللاھ پەردە ـ ھىجاپنى كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا قارايدۇ، ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىگە قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، كۆزلىرى قارار ئالغۇدەك، قەلبى خاتىرجەم بولغۇدەك خۇشاللىق، لەززەتلىك مۇكاپاتنى بەرمەيدۇ، يەنى ئاللاھنى كۆرۈش ھەممىدىن ئالى مۇكاپاتتۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ، شۇنداقلا بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ شۇنداق ھەدىسلەر بار، كېيىن كېلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئەڭ يۇقىرى، ئالى غايىمىز، مۇراد ـ مەقسىتىمىزدۇر.

إذا دخل أهل الجنة الجنة و أهل النار النار يجاء بالموت كأنه كبش أملح فيوقف بين الجنة و النار فيقال: يا أهل الجنة هل تعرفون هذا ؟ فيشرئبون فينظرون و يقولون: نعم هذا الموت و كلهم قد رآه ثم ينادى: يا أهل النار هل تعرفون هذا ؟ فيشرئبون فينظرون فيقولون: نعم هذا الموت و كلهم قد رآه فيؤمر به فيذبح و يقال: يا أهل الجنة خلود و لا موت و يا أهل النار خلود و لا موت ( حم ق ت ه ) عن أبي سعيد

522. ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئۆلۈم ئالا قوچقار سۈرىتىدە كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدا توختىتىلىدۇ، تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى! بۇنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراپ، شۇنداق، بىز تونۇدۇق، ئۇ ئۆلۈمكەن دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇ. ئاندىن، ئى دوۋزاخ ئەھلى، بۇنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ دەپ توۋلايدۇ. ئۇلارمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراپ، تونۇدۇق، بۇ ئۆلۈمكەن دەيدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۆلۈمنى بوغۇزلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ، يەنى ئۆلۈممۇ ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگەيدۇ. ئى جەننەت ئەھلى، مەڭگۈ قالىسىلەر، ئۆلۈم يوق. ئى دوۋزاخ ئەھلى، مەڭگۈ قالىسىلەر، ئۆلۈش يوق دېيىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ.

مانا بۇمۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئاللاھ بىزنى مەڭگۈلۈك جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، جامالىنى بەرسۇن، ئامىن!

إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله تعالى: تريدون شيئا أزيدكم ؟ فيقولون: ألم تبيض وجوهنا ؟ ألم تدخلنا الجنة و تنجنا من النار ؟ فيكشف الحجاب فما أعطوا شيئا أحب إليهم من النظر إلى ربهم ( م ت ) عن صهيب

523. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلارغا: سىلەرگە بىرەر نەرسىنى زىيادە، ئارتۇق بېرىشىمنى خالامسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار يۈزلىرىمىزنى ئاق، نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ؟ دوۋزاختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ؟ يەنە قانداق مۇكاپات ئۇ؟ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى ئاللاھقا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل أهل الجنة الجنة يقول الله عز و جل: هل تشتهون شيئا فأزيدكم ؟ فيقولون: ربنا و ما فوق ما أعطيتنا ؟ فيقول: رضواني أكبر

( ك ) عن جابر

524. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى زىيادە ئارتۇق مۇكاپات قىلىپ بېرىشىمنى ئارزۇ، ئىشتىھا قىلامسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە بەرگەندىنمۇ ئارتۇق يەنە نېمە باردۇ؟ دەيدۇ. ئاللاھ: مېنىڭ رازىلىقىم ھەممىدىن بۈيۈكتۇر دەيدۇ. (بۇ توغرىسىدا ئايەتتە شۇنداق بار) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ بىزدىن رازى بولغاي، ئامىن!

إذا دخلت ليلا فلا تدخل على أهلك حتى تستحد المغيبة و تمتشط الشعثة ( خ ) عن جابر

525. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە كېلىپ قالساڭ ، ئەھلىڭگە كېچىدە كىرمىگىن. ئۇ سەن يوق چاغلاردىكى ئەھۋالغا تەييارلىق قىلىۋالسۇن ، چاچلىرىنى تارىۋالسۇن. بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

( إذا دخلتم بيتا فسلموا على أهله فإذا خرجتم فأودعوا أهله بسلام ) هب عن قتادة مرسلا

526. قەتادە رەھمەھۇللاھدىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيگە كىرسەڭلار ئۆي ئەھلىگە سالام قىلىڭلار، چىققاندا بولسا سالام بىلەن خوشلىشىڭلار. بەيھەقى شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، ھەسەن.

إذا دخلت مسجدا فصل مع الناس و إن كنت قد صليت ( ص ) عن محجن الديلي

527. مىھجەن دىيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدكە كىرگەندە گەرچە سەن ناماز ئوقۇپ بولساڭمۇ، يەنە كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇغىن. سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، سەھىھ.

إذا دخل شهر رمضان فتحت أبواب الجنة و غلقت أبواب جهنم و سلسلت الشياطين ( حم ق ) عن أبي هريرة

528. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيى كىرگەندە، جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوۋزاخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. شەيتانلارغا تاقاق، زەنجىرـكىشەن سېلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

كىشىلەر يەنىلا ئادىتى، نەپسى، كۆڭۈل كېتىشى بىلەن گۇناھ قىلىۋېرىدۇ ياكى ئۇ ئىنسى شەيتان.

إذا دعا أحدكم أخاه فليجب عرسا كان أو نحوه ( حم د ) عن ابن عمر

529. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنى چاقىرسا، توي تاملىقى بولسۇن ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىش بولسۇن، ئۇ جايغا بارسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعا أحدكم فلا يقل: اللهم اغفر لي إن شئت و ليعزم المسألة و ليعظم الرغبة فإن الله لا يعظم عليه شيء أعطاه ( خد ) عن أبي سعيد ( م ) عن أبي هريرة

530. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دۇئا قىلسا، ئى ئاللاھ، ئەگەر خالىساڭ مېنى مەغپىرەت قىلساڭ دېمىسۇن. قەتئىي ئىرادە قىلىپ، شەكسىز ئىشىنىپ سورىسۇن. رىغبەتتىنى، قىزىقىشىنى كاتتا قىلسۇن. ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسە چوڭ بىلىنمەيدۇ، كاتتا، ئۇلۇغ بىلىنمەيدۇ. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعا أحدكم فليعزم المسألة و لا يقل: اللهم إن شئت فأعطني فإن الله لا مستكره له ( حم ق ن ) عن أنس

531. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا، قەتئىي ئىرادە قىلىپ، ئىشىنىپ سورىسۇن. ئى ئاللاھ، ئەگەر خالىساڭ

ماڭا بەرسىلە دېمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھتائالا مەجبۇرلانمايدۇ، ئۇنى مەجبۇرلىغۇچى يوق. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

غاپىل قەلب بىلەن ئەمەس، چىن دىلدىن سورىسا، ئاللاھ بېرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى تونۇش كېرەك.

إذا دعا الرجل امرأته إلى فراشه فأبت فبات غضبان عليها لعنتها الملائكة حتى تصبح( حم ق د ) عن أبي هريرة

532. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى كۆرپىگە چاقىرسا، ئايالى ئۇنىمىسا، ئەر ئۇ ئايالىغا غەزەپ قىلىپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقىچە لەنەت قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعا الرجل امرأته إلى فراشه فلتجب و إن كانت على ظهر قتب ( البزار ) عن زيد بن أرقم

533. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى كۆرپىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تۆگە ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشسۇن، يەنى بۇ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇشتۇر. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعا الرجل زوجته لحاجته فلتأته و إن كانت على التنور ( ن ت ) عن طلق بن علي

534. تەلقى ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى ھاجىتىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تونۇر ئۈستىدە بولسىمۇ كەلسۇن. نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

دعا الغائب لغائب قال له الملك: و لك مثل ذلك ( عد ) عن أبي هريرة

535. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غايىب كىشى يىراقتىكى يەنە بىر كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بولسۇن دەپ تۇرىدۇ. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا دۇئا قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

( صحيح ) إذا دعي أحدكم إلى الوليمة فليأتما ( مالك حم ق د ) عن ابن عمر

536. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تامىقىغا چاقىرىلسا بارسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن يەنىلا ئىسلام دىنى چەكلىگەن ئىشلاردىنمۇ يانسۇن.

إذا دعي أحدكم إلى طعام فليجب فإن شاء طعم و إن شاء لم يطعم ( م د ) عن جابر

537. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، بېرىپ خالىسا يېسۇن خالىسا يېمىسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعي أحدكم إلى طعام فليجب فإن كان مفطرا فليأكل و إن كان صائما فليدع بالبركة ( طب ) عن ابن مسعود

538. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن. روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتقان بولسا، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعي أحدكم إلى طعام فليجب فإن كان مفطرا فليأكل و إن كان صائما فليصل ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة

539. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا بارسۇن. روزا تۇتمىغان بولسا يېسۇن، روزا تۇتۇقلۇق بولسا، بىر چەتتە ناماز ئوقۇسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا دعي أحدكم إلى طعام و هو صائم فليقل: إني صائم( م د ت ه ) عن أبي هريرة

540. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تائامغا چاقىرىلسا، ئۇ روزا تۇتقان بولسا، ھەققەتەن مەن بۇگۈن روزا تۇتقان دېسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا دعي أحدكم إلى وليمة عرس فليجب ( م ه ) عن ابن عمر

541. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تامىقىغا چاقىرىلسا بارسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئۆتتى.

إذا دعي أحدكم إلى وليمة فليجب و إن كان صائما ( ابن منيع ) عن أبي أيوب

542. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار توي تامىقىغا چاقىرىلسا، گەرچە ئۇ روزا تۇتقان بولسىمۇ بارسۇن. ئىبنى مۇنىيئ توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

إذا دعي أحدكم فجاء مع الرسول: فإن ذلك له إذن ( خد د هب ) عن أبي هرير

543. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چاقىرىلسا، ئۇ ئەلچى بىلەن بىللە كەلسە، ئاشۇ بىللە كېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزنى، رۇخسەت بولىدۇ، كىرىۋەرسۇن. بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بىرىش توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇباھ، ئىختىيارىدۇر.

( صحيح ) إذا دعيتم إلى كراع فأجيبوا ( م ) عن ابن عمر

544. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر كالا ـ قوينىڭ پاقالچاقلىرىغا چاقىرىلساڭلارمۇ بېرىڭلار. (يەنى چوقا، پاچاق بىلەن مېھمان قىلىش) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا ذكر أصحابي فأمسكوا و إذا ذكرت النجوم فأمسكوا و إذا ذكر القدر فأمسكوا ( طب ) عن ابن مسعود ( عد ) عن ابن مسعود وثوبان ( عد ) عن عمر

545. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىلىرىم تىلغا ئېلىنسا، سۆز قىلماي، جىم تۇرىۋېلىڭلار (يەنى ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار)، يۇلتۇز تىلغا ئېلىنسىمۇ جىم تۇرۇڭلار، تەقدىر تىلغا ئېلىنسىمۇ سۆز قىلماي جىم تۇرۇڭلار. بۇ ھەدىسنى تەبرانى ئىبنى مەسئۇددىن، ئىبنى ئەدى ئىبنى مەسئۇد، سەۋبان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) ( إذا ذكرتم بالله فانتهوا ) البزار عن أبي سعيد المقبري مرسلا

546. ئەبۇ سەئىيد مەقبەرى رەھمەھۇللاھدىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئاللاھ بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، يامانلىقتىن دەرھال يېنىڭلار. بەزار توپلىغان، ھەسەن.

إذا ذهب أحدكم إلى الغائط فليذهب معه بثلاثة أحجار يستطيب بهن فإنها تجزي عنه ( حم د ن ) عن عائشة

547. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھاجەتخانىغا ماڭسا، ئۈچ تال تاش ئېلىۋالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىدۇ، شۇ كۇپايە بولىدۇ. (چالما ۋە باشقا تازىلىق ئېلىۋالسا بولىدۇ، ئەمما تاق قىلسۇن دېگەن ھەدىس ئۆتتى) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأى أحدكم الرؤيا الحسنة فليفسرها و ليخبر بها و إذا رأى الرؤيا القبيحة فلا يفسرها و لا يخبر بها.ت هريرة

548. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى تەپسىر قىلىپ، يەنى تەبىر بېرىپ، خەۋەر قىلسا بولىدۇ. ئەگەر يامان، قەبىھ چۈش كۆرسە، ئۇنى خەۋەر قىلمىسۇن، دېمىسۇن، تەبىر، تەپسىر قىلمىسۇن.

تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأى أحدكم الرؤيا يحبها فإنما هي من الله فليحمد الله عليها و ليحدث بها و إذا رأى غير ذلك مما يكره فإنما هي من الشيطان فليستعذ بالله و لا يذكرها لأحد فإنها لا تضره ( حم خ ت ) عن أبي سعيد

549. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان چۈشنى كۆرسە، ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ تەرەپتىندۇر، ئاللاھقا ھەمدۇـسانا ئېيتسۇن، ئۇ چۈشنى سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىراق يامان كۆرىدىغان چۈشنى كۆرسە، ھەقىقەتەن ئۇ شەيتان تەرەپتىندۇر، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسۇن، ئۇ چۈشنى ھېچ كىمگە دېمىسۇن، چۈش ئۇنىڭغا زەرەر قىلالمايدۇ. بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

چۈش توغرىسىدا بىز تەنتاۋىدا سۈرە يۈسۈفدە توختالغان. بۇ نەچچە خىل بولىدۇ، راست، توغرا تەبىرلىك چۈشدىن باشقا چۈشلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي، چۈشكە ئەمەس ئوڭۇڭلارغا (ئويغاق ۋاختىڭلارغا) ئەھمىيەت بېرىڭلار!

إذا رأى أحدكم الرؤيا يحبها فإنما هي من الله فليحمد الله عليها و ليحدث بها و إذا رأى غير ذلك مما يكره فإنما هي من الشيطان فليستعذ بالله من شرها و لا يذكرها لأحد فإنها لا تضره ( حم خ ه ) عن أبي سعيد

550. بۇ ھەدىس يۇقىرقى 549ـ ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، كاتىب، راۋىيلارمۇ ئوخشاش، پەقەت تىرمىزى ئىبنى ماجەگە ئالماشقان. سەھىھ

إذا رأى أحدكم الرؤيا يكرهها فليبصق عن يساره ثلاثا و ليستعذ بالله من الشيطان ثلاثا و ليتحول عن جنبه الذي كان عليه ( م د ه ) عن جابر

551. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار يامان كۆرىدىغان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن، ياتقان جايىدىن يۆتكەلسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأى أحدكم المرأة التي تعجبه فليرجع إلى أهله حتى يقع بهم فإن ذلك معهم ( حب ) عن جابر

552. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ قالغاندا، دەرھال ئايالىغا قايتىپ بىللە بولسۇن، ئايالى بىلەنمۇ شۇ باردۇر. ئىبنى ھەببان خاتىرىلىگەن، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ئاياللار خۇددى ھەرخىل رەڭدە بويالغان تۇخۇمدەك ئوخشاشتۇر، يېسە بىر خىل. ئەمما، ياخشى كۆرگەن مەھبۇب باشقىچە بولىدۇ، بەخت، لەززەت روھىي ـ مەنىۋىي ئىشتۇر، ئىددىيىگە باغلىقتۇر، مۇھەببەتنى ئاللاھ ياراتقان، ئىبنى تەيمىييە ئەر كىشى ياخشى كۆرگەن ئايالى بىلەن بىللە بولسا، كۆچلۈنۈپ كېتىدۇ دېگەن، بۇ مەنىۋى قۇۋۋەتتۇر.

إذا رأى أحدكم جنازة فإن لم يكن ماشيا معها فليقم حتى يخلفها أو تخلفه أو توضع من قبل أن تخلفه ( ق ن ) عن عامر بن ربيعة

553. ئامىر ئىبنى رەبىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جىنازىنى كۆرسە، جىنازا بىلەن بىللە ماڭغۇچى بولمىسا، جىنازا يىراقلاشقان ياكى يەرگە قويۇلغانغا قەدەر دەس تۇرۇپ، ئۆرە تۇرسۇن. بەيھەقى، نەسەئى خاتىرىلىگەن، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىس، مۇسلىمدىمۇ جىنازا توغرىسىدا سۆزلەنگەن بولۇپ، بۇ توغرىلىق ھەدىسنى كەلتۈرۈپ ئارقىسىدىن بۇ ئىش مەنسۇخ ئەمەلدىن قالدى، كۆچكە ئىگە ئەمەس دەپ، يەنە بىر سەھىھ ھەدىسنى سۆزلىگەن. ئىمام مالىك، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، شافىئى رەھمەھۇللاھلار جىنازىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالدى، كۆچكە ئىگە ئەمەس دېدى. ئەھمەد رەھمەھۇللاھلار، ئىسھاق، ئىبنى ھەبىب، ماجىشۇن ئىختىيار دېگەن. ئەمما، بۇ ئۇتتۇرىدىن ئۆتسە، كۆرسە شۇنداق، لېكىن، قەبرىستاندا بولسا، يەرگە قويۇلمىغۇچە ئولتۇرسا بولمايدۇ، ئۆرە تۇرۇش مۇستەھەپ دېدى، بۇئىشنى تەرىك ئەتسە، گۇناھكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

إذا رأى أحدكم رؤيا يكرهها فليتحول و ليتفل عن يساره ثلاثا و ليسأل الله من خيرها و ليتعوذ بالله من شرها ( ه ) عن أبي هريرة

554. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرسە، ئورنىدىن يۆتكىلىپ سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھتىن چۈشنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( إذا رأى أحدكم مبتلى فقال: الحمد لله الذي عافاني مما ابتلاك به و فضلني عليك و على كثير من عباده تفضيلا كان شكر تلك النعمة ) هب عن أبي هريرة

555. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بالاغا گىرىپتار بولغان كىشىنى (مەسىلەن: ئېغىر كېسەل، مېيىپنى) كۆرگەندە، بارلىق ھەمدۇ-سانا مىنى ساڭا بەرگەن بالادىن ساقلىغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ مىنى سېنىڭ ۋە نۇرغۇن بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك ئارتۇق قىلىپتۇ دېسە، مانا بۇ شۇ نېئمەتنىڭ شۈكرىسى بولىدۇ. بەيھەقى شۇئەبۇلئىماندا توپلىغان، ھەسەن.

إذا رأى أحدكم من نفسه أو ماله أو من أخيه ما يعجبه فليدع له بالبركة فإن العين حق ( ع طب ك ) عن عامر بن

556. ئامىر ئىبنى رەبىيئەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزىدىن، مېلىدىن، قېرىندىشىدىن ئۇنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ياخشى ئىشنى كۆرسە، ھەسەت قىلماي، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. چۈنكى، كۆز تېگىش ھەق، ھەقىقەتتۇر. ھاكىم، تەبرانى، ئەبۇيەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأى المؤمن ما فسح له في قبره فيقول: دعوني أبشر أهلي فيقال له: اسكن ( حم الضياء ) عن جابر

557. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى قەبرىسىنىڭ كەڭرىلىكىنى كۆرگەندە، مىنى قويۇپ بېرىڭلار! مەن بۇ خۇشاللىق بىلەن ئەھلىلىرىمگە بىشارەت بېرىۋالاي! دەپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جىم تۇرغىن دېيىلىدۇ. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا رأت فأنزلت فعليها الغسل ( ه ) عن أنس

558. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىھتىلام بولغان ئايال توغرىسىدا سورىغاندا، ئايال كىشى چۈش كۆرۈپ ئىھتىلام بولسا، ئاندىن سۇ، مەنى چۈشسە، ئۇنىڭغا غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم، نەسەئىيدىمۇ بار.

( صحيح ) إذا راح أحدكم إلى الجمعة فليغتسل ( خ ) عن عمر

559. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىغا ماڭغاندا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (راھە دېگەن سۆز مەشا، زەھەبى يەنى ماڭسا دېگەن مەنىدە، ئىبنى ئەسىرنىڭ غەرىبۇلھەدىس دېگەن كىتابىدىن.)

إذا رأيت الأمة ولدت ربتها و رأيت أصحاب البنيان يتطاولون بالبنيان و رأيت الحفاة الجياع العالة كانوا رءوس الناس فذلك من معالم الساعة و أشراطها ( حم ) عن ابن عباس

560. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغقىنىنى، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ئىگىلىرىنىڭ بىنانى ئېگىز سېلىشتا بەسلەشكىنىنى، يالاڭ ئاياغ، ئاچ قورساق، پېقىر، كەمبەغەللەر كىشىلەرگە باش، رەئىس بولغىنىنى كۆرسەڭ، ئەنە شۇ ئىشلار قىيامەتنىڭ بەلگىسى ۋە ئالامەتلىرىدۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيت الله تعالى يعطي العبد من الدنيا ما يحب و هو مقيم على معاصيه فإنما ذلك منه استدراج ( حم طب هب ) عن عقبة بن عامر

561. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە گۇناھـمەئسىيەتتە مۇقىم تۇرسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇ بەندىگە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان دۇنيانى بەرگىنىنى كۆرسەڭ، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ تەرەپتىن تەدرىجىي باپلاپ ھالاك قىلىشتۇر. ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيت المذي فاغسل ذكرك و توضأ وضوءك للصلاة و إذا نضحت الماء فاغتسل ( د ن حب ) عن علي

562. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەزىينى كۆرسەڭ (يەنى شەھۋەت، ھېسسىيات قوزغالغاندا چىقىدىغان ئېقىش سۇنى كۆرسەڭ) ئەۋرىتىڭنى يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالغىن. سۇنى يەنى مەنىينى ئېتىپ چىقارغاندا بولسا، يۇيۇنۇپ، غۇسلى تاھارەت ئال. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيت الناس قد مرجت عهودهم و خفت أماناتهم و كانوا هكذا – و شبك بين أنامله – فالزم بيتك و املك عليك لسانك و خذ ما تعرف و دع ما تنكر و عليك بخاصة أمر نفسك و دع عنك أمر العامة ( ك ) عن ابن عمرو

563. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەھدىلىرىنىڭ قالايمىقان ئارىلىشىپ، بۇزۇلغىنىنى كۆرسەڭ، ئامانەتلىرىنىڭ خىيانەت بولۇشىدىن قورقساڭ، ئۇلار مۇشۇنداق بولۇپ كەتسە (بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى) يەنى ئۇلار پەرىقسىز بىرـبىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆيۈڭنى لازىم تۇت، تىلىڭغا ئۇبدان ئىگە بول، بىلگىنىڭنى چىڭ تۇت، ئىنكار قىلغىنىڭنى تەرىك ئەت، خۇسۇسەن پەقەت ئۆزۈڭنىلا چىڭ تۇت، ئۆزۈڭدىن ئاۋام خەلقنىڭ ئىشىنى تەرىك ئېتىپ تۇرغىن. ھاكىم مۇستەدرەكتە توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) ( إذا رأيتم آية فاسجدوا ) د ت عن ابن عباس

564. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر مۆجىزە ئالامەت كۆرسەڭلار سەجدە قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى خاتىرلىگەن، ھەسەن.

إذا رأيتم الجنازة فقوموا فمن تبعها فلا يقعد حتى توضع ( حم ق 3 ) عن أبي سعيد ( خ ) عن جابر

565. ئەبۇ سەئىد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازىنى كۆرسەڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. كىم جىنازىغا ئەگەشسە، جىنازا قويۇلمىغۇچە ئولتۇرمىسۇن. بۇخارى، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. ئەمما بۇ ئىشنى بىز يۇقىرىدا ئەمەلدىن قالدى دىدۇق.

إذا رأيتم الجنازة فقوموا لها حتى تخلفكم أو توضع ( حم ق 4 ) عن عامر بن ربيعة

566. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب (يەنى ئالتە سەھىھ كىتابتىن بۇخارى، مۇسلىمدىن باشقا تۆت كىتاب) ئامىر ئىبنى رەبىيئەتدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، سەھىھ. بىز بۇ توغرىلىق توختىلىپ بولغان.

إذا رأيتم الرجل يتعزى بعزاء الجاهلية فأعضوه بهن أبيه و لا تكنوا ( حم ت ) عن أبي

567. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى جاھىلىيەتكە مەنسۇپ قىلىپ، پەخىرلەنگىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا داداڭنىڭ ئىشىنى، قېرىندىشىنى چىڭ تۇت، چىڭ چىشلە دەڭلار. دادىسىنى يەنى جاھالىيەتنى ئوچۇق ئەيىبلەڭلار، ئەمما كىنايە قىلماڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيتم الليل قد أقبل من هاهنا فقد أفطر الصائم( ق د ) عن عبدالله بن أبي أوفى

568. ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ بۇ تەرەپتىن ئالدىنى قىلىپ كەلگىنىنى كۆرسەڭلار، يەنى كۈن

كىرسە، جەزمەن روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلىپ بولىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيتم المداحين فاحثوا في وجوههم التراب ( حم خد م د ت ) عن المقداد بن الأسود ( طب هب ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن عمرو ( الحاكم في الكنى ) عن أنس

569. مەدھىيىچىلەرنى كۆرسەڭلار يۈزىگە توپا چېچىڭلار دېگەن ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى، بەيھەقى، ھاكىملار توپلىغان، مىقداد ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلانغان، سەھىھ، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

إذا رأيتم الناس قد مرجت عهودهم و خفت أماناتهم و كانوا هكذا – و شبك بين أصابعه – فالزم بيتك و املك عليك لسانك و خذ بما تعرفه و دع ما تنكر و عليك بأمر خاصة نفسك و دع عنك أمر العامة ( د ) عن ابن عمرو

570. بۇ ھەدىس 563ـ ھەدىس بىلەن ئوخشاش، پەقەت ئۇ جايدا ھاكىم توپلىغان دېگەن، بۇ جايدا بولسا، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيتم الهلال فصوموا و إذا رأيتموه فأفطروا فإن غم عليكم فاقدروا له ( ق ن ه حب ) عن ابن عمر

571. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرسەڭلار، روزا تۇتۇڭلار. ئاخىرىدا يەنە يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار، يەڭلار، ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار. سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا، مۆلچەرلەپ ھىسابلاڭلار. بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا رأيتم الهلال فصوموا و إذا رأيتموه فأفطروا فإن أغمي عليكم فعدوا ثلاثين يوما ( حم ق ) عن جابر ( حم م ن ه ) عن أبي هريرة ( ن ) عن ابن عباس ( د ) عنحذيفة( حم )عن طلق بن علي

572. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا ئۆتتى. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى جابىردىن، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، نەسەئى ئىبنى ئابباسدىن، ئەبۇ داۋۇد ھۇزەيفەدىن، يەنە ئەھمەد تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، بۇ ھەدىستە 30 كۈننى ساناش سۆزلىنىدۇ.

إذا رأيتم من يبيع أو يبتاع في المسجد فقولوا: لا أربح الله تجارتك و إذا رأيتم من ينشد فيه ضالة فقولوا: لا رد الله عليك ضالتك ( ت ك ) عن أبي هريرة

573. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە نەرسە سېتىۋاتقان ياكى سېتىۋېلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ تىجارىتىڭگە پايدا بەرمىگەي دەڭلار. يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىزدىگىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي دەڭلار. تىرمىزى، ھاكىم توپلىدى، سەھىھ.

إذا رأيتم هلال ذي الحجة و أراد أحدكم أن يضحي فليمسك عن شعره و أظفاره ( م ) عن أم سلمة

574. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلھەججىنىڭ يەنى ھەج ئېيى 12ـ ئاينىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرسەڭلار، قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى چاچ ـ تىرناقلىرىنى (ھېيت كۈنگىچە) ئالمىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا ئۆتتى.

إذا رأيتني على مثل هذه الحالة – يعني البول – فلا تسلم علي فإنك إن فعلت ذلك لم أرد عليك( ه ) عن جابر

575. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن مېنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرسەڭ، يەنى تەرەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرسەڭ، ماڭا سالام قىلما. ئەگەر سەن سالام قىلساڭمۇ مەن سالام قايتۇرمايمەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا ركبتم هذه البهائم العجم فانجوا عليها فإذا كانت سنة فانجوا و عليكم بالدلجة فإنما يطويها الله ( طب ) عن عبد

576. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ زۇۋانىسىز، تىلسىز ھايۋانلارغا مىنىسەڭلار، ئۇنى تېز مىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھاجەتتىن چىقىڭلار. بولۇپمۇ قەھەتچىلىك، قۇرغاق جايلاردا تېز مىنىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار. كېچىدە يول يۈرۈشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەت ئاللاھ كېچىدە يولنى قاتلاپ قىسقارتىپ بېرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ركعت فضع كفيك على ركبتيك حتى تطمئن و إذا سجدت فأمكن جبهتك من الأرض حتى تجد حجم الأرض ( حم ) عن ابن عباس

577. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ قىلغاندا، ئىككى قولۇڭنى رۇكۇدا رۇس، مەزمۇت تۇرغانغا قەدەر ئىككى تىزىڭنىڭ ئۈستىگە قويغىن. سەجدە قىلغاندا بولسا، سەن زېمىننىڭ ھەجمىنى، قاتتىقلىقىنى تاپقانغا قەدەر پېشانەڭنى زېمىنغا ئىمكانقەدەر رۇس، مەزمۇت قويغىن. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

إذا رمى أحدكم جمرة العقبة فقد حل له كل شيء إلا النساء ( د ) عن عائشة

578. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەج پائالىيىتىدە ئەقەبە تېشىنى ئېتىپ بولسا، ئايال كىشىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ھالال بولىدۇ. (ئاياللار بولسا ئىھرامدىن چىقىپ بولسا، ھالال بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا رميت الصيد فأدركته بعد ثلاث ليال و سهمك فيه فكله ما لم ينتن ( د ) عن أبي ثعلبة

579. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر ئوۋغا ئوقيا ئاتساڭ، ئۇنى سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپساڭ، سېنىڭ ئوقيارىڭ ئۇنىڭدا تېخىچە بولسا، ئۇ نەرسە سېسىپ كەتمىگەن بولسىلا يەۋەرگىن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ دېگەن، ئوقيانى بىسمىللاھ دەپ ئېتىش شەرت.

إذا رميت بالمعراض الصيد فخرق فكله و إن أصابه بعرضه فلا تأكله فإنه وقيذ ( حم م د ت ه ) عن عدي بن حاتم

580. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوۋغا ئوقيانى ئاتساڭ، ئوقيا توغرىسىغا تەگسىمۇ يىرتىۋەتسە، تېشىپ ئۆتۈپ كەتسە، يېگىن. توغرىسىغا تېگىپ ئۆلتۈرسە يېمىگىن. ئۇ چاغدا ئۇ سوقۇلۇپ، ئۇرۇلۇپ ئۆلگەن نەرسە بولىدۇ، ئۇنى يېيىش ھارام. (قۇرئاندا بۇنى ھارام دېگەن بار) مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا رميت بسهمك و غاب ثلاثة أيام و أدركته فكله ما لم ينتن ( حم م ) عن أبي ثعلبة

581. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئوقيارىڭنى ئاتساڭ، ئۇ ئۈچ كۈن غايىپ بولۇپ كەتسە، ئاندىن شۇ پېتى تاپساڭ، سېسىپ كەتمىسىلا يېگىن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ خىل ھەدىسنىڭ ئوخشىشى كۆپ ئۆتتى، شەرتى بىسمىللاھ دېيىش، قان چىقىش، ئوقيا سوقۇلۇپ، توغرىسىغا تەگمەسلىك، سۇدا غەرق بولماسلىق، سېسىپ كەتمەسلىك، ئوۋ ئىتى بولسا، ئۆزى يېۋالماسلىق، باشقا بىر ئىت شېرىك بولماسلىك، قاپقان بولسا، بىسمىللاھ دەپ قۇرسا يېسە بولىدۇ، تور، قاپقاندا قان چىقسىمۇ بولىدۇ، سېسىپ كەتمىسىلا يەڭلار.

إذا رويت أهلك من اللبن غبوقا فاجتنب ما نهى الله عنه من ميتة ( ك هق ) عن سمرة

582. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئەھلىڭنى كەچ تەرەپتە ھەر ئاخشىمى سۈتكە قاندۇرالىساڭ، ئاللاھ توسقان ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتىن ھەزەر قىلىپ يىراق تۇرغىن. (يەنى سەن سۈت بىلەن زورۇرىيەتتىن قۇتۇلدۇڭ، ساڭا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ياكى ھارام نەرسە ھالال بولمايدۇ) ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

إذا زار أحدكم أخاه فجلس عنده فلا يقومن حتى يستأذنه ( فر ) عن ابن عمر

583. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىنىدىشىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرسا، ئىزنى، رۇخسەت سورىمىغىچە قوپۇپ كەتمىسۇن. دەيلەمى فىردەۋستە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. ئىمام سۇيۇتى، جامىئۇسسەغىيردا زەئىپ دېگەن. ئوتتۇرھال ھۆكۈم قىلغاندا، بۇ ھەدىس ھەسەن بولۇشى مۇمكىن.

إذا زار أحدكم قوما فلا يصل بهم و ليصل بهم رجل منهم ( حم 3 ) عن مالك بن الحويرث

584. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر قەۋمنى زىيارەت قىلىپ بارسا، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇمىسۇن، ئۇلارغا شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بىر كىشى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ئەھمەد ئۈچ كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( إذا زخرفتم مساجدكم و حليتم مصاحفكم فالدمار عليكم ) الحكيم عن أبي الدرداء

585. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدلىرىڭلارنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلىگەن، قۇرئان كىتابىڭىزنى زىننەت، ھەل بەرگەن چاغدا، ھالاكەت سىلەرگە يۈزلىنىدۇ. ھەكىيم توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى زەئىپ دېگەن، ئەلبانى ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دېگەن.

إذا زنى العبد خرج منه الإيمان فكان على رأسه كالظلة فإذا أقلع رجع إليه ( د ك ) عن أبي هريرة

586. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە زىنا قىلغاندا، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ، بېشى ئۈستىدە سايىدەك تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ زىنادىن قول ئۈزسە، (يەنى قەتئىي قىلماسلىققا تەۋبە قىلسا) ئىمان ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى، شۇنداقلا ئىمام سۇيۇتىيمۇ سەھىھ دېگەن.

إذا زنت أمة أحدكم فتبين زناها فليجلدها و لا يثرب ثم إن زنت فليجلدها و لا يثرب ثم إن زنت الثالثة فليبعها و لو بحبل من شعر ( حم ق ن د ه ) عن أبي هريرة وزيد بن خالد

587. ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ دېدىكى زىنا قىلسا، زىنا قىلغانلىقى ئېنىق، ئاشكارا بولسا، ئۇنى قامچىلىسۇن، يەنى قازى قامچىلىسۇن. دائىم بېشىغا قويۇپ ئەيىبلىمىسۇن. ئاندىن يەنە زىنا قىلسا، يەنە قامچىلىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن. ئۈچىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا، گەرچە چۈپۈردىن بولغان، يۇڭدىن بولغان ئارغامچىغىمۇ بولسا سېتىۋەتسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا سافرتما فأذنا و أقيما و ليؤمكما أكبركما ( ت ن حب ) عن مالك بن الحويرث

588. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككىڭلار سەپەرگە چىقساڭلار، ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇڭلار. چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا سافرتم في الخصب فأعطوا الإبل حظها من الأرض و إذا سافرتم في السنة فأسرعوا عليها السير و إذا عرستم بالليل فاجتنبوا الطريق فإنها طرق الدواب و مأوى الهوام بالليل ( م د ت ) عن أبي هريرة

589. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇرمۇش مول چاغدا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىلەرنىڭ زېمىندىن بولغان نېسىۋىسىنى بېرىڭلار. قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىقتا سەپەر قىلىپ قالساڭلار، تۆگىنى تېزراق ھەيدەپ قىسقا ۋاقىتتا ئىشنى

تۆگىتىڭلار. كېچىدە يول ئۈستىدە قونۇپ قالساڭلار، يولدىن يىراقراق يېتىڭلار. ھەقىقەتەن يول ھايۋانلارنىڭمۇ يولىدۇر، زەھەرلىك ھايۋان، ھاشارەتلەرنىڭ جايىدۇر، بولۇپمۇ كېچىدە. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ساق الله إليك رزقا من غير مسألة و لا إشراف نفس فخذه فإن الله أعطاكه ( حب ) عن عمر

590. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن سورىماستىن، نەپسىڭنى تەقەززا قىلماستىن، يەنى ئاچكۆز، تاماخور بولماستىن، ئاللاھ ساڭا رىزقىنى يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئال، ھەقىقەتەن ئۇنى ساڭا ئاللاھ بەرگەنىدۇر دېگەن. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس كۆپ ئۆتتى.

إذا سأل أحدكم فليكثر فإنما يسأل ربه ( حب ) عن عائشة

591. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سورىماقچى بولسا، يەنى دۇئادا، كۆپ سوراۋەرسۇن. ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھتىن سورايدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا سألتم الله تعالى فاسألوه الفردوس فإنه سر الجنة ( طب ) عن العرباض

592. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن سورىساڭلار فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ جەننەتلەرنىڭ سىرىدۇر، يەنى ئەڭ ئەۋزەل، ئۈستۈنىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سألتم الله تعالى فاسألوه ببطون أكفكم و لا تسألوه بظهورها ( د ) عن مالك بن يسار السكوني ( ه طب ك ) عن ابن عباس وزاد: وامسحوا بها وجوهكم

593. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن سورىساڭلار قولۇڭلارنىڭ دۈمبىسى بىلەن تەتۈر قىلىپ سورىماي، ئالقىنى بىلەن ئوڭ تۇتۇپ سوراڭلار (يەنى قولۇڭلارنىڭ ئىچى، ئالقىنى يۈزۈڭلارغا بولسۇن) يەنە بىر خاتىرىدە يۈزۈڭلارغا سۈۋاڭلار دېگەن بار. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد مالىكدىن، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

دۇئادا قول كۆتۈرۈشكە 100 ھەدىس بار بولۇپ، بۇ مەنىۋى مۇتىۋاتىردۇر، ئەڭ ئىشەنچلىك.

إذا سبك رجل بما يعلم منك فلا تسبه بما تعلم منه فيكون أجر ذلك لك و وباله عليه ( ابن منيع ) عن ابن عمر

594. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى سېنى سەندىن بىلىدىغان نەرسىسى بىلەن تىللاپ ئەيىبلىسە، سەن ئۇنى ئۇنىڭدىن بىلىدىغان نەرسەڭ بىلەن تىللىما، ئەيىبلىمە. ئۇنىڭ ئەجرى ساڭا، ۋابالى ئۇنىڭغا بولىدۇ. (يەنى ساۋاب، پايدىنى سەن ئالىسەن، زىياننى ئۇ تارتىدۇ. بۇ ئەخلاقتا كامالەتكە يېتىشتۇر) ئىبنى مۇنىئ توپلىغان، سەھىھ.

إذا سجد أحدكم فلا يبرك كما يبرك البعير و ليضع يديه قبل ركبتيه ( د ن ) عن أبي هريرة

595. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سەجدە قىلغاندا، تۆگىگە ئوخشاش (تىزنى بۇرۇن قويۇپ چوكلانغاندەك) تىزنى بۇرۇن قويماي، ئىككى قولنى ئىككى تىزدىن بۇرۇن قويسۇن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (تۆگىنىڭ تىزى ئالدىدا ئىنسانىنىڭ بولسا پۇتىدا. مەخسەت ئىككى قولنى ئىككى تىزدىن بۇرۇن قويۇش. تۆگىنىڭ ئالدى تىزى ئىنساننىڭ تىزى ئورنىدا)

إذا سجد أحدكم فليعتدل و لا يفترش ذراعيه افتراش الكلب ( حم ت ه ابن خزيمة الضياء ) عن جابر

596. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سەجدە قىلغاندا، رۇس، مۆئتەدىل، تۈز تۇرسۇن، ئىت پاچىقىنى چاپلىغاندەك ئىككى

بىلىكىنى يەرگە چاپلىۋالمىسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سجد العبد سجد معه سبعة آراب: وجهه و كفاه و ركبتاه و قدماه ( حم م 4 ) عن العباسعبد بن حميد ) عن سعد

597. ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە سەجدە قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەتتە ئەزايى سەجدە قىلىدۇ، پېشانىسى، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز، ئىككى قەدەم. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا سجدت فضع كفيك و ارفع مرفقيك ( حم م ) عن البراء

598. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەجدە قىلغاندا ئىككى ئالقىنىڭنى قويۇپ ئىككى جەينىكىڭنى كۆتۈرۈپ قىلغىن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا سرتم في أرض خصبة فأعطوا الدواب حظها و إذا سرتم في أرض مجدبة فانجوا عليها و إذا عرستم فلا تعرسوا على قارعة الطريق فإنها مأوى كل دابة ( البزار ) عن أنس

599. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇرمۇش مول زېمىندا سەيرە قىلساڭلار، ھايۋانلارنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىڭلار. قۇرغاق زېمىندا سەيرە قىلساڭلار، تېز مېڭىڭلار. كېچىدە قونماقچى بولساڭلار، يول ئۈستىدە ياتماڭلار، يول بارلىق ھايۋانلارنىڭ جايىدۇر. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

إذا سرتك حسنتك و ساءتك سيئتك فأنت مؤمن ( حم حب طب ك هب الضياء ) عن أبي أمامة

600. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنى ياخشىلىقىڭ خۇرسەن، خۇشال قىلسا، يامانلىق، گۇناھىڭ، خاپا قىلىپ غەمگە سالسا، سەن ھەقىقى مۆئمىن ھېسابلىنىسەن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سقطت لقمة أحدكم فليمط عنها الأذى و ليأكلها و لا يدعها للشيطان و ليسلت أحدكم الصحفة فإنكم لا تدرون في أي طعامكم تكون البركة ( حم م 3 ) عن أنس

601. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ بىر لوقما تامىقى چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭدىن ئەزىيەت، مەينەت نەرسىنى تازىلىۋېتىپ، شەيتانغا تاشلاپ بەرمەي يەۋەتسۇن. قاچىنىڭ تېگىدىكى تائامنىمۇ پاكىز يەپ، بارماقلىرى بىلەن سۈرتۈپ يالىۋەتسۇن، سىلەر بەرىكەتنىڭ تائامنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئىيلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا سقطت لقمة أحدكم فليمط ما بها من الأذى و ليأكلها و لا يدعها للشيطان و لا يمسح يده بالمنديل حتى يلعقها أو يلعقها فإنه لا يدري في أي طعامه البركة ( حم م ن ه ) عن جاب

602. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ بىر لوقما تامىقى چۈشۈپ كەتسە، پاكىز تازىلاپ يەۋەتسۇن، ئۇنى شەيتانغا قالدۇرمىسۇن. بارماقلىرىنى يالىمىغۇچە ياكى يالىتىۋەتمىگىچە لۆڭگىگە سۈرتمىسۇن، تائامنىڭ قايسى يېرىدە بەرىكەت بارلىقىنى ئۇ بىلمەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان.سەھىھ

إذا سقى الرجل امرأته الماء أجر ( تخ طب ) عن العرباض

603. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئەر كىشى ئايالىنى سۇ بىلەن سۇغارسىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. تەبرانى ، بۇخارى تارىخىدا توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس يەنىلا 603 ـ ساندا تەكرار كەلگەن، ئەرەبچىسى شۇنداق ئىكەن.

إذا سكر أحدكم فاجلدوه ثم إن سكر فاجلدوه ثم إن سكر فاجلدوه فإن عاد الرابعة فاقتلوه ( د ه ) عن أبي هريرة

603. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى مەست بولسا، ئۇنى قامچىلاڭلار. ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم مەست بولسا، يەنە قامچىلاڭلار، تۆتىنچى قېتىمدا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەنگە قايتقان. ئىمام نەۋەۋى بۇ ھۆكۈمنىڭ مەنسۇخ يەنى كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئەمەلدىن قالغانلىقىغا ئىجمائ دەلىل بولالايدۇ، ئىجمائ ناسخ، مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ھەم قالغۇچى بولمىسىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ دېگەن. ساھابىلار، تابىئىنلار ئۆلتۈرمىگەن، بۇ ئىجمائ.

إذا سل أحدكم سيفا لينظر إليه فأراد أن يناوله أخاه فليغمده ثم يناوله إياه ( حم طب ك ) عن أبي بكرة

604. ئەبۇ بەكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، قىلىچنى غىلاپتىن سۇغارسا، ئاندىن ئۇنى قېرىندىشىغا سۇنۇپ بەرمەكچى بولسا، غىلاپقا سېلىپ ئاندىن سۇنۇپ بەرسۇن. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، شەيخ ئەلبانى بۇ ھەدىس ھەسەن دېگەن.

إذا سلم عليكم أحد من أهل الكتاب فقولوا: و عليكم ( حم ق ت ه ) عن أنس

605. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىي، ناسارالاردىن) بىر كىشى سالام قىلسا، ۋە ئەلەيكۇم دەپ قويۇڭلار، يەنى شۇ سۆزنىلا قىلىپ ئاخىرىنى دېمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا سلم عليكم اليهود فإنما يقول أحدهم: السام عليك فقل: و عليك ( مالك حم ق ) عن ابن عمر

606. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يەھۇدىيلار سالام قىلسا، مۇنداق دەيدۇ، ئەسسامۇ ئەلەيكۇم (يەنى سام دېگەن ئۆلۈم دېگەن بولىدۇ، سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن دەيدۇ) سىلەرمۇ ۋەئەلەيكۇم (يەنى سىلەرگىمۇ شۇ بولسۇن) دەڭلار. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سمع أحدكم النداء و الإناء على يده فلا يضعه حتى يقضي حاجته منه ( حم ك د ) عن أبي هريرة»

607. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئەزاننى ئاڭلىسا، قولىدا تاماق يەۋاتقان قاچىسى بولسا، تاماقتىن ھاجىتىنى ئادا قىلمىغۇچە قاچىنى قويمىسۇن، يەنى يەۋېلىپ نامازغا بارسۇن. ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا سمعت الرجل يقول: هلك الناس فهو أهلكهم ( مالك حم خد م د ) عن أبي هريرة

608. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشىنىڭ «ئىنسانلار ھالاك بولدى، تۈگەشتى، ئىنسانلار ھالاك بولسۇن» دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، دەل شۇ كىشى بالدۇر ھالاك بولىدۇ (چۈنكى ئۇمۇ ئىنسان). مالىك، مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان.

إذا سمعت النداء فأجب داعي الله ( طب ) عن كعب بن عجرة

609. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزان نىداسىنى ئاڭلىساڭ، ئاللاھنىڭ چاقىرىقچىسىغا ئاۋاز قوشقىن، يەنى نامازغا

چىققىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سمعت جيرانك يقولون: قد أحسنت فقد أحسنت و إذا سمعتهم يقولون: قد أسأت فقد أسأت ( حم ه طب ) عن ابن مسعود ( ه ) عن كلثوم الخزاعي

610. ئىبنى مەسئۇد، گۇلسۇم خوزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنىلىرىڭنىڭ ساڭا، سىلى ياخشى ئادەم، ياخشىلىق قىلغۇچى دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، سەن ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى كىشى ھېساپلىنىسەن؛ يامان قىلدىلا، سىلى يامان كىشى دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، سەن يامان ئادەم ھېسابلىنىسەن. ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى شۇ سۆزلەرنى قوشنىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىڭلار، مەخپى ھالەتتە تىڭشاڭلار، بۇ دېگەن گۇۋاھلىقتۇر.

إذا سمعتم أصوات الديكة فسلوا الله من فضله فإنها رأت ملكا و إذا سمعتم نهيق الحمير فتعوذوا بالله من الشيطان فإنها رأت شيطانا ( حم ق د ت ) عن أبي هريرة

611. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورازنىڭ قىچقىرغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئاللاھتىن پەزلىنى سوراڭلار. چۈنكى، خوراز پەرىشتىنى كۆرەلەيدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىساڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ، شەيتاندىن پاناھ تىلەڭلار. چۈنكى، ئېشەك شەيتاننى كۆرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا سمعتم الحديث عني تعرفه قلوبكم و تلين له أشعاركم و أبشاركم و ترون أنه منكم قريب فأنا أولاكم به و إذا سمعتم الحديث عني تنكره قلوبكم و تنفر منه أشعاركم و أبشاركم و ترون أنه بعيد منكم فأنا أبعدكم منه ( حم ع ) عن أبي أسيد وأبي حميد

612. ئەبۇ ئۇسەيد، ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەن تەرەپتىن بىرەر ھەدىس ئاڭلىساڭلار ئۇ ھەدىسنى قەلبىڭلار تونۇسا، ئېتىراپ قىلسا، ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭلار، تەنلىرىڭلار يۇمشىسا، سىلەر ئۇ ھەدىسنى سىلەرگە يېقىن دەپ قارىساڭلار، مەن شۇ ھەدىسنى سىلەرگە سۆزلەشكە لايىقتۇرمەن (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلساڭلار بولىدۇ). مەن توغرىلىق بىرەر ھەدىسنى ئاڭلىساڭلار قەلبىڭلار ئىنكار قىلسا، ھېس ـ تۇيغۇڭلار، تەنلىرىڭلار يىرگىنىپ، نەپرەتلەنسە، ئۇ ھەدىسنى ئۆزۈڭلاردىن يىراق كۆرسەڭلار، مەن ئۇنداق ھەدىستىن سىلەردىنمۇ بەكرەك يىراقمەن (يەنى ئۇنى قوبۇل قىلماڭلار). ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

إذا سمعتم المؤذن فقولوا مثل ما يقول ثم صلوا علي فإنه من صلى علي صلاة صلى الله عليه بها عشرا ثم سلوا الله لي الوسيلة فإنها منزلة في الجنة لا تنبغي إلا لعبد من عباد الله و أرجوا أن أكون أنا هو فمن سأل لي الوسيلة حلت عليه الشفاعة ( حم م 3 ) عن ابن عمرو

613. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ دېگەننىڭ ئوخشىشىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇت ـ سالام يوللاڭلار. كىم ماڭا بىر قېتىم سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا 10 رەھمەت يوللايدۇ. ئاندىن مەن ئۈچۈن ئاللاھدىن ۋەسىلە، يېقىنلىق سوراڭلار. ئۇ جەننەتتىكى بىر ئورۇن، ئاللي مەرتىۋە بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرلا بەندىگە لايىقتۇر، شۇ بەندە مەن بولۇپ قىلىشىمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. كىم مەن ئۈچۈن ئاشۇ ۋەسىيلىنى، يېقىنچىلىقنى سورىسا، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم ھالال بولۇپ يېتىدۇ. (مەقامەھمۇد بولۇشى مۇمكىن) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ

إذا سمعتم المؤذن يثوب بالصلاة فقولوا كما يقول ( حم ) عن معاذ بن أنس

614. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنىنىڭ نامازغا چاقىرغىنىنى يەنى ئەزاننى ئاڭلىساڭلار، سىلەرمۇ ئۇ دېگەندەك

دەڭلار. ئەھمەد توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەل فەلاھ دېگەندە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېيىش، باشقا ھەدىستە چىقىدۇ.

( صحيح ) إذا سمعتم النداء فقولوا مثل ما يقول المؤذن ( مالك حم ق 4 ) عن أبي سعيد

615. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىدانى يەنى ئەزاننى ئاڭلىساڭلار، مۇئەززىن دېگەنىنىڭ ئوخشىشىنى سىلەرمۇ دەڭلار. مالىك، ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئىبنى ماجەدىن باشقىسىدۇر.

ئېيىسگىزدە بولسۇن، تۆت كىتاب بولسا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە. ئۈچ كىتاب بولسا، ئىبنى ماجەدىن باشقىسىدۇر.

إذا سمعتم بالطاعون بأرض فلا تدخلوا عليه و إذا وقع و أنتم بأرض فلا تخرجوا فرارا منه ( حم ق ن ) عن أسامة بن زيد ( حم ق ) عن عبدالرحمن بن عوف ( د ) عن ابن عباس

616. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر زېمىندا ۋابا كېسىلىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار. سىلەر بار زېمىندا ۋابا كېسىلى يۈز بەرسە، ئۇنىڭدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد، بەيھەقى ئابدۇرەھماندىن، ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

ۋابا كېسىلى تېز يۇقىدىغان كېسەل بولۇپ، سائىتىگە نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىرمەك، چىقماق. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ تەۋبە بىلەن شەھىدلىكنى كۈتۈك.

إذا سمعتم بالطاعون بأرض فلا تدخلوا عليه و إذا وقع و أنتم بأرض فلا تخرجوا منها فرارا منه ( حم ق ن ) عن أسامة بن زيد

617. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىلار ئۇسامەت ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، ئۈستىدىكى 616ـ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

إذا سمعتم بقوم قد خسف فيهم هاهنا قريبا فقد أظلت الساعة ( حم الحاكم في الكنى طب ) عن بقيرة الهلالية

618. بەقىيرەتۇلھىلالىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سول قولى بىلەن شەرققە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئاشۇ تەرەپتىكى قەۋملەرنىڭ ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىشنى ئاڭلىساڭلار، جەزمەن قىيامەت يېقىن قالغان بولىدۇ، ئارقىدىنلا يۈز بېرىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إذا سمعتم من يعتزي بعزاء الجاهلية فأعضوه و لا تكنوا ( حم ن حب طب الضياء ) عن أبي

619. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى جاھىلىيەتكە نىسبەت بېرىپ، پەخىرلەنگىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇنى كىنايە قىلماي، بەلكى ئوچۇقلا: سەن جاھىلىيەتنى مەھكەم چىشلە، داداڭغا، بوۋاڭغا ئېسىل دەڭلار، يەنى جاھالىيەتكە نىسبەتەن بىرىڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا سمعتم نباح الكلاب و نهيق الحمير بالليل فتعوذا بالله من الشيطان فإنهن يرين ما لا ترون و أقلوا الخروج إذا هدأت الرجل فإن الله عز و جل يبث في ليلة من خلقه ما يشاء و أجيفوا الأبواب و اذكروا اسم الله عليها فإن الشيطان لا يفتح بابا أجيف و ذكر اسم الله عليه و غطوا الجرار و أوكئوا القرب و أكفئوا الآنية ( حم خد د حب ك ) عن جابر

620. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى، ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىساڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەڭلار. ئۇلار سىلەر كۆرمىگەننى كۆرەلەيدۇ. كىشىلەر تىنچلىنىپ، جىمىققاندا سىرتقا ئاز چىقىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە كېچىدە ئۆزى خالىغان مەخلۇقلىرىنى تارقىتىۋېتىدۇ. ئىشىكلەرنى تاقىغاندا،

ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، بىسمىللا دەپ تاقاڭلار، شۇنداق تاقالغان ئىشىكنى شەيتان ئاچالمايدۇ. قاچا-تاۋاقلارنى، چېلەك-تولۇملارنى يېپىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىڭلار (يەنىلا بىسمىللا دەپ) ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا سميت الكيل فكله ( ه ) عن عثمان

621. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەمچەندە بېرىدىغانلىقىڭنى ئېنىق قويغان دەپ بولساڭ، كەمچەنلەپ بېرىۋەر. (يەنى خورمىنى كەمچەنلەپ سېتىش مەسىلىسى) ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان. سەھىھ.

إذا سها أحدكم في صلاته فلم يدر واحدة صلى أو اثنتين فليبن على واحدة فإن لم يدر ثلاثا صلى أو أربعا فليبن على ثلاث و ليسجد سجدتين قبل أن يسلم ( ت ) عن عبدالرحمن بن عوف

622. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ بىر رەكئەت ياكى ئىككى رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمىسە بىر رەكئەتتىن باشلاپ ئوقۇسۇن، ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمىسە ئۈچتىن باشلاپ ئوقۇپ، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

إذا سها الإمام فاستتم قائما فعليه سجدتا السهو و إذا لم يستتم قائما فلا سهو عليه ( طب ) عن المغيرة

623. مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، نامازنى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ تامام قىلسا ياكى تەشەھھۇدتا ئولتۇرماي ئورنىدىن قوپۇپ كەتسە، سەۋەنلىكنىڭ ئىككى سەجدىسىنى قىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا سەۋەنلىك يوق. ياكى نامازنى ئۇلاپ ئوقۇپ تامام قىلسا، ئىككى سەجدە قىلىدۇ. ئۇنداق قىلماي سەۋەنلىك بىلەن قوپۇپ كەتسە، كارى بولمىسا، سەھۋە يوق بولىدۇ، لېكىن نامازنى باشتىن-ئاخىرى قايتا ئوقۇيدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا شرب أحدكم فلا يتنفس في الإناء فإذا أراد أن يعود فلينح الإناء ثم ليعد إن كان يريده ( ه ) عن أبي هريرة

624. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سۇ ئىچسە، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنمىسۇن. سۇ ئىچىپ يەنە ئىچمەكچى بولسا، قاچىنى ئاغزىدىن يىراق قىلىپ تۇرۇپ تىنىۋېلىپ، ئاندىن قايتا ئىچسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إذا شرب أحدكم فلا يتنفس في الإناء و إذا أتى الخلاء فلا يمس ذكره بيمينه و لا يتمسح بيمينه(خ ت) عن أبي قتادة

625. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سۇ ئىچسە، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنمىسۇن. ھاجەتخانىغا بارسا، ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن، شۇنداقلا ئوڭ قولى بىلەن تازىلىمىسۇن. بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا شرب أحدكم فلا يشرب بنفس واحد ( ك ) عن أبي قتادة

626. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سۇ ئىچكەندە بىر تىنىق بىلەنلا ئىچمىسۇن يەنى قاچىنى يىراق قىلىپ تۇرۇپ تىنىۋېلىپ، ئاندىن قايتا ئىچسۇن. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

مەزكۇر ئىشلار سۈننەت، مۇستەھەپتۇر، ئىخلاس بىلەن قىلغانلار ساۋاب تاپىدۇ، قىلالمىغاننى ئەيىبلىمەڭ.

إذا شرب الكلب في إناء أحدكم فليغسله سبع مرات ( مالك ق ن ه ) عن أبي هريرة

627. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدا ئىت سۇ ئىچىپ قويسا، قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇۋەتسۇن. مالىك،

بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا شربتم اللبن فتمضمضوا منه فإن له دسما ( ه ) عن أم سلمة

628. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈت ئىچسەڭلار، غەر-غەر قىلىپ ئېغىزىڭلارنى چايقىۋېتىڭلار. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يېغى، قۇۋۋىتى بار ئىكەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بارلىق كىتابلاردا بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى شۇنداق قىلغان، بۇ ئىش يەنى سۈت ئىچسە ئاغزىنى چايقاش مۇستەھەپ دېگەنلەر بار. بەزى ھەدىسلەردە ئۇنداق قىلمىغان بولغاچقا، مۇستەھەپمۇ ئەمەس دېگەن بار.

إذا شربوا الخمر فاجلدوهم ثم إن شربوها فاجلدوهم ثم إن شربوهافاجلدوهم ثم إن شربوافاقتلوهم( حم د ه حب ) عن معاوية

629. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار ھاراق ئىچسە قامچىلاڭلار، يەنە ئىچسە يەنە شۇنداق، يەنە ئىچسە يەنە قامچىلاڭلار، تۆتىنچى قېتىمدا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لېكىن، بۇنى بىز يۇقىرىدا ئۆلتۈرۈش ئەمەلدىن قالغان، 80 قامچا ئۇرۇش كۇچكە ئىگە دېدۇق. ئۆمەر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار 80 قامچا ئۇرغان.

إذا شك أحدكم في الاثنتين و الواحدة فليجعلها واحدة و إذا شك في الاثنتين و الثلاث فليجعلها اثنتين و إذا شك في الثلاث و الأربع فليجعلها ثلاثا حتى يكون الوهم في الزيادة ثم ليتم ما بقي من صلاته ثم يسجد سجدتين و هو جالس قبل أن يسلم ( حم ه ك هق ) عن عبدالرحمن بن عوف

630. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا بىر رەكئەتمىدۇ، ئىككىمىدۇ؟ دەپ شەك قىلسا، ئۇنى بىر رەكئەت قىلسۇن. ئىككىمىدۇ، ئۈچمىدۇ؟ دېسە، ئىككى قىلسۇن. ئۈچمىدۇ، تۆتمىدۇ؟ دېسە، ئۈچ رەكئەت قىلىپ ئوقۇسۇن. گۇمان زىيادىگە، ئىشەنچ ئازراقىغا بولسۇن، ئازراقتىن باشلاپ نامىزىنىڭ قالغىنىنى تولۇقلاپ ئوقۇۋېتىپ، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئولتۇرغان ھالدا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا شك أحدكم في صلاته فلم يدر اثنتين صلى أو ثلاثا فليلق الشك و ليبن على اليقين ( هق ) عن أنس

631. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ، ئىككى رەكئەت ياكى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمىسە، شەكنى نېرى تاشلاپ شەكسىز ئىشەنچ ئۈستىگە ئۇلاپ ئوقۇسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا شك أحدكم في صلاته فلم يدر كم صلى ثلاثا أم أربعا ؟ فليطرح الشك و ليبن على ما استيقن ثم ليسجد سجدتين قبل أن يسلم فإن كان صلى خمسا شفعن له صلاته و إن كان صلى إتماما لأربع كانتا ترغيما للشيطان ( حم م د ن ه ) عن أبي سعيد

632. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ ئۈچ رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ئوقۇغىنىنى بىلەلمىسە، شەكنى تاشلىۋېتىپ، شەكسىز ئىشەنگىنىگە ئۇلاپ ئوقۇسۇن. ئاندىن سالامدىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. ئەگەر بەش رەكئەت ئوقۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى جۈپلىنىدۇ، ئەگەر تۆت رەكئەت نامازنى كامىل ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى سەجدە شەيتاننى قوغلايدۇ، بۇرنىغا قوم تىقىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا شك أحدكم في صلاته فليلق الشك و ليبن على اليقين فإن استيقن التمام سجد سجدتين فإن كانت صلاته تامة كانت الركعة نافلة و السجدتان نافلة و إن كانت ناقصة كانت الركعة تمام الصلاة و السجدتان ترغمان أنف الشيطان ( حب ك ) عن أبي سعيد

633. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلسا، شەكنى تاشلاپ ئىشەنچ ئۈستىدە يەنى ئازدىن باشلاپ ئۇلاپ ئوقۇسۇن. كامىل، تولۇق ئوقۇپ، سەھۋەنلىككە، ئۇلغانلىقىغا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. ئەگەر نامىزى كامىل، تولۇق بولۇپ بولغان بولسا، بۇ بىر رەكئەت ناماز نەپلە، ئىككى سەجدىمۇ نەپلە بولىدۇ. ئەگەر نامىزى كام بولغان بولسا، بۇ بىر رەكئەت ناماز نامازنى كامىل تولۇقلايدۇ، ئىككى سەجدە بولسا شەيتاننىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىدۇ. ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، ھەسەن.

پەرز كام بولۇپ قالسا، سەجدە سەھۋە بىلەن ئادا تاپمايدۇ. سەھۋەنلىك كۆرۈلسە، ئىككى سەجدىنى سالامدىن بۇرۇنلا قىلىۋېتىش، ئاندىن سالام بېرىسىز.

إذا شهدت إحداكن العشاء فلا تمس طيبا ( حم م ن ) عن زينب الثقفية

634. زەينەپ سوقەپى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ بىرەرسى خۇپتەن نامىزىغا چىقىپ قالسا، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمىسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا شهر المسلم على أخيه سلاحا فلا تزال ملائكة الله تلعنه حتى يشيمه عنه ( البزار ) عن أبي بكرة

635. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى قېرىندىشىغا قورال كۆتۈرۈپ قورالنى ئاشكارىلىسا، قورالنى ئۇنىڭدىن نېرى قىلىپ، غىلاپىغا سېلىپ قايتۇرمىغىچە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى لەنەت قىلىدۇ. بەزار توپلىغان، ھەسەن.

ئىككى دۆلەت ھەزەر قىلسۇن.

إذا صار أهل الجنة إلى الجنة و أهل النار إلى النار جيء بالموت حتى يجعل بين الجنة و النار ثم يذبح ثم ينادي مناد: يا أهل الجنة خلود لا موت يا أهل النار خلود لا موت فيزداد أهل الجنة فرحا إلى فرحهم و يزداد أهل النار حزنا إلى حزنهم ( حم ق ) عن ابن عمر

636. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئۆلۈم كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدا قويۇلۇپ بوغۇزلىنىدۇ (يەنى قوچقار سۈرەتتە بوغۇزلىنىدۇ) ئاندىن بىر جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ: ئەي، جەننەت ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈش يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر. ئەي، دوۋزاخ ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر. جەننەت ئەھلىگە خۇشاللىقىغا خۇشاللىق زىيادە بولىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىگە غەم ـ قايغۇغا غەم ـ قايغۇ زىيادە بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## ناماز ئوقۇسا دېيىلىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر

إذا صلى أحدكم إلى سترة فليدن منها لا يمر الشيطان بينه و بينها ( طب الضياء ) عن جبير بن مطعم.

637. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئالدىدا قويغان سۇترىگە قاراپ ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن، شەيتان ئۇنىڭ بىلەن سۇترە ئارىسىدىن ئۆتەلمەيدۇ. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان سەھىھ.

إذا صلى أحدكم إلى شيء يستره من الناس فأراد أحد أن يجتاز بين يديه فليدفعه فإن أبي فليقاتله فإنما هو شيطان ( حم ق د ن ) عن أبي سعيد

638. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىدىغان نەرسىگە يەنى سۇترىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتسا بىرەر كىشى ئالدىدىن ئۆتۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسسۇن، ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرسۇن. يەنە ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، يەنى قاتتىق ئۇرسۇن، ئۇ دېگەن شەيتاندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

إذا صلى أحدكم الجمعة فلا يصل بعدها شيئا حتى يتكلم أو يخرج ( طب ) عن عصمة بن مالك

639. ئەسمەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىنى ئوقۇسا، سۆز قىلىشقۇچە ياكى سىرتقا چىقمىغۇچە جۈمئەدىن كېيىن ئۇلاپلا نەپلە ناماز ئوقۇمىسۇن، يەنى ئارىلىقنى بىرئىككى سۆز بىلەن بولسىمۇ ئايرىۋېتىپ ئوقۇسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

يۆتىلىشكە بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ.

إذا صلى أحدكم الجمعة فليصل بعدها أربعا ( حم م ن ) عن أبي هريرة

640. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمئە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فليصل إلى سترة و ليدن منها و لا يدع أحدا يمر بين يديه فإن جاء أحد يمر فليقاتله فإنما هو شيطان ( حم ق د ه حب هق ) عن أبي سعيد

641. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا، ئالدىغا سۇترە قويۇپ ئوقۇسۇن، يەنى نەرسە سانجىپ قويۇپ ئوقۇسۇن، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن، ئالدىدىن بىرەر كىشىنى ئۆتكىلى قويمىسۇن، ئەگەر ئۆتمەن دەپ كەلسە ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، يەنى قاتتىق ئۇرسۇن، ئۇ شەيتان. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم ركعتي الفجر فليضطجع على جنبه الأيمن ( د ت حب ) عن أبي هريرة

642. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوڭ يېنىچە ئازراق يېتىۋالسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فخلع نعليه فلا يؤذ بهما أحدا ليجعلهما بين رجليه أو ليصل فيهما ( د حب ك هق ) عن أبي هريرة

643. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئىككى ئايىغىنى سېلىپ، باشقىلارغا ئازار بەرمىسۇن. ئۇ ئىككى ئاياغنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدا قويۇپ قويسۇن ياكى پاكىز بولسا ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇۋەرسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فلا يبصق بين يديه و لا عن يمينه و ليبصق عن يساره أو تحت قدمه ( حم حب ) عن جابر ( ن ) عن أبي هرير

644. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئالدىغا، ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمىسۇن، سول تەرىپىگە ياكى قەدىمى ئاستىغا تۈكۈرسۇن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، نەسەئى خاتىرلىگەن، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بەلغەمنى ھەدىستە دېيىلگەن جايغا تۈكۈرسە ياكى يېگى، پىشگە تۈكۈرسە بولىدۇ، دۇرۇس.

إذا صلى أحدكم فلا يضع نعليه عن يمينه و لا عن يساره فتكون عن يمين غيره إلا أن لا يكون عن يساره أحد و ليضعها بين رجليه ( د ك هق ) عن أبي هريرة

645. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئايىغىنى ئوڭ تەرىپىگە قويمىسۇن، سول تەرىپىگىمۇ قويمىسۇن. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئوڭ تەرىپى بولىدۇ. ئىككى پۇتى ئارىسىدا قويسۇن، سول تەرىپىدە كىشى بولمىسا،

سول تەرىپىگە قويسا بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم مۇستەدرەكتە ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فلم يدري كيف صلى فليسجد سجدتين و هو جالس ( ت ه ) عن أبي سعيد

646. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا قانچىلىك ئوقۇغىنىنى بىلەلمىسە، ئولتۇرغان ھالدا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إذا صلى أحدكم فليأتزر و ليرتد ( حب هق ) عن ابن عمر

647. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئىشتان ـ كۆڭلەك، رىدالىرىنى كىيىپ ئوقۇسۇن. ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فليبدأ بتحميد الله تعالى و الثناء عليه ثم ليصل على النبي ثم ليدع بعد بما شاء ( د ت حب ك هق ) عن فضالة بن عبيد.

648. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، بولۇپمۇ تەشەھھۇددا ئالدى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇپ، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللاپ، ئاندىن خالىغانچە دۇئا قىلىۋالسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر.

بۇ ھەدىستىن ئەتتەھىيياتۇدا خالىغانچە دۇئا قىلىش چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىدئەتنى قىلماي، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك سەلەفى، سالىھلار قىلغان دۇئالارنى قىلسۇن.

إذا صلى أحدكم فليتم ركوعه و لا ينقر في سجوده فإنما مثل ذلك كمثل الجائع يأكل التمرة و التمرتين فماذا يغنيان عنه ؟ ( تمام ابن عساكر ) عن أبي عبدالله الأشعري

649. ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇسا، رۇكۇسىنى كامىل قىلسۇن، سەجدىلىرىدە قاغا، توخۇ چوقىغاندەك تۇك ـ تۇك سەجدە قىلمىسۇن. ھەققەتەن ئۇنىڭ ئوخشىشى ئاچ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بىر ـ ئىككى تال خورمىنى تېرىپ يېسە، ئۇنىڭدىن نېمىنى بىھاجەت قىلالايدۇ؟ تەمام، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

إذا صلى أحدكم فليصل إلى سترة و ليدن من سترته لا يقطع الشيطان عليه صلاته ( حم د ن حب ك ) عن سهل بن أبي حثمة

650. سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئالدىدىكى سۇترىگە يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن، شەيتان نامىزىنى ئۈزىۋەتەلمەيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم فليصل إلى سترة و ليدن منها و لا يدع أحدا يمر بين يديه فإن جاء أحد يمر فليقاتله فإنه شيطان ( د ه حب هق ) عن أبي سعيد.

651. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئالدىغا سانجىپ قويغان سۇترىگە يېقىن تۇرۇپ ئوقۇسۇن، بىرەر كىشىنى ئۆتكىلى قويمىسۇن. ئۆتمەن دەپ كېلىۋەرسە، ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، ھەققەتەن ئۇ شەيتان. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا ئۆتكەن.

إذا صلى أحدكم فليلبس ثوبيه فإن الله تعالى أحق من تزين له ( طس ) عن ابن عمر

652. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا ئىككى كىيىم، يەنى ئىشتان، تونلىرىنى كىيىۋالسۇن. ھەققەتەن سەن زىننەتلىنىشكە ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر. ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

إذا صلى أحدكم فليلبس نعليه أو ليخلعهما بين رجليه و لا يؤذ بهما غيره ( ك ) عن أبي هريرة

653. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، ئىككى ئايىغىنى كىيىۋالسۇن ياكى ئىككى پۇتى ئارىسىغا سېلىپ قويسۇن، باشقىلارغا ئازار بەرمىسۇن. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم في بيته ثم دخل المسجد و القوم يصلون فليصل معهم تكون له نافلة (طب) عن عبدالله بن سرجس

654. ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ بولغان بولسا، ئاندىن مەسجىدكە كىرسە، جامائەت ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە يەنە ناماز ئوقۇسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم في ثوب واحد فليخالف بطرفيه على عاتقيه ( حم د حب ) عن أبي هريرة ( حم ) عن أبي سعيد

655. ئەبۇ ھۇرەيرە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرلا كىيىمدە ناماز ئوقۇسا، كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئىككى مۈرىسىگە ئالماش ئارتىپ، ئەۋرىتىنى يېپىپ ناماز ئوقۇسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم في ثوب واحد فليشده على حقويه و لا تشتملوا كاشتمال اليهود ( ك هق ) عن ابن عمر

656. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا بىر كىيىم بىلەن ئوقۇپ قالسا، ئۇنى بېلىگە چىڭ چېگىۋالسۇن، يەھۇدىيلار يۆگەنگەندەك پۈتۈنلەي يۆگىنىۋالمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم في رحله ثم أدرك الإمام و لم يصل فليصل معه فإنها له نافلة ( د ك هق ) عن يزيد بن الأسود

657. يەزىد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ بولسا، ئاندىن ئىمامنى ناماز ئوقۇپ بولمىغان ھالدا تاپسا، ئىمام بىلەنمۇ يەنە ناماز ئوقۇسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە، زىيادە مۇكاپات بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلى أحدكم للناس فليخفف فإن فيهم الضعيف و السقيم و الكبير و إذا صلى أحدكم لنفسه فليطول ما شاء ( مالك حم ق د ن ) عن أبي هريرة

658. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسە يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، قېرى كىشىلەر باردۇر. يالغۇز ئوقۇغاندا خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇۋالسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇسىمۇ يەڭگىل ئوقۇغان بولىدۇ، سۈرە شەمسى، سۈرە لەيلىدەك.

( صحيح ) إذا صلى الأمير جالسا فصلوا جلوسا ( ش ) عن معاوية

659. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمىر، خەلىپە، ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، ئۇنىڭدىن باشقا سەھىھ كىتابلاردا، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىملاردىمۇ بۇنداق ھەدىسلەر كۆپ. ئىمام ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار دېگەن. بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى ئولتۇرۇپ، باشقىلار ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ھەدىس بىلەن ئەمەلدىن قالغان، كۆپچىلىك ئۇنى ئەمەس دېيىلدى، بارلىق كىتابلاردا بار.

إذا صلت المرأة خمسها و صامت شهرها و حصنت فرجها و أطاعت زوجها قيل لها: ادخلي الجنة من أي أبواب الجنة شئت ( حب ) عن أبي هريرة

660. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى بەش نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىسا،



www.uyghurkitap.com

ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا، جەننەتكە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن قايسىسىدىن كىرىشنى خالىساڭ كىرگىن، دېيىلىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلت المرأة خمسها و صامت شهرها و حفظت فرجها و أطاعت زوجها دخلت الجنة ( البزار ) عن أنس ( حم ) عن عبدالرحمن الزهري ( طب ) عن عبدالرحمن ابن حسنة

661. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى بەش نامازنى ئوقۇپ، يىلدا بىر ئاي روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ساقلاپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ھەدىسنى بەزار، ئەنەسدىن، ئەھمەد ئابدۇرەھمان زەھەيردىن، تەبرانى ئابدۇرەھمان ئىبنى ھەسەنەتدىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا صلوا على جنازة فأثنوا خيرا يقول الرب: أجزت شهادتهم فيما يعلمون و أغفر له ما لا يعلمون ( تخ ) عن الربيع بنت معوذ

662. رەبىي ئىبنى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازا نامىزىنى ئوقۇساڭلار، مېيىتكە ياخشى مەدھىيىلەرنى ئوقۇڭلار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇلار بىلىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئىجازەت بەردىم، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بولسا مەغپىرەت قىلدىم. بۇخارى تارىخىدا توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليت الصبح فأمسك عن الصلاة حتى تطلع الشمس فإنها تطلع بين قرني الشيطان فإذا طلعت فصل فإن الصلاة محضورة متقبلة حتى تعتدل على رأسك مثل الرمح فأمسك فإن تلك الساعة التي تسجر فيها جهنم و تفتح فيها أبوابها حتى ترتفع الشمس على حاجبك الأيمن فإذا زالت عن حاجبك الأيمن فصل فإن الصلاة محضورة متقبلة حتى تصلي العصر ثم دع الصلاة حتى تغيب الشمس ( حم ه ك ) عن صفوان بن المعطل

663. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، كۈن چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇشنى توختىتىپ تۇرغىن. ھەقىقەتەن كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. كۈن چىقىپ بېشىڭدا نەيزە تىكلەشكەندەك تىك تۇرغانغا قەدەر يەنى چىڭ چۈشكە قەدەر ناماز ئوقۇغىن، ناماز ھازىر قىلىنىدۇ، قوبۇل بولىدۇ، يەنى پەرىشتىلەر چۈشىدۇ. كۈن تىكلەشكەن چىڭ چۈشتە بولسا، ناماز ئوقۇشتىن توختاپ تۇر، ئۇ جەھەننەم-دوۋزاخنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان، دوۋزاخقا ئوت يېقىلىدىغان ۋاقىتتۇر. كۈن ئوڭ يېنىڭ تەرەپكە ئۆتكەنگە قەدەر توختاپ تۇرسەن، يەنى كۈن قايرىلغانغا قەدەر. كۈن قايرىلغاندا بولسا، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغانغا قەدەر ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ، نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، ئۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەسىرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن كىرمىگۈچە ناماز ئوقۇشتىن توختاپ تۇرغىن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بولسا، كۈن كىرىش-چىقىش ۋاقتىدا شەيتان شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ، قۇياشقا چوقۇنغان كۇپپارلار سەجدە قىلىدۇ، دەل مانا شۇ ئىشنى كۆرسىتىدۇ دېيىلىدى. ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ: شەيتان مەشرىق-مەغرىبنى ئىگىلەپ ئازدۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان، خۇددى زۇلقەرنەيىن مەشرىق-مەغرىبنى ئىشغال قىلىپ ئالغاچقا شۇنداق ئاتالغاندەك، دېگەن. (ئۇنىڭ تەپسىرىدىن) بۇ ئۈچ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن ۋاقىتتۇر. لېكىن، مەسجىدكە كىرگەن ھامان ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت ناماز چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ناماز بۇ چەكلەشتىن چىقىرىۋېلىنغان، بۇنى ئامدىن خاسنى چىقىرىش دەيمىز. ئۇسەيمىيىن سۆزى.

إذا صليت فلا تبزقن بين يديك و لا عن يمينك و لكن ابزق تلقاء شمالك إن كان فارغا و إلا فتحت قدمك اليسرى و ادلكه ( حم 4 حب ك ) عن طارق بن عبدالله المحاربي

664. تارىق ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا ئالدىڭغا، ئوڭ تەرىپىڭگە تۈكۈرمە. لېكىن، سول تەرىپىڭ بىكار بولسا، ئادەم بولمىسا شۇ تەرەپتە تۈكۈر. ئەگەر ئادەم بولۇپ قالسا، پۇتۇڭنىڭ ئاستىغا، يەنى سول

پۈتنىڭ ئاستىغا تۈكۈرگىن، ئۇنى سۈركىۋەت. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت سەھىھ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليت فلا تبسط ذراعيك بسط السبع و ادعم على راحتيك و جاف مرفقيك عن ضبعيك( طب ) عن ابن عمر

665. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇغاندا ئىككى بىلىكىڭنى خۇددى گۆشخور ھايۋانلار پاچىقىنى چاپلاپ، يېيىپ تۇرغاندەك زېمىنغا چاپلىۋالما. رۇكۇدا ئىككى قولۇڭنى ئىككى تىزىڭغا قويۇپ يۆلەنگىن، جەينىكىڭ بىلەن قوۋۇرغاڭ ئارىلىقىنى كاۋاك، بوش قويغىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليتما في رحالكما ثم أتيتما الإمام فصليا معه فتكون لكما نافلة و التي في رحالكما فريضة(فر) عن ابن عمرو

666. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىمامنىڭ قېشىغا كەلسەڭلار، ئۇنىڭ بىلەنمۇ يەنە ناماز ئوقۇڭلار. بۇ سىلەرگە نەپلە بولىدۇ، ئۆيۈڭلاردىكى بولسا پەرز بولىدۇ. دەيلىمى فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليتما في رحالكما ثم أتيتما مسجد جماعة فصليا معهم فإنها لكما نافلة ( حم ت ن هق ) عن يزيد بن الأسود

667. يەزىد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇپ، ئاندىن جامائەت بار مەسجىدكە كەلسەڭلار، ئۇلار بىلەنمۇ ناماز ئوقۇڭلار. بۇ سىلەرگە نەپلە بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا صليتم الجمعة فصلوا بعدها أربعا ( د ه ) عن أبي هريرة

668. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە نامىزىنى ئوقۇپ بولساڭلار ئۇنىڭ كەينىدىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليتم على الميت فأخلصوا له الدعاء ( د ه حب ) عن أبي هريرة

669. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ناماز چۈشۈرۈپ بولساڭلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئادا ئىخلاس قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليتم علي فقولوا: اللهم صل على محمد النبي الأمي و على آل محمد كما صليت على إبراهيم و على آل إبراهيم و بارك على محمد النبي الأمي و على آل محمد كما باركت على إبراهيم و على آل إبراهيم إنك حميد مجيد ( حم حب قط هق ) عن أبي مسعود

670. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا دۇرۇت ـ سالام يوللىماقچى بولساڭلار مۇنداق دەڭلار:«ئى ئاللاھ! تۇرۇك، ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھىم قىلسىلا. ئىبراھىمغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھىم قىلغاندەك ئۇنىڭ ئائىلىسىگىمۇ رەھمەت قىلسىلا. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرگەندەك مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلىسىگە بەرىكەت بەرسىلە. سىلى ھەققەتەن بارلىق تىللاردا مەدھىيىلەنگۈچى ئۇلۇغ، كاتتا زات». ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھكە يېقىن ھەسەن.

( صحيح ) إذا صليتم فاتزروا و ارتدوا و لا تشبهوا باليهود ( عد ) عن ابن عمر

671. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇساڭلار ئىشتان ـ كۆڭلەك، رىدالىرىڭلارنى كىيىۋېلىڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماڭلار. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

إذا صليتم فأقيموا صفوفكم ثم ليؤمكم أحدكم فإذا كبر فكبروا و إذا قرأ فأنصتوا و إذا قال ( غير المغضوب عليهم و لا الضالين فقولوا: آمين يحبكم الله و إذا كبر و ركع فكبروا و اركعوا فإن الإمام يركع قبلكم و يرفع قبلكم فتلك بتلك و إذا قال: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم

ربنا لك الحمد يسمع الله لكم و إذا كبر و سجد فكبروا و اسجدوا فإن الإمام يسجد قبلكم و يرفع قبلكم فتلك بتلك و إذا كان عند القعدة فليكن من أول قول أحدكم التحيات الطيبات الصلوات لله السلام عليك أيها النبي و رحمة الله و بركاته السلام علينا و على عباد الله الصالحين أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمد عبده و رسوله ) . ( حم م د ن ه ) عن أبي موسى

672. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇغاندا سەپلەرنى رۇس تۇزلەڭلار. ئاندىن سىلەرگە بىرسى ئىمام بولسۇن. ئىمام تەكبىر ئېيتسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىڭلار، ئۇ قىرائەت قىلغاندا سىلەر جىم تۇرۇڭلار. ئىمام سۈرە فاتىھەنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋەلەززاللىين دېسە، ئامىن! دەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلىڭلار. ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق رۇكۇ قىلىدۇ، بېشىنى كۆتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسى نەقمۇ ـ نەق بولسۇن، يەنى سىلەر كېيىنرەك قىلىڭلار، ئەگىشىڭلار. ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (يەنى، ئاللاھ ھەمد ئېيتقان كىشىگە قۇلاق سالدى، ئاڭلىدى) دېسە، سىلەر، رەببەنا لەكەلھەمدۇ (يەنى، ئى رەببىمىز! بارلىق ھەمدۇ ـ سانا سىلىگە خاس) دېسەڭلار، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاڭلايدۇ. ئىمام تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلسا، سىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلىڭلار. ئىمام سىلەردىن بۇرۇنراق قىلىپ، بۇرۇنراق بېشىنى كۆتۈرىدۇ، سىلەر شۇنى باراۋەر قىلىپ ئەگىشىڭلار. ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندا، مۇنداق دەڭلار: «ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينە ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين، ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» (تەرجىمىسى: ئىقتىسادىي، جىسمانىي، ئىددىيىۋىي ئىبادەت، مالدىكى، دىلدىكى، بەدەندىكى ئىبادەت بىر ئاللاھقا خاستۇر. سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ساڭا بولسۇن. سالامەتچىلىك، تېنچلىق بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن) مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا صمت من الشهر ثلاثا فصم ثلاث عشرة و أربع عشرة و خمس عشرة ( حم ت ن حب ) عن أبي ذر

673. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتماقچى بولساڭ، 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى تۇت. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إذا ضرب أحدكم خادمه فليتق الوجه ( د ) عن أبي هريرة

674. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خادىمنى، قۇلنى ئۇرسا، يۈزىدىن ھەزەر قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە يۈزگە ئۇرۇش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوكس، بوكستا مۇشلىشىش دۇرۇس ئەمەس.

إذا ضن الناس بالدينار و الدرهم و تبايعوا بالعينة و تبعوا أذناب البقر و تركوا الجهاد في سبيل الله أدخل الله تعالى عليهم ذلا لا يرفعه عنهم حتى يراجعوا دينهم ( حم طب هب ) عن ابن عمر

675. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر دىنار، دەرھەم، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە بېخىللىق قىلغاندا، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مالنى نېسىي، ئەرزان ئېلىپ، نەقكە، قىممەت سېتىپ، يەنى شۇ ئۇسۇلدا جازانە ـ ئۆسۈم قىلىپ، كالا ـ تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا ئەگىشىپ، يەنى دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، زىرائەت، دېھقانچىلىق قىلىپ ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇلارغا خارلىق، ھاقارەتلىكنى سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئۆز دىنىغا قايتىپ كەلمىگۈچە، بۇ خارلىقنى ئۇلاردىن ھەرگىز كۆتۈرىۋەتمەيدۇ. ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى

www.uyghurkitap.com

توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا طبخ أحدكم قدرا فليكثر مرقها ثم ليناول جاره منها ( طص ) عن جابر

676. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قازاندا گۆش پىشۇرسا شورپىسىنى كۆپ قىلىپ، قوشنىسىغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرسۇن. ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

إذا طبختم اللحم فأكثروا المرق فإنه أوسع و أبلغ للجيران ( ش ) عن جابر

677. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۆش پىشۇرساڭلار شورپىنى كۆپ قىلىڭلار. ئۇ قوشنىلارغىمۇ كەڭرى يېتىدۇ. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا طلع الفجر فلا صلاة إلا ركعتي الفجر ( طس ) عن أبي هريرة

678. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەتىگىنى سۇبھى يورۇغاندا، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقا ناماز يوق، يەنى سۈننەتنى ئوقۇپلا پەرزگە تۇرۇڭلار. ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ

إذا ظهر الزنا و الربا في قرية فقد أحلوا بأنفسهم عذاب الله ( طب ك ) عن ابن عباس

679. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر شەھەر-يېزىلاردا زىنا بىلەن رىبا، جازانە-ئۆسۈم ئاشكارە بولسا، جەزمەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىگە ھالال قىلىپ چۈشۈرۈۋالىدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا ظهر السوء في الأرض أنزل الله بأسه بأهل الأرض و إن كان فيهم قوم صالحون يصيبهم ما أصاب الناس ثم يرجعون إلى رحمة الله و مغفرته ( طب حل ) عن أم سلمة

680. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىندا يامانلىق، گۇناھ-مەئسىيەت ئاشكارا بولسا، ئاللاھ ئازابىنى بارلىق زېمىن ئەھلىگە چۈشۈرىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ، يامان كىشىلەرگە يەتكۈزگەن ئازابنى ئۇلارغىمۇ يەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرەت قىلىشىغا قايتىدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. بۇنىڭ مىسالى ۋابا كېسىلىدۇر. ياخشى كىشىلەر نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلىدۇ.

إذا عاد أحدكم مريضا فليقل: اللهم اشف عبدك ينكأ لك عدوا أو يمشي لك إلى صلاة ( ك ) عن ابن عمر

681. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كېسەل يوقلىسا مۇنداق دېسۇن: ئى ئاللاھ! بۇ بەندەڭگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ئۇ سەن ئۈچۈن دۈشمەننى يوقىتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، سەن ئۈچۈن نامازغا چىقىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا عاد الرجل أخاه المسلم مشى في خرافة الجنة حتى يجلس فإذا جلس غمرته الرحمة فإن كان غدوة صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن كان عشيا صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح ( حم ع هق ) عن علي

682. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كېسەل بولغاندا يوقلىسا، بارغۇچە جەننەتنىڭ باغلىرىدا ماڭىدۇ، ئولتۇرغاندا بولسا ئۇنى رەھمەت قورشايدۇ. ئۇ چاغ ئەتىگىنى بولسا، كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭغا 70000 پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ؛ كەچ تەرەپ بولسا، تاڭ ئاتقۇچە 70000 پەرىشتە رەھمەت يوللايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا عطس أحدكم فحمد الله فشمتوه و إذا لم يحمد الله فلا تشمتوه( حم خد م ) عن أبي موسى

683. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دەپ جاۋاب

بېرىڭلار. ئەگەر ھەمدۇ ـ سانا ئېيتمىسا، جاۋاب بەرمەڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

إذا عطس أحدكم فليشمته جليسه فإن زاد على ثلاث فهو مزكوم و لا يشمت بعد ثلاث( د ) عن أبي هريرة

684. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، بىللە ئولتۇرغان كىشى جاۋاب قايتۇرسۇن. ئەگەر ئۈچ قېتىمدىن زىيادە چۈشكۈرسە، ئۇ زۇكام كېسىلى بولىدۇ، ئۈچ قېتىمدىن كېيىن جاۋاب قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا عطس أحدكم فليضع كفيه على وجهه و ليخفض صوته ( ك هب ) عن أبي هريرة

685. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرگەندە قولىنى، ئالقىنىنى يۈزىگە، ئاغزىغا قويۇپ، ئاۋازىنى پەس قىلسۇن. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إذا عطس أحدكم فليقل: الحمد لله رب العالمين و ليقل له: يرحمك الله و ليقل هو: يغفر الله لنا و لكم ( طب ك هب ) عن ابن مسعود ( حم 3 ك هب ) عن سالم بن عبيد الأشجعي

686. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالالاھقا خاستۇر دېسۇن. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭغا، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېسۇن. ئاندىن ئۇ جاۋابەن، ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن دېسۇن. بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى ئىبنى مەسئۇدتىن، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب سالىم ئىبنى ئۇبەيدتىن توپلىغان، سەھىھ.

إذا عطس أحدكم فليقل: الحمد لله على كل حال و ليقل له من حوله: يرحمك الله و ليقل هو لمن حوله: يهديكم الله و يصلح بالكم ( حم ت ن ك ) عن أبي أيوب ( ه ك هب ) عن علي

687. ئەبۇ ئەييۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، ھەرھالدا بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالالاھقا خاستۇر دېسۇن، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېسۇن. ئاندىن ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ئىشلىرىڭلارنى ئۈگشىسۇن دېسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا عطس أحدكم فليقل: الحمد لله فإذا قال فليقل له أخوه أو صاحبه: يرحمك الله فإذا قال له: يرحمك الله فليقل: يهديكم الله و يصلح بالكم ( حم خ ه ) عن أبي هريرة

688. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چۈشكۈرسە، ئەلھەمدۇلىللاھ دېسۇن. شۇنداق دېسە، قېرىندىشى ياكى ھەمراھى يەرھەمۇكەللاھ دېسۇن. ئاندىن شۇنداق دېسە، چۈشكۈرگۈچى، يەھدىيكۇمۇللا ۋەيۇسلىھ، بالەكۇم دېسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا عملت الخطيئة في الأرض كان من شهدها فكرهها كمن غاب عنها و من غاب عنها فرضيها كان كمن شهدها ( د ) عن العرس بن عميرة

689. ئەرس ئىبنى ئۇمەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىندا بىر خاتالىق، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىنسا، ئۇ جايغا ھازىر بولۇپ تۆپىدە تۇرغانلار ئۇنى ئىنكار قىلىپ ياقتۇرمىسا، يوق، غايىپ بولغاندەك بولىدۇ. بىرەر كىشى غايىپ بولسىمۇ، شۇ گۇناھنىڭ ئۈستىدە بولمىسىمۇ ئۇ خاتالىققا رازى بولسا، بىللە خاتالاشقاندەك بولىدۇ، يەنى گۇناھقا شېرىك بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إذا عملت سيئة فأتبعها حسنة تمحها ( حم ) عن أبي ذر

690. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرەر يامانلىق گۇناھنى قىلىپ قالساڭ، ئۇنىڭغا ئۇنى ئۆچۈرىدىغان ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

شۇنداق قىلغاندىمۇ نۇرغۇن مەرتىۋىدىن قۇرۇق قالىدۇ، ياخشىسى ياخشىلىقنىلا قىلغىن.

( صحيح ) إذا عملت مرقة فأكثر ماءها و اغرف لجيرانك منها ( ه ) عن أبي ذر

691. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شورپا قىلساڭ سۈيىنى كۆپ قىلغىن. ئۇنىڭدىن قوشناڭغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرگىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا غابت الشمس فكفوا صبيانكم فإنها ساعة ينتشر فيها الشياطين ( طب ) عن ابن عباس

692. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن چاغدا، كىچىك باللىرىڭلارنى سىرتقا چىقارماي توسۇپ قېلىڭلار. ھەقىقەتەن ئۇ شەيتانلار تارقايدىغان سائەتتۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا غضب أحدكم فليسكت ( حم ) عن ابن عباس

693. ئىبنى ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار غەزەپلەنسە، جىم تۇرۇپ، سۆز قىلماي ئاچچىقنى بېسىۋالسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا غضب أحدكم و هو قائم فليجلس فإن ذهب عنه الغضب و إلا فليضطجع ( حم د حب ) عن أبي ذر

694. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاچچىقى كېلىپ غەزەپلەنسە، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋالسۇن. غەزىپى كەتسە كەتتى، ئەگەر يەنە كەتمىسە، ئاچچىقى بېسىقمىسا، ئۇڭدا يېتىۋالسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا غضب الرجل فقال: أعوذ بالله سكن غضبه ( عد ) عن أبي هريرة

695. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى غەزەپ قىلىپ قالسا، ئاندىن ئەئۇزۇبىللاھ (ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) دېسە، غەزىپى توختاپ قالىدۇ. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا غضبت فاجلس ( الخرائطي في مساوئ الأخلاق ) عن عمران بن حصين

696. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەزەپ قىلىپ قالساڭ ئولتۇرۇۋالغىن. خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.

إذا فتحت عليكم فارس و الروم أي قوم أنتم ؟ قيل: نكون كما أمر الله قال: أو غير ذلك تتنافسون ثم تتحاسدون ثم تتدابرون ثم تتباغضون ثم تنطلقون في مساكن المهاجرين فتجعلون بعضهم على رقاب بعض(م ه ) عن ابن عمرو

697. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە پارس، رۇملار ئىشغال قىلىنسا، قانداق قەۋم بولۇپ كېتەرسىلەر؟ ئۇلار، ئاللاھ بۇيرۇغاندەك بولىمىز دېيىشتى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەر دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەر مال-دۇنياغا قىزىقىپ كېتىسلەر، ئاندىن ئۆز-ئارا ھەسەت قىلىشىسىلەر، ئاندىن بىر-بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىسىلەر، ئاندىن غەزەپ قىلىشىسىلەر، ئاندىن مۇھاجىرلارنىڭ جايىغا بارىسىلەر، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر قىسمىنىڭ گەردىنىگە ئارتىپ قويىسىلەر، يەنى جەڭ قىلىشىپ، ئۆز-ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىسىلەر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا فتحت مصر فاستوصوا بالقبط خيرا فإن لهم ذمة و رحما ( طب ك ) عن كعب بن مالك

698. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى



www.uyghurkitap.com

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسىر دۆلىتى ئىشغال قىلىنسا، قىبتىلەرگە ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلىڭلار. ھەققەتەن ئۇلاردا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئەھدە باردۇر. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا فرغ أحدكم من التشهد الأخير فليتعوذ بالله من أربع يقول: اللهم إني أعوذ بك من عذاب جهنم و من عذاب القبر و من فتنة المحيا و الممات و من شر فتنة المسيح الدجال ( حم م د ه ) عن أبي هريرة

699. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىرقى تەشەھھۇدتىن پارىغ بولغاندا، يەنى ئاخىرقى ئەتتەھىييياتۇدىن كېيىن ئاللاھقا سېغىنىپ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەڭلار. ئى ئاللاھ! سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسۇن، يەنى شۇنداق دەڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا فرغ أحدكم من صلاته فليدع بأربع ثم ليدع بعد بما شاء: اللهم إني أعوذ بك من عذاب جهنم و عذاب القبر و فتنة المحيا و الممات و فتنة المسيح الدجال ( هق ) عن أبي هريرة

700. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، تۆت نەرسىگە دۇئا قىلىۋېتىپ، ئاندىن خالىغان نەرسىنى سورىسۇن. ئى ئاللاھ! سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسۇن. بەيھەقى توپلىغان.

دەججالنىڭ مەسىھ دەپ ئاتىلىشى، بىر كۆزى سىيلىقۇەتكەندەك يوق بولغانلىقىدىن ياكى دۇنيانى تېز ساياھەت قىلغانلىقىدىن.

إذا فزع أحدكم من النوم فليقل: أعوذ بكلمات الله التامة من غضبه و عقابه و شر عباده و من همزات الشياطين و أن يحضرون فإنها لن تضره ( ت ) عن ابن عمرو

701. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ كەتسە مۇنداق دېسۇن، ئاللاھنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن، شەيتانلارنىڭ ماڭا ھازىر بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. شۇنداق دېسە ئۇ كىشىگە ھېچنېمە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

إذا فسد أهل الشام فلا خير فيكم و لا تزال طائفة من أمتي منصورين لا يضرهم من خذلهم حتى تقوم الساعة ( حم ت حب ) عن قرة بن أياس

702. قۇررەت ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام ئەھلى بۇزۇلسا، سىلەرگە ياخشىلىق يوق. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە، بىر بۆلەك كىشىلەر دائىم ياردەمگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ. تا قىيامەت قايىم بولغۇچە ئۇلارنى خارلىماقچى بولغانلار، ئاسىيلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا قاتل أحدكم أخاه فليجتنب الوجه ( حم ) عن أبي سعيد

703. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىدىن ھەزەر قىلسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال أحدكم في الصلاة: آمين و قالت الملائكة في السماء: آمين فوافقت إحداهما الأخرى غفر له ما تقدم من ذنبه ( مالك ق ن ) عن أبي هريرة

704. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا ئامىن دېسە، پەرىشتىلەرمۇ ئاسماندا ئامىن دەيدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرسى يەنە

بىرىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. مالىك، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال الإمام: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا لك الحمد فإنه من وافق قوله قول الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه ( مالك ق 3 ) عن أبي هريرة

705. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار. ھەقىقەتەن كىمنىڭ شۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، يەنى كەچۈرۈلىدۇ، ئۆتنۈۋېتىلىدۇ. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال الإمام: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا و لك الحمد ( ه ك ) عن أبي سعيد ( ه حب ) عن أنس ( حب )

706. ئەبۇ سەئىد، ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ دەڭلار. ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال الإمام: ( غير المغضوب عليهم و لا الضالين فقولوا: آمين فإنه من وافق قوله قول الملائكة غفر له ما تقدم من ذنبه ) . ( مالك خ د ن ) عن أبي هريرة

707. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام غەرىيلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززاللىين دېگەندە، سىلەر ئامىن! دەڭلار. كىمنىڭ ئامىن دېگەن سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، مالىك توپلىغان، سەھىھ

إذا قال الرجل لأخيه: جزاك الله خيرا فقد أبلغ في الثناء ( ابن منيع خط ) عن أبي هريرة ( خط ) عن ابن عمر

708. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر كىشى قېرىندىشىغا جازاكەللاھۇ خەيرا (يەنى، ئاللاھ ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن) دېسە، قېرىندىشىنى مەدھىيلەشتە، ياخشىلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈشتە يېتەرلىك قىلغان بولىدۇ. ئىبنى مۇنىئ خەتىبۇلبەغدادى خاتىرلىگەن، سەھىھ.

سىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىغا شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ سۆزنى قىلىڭلار، جازاكەللاھۇ خەيرا

إذا قال الرجل لأخيه: يا كافر فقد باء بها أحدهما ( خ ) عن أبي هريرة ( حم خ ) عن ابن عمر

709. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى قېرىندىشىغا ئى كاپىر، دىنسىز دېسە، جەزمەن ئۇ كۇفرىلىق بىلەن ئىككىسىنىڭ بىرسى قايتىدۇ. يەنى، راست كاپىر بولسا بولدى، ئۇ ئۇنداق بولمىسا، دېگۈچى كۇفرى بىلەن قايتىدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار مۆئمىننى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلسا ئۇ كاپىر بولىدۇ، ياكى ھالال سانىسا كاپىر بولىدۇ، ياكى ئۇ كاپىرلارنىڭ ئەخلاقى، قىلىقىدۇر، ياكى بۇ قىلمىش كۇفرىغا ئاپىرىدۇ، ياكى بۇ دىندىن چىققۇچى، دوۋزاختا مەڭگۈ قالغۇچى، كاپىر بولماستىن، بەلكى كىچىك كۇفرىلىق، كۇفرى نىئمەت بولىدۇ، يەنى قېرىنداشلىق نىئمىتىگە كۇفرىلىق قىلىشتۇر دېدى. بەزىلەر كاپىرغا يېقىن بولىدۇ دېدى.

إذا قال الرجل لأخيه: يا كافر فهو كقتله و لعن المؤمن كقتله ( طب ) عن عمران بن حصين

710. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى قېرىندىشىغا ئى كاپىر دېسە، ئۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. مۆئمىن كىشىگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن

مۆئمىنگە لەنەت قىلىش، كاپىر دېيىش گۇناھ كەبىيردۇر.

( حسن ) إذا قال الرجل للمنافق: يا سيدي فقد أغضب ربه ( ك هب ) عن بريدة

711. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مۇناپىقنى ئى سەيیىدى (يەنى، ئى خوجايىن، خوجا) دېسە، جەزمەن ئۇ رەببىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، غەزەپلەندۈرىدۇ. ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

پالانى شاڭجاڭ، شۇجى، رەئىس دېيىش خەتەرلىك.

إذا قال الرجل: هلك الناس فهو أهلكهم ( حم م د ) عن أبي هريرة

712. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئىنسانلار ھالاك بولدى ياكى ھالاك بولغاي دېسە، ئۆزى بالدۇر ھالاك بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بىرەر كىشى مۇسۇلمانلار تۈگەشتى دېسە، ئۆزى بالدۇر تۈگىشىدۇ، ھالاك بولىدۇ.

إذا قال العبد: لا إله إلا الله و الله أكبر قال الله: صدق عبدي لا إله إلا أنا و أنا أكبر فإذا قال: لا إله إلا الله وحده قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا وحدي فإذا قال: لا إله إلا الله لا شريك له قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا و لا شريك لي فإذا قال: لا إله إلا الله له الملك و له الحمد قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا لي الملك و لي الحمد فإذا قال: لا إله إلا الله و لا حول و لا قوة إلا بالله قال: صدق عبدي لا إله إلا أنا و لا حول و لا قوة إلا بي من رزقهن عند موته لم تمسه النار ( ت ن ه حب ك ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

713. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە، ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ تەكبىر ئېيتسا، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بۈيۈك دەيدۇ. بەندە، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇز، بىردۇر دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن بىر، مەن يالغۇز، تەنھا دەيدۇ. بەندە، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مىنىڭ شېرىكىم يوق دەيدۇ. بەندە، ئاللاھ بىردۇر، پادىشاھلىق، بارلىق ھەمدۇـساnalar ئاللاھقا خاستۇر دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، راست شۇنداق دەيدۇ. بەندە، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، تائەتـئىبادەتكە، گۇناھدىن يېنىشقا ھېچبىر كۈچـقۇۋۋەت يوق، پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا بار دېسە، ئاللاھ: بەندەم راست دېدى، مەندىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مىنىڭ ياردىمىمسىز ھېچبىر كۈچـقۇۋۋەت يوق دەيدۇ. كىمگە بۇ سۆز ئۆلۈش ئالدىدا رىزىق بېرىلسە (يەنى مۇشۇنداق دەپ ئۆلسە) ئۇنى دوۋزاخ تۇتمايدۇ، ئۇ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا قال المؤذن: الله أكبر الله أكبر فقال أحدكم: الله أكبر الله أكبر ثم قال: أشهد أن لا إله إلا الله قال: أشهد أن لا إله إلا الله ثم قال: أشهد أن محمدا رسول الله قال: أشهد أن محمدا رسول الله ثم قال: حي على الصلاة قال: لا حول و لا قوة إلا بالله ثم قال: حي على الفلاح قال: لا حول و لا قوة إلا بالله ثم قال: الله أكبر الله أكبر قال: الله أكبر الله أكبر ثم قال: لا إله إلا الله قال: لا إله إلا الله من قلبه دخل الجنة ( م د ) عن عمر.

714. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، بىرىڭلار مۇشۇنداق دېسە؛ ئۇ ئەشھەدۇئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەندە، بىرىڭلارمۇ شۇنداق دېسە؛ ئۇ ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ دېگەندە، يەنە شۇنداق دېسە؛ ھەييە ئەلەسسالاھ دېگەندە، لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېسە؛ ھەييە ئەلەلپەلاھ دېگەندە، يەنە شۇنداق دېسە؛ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، شۇنداق دېسە؛ لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەندە، بىرىڭلارمۇ شۇنداق دېسە، چىن دىلىدىن دېسە جەننەتكە كىرىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا قام أحدكم إلى الصلاة فلا يبزق أمامه فإنما يناجي الله تبارك و تعالى ما دام في مصلاه و لا عن يمينه فإن عن يمينه ملكا و ليبصق عن يساره أو تحت قدمه فيدفنها ( حم خ ) عن أبي هريرة

715. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن. ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ تەبارەك ۋەتەئالا بىلەن مۇناجات قىلىپ سۆزلىشىدۇ، پەقەت نامىزىدا بولسىلا شۇنداق. ئوڭ تەرىپىگىمۇ تۈكۈرمىسۇن، ھەقىقەتەن ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار. ئۇ سول تەرىپىگە ياكى قەدىمى ئاستىغا تۈكۈرسۇن، ئۇنى دەپنە قىلىپ كۆمۈۋەتسۇن. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

سول تەرىپىدە كىشى بولسا، ئۇ يەنە شۇ كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇتى ئاستىغا ياكى يەڭ، پېشىگە تۈكۈرۈپ يوقىتىۋەتسۇن، كۆمۈۋەتسۇن دېگىنى كېسەل يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئازار بېرىشتىن، كىشىنى بىزار قىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

إذا قام أحدكم عن فراشه ثم رجع إليه فلينفضه بصنفة إزاره ثلاث مرات فإنه لا يدري ما خلفه عليه بعده و إذا اضطجع فليقل: باسمك ربي وضعت جنبي و بك أرفعه فإن أمسكت نفسي فارحمها و إن أرسلتها فاحفظها بما تحفظ به عبادك الصالحين فإذا استيقظ فليقل: الحمد لله الذي عافاني في جسدي و رد على روحي و أذن لي بذكره ( ت ) عن أبي هريرة

716. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كۆرپىدىن قوپۇپ كېتىپ، ئاندىن قايتىپ كەلسە، كۆرپىنى ئىشتىنىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن ئۈچ قېتىم قېقىۋەتسۇن. ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزىدىن كېيىن كۆرپىدە نېمىنىڭ ئىز باسار بولغىنىنى بىلمەيدۇ. ياتقاندا بولسا مۇنداق دېسۇن: ئى رەببىم، ئىسمىڭ بىلەن باشلاپ ياتىمەن، يېنىمنى قويىمەن ۋە سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كۆتۈرىمەن. ئەگەر جېنىمنى ئالساڭ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسەڭ، سالىھ، ياخشى بەندىلىرىڭنى قوغدىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىپ قوغدىغىن. ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا مۇنداق دېسۇن: بارلىق ھەمدۇ-سانا مېنىڭ جەستىمنى ساقلىغان، ماڭا روھىمنى، جېنىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋە يەنە ئۆزىنى ئەسلەشكە پۇرسەت، رۇخسەت بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

إذا قام أحدكم من الليل فاستعجم القرآن على لسانه فلم يدر ما يقول فليضطجع ( حم م د ه ) عن أبي هريرة

717. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ، قۇرئان ئۇنىڭ تىلىغا تەستە كېلىپ، ئەجەم تىلىدەك بولۇپ قالسا، نېمە دەۋاتقىنىنى بىلەلمىسە يېتىۋالسۇن، يەنى ئازراق يېتىۋېلىپ تۇرسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا قام أحدكم من النوم فأراد أن يتوضأ فلا يدخل يده في الإناء حتى يغسلها فإنه لا يدري أين باتت يده و لا على ما وضعها ( ه قط الضياء ) عن جابر

718. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ تاھارەت ئالماقچى بولسا، قولىنى يۇيۇۋەتمىگىچە قاچىسىغا سالمىسۇن. چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ ئۇخلىغاندا قەيەردە ئىكەنلىكىنى ۋە نېمىنىڭ ئۈستىگە قويغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قام أحدكم يصلي فإنه يستره إذا كان بين يديه مثل آخرة الرحل فإذا لم يكن بين يديه مثل آخرة الرحل فإنه يقطع صلاته الحمار و المرأة و الكلب الأسود قيل: ما بال الكلب الأسود من الكلب الأحمر ؟ قال: الكلب الأسود شيطان ( م ن ) عن أبي ذر

719. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇشقا تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدا تۆگە ئۈستىگە سالىدىغان كاجۇۋ يۆلەنچۈكى مىقدارىدا نەرسە بولسا، يەنى بىر گەز مىقدارىدا نەرسە بولسا، سۇترە بولۇپ توسالايدۇ. ئەگەر ئۇنچىلىك نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭ نامىزىنى ئېشەك، ئايال كىشى، قارا ئىت ئۈزۈپ قويىدۇ. قىزىل ياكى باشقا ئىتتىن قارا ئىت دېگەنلىرى نېمىسى؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قارا ئىت شەيتاندۇر دېدى.



www.uyghurkitap.com

مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قام أحدكم يصلي من الليل فليستك فإن أحدكم إذا قرأ في صلاته وضع ملك فاه على فيه و لا يخرج من فيه شيء إلا دخل فم الملك ( هب تمام الضياء ) عن جابر

720. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كېچىدە ناماز ئوقۇشقا تۇرسا مىسۋاك سالسۇن. ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامىزىدا قىرائەت قىلغاندا، پەرىشتە ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزى ئۈستىگە قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان نەرسە پەرىشتىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىدۇ. بەيھەقى، تەمام، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قام الإمام في الركعتين فإن ذكر قبل أن يستوي قائما فليجلس فإن استوى قائما فلا يجلس و يسجد سجدتي السهو ( حم د ه هق ) عن المغيرة

721. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتە ياكى ئىككى رەكئەتلىك بولسىمۇ ئىككىنچى رەكئەتتە ئولتۇرماي قوپۇپ كەتسە، ئەگەر رۇس، تۈز تۇرۇشتىن بۇرۇن ئېسىگە ئالسا ئولتۇرۇۋالسۇن. ئەگەر رۇس، تۈز تۇرۇپ بولغان بولسا، ئولتۇرماي ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن نېمە ئۈچۈن سەھۋە سەجدىنى قىلىش، قانداق قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ.

إذا قام الرجل من مجلسه ثم رجع إليه فهو أحق به ( حم خد م د ه ) عن أبي هريرة ( حم ) عن وهب بن حذيفة ..

722. ئەبۇ ھۇرەيرە، ۋەھى ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مەجلىستىكى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ، ئاندىن يەنە قايتىپ كەلسە، ئۇ ئورۇنغا ئۆزى لايىقتۇر. ئەھمەد، بۇخارى ئەدەبتە، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن مەجلىس، ئىلىم ھالقىسى، چوڭ سورۇن، زىياپەت، ماشىنا، قاتناشلاردا ئورنىدىن قوپۇپ كېتىپ، قايتىپ كەلگەن كىشى يەنىلا ئۆز جايىدا ئولتۇرۇشنىڭ ھەقلىقى چىقىدۇ.

إذا قام الرجل يتوضأ ليلا أو نهارا فأحسن الوضوء و استن ثم قام فصلى أطاف به الملك و دنا منه حتى يضع فاه على فيه فما يقرأ إلا في فيه و إذا لم يستن أطاف به و لا يضع فاه على فيه محمد بن نصر في الصلاةعنبن شهاب

723. ئىبنى شىھاب رەھمەھۇللاھتىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كېچە ياكى كۈندۈز قوپۇپ تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، مىسۋاك سالسا، ئاندىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنى پەرىشتە تاۋاپ قىلىپ، زىيارەت قىلىدۇ. يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىدۇ. ئۇ كىشى پەقەت قىرائەتنى پەرىشتىنىڭ ئاغزىدا قىلىدۇ. ئەگەر مىسۋاك سالمىسا، تاۋاپ، زىيارەت قىلسىمۇ ئاغزىنى قويمايدۇ. بۇ ھەدىسنى مۇھەممەد ئىبنى نەسىر توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ بولىدۇ دېگەن.

إذا قبر الميت أتاه ملكان أسودان أزرقان يقال لأحدهما المنكر و للآخر النكير فيقولان: ما كنت تقول في هذا الرجل ؟ فيقول: ما كان يقول هو: عبد الله و رسوله أشهد أن لا إله إلا الله و أن محمد عبده و رسوله فيقولان: قد كنا نعلم أنك تقول ثم يفسح له في قبره سبعون ذراعا في سبعين ثم ينور له فيه ثم يقال: نم فيقول: أرجع إلى أهلي فأخبرهم فيقولان: نم كنومة العروس الذي لا يوقظه إلا أحب أهله إليه حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك و إن كان منافقا قال: سمعت الناس يقولون قولا فقلت مثله لا أدري فيقولان: قد كنا نعلم أنك تقول ذلك فيقال للأرض: التئمي عليه فتلتئم عليه فتختلف أضلاعه فلا يزال فيها معذبا حتى يبعثه الله من مضجعه ذلك ( ت ) عن أبي هريرة

724. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاپقارا، كۆك كۆز ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ. بىرى مۇنكەر، يەنە بىرى نەكىير دېيىلىدۇ. بۇ مۇنكەر ـ نەكىير ئىككى پەرىشتە مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ بەندە ئادىتى بويىچە: ئۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق،

ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بەندىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ. پەرىشتىلەر: بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتۇق دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەزدە 70 گەز كەڭرى قىلىنىپ، نۇرلىنىدۇ، ئاندىن ئۇخلا! دېيىلىدۇ. ئۇ: مەن قايتىپ ئەھلى بالىلىرىمغا خەۋەر قىلىمەن دەيدۇ. ئۇلار: ئۇخلا دېگەندىكىن يېقىندىن توي قىلغان، بەختلىك كىشى ئۇخلىغاندەك ئۇخلا! ئۇنى پەقەت ئەھلىدىن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئويغىتىدۇ، ئاللاھ سېنى بۇ جايىڭدىن تىرىلدۈرۈپ قوپۇرغانغا قەدەر شۇنداق بەختلىك ھالەتتە ئۇخلا! دېيىلىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى مۇناپىق بولسا، مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزىنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپ قويغان، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتىلەر: بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق دەيدۇ. ئاندىن زېمىنغا تارايغىن، گىرەلەشكىن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئىبارەت زېمىن شۇنداق تارىيىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئۇنى شۇ جايىدىن تىرىلدۈرگەنگە، يەنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن

إذا قدم أحدكم ليلا فلا يأتين أهله طروقا حتى تستحد المغيبة و تمتشط الشعثة ( م ) عن جابر

725. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كېچىدە كېلىپ قالسا، ئەھلىگە كېچىسى كىرمىسۇن. ئۇ چاچلىرىنى تاراپ تەييارلىق قىلىۋالسۇن. مۇسلىم توپلىغان سەھىھ، يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى.

إذا قدم العشاء و حضرت الصلاة فابدءوا به قبل أن تصلوا صلاة المغرب و لا تعجلوا عن عشائكم ( ق ) عن أنس

726. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەچلىك تاماق كەلتۈرۈلگەندە، شام ناماز ھازىر بولۇپ قالسا، شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن تاماق يېيىش بىلەن باشلاڭلار. تاماقتىن ئالدىراپ كەتمەڭلار، يەنى يەۋېلىپ ئوقۇڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بولۇپمۇ رامزاندا.

إذا قرأ ابن آدم السجدة فسجد اعتزل الشيطان يبكي يقول: يا ويله أمر ابن آدم بالسجود فسجد فله الجنة و أمرت بالسجود فعصيت فلي النار ( حم م ه ) عن أبي هريرة

727. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭدىن يىغلىغان ھالەتتە ئايرىلىپ مۇنداق دەپ كېتىدۇ: ئىسىت! ۋايجان ـ ۋايەي! ئاھ ـ پاھ! ئادەم بالىسى سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا جەننەت؛ مەن سەجدىگە بۇيرۇلۇپ، سەجدە قىلماي ئاسىي بولۇپ، ماڭا دوزاخ بولدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ناماز سەجدىسىنى قىلمىسا، يەنىلا دوزاخقا كىرىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

( صحيح ) إذا قرأ الإمام فأنصتوا ( م ) عن أبي موسى

728. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام قىرائەت قىلغاندا، سىلەر جىم تۇرۇڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ۋە مۇشۇ مەنىدىكى ئايەتتىن ئىمام قىرائەت قىلغاندا جىم تۇرۇپ ئاڭلاش، مەخپىي قىرائەت قىلغاندا بولسا، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ جەھرىگە دەلىلدۇر. ئەكسىي چۈشەنچىسى بىز دېگەندەك.

إذا قرأتم ( الحمد لله فاقرءوا ( بسم الله الرحمن الرحيم ) إنها أم القرآن و أم الكتاب و السبع المثاني و ( بسم الله الرحمن الرحيم ) إحدى آياتها ) . ( قط هق ) عن أبي هريرة

729. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغاندا بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيمنى قوشۇپ ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ سۈرە ئۇممۇلقۇرئان، ئۇممۇلكىتاب (يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى)، سەبئۇلمەسانى (يەنى تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت) بىسمىللاھ بولسا، ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەتتۇر. دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىسمىللاھ قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. جەھرى، مەخپى ئوقۇش مەسىلىسى بولسا، گەرچە بىسمىللاھنىمۇ نامازدا جەھرى ئوقۇيمىز دېگەنلەر بولسىمۇ، لېكىن بىسمىللاھ دېگەن بۇ ئايەتنى مەخپى ئوقۇپ، ئارقىدىن ئەلھەمدۇلىللاھ....دىن تارتىپ جەھرى ئوقۇش مەشھۇر ھەم سەھىھراق.

( صحيح ) إذا قسمت الأرض و حدت فلا شفعة فيها ( د ) عن أبي هريرة

730. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىن تەقسىم قىلىنىپ قالسا، چەك ـ چېگرا بېكىتىلىپ بولسا، شۇپئەت ھوقۇقى (يەنى خوشنىلارنىڭ، شېرىكلەرنىڭ باشقىلاردىن بۇرۇن ئەرزانراق سېتىۋېلىش ھوقۇقى) قالمايدۇ، يەنى ھوقۇق ئىگىسىنىڭ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا قضى أحدكم الصلاة في مسجده فليجعل لبيته نصيبا من صلاته فإن الله تعالى جاعل في بيته من صلاته خيرا ( حم م ه ) عن جابر ( الدارقطني في الأفراد ) عن أنس

731. جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدتىكى نامىزىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئۆيىگىمۇ نامىزىدىن نىسۋە ئېلىپ قويسۇن. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نامىزىدىمۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

إذا قضى أحدكم حجه فليعجل الرجوع إلى أهله فإنه أعظم لأجره ( ك هق ) عن عائشة

732. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەج قىلىشنى ئادا قىلىپ، تۈگىتىپ بولسا، ئەھلىگە، ئۆيىگە تېز قايتسۇن. ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشتا ئەجرى كاتتا بولىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إذا قضى أحدكم صلاته في المسجد ثم رجع إلى بيته فليصل في بيته ركعتين و ليجعل لبيته نصيبا من صلاته فإن الله جاعل في بيته من صلاته خيرا ( حم ع ) عن أبي سعيد

733. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدتە نامىزىنى ئادا قىلىپ ئاندىن ئۆيىگە قايتسا، ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن. نامىزىدىن ئۆيىگىمۇ نىسۋە ئېلىپ قويسۇن (يەنى سۈننەت، نەپلىنى ئۆيدە قىلسۇن)، ئاللاھ ئۆيىدىكى نامازدىمۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إذا قضى الله تعالى الأمر في السماء ضربت الملائكة بأجنحتها خضعانا لقوله كأنه سلسلة على صفوان فإذا فزع عن قلوبهم قالوا: ماذا قال ربكم ؟ قالوا للذي قال الحق و هو العلي الكبير فيسمعها مسترقوا السمع و مسترقوا السمع هكذا واحد فوق آخر فربما أدرك الشهاب المستمع قبل أن يرمي بها إلى صاحبه فيحرقه و ربما لم يدركه حتى يرمي بها إلى الذي يليه إلى الذي هو أسفل منه حتى يلقوها إلى الأرض فتلقى على فم الساحر فيكذب معها مئة كذبة فيصدق فيقولون: ألم تخبرنا يوم كذا و كذا يكون كذا و كذا فوجدناه حقا للكلمة التي سمعت من السماء ( خ ت ه ) عن أبي هريرة

734. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئاللاھنىڭ سۆزىگە بويسۇنۇپ، پەرىشتىلەر قانات قېقىپ كېتىدۇ. سۆز گوياكى تاش ئۈستىدىكى زەنجىر سۆرەلگەندەك جاراڭلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى چۆچۈپ ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلگەندە، رەببىڭلار بايا نېمە دېدى؟ دەيدۇ. ئۇلار، ئاللاھ ھەقنى

دېدى، ئۇ ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى ئوغۇرلۇقچە سۆز تىڭشىغۇچىلار ئاڭلايدۇ، ئۇلار بىرىسى-بىرىسىنىڭ ئۈستىدە، قەۋەت-قەۋەتتۇر. كۆپىنچە بۇ سۆز ئوغرىسى ھەمراھىغا يەنى جىنكەشكە كېلىشتىن بۇرۇن (سۆزنى دەپ بېرىشتىن بۇرۇن) ئاقار يۇلتۇزلار تېگىپ، كۆيدۈرىدۇ. كۆپىنچىسى كۆيۈشتىن ساقلىنىپ قېلىپ، يېنىدىكىگە دەپ بېرىدۇ، ئۇ ئاستىدىكىگە دەپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوغۇرلىغان بىر سۆزنى زېمىنغا تاشلايدۇ. بولۇپمۇ سېھرىگەر، جىنكەشلەر قوبۇل قىلىپ، بۇ بىر سۆز بىلەن قوشۇپ 100 يالغاننى سۆزلەيدۇ. كىشىلەر، پالانى كۈنى مۇنداق دېمىگەنمىدى؟ مۇنداق بولىدۇ دېگەنغۇ؟ راستلا شۇنداق بولدى، بىز بۇنى ئۆز ئەينى تاپتۇق دېيىشىدۇ. ئەسلى ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن، ئوغۇرلىقچە جىنلار ئاڭلىغان، ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ جەھىتىدىن بولغان ئىدى. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، مانا بۇ ھەدىس جىنكەش كاھىن ۋە جىنلار مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

إذا قضى الله تعالى لعبد أن يموت بأرض جعل الله له إليها حاجة ( ت ك ) عن مطر بن عكامس (ت)عن أبي عزة

735. مۇتەررىپ، ئەبۇ ئىززە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىر بەندىنىڭ بىرەر زېمىندا ئۆلۈشىگە ھۆكۈم قىلسا، شۇ بەندە ئۈچۈن شۇ زېمىندا بىرەر ھاجەت قىلىپ قويىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا قعد بين شعبها الأربع و ألزق الختان بالختان فقد وجب الغسل ( حم ) عن عائشة ( د ) عن أبي هريرة

736. ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ تۆت شاخچىسى ئارىسىدا (يەنى چاترىقىدا) ئولتۇرسا، خەتنە جايى خەتنە جايىغا چاپلاشسا، يەنى جىنسى مۇناسىۋەت بولسا (سۇ، مەنىي چىقمىسىمۇ) غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا قلت لصاحبك و الإمام يخطب يوم الجمعة: أنصت فقد لغوت ( مالك حم ق د ن ه ) عن أبي هريرة

737. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئەدە ئىمام خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، سۆز قىلغان ھەمراھىڭغا سۆز قىلماي جىم تۇر! دېسەڭ، جەزمەن سەنمۇ جۈمئەنى بۇزغان بولىسەن. مالىك ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا قمت إلى الصلاة فأسبغ الوضوء ثم استقبل القبلة فكبر ثم اقرأ ما تيسر معك من القرآن ثم اركع حتى تطمئن راكعا ثم ارفع حتى تستوي قائما ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم ارفع حتى تستوي قائما ثم افعل ذلك في صلاتك كلها ( ق ه ) عن أبي هريرة

738. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تۇرماقچى بولساڭ، تاھارەتنى كامىل ئال. ئاندىن قىبلىگە ئالدىڭنى قىلىپ، تەكبىر ئېيتقىن. ئاندىن سەندە بار بولغان قۇرئاننىڭ ساڭا ئاسان سۈرىلىرىنى ئوقۇغىن. ئاندىن راۋۇرۇس، مەزمۇت رۇكۇ قىلغىن. ئاندىن رۇس، تۈز تۇرغانغا قەدەر بېشىڭنى كۆتۈرگىن. ئاندىن رۇس، مەزمۇت، قەلبىڭ خاتىرجەم ئارام تاپقۇدەك سەجدە قىلغىن. ئاندىن رۇس، تۈز ئولتۇرغانغا قەدەر بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يەنە سەجدە قىل، بارلىق نامازلىرىڭدا شۇنداق قىلغىن. بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا قمت إلى الصلاة فأسبغ الوضوء و اجعل الماء بين أصابع يديك و رجليك ( ه ) عن ابن عباس

739. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تۇرساڭ، تاھارەتنى كامىل ئال، پۇت-قوللىرىڭنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا سۇ يەتكۈزگىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**إذا قمت إلى الصلاة فتوضأ كما أمرك الله ثم قم فاستقبل القبلة ثم كبر فإن كان معك قرآن فاقرأه و إن لم يكن معك قرآن فاحمد الله و هلله و كبره فإذا ركعت فاركع حتى تطمئن ثم ارفع رأسك فاعتدل قائما ثم اسجد فاعتدل ساجدا ثم ارفع رأسك فاعتدل قاعدا حتى تقضي صلاتك فإذا فعلت ذلك فقد تمت صلاتك و إن انتقصت من ذلك شيئا فإنما انتقصت من صلاتك ( 3 ) عن رفاعة البدري**

740. رىپائەتۇلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تۇرساڭ، ئاللاھ سېنى بۇيرىغاندەك كامىل تاھارەت ئال. ئاندىن قىبلىگە ئالدىڭنى قىلىپ، تەكبىر ئېيتقىن. ئەگەر سەن قۇرئان سۈرىلىرىنى بىلسەڭ، ئۇنى ئوقۇغىن؛ ئەگەر بىلمىسەڭ، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇغىن، تەكبىر، تەھلىيل ئوقۇغىن. رۇكۇ قىلغاندا، مەزمۇت، رۇس رۇكۇ قىلىپ، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، تۈز تۇرغىن. ئاندىن سەجدە قىلىپ، سەجدىدە رۇس، مەزمۇت تۇرغىن، ئاندىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ تۈز ئولتۇرغىن. بۇ ئەھۋال نامىزىڭ تۈگەپ ئادا تاپقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. شۇنداق قىلساڭ، نامىزىڭ كامىل تامام بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كام قىلىپ قويساڭ، ھەقىقەتەن نامازنى كام، ناقىس قىلىپ قويىسەن. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**إذا قمت إلى الصلاة فكبر ثم اقرأ ما تيسر معك من القرآن ثم اركع حتى تطمئن راكعا ثم ارفع حتى تعتدل قائما ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم ارفع حتى تطمئن جالسا ثم اسجد حتى تطمئن ساجدا ثم افعل ذلك في صلاتك كلها ( حم ق 3 ) عن أبي هريرة**

741. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، يۇقىرىقى ئۈچ كىتاپ، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئوخشاشتۇر، ئۆزى سەھىھ.

**إذا قمت في صلاتك فصل صلاة مودع و لا تكلم بكلام تعتذر منه و اجمع الإياس مما في أيدي الناس ( حم ه ) عن أبي أيوب**

742. ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تۇرساڭ، نامازنى ئىتائەت بىلەن، ۋىدالاشقاندەك، چىدىماي قالغاندەك ئوقۇغىن. سەن ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىغىدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلما. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزۈشكە ئىرادە باغلا، يەنى تاما قىلما. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**إذا قمتم في الصلاة فلا تسبقوا قارئكم بالركوع و السجود و لكن هو يسبقكم ( البزار ) عن سمرة**

743. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇغاندا، ئىمام بولغان قارىيدىن رۇكۇ، سەجدىلەرنى بۇرۇن قىلماڭلار. لېكىن، ئۇ سىلەردىن بۇرۇن قىلىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إذا كان اثنان يتناجيان فلا تدخل بينهما ( ابن عساكر ) عن ابن عمر**

744. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى مەخپى مۇناجات قىلىپ مۇڭدىشىۋاتسا، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالما. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

خۇددى ئۈچ ـ تۆت كىشىدىن ئايرىلىپ، ئىككى كىشىنى مەخپى سۆزلىشىشتىن توسقاندەك، مەخپى سۆزلىشىۋاتقانلار ئارىسىغا كىرىشتىنمۇ توسىدۇ.

**إذا كان أجل أحدكم بأرض أتى له حاجة إليها فإذا بلغ أقصى أثره قبضه الله إليه فتقول الأرض يوم القيامة رب هذا ما استودعتني ( ه الحكيم ك ) عن ابن مسعود**

745. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈم ئەجىلى بىرەر زىمىندا بولسا، ئۇ شۇ جايغا بىرەر ھاجەت بىلەن كېلىدۇ. يېتىپ بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئىزى، ئەسىرى يىراق چېكىگە يېتىپ بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ جېنىنى شۇ جايدا ئالىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ زىمىن، ئى رەببىم، مانا بۇ سەن ماڭا قويغان ئامانەت دەيدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم، ھەكىيملەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم صائما فليفطر على التمر فإن لم يجد التمر فعلى الماء فإن الماء طهور ( د ك هق ) عن سلمان بن

746. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار روزا تۇتقان بولسا، خورمىدا ئىپتار قىلسۇن. خورما تاپالمىسا سۇ بىلەن قىلسۇن، ھەقىقەتەن سۇ پاكلىغۇچىدۇر، پاكىزدۇر. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم فقيرا فليبدأ بنفسه فإن كان فضل فعلى عياله فإن كان فضل فعلى ذي قرابته فإن كان فضل فهاهنا و هاهنا ( حم م ن د ) عن جابر

747. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار پېقىر، يوقسۇز بولۇپ قالسا، نەپىقە چىقىم-خىراجەتلەرنى ئۆزى بىلەن باشلىسۇن. ئېشىپ قالسا ئائىلىسىگە، يەنە ئېشىپ قالسا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، يەنە ئېشىپ قالغاندا ئاندىن ئاۋۇ تەرەپ، ماۋۇ تەرەپلەرگە يەنى قوشنىلىرىغا قىلسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم في الشمس فقلص عنه الظل و صار بعضه في الظل و بعضه في الشمس فليقم( د ) عن أبي هريرة

748. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇياش سايىسىدا بولسا، سايە تارتىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بىر قىسمى سايىدا بىر قىسمى ئاپتاپتا بولۇپ قالسا قوپۇپ كەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇنىڭ ئۇخشىشىنى زەئىپ دېگەن، ئۇ ھەدىستە ئۇنداق جاي شەيتاننىڭ جايىدۇر دېيىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى بولسا سەھىھ دېدى.

إذا كان أحدكم في الصلاة فلا يرفع بصره إلى السماء أن يلتمع بصره( حم ن ) عن رجل من الصحابة

749. ساھابىلارنىڭ بىرسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازدا تۇرغاندا، كۆزى قۇيۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاسمانغا قارىمىسۇن. نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم في الصلاة فوجد حركة في دبره أحدث أو لم يحدث ؟ فأشكل عليه فلا ينصرف حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا ( د ) عن أبي هريرة

750. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئىچىدە تۇرۇپ، ئارقا تەرىپىدە (يەنى مەقئەتتە) ھەرىكەتنى، مىدىرلاشنى سەزسە، تاھارىتى سۇنغان ياكى سۇنمىغانلىقىنى بىلەلمىسە، قانداق قىلىش مۇشكۈل بولۇپ قالسا، ئاۋازنى ئاڭلىمىغىچە ياكى پۇراقنى پۇرىمىغىچە نامىزىنى داۋام قىلىپ، نامازدىن قايتمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم في المسجد فوجد ريحا بين أليتيه فلا يخرج حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا ( ت ) عن أبي هريرة

751. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىد ئىچىدە تۇرۇپ، ئىككى ساغرا، كاسىسى ئارىسىدىن يەلنى ھىس قىلسا، يەنى گۇمان قىلسا، ئاۋازنى ئاڭلىمىغىچە، پۇرىقنى تاپمىغىچە مەسجىدتىن چىقمىسۇن. تىرمىزى خاتىرلىگەن، سەھىھ.

يۇقىرىقى ھەدىس ناماز ئىچى، بۇ ھەدىس بولسا مەسجىد ئىچى.

إذا كان أحدكم في صلاة فإنه يناجي ربه فلينظر أحدكم ما يقول في صلاته و لا ترفعوا أصواتكم فتؤذوا المؤمنين ( البغوي ) عن رجل من بني بياضة

752. بەنى بىيازەت قەبىلىسىدىكى بىر ئەردىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر نامازدىكى چاغدا، رەببىڭلار بىلەن مۇناجات قىلىپ سۆزلىشىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىڭلار نامىزىدا نېمە دەۋاتقىنىغا قاراپ باقسۇن. ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن كۆتۈرمەڭلار، مۆئمىنلەرگە ئازار بېرىپ قويىسىلەر. بەغۋى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم يصلي فلا يبصق قبل وجهه فإن الله قبل وجهه إذا صلى ( مالك ق ن ) عن ابن عمر

753. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئالدىغا، يۈزى تەرەپكە تۇتۇۋالمىسۇن. چۈنكى، بەندە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاللاھ ئۇنىڭ ئالدىدا، يۈزى تەرىپىدە بولىدۇ. مالىك، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أحدكم يصلي فلا يدع أحدا يمر بين يديه و ليدرأه ما استطاع فإن أبي فليقاتله فإنما هو شيطان ( م د ن ) عن أبي سعيد

754. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئالدىدىن بىرەر كىشىنى ئۆتكىلى قويمىسۇن، قادىر بولىشىچە توسسۇن. ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ شەيتاندۇر (يەنى ئۇنىڭ قىلىقى شەيتاننىڭ قىلىقىدۇر). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا كان أحدكم يصلي فلا يدع أحدا يمر بين يديه و ليدرأه ما استطاع فإن أبي فليقاتله فإن معه القرين ( حم م ه ) عن ابن عمر

755.بۇنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، يۇقىرقى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر. لېكىن، بۇ ھەدىستە ئۇنىڭ بىلەن يەنى ئۆتمەن دېگەن كىشى بىلەن جىن ـ شەيتان بىللە ئىكەن دېگەن، سەھىھ.

إذا كان أحدكم يصلي فلا يرفع بصره إلى السماء لا يلتمع ( طس ) عن أبي سعيد

756. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ، كۆزى قۇيۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاسمانغا قارىمىسۇن، كۆزىنى ئاسمانغا كۆتۈرمىسۇن. بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) إذا كان العام المقبل صمنا يوم التاسع ( د ) عن ابن عباس

757. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاشۇرا (يەنى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10ـ كۈنى) روزا تۇتۇپ، كېلەر يىلى بولغاندا 9ـ كۈنى روزا تۇتىمىز دېگەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇھەدىستىن ئاشۇرا كۈنى مۇھەررەمنىڭ 9ـ كۈنى بولىدۇ.

( صحيح ) إذا كان الماء قلتين فإنه لا ينجس ( د ه ك ) عن ابن عمر

758. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇ ئىككى قىللەت (يەنى چوڭ ئىككى تۇڭ، بەش تۇلۇن بولسا) نەرسە چۈشۈپ كەتسە نىجىس بولمايدۇ (يەنى تەمى، پۇرىقى، رەڭگى ئۆزگەرمىسە). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان أول ليلة من شهر رمضان صفدت الشياطين و مردة الجن و غلقت أبواب النار فلم يفتح منها باب و فتحت أبواب الجنة فلم يغلق منها باب و ينادي مناد كل ليلة: يا باغي الخير أقبل و يا باغي الشر أقصر و لله عتقاء من النار و ذلك كل ليلة ( ت ه حب ك هق ) عن أبي هرير

759. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىنىڭ تۇنجى كېچىسىلا شەيتانلار، جىنلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىرى تاقاق سېلىنىپ باغلىنىدۇ. دوۋزاخنىڭ ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىپ، بىرسىمۇ ئېچىلمايدۇ. جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بىرسىمۇ يېپىلمايدۇ، قۇلۇپ سېلىنمايدۇ. ھەر كېچىسى جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ، ئى ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، ئالدىڭنى قىل؛ ئى يامانلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بولدى قىل دەيدۇ. ئاللاھ دوۋزاختىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازاد قىلىدۇ، بۇ ئىش ھەر كېچىسى بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كانت الفتنة بين المسلمين فاتخذ سيفا من خشب ( ه ) عن أهبان

760. ئەھبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە يۈز بەرسە، ياغاچتىن قىلىچ تۇتقىن (يەنى پىتنە ـ پاساتقا قاتناشما).

ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولغاچقا جەڭگە چىقماي، ئۆيدە ئىبادەت، ئىلىم بىلەن ئولتۇرغىن دېگەن بولۇپ بىر قىسىم ساھابىلار راستىنلا قىلىچنى ياغاچتىن ياساپ، تامغا ئېسىپ قويغان. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إذا كانت عند الرجل امرأتان فلم يعدل بينهما جاء يوم القيامة و شقه ساقط ( ت ك ) عن أبي هريرة

761. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئەرنىڭ ئىككى ئايالى بولسا، ئۇ كىشى بۇ ئىككى ئايال ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىسا، يەنى نەپىقە، ئۆي، كىيىم ـ كېچەك، ئۆزىنى تەقسىم قىلىشتا ئادىل بولمىسا، قىيامەت كۈنى يېرىمى يوق كېلىدۇ. (بۇنداق يېرىمى يوق كىشى جەننەتكە لايىق بولالمايدۇ) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا كان ثلاثة جميعا فلا يتناجى اثنان دون الثالث ( حم ) عن أبي هريرة

762. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بىر بولۇپ قالسا، ئارىدىن ئىككى كىشى يەنە بىر كىشىنى ئايرىپ قويۇپ، مەخپى مۇڭداشمىسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا كان ثلاثة في سفر فليؤمروا أحدهم ( هق ) عن أبي هريرة

763. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى سەپەردە بولۇپ قالسا، ئۇلار بىرىنى ئۆزىگە باشلىق قىلسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان جنح الليل فكفوا صبيانكم فإن الشياطين تنتشر حينئذ فإذا ذهب ساعة من الليل فخلوهم و أغلقوا الأبواب و اذكروا اسم الله فإن الشيطان لا يفتح بابا مغلقا و أوكوا قربكم و اذكروا اسم الله و خمروا آنيتكم و اذكروا اسم الله و لو أن تعرضوا عليه شيئا و أطفئوا مصابيحكم ( حم ق د ن ) عن جابر

764. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئوخشىشى ئۆتكەن، ئۆزى سەھىھ ھەدىستۇر. مەزمۇنى بولسا، كەچتە بالىلارنى چىقارماسلىق، ئىشىكلەرنى بىسمىللاھ دەپ تاقاش، چىنە ـ قاچا، قازانلارنىڭ ئاغزىنى، ئۈستىنى يېپىپ قويۇش.

إذا كان دم الحيض فإنه دم أسود يعرف فإذا كان ذلك فأمسكي عن الصلاة و إذا كان الآخر فتوضئي و صلي فإنما هو عرق ( د ن ك ) عن فاطمة بنت أبي حبيش ( ن ) عن عائشة

765. پاتىمە بىنتى ئەبۇ ھۇبەيش، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئاياللارغا مۇنداق دېگەن: ھەيز (يەنى ئاياللار كېسەلنىڭ قېنى) قاپقارا بولۇپ تونۇلىدۇ. شۇنداق قان تۆكۈلگەندە، نامازدىن توختاپ تۇر. ئۇ ئاخىرلىشىپ ئىستىھاز، خۇن كېسەلنىڭ قېنى كەلگەندە بولسا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ تومۇرنىڭ ئىشى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھۆكۈم ئام بولۇپ، خۇن كېسىلى بولغانلار، شۇنداقلا قان ـ يىرىڭ توختىماسلىق، سۈيدۈك توختىماسلىق قاتارلىقلار ھەربىر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيدۇ، ناماز ئىچىدە بۇ ئىشلار تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ.

إذا كان رمضان فاعتمري فيه فإن عمرة فيه تعدل حجة ( ن ) عن ابن عباس

766. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان بولغاندا ئۆمرە ھەج قىلغىن، بۇ ئايدىكى ئۆمرە ھەج پەرز ھەججگە تەڭ. نەسەئى خاتىرلىگەن، سەھىھ. ھازىر مەككىدە كېچە ـ كۈندۈز ئۆمرە ھەج قىلىنىۋاتىدۇ.

إذا كان شيء من أمر دنياكم فأنتم أعلم به و إذا كان شيء من أمر دينكم فإلي ( حم م ) عن أنس(ه) عن أنس عائشة

767. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا (يەنى دىنغا ئالاقىدار بولمىسا، ئىبادەت، ئەقىدە، ئەخلاق، ئەھكام، ھالال ـ ھاراملا، داۋا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتسىز بولسا) ئۇنىڭغا سىلەر ئالىم. دىن ئىشلىرىدىن بىرەر ئىش بولسا، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا مەن ئالىم. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان لأحدكم ثوبان فليصل فيهما فإن لم يكن إلا ثوب فليأتزر و لا يشتمل اشتمال اليهود ( د ) عن ابن عمر

768. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئىككى كىيىمى بولسا، ئۇ ئىككى كىيىمدە ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ئىشتان بىلەن تون). ئەگەر بىرلا كىيىم بولسا، ئۇنى ئىشتان قىلىپ ئەۋرىتىنى يېپىپ ناماز ئوقۇسۇن، يەھۇدىيلاردەك يۆگىنىۋالمىسۇن (يەنى پۈتۈنلەي). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا ئۆتتى.

إذا كان لأحدكم خادم قد كفاه المشقة فليطعمه فإن لم يفعل فليناوله اللقمة ( طص ) عن جابر

769. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ مۇشەققەتتىكە كۈپايە بولغۇدەك خادىمى، خىزمەتچى بولسا تائام بەرسۇن. بىرەلمىسە، ھېچ بولمىغاندا تائامدىن بىر لوقما سۇنۇپ بەرسۇن. ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان لأحدكم شعر فليكرمه ( د ) عن أبي هريرة ( هب ) عن عائشة

770. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ چېچى بولسا ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن، يۇيۇپ ـ تاراپ، پاكىز تۇتسۇن. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن، يەنى ھەسەن بولۇشى مۇمكىن.

إذا كان ليلة النصف من شعبان اطلع الله إلى خلقه فيغفر للمؤمنين و يملي للكافرين و يدع أهل الحقد بحقدهم حتى يدعوه ( هب ) عن أبي ثعلبة الخشني

771. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەئبان ئېيى تەڭ بولغان 15 ـ كېچىسى ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ قاراپ چىقىدۇ، مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كاپىرلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئاداۋەتتە، ھەقدە ـ ھەسەتتە بولغانلارنى مەغپىرەت قىلماي قويۇپ قويىدۇ، ئۇلار بۇ ئىشنى تەرك ئەتكىچە شۇنداق بولىدۇ. بەيھەقى، شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إذا كانوا ثلاثة فلا يتناج اثنان دون الثالث ( مالك ق ) عن ابن عمر

772. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بولۇپ قالسا، ئارىدىن ئىككىسى يەنە بىرىنى قويۇپ مەخپى مۇڭداشمىسۇن. مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتكەن.

إذا كانوا ثلاثة فليؤمهم أحدهم و أحقهم بالإمامة أقرؤهم ( حم م ن ) عن أبي سعيد

773. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بولسا، بىرسى ئىمام بولسۇن. ئىماملىققا لايىقراقى قۇرئانغا ئالىم بولغان قارىيراقىدۇر. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ئۈچ كىشى جامائەت ھېسابلىنىدۇ.

إذا كان يوم الجمعة قعدت الملائكة على أبواب المسجد يكتبون من جاء من الناس على قدر منازلهم فرجل قدم جزورا و رجل قدم بقرة و رجل قدم شاة و رجل قدم دجاجة و رجل قدم عصفورا و رجل قدم بيضة فإذا أذن المؤذن و جلس الإمام على المنبر طووا الصحف و دخلوا المسجد يستمعون الذكر ( حم الضياء ) عن أبي سعيد

774. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە كۈنىسى پەرىشتىلەر مەسجىد ئىشىكلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كەلگەن كىشىلەرنى مەرتىۋىسى، مەنزىلى بويىچە خاتىرىلەيدۇ. بەزى ئەر بىر تۆگە، بەزىسى بىر كالا، بەزىسى بىر قوي، بەزىسى بىر توخۇ، بەزىسى بىر قۇشقاچ، ھەتتا بىر تال تۇخۇم تەقدىم قىلغان، سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدىغانلار بار. مۇئەززىن ئەزان توۋلاپ، ئىمام مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، پەرىشتىلەر دەپتەرلەرنى قاتلاپ مەسجىدكە كىرىپ، خۇتبە، زىكرىنى ئاڭلايدۇ. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئاندىن كېيىن كەلگەنلەر جۈمئە نامىزىنى ئوقۇپ، شۇ مۇكاپاتنى ئالسىمۇ، يۇقىرىقى مۇكاپاتلاردىن مەھرۇم قالىدۇ.

إذا كان يوم الجمعة كان على كل باب من أبواب المسجد ملائكة يكتبون الناس على قدر منازلهم الأول فالأول فإذا جلس الإمام طووا الصحف و جاءوا يستمعون الذكر و مثل المهجر كمثل الذي يهدي بدنة ثم كالذي يهدي بقرة ثم كالذي يهدي الكبش ثم كالذي يهدي الدجاجة ثم كالذي يهدي البيضة ( ق ن ه ) عن أبي هريرة

775. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە كۈنىسى بولغاندا، مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ھەربىر ئىشىكىدە پەرىشتىلەر تۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە خاتىرىلەيدۇ. تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشىنى، ئاندىن كېيىنكىسىنى يازىدۇ. ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغاندا، پەرىشتىلەر دەپتەرلەرنى قاتلاپ، خۇتبە تىڭشايدۇ. تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشى بىر تۆگە، ئاندىن كېيىنكىسى بىر كالا، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قوچقار، ئاندىن بىر توخۇ، ئاندىن كېيىنكىسى بىر تۇخۇم ھەدىيە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان يوم الجمعة و ليلة الجمعة فأكثروا الصلاة علي ( الشافعي ) عن صفوان بن سليم مرسلا

776. سەفۋان ئىبنى سەلىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمئە كۈنىدە، جۈمئە كېچىسىدە ماڭا ناھايىتى كۆپ دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللاڭلار. شافىئى توپلىغان، ھەسەن.

إذا كان يوم القيامة أدنيت الشمس من العباد حتى تكون قيد ميل أو اثنين فتصهرهم الشمس فيكونون في العرق كقدر أعمالهم فمنهم من يأخذه إلى عقبيه و منهم من يأخذه إلى ركبتيه و منهم من يأخذه إلى حقويه و منهم من يلجمه إلجاما ( حم ت ) عن المقداد

777. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، قۇياش كىشىلەرگە شۇنداق يېقىن قىلىنىدۇكى، بىر ياكى ئىككى مىيىل يەنى ئىككى ئۈچ كىلومېتىر مىقداردا تۇرىدۇ. قۇياش نۇرى ئىنسانلارنى شۇنداق ئىسسىتىدۇكى، ئۇلار ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىدا تەرگە چۆمىدۇ. بەزىسى ئوشۇقىغىچە، بەزىسى تىزىغىچە، بەزىسى بېلىگىچە تەردە بولۇپ، بەزىسىنى تەر يۇگەن سالىدۇ، يەنى ئاغزىغىچە تەرگە چۆكۈپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان يوم القيامة أعطى الله تعالى كل رجل من هذه الأمة رجلا من الكفار فيقال له: هذا فداؤك من النار ( م ) عن أبي موسى

778. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئاللاھتائالا بۇ ئۈممەتنىڭ ھەربىر مۆئمىن كىشىسىگە بىردىن كاپىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ، مانا بۇ سېنىڭ دوۋزاختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان فىدىيەڭ بولىدۇ، يەنى كاپىرنى بېرىپ، ئۆزى قۇتۇلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان يوم القيامة بعث الله إلى كل مؤمن ملكا معه كافر فيقول الملك للمؤمن: يا مؤمن هاك هذا الكافر فهذا فداؤك من النار ( طب الحاكم في الكنى ) عن أبي موسى

779. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئاللاھتائالا ھەربىر مۆئمىنگە بىردىن پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ پەرىشتە بىلەن بىردىن كاپىر بىللە بولۇپ، پەرىشتە مۆئمىنگە مۇنداق دەيدۇ، ئى مۆئمىن، سەن بۇ كاپىرنى ئال! مانا بۇ سېنىڭ دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرىدىغان فىدىيەڭ، يەنى بۇنى بېرىپ، سەن قۇتۇل دەيدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان يوم القيامة شفعت فقلت: يا رب أدخل الجنة من كان في قلبه خردلة من إيمان فيدخلون ثم يقول: أدخل الجنة من كان في قلبه أدنى شيء ( خ ) عن أنس

780. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بولغاندا، مەن شاپائەت قىلىمەن، مۇنداق دەيمەن، ئى رەببىم ئاللاھ، قەلبىدە بىر تال قىچا چاغلىق ئىمان بار كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزسەم دەيمەن. ئاندىن ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قەلبىدە ئەڭ تۆۋەن كىچىك نەرسىدىنمۇ ئەڭ تۆۋەن كىچىك ئىمان بار كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزگىن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إذا كان يوم القيامة كنت إمام النبيين و خطيبهم و صاحب شفاعتهم غير فخر ( حم ت ه ك ) عن أبي بن كعب

781. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە مەن بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمام، خەتىيپ بولىمەن، ئۇلارنىڭ شاپائەت ئىگىسى بولىمەن، لېكىن پەخىرلەنمەيمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إذا كان يوم القيامة نادى مناد: من عمل عملا لغير الله فليطلب ثوابه ممن عمله له ( ابن سعد ) عن أبي سعد بن

782. ئىبنى ئەبۇ پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىسى بىر جاكارچى مۇنداق توۋلايدۇ، كىم بىرەر ئەمەلنى ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلغان بولسا، ساۋابىنى شۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن (يەنى ئاللاھ شېرىكتىن بىھاجەت، رىيا بىلەن قىلىنغان ئەمەل قوبۇل ئەمەس). ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

إذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث و لا يجهل فإن امرء شاتمه أو قاتله فليقل: إني صائم إني صائم ( مالك ق د ه ) عن أبي هريرة

783. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈندە، قەبىھ پاھىشە، سەت سۆز قىلمىسۇن، نادانلىق قىلمىسۇن. ئەگەر ئۇنى بىر ئىنسان تىللاپ، ئەيىبلىسە، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزا تۇتقۇچى، مەن روزا تۇتقان دېسۇن. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا كبر الإمام فكبروا و إذا ركع فاركعوا و إذا سجد فاسجدوا و إذا رفع رأسه من الركوع فارفعوا و إذا صلى جالسا فصلوا جلوسا أجمعين ( طب ) عن أبي أمامة

784. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام تەكبىر ئېيتىپ رۇكۇ قىلسا سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار، سەجدە قىلسا سەجدە قىلىڭلار، بېشىنى كۆتۈرسە كۆتۈرۈڭلار، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا سىلەرمۇ ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بىراق بۇ ھەدىستىكى ئولتۇرسا ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار دېگىنى بىز يۇقىرىدا دېگەندەك مەنسۇخ، يەنى ئەمەلدىن قالغان، كۆچكە ئىگە ئەمەس. كېيىن ئىمام، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، كەينىدىكى جامائەتلەر، ساھابىلەر ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، بۇ كۈچكە ئىگە. خۇددى ئايەتتىمۇ مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغىنى بولغاندەك، سەھىھ ھەدىستىنمۇ ئەمەلدىن قالغىنى بولىدۇ.

( صحيح ) إذا كره الاثنان اليمين أو استحباها فليستهما عليها ( د ) عن أبي هريرة

www.uyghurkitap.com

785. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئىككى كىشى، يەنى دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار قەسەم قىلىشنى تەڭلا ياقتۇرمىسا ياكى بىراقلا ياخشى كۆرسە، قەسەم قىلىشقا چەك تاشلاشسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا كنتم ثلاثة فلا يتناج رجلان دون الآخر حتى تختلطوا بالناس فإن ذلك يحزنه ( حم ق ت ه ) عن ابن مسعود

786. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشى بولساڭلار، كىشىلەرگە ئارىلاشمىغىچە بىرسىنى قويۇپ ئىككىسى مەخپى مۇڭداشمىسۇن. ئۇنداق قىلسا، ئۇ كىشىنى غەمگە سېلىپ قويىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا لبستم و إذا توضأتم فابدءوا بميامنكم ( د حب ) عن أبي هريرة

787. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىيىم كىيسەڭلار، تاھارەت ئالساڭلار ئوڭ تەرىپىڭلار بىلەن باشلاڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا لعب الشيطان بأحدكم في منامه فلا يحدث به الناس ( م ه ) عن جابر

788. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلار بىلەن چۈشىدە ئوينىسا، يەنى ئىھتىلام بولۇپ قالسا، بۇ چۈشنى كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا لقي أحدكم أخاه فليسلم عليه فإن حالت بينهما شجرة أو حائط أو حجر ثم لقيه فليسلم عليه د ه هب عن هريرة

789. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئۇچراشسا سالام قىلسۇن. ئەگەر ئارىلىقنى بىرەر دەرەخ ياكى تام، باغ ياكى چوڭ بىر تاش ئايرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە ئۇچراشسا يەنە سالام قىلسۇن. (يەنى، سالام قىلىشىپ، ئارقىنى ئايلىنىپ كىرسە، يەنە سالام قىلسۇن) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا لقي الرجل أخاه المسلم فليقل: السلام عليكم و رحمة الله ( ت ) عن رجل من الصحابة

790. ساھابىلاردىن بىر ئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇچراشسا مۇنداق دەپ سالام قىلسۇن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا لقيتم المشركين في الطريق فلا تبدءوهم بالسلام و اضطروهم إلى أضيقها ( ابن السني ) عن أبي هريرة

791. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولدا مۇشرىك، دىنسىزلارغا ئۇچراشساڭلار ئۇلارغا باشتا سالام قىلماڭلار، ئۇلارنى يولنىڭ تار چېتىگە قىستاڭلار. ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

بىزنىڭ بۇ قانۇنىمىزنى چۈشەنگەن دىنسىزلار ھازىر بىزنى چەتكە قىستاۋاتىدۇ، ئاللاھ بىزلەرگە ئاسان قىلسۇن، ئامىن!

إذا مات أحدكم عرض عليه مقعده بالغداة و العشي إن كان من أهل الجنة فمن أهل الجنة و إن كان من أهل النار فمن أهل النار يقال له: هذا مقعدك حتى يبعثك الله إليه يوم القيامة ( ق ت ه ) عن ابن عمر

792. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ۋاپات تاپسا، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتىكى ئورنى ئەتىگەن ـ ئاخشام تەڭلىنىپ تۇرىدۇ. جەننەت ئەھلى بولسا جەننەت، دوزاخ ئەھلى بولسا دوزاخ تەڭلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ، مانا بۇ

ئاللاھ سېنى قىيامەت كۈنى تېرىلدۈرۈپ قوپۇرىدىغان جايىڭدۇر، مەڭگۈلۈك جايىڭدۇر. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا مات الإنسان انقطع عمله إلا من ثلاث صدقة جارية أو علم ينتفع به أو ولد صالح يدعو له خد م 3عن هريرة

793. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئۆلسە بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەمىلى قالىدۇ. بىرسى، سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى يورۇپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە قىلىنغان سەدىقە) ئىككىنچىسى، ئۇ ئىنسان مەنپەئەت بەرگەن، باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم، يەنى ئوقوغۇچى بىلەن ئەسەرلەر. ئۈچىنچىسى، سالىھ، ياخشى بالا دۇئا قىلىپ تۇرسا. مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ئىسلام دىنى يولغا قويغان، رۇخسەت قىلغان، قانۇنلۇق ئىشلار بىلەن دۇئا قىلسا، مەغپىرەت سورىسا، مېيىتكە يېتىپ بارىدۇ، بولۇپمۇ بالىسى، تۇغقانلىرى سورىسا. ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ، ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار نەرسە تەييارلاڭلار.

( صحيح ) إذا مات صاحبكم فدعوه لا تقعوا فيه ( د ) عن عائشة

794. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىنداشلىرىڭلار، ھەمراھىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى جىم قويۇڭلار. تىللاپ، ئەيىبلەپ، غەيۋىتىنى قىلىپ كەتمەڭلار. (يەنى ئۇنى تىللىماڭلار، غەيۋىتىنى قىلماڭلار، بۇ ھارام ئىشتۇر) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ..

إذا مات ولد العبد قال الله تعالى لملائكته: قبضتم ولد عبدي ؟ فيقولون: نعم فيقول: قبضتم ثمرة فؤاده ؟ فيقولون: نعم فيقول: ماذا قال عبدي ؟ فيقولون: حمدك و استرجع فيقول الله تعالى: ابنوا لعبدي بيتا في الجنة و سموه بيت الحمد ( ت ) عن أبي موسى

795. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە: بەندە مېنىڭ، بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، ئۇلار شۇنداق دەيدۇ. ئاللاھ: يۈرىكىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق دەيدۇ. ئاللاھ: بەندەم نېمە دېدى؟ دەيدۇ، ئۇلار: سىلىگە ھەمد ئېيتتى، بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەپ سەۋر قىلدى دەيدۇ. ئاللاھ: بەندەمگە ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار، ئۇ ئۆينى ھەمد ئۆيى دەپ ئاتاڭلار دەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

بۇ ھەدىستىن بالىلار، ئاتا ـ ئانىلار، يېقىن تۇغقانلار، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبلار ئۆلۈپ كەتسە، يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى قىلىش، ھەمد ئېيتىش لازىم دېگەن چىقىدۇ.

إذا مر أحدكم في مسجدنا أو في سوقنا و معه نبل فليمسك على نصالها بكفه لا يعقر مسلما(ق د ه ) عن أبي موسى

796. ئەبۇ مۇسۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدىمىزدىن، بازارلىرىمىزدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوقيا بولسا، ئوقياسىنىڭ ئۇچىنى قولى بىلەن تۇتىۋالسۇن، مۇسۇلمان كىشىنى جاراھەتلەندۈرمىسۇن. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى بۇخارىدىمۇ باردۇر.

إذا مر بالنطفة اثنتان و أربعون ليلة بعث الله إليها ملكا فصورها و خلق سمعها و بصرها و جلدها و لحمها و عظامها ثم قال: يا رب أذكر أم أنثى ؟ فيقضي ربك ما شاء و يكتب الملك ثم يقول: يا رب أجله فيقول ربك ما شاء و يكتب الملك ثم يقول: يا رب رزقه فيقضي ربك ما شاء و يكتب الملك ثم يخرج الملك بالصحيفة في يده فلا يزيد على أمر و لا ينقص ( م ) عن حذيفة بن أسيد

797. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەچچىدانغا تۆكۈلگەن مەنىي (يەنى ئىسپېرمىغا) 42 كۈن ئۆتكەندە، ئاللاھ بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇنى سۈرەتكە كەلتۈرۈپ، كۆز، قۇلاق، تېرە، گۆش، سۆڭەكلىرىنى يارىتىدۇ. ئاندىن پەرىشتە، ئى رەببىم، بۇ ئوغۇلمۇ،قىزمۇ؟ دەيدۇ. رەببىڭ خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ ـ دە، پەرىشتە ئۇنى

يىبىرىلىدۇ. ئاندىن، ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئەجىلى، ئۆمرى قانچىلىك؟ دەپ سورايدۇ، رەببىڭ خالىغىنىنى ھۆكۈم قىلىدۇ ـ دە، پەرىشتە يېزىۋالىدۇ. ئاندىن رىزقى قانچىلىك؟ دەپ سورايدۇ، رەببىڭ خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ ـ دە، پەرىشتە ئۇنىمۇ يېزىۋالىدۇ. ئاندىن قولىدا بىر سەھىپە، ۋاراق بار ھالدا چىقىپ كېتىدۇ، ھېچ ئىشقا زىيادە، كام قىلىنمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇمۇ بىز ئىمان كەلتۈرىدىغان، ئەقىدە قىلىدىغان تەقدىر.

إذا مر رجال بقوم فسلم رجل من الذين مروا على الجلوس و رد من هؤلاء واحد أجزأ عن هؤلاء و عن هؤلاء ( حل ) عن أبي سعيد

798. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر توپ كىشىلەر بىرەر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۆتكۈچىلەر ئارىسىدىن بىرلا كىشى ئولتۇرغانلارغا سالام قىلسا، ئولتۇرغانلاردىنمۇ بىر كىشى سالام قايتۇرسا، ھەر ئىككى جامائەتلەرگە كۇپايە قىلىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن جامائەت ھەققىدىن بىر كىشى سالام قىلسا، يا قايتۇرسا كۇپايە بولىدۇ.

إذا مرض العبد أو سافر كتب الله تعالى له من الأجر مثل ما كان يعمل صحيحا مقيما ( حم خ ) عن أبي موسى

799. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە كېسەل بولسا ياكى سەپەر قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ساق ۋاقتىدا، مۇقىم تۇرغان ۋاقتىدا ئەمەل قىلغاندەك ئەجىر، ساۋاب يازىدۇ. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا مرض العبد قال الله للكرام الكاتبين: اكتبوا لعبدي مثل الذي كان يعمل حتى أقبضه أو أعافيه ( ش ) عن عطاء بن يسار مرسلا

800. ئەتائ ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە كېسەل بولۇپ قالسا، ئاللاھ، كىرامەن، كاتىبىنلارغا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم ئۈچۈن مەن ئۇنى ساقايتقانغا ياكى دەرگاھىمغا ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر ساق ۋاقتىدا ئەمەل قىلغاننىڭ ئوخشىشىنى يېزىڭلار. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن كېسەل، مېيىپ كىشىلەرمۇ ئەمەل قىلسا، قادىر بولۇشىچە تىرىشسا، ساق كىشىلەرگە ئوخشاش مۇكاپات ساۋاب ئالىدۇ.

إذا مشت أمتي المطيطاء و خدمها أبناء الملوك أبناء فارس و الروم سلط شرارها على خيارها( ت ) عن ابن عمر

801. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىم پەخىرلىنىپ، كىبىر قىلىپ ماڭغان چاغدا، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ باللىرى، پارىس، رۇملۇقلارنىڭ باللىرى خادىم بولۇپ خىزمەت قىلغان چاغدا، ئۇممىتىمنىڭ يامان كىشىلىرى ياخشى كىشىلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ، ھاكىم بولىۋالىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا مضى شطر الليل أو ثلثاه ينزل الله إلى السماء الدنيا فيقول: هل من سائل فيعطى ؟ هل من داع فيستجاب له ؟ هل من مستغفر فيغفر له ؟ حتى ينفجر الصبح ( م ) عن أبي هريرة

802. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ يېرىمى ياكى 2/3 قىسمى ئۆتۈپ 1/3 قالغاندا ئاللاھ دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاڭ ئاتقىچە مۇنداق دەپ تۇرىدۇ: سورىغۇچى بارمۇ؟ بېرىلىدۇ؛ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ ئىجابەت قىلىنىدۇ؛ مەغپىرەت سورىغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ئاللاھ قەتئىي مەخلۇققا ئوخشىمىغاچقا، ئەرشى ئۈستىدە تۇرۇپ، دۇنيا ئاسمىنىدا ھەم تۇرۇپ، بىزلەر بىلەنمۇ بىللە تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشىدۇ. چۈشۈۋېتىپ ئۈستىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا چۈشۈۋاتقاندا ئاسماندا ھەم بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ چۈشىدۇ، چىقىپ كېتىدۇ، يەنىلا ئاسماندىن يوقاپ كەتمەيدۇ. بۇ ئەھۋاللار بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، ئوخشىشى يوق.

ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق. جىبرىئىل ئۇنداق قىلالمايدۇ، چۈشىسە ئۈستىدىن يوقايدۇ، چۈشۈشتىن بۇرۇن يوق ئىدى، كەتسە ھەم يوقايدۇ. بۇ مەخلۇقنىڭ سۈپىتى، ئەمما ئاللاھ خالىق، ياراتقۇچى، ئوخشىشى يوق زات بولۇپ، ئەرشى ئۈستىدە بولۇشى بىلەن بىز بىلەن بىللە بولۇشى، ئاسمانغا چۈشۈشى زىت كەلمەيدۇ، تاقىشىپ قالمايدۇ. ئۇ ھەممە جايدا بار، بىرلا ۋاقىتتا ئەرشىدە، ئاسماندا ھەم بىز بىلەن بىللە بولالايدۇ. ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەي تۇرۇپ ئاسمانغا چۈشەلەيدۇ، چۈشكەندىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. ئەرشىدە، ئاسماندا چۈشۈش ئارىلىقىدا بىز بىلەن بىللە بولۇشىدا بىرلا ۋاقىتتا بىللە بولالايدۇ. قايانغا قارىساڭلار ئاللاھ شۇ تەرەپتە، ئوخشىشى يوق. ئۇ خالىق، ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن، بىللە تۇرۇپ چۈشىدۇ، چىقىدۇ، كېلەلەيدۇ، كېتەلەيدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ. سىز ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشاتماڭ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى، ساھابىلار، تابىئىنلار دېگەندەك دەڭ، سۈكۈت قىلسا سۈكۈت قىلىڭ. چۈشۈش مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

إذا نادى المنادي فتحت أبواب السماء و استجيب الدعاء ( ع ك ) عن أبي أمامة

803. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئەزان توۋلىغاندا، ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دۇئا ئىجابەت بولىدۇ. ھاكىم، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إذا نام أحدكم و في يده ريح غمر فلم يغسل يده فأصابه شيء فلا يلومن إلا نفسه ( ه ) عن أبي هريرة

804. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ بىرىڭلار قولىدا گۆشنىڭ ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ يۇقى بار، كىر ھالەتتە ئۇخلاپ قالسا، يۇمىغاندىكىن ئۇنىڭغا بىرەر بالا، كېسەل يېتىپ قالسا، باشقىلارنى ئەمەس ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئۆزىگە تاپا ـ تەنە، مالامەت قىلسۇن. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

إذا نزل أحدكم منزلا فليقل: أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق فإنه لا يضره شيء حتى يرتحل عنه ( م ) عن خولة بنت حكيم

805. خەۋلەت بىنتى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر جايغا چۈشكەندە «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى بىلەن يەنى قۇرئان بىلەن ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېسە، شۇ جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىگىچە ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن قۇرئان مەخلۇق ئەمەس. چۈنكى، مەخلۇق بىلەن پاناھ تىلەنمەيدۇ. خالىقمۇ ئەمەس، خالىق، ياراتقۇچى پەقەت بىر ئاللاھدۇر، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ سۈپىتىدۇر.

إذا نسي أحدكم اسم الله على طعامه فليقل إذا ذكر: باسم الله أوله و آخره ( ع ) عن امرأة

806. مەلۇم بىر ئايال رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار تاماق يېگەندە، بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئىسىگە كەلگەندە مۇنداق دېسۇن، بىسمىللاھ ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ (يەنى، باشتىن ـ ئاخىر ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يەيمەن) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إذا نسي أحدكم صلاة أو نام عنها فليصليها إذا ذكرها ( ت ) عن أبي قتادة

807. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامازنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى ئۇنىڭدىن ئۇخلاپ قالسا، ئىسىگە كەلگەندىلا ئوقۇۋالسۇن. تىرمىزى خاتىرلىگەن، سەھىھ.

إذا نظر أحدكم إلى من فضل عليه من المال و الخلق فلينظر إلى من هو أسفل منه ( حم ق ) عن أبي هريرة

808. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مال جەھەتتىن، چىراي، گۈزەللىك، ئەخلاق جەھەتتىن ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىگە قارىغاندا، دەرھال ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە قارىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(شۈنداق قىلسا، تۆزكور بولماستىن شۈكرى قىلىدۇ)

إذا نعس أحدكم و هو في المسجد فليتحول من مجلسه ذلك إلى غيره ( د ت ) عن ابن عمر

809. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەسجىدتە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالسا، دەرھال ئۇ جايدىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا نعس أحدكم و هو يصلي فليرقد حتى يذهب عنه النوم فإن أحدكم إذا صلى و هو ناعس لا يدري لعله يذهب يستغفر فيسب نفسه ( مالك ق د ت ه ) عن عائش

810. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالسا، ئۇيقۇسى كەتكەنگە قەدەر ئۇخلىۋېلىپ، ئاندىن ئوقۇسۇن. چۈنكى، بىرىڭلار مۈگدىگەن ھالەتتە ناماز ئوقۇسا، بىلمەستىن مەغپىرەت سورايمەن دەپ، ئۆزىنى تىللاپ، ئەيىبلەپ سېلىشى مۇمكىن. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا نعس أحدكم و هو يصلي فلينصرف فلينم حتى يعلم ما يقول ( حم خ ن ) عن أنس

811. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالسا، قايتىپ بېرىپ، نېمە دېگىنىنى بىلگىدەك بولغانغا قەدەر ئۇخلىۋالسۇن، ئاندىن ئوقىسۇن. بۇخارى، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إذا نعس أحدكم يوم الجمعة فليتحول إلى مقعد صاحبه و ليتحول صاحبه إلى مقعده ( هق الضياء ) عن سمرة

812. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمە كۈنى مۈگدەپ قالسا، يېنىدا ئولتۇرغان ھەمراھىنىڭ ئورنىغا يۆتكەلسۇن، ئۇ ھەمراھى بۇنىڭ ئورنىغا يۆتكەلسۇن. بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ ھەدىستۇر. كىتابنىڭ ئاپتورى ئىمام سۇيۇتى بىلەن ئەلبانى. شۇنداقلا سەھىھ، ھەسەن دېگىنىمۇ ئەلبانى.

إذا نعس الرجل و هو يصلي فلينصرف لعله يدعو على نفسه و هو لا يدري ( ن حب ) عن عائشة

813. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالسا، نامىزىدىن قايتسۇن، توختاتسۇن. ئۇ بىلمەستىن ئۆزىگە قارشى دۇئا قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى ۋە بۇ ھەدىستىكى ناماز كېچىدىكى نەپلە نامازدۇر.

إذا نكح العبد بغير أذن مولاه فنكاحه باطل ( د ) عن ابن عمر

814. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز توي قىلسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىلدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا نمتم فأطفئوا المصباح فإن الفأرة تأخذ الفتيلة فتحرق أهل البيت و أغلقوا الأبواب و أوكئوا الأسقية و خمروا الشراب ( طب ك ) عن عبدالله بن سرجس

815. ئابدۇللاھ ئىبنى سىرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلىغاندا چىراقنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار. چۈنكى، چاشقان پىلىكنى ئېلىپ ئوتنى يۇمۇلىتىپ، ئۆي ئەھلىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئىشىكلەرنى بىسمىللاھ دەپ تاقاڭلار، تۇلۇم، چېلەك،

قاچا، قازانلارنىڭ ئاغزىنى يېپىڭلار. شارابلارنى، سۇلارنى، ھەتتا يىمەكلىكلەرنىمۇ يېپىپ قويۇڭلار. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تازىلىق ھەر جەھەتتىن پاكىزلىككە بۇيرۇشتۇر.

إذا نمتم فأطفئوا سرجكم فإن الشيطان يدل مثل هذه على هذا فيحرقكم ( د حب ك هب ) عن ابن عباس

816. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلىساڭلار چىرىقىڭلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار. چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بۇنىڭغا كۆرسىتىپ، سىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ (يەنى چاشقان ۋە باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ ئوتقا كۆرسىتىپ قويىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا نودي بالصلاة أدبر الشيطان و له ضراط حتى لا يسمع التأذين فإذا قضي النداء أقبل حتى إذا ثوب بالصلاة أدبر حتى إذا قضي التثويب أقبل حتى يخطر بين المرء و نفسه يقول: اذكر كذا و اذكر كذا لما لم يكن يذكر حتى يظل الرجل لا يدري كم صلى ( مالك ق د ن ) عن أبي هريرة

817. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، شەيتان ئوسۇرۇپ قويغان ھالدا، ئەزاننى ئاڭلىمىغىچە قاچىدۇ. ئەزان تۈگىگەندە، يەنە كېلىدۇ، تەكبىر ئېيتىلغاندا يەنە قاچىدۇ. تەكبىر ئاخىرلاشقاندا يەنە كېلىپ، ئىنسانىنىڭ نەپسىگە، كۆڭلىگە ئۇ ئەسلەپ باقمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇنى ئەسلە، بۇنى ئەسلە دەپ خۇتىر ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى نەچچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن شەيتان پەقەت نامازدىلا چېكى تۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىشى، بارلىق نەرسىلەرنى ئەسلىتىپ، ئازدۇرۇشى چىقىپ تۇرىدۇ. بىز يۇقىرىدا بۇ خىل ئەھۋالدا ئىككى سەجدە قىلىشنى سۆزلىدۇق.

إذا نودي بالصلاة فتحت أبواب السماء و استجيب الدعاء ( الطيالسي ع الضياء ) عن أنس

818. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دۇئالار ئىجابەت بولىدۇ. تەيالىسى ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسىلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا نهق الحمار فتعوذوا بالله من الشيطان الرجيم ( طب ) عن صهيب

819. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېشەك ھاڭرىغاندا، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتان رەجىمدىن (يەنى لەنەت قىلىنغان، رەھمەتتىن يىراق قوغلانغان شەيتاندىن) پاناھ تىلەڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا وجد أحدكم ألما فليضع يده حيث يجد ألمه و ليقل سبع مرات: أعوذ بعزة الله و قدرته على كل شيء من شر ما أجد ( حم طب ) عن كعب بن مالك

820. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بەدىنىدە كېسەل ئازابىنى، ئەلەمنى تاپسا، شۇ جايغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، يەتتە قېتىم مۇنداق دېسۇن، «ئەئۇزۇبىئىززەتىللاھى ۋە قۇدرەتىھى ئەلا كۇللى شەيئىن مىن شەررى ما ئەجدۇ» تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ئىززىتى، غالىپلىقى، ھەر نەرسىگە قادىرلىقى، قۇدرىتى بىلەن مەن تاپقان، ھېس قىلغان نەرسىنىڭ يەنى مۇشۇ كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. (يەتتە قېتىم دېسە، بۇ ئىشنى ھەم تاق قىلسا، شىپا تاپقۇسى) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، تەجرىبىدىن ئۆتتى.

إذا وجد أحدكم ذلك يعني المذي فلينضح فرجه و ليتوضأ وضوءه للصلاة مالك حم ه حب ) عن المقداد بن الأسود

821. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سۇنى، يەنى شەھۋەتتە كېلىدىغان مەزىي سۇنى تاپسا، ئەۋرىتىنى

يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالسۇن. مالىك، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا وجد أحدكم في بطنه شيئا فأشكل عليه أخرج منه شيء أم لا ؟ فلا يخرجن من المسجد حتى يسمع صوتا أو يجد ريحا ( م ) عن أبي هريرة

822. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قورسىقىدا بىرەر نەرسە تاپسا، يەنى كوركىرىغان ئاۋازنى ھېس قىلسا، بىرەر نەرسە چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى بىلىشتە مۇشكۈل بولسا، ئاۋازنى ئاڭلىمىغىچە، پۇراقنى پۇرىمىغىچە مەسجىدتىن چىقىپ كەتمىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا وجد أحدكم في صلاته رزا فلينصرف فليتوضأ ( طس ) عن ابن عمر

823. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا تۇرۇپ، ئاۋازنى ئاڭلىسا (يەنى، قورسىقىنىڭ غولدۇرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، تاھارىتى قىستىسا) نامازدىن قايتىپ بېرىپ، تاھارەت ئالسۇن. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن گەرچە تاھارەت سۇنمىسمۇ، بىرەر نەرسە چىقمىسمۇ، تاھارەت ئېلىش ۋاجىپ بولمىسمۇ، تاھارەتنىڭ قىستىشى ياخشى ئەمەس.

( صحيح ) إذا وجدت المرأة في المنام ما يجد الرجل فلتغتسل ( سمويه ) عن أنس

824. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى چۈشىدە ئەر كىشى تاپقاننى تاپسا، (يەنى ئىھتىلام بولۇپ، مەنىي سۈيىنى كۆرسە) غۇسلى قىلسۇن، يۇيۇنسۇن. سەمۇيىە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا وزنتم فأرجحوا ( ه الضياء ) عن جابر

825. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىڭلاپ بەرسەڭلار ۋەزنىدە ئېغىرراق بېرىڭلار. ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا وسد الأمر إلى غير أهله فانتظر الساعة ( خ ) عن أبي هريرة

826. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىش ئىش ئەھلىنىڭ غەيرىگە تاپشۇرۇلغاندا، (يەنى ئىلىم، خەلىپىلىك، ھاكىملىق، ۋالىيلىق، قازىيلىق، بۇ ئىشلارنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشلەرگە تاپشۇرۇلغاندا) قىيامەتكە ئىنتىزار بول، قىيامەتنى كۈتكىن. ئىمام بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إذا وضع أحدكم بين يديه مثل مؤخرة الرحل فليصل و لا يبال من مر وراء ذلك ( م ت ) عن طلحة

827. تەلھەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئالدىغا جابدۇق، كاجۇ، ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك نەرسە قويۇپ ناماز ئوقۇۋەرسۇن. شۇ نەرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتكەن كىشىگە پەرۋا قىلمىسۇن، يەنى نامازنى بۇزالمايدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا وضع السيف في أمتي لم يرتفع عنها إلى يوم القيامة ( ت ) عن ثوبان

828. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە ئارىسىغا قىلىچ قويۇلۇپ قالسا، يەنى ئۆزئارا جەڭ بولسا، قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ، يەنى ئۆزئارا جەڭ توختىمايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا وضع الطعام فخذوا من حافته و ذروا وسطه فإن البركة تنزل في وسطه ( ه ) عن ابن عباس

829. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام قويۇلسا چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىنى قالدۇرۇڭلار. چۈنكى، بەرىكەت ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إذا وضعت الجنازة و احتملها الرجال على أعناقهم فإن كانت صالحة قالت: قدموني و إن كانت غير صالحة قالت لأهلها: يا ويلها أين تذهبون بها ؟ يسمع صوتها كل شيء إلا الإنسان و لو سمعها الإنسان لصعق ( حم خ ن ) عن أبي سعيد

830. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازا قويۇلۇپ، ئۇنى ئەرلەر مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مېيىت ياخشى كىشى بولسا مۇنداق دەيدۇ، مېنى تېزراق ئاپىرىڭلار. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەھلىگە ۋاي، ماڭا ۋايجان، قەيەرگە ئاپىرىسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنساندىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ئاڭلايدۇ، ئەگەر ئىنسان ئاڭلاپ قالسا شۇ جايدا دەرھاللا ئۆلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ بىزلەرنى ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىدىغان، ياخشى كىشىلەردىن قىلسۇن، ئامىن!

إذا وضع عشاء أحدكم و أقيمت الصلاة فابدءوا بالعشاء و لا يعجل حتى يفرغ منه ( حم ق د ) عن ابن عمر

831. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەچلىك تائام قويۇلغاندا نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا، تائام بىلەن باشلاڭلار، تائامدىن بىكار بولمىغۇچە ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إذا وضعتم موتاكم في قبورهم فقولوا: بسم الله و على سنة رسول الله ( حم حب طب ك هق ) عن ابن عمر

832. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتلارنى قەبرىلىرىدە قويغاندا مۇنداق دەڭلار «بىسمىللاھى ۋەئەلا سۈننەتى رەسۇلۇللاھ» (يەنى، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن قويىمەن) دېسۇن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إذا وطئ الأذى أحدكم بنعله فإن التراب له طهور ( د ) عن أبي هريرة وعائشة

833. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئايىغى بىلەن نىجاسەتكە دەسسەپ سالسا، ھەققەتەن توپا ئۇنى پاكلىغۇچىدۇر. (يەنى توپىغا سۈركىۋەتسۇن، ئاستى تۈز بولساشۇنداق) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا وطئ الأذى بخفيه فطهورهما التراب ( د ك ) عن أبي هريرة

834. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئۆتۈك بىلەن نىجاسەتكە دەسسەپ سالسا، ئۇ ئۆتۈكنى تۇپراق، توپا پاكلىغۇچىدۇر. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا وقع الذباب في إناء أحدكم فليغمسه فإن في أحد جناحيه داء و في الآخر شفاء و إنه يتقي بجناحه الذي فيه الداء فليغمسه كله ثم لينزعه( د حب ) عن أبي هريرة

835. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، چىۋىننى چۆمدۈرۈۋەتسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، بىر قانىتىدا شىپالىق بار، ئۇ كېسەل بار قانىتى بىلەن قوغدىنىدۇ. پۈتۈنلەي چۆمدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تاشلىۋەتسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إذا وقع الذباب في إناء أحدكم فليمقله فيه فإن في أحد جناحيه سما و في الآخر شفاء و إنه يقدم السم و يؤخر الشفاء ( حم ن ك ) عن أبي سعيد

836. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر قانىتىدا زەھەر، يەنە بىر قانىتىدا شىپالىق بار. ئۇ زەھەرنى بۇرۇن قىلىپ، شىپانى كېيىن قىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إذا وقع الذباب في شراب أحدكم فليغمسه ثم ليترعه فإن في أحد جناحيه داء و في الآخر شفاء( خ ه عن أبي هريرة

837. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ شارابقا، ئىچىملىككە چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆمدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر قانىتىدا كېسەل، يەنە بىر قانىتىدا شىپا باردۇر. بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بەكلا سەھىھ.

بۇ ھەدىس ھازىر مۆجىزە بولۇپ قالدى، راستلا زەھەر بىلەن شىپا چىقتى. چىۋىننىڭ ئەقلى، پەمى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىلھام 4000 كۆز قاتارلىقلار بايقالدى.

( صحيح ) إذا وقعت الحدود و صرفت الطرق فلا شفعة ( ت ) عن جابر

838. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەلگىلىمە، چەك ـ چېگرا چۈشسە، يوللار سەرپ ئېتىلسە، يەنى تەقسىم قىلىنىپ بولسا، شۇپئەت بولمايدۇ. (يەنى، يېقىن قوشنا، شېرىك، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بۇرۇن سېتىۋېلىش، باھادا ئەرزان ئېلىۋېلىش ھوقۇقلىرى تۈگەيدۇ) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ولج الرجل بيته فليقل: اللهم إني أسألك خير المولج و خير المخرج باسم الله ولجنا و باسم الله خرجنا و على الله ربنا توكلنا ثم يسلم على أهله ( د طب ) عن أبي مالك الأشعري

839. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئۆيىگە كىرسە مۇنداق دېسۇن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن كىرىدىغان، چىقىدىغان جايىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىردۇق، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمىز، پەرۋەردىگارىمىز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدۇق دەپ ئاندىن ئەھلىگە سالام قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ولغ الكلب في الإناء فاغسلوه سبع مرات و عفروه الثامنة بالتراب ( حم م د ن ه ) عن عبدالله بن مغفل

840. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىت قاچىنى يالاپ قويسا ياكى بىر تەرىپىدىن تىلى بىلەن سۇ ئىچىپ قويسا، يەتتە قېتىم يۇيۇپ، سەككىزىنچىسىدە توپا بىلەن تاتىلاپ يۇيۇڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إذا ولغ الكلب في إناء أحدكم فليرقه ثم ليغسله سبع مرات ( م ن ) عن أبي هريرة

841. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدا ئىت سۇ ئىچىپ قويسا، ئۇنى تۆكۈۋېتىپ، ئاندىن قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيسۇن. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ولغ الكلب في إناء أحدكم فليغسله سبع مرات ( ن ه ) عن أبي هريرة ( ه ) عن ابن عمر(البزار عن ابن عباس

842. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۈرەيرەدىن، ئىبنى ماجە ھەم ئىبنى ئۆمەردىن، بەزار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىسىغا ئوخشاشتۇر، ئۆزى سەھىھ.

إذا ولغ الكلب في إناء أحدكم فليغسله سبع مرات أولاهن بالتراب ( حم ن ) عن أبي هريرة

843. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ قويسا، سۇ ئىچىپ قويسا، يەتتە قېتىم يۇيسۇن. ئەلارافى، توپا بىلەن قۇملاپ يۇيسۇن. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إذا ولي أحدكم أخاه فليحسن كفنه ( حم م د ن ) عن جابر ( ت ه ) عن أبي قتادة

844. جابىر ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ كېپەنلىكىنى ياخشى قىلسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

إذا ولي أحدكم أخاه فليحسن كفنه فإنهم يبعثون في أكفانهم و يتزاورون في أكفانهم ( سمويه عق خط ) عن أنس

845. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئىگە بولسا، ئۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ كېپەنلىكىنى ياخشى قىلسۇن. چۈنكى، ئۇلار كېپەنلىكلىرى ئىچىدە تىرىلىپ قوپىدۇ، كېپەنلىكلىرى بىلەن زىيارەت قىلىشىدۇ. سەمۇيىھ ئۇقەيلى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن، بەلكىم، ھەسەن سەھىيدۇر.

إذا هلك كسرى فلا كسرى بعده و إذا هلك قيصر فلا قيصر بعده و الذي نفسي بيده لتنفقن كنوزهما في سبيل الله ( حم ق ) عن جابر بن سمرة ( حم ق ت ) عن أبي هريرة

846. جابىر ئىبنى سەمۇرەت، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىسرا ھالاك بولۇپ تۈگەشسە، ئۇنىڭدىن كېيىن كىسرا بولمايدۇ؛ قەيسەر ھالاك بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر بولمايدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى سىلەر چوقۇم نەفقە، خىراجەت قىلىپ خەجلەيسىلەر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

كىسرا دېگەن پارىسلارنىڭ پادىشاھىنىڭ لەقىمى؛ قەيسەر بولسا، رۇملارنىڭ پادىشاھىنىڭ لەقىمى. خان، خاقان، تۈركلەرنىڭ بۇنداق تارىخى مۆجىزىلىك ھەدىسلەر كۆپ بولۇپ، مەڭگۈ مۆجىزە بولۇۋاتىدۇ.

إذا هم أحدكم بالأمر فليركع ركعتين من غير الفريضة ثم ليقل: اللهم إني أستخيرك بعلمك و أستقدرك بقدرتك و أسألك من فضلك العظيم فإنك تقدر و لا أقدر و تعلم و لا أعلم و أنت علام الغيوب اللهم فإن كنت تعلم هذا الأمر و تسميه باسمه خيرا لي في ديني و معاشي و عاقبة أمري فاقدره لي و يسره لي ثم بارك لي فيه اللهم و إن كنت تعلمه شرا لي في ديني و معاشي و عاقبة أمري فاصرفني عنه و اصرفه عني و اقدر لي الخير حيث كان ثم رضني به ( حم خ 4 ) عن جابر

847. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىرەر ئىشقا مەقسەت قىلسا، پەرزدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇنداق دېسۇن، «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىنىڭ ئىلىملىرى بىلەن ياخشىلىق سورايمەن، قۇدرەتلىرى بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت سورايمەن، ئۇلۇغ پەزلىلىرىنى سورايمەن. ھەقىقەتەن سىلى قادىر، مەن قادىر ئەمەس، ئاجىز. سىلى بىلىلا، مەن بىلمەيمەن، سىلى غەيبنى بىلگۈچى.» ئاندىن شۇ ئىشنى ئېنىق ئىسمىنى ئاتاپ يەنە مۇنداق دېسۇن «ھەقىقەتەن سىلى بىلىپ تۇرىلا، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن دىنىمدا، دۇنيادىكى، تۇرمۇشۇمدىكى ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىدە ياخشى بولسا، بۇ ئىشنى مەن ئۈچۈن تەقدىر قىلىپ، ئاسان قىلىپ، بەرىكەت بەرسىلە. ئى ئاللاھ، سىلى بىلىپ تۇرىلا، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن دىنىمدا، تۇرمۇشۇمدا، ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىدە يامان بولسا، مېنى بۇ ئىشتىن، بۇ ئىشنى مەندىن يىراق چۆرۈۋەتسىلە. مەن ئۈچۈن ياخشىلىق قەيەردە بولسا، تەقدىر قىلىپ، ئاندىن شۇ ياخشىلىق سەۋەبىدىن مەندىن رازى بولسىلا» دېسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئىستىخارە نامىزى.

اذبحوا لله في أي شهر كان و بروا لله و أطعموا ( د ن ه ك ) عن نبيشة

848. نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى ئاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئۈچۈنلا بوغۇزلاڭلار، ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق قىلىپ تائام بېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ نىڭ غەيرىگە بوغۇزلاش، قان قىلىشلار شېرىك ئەقىيدىدۇر.

اذكر الموت في صلاتك فإن الرجل إذا ذكر الموت في صلاته لحري أن يحسن صلاته و صل صلاة رجل لا يظن أنه يصلي صلاة غيرها و إياك و كل أمر يعتذر منه ( فر ) عن أنس وحسنه ابن حجر وهو نادر في مفاريد مسند الفردوس فإن أكثرها ضعاف

849. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامىزىڭدىمۇ ئۆلۈمنى ئەسلىگىن. چۈنكى، كىشى نامىزىدا ئۆلۈمنى ئەسلىسە، نامىزىنى ياخشى ئوقۇشقا ئىشەنچ قىلالايدۇ. سەن شۇنداق بىر كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغىنكى، ئۇ ئۆز نامىزىدىن باشقا بىر نامازنى ئوقۇغانلىقىنى گۇمان قىلمايدۇ، (يەنى نامىزىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، جەزم قىلىپ ئوقۇغىن، ھېچقانچە ناماز ئوقۇمىغاندەك نامازنى كۆپ ئوقۇغىن) ئۆزرە ئېيتقىلى سالىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلغىن. دەيلىمى پىردەۋس دېگەن كىتابىدا توپلىغان، ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىلا ھەسەن دېگەن. چۈنكى، ئۇ كىتابىنىڭ كۆپىنچە ھەدىسلىرى زەئىپ بولۇپ، بۇ ھەدىس ئەڭ ياخشىسى ئىكەن، ئەلبانىيمۇ ھەسەن دېگەن.

أذن في الناس أن من كان أكل فليصم بقية يومه و من لم يكن أكل فليصم فإن اليوم يوم عاشوراء ( حم ق ن ) عن سلمة بن الأكوع ( م ) عن الربيع بنت معوذ

850. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ، رەبىيئ نىبتى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە مۇنداق ئېلان قىل، كىم بۈگۈن روزا تۇتماي يېگەن بولسا، كۈننىڭ قالغىنىدا يېمەي تۇرسۇن؛ كىم بۈگۈن يېمەي روزا تۇتقان بولسا، ئۇ روزىسىنى تۇتىۋەرسۇن. چۈنكى، بۈگۈن ئاشۇرا (يەنى، مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنىدۇر)

(بىز يۇقىرىدا بۇندىن كېيىن توققۇزىنچى كۈنى تۇتۇشنى سۆزلىدۇق) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أذن في الناس أنه من شهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له مخلصا دخل الجنة ( البزار ع ) عن عمر

851. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە مۇنداق جاكارلىغىنكى، كىم ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يالغۇز بىرلا، شېرىكى يوق دەپ ئىخلاس قىلىپ گۇۋاھلىق بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ. بەزار، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إذنك علي أن يرفع الحجاب و أن تستمع لسوادي حتى أنهاك ( حم م ه ) عن ابن مسعود

852. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنىڭ مەندىن ئىزنى، سېنىڭ ئىشىك پەردىسىنى كۆتۈرۈۋېشىڭدۇر، يەنى كىرىۋەر. شۇنداقلا مېنىڭ مەخپى سىرلىرىمنى ئاڭلاۋەرگىن، بۇ ئىش مەن سېنى توسقانغا قەدەر شۇنداق. مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أذن لي أن أحدث عن ملك من حملة العرش رجلاه في الأرض السفلى و على قرنه العرش و بين شحمة أذنيه و عاتقه خفقان الطير سبعمائة عام يقول ذلك الملك سبحانك حيث كنت ( طس ) عن أنس

853. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتە توغرىسىدا سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇ پەرىشتىنىڭ ئىككى پۇتى ئەڭ تۆۋەندىكى زىمىندا، ئەرش ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى بىر قۇشنىڭ 700 يىل ئۇچقان مۇساپىسىدەك كېلىدۇ. شۇ پەرىشتە مۇنداق دەپ تۇرىدۇ،

قەيەردە بولۇشلىرىدىن قەتئىينەزەر سىلى پاك، ياكى قەيەردە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر سىلى ھەممىدىن پاك. ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

أذن لي أن أحدث عن ملك من ملائكة الله تعالى حملة العرش ما بين شحمة أذنه إلى عاتقه مسيرة سبعمائة سنة ( د الضياء ) عن جابر

854.جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەرشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلىرىدىن بىر پەرىشتە توغرىسىدا سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى 700 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أذهب الباس رب الناس اشف أنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما ( حم د ه ) عن ابن مسعود ( حم ه ) عن عائشة

855. ئىبنى مەسئۇد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئازاب ـ ئەلەملەرنى يوق قىلسىلا، شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شاپىي، شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، سىلىنىڭ شىپالىقلىرى ھېچبىر كېسەلنى قويماي ساقايتىۋېتىدۇ.» ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اذهبا و توخيا ثم استهما ثم اقتسما ثم ليحلل كل واحد منكما صاحبه ( ك ) عن أم سلمة

856. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككىڭلار بىربىر ھەققى ئىزدەڭلار، ئاندىن چەك تاشلاڭلار، ئاندىن قەسەم قىلىشىڭلار، تەقسىم قىلىشىڭلار، ئاندىن ھەربىرىڭلار ھەمراھىڭدىن رازىلىق تەلەپ قىلسۇن. (بۇ سۆزنى ئىككى دەۋاگەرگە دېگەن) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اذهب بنعلي هاتين فمن لقيت من وراء هذا الحائط يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا بها قلبه فبشره بالجنة ( م ) عن أبي هريرة

857. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى ئايىغىمنى ئېلىپ بىربىر ئىسپات قىلغىنىكى، مۇشۇ باغنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ چىن قەلبىدىن شەكسىز ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىگە ئۇچراشساڭ، ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن بىشارەت بەرگىن. (بۇ ئۆزۈن ھەدىستىن ئېلىنغان ھەدىستۇر) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى ئەمەل قىلىشقا يۈلىنىۋالماسلىققا ماقۇل كەلگەن.

( حسن ) اذهب فاغتسل بماء و سدر و ألق عنك شعر الكفر ( طب ) عن واثلة

858. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ھەج پائالىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بېرىپ سۇ بىلەن سەدرى دېگەن دەرەخنىڭ كىر ئالىدىغان قۇلىقى (يەنى سوپۇن) بىلەن يۇيۇنۇپ، بۇ جۇۋاڭنى سېلىۋەتكىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اذهب فانظر إليها فإنه أحرى أن يؤدم بينكما ( حم قط ك هق ) عن أنس ( حم ه قط طب هق ) عن المغيرة بن

859. ئەنەس مۇغەيرەت ئىبنى سۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىگە مۇنداق دېگەن: نىكاھلاپ ئالىدىغان ئايالغا بىربىر قاراپ باققىن، شۇنداق قىلىش ئاراڭلاردىكى مۇھەببەتكە، ئىتتىپاقلىققا، ئۇنىسى ئۆلپەتكە پايدىلىق. ئەھمەد، دارىقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اذهب فإن في البيت ثلاثة منهم غلام قد صلى فخذه و لا تضربه فإنا قد نهينا عن ضرب أهل الصلاة ( هب ) عن أبي أمامة

860. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بارغىن، بۇ ئۆيدە ئۈچ كىشى بار، بىرسى ناماز ئوقۇيدىغان غولام، ئۇنى تۇتۇپ كەل، لېكىن ئۇرما. بىز ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى ئۇرۇشتىن چەكلەنگەن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھكە يېقىن، ھەسەن.

( حسن ) اذهب فقد ملكتكها بما معك من القرآن ( ق ن ) عن سهل بن سعد

861. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى بېرىپ، مۇنداق دېگەن: بارغىن، سىنى مەن بۇ ئايالغا سەندە بار بولغان يەنى سەن يادا بىلىدىغان قۇرئاننىڭ باراۋىرىگە ئىگە قىلدىم. يەنى، قۇرئان سۈرىسى ئۆگىتىپ قويۇش توپلۇق مېھرى بولدى. نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اذهبوا إلى صاحبكم فأخبروه أن ربي قد قتل ربه الليلة – يعني كسرى – ( أبو نعيم ) عن دحية

862. دىھيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پارىسلار پادىشاھى كىسرانىڭ ئەلچىلىرىگە مۇنداق دېگەن: ساھىبىڭلارنىڭ يەنى ۋالى، باشلىقىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار. ئۇنىڭغا مىنىڭ رەببىم ئاللاھ خوجايىنىڭلار كىسرانى بۈگۈن كېچە ئۆلتۈرگىنىنى خەۋەر قىلىڭلار. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ چىققان، سەھىھ.

اذهبوا بهذا الماء فإذا قدمتم بلدكم فاكسروا بيعتكم و انضحوا مكانها من هذا الماء و اتخذوها مسجدا ( حم حب ) عن طلق بن علي

863. تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگەن بىر ئەلچىلەرگە مۇنداق دېگەن: بۇ سۇنى ئېلىپ بېرىپ شەھرىڭلارغا بارغاندا چېركاۋ، ئىبادەتخاناڭلارنى چېقىۋېتىپ، ئورنىغا بۇ سۇنى سېپىڭلار، ئاندىن ئۇ جاينى مەسجىد قىلىڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

اذهبوا بهذه الخميصة إلى أبي جهم بن حذيفة و أتوني بأنبجانيته فإنها ألهتني آنفا في صلاتي ق د ن ه ) عن عائشة

864. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ كۆڭلەكنى ئەبۇ جەھمگە ئاپىرىپ بېرىپ، ماڭا ئۇنىڭ بەلگىلىرى يوق كاسايا كۆڭلىكىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار. بۇ كۆڭلەك باياتىن مېنى نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويدى، يەنى دىققىتىمنى چېچىۋەتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەسلى ئەبۇ جەھمى ئۇ كۆڭلەكنى ھەدىيە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىغا ئالماشتۇردى.

اذهبوا به – يعني بأبي قحافة – إلى بعض نسائه فليغيره بشيء و جنبوه السواد ( حم م ) عن جابر

865. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ قەھاپىنى ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار، ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئازراق نەرسە بىلەن ئۆزگەرتىۋەتسۇن. لېكىن، قارا نەرسە بىلەن بوياشتىن ھەزەر قىلسۇن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە چاچ ـ ساقالنى تاراپ تۈرۈش ھەتتا بوياش، لېكىن قارىدا ئەمەس دېگەن چىقىدۇ. قارىدا بوياش ھارامدۇر.

( صحيح ) أرى أن تجعلها في الأقربين ( ق ) عن أنس

866. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېغىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلماقچى بولغان بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ باغنى يېقىن تۇغقانلىرىڭنىڭ ئارىسىدا قىلىپ بېرىشىڭنى ياخشى دەپ قارايمەن. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇغقانلىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أرى رؤياكم قد تواطأت في السبع الأواخر فمن كان متحريها فليتحرها في السبع الأواخر(مالك حم قعن ابن عمر

867. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈڭلارنىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە مۇۋاپىق كەلگىنىنى كۆردۈم. كىم قەدىر كېچىسىنى ئىزدىمەكچى بولسا، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزدىسۇن. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أرأف أمتي بأمتي أبو بكر و أشدهم في دين الله عمر و أصدقهم حياء عثمان و أقضاهم علي و أفرضهم زيد بن ثابت و أقرؤهم أبي و أعلمهم بالحلال و الحرام معاذ بن جبل ألا و إن لكل أمة أمينا و أمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح ( ع ) عن ابن عمر

868. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىم ئىچىدە ئۇممىتىمگە مېھرىبانراقى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ دىنىدا قاتتىق چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھاياداا سەممىيرەكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قازىراقى، ھۆكۈمگە ئالىمراقى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەرزگە پارائىز مىراس ئىلمىغا ئالىمراقى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قارىيراقى ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھالال ـ ھارامغا ئالىمراقى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەربىر ئۇممەتنىڭ بىر ئىشەنچلىك كىشىسى بولىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ. ئەبۇ يەئلاى توپلىغان، سەھىھ.

أراني الليلة عند الكعبة فرأيت رجلا آدم كأحسن ما أنت راء من أدم الرجال له لمة كأحسن ما أنت راء من اللمم قد رجلها فهي تقطر ماء متكئا على رجلين يطوف بالبيت فسألت من هذا ؟ فقيل لي: المسيح ابن مريم ثم إذا أنا برجل جعد قطط أعور العين اليمنى كأنها عنبة طافية فسألت من هذا ؟ فقيل لي: المسيح الدجال ( مالك حم ق ) عن ابن عمرو

869. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بۈگۈن كېچە ئۆزۈمنى كەئبىنىڭ يېنىدا كۆردۈم. بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشىنى كۆردۈم، بۇ سەن كۆرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلىرەكى. ئۇنىڭ مۈرىسىگىچە چېچى باركەن، ئۇ ئەڭ گۈزەل چاچتۇر. ئۇ چېچىنى تارىۋاپتۇ، چاچ سۇ تېمىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىككى كىشىگە يۆلىنىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ كىم؟ دەپ سورىسام، مەريەم ئوغلى ئەيسا دېيىلدى. ئاندىن قاتتىق بۇدرە چاچ، ئوڭ كۆزى كور، كۆزى سوقا ئۈزۈمدەك، ئۈلەڭگۈ بىر كىشىنى كۆردۈم. بۇ كىم؟ دەپ سورىسام، مەسىھ دەججال دېيىلدى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە بىر چۈش ئارقىلىق ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن دەججال سۈرەتلەپ بېرىلدى، دەججالنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ ئۆلتۈرۈشى سەھىھ.

أراني في المنام أتسوك بسواك فجاءني رجلان أحدهما أكبر من الآخر فناولت السواك الأصغر منهما فقيل لي: كبر فدفعته إلى الأكبر منهما ( ق ) عن ابن عمر

870. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بۈگۈن ئۇيقۇمدا مسۋاك سىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. ماڭا بىرسى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى ئەر كەلدى. مەن مسۋاكنى كىچىككە سۇنۇپ بەرسەم، ماڭا چوڭغا بەرگىن دېيىلدى، مەن مسۋاكنى چوڭراقىغا بەردىم. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أرأيتكم ليلتكم هذه ؟ فإن على رأس مئة سنة منها لا يبقى من هو على ظهر الأرض أحدا حم ق د ت عن ابن عمر

871. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن مۇنداق دېگەن: بۈگۈنكى بۇ كېچەڭلەرگە قانداق قارايسىلەر؟ ھەقىقەتەن بۇ كېچىدىن باشلاپ 100 يىل توشقاندا يەر يۈزىدە بار بولغان كىشىدىن ھېچكىشى قالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، 100 يىل توشقاندا ھېچبىر ساھابە قالمىغان، شۇنداقلا خىزىرمۇ ھايات ئەمەس.

( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 745 . ( عب هب ) عن عمرو بن عثمان مرسلا . أربى الربا شتم الأعراض ( و أشد الشتم الهجاء و الراوية أحد الشاتمين )

872. ئەمرۇ ئىبنى ئوسمان رەھمەھۇللاھدىن مۇرسەل ھالدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانىدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولسا، يۈز ـ ئابرۇينى تۆكۈش، سەت تىللاشتۇر. (ئەڭ قاتتىق تىللاش بولسا ھەجۋى شېئىر ئوقۇش. تىللاشنى، ئەيىبلەشنى سۆزلەپ بېرىش بولسا، ئوخشاشلا

تىللىغۇچىدەك گۇناھكار بولىدۇ) ئابدۇرەززاق، بەيھەقى توپلىغان، باش تەرىپى سەھىھ. ئەلبانى ئىككى تىرناق ئارىسىنى زەئىپ دېگەن، زەئىپ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ 745ـ ھەدىسىدە بار.

أربع إذا كن فيك فلا عليك ما فاتك من الدنيا صدق الحديث و حفظ الأمانة و حسن الخلق و عفة مطعم ( حم طب ك هب ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن عمرو ( عد ابن عساكر ) عن ابن عباس

873. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت خىسلەت ئىنسان سەندە بولسا، پۈتۈن دۇنيا قولۇڭدىن كەتسىمۇ ساڭا ھېچ زەرەر يوق. بىرىنچى، راست سۆزلەش. ئىككىنچى، ئامانەتنى مۇھاپىزەت قىلىش. ئۈچىنچى، ياخشى ئەخلاق. تۆتىنچى، تائامدا ئىپپەتلىك بولۇش. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقىلەر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، يەنە تەبرانى ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

أربع أفضل الكلام لا يضرك بأيهن بدأت: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر ( ه ) عن سمرة

874. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۆت بولۇپ، قايسى بىلەن باشلىساڭ، ساڭا زەرەر يوق. ئۇلار بولسا، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللا ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أربع بقين في أمتي من أمر الجاهلية ليسوا بتاركيها: الفخر بالأحساب و الطعن في الأنساب و الاستسقاء بالنجوم و النياحة على الميت و إن النائحة إذا لم تتب قبل الموت جاءت يوم القيامة عليها سربال من قطران و درع من لهب النار ( حم طب ك ) عن أبي مالك الأشعري

875. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىچىدە جاھىلىيەتنىڭ ئىشىدىن تۆت ئىش قېلىپ قالدى، ئۇلار بۇ ئىشلارنى تەرك ئېتەلمىدى. بىرىنچىسى، ئاتا ـ بوۋا، ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىش. ئىككىنچىسى، نەسەبلەردە تەنە قىلىپ ھاقارەتلەش، كەمسىتىش. ئۈچىنچىسى، يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىش. تۆتىنچىسى، مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلاش. ھەقىقەتەن مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇستىدە قوغۇشۇن تامچىلىرىدىن، ئىرىتمىلەردىن، ئوت يالقۇنلىرىدىن ئىشتان ـ كۆڭلەك بار ھالەتتە كېلىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئىچ ئاغرىتىش، ئازابلىنىش، كۆز يېشى ئامال يوق ئىشلار بولسىمۇ، ئاۋاز قىلىپ يىغلاش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

أربعة أنهار من الجنة سيحان و جيحان و النيل و الفرات ( الشيرازي في الألقاب ) عن أبي هريرة

876. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت دەريا ئۆستەڭ جەننەت ئۆستەڭلىرىدىن. سەيھان، جەيھان، نىيل، فۇرات قاتارلىق. شىرازى توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

سەيھان بىلەن جەيھان تورسۇس، مەسىيەت دېگەن شەھەرلەرگە يېقىن ئەۋاسىم دېگەن جايدىكى ئىككى دەريادۇر. نىيل مىسىردىكى مەشھۇر دەريادۇر. فۇرات بولسا كۇفىدىكى دەريادۇر. ھەدىستە جەننەتتىن دېيىلدى، راستىنلا جەننەتتىن كەلگەنمۇ ياكى ھازىرمۇ مەنۋى جەھەتتىن بىزگە كۆرۈنمەي كەلدىمۇ ياكى جەننەتتىكى بۇلاق ئۆستەڭگە ئوخشاتتىمۇ؟ توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىز ئىشىنىمىز خالاس.

أربعة تجري عليهم أجورهم بعد الموت: من مات مرابطا في سبيل الله و من علم علما أجري له عمله ما عمل به و من تصدق بصدقة فأجرها يجري له ما وجدت و رجل ترك ولدا صالحا فهو يدعو له ( حم طب ) عن أبي أمامة

877. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت تۈرلۈك كىشىگە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئەجىر، ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى، ئاللاھ يولىدا ئات توقۇپ تەييار تۇرۇپ ئۆلگەن كىشى. ئىككىنچى، ئىلىم ئۆگەتكەن كىشى بولۇپ، شۇ ئىلىمغا ئەمەل



www.uyghurkitap.com

قىلىنىسلا ساۋاب بولىدۇ. ئۈچىنچى، سەدىقە جارىيە قىلغان كىشى بولۇپ، شۇ نەرسە مەۋجۇد بولۇپ تۇرسىلا ئەجرى يېتىپ تۇرىدۇ. تۆتىنچىسى، ياخشى بالا قالدۇرغان بولسا، دۇئا قىلىپ تۇرسا يېتىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئىلىمغا ئەسەرمۇ كىرىدۇ، يەنى كىتاب يېزىش.

أربعة دنانير: دينار أعطيته مسكينا و دينار أعطيته في رقبة و دينار أنفقته في سبيل الله و دينار أنفقته على أهلك أفضلها الذي أنفقته على أهلك ( خد ) عن أبي هريرة

878. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىينار (يەنى ئالتۇن) تۆت تۈرلۈك سەدىقە قىلىنىدۇ. سەن مىسكىنگە بەرگەن دىينار، قۇل ئازاد قىلىشقا بەرگەن دىينار، ئاللاھ يولىدا يەنى جىھادقا بەرگەن دىينار، ئەھلى باللىرىڭغا بەرگەن دىناردۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئەھلىڭگە بەرگىنىڭدۇر. بۇخارى ئەدەب دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

أربعة من الدواب لا يقتلن: النملة و النحلة و الهدهد و الصرد ( هق ) عن ابن عباس

879. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت ھايۋان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ، سەرەد (يەنى بېشى، تۇمشۇقى يوغان، يېرىمى ئاق، يېرىمى قارا قۇش) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

چۈمۈلە زەھەرى ئاز، ئۆزى ئىبرەت، مۆجىزىلىك ھايۋان، تەتقىقات قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر قاتتىق ئاپەت بولسا، يامراپ كەتسە ئۆلتۈرسە بولار. ھەسەل ھەرىسى بىزگە مەلۇم. ھۆپۈپ بىلەن سەرەد، گۆشى ھارام بولغانلىقتىن ھەم قوغدالغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

أربعة يبغضهم الله تعالى: البياع الحلاف و الفقير المختال و الشيخ الزاني و الإمام الجائر ن هب ) عن أبي هريرة

880. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. قەسەم قىلىپ ساتىدىغان تىجارەتچى، كىبىر قىلىدىغان پەخىرخور پېقىر. قېرى زىناخور، زالىم ئىمام يەنى خەلىپە، باشلىق. نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أربعة يحتجون يوم القيامة: رجل أصم لا يسمع شيئا و رجل أحمق و رجل هرم و رجل مات في فترة: فأما الأصم فيقول: رب لقد جاء الإسلام و ما أسمع شيئا و أما الأحمق فيقول: رب جاء الإسلام و ما أعقل شيئا و الصبيان يحذفونني بالبعر و أما الهرم فيقول: رب لقد جاء الإسلام و ما أعقل شيئا و أما الذي مات في الفترة فيقول: رب ما أتاني لك رسول فيأخذ مواثيقهم ليطيعنه فيرسل إليهم أن ادخلوا النار فمن دخلها كانت عليه بردا و سلاما و من لم يدخلها سحب إليها ( حم حب ) عن الأسود بن سريع وأبي هريرة

881. ئەسۋەد ئىبنى سەرىئ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت تۈرلۈك كىشى قىيامەت كۈنى ھۆججەت قويۇپ دەۋالىشىدۇ. ھېچ نېمىنى ئاڭلىماس گاس كىشى، ئەخمەق، دۆت كىشى، بەك قېرى كىشى، پەيغەمبەر ئۈزۈلۈپ قالغاندا ياشىغان كىشى. گاس مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، ئىسلام دىنى كەپتۇ، مەن ھېچ نېمىنى ئاڭلىمىدىم دەيدۇ. ئەخمەق بولسا، ئى رەببىم، ئىسلام كەپتۇ، مەن ھېچنېمىنى ئەقىل قىلىپ چۈشىنەلمىدىم، كىچىك باللار ماڭا تۆگە مايىقىنى ئېتىپ ئوينايتتى دەيدۇ. بەك قېرى بولسا، ئى رەببىم، جەزمەن ئىسلام دىنى كەپتۇ، مەنمۇ بىرەر نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم دەيدۇ. پەيغەمبەر كەلمىگەن ۋاقىتتا ياشىغان كىشى بولسا، رەببىم، ماڭا ئەلچى كېلىپ باقمىدى دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇلاردىن ئەگەر ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ بۇيرۇق قىلسا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدا ئەھدە، توختام ئېلىپ، دوۋزاخقا كىرىڭلار دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئىتائەت قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرۇپ دوۋزاخقا كىرگەنلەرگە دوۋزاخ ئوتى سوغۇق، سالامەت بولۇپ بېرىدۇ؛ ئىتائەت قىلماي دوۋزاخقا كىرمىگەنلەر بولسا، دوۋزاخقا سۆرۈلۈپ تاشلىنىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

بەزىلەر بۇ ھەدىستە تاقەت، قۇدرەت يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىشى چىقىپ قالدى دېسە، جاۋاب: ئۇ دېگەن قىيامەت كۈن تىرىلگەن كۈن، ئاللاھنى شەكسىز بىلگەن كۈن، دوۋزاخنى، جەننەتنى كۆرگەن كۈن، بۇ تەكلىپ ئېغىر ئەمەستۇر. مانا بۇ يۇقىرقىدەك تۆت تۈرلۈك كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش.

( حسن ) أربع ركعات قبل الظهر يعدلن بصلاة السحر ( ش ) عن أبي صالح مرسلا

882. ئەبۇ سالىھ رەھمەھۇللادىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پېشىندىن بۇرۇنقى تۆت رەكئەت سۈننەت سەھەرنىڭ نامىزىغا تەڭدۇر، يەنى بامدات نامىزىغا تەڭ. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، ھەسەن.

أربع في أمتي من أمر الجاهلية لا يتركوهن: الفخر في الأحساب و الطعن في الأنساب و الاستسقاء بالنجوم و النياحة ( م ) عن أبي مالك الأشعري

883. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم ئەبۇ مالىكتىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئۆتتى، جاھالىيەتتىكى تۆت ئىشتۇر، پەخىر، تەئنە، سۇ سوراش، مېيىتكە يىغلاش، سەھىھ. تۆۋەندىكىمۇ شۇدۇر.

أربع في أمتي من أمر الجاهلية لم يدعهن الناس: الطعن في الأنساب و النياحة على الميت و الأنواء مطرنا بنوء كذا و كذا و الإعداء جرب بعير فأجرب مئة بعير فمن أجرب البعير الأول ؟ ! ( حم ت ) عن أبي هريرة

884. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىچىدە جاھالىيەت ئىشىدىن تۆت ئىش بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئىشلارنى تەرىك ئەتەلمىدى، نەسەپتە تەنە قىلىش، مېيىتكە ئاۋازلىق يىغلاش، يامغۇرىمىز پالانى يۇلتۇز بىلەن ياغدى دېيىش، كېسەل يۇقتۇرۇش، يەنى بىر تۆگە تەمرەتكە بولۇپ، 100 تۆگە تەمرەتكە بولدى دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنداقتا، تۇنجى تۆگىنى كىم تەمرەتكە قىلدى؟ ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

أربع قبل الظهر ليس فيهن تسليم تفتح لهن أبواب السماء ( د الترمذي في الشمائل ابن خزيمة ) عن أبي أيوب

885. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پېشىندىن بۇرۇن ئارىلىقتا سالام قىلماي، ئاخىرىدا بىرلا سالام بېرىپ ئوقۇلغان تۆت رەكئەت نامازغا ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، خۇزەيمە توپلىغان، ھەسەن.

أربع لا يجزين في الأضاحي: العوراء البين عورها و المريضة البين مرضها و العرجاء البين ظلعها و العجفاء التي لا تنقي ( مالك حم 4 حب ك هق ) عن البراء

886. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت تۈرلۈك قوي قۇربانلىققا دۇرۇس بولمايدۇ. بىرىنچى، كورلۇقى ئاشكارە، قارىغۇ قوي. ئىككىنچى، كېسىلى ئاشكارە كېسەل قوي. ئۈچىنچى، پالەچ قوي. تۆتىنچى، پۈتى سۇنۇق، يىلىكى يوق قوي، تەمرەتكىلىك قويمۇ بار. مالىك، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى، تۆت كىتاب (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە) توپلىغان، سەھىھ.

أربع من السعادة: المرأة الصالحة و المسكن الواسع و الجار الصالح و المركب الهنيء و أربع من الشقاء: المرأة السوء و الجار السوء و المركب السوء و المسكن الضيق ( ك حل هب ) عن سعد

887. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت ئىش سائادەتمەنلىك، بەختىنىڭ جۈملىسىدىن. بىرىنچى، سالىھ، ياخشى ئايال. ئىككىنچى، كەڭرى جاي، ئۆي. ئۈچىنچى، ياخشى، ئىشەنچلىك قوشنا. تۆتىنچى، خاتىرجەم، يۇۋاش ماڭىدىغان مەركەب (يەنى مىنىدىغان ئۇلاغ). تۆت ئىش شەقىيلىق، جاپادىندۇر. بىرىنچى، يامان خوتۇن. ئىككىنچى، يامان، ئۇسال قوشنا. ئۈچىنچى، يامان ئۇلاغ، مەركەب. تۆتىنچى، تار جاي، تار بولغان تۇرالغۇ ئۆي. ھاكىم، ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أربع من عمل الأحياء تجري للأموات: رجل ترك عقبا صالحا يدعو له ينفعه دعاؤهم و رجل تصدق بصدقة جارية من بعده له أجرها ما جرت بعده و رجل علم علما فعمل به من بعده له مثل أجر من عمل به من غير أن ينقص من أجر من يعمل به شيء ( طب ) عن سلما

888. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىرىكلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن تۆت ئىش ئۆلۈكلەر ئۈچۈن يېتىپ تۇرىدۇ. بىر كىشى ياخشى بالا قالدۇرغان بولسا، ئۇ بالا دۇئا قىلسا، مەنپەئەت قىلىدۇ؛ بىر كىشى سەدىقە جارىيە يەنى ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە سەدىقە قىلغان بولسا، ئەجىر يېتىپ تۇرىدۇ؛ ئىلىم ئۆگەتكەن بولسا، ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كاملىماستىن يېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەدىستە تۆتىنچىسى تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ بولسا، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش، ئاساس سىلىپ بېرىشتۇر. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن ھەدىستۇر.

أربع من كن فيه كان منافقا خالصا و من كانت فيه خصلة منهن كانت فيه خصلة من النفاق حتى يدعها: إذا ائتمن خان و إذا حدث كذب و إذا عاهد غدر و إذا خاصم فجر ( ق ) عن ابن عمر

889. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدە تۆۋەندىكى تۆت خىسلەت ئىش تېپىلسا، خالىس مۇناپىق بولىدۇ. ئەگەر بىر خىسلەت بولسا، شۇ خىسلەتنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇ كىشىدە مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولىدۇ. ئۇلار بولسا، بىرىنچى، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ. ئىككىنچى، سۆز قىلسا يالغان سۆزلەيدۇ. ئۈچىنچى، ئەھدە، ۋەدە قىلسا بۇزۇۋېتىدۇ. تۆتىنچى، دەۋالاشسا گۇناھكار بولۇپ، قەبىھ سۆزلەيدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أربع من كن فيه كان منافقا خالصا و من كانت فيه خصلة منهن كانت فيه خصلة من النفاق حتى يدعها: إذا حدث كذب و إذا وعد أخلف و إذا عاهد غدر و إذا خاصم فجر ( حم ق 3 ) عن ابن عمرو

890. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت خىسلەت ئىش تېپىلغان كىشى خالىس مۇناپىق بولىدۇ، ئەگەر بۇ خىسلەتلەردىن بىرىسى تېپىلسا، تەرك ئەتمىگىچە مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ. ئۇلار بولسا، بىرىنچى، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ. ئىككىنچى، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئەھدە، توختام تۈزسە بۇزۇۋېتىدۇ. تۆتىنچى، داۋالاشسا پاجىر بولىدۇ، يەنى ھارام ئىشنى قىلىپ ئاسىي بولىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىقى بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، ئامانەت ئورنىغا ۋەدە سۆزلەنگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لېكىن، مۇھىم بىر ئەسكەرتىشنى سۆزلەپ قوياي، ئۇ بولسىمۇ مۇناپىق دېيىش ئۈچۈن چوقۇم قۇرئان، سەھىھ ھەدىستىن ئېلىنغان ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. ئۇ كىشى شۇ شەرتكە چۈشسە، ھەتتا 10 دىن 15 كىچە سۈپەتلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ سۈرە مۇناپىقتا ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ باش تەرىپىدىكى 13 ئايەت، ئەنە شۇ سۈپەتكە ۋە سۈرە تەۋبىگە، مۇشۇنداق ھەدىسلەرگە چۈشسە، ئاندىن مۇناپىق دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئەقىيدىدە، قەلبىدە چاتاق بولسا.

أربعون خصلة أعلاهن منحة العنز لا يعمل عبد بخصلة منها رجاء ثوابها و تصديق موعودها إلا أدخله الله تعالى بها الجنة ( خ د حم ) عن ابن عمرو

891. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىرىق خىسلەت ئىش بار، يۇقىرىسى سېغىن ھايۋاننى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش. شۇ 40 خىسلەت ئىشتىن بىرنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ساۋابقا بېرىلگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئەمەل قىلغان بەندە، يەنى بىرىگە ئەمەل قىلغان بەندىنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، بۇخارى 2438 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1433 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6200 ـ 6537 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ارجع إلى أبويك فاستأذنهما فإن أذنا لك فجاهد و إلا فبرهما ( حم د ك ) عن أبي سعيد

892. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جىھادقا رۇخسەت سورىغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ رۇخسەت سورا. ئەگەر ئۇلار رۇخسەت قىلسا، جىھاد قىلساڭ بولىدۇ؛ رۇخسەت قىلمىسا، ئۇلارغا ياخشىلىق قىل دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان.

لېكىن، ئالىملار بۇنى ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئىدى، ئەگەر دۈشمەن ئىسلام دۆلىتىگە، ئىسلام زېمىنىغا بىر غېرىچ باستۇرۇپ كىرسە، ئايال ئېرىدىن، قۇل خوجايىنىدىن، بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن رۇخسەت، ئىزنى سورىماستىن ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ، مۇداپىئە قىلىدۇ دېدى.

ارجعوا إلى أهليكم فكونوا فيهم و علموهم و مروهم و صلوا كما رأيتموني أصلي فإذا حضرت الصلاة فليؤذن لكم أحدكم و ليؤمكم أكبركم ( حم ق ن ) عن مالك بن الحويرث

893. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەھلىڭلارغا قايتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنىمۇ بۇيرۇڭلار. مېنى كۆرگەنىدەك، مەن قانداق ناماز ئوقۇسام شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار. ناماز ۋاقتى كەلسە بىرىڭلار ئەزان توۋلاپ، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن، يەنى قارىيراقى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أرحامكم أرحامكم ( حب ) عن أنس

894. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىيلە ـ رەھىم قىلىشنى چىڭ تۇتۇڭلار، سىيلە ـ رەھىم قىلىشنى ئۈزۈۋەتمەڭلار. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أرحم أمتي بأمتي أبو بكر و أشدهم في أمر الله عمر و أصدقهم حياء عثمان و أقرؤهم لكتاب الله أبي بن كعب و أفرضهم زيد بن ثابت و أعلمهم بالحلال و الحرام معاذ بن جبل و لكل أمة أمين و أمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح ( حم ت ن ه حب ك هق ) عن أنس

895. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغاقراق، مېھرىبان كىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ ئىشىدا قاتتىق چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھايالىقراقى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارىيراقى ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەرزگە ياكى مىيراس ئىلمىغا ئالىمراقى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھالال ـ ھارامغا ئالىمراقى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىسى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەررەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أرحم من في الأرض يرحمك من في السماء ( طب ) عن جرير ( طب ك ) عن ابن مسعود

896. جەرىي ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلساڭ، ئاسماندىكى زات، يەنى ئاللاھ ساڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ارحموا ترحموا و اغفروا يغفر لكم ويل لأقماع القول ويل للمصرين الذين يصرون على ما فعلوا و هم يعلمون ( حم خد هب ) عن ابن عمرو

897. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم قىلساڭلار رەھىم قىلىنىسىلەر، كەچۈرۈلسەڭلار، مەغپىرەت قىلىنىسىلەر. سۆزنى ئاڭلاپ، قۇلاق سېلىپ قويۇپ، ئەمەل قىلمايدىغانلارغا ۋايدۇر. بىلىپ تۇرۇپ قىلغان گۇناھلىرىدا دائىم داۋاملاشقۇچىلارغا ۋايدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

أرسل ملك الموت إلى موسى فلما جاءه صكه ففقأ عينه فرجع إلى ربه فقال: أرسلتني إلى عبد لا يريد الموت فرد الله إليه عينه و قال ارجع إليه و قل له: يضع يده على متن ثور فله بما غطت يده بكل شعرة سنة قال: أي رب ! ثم ماذا ؟ قال: ثم الموت قال: فالآن فسأل الله أن يدنيه من الأرض المقدسة رمية بحجر فلو كنت ثم لأريتكم قبره إلى جانب الطريق تحت الكثيب الأحمر( حم ق ن ) عن أبي هريرة

898. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈم پەرىشتىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلدى. ئۇ كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىرنى ئۇرۇپ، كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. پەرىشتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ، مېنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندىگە ئەۋەتىپلا دېدى. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بېرىپ مۇنداق دېدى، قايتىپ بېرىپ دېگىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە قويسۇن، ئۇنىڭ قولى ياپقان بارلىق تۈكلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ باراۋىرىدە بىر يىلدىن ئۆمۈر بېرەي. پەرىشتە كېلىپ شۇنداق دېدى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام، كېيىنچۇ؟ دېۋىدى، ئاندىن يەنە ئۆلىسەن دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنداق بولسا ھازىر ئۆلەي دەپ ئاللاھتىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بىر تاش ئېتىم مىقدارى يېقىن قىلىپ بېرىشنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدىكى، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولسام، يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى قىزىل دۆۋىنىڭ ئاستىدىكى ئۇنىڭ قەبرىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويغان بولاتتىم. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أرض الجنة خبزة بيضاء ( أبو الشيخ في العظمة ) عن جابر

899. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ زېمىنى تۇپرىقى ئاق، نۇرلۇق، خۇددى ناندەك تۈز، گۈزەلدۇر. ئەبۇششەيخ توپلىغان، سەھىھ.

ارضخي ما استطعت و لا توعي فيوعي الله عليك ( م ن ) عن أسماء بنت أبي بكر

900. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قادىر بولىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن، تولا ھېسابلىشۋالما، ئاللاھمۇ ساڭا ھېسابلىشۋالىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. پىششىق بولىسىڭىزمۇ پىخسىق بولماڭ.

( صحيح ) أرضوا مصدقيكم ( حم م د ن ) عن جرير

901. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىملارنى ئوبدان رازى قىلىڭلار، يەنى زاكاتنى بېرىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ارفع إزارك و اتق الله ( طب ) عن الشريد بن سويد

902. شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشتىنىڭنى (يەنى ئايىغىنى) كۆتۈرگىن، ئاللاھتىن قورقۇپ تەقۋادار بولغىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ارفعوا عن بطن عرنة و ارفعوا عن بطن محسر ( ك هق ) عن ابن عباس

903. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەج پائالىيتى جەريانىدا بەتنى ئەرنەت، بەتنى مۇھەسسەر دېگەن جايلاردىن تۆگىنى تېز ئۆتكۈزۈپ كېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ارفعوا عن بطن محسر و عليكم بمثل حصا الخذف ( حم هق ) عن ابن عباس

904. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەتنى مۇھەسسەر دېگەن جايدىن تېز ئۆتۈپ كېتىڭلار. تاشنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىسىدا ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار، يەنى بارماق ئارىسىدا ئېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أرقاءكم أرقاءكم فأطعموهم مما تأكلون و ألبسوهم مما تلبسون و إن جاءوا بذنب لا تريدون أن تغفروه فبيعوا عباد الله و لا تعذبوهم ( حم ابن سعد ) عن زيد بن الخطاب

905. زەيد ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇللىرىڭلارنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. ئۇلارغىمۇ سىلەر يېگەن تائامدىن تائام، سىلەر كىيگەن كىيىمدىن كىيىم ـ كېچەك بېرىڭلار. ئۇلار بىرەر گۇناھنى قىلىپ قالسا، كەچۈرۈۋېتىشنى خالىمىساڭلار، ئۇلارنى سېتىۋېتىڭلار، لېكىن سىلەر ئۇزۇڭلار ئازابلىماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ارقي ما لم يكن شرك بالله ( ك ) عن الشفاء بنت عبدالله

906. شىپا نبىتى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئىشلار بولمىسلا، رۇقى قىلساڭ، يەنى ئايەتنى شىپا ئوقۇساڭ بولىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اركبوا الهدي بالمعروف حتى تجدوا ظهرا ( حب ) عن جابر

907. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىدىغان نەرسە تاپقىچە، قۇربانلىققا ئاتاپ ئەكەلگەن ھەدىيىلەرگە يەنى تۆگە، كالىلارغا ياخشىلىقچە مىنسەڭلار بولىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 783 . ( حم ع طب ك ) عن معاذ بن أنس . اركبوا هذه الدواب سالمة و اتدعوها سالمة و لا تتخذوها كراسي ( لأحاديثكم في الطرق و الأسواق فرب مركوبة خير من راكبها و أكثر ذكرا منه )

908. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ھايۋانلارنى تىنىچ ـ سالامەت مىنىپ يەنە سالامەت قويۇڭلار، ئۇنى كوسا ئورۇندۇقتەك قىلىۋالماڭلار (يەنى يوللاردا، بازارلاردا) سۆزلىشىشڭلار ئۈچۈن ئورۇندۇق قىلماڭلار. ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگەنلىكتىن كۆپىنچە مىنىلگۈچى ھايۋان مىنگۈچىدىن ياخشى. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى باش تەرىپى سەھىھ، ئاخىرى يەنى ئىككى تىرناق ئارىلىقى زەئىپ دېگەن، ئۇ بولسىمۇ ھايۋان ياخشى دېگەن جايدۇر.

اركعوا هاتين الركعتين في بيوتكم: السبحة بعد المغرب ( ه ) عن رافع بن خديج

909. راپىئ ئىبنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام نامىزىدىن كېيىنكى مۇنۇ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

ارموا الجمرة بمثل حصى الخذف( حم ابن خزيمة الضياء ) عن رجل من الصحابة

910. ساھابىلاردىن بىر ئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەمرە تېشىنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارىسىدا ئېتىڭلار، يەنى شەيتانغا تاش ئاتقاندا. ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ارموا بني إسماعيل فإن أباكم كان راميا ( حم خ ) عن سلمة بن الأكوع ( ك ) عن أبي هريرة

911. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا ئېتىپ مۇسابىقە قىلىشىۋاتقانلارغا: ئى ئىسمائىلنىڭ باللىرى! ئېتىڭلار، ھەقىقەتەن داداڭلارمۇ، بوۋاڭلارمۇ ئوقيا ئاتاتتى. ئەھمەد، بۇخارى، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

أرواح المؤمنين في أجواف طير خضر تعلق في أشجار الجنة حتى يردها الله إلى أجسادها يوم القيامة ( طب ) عن كعب بن مالك وأم مبشر



www.uyghurkitap.com

912. كەئبى ئىبنى مالىك، ئۇممە بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ روھلىرى ئاللاھ ئۇلارنى جەسەتلەرگە قايتۇرغانغا قەدەر، يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا جەننەت دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ يۈرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أريت الجنة فرأيت امرأة أبي طلحة ثم سمعت خشخشة أمامي فإذا بلال ( م ) عن جابر

913. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن جەننەتتە ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالىنى كۆردۈم، ئاندىن ئالدىم تەرەپتە شىپ ـ شىپ قىلغان ھەرىكەت ئاۋازنى ئاڭلاپ قارىسام، بىلال تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ بىر بىشارەتتۇر.

( صحيح ) أريت قوما من أمتي يركبون ظهر البحر كالملوك على الأسرة ( م ) عن أم حرام

914. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاممىسى ئۇممە ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋم كۆرسىتىلدى. ئۇلار دېڭىزغا خۇددى پادىشاھلار تەختتى، كارىۋىتى ئۈستىدە ئولتۇرغاندەكلا سەپەر قىلىدۇ، دېڭىز ئۈستىدە شۇنداق خاتىرجەم، تىنىچ سەپەر قىلىپ جىھاد قىلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. كېيىن بۇ ئايال دۇئانىڭ بەرىكاتىدىن شەھىد بولدى.

أريتك في المنام مرتين يحملك الملك في سرقة من حرير فيقول: هذه امرأتك فأكشف عنها فإذا أنت هي فأقول: إن يكن هذا من عند الله يمضه ( حم ق ) عن عائشة

915. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا چۈشۈمدە ئىككى قېتىم كۆرسىتىلدىڭ. سىنى پەرىشتە يىپەك رەختنىڭ پارچىسى ئىچىدە كۆتۈرۈپ، بۇ سېنىڭ ئايالىڭ دېدى. پەردىنى ئېچىپ قارىسام، سەن ئىكەنسەن. مەن ئەگەر بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولسا، چوقۇم ئىجرا قىلىپ يۈرگۈزىدۇ، ئۇڭۇمدا بولىدۇ دېدىم. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أريت ليلة القدر ثم أنسيتها و أراني صبيحتها أسجد في ماء و طين ( م ) عن عبدالله بن أنيس

916. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا چۈشۈمدە قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلىپ، ئاندىن ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم. مەن ئۆزۈمنى قەدىر كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى سۇغا، لايغا سەجدە قىلىپ كۆردۈم. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.
ئالىملار بۇ ھەدىستىن قەدىر كېچىسى قار ياكى يامغۇر ياغىدۇ دېگەن.

أريت ليلة القدر ثم أيقظني بعض أهلي فنسيتها فالتمسوها في العشر الغوابر ( حم م ) عن أبي هريرة

917. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا چۈشۈمدە قەدىر كېچىسى كۆرسىتىلىپ، ئاندىن ئەھلىمنىڭ بەزىسى مېنى ئويغىتىۋېتىپ، ئۇنتۇپ قالدىم. قەدىر كېچىسىنى رامزان ئېيىنىڭ قېلىپ قالغان ئون كۈنىدىن ئىزدەڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أريت ما تلقى أمتي من بعدي و سفك بعضهم دماء بعض و كان ذلك سابقا من الله كما سبق في الأمم قبلهم فسألته أن يوليني شفاعة فيهم يوم القيامة ففعل ( حم طس ك ) عن أم حبيبة

918. ئۇممە ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا چۈشۈمدە ئۈممىتىمنىڭ مەندىن كېيىن يولۇقىدىغان ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنىڭ قېنىنى چېچىشلىرى كۆرسىتىلدى. بۇ ئىشلار ئاللاھ تەرەپتىن خۇددى ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارغا بۇرۇنلا پۈتۈلگەندەك (ئاللاھ ئالدىن بىلگەچكە) بۇرۇنلا پۈتۈلگەن. مەن ئاللاھتىن مېنى شاپائەتكە ئىگە قىلىشنى سورىدۇم، ئاللاھ شۇنداق قىلىپ بەردى. ئەھمەد، ھاكىم، ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

إزرة المؤمن إلى أنصاف ساقيه ( ن ) عن أبي هريرة وأبي سعيد وابن عمر ( الضياء ) عن أنس

919. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئىشتىنى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە بولىدۇ، يەنى لىپىكىگىچە قىسقا كىيىدۇ. نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إزرة المؤمن إلى عضلة ساقيه ثم إلى الكعبين فما كان أسفل من ذلك ففي النار ( حم ) عن أبي هريرة

920. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئىشتىنى پاچىقىنىڭ لىپىكىگىچە بولىدۇ، ئاندىن قالسا ئىككى ئوشۇقىغىچە بولىدۇ، ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىكى دوۋزاختا بولىدۇ، يەنى ئىگىسى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إزرة المؤمن إلى نصف الساق و لا جناح عليه فيما بينه و بين الكعبين ما كان أسفل من الكعبين فهو في النار من جر إزاره بطرا لم ينظر الله إليه( مالك حم د ه حب هق ) عن أبي سعيد

921. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئىشتىنى پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە بولىدۇ، ئۇنىڭغا پاچاق بىلەن ئوشۇق ئارىلىقىدا كىيسە گۇناھ يوق، ئوشۇقتىن ئاستىن بولۇپ قالسا، ئۇ دوۋزاختا بولىدۇ. كىم ئىشتىنىنى كىبىرە قىلىپ كۆرەڭلەپ، سۆرەپ يۈرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. مالىك، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ توغرىسىدا توختىلىپ، ئىشتاننى ئۇزۇن يەرگە سۆرىلىپ تۇرغىدەك كىيىشنىڭ ئۆزىلا كىبىرگە كىرىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئازاب ۋەدىسىدىن مۇستەسنا قىلىنغان. ئۇنى دورىماي، ئىشتاننى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كىيىش مۇستەھەپ، ئوشۇققىچە كىيىش دۇرۇس، ئوشۇقدىن ئېشىپ كەتسە ھارام بولىدۇ. چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىنغان دېدى، بەزىلەر مەكرۇھ دېدى. بۇ مەسىلىگە كىبىرى، رىيا ئارىلاشسا ھارام، ئۇنداق بولمىسا مەكرۇھ دېيىش تاللانغان سۆز بولدى. ئادەتنىڭ ئۈستىگە زىيادە، ئۇزۇن قىلىش، سۆرەپ يۈرۈش مەكرۇھ، كىبىر بىلەن رىيا ئارىلاشسىلا ھارام بولىدۇ.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى: ئىشتاننى كىبىر قىلىپ سۆرەپ ئوشۇقتىن ئۇزۇن كىيىش گۇناھى كەبىرە. چۈنكى، ئازاب ۋەدىسى بار، ھەتتا ناماز قوبۇل بولمايدۇ دېگەن بار. كىبىر، رىيا قىلماي، ئوشۇقتىن ئۇزۇن كىيسمۇ ھارام بولىدۇ، بۇ توغرىسىدا ھەدىسلەر كۆپ دېگەن. ئەبۇ بەكرىنى بۇ مەسىلىگە ئارىلاشتۇرماڭ، ئۇنداق بولسا، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بىكاردىن دېيىلگەن بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر كىبىر بولمىسا ھارام بولماي مەكرۇھ دېگەن. ئىبنى ئابدۇلبەررى: كىبىر قىلىپ سۆرىسە، ئوشۇقتىن ئۇزۇن كىيسە، ئازاب ۋەدىسى چۈشىدۇ، ئۇنداق بولمىسا يەنىلا ئۇ خار ئىشتۇر دېگەن. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: كىبىر بىلەن، رىيا بىلەن ئوشۇقتىن تۆۋەن كىيسە (يەنى ئىشتاننى، تون، كۆڭلەكنى) بۇ ھارام بولىدۇ، كىبىر، پەخىر، رىيا بولمىسا مەكرۇھ دېدى. شافىئى رەھمەھۇللاھ: ئىشتاننى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كىيىش مۇستەھەپ، ئوشۇققىچە كىيىش دۇرۇس، ئوشۇقتىن تۆۋەن كىيىش كىبىر قىلسا ھارام دەپ چەكلىنىدۇ، كىبىر، رىيا قىلمىسا مەكرۇھ، تەنزىيە پاكلىقتا چەكلىنىدۇ دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىشتاننى سۆرەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل، شۇنىڭ ئۆزىلا كىبىر بولىدۇ دېگەن، تەبرانى خاتىرىلىگەن. بۇ سۆز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇتاش دېگۈچى بار ئىكەن. نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە دوۋزاخ ئوتى بىلەن ۋەدە بەرگەن، ناماز قوبۇل بولمايدۇ دېگەنمۇ بار. ئەگ ياخشىسى شۇ نۇرغۇن ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىڭلار، ئەبۇ بەكرىگە پەتىۋا بېرىلگەن دەپ بۇ ھەدىسلەرنى يوققا چىقارماڭلار. سىلەر ئالىممۇ؟ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ؟ دەلىلنى ساھابە، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ ۋە ئەمەل قىلىڭ. يۇقىرىقى سۆزلەر بۇخارىنىڭ شەرھىيسى، پەتىھۇلبارىيدىن ئېلىندى. ھەدىس مۇتلەق كەلگەچكە، مۇتلەق ئەمەل قىلايلى. ھارامىمۇ مەكرۇھمۇ؟ سوراپ ئولتۇرمايلى.

ئالاھىدە مۇستەسنا قىلىنغان ئىشتان مەسىلىسىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دورىماك، سىز ئۇنىڭدەك ئەمەس، ھەدىسكە ئىپسىلىك.

ازهد في الدنيا يحبك الله و ازهد فيما أيدي الناس يحبك الناس ( ه طب ك هب ) عن سهل بن سعد

922. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن زاھىد بولساڭ ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن زاھىد بولۇپ تەرك ئەتسەڭ، كىشلەرمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ازهد في الدنيا يحبك الله و أما الناس فانبذ إليهم هذا يحبوك ( حل ) عن أنس

923. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن زاھىد بولساڭ، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما، كىشىلەرگە كەلسەك، بۇنى (يەنى بۇ دۇنيانى) ئۇلارغا تاشلاپ بەر، شۇنداق قىلساڭ ئۇلار سېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أسامة أحب الناس إلي ( حم طب ) عن ابن عمر

924. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستىراقىدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إسباغ الوضوء شطر الإيمان و الحمد لله تملأ الميزان و التسبيح و التكبير يملأ السموات و الأرض و الصلاة نور و الزكاة برهان و الصبر ضياء و القرآن حجة لك أو عليك كل الناس يغدو فبائع نفسه فمعتقها أو موبقها ( حم ن ه حب ) عن أبي مالك الأشعري

925. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەتنى كامىل ئېلىش ئىماننىڭ يېرىمى. ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش مىزاننى تولدۇرىدۇ، تەسبىھ، تەكبىرلەر ئاسمان ـ زېمىننى تولدۇرىدۇ. ناماز نۇردۇر، زاكات ھۆججەتتۇر، سەۋر بولسا يورۇقلۇقتۇر. قۇرئان سېنىڭ مەنپەئەتىڭگە ياكى زەرەرىڭگە ھۆججەتتۇر. بارلىق ئىنسانلار ئۆزىنى بازارغا سېلىپ ساتىدۇ، يا ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ، يا ھالاك قىلىدۇ، يەنى ئەمەللەر ياخشى ـ يامان بولۇپ، ئىككى پىرقىگە بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إسباغ الوضوء في المكاره و إعمال الأقدام إلى المساجد و انتظار الصلاة بعد الصلاة يغسل الخطايا غسلا ( ع ك هب ) عن علي

926. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشەققەتلىك چاغلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ مېڭىش، نامازدىن كېيىن نامازنى ساقلاپ ئىنتىزار بولۇش خاتالىقلارنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋېتىدۇ. ئەبۇ يەئلا، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أسبغ الوضوء و خلل بين الأصابع و بالغ في الاستنشاق إلا أن تكون صائما ( الشافعي حم 4 حب ك ) عن لقيط

927. لەقىيت ئىبنى سەبرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، بارماقلار ئارىسىغا خلال قىلىپ سۇ يەتكۈز. رامزان روزىسى ياكى مۇتلەق روزا تۇتقان ۋاقتتىن باشقا چاغدا، بۇرنۇڭغا سۇنى كامىل ئالغىن. شافىئى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أسبغوا الوضوء ( ن ) عن ابن عمرو

928. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

استأخرن فإنه ليس لكن أن تحققن الطريق عليكن بحافات الطريق ( د ) عن أسيد الأنصاري

929. ئۇسەيدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار، ئەرلەردىن كېيىنرەك مېڭىڭلار. يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا مېڭىشىڭلار دۇرۇس بولمايدۇ، سىلەر دېگەن يولنىڭ بىر چېتىدە مېڭىشىڭلار لازىم. (يەنى ئېپپەتلىك ھايالىق بولۇش) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) استأمروا النساء في أبضاعهن ( حم ن حب ) عن عائشة

930. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللاردىن ئۆزلىرى توغرىلىق ئەرگە تېگىش مەسىلىسىدە مەسلىھەت، ئىزنى ئېلىڭلار. (قىزنىڭ سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇشى ئىزنىسى، رۇخسىتى شۇدۇر) ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) استبرءوهن بحيضة – يعني السبايا – ( ابن عساكر ) عن أبي سعيد

931. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئولجا ئالغان ئاياللارنى بىر ھەيز (يەنى ئاياللار كېسىلى) بىلەن پاكلاپ مۇناسىۋەت قىلساڭلار بولىدۇ. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

استجيروا بالله من عذاب القبر فإن عذاب القبر حق ( طب ) عن أم خالد بنت خالد بن سعيد بن العاص

932. ئۇممە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سىغىنىپ ئاللاھتىن قەبرە ئازابىدىن قۇتقۇزۇشنى سوراڭلار، ئۇ ئازابتىن پاناھ تىلەڭلار، ھەققەتەن قەبرە ئازابى ھەقتۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

استحيوا فإن الله لا يستحيي من الحق لا تأتوا النساء في أدبارهن ( هق ) عن خزيمة بن ثابت

933. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا قىلىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھ ھەققەتنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ، سىلەر ھەرگىز ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلماڭلار. (بۇ قەتئىي ھارامدۇر) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

استحيوا فإن الله لا يستحيي من الحق لا يحل مأتى النساء في حشوشهن ( سمويه ) عن جابر

934. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايا قىلىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھ ھەققەتنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ، ئاياللارنىڭ ئارقىغا كېلىش يەنى مەقئەتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ھالال ئەمەس، يەنى ھارامدۇر. سەمۇيى توپلىغان، ھەسەن.

استحيوا من الله تعالى حق الحياء من استحيا من الله حق الحياء فليحفظ الرأس و ما وعى و ليحفظ البطن و ما حوى و ليذكر الموت و البلا و من أراد الآخرة ترك زينة الحياة الدنيا فمن فعل ذلك فقد استحيا من الله حق الحياء ( حم ت ك هب ) عن ابن مسعود

935. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلىڭلار. كىم ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلسا، مېڭىسىنى، بېشىنى ۋە ئۇ يادا ئالغان، ساقلىغان نەرسىنى ساقلىسۇن. (يەنى يامان ئىشلارنى، خاتا ئەقىدە ئىدىيىنى ساقلىمىسۇن) قورسىقىنى ھارامدىن ساقلىسۇن، ئۆلۈمنى ۋە چىرىپ، سېسىپ تۈگەشنى ئەسلىسۇن. كىم ئاخىرەتنى مەقسەت قىلسا، بۇ دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تەرك ئېتىدۇ. مانا شۇنداق قىلغان ئادەم ئاللاھتىن ھەقىقىي ھايا قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

استذكروا القرآن فهو أشد تفصيا من صدور الرجال من النعم من عقلها ( حم ق ت ن ) عن ابن مسعود

936. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى تەكرارلاپ، ئەسلەپ تۇرۇڭلار. ئۇ ئەرلەر قەلبىدىن خۇددى باغلاقتىن تۆگە قاچقاندىن بەكرەك قاچىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

( صحيح ) استرقوا لها فإن بها النظرة ( ق ) عن أم سلمة

937. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ كېسەل بولغان ئايالغا رۇقيي يەنى ئايىتى شىپا قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) استعيذوا بالله من العين فإن العين حق ( ه ك ) عن عائشة

938. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ كۆز تېگىشتىن پاناھ تىلەڭلار. ھەقىقەتەن كۆز تېگىش ھەق، ھەقىقەتتۇر. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

استعيذوا بالله من الفقر و العيلة و من أن تظلموا أو تظلموا ( طب ) عن عبادة بن الصامت

939. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇو ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ پېقىرلىقتىن، يوقسىزلىقتىن، ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشتىن، زۇلۇم قىلىپ قېلىشتىن، زۇلۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن پاناھ تىلەڭلار. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ھەسەن ھەدىسكە سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى بېرىلىدۇ.

استعيذوا بالله من شر جار المقام فإن جار المسافر إذا شاء أن يزايل زايل ( ك ) عن أبي هريرة

940. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ مۇقىم تۇرىۋاتقان جايىڭلاردىكى قوشنا، ھەمراھىڭلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار. مۇساپىر ھەمراھ قوشنا دېگەن ئايرىلىشنى خالىغاندا ئايرىلىپ كېتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

استعيذوا بالله من عذاب القبر استعيذوا بالله من عذاب جهنم استعيذوا بالله من فتنة المسيح الدجال استعيذوا بالله من فتنة المحيا و الممات ( خد ت ن ) عن أبي هريرة

941. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ، قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، دەججال پىتنىسىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىق پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلار. بۇخارى ئەدەپتە، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

استعيذوا بالله من عذاب القبر إنهم يعذبون في قبورهم عذابا تسمعه البهائم ( حم طب ) عن أم مبشر

942. ئۇممەت مۇبەششەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار. ھەقىقەتەن كىشىلەر قەبرىلىرىدە ئازابلىنىدۇ، بۇ ئازابنى ھايۋانلار ئاڭلىيالايدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

استعينوا على إنجاح الحوائج بالكتمان فإن كل ذي نعمة محسود ( عق عد طب حل هب ) عن معاذ بن جبل ( الخرائطي في اعتلال القلوب ) عن عمر ( خط ) عن ابن عباس ( الخلعي في فوائده ) عن علي

943. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجەتلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىشىغا، ئۇتۇملۇك نەتىجە بېرىشىگە يوشۇرۇنلۇق بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىڭلار (يەنى مەخپىي تۇتۇڭلار). ھەقىقەتەن ھەرقانداق نېئمەت ئىگىسى ھەسەت قىلىنىدۇ، ھەسەتكە ئۇچرايدۇ. (يەنى نېئمەت بېرىلسە، ئىشىڭلار ئۇڭۇشلۇق بولسا، ئۇنى داۋراڭ سېلىپ، ئاشكارا قىلماڭلار، ھەسەتكە ئۇچرايسىلەر) بۇ ھەدىسنى ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقىلەر مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەرائىتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەتىبۇلبەغدادى ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خۇلەئى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ. مەخپىيەتلىكنى ساقلا.

( صحيح ) استغفروا ربكم إني استغفر الله و أتوب إليه كل يوم مئة مرة ( البغوي ) عن الأغر

944. ئەغەررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭلار ئاللاھتىن گۇناھىڭلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن مەغپىرەت سوراڭلار. ھەقىقەتەن مەن ھەر كۈنى 100 قېتىم ئاللاھتىن مەغپىرەت سوراپمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن. بەغەۋى توپلىغان، سەھىھ.

بەزى خاتىرىدە بىر مەجلىستىلا 100 قېتىم دېگەن، يەنى بىرلا ۋاقىتتا 100 ئىستىغفار ئېيتسا بولىدۇ. ھىسنۇلمۇسلىم دېگەن دۇئا كىتابىدا بار، كۆرۈڭ.

( صحيح ) استغفروا لأخيكم و سلوا له التثبيت فإنه الآن يسأل ( ك ) عن عثمان

945. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرە ئىچىدىكى قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت سوراڭلار. شۇنداقلا، ئۇنىڭغا سۇئاللىقنى ئىمانىنى سوراڭلار. ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ، يەنى رەببىڭ كىم؟ دېگەن سوراقلار. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

قەبرىدە سوراق بىلەن ئازاب ـ راھەتنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ تۇرىدۇ، ھەقىقىتى ئاخىرى قىيامەت كۈنى بولىدۇ، ئاللاھ ئالىم.

استغفروا لماعز بن مالك لقد تاب توبة لو قسمت بين أمة لوسعتهم ( م د ن ) عن بريدة

946. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن مەغپىرەت سوراڭلار. ھەقىقەتەن ئۇ شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ تەۋبىسى تەقسىم قىلىنسا، بارلىق ئۈممەتكە يېتىپ ئېشىپ قالاتتى. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ساھابە زىنادىن تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، رىجىمغا تارتىلغان.

استغنوا عن الناس و لو بشوص السواك ( البزار طب هب ) عن ابن عباس

947. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسۋاك سىيلىش بىلەن بولسىمۇ (يەنى مىسۋاك سالغاندا، چىشنىڭ قىتىدىن چىقىدىغان نەرسە چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ) كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇڭلار. بەزار، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) استفت نفسك و إن أفتاك المفتون ( تخ ) عن وابصة

948. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا پەتىۋاچىلار پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، قەلبىڭدىن پەتىۋا سورىغىن. بۇخارى تارىخىدا توپلىغان، ھەسەن. باشقا خاتىرىلەردە، قەلبىڭ ئىككىلىنىپ سىقىلسا، دىلىڭغۇل، بىئارام بولسا، ئۇ گۇناھ. قەلبىڭ خاتىرجەم بولمىغان ئىشتىن ھەزەر قىل دېگەن بار.

استقبل صلاتك فلا صلاة لمن صلى خلف الصف وحده ( ش ه حب ) عن علي بن شيبان

949. ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامىزىڭدا قىبلىگە ئالدىڭنى قىلغىن. ئالدىدىكى سەپ بوش تۇرۇپ، كاۋاك تۇرسا ئارقىدا تۇرۇپ، بولۇپمۇ يالغۇز تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق، يەنى نامىزى كامىل ئەمەس. ئەبۇ شەيبە، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

استقرءوا القرآن من أربعة: من عبد الله بن مسعود و سالم مولى أبي حذيفة و أبي بن كعب و معاذ بن جبل ( ق ) عن ابن عمرو

950. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قۇرئاننى تۆۋەندىكى تۆت كىشىدىن تەلەپ قىلىپ، شۇلاردىن ئېلىپ ئوقۇڭلار. بىرىنچىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىككىنچىسى، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادكەردە قۇلى

سالىم، ئۇچىنچىسى، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، تۆتىنچىسى، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. يەنى مۇشۇ تۆت كىشىنىڭ قىرائىتى بويىچە ئۇقۇڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) استقم و ليحسن خلقك للناس ( طب ك هب ) عن ابن عمرو

951. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دىنىڭدا چىڭ تۇر، ئىبادەت بىلەن ئىستىقامەت قىل، توغرا يول تۇت، ئەخلاقىڭنى كىشىلەرگە ياخشى قىلغىن. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

استقيموا و لن تحصوا و اعلموا أن خير أعمالكم الصلاة و لا يحافظ على الوضوء إلا مؤمن ( حم ه ك هق ) عن ثوبان ( ه طب ) عن ابن عمرو ( طب ) عن سلمة بن الأكوع

952. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىقامەتتە، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇڭلار، ھەرگىز ھېسابلاپ تۈرىۋالماڭلار. (ئاللاھمۇ سىلەرگە ھېسابلايدۇ) بىلىڭلاركى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىسى ناماز. تاھارەتنى پەقەت مۆئمىن كىشىلا مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلايدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبرانى، ئىبنى ئەمرۇ سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

استقيموا و نعما إن استقمتم و خير أعمالكم الصلاة و لن يحافظ على الوضوء إلا مؤمن ( ه ) عن أبي أمامة ( طب ) عن عبادة بن الصامت

953. ئەبۇ ئۇمامەت، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىقامەت قىلىڭلار، ھەقتە مايىل بولۇپ كەتمەي، چىڭ تۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار بەك ياخشى بولىدۇ. ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىسى نامازدۇر، تاھارەتنى مۆئمىن كىشىلا مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلايدۇ. ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

استكثروا من النعال فإن الرجل لا يزال راكبا ما دام منتعلا ( حم تخ م ن ) عن جابر ( طب ) عن عمران بن حصين (طس) عن ابن عمرو

954. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەشلەرنى كۆپ قىلىپ قويۇڭلار. چۈنكى، كىشى ئايىغى بولسىلا دائىم سەپەرگە چىقالايدۇ (بولۇپمۇ ئۇرۇشقا). ئەھمەد، بۇخارى تارىخدا، مۇسلىم، نەسەئى جابىردىن، تەبرانى ئىمراندىن، ئەۋسەت ئىبنى ئەمرۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس ئۇرۇش سەپىرىگە تەييارلىق قىلدۇرىدۇ.

استمتعوا من هذا البيت فإنه قد هدم مرتين و يرفع في الثالثة ( طب ك ) عن ابن عمر

955. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇ ئۆيدىن يەنى بەيتۇللاھتىن ئوبدان مەنپەئەتلىنىڭلار. ھەققەتەن ئۇ ئىككى قېتىم چېقىلدى، ئۈچىنچى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) استنثروا مرتين بالغتين أو ثلاثا ( حم د ه ك ) عن ابن عباس

956. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرنۇڭلارغا يېتەرلىك، قاتتىق ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىڭلار (روزا تۇتقۇچى بوشراق ئالىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أستودع الله دينك و أمانتك و خواتيم عملك ( د ت ) عن ابن عمر

957. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوشلاشقاندا مۇنداق دەيتتى: دىنىڭنى، ئامانىتىڭنى، ئەمەللىرىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقىلىرىنى (يەنى ياخشى بولۇشىنى) ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھقا ئامانەت قويدۇم. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أستودعك الله الذي لا تضيع ودائعه ( ه ) عن أبي هريرة

958. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەپ خوشلاشاتتى: سېنى قويۇلغان ئامانەت زايا كەتمەيدىغان ئاللاھقا تاپشۇردۇم. يەنى ئاللاھقا ئامانەت، ئاللاھ ئامانەتنى زايا قىلمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) استوصوا بالأنصار خيرا ( حم ) عن أنس

959. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

استوصوا بالنساء خيرا فإن المرأة خلقت من ضلع و إن أعوج شيء في الضلع أعلاه فإن ذهبت تقيمه كسرته و إن تركته لم يزل أعوج فاستوصوا بالنساء خيرا ( ق ) عن أبي هريرة

960. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارغا ياخشىلىقنى ۋەسىيەت، تەۋسىيە قىلىڭلار. چۈنكى، ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارالغان. نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەگرىرەكى ئۈستۈنكى قوۋۇرغىدۇر. ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرىسەن. تەرك ئېتىپ جىم قويساڭ ئەگرى پېتى تۇرىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغا دائىم ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ۋەز-نەسىھەت قىلىڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. شەخسەن، سەييىد قۇتۇپ ئۆز تەپسىرىدە بۇ ھەدىستە مەسىلە بار دېگەن.

استووا و لا تختلفوا فتختلف قلوبكم و ليلني منكم أولو الأحلام و النهي ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ( حم م ن ) عن أبي مسعود

961. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپتە تۈز تۇرۇڭلار، ئىگىز-پەس تۇرماڭلار، قەلبىڭلار ئىختىلاپ، مۇتەپەررىق بولۇپ كېتىدۇ. ماڭا سىلەردىن ئەڭ ئالىم، مۆتىۋەر، پىشقەدەملەر يېقىن تۇرسۇن، ئەقىل، ئىلىم ئىگىلىرى يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلار يېقىن تۇرسۇن. مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أسرع قبائل العرب فناء قريش يوشك أن تمر المرأة بالنعل فتقول: هذه نعل قرشي ( حم ) عن أبي هريرة

962. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئەڭ تېز يوقايدىغىنى قۇرەيش قەبىلىسىدۇر. پات يېقىندا بىرەر ئايال كىشى كەش، ئاياغلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئوھوي! بۇ قۇرەيشلەرگە مەنسۇپ ئاياغقۇ؟ دەپ قالىدۇ. يەنى، شۇلارغا مەنسۇپ بولغان كىيىم-كېچەك ۋە ئۇنىڭ نۇسخىسى قېلىپ قالىدۇ، ئۆزلىرى يوقىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أسرعكن لحاقا بي أطولكن يدا ( م ن ) عن عائشة

963. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ماڭا تېز ئۇچرىشىدىغان، مەن بىلەن بىللە بولىدىغان كىشى بولسا، قولى ئۇزۇن (يەنى سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان) ئايالدۇر. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أسرعوا بالجنازة فإن تك صالحة فخير تقدموها إليه و إن تك سوى ذلك فشر تضعونه عن رقابكم(حم ق 4 هريرة

964. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازىنى تېز ئاپىرىڭلار. ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى كىشى بولسا، تېز ئاپىرىشىڭلار ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولماي، يامان كىشى بولسا، بۇ يامانىدۇركى، ئۇنى مۈرەڭلاردىن تېزراق قويۇۋېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئالتە كىتابتىن تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئىلەر توپلىغان، سەھىھ.

أسرف رجل على نفسه فلما حضره الموت أوصى بنيه فقال: إذا أنا مت فأحرقوني ثم اسحقوني ثم اذروني في البحر فوالله لئن قدر علي ربي ليعذبني عذابا ما عذبه أحدا ففعلوا ذلك به فقال الله للأرض: أدي ما أخذت فإذا هو قائم فقال: ما حملك على ما صنعت ؟ قال خشيتك يا رب فغفر له بذلك ( حم ق ) عن أبي هريرة .

965. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىمقى زامانلاردا بىر كىشى ئۆز نەپسىگە ئىسراپ قىلدى، يەنى ياخشىلىق قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلگەندە، باللىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى: مەن ئۆلسەم مېنى كۆيدۈرۈڭلار، ئاندىن كۈلىنى ئېزىپ دېڭىزغا سورۇۋېتىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر رەببىم ئاللاھ مېنى شۇ ھالەتتىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولسا، مېنى ھېچ كىشىنى ئازاپلاپ باقمىغاندەك ئازاپتا ئازاپلىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلدى، ئاندىن ئاللاھ زېمىنغا: ئالغانلىرىڭنى ئادا قىل، بىرلەشتۈر! دېدى (يەنە بىر خاتىرىدە ۋۇجۇدقا كەل! دېدى) ناگاھان ئۇ تىرىلىپ دەس تۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سېنى بۇ ئىشنى قىلىشىڭغا نېمە قىزىقتۇرۇپ، سەۋەب بولدى؟ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ: يا رەببىم، سىلىدىن قورقۇش دەيدۇ. ئاندىن شۇ سەۋەبلىك مەغفىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى كىشى بۇرۇنقى ئادەم بولۇپ، بىزنىڭ ھازىرقى دىنىمىزدا بۇنداق قىلىدىغان ئىش يوق. شۇنداقلا، ئۇ مۆئمىن كىشى ئىكەن، رەببىم دېدى، قورقتى. قەتادە رەھمەھۇللاھ، ئاللاھتىن قورقۇپ مەغفىرەتكە ئېرىشتى، سەنمۇ شۇنداق قورق دېگەن.

أسرق الناس الذي يسرق صلاته: لا يتم ركوعها و لا سجودها و أبخل الناس من بخل بالسلام ( طس ) عن عبدالله

966. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئوغرىراقى رۇكۇ، سەجدىلەرنى كامىل قىلمايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ بېخىلراقى سالامغا بېخىل كىشىلەردۇر. ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

أسعد الناس بشفاعتي يوم القيامة من قال: لا إله إلا الله خالصا مخلصا من قلبه ( خ ) عن أبي هريرة

967. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى شاپائىتىم بىلەن بەختلىك بولىدىغان سائادەتمەن كىشى بولسا، چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، خالىس ھالدا، ساپ ھالدا، لائىلاھە ئىللەللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق) دېگەن كىشىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اسعوا فإن الله قد كتب عليكم السعي ( حم ) عن حبيبة بنت أبي تجراة

968. ھەبىيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەج پائالىيىتىدە، بولۇپمۇ، بەيتۇللاھنى تاۋاب قىلغاندا، سافا ـ مەرۋە تېغىنى تاۋاب قىلىپ ماڭغاندا، ئويناقشىپ، نوچىلىق بىلەن مېڭىڭلار. ھەققەتەن ئاللاھ بۇنى سىلەرگە پۈتتى، يەنى پەرز قىلدى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلار ئالدىدا ئويناقشىپ، نوچىلىق بىلەن مېڭىش ھازىرمۇ بېكىتىلدى، چۈنكى ھازىرمۇ دىنسىزلار كۆرۈپ تۇرىدۇ.

أسفر بصلاة الصبح حتى يرى القوم مواقع نبلهم ( الطيالسي ) عن رافع بن خديج

969. رايىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىنى كىشىلەر ئاتقان ئوقيانىڭ چۈشكەن ئورنىنى كۆرۈپ بىلەلىگىدەك يورۇقلۇقتا ئاقارتىپ ئوقۇغىن. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

لېكىن، قاراڭغۇدا ئوقۇغانلىقىمۇ سەھىھ ھەدىس بار. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىللەپ، ياخشىسى ئوتتۇرھال، نورمال، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغىنى دېگەن.

( صحيح ) أسفروا بالفجر فإنه أعظم للأجر ( ت ن حب ) عن رافع

970. رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىنى سۈبھىنى ئاقارتىپ ئوقۇڭلار. ئۇنىڭ ساۋابى، ئەجرى كاتتا بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، قاراڭغۇدا، ھەتتا ئاياللار نامازدىن قايتقاندا بىر-بىرىنى تونىيالمىغۇدەك ھالەتتە ئوقۇغان ھەدىس سەھىراق. سەھىھ ئىككى ھەدىس تاقىشىپ، زىتلىشىپ قالسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىشەنچلىكرەكىنى ئالىمىز. بولۇپمۇ تۆت خەلىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى (مەسىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نىڭ ھەدىسلىرىنى ئالىمىز. ھەدىسلەرنى ياراشتۇرىدىغان 70 نەچچە يول بار، بۇ يوللارنى ھەدىس ئىلمى تەتقىقاتىنى ئوقۇغانلار ئوبدان بىلىدۇ دېگەن.

( حسن ) أسلم الناس و آمن عمرو بن العاص ( حم ت ) عن عقبة بن عامر

971. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان مۆئمىنرەكى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أسلمت على ما أسلفت من خير ( حم ق ) عن حكيم بن حزام

972. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بۇرۇنقى جاھىلىيەت ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ پايدىسى توغرىلىق سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بۇرۇن قىلغان ياخشىلىق، سىلە-رەھىملىرىڭنىڭ سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بولدۇڭ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أسلم ثم قاتل ( خ ) عن البراء

973. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالدى بىلەن ئىسلام كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاندىن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغىن. بۇخارى، سەھىھ.

( صحيح ) أسلم و إن كنت كارها ( حم ع الضياء ) عن أنس

974. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان بول، ئىسلام كەلتۈر. ئاندىن بىر كىشى مەن ياقتۇرمىدىم، مەجبۇرلىنىپ قالدىم دېگەندە، گەرچە سەن ياقتۇرمىساڭمۇ مۇسۇلمان بول! دېگەن. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أسلم سالمها الله و غفار غفر الله لها أما و الله ما أنا قلته و لكن الله قاله(حم طب ك)عن سلمة بن الأكوع(م عن أبي

975. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلغاي، غەپپار قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلغاي. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزنى مەن دېمىدىم، ئاللاھمۇ شۇنداق دېدى. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أسلم و غفار و أشجع و مزينة و جهينة و من كان من بني كعب موالي دون الناس و الله و رسوله مولاهم ( ك ) عن أبي أيوب

976. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غەپپار، ئەشجەئ، مۇزەينەت، جۇھەينەت، بەنى كەئبدىن بولغان كىشىلەر مېنىڭ دوستلۇرۇم، باشقىلار ئەمەس. شۇلار مېنىڭ دوستلۇرۇم، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ مەۋلاسى ئىگىسى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أسلم و غفار و شيء من مزينة و جهينة خير عند الله من أسد و تميم و هوازن و غطفان ( حم ق ) عن أبي هريرة

977. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غەپپار، مۇزەينەدىن ئازراق كىشىلەر، جۇھەينەت قەبىلىلىرى ئاللاھنىڭ نەزىلدە ئەسەد، تەمىيم، ھاۋازىن، غەتقان قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أسلم و غفار و مزينة خير من تميم و أسد و غطفان و عامر بن صعصعة ( ت ) عن أبي بكرة

978. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسلەم، غەپپار، مۇزەينەت قەبىلىسى تەمىيم، ئەسەد، غەتقان، ئامىر ئىبنى سەئسەت قەبىلىسىدىن ياخشىراقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسلەردىكى مەقسەت شۇ قەبىلىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر.

اسم الله الأعظم الذي إذا دعي به أجاب في ثلاث سور من القرآن في البقرة و آل عمران و ط ( ه طب ك ) عن

979. ئەبۇ ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا قىلىنسا ئىجاۋەت بولىدىغان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى (يەنى ئىسىم ـ ئەئزەم) قۇرئاننىڭ مۇنۇ ئۈچ سۈرىسىدە باردۇر. 1 ـ سۈرە بەقەر، 2ـ سۈرە ئال ئىمران، 3ـ سۈرە تاھا. ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اسم الله الأعظم في هاتين الآيتين ( و إلهكم إله واحد لا إله إلا هو الرحمن الرحيم و فاتحة آل عمران ( الم الله لا إله إلا هو الحي القيوم ) . ( حم د ت ه ) عن أسماء بنت يزيد

980. ئەسمائ بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى (يەنى ئىسىم ـ ئەئزەم) مۇشۇ ئىككى ئايەتتە باردۇر. 1 ـ «ۋەئىلاھۇكۇم ئىلاھۇۋۋاھىد لائىلاھە ئىللاھۇۋەررەھمانۇررەھيم» (تەرجىمىسى: سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئاللاھدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەئبۇد، بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر) 2ـ سۈرە ئال ئىمراننىڭ بېشىدىكى ئايەتتۇر. «ئەلىف لام مىيم، ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللا ھۇۋەلھەييۇلقەييۇم» (تەرجىمىسى: ئەلىف، لام، مىيمنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ مەڭگۈ تىرىك، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) اسمحوا يسمح لكم ( عب ) عن عطاء مرسلا

981. ئەتائ رەھمەھۇللاھدىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇ قىلىڭلار. سىلەرگىمۇ كەڭ قورساق بولۇنۇپ، ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئابدۇررەززاق توپلىغان، سەھىھ.

اسمح يسمح لك ( حم طب هب ) عن ابن عباس

982. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەڭ قورساق بولۇپ، سېخىيلىق قىلىپ، ئاسان قىل. ساڭىمۇ سېخىيلىق قىلىنىدۇ، ئاسان قىلىنىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اسمع و أطع و لو لعبد حبشي مجدع الأطراف ( حم م ) عن أبي ذر

983. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە ئەزالىرى كېسىلىپ، چولاق بولغان كىشى ساڭا باش بولسىمۇ، ئاڭلاپ ئىتائەت قىل. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

اسمعوا و أطيعوا فإنما عليهم ما حملوا و عليكم ما حملتم ( م ت ) عن وائل

984. ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام، خەلىپە، مۇسۇلمان باشلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇلارغىمۇ ئۆزلىرى تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، سىلەرگىمۇ سىلەر تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۈكلىنىدۇ، يەنى، ھەركىم ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اسمعوا و أطيعوا و إن استعمل عليكم عبد حبشي كأن رأسه زبيبة ( حم خ ه ) عن أنس

985. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېشى يىمىشتەك قورۇلۇپ كەتكەن، ھەبەشىستانلىق، قارا تەنلىك مۇسۇلمان قۇل سىلەرگە باش بولسا، خىزمەتكە چۈشسە، سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەلۋەتتە، بۇ ئىتائەت قىلىش ياخشىلىق ئىشلاردا بولىدۇ، خالىققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق دېگەن ھەدىسمۇ سەھىھ.

أسوأ الناس سرقة الذي يسرق من صلاته لا يتم ركوعها و لا سجودها و لا خشوعها ( حم ك ) عن أبي قتادة ( الطيالسي حم ع ) عن أبي سعيد

986. ئەبۇ قەتادەت، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامان ئوغرى نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدىسىنى خۇشۇئ (يەنى ھەققى قورقۇپ، تىترەپ، چىن قەلبىدىن تۆۋەنلىك بىلەن ئوقۇش) نى كامىل قىلمايدىغان ناماز ئوغرىسىدۇر. ئەھمەد، ھاكىم، تەيالىسى، ئەبۇ يەئلالار توپلىغان، سەھىھ.

نامازنىڭ يۇقىرىقى ئىشلىرىنى كامىل قىلمىسا، ناماز كامىل بولمايدۇ؛ پەقەت قىلمىسا، ناماز پەقەت بولمايدۇ.

( صحيح ) أشبه من رأيت بجبريل دحية الكلبي ( ابن سعد ) عن ابن شهاب

987. ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كۆرگەن كىشىلەردىن جىبرىئىلغا ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغىنى دىھيەتۇلكەلبىدۇر. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە مۇشۇ ساھابىنىڭ سۈرىتىدە چۈشەتتى، بۇ بەك گۈزەل كىشى ئىدى.

اشتد غضب الله على من زعم أنه ملك الأملاك لا ملك إلا الله ( حم ق ) عن أبي هريرة ( الحارث ) عن ابن عباس

988. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ غەزىپى ئۆزىنى پادىشاھلار پادىشاھى دەپ داۋا قىلغان كىشىگە قاتتىق بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىككى ئالەملىك ھەق پادىشاھ يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ھارىس توپلىغان، سەھىھ.

اشترى رجل من رجل عقارا له فوجد الرجل الذي اشترى العقار في عقاره جرة فيها ذهب فقال الذي اشترى العقار: خذ ذهبك مني إنما اشتريت منك الأرض و لم أبتع الذهب و قال الذي له الأرض: إنما بعتك الأرض و ما فيها فتحاكما إلى رجل فقال الذي تحاكما إليه: ألكما ولد ؟ قال أحدهما: لي غلام و قال الآخر: لي جارية قال: أنكحوا الغلام الجارية و أنفقوا على أنفسكما منه و تصدقوا ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

989. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن زېمىن سېتىۋاپتۇ. زېمىننى سېتىۋالغىنى ئۇ جايدىن بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇ زېمىن ئىگىسىگە: مەن سەندىن زېمىننى سېتىۋالغان، ئالتۇننى سېتىۋالمىغان، بۇ ئالتۇننى سەن ئال دەپتۇ. زېمىن ئىگىسى ئۇنىڭغا: مەن ساڭا زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ساتقان، ئالتۇننى سەن ئۆزۈڭ ئال دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئالتۇننى بىرسى ـ بىرسىگە ئۆتۈنۈشۈپ، يەنە بىر كىشىنىڭ قېشىغا داۋالىشىپ بېرىپتۇ. ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى ئۇلاردىن: بالاڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. بىرسى، مېنىڭ ئوغلۇم بار دېسە، يەنە بىرسى مېنىڭ بىر قىزىم بار، دەپتۇ. ھۆكۈم قىلغۇچى كىشى:

ھەببەللى، بۇ ئوغۇلغا بۇ قىزنى نىكاھلاپ قويۇڭلار، بۇ ئالتۇننى ئۆزۈڭلارغا ۋە ئۇلارغا خىراجەت قىلىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار دەپتۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

پاھ! ئەنە شۇنداق پاك، ساپ نىيەتلىك سېخىي كىشىلەر ھازىرمۇ بارمىدۇ؟ ئاللاھ خالىسا باردۇر.

اشتكت النار إلى ربها فقالت: يا رب أكل بعضي بعضا فأذن لها بنفسين نفس في الشتاء و نفس في الصيف فهو أشد ما تجدون من الحر و أشد ما تجدون من الزمهرير ( مالك ق ه ) عن أبي هريرة

990. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ پەرۋەردىگارىغا، بىر قىسمىم بىر قىسمىمنى يەپ كەتتى دەپ شىكايەت قىلىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا يازدا بىر، قىشتا بىر، ئىككى نەپەسنى قىلىپ بېرىپتۇ. يازدىكى نەپەسلىنىشى بولسا، سىلەر تاپقان ھارارەت، قىززىق شۇدۇر؛ قىشتىكى بولسا، سىلەر تاپقان قاتتىق سوغۇق شۇدۇر. مالىك، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اشتكت النار إلى ربها و قالت: يا رب أكل بعضي بعضا فجعل لها نفسين نفسا في الشتاء و نفسا في الصيف فأما نفسها في الشتاء فهو زمهرير و أما نفسها في الصيف فسموم ( ت ) عن أبي هريرة

991. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ رەببىگە، ئى رەببىم، بەزىم بەزىمنى يەپ كەتتى دەپ شىكايەت، ئەرز قىلىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا يازدا بىر، قىشتا بىر، ئىككى نەپەس قىلىپ بېرىپتۇ. قىشتىكى نەپەس بولسا، قاتتىق سوغۇقتۇر؛ يازدىكى بولسا، زەھەرلىك قاتتىق ئىسسىقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنىڭ ھەقىقى مەنىسنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزنى قىلغان ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز. چۈنكى، بۇ ئىشلار غەيىپ ئىشلار بولۇپ، بىزنىڭ تەتقىقات دائىرىمىزدە ئەمەس. ئەمما، شۇ بىزگە مەلۇمكى، دوۋزاخ قاتتىق قىززىق ئوتتۇر، ئۇنىڭدا سوغۇقمۇ يوق ئەمەستۇر. دوۋزاخنىڭ بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنياغا، يەرشارىغا تەسىرى بار ئىكەن، دوۋزاخ بىزدىن بەكمۇ يىراق ئەمەسكەن. ئاسمانلار ئۈستىدە جەننەت، ئاستىدا دوۋزاخ سىنى كۈتۈپ تۇرسا، سەن قاپ ئوتتۇرىدا قانداقمۇ خاتىرجەم ئۇخلايسەن؟

أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الأمثل فالأمثل يبتلى الرجل على حسب دينه فإن كان في دينه صلبا اشتد بلاؤه و إن كان في دينه رقة ابتلي على قدر دينه فما يبرح البلاء بالعبد حتى يتركه يمشي على الأرض و ما عليه خطيئة ( حم خ ن ه ) عن سعد

992. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ قاتتىق بالاغا گىرىپتار بولىدىغىنى پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا شۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى، ئاندىن قالسا شۇلارنىڭ ئوخششى (يەنى، سىددىق، شەھىد، ئەۋلىيالار). كىشى دىنىنىڭ ھېسابىدا، مىقدارىدا سىناق بالاسىغا گىرىپتار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دىندا قاتتىق، چىڭ تۇرسا، بالاسى قاتتىق، چىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دىندا يۇمشاق، سۇس بولسا، دىنىنىڭ مىقدارىدا سىنىلىدۇ. سىناق بالاسى بەندىدە شۇنداق داۋاملىشىدۇكى، بەندە يەر يۈزىدە خاتالىق يوق ھالدا ماڭىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الأمثل فالأمثل يبتلى الناس على قدر دينهم فمن ثخن دينه اشتد بلاؤه و من ضعف دينه ضعف بلاؤه و إن الرجل ليصيبه البلاء حتى يمشي في الناس ما عليه خطيئة ( حب ) عن أبي سعيد

993. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ سىناق بالاسى قاتتىق بولىدىغىنى پەيغەمبەرلەردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوخششى. كىشىلەر دىنىنىڭ مىقدارىدا سىناق بالاسىغا گىرىپتار قىلىنىدۇ. دىندا مۇستەھكەم، چىڭ تۇرىدىغان كىشىنىڭ بالاسى قاتتىق بولىدۇ؛ دىندا ئاجىز كىشىنىڭ بالاسىمۇ ئاجىز

بولىدۇ. (دىنى يوق كىشىنىڭ بالاسى يوق بولىدىكەن ـ دە؟ ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ) كىشىگە مۇسىبەت شۇنداق يېتىدۇكى، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا خاتالىقى يوق ھالدا ماڭىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أشد الناس بلاء الأنبياء الصالحون ثم الأمثل فالأمثل ( طب ) عن أخت حذيفة

994. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالاسى، دەرت ـ ئەلەملىرى قاتتىق كىشىلەر پەيغەمبەرلەر، ئاندىن ئوخشاشلىرى، ئاندىن ئوخشىشىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الصالحون لقد كان أحدهم يبتلى بالفقر حتى ما يجد إلا العباءة يجوبها فيلبسها و يبتلى بالقمل حتى يقتله و لأحدهم كان أشد فرحا بالبلاء من أحدكم بالعطاء( ه ع ك ) عن أبي سعيد

995. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالاسى قاتتىق كىشى، پەيغەمبەرلەردۇر، ئاندىن سالىھ، ياخشى كىشىلەردۇر. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بىرسى پېقىرلىق بالاسى بىلەن سىنالدى، ئۇ پەقەت جۇۋىدىن باشقا نەرسە تاپالمىدى، ئۇ جۇۋا بىلەن ئىسسىناتتى، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلىنىپ، شۇنىلا كىيەتتى. بەزىسى بولسا باش پىتى، سىركە بىلەن سىنالدى، ئۇ كىچىك جاندار بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار سىناق بالاسىغا سىلەردىن بىر كىشى سوۋغا ـ سالام، ھەدىيىگە خۇشال بولغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئىبنى ماجە، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الذين يلوهم ثم الذين يلوهم ( حم طب ) عن فاطمة بنت اليمان

996. پاتىمە بىنتى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق د ىگەن: ئەڭ قاتتىق بالاغا گىرىپتار بولىدىغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار (يەنى مەرتىۋىدە). ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسلەردىن سىناق، بالا ياخشى كىشىلەرگە كۆپ كېلىدۇ، تېخى قاتتىق كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ھازىرقىدەك پىتنە ـ پاسات، دىنسىزلار جەمئىيىتىدە تېخىمۇ قاتتىق كېلىدۇ. دىندا چىڭ تۇرسا، بالامۇ قاتتىق بولۇۋاتىدۇ؛ دىندىن چىقىپ كەتسە، بۇ دۇنيادا خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ. يەنىلا ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۆلگە ـ ئۆرنەك بولغىدەك ئىسلام دىندا ئىمان ـ ئېتىقادتا، ھەقىقەتەن قاتتىق چىڭ تۇرۇش، ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش لازىم. چۈنكى، خاتالىق قالمايدۇ. بالا، پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى زىيادە قىلىدۇ، سىددىق، شەھىد، سالىھ كىشىلەرگە مەغپىرەت دەرىجە بولىدۇ. مۇناپىق، دىنسىزلارغا كەلگەن ئازاب بالاسى بالا ئۈستىگە بالا، ئازابنى ئازابقا ئۇلاش بولىدۇ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. دىندا چىڭ تۇرايلى! ئاللاھنىڭ ساقلاپ قېلىشىغىمۇ ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر.

أشد الناس عذابا عند الله يوم القيامة: الذين يضاهون بخلق الله ( حم ق ن ) عن عائشة

997. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىپ رەسىم سىزىدىغان، ھەيكەل ياسايدىغان رەسساملاردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أشد الناس عذابا للناس في الدنيا أشد الناس عذابا عند الله يوم القيامة ( حم هب ) عن خالد بن الوليد ( ك ) عن عياض بن غنم وهشام بن حكيم

998. خالىد ئىبنى ۋەلىيد، ئىياز ئىبنى غەنەم، ھىشام ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنى قاتتىق ئازابلىغانلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أشد الناس عذابا يوم القيامة: المصورون يقال لهم: أحيوا ما خلقتم( حم ) عن ابن عمر

999. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغان كىشىلەر بولسا سۈرەت سىزغۇچى رەسساملاردۇر. ئۇلارغا سىلەر ئىجاد قىلغان، ياراتماقچى بولغان نەرسىنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار دېيىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسلەردىن جانلىق مەخلۇقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش، ھەيكىلىنى ياساش ھارامدۇر. پەتىۋانى قويۇپ، مۇتلەق ھەدىسكە ئەمەل قىلىڭ، شەھۋانىي سۈرەتلەر تېخىمۇ ھارام.

أشد الناس عذابا يوم القيامة رجل قتل نبيا أو قتله نبي أو رجل يضل الناس بغير علم أو مصور يصور التماثيل ( حم ) عن ابن مسعود .

1000. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن ياكى پەيغەمبەر ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر. يەنە بىرسى بولسا كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغان كىشى ۋە شۇنداقلا سۈرەت، ھەيكەل سىزىدىغان رەسسامدۇر. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) أشد الناس يوم القيامة عذابا إمام جائر ( ع طس حل ) عن أبي سعيد

1001. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى زالىم ئىمامدۇر، يەنى زالىم خەلىپە، سۇلتان. ئەبۇ يەئلا، ئەۋسەت، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أشد أمتي حياء: عثمان بن عفان ( حل ) عن ابن عمر

1002. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ قاتتىق، بەك ھايا قىلىدىغىنى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. يەنى خەلىپە.

أشد أمتي لي حبا قوم يكونون بعدي يود أحدهم أنه فقد أهله و ماله و أنه رآني( حم ) عن أبي ذر .

1003. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن مېنى ئەڭ قاتتىق ياخشى كۆرىدىغانلار مەندىن كېيىن بولىدىغان قەۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى بارلىق ئەھلى ـ باللىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوقىتىپمۇ بولسا، شۇلارنىڭ بەدىلىگە مېنى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىپ، ياخشى كۆرىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أشعر كلمة تكلمت بها العرب كلمة لبيد: ; ألا كل شيء ما خلا الله باطل ( م ت ) عن أبي هريرة

1004. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەر سۆزلىگەن شېئىر سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى لۇبەيدەنىڭ سۆزىدۇر ئۇ بولسا، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسە باتىلدۇر. بولۇپمۇ ئاللاھتىن باشقا، ئۇلار ئۆزلىرى ئاتىۋالغان بۇتلار باتىلدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اشفع الأذان و أوتر الإقامة ( خط ) عن أنس ( الدارقطني في الأفراد ) عن جابر

1005. ئەنەس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزاننى جۈپ تووۇلغىن، تەكبىرنى تاق ئېيتقىن. خەتىبۇلبەغداد، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

تەكبىر ئەزانغا ئوخشاش بولۇپ، تاق ئېيتىلىدۇ، قەدقامەتىسسالات جۈپ ئېيتىلىدۇ. تاق ئېيتىش ئەزاننىڭ يېرىمىنى ئېيتىشتۇر.

( صحيح ) اشفعوا تؤجروا ( ابن عساكر ) عن معاوية

1006. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شاپائەت قىلىڭلار، يەنى قېرىندىشىڭلارنى سوراپ، تىلىۋېلىڭلار، ياردەم بېرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

بۇ دۇنيادىكى شاپائەت، ئىگە بولۇش، ياردەم قىلىش، سوراپ تىلىۋېلىش، يولىنى مېڭىپ بېرىشتۇر.

اشفعوا تؤجروا و يقضي الله على لسان نبيه ما شاء ( ق 3 ) عن أبي موسى

1007. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شاپائەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە ئەجىر بېرىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أشكر الناس لله أشكرهم للناس ( حم طب هب الضياء ) عن الأشعث بن قيس ( طب هب ) عن أسامة بن زيد ( عد ) عن ابن مسعود

1008. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلىدىغان كىشى سىلەرگىمۇ تەشەككۈر بىلدۈرىدىغان، رەھمىتىنى بىلدۈرىدىغان كىشىدۇر. كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن، رەھمەت دېگەن كىشى ئاللاھقىمۇ شۈكرىنى كۆپ قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى ئەشئەسدىن، تەبرانى، بەيھەقى ئۇسامەدىن، ئىبنى ئەدى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله لا يلقى الله بهما عبد غير شاك فيهما إلا دخل الجنة حم م ) عن أبي هريرة

1009. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ھەرقانداق بىر بەندە مۇشۇ شاھادەت بىلەن شەك قىلمىغان ھالدا ئاللاھقا ئۇچراشسا، شەكسىز گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أشيدوا النكاح ( طب ) عن السائب بن يزيد

1010. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھنى، نىكاھ ئىشىنى كەڭ تارقىتىڭلار، يەنى پۈتۈن كىشىلەر ئۇققىدەك ئېلان قىلىپ جاكارلاڭلار، مەخپى بولمىسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أشيدوا النكاح و أعلنوه ( الحسن بن سفيان طب ) عن هبار بن الأسود

1011. ھۇبار ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى كەڭ تارقىتىپ ئېلان قىلىڭلار، يەنى مەخپى بولمىسۇن. تەبرانى، ھەسەن. ئىبنى سۇپيان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أصابع اليدين و الرجلين سواء ( د ) عن ابن عباس

1012. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى قول، ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى باراۋەر ئوخشاشتۇر. (يەنى دىيەت، جازا، تۆلەم مەسىلىلىرىدە) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أصدق كلمة قالها الشاعر كلمة لبيد: ; ألا كل شيء ما خلا الله باطل ( ق ه ) عن أبي هريرة

1013. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شائىر ئېيتقان سۆزنىڭ ئەڭ راستچىل، سەممىيرەكى شائىر لۇبەيدنىڭ سۆزىدۇر. ئەلا كۇللى شەيئىن ما خەلەللاھ باتىل. (تەرجىمىسى: ئاللاھتىن باشقا بارلىق نەرسىلەر باتىلدۇر) بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اصرف بصرك ( حم م 3 ) عن جرير

1014. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تۇيۇقسىز قاراپ سېلىش توغرىسىدا سورىسام، مۇنداق دېگەن: كۆزۈڭنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىۋال. (يەنى، باشقا تەرەپكە قارىۋال ياكى كۆزۈڭنى يۇمۇۋال دېگەن مەنىدە) مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

اصنعوا لآل جعفر طعاما فإنه قد أتاهم ما يشغلهم ( حم د ت ه ك ) عن عبدالله بن جعفر

1015. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولغاندا مۇنداق دېگەن: جەئپەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا تائام قىلىپ بېرىڭلار. ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئۇلارنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان مۇسىبەت كەلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان. بۇ سەھىھ ھەدىستىن مېيىت ئەھلىگە ياردەم بېرىش، تاماق بېرىش كۆرسىتىلىدۇ. مېيىت چىقىرىلغان كۈنى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەب، قۇرئان تامام قىلىش سەۋەبلىرى بىلەن زىياپەت قىلىش، يىغلىپ زىيان سېلىشلار بىدئەتتۇر. مىراس تەقسىم قىلىنماي تۇرۇپ يېيىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. مال يېتىمنىڭ ھەققى بولسا، غايىب، يوق كىشىنىڭ بولسا، يەنىلا چەكلىنىدۇ. سەن دەلىلنى ساھابە، تابىئىنلاردەك چۈشەنگىن.

اصنعوا ما بدا لكم فما قضى الله تعالى فهو كائن و ليس من كل الماء يكون الولد ( حم ) عن أبي سعيد

1016. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇزلەت يەنى ئىسپىرما سۈيىنى تۆكۈۋېتىش توغرىسىدا سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئاشكارا بولغان ئىشنى قىلىڭلار، يەنى شۇنداق قىلساڭلارمۇ ئاللاھ ھۆكۈم قىلغان ئىش چوقۇم يۈز بېرىۋېرىدۇ. بالا مەنىي، ئىسپىرما سۈيىنىڭ ھەممىسىدىن بولمايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە، بالا كۆرمەسلىك ئۈچۈن قىلغان چارە ـ ئامال ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دېگەندىن سىرت، بىر مۆجىزە سۆزلەنگەن. ئۇ بولسا، بالا ئىسپىرمىنىڭ ھەممىسىدىن ئەمەس، ناھايىتى كىچىك بىر جۈزئىسىدىن بولىدۇ. ھازىر بۇ ئىسپاتلىنىپ، بالا ئانا تۇخۇمچىسىغا كىرىپ، چاپلىشىدىغان بىر تال ئىسپىرما ھۈجەيرىسىدىن يارىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئېنىق مۆجىزە بولۇپ، 1400 يىل بۇرۇنلا بۇ مەسىلىنى قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر ئوچۇق سۆزلەپ بولغان. ئىسلام دىنى ھەقتۇر، ئاللاھۇ ئەكبەر.

أضل الله عن الجمعة من كان قبلنا فكان لليهود يوم السبت و كان للنصارى يوم الأحد فجاء الله بنا فهدانا الله ليوم الجمعة فجعل الجمعة و السبت و الأحد و كذلك هم تبع لنا يوم القيامة نحن الآخرون من أهل الدنيا و الأولون يوم القيامة المقضي لهم قبل الخلائق( م ن ه ) عن حذيفة وأبي هريرة

1017. ھۇزەيفە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىزدىن بۇرۇنقىلارنى جۈمئە توغرىسىدا ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلدى. شەنبە كۈن يەھۇدىيلارنىڭ، يەكشەنبە كۈن ناسارالارنىڭ بولدى. ئاللاھ بىزنى كەلتۈرۈپ، جۈمئە كۈنىگە ھىدايەت قىلدى. ئاندىن جۈمئە كۈنى مۇسۇلمانلارغا، شەنبە كۈن يەھۇدىيلارغا، يەكشەنبە كۈن ناسارالارغا قىلىندى. ئەنە شۇنداق، ئۇلار قىيامەت كۈنىمۇ بىزگە ئەگىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بىز دۇنياغا كېلىشتە كېيىن كەلگەن، قىيامەت كۈنى بولسا، بىز بۇرۇن تۇرىمىز. بارلىق خالايىقلاردىن بۇرۇن بىزگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ، يەنى جەننەتكە بىز بۇرۇن كىرىمىز. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اضمنوا لي ستا من أنفسكم أضمن لكم الجنة اصدقوا إذا حدثتم و أوفوا إذا وعدتم و أدوا إذا ائتمنتم و احفظوا فروجكم و غضوا أبصاركم و كفوا أيديكم ( حم حب ك هب ) عن عبادة بن الصامت

1018. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ماڭا ئالتە ئىشقا كېپىل بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن. 1ـ سۆزلىگەندە راست، سەممىي سۆزلەڭلار. 2ـ ۋەدە قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار. 3ـ سىلەرگە

ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلماستىن ئادا قىلىڭلار. 4ـ ئەۋرەتلىرىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار. 5ـ كۆزۈڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار. 6ـ قولۇڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أطب الكلام و أفش السلام و صل الأرحام و صل بالليل و الناس نيام ثم ادخل الجنة بسلام ( حب حل ) عن أبي هريرة

1019. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى سۆزلەرنى قىلساڭ، سالامنى كەڭرى تارقاتساڭ، سىلە ـ رەھىم، ياخشىلىق قىلساڭ، كىشىلەر ئۇخلىغان كېچىلەردە ناماز ئوقۇساڭ، تىنچ ـ سالامەت جەننەتكە كىرىسەن. ئىبنى ھەببان، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

أطت السماء و يحق لها أن تئط و الذي نفس محمد بيده ما فيها موضع شبر إلا و فيه جبهة ملك ساجد يسبح الله بحمده ( ابن مردويه ) عن أنس

1020. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسمان غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى لايىقتۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاسمانلاردا بىر غېرىچ ئورۇن بولسىلا، ئۇ جايدا ئاللاھقا سەجدە قىلغان پەرىشتىنىڭ پىشانىسى باردۇر. ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئىبنى مەردۇۋييە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أطعموا الطعام و أطيبوا الكلام ( طب ) عن الحسن بن علي

1021. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشقىلارغا تائام بېرىڭلار، ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أطعموا الطعام و أفشوا السلام تورثوا الجنان ( طب ) عن عبدالله بن الحارث

1022. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام بېرىڭلار، سالامنى كەڭ تارقىتىپ ئاشكارا سالام قىلىڭلار، جەننەتكە ۋارىس قىلىنىسىلەر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أطفال المؤمنين في جبل في الجنة يكفلهم إبراهيم و سارة حتى يردهم إلى آبائهم يوم القيامة ( حم ك هق في البعث ) عن أبي هريرة ه

1023. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ كىچىك باللىرى يەنى روھلىرى جەننەتتىكى بىر تاغدا بولۇپ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سارە كېپىل بولۇپ تۇرۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أطفال المشركين خدم أهل الجنة ( طس ) عن أنس ( ص ) عن سلمان موقوفا

1024. ئەنەس ، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارنىڭ سەبىي ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللىرى جەننەت ئەھلىنىڭ خادىم، خىزمەتچىلىرىدۇر. ئىبنى مەنسۇر ، تەبراني ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

أطفئوا المصابيح إذا رقدتم و أغلقوا الأبواب و أوكئوا الأسقية و خمروا الطعام و الشراب و لو بعود تعرضه عليه ( خ ) عن جابر

1025. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلىغاندا چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار، ئىشىكلەرنى بىسمىللا دەپ تاقاڭلار، قاچا ـ تۇلۇملارنى مەھكەم ئېتىپ قويۇڭلار، گەرچە بىرەر ياغاچ، شال قويۇپمۇ بولسا تائام، شاراپلارنى يېپىپ قويۇڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

اطلبوا استجابة الدعاء عند التقاء الجيوش و إقامة الصلاة و نزول الغيث ( الشافعي هق في المعرفة ) عن مكحول مرسلا

1026. مەكھۇل رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۈئالارنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىنى مۇنۇ ئۈچ ۋاقىتتا تەلەپ قىلىڭلار. مۇسۇلمان قوشۇنلار دىنسىزلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقاندا، ناماز ئوقۇغاندا، يامغۇر ياغقاندا. شافىئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اطلبوا ليلة القدر في العشر الأواخر فإن غلبتم فلا تغلبوا في السبع البواقي ( عم ) عن علي

1027. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدىن تەلەپ قىلىڭلار. ئەگەر مەغلۇپ بولساڭلارمۇ ئاخىرقى قېلىپ قالغان يەتتىسىدە مەغلۇپ بولماڭلار. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

اطلبوا ليلة القدر في العشر الأواخر في تسع يبقين و سبع يبقين و خمس يبقين و ثلاث يبقين( حم ) عن أبي سعيد

1028. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا قېلىپ قالغان توققۇزىدا، يەتتىسىدە، بەشىدە، ئۈچىدە ئىزدەڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اطلبوا ليلة القدر في العشر الأواخر من رمضان ( طب ) عن ابن عباس

1029. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىزدەڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار 27ـ ئاخشىمى قەدىر كېچىسى دېدى. توغرا، سەھىھ سۆز شۇكى، بۇ مەخپى قىلىنغان. ھەر يىلدا بار، رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10دا، بولۇپمۇ تاق كېچىلەردە بارلىقى سەھىھ.

اطلعت في الجنة فرأيت أكثر أهلها الفقراء و اطلعت في النار فرأيت أكثر أهلها النساء ( حم م ت ) عن ابن عباس ( خ ت ) عن عمران بن حصين

1030. ئىبنى ئابباس، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە قاراپ چىقتىم، جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى پېقىرلار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. دوۋزاخقا قاراپ، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئاياللارنىڭ دىنى كام، ئەقلى كام ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى، ھەتتا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرگە تەڭ. ئايال كىشى باش بولسا، ئۇممەت ھالاك بولۇشى، پىتنە قاتارلىقلار باشقا ھەدىسلەردە خاتىرىلەنگەن.

( صحيح ) أطول الناس أعناقا يوم القيامة المؤذنون ( حم ) عن أنس

1031. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى خىجىللىقتىن، قورقۇنچتىن ئەمن ھالدا بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ماڭىدىغان كىشىلەر مۇئەززىنلەردۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أطيب الطيب المسك ( حم م د ن ) عن أبي سعيد

1032. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇشپۇراق ئەتىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مىسكىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أطيب الكسب عمل الرجل بيده و كل بيع مبرور ( حم طب ك ) عن رافع بن خديج ( طب ) عن ابن عمر

1033. راپىئ ئىبنى خەدىچە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەسىپنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقى كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئەمىلىدۇر، خىزمىتىدۇر، ياخشىلىق بىلەن قىلىنغان تىجارەتتۇر. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أطيعوني ما كنت بين أظهركم و عليكم بكتاب الله أحلوا حلاله و حرموا حرامه ( طب ) عن عوف بن مالك

1034. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قېشىڭلاردا بولسام ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابىنى قۇرئاننى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ كىتاب قۇرئان ھالال قىلغان ھالاللارنى ھالال بىلىڭلار، ھارام قىلغان ھاراملارنى ھارام بىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أظلتكم فتن كقطع الليل المظلم أنجى الناس منها صاحب شاهقة يأكل من رسل غنمه أو رجل من وراء الدروب آخذ بعنان فرسه يأكل من ظل سيفه ( ك ) عن أبي هريرة

1035. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېقىندا سىلەرگە زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىسىدەك پىتنە ـ پاساتلار داۋالغۇپ كېلىدۇ. بۇ پىتنىدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلىدىغان كىشى بولسا، ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا قوي بېقىپ قويىنىڭ سۈتىدىن يەيدىغان كىشىدۇر. (يەنى ئۆمرىنى ئىبادەت، ئىلىم بىلەن ئۆتكۈزىدۇ) ياكى كۆندۈرۈلگەن جەڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، رومغا قارشى سەۋر قىلىپ ئۇرۇش قىلىپ، رىزقىنى قىلىچ سايىسىدىن يەنى غەنىمەتتىن يەيدىغان كىشى پىتنىدىن قۇتۇلالايدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أظنكم قد سمعتم أن أبا عبيدة قدم بشيء من البحرين فأبشروا و أملوا ما يسركم فوالله ما الفقر أخشى عليكم و لكن أخشى عليكم أن تبسط عليكم الدنيا كما بسطت على من كان قبلكم فتنافسوها كما تنافسوها فتهلككم كما أهلكتهم ( حم ق ت ه ) عن عمرو بن عوف الأنصاري

1036. ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ھەققەتەن ئەبۇ ئۇبەيدە بەھرەيىندىن ئولجا، غەنىيمەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى، دەپ گۇمان قىلىمەن. سىلەر ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بىشارەت ئېلىڭلاركى، ئۇ راست ئېلىپ كەلدى. سىلەرنى خۇرسەن قىلىدىغان، سىلەرگە ئاسان قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئارزۇ ـ ئۈمىد قىلساڭلار بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە پېقىرلىقتىن ئەنسىرىمەيمەن. لېكىن، مەن دۇنيانىڭ خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە كەڭرى بولۇپ كەتكەنىدەك، سىلەرگىمۇ كەڭرى بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئاندىن سىلەر بۇرۇنقىلار قىزىزىققاندەك، دۇنياغا قىزىقىپ كېتىسىلەر. ئاندىن دۇنيا بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلغاندەك، سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىۋېتىدۇ، مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اعبد الله كأنك تراه فإن لم تكن تراه فإنه يراك و احسب نفسك مع الموتى و اتق دعوة المظلوم فإنها مستجابة ( حل ) عن زيد بن أرقم

1037. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن. ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىگەن بولساڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭنى ئۆلۈكلەر بىلەن بىرگە ھېسابلا، يەنى ئاخىرەتنىڭ ئادىمى ھېسابلا. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىپ ساقلان، ھەققەتەن ئۇ ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

مانا بۇ ئىخلاس. ئاللاھنى كۆرسە قانداق ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، كۆرمىسىمۇ شۇنداق ئىبادەت قىلىش لازىم. چۈنكى، ئۇ كۆرۈپ تۇرىۋاتىدۇ.

اعبد الله كأنك تراه وعد نفسك في الموتى و إياك و دعوات المظلوم فإنهن مجابات و عليك بصلاة الغداة و صلاة العشاء فاشهدهما فلو تعلمون ما فيهما لأتيتموهما و لو حبوا ( طب ) عن أبي الدرداء .

1038. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئاللاھقا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىن. ئۆزۈڭنى بولسا ئۆلۈپ كەتكەنلەر قاتارىدا سانىغىن. زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئالىرىدىن قاتتىق ھەزەر قىل، چۈنكى ئۇ ئىجابەت بولۇپ كېتىدۇ. ئەتىگەن ـ ئاخشامنىڭ نامازلىرىنى لازىم تۇت، بۇ ئىككى نامازغا جامائەتكە ھازىر بول. ئەگەر

سىلەر بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتلەرنى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھلىگە يېقىن ھەسەن.

اعبد الله لا تشرك به شيئا و أقم الصلاة المكتوبة و أد الزكاة المفروضة و حج و اعتمر و صم رمضان و انظر ما تحب للناس أن يأتوه إليك فافعله بهم و ما تكره أن يأتوه إليك فذرهم منه ( طب ) عن أبي المنتفق

1039. ئەبۇلمۇنتەپىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئىبادەت قىلغىن. پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرز زاكاتنى ئادا قىلغىن، ھەج قىلغىن، ئۆمرە ھەجىنىمۇ قىلغىن، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقىن. قاراپ باق، سەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر ئىشنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇلار ئۇ ئىشنى سېنىڭ قېشىڭغا ئېلىپ كەلسە، سەن ئۇ ئىشنى ئۇلارغا قىلىپ بەرگىن؛ ئەگەر سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ساڭا ئېلىپ كەلسە، ئۇلارنى ئۇ ئىشتىن يىراق قىلغىن، تەرك ئەتكىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اعبد الله و لا تشرك به شيئا و اعمل لله كأنك تراه و اعدد نفسك في الموتى و اذكر الله تعالى عند كل حجر و كل شجر و إذا عملت سيئة فاعمل بجنبها حسنة السر بالسر و العلانية بالعلانية ( طب هب ) عن معاذ بن جبل

1040. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلغىن. سەن ئاللاھ ئۈچۈن خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئەمەل قىل. ئۆزۈڭنى، نەپسىڭنى ئۆلۈكلەر ئىچىدە سانىغىن. ھەربىر تاش ۋە دەرەخنىڭ نەزىلدە ئاللاھنى ئەسلىگىن. بىر يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭغا يانداپ بىر ياخشىلىق قىلغىن. مەخپىي مەخپىينىڭ، ئاشكارىسى ئاشكارىنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن، يەنى مەخپىي ۋە ئاشكارا گۇناھ بولغاندەك، مەخپىي ۋە ئاشكارا ياخشىلىق، ئىبادەت بولسۇن. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اعبدوا الرحمن و أفشوا السلام و أطعموا الطعام تدخلوا الجنان ( خد ه حب ) عن ابن عمرو

1041. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: راھمانتائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، سالامنى كەڭرى قىلىڭلار، ئومۇملاشتۇرۇپ ئاشكارا قىلىڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار جەننەتلەرگە كىرىسىلەر. بۇخارى، ئەدەب دېگەن كىتابىدا، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

اعتدلوا في السجود و لا يبسط أحدكم ذراعيه انبساط الكلب ( حم ق 4 ) عن أنس

1042. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەجدىدە تۈز، مەزمۇت تۇرۇڭلار. بىرىڭلار ئىككى بىلىكىنى ئىت چاپلاپ يېيىپ تۇرغاندەك چاپلاپ سەجدە قىلمىسۇن، يەنى جەينەك كۆتۈرلۈپ تۇردۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بىز تولا دېدۇق، تۆت كىتاب بولسا نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەدۇر.

أعتموا بهذه الصلاة فإنكم قد فضلتم بها على سائر الأمم و لم تصلها أمة قبلكم ( د ) عن معاذ بن جبل

1043. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ نامازنى (يەنى خۇپتەن نامىزىنى) قاراڭغۇدىراق ئوقۇڭلار (يەنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇڭلار) سىلەر باشقا ئۈممەتلەر ئۈستىگە مۇشۇ ناماز بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر بۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ باقمىغان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أعجز الناس من عجز عن الدعاء و أبخل الناس من بخل بالسلام ( طس هب ) عن أبي هريرة

1044. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزراقى دۇئادىن ئاجىز كەلگەن كىشىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئەڭ بېخىلراقى سالامغا بېخىللىق قىلغان كىشىدۇر. بەيھەقى، ئەۋسەتلەر توپلىغان، سەھىھ.

**اعدد ستا بين يدي الساعة: موتي ثم فتح بيت المقدس ثم موتان يأخذ فيكم كقعاص الغنم ثم استفاضة المال حتى يعطى الرجل مائة دينار فيظل ساخطا ثم فتنة لا يبقى بيت من العرب إلا دخلته ثم هدنة تكون بينكم و بين بني الأصفر فيغدرون فيأتونكم تحت ثمانين غاية تحت كل غاية اثنا عشر ألفا ( خ ) عن عوف بن مالك**

1045. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدىكى ئالتە ئىشنى سانىغىن.

1ـ كەڭ كۆلەملىك ئۆلۈم ۋەقەسى.

2ـ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىشغال قىلىنىشى.

3ـ يەنە بىر قېتىملىق قاتتىق ئۆلۈم ۋەقەسى بولىدۇ. ئۇ سىلەرنى خۇددى قوينىڭ ۋابا كېسىلى تۇتقاندەك قاتتىق تۇتۇپ، تېز سۈرئەتتە نۇرغۇن كىشىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

4ـ مال-دۇنيا كۆپىيىپ كېتىدۇ. ھەتتا، بىر كىشىگە 100 دىنار سوۋغا، ھەدىيە بېرىلسىمۇ، يەنە ئاچچىقلايدۇ. (قىممىتى 30000 يۈەن كېلىدۇ)

5ـ ئاندىن پىتنە-پاسات يۈز بېرىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىرى قالماي بۇ پىتنە-پاسات كىرىۋالىدۇ.

6ـ ئاندىن سىلەر بىلەن سېرىق تەنلىكلەر، يەنى رۇم ئارىسىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. ئۇلار توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، كېلىشىمنى بۇزۇپ، 80 بايراق ئاستىدا قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 12000 قوشۇن باردۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**اعدلوا بين أولادكم في النحل كما تحبون أن يعدلوا بينكم في البر و اللطف ( طب ) عن النعمان بن بشير**

1046. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆز ئاراڭلاردا ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق توغرىسىدا ئادىللىقنى ياخشى كۆرگەندەك، سوۋغا-سالام، ئېھسان بېرىشتە باللىرىڭلار ئارىسىدىمۇ ئادىل بولۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**أعذر الله إلى امرئ أخر أجله حتى بلغ ستين سنة ( خ ) عن أبي هريرة ( صحيح )**

1047. ئەبۇ ھۇرەيرە رەززىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا 60 ياشقا كىرگىچە ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا، ئۇ بەندىگە تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولغان بولىدۇ، يەنى ئۆمۈر توغرىسىدا بەندىگە ئۆزرە قويمايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**اعرضوا علي رقاكم لا بأس بالرقى ما لم يكن فيه شرك ( م د ) عن عوف بن مالك**

1048. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايىتى شىپالىرىڭلارنى ماڭا تەڭلەڭلار. مەن بىر كۆرۈپ باقاي، شېرىك ئىشلار بولمىسىلا، رۇقيە يەنى ئايىتى شىپا قىلساڭلار، چاتاق يوق. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

باخشى-داخانلار، جىنكەش-كاھىنلارچە قىلماي، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلىش، شېرىكتىن ساقلىنىش لازىم.

**أعرضوا عن الناس ألم تر أنك إن ابتغيت الريبة في الناس أفسدتهم أو كدت تفسدهم ( طب ) عن معاوية**

1049. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى باش بولغانلار، كىشىلەردىن، يەنى تارقاپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەردىن يۈز ئۆرۈڭلار! قارىمامسەن؟ كىشىلەر ئارىسىدا شەك، گۇماننى تەلەپ قىلساڭ ئۇلارنى بۇزۇپ قويىسەن، ياكى بۇزۇپ قويغىلى، پىتنە-پاسات سالغىلى تاس قالىسەن. تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

**اعرف عددها و وعاءها و وكاءها ثم عرفها سنة فإن جاء صاحبها و إلا فهي كسبيل مالك ( مالك حم ق 4 ) عن أبي بن كعب**

1050. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېپىۋالغان نەرسىنىڭ سانىنى بوغۇچ، بوغچىلىرىنى ئېلان قىلىپ تونۇتقىن، ئاندىن

يەنە بىر يىل تونۇتقىن. ئەگەر ئىگىسى كەلسە بەرگىن، ئەگەر كەلمىسە ئۇ سېنىڭ مىلكىڭنىڭ بولىدۇ،
يەنى سەدىقە ـ ئېھسان قىلساڭ، خەجلىسەڭ بولىدۇ، ياخشىراقى ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىش. مالىك،
ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.
ئالىملار بىر دەرھەم يەنى 20ـ30 يۇەنلىك نەرسە بولسىمۇ، بىر يىل تونۇتۇشى لازىم دېگەن. ئېلان
چىقىرىپ ئىزدىشى لازىم، پەقەت ئىگىسى تېپىلمىسا، سەدىقە ـ ئېھسان قىلسا، خەجلىسە بولىدۇ.

اعرفوا أنسابكم تصلوا أرحامكم فإنه لا قرب بالرحم إذا قطعت و إن كانت قريبة و لا بعد بها إذا وصلت و إن كانت بعيدة ( الطيالسي ك ) عن ابن عباس

1051. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەسەبلىرىڭلارنى تونۇڭلار، تونۇشتۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سىيلە ـ رەھىمنى ياخشى قىلالايسىلەر. گەرچە بەك يېقىن بولسىمۇ سىيلە ـ رەھىم ئۈزۈلسە، يېقىنلىق قالمايدۇ؛ گەرچە بەك يىراق بولسىمۇ، سىيلە ـ رەھىم قىلىش ئۇلانسا، يىراقلىق قالمايدۇ. ھاكىم، تەيالسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اعزل الأذى عن طريق المسلمين ( م ه ) عن أبي برزة

1052. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى يوقاتقىن. (بۇ كىچىك ـ چوڭ بارلىق ئەزىيەتنى يوق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بارلىق يوللاردىن) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اعزل عنها إن شئت فإنه سيأتيها ما قدر لها ( م ) عن جابر

1053. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈزلەت (يەنى مەنىي، ئىسپىرما سۇيى)نى تۆكۈۋەتمەكچى بولغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: ئەگەر خالىساڭ ئۈزلەت قىل، شۇنداق قىل. ھەقىقەتەن ئۇ ئايالغا تەقدىر قىلىنغان ئىش چوقۇم كېلىدۇ، يەنى تۇغۇش ـ تۇغماسلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە باغلىق. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.
لېكىن، دىنسىزلار پىلانلىق تۇغۇش پەتىۋاسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

( صحيح ) أعط كل سورة حظها من الركوع و السجود ( ش ) عن بعض الصحابة

1054. ساھابىلارنىڭ بەزىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر سۈرىنىڭ رۇكۇ ـ سەجدىلىرىدىن ئىبارەت ھەققىنى، نىسۋىسىنى بەرگىن. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.
سەجدىدىن ئىبادەت نىسۋىسىنى بېرىش بىزگە مەلۇم، رۇكۇ دېگىنى بەلكىم نامازدا ئوقۇشتۇر.

أعطوا الأجير أجره قبل أن يجف عرقه ( ه ) عن ابن عمر ( ع ) عن أبي هريرة ( طس ) عن جابرالحكيم) عن أنس

1055. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئىشلەتكەن ئىشچى، ئىجارىچى خادىملارنىڭ يەنى مەدىكارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇلارنىڭ تەرلىرى قۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن بېرىڭلار. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ يەئلا ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت جابىردىن، ھەكىم ئەنەستىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، ھەسەن.

أعطيت خمسا لم يعطهن أحد من الأنبياء قبلي: نصرت بالرعب مسيرة شهر و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا فأيما رجل من أمتي أدركته الصلاة فليصل و أحلت لي الغنائم و لم تحل لأحد قبلي و أعطيت الشفاعة و كان النبي يبعث إلى قومه خاصة و بعثت إلى الناس عامة ( ق ن ) عن جابر

1056. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن بەش ئىش ماڭا بېرىلدى.
1ـ ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقتىن كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى.

2 ـ مەن ئۈچۈن، يەنى بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن زېمىن مەسجىد قىلىندى ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاكلىغۇچى پاكىز قىلىندى. ئۈممىتىمدىن كىمگە ناماز ۋاقتى كىرسە، شۇ جايدا ناماز ئوقۇۋەرسە بولىدۇ. (بۇرۇنقىلار مەسجىدتىن باشقا جايدا ناماز ئوقۇيالمايتتى)

3 ـ ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان. (غەنىيمەتنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى)

4 ـ ماڭا شاپائەت بېرىلدى.

5 ـ ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاسلا ئەۋەتىلگەن، مەن بولسام بارلىق كىشىلەرگە ئاممەتەن ئەۋەتىلدىم. (يەنى بىرەر ئىنسان مارىسقا چىقىۋالسىمۇ يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن) نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أعطيت سبعين ألفا من أمتي يدخلون الجنة بغير حساب وجوههم كالقمر ليلة البدر قلوبهم على قلب رجل واحد فاستزدت ربي عز و جل فزادني مع كل واحد سبعين ألفا ( حم ) عن أبي بكر

1057 . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنىڭ ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇقتۇر، دىللىرى بولسا بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدەك پاك، ساپتۇر. مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللەدىن يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشنى سورىدىم، ئاندىن ئاللاھ ماڭا يۇقىرىقى 70000 كىشىدىن ھەربىر كىشى بىلەن بىللە يەنە 70000 كىشىنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىشىنى بەردى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. 70000 ×70000 = 4900000000 (تۆت مىليارت 900 مىليون بولىدۇ)

( صحيح ) أعطيت فواتح الكلام و جوامعه و خواتمه ( ش ع طب ) عن أبي موسى

1058 . ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا كالام سۆزلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى ۋە ھەممىنى خۇلاسىلەپ يىغىنچاقلايدىغان توپلاملىرى ۋە خاتىملىرى بېرىلدى. ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بۇنىڭدىن مۇراد قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىس.

أعطيت مكان التوراة السبع الطوال و أعطيت مكان الزبور المئين و أعطيت مكان الإنجيل المثاني و فضلت بالمفصل ( طب هب ) عن واثلة .

1059 . ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا تەۋراتنىڭ ئورنىدا قۇرئاندىكى يەتتە ئۇزۇن سۈرە بېرىلدى، زەبۇرنىڭ ئورنىدا قۇرئاندىكى 200 ئايەتلىك سۈرە، ئىنجىلنىڭ ئورنىدا تەكرار ئوقۇلىدىغان سۈرە فاتىھە بېرىلدى. بىسمىللاھ كۆپ كېلىدىغان قىسقا مۇپەسسەل سۈرىلەر بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم، يەنى بۇ پەزىلەت زىيادە بېرىلدى. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أعطيت هذه الآيات من آخر سورة البقرة من كنز تحت العرش لم يعطها نبي قبلي ( حم طب هب ) عن حذيفة ( حم ) عن أبي ذر

1060 . ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ ئايەتلەر ئەرشى تەختىدىكى كاڭدىن بېرىلدى، بۇ ئايەتلەر مەندىن بۇرۇنقى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن. (ئۇ بولسا، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئايەت) ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أعطي و لا توكي فيوكي عليك ( د ) عن أسماء بنت أبي بكر

1061 . ئەسمائ بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپ بەرگىن، ھېسابلاپ چىڭ تۇتۇپ ساقلاپ، چەكلەپ، بېخىللىق قىلىپ كەتمە، ساڭمۇ ھېسابلاپ چەكلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

( صحيح ) أعطي يوسف شطر الحسن ( ش حم ع ك ) عن أنس

1062. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ. ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أعطي يوسف و أمه شطر الحسن ( ك ) عن أنس

1063. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أعظم الأيام عند الله يوم النحر ثم يوم القر ( حم د ك ) عن عبدالله بن قرط

1064. ئابدۇللاھ ئىبنى قۇرتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ نەزىلىدىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغراقى نەھرى كۈن (يەنى قۇربانلىق كۈنىدۇر) ئاندىن قالسا يەۋمۇلقىر، يەنى ئەتىسىدۇر، يەنى زۇلھەججىنىڭ 11 ـ كۈنى. (بۇ كۈننى بۇنداق قىر دەپ ئاتاش بولسا، كىشىلەرنىڭ زىيارەت ئۈچۈن ئۆيىدە قارار ئېلىپ، جەم، مۇقىم تۇرۇشى ئۈچۈندۇر) ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أعظم الناس أجرا في الصلاة أبعدهم إليها ممشى فأبعدهم و الذي ينتظر الصلاة حتى يصليها مع الإمام أعظم أجرا من الذي يصليها ثم ينام ( ق ) عن أبي موسى ( ه ) عن أبي هريرة

1065. ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا ئەجىر ساۋابىنى ئەڭ كاتتا ئۇلۇغ ئالىدىغان كىشى نامازغا مەسجىدكە كېلىدىغان ماڭىدىغان جايى يىراق، ئاندىن يەنە يىراق بولغان كىشىدۇر. يەنىمۇ يىراق بولغىنى يەنىمۇ كاتتا ئەجىر ئالىدۇ. نامازنى ئىمام بىلەن بىللە ئوقۇغانغا قەدەر ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرى نامازنى ئوقۇپلا ئاندىن ئۇخلاپ قالىدىغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن كاتتا، ئۇلۇغ بولىدۇ. بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أعظم الناس فرية اثنان: شاعر يهجوا القبيلة بأسرها و رجل انتفى من أبيه ( ابن أبي الدنيا ه ) عن عائشة

1066. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھمەتخور، بۆھتانچىسى ئىككى. بىرى، قەبىلىگە چالا قويماي، ئوموميۈزلۈك ھەجۋى شېئىر ئوقۇغان شائىردۇر. يەنە بىرى بولسا، دادىسىغا تانغان كىشىدۇر. ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان سەھىھ.

أعفوا اللحى و جزوا الشوارب و غيروا شيبكم و لا تشبهوا باليهود و النصارى ( حم ) عن أبي هريرة

1067. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى ئېلىپ، ساقالنى كامىل قويۇڭلار. ئاق چاچلارنى، ساقاللارنى ئۆزگەرتىسەڭلار بولىدۇ، لېكىن يەھۇدىي، ناسارالارغا (دىنسىزلارغا) قەتئىي ئوخشىۋالماڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. قارا رەڭدە بوياشتىن ھەزەر قىلىش يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتتى.

( حسن ) اعقلها و توكل ( ت ) عن أنس

1068. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگەڭنى باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. تىرمىزى خاتىرلىگەن، ھەسەن.

بۇ ھەدىستە سەۋەبنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، شۇنداقلا قولدىن كېلىشىچە قىلىپ قويۇپ، ئاندىن زادى ئامال بولمىغان جايدا تەۋەككۇل قىلىش، ئامال بار جايدىمۇ يەنىلا تەۋەككۇل قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ پۇت ـ قوللارنى بىكار ياراتمىغان.

اعلم أنك لا تسجد لله سجدة إلا رفع الله لك بها درجة و حط عنك بها خطيئة ( حم ع حب طب ) عن أبي أمامة

1069. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلگىنكى، ھەقىقەتەن سەن ئاللاھقا بىر سەجدە قىلساڭلا، ئاللاھ سەن ئۈچۈن بىر دەرىجە كۆتۈرۈپ، سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ (يەنى ناماز، قۇرئان سەجدىسىنى كۆرسىتىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، ھەسەن.

اعلموا أنه ليس منكم من أحد إلا مال وارثه أحب إليه من ماله مالك ما قدمت و مال وارثك ما أخرت ( ن ) عن ابن مسعود

1070. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلىڭلاركى، سىلەردىن ھەربىر كىشىگە ۋارىسىنىڭ مېلى ئۆز مېلىدىن سۆيۈملۈكتۇر. (يەنى، مالنى ئاللاھ يولىدا خەجلىمەي قالدۇرۇپ قويىدۇ) سېنىڭ مېلىڭ سەن ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلغان مالدۇر؛ ۋارىسىڭنىڭ مېلى بولسا سەن كېيىن قالدۇرغان مالدۇر. (ئۇنداقتا مالنى تەقدىم قىلىۋال) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

اعلم يا أبا مسعود أن الله أقدر عليك منك على هذا الغلام ( م ) عن أبي مسعود

1071. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشى بىر قۇلىنى ئۇرغاندا، مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ مەسئۇد، بىلگىنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ساڭا سەن مۇشۇ قۇلغا قادىر بولغانلىقىڭدىنمۇ بەكرەك قادىردۇر. ئاندىن ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇندىن كېيىن قەتئىي قۇلنى ئۇرمايمەن دەپ ئۇ قۇلنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلىۋەتكەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۇسلىمنىڭ 261ـ 263ـ ھەدىسلىرى.

( حسن ) أعلنوا النكاح ( حم حب طب حل ك ) عن ابن الزبير

1072. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھنى، يەنى ئەر-ئايال توي قىلغاننى ئېلان قىلىڭلار. (بۇ ئېلان بىرەر قوينى سويۇپ، پىشۇرۇپ، گۆشنى تەقۋا مۇسۇلمانلارغا زىياپەت بېرىش بىلەن بولىدۇ) ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

أعمار أمتي ما بين الستين إلى السبعين و أقلهم من يجوز ذلك ( ت ) عن أبي هريرة ( ع ) عن أنس

1073. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممەتتىمنىڭ ئۆمرى 60 ياشتىن 70 ياشقىچە بولىدۇ. بۇنى بۆسۈپ ئۆتىدىغانلار، يەنى 70دىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار ناھايىتى ئازدۇر. تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اعملوا فكل ميسر لما خلق له ( طب ) عن ابن عباس وعمران بن حصين

1074. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەل قىلىڭلار، ھەربىر ئەمەل ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان كىشىگە ئاسان قىلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنى ئەمەل قىلماي، تەقدىرگە ئالدىن پۈتۈلگەن كىتابقا يۆلىنەيلى دېگەندە دېگەن. قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلاردا چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇنىمۇ ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازدى، تەقدىرنى ئالدىن يازدى. لېكىن، بىزنىڭ قىلىشىمىزنى ئالدىن بىلىپ يازدى. گەرچە بۇرۇن يازغان بولسىمۇ، بىز يازغاننى قىلغاندەك تۇرساقمۇ، بىزنىڭ ئەمەل قىلىشىمىزنى بىلىپ، شۇنى يازدى. يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، كائىنات ئىشلىرىنى ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئۆزى يازدى، بىزگە بولسا ئەركىنلىك بېرىپ تۇرۇپ يازدى.

أعوذ بعزتك الذي لا إله إلا أنت أن تضلني أنت الحي الذي لا يموت و الجن و الإنس يموتون( خ ) عن ابن عباس

1075. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىنىڭ ئىززەت غالىبلىقلىرى بىلەن مېنى زالالەتتە قىلىپ قويۇشلىرىدىن، ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. سىلى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنسانلار، جىنلار ئۆلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

اغتسلوا يوم الجمعة و اغسلوا رءوسكم و إن لم تكونوا جنبا و مسوا من الطيب ( حم حب ) عن ابن عباس

1076. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە جۇنۇپ بولمىساڭلارمۇ جۈمەئە كۈنى يۇيۇنۇڭلار. بېشىڭلارنى، چېچىڭلارنى يۇيۇڭلار، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى سېپىڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

اغتنم خمسا قبل خمس: حياتك قبل موتك و صحتك قبل سقمك و فراغك قبل شغلك و شبابك قبل هرمك و غناك قبل فقرك ( ك هب ) عن ابن عباس ( حم في الزهد حل هب ) عن عمرو بن ميمون مرسلا

1077. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەمرۇ ئىبنى مەيمۇندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىيمەت بىل. 1 ـ ئۆلۈشىڭدىن بۇرۇن ھاياتىڭنى، 2 ـ كېسەل بولۇشۇڭدىن بۇرۇن ساقلىقىڭنى، 3 ـ مەشغۇل بولۇشىڭدىن بۇرۇن پارىغ بوش ۋاقتىڭنى، 4 ـ قېرىشىڭدىن بۇرۇن ياش ۋاقتىڭنى، 5 ـ پېقىر، يوقسىز بولۇشۇڭدىن بۇرۇن بايلىقىڭنى غەنىيمەت بىل. ھاكىم، بەيھەقى، ئەھمەد، ئەبۇ نۇئەيملەر توپلىغان، سەھىھ.

اغزوا باسم الله و في سبيل الله و قاتلوا من كفر بالله اغزوا و لا تغلوا و لا تغدروا و لا تمثلوا و لا تقتلوا وليدا و إذا لقيت عدوك من المشركين فادعهم إلى ثلاث خصال فأيتهن ما أجابوك فاقبل منهم و كف عنهم: ادعهم إلى الإسلام فإن أجابوك فاقبل منهم و كف عنهم ; ثم ادعهم أن التحول من دارهم إلى دار المهاجرين و أخبرهم أنهم إن فعلوا ذلك فلهم ما للمهاجرين و عليهم ما على المهاجرين فإن أبوا أن يتحولوا منها فأخبرهم أنهم يكونون كأعراب المسلمين يجري عليهم حكم الله الذي يجري على المؤمنين و لا يكون لهم في الغنيمة و الفيء شيء إلا أن يجاهدوا مع المسلمين فإن هم أبوا فسلهم الجزية فإن هم أجابوك فاقبل منهم و كف عنهم فإن أبوا فاستعن بالله و قاتلهم و إذا حاصرت أهل حصن و أرادوك أن تجعل لهم ذمة الله و ذمة نبيه فلا تجعل لهم ذمة الله و لا ذمة نبيه و لكن اجعل لهم ذمتك و ذمة أصحابك فإنكم إن تخفروا ذممكم و ذمم أصحابكم أهون من أن تخفروا ذمة الله و ذمة رسوله و إذا حاصرت أهل الحصن فأرادوك أن تنزلهم على حكم الله فلا تنزلهم على حكم الله و لكن أنزلهم على حكمك فإنك لا تدري أتصيب حكم الله فيهم أم لا ( حم م 4 ) عن بريدة

1078. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ يولىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ غازات قىل. ئاللاھقا كاپىر بولغان، تانغان دىنسىزنى ئۆلتۈرگىن. غازات قىل، ئولجا ـ غەنىيمەتكە خىيانەت قىلما، ئەھدە، توختام، كېلىشىمنى بۇزما. ئۆلتۈرگەندە كۆز ـ قۇلاقلارنى، ئەزالارنى كېسىپ قىينىما، كىچىك باللارنى ئۆلتۈرمە. مۇشرىك، دىنسىزلاردىن بولغان دۈشمەنلەرگە ئۇچراشساڭ، تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەت ئىشقا چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇ ئۈچ خىسلەت ئىشنىڭ قايسى بىرىگە ئاۋاز قوشسا، قوبۇل قىلسا، سەنمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قولۇڭنى تارتقىن. 1 ـ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىر. ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشسا، ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆلتۈرۈشتىن قولۇڭنى تارت. 2 ـ ئاندىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلار يۇرتىغا يۆتكىلىشكە چاقىر. مۇنداق خەۋەر قىل، ئەگەر ئۇلار يۆتكەلسە مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان ئىشلار ئۇلارنىڭمۇ مەنپەئەتىگە بولىدۇ؛ زىيىنىغا بولغان ئىشلار ئۇلارنىڭمۇ زىيىنىغا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۆتكىلىشكە ئۇنىمىسا مۇنداق خەۋەر قىل، ھەقىقەتەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەئراب، يېزىدىكىلىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنغاندەك، ئۇلارغىمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى، قانۇنى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇلارغا دۈشمەنلەردىن ئېلىنغان ئولجا ـ غەنىيمەتلەردىن ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ. لېكىن، مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلسا، بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۇقىرىقى ئىككى ئىشقا ئۇنىمىسا، 3 ـ ئۇلاردىن جىزىيە، قان بېجى ئال، جان

بىرجى ئال. ئەگەر ئۇلار بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئۇنىسا، سەنمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگىن. ئەگەر بۇ ئۈچ خىسلەت ئىشقا ئۇنىمىسا، ئاللاھتىنلا ياردەم سوراپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن. قورغان، شەھەر ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالساڭ، ئۇلار سېنىڭ ئۇلارغا ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ۋە ئەلچىسىنىڭ ئەھدە، كېپىللىكىنى قىلىپ بېرىشىڭنى سورىسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلىپ بەرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ئەھدە، كېلىشىم، كېپىللىكىنى قىلىپ بەرگىن، ساھابىلىرىڭنىڭ، ھەمراھلىرىڭنىڭ كېپىللىكىنى قىلىپ بەرگىن. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھدىسىنى، كېپىللىكىنى، كېلىشىمنى، ئەمىنلىكىنى بۇزۇشۇڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدە، كېپىللىكىنى بۇزۇشتىن ئاسان، يەڭگىلرەكتۇر. بىرەر قورغان ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالساڭ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرۈشىڭنى ئىرادە قىلسا، ئۇنداق قىلماي، سەن ئۆزۈڭنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرگىن. سەن ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى توغرا قىلىشىڭنى ياكى قىلالماسلىقىڭنى بىلەلمەيسەن. مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشتا مۇھىم يولىيورۇققا ئىگە. ھۆكۈمگە چۈشۈش ئىشى خۇددى مەلۇم قەبىيلە، يەنى بەنۇ قۇرەيزە سەئىدنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەنگە ئوخشاشتۇر. بۇ ھەدىستىن ئاۋۋال ئىسلامغا چاقىرىش، ئاندىن يۇقىرىقى چاقىرىققا چاقىرىش، ئاندىن جىزىيە قويۇش، زادى ئۇنىمىسا ئۇرۇشۇش، ئۆلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىدۇ، ئىسلام دىنىغا مەجبۇرلاپ، قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى ھۆكۈمگە قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلىدۇ، مەقسەت مەملىكەتۇللاھدۇر.

اغسلوه بماء و سدر و كفنوه في ثوبين و لا تمسوه طيبا و لا تخمروا رأسه و لا تحنطوه فإن الله يبعثه يوم القيامة ملبيا ( حم ق 4 ) عن ابن عباس

1079. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىۋېتىپ ئېھرام باغلاقلىق ھالدا ۋاپات تاپقان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئۇنى سۇ بىلەن، كىر ئالىدىغان سىدرى قۇلىقى (سوپۇن) بىلەن يۇيۇپ ئىككى كىيىمگە كېپەنلەڭلار، خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتمەڭلار، بېشىنى يۆگەپ قويماڭلار، ھەنۇت دېگەن ئەتىرنى ئىشلەتمەڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى تەلبىي ئېيتقان (يەنى، لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە دېگەن) ھالىتىدە تىرىلدۈرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئالتە كىتابتىن تۆت كىتاب يەنى يۇقىرىقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

أغلقوا أبوابكم و خمروا آنيتكم و أطفئوا سرجكم و أوكئوا أسقيتكم فإن الشيطان لا يفتح بابا مغلقا و لا يكشف غطاء و لا يحل وكاء و إن الفويسقة تضرم البيت على أهله ( حم م د ت ) عن جابر

1080. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشىكلەرنى يېپىپ، مەھكەم تاقاڭلار. قاچا ـ قۇچىلارنى، قازان ـ قومۇچلار، تۇلۇنلارنى يېپىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىڭلار. ھەقىقەتەن شەيتان قۇلۇپ سېلىپ، بىسمىللاھ دەپ تاقالغان ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، يېپىلغان پەردىنى ئاچالمايدۇ، تۇلۇن ئاغزىدىكى بوغۇچنى يېشەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن پاسىق چاشقان شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆيىنى ئەھلى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. (چىراقنى ئۆچۈرۈڭ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أغيظ رجل على الله يوم القيامة و أخبثه و أغيظه عليه رجل كان يسمى ملك الأملاك لا ملك إلا الله ( حم م ) عن أبي هريرة

1081. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن، ئاللاھقا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەن كىشى، نىجىس كىشى بولسا، ئاللاھنىڭ ئەڭ قاتتىق غەزىپى چۈشىدىغان كىشى بولسا مەلىكۇلئەملاك، شاھەنشاھ (يەنى پادىشاھلار پادىشاھى) دەپ ئاتالغان كىشىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەق پادىشاھ يوق. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

افترقت اليهود على إحدى و سبعين فرقة فواحدة في الجنة و سبعون في النار و افترقت النصارى على اثنتين و سبعين فرقة فإحدى و سبعون في النار و واحدة في الجنة و الذي نفس محمد بيده لتفترقن أمتي على ثلاث و سبعين فرقة فواحدة في الجنة و اثنتان و سبعون في النار ( ه ) عن عوف بن مالك

1082. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى؛ ناسارالار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، 71 پىرقىسى دوۋزاختا، بىر پىرقىسى جەننەتتە بولىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئۆز قولىدا بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، 72 پىرقىسى دوۋزاختا بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، مەن مۇسۇلمان دېگەن كىشىلەر بۆلۈندى، «ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە مەزھەپلەر» دېگەن كىتابتا بار.

افترقت اليهود على إحدى و سبعين فرقة و تفرقت النصارى على اثنتين و سبعين فرقة و تفرقت أمتي على ثلاث و سبعين فرقة ( 4 ) عن أبي هريرة

1083. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە، ناسارالار 72 پىرقىگە بۆلۈندى، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ. تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفرض أمتي زيد بن ثابت ( ك ) عن أنس

1084. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ پەرزگە ياكى پارائىز مىراس ئىلمىغا ئالىمراقى زەيد ئىبنى سابىتتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أفش السلام و أطعم الطعام و صل الأرحام و قم بالليل و الناس نيام و ادخل الجنة بسلام ( حم حب ك ) اب هريرة

1085. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: سالام قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاشكارا قىل، تائام بەرگىن، سىيلە ـ رەھىم قىل، كىشىلەر ئۇخلىغاندا كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغىن. شۇنداق قىلساڭ جەننەتكە تېنچلىق، سالامەت ھالدا كىرىسەن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفشوا السلام بينكم تحابوا ( ك ) عن أبي موسى

1086. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالامنى كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، ئاراڭلاردا ئومۇملاشتۇرۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئۆز ـ ئارا دوستلىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىشىسلەر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أفشوا السلام تسلموا ( خد ع حب العقيلي ) عن البراء

1087. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالامنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاشكارا قىلساڭلار سالامەت بولىسىلەر. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ئۇقەيلى شۇنداقلا بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

چۈنكى سالام، سالامەتلىك تىلەشتۇر.

( صحيح ) أفشوا السلام كي تعلوا ( طب ) عن أبي الدرداء

1088. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار. (مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، غەلىبە، ئۈستۈنلۈكتۇر. بۇ سالام پۈتۈن دۇنياغا قىلىنغان سالامدۇر. بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش سالامدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفشوا السلام و أطعموا الطعام و كونوا إخوانا كما أمركم الله ( ه ) عن ابن عمر

1089. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالامنى كەڭرى، ئاشكارا قىلىڭلار، كۆپ قىلىڭلار. تائام بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بۇيرىغاندەك ئاكا ـ ئىنى، قېرىنداش بولۇڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قېرىنداشلىق بۇيرۇقى سۈرە ھۇجراتتا باردۇر.

( حسن ) أفضل الإسلام الحنيفية السمحة ( طس ) عن ابن عباس

1090. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەۋزىلى بولسا، ھەقىقەتكە مايىل بولۇش، ھەقتە چىڭ تۇرۇش، سېخىيلارچە، مەرتلەرچە ئاسان قىلىش، كەڭ قورساق بولۇشتۇر. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الأعمال الإيمان بالله وحده ثم الجهاد ثم حجة برة تفضل سائر الأعمال كما بين مطلع الشمس إلى مغربها ( طب ) عن ماعز

1091. مائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى يالغۇز، تەنھا بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى ئىشىنىش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتۇر)، ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاندىن كېيىنكى بولسا مەقبۇل بولغان ھەج. ئاندىن كېيىنكى باشقا ئەمەللەر خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىلىقىدەك شۇنداق چوڭ، ئەۋزەل، پەزىلەتلىك قىلىنىدۇ، زىيادە، ئارتۇق بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الأعمال الإيمان بالله وحده ثم الجهاد ثم حجة مبرورة تفضل سائر الأعمال كما بين مطلع الشمس إلى مغربها ( حب حم ) عن ماعز

1092. بۇ ھەدىسنىمۇ ئىبنى ھەببان بىلەن ئەھمەد مائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الأعمال الصلاة في أول وقتها ( د ت ك ) عن أم فروة

1093. ئۇممە پۇرۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۇنجى، بىرىنچى ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدۇر. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس ۋە كېيىنكى ھەدىسلەر نامازنى بىرىنچى ۋاقتىدا ئوقۇشقا، دەسلەپتە بالدۇر ئوقۇشقا دەلىلدۇر. نامازدىن كېيىن قىلىۋېرىپ، جەننەتكىمۇ كېيىن قالدۇ دېگەن ھەدىس بار، شۇنداقلا نامازدىن پەقەت مۇناپىقلار كېيىن قالدۇ دېگەن بار.

( صحيح ) أفضل الأعمال الصلاة لوقتها و بر الوالدين ( م ) عن ابن مسعود

1094. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئۆز ۋاقتىدا ناماز ئوقۇش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الأعمال الصلاة لوقتها و بر الوالدين و الجهاد في سبيل الله ( خط ) عن أنس

1095. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ناماز، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر. خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الأعمال أن تدخل على أخيك المؤمن سرورا أو تقضي عنه دينا أو تطعمه خبزا ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج هب ) عن أبي هريرة ( عد ) عن ابن عمر



ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

1096. ئەبۇ ھۈرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەرنىڭ ئەۋزەلرەكى مۆئمىن قېرىندىشىڭنى خۇشال قىلىشىڭدۇر ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەپ تۈگىتىپ قويۇش ياكى ئۇنىڭغا نان بولسىمۇ تائام بېرىشىڭدۇر. ئىبنى ئەبۇددۇنيا، بەيھەقى، ئىبنى ئەدىيلار توپلىغان، ھەسەن.

أفضل الإيمان الصبر و السماحة ( فر ) عن معقل بن يسار ( تخ ) عن عمير الليثي

1097. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىماننىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى سەۋر قىلىش، كەڭ قورساق بولۇپ، سېخىيلىق بىلەن ئاسان قىلىشتۇر. بۇ ھەدىسنى دەيلىمى فىردەۋستە مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بۇخارى تارىخدا ئۇمەيرۇللەيسىدىن توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الأيام عند الله يوم الجمعة ( هب ) عن أبي هريرة

1098. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ نەزىدە كۈنلەرنىڭ ئەۋزەلرەكى جۈمئە كۈنىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الجهاد أن يجاهد الرجل نفسه و هواه ( ابن النجار ) عن أبي ذر

1099. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى بولسا كىشىنىڭ ئۆز نەپسى، ھاۋايى ـ ھەۋىسى بىلەن قىلغان جىھادتۇر. ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الجهاد كلمة حق عند سلطان جائر ( ه ) عن أبي سعيد ( حم ه طب هب ) عن أبي أمامة ( حم ن هب ) عن طارق بن شهاب

1100. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى زالىم سۇلتان، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلغان ھەق سۆزدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ئەبۇ سەئىدىلخۇدرىدىن، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بەيھەقى ئەبۇ ئۇمامەتتىن، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

أفضل الحج العج و الثج ( ت ) عن ابن عمر ( ه ك هق ) عن أبي بكر ( ع ) عن ابن مسعود

1101. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجنىڭ ئەۋزەلرەكى لەببەيكە ئاللاھۇممە دەپ ئاۋاز قىلىش ۋە قۇربانلىق قىلىپ قان تۆكۈشتۇر. تىرمىزى ئىبنى ئۆمەردىن، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى ئەبۇ بەكرىدىن، ئەبۇ يەئلا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

أفضل الدعاء دعاء يوم عرفة و أفضل ما قلت أنا و النبيون من قبلي: لا إله إلا الله وحده لا شريك له ( مالك ) عن طلحة بن عبيد بن كريز مرسلا

1102. تەلھەت ئىبنى ئۇبەيدە، ئىبنى كۇرەيز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئانىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى ۋە ئورنى ئەراپات كۈنىدىكى دۇئادۇر. مەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەر دەپ كەلگەن سۆزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى «ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇ بىردۇر، شېرىك يوقتۇر» دېگەن سۆزدۇر. مالىك توپلىغان، ھەسەن.

أفضل الدنانير: دينار ينفقه الرجل على عياله و دينار ينفقه الرجل على دابته في سبيل الله و دينار ينفقه الرجل على أصحابه في سبيل الله عز و جل ( حم م ت ن ه ) عن ثوبان

1103. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا خەجلەنگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ئەۋزەلرەكى كىشىنىڭ ئۆز ئەھلى، بالىلىرىغا خەجلەنگەن دىناردۇر، ئاللاھ يولىدا ھايۋانلىرىغا خەجلەنگەن دىناردۇر (يەنى جەڭ، جىھاد، قاتناش قوراللىرى ئۈچۈن خەجلەنگەن دىناردۇر)، ئاللاھ يولىدا بۇرادەر، قېرىنداشلىرىغا خەجلەنگەن نەپىقە، چىقىم قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن مال ـ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز ئەھلىگە بېرىشتىن سىرت، قېرىنداشلىرىغا شۇنداقلا ئاللاھ يولىدا جىھادقا، ئىلىم ـ مەرىپەت، مائارىپقا چىقىم قىلىش چىقىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ جىھاد.

أفضل الذكر: لا إله إلا الله و أفضل الدعاء: الحمد لله ( ت ن ه حب ك ) عن جابر

1104. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىكرىنىڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ (يەنى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق) دېگەن شۇئاردۇر. دۇئانىڭ ئەۋزىلى بولسا ئەلھەمدۇلىللاھ (يەنى سۈرە فاتىھە) بىلەن دۇئا قىلىشتۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس ھەسەن دېگەن.

أفضل الرقاب أغلاها ثمنا و أنفسها عند أهله ( حم ق ن ه ) عن أبي ذر ( حم طب ) عن أبي أمامة

1105. ئەبۇ زەر، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئازاد قىلىدىغان قۇلنىڭ ئەۋزەلرەكى پۇلى، باھاسى قىممەت يۇقىرى بولغىنى، شۇنداقلا ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك، ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك بولغىنىدۇر، يەنى مۇشۇنداق قۇلنى ئازاد قىلسا ئەۋزەل بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.
ھازىر تۇرمىدىكى مۆئمىننى قۇتقۇزۇڭ.

( صحيح ) أفضل الساعات جوف الليل الأخير ( طب ) عن عمرو بن عبسة

1106. ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئا تىلەك، ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل سائىتى، ۋاقتى بولسا كېچىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدۇر. (يەنى كېچىسى تەڭ بولۇپ، سەل ئۆتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئەۋزەلدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الشهداء الذين يقاتلون في الصف الأول فلا يلفتون وجوههم حتى يقتلوا أولئك يتلبطون في الغرف العلى من الجنة يضحك إليهم ربك فإذا ضحك ربك إلى عبد في موطن فلا حساب عليه ( حم طب ) عن نعيم بن همار

1107. نۇئەيم ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇياق ـ بۇياققا قارىماي، بىرىنچى سەپتە ئۇرۇش قىلغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋەتلىك مېھمانخانىلىرىدا، ئۈستۈن دەرىجىلىك مەنزىللەردە كەڭتاشا يۇملاپ يۈرىدۇ، ئۇلارغا رەببىڭ ئاللاھ كۈلىدۇ. رەببىڭ بىرەر جايدا بىرەر بەندىگە كۈلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېساب ئېلىش بولمايدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان.
بۇ ھەدىستە شەھىدنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى، ئالدىنقى دەرىجىسى سۆزلەندى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كۈلۈش سۈپىتى سۆزلەندى. ئاللاھ كۈلىدۇ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كۈلىدۇ، ئوخشىشى يوقتۇر، كەيپىياتى بىزگە بۇ دۇنيادا نامەلۇمدۇر، ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىش ۋاجىپتۇر، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر. ئاللاھنىڭ قولى، كۆزى، كۈلىشى، چۈشۈشى، كېلىشى قەتئىي ئوخشىشى يوق، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە، ئۇ خالىق ياراتقۇچىدۇر.

( صحيح ) أفضل الشهداء من سفك دمه و عقر جواده ( طب ) عن أبي أمامة

1108. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھىدلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئېتى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆزىمۇ ھەم قېنى تۆكۈلۈپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر، يەنى ھېچنېمىسى قالمايدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصدقات ظل فسطاط في سبيل الله عز و جل أو منحة خادم في سبيل الله أو طروقة فحل في سبيل الله ( حم ت ) عن أبي أمامة ( ت ) عن عدي بن حاتم

1109. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا چېدىر،

كۆڭۈلكەرنىڭ سايىسىنى بېرىش، ئاللاھ يولىدا خادىم، ئىشچى، قۇلنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇش، ئاللاھ يولىدا ئەركەك تۆگىنى ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشلار سەدىقىنىڭ ئەۋزەللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصدقة الصدقة على ذي الرحم الكاشح ( حم طب ) عن أبي أيوب وحكيم بن حزام ( خد د ت ) عن أبي سعيد ( طب ك ) عن أم كلثوم بنت عقبة

1110. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دۈشمەنلىكىنى، ئاداۋىتىنى مەخپى تۇتىدىغان يېقىن تۇغقانغا قىلىنغان سەدىقىدۇر. (شۇنداق قىلغاندا دوستقا ئايلىنىدۇ، ئاداۋەت يوقايدۇ. بۇ يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش خىسلىتى بولۇپ، بۇ خىسلەتنى كامال تاپقانلار قىلالايدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى ئەبۇ ئەييۇبتىن، ھەكىيمدىن، بۇخارى ئەدەپتە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ئەبۇ سەئىددىن، تەبرانى، ھاكىم، ئۇممە كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصدقة أن تصدق و أنت صحيح شحيح تأمل الغنى و تخشى الفقر و لا تمهل حتى إذا بلغت الحلقوم قلت: لفلان كذا و لفلان كذا ألا و قد كان لفلان كذا ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة

1111. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى سەن ساق تۇرۇپ، ئاچ كۆز تۇرۇپ، بايلىقنى ئۈمىد قىلىۋاتقان، پېقىرلىقتىن قورقىۋاتقان، بېخىللىق ئازراق بار تۇرۇپ قىلغان سەدىقىدۇر. سەدىقە قىلىشقا مۆھلەت بېرىپ ئۆتكۈزۈۋەتمە. جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە، پالانىغا مانچىلىك، پالانىغا مانچىلىك دېيىسەن، ئاگاھ بولغىنكى، ئۇ چاغدا مال پالانىغا مۇنچىلىك بولۇپ بولىدۇ، يەنى ۋارىسنىڭ بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الصدقة جهد المقل و ابدأ بمن تعول ( د ك ) عن أبي هريرة

1112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى كەمبەغەل، يوقسىز تۇرۇپ، ئاز تۇرۇپ، ئاز بولسىمۇ يەنە سەدىقە قىلغانلىقتۇر. سەن ئىگە بولغان، نەپىقىسى ساڭا ۋاجىپ بولىدىغان ئۆزۈڭنىڭ ئائىلىسىدىن باشلىغىن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصدقة سقي الماء ( حم د ن ه حب ك ) عن سعد بن عبادة ( ع ) عن ابن عباس

1113. سەئىد ئىبنى ئۇبادە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى سۇ بىلەن سۇغۇرۇش. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن لىزاتى.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني . ( خ ) عن أبي هريرة . أفضل الصدقة ما ترك غنى و اليد العليا خير من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول; ( تقول المرأة: إما أن تطعمني و إما أن تطلقني و يقول العبد: أطعمني و استعملني ; و يقول الابن: أطعمني إلى من تدعني ؟ ! )

1114. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى باينىڭ قالدۇرغىنى (يەنى، ئائىلىسىدىن ئاشسا بەرگىنى). ئۈستۈن قول تۆۋەن قولدىن ياخشى (ئۈستۈن قول بەرگۈچى قول، تۆۋەن قول سورىغۇچى). سەن ئاۋۋال سەدىقە قىلىشنى نەپىقىسى ئۈستۈڭگە ۋاجىپ بولىدىغان ئائىلەڭدىن باشلاپ قىلىپ، ئېشىپ قالسا باشقىلارغا قىلغىن. ئايال كىشى بولسا، ماڭا تائام بەر، يا تالاق قىل دەيدۇ، قۇلمۇ شۇنداق دەيدۇ، بالا ئېيتى ماڭا تائام بەر، مېنى كىمگە قويىسەن؟ دەيدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بولۇپمۇ باش تەرىپى.

أفضل الصدقة ما كان عن ظهر غنى و اليد العليا خير من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول ( حم م ن ) عن حكيم بن

1115. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقىنىڭ ئەۋزىلى باي بولغانلىقتىن ئائىلىسىدىن ئېشىپ تۇرغاندا قىلغان

سەدىقە ياكى ئائىلىسىدىن ئاشسىلا قىلغان سەدىقىدۇر ياكى باي تۇرۇپ قىلغىنىدۇر (يەنى ئۆزىنى پېقىر، يوقسىز قويماي قىلغىنى). بەرگۈچى ئۈستۈن قول سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر. سەن ئالدى بىلەن سەدىقىنى نەفىقە، خىراجەت ئۈستۈڭگە لازىم كېلىدىغان ئۆز ئائىلەڭدىن باشلاپ، ئاندىن ئېشىپ قالسا يېقىنلارغا قىلغىن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسلەردىكى مەقسەت ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدۇرۇش.

أفضل الصلاة بعد المكتوبة الصلاة في جوف الليل و أفضل الصيام بعد شهر رمضان شهر الله المحرم ( م 4 ) عن أبي هريرة ( الروياني في مسنده طب ) عن جندب

1116. ئەبۇ ھۇرەيرە، ،جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرز نامازدىن قالسا، نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى يېرىم كېچىدىكى نامازدۇر (يەنى، تەھەججۇد، نەپلە نامىزى). رامىزان ئېيىدىكى روزىدىن قالسا، روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىدىكى روزىدۇر، يەنى ئاسماندىكى كونا ئاينىڭ ھىجرىيە ئاينىڭ بىرىنچى ئېيىدۇر. مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، رويانى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصلاة صلاة المرء في بيته إلا المكتوبة ( ن طب ) عن زيد بن ثابت

1117. زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىنساننىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر، پەرز نامازلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (پەرز نامازنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇڭ) نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصلاة طول القنوت ( حم م ت ه ) عن جابر ( طب ) عن أبي موسى وعمرو بن عبسة وعمير بن قتادة

1118. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قۇنۇد، قىياملىرى ئۇزۇن بولغىنىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە جابىردىن، تەبرانى ئەبۇ مۇسا، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئۇمەير ئىبنى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الصلوات عند الله صلاة الصبح يوم الجمعة في جماعة ( حل هب ) عن ابن عمر

1119. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ نەزىلدە بەش نامازنىڭ ئەۋزەلرەكى جۈمە كۈنىدىكى جامائەت بىلەن ئوقۇغان بامدات نامىزىدۇر. (ئەلۋەتتە جامائەت بىلەن ئوقۇغان بارلىق ناماز ئەۋزەل، بامدات تېخىمۇ ئەۋزەل، جۈمە كۈنىدىكى تېخىمۇ ئەۋزەل) ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

أفضل الصوم صوم أخي داود كان يصوم يوما و يفطر يوما و لا يفر إذا لاقى ( ت ن ) عن ابن عمرو

1120. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قېرىندىشىم داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن يەيتتى. ئۇ روزىنى شۇنداق كۆپ تۇتسىمۇ، دۈشمەنگە ئۇچراشسا ھەرگىز قاچمايتتى. نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ھەقىقى ئەۋلىيا كېچىسى قىرائەت، ناماز، قىيام بىلەن، كۈندۈزى بولسا روزا تۇتۇش، ئىلىم ۋە ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

( صحيح ) أفضل الصيام بعد رمضان الشهر الذي تدعونه المحرم ( ن ) عن جندب

1121. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىدىن قالسا روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سىلەر مۇھەررەم دەپ ئاتايدىغان ئايدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل العبادة الدعاء ( ك ) عن ابن عباس ( عد ) عن أبي هريرة ( ابن سعد ) عن النعمان بن بشير

1122. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلى دۇئادۇر. بۇ ھەدىسنى ھاكىم ئىبنى ئابباسدىن، ئىبنى ئەدى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئىبنى سەئىد نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل العمل الصلاة لوقتها و الجهاد في سبيل الله ( هب ) عن ابن مسعود

1123. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز، ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل العمل إيمان بالله و جهاد في سبيل الله ( حب ) عن أبي ذر

1124. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش (يەنى، تىلىدا ئىقرار قىلىش، دىلىدا تەستىقلاش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتۇر)، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتۇر. ئىبنى ھەببان توپلىغان.

( صحيح ) أفضل القرآن ( الحمد لله رب العالمين . ( ك هب ) عن أنس

1125. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين، يەنى سۈرە فاتىھەدۇر. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الكسب بيع مبرور و عمل الرجل بيده ( حم طب ) عن أبي بردة بن نيار

1126. ئەبۇ بۇردەت ئىبنى دىينار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەسىپنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ياخشىلىق بىلەن قىلىنغان بەيئى، سودا، تىجارەتتۇر ۋە كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئەمىلى، خىزمىتىدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الكلام: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر ( حم ) عن رجل

1127. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كالام سۆزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر (يەنى، ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر) دېيىش. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل المؤمنين أحسنهم خلقا ( ه ك ) عن ابن عمر

1128. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى ئەخلاقى ياخشى بولغىنىدۇر. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أفضل المؤمنين إسلاما من سلم المسلمون من لسانه و يده و أفضل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا و أفضل المهاجرين من هجر ما نهى الله تعالى عنه و أفضل الجهاد من جاهد نفسه في ذات الله عز و جل طبعن ابن عمرو

1129. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىسلامدا، مۇسۇلمانچىلىقتا ئەڭ ئەۋزىلى ئۇنىڭ قولىدىن، تىلىدىن (يەنى قولىنىڭ، تىلىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن) مۇسۇلمانلار سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۆئمىنلەرنىڭ ئىماندا ئەۋزىلى بولسا ئەخلاقى ياخشىسىدۇر. ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھ چەكلىگەن، توسقان نەرسىنى تەرك ئەتكەن، شۇ نەھيي قىلىنغان نەرسىدىن ئۆزىنى يىراق قىلىپ ھىجرەت قىلغان كىشىدۇر. جىھادنىڭ ئەۋزىلى بولسا ئاللاھنىڭ يولىدا ئاللاھ ئۈچۈنلا نەپسى، جېنى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل الناس مؤمن بين كريمين ( طب ) عن كعب بن مالك

1130. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىككى ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئارىسىدىكى مۆئمىندۇر، يەنى مۆئمىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان، ئاتىسى، ئانىسى، ئۆزىمۇ مۆئمىن كىشىدۇر. ياكى ئىككى تەرىپىدىكى، ئاستى ـ ئۈستىدىكى ئىككى مۆئمىنىنىڭ ئارىسىدىكى مۆئمىندۇر، يەنى ئاتا ـ ئانىسى مۆئمىن، بالىسى مۆئمىن، شۇنداقلا ئۆزىمۇ مۆئمىن كىشىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الناس مؤمن يجاهد في سبيل الله بنفسه و ماله ثم مؤمن في شعب من الشعاب يتقي الله و يدع الناس من شره ( حم ق ت ن ه ) عن أبي سعيد

1131. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاللاھ يولىدا مېلى بىلەن، جېنى بىلەن جەڭ قىلغان مۆئمىندۇر. ئاندىن قالسا، تاغلاردىن بىر تاغ ـ ئۆڭكۈردە ئۆزىنىڭ يامانلىقىدىن كىشىلەرنى خاتىرجەم، ئەمىن قىلىپ قالدۇرغان، ئاللاھقا تەقۋالىق بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن زاھىد مۆئمىندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أفضل الهجرتين الهجرة البانة و الهجرة البانة: أن تثبت مع رسول الله و هجرة البادية: أن ترجع إلى باديتك و عليك السمع و الطاعة في عسرك و يسرك و مكرهك و منشطك و أثرة عليك ( طب ) عن واثلة

1132. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ھىجرەتنىڭ ئەۋزىلى ھىجرەتۇلبانەتتۇر. ھىجرەتۇلبانەت دېگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭدۇر؛ ھىجرەتۇلبادىيەت بولسا يۇرتۇڭغا قايتىشىڭلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىيىن، تەس كۈنلىرىڭدە، ئاسان كۈنلىرىڭدە، مۇشەققەتلىك سەن ياقتۇرمايدىغان چاغدا ۋە سەن ياخشى كۆرىدىغان، خۇشال چاغدا، ھەتتا سېنىڭ ئۈستۈڭگە شەخسىيەتچىلىك قىلىنغان، سەندىن باشقىلار ئۈستۈن قىلىنغان چاغلاردىمۇ ھەقنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشنى لازىم تۇت. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل أيام الدنيا أيام العشر ( البزار ) عن جابر

1133. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى زۇلھەججىنىڭ، يەنى ھەج ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدۇر. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفضل صلاتكم في بيوتكم إلا المكتوبة ( ت ) عن زيد بن ثابت

1134. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامىزىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا ئۆيۈڭلاردا ئوقۇغان نامازلاردۇر (يەنى سۈننەت، نەپلى، تەھەججۇد، زۇھا، چاشكا نامازلىرىدۇر)، پەرز نامازلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇنى مەسجىدتە ئوقۇڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أفضل نساء أهل الجنة خديجة بنت خويلد و فاطمة بنت محمد و مريم بنت عمران و آسية بنت مزاحم امرأة فرعون ( حم طب ك ) عن ابن عباس

1135. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (يەنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى ئايالى)، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، فىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتقان ئايالى مەزاھىمنىڭ قىزى ئاسىيەدۇر. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أفطر الحاجم و المحجوم ( حم د ن ه حب ك ) عن ثوبان وهو متواتر

1136. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قان ئالغان ۋە قان ئالدۇرغان كىشى ھەر ئىككىلىسى ئېپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنۇپ

كېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى بۇ ھەدىس مۇتىۋاتىر دېگەن، شۇنداق مەرتىۋىسى مۇتىۋاتىرغا يەتكەن يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك، قۇرئان بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، تانسا كاپىر بولىدىغان، بارلىق جايلاردىن بارلىق كىشىلەردىن، كۆپ كىشىلەردىن سۆزلەنگەن ھەدىستۇر. تىرمىزى مۇنداق دېگەن: ئالىملار بۇ ئىشنى مەكرۇھ دېدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەججەتۇل ۋىدادا ئىھرام باغلاپ روزا تۇتقان ھالدا قان ئالدۇرغان ھەدىسى بىلەن رۇخسەت قىلغانلار كۆپ. تىرمىزى 705 ـ ھەدىستە تەپسىلاتى باردۇر. ئەبۇداۋۇتتىمۇ رۇخسەت قىلىنغان ھەدىس بار.

أفطر عندكم الصائمون و أكل طعامكم الأبرار و صلت عليكم الملائكة ( ه حب ) عن ابن الزبير

1137. ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقانلار ئۆيۈڭلاردا ئىپتار قىلسا، تائامىڭلارنى ياخشى كىشىلەر، تەقۋادارلار يېسە، سىلەرگە پەرىشتىلەر رەھمەت يوللايدۇ. ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أفلح من هدي إلى الإسلام و كان عيشه كفافا و قنع به ( طب ك ) عن فضالة بن عبيد

1138. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلامغا ھىدايەت قىلىنغان، تۇرمۇشى ئېشىپمۇ قالماي، كاملاپمۇ قالماي ھاجىتىنىڭ مىقداردا بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ، قانائەت قىلىدىغان كىشى نىجاد تاپتى، ئەڭ بەختلىكتۇر. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إقامة حد من حدود الله خير من مطر أربعين ليلة في بلاد الله ( ه ) عن ابن عمر

1139. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ شەھەرلىرىدە 40 كۈن يامغۇر ياغقاندىن ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇنىدىن بىرنى بەرپا قىلغان ياخشىدۇر. يەنى بەرىكەت، تىنچلىق ئاسىيلارنى جازالىغاندا، گۇناھ ـ مەئسىيەت مەۋجۇد بولمىغاندا، ئىلىم، ئىبادەت ياخشى بولغاندا بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اقبل الحديقة و طلقها تطليقة ( خ ن ) عن ابن عباس

1140. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئايالى خۇلئى سورىغاندا، (يەنى تويلۇق مەھرى بولغان باغنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئاجراشماقچى بولغاندا) مۇنداق دېگەن: ئى سابىت، باغنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، بۇ ئايالنى بىر تالاق قىلىپ قويۇۋەتكىن. بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

باغنى قوبۇل قىلىپ، تالاق قىلغىن دېگەن بۇ ھەدىستە مۇنداق مۇھىم بىر مەسىلە بار. بۇ ئىسلام دىنىدا خۇلئى، يەنى ئەر ـ ئايال كېلىشىشى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئەر قويۇپ بەرسە، ئۆزى ئىختىيارى قويۇپ بەرسە، تويلۇق مەھرىدىن ھېچنېمىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر ئايال كىشى ئۆزى ئاجرىشىمەن دەپ تۇرىۋالسا، يامانلاپ ئولتۇرىۋالسا، تويلۇقنى قايتۇرۇشى لازىم، ئاندىن ئاجرىشىدۇ، بۇ خۇلئى دېيىلىدۇ. ئەر تويلۇقنى مۇشۇ ھالەتتە قايتۇرۇپ ئالسا ھالالدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا يانا تالاق قىل دېگەن سۆزمۇ باردۇر.

( حسن ) أقبل و أدبر و اتق الدبر و الحيضة ( حم ) عن ابن عباس

1141. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايالىڭ بىلەن ئالدى تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلساڭ بولىدۇ. لېكىن، نىشان، مۇناسىۋەت ئورنى ئۇرۇق تىكىلىدىغان، زىرائەت ئورنى بولغان ئالدى تەرەپ، ئەۋرەت بولۇشى، جىنسى يولى بولۇشى لازىم. ئارقا مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن، ھەيز مەزگىلىدە (يەنى ئاياللار كېسەللى بولغان مەزگىلدە) مۇناسىۋەت قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ ساقلان. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

بۇ ھەدىستىن قانداق ھالەتتە، قانداق كەيپىياتتا ئۆزلىرى خالىغانچە مۇناسىۋەت قىلسا بولىدۇ، لېكىن مەقئەتتىن، كېسەل چاغدىن ساقلىنىش.

( صحيح ) اقتدوا باللذين من بعدي: أبي بكر و عمر ( حم ت ه ) عن حذيفة

1142. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى ئىككى كىشىگە، يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا ئەگىشىڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اقتدوا باللذين من بعدي: أبي بكر و عمر و اهتدوا بهدي عمار و ما حدثكم ابن مسعود فاقبلوه ( ع ) عن حذيفة

1143. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ئىبارەت ئىككى كىشىگە ئەگىشىڭلار، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىدايىتى بىلەن ھىدايەت يولىنى تېپىڭلار، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەپ بەرگەن سۆزگە ئىشىنىپ قوبۇل قىلىڭلار. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

اقتدوا باللذين من بعدي من أصحابي: أبي بكر و عمر و اهتدوا بهدي عمار و تمسكوا بعهد ابن مسعود ( ت ) عن ابن مسعود ( الروياني ) عن حذيفة ( عد ) عن أنس

1144. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ئىبنى مەسئۇددىن، روياني ھۇزەيفەدىن، ئىبنى ئەدى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ ھەدىس بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر. ئاخىرىدا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھدىنى چىڭ تۇتۇڭلار دېگەن، ئۇ بولسا نەسىھەتتۇر.

( حسن ) اقتربت الساعة و لا تزداد منهم إلا بعدا ( طب ) عن ابن مسعود

1145. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت يېقىنلاشقانسىرى كىشىلەر ئاللاھتىن يىراقلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇلاردىن يىراق بولۇشنى لازىم تۇتۇپ، ئاللاھقا يېقىن بول. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اقتربت الساعة و لا يزداد الناس على الدنيا إلا حرصا و لا يزدادون من الله إلا بعدا ( ك ) عن ابن مسعود

1146. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى كىشىلەر دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى زىيادە قىلىپ، ئاللاھتىن يىراقلىششىنى زىيادە قىلىدۇ. (شۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇرغىن) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اقتلوا الأسودين في الصلاة: الحية و العقرب ( د ت حب ك ) عن أبي هريرة

1147. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا بولساڭلارمۇ، يىلان ـ چاياندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قارىنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اقتلوا الحيات فإنا لم نسالمهن منذ حاربناهن ( طب ) عن ابن عمر

1148. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىلانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. ھەقىقەتەن بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش، جەڭ قىلغاندىن باشلاپ سۈلھى، تىنچلىق تۈزەلمىدۇق. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اقتلوا الحيات كلهن فمن خاف ثأرهن فليس منا ( د ن ) عن ابن مسعود ( طب ) عن جرير وعثمان بن أبي العاص

1149. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جەرىيردىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىلانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار. كىم ئۇلارنىڭ قايتا كېلىپ، قىساس، ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، يەنى بىزنىڭ باتۇرلىمىزدىن ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اقتلوا الحيات و الكلاب و اقتلوا ذا الطفيتين و الأبتر فإنهما يلتمسان البصر و يسقطان الحبل ( م ) عن ابن عمر

1150 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىلانلارنى ، ئىتلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار . بولۇپمۇ قۇيرۇقى كېسىلگەندەك قىسقا يىلاننى ، ئىككى چېكىتلىك يەنى كۆزەينەكلىك ، زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار . بۇ يىلان سىزىقلىق بولۇپ قورقۇنۇشلۇقىدىن ھامىلدارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ، كۆزنى چېقىشنى ئىزدەيدۇ . بىرىنىڭ ئۇستىدە ئاق ئىككى سىزىق بار يەنە بىرسى بولسا ، قۇيرۇقى بەك قىسقا ، بۇلار كۆزنى قۇيۇۋېتىدۇ ، ئاياللارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ . بۇخارى ، مۇسلىم ، ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان ، سەھىھ . مۇسلىمدا ئۆي يىلانلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك خاتىرلەنگەن .

( صحيح ) اقتلوا الحية و العقرب و إن كنتم في الصلاة ( طب ) عن ابن عباس

1151 . ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا بولساڭلارمۇ يىلان ـ چايانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار . تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ .

اقتلوا ذا الطفيتين فإنه يلتمس البصر و يصيب الحبل ( خ ) عن عائشة

1152 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇستىدە ئاق ئىككى سىزىقى بار زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار . چۈنكى ، بۇ يىلان كۆزنى قۇيۇۋېتىدۇ ، ھامىلدارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ، مۇسىبەت يەتكۈزىدۇ . بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ .

اقتلوا ذا الطفيتين و الأبتر فإنهما يطمسان البصر و يسقطان الحبل( حم ق د ت ه ) عن ابن عمر

1153 . بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، بەيھەقى ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان بولۇپ ، 150 ـ ھەدىس بىلەن ئوخشاش ، ئۆزى سەھىھ . بۇ ھەدىستە كۆزنى قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ دېيىلگەن .

( حسن ) اقرأ القرآن في أربعين ( ت ) عن ابن عمر

1154 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى 40 كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقۇغىن . تىرمىزى توپلىغان ، ھەسەن .

( صحيح ) اقرأ القرآن في ثلاث إن استطعت ( حم طب ) عن سعد بن المنذر

1155 . سەئىد ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قادىر بولالىساڭ ، قۇرئاننى ئۈچ كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقۇغىن . ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ .

( صحيح ) اقرأ القرآن في خمس ( طب ) عن ابن عمر

1156 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى بەش كۈندە بىر تامام قىلىپ ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ . تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ .

اقرأ القرآن في كل شهر اقرأه في خمس و عشرين اقرأه في خمس عشرة اقرأه في عشر اقرأه في سبع لا يفقهه من يقرؤه في أقل من ثلاث ( حم ) عن ابن عمرو

1157 . ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ھەر ئايدا بىر قېتىم تامام قىلىپ ئوقۇغىن . 25 كۈندە ، 15 كۈندە ، 10 كۈندە ، ھەتتا 7 كۈندە بىر قېتىم تامام قىلىپ ئوقۇغىن . قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇغان ، تامام قىلغان كىشى فىقھى قىلىپ يەنى قانۇن ، ئەھكام چىقىرىپ چۈشىنەلمەيدۇ . ئەھمەد توپلىغان ، سەھىھ .
لىكىن ئەجىر ساۋابنى ئېلىۋېرىدۇ .

اقرأ القرآن في كل شهر اقرأه في عشرين ليلة اقرأه في عشر اقرأه في سبع و لا تزد على ذلك (ق د) عن ابن عمر

1158 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ھەر ئايدا بىر ئوقۇپ تۈگەت . 20 كۈندە ، 10 كۈندە ، ھەتتا يەتتە كۈندە بىر

ئوقۇغىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلما، يەنى يەتتە كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام قىلىپ ئوقۇما. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇش قۇرئاندا مۇتلەق سۆزلىنىدۇ، سەھىھ ھەدىسلەردە بولسا 3 كۈندىن باشلاپ 40 كۈنگىچە ئارىلىقتا تامام قىلسا بولىدۇ دېيىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزدە قۇرئاننى بىر تامام قىلاتتى دېيىلگەن. ئىمام نەۋەۋى ئەزكار دېگەن كىتابىدا بۇ سۆزلەرنى سۆزلەپ، ئاندىن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە قۇرئاننى تۆت قېتىم تامام قىلغان كىشىلەرنى يازىدۇ. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، قادىر بولۇشىچە ئوقۇڭ، 3 كۈندىن 40 كۈنگىچە تامام قىلىپ بولۇڭ. جەھرى، مەخپى، ئاشكارا، يوشۇرۇن ئوقۇش دۇرۇس. قۇرئاننى مەخپى، ئىچىدە ئوقۇغۇچى مەخپى سەدىقە قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ. رىياسىز ھالدا جەھرى ئوقۇش، تېشىدا ئوقۇش، نامازدا ئوقۇش، تاھارەت بىلەن قۇرئانغا قاراپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

( صحيح ) اقرأ المعوذات في دبر كل صلاة ( د حب ) عن عقبة بن عامر

1159. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەۋۋىزات سۈرىسىنى، يەنى سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇغىن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اقرأ المعوذتين فإنك لن تقرأ بمثلهما ( طب ) عن عقبة بن عامر

1160. ئۇقبەت ئىبنى ئامرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇغىن. چۈنكى، سەن بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىز ئوقۇيالمايسەن. (ئوخشىشىنى ئوقۇيالمايسەن دېگىنى بۇ سۈرىلەر ئەۋزەل). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اقرأ ( قل يا أيها الكافرون عند منامك فإنها براءة من الشرك ) . ( هب ) عن أنس

1161. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل يائەييۇھەلكافىرۇننى، يەنى سۈرە كافىرۇننى ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇغىن. چۈنكى، بۇ سۈرە شېرىكتىن قۇتقۇزىدۇ، بىزار قىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أقرأني جبريل القرآن على حرف فراجعته فلم أزل استزيده فيزيدني حتى انتهى إلى سبعة أحرف(حم قابن عباس

1162. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قۇرئاننى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بەردى. مەن قايتا ـ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، زىيادە، ئارتۇق قىلىپ بېرىشىنى سوراۋەردىم. ھەتتا، قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇپ بەرگىچىلىك شۇنداق قىلدىم. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اقرءوا القرآن على سبعة أحرف فأيما قرأتم أصبتم و لا تماروا فيه فإن المراء فيه كفرهب ) عن عمرو بن العاص

1163. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇڭلار، قايسىسى بىلەن ئوقۇساڭلار توغرا قىلغان بولىسىلەر. قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ماجرا، ئىختىلاپ قىلماڭلار، ئۇنداق قىلىش كۇفرىلىقتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بىز بۇ ھەدىسنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن، سەھىھ. ئۇ بولسا تەجۋىد قائىدىسى، تاۋۇش بەلگىلىرى، زىر ـ زەۋەر، پىچلىرى ئىدى. ھازىر بولسا بىر خىللا ئوقۇلىدۇ، يەنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نۇسخىسى ئوقۇلىدۇ، ئىختىلاپ قىلماڭ.

اقرءوا القرآن فإنكم تؤجرون عليه أما إني لا أقول ( ألم حرف و لكن ألف عشر و لام عشر و ميم عشر فتلك ثلاثون ) . ( أبو جعفر النحاس في الوقف والابتداء السجزي في الإبانة خط ) عن ابن مسعود

1164. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، سىلەرگە قۇرئان ئوقۇغانغا ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ. مەن ئەلىف، لام، مىم «الم» نى ھەرپ دېمەيمەن، لېكىن ئەلىفكە 10 ساۋاب، لامغا 10 ساۋاب، مىمغا 10 ساۋاب، ئەنە شۇ 30 ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ. ئەبۇ جەئپەر نۇھاس سەجزى خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

قۇرئاندىن ھەربىر ھەرپكە 10 ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدىغان سەھىھ ھەدىس بار. بىر ھەرپكە 10 ئەجىر، قىيامەت كۈنى بۇ بىرىسى 100 بولىدۇ.

اقرءوا القرآن فإنه يأتي يوم القيامة شفيعا لأصحابه اقرءوا الزهراوين: البقرة و آل عمران فإنهما يأتيان يوم القيامة كأنهما غمامتان أو غيايتان أو كأنهما فرقان من طير صواف يحاجان عن أصحابهما اقرءوا سورة البقرة فإن أخذها بركة و تركها حسرة و لا تستطيعها البطلة ( حم م ) عن أبي أمامة .

1165. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ. نۇرغا ئوخشاش ئىككى سۈرىنى، يەنى سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇڭلار، بۇ ئىككى سۈرە بۇلۇتتەك ياكى سەپ تارتقان بىر توپ قۇشتەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇغانلار توغرىسىدا ھۆججەت قويۇپ، شاپائەت قىلىش ئۈچۈن داۋالىشىدۇ. سۈرە بەقەرەنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنى يادا ئېلىش بەرىكەتتۇر، تەرك ئېتىش ھەسرەتتۇر، ئۇنىڭغا باتىل ئەھلى قادىر بولالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اقرءوا القرآن ما ائتلفت عليه قلوبكم فإذا اختلفتم فيه فقوموا ( حم ق ن ) عن جندب

1166. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭلار بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان ھالدا قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان توغرىسىدا ياكى قۇرئاندا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار دەرھال قوپۇپ كېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، قۇرئان توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشنى، جىدەل-ماجىرانى يۇقىرىدا كۇفرىلىق دېدى.

اقرءواالقرآن وابتغوا به الله تعالى من قبل أن يأتي قوم يقيمونه إقامة القدح يتعجلونه ولا يتأجلونه(حم د عن جابر

1167. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەلۇم قەۋملەر كېلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىڭلار. ئۇلار كەلسە، قۇرئاننى قەدەھنى رۇسلاپ تۈزلىگەندەك تۈزلەپ رۇسلاپ كېتىدۇ (ياڭزا چىقىرىپ ياساپ ئوقۇيدۇ). قۇرئاننىڭ باراۋىرىگە مۇكاپات ئېلىشقا بۇ دۇنيادىلا ئالدىراپ كېتىشىدۇ، ئاخىرەتكە قويمايدۇ. يەنى، ئۇلار قۇرئاننى ياڭزا چىقىرىپ، ياساپ ئوقۇيدۇ، ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا، بولۇپمۇ قۇرئان ئوقۇغان جايدىلا ئېلىۋالىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئۇلار بولسا دۇنيا قارىيلىرى، دۇنيا مۆئمىنلىرىدۇر.

اقرءوا القرآن و اعملوا به و لا تجفوا عنه و لا تغلوا فيه و لا تأكلوا به و لا تستكثروا به ( حم طب ع هب ) عن عبدالرحمن بن شبل

1168. ئابدۇرەھمان ئىبنى شىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ئوقۇپ ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭلار. قەلبىڭلار قۇرئاندىن قېتىپ كەتمىسۇن، قۇرئاندا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار. قۇرئاننىڭ باراۋىرىگە بىرەر نەرسە يېمەڭلار، قۇرئان سەۋەبلىك مال-دۇنيانى كۆپەيتمەي، ئەجرىنى ئاخىرەتتە ئېلىڭلار. ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اقرءوا القرآن و سلوا الله به قبل أن يأتي قوم يقرءون القرآن فيسألون به الناس ( حم طب هب ) عن عمران بن حصين

1169. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇڭلار. شۇنداق بىر قەۋم كېلىشتىن بۇرۇن، قۇرئان ئوقۇغاننىڭ

باراۋىرىگە ئاللاھنى، دىدارىنى، رازىلىقىنى سوراڭلار. ئۇنىشۇنداق قەۋمكى، قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن پۇل پۇچەك سورايدۇ. (ئەنە شۇلار ھازىرمۇ باربولۇپ، بۇلار دىنىي كەسىپدارلاردۇر) ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اقرءوا سورة البقرة في بيوتكم فإن الشيطان لا يدخل بيتا يقرأ فيه سورة البقرة ( ك هب ) عن ابن مسعود

1170. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلاردا سۈرە بەقەرەنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان سۈرە بەقەرە ئوقۇلغان ئۆيگە كىرەلمەيدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئۇنداقتا بۇ سۈرىنى ئوقۇغان قەلبكە تېخىمۇ كىرەلمەيدۇ.

اقرءوا كما علمتم فإنما أهلك من كان قبلكم اختلافهم على أنبيائهم ( ابن جرير في تفسيره ) عن ابن مسعود

1171. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى سىلەرگە ئۆگىتىلگەندەك ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە بولغان ئىختىلاپلىرى ھالاك قىلىۋەتكەن. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىر تەبرى ئۆز تەپسىرىدە توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىستىن قۇرئاننىڭ تاۋۇشلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىشتىن چەكلەيدۇ ھەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

اقرءوا هاتين الآيتين اللتين في آخر سورة البقرة فإن ربي أعطانيهما من تحت العرش(حم طب عن عقبة بن عامر

1172. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە بەقەرەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن رەببىم بۇ ئىككى ئايەتنى ماڭا ئەرشنىڭ تەھتىدىن (كاڭلىرىدىن) بەرگەن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أقرب ما يكون الرب من العبد في جوف الليل الآخر فإن استطعت أن تكون ممن يذكر الله في تلك الساعة فكن ( ت ن ك ) عن عمرو بن عبسة

1173. ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە رەببىگە، رەببى بەندىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقىت كېچىنىڭ ئاخىرىقى يېرىمىدۇر. شۇ سائەتلەردە ئاللاھنى ئەسلەيدىغان كىشىلەردىن بولۇشۇڭغا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق بول. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أقرب ما يكون العبد إلى الله و هو ساجد ( البزار ) عن ابن مسعود

1174. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى ئۇ ئاللاھقا سەجدە قىلغان ھالەتتۇر. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

أقرب ما يكون العبد من ربه و هو ساجد فأكثروا الدعاء ( م د ن ) عن أبي هريرة

1175. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ ئۆز رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ھالىتى ئۇ ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتقان، سەجدىدە تۇرغان ھالەتتۇر. بۇ چاغدا دۇئالارنى كۆپ قىلىڭلار. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أقربكم مني مجلسا يوم القيامة أحسنكم خلقا ( ابن النجار ) عن علي

1176. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ماڭا قىيامەت كۈنى مەجلىستە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقتا ياخشىراقىڭلار. ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أقروا الطير على مكناتها ( د ك ) عن أم كرز

1177. ئۇممە كەرەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇشلارنى ئۆز ماكانلىرىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اقسموا المال بين أهل الفرائض على كتاب الله فما تركت الفرائض فلأولى رجل ذكر ( م د ه ) عن ابن عباس

1178. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىراس مېلىنى مىراس ئەھلىنىڭ ئارىسىغا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار. ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان مال بولسا، مېيىتكە يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان. ئالىملار مىراس تەقسىماتىدىن ئېشىپ قالغان، ئارتۇق چىقىدىغان مال مېيىتنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىگە، بولۇپمۇ ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئەر كىشى بولمىسا، ئايال كىشى تۇغقىنىغا بېرىلىدۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق. (زەكەرىن دېگەن سۆز ئەر لايىق دېگەنگە تەكىت تەنبىھدۇر)

أقصر من جشائك فإن أكثر الناس شبعا في الدنيا أكثرهم جوعا في الآخرة ( ك ) عن أبي جحيفة

1179. ئەبۇ جۇھەيفەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قورسىقىڭ تىكلەشكىچە كۆپ يېيىشتىن بولدى قىل، ئازراق يېگىن. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا كۆپ ھاللاردا قورسىقى توق يۈرگىنى ئاخىرەتتە كۆپ ھاللاردا ئاچ قالىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

مەقسەت ئاخىرەتتىكى نىسبىتىدىن قورسىقىنى كۆپ تويغۇزۇپ، لەززەت پەيزىنى سۈرۈپ بولسا، ئاخىرەتتە كۆپ ئاچ قالىدۇ.

( صحيح ) اقضوا الله فالله أحق بالوفاء ( خ ) عن ابن عباس

1180. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ناماز، زاكات، ھەج، رامىزاندەك) مەسىلىلەردە ئاللاھقا قازاسىنى قىلىپ ئادا قىلىڭلار. قەرزنى بېرىشكە، ۋاپا قىلىشقا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

اقطعوا في ربع الدينار و لا تقطعوا فيما هو أدنى من ذلك ( حم هق ) عن عائشة

1181. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىينارنىڭ 1/4گە قولنى كەسسەڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز ئوغرىلىسا قولنى كەسمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بىر دىينار بىر مىسقال ئالتۇن بولۇپ، 300 يۈەن بولسا، 1/4ى 75 يۈەن بولىدۇ.

( صحيح ) أقل أمتي أبناء السبعين ( الحكيم ) عن أبي هريرة

1182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ 70 ياشقا كىرىدىغىنى ئازراقتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أقل أمتي الذين يبلغون السبعين ( طب ) عن ابن عمر

1183. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن 70 ياشقا يېتىدىغانلار ئازدۇر. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أقلوا الخروج بعد هدأة الرجل فإن لله تعالى دواب يبثهن في الأرض في تلك الساعة ( حم د ن ) عن جابر

1184. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى جىمغاندىن كېيىن، سىرتقا ئازراق چىقىڭلار. چۈنكى، ئاللاھنىڭ نۇرغۇن ھايۋانلىرى بولۇپ، شۇ سائەتتە زېمىنغا كەڭ تارقىتىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أقيلوا ذوي الهيئات عثراتهم إلا الحدود ( حم خد د ) عن عائش

1185. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېسىل خىسلەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار. لېكىن، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازالار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە ئوغرىلىق قىلسىمۇ قولىنى كېسەتتىم دېگەن). يۇقىرىقى ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئەدەبتە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا الركوع و السجود فوالله إني لأراكم من بعد ظهري إذا ركعتم و إذا سجدتم ( ق ) عن أنس

1186. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ ـ سەجدىلەرنى رۇس، مەزمۇت قىلىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى رۇكۇ ـ سەجدە قىلغان چېغىڭلاردا ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا الصفوف فإنما تصفون بصفوف الملائكة وحاذوا بين المناكب وسدوا الخلل لينوا بأيدي إخوانكم و لا تذروا فرجات للشيطان و من وصل صفا وصله الله و من قطع صفا قطعه الله عز و جل ( حم د طب ) عن ابن عمر

1187. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلەرنى تۈزلەڭلار، ھەققەتەن سىلەر پەرىشتىلەر سەپلەردە تۇرغاندەك سەپلەردە تۇرىسىلەر. مۈرىلەر ئارىسىنى يېقىن باراۋەر قىلىڭلار، بوشلۇقنى ئېتىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قوللىرىغا قوللىرىڭلارنى يۇمشاق تۇتۇڭلار (يەنى، ئۇلار سەپكە كىرمەكچى بولغاندا، قولۇڭلارنى مۇلايىم تۇتۇپ، جەينەكلىرىڭلارنى يىغىپ تۇرۇڭلار) شەيتانغا بوشلۇق قالدۇرماڭلار. كىم سەپلەرنى ئۇلاپ، تۈز تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ؛ سەپلەرنى ئۈزۈپ، بوشلۇق قالدۇرسا، ئاللاھمۇ رەھمىتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا الصفوف في الصلاة فإن إقامة الصف من حسن الصلاة ( م ) عن أبي هريرة

1188. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا سەپلەرنى تۈزلەڭلار. ھەققەتەن سەپنى تۈزلەش نامازنى ياخشى ئادا قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا الصلاة و آتوا الزكاة و حجوا و اعتمروا و استقيموا يستقم بكم ( طب ) عن سمرة

1189. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ھەج قىلىڭلار، ئۆمرە ھەج قىلىڭلار، ئىبادەت بىلەن ئىستىقامەت قىلىڭلار. مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى مۇستەھكەم قىلىدۇ، توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أقيموا حدود الله تعالى في البعيد و القريب و لا تأخذكم بالله لومة لائم ( ه ) عن عبادة بن الصامت

1190. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ھەد، جازا، قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى يىراق ـ يېقىن ھەممىسىدە ئىجرا قىلىپ مۇستەھكەم بەرپا قىلىڭلار، يەنى يېقىن تۇغقان بولسىمۇ جازانى تۇرغۇزۇڭلار. ئاللاھ يولىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا تاپا قىلغۇچى مالامەتچىنىڭ تاپا ـ تەنە، مالامەتلىرىگە پەرۋا قىلماڭلار، قورقماڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا صفوفكم فوالله لتقيمن صفوفكم أو ليخالفن الله بين قلوبكم ( د ) عن النعمان بن بشير

1191. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يا سىلەر سەپلىرىڭلارنى

تۈزلەيسلەر ياكى ئاللاھ قەلبىڭلارنى بىر ـ بىرىگە زىت، مۇخالىپ، مۇتەپەررىق قىلىۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أقيموا صفوفكم لا تخللكم الشياطين كأنها أولاد الحذف قيل: يا رسول الله و ما أولاد الحذف ؟ قيل: سود جرد بأرض اليمن ( حم ش ك ) عن البراء

1192. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، شەيتانلار خۇددى قوينىڭ قارا قوزىسىدەك قېتىڭلارغا كىرىۋالمىسۇن. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، قوينىڭ بالىلىرى دېگەنلىرى نېمە ئۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ يەمەن زېمىنىدا بولىدىغان تۈكسىز قارا قوزا دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ شەيبە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أقيموا صفوفكم و تراصوا فإني أراكم من خلف ظهري ( خ ن ) عن أنس

1193. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ زىچ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ مۆجىزىدۇر.

أقيموا صفوفكم و تراصوا فوالذي نفسي بيده إني لأرى الشياطين بين صفوفكم كأنها غنم عفرالطيالسي ) عن أنس

1194. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، زىچ تۇرۇڭلار. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سەپلىرىڭلار ئارىسىدا شەيتانلارنى خۇددى توپا رەڭ بوز قويىدەك كۆردۈم. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

سەپلەرنى سۆزلەشتە شەيتاننى قوغلاپ چىقىرىش، ئىتتىپاقلىق، ناماز كامىللىقى، نامازنىڭ ياخشىلىقى، پەرىشتىلەردەك سەپ تۈزۈش، ھەتتا ئۇرۇشتىكى سەپلەرگىمۇ مۇناسىۋەتى باردۇر.

( صحيح ) أكبر الكبائر الإشراك بالله و قتل النفس و عقوق الوالدين و شهادة الزور ( خ ) عن أنس

1195. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىيرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ ساقلىسۇن)، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ۋارقىراش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلاردۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اكتب فوالذي نفسي بيده ما يخرج منه إلا حق ( حم د ك ) عن ابن عمرو

1196. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغزىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: يېزىۋەرگىن، پۈتكىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن پەقەت ھەق، ھەقىقەتلا چىقىدۇ.

بۇ سۆز مۇنداق دېيىلگەن ئىدى، ئىبنى ئەمرۇ يادا ئېلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان بارلىق سۆزلەرنى خاتىرىلەيدۇ. بۇ ئىشنى قۇرەيشلەر ئەيىبلەپ توسقاندا، توختاپ قالىدۇ ـ دە، بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دەيدۇ، دەل شۇ جايدا شۇنداق دېگەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

اكتحلوا بالإثمد فإنه يجلوا البصر و ينبت الشعر ( ت ) عن ابن عباس

1197. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسمەد تاشلىرى بىلەن سۈرمە تارتىڭلار. ھەقىقەتەن ئۇ كۆزنى روشەن قىلىدۇ، تۈك ئۆستۈرىدۇ، يەنى كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أكثر الدعاء بالعافية ( ك ) عن ابن عباس

1198. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاپىيەت ئىدى. يەنى، ئىككى ئالەملىك بالالاردىن، مۇسىبەتلەردىن ساقلىنىش، ساق ـ سالامەت قىلىشنى سوراش ئىدى. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) أكثر الناس شبعا في الدنيا أطولهم جوعا في الآخرة ( حل ) عن سلمان

1199. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا دائىم ھالدا كۆپ تويۇپ كەتكىنى ئاخىرەتتە بەك ئۇزۇن مەزگىل ئاچ قالىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ روزا تۇتايلى.

( صحيح ) أكثرت عليكم في السواك ( حم خ ن ) عن أنس

1200. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە مىسۋاك توغرىلىق بەك كۆپ سۆزلىدىم، يەنى مىسۋاكنى لازىم تۇتۇڭلار. بۇخارى، نەسەئى، ئەھمەد، دارمى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسكە مىسۋاكنى كۆپ سىلىش دەپ باب قويدى.

( حسن ) أكثر خطايا ابن آدم في لسانه ( طب هب ) عن ابن مسعود

1201. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تىلدا بولىدۇ، يەنى تىل ئارقىلىق كۆپ خاتالىشىدۇ. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أكثر عذاب القبر من البول ( حم ه ك ) عن أبي هريرة

1202. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرە ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ. (ھاجەتخانىغا كىرىپ ـ چىقىشتا سۈيدۈكتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أكثر منافقي أمتي قراؤها( حم طب هب ) عن ابن عمرو ( حم طب ) عن عقبة بن عامر ( طب عد ) عن عصمة بن مالك

1203. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ مۇناپىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قارىيلىرىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى ئىبنى ئەمرۇدىن، ئۇقبەت ئىبنى ئامىردىن، تەبرانى ئىبنى ئەدى ئەسمەد ئىبىن مالىكدىن توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ سەھىھ دېگەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ كۆپىنچى قارىيلاردىن مۇناپىق چىقتى، بولۇپمۇ دىندىن خەۋرى يوق، خۇراپىي قارىيلار.

أكثر من السجود فإنه ليس من مسلم يسجد لله تعالى سجدة إلا رفعه الله بها درجة في الجنة و حط عنه بها خطيئة ( ابن سعد حم ) عن أبي فاطمة

1204. ئەبۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەجدىنى كۆپ قىلىپ بەرگىن. ھەققەتەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھتائالاغا بىر سەجدە قىلسىلا ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەجدە باراۋىرىگە جەننەتتە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ، ئۇ كىشىدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ. ئىبنى سەئىد بىلەن ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

نامازنى كۆپ ئوقۇڭلار، قۇرئان سەجدىسىنىمۇ كۆپ قىلىڭلار.

أكثر من لا حول و لا قوة إلا بالله فإنها من كنز الجنة ( ع طب حب ) عن أبي أيوب

1205. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى تائەت ـ ئىبادەتلەرگە، مەئسىيەتتىن يېنىشقا پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بار، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر) دېگەن بۇ كەلىمىنى كۆپ دېگىن. چۈنكى، بۇ كەلىمە جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىن. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أكثر من يموت من أمتي بعد قضاء الله و قدره بالعين ( الطيالسي تخ الحكيم البزار الضياء ) عن جابر

1206. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ قازايى ـ قەدىرىدىن قالسا، كۆز تېگىش بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. تەيالىسى، ھاكىم، بەزار، زىيائۇلمەقدەسى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

كۆز تېگىش ھەق دېگەننى يۇقىرىدا يازدۇق. بۇ ھەدىستىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈشتىن سىرت، كۆز تېگىش بىلەنمۇ ئۆلۈپ كېتىش چىقىدۇ. لېكىن ھەممىسى تەقدىر، ئالدىن يېزىلغان. ئەمما، قازايى ـ قەدەر ئاللاھ ئۆزىلا يازغىنىدۇر، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارغا ئەركىنلىك بېرىپ يازغان، بۇمۇ تەقدىر ھەممىسى ئالدىن يېزىلدى. لېكىن، پەرقى باردە، نۇرغۇن ئىشنى ئۆزىمىز خالاپ قىلىمىز.

أكثروا الصلاة علي فإن الله وكل بي ملكا عند قبري فإذا صلى علي رجل من أمتي قال لي ذلك الملك: يا محمد إن فلان بن فلان صلى عليك الساعة ( فر ) عن أبي بكر

1207. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ـ سالاملارنى كۆپ قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ قەبرەم يېنىدا بىر پەرىشتىنى ماڭىلا مۇئەككەل قىلىپ قويىدى. ئۈممىتىمدىن بىر كىشى ماڭا دۇرۇت سالام يوللىسا، ئۇ پەرىشتە ماڭا مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پالانىنىڭ بالىسى پالانى مۇشۇ سائەتتە ساڭا دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللىدى. دەيلىمى فىردەۋستە توپلىغان، ھەسەن.

أكثروا الصلاة علي في يوم الجمعة فإنه ليس يصلي علي أحد يوم الجمعة إلا عرضت على صلاته ( ك هب ) عن أبي مسعود الأنصاري

1208. ئەبۇ مەسئۇدىئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جۈمئە كۈندە كۆپ دۇرۇت، سالام يوللاڭلار. چۈنكى، كىم ماڭا جۈمئە كۈنى دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئۇنىڭ دۇئايى سالاملىرى ماڭا تەڭلىنىدۇ، يەتكۈزىلىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أكثروا الصلاة علي يوم الجمعة و ليلة الجمعة فمن صلى علي صلاة صلى الله عليه عشرا ( هق ) عن أنس

1209. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جۈمئە كۈنىدە ۋە جۈمئە كېچىسى دۇرۇت، دۇئايى ـ سالاملارنى كۆپ يوللاڭلار. كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە 10 رەھمەت قىلىدۇ، 10 رەھمەت يوللايدۇ. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

أكثروا ذكر هاذم اللذات: الموت ( ت ن ه حل ) عن ابن عمر ( ك هب ) عن أبي هريرة ( طس حل هب ) أنس

1210. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لەززەتنى كېسىپ تاشلىغۇچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ نۇئەيىملار ئىبنى ئۆمەردىن، ھاكىم، بەيھەقى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت، ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أكثروا ذكر هاذم اللذات: الموت فإنه لم يذكره أحد في ضيق من العيش إلا وسعه عليه و لا ذكره في سعة إلا ضيقها عليه ( هب حب ) عن أبي هريرة ( البزار ) عن أنس

1211. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لەززەتنى ئۈزگۈچى ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەڭلار. كىم ئۇنى تار، قىيىن تۇرمۇشتا ئەسلىسە، ئۆلۈمنى ئەسلەش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى كەڭرى قىلىۋېتىدۇ (چۈنكى، ئۆلسە ھەممىسى قالىدۇ ـ دە!) كىم ئۆلۈمنى كەڭرى تۇرمۇشتا ئەسلىسە، بۇ ئەسلەش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى تار، قىيىن قىلىۋېتىدۇ (چۈنكى، ئۆلۈم تەھدىد، تەييارلىق قىلغىلى سالىدۇ). بەيھەقى، ئىبنى ھەببان، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

أكثروا من شهادة: أن لا إله إلا الله قبل أن يحال بينكم و بينها و لقنوها موتاكم ( ع عد ) عن أبي هريرة

1212. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى سىلەر بىلەن ئۇنىڭ

ئارىلىقى توسۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن كۆپ قىلىۋېلىڭلار. بۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆلۈش ئالدىدىكى جان، سەكراتقا چۈشكەن كىشىلەرگە تەلقىن قىلىپ، تاشلاپ دېگۈزۈڭلار. ئەبۇ يەئلا ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.
( حسن ) أكثروا من غرس الجنة فإنه عذب ماؤها طيب ترابها فأكثروا من غراسها: لا حول و لا قوة إلا بالله ( طب ) عن ابن عمر
1213. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتنىڭ تۇپرىقى پاك، مۇنبەت، سۈيى تاتلىق، ئۇنىڭغا دەرەخلەرنى كۆپ تىكىۋېلىڭلار. ئۇ بولسا، لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېگەن كەلىمىنى كۆپ دېيىشتۇر. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.
أكثروا من قول: لا حول و لا قوة إلا بالله فإنها من كنوز الجنة ( عد ) عن أبي هريرة
1214. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېگەن بۇ كەلىمىنى كۆپ دەڭلار، چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ كاڭلىرىدىندۇر. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.
( صحيح )أكثروا من هذه النعال فإن الرجل لا يزال راكبا ما انتعل ( د ) عن جابر
1215. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياغنى كۆپ قىلىپ قويۇڭلار. كىشى ئايىغى بولسىلا، دائىم سەپەرگە چىقالايدۇ (بولۇپمۇ ئۇرۇش سەپىرىگە ئاتلىنالايدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ
( صحيح ) أكرم الناس أتقاهم ( ق ) عن أبي هريرة
1216. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئەڭ تەقۋادارىقىدۇر، ئاللاھدىن ئەڭ قورققىنىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.
أكرم الناس يوسف بن يعقوب بن إسحاق بن إبراهيم ( ق ) عن أبي هريرة ( طب ) عن ابن مسعود
1217. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغراقى ئىبراھىم ئوغلى ئىسھاق ئوغلى يەئقۇپ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدۇر، يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەي نەۋرىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەردۇر. بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.
( حسن ) أكرم شعرك و أحسن إليه ( ن ) عن أبي قتادة
1218. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چېچىڭنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىل. يەنى ئۇنى يۇيۇپ، تاراپ، پاكىز تۇتقىن. نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.
( حسن ) أكرموا الخبز ( ك هب ) عن عائشة
1219. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناننى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇنى ئۇلۇغ بىلىڭلار. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.
( صحيح ) أكرموا الشعر ( البزار ) عن عائشة
1220. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاچنى ھۆرمەتلەپ پاكىز تۇتۇڭلار. بەزار توپلىغان، سەھىھ.
چاچ قويۇش دىنسىزلارغا ئوخشىمىغان ھالەتتە سۈننەتتۇر، قويمىسا گۇناھكار بولمايدۇ.
اكسروا فيها قسيكم – يعني في الفتنة – و اقطعوا فيها أوتاركم و الزموا فيها أجواف بيوتكم و كونوا فيها كالخير من ابني آدم ( ت ) عن أبي موسى
1221. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىتنەـپاسات دەۋرىدە ئوقيالىرىڭلارنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ زەي تارىسىنى ئۈزۈۋېتىپ،

ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئىچكىرىسىنى لازىم تۇتۇڭلار. ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ ياخشىسى بولۇڭلار، يەنى قابىلدەك قاتىل بولماي، ھابىلدەك زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچى بولۇڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اكشف البأس رب الناس ( د ن ) عن ثابت بن قيس بن شماس

1222. سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، بۇ غەم ـ قايغۇ، كېسەل ئازابىنى، پېقىرلىقنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈۋەتكىن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

اكشف البأس رب الناس ! إله الناس ( ه ) عن رافع بن خديج

1223. راپىئ ئىبنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: كىشىلەرنىڭ رەببى، ئىلاھى ئى ئاللاھ، بۇ پېقىرلىقنى، غەم ـ قايغۇنى، دەرت ـ ئەلەمنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈۋەتكىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اكشف البأس رب الناس ! لا يكشف الكرب غيرك ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن عائش

1224. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنىلا يۇقىرىقىدەك دۇئا قىلاتتى: ئى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۇ غەم ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم، پېقىرلىقنى ئۆزۈڭ كۆتۈرگىن. مۇشەققەت ـ بالالارنى، قىيىنچىلىقلارنى سەندىن باشقىسى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.

اكفلوا لي بست أكفل لكم بالجنة: إذا حدث أحدكم فلا يكذب و إذا ائتمن فلا يخن و إذا وعد فلا يخلف و غضوا أبصاركم و كفوا أيديكم و احفظوا فروجكم ( البغوي طب ) عن أبي أمامة

1225. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئالتە ئىشتا كېپىل بولساڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن. 1 ـ بىرىڭلار سۆز قىلسا، يالغان سۆزلىمىسۇن. 2 ـ ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلمىسۇن. 3 ـ ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلمىسۇن. 4 ـ كۆزۈڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار. 5 ـ قولۇڭلارنى ھارامدىن تارتىڭلار. 6 ـ ئەۋرەتىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار. بەغۋى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أكل طعامكم الأبرار و صلت عليكم الملائكة و أفطر عندكم الصائمون ( حم د ن ) عن أنس

1226. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم روزا تۇتقۇچىلارنى، ئىپتار قىلدۇرغانلارغا مۇنداق دېگەن: تائاملىرىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت يوللىدى، ئۆيۈڭلاردا روزا تۇتقانلار ئىپتار قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أكل كل ذي ناب من السباع حرام ( ه ) عن أبي هريرة

1227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلاردىن ھەرقانداق مەگىنلىكنى يېيىش ھارامدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مەسىلەن: شىر، يولۋاس، بۆرە، يىلپىز، ئىت، مۈشۈك، تۈلكە، تىمساق قاتارلىقلار.

اكلفوا من العمل ما تطيقون فإن الله لا يمل حتى تملوا و إن أحب العمل إلى الله تعالى أدومه و إن قل ( حم د ن ) عن عائشة

1228. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆزۈڭلارنى تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالىسىلەر. ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى گەرچە ئاز بولسىمۇ، دائىم داۋام قىلىنغىنىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اكلفوا من العمل ما تطيقون فإن خير العمل أدومه و إن قل ( ه ) عن أبي هريرة

1229. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆزۈڭلارنى تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئەمەلنىڭ ئەڭ ياخشىسى گەرچە ئاز بولسىمۇ داۋام قىلغىنىدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا ( حم د حب ك ) عن أبي هريرة

1230. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى ئەخلاقى ياخشىراقىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان.

تۇغما ئىقتىدارلىق، ئەسلى ئەخلاق ۋە كەسپى ئەخلاقتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، باردى ـ كەلدىدە، تىجارەتتە، ئىلىم ئېلىش ـ بېرىشتە، مۇنازىرىدە، ئائىلىدە، قوشنىلار ئارىسىدا ھەتتا دۆلەتلەرگە خەلقئارالىق ياخشى ئەخلاقتا ياخشى ئەخلاقلىق بول.

أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا الموطئون أكنافا الذين يألفون و يؤلفون و لا خير فيمن لا يألف و لا يؤلف ( طس ) عن أبي سعيد

1231. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىلراقى ئەخلاقى ياخشىراقىدۇر. ئۇلار ئەخلاقى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەتراپى دەسسىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ياشايدۇ. كىشىلەردىن ئازار يەيدۇكى، ئازار بەرمەيدۇ. كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت ـ ئۈنسى بېرىشىپ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ياشايدۇ، كېلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلار بىلەنمۇ كېلىشكىلى بولىدۇ. كىشىلەرگە ئۈنسى ـ ئۈلپەت بەرمەيدىغان، كېلىشىپ ئۆتمەيدىغان، كېلىشكىلىمۇ بولمايدىغان بۇنداق كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر. بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا و خياركم خياركم لنسائهم ( ت حب ) عن أبي هريرة

1232. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى ئەخلاقى ئەڭ ياخشىراقىدۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغان ياخشى كىشىدۇر. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە ئەخلاقتا ياخشى بولۇشتىن باشقا ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش كۆرسىتىلىدۇ.

( صحيح ) ألبان البقر شفاء و سمنها دواء و لحومها داء ( طب ) عن مليكة بنت عمرو

1233. مەلىيكەت بىنتى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كالىنىڭ سۈتى شىپادۇر، يېغى داۋادۇر، گۆشىدە كېسەل باردۇر. بۇ ھەدىسنى تەبرانى توپلىغان، ھاكىم مۇستەدرەكتە ئوخشىشى بولۇپ، ئىمام زەھەبى زەئىپ دېگەن ئىكەن، ئەمما ئەلبانى تەكشۈرۈپ سەھىھ دېگەن، بۇ ھەدىسنى ھەسەن دېگەنلەرمۇ باردۇر.

البس جديدا و عش حميدا و مت شهيدا و يرزقك الله قرة عين في الدنيا و الآخرة – قاله لعمر بن الخطاب – ( حم ه ) عن ابن عمر

1234. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: يېڭى كىيىم كىيگىن، مەدھىيىلەنگەن ـ ماختالغان ھالدا ياشىغىن. ئاللاھ ساڭا قەلبىڭ خۇشال، خۇرسەن بولغۇدەك رىزق بەرسۇن، يەنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشى رىزق بەرسۇن، دۇنيادا سالىھ بالا ئاتا قىلسۇن دېگەن مەنىدە (ئۇ راستىنلا شەھىد بولغان مەدھىيىگە لايىقتۇر). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

البسوا الثياب البيض فإنها أطهر و أطيب و كفنوا فيها موتاكم ( حم ت ن ه ك ) عن سمرة

1235. سەمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىم كىيىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ پاكىتۇر، پاكىز تۇرىدۇ. (چۈنكى، كىر ئاسان بىلىنىشىپ

يۇيۇلدۇ) ئاق كىيىملەرگە مېيىتلەرنى كېپەنلەڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

البسوا من ثيابكم البياض فإنها من خير ثيابكم و كفنوا فيها موتاكم و إن من خير أكحالكم الإثمد يجلوا البصر و ينبت الشعر ( حم د ت حب ) عن ابن عباس

1236. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىمكلارنى كىيىڭلار. چۈنكى، ئۇ كىيىمكلارنىڭ ياخشىسىدۇر، مېيىتلەرنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار. ھەقىقەتەن سۈرمەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسمەت دېگەن تاشتۇر، ئۇ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىك تۈكىنى ئۆستۈرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

التمسوا الساعة التي ترجى في يوم الجمعة بعد العصر إلى غيبوبة الشمس ( ت ) عن أنس

1237. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنىدىكى ئۈمىد قىلىنىدىغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرگۈچە ئىزدەڭلار، تەلەپ قىلىڭلار. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) التمسوا ليلة القدر آخر ليلة من رمضان ( ابن نصر ) عن معاوية

1238. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ئىزدەڭلار. ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

التمسوا ليلة القدر في العشر الأواخر من رمضان في وتر فإني قد رأيتها فنسيتها ( حم طب الضياء ) عن جابر بن

1239. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى 10 كۈنىدىن ئىزدەڭلار، بولۇپمۇ تاق كۈنلىرىدىن. ھەقىقەتەن مەن ئۇ كېچىنى كۆرۈپ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن (يەنى چۈشىدە كۆرگەن، بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا ئۆتتى). ئەھمەد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ

( صحيح ) التمسوا ليلة القدر ليلة سبع و عشرين ( طب ) عن معاوية

1240. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ 27ـ كېچىسى ئىزدەڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) التمس و لو خاتما من حديد ( حم ق د ) عن سهل بن سعد

1241. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ خوتۇن ئالماقچى بولغاندا: تويلۇق مېھرىگە گەرچە بىر تال تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ ئىزدىگىن دېگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ئايال كىشى رازى بولسا شۇ كۇپايە ھەم دۇرۇس بولىدۇ)

التمسوها في العشر الأواخر فإن ضعف أحدكم أو عجز فلا يغلبن على السبع البواقي ( م ) عن ابن عمر

1242. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى 10دا ئىزدەڭلار. ئەگەر بىرىڭلار ئاجىز كەلسە، رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى قېلىپ قالغان يەتتىسىدە مەغلۇپ بولمىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەنى 27ـ كېچىسى.

التمسوها في العشر الأواخر: في تسع تبقين أو سبع تبقين أو خمس تبقين أو ثلاث تبقين أو آخر ليلة ( حم ت ك هب ) عن أبي بكرة

1243. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى ئون كۈندە قالغان توققۇزىدا، يەتتىسىدە، بەشىدە، ئۈچىدە ئەڭ ئاخىرقى تاق كېچىلىرى ئىزدەڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

التمسوها في العشر الأواخر من رمضان: في تاسعة تبقى و في سابعة تبقى و في خامسة تبقى ( حم خ د ) عباس

1244. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىزدەڭلار، قىلىپ قالغان توققۇزىنچى، يەتتىنچى، بەشىنچى كېچىسى ئىزدەڭلار. بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

التمسوها في العشر الأواخر من رمضان و التمسوها في التاسعة و السابعة و الخامسة ( د ) عن أبي سعيد

1245. ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى توپلىغان، بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشتۇر.

( صحيح ) ألحقوا الفرائض بأهلها فما بقي فلأولى رجل ذكر ( حم ق ت ) عن ابن عباس

1246. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىراس مېلىنى مىراس ئەھلىگە تەككۈزۈڭلار. مالدىن ئېشىپ قالسا، مېيىتكە ئەڭ يېقىن ئەر كىشىگە بېرىلىدۇ، شۇ لايىقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الزم بيتك ( طب ) عن ابن عمر

1247. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭنى لازىم تۇتقىن (يەنى پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە شۇنداق) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) الزم رجلها فثم الجنة ( ه ) عن معاوية بن جاهمة

1248. مۇئاۋىيەئىبنى جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئاناڭنىڭ پۇتى ئاستىدا، ئاناڭنى لازىم تۇتۇپ ياخشىلىق قىلغىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

الزمها فإن الجنة تحت أقدامها – يعني الوالدة – ( حم ن ) عن جاهمة

1249. جاھىمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، ھەققەتەن جەننەت ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، بۇ ھەدىس ھەسەن.

ھەدىستىن مەقسەت ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ ئوچۇق سۆزلەنگەن.

( صحيح ) ألظوا بيا ذا الجلال و الإكرام ( ت ) عن أنس ( حم ن ك ) عن ربيعة بن عامر

1250. ئەنەس رەبىيئەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر دۇئادا يازەلجەلالى ۋەلئىكرام (يەنى، ئى كاتتا ئۇلۇغلۇق، سېخىيلىق ئىگىسى ئاللاھ) دېيىشنى لازىم تۇتۇڭلار. مۇشۇ سۆزنى دېيىش بىلەن دۇئادا چىڭ، مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. تىرمىزى، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) ألق عنك شعر الكفر ثم اختتن ( حم د ) عن عثيم بن كليب

1251. ئۇسەيىم ئىبنى كۇلەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى دادىسىدىن، بوۋىسىدىن، ئۇ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كۇفرى ھالەتتە ئۆسكەن بۇ چېچىڭنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزۈڭنى خەتنە قىل دېگەن. (يەنى، جىنسى ئەزانىڭ ئۇچىدىن ئوشۇق جۇزئىسىنى كېسىۋېتىش خەتنە دېيىلىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) الله الطبيب ( د ) عن أبي رمثة

1252. ئەبۇ رەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تەبىبدۇر، يەنى ئەڭ ياخشى شىپالىق ئاتا قىلىپ، داۋالىغۇچىدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

الله مع القاضي ما لم يجر فإذا جار تخلى الله عنه و لزمه الشيطان ( ت ) عن عبدالله بن أبي أوفى

1253. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازى زۇلۇم قىلمىسلا، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى ئۇ توغرا، ئادىل ھۆكۈم قىلالايدۇ، ھەقتە چىڭ تۇرالايدۇ) قازى ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلىپ ،جەبر سالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن خالىي بولىدۇ ـ دە، ئۇنى شەيتان لازىم تۇتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

الله و رسوله مولى من لا مولى له و الخال وارث من لا وارث له ( ت ه ) عن عمر

1254. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىگىسى يوق كىشىگە ئىگىدۇر، ئانا تەرەپ تاغا ۋارىسى يوق كىشىگە ۋارىستۇر. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

# ئاللاھۇممە (اللهم) يەنى ئى ئاللاھ دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

( حسن ) اللهم اجعل أوسع رزقك علي عند كبر سني و انقطاع عمري ( ك ) عن عائشة

1255. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ماڭا رىزقلىرىڭنىڭ كەڭرىسىنى يېشىم چوڭىيىپ قېرىپ قالغاندا، ئۆمرۈم ئۈزۈلۈپ ئاخىرلىشاي دېگەندە قىلىپ بەرسىلە. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) اللهم اجعل بالمدينة ضعفي ما جعلت بمكة من البركة ( حم ق ) عن أنس

1256. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: ئى ئاللاھ، مەدىنىگە مەككىگە قىلىپ بەرگەن بەرىكەتلىرىدەك ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەرىكەت قىلىپ بەرسىلە. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني . ( م ت ه ) عن أبي هريرة . اللهم اجعل رزق آل محمد ( في الدنيا قوتا )

1257. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى دۇنيادا كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلىپ بەرسىلە. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم اجعل فناء أمتي قتلا في سبيلك بالطعن و الطاعون ( حم طب ) عن أبي بردة الأشعري

1258. ئەبۇ بەردەت ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: ئى ئاللاھ، ئۈممىتىمنىڭ تۈگەپ يوقىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ يولىدا ئۆلۈپ شەھىد بولىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ يولىدا قىلىچ، نەيزە يەپ شەھىد بولىدىغان، ۋابا كېسىلىدە شەھىد بولىدىغان قىلىپ بەرسىلە. (يەنى سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۆلىدىغان قىلىپ بەرسىلە). ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ۋابادا شەھىد بولغانلار ئاز ئەمەس.

اللهم اجعل في قلبي نورا و في لساني نورا و في بصري نورا و في سمعي نورا و عن يميني نورا و عن يساري نورا و من فوقي نورا و من تحتي نورا و من أمامي نورا و من خلفي نورا و اجعل لي في نفسي نورا و أعظم لي نورا ( حم ق ن ) عن ابن عباس

1259. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، قەلبىمدە نۇر قىلىپ بەرسىلە. تىلىمدا نۇر، كۆزۈمدە نۇر، قۇلىقىمدا نۇر، ئوڭ تەرىپىمدە نۇر، سول تەرىپىمدە نۇر، ئۈستۈمدە نۇر، ئاستىمدا نۇر، ئالدىمدا نۇر، ئارقامدا نۇر قىلىپ بەرسىلە. مەن ئۈچۈن نەپسىمدە نۇر، كۆڭلۈمدە نۇر قىلىپ بېرىپ، مەن ئۈچۈن نۇرۇمنى ئۇلۇغ، كاتتا قىلىپ بەرسىلە. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم احفظني بالإسلام قائما و احفظني بالإسلام قاعدا و احفظني بالإسلام راقدا و لا تشمت بي عدوا و لا حاسدا اللهم إني أسألك من كل خير خزائنه بيدك و أعوذ بك من كل شر خزائنه بيدك ( ك ) عن ابن مسعود**

1260. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مېنى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ئۇخلىغان ھالىتىمدە ئىسلام دىنى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە ساقلىسىلا. مەن بىلەن دۈشمەننى، ھەسەت قىلغۇچىنى خۇشال، خۇرسەن قىلمىسىلا. ئى ئاللاھ، سىلىدىن ھەربىر ياخشىلىقنىڭ ئۆز قولىلىرىدىكى خەزىنىسىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ ھەربىر يامانلىقنىڭ ئۆز قولىلىرىدىكى خەزىنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم أحيني مسكينا و أمتني مسكينا و احشرني في زمرة المساكين ( عبد بن حميد ه ) عن أبي سعيد ( طب الضياء ) عن عبادة بن الصامت**

1261. ئەبۇ سەئىد، ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورايتتى: ئى ئاللاھ، مېنى مىسكىن ياشىتىپ، مىسكىن ھالدا ئۆلتۈرۈپ، مىسكىن پېتى جېنىمنى ئېلىپ، مىسكىنلەر توپىدا تىرىلدۈرسىلە. قىيامەت كۈنى مېنى مىسكىنلەر جامائىتى ئىچىدە قوپۇرسىلا. ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**( حسن ) اللهم استر عورتي و آمن روعتي و اقض عني ديني ( طب ) عن خباب**

1262. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، كىيىم ئارقىلىق ئەۋرىتىمنى ياپسىلا، قورقۇنچتىن مېنى ئەمىن قىلسىلا، مېنىڭ قەرزىمنى مەندىن تۆلىگۈزۈۋەتسىلە. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم أصلح لي ديني الذي هو عصمة أمري و أصلح لي دنياي التي فيها معاشي و أصلح لي آخرتي التي فيها معادي و اجعل الحياة زيادة لي في كل خير و اجعل الموت راحة لي من كل شر ( م ) عن أبي هريرة**

1263. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن دىنىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرسىلە. دىنىم بارلىق ئىشىمنىڭ ھىمايىچىسى، ساقلىغۇچىسى، قوغدىغۇچىسى. مەن ئۈچۈن تۇرمۇشۇم ئۆزىدە بولغان دۇنيانىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، ئوڭشاپ ياخشىلاپ بەرسىلە، ئاخىرى قايتىپ بارىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ئىسلاھ قىلىپ بەرسىلە. مەن ئۈچۈن ھەربىر ياخشىلىقتا ھاياتلىقنى زىيادە قىلىپ بەرسىلە، مەن ئۈچۈن ھەربىر يامانلىقتىن ئۆلۈمنى راھەت قىلىپ بەرسىلە (ئامىن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم اغفر لي خطيئتي و جهلي و إسرافي في أمري و ما أنت أعلم به مني اللهم اغفر لي خطئي و عمدي و هزلي و جدي و كل ذلك عندي اللهم اغفر لي ما قدمت و ما أخرت و ما أسررت و ما أعلنت أنت المقدم و أنت المؤخر و أنت على كل شيء قدير ( ق ) عن أبي موسى**

1264. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن مېنىڭ خاتالىقىمنى، ئىشىمدا ئىسراپ قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقىمنى، مەندىن سادىر بولغان، سىلى بىلىپ تۇرغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن خاتا قىلغىنىمنى، قەستەن قىلغىنىمنى، چاخچاق يا راست قىلغىنىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بۇرۇن قىلغان، كېيىن قىلىپ قالىدىغان، مەخپىي ـ يوشۇرۇن قىلغان، ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. سىلى ھەممىدىن بۇرۇن ئەزەلدە بار زات، سىلى ھەممىدىن كېيىن مەڭگۈ كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنتىھالىرى يوق، سىلى ھەر نەرسىگە قادىر (بىر ئاجىز). بۇ ھەدىسنى بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**( حسن ) اللهم اغفر لي ذنبي و وسع لي في داري و بارك لي في رزقي ( ت ) عن أبي هريرة**

1265 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، ھويلامنى ئۆيۈمنى كەڭرى قىلىپ بەرسىلە، رىزقىمغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

اللهم اغفر لي ذنوبي و خطاياي كلها اللهم أنعشني و اجبرني و اهدني لصالح الأعمال و الأخلاق فإنه لا يهدي لصالحها و لا يصرف سيئها إلا أنت ( طب ) عن أبي أمامة

1266 . ئەبۇ ئۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بارلىق خاتالىقلىرىمنى، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا. مىنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئەمەللەرگە ھىدايەت قىلىپ، مەجبۇرى قىلدۇرسىلا. بۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا كۈچ ئاتا قىلسىلا. ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئەمەللەرگە سىلىلا ھىدايەت قىلالايلا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پەقەت سىلىلا چۆرۈپ بۇرىۋېتەلەيلا. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) اللهم اغفر لي و ارحمني و ألحقني بالرفيق الأعلى ( ق ت ) عن عائشة

1267 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ، ماڭا رەھىم قىلسىلا. مىنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىكى ھەمراھلار قاتارىغا، يەنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك پەيغەمبەرلەر قاتارىغا قوشۇپ قويسىلا. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم اقسم لنا من خشيتك ما يحول بيننا و بين معاصيك و من طاعتك ما تبلغنا به جنتك و من اليقين ما يهون علينا مصيبات الدنيا و متعنا بأسماعنا و أبصارنا و قوتنا ما أحييتنا و اجعله الوارث منا و اجعل ثأرنا على من ظلمنا و انصرنا على من عادانا و لا تجعل مصيبتنا في ديننا و لا تجعل الدنيا أكبر همنا و لا مبلغ علمنا و لا تسلط علينا من لا يرحمنا ( ت ك ) عن ابن عمر

1268 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، بىزگە بىز بىلەن سىلىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئارىسىدا توسقۇنلۇق، پەردە بولغۇدەك سىلىدىن قورقىدىغان قورقۇنچ تەقسىم قىلىپ بەرسىلە (يەنى، سىلىدىن قورقۇپ، سىلىگە ئاسىي بولمايلى). بىزگە سىلىنىڭ جەننەتلىرىگە بىزنى يەتكۈزىدىغان تائەت ـ ئىبادەت تەقسىم قىلىپ بەرسىلە (شۇ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن جەننەتكە كىرەيلى) ۋە بىزگە دۇنيانىڭ مۇسىبەتلىرىنى ئاسان قىلغۇدەك شەكسىز ئىشەنچ تەقسىم قىلىپ بەرسىلە. بىزنى ھايات قويسىلا، قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىمىز بىلەن بىزگە پايدا ـ مەنپەئەت ئاتا قىلسىلا (يەنى ھەقنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ سۆزلەيدىغان، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى ھەق ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان، كۆپلەپ ئىبادەت قىلىدىغان قىلسىلا) يۇقىرقى ئىپسىل ئىشلارغا بىزدىن بىر ۋارىسنى قىلىپ بەرسىلە، شۇ ئىشلارنى ۋارىسىمىزغىمۇ بەرسىلە. ئىنتىقام، قىساسىمىزنى بىزگە زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى قىلسىلا، بىزگە تاجاۋۇز قىلغان زالىملارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرسىلە. مۇسىبىتىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىسىلا، بۇ دۇنيانى غەملىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭى قىلمىسىلا، ئىلمىمىزنىڭ يىتەر جايى قىلمىسىلا (يەنى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان قىلسىلا، دۇنيا ئالىملىرى قىلسىلا، ئەمەس، ئاخىرەت ئالىملىرى قىلسىلا). بىزگە رەھىم قىلمايدىغانلارنى ئۈستىمىزدىن غالىپ قىلمىسىلا، يەنى بىزنى غالىپ قىلسىلا. (ئامىن) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

اللهم أمتعني بسمعي و بصري حتى تجعلهما الوارث مني و عافني في ديني و في جسدي و انصرني ممن ظلمني حتى تريني فيه ثأري اللهم إني أسلمت نفسي إليك و فوضت أمري إليك و ألجأت ظهري إليك و خليت وجهي إليك لا ملجأ و لا منجى منك إلا إليك آمنت برسولك الذي أرسلت و بكتابك الذي أنزلت ( ك ) عن علي

1269 . ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ماڭا كۆز قۇلىقىم بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت بەرسىلە (يەنى ھەق ئۈچۈن ئىشلىتەي).

تاكى بۇ ئىككىسىنىڭ پايدىلىرىغا بىزدىن بىر ۋارىس قىلىپ بەرسىلە ھەم شۇ ۋارىسقىمۇ بەرسىلە. دىنىمدا، جەسەت تەنلىرىمدە مېنى ساق ـ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا زۇلۇم قىلغان كىشىدە مېنىڭ قىساس ئىنتىقامىمنى ماڭا كۆرسەتكەنگە قەدەر ئۇ زالىمغا قارشى ماڭا ياردەم بەرسىلە. ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن نەپسىمنى، جېنىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، بارلىق ئىشلىرىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، سىلىگىلا تاياندىم، زاتىمنى، يۈزلىنىشىمنى سىلىگىلا خالى قىلدىم. سىلىنىڭ ئازابلىرىدىن سىلىدىن باشقا ئىلتىجا قىلىدىغان، نىجات تاپقىدەك جاي يوق (يەنى، ئىلتىجا، نىجاتلىق ئورنى سىلىدىلا). بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشەندىم، بىزگە چۈشۈرگەن كىتابلىرىغىمۇ ئىمان كەلتۈرۈپ شەكسىز ئىشەندىم.

بۇ دۇئانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگىتىپ شۇنداق دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم أنت خلقت نفسي و أنت توفاها لك مماتها و محياها إن أحييتها فاحفظها و إن أمتها فاغفر لها اللهم إني أسألك العافية ( م ) عن ابن عمر

1270. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، مېنى، جېنىمنى پەقەت سىلىلا ياراتقان، ئۇنىڭ ماماتى ـ ھاياتىغا سىلى ئۆزلىرى ئىگە، دەرگاھلىرىغا يەنىلا سىلى ئېلىپ كېتىلا. ئەگەر ھايات قويسىلا مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىسىلا؛ ئەگەر ۋاپات تاپقۇزسىلا مەن ئۇچۇن، جېنىم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلسىلا. ئى ئاللاھ، ھەقىقەت مەن سىلىدىن ئىككى ئالەملىك ساق ـ سالامەت قىلىشنى سورايمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إن إبراهيم حرم مكة فجعلها حراما و إني حرمت المدينة ما بين مأزميها أن لا يراق فيها دم و لا يحمل فيها سلاح لقتال و لا يخبط فيها شجرة إلا لعلف اللهم بارك لنا في مدينتنا اللهم بارك لنا في صاعنا اللهم بارك لنا في مدنا اللهم اجعل مع البركة بركتين و الذي نفسي بيده ما من المدينة شعب و لا نقب إلا عليه ملكان يحرسانها حتى تقدموا إليها ( م ) عن أبي سعيد

1271. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ مەسجىد ھەرەم قىلدى. ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنى ئۇنىڭ ئىككى چەتتىكى سايلىقى بىلەن بىرگە ھارام قىلدىم. مەدىنىدە قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن قورال كۆتۈرۈلمەيدۇ، دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ، پەقەت ھايۋان ھەلەپلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئى ئاللاھ، بىز ئۇچۇن مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا. بىز ئۇچۇن جىڭ، تارازا، سىر، مىسقاللىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا. ئى ئاللاھ، بىر بەرىكەت بىلەن قوشۇپ يەنە ئىككى بەرىكەتنى بىللە ئاتا قىلسىلا. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا، يول ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە تۇرۇپ، تاكى سىلەر مەدىنىگە كىرگەنگە قەدەر پوستتا تۇرۇپ ساقلايدۇ، قوغدايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إن إبراهيم كان عبدك و خليلك دعاك لأهل مكة بالبركة و أنا محمد عبدك و رسولك أدعوك لأهل المدينة أن تبارك لهم في مدهم و صاعهم مثلي ما باركت لأهل مكة مع البركة بركتين ( ت ) عن علي

1272. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىلىنىڭ بەندىلىرى، خەلىل، دوستلىرى، مەككە ئەھلى ئۇچۇن بەرىكەت تىلەپ، سىلىگە دۇئا قىلغان ئىدى. مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بەندىلىرى ۋە ئەلچىلىرى، مەدىنە ئەھلى ئۇچۇن، ئۇلارغا جىڭ، تارازا، سىر، مىسقاللىرىدا مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتكە ئوخشاش بەرىكەت ئاتا قىلىشلىرىغا، بىر بەرىكەت بىلەن بىرگە يەنە ئىككى بەرىكەتنى ئاتا قىلىشلىرىغا سىلىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أتخذ عندك عهدا لن تخلفنيه فإنما أنا بشر فأيما مؤمن آذيته أو شتمته أو جلدته أو لعنته فاجعلها له صلاة و زكاة و قربة تقربه بها إليك يوم القيامة ( ق ) عن أبي هريرة

1273. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان: ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ نەزىلىرىدە سىلى ماڭا ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىر ئەھدە ئېلىۋالايكى، سىلىغۇ ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايلا، ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىرەر مۆئمىنگە ئازار بېرىپ ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ ياكى قامچىلاپ ياكى لەنەت قىلىپ قالغان بولسام، سىلى بۇ ئىشلارنى شۇ مۆئمىن ئۈچۈن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە گۇناھدىن پاكلاش، قىيامەت كۈنى سىلىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان يېقىنلىق مەرتىۋىسى قىلىپ بەرسىلە. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أسألك العفة و العافية في دنياي و ديني و أهلي و مالي اللهم استر عورتي و آمن روعتي و احفظني من بين يدي و من خلفي و عن يميني و عن شمالي و من فوقي و أعوذ بك أن اغتال من تحتي (البزار) عن ابن عباس

1274. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن ئىپپەتلىك بولۇشۇمنى، دۇنيارىمدا، دىنىمدا، ئەھلىمدە، مال-مۈلكۈمدە ھەرخىل بالايى-ئاپەتلەردىن ساق-سالامەت قېلىشىمنى سورايمەن. ئى ئاللاھ، ئەۋرىتىمنى ياپسىلا، مىنى قورقۇنچتىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلسىلا. مىنى ئالدىم تەرەپتىن، ئارقىم تەرەپتىن، ئوڭ تەرىپىم، سول تەرىپىم، ئۈستى تەرىپىمدىن قوغداپ ساقلىسىلا. سىلىگە سېغىنىپ ئاستىم تەرىپىمدىن تۇيۇقسىز ھالاك قىلىنىشىمدىن، ئۆلتۈرۈلۈشۈمدىن پاناھ تىلەيمەن. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

ئى ئاللاھ، بىزلەر ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ بەرسىلە، ئامىن!

( صحيح ) اللهم إني أسألك الهدى و التقى و العفاف و الغنى ( م ت ه ) عن ابن مسعود

1275. ئى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورايتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، بايلىقتىن بىھاجەت بولۇشۇمنى سورايمەن. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أسألك من الخير كله عاجله و آجله ما علمت منه و ما لم أعلم و أعوذ بك من الشر كله عاجله و آجله ما علمت منه و ما لم أعلم اللهم إني أسألك من خير ما سألك به عبدك و نبيك و أعوذ بك من شر ما عاذ به عبدك و نبيك اللهم إني أسألك الجنة و ما قرب إليها من قول أو عمل و أعوذ بك من النار و ما قرب إليها من قول أو عمل و أسألك أن تجعل كل قضاء قضيته لي خيرا ( ه ) عن عائشة

1276. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا ئۆگەتكەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بارلىق ياخشىلىقنىڭ ھازىرقىسىنى ۋە كېيىنكىسىنى، مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغانلىرىنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ بارلىق يامانلىقلارنىڭ ھازىرقىسىدىن ۋە كېيىنكىسىدىن، مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن پەيغەمبەرلىرى، يېقىن بەندىلىرى سورىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ بەندىلىرى ۋە ئەلچىلىرى پاناھ تىلىگەن نەرسىنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، مەن سىلىدىن جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرغۇچى سۆزلەرنى، ياخشى ئەمەللەرنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاختىن ۋە ئۇنىڭغا يېقىن قىلغۇچى سۆز-ئەمەللەردىن پاناھ تىلەيمەن ۋە سىلىدىن مەن ئۈچۈن قىلغان بارلىق قازايى-قەدەر، ھۆكۈملىرىنى ياخشى قىلىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أسألك من الخير كله ما علمت منه و ما لم أعلم و أعوذ بك من الشر كله ما علمت منه و ما لم أعلم ( الطيالسي طب ) عن جابر بن سمرة

1277. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بارلىق يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن. تەيالىسى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اللهم إني أسألك من فضلك و رحمتك فإنه لا يملكها إلا أنت ( طب ) عن ابن مسعود

1278. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق سورىغان: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىدىن سىلىنىڭ پەزلىلىرىنى، رەھمەتلىرىنى سورايمەن. ھەققەتەن ئۇنىڭغا سىلىدىن باشقىسى ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت سىلىلا ئىگە بولالايلا. تەبرانى توپلىغان.

پەزلى دېگەن ئاللاھنىڭ ھاجىتى بولمىغاچقا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھەممە نەرسە پەزلىدۇر. قۇرئاندا زىيادە مۇكاپات پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە قىلىپ قويۇش، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئۆرلىتىش، ئاللاھنىڭ جامالى، ئىلىم ـ ھىكمەت ۋە ئىبادەت ئاتا قىلىش، شەھىدلىك، ئەۋلىيالىق، رەھمەت، مەغپىرەت، ئەپۇ قىلىشلار پەزلى دەپ ئاتالغان، ھەتتا ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ پەزلى دېگەن. كىتاب سۈننەتمۇ پەزلى ھېسابلىنىدۇ، ئاللاھ بىزلەرگە پەزلىدىن بەرسۇن، ئامىن!

اللهم إني أسألك و أتوجه إليك بنبيك محمد نبي الرحمة يا محمد إني توجهت بك إلى ربي في حاجتي هذه لتقضى لي اللهم فشفعه في ( ت ه ك ) عن عثمان بن حنيف

1279. ئوسمان ئىبنى ھەنىيپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، مەن ساقايسام دېگەندە، مۇنداق دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: (بەزى خاتىرىدە تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت نامازدىن كېيىن قىلىدۇ) ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىدىنلا سورايمەن، رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىبارەت پەيغەمبەرلىرىنى سىلىگە شېپى كەلتۈرىمەن. ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەققەتەن مەن سېنى مۇشۇ ھاجىتىمنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن رەببىمگە شېپى كەلتۈردۈم. ئى ئاللاھىم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مېنىڭ مۇشۇ كېسىلىم توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ، شاپائىتىنى قوبۇل قىلسىلا. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا شاپائەتچى قىلىپ شېپى كەلتۈرۈپ، ئاللاھتىن سورىسا بولىدىكەن. ھاياتلىقتا خاس قىلىشنىڭ دەلىلى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن خىتاپ. ئۇنىدىن باشقا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاغىسى ئابباسنى ئېلىپ چىقىپ سۇ تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ بىلەن تەلەپ قىلمىدى، بىز ئەنە شۇ خەلپىگە ئەگىشىمىز، دەلىلنى ساھابىدەك چۈشەنگىن.

اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك و بمعافاتك من عقوبتك و أعوذ بك منك لا أحصي ثناء عليك أنت كما أثنيت على نفسك ( م 4 ) عن عائشة

1280. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن رازىلىقلىرى بىلەن غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيلەپ ماختىغاندەك مەن سىلىنى مەدھىيە، سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن. (يەنى، ھەمدۇ ـ سانا، مەدھىيلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ) مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من البرص و الجنون و الجذام و من سيء الأسقام ( حم د ن ) عن أنس

1281. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سىغىنىپ ئاق كېسەلدىن، مەجنۇن ـ ساراڭلىقتىن، جوزام تىرە كېسىلىدىن، كېسەللەرنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من التردي و الهدم و الغرق و الحرق و أعوذ بك أن يتخبطني الشيطان عند الموت و أعوذ بك أن أموت في سبيلك مدبرا و أعوذ بك أن أموت لديغا ( ن ك ) عن أبي اليسر

1282. ئەبۇلىيۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ تاغ ئۈستىدىن ھاڭغا چۈشۈپ ياكى ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولۇشتىن، بىنا ئۆرۈلۈپ ھالاك بولۇشتىن، سۇدا غەرق بولۇشتىن، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ ئۆلۈم ئالدىدا شەيتاننىڭ مېنى يېڭىۋېلىشىدىن، مەن بىلەن سۆيۈقەست ئويۇنى ئوينىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، دۈشمەندىن قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ يىلان ـ چايان چېقىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە پاناھ تىلەنگەن غەرق بولۇش، تام بېسىش شەھىد قىلىنىدىغان غەرق بولۇش، تام بېسىشقا زىت، خىلاپتۇر. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان مۆئمىنگە رەھمەتتۇر. بۇ پاناھ تىلىگىنى بولسا بالا ـ ئاپەت، ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدۇر، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

اللهم إني أعوذ بك من الجوع فإنه بئس الضجيع و أعوذ بك من الخيانة فإنها بئست البطانة(د ن ه)عن أبي هريرة

1283. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ھەققەتەن ئاچلىق يامان ھەمراھ، يامان ياتاق (يەنى ئۇيقۇسىز قويىدۇ). سىلىگە سېغىنىپ خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن. ھەققەتەن خىيانەت بولسا، يوشۇرۇن يامان خىسلەتتۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات ( حم ق 3 ) عن أنس

1284. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىق پىتنە ـ پاساتلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان (ئۈچ كىتاب: ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى)، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و القسوة و الغفلة و العيلة و الذلة و المسكنة و أعوذ بك من الفقر و الكفر و الفسوق و الشقاق و النفاق و السمعة و الرياء و أعوذ بك من الصمم و البكم و الجنون و الجذام و البرص و سيء الأسقام ( ك هق في الدعاء ) عن أنس

1285. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قېرىلىقتىن، قەلبىم قېتىپ كېتىشتىن، غەپلەتتە قېلىشتىن، يوقسىزلىق، پېقىرلىقتىن، خارلىقتىن، مىسكىنلىكتىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ پېقىرلىقتىن، كۇفرىلىقتىن، پاسىقلىقتىن، خىلاپلىق قىلىشتىن، مۇناپىقلىقتىن، ئاڭلاتما ـ كۆرسەتمە رىيادىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ گاسلىقتىن، گاچىلىقتىن، مەجنۇن ـساراڭلىقتىن، جوزام تېرە كېسىلىدىن، ئاق كېسەلدىن، كېسەللەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و عذاب القبر و فتنة الدجال اللهم آت نفسي تقواها و زكها أنت خير من زكاها أنت وليها و مولاها اللهم إني أعوذ بك من علم لا ينفع و من قلب لا يخشع و من نفس لا تشبع و من دعوة لا يستجاب لها ( حم عبد بن حميد م ن ) عن زيد بن أرقم

1286. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق، قېرىلىقلاردىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، نەپسىمنىڭ تەقۋالىقىنى بېرىپ، ئۇنى پاكلىسىلا. سىلى نەپسىنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچى، سىلى ئۇنىڭ ئىگىسى، خوجىسى. ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپستىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن. مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد، ئابدۇلار توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ من الفقر و القلة و الذلة و أعوذ بك من أن أظلم أو أظلم ( د ن ه ك ) عن أبي هريرة

1287. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن پېقىرلىقتىن، ئاز قىلىشتىن (يەنى، ئىلىم، ئىبادەت، مال ـ دۇنيانىڭ ئازلىقىدىن)، خارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچراپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من الكسل و الهرم و المأثم و المغرم و من فتنة القبر و عذاب القبر و من فتنة النار و عذاب النار و من شر فتنة الغنى و أعوذ بك من فتنة الفقر و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال اللهم اغسل عني خطاياي بالماء و الثلج و البرد و نق قلبي من الخطايا كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس و باعد بيني و بين خطاياي كما باعدت بين المشرق و المغرب ( ق ت ن ه ) عن عائشة

1288. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقتىن، گۇناھ قىلىشتىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن، قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ پىتنىسىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىگە سېغىنىپ، پېقىرلىق پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن، قار بىلەن، مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى قايتا كىردىن تازىلىغاندەك، قەلبىمنى خاتالىقلاردىن پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتسىلە. مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اللهم إني أعوذ بك من الهم و الحزن و العجز و الكسل و البخل و الجبن و ضلع الدين و غلبة الرجال ( حم ق 3 ) عن أنس

1289. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن، خاپىلىقتىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن، دۈشمەن كىشىلەرنىڭ ئۈستۈمدىن غالىب كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من جار السوء في دار المقامة فإن جار البادية يتحول ( ك ) عن أبي هريرة

1290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ مۇقىم تۇرىدىغان جايدىكى يامان قوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن. چۈنكى، يايلاق سەپىرىدىكى، سەپەردىكى قوشنىلار يۆتكىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

اللهم إني أعوذ بك من زوال نعمتك و تحول عافيتك و فجأة نقمتك و جميع سخطك ( م د ت ) عن ابن عمر

1291. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ نېئمەتلىرىنىڭ زاۋال تېپىپ يوقىلىپ

كېتىشتىن، بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلاشلىرىنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشتىن، تۇيۇقسىزلا ئىنتىقام ئېلىشلىرىدىن، بارلىق غەزەپ ـ نەپرەتلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من شر سمعي ومن شر بصري و من شر لساني و من شر قلبي و من شر منيتي د ك عن شكل

1292. شەكىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن، ئۆلۈممنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن (يەنى، يامان ئۆلۈمدىن پاناھ تىلەپ، ياخشى ئۆلۈمنى سورىغان). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من شر ما عملت و من شر ما لم أعمل ( م د ن ه ) عن عائشة

1293. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ مەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە مەن بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. (بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال ( خ ن ) عن أبي هريرة

1294. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق تۆت نەرسىدىن دائىم پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ، دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىق پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من علم لا ينفع و عمل لا يرفع و دعاء لا يسمع ( حم حب ك ) عن أنس

1295. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ، پايدا ـ مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، كۆتۈرۈلمەس، قوبۇل بولماس ئەمەلدىن، قۇلاق سېلىنماس، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من غلبة الدين و غلبة العدو و شماتة الأعداء ( ن ك ) عن ابن عمرو

1296. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ، قەرزنىڭ غالىپ كېلىشىدىن، دۈشمەننىڭ غالىپ كېلىشىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ خورسەن، خۇشاللىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من قلب لا يخشع و من دعاء لا يسمع و من نفس لا تشبع و من علم لا ينفع أعوذ بك من هؤلاء الأربع ( ت ن ) عن ابن عمرو ( د ن ه ك ) عن أبي هريرة ( ن ) عن أنس

1297. ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭگە سېغىنىپ قورقماس قەلبتىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن، تويماس نەپستىن، مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭگە سېغىنىپ ئاشۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەيمەن. تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من منكرات الأخلاق و الأعمال و الأهواء و الأدواء ( ت طب ك ) عن عم زياد بن علاقة

1298. زەيىياد ئىبنى ئەلاقەنىڭ تاغىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭدىن سېغىنىپ ئەخلاقلارنىڭ، ئەمەللەرنىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ مۇنكەرلىرىدىن، ئەڭ قەبىھلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. شۇنداقلا داۋا ـ شىپالارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن، رەت قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من يوم السوء و من ليلة السوء و من ساعة السوء و من صاحب السوء و من جار السوء في دار المقامة ( طب ) عن عقبة بن عامر

1299. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ يامان كۈندىن، يامان كېچىدىن، يامان سائەتتىن، يامان ھەمراھتىن، مۇقىم جايدىكى يامان قوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

اللهم بارك لأمتي في بكورها ( حم 4 حب ) عن صخر الغامدي ( ه ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن عباس وابن مسعود وعبدالله بن سلام وعن عمران بن حصين وعن كعب ابن مالك وعن النواس بن سمعان

1300. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتىگىنىگە بەرىكەت بەرسىلە.

يەنى بۇ ھەدىسنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ھەتتا ھەرقايسى ھەدىس ئالىملىرى، كاتىبلىرى ئەتىگەن دەپ چۈشەندى. بەزى خاتىرىدە پەيشەنبە ئەتىگىنى دېگەن بار، بەزى خاتىرىدە قوشۇن ئەۋەتسە، ئەتىگەندە ئەۋەتەتتى دېگەن بار. ساھابىلار، تابىئىنلار مۇشۇ ھەدىستىن ئەتىگەندە مۇھىم ئىشنى ئېلىپ باراتتى، ھەتتا تىجارەتچىلىرى ئەتىگەندە مالنى ئەۋەتەتتى، دەسلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن مېلى كۆپىيىپ بەرىكەت تاپقان. بۇ ئىشلار تىرمىزىدا مۇشۇ ھەدىستە يەنى 1133 ـ ھەدىستە سۆزلەنگەن، ئەبۇ داۋۇدنىڭ 2239 ـ ھەدىسىدە سۆزلەنگەن. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب (يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر) سەخرۇلغامىدىدىن، ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، تەبرانى، ئىبنى ئاببىاس، ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، كەئبى نەۋۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

اللهم بعلمك الغيب و قدرتك على الخلق أحيني ما علمت الحياة خيرا لي و توفني إذا علمت الوفاة خيرا لي اللهم و أسألك خشيتك في الغيب و الشهادة و أسألك كلمة الإخلاص في الرضا و الغضب و أسألك القصد في الفقر و الغنى و أسألك نعيما لا ينفد و أسألك قرة عين لا تنقطع و أسألك الرضا بالقضاء و أسألك برد العيش بعد الموت و أسألك لذة النظر إلى وجهك و الشوق إلى لقائك في غير ضراء مضرة و لا فتنة مضلة اللهم زينا بزينة الإيمان و اجعلنا هداة مهتدين ( ن ك ) عن عمار بن ياسر

1301. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، غەيىبكە بولغان ئىلىملىرى بىلەن، خەلققە بولغان قۇدرەتلىرى بىلەن مەن ئۈچۈن ھاياتلىقنى ياخشى دەپ بىلسىلە مېنى ھايات قويسىلا، مەن ئۈچۈن ۋاپات تېپىشىمنى ياخشى دەپ بىلسىلە مېنى ۋاپات تاپقۇزسىلا. ئى ئاللاھ، سىلىدىن ئاشكارە ـ يوشۇرۇن، كىشىلەر بار ياكى يوق جايدا ئوخشاش سىلىدىن قورقۇپ تۇرۇشۇمنى سورايمەن. رازى بولغان، غەزەپ قىلغان چېغىمدا ئىخلاس كەلىمىسىنى سورايمەن. سىلىدىن باي بولغان، پېقىر، يوقسىز بولغىنىمدىمۇ بىر خىل، ئوتتۇرھال تۇرۇشۇمنى سورايمەن. مەن سىلىدىن تۈگىمەس نېئمەتنى سورايمەن. ئۈزۈلمەس بەخت، خۇرسەن، خۇشاللىق سورايمەن. قازايى ـ قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مول، بەختلىك تۇرمۇشۇمنى بېرىشلىرىنى سورايمەن. سىلىنىڭ يۈزلىرىگە، دىدارلىرىغا، جامالىرىغا قاراشنىڭ لەززىتىنى سورايمەن. زەرەرسىز ھالدا، ئازدۇرغۇچى پىتنىسىز ھالدا سىلىگە ئۇچرىششقا بولغان شەۋق ئىشتىياقىنى سورايمەن. ئى

ئاللاھ، بىزگە ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى توغرا يول تاپقان ھىدايەتچى، يول باشچى، يېتەكچى قىلسىلا. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اللهم حجة لا رياء فيها و لا سمعة ( ه ) عن أنس

1302. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ھەججە مۇنداق دۇئا قىلغان: ئى ئاللاھ، بۇ ئاكلاتىما ۋە كۆرسەتمە رىيا بولمىغان ھەجدۇر (يەنى بۇ ھەجنى شۇنداق قىلىپ بەرسىلە). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

اللهم رب الناس ! مذهب الباس اشف أنت الشافي لا شافي إلا أنت اشف شفاء لا يغادر سقما ( حم خ 3 ) عن أنس

1303. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: ئى ئاللاھ، سىلى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، كېسەل، دەرت ـ ئەلەملەرنى يوقاتقۇچى. سىلى ئۆزلىرى شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىدىن باشقا شاپى يوق (يەنى، ھەقىقى شىپالىق، داۋا ئاتا قىلغۇچى يوق). ھېچبىر كېسەلنى قالدۇرماي ساقايتىدىغان شىپالىق ئاتا قىلسىلا. بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم رب جبريل و ميكائيل و إسرافيل و محمد صلى الله عليه وسلم نعوذ بك من النار طب ك)عن والد أبي المليح

1304. ۋالىد ئەبۇ مۇلەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان؛ ئى ئاللاھ، سىلى جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىگىسى. سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەيمەن. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

اللهم رب جبريل و ميكائيل و رب إسرافيل أعوذ بك من حر النار و من عذاب القبر ( ن ) عن عائشة

1305. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ئى جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ، ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، رەببى، ئىگىسى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاخنىڭ قىززىق ھارارىتىدىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

اللهم ( ربنا آتنا في الدنيا حسنة و في الآخرة حسنة و قنا عذاب النار ( ق ) عن أنس

1306. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەت بىلەن دۇئا قىلاتتى: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن، ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن، ۋەقىنا ئازابەننار» (تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، ئىگىمىز، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق، ئۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اللهم كما حسنت خلقي فحسن خلقي ( حم ) عن ابن مسعود

1307. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، يارىلىشىمنى گۈزەل قىلغاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلسىلا. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) اللهم لا عيش إلا عيش الآخرة ( حم ق 3 ) عن أنس ( حم ق ) عن سهل بن سعد

1308. ئەنەس سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئاخىرەت تۇرمۇشىدىن باشقا ھەقىقى تۇرمۇش، مەئىشەت يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

اللهم لك أسلمت و بك آمنت و عليك توكلت و إليك أنبت و بك خاصمت اللهم إني أعوذ بعزتك لا إله إلا أنت أن تضلني أنت الحي الذي لا يموت و الجن و الإنس يموتون ( م ) عن ابن عباس

1309. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: ئى ئاللاھ، مەن سىلىگە بويسۇندۇم، شەكسىز ئىشەندىم، سىلىگە تەۋەككۇل قىلدىم، سىلى تەرەپكە قايتتىم، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن دەۋالىشىمەن. ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىنىڭ ئىززەت، غالىبلىقلىرى بىلەن مىنى ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرىدىن، مەن ئۈچۈن ئازغۇنلۇققا يۈرسەت، شارائىت يارىتىپ بېرىشلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. سىلى مەڭگۇ ئۆلمەيدىغان كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنسى ـ جىنلار ئۆلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

اللهم متعني بسمعي و بصري و اجعلهما الوارث مني و انصرني على من ظلمني و خذ منه بثأري ( ت ك هريرة

1310. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان: ئى ئاللاھ، ماڭا قۇلاق، كۆزلىرىم بىلەن ھەقنى ئاڭلاش، ھەقنى كۆرۈشۈم بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت ئاتا قىلسىلا. بۇ پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى مىنىڭ ۋارىسىمغىمۇ بەرسىلە. ماڭا زۇلۇم قىلغان زالىم كىشىگە قارشى ماڭا ياردەم بەرسىلە، ئۇ زالىمدىن مىنىڭ قىساس، ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرسىلە. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

اللهم من آمن بك و شهد أني رسولك فحبب إليه لقاءك و سهل عليه قضاءك و أقلل له من الدنيا و من لم يؤمن بك و يشهد أني رسولك فلا تحبب إليه لقاءك و لا تسهل عليه قضاءك و كثر له من الدنيا ( طب ) عن فضالة بن عبيد

1311. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، كىم سىلىگە ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرسە، مىنىڭ سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشىگە سىلىگە ئۇچرىشىشنى ياخشى، دوست كۆرسەتسىلە. ئۇنىڭغا قازايى ـ قەدەرلىرىنى ئاسان قىلسىلا، مال ـ دۇنيانى ئاز قىلسىلا (ئېزىپ كەتمىسۇن). كىم سىلىگە ئىمان كەلتۈرمىسە، مىنى سىلىنىڭ ئەلچىلىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرمىسە، ئۇ كىشىگە سىلىگە ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسەتمىسىلە، قازايى ھۆكۈملىرىنى ئاسان قىلمىسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانى كۆپ قىلىپ بەرسىلە (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھالاك بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

اللهم من ولي من أمر أمتي شيئا فشق عليهم فاشقق عليه و من ولي من أمر أمتي شيئا فرفق بهم فارفق به ( م ) عن عائشة

1312. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغۇچىكەن: ئى ئاللاھ، كىم مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا مۇشەققەت، قىيىنچىلىق سالسا، سىلىمۇ ئۇنىڭغا مۇشەققەت، قىيىنچىلىق سالسىلا. كىم ئۇممىتىمنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا مېھرىبان بولۇپ، ئاسان قىلسا، سىلىمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبان بولۇپ، ئاسان قىلسىلا. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ألم تروا إلى الإنسان إذا مات شخص بصره فذاك حين يتبع بصره نفسه ( م ) عن أبي هريرة

1313. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسانغا قارىمامسىلەر؟ ئۇ ئۆلگەندە كۆزى چەكچىيىپ، ئالىيىپ قالىدۇ. شۇنداق بولۇشى كۆزى روھىغا ئەگىشىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ألم تروا ما قال ربكم ؟ قال: ما أنعمت على عبادي من نعمة إلا أصبح فريق منهم بها كافرين يقولون: الكواكب و بالكواكب ( حم م ن ) عن أبي هريرة ( ن ) عن زيد بن خالد الجهني

1314. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭلارنىڭ نىمە دېگەنلىكىگە قارىمامسىلەر؟ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمگە بىرەر نىئمەت بەرسەملا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، بىر بۆلىكى بۇ نىئمەت

پالانى يۇلتۇزلار، پالانى پىلانىتلارنىڭ سەۋەبىدىن بولدى دىيىش بىلەن كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ألم تعلموا ما لقي صاحب بني إسرائيل ؟ كانوا إذا أصابهم البول قطعوا ما أصابه البول منهم فنهاهم عن ذلك فعذب في قبره ( د ن ه حب ك هق ) عن عبدالرحمن بن حسنة

1315. ئابدۇراھمان ئىبنى ھەسەنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىللارنىڭ ساھىبى يەنى يۇرت بېشى نېمىگە يولۇققانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ بەنى ئىسرائىللار ئۆزلىرىگە سۈيدۈك تېگىپ قالسا، سۈيدۈك تەگكەن جايىنى كېسىۋېتەتتى. ئۇلارنى بۇ ئىشتىن ساھىبى، باشلىقى توسقان ئىدى، قەبرىسىدە قاتتىق ئازابلاندى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

أليس قد مكث هذا بعده سنة فأدرك رمضان فصامه و صلى كذا و كذا سجدة في السنة ؟ فلما بينهما أبعد مما بين السماء و الأرض ( ه حب هق ) عن طلحة

1316. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىراقلا مۇسۇلمان بولغان ناھايىتى ياخشى ئىككى مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىرسى شەھىد بولۇپ، يەنە بىرسى بىر يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، كېيىن ئۆلۈپ كەتكىنىگە بۇرۇن جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلگىنىنى چۈشىدە كۆرىدۇ. ئۇ بۇلارنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسە ئۇلار ھەيران قالىدۇ، بىرىنچىسى شەھىد بولغان تۇرسا، بۇ نىمە ئىشتۇ؟ دەيدۇ. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ كېيىنكى كىشى ئۇ شەھىد ئۆلگەندىن كېيىن بىر يىل ياشىمىدىمۇ؟ دېسە، ئۇلار شۇنداق (يەنى، بىر يىل ياشىدى) دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاندىن بۇ كېيىنكىسى رامزاننى تاپتى ـ دە، روزا تۇتتى. بۇ بىر يىل ئىچىدە ئانداق ـ مانداق نامازلارنى ئوقۇپ، سەجدە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدىنمۇ يىراقتۇر (يەنى، كېيىن ئۆلگىنى دەرىجىدە يۇقىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ قىرىندىشىغا ئوخشاش جەڭگە قاتناشقان، شەھىد بولسا بولۇۋېرەتتى. لېكىن، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن شەھىدلىق دەرىجىسىنى شۇ جەڭدە ئېلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە بىر يىل ئىبادەت قىلىۋالدى، بۇ دېگەن يۇقىرى دەرىجە بولىدۇ ئەلۋەتتە). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن قېرىنداشلىرىدىن شەھىد بولۇشتا كېيىن قالغانلار نىيىتى ساپ، خالىس بولسا، ئىبادەت بىلەن كۆپلەپ پايدا ئالىدىكەن.

( صحيح ) أما إن ابنك هذا لا يجني عليك و لا تجني عليه ( حم د ن ك ) عن أبي رمثة

1317. ئەبۇ رەمسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ ساڭا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولمايدۇ، سەنمۇ ئوغلۇڭغا جىنايەتچى بولمايسەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أما إنك لو قلت حين أمسيت: أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق لم تضرك ( م د ) عن أبي هريرة

1318. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن كەچ قىلغان ۋاقتىڭدا مۇنداق دېسەڭ «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى بىلەن ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» ساڭا ھېچنېمە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أما إنك لو لم تعطه شيئا كتب عليك كذبة ( حم د ) عن عبدالله بن عامر بن ربيعة

1319. ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئانام مىنى چاقىرىپ، بۇياققا كەل، ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نېمە بېرىسەن؟

دېدى. ئانام، خورما بېرىمەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاندىن، ئەمما سەن ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بەرمىگەن بولساڭ، ساڭا بىر يالغانچىلىق يېزىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 4339 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1514 ـ ھەدىس، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) أما إنها ستكون لكم الأنماط ( ق د ت ) عن جابر

1320. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا، بىساتىڭلار بارمۇ؟ دېسە، ئۇلار يوق دېگەندە، ئەمما سىلەرگىمۇ نىپىز مەخمەللىك بىسات بولىدۇ دېگەن. (ئۇ راستىنلا بولغان، بۇ بىشارەت مۆجىزە ئىدى) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أما إنه لئن حلف على ماله ليأكله ظلما ليلقين الله و هو عنه معرض ( م د ت ) عن وائل بن حجر

1321. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دەۋا ئۈستىدە قەسەم قىلغان كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەمما، ئۇ ئەگەر باشقىلارنىڭ مېلىنى زۇلۇم قىلىپ يېۋېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن يەنى قەسەمخوردىن يۈز ئۆرۈۋالىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أما إنه لم تهلك الأمم قبلكم حتى وقعوا في مثل هذا يضربون القرآن بعضه ببعض ما كان من حلال فأحلوه و ما كان من حرام فحرموه و ما كان من متشابه فآمنوا به ( طب ) عن ابن عمرو

1322. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر قۇرئاننى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ (يەنى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، ئىختىلاپ قىلىشىپ) مۇشۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغۇچە ھالاك بولمىغان، ئاندىن شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىندى. قۇرئاندىكى ھالالنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار، ھارامنى ھارام بىلىڭلار، مۇتەشابىھ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. يەنى، مۇھكەم ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ، مۇتەشابىھ ئايىتىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىشىنىپ، ئازماڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أما إنه لو قال: بسم الله لكفاكم فإذا أكل أحدكم طعاما فليقل: بسم الله فإن نسي أن يقول: بسم الله في أوله فليقل: بسم الله أوله و آخره ( حم ه حب هق ) عن عائش

1323. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، ئۇ بىسمىللاھ دېگەن بولسا، سىلەرگە كۇپايە قىلاتتى. بىرىڭلار تائام يېسە، بىسمىللاھ دېسۇن. ئەگەر باشتىلا بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ (يەنى، باشتا ۋە ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يەيمەن) دېسۇن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أما إنه لو قال حين أمسى: أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق ما ضره لدغ عقرب حتى يصبح ( ه ) عن أبي هريرة

1324. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما ئۇ كەچ قىلغان چاغدا، «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى قۇرئان بىلەن ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن بولسا، تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇنىڭغا چايانىنىڭ چېقىۋېلىشى زەرەر قىلالمايتتى ھەم چاقالمايتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أما إنه لا يدرك قوم بعدكم صاعكم و لا مدكم ( ك ) عن أبي سعيد

1325. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما ھەقىقەتەن سىلەردىن كېيىنكى قەۋملەر سىلەرنىڭ جىڭ، تارازا، سالىرىڭلارنى تاپالمايدۇ. (يەنى، ئادىللىقنى، بەرىكەتنى، لىللالىقنى سىلەردەك تاپالمايدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أما بلغكم أني لعنت من وسم البهيمة في وجهها أو ضربها في وجهها ؟ ( د ) عن جابر

1326. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ ھايۋانىنىڭ يۈزىگە ئۇرغان، يۈزىگە داغلاپ بەلگە قىلغان كىشىگە لەنەت قىلغانلىقىم سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

بۇ ھەدىستىن خۇددى ئىنساننىڭ يۈزىگە ئۇرۇشتىن چەكلەنگەندەك، ھايۋاننىڭ يۈزىگىمۇ ئۇرۇشتىن، داغلاپ بەلگە سېلىشتىن چەكلەنگەن. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) أما ترضى أن تكون لهم الدنيا و لنا الآخرة ؟ ( ق ه ) عن عمر

1327. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: پالانى، پوكۇنى پادىشاھلار ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇرىدۇ، تېخى ئۇلار دىنسىز مۇشرىكلار تۇرسا، سىلىنىڭ بەدەنلىرىگە بورا ئىز قالدۇرۇپتۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلسىلا دېگەندە، مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئۇچۇن بۇ دۇنيا، بىزلەرگە ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت بولۇشىغا رازى بولمامسەن؟ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كېتىپ، رازىمەن، رازىمەن دېگەن. بەيھەقى،ئىبنى ماجە توپلىغان،سەھىھ.

أما رأيت العارض الذي عرض لي قبيل ؟ هو ملك من الملائكة لم يهبط إلى الأرض قط قبل هذه الليلة استأذن ربه عز و جل أن يسلم علي و يبشرني أن الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة و أن فاطمة سيدة نساء أهل الجنة ( حم ت ن حب ) عن حذيفة

1328. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى باياتىن مىنى توسۇۋالغان كىشىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ پەرىشتىلەردىن ئالاھىدە بىر پەرىشتە بولىدۇ، ئۇ بۇ كېچىدىن بۇرۇن زېمىنغا قەتئىي چۈشۈپ باقمىغان. بۇ كېچە ئۇ رەببى ئەززە ۋە جەللەدىن ماڭا سالام قىلىشقا ۋە ھەقىقەتەن ھەسەن ـ ھۈسەيىن جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، سەيىيدى ئىكەنلىكىگە ۋە ھەقىقەتەن فاتىمە جەننەت ئەھلىنىڭ ئايال كىشىلىرىنىڭ خوجىسى، سەيىيدى ئىكەنلىكىگە ماڭا خۇش بىشارەت بېرىشكە ئىزنى، رۇخسەت سوراپ چۈشۈپتۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أما علمت أن الإسلام يهدم ما كان قبله و أن الهجرة تهدم ما كان قبلها و أن الحج يهدم ما كان قبله ؟ ( م ) عن عمرو بن العاص

1329. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىنىڭ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ئىشلارنى بىكار قىلىۋېتىشىنى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى ۋە ھەقىقەتەن ھىجرەتنىڭ، ھەج قىلىشنىڭ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ئىشلارنى، گۇناھلارنى بىكار قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى بىلمەمسەن؟ مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أما علمت أن الملائكة لا تدخل بيتا فيه صورة و أن من صنع الصور يعذب يوم القيامة فيقال: أحيوا ما خلقتم ؟ ( خ ) عن عائشة

1330. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن پەرىشتىلەرنىڭ سۈرەت، رەسىم بار ئۆيگە كىرمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھەقىقەتەن ھەيكەل ياسىغان، سۈرەت سىزغان كىشى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئۇلارغا سىلەر ياراتماقچى بولغان نەرسەڭلارنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار! دېيىلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أما علمت أنك و مالك من كسب أبيك ( طب ) عن ابن عمر

1331. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە مال ـ مۈلكۈڭنىڭ داداڭنىڭ كەسپىدىن، داداڭنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أما علمت أن ملكا ينادي في السماء يقول: اللهم اجعل لمال منفق خلفا و اجعل لمال ممسك تلفا ؟ ( طب ) عن عبدالرحمن بن سبرة

www.uyghurkitap.com

1332. ئابدۇرەھمان ئىبنى سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر پەرىشتىنىڭ ئاسماندا مۇنداق نىدا قىلىپ تۇۋلايدىغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟ ئى ئاللاھ، سېنىڭ يولۇڭدا مال ـ مۈلۈكىنى نەپىقە قىلىپ چىقىم قىلىپ تۇرغۇچىنىڭ مىلىغا ئىز باسار مال، يەنە مال قىلىپ بەرگىن. يەنى مىلىغا مال قوشۇپ، بەرىكەت بەرگىن. مىلىنى ھەق يولغا چىقىم قىلماس بېخىلغا، ئۇنىڭ مىلىغا ھالاكەت قىلغىن. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشى، يەنى سېخىيغا ئىز باسار مال سورىغان، بېخىلنىڭ مىلىغا ھالاكەت سورىغان سەھىھ ھەدىس بار.

أما كان يجد هذا ما يسكن به رأسه ؟ أما كان يجد هذا ما يغسل به ثيابه ؟ ( حم د حب ك ) عن جابر

1333. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماۋۇ كىشى بېشىنى، چېچىنى يۇغۇشتۇرغۇدەك نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟ ئەمما ماۋۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيغىدەك نەرسە تاپالمىغاندىمۇ؟ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن، چاچنى يۇيۇپ، تاراپ، پاكىز تۇتۇش، چۇۋالچاق قىلماي ياستىپ تۇرۇش، چىرايلىق تۇتۇش، كىيىملەرنى يۇيۇپ، پاكىز، رەتلىك كىيىش چىقىدۇ.

( حسن ) أما مررت بوادي قومك ممحلا ثم تمر به خضرا ثم تمر به ممحلا ثم تمر بهخضرا ؟ ( كذلك يحيي الله الموتى . ( حم طب ) عن أبي رزين

1334. ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن قەۋمىڭنىڭ ھاياتلىق يوق، گىياھسىز قاقاس قۇرغاق يېزىسىدىن ئۆتمەمسەن؟ ئاندىن ئۇ جاينىڭ يايپېشىل كۆكەرگىنىنى كۆرۈپ ئۆتىسەن. ئاندىن ئۆتسەڭ، يەنە قاقاس قۇرۇپ قالىدۇ، ئاندىن يەنە كۆك، يېشىل بولىدۇ. ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنىڭدەك تىرىلدۈرىدۇ.

بۇ سۆز قانداق تىرىلدۈرىدۇ؟ دېگەن سۇئالغا جاۋاب ئىدى. ئەھمەد 15605 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4106 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 176 ـ ھەدىس، تەبرانىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

قۇرئاندىمۇ ئەنە شۇنداق تىرىلىپ چىقىرىلىسىلەر دەپ ئۆسۈملۈككە ئوخشاتقان، بۇ بىر مۆجىزە دەلىلدۇر.

( صحيح ) أما و الله إني لأتقاكم لله و أخشاكم له ( م ) عن عمرو بن أبي سلمة

1335. ئەمرۇ ئىبنى ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما مەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن ئاللاھقا ئەڭ تەقۋا كىشى سىلەردىن بەكرەك ئاللاھدىن قورقىدىغان تەقۋادۇرمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنى سۆزىگە كىرمەي، ھەددىدىن ئاشۇرغانلارغا تەھدىت، تاپا ـ تەنە قىلىپ دېگەن.

أما و الله إني لأخشاكم لله و أتقاكم له لكني أصوم و أفطر و أصلي و أرقد و أتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني ( خ ) عن أنس

1336. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزلىرىگە نۇرغۇن ھالال نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالماقچى بولغانلارغا ياكى باشقا دىندىكىلەرگە ئوخشىۋالماقچى بولغانلارغا مۇنداق دېگەن: ئەمما مەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھدىن بەك قورقىدىغان تەقۋادار كىشى. لېكىن، مەن روزىمۇ تۇتىمەن ھەم يەيمەن، نامازمۇ ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، ئايال كىشىنىمۇ نىكاھلاپ ئېلىپ توي قىلىمەن. كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مەندىن ئەمەس. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

سەييىد قۇتۇپ بۇ ھەدىستىن ۋە مۇشۇ چاغدا چۈشكەن ئايەتتىن ھالال ـ ھارام قىلىش ھوقۇقى ئاللاھتىلا بولىدۇ دېگەن. ئالىملار توي قىلىشنى مۇشۇ ھەدىس بويىچە ۋە باشقا ھەدىس بويىچە سۈننەت دېدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈننىتىم دېگەن. شۇنداقلا نىكاھ ۋاجىپ بولىدىغان، گاھ سۈننەت بولىدىغان، گاھ مۇباھ، گاھ ھارام، مۇستەھەپ بولىدىغان، مەكرۇھ بولىدىغان جايلار بار. پايدا

ئالالىسا، زىيان بولمىسا توي ئەۋزەل. زىيان بولۇپ، پايدا بولمىسا، ئىماندىن قورۇق قىلىش بولۇپ قالسا، ھارام يېيىش، ھارام بىلەن شۇغۇللىنىشلار بولۇپ قالسا، ئۆزىنى ساقلاپ تۇتالىسا تويسىزلىق ئەۋزەل. ھەر ئىككىلىسى تەڭ بولۇپ قالسا، قەلبىگە قاراپ بىر تەرەپ قىل. شافىئى، مالىكى، ئەھمەد رەھمەھۇللاھلار ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد بىلەنلا ئۆتۈش توي قىلىشتىن ئەۋزەل دېگەن، جۇملىدىن ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە توي قىلماي ئۆتكەن، رابىئە بەسرىمۇ بار. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە توي قىلىش ئەۋزەل دېگەن، ئەۋزەل دېگەن بۇ جايدا توغرا ـ خاتالىق مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس، پەقەت ئەۋزەل دېيىشكەن. نىكاھ سۈننەت. ياخشى نىيەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشەت قىلىپ سۈننەتنى قىلسا، مۇكاپات، ئەجىر ساۋاب بار. قىلالمىسا، ئۆزرە ـ سەۋەب بىلەن قىلالمىسا، ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد بىلەن ئۆتسە، توي قىلمىسا گۇناھ يوق، شۇمۇ ئەۋزەل. مەقسەت ئىمان.

بۇ مەسىلىدە تۆت مەزھەپ فىقھىسىگە، ھەدىس شەرھىيسىگە قارالسۇن، دوكتۇر ئالىملار بىر تەرەپ قىلسۇن.

( صحيح ) أما و الله إني لأمين في السماء و أمين في الأرض ( طب ) عن أبي رافع

1337. ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما مەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاسماندىمۇ ئەمىين، ئىشەنچلىك؛ زېمىندىمۇ ئىشەنچلىك. ھەر ئىككى جايدا ئەمىيندۇرمەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أما و الله لو كان أسامة جارية حليتها و زينتها حتى أنفقها ( ابن سعد ) عن أبي السفر مرسلا

1338. ئەبۇ سەپەر رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇسامەنىڭ زىننەت بويۇملىرى بار بىر دىدىكى، چۆرىسى بولغان بولسا، ئۇ بۇلارنى ئاللاھ يولىدا خەجلىۋېتەتتى. ياكى ئۆزى چۆرە بولۇپ قالسا، ئۆزى بۇ زىننەتنى ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن بولاتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

1339( حسن ) أما و الله لولا أن الرسل لا تقتل لضربت أعناقكما ( د ك ) عن نعيم بن مسعود

1339. نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدقىلىق، شاپ بۇرۇت، مەجۇسىي ئىككى ئەلچىگە مۇنداق دېگەن: ئەمما ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دېگەن قائىدە بولمىغان بولسا، مەن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ بىلەن ئۇراتتىم، يەنى كاللاڭلارنى ئالاتتىم. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمىدىكى ھەسەن ھەدىستۇر، كېيىن بۇلار ئۆلتۈرۈلگەن.

أما يخشى أحدكم إذا رفع رأسه في الصلاة أن لا يرجع إليه بصره ؟ ( حم م ه ) عن جابر بن سمرة

1340. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بىرىڭلار نامازدا ئاسمانغا قاراش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا، كۆزىنىڭ قايتىپ كەلمەسلىكىدىن يەنى كۆزى قۇيۇلۇپ كور بولۇشىدىن قورقمامدۇ؟ مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستە نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ قويۇشتىن چەكلىگەن، جىنازا نامىزىمۇ شۇنداق.

( صحيح ) أما يخشى أحدكم إذا رفع رأسه قبل الإمام أن يجعل الله رأسه رأس حمار أو يجعل الله صورته صورة حمار ؟( ق 4 ) عن أبي هريرة

1341. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بىرىڭلار بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرگەن چاغدا، ئاللاھنىڭ ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقمامدۇ؟ بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئىمامدىن بۇرۇن باش كۆتۈرۈش ياكى بېشىنى قويۇش چەكلىنىدۇ.

أما إبراهيم فانظروا إلى صاحبكم و أما موسى فجعد آدم كأني أنظر إليه انحدر في الوادي يلبي على جمل أحمر مخطوم بخلبة ( حم ق ) عن ابن عباس

1342. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ساھىبىڭلارغا (يەنى ماڭا) قاراڭلار، يەنى مەن بەك ئوخشايمەن. ئەمما، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدرە چاچ، كېلىشكەن ئىكەن. خۇددى مەن ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن، ئۇ خورما قوۋزىقىدا ئىشلىگەن ئارغامچا بىلەن نوختىلانغان قىزىل تۆگىگە مىنىپ، ئالدىراپ تەلبى ئېيتىپ لەببەيكە دېگەچ كېلىۋاتىدۇ، ۋادىينىڭ ئېگىز جايىدىن چۈشۈۋاتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇنىڭ ئوخشىشى بۇخارى، مۇسلىمدا باردۇر، مۇسلىم 243ـ ھەدىس، بۇخارى 3106ـ ھەدىس، ئەھمەد 2372ـ ھەدىس.

أما الرجل فلينثر رأسه فليغسله حتى يبلغ أصول الشعر و أما المرأة فلا عليها أن لا تنقضه لتغرف على رأسها ثلاث غرفات تكفيها ( د ) عن ثوبان

1343. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما ئەر كىشىگە كەلسەك، ئۇ چېچىنى چۇۋۇپ، چاچنىڭ ئەسلىگە، كۆتىكىگە سۇ يەتكۈچە يۇيىدۇ. ئايال كىشى بولسا، چېچىنى چۇۋۇمىسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ گەپ يوق، گۇناھ يوق. ئۇ بېشىغا ئۈچ چاڭگال سۇ قۇيۇپ چاچنىڭ تېگىگە سۇ يەتكۈزسە كۇپايە. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى، جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنۇپ غۇسلى قىلغاندا چېچىنى چۇۋۇمىسىمۇ تېگىگە سۇ يەتكۈزسۇن.

أما أنا فآخذ بكفي ثلاثا فأصب على رأسي ثم أفيض على سائر جسدي ( حم ق د ن ه ) عن جبير بن مطعم

1344. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، مەن ئالقىنىم بىلەن ئۈچ چاڭگال سۇ ئېلىپ، بېشىمغا قۇيىمەن. ئاندىن جەسىدىمنىڭ قالغان جايلىرىغا سۇنى يۈرتىپ يۇيىمەن. (يەنى، بېشىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ئاندىن بارلىق بەدەننى يۇيىدۇ، بۇ غۇسلى تاھارەت دېيىلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أما أنا فأفيض على رأسي ثلاثا ( حم م ) عن جابر

1345. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەمما، مەن بېشىمغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيۇپ يۇيىمەن (ئاندىن قالغان بەدەننى يۇيىدۇ) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أما أنا فلا آكل متكئا ( ت ) عن أبي جحيفة

1346. ئەبۇ جۇھەيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تائام يېمەيمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ مۇستەھەپ ئىشتۇر، قارشىسى مەكرۇھ. مەكرۇھنى قىلىپ سالغان كىشىنى گۇناھكار، ئانداق ـ ماندىق دەپ ئەيىبلەپ كەتمەك.

( صحيح ) أما أنت يا جعفر فأشبهت خلقي و خلقي و أما أنت يا علي فمني و أنا منك و أما أنت يا زيد فأخونا و مولانا و الجارية عند خالتها فإن الخالة والدة ( حم ) عن علي

1347. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن ئى جەئپەر، مېنىڭ يارىلىش تەن قۇرۇلۇشۇمغا ۋە ئەخلاقىمغا ئوخشاپ كېتىسەن. ئەمما سەن ئى ئەلى، سەن مەندىن، مەن سېنىڭ جۈملەڭدىن. ئەمما سەن ئى زەيد، بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئازاد قىلغان قۇلىمىز. قىزچاق دېگەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ھاما ئانىنىڭ ئورنىدا. (بۇ سۆزنى مەككىنى پەتھى قىلغاندا، ھاممىسىنىڭ ئېرى ئەلىگە ئەگىشىۋالغان قىزچاقنى يۇقىرىقى ئۈچ كىشى تالاشقاندا دېگەن) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أما أنت يا جعفر فأشبه خلقك خلقي و أشبه خلقي خلقك و أنت مني و شجرتي و أما أنت يا علي فختني و أبو ولدي و أنا منك و أنت مني و أما أنت يا زيد فمولاي و مني و إلي و أحب القوم إلي ( حم طب ك ) عن أسامة بن زيد

1348 . ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما سەن ئى جەئپەر، تەن قۇرۇلۇش، چىرايىڭ چىرايىمغا، ئەخلاقىڭ ئەخلاقىمغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سەن مەندىن، مېنىڭ دەرەخ شېخىمدىن، تۆپ يىلتىزىمدىن (يەنى نەسەبىمىز بىر). ئەمما سەن ئى ئەلى، مېنىڭ كۈيئوغلۇم، بالامىنىڭ يەنى نەۋرەمىنىڭ دادىسى، مەن سەندىن سەن مەندىن. ئەمما سەن ئى زەيد، بىزنىڭ ئازادكەردە قۇلىمىز، سەنمۇ مەندىن ۋە ماڭىدۇرسەن (يەنى مېنىڭ خىزمىتىمدە)، سەن ماڭا قەۋملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى. ئەھمەد، 20778 ـ ھەدىس، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سۆزنى يۇقىرىقى ئۈچ كىشى ھەرقايسىسى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا سۆيۈملۈك دېگەندە دېگەن.

أما أول أشراط الساعة فنار تخرج من المشرق فتحشر الناس إلى المغرب و أما أول ما يأكل أهل الجنة فزيادة كبد الحوت و أما شبه الولد أباه و أمه فإذا سبق ماء الرجل ماء المرأة نزع إليه الولد و إذا سبق ماء المرأة ماء الرجل نزع إليها ( حم خ ن ) عن أنس

1349 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ ئىشتىن سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: ئەمما قىيامەتنىڭ تۇنجى ئالامىتى، مەشرىق تەرەپتىن چىقىدىغان ئوت بولۇپ، كىشىلەرنى مەغرىب تەرەپكە توپلايدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ تۇنجى قېتىم يەيدىغىنى لەھەڭ بېلىقىنىڭ جىگىرىنىڭ زىيادە پارچىسىدۇر، ئەمما، ئۇ بۇ دۇنيادىكىگە زادى ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بالىسىنىڭ دادىسىغا ياكى ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىشىگە كەلسەك، ئەرنىڭ مەنىي سۈيى ئاياڭنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئەرگە تارتىپ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاياڭنىڭ مەنىي سۈيى ئەرنىڭكىدىن ئىلگىرلەپ كەتسە، بالا ئانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أما أهل النار الذين هم أهلها فإنهم لا يموتون فيها و لا يحيون و لكن ناس أصابتهم النار بذنوبهم فأماتتهم إماتة حتى إذا كانوا فحما أذن بالشفاعة فجيء بهم ضبائر ضبائر فبثوا على أنهار الجنة ثم قيل: يا أهل الجنة أفيضوا عليهم فينبتون نبات الحبة تكون في حميل السيل ( حم م ه ) عن أبي سعيد

1350 . ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما دوۋزاخ ئەھلىگە كەلسەك، ئۇلار دوۋزاخنىڭ ئەھلى بولۇپ، دوۋزاخ ئىچىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، شۇنداقلا ياخشى ياشىيالمايدۇ، ۋە لېكىن، بىر بۆلۈك كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا دوۋزاخ ئوتى يېتىپ ئۇلارنى بىر قۇر ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتۈرىدۇ، تاكى ئۇلار كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەندە، شاپائەت قىلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار توپ ـ توپ ھالەتتە جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىگە كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلىدۇ، ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇڭلار! دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغان تەنلىرى خۇددى دەريا سەللىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ ئەسلىگە كېلىدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد ألا أيها الناس ! فإنما أنا بشر يوشك أن يأتيني رسول ربي فأجيب و أنا تارك فيكم ثقلين أولهما كتاب الله فيه الهدى و النور من استمسك به و أخذ به كان على الهدى و من أخطأه ضل فخذوا بكتاب الله تعالى و استمسكوا به و أهل بيتي أذكركم الله في أهل بيتي أذكركم الله في أهل بيتي ( حم عبد بن حميد م ) عن زيد بن أرقم

1351 . زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ يەنى ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن، ئى ئىنسانلار ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن بىر ئىنسان، ماڭا پات يېقىندا رەببىمنىڭ ئەلچىسى يەنى ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىشى مۇمكىن، مەن ئاندىن جاۋاب بېرىمەن، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ كېتىپ قالىمەن. مەن ئاراڭلارغا ناھايىتى ئېغىر ئىككى نەرسىنى

قالدۇرۇپ كېتىمەن، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر. ئۇنىڭدا ھىدايەت، توغرا يول، نۇر باردۇر. كىم قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلسا، ئۇ ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ. كىم قۇرئانغا خاتالاشسا، چىڭ تۇتالمىسا، ئۇ ئازىدۇ، زالالەتتە بولىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىپ، مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار. ئىككىنچى قالدۇرۇپ كەتكىنىم بولسا، ئەھلى بەيتىم، ئەھلى بەيتىم توغرىسىدا سىلەرگە ئاللاھنى ئەسلىتىمەن دەپ ئىككى قېتىم دېدى (بەلكىم بۇ دېگىنى سۈننەت ھەدىس بولۇشى مۇمكىن) مۇسلىم، ئەھمەد، ئابدۇ ئىبنى ھەمەيد توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد أيها الناس ! فإن الناس يكثرون و يقل الأنصار حتى يكونوا في الناس بمنزلة الملح في الطعام فمن ولي منكم أمرا يضر فيه أحدا و ينفع فيه أحدا فليقبل من محسنهم و يتجاوز عن مسيئهم ( خ ) عن ابن عباس

1352. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن، ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر كۆپىيىپ ئەنسارىلار ئاز قالىدۇ. تاكى ئەنسارىلار كىشىلەر ئىچىدە تائامدىكى تۇزنىڭ ئورنىدا بولۇپ، شۇنداق ئاز قالىدۇ. كىم سىلەردىن بىر كىشىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزگىدەك ئىشقا، يەنى خەلىپە، ئەمىرلىككە ئىگە بولسا، ئەنسارىلارنىڭ ياخشىلىق قىلغانلىرىدىن قوبۇل قىلسۇن. يامانلىقلىرى سادىر بولۇپ قالسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتۈۋەتسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فإن أصدق الحديث كتاب الله و إن أفضل الهدي هدي محمد و شر الأمور محدثاتها و كل محدثة بدعة و كل بدعة ضلالة و كل ضلالة في النار أتتكم الساعة بغتة بعثت أنا و الساعة هكذا صبحتكم الساعة و مستكم أنا أولى بكل مؤمن من نفسه من ترك مالا فلأهله و من ترك دينا أو ضياعا فإلي وعلي وأنا ولي المؤمنين حم م ن ه ) بن جابر

1353. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن سۆزنىڭ ئەڭ راستراقى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر. ھەقىقەتەن ھىدايەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايەت يولىدۇر. ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇر (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئورۇنلاشتۇرمىغان، ئىسلام شەرىئىتى مۇكەممەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەقىيدىدە ۋە ئىبادەتتە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر) ھەر قانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت زالالەت، ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق زالالەت ئازغۇنلۇق، دوۋزاختا بولىدۇ. (بۇ ھەدىستىن ياخشى بىدئەت يوقتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى لۇغۇى سۆز بولۇپ، نىمىدېگەن ياخشى يېڭىلىنىش، يېڭىلىق دېگەن مەنىدە. بۇلارنى بىز بىدئەتلەردە تونۇشتۇردۇق، شەيخ ئۇسەيمىننىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان) (ھەدىسنىڭ ئاخىرى بولسا) سىلەرگە قىيامەت تۇيۇقسىز كېلىدۇ. مەن ئەۋەتىلدىمكى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنچىلىك دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى، يەنى شۇنداق يېقىن. قىيامەت سىلەرگە تۇيۇقسىز بىر ئەتىگەن ياكى كەچتە كېلىشى مۇمكىن. مەن بولسام، ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋزەلراق. كىم مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماللار ئۇ كىشىنىڭ ئەھلىگە قالىدۇ؛ كىم قەرز ياكى زايا (يەنى، ئەھلى باللىرىنى، ئائىلىسىنى) قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭا، مېنىڭ ئۈستۈمگىدۇر. مەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىگىسى، دوستى بولىمەن. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فإن الله أنزل في كتابه ( يا أيها الناس اتقوا ربكم الذي خلقكم من نفس واحدة إلى آخر الآية ( يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله و لتنظر نفس ما قدمت لغد ) إلى قوله: ( هم الفائزون ) تصدقوا قبل أن لا تصدقوا تصدق رجل من ديناره تصدق رجل من درهمه تصدق رجل من بره تصدق رجل من تمره من شعيره لاتحقرن شيئا من الصدقة و لو بشق تمرة ) . ( م ) عن جرير

1354. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ يەنى ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئاندا

مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن يەنى ئادەم ئاتىدىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن يەنى ئۆز جىنسىدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار...» (ئاخىرغىچە، سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت) ۋە يەنە «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە ئۈچۈن يەنى قىيامەتكە ياخشى ئەمەللەردىن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (سۈرە ھەشىر 18ـ ئايەت) ئۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر» دېگەن يەرگىچە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: سەدىقە قىلالماي قېلىشىڭلاردىن بۇرۇن، ھازىر سەدىقە قىلىۋېلىڭلار. كىشى دىنار، دەرھەم، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىدىن سەدىقە قىلسۇن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن سەدىقە قىلسۇن. خورما ئارپىلىرىدىن بىر تال خورمىنىڭ يېرىمى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ھاقارەتلىك كىچىك سانىماڭلار، يەنى قىلىۋېرىڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فإنه لم يخف على شأنكم الليلة و لكني خشيت أن يفرض عليكم صلاة الليل فتعجزوا عنها ( م ) عن عائشة

1355. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ ھەقىقەتەن ماڭا سىلەرنىڭ بۇ كېچىدىكى ئىشىڭلار قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمىدىم. لېكىن مەن سىلەرگە بۇ كېچىنىڭ نامىزى (يەنى رامىزان كېچىسى قىيامدا تۇرۇش) پەرز قىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، ئۇ چاغدا سىلەر ئاجىز كېلىپ قالىسىلەر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فما بال أقوام يشترطون شروطا ليست في كتاب الله ما كان من شرط ليس في كتاب الله فهو باطل و إن كان مائة شرط قضاء الله أحق و شرط الله أوثق و إنما الولاء لمن أعتق ( ق 4 ) عن عائشة

1356. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ، بەزى قەۋملەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا يوق شەرتلەرنى شەرت قويىۋاپتۇ. ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا يوق بولغان شەرتلەر باتىلدۇر، گەرچە 100 شەرت بولسىمۇ باتىل. ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئەڭ ھەقلىق، لايىقتۇر، ئاللاھنىڭ قويۇپ بەرگەن شەرتلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك، مۇستەھكەمدۇر. ھەقىقەتەن ئىگىلىك، ۋەلىيلىك ھوقۇقى ئازاد قىلغان كىشىگە بېرىلىدۇ، يەنى قۇل ئازاد قىلغۇچى شۇ قۇلنىڭ ۋەلىيسى، ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فما بال العامل نستعمله فيأتينا فيقول: هذا من عملكم و هذا أهدي إلي أفلا قعد في بيت أبيه و أمه فينظر هل يهدى له أم لا ؟ فوالذي نفس محمد بيده لا يغل أحدكم منها شيئا إلا جاء به يوم القيامة يحمله على عنقه إن كان بعيرا جاء به له رغاء و إن كانت بقرة جاء بها لها خوار و إن كانت شاة جاء بها تيعر فقد بلغت ( حم ق د ) عن أبي حميد الساعدي

1357. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن، مۇنداق دېگەن: بىز ئىشلەتكەن خادىم، زاكات يىغقۇچى ئەمەلدارلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار تېخى بىزگە كېلىپ، بۇ سىلەرنىڭ ئەمىلىڭلار، سىلەرنىڭ زاكىتىڭلار، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىنىدى دەيدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە ھەدىيە كېلەمدۇ، يا كەلمەمدۇ قاراپ باقمايدۇ؟ دەپ كايىغاندىن كېيىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلىپ قالسىلا، قىيامەت كۈنى ئۇ نەرسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆگە بولسا، ئۇنىمۇ مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، تۆگە بوزلاپ ھۆركىرەيدۇ. ئەگەر ئۇ كالا بولسا، كالا مۆرىگەن ھالدا مۈرىسىدە ئېلىپ كېلىدۇ، قوينى بولسا قوي مەرىگەن ھالدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ. (ئاھ! ئۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ھە!) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أما بعد فواللّه إني لأعطي الرجل و أدع الرجل و الذي أدع أحب إلي من الذي أعطي و لكني أعطي أقواما لما أرى في قلوبهم من الجزع و الهلع و أكل أقواما إلى ما جعل اللّه في قلوبهم من الغنى و الخير منهم عمرو بن تغلب ( خ ) عن عمرو بن تغلب

1358. ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھقا ئولجا ـ غەنىيمەت مېلى يېتىپ، تەقسىم قىلىپ بەردى. بەزىلەرگە بېرىپ بەزىلەرگە بەرمىسە، نەرسە تەگمىگەنلەر تاپا قىلىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇپ، ئەمما بەئدۇ دېيىشىۋېتىپ، مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن بەزى كىشىگە بېرىپ، بەزى كىشىنى قالدۇرۇپ قويىدۇم. نەرسە بەرمەي قالدۇرۇپ قويغان كىشى ماڭا مەن نەرسە بەرگەن كىشىدىن ئەلۋەتتە سۆيۈملۈك، دوستراقتۇر. لېكىن مەن بەزى قەۋمنىڭ قەلبىدە قاتتىق غەم ـ قايغۇ، قاتتىق قورقۇنچ، ئەنسىرەشنى جەزە ـ پەزەنى كۆرگەنلىكىمدىن ئۇلارغا بېرىمەن. بەزى قەۋمنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدە قىلىپ بەرگەن بايلىق، بىھاجەتلىك، ياخشىلىقلارغا تاپشۇرىمەن. ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە بار، بۇ كىشى بۇ سۆزگە ئىنتايىن خۇشاللىقنى بىلدۈرگەن. بۇخارى 871 ـ ھەدىس، سەھىھ.

أما بعد يا معشر قريش ! فإنكم أهل هذا الأمر ما لم تعصوا اللّه فإذا عصيتموه بعث عليكم من يلحاكم كما يلحى هذا القضيب ( حم ) عن ابن مسعود

1359. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ، ئى قۇرەيشلەر جامائەتى! ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمىساڭلارلا، بۇ ئىشنىڭ يەنى ئەمىر، خەلىپىلىكنىڭ ئەھلى سىلەر بولىسىلەر. بۇ ئىشتا ئاللاھقا ئاسىي بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە شۇنداق بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇكى، خۇددى مۇشۇ بادىرا سويۇپىقىدىن سويۇلغانىدەك سىلەردىن بۇ ئىشنى، خەلىپىلىكنى تارتىۋالىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ قالغان. ئۇلار ئاسىي بولغاندا، راستىنلا رۇملۇقلار، ھەتتا چىڭگىزخان تەختنى تارتىۋالغان، ھازىرمۇ تارتىۋالدى ئەنە.

أما خروجك من بيتك تؤم البيت الحرام فإن لك بكل وطأة تطؤها راحلتك يكتب اللّه لك بها حسنة و يمحو عنك بها سيئة ; و أما وقوفك بعرفة فإن اللّه عز و جل يترل إلى السماء الدنيا فيباهي بهم الملائكة فيقول: هؤلاء عبادي جاءوني شعثا غبرا من كل فج عميق يرجون رحمتي و يخافون عذابي و لم يروني فكيف لو رأوني ؟ فلو كان عليك مثل رمل عالج أو مثل أيام الدنيا أو مثل قطر السماء ذنوبا غسلها اللّه عنك ; و أما رميك الجمار فإنه مدخور لك ; و أما حلقك رأسك فإن لك بكل شعرة تسقط حسنة فإذا طفت بالبيت خرجت من ذنوبك كيوم ولدتك أمك ( طب ) عن ابن عمر

1360. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنىڭ ھەج ئۈچۈن بەيتۇللاھ، ھەرەمنى مەقسەت قىلىپ ئۆيۈڭدىن چىقىشىڭغا كەلسەك، ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن تۆگەڭ دەسسىگەن ھەربىر قەدەم ئۈچۈنمۇ، ئاللاھ ساڭا بىر ياخشىلىق يېزىپ، سەندىن بىر گۇناھ، يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما، سېنىڭ ئەراپات تېغىدا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرۇشۇڭغا كەلسەك، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ، داڭلاپ بېرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، ئاۋۇلار مېنىڭ بەندىلىرىم، ئۇلار يىراق ـ يىراق يوللاردىن چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ ـ توزان باسقان ھالدا ماڭا كەلدى. ئۇلار رەھمىتىمنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىمدىن قورقىدۇ. ئەمەلىيەتتە مېنى كۆرۈپ باقمىدى، ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرسە قانداق بولۇپ كېتەتتى ھە؟! رەسۇلۇللاھ سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۈستۈڭدە ئىگىز دۆڭنىڭ قۇم سانى مىقدارى گۇناھ بولسا، ياكى دۇنيا كۈنلىرىدەك كۆپ ياكى ئاسماندىن، بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرىدەك كۆپ گۇناھ بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇ گۇناھلارنى ھەجنىڭ سەۋەبىدىن سەندىن پاك ـ پاكىز يۇيىۋېتىدۇ. ئەمما، سېنىڭ جەمرە تېشىنى ئېتىشىڭغا كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئەجرى، ساۋابلىرى ساڭا ئاخىرەت ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلىدۇ، ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلىدۇ. سېنىڭ ئېھرامدىن چىقىپ، بېشىڭنى چۈشۈرتىشىڭگە كەلسەك، ھەقىقەتەن

سەن ئۆچۈن بېشىڭدىن چۈشكەن ھەربىر تال چاچ ئۆچۈنمۇ بىردىن ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ئاخىرىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان چاغدا، خۇددى سېنى ئاناڭ تۇغقان كۈندىكىدەك گۇناھلىرىڭدىن پاكىز چىقىپ كېتىسەن. تەبرانى توپلىغان، بۇ ھەدىسنى ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

أما فتنة الدجال فإنه لم يكن نبي إلا قد حذر أمته و سأحذركموه بحديث لم يحذره نبي أمته إنه أعور و إن الله ليس بأعور مكتوب بين عينيه كافر يقرأه كل مؤمن ; و أما فتنة القبر في تفتنون و عني تسألون فإذا كان الرجل الصالح أجلس في قبره غير فزع ثم يقال له: ما هذا الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول: محمد رسول الله جاءنا بالبينات من عند الله فصدقناه فيفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له: انظر إلى ما وقاك الله ثم يفرج له فرجة إلى الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: هذا مقعدك منها و يقال له: على اليقين كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله و إذا كان الرجل السوء أجلس في قبره فزعا فيقال له: ما كنت تقول ؟ فيقول: لا أدري فيقال: ما هذا الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول: سمعت الناس يقولون قولا فقلت كما قالوا فيفرج له فرجة من قبل الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: انظر إلى ما صرف الله عنك ثم يفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا و يقال: هذا مقعدك منها على الشك كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله ثم يعذب ( حم ) عن عائش

1361. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، دەججال پىتنىسىگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۈنىڭ پىتنىسىدىن ئۈممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ، ئاگاھلاندۇردى. مەنمۇ سىلەرنى ئۈنىڭ پىتنىسىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۈممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ باقمىغان بىر سۆز ھەدىس بىلەن ھەزەر قىلدۇرىمەن. ھەقىقەتەن ئۈنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس. (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى كۆزى بار، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر. بۇ سۆزنى دېيىشتىكى مەقسەت، دەججال ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىدۇ) دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، يەنى پىشانىسىگە «كافىر» دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەرقانداق مۆئمىن كىشى ئوقۇيالايدۇ. ئەمما، قەبرە پىتنىسىگە كەلسەك، سىلەر مەن سەۋەبلىك، يەنى مەن توغرىلىق سوئال سورىلىپ، پىتنىگە قالىسىلەر. مەن توغرىسىدا سىلەردىن سورىلىدۇ. ياخشى، سالىھ كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتمەستىن ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاراڭلاردىكى بۇ ئەر توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ ياخشى كىشى: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن روشەن مۆجىزە ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، بىز ئۇنى تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخ تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، دوۋزاخ بەزىسى بەزىسنى يەپ كېتىۋاتقۇدەك. ئاندىن ئۇنىڭغا: ئاللاھ سېنى ساقلىغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتنىڭ باغلىرىغا، گۈزەل زىننەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قارايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: مانا بۇ جەننەتتىكى سېنىڭ جايىڭ دېيىلىدۇ ۋە سەن دۇنيادا شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە تىرىلىسەن دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يامان كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتۈلۈپ، قورقۇتۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: سەن نېمە دەيسەن؟ دېيىلسە، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن: ئاراڭلاردىكى بۇ كىشى زادى قانداق كىشى؟ دەپ سورالسا، ئۇ: مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇلار دېگەندەك دەپ قويغان دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى نەرسىلەرگە، جەننەتنىڭ گۈزەللىكىگە قارايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: ئاللاھ سەندىن چۆرىۋەتكەن، سەن قۇرۇق قالغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، بەزىسى بەزىسنى قىزىقلىقىدىن يەپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇنىڭغا: مانا بۇ سېنىڭ مەڭگۈلۈك جايىڭ. سەن دۇنيادا تەۋھىدكە، ئاللاھ، ئاخىرەتكە شەك قىلىشتا ئىدىڭ ۋە شۇ شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا يەنىلا شۇ شەك ئۈستىدە تىرىلىسەن دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

أما قطع السبيل فإنه لا يأتي عليك إلا قليل حتى يخرج العير إلى مكة بغير خفير ؛ و أما العيلة فإن الساعة لا تقوم حتى يطوف أحدكم بصدقته و لا يجد من يقبلها منه ؛ ثم ليقفن أحدكم بين يدي الله ليس بينه و بينه حجاب و لا ترجمان يترجم له ثم ليقولن له: ألم أوتك مالا ؟ فليقولن: بلى ثم ليقولن: ألم أرسل إليك رسولا ؟ فليقولن: بلى فينظر عن يمينه فلا يرى إلا النار ثم ينظر عن شماله فلا يرى إلا النار فليتقين أحدكم النار و لو بشق تمرة فإن لم يجد فبكلمة طيبة ( خ ) عن عدي بن حاتم

1362. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى كىشى كېلىپ، بىرسى پېقىر، يوقسىزلىقتىن، يەنە بىرسى يول قاراقچىسىدىن: يولنىڭ ئەمىن بولماسلىقىدىن شىكايەت قىلغاندا مۇنداق دېگەن: يولنىڭ ئەمىن بولماسلىقىغا، يول قاراقچىسى مەسىلىسىگە كەلسەك، ساڭا پەقەت ئازغىنا زامان كېلىپلا، كارۋانلار مەككىگە كېپىل بولىدىغان كىشىسىز، قوغدىغۇچىسىز چىقىدۇ (يەنى شۇنداق خاتىرجەم بولۇپ كېتىدۇ). پېقىرلىق، يوقسىزلىققا كەلسەك، ھەقىقەتەن بىرىڭلار سەدىقىنى، ئۆشرىنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن بۇ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى تاپالمايدىغان چاغ كەلمەي تۇرۇپ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئاندىن بىرىڭلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەردىسىز، تەرجىمانسىز ھالدا تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: مەن ساڭا مال ـ دۇنيا بەرمىدىممۇ؟ دەيدۇ. ئۇ: ئەلۋەتتە بەردىڭ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ: ساڭا ئەلچى ئەۋەتمىدىممۇ؟ دېسە، ئۇ: ئەلۋەتتە ئەۋەتتىڭ دەيدۇ. ئوڭ تەرىپىگە قاراپ دوۋزاختىن باشقىنى كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قاراپ دوۋزاختىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. بىرىڭلار يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاختىن ساقلانسۇن. ئەگەر تاپالمىسا، ياخشى سۆز قىلىش بىلەن ساقلانسۇن. بۇخارى توپلىدى، 1324 ـ ھەدىسى، سەھىھ.

أما ما ذكرت من آنية أهل الكتاب فإن وجدتم غيرها فلا تأكلوا فيها و إن لم تجدوا غيرها فاغسلوها و كلوا فيها و ما صدت بقوسك و ذكرت اسم الله عليه فكله و ما صدت بكلبك المعلم و ذكرت اسم الله عليه فكل و ما صدت بكلبك غير المعلم فأدركت ذكاته فكل ( حم ق ه ) عن أبي ثعلبة

1363. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن تىلغا ئالغان يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىلىرىغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ قاچىلاردىن باشقا پاكىز قاچا تاپالىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدا يېمەي شۇ پاكىز قاچىدا يەڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا زادى تاپالمىساڭلار، ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىسىنى پاكىز يۇيىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ قاچىدا يەڭلار. سەن ئوقيارىڭدا ئۆۋلىغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگەن بولساڭ، بىسمىللاھ دېگەن بولساڭ، ئۇنى يېگىن. سەن ئۆگىتىلگەن ئىت بىلەن ئۆۋلىغان نەرسىگىمۇ بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساڭ، ئۇنى يېگىن. سەن ئۆگىتىلمىگەن ئىتىڭ بىلەن ئۆۋلىغان نەرسىنى ھايات تاپساڭ، ئۇنى بوغۇزلىيالىساڭ، ئاندىن ئۇنى يېگىن. (يەنى ئۆلگەن بولسا، بوغۇزلىيالمىساڭ، بىسمىللاھ دېمىگەن بولساڭ، يېمىگىن) ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمامكم حوض كما بين جرباء و أذرح ( خد ) عن ابن عمر

1364. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالدىڭلاردا خۇددى جەرباڭ بىلەن ئەزدەھ ئارىسىدەك شۇنداق چوڭ ھەۋزى كەۋسەر باردۇر (يەنى، ئۇ ياخشىلارنىڭ ئىچىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ). بۇخارى ئەدەپ دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمثل ما تداويتم به الحجامة و القسط البحري ( مالك حم ق ت ن ) عن أنس

1365. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قان ئالدۇرۇش ۋە خۇشپۇراق پۇرايدىغان دېڭىزنىڭ داۋا ياغىچى قىستى بەھرىيدۇر. بۇ تىبابەتتە ئىستىمال قىلىنىدۇ. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمر ابن آدم أن يسجد على سبعة أعظم ( طب ) عن ابن عباس

1366. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى يەتتە ئەزاسىدا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أمرت الرسل أن لا تأكل إلا طيبا و لا تعمل إلا صالحا ( ك ) عن أم عبدالله بنت أخت شداد بن أوس

1367. ئۇممە ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەرمۇ پەقەت پاك، ھالال نەرسىنى يېيىشكە، ياخشى ئەمەلنىلا قىلىشقا بۇيرۇلدى. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

أمرت أن أبشر خديجة ببيت في الجنة من قصب لا صخب فيها و لا نصب ( حم حب ك ) عن عبدالله بن جعفر

1368. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن خەدىيچەگە جەننەتتىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەد قومۇشتىن بولغان ئۆي بىلەن بىشارەت بېرىشكە بۇيرۇلدۇم. ئۇ ئۆيدە ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قالايمىقان ئاۋازلار، مۇشەققەت، قىيىنىش يوق. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أمرت أن أسجد على سبعة أعظم: على الجبهة و اليدين و الركبتين و أطراف القدمين و لا نكفت الثياب و لا الشعر( ق د ن ه ) عن ابن عباس

1369. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يەتتە ئەزادا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. 1ـ پىشانە (بۇرۇنمۇ تەگسۇن) 2ـ، 3ـ ئىككى قول، 4ـ، 5ـ ئىككى تىز، 6ـ 7ـ ئىككى قەدەم ئەتراپلىرى. شۇنداقلا كىيىمنى پۈرلاپ تۇرىۋالماسلىققا، چاچنى پۈرلاپ يىغىۋالماسلىققا بۇيرۇلدۇم. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله و أني رسول الله فإذا قالوها عصموا مني دماءهم و أموالهم إلا بحقها و حسابهم على الله ( ق 4 ) عن أبي هريرة وهو متواتر

1370. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تاكى كىشىلەر «ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مەن يەنى مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار شۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە، مەندىن قانلىرىنى يەنى جانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن، ئىسلام ھەققى (يەنى جازالار، خۇن تۆلەشلەرنى، ئوغۇرلۇقتا قولنىڭ كېسىلىشىنى) ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھقىدۇر. (يەنى، مەن تاشقى مۇئامىلىنى بىلىسەممۇ ئىچكى سىرىنى ئاللاھى بىلىدۇ) بەيھەقى تۆت كىتاب، يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر دېگەن.

أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله و أني رسول الله و يقيموا الصلاة و يؤتوا الزكاة فإذا فعلوا ذلك عصموا مني دماءهم و أموالهم إلا بحقها و حسابهم على الله ( ق ) عن ابن عمر ( ن ) عن أبي بكرة ( ه ك هريرة

1371. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تاكى كىشىلەر ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ناماز ئوقۇغانغا، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار شۇنداق قىلسا، مەندىن قانلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ (ئۇنداق قىلمىسا ساقلاپ قالالمايدۇ). ئىسلام ھەققى (يەنى ھەد، جازالار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقىدۇر. بەيھەقى ئىبنى ئۆمەردىن، نەسەئى ئەبۇ بۇكرەدىن، ئىبنى ماجە، ھاكىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

أمرت أن أقاتل الناس حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله و يؤمنوا بي و بما جئت به فإذا فعلوا ذلك فقد عصموا مني دماءهم و أموالهم إلا بحقها و حسابهم على الله عز و جل ( م ) عن أبي هريرة

1372. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە، ماڭا ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە، يەنى قۇرئان ـ ھەدىسكە شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. (ئاخىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أمرت أن أقاتل الناس حتى يقولوا لا إله إلا الله فمن قال لا إله إلا الله فقد عصم مني ماله و نفسه إلا بحقه و حسابه على الله ( م ) عن أبي هريرة

1373. بۇ ھەدىسنىمۇ مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش. پەقەت بۇ ھەدىستە، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسىلا، مېلىنى، جېنىنى ساقلاپ قېلىپ، ھېسابى ئاللاھقا بولغان. ئىسلام قانۇنى ئىچىدە جىنايەت سادىر قىلسا، يەنىلا جازالىنىدۇ. ئايەت ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئۈچ خىل ئىشلار بېكىتىلدى. ئىسلام كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولسا، ياكى جىزيە، قانۇن بېجى تاپشۇرسا ئۆلتۈرمەسلىك ياكى يۇقىرىدا دېگەندەك، ئىسلام يۇرتىغا كۆچۈپ، بويسۇنۇپ تۇرۇش ئەگەر بۇ شەرتلەرگە ئۇنىمىسا، ئاندىن ئۇرۇشۇش، ئۆلتۈرۈش لازىم كېلىدۇ. پادىشاھلىقنى بىر ئاللاھقىلا خاس قىلىش لازىم.

أمرت أن أقرأ القرآن على سبعة أحرف كل شاف كاف ( ابن جرير ) عن ابن مسعود

1374. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم. ھەممىسى شىپادۇر، كۇپايىدۇر. ئىبنى جەرىر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمرت بالسواك حتى خشيت أن أدرد ( البزار ) عن أنس

1375. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مىسۋاكقا كۆپ بۇيرۇلدۇم، مىسۋاكنى تولا سالغانلىقىمدىن چىشىمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كەتتىم. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أمرت بالسواك حتى خشيت أن يكتب علي ( حم ) عن واثلة

1376. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇلدۇم. كۆپ بۇيرۇلغانلىقتىن ماڭا مىسۋاك سېلىش پەرز بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىم. (ئۇ چاغدا ئۇممەت ئاجىز كېلىپ قېلىپ ئاسى بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أمرت بالسواك حتى خفت على أسناني ( طب ) عن ابن عباس

1377. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇلدۇم. مىسۋاكنى تولا سېلىپ، چىشىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أمرت بقرية تأكل القرى يقولون يثرب و هي المدينة تنفي الناس كما ينفي الكير خبث الحديد ( ق ) عن أبي هريرة

1378. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن باشقا شەھەر، يېزىلارنى يەپ كېتىدىغان (يەنى ئىشغال قىلىۋالىدىغان) شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىشىلەر ئۇ جاينى يەسرىب دېيىشىدۇ، ئۇ بولسا مەدىنە بولىدۇ. مەدىنە بولسا كىشىلەرنى خۇددى كورەك ئۆتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلىغاندەك پاكىز تازىلايدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أمركن مما يهمني بعدي و لن يصبر عليكن إلا الصابرون ( ك ) عن عائشة

1379. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى مېنى ئەڭ بەك غەم قىلدۇرىدىغان ئىش بولسا سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردۇر. سىلەرگە پەقەت سەۋر قىلغۇچى سابىرلارلا سەۋر قىلالايدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن مەقسەت، ئۆلەرنىڭ تۇرمۇشى ياكى ئۆلەرنىڭ پىتنىگە ئارىلىشىپ قېلىشى قاتارلىقلاردۇر.

( صحيح ) أمرنا بإسباغ الوضوء ( الدارمي ) عن ابن عباس

1380. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى تاھارەتنى كامىل ئېلىشقا بۇيرىغان. دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمرنا بالتسبيح في أدبار الصلوات ثلاثا و ثلاثين تسبيحة و ثلاثا و ثلاثين تحميدة و أربعا و ثلاثين تكبيرة ( طب ) عن أبي الدرداء

1381. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمد، 34 تەكبىر ئېيتىشىمىزغا بۇيرىغان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمرني جبريل أن أكبر ( الحكيم حل ) عن ابن عمر

1382. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مىنى تەكبىر ئېيتىشىمغا بۇيرىغان. ھاكىم، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن مەقسەت، نامازدا ياكى جىنازا نامىزىدا، ھېيت نامىزىدا ياكى ھەجدە ياكى جەڭ مەيدانىدا تەكبىر ئېيتىشتۇر.

( صحيح ) أمرني جبريل بالسواك حتى ظننت أني سأدرد ( طس ) عن سهل بن سعد

1383. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مىنى مىسۋاك سىلىشقا بۇيرىدى. تولا بۇيرىغانلىقتىن، مەن چىشىمنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان بولدۇم دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

أمرني جبريل برفع الصوت في الإهلال فإنه من شعار الحج ( حم هق ) عن أبي هريرة

1384. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مىنى ھەجگە ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلغاندا، ئاۋازلارنى ئۈستۈن كۆتۈرۈۋشۇمگە بۇيرىدى. چۈنكى ئۇ ھەجنىڭ شۇئارى، پائالىيەت رەسمىيىتى ئىكەن. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

امسحوا رغام الغنم و طيبوا مراحها و صلوا في جانب مراحها فإنها من دواب الجنة ( هق في المعرفة ) هريرة

1385. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوينىڭ شالىسىنى، بۇرنىدىن چۈشكەن نەرسىنى سۈرتۈپ ئېرتىۋېتىڭلار، ئۇنىڭ قوتانلىرىنى پاكىز تۇتۇڭلار، قوي قوتانلىرىنىڭ بىر چېتىدە ناماز ئوقىساڭلار بولىدۇ، ھەقىقەتەن قوي جەننەتنىڭ ھايۋانلىرىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن ۋە سۈرە زۇمەرنىڭ 6ـ ئايىتىدە «سىلەرگە چاھار پايدىن، ھايۋاندىن سەككىزنى نازىل قىلدى ، يەنى ياراتتى» دېگەن ئايەتتىن قوي ۋە بىر قىسىم ھايۋان جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن دېيىلدى. چۈنكى، ئايەتتە نازىل قىلدى دېيىلگەن، لېكىن ياراتتى دەپ تەرجىمە بېرىلگەن. بۇ قۇرئان، ھەدىسنىڭ مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

( صحيح ) امسحوا على الخفاف ثلاثة أيام ( طب ) عن خزيمة بن ثابت

1386. خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆتۈكلەرگە ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلساڭلار بولىدۇ. (يەنى تاھارەت ئۈستىگە كىيىلسە مۇساپىر ئۈچ كۈن، مۇقىم كىشى بىر كۈن مەسھ قىلىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمسك عليك بعض مالك فهو خير لك ( ق 3 ) عن كعب بن مالك

1387. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ تەۋبە يۈزىسىدىن بارلىق مېلىنى سەدىقە قىلىشنى ئىرادە قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قىسىم مېلىڭنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قال، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أمسكوا عليكم أموالكم و لا تفسدوها فإنه من أعمر عمرى فهي للذي أعمرها حيا و ميتا و لعقبه ( حم م ) عن جابر

1388. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە قىلساڭلارمۇ، بىر قىسىم مېلىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا ئېلىپ قېلىڭلار، مالنى ئىسراپ قىلىپ بۇزماڭلار. كىم مېلىنى ئۆمرە قىلسا (يەنى مەن ھاياتلا بولسام، مېلىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولىسەن دېسە) ئۇ مال شۇنداق دېيىلگەن كىشى ھايات چاغدىمۇ ۋە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، شۇ كىشىگە تەڭ بېرىلىدۇ. ھەتتا، ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ (پەقەت شۇ سۆزنى دېگۈچى ھايات بولسىلا). ئەھمەد، مالىك، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ئەرەبلەر ئادىتىدە ھايات بولسىلا، مالدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتۇر. باشقىلاردىمۇ تاپقىنىنى تەڭ ئىستېمال قىلىش مەۋجۇد.

( صحيح ) امشوا أمامي خلوا ظهري للملائكة ( ابن سعد ) عن جابر

1389. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا مېڭىپ، ئارقامنى پەرىشتىلەر ئۈچۈن خالىي قويۇڭلار. (يەنى ساھابىلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭاتتى) ئىبنى سەئد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمط الأذى عن الطريق فإنه لك صدقة ( خد ) عن أبي برزة

1390. ئەبۇ بەررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولدىن ئەزىيەتنى (يەنى نىجاسەتنى، شوخا ۋە باشقا نەرسىنى، كاتاڭ، ئەگىز ـ پەسلەرنى) يوقاتقىن، ھەققەتەن ئۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە. بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇنداق ھەدىسلەر يول قورۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ.

( صحيح ) املك عليك لسانك ( ابن نافع طب ) عن الحارث بن هشام

1391. ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلىڭغا ئىگە بول، زىيىنىڭغا سۆزلىمىسۇن. ئىبنى نافىئ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) املك عليك لسانك و ليسعك بيتك و ابك على خطيئتك ( ت ) عن عقبة بن عامر

1392. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلىڭغا ئىگە بول، ئەھلى بەيتلىرىڭ ئۈچۈن سەئيى ئەمەل قىل، خاتالىقىڭغا يىغلىغىن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) املك يدك ( تخ ) عن أسود بن أصرم

1393. ئەسۋەد ئىبنى ئۇسرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قولۇڭغا ئىگە بولغىن. (يەنى خاتالىقتىن ساقلان، ياخشى ئىش قىل) بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أم القرآن هي: السبع المثاني و القرآن العظيم ( خ ) عن أبي بكر

1394. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممۇلقۇرئان (يەنى سۈرە فاتىھە) بولسا سەبئۇلمەسانى ۋە قۇرئان ئەزىمدۇر، يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى دەپ ئاتالغان سۈرە فاتىھە تەكرار ئوقۇلغان يەتتە ئايەت ۋە ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس بىر ساڭا شۇلارنى يەنى، يەتتە ئايەتنى ئاتا قىلدۇق دېگەن ئايەتكە تەپسىر.

( صحيح ) أمتي الغر المحجلون ( سمويه الضياء ) عن جابر

1395 . جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ ئۈممىتىم نۇرلۇق قاشقىلىقتۇر. يەنى قىيامەت كۈنى تاھارەت ئەزلىرىدىن نۇرلار ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، باشقا ئۈممەتلەردىن شۇ نۇر بىلەن پەرقلىنىدۇ. سەمۇيىھ، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمتي هذه أمة مرحومة ليس عليها عذاب في الآخرة إنما عذابها في الدنيا الفتن و الزلازل و القتل و البلايا ( د طب ك هب ) عن أبي موسى

1396 . ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ بۇ ئۈممىتىم رەھىم قىلىنغان ئۈممەتتۇر. بۇ ئۈممەتكە ئاخىرەتتە ئازاب يوق، ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازابلىرى پىتنە ـ پاسات، يەر تەۋرەش، قاتىللىق قىلىنىش، ۋە بالا ـ قازالاردۇر. ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أمتي يوم القيامة غر من السجود محجلون من الوضوء ( ت ) عن عبدالله بن بسر

1397 . ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى سەجدە قىلغانلىقتىن نۇرلۇق بولىدۇ، تاھارەت ئالغانلىقتىن ئەزالىرى ئاتنىڭ قاشقىسىدەك نۇرلۇق، بەلگىلىكتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، باشقىلاردىمۇ بار.

أم قومك و من أم قوما فليخفف فإن فيهم الكبير و إن فيهم المريض و إن فيهم الضعيف و إن فيهم ذا الحاجة فإذا صلى أحدكم وحده فليصل كيف شاء ( م ) عن عثمان بن أبي العاص

1398 . ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋمىڭگە ئىمام بولغىن. كىم قەۋمگە ئىمام بولسا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرى، ئاجىزلار، كېسەللەر، زەئىپ، ئاجىز كېسەللەر، ھاجەت ئىگىلىرى باردۇر. بىرىڭلار نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇغاندا، ئۆزى خالىغانچە ئۇزۇن ئوقىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أمك ثم أمك ثم أباك ثم الأقرب فالأقرب ( حم د ت ك ) عن معاوية بن حيدة ( ه ) عن أبي هريرة

1399 . مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق قىلىشتا ئاۋۋال ئاناڭغا، ئاندىن يەنە ئاناڭغا، ئاندىن يەنىلا ئاناڭغا قىل. ئاندىن كېيىن داداڭغا، ئاندىن يېقىن تۇغقانلارغا، ئاندىن يېقىنلارغا قىلغىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئانا شۇنداق ئۇلۇغ، ھەققى چوڭدۇر، شۇنداقلا دادىغا قارىغاندا ئايال كىشى بولغان ئانىنى رازى قىلماق تەس، بۇنى دادىلار چۈشەنسەڭلار.

( حسن ) أمك و أباك و أختك و أخاك و أدناك أدناك ( ع طب ك ) عن صعصعة المجاشعي ( ك ) عن أبي رمثة ( طب ) عن أسامة بن شريك

1400 . سەئسەت مۇجاشئى ئەبۇ رەمسەت ئۇسامەت، ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى ئاناڭغا، ئاندىن داداڭغا، ئاندىن ئاچا ـ سىڭىل ھەمشىرەڭگە، ئاندىن ئاكا ـ ئىنىڭگە، ئاندىن ساڭا يېقىن بولغانلارغا، ئاندىن يېقىنلارغا، ئۇلاردىن تۆۋەنلەرگە قىلغىن. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ تەرتىپنى بۇزماڭلار، ئىشلار ياخشى بولىدۇ.

( صحيح ) أمنوا إذا قرئ ( غير المغضوب عليهم و لا الضالين . ( ابن شاهين في السنة ) عن علي

1401 . ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايىتى (غەيرىلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززاللىين) ئوقۇلغاندا ئامىن! دەڭلار. (يەنى بۇ ھۆكۈم ناماز ئىچى ۋە تېشىدا ئوقۇلسىمۇ شۇنداق دېيىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىبنى شاھىن توپلىغان، سەھىھ.

أمني جبريل عند البيت مرتين فصلى بي الظهر حين زالت الشمس و كانت قدر الشراك و صلى بي العصر حين كان ظله مثله و صلى بي المغرب حين أفطر الصائم و صلى بي العشاء حين غاب الشفق و صلى بي الفجر حين حرم الطعام و الشراب على الصائم فلما كان الغد صلى بي الظهر حين كان ظله مثله و صلى بي العصر حين كان ظله مثليه و صلى بي المغرب حين أفطر الصائم و صلى بي العشاء إلى ثلث الليل و صلى بي الفجر فأسفر ثم التفت إلي و قال: يا محمد هذا وقت الأنبياء من قبلك و الوقت ما بين هذين الوقتين ( حم د ت ك ) عن ابن عباس

1402. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا بەيتۇللاھتا ئىككى قېتىم ئىمام بولدى. ماڭا پېشىننى كۈن قايرىلغان چاغدىلا ئوقۇپ بەردى، بۇ چاغ بولسا كىشى قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرسا ئۇنىڭ سايىسى ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ شوينىسى ئۇستىگە چۈشەتتى. ماڭا ئەسىر نامىزىنى كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىدەكلا بىر ئوخشاش كەلگەندە ئوقۇپ بەردى. شام نامىزىنى روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغاندا ئوقۇپ بەردى. خۇپتەن نامىزىنى شەپەق، يەنى قىزىللىق يوقىغاندا ئوقۇپ بەردى. بامدات نامىزىنى روزا تۇتقۇچىغا تائام، شاراپ ھارام بولىدىغان چاغدا، يەنى سۇبھى يورىغاندىلا ئوقۇپ بەردى.

ئەتىسى ماڭا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك بىر ئوخشىشىغا يەتكەندە ئوقۇپ بەردى. ئەسىرنى بولسا، نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك ئىككى ئوخشىشىغا يەتكەندە ئوقۇپ بەردى. شامنى يەنىلا ئوخشاش كۈن كىرىشكە ئوقۇدى. خۇپتەننى بولسا كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى 1/3دە ئوقۇپ بەردى. بامداتنى بولسا سۇبھىنى ئاقارتىپراق ئوقىدى. ئاندىن ماڭا قاراپ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتى ئىدى. نامازنىڭ ۋاقتى مۇشۇ ئىككى كۈندىكى ئىككى خىل ۋاقتىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. توغرا، شۇ ئارىلىقتا ئوقىسا ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىدۇ. يۇقىرىدا ئەمەلنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۇنجى ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز ۋە شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز دېگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار، تابىئىنلار بىرىنچى ۋاقىتتا ئوقۇيتتى، ئۇلار ياخشىلىقتا ئالدىراتتى دېيىلگەندەك ئايەتتە ئالدىرايتتى.

( حسن ) أمناء المسلمين على صلاتهم و سحورهم هم المؤذنون ( هق ) عن أبي محذورة

1403. ئەبۇ مەھزۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ نامازلىرىغا، زوھۇرلۇق يېيىشلىرىگە ئىشەنچلىك كىشىسى، يەنى ئويغىتىپ ۋاقتىنى بىلدۈرگۈچى كىشىلەر مۇئەززىنلەردۇر. (مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئىشىنىپ بۇ ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ، بۇ ۋەزىپە مۇھىم) بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

أمهلوا حتى ندخل ليلا لكي تمتشط الشعثة و تستحد المغيبة ( ق د ن ) عن جابر

1404. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە كىرىشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت مۆھلەت بېرىڭلار. كەچرەك كىرىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، چاچلىرى چۇۋۇق ئاياللار چېچىنى تارىۋالىدۇ، ئەرلىرى غايىپ بولغان ئاياللار ئېرىگە تەييارلىق قىلىۋالىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

صحيح أميطي عنا قرامك هذا فإنه لا تزال تصاويره تعرض لي في صلاتي ( حم خ ) عن أنس

1405. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ قىرام پەردەڭنى بىزدىن يىراق، نېرى يوقاتقىن. چۈنكى ئۇنىڭ سۈرەتلىرى، رەسىملىرى دائىم نامىزىمدا ماڭا تەگلىنىپ، مېنى مەشغۇل قىلىپ قويىدى. بۇخارى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح ( حم ) عن خالد بن الوليد

1406. خالىد ئىبنى ۋەلىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ. ئەھمەد توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن بىز ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك بولۇشىمىز لازىم.

( صحيح ) إن أبيتم إلا أن تجلسوا فاهدوا السبيل و ردوا السلام و أعينوا المظلوم ( حم ت ) عن البراء

1407. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يولدا ئولتۇرماڭلار. ئەگەر بىز زادى يولدا ئولتۇرىمىز دېسەڭلار، پەقەت يولدا، يول دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇشقىلا ئۇنىساڭلار، ئۇنداقتا كىشىلەرنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار (يەنى بىلمەي سورىسا، دەپ بېرىڭلار)، سالام قايتۇرۇڭلار، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگە ياردەم بېرىڭلار، مۇشۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن اتخذت شعرا فأكرمه ( هب ) عن جابر

1408. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بېشىڭغا چاچ قويساڭ، ئۇنى ھۆرمەتلە. يەنى، يۇيۇپ ـ تاراپ پاكىز تۇت. بەيھەقى شۇئەبلىئىماندا توپلىغان، ھەسەن، سەھىھ ھەدىسمۇ باردۇر.

( حسن ) إن أحببتم أن يحبكم الله تعالى و رسوله فأدوا إذا ائتمنتم و اصدقوا إذا حدثتم و أحسنوا جوار من جاوركم ( طب ) عن عبدالرحمن بن أبي قراد

1409. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ قەراد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ سىلەرنى ياخشى كۆرۈشىنى ياخشى كۆرسەڭلار، سىلەرگە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلماي ئادا قىلىڭلار، سۆزلىسەڭلار راست، سەمىمىي سۆزلەڭلار، سىلەرگە قوشنا بولغان كىشىنىڭ قوشنىسىغىمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن أردت أن يلين قلبك فأطعم المسكين و امسح رأس اليتيم ( طب في مكارم الأخلاق هب ) عن أبي هريرة

1410. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى، مۇلايىم بولۇشىنى مەقسەت قىلساڭ، مىسكىنگە تائام بەرگىن، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغىن، يەنى ياخشىلىق قىل. تەبرانى ئەخلاقتا، بەيھەقى ئىماندا توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

إن أمر عليكم عبد مجدع أسود يقودكم بكتاب الله فاسمعوا له و أطيعوا ( م ه ) عن أم الحصين

1411. ئۇممە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەرگە قارا تەنلىك، ئەزالىرى كېسىلىپ كەتكەن چولاق بىر قۇل باش بولسا، ئۇ سىلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن يېتىلەپ يېتەكلەپ قۇماندانلىق قىلسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، بىر ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە ئىتائەت قىلىمىز. ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق.

إن أنتم قدرتم عليه فاقتلوه و لا تحرقوه بالنار فإنه إنما يعذب بالنار رب النار(حم د ) عن حمزة بن عمرو الأسلمي

1412. ھەمزە ئىبنى ئەمرۇئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر پالانىغا قادىر بولالىساڭلار، ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرمەي ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ھەقىقەتەن ئوت بىلەن ئوتنىڭ ئىگىسى ئاللاھلا ئازابلايدۇ. ئەھمەد 15457 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2299 ـ ھەدىس، سەھىھ.

بۇ ھەدىس ئىسلام دۈشمىنىگە قارشى دېيىلگەن. ئاۋۋال كۆيدۈرۈۋېتىڭلار دەپ بولۇپ، كېيىن ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن، ئۇلار شۇنداق قىلغان.

( صحيح ) إن بعت من أخيك تمرا فأصابه جائحة فلا يحل لك أن تأخذ منه شيئا بم تأخذ مال أخيك بغير حق ؟ ! ( م د ن ) عن جابر

1413. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قىرىندىشىڭغا خورما ساتساڭ، ئاندىن ئۇ خورمىغا ئاپەت يەتسە، قىرىندىشىڭدىن نەرسە ئېلىشىڭ ساڭا ھالال ئەمەس، ھارام. قىرىندىشىڭنىڭ مېلىنى ھەقسىز نېمىنىڭ بارا-ۋېرىگە ئالىسەن؟ مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋە ئاتلىقلارنى پىشىمىغىچە سېتىشتىن توسىدۇ. بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن مەلۇم جىنىڭ، مەلۇم مىقداردا، مەلۇم ۋاقىتتا ئېلىشقا سودا قىلىسمۇ ئاپەتنى تىلغا ئېلىش لازىم.

إن بيتم فليكن شعاركم ( حم لا ينصرون ) . ( د ت ك ) عن رجل من الصحابة

1414. ساھابىلاردىن بىر ئەردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەرگە كېچە قاراڭغۇ زۇلمەت بولسا، ياكى دۈشمەن سىلەرگە كېچىدە ھۇجۇم قىلسا، سىلەرنىڭ شۇئارىڭلار «ھامىمىم لا يۇنسەرۇن» بولسۇن، يەنى «ھام مىيىم لا يۇنسەرۇن» دەڭلار. (تەرجىمىسى: ھام مىمنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، لايۇنسەرۇن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ دېگەن مەنىدە بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ

( صحيح ) إن تصدق الله يصدقك ( ن ك ) عن شداد بن الهاد

1415. شەدداد ئىبنى ھادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن ئاللاھقا سەمىمىي بولساڭ، راست سۆزلىسەڭ، ئاللاھ ساڭا ئىشىنىدۇ، سىنى سەمىمىي قىلىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن تطعنوا في إمارته فقد كنتم تطعنون في إمارة أبيه من قبل و ايم الله إن كان لخليقا بالإمارة و إن كان لمن أحب الناس إلي و إن هذا لمن أحب الناس إلي بعده و أوصيكم به فإنه من صالحيكم – يعني أسامة بن زيد – ( حم ق ) عن ابن عمر

1416. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئۇسامەنى باشلىق قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا تەنە قىلىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ باش قوماندان بولۇشىغا تەنە قىلغان بولساڭلار، بۇندىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ دادىسى زەيدنىڭ باش قوماندان بولۇشىغىمۇ تەنە قىلغان ئىدىڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىرلىككە، باشلىقلىققا لايىق ئىدى. ئۇ بولسا ماڭا بارلىق كىشىلەردىن سۆيۈملۈك، دوستراق ئىدى، ھەققەتەن بۇ ئۇسامە دادىسىدىن كېيىن ماڭا بارلىق ئىنسانلارنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، دوستراقى بولىدۇ. مەن سىلەرگە ئۇسامەنى باش قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەققەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ياخشى، سالىھ كىشىلىرىڭلاردىندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەسىيەت قىلغاندەك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن چوڭ بىر جەڭدە ئۇلار غەلىبە قىلىدۇ.

( صحيح ) إن تغفر اللهم تغفر جما و أي عبد لك لا ألما ( ت ك ) عن ابن عباس

1417. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە نەجمىنىڭ 32 ـ ئايىتىدىكى «كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن سۆز توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، سىلى مەغپىرەت قىلسىلا بەكلا مەغپىرەت قىلىلا، يەنى قويماي كەچۈرۈم قىلىلا. قايسى بىر بەندە سىلىگە كىچىك گۇناھ قىلماي قالسۇن؟ يەنى ھەرقانداق بەندە كىچىك گۇناھ قىلىپ قالىدۇ، قويماي كەچۈرسىلە. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن شئت حبست أصلها و تصدقت بها ( حم خ ت ن ه ) عن ابن عمر

1418. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ ۋەقفە قىلىپ، مۈلكىنى، كىرىملىرىنى سەدىقە



www.uyghurkitap.com

قىل. (يەنى، خەيبەردىن ئالغان غەنىيمەتتىن تەگكەن نىسۋىسىنى شۇنداق بۇيرۇغان) ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن شئتما أعطيتكما و لا حظ فيها لغني و لا لقوي مكتسب ( حم د ن ) عن رجلين

1419. ئىككى ئەر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇلار مال سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر خالىساڭلار، بۇ زاكات مېلىدىن سىلەرگىمۇ بېرەي. ئەمەلىيەتتە بۇ زاكات، ئۆشرە ماللىرىدا بايلارنىڭ نىسۋىسى، ھەققى يوق. شۇنداقلا كۈچلۈك كەسىپدارنىڭمۇ نىسۋىسى، ھەققى بولمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن شئتم أنبأتكم عن الإمارة و ما هي ؟ أولها ملامة و ثانيها ندامة و ثالثها عذاب يوم القيامة إلا من عدل ( طب ) عن عوف بن مالك

1420. ئەۋق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر خالىساڭلار، ئەمىرلىك، باش بولۇش توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سىلەرگە دەپ بېرەي. باش بولۇشنىڭ بىرىنچىسى مالامەت، تاپا-تەنىگە ئۇچراش، ئىككىنچىسى بولسا، نادامەت، پۇشايماندۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، قىيامەت كۈنىدە ئازابقا قېلىشتۇر. ئەمما، ئادىللىق قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن عشت إن شاء الله لأنهين أمتي أن يسموا نافعا و أفلح و بركة ( د حب ك ) عن جابر

1421. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر يەنە ھايات كەچۈرۈپ ياشاپ قالسام، ئاللاھ خالىسا، ئۈممىتىمنى ناپىئ، ئەفلەھ، بەرىكەت دەپ ئىسىم قويۇشتىن، شۇنداق ئاتىلىشتىن توسىمەن، چەكلەيمەن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن عطب منها شيء فانحره ثم اغمس نعله في دمه ثم اضرب صفحته ثم خل بينه و بين الناس فليأكلوه ( حم د ه ) عن ناجية الأسلمي

1422. ناجىيەتۇلئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قۇربانلىققا ئېلىپ ماڭغان تۆگە، كالىلاردىن بىرەرسى ھالاك بولماقچى بولسا، يەنى ئۆلۈشكە يېقىن بولۇپ قالسا، ئۇنى بوغۇزلىۋەت. ئاندىن ئۇنىڭ پاچىقىنى قېنىغا چىلاپ، تېرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئىسىپ قوي، باشقىلار بىلسۇن. ئاندىن ئۇنى كىشىلەرگە قويۇۋەت، يەۋالسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن عطب منها شيء فخشيت عليه موتا فاذبحها ثم اغمس نعلها في دمها ثم اضرب بها صفحتها و لا تطعم منها أنت و لا أحد من أهل رفقتك و اقسمها ( حم د ) عن ابن عباس ( حم م ه ) عنه عن ذؤيب بن حلحلة وليس لذؤيب حديث غيره

1423. ئىبنى ئابباس زۇئەيبىبنى ھەلھەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەككىگە ئەۋەتىلگەن قۇربانلىق تۆگە، كالىلاردىن بىرەرسى ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتكىن. ئاندىن پاچىقىنى، تۇۋىقىنى قېنىغا چىلاپ، تېرىكلىرىنىڭ يېنىغا ئۇرغىن، يەنى يېنىغا ئىسىپ قوي، ھەدىيە ئىكەنلىكىگە بەلگە بولۇپ قالسۇن. ئۇنىڭدىن سەن ۋە ئائىلەڭدىن بىرەر كىشى يېمىسۇن، بوغۇزلىغىنىڭنى تەقسىم قىلىپ بەر، باشقىلار يېسۇن. مۇسلىم 2349ـ ھەدىس، ئەھمەد 17292ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3096ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇدمۇ توپلىغان، سەھىھ.

إن قامت الساعة و في يد أحدكم فسيلة فإن استطاع أن لا تقوم حتى يغرسها فليغرسها(حم خد عبد بن حميد) أنس

1424. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت قايىم بولاي دەپ قالسىمۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قولىدا تىكمەكچى، يەرگە سالماقچى بولغان خورما شېخى بولسا، شۇ شاخنى، خورما دەرىخىنى زېمىنغا سالمىغىچە ئورنىدىن تۇرماسلىققا

قادىر بولالىسا، ئۇنى تىكسۇن، زېمىنغا سالسۇن. (يەنى قىيامەت قايىم بولۇۋاتسىمۇ، قىيامەت ئۇ كىشىگە شۇ شاخنى تىكىشكە پۇرسەت بەرسىلا، يەنىلا دەرەخ تىكسۇن. سۇبھانەللاھ! قىيامەت قايىم بولۇۋاتسىمۇ دەرەخ تىكىش لازىم ئىكەن، دەرەخ، ئۆسۈملۈك ئېمىدىغان مۇھىم ھە! بىدئەتچى، خۇراپاتچىلارنى دورىماڭ، بىرەر نەرسە قالدۇرۇڭ.) بۇ ھەدىس ئەھمەد 12512 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەبىيتە ۋە ئابدۇلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن قتلت في سبيل الله صابرا محتسبا مقبلا غير مدبر كفر الله عنك خطاياك إلا الدين كذلك قال لي جبريل آنفا ( حم م ت ن ) عن أبي قتادة ( ن ) عن أبي هريرة

1425. ئەبۇ قەتادە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا سەۋر قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئارقاڭنى قىلىپ قاچماستىن دۈشمەنگە ئالدىڭنى قىلىپ تىك تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈلسەڭ، يەنى شەھىد بولساڭ، ئاللاھ سەندىن قەرزىڭدىن باشقا بارلىق خاتالىقلىرىڭنى، گۇناھلىرىڭنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما قەرزىڭ، يەنى كىشىلەر ھەققى قېلىپ قالىدۇ، ماڭا جىبرىئىل تېخى باياتىن شۇنداق دېگەن ئىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح )إن قضى الله تعالى شيئا ليكونن و إن عزل ( الطيالسي ) عن أبي سعيد

1426. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە ئۇ ئۈزلەت قىلىپ مەنىي، ئىسپىرما سۇيىنى زېمىنغا تۆكۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەگەر ئاللاھ بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ھۆكۈم قىلسا، ئۇ نەرسە چوقۇم بولىدۇ، يۈز بېرىدۇ. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ئالىملار ئۈزلەتنى يەنى مەنىي سۇيىنى تۆكۈۋېتىشنى، بالا كۆرمەسلىككە چارە قىلىشنى مەكرۇھ دېگەن. ھارام بولىدىغان جايىمۇ بار، دۇرۇس جايىمۇ بار. دىنسىزلارغا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ، ئاكتىپ ماسلاشقانلارنىڭ ھارام بولىدۇ. بەشتىن ئارتۇق بالا يۈزى كۆرگەن، ھاكىمىيەت قاتتىق قىستىغان، چارە ـ ئامال قىلالمىغان كىشىگە ئايالى ھۆر بولسا ئىزنى بىلەن، قۇل، دېدەك، چۆرە بولسا ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز قىلسا بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم بۇخارىينىڭ شەرھىيسى پەتھۇلبارىيدىن ئېلىندى، تۆت ئىمام سۆزىمۇ باردۇر. ئەمما، ھامىلىنى (قورساقتىكى بالىنى) بىر تەرەپ قىلىش، چۈشۈرۈۋېتىش ھارام، گۇناھى كەبىرە. بىر سۈنى تۆكۈش توغرىسىدا توختالدۇق، بالىنى ئۆلتۈرۈش بولسا قاتىللىق بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا تەپسىر، ھەدىس شەرھى، ئۇسۇل فىقھى قانۇنلىرىغا توشقان دوكتۇر، ئالىملاردىن پەتىۋا سوراڭ، بىلمىسىزلەر ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئازدۇرىدۇ. توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىجماسى، دەلىلنى شۇلاردەك چۈشىنىڭ.

إن كان الشؤم في شيء ففي الدار و المرأة و الفرس(مالك حم خ ه)عن سهل بن سعد( ق)عن ابن عمر(م ن) جابر

1427. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر نەرسىدە شۇملۇق بولۇپ قالسا، شۇملۇق چوقۇم تار، قوشنىسى يامان ھويلىدا؛ ناچار، يامان، ئەخلاقسىز خوتۇندا؛ ئاللاھ يولىدا ئەمەس، پەخرى رىيا ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتا بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە سەھلى ئىبنى سەئىددىن، بەيھەقى ئىبنى ئۆمەردىن، مۇسلىم، نەسەئى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن كان خرج يسعى على ولده صغارا فهو في سبيل الله و إن كان خرج يسعى على أبوين شيخين كبيرين فهو في سبيل الله و إن كان خرج يسعى على نفسه يعفها فهو في سبيل الله و إن كان خرج يسعى رياء و مفاخرة فهو في سبيل الشيطان ( طب ) كعب بن عجرة

1428. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ كىشى كىچىك بالىلىرىغا سەئيي ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چىققان بولسا، ئۇ ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قېرىپ كەتكەن، پىششەدەم، شەيخ ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلىش، سەئيي ئەمەل ئۈچۈن چىققان بولسا، بۇمۇ ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئىپپەتلىك

قىلىش ئۈچۈن چىققان بولسا، يەنىلا ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. (ساۋاب، ئەجىر يېزىلىدۇ، ئۆلسە سالىھ بولىدۇ) ئەگەر ئۇ كىشى رىيا قىلىپ پەخىرلىنىپ چىققان بولسا، بۇ چاغدا ئۇ شەيتاننىڭ يولىدا بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن كان عندك ماء بات هذه الليلة في شن فاسقنا و إلا كرعنا ( حم خ د ه ) عن جابر

1429. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوستانلىرىغا سۇ قۇيۇۋاتقان كىشىگە مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۆيۈڭدە بۈگۈن بىر كېچە تۇلۇمدا تۇرغان مۇزلۇق سۇ بولسا، بىزنى شۇ سۇ بىلەن سۇغارغىن. ئەگەر ئۇنداق سۇ بولمىسا، بىز مۇشۇ ئېرىقتىنلا سۇ ئىچەيلى. كېيىن ئۇ كىشى سۇ بار دەپ، قوي سۈتىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇغارغان. بۇخارى 5182- ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3236- ھەدىس، ئەھمەد 13994- ھەدىس، ئىبنى ماجە 3423- ھەدىس، دارىمى 2031- ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن كان في شيء مما تداوون به خير فالحجامة ( حم د ه ك ) عن أبي هريرة

1430. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر داۋالىنىۋاتقان نەرسىلەردە ياخشىلىق بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇ ياخشىلىق قان ئالدۇرۇشتا بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

سىلەر داۋالىنىدىغان ئەڭ ياخشى داۋا، قان ئالدۇرۇش دېگەن ھەدىسنى يۇقىرىدا يازدۇق، ئالىملار ھازىر بۇ ھەدىسنى مۆجىزە دېدى. مۆجىزىلەرنى WWW.55A.NET بۇ تور بېتىدىن كۆرۈڭ.

( صحيح ) إن كان في شيء من أدويتكم خير ففي شرطة محجم أو شربة من عسل أو لذعة بنار توافق داء و ما أحب أن أكتوي ( حم ق ن ) عن جابر

1431. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر داۋالىنىدىغان شىپا، داۋالاردىكى ياخشىلىق قان ئالدۇرۇشتا، ھەسەل ئىچىشتە، ئوت بىلەن يەڭگىل كۆيدۈرۈپ داغلاشتا، بولۇپمۇ كېسەلگە مۇۋاپىق داغلاشتا. لېكىن ئوت بىلەن داغلاشنى ياخشى كۆرمەيمەن دېگەن. بۇخارى 5251- ھەدىس، مۇسلىم 4085- ھەدىس، ئەھمەد 14174- ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئىيلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن كان ينفعهم ذلك فليصنعوه فإني إنما ظننت ظنا فلا تؤاخذوني بالظن و لكن إذا حدثتكم عن الله شيئا فخذوا به فإني لن أكذب على الله ( م ) عن طلحة

1432. تەلھەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خورمىنى ئاتىلىقنى ئانىلىقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چاڭلاشتۇرىۋاتقان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئاۋۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى دېگەندىن كېيىن، مەن ئۇ ئىشنى بىرەر نەرسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلمايمەن دەيدۇ. ئۇلارغا بۇ سۆز يەتكۈزۈلۈپ، قىلغان ئىشنى تەرك ئېتىدۇ. بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلىنىدۇ. يەنە بىر خاتىرىدە مېۋىنىڭ كاملاپ كەتكىنى خەۋەر قىلىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇلارغا بۇ ئىشنى پايدا-مەنپەئەت قىلسا قىلىۋەرسۇن. ھەقىقەتەن مەن بەزى گۇمانلارنى قىلىپ قالىمەن، ئۇنداق گۇمان سەۋەبىدىن مىنى ئەيىبلىمەڭلار. ۋە لېكىن مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن بىرەر سۆزنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھقا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن. مۇسلىم 4356 - ھەدىس، ئەھمەد، 1322 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 2461 - ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن دەرەخلەرنى مېۋىلىك باغلارنى ئۇلاش، چاڭلاشتۇرۇش، چېچەك تاللاش، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش دۇرۇس.

إن كنت ألممت بذنب فاستغفري الله و توبي إليه فإن التوبة من الذنب: الندم و الاستغفار ( هب ) عن عائشة

1433. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالغان بولساڭ، ئاللاھتىن گۇناھىڭنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى سوراپ ئىستىغفار ئېيتقىن. ھەقىقەتەن گۇناھتىن تەۋبە قىلىش دېگەن قىلغان گۇناھىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىپ كەچۈرۈم سوراشتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار باشقا ھەدىستىن ئېلىپ قايتا قىلماسلىق، دەرھال قول تارتىشنى كىشى ھەققى بولسا، بىرنۆۋەتىشنى قوشۇپ سۆزلىدى.

( حسن ) إن كنت صائما فصم أيام الغر ( حم ن حب ) عن أبي هريرة

1434. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن روزا تۇتماقچى بولساڭ، ئاق كۈنلەردە، يەنى ئاينىڭ 14 ـ 15 ـ 16 ـ سىدە تۇتقىن. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

إن كنت صائما فعليك بالغر البيض: ثلاث عشرة و أربع عشرة و خمس عشرة ( ن ) عن أبي ذر

1435. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن روزا تۇتماقچى بولساڭ، نۇرلۇق ئاق كۈنلەرنى، يەنى 13 ـ 14 ـ 15 ـ كۈنلەرنى لازىم تۇتقىن. نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

إن كنت عبدا لله فارفع إزارك ( طب هب ) عن ابن عمر

1436. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ بەندىسى بولىدىغان بولساڭ، ئىشتىنىڭنى كۆتۈرگىن، يەنى ھوشۇقىڭدىن يۇقىرى كۆتۈرگىن. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن كنتم آنفا تفعلون فعل فارس و الروم يقومون على ملوكهم و هم قعود فلا تفعلوا ائتموا بأئمتكم إن صلى قائما فصلوا قياما و إن صلى قاعدا فصلوا قعودا ( ن ه ) عن جابر

1437. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قېلىپ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، بىز ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان ئىدۇق. سالامدىن كېيىن: سىلەر باياتىن پارس بىلەن رۇملارغا ئوخشاش ئىش قىلدىڭلار، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى ئولتۇرسا چۆرىسىدىكىلەر ئۆرە تۇرىدۇ. سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار، ئىماملىرىڭلارغا ئەگىشىپ قىلىپ ئەگىشىڭلار. ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئولتۇرۇپ ئوقۇسا ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار. نەسەئى 1185 ـ ھەدىس، مۇسلىم 624 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 512 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1230 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14063 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىس سەھىھ. لېكىن بىز يۇقىرىدا بۇ ئىشنى مەنسۇخ (ئەمەلدىن قالغان)، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، ساھابىلار بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان سەھىھ ھەدىس بۇخارىدا بار دەپ ئۆتتۇق.

إن كنتم تحبون حلية الجنة و حريرها فلا تلبسوها في الدنيا ( حم ن ك ) عن عقبة بن عامر

1438. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر جەننەتنىڭ زىبۇ ـ زىننەت، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى، يىپەك رەختلەرنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا كىيمەڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز يۇقىرىدا بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەرلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى، ئاياللارغا ھالال ئىكەنلىكىنى يازغان. سەھىھ ھەدىس بار.

( صحيح ) إن لم تجدوا إلا مرابض الغنم و أعطان الإبل فصلوا في مرابض الغنم و لا تصلوا في أعطان الإبل فإنها خلقت من الشياطين ( ه ) عن أبي هريرة

1439. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي قوتانلىرىدىن، تۆگە قوتانلىرىدىن باشقا زىمىن تاپالمىساڭلار، پەقەت شۇ

جايلاردا بولۇپ قالساڭلار، قوينىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار. تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، چۈنكى ئۇ شەيتانلاردىن يارالغان. ئەبۇ داۋۇد 416 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17805 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 761 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىسكە، يەنى تۆگىنىڭ شەيتاندىن يارالغان دېگىنىگە مۇنداق قارىدى: 1 ـ تۆگە راستىنلا شەيتاندىن يارالغان، بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۆزى بىلىدۇ. 2 ـ تۆگە نامازدىن ئازدۇرۇشتا شەيتانىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ھەم قورقۇنچلۇق. 3 ـ ئىمام خەتتابى بۇ دېگەنلىك يىرگىنىشلىك، قورقۇنچلۇق، نەپرەتلىك، ۋەسۋەسە چۈشۈش، خۇشۇئدىن توسۇپ قويۇش. ئەرەبلەر ھەددىدىن ئاشقان نەرسىنى شەيتان دەيدۇ، بۇ ئىشلار قويدا يوقتۇر دېگەن. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك بىر قىسىم ھايۋانلارنى ئاللاھ چۈشۈرگەن، نازىل قىلغان دېگەنلەرمۇ بار، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

إن لم تجدي له شيئا تعطينه إياه إلا ظلفا محرقا فادفعيه إليه في يده ( د ت ن حب ك ) عن أم بجيد

1440. ئۇممە بەجىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن سائىلغا بەرگىدەك ھېچنېمە تاپالماي، پەقەت قوينىڭ ئۆكلەنگەن پاقالچىقىنى تاپقان بولساڭمۇ، ئۇنى سائىلنىڭ قولىغا بەرگىن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

إن نزلتم بقوم فأمروا لكم بما ينبغي للضيف فاقبلوا فإن لم يفعلوا فخذوا منهم حق الضيف الذي ينبغي لهم ( حم ق د ه ) عن عقبة بن عامر

1441. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر قەۋمنىڭ يۇرتىغا چۈشسەڭلار، ئۇلار مېھمانغا، زىياپەتكە لايىق نەرسىگە بۇيرىسا، قوبۇل قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شۇلارغا لايىق بولغۇدەك مېھماندارچىلىقنىڭ، زىياپەتنىڭ ھەققىنى ئېلىڭلار، يەنى ئامال بولمىسا رۇخسەتسىز يەۋېرىڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى باردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

( صحيح ) إن وجدتم غير آنيتهم – يعني أهل الكتاب – فلا تأكلوا فيها و إن لم تجدوا فاغسلوها و كلوا فيها ( ت ) عن أبي ثعلبة الخشني

1442. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئەھلى كىتابلارنىڭ قاچىسىدىن باشقا قاچا، تاۋاق تاپالىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچىسىدا يېمەڭلار. ئەگەر پەقەت تاپالمىساڭلار، ئامال قىلالمىساڭلار، ئۇلارنىڭ قاچىسىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن يەڭلار، يەنى شۇ قاچىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ھالال تائاملىرىنى يەڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن يعش هذا الغلام فعسى أن لا يبلغ الهرم حتى تقوم الساعة ( م ) عن أنس وعن المغيرة وعن عائشة

1443. ئەنەس، مۇغەيرەت، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بۇ بالا ھايات ياشاپ قالسا، بۇ بالىنى قېرىلىق تېپىشتىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولۇشى مۇمكىن. (بۇ سۆزنى قىيامەت قاچان؟ دەپ سورىغاندا، بىر بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېگەن) مۇسلىم 5249 ـ ھەدىس، بۇخارى 6006 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4119 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13347 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يەنە بىر خاتىرىدە، سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار قايىم بولىدۇ دېگەن بار. ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىيسىدە قازى ئىيازنىڭ مۇنۇ سۆزنى يازغان: بۇ توغرىسىدىكى بارلىق رىۋايەتلەر ئاشۇ مەنىگە، يەنى سىلەرنىڭ قىيامىتىڭلار دېگەنگە قايتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ شۇلارنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشىدۇر. ئەلۋەتتە كىچىك بىر بالا ھايات كەچۈرۈپ قالسا، ئۇ قېرىغىچە چوڭلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئۇ بالا قېرىغىچە ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشىڭلار قىيامەتكە ئوخشاشتۇر دېگەن بولىدۇ، ياكى بۇ بالا ئۆمۈر كۆرمىگەن، ئۇزۇن ياشىمىغان ھەم قېرىمىغان، ئۆلۈپ كەتكەن دېيىلدى.

( صحيح ) إن لم يكن هو فلن تسلط عليه و إن لم يكن هو فلا خير لك في قتله ( ق ت ) عن ابن عمر

1444. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى سەييادنى ئۆلتۈرمەن دېگەندە، مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ دەججال بولۇپ قالسا، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز غالىپ بولالمايسەن (يەنى ئۇنى ئەيسا ئۆلتۈرىدۇ) ئەگەر ئۇ دەججال بولماي قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتە ياخشىلىق يوق. تىرمىزى 2175ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3768ـ ھەدىس، باشقا كىتابلاردىمۇ بار، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى سەيياد دەججال ئۆزى شۇ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئۇ ھازىر جىلغىدا قاماقلىق.

( صحيح ) إن يمنح أحدكم أخاه خير له من أن يأخذ عليه خرجا معلوما ( خ ) عن ابن عباس

1445. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ زېمىننى قېرىندىشىغا تېرىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشى زېمىننى تېرىغانغا مەلۇم چىقىم، ئىجارە ھەققى ئالغىنىدىن ياخشىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أنا ابن العواتك من سليم ( ص طب ) عن سبابة بن عاصم

1446. سەبابەت ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بولغان ئاتىكە ئىسىملىك ئانىلارنىڭ ئوغلى بولىمەن. سەئىد ئىبنى مەنسۇر، تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئاۋاتىكە دېگەن، ئاتىكەنىڭ كۆپلىكى بولۇپ، بۇ ئۈچ ئايالنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى، ئاتىكە بىنتى ھىلال، ئىككىنچى، ئاتىكە بىنتى مۇررەھ، ئۈچىنچى، ئاتىكە بىنتى ئەۋقەس. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسىنىڭ چوڭ ئانىسى بولىدۇ. بىرىنچى ئاتىكە ئىككىنچىسىنىڭ، ئىككىنچىسى ئۈچىنچىسىنىڭ ھاممىسى بولىدۇ، بىرسى ئامىنەنىڭ چوڭ ئانىسى بولىدۇ. سۇلەيم قەبىلىسى مۇشۇ ئىش بىلەن، بۇ ھەدىس بىلەن كۆپ پەخىرلىنەتتى. ئىمام ئىبنى ئەسىرنىڭ غەرىبۇلھەدىس دېگەن كىتابىدىن.

( حسن ) أنا أبو القاسم الله يعطي و أنا أقسم ( ك ) عن أبي هريرة

1447. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بولسام ئەبۇلقاسىم، يەنى قاسىمنىڭ دادىسى (قاسىم تەقسىم قىلغۇچى مەنىسىدە). ئاللاھ بېرىدۇ، مەن تەقسىم قىلىمەن. (يەنى ئىلىمنى ئولجا، غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلاتتى، مال ـ دۇنيا بېرىلسە، سېخىيلىق بىلەن تەقسىم قىلاتتى. ئۆشرە ـ زاكىتىنىمۇ، مىراسنىمۇ، ئىش ـ خىزمەتنىمۇ، ئەسكەر ـ قوشۇننىمۇ تەقسىم قىلاتتى) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنا أتقاكم لله و أعلمكم بحدود الله ( حم ) عن رجل من الأنصار

1448. ئەنسارلاردىن بىر ئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھتىن سىلەردىنمۇ بەكرەك قورقىمەن ۋە مەن ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇنى، بەلگىلىمىلىرىنى سىلەردىن بەكرەك بىلىمەن. ئەھمەد توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن مەقسەت، بىدئەت پەيدا قىلماي، قۇرئان، ھەدىس بويىچە يول تۇتۇش، ساھابىلار، تابىئىنلارغا ئەگىشىشتۇر.

( صحيح ) إناء كإناء و طعام كطعام ( ن ) عن عائشة

1449. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەفىييە بىر قاچا تائام ھەدىيە قىلدى، مەن چىداپ تۇرالماي، قاچىنى سۇندۇرۇۋەتتىم. كېيىن ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

كەفارىتى توغرىسىدا سورىسام، قاچا قاچىغا، تائام تائامغا ئوخشايدۇ دېدى. (يەنى، ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئىكەن) نەسەئى 3895 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3097 ـ ھەدىس، سەھىھ، ئەھمەدمۇ توپلىغان.

ئاللاھ بۇ ئىشلارنى پۈتۈن دۇنياغا قانۇن قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان، لېكىن، ئاللاھ ئۇلارنى ئەزىز قىلدى، ھۆرمەتلىدى، يولباشچى قىلدى. بۇ ھېكمەتلەرنى توغرا چۈشىنىش، ئاللاھ ھىكمەتلىك ئىش قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، ئامىن!

أنا أكثر الأنبياء تبعا يوم القيامة و أنا أول من يقرع باب الجنة ( م ) عن أنس

1450. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كىشى بولىمەن (مېنىڭ ئۈممىتىم شۇنداق كۆپ بولىدۇ)، جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ قاقىدىغان كىشى مەن بولىمەن، يەنى مەن ۋە ئۈممىتىم ئالدى بىلەن جەننەتكە كىرىمىز. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ بىزنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن! بۇ ھەدىس ئوچۇقلا مۆجىزە ئىكەن، قاراڭلار! راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى كۆپ ئىكەن.

( صحيح ) أنا النبي لا كذب أنا ابن عبد المطلب ( حم ق ن ) عن البراء

1451. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جەڭدە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتتەللىپنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أنا أولى الناس بعيسى بن مريم في الدنيا و الآخرة ليس بيني و بينه نبي و الأنبياء أولاد علات أمهاتهم شتى و دينهم واحد ( حم ق د ) عن أبي هريرة

1452. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن دۇنيا ئاخىرەتتە مەريەم ئوغلى ئەيساغا باشقىلاردىن لايىقراق، ئەلاراق بولىمەن (يەنى، يېقىن بولىمەن). مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر يوق (ئەيسا ئەۋەتكەن دەۋەتچىلەر بار). پەيغەمبەرلەر دادا بىر، ئانىلىرى باشقا ـ باشقا ئەۋلادلاردۇر (يەنى، ئانىلىرى بىر ئەمەس، نەسەپ كۆتىكى بىردۇر). ئۇلارنىڭ ئانىلىرى خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ (يەنى، ھەرخىل مىللەت، چېچىلاڭغۇ). لېكىن، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىر (ئۇ بولسا ئىسلام دىنىدۇر).

بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئادەم ئاتا، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلام دىنى دېگەن چىقىدۇ. بۇ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4055 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8902 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4361 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ھەتتا بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ.

أنا أولى بالمؤمنين في كتاب الله فأيكم ما ترك دينا أو ضيعة فادعوني فأنا وليه و أيكم ما ترك مالا فليؤثر بماله عصبته من كان ( م ) عن أبي هريرة

1453. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا مۆئمىنلەرگە ئىگە بولۇشتا ئەڭ لايىق، ئەلادۇرمەن. قايسى بىرىڭلار قەرز ياكى بالا ـ چاقا ئەھلىنى قالدۇرسا، ئۇلار مېنى چاقىرسۇن، قىيشمىغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى (قەرزنى تۆلەيمەن، يېتىم باللىرىغا ئىگە بولىمەن). قايسىڭلار مال ـ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇنىڭ مېلىغا دادا تەرەپ يېقىن تۇغقان ۋارىس بولسۇن ياكى ۋارىسلار ئالىدۇ. مۇسلىم 3042 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3042 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد، دارمىيلار توپلىغان، سەھىھ.

أنا أولى بالمؤمنين من أنفسهم فمن توفي من المؤمنين فترك دينا فعلي قضاؤه و من ترك مالا فهو لورثته ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

1453. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جېنىدىنمۇ ئەلاراق. مۆئمىنلەردىن كىم ۋاپات تېپىپ قەرز

قالدۇرسا، ئۇنى مەن ئۈستۈمگە ئېلىپ تۆلەيمەن؛ كىم مال ـ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ مال ئۇنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

دىنىي رەھبەر، قوماندان ئەنە شۇنداق بولۇپ، دىنىي خادىملارنى خاتىرجەم قىلىشى لازىم.

أنا أولى بكل مؤمن من نفسه فمن ترك دينا أو ضيعة فإلي و من ترك مالا فلورثته و أنا مولى من لا مولى له أرث ماله و أفك عانيه و الخال مولى من لا مولى له يرث ماله و يعقل عنه ( د ) عن المقدام

1455. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەلاراق، يېقىن دوستىراق. كىم قەرز ياكى باللىرىنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭىدۇر، مەن ئىگىسى. كىم مال قالدۇرسا، ۋارىسلىرى ئالىدۇ. مەن ئىگىسى يوقنىڭ ئىگىسى. مىلىغا ۋارىس بولۇپ بەيتۇلمالغا، يەنى ئوردا مىلىغا قوشۇۋېتىمەن، قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋېتىمەن. ئانا تەرەپ تاغا ئىگىسى يوق كىشىگە ئىگە بولۇپ، مىلىغا ۋارىس بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇن پۇلىنى تۆلىشىپ بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

أنا أولى بكل مؤمن من نفسه فمن ترك دينا فعلي و من ترك مالا فلورثته ( حم د ن ) عن جابر

1456. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە ئوخشاش. مەزمۇنى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىگە بولۇپ قەرزنى تۆلەيدۇ، مال ۋارىسىنىڭ بولىدۇ. سەھىھ.

أنا أول الناس يشفع في الجنة و أنا أكثر الأنبياء تبعا ( م ) عن أنس

1457. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا شاپائەت قىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى بولىمەن، پەيغەمبەرلەر ئىچىدە مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم ئەڭ كۆپتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

( صحيح ) أنا أول شفيع في الجنة لم يصدق نبي من الأنبياء ما صدقت و إن من الأنبياء نبيا ما يصدقه من أمته إلا رجل واحد ( م ) عن أنس

1458. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن جەننەت توغرىسىدا، جەننەتكە ئاسىيلارنى ئەكىرىشتە تۇنجى شاپائەتچى بولىمەن. پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرسى مەن تەستىقلانغاندەك تەستىقلانمىدى. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن بەزى بىر پەيغەمبەر باركى، ئۇنىڭغا پەقەت ئۈممىتىدىن بىرلا كىشى ئىمان كەلتۈرۈپ، تەستىقلىغان. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

دېمەك، بىر كىشى ئىمان كەلتۈرگەن پەيغەمبەرمۇ بار ئىكەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن 70000 كىشى ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەربىرى بىلەن يەنە 70000 باردۇر.

( صحيح ) أنا أول من يأخذ بحلقة باب الجنة فأقعقعها ( حم ت ) عن أنس

1459. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تۇنجى بولۇپ جەننەت ئىشىكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ ھەرىكەتلەندۈرىمەن، يەنى جاڭ ـ جاڭ قاقىمەن. ئەھمەد 12013 ـ 13100 ـ ھەدىس، دارمى 50 ـ ھەدىس، تىرمىزىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنا بريء ممن حلق و سلق و خرق ( م ن ه ) عن أبي موسى

1460. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇسىبەت يەتكەندە چېچىنى چۈشۈرگەن، ھۆكىرىگەن، ئاۋازلىق يىغلىغان، كىيىملىرىنى يىرتقان (ئۆزىنى ئۇرغانلار) دىن بىزار. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أنا بريء من كل مسلم يقيم بين أظهر المشركين لا تراءى نارهما ( د ت الضياء ) عن جرير

1461. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھەرقانداق مۇشرىك، دىنسىزلارنىڭ ئارىسىدا، قېتىدا مۇقىم تۇرغان ھەرقانداق

مۇسۇلماندىن بىزار. (يەنى، ئۆيىنى شۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلىدۇ، قوشنا ياشايدۇ، ھۇجۇم قىلغاندا بولسا تەڭ ئۆلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چەكلىنىدۇ). ھەدىسنىڭ دېيىلىش سەۋەبىمۇ شۇنداق بولغان. ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىز، مۇشرىكلارنىڭ ئوتلىرى، تۇتۇنلىرى بىرگە كۆرۈنمىسۇن، ئۆي ـ ئۆيدىن يىراق بولسۇن دېگەن. ئەبۇ داۋۇد 2274 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1530 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أنا حرب لمن حاربتم و سلم لمن سالمتم ( ت ه حب ك ) عن زيد بن أرقم

1462. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەر جەڭ ئىلان قىلىپ ئۇرۇشقان كىشىگە جەڭ ئىلان قىلىپ ئۇرۇشىمەن؛ سىلەر سۈلھى تۈزۈپ، تىنچ ئۆتكەنلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، تىنچ ئۆتىمەن. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أنا دعوة إبراهيم و كان آخر من بشر بي عيسى بن مريم ( ابن عساكر ) عن عبادة بن الصامت

1463. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى (يەنى قۇرئاندا كەلگەن دۇئادىكى كىشى مەن شۇ). مەن بىلەن بىشارەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولدى (بۇ قۇرئاندا ئوچۇق سۆزلىنىدۇ، ئىسمى ئەھمەد دېگەن بار) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

أنا زعيم بيت في ربض الجنة لمن ترك المراء و إن كان محقا و بيت في وسط الجنة لمن ترك الكذب و إن كان مازحا و بيت في أعلى الجنة لمن حسن خلقه ( د الضياء ) عن أبي أمامة

1464. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن گەرچە توغرا ھەقىقەتنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئىشىدا، دەۋاسىدا ھەق قىلغان بولسىمۇ جېدەل، مۇنازىر ئىختىلابنى تەرك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ چۆرىسىدىكى، ئەتراپىدىكى بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن. گەرچە چاقچاق قىلىۋاتقان بولسىمۇ يالغان سۆزلەشنى تەرك ئەتكەن كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەخلاقى ياخشى، گۈزەل كىشى ئۈچۈن، جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسىدىن بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

چاقچاق قىلىپمۇ يالغان سۆزلىمە دېگەن ھەدىس بار. ئىختىلاپ قىلىشماسلىق، ئىتتىپاقلىق كۈچ. غەلبىنىڭ ئاساسى ئەخلاق ياخشى بولۇش. ئەخلاق بولسا قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كۆپ كېلىدۇ.

أنا زعيم لمن آمن بي و أسلم و هاجر ببيت في ربض الجنة و بيت في وسط الجنة و بيت في أعلى غرف الجنة و أنا زعيم لمن آمن بي و أسلم و جاهد في سبيل الله ببيت في ربض الجنة و بيت في وسط الجنة و بيت في أعلى غرف الجنة فمن فعل ذلك لم يدع للخير مطلبا و لا من الشر مهربا يموت حيث شاء أن يموت ( ن حب ك ) عن فضالة بن عبيد

1465. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىپ مۆئمىن مۇسۇلمان بولغان، ھىجرەت قىلغان كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئەتراپىدىن بىر ئۆي، ئوتتۇرىدا بىر ئۆي، ئەڭ ئۈستۈن مېھمانخانىسىدا بىر ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى جايلاردىكى ئۈچ ئۆي بىلەن كېپىل بولىمەن. كىم شۇنداق قىلالىسا، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىدىغان جايىنى، يامانلىقتىن قاچىدىغان جايىنى قالدۇرمىغان بولىدۇ. (يەنى، بارلىق ياخشىلىقنى قىلغان، بارلىق يامانلىقتىن قاچقان بولىدۇ) قايسى جايدا ئۆلۈشنى خالىسا، شۇ جايدا خاتىرجەم ئۆلسۇن. نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنا سيد الناس يوم القيامة و هل تدرون مم ذلك ؟ يجمع الله الأولين و الآخرين في صعيد واحد يسمعهم الداعي و ينفذهم البصر و تدنو الشمس منهم فيبلغ الناس من الغم و الكرب ما لا يطيقون و لا يحتملون فيقول بعض الناس لبعض: ألا ترون ما قد بلغكم ؟ ألا

تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيقول بعض الناس لبعض: ائتوا آدم فيأتون آدم فيقولون: يا آدم أنت أبونا أنت أبو البشر خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أمر الملائكة فسجدوا لك اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم آدم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه نهاني عن الشجرة فعصيته نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى نوح ؛ فيأتون نوحا فيقولون: أنت أول الرسل إلى أهل الأرض و سماك الله ( عبدا شكورا اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم نوح: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه قد كانت لي دعوة دعوت بها على قومي نفسي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى إبراهيم ؛ فيأتون إبراهيم فيقولون: يا إبراهيم ؟ أنت نبي الله و خليله من أهل الأرض اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم إبراهيم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قد كنت كذبت ثلاث كذبات نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى موسى ؛ فيأتون موسى فيقولون: يا موسى ! أنت رسول الله فضلك الله برسالاته و بكلامه على الناس اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قتلت نفسا لم أومر بقتلها نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى عيسى ؛ فيأتون عيسى ! فيقولون: يا عيسى أنت رسول الله و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و كلمت الناس في المهد اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم عيسى: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى محمد ؛ فيأتوني فيقولون: يا محمد ! أنت رسول الله و خاتم الأنبياء و غفر الله لك ما تقدم من ذنبك و ما تأخر اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ ؛ فأنطلق فآتي تحت العرش فأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي و يلهمني من محامده و حسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه لأحد قبلي ثم يقال: يا محمد ! ارفع رأسك سل تعط و اشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول: يا رب ! أمتي أمتي فيقال: يا محمد أدخل الجنة من أمتك من لا حساب عليه من الباب الأيمن من أبواب الجنة و هم شركاء الناس فيما سوى ذلك من الأبواب و الذي نفسي بيده إن ما بين مصراعين من مصاريع الجنة لكما بين مكة و هجر أو كما بين مكة و بصرى ) . ( حم ق ت ) عن أبي هريرة

1466. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، چاقىرغۇچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز (يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى) ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپىي بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ. بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دېيىشىدۇ: ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشەققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە: ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ. ئۇلار كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى. ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى، پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى (مەقسەت، سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟ ئادەم ئاتا ئۇلارغا: ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس. ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى دەرەخنى يېيىشتىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم. بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن. مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا، نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زىمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكرى قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى. بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى، بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ. مەن ئۈچۈن

ئەجابەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم. مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم. مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زېمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىلى. بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟ ئۆتۈنۈپ قالايلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان. مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سېنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى. شاپائەت تەلەپ قىلغان بولساڭ، ھالىمىزغا قارىمامسەن؟ دەپ يالۋۇرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرىقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن. مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ. (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئىچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەريەم ئانىغا تاشلىغان كۇم دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان روھ، سەن كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان. دىمەك، سەن شۇنداق ئۇلۇغ. بىز ئۈچۈن ئاللاھتىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولساڭ. بىزنىڭ ھالىمىزغا، بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم ـ قايغۇغا قارىمامسەن؟ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ (بۇ غەزەپ زالىملاردىن، دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم. سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان. بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىمامال؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچلارنى كۆرمەمال؟ بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالالى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا. ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇ ـ سانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ (دىمەك، شۇ ھەمدۇ ـ سانا، ئىسىم ئەئزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ؛ شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇ دېيىلىدۇ. ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن. ئاندىن ماڭا: ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگۈزگىن. ئۇلار ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى ئىشىكنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر. (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان. بۇخارى 3092 ـ، 3111 ـ، 4343 ـ ھەدىس، مۇسلىم 287 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2358 ـ ھەدىس، نەسەئى 1128 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9250 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن. بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز. ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دېگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۈلەنمەسلىك، گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۈلىنىۋالماي بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى دېگەن بار. شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان، شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

أنا سيد ولد آدم يوم القيامة و أول من ينشق عنه القبر و أول شافع و أول مشفع ( م د ) عن أبي هريرة

1467. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ سەييىدى، خوجىسى. مەن قەبرىسى يېرىلىپ چىقىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى، تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى، تۇنجى بولۇپ شاپائىتى قوبۇل بولىدىغان، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلگەن كىشى بولىمەن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أنا سيد ولد آدم يوم القيامة و لا فخر و بيدي لواء الحمد و لا فخر و ما من نبي يومئذ آدم فمن سواه إلا تحت لوائي و أنا أول شافع و أول مشفع و لا فخر ( حم ت ه ) عن أبي سعيد

1468. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى ئادەم باللىرىنىڭ سەييىدى، يول باشچىسى بولىمەن، لېكىن پەخىرلەنمەيمەن. ھەمد بايرىقى مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ، يەنىلا مەندە پەخىر يوق. ئادەم ئاتا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر مېنىڭ بايرىقىم ئاستىدا بولىدۇ، مەن تۇنجى شاپائەت قىلغۇچى، تۇنجى بولۇپ شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدىغان، شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى بولىمەن، لېكىن پەخىرلەنمەيمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

أنا فرطكم على الحوض ( حم ق ) عن جندب ( خ ) عن ابن مسعود ( م ) عن جابر بن سمرة

1469. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن بۇرۇن بېرىپ، سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە كۈتۈپ تۇرىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇخارى ئىبنى مەسئۇددىن، 6089 ـ ھەدىس، مۇسلىم جابىر ئىبنى سۇمرەتتىن، مۇسلىم 4250 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3048 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح )أنا فرطكم على الحوض أنتظركم ليرفع لي رجال منكم حتى إذا عرفتهم اختلجوا دوني فأقول: رب أصحابي ! رب أصحابي ! فيقال: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك ( حم خ ) عن حذيفة

1470. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە كۈتۈپ، ساقلاپ تۇرىمەن، سىلەرگە ئىنتىزار بولىمەن. ماڭا سىلەردىن بىر تۈركۈم ئەرلەر ئاشكارا بولىدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇغان چېغىمدا ئۇلار مەندىن چەكلىنىدۇ، تارتىۋېلىنىدۇ. مەن: ئى رەببىم، مېنىڭ ساھابىلىرىم، مېنىڭ ھەمراھلىرىم! دەيمەن. ئاندىن: ھەققەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نىمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى، قانداق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ. بۇخارى 6528 ـ ھەدىسلەر، مۇسلىم 4250 ـ ھەدىسلەر، ئىبنى ماجە 3048 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3457 ـ ھەدىسلەر، سەھىھ.

أنا فرطكم على الحوض و لأنازعن أقواما ثم لأغلبن عليهم فأقول: يا رب أصحابي أصحابي ! فيقول: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك ( حم ق ) عن ابن مسعود

1471. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەردە ساقلاپ تۇرىمەن. بىر تۈركۈم قەۋملەرنى بىز تەرەپكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەن تەرەپكە تارتىمەن، لېكىن مەن ئۇلارغا مەغلۇپ بولىمەن (يەنى، ئۇلار ماڭا بېرىلمەيدۇ). مەن: يا رەببىم، مېنىڭ ئەسھابىم، مېنىڭ ھەمراھلىرىم! دەيمەن. ئاندىن: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نىمىلەرنى پەيدا قىلىۋەتكىنىنى سەن بىلمەيسەن دېيىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أنا محمد بن عبد الله بن عبد المطلب إن الله تعالى خلق الخلق فجعلني في خيرهم ثم جعلهم فرقتين فجعلني في خيرهم فرقة ثم جعلهم قبائل فجعلني في خيرهم قبيلة ثم جعلهم بيوتا فجعلني في خيرهم بيتا فأنا خيركم بيتا و أنا خيركم نفسا ( حم ت ) عن المطلب بن أبي وداعة

1472. مۇتەللىپ ئىبنى ئەبۇ ۋەدائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق مۇنداق دېگەن: مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ بولىمەن. سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق خەلقلەرنى يارىتىپ، مېنى ئۇلارنىڭ ياخشىسىدا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئىككى فىرقە، ئىككى تائىپە قىلىپ، يەنە مېنى ئۇلارنىڭ ياخشىسىدا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى قەبىلە ـ قەبىلە قىلىپ، يەنە مېنى قەبىلە جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسىدا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆي ـ ئۆيگە بۆلۈپ، يەنىلا مېنى ئۆي جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسىنىڭ ئىچىدە قىلدى. مەن سىلەرنىڭ ئۆي جەھەتتىنمۇ ياخشىڭلار، نەسەپ جەھەتتىنمۇ ياخشىراقىڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھھە.

أنا محمد و أحمد و المقفي و الحاشر و نبي التوبة و نبي الرحمة ( حم م ) عن أبي موسى زاد(طب ونبي الملحمة

1473. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن مۇققىي (يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر)، مەن ھاشىر (يەنى كىشىلەر بايرىقىم ئاستىغا قوپۇرۇلىدۇ، توپلىنىدۇ)، مەن تەۋبىنىڭ پەيغەمبىرى، رەھمەت پەيغەمبىرى (يەنى ئۈممىتىگە رەھىم قىلىنىپ، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تەبرانى توپلىغان، سەھھە. تەبرانى جىھادنى كۆپ قىلىدىغانلارنىڭ پەيغەمبىرى دېگەننى زىيادە قىلدى.

( صحيح ) أنا وارث من لا وارث له أفك عانيه و أرث ماله و الخال وارث من لا وارث له يفك عانيه و يرث ماله ( د ك ) عن المقدام

1474. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ۋارىسى يوق كىشىنىڭ ۋارىسى بولىمەن، ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىمەن، مېلىغا ۋارىس بولىمەن (يەنى، خەزىنىگە قوشۇپ قويىمەن) ئانا تەرەپ تاغا ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، ئۇنىڭ قۇللىرىنى ئازاد قىلىپ، ماللىرىغا ۋارىس بولالايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھھە.

( صحيح ) أنا و كافل اليتيم في الجنة هكذا ( حم خ د ت ) عن سهل بن سعد

1475. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن بىللە يېتىمگە كېپىل بولغۇچى جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمىز دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتكەن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھھە.

أنا وكافل اليتيم له أو لغيره في الجنة والساعي على الأرملة و المسكين كالمجاهد في سبيل الله ( طس ) عن عائشة

1476. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ئۈچۈن بولغان يېتىمگە ياكى باشقىلار ئۈچۈن بولغان يېتىمگە كېپىل بولغۇچى جەننەتتە مەن بىلەن بىللە بولىدۇ. تۇل ئاياللارغا، مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلىپ، سەئيى ئەمەل قىلغۇچى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر. بۇ ھەدىس ئەۋسەت دېگەن كىتابتا بار بولۇپ، ئەلبانى سەھھە دېگەن.

انبذوه على غدائكم و اشربوه على عشائكم و انبذوه على عشائكم و اشربوه على غدائكم و انبذوه في الشنان و لا تنبذوه في القلل فإنه إذا تأخر عن عصره صار خلا ( د ن ) عن الديلمي

1447. دەيلمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورما، ئۈزۈملەرنى ئىچىملىك قىلىش ئۈچۈن ئەتىگىنى چىلاپ كەچتە ئىچىڭلار، كەچتە چىلاپ ئەتىگىنى ئىچىڭلار. ئۇنى تۇلۇملارغا چىلاڭلار (ھاۋا ئۆتۈشۈپ ياخشى تۇرىدۇ). كوزا، تاۋاقلارغا چىلىماڭلار، چۈنكى ۋاقتى، مۇددىتى ئۆتۈپ كەتسە سىركىگە ئايلىنىپ قالىدۇ (ياكى ھاراق بولۇپ قالىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھھە.

( صحيح ) أنت أحق بصدر دابتك مني إلا أن تجعله لي ( حم د ت ) عن بريدة

1478. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا قارىغاندا ئۆز ھايۋىنىڭنىڭ، يەنى تۆگەڭنىڭ ئالدى باش تەرىپىگە مىنىشكە ئەڭ لايىق (چۈنكى ئۇ سېنىڭ). لېكىن، مەن ئۇچۇن ئۆتۈنۈپ بېرىشىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (يەنى ھۆرمەتلەپ ئۆتۈنۈپ بەرسە بولىدۇ، ھازىرقى قاتناش قۇراللىرى بۇ ھەدىسكە قىياس قىلىنىدۇ، ھەركىشى ئۆز سەييارىسىگە ئۆزى لايىق، ھۆرمەتلەش باشقا گەپ). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أنت أخونا و مولانا – قاله لزيد بن حارثة – ( ق ) عن البراء ( ك ) عن علي

1479. بەررائى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيد ئىبنى ھارىسقا مۇنداق دېگەن: سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئازادكەردە قۇلىمىز، يەنى ئازاد قىلىپ بالا قىلىۋالغان. بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

أنت إمامهم و اقتد بأضعفهم و اتخذ مؤذنا لا يأخذ على أذانه أجرا ( حم د ن ك ) عن عثمان بن أبي العاص

1480. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۇلارنىڭ ئىمامى بولىسەن. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىنى يېتىلەپ ماڭ، ئاجىزلىرىنىمۇ كۆزدە تۇت. ئەزان توۋلىغانغا ئەجىر، ھەق ئالمايدىغان مۇئەززىندىن بىرنى تۇتقىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنت رفيق و الله الطبيب ( حم ) عن أبي رمثة

1481. ئەبۇ رەمسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دادام كېلىپ كېسەللىرىنى ماڭا كۆرسەتسىلە، مەن تېۋىپ ئەر بولىمەن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن تېۋىپ ئەمەس، كۆيۈنگۈچى، ئىچ ئاغرىتقۇچى، دوختۇر. ھەقىقى تېۋىپ دېگەن شۇ كېسەلنى قويغان، ياراتقان ئاللاھدۇر دېگەن. ئەھمەد 6813ـ ھەدىس، سەھىھ.

ئەبۇ بەكرىمۇ تېۋىپقا كۆرۈندىلىمۇ دېسە، ھەئە كۆرۈندۈم، ئۇ خالىغىنىمنى قىلىمەن دەيدۇ دېگەن، يەنى ئاللاھنى تېۋىپ دېگەن.

( صحيح ) أنت عتيق الله من النار – قاله لأبي بكر – ( ت ك ) عن عائشة

1482. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىگە مۇنداق دېگەن: سەن ئاللاھنىڭ دوۋزاختىن ئازاد قىلغان ئازادكەردىسى (شۇندىن كېيىن ئەتىيقۇللاھ دەپ ئاتالغان)، رىۋايەت بار. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنت مع من أحببت ( ق ) عن أنس ( حم د حب ) عن أبي ذر

1483. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ياخشى كۆرگەن كىشىلىك بىلەن بىللە بولىسەن. بەيھەقى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىسنى، بىر كىشى قىيامەت قاچان؟ دەپ سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟ دېسە، ئۇ كىشى، مەن ھېچنېمە تەييارلىيالمىدىم، لېكىن مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرىمەن دېگەندە دېگەن ئىدى، ساھابىلار بۇ ھەدىسكە ئىنتايىن خۇشال بولغان. ئەلۋەتتە، بىزمۇ سانسىز خۇشال بولدۇق. ئاللاھقا سانسىز ھەمدۇـ سانالار، شۈكرىلەر بولسۇن. بىزمۇ ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى، بارلىق ئەزىز ھۆرمەتلىك مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرىمىز، ياخشى كۆرگىنىمىز بىلەن بىللە بولىدىكەنمىز ئەمەسمۇ؟!

أنت مني بمنزلة هارون من موسى إلا أنه لا نبي بعدي ( م ت ) عن سعد ( ت ) عن جابر

1484. سەئىد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: سەن ماڭا نىسبەتەن خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا تۇرىسەن (يەنى، ھارۇن مۇساغا نىسبەتەن قانداق ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، سەن ماڭا نىسبەتەن شۇنداق ئورۇننى ئىگىلەيسەن). لېكىن، شەك ـ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۇشۇ چاغقىچە مۆجىزە بولدى، بۇندىن كېيىنمۇ مۆجىزە بولىدۇ. چۈنكى، راستىنلا ھەققىي پەيغەمبەر كەلمىدى.

( صحيح ) أنت مني و أنا منك – قاله لعلي – ( ق ) عن البراء ( ك ) عن علي

1485. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: مەن سەندىن، مەن سېنىڭ جۈملەڭدىن، سەن مەندىن دېگەن. (يەنى، شۇنداق يېقىن. نەسەبى بىردۇر، دىنى بىردۇر، ئاللاھ خالىسا ئاخىرەتتىكى جايى بىردۇر) بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنت و مالك لأبيك ( ه ) عن جابر ( طب ) عن سمرة وابن مسعود

1486. جابىر، سۇمرەت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۆزۈڭ ۋە سېنىڭ مېلىڭمۇ داداڭنىڭدۇر. ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. سۇبھانەللاھ! دادىمىز بىلەن ھېسابلاشمايلى.

أنت و مالك لوالدك إن أولادكم من أطيب كسبكم فكلوا من كسب أولادكم ( حم د ه ) عن ابن عمرو

1487. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۆزۈڭ ۋە سېنىڭ مال ـ مۈلۈكىڭ ئاتا ـ ئاناڭنىڭدۇر. ھەقىقەتەن ئەۋلادلىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەرنىڭ كەسپىڭلارنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقىدۇر. سىلەر باللىرىڭلارنىڭ، ئەۋلادىڭلارنىڭ كەسپىدىن، كەسىپ قىلىپ تاپقانلىرىدىن يەڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنتم أعلم بأمر دنياكم ( م ) عن أنس وعائشة

1488. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما ئۆلاش ۋەقەسىدە مۇنداق دېگەن: دۇنياغا تەۋە ئىشىڭلارغا سىلەر ئالىم (يەنى، دىنغا ئەقىدە ـ ئەھكام، ھالال ـ ھارامغا، دەۋا ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولمىسا، ئۆزۈڭلار ئالىم؛ ئالاقىدار بولسا، ئايەت ھەدىس سۆزلەندى). مەن دىن ئىشلىرىنى سۆزلەيمەن، ئاللاھ تەرىپىدىن سۆزلىسەم، چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار دېگەن بار. يۇقىرىقى ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **1328** . ( م ) عن أبي هريرة . أنتم الغر المحجلون يوم القيامة من إسباغ الوضوء ( فمن استطاع منكم فليطل غرته و تحجيله )

1489. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قىيامەت كۈنى تاھارەتنى كامىل ئالغانلىقتىن، نۇرلۇق ھالدا ئەزالىرىڭلار نۇرلۇق، ئات قاشقىسىدەك نۇر بەلگە بىلەن كېلىسىلەر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(سىلەردىن كىمكى نۇرنى، ئەزالار نۇرىنى، قاشقىدەك نۇر بەلگىسىنى ئۇزارتىشقا قادىر بولالىسا، شۇنداق قىلسۇن) دېگەن بۇ سۆزمۇ بار. باشقىلار بۇ سۆزمۇ سەھىھ دېسە، ئەلبانى مۇشۇ سۆز زەئىپ دېگەن.

( صحيح ) أنتم شهداء الله في الأرض و الملائكة شهداء الله في السماء ( طب ) عن سلمة بن الأكوع

1490. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى؛ پەرىشتىلەر بولسا ئاللاھنىڭ ئاسماندىكى گۇۋاھچىلىرىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

انتدب الله لمن خرج في سبيله لا يخرجه إلا إيمان بي و تصديق برسلي أن أرجعه بما نال من أجر أو غنيمة أو أدخله الجنة و لو لا أن أشق على أمتي ما قعدت خلف سرية و لوددت أني أقتل في سبيل الله ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

1491. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە مۇنداق دەپ كېپىل بولدى، تەقدىر قىلدى، جاۋاب بەردى: بۇ بەندەمنى ئۆيىدىن جەڭ مەيدانىغا پەقەت ماڭا ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرۈش، ئەلچىلىرىمنى تەستىقلاپ ئىشىنىشلا چىقاردى. ئۇنداق بولغانىكەن، مەن ئۇنى يا ئۇ ئېرىشىدىغان ئەجىر، ساۋاب يا غەنىيمەت بىلەن قايتۇرىمەن، ياكى ئۇنى شەھىد قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ھېچبىر قوشۇننىڭ ئارقىسىدا (جىھادتىن ئارقىدا) قېلىپ ئولتۇرمايتتىم. ئەلۋەتتە مەن شەك ـ شۈبھىسىز ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشمنى، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ئۆلتۈرۈلۈشمنى، ئاندىن تىرىلىپ يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلىشمنى، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ... بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارى 35ـ ھەدىس، مۇسلىم 3485ـ ھەدىس، نەسەئى 3101ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2743ـ ھەدىس، ئەھمەد 6860ـ ھەدىس، مالىك 883ـ ھەدىس، دارمى 2284ـ ھەدىس، سەھىھ.

مۇشەققەتكە سالماسلىقى، 1ـ كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق. 2ـ جىھادقا چىقماي ئارقىدا ئولتۇرغانلارغا بولۇپمۇ ھازىر مۇشەققەت كېلىپ قالاتتى. ھازىر ئەسكەرلەر چىقىدۇ، قالغانلار ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە چىقماي خەلپە بولۇپ تۇراتتى، لېكىن نۇرغۇن جەڭگە ئۆزى قاتناشقان. 3ـ نەرسە تاپالماي چىقالمايدىغانلار بىلەن بىللە قېلىش بار.

انتسب رجلان على عهد موسى فقال أحدهما: أنا فلان بن فلان حتى عد تسعة فمن أنت لا أم لك ؟ قال: أنا فلان بن فلان ابن الإسلام فأوحى الله إلى موسى أن قل لهذين المنتسبين: أما أنت أيها المنتسب إلى تسعة في النار فأنت عاشرهم في النار و أما أنت أيها المنتسب إلى اثنين في الجنة فأنت ثالثهما في الجنة ( ن هب الضياء ) عن أبي

1492. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىككى كىشى نەسەپ داۋاسى قىلىشىپ، بىرسى مۇنداق دېدى، مەن دېگەن پالانى ـ پالانىنىڭ بالىسى دەپ، جاھالىيەتتىن توققۇز كىشىنى ساناپ بېرىپ، سەن دېگەن كىم؟ سېنىڭ ئاناڭ يوق نەرسە، بىر نەسەبسىز كىشىسەن دېدى. ئىككىنچىسى، مەن ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان پالانىنىڭ بالىسى پالانى بولىمەن، ئىسلام ئوغلى بولىمەن، بۇ كۇپايە دېدى. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى ئارقىلىق: ئۇلارغا مۇنداق دېگىن، ئەمما سەن ئى دوۋزاختىكى توققۇز كىشىگە نەسەبىڭنى ئۇلىغان نەسەپ خۇمارى، سەن بولساڭ دوۋزاختا ئۇلارنىڭ ئونىنچىسى بولىسەن، ئەمما سەن ئى نەسەبىنى جەننەتتىكى ئىككى كىشىگە ئۇلاپ، ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان كىشى، سەن جەننەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى بولىسەن. نەسەئى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان.

بۇ سەھىھ ھەدىستىن نەسەپ دەۋاسى ھارامدۇر. چۈنكى، نەسەپ دەۋاسىنى قىلغۇچىغا دوزاخ ۋەدە قىلىندى. سەن نەسەپ، مىللەت، رەڭ، تىل، قەبىلە، يۇرتنى قويۇپ، ئىسلام، ئىمان دېگىن.

( صحيح ) انتعلوا و تخففوا و خالفوا أهل الكتاب ( هب ) عن أبي أمامة

1493. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياغ كىيىڭلار، ئۆتۈك كىيىڭلار، لېكىن يەھۇدىي، ناسارادەك ئەھلى كىتابلارنىڭ خىلاپىدا قىلىڭلار، ئۇلارغا ئوخشىماڭلار. بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھ.

انزعوا بني عبد المطلب ! فلولا أن تغلبكم الناس على سقايتكم لنزعت معكم ( م د ه ) عن جابر



www.uyghurkitap.com

1494. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باللىرى! زەمزەم سۈيىنى سىلەر تارتىپ سۇغۇرۇڭلار. ئەگەر كىشىلەرنىڭ سۇغۇرۇش خىزمىتىڭلارغا غالىپ كېلىپ، ئۆلۈشۈپلىشى بولمىغان بولسا، قالايمىقان بولۇپ كېتىش بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن سىلەر بىلەن زەمزەم سۈيىنى تارتىپ، كىشىلەرنى سۇغارغان بولاتتىم. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنزل القرآن على سبعة أحرف ( حم ت ) عن أبي ( حم ) عن حذيفة

1495. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىندى دېگەن. (يەنى، يەتتە خىل تاۋۇش ئىئراپ بىلەن ئوقۇلاتتى، ھازىر ئوسمان نۇسخىسى بىرسى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ. تەپسىر تەبىردىن) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنزل القرآن من سبعة أبواب على سبعة أحرف كلها شاف كاف ( طب ) عن معاذ

1496. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان يەتتە ئىشىكتىن يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىنىپ چۈشۈرۈلدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بىز بۇ توغرىلىق بۇرۇنلا سۆزلەپ بولغان، يەتتە ئىشىك دېگىنى يەتتە ئاسمان بولۇشى مۇمكىن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

أنزلت صحف إبراهيم أول ليلة من شهر رمضان و أنزلت التوراة لست مضت من رمضان و أنزل الإنجيل لثلاث عشرة مضت من رمضان و أنزل الزبور لثمان عشرة خلت من رمضان و أنزل القرآن لأربع و عشرين خلت من رمضان ( طب ) عن واثلة

1497. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سوھۇپى ئىبراھىم رامزاننىڭ تۇنجى كېچىسى نازىل قىلىنغان (يەنى شۇ كېچىگە مۇۋاپىق كېچىدە)، تەۋرات بولسا رامزاننىڭ ئالتىنچى كۈنىدە، ئىنجىل رامزاندىن ئۆتۈپ كەتكەن 13- كۈندە (يەنى 13- كۈننىڭ كېچىسى)، زەبۇر بولسا رامزاننىڭ 18- كېچىسى نازىل قىلىنغان، قۇرئان كەرىم بولسا رامزاندىن ئۆتكەن 24- كۈنى كېچىسى نازىل قىلىنغان. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

قۇرئان قەدىر كېچىسى چۈشۈرۈلگەن، سۈرە قەدىردىمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇ كېچە ئاساسەن مەخپى قىلىنغان، سەھىھ خاتىرىلەرمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل ئەمەس، 27- كېچە سەھىھ دېيىلىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇ.

أنزلت علي آنفا سورة ( بسم الله الرحمن الرحيم إنا أعطيناك الكوثر فصل لربك و انحر إن شانئك هو الأبتر أتدرون ما الكوثر ؟ فإنه نهر وعدنيه ربي عليه خير كثير هو حوضي ترد عليه أمتي يوم القيامة آنيته كعدد النجوم فيختلج العبد منهم فأقول: رب إنه من أمتي فيقول: ما تدري ما أحدث بعدك ) . ( م د ن ) عن أنس

1498. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا باياتىن بىر سۈرە نازىل قىلىندى. «بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى (كەۋسەر بۇلاقنى) ئاتا قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ (ئىزى ئۆچۈپ) نام-نىشانى قالمايدۇ» 108- سۈرە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن ئۇ رەببىم ماڭا ۋەدە قىلغان ئۆستەڭ بولاقتۇر. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار، ئۇ مېنىڭ بۇلاق كۆلۈمدۇر. قىيامەت كۈنى ئۇممىتىم ئۇنىڭغا كېلىپ ئىچىدۇ، ئۇنىڭ قاچىسى يۇلتۇزنىڭ سانىدەك كۆپتۇر (چۈنكى ئىچىدىغانلار كۆپ). ئۇلاردىن مەلۇم كىشىلەر ئايرىلىپ چەكلىنىپ قالىدۇ، مەن: ئى رەببىم، شەك-شۈبھىسىز ئۇ مېنىڭ ئۇممىتىم ئىدى دېسەم، ئاللاھ: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أنزل علي آيات لم ير مثلهن قط ( قل أعوذ برب الفلق و ( قل أعوذ برب الناس ) . ( م ت ن ) عن عقبة بن عامر

1499. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بىر نەچچە ئايەتلەر نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئوخشىشى قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇلار بولسا (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىل فەلەق) (قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناس) سۈرە فەلەق، سۈرە ناس. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ئايەتلەر بۇرۇن چۈشۈپ باقمىغان ھەم بۇرۇنقى ئۈممەتكە بېرىلمىگەن.

( صحيح ) انزل عنه فلا تصحبنا بملعون لا تدعوا على أنفسكم و لا تدعوا على أولادكم و لا تدعوا على أموالكم لا توافقوا من الله ساعة يسأل فيها عطاء فيستجيب لكم ( م ) عن جابر

1500. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن بەتنى بۇۋات ئۇرۇشىدا كېتىۋاتاتتى، ئەنسارىدىن بىر كىشى تۆگىسىگە لەنەت ئېيتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن ئۇ لەنەتكار تۆگىنى بىزگە ھەمراھ قىلماي، ئۇنىڭدىن چۈشۈپ كەت. (يەنى، بۇ ئىشتىن كايىپ توستى) ئاندىن مۇنداق دېدى: سىلەر ئۆزۈڭلارغا، مېلىڭلارغا، ئەۋلاد ـ باللىرىڭلارغا قارشى زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھ تەرەپتىن سورىسا بېرىلىدىغان بىر سائەت بولۇپ، سىلەر ئۇ دۇئايىڭلار بىلەن شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئەگەر مۇۋاپىق كېلىپ قالساڭلار زىيانىغا قىلىنغان دۇئامۇ ئىجابەت بولۇپ كېتىدۇ. مۇسلىم 5328ـ ئۆزۈن ھەدىسنىڭ بىر قىسمى، سەھىھ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، دارىمىدا بار.

( صحيح ) انصر أخاك ظالما أو مظلوما إن يك ظالما فاردده عن ظلمه و إن يك مظلوما فانصره ( الدارمي ابن عساكر ) عن جابر

1501. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىندىشىڭغا زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياردەم بەر. ئەگەر ئۇ زالىم بولسا، ئۇنى زۇلۇمدىن توسۇپ قايتۇرغىن؛ ئەگەر زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا، ياردەم بەرگىن. دارىمى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن زالىمنى توسۇپ ياردەم بېرىلىدۇ.

( صحيح ) انصر أخاك ظالما أو مظلوما قيل: كيف أنصره ظالما ؟ قال: تحجزه عن الظلم فإن ذلك نصره ( حم خ ت ) عن أنس

1502. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىندىشىڭغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن ياردەم بەرگىن، دېگەندە، زالىمغا قانداق ياردەم بېرىمەن؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى زۇلۇمدىن توسسەن، ھەقىقەتەن شۇنىڭ ئۆزى ياردەم، دېدى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) انطلق أبا مسعود ! لا ألفينك يوم القيامة تجيء على ظهرك بعير من إبل الصدقة له رغاء قد غللته ( د ) عن ابن مسعود

1503. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىزمەتكە بارغىن، ئى ئىبنى مەسئۇد! مەن سېنى قىيامەت كۈنى سەن خىيانەت قىلغان سەدىقە، زاكات تۆگىلىرىنى بوزلاتقان، مۆرەتكەن ھالدا، ئۇچاڭدا كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭنى تېپىپ قالماي. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) انطلق ثلاثة رهط ممن كان قبلكم حتى أووا المبيت إلى غار فدخلوه فانحدرت عليهم صخرة من الجبل فسدت عليهم الغار فقالوا: إنه لا ينجيكم من هذه الصخرة إلا أن تدعوا الله بصالح أعمالكم ; قال رجل منهم: اللهم كان لي أبوان شيخان كبيران و كنت لا أغبق قبلهما أهلا و لا مالا فنأى بي في طلب شيء يوما فلم أرح عليهما حتى ناما فحلبت لهما غبوقهما فوجدتهما نائمين فكرهت أن أغبق قبلهما أهلا أو مالا فلبثت و القدح على يدي أنتظر استيقاظهما حتى برق الفجر فاستيقظا فشربا غبوقهما اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك ففرج عنا ما نحن فيه من هذه الصخرة ؟ فانفرجت شيئا لا يستطيعون الخروج ; و قال الآخر: اللهم كانت لي ابنة عم كانت أحب الناس إلي فأردتها على نفسها فامتنعت مني حتى ألمت بها سنة من السنين فجاءتني فأعطيتها عشرين و مائة دينار على أن تخلي بيني و بين نفسها ففعلت حتى إذا قدرت عليها قالت: لا أحل لك أن تفض الخاتم إلا بحقه فتحرجت من الوقوع عليها فانصرفت عنها و هي أحب الناس إلي و تركت الذهب



www.uyghurkitap.com

الذي أعطيتها اللهم إن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج عنا ما نحن فيه فانفرجت الصخرة غير أنهم لا يستطيعون الخروج منها ; و قال الثالث: اللهم استأجرت أجراء فأعطيتهم أجرهم غير رجل واحد ترك الذي له و ذهب فثمرت أجره حتى كثرت منه الأموال فجاءني بعد حين فقال: يا عبد الله أدني أجري فقلت له: كل ما ترى من أجرك من الإبل و البقر و الغنم و الرقيق فقال: يا عبد الله لا تستهزئ بي فقلت: إني لا أستهزئ بك فأخذه كله فاستاقه فلم يترك منه شيئا اللهم فإن كنت فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج عنا ما نحن فيه فانفرجت الصخرة فخرجوا يمشون ( ق ) عن ابن عمر

1504 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈچ كىشى مېڭىپ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن بىر غارنىڭ ئىچىگە كىردى. شۇ ئەسنادا تاغدىن بىر تاش چۈشۈپ ، غارنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ قويدى. ئۇلار سولىنىپ غار ئىچىدە تۇرۇپ، بىرنى بۇ تاشنىڭ توسۇۋېلىشىدىن پەقەت بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا قىلغان دۇئايىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى، ئى ئاللاھ، مېنىڭ ياشتا چوڭايغان قېرى ئاتا ـ ئانام بار ئىدى، مەن دائىم ئاتا ـ ئانامنى باشتىلا غىزالاندۇرۇپ ئاندىن ئەھلىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ئوت ـ چۆپ ئىزدەپ بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. ئاتا ـ ئانامغا ئۇسسۇزلۇق بېرىش ئۈچۈن ، ماللىرىمنى سېغىپ كەلگەن ئىدىم ، ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ. مەن ئۇلارنى ئويغۇتۇشنى لايىق كۆرمىدىم، ئەھلىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن سۇغۇرۇشنىمۇ لايىق كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن كۈتۈپ تۇردۇم. قاچىنى تۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتىۋاتىمەن، كىچىك باللىرىم ئاچلىقتا پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلايتتى، شۇنداق قىلىپ تاڭ يورىدى، ئۇلار ئويغىنىپ سۈتنى ئىچتى. ئى ئاللاھ، شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرىۋەتكىن، دېدى. تاش ئازراق ئېچىلدى، لېكىن ئۇلار چىقىپ كېتەلمەيتتى. يەنە بىرى، ئى ئاللاھ، مېنىڭ تاغامنىڭ ماڭا كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بىلىنىدىغان، مەن قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزى بار ئىدى. مەن ئۇنى نىيەت قىلىپ تەلەپ قويسام، ئۇ مېنى رەت قىلدى. بىر يىلى قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مېنى ئۆز نەپسىگە ئىگە قىلىش شەرتى بىلەن (يەنى مەن بىلەن بىللە بولۇش شەرتى) بىلەن 120 دىينار يەنى ئالتۇن تىللا بەردىم. ئۇ ماقۇل كەلدى، ھەتتا مەن ئۇنىڭغا قادىر بولغان ۋاقتىمدا (يەنى مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى مەقسەت قىلغان ۋاقتىمدا) ئۇ، ئاللاھدىن قورققىن، پېچەتنى يولسىز بۇزما، ئۆزۈڭنى ھەققىسىز ساپما (يەنى نىكاھسىز بۇنداق قىلما) دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن يىراق كەتتىم. ۋەھالەنكى، ئۇ ئايال مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى، مەن ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم، ئالتۇننىمۇ ئالمىدىم. ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرىۋەتكىن دېدى. تاش يەنە ئازراق كۆتۈرۈلدى، ئۇلار يەنە چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۈچىنچىسى ئېيتتى، ئى ئاللاھ، مەن نۇرغۇن مەدىكار، ئىشلەمچىلەرنى ئىش ھەققى بېرىپ ئىشلەتكەن. بىر ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنىلا بېرەلمەي قالغىنىنى بەرگەن ئىدىم، ئۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ قويدۇم. پۇل ـماللار كۆپەيگەن بىر چاغلاردىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن دېدى. مەن ئۇنىڭغا، سەن كۆرۈۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەر، يەنى تۆگە، قوي، كالا، ئات، قۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ دېدىم. ئۇ ھەيران قېلىپ، ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى، مىنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلما دېدى. مەن ئۇنىڭغا سېنى مەسخىرە قىلمىدىم دېسەم، ئۇ بىرەرسىنىمۇ قويماي ھەممىسنى ھەيدەپ ماڭدى. ئى ئاللاھ، ئەگەر بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرىۋەتكىن دېدى. شۇنىڭ بىلەن تاش كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن ياخشى ئەمەللەرنى شىپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىش دۇرۇس، شۇنداقلا بۇ ئەۋلىيالار كارامىتى ھېسابلىنىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ مۆجىزىسىدۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزدۇر؛ مەنسەپلىك، گۆزەل ئايال قانۇنسىز، نىكاھسىز چاقىرسا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدەك قېچىش ۋاجىپ؛ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىش، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەپ قويۇش، تىجارەت قىلىپ قويۇشلار دۇرۇس، دۇئا ئىبادەتتۇر.

( حسن ) انظر فإنك لست بخير من أحمر و لا أسود إلا أن تفضله بتقوى ( حم ) عن أبي ذر

1505 . ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۆزۈڭگە قاراپ باق. ھەقىقەتەن سەن ئاق، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىكلەردىن ياخشى ھېسابلانمايسەن. سەن پەقەت ئۇلاردىن تەقۋالىق بىلەن، ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن، مۇتتەقىي دېگەن ئۇنۋان بىلەن پەزىلەتتە ئارتۇق تۇرىسەن. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) انظرن من إخوانكن ؟ فإنما الرضاعة من المجاعة ( حم ق د ن ه ) عن عائشة

1506 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ قېرىنداشلار ئىكەنلىكىگە قاراڭلار. ھەقىقەتەن ئىمىلدەشلىك دېگەن ئاچلىقتىن، يەنى سۈت تەشنالىقىدىن ئىمىش بىلەن بولىدۇ. (ئاللار بۇنى ھارام بولىدىغان ئىمىلدەشلىك، بالا كىچىك چاغدا ئەمسە بولىدۇ دېدى) بەزىلەر سەھلەت بىنتى سۇھەيلىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ كىشىنى ئىمىتىۋېتىشكە بۇيرۇغان، بۇنىڭدىن چوڭلارمۇ ئەمسە ئىمىلدەش بولىدۇ دېدى. لېكىن، ئاللار مۇسلىمدا بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ كۆڭلىدىكى، قەلبىدىكى نەرسە شۇنداق قىلساڭ يوقايدۇ دەپ ئىللەت سۆزلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلار، تابىئىنلار بارلىق ئاللار ئىمىلدەشلىك، بالا ئىككى ياشتىن تۆۋەن چاغدا ئەمسە بولىدۇ دېدى. ئەبۇ ھەنىيفە ئىككى يېرىم ياشقىچە دېدى، مالىك ئىككى ياش ۋە نەچچە كۈن دېدى، بارلىق جۇمھۇر ئاللار بۇ ھۆكۈمگە قوشۇلدى. دەلىلى، كامىل ئىككى يىل ئىمىتىش ئايىتى ۋە يۇقىرىقى ئاچلىقتىن ئىمىش ھەدىسىدۇر. مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى. يۇقىرىقى ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) انظروا إلى من هو أسفل منكم و لا تنظروا إلى من هو فوقكم فهو أجدر أن لا تزدروا نعمة الله عليكم ( حم م ت ه ) عن أبي هريرة

1507 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە قاراڭلار، سىلەردىن ھەر جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغانلارغا قارىماڭلار. شۇنداق قىلىش، ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان نېئمىتىنى ھاقارەتلىمەسلىككە، ئاز كۆرمەسلىككە، ئەيىبلىمەسلىككە ئەڭ لايىقتۇر. (يەنى تۈز كور بولماي، شۈكرى قىلىشقا ئاپىرىدۇ) لېكىن، ئۆلگە، ئۆرنەك قىلىشتا پەيغەمبەرگە، ساھابىلارغا، تابىئىنلارغا قاراۋېرگىن. يۇقىرىقى ھەدىسنى مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) انظروا قريشا فخذوا من قولهم و ذروا فعلهم ( حم حب ) عن عامر بن شهر

1508 . ئامىر ئىبنى شەھرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرەيشلەرگە قاراڭلار! ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئېلىپ، قىلىقىنى قويۇڭلار (خۇددى دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما دېگەندەك). ئەھمەد ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئۇلارنىڭ سۆزى ھېكمەتلىك بولسا، پايدىلىق بولسا، قۇرئان ـ ھەدىسكە شەرھى، ئىزاھات بولسا ئالغىن.

( حسن ) انظري أين أنت منه ؟ فإنما هو جنتك و نارك ( ابن سعد طب ) عن عمة حصين بن محصن

1509 . ھۇسەيىن ئىبنى مىھسەنىنىڭ ھاممىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېرىڭگە نىسبەتەن قەيەردە ئىكەنلىكىڭگە (يەنى، قانداق مۇئامىلىدە

بولغانلىقىڭغا) قاراپ باق. ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ جەننىتىڭ ياكى سېنىڭ دوۋزىقىڭدۇر، يەنى ئۇ سېنىڭ ئىتائەت قىلىش بىلەن جەننەتكە كىرىشىڭگە، ئاسىي بولۇش بىلەن دوۋزاخقا كىرىشىڭگە سەۋەب بولىدۇ. ئىبنى سەئىد بىلەن تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) أنعت لك الكرسف فإنه يذهب الدم ( د ه ) عن حمنة بنت جحش

1510. ھەمنەت بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا پاختىنى سۈپەتلەپ بېرەيكى، ئۇ قاننى يوقىتىدۇ، ياخشى تازىلايدۇ. (بۇ سۆز، ئۇ ئايال خۇن كېسىلى بولغاندا دېيىلگەن، مەقسەت قاننى تازىلىۋېتىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇغىن دېيىشتۇر) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

انفذ على رسلك حتى تنزل بساحتهم ثم ادعهم إلى الإسلام و أخبرهم بما يجب عليهم من حق الله فيه فوالله لأن يهدي الله بك رجل واحدا خير لك من أن يكون لك حمر النعم ( حم ق ) عن سهل بن سعد

1511. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر خاتىرىدە ئەلىگە دېگەندۇر، ئۇلارنىڭ بىر چېتىگە چۈشكەنگە قەدەر ئاستا يۈرۈش قىل، ئاندىن دۈشمەنلەرنىڭ بىر چېتىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغىن، ئۇلارغا ئىسلام دىنىدا ئاللاھنىڭ ھەقلىرىدىن ۋاجىپ بولىدىغان نەرسىلەرنى خەۋەر قىلغىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ سەن سەۋەبلىك بىر كىشىنى ھەققە ھىدايەت قىلىشى، سەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئېسىل تۆگىلەرنىڭ، مال ـ دۇنيانىڭ بولۇشىدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بىر نەپەر مۆئمىن يەر شارىدىنمۇ مۇھىمدۇر، كىشىلەرنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن تىرىشايلى. بۇ بىز ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى بەرگەندىنمۇ ياخشىدۇر.

( صحيح ) أنفق يا بلال ! و لا تخش من ذي العرش إقلالا ( البزار ) عن بلال وعن أبي هريرة ( طب ) عن ابن مسعود

1512. بىلال، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بىلال، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىل، خىراجەت قىل. ئەرش ئىگىسى ئاللاھ تەرەپتىن ئاز قىلىشىدىن ئەنسىرىمىگىن، يەنى ئۇ زاتنىڭ مۈلكى تۈگىمەيدۇ، ئاز قالمايدۇ، بېرىۋېرىدۇ. بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أنفقي و لا تحصي فيحصي الله عليك و لا توعي فيوعي الله عليك ( حم ق ) عن أسماء بنت أبي بكر

1513. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىپ خەجلىگىن، ھېسابلىۋالما، ئاللاھ ساڭا ھېسابلىۋالىدۇ. يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالما، ئاللاھمۇ ساڭا يىغىۋېلىپ، ساقلىۋالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) انكحوا فإني مكاثر بكم ( ه ) عن أبي هريرة

1514. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھلىنىڭلار، توي قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن كۆپلىكىڭلار بىلەن پەزىلەتكە ئېرىشىمەن، پەخىرلەنگەدەك بولىمەن. سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار بىلەن ئۈممىتى كۆپ پەيغەمبەر بولالايمەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈندۇر.

# ئىننە بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

مەنىسى ھەققەتەن، شەك ـ شۈبھىسىز، جەزمەن دېگەن بولىدۇ.

( صحيح ) إن آثاركم تكتب ( ت ) عن أبي سعيد

1515. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سىلەرنىڭ مەسجىدكە ماڭغان ئىزلىرىڭلارمۇ يېزىلىدۇ (يەنى ساۋاب، ئەجىر يېزىلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

جىھادقا چىققاندىكى ئىزلارنىڭ يېزىلىشى، ئەجىر، ساۋابلار ئايەت، سەھىھ ھەدىستە كۆپتۇر.

إن آدم خلق من ثلاث تربات: سوداء و بيضاء و حمراء ( ابن سعد ) عن أبي ذر

1516. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئادەم ئاتا ئۈچ خىل تۇپراقتىن يارىتىلغان، قارا، ئاق، قىزىل. ئىبنى سەئد توپلىغان، ھەسەن.

تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئېنىق، ئايەتتە بار. بۇ ھەدىس ھەرخىل تەنلىك (سېرىق تەنلىك، ئاق، قارا، قوڭۇر تەنلىك) بولۇشنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ.

إن آل بني فلان ليسوا لي بأولياء إنما وليي الله و صالحوا المؤمنين ( حم طب ) عن عمرو بن العاص

1517. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پالانىنىڭ باللىرىنىڭ ئائىلىسى مېنىڭ دوستۇم ئەمەس. شەك ـ شۈبھىسىز مېنىڭ دوستۇم دېگەن ئاللاھدۇر، مۆئمىنلەرنىڭ سالىھ، ياخشىلىرىدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. دوستلۇقتا ئىمان شەرت.

إن آل جعفر قد شغلوا بشأن ميتهم فاصنعوا لهم طعاما ( ه ) عن أسماء بنت عميس

1518. ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جەئپەرنىڭ ئائىلىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن (يەنى جەئپەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن) مەشغۇل بولۇپ قالدى، ئۇلارغا سىلەر تائام قىلىپ بېرىڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

مۇسىبەت ئەھلىنىڭ نەرسىسنى يېۋالماي، نىسۋە ئېلىۋالماي ياردەم بېرىڭلار.

إن أبخل الناس من بخل بالسلام و أعجز الناس من عجز عن الدعاء ( ع ) عن أبي هريرة

1519. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ بېخىلراقى سالام قىلىشقا بېخىللىق قىلغان كىشىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزراقى دۇئا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىدۇر. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إن إبراهيم ابني و إنه مات في الثدي و إن له ظئرين يكملان رضاعه في الجنة ( حم م ) عن أنس

1520. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، ئۇ ئەمچەكتە ئۆلۈپ كەتتى، يەنى سۈت ئېمىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ھەققەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئىنىكئانا بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ئېمىشىنى جەننەتتە تولۇقلايدۇ، كامىل قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن إبراهيم حرم بيت الله و أمنه و إني حرمت المدينة ما بين لابتيها لا يقلع عضاهها و لا يصاد صيدها ( م ) عن جابر

1521. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى، مەككىنى ھارام قىلدى ۋە ئەمىن، تىنچ قىلدى. ھەققەتەن مەن مەدىنىنى، ئۇنىڭ ئىككى چېتى ئىككى ساي ئارىسىنى ھارام قىلدىم. مەدىنىنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، يۇلۇنمايدۇ، كىيىك ـ توشقانلىرى ئۈركۈتۈلمەيدۇ، يەنى ئۇ جايدا ئوۋ ئوۋلاش ھارام. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھارام قىلىش دېگەن ۋەيران قىلىشتىن توسۇش، چەكلەش. ھۆرمىتىنى ساقلاش قوغدىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

إن إبراهيم حرم مكة و إني حرمت ما بين لابتيها – يريد المدينة – ( حم م ) عن رافع بن خديج

1522. راپىئ ئىبنى خەدىيجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلدى، ھەقىقەتەن مەن مەدىينىنىڭ ئىككى سايلىق ئارىسىنى يەنى مەدىينىنى ھارام قىلدىم. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن إبراهيم حرم مكة و دعا لها و إني حرمت المدينة كما حرم إبراهيم مكة و دعوت لها في مدها و صاعها مثل ما دعا إبراهيم لمكة ( حم ق ) عن عبدالله بن زيد المازني

1523. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيرۇلمازنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ھارام قىلىپ، مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلدى. مەن بولسام ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك، مەدىينىنى ھارام قىلدىم. ئىبراھىم مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەنمۇ مەدىينە ئۈچۈن، ھەتتا ئۇنىڭ جىڭ، تارازا سالىرىغىمۇ دۇئا قىلدىم. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىككى ھەسسە ئارتۇق بەرىكەت تىلىگەن سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى.

( صحيح ) إن إبراهيم لما ألقي في النار لم يكن في الأرض دابة إلا أطفأت النار عنه غير الوزغ فإنها كانت تنفخ عليه( حم ه حب ) عن عائشة

1524. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، زېمىندا بار بولغان ھەرقانداق ھايۋان ئۇنىڭدىن ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەملەشتى. لېكىن ۋەزغى (يەنى كېلە ياكى كەسلەنچۈك تۈرىدىكى بىرھايۋان) ئۇنداق قىلماي، ئەكسىچە ئوتنى ئۇلغايتىشقا پۈۋلىدى. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

يەنە بىر خاتىرىدە، ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە ئوت كەتكەنىدىمۇ پۈۋدەپ بەرگەن ئىكەن.

إن أبر البر أن يصل الرجل أهل ود أبيه بعد أن يولي الأب ( حم خد م د ت ) عن ابن عمر

1525. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلىشنىڭ ياخشىراقى كىشىنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئەھلىگە سىلە ـ رەھىم قىلىپ، ياخشىلىق قىلىشتۇر، يەنى دادىسىنىڭ دوستلىرىغا، ئەھلىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشتۇر. مۇسلىم، ئەھمەد،تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

إن إبليس يضع عرشه على الماء ثم يبعث سراياه فأدناهم منه منزلة أعظمهم فتنة يجيء أحدهم فيقول: فعلت كذا و كذا فيقول: ما صنعت شيئا و يجيء أحدهم فيقول: ما تركته حتى فرقت بينه و بين أهله فيدنيه منه و يقول: نعم أنت ! ( حم م ) عن جابر

1526. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىبلىس، شەيتان پايتەختىنى سۇ ئۈستىگە قويىدۇ (دېڭىزدىكى قاراڭغۇ زۇلمەتكە) ئاندىن قوشۇن، لەشكەرلىرىنى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. قوشۇنىنىڭ ئىچىدە ئىبلىسقا ئورۇن، مەرتىۋە جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنى، پىتنە ـ پاسات، ئازدۇرۇشنى چوڭ، كۆپ قىلغىنىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرسى كېلىپ، مەن ئانداق ـ مانداق قىلغۇەتتىم دېسە، ئىبلىس: سەن تېخى ھېچ ئىش قىلماپسەن، دەپ ئۇنى ياراتمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ، مەن پالاننى ئەھلى بىلەن ئايرىۋەتمىگىچە بولدى قىلماي، ئۇلارنى ئايرىۋەتتىم دەيدۇ. ئىبلىس بۇنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، سەن نېمىدېگەن ياخشى دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئەر ـ ئاياللار، ئائىلىلەر كىچىككىنە باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ.

إن ابن آدم إن أصابه حر قال: حس و إن أصابه برد قال: حس ( حم طب ) عن خولة

1527. خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئادەم بالىسى شۇنداق نازۇك، ئاجىزكى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىسسىق ھارارەت يەتسە، ۋايجان-ۋايەي دەيدۇ، سوغۇق يەتسىمۇ ۋايجان-ۋايەي دەيدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى ھىس دەيدۇ دېگەن سۆز ئىنسانغا تۇيۇقسىز بىرەر نەرسە تەگسە ياكى ئاغرىسا ياكى چىمدىسا دەيدىغان ۋايجان سۆزىدۇر، ئۇنى خەتتە يازغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: چىمدىسا، ئۇرسا ئىچىگە تارتىپ، ھىۋى، ئىسسىپ! دەيدۇ، يەنى ئىچىگە تارتىپ ۋايجان دەيدۇ، ئىڭرايدۇ. ھەدىستىكى مەقسەت، ئىنسان ئاجىز، چىدىماس كېلىدۇ.

إن ابني هذا سيد و لعل الله أن يصلح به بين فئتين عظيمتين من المسلمين ( حم خ 3 ) عن أبي بكرة

1528. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ بالام يەنى ھەسەن سەييىد، خوجا، يولباشچىدۇر. ئاللاھ بۇ بالام بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بولغان چوڭ ئىككى جامائەت ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ، سۈلھى قىلىشى مۇمكىن. بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس مۆجىزىدۇر. چۈنكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكنى مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شام بىلەن ئىراق ئارىسىنى چوڭ ئىككى قوشۇننى ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرگەن، بۇ بىرلىشىش يىلى دەپ ئاتالغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ھەر ئىككىلىسىنى مۇسۇلمان دېگەن، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاكا-ئۇكىلار ئىشىغا ئوخشايدۇ، ئىجتىھاد تەئۋىلىدىن بولغان. توغرا قىلسا ئىككى ئەجىر ئالىدۇ، خاتا قىلسا بىر ئەجىر ئالىدۇ، خاتالىقى مەغپىرەت، ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز. ئۇلار ياخشى كىشىلەر، جەننەت ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر. تارىخ كۆرسەتكىز ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەتكە ئوخشاشنى (بەدايەت ۋە نەھايەتكە) ئوخشاش ئىشەنچلىك توغرىسىنى كۆرۈڭ، خاتا، ساختا بۇرمىلانغاندىن ھەزەر قىلىڭ.

( صحيح ) إن ابني هذين ريحانتاي من الدنيا ( عد ابن عساكر ) عن أبي بكرة

1529. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مىنىڭ بۇ ئىككى ئوغلۇم (يەنى ھەسەن، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار) بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈلۈمدۇر (يەنى شۇنداق ئەتىۋارلىق، ھۆرمەتلىك، مىزىلىك، كۆڭۈل خۇشۇمدۇر) ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أبواب الجنة تحت ظلال السيوف ( حم م ت ) عن أبي موسى

1530. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچ سايىسى ئاستىدا. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس خۇددى جەننەت ئانىنىڭ تاپىنى ئاستىدا دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن جەننەتكە كىرگەندەك، جەڭ مەيدانىغا باتۇرلارچە قىلىچ ئوينىتىپ كىرىپ شەھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

إن أبواب الربا اثنان و سبعون حوبا أدناه كالذي يأتي أمه في الإسلام ( طب ) عبدالله بن سلام

1531. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈمنىڭ ئىشىكلىرى 72 گۇناھى كەبىرە بولۇپ، ئەڭ تۆۋىنى ئىسلامدا مۇسۇلمان تۇرۇپ ئانىسىغا چېقىلغاندەك گۇناھكار بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى تەكشۈرۈپ، سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) إن أبواب السماء تفتح إلى زوال الشمس فلا ترتج حتى يصلى الظهر فأحب أن يصعد لي فيها خير ( حم ) عن أبي أيوب

1532. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاسمان ئىشىكلىرى زاۋالغىچە، كۈن قايرىلغىچە ئوچۇق تۇرىدۇ، (كۈن قايرىلغان، پېشىن ۋاقتىدىمۇ ئوچۇق تۇرىدۇ) پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولمىغۇچە تاقالمايدۇ، مەن ئۇچۈن شۇ ئاسمان ئىشىكلىرى ئوچۇق چاغدا ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئۆرلىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرگەن يەردە بىز تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشىمىز لازىم، ئۇ ئەمەللەر بولسا، ناماز، قۇرئان تىلاۋىتى، جىھاد، ئىلىم، ئىبادەتلەردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا سەدىقىمۇ بار.

( صحيح ) إن أتقاكم و أعلمكم بئاللاھ أنا ( خ ) عن عائشة

1533. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھقا سىلەرنىڭ ئەڭ تەقۋاراقلىرى، ئالىمراقلىرى، مانا مەن بولىمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. راست، ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بەك تونۇيدۇ، قانداق رازى قىلىشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگەتكەن، ئۇ ئەڭ ئالىم، تەقۋا، ياخشى ئۈلگە، ئۆرنەك، قوماندان ، رەھبەردۇر بىز بىدئەت پەيدا قىلماي، ھەربىر ئىشتا ئۇنىڭغا ئەگىشەيلى! بولۇپمۇ، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ـ ھارام، ئىبادەتتە.

( صحيح ) إن أحب أسمائكم عند ئاللاھ: عبد ئاللاھ و عبد الرحمن ( م ) عن ابن عمر

1534. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىسىملىرىڭلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان.... قاتارلىق ئىسىملاردۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. « ئاللاھ نىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئابدۇ، بەندە، قۇل دېگەننى قوشۇپ قويسا ياخشى بولىدۇ»

إن أحبكم إلي و أقربكم مني في الآخرة مجالس أحاسنكم أخلاقا و إن أبغضكم إلي و أبعدكم مني في الآخرة أسوؤكم أخلاقا الثرثارون المتفيهقون المتشدقون ( حم حب طب هب ) عن أبي ثعلبة الخشني .

1535. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقلىرى، قىيامەت كۈنى مەجلىسلەردە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشىراقلىڭلاردۇر، ھەقىقەتەن ماڭا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكلىڭلار، ئاخىرەتتە مەندىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ناچار، يامىنىڭلاردۇر، ئۇلار شۇنداق كۆپ گەپ قىلىدىغانلار، سورۇنسىمۇ سۆزلەيدىغانلار، ۋە سۆزنى ئېھتىياتسىز ، ھەزەر قىلماستىن كەڭرى، ئارتۇق سۆزلەيدىغانلار، بولۇپمۇ كىشىلەرنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىپ سۆزلەيدىغانلار، ئاغزىنى كەڭ ئېچىپ سۆزنى كۆپ قىلىدىغان، ياساپ سۆزلەيدىغانلار، تولدۇرۇپ سۆز قىلىدىغانلاردۇر،ئەخلاقسىز مۇتەكەببىرلەردۇر. خۇلاسىلىگەندە، كۆپ سۆزلىگۈچى كىشىلەرگە ئۇزۇن گەپ قىلغۇچى ھەم مۇتەكەببىردۇر، ئەھمەد 17066 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1941 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، بەيھەقىلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحد جبل يحبنا و نحبه ( ق ) عن أنس

1536. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇھۇد بىزنى ياخشى كۆرىدىغان تاغدۇر، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، مانا بۇ بىزنىڭ كائىنات بىلەن بولغان باغلىنىشىمىز، مۇئامىلە قىلىشىمىز، مۇھىتنى قوغدىشىمىز قاتارلىقلار.

( صحيح ) إن أحدكم إذا قام في صلاته فإنه يناجي ربه و إن ربه بينه و بين القبلة فلا يبزقن أحدكم قبل قبلته و لكن عن يساره أو تحت قدمه ( ق ) عن أنس

1537. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، ئۇ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجات قىلىشىدۇ، ھەقىقەتەن

رەببى قىبلە بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنى ئالدىدا تۇرىدۇ، (ئوخشىشى يوق، ئۇ قادىر) شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىڭلار نامازدا قىبلە تەرىپىگە ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن، لېكىن، سول ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، يەنى سول تەرىپىدە كىشى بولۇپ قالسا، پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرىدۇ، يا پېشىگە ئېتىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحدكم إذا قام يصلي إنما يناجي ربه فلينظر كيف يناجيه ؟ ( ك ) عن أبي هريرة

1538. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، رەببى ئاللاھ بىلەن مۇناجات قىلىشىدۇ، ئاللاھقا قانداق مۇناجات قىلىپ، سۆزلىشىشكە قاراپ قويسۇن، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يەنى ھەربىر سەجدە، رۇكۇ، دۇئالاردا بولۇپمۇ خىتابلاردا دىققەت قىلىپ كۆرگەندەك ھالەتتە ئوقۇسۇن.

( صحيح ) إن أحدكم إذا قام يصلي جاء الشيطان فلبس عليه حتى لا يدري كم صلى ؟ فإذا وجد ذلك أحدكم فليسجد سجدتين و هو جالس ( مالك ق د ن ) عن أبي هريرة

1539. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، شەيتان كېلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئېلىشتۇرىۋېتىدۇ، ئۇ كىشى قانچىلىك ناماز ئوقۇغىنىنى بىلەلمەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ئەھۋالنى تېپىپ قالسا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ھالدا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن، مالىك، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحدكم إذا كان في الصلاة فإن ئاللاھ قبل وجهه فلا يتنخمن أحد منكم قبل وجهه في الصلاة ( حم خ د ه ) عن ابن عمر

1540. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلار نامازدىكى چاغدا شەك ـ شۈبھىسىز ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزى تەرەپتە ئالدىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن بىر كىشى نامازدا تۇرۇپ، يۈزى تەرەپكە، ئالدىغا بەلغەم تۈكۈرمىسۇن، (بۇرۇن سۈيىمۇ شۇنداق) بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحدكم إذا كان في صلاته فإنه يناجي ربه فلا يبزقن بين يديه و لا عن يمينه و لكن عن يساره و تحت قدمه ( ق ) عن أنس

1541. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، توپلىغان، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش، مەزمۇنى ئۇ مۇناجات قىلىۋاتقاچقا ئالدىغا، ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمىسۇن، لېكىن، سول تەرىپىگە پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحدكم يأتيه الشيطان فيقول: من خلقك ؟ فيقول: ئاللاھ فيقول: فمن خلق ئاللاھ ؟ فإذا وجد ذلك أحدكم فليقل: آمنت بئاللاھ و رسوله فإن ذلك يذهب عنه ( حم ) عن عائشة

1542. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارغا شەيتان كېلىپ مۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ، سېنى كىم ياراتتى؟ بىرىڭلار ئاللاھ ياراتتى دېسە، ئۇ ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ۋەسۋەسە ئەھۋالنى تاپسا، دەرھال ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇم، شەكسىز ئىشەندىم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشىنىمەن دېسۇن، ھەقىقەتەن شۇنداق دېيىش، ئۇنىڭدىن شۇ ۋەسۋەسە، گۇمانى يوق قىلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. شۇنداق دېيىش بىلەن بىرگە شەيتاندىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەپ، ئىلىم ئالسۇن، تەپەككۇر قىلسۇن، ئاللاھ دېگەن ياراتقۇچى، خالىق، ئوخشىشى يوق، مەخلۇق ئەمەس، پەيدا بولغان ئەمەس، ئۇ بارلىق ھادىسلەرنى، مەخلۇقلارنى ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى، تەڭداشسىز زات، قەتئىي ئوخشىشى يوق، ئاللاھۇ ئەكبەر.

إن أحدكم يجمع خلقه في بطن أمه أربعين يوما نطفة ثم يكون علقة مثل ذلك ثم يكون مضغة مثل ذلك ثم يبعث ئاللاھ إليه ملكا و يؤمر بأربع كلمات و يقال له: اكتب عمله و رزقه و أجله و شقي أو سعيد ثم ينفخ فيه الروح فإن الرجل منكم ليعمل بعمل أهل الجنة حتى لا يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل النار فيدخل النار و إن الرجل ليعمل بعمل أهل النار حتى ما يكون بينه و بينها إلا ذراع فيسبق عليه الكتاب فيعمل بعمل أهل الجنة فيدخل الجنة ( ق 4 ) عن ابن مسعود .

1543. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ يارىلىشى، ئانا قورسىقىدا 40 كۈن مەني، ئىسپېرما ھالەتتە جۇغلىنىپ تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە 40 كۈن لەختە قان ھالەتتە تۇرىدۇ، ئاندىن شۇنىڭدەك يەنە 40 كۈن چاينالغان گۆشتەك تۇرىدۇ، ئاندىن تۆت ئايدىن كېيىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ تۆت كەلىمىنى پۈتۈشكە بۇيرۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ ، ئۇ بالىنىڭ ئەمەلىنى، رىزقىنى، ئەجەل، ئۆمرىنى شەقى، يا سائادەتمەن ئىكەنلىكىنى يازغىن (يەنە بىر خاتىرىدە بولسا، جاۋا بېرىلىدۇ) ئاندىن روھ، جان پۈۋدىلىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرىقى شەقى دەپ يېزىلىشى ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، دوۋزاخقا كىرىدۇ، (مانا شۇ ئەھۋالنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، شۇنداق يازغاندۇر) ھەقىقەتەن بىر كىشى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ كېلىپ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر گەزلا قالغاندا، ئۇنىڭغا كىتابى يۇقىرىقى ، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازغان سائادەتمەن بولۇش ئىلگىرىلەيدۇ ـ دە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ، (چۈنكى، ئارىلىقى بىر گەزلا قالغان ـ دە) بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. تۆت كىتاب، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:

1ـ تۆرەلمە ئىلمىدىكى مۆجىزە، بولۇپمۇ ئېنىق بولغان كۈن سانى، توپلىنىدۇ، جۇغلىنىدۇ دېگەن سۆز، ئۇ ئىسپېرما ھۈجەيرىسى بولۇپ، بۇلارمۇ جۇغلىنىدۇ، شۇنداقلا ھازىر ھەدىستىكىدەكلا ئىسپاتلاندى.

2ـ رىزىق، ئەجەل توشقاندا، راستىنلا ئۈلۈۋاتىدۇ.

3ـ روھ، جاننىڭ پۈۋلىنىشى باشقا ئالەمدىن كېلىشىدۇر.

4ـ كىشىلەرنىڭ راستىنلا ئىككى تائىپە بولۇشى.

5ـ تەقدىر، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش.

6ـ ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى ۋە پۈتۈشى.

7ـ ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولۇشى.

8ـ ئۆلەر ۋاقتىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن، تەۋبە قىلسۇن دەپ بۇنى سۆزلىگەن.

9ـ بىز بۇرۇنلا ئالدىن بىلىپ يازغاننى قىلمىز،ئەمەلىيەتتە بىز قىلىدىغاننى بىلىپ يازغاندۇر.

10ـ بۇ ھەدىستە ئاللاھ ، بۇرۇنقىنى،ھازىرقىنى،ۋە كەلگۈسىدىكىنى بىراقلام ئالدىن بىلىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

( حسن ) إن أحساب أهل الدنيا: الذين يذهبون إليه هذا المال ( حم ن حب ك ) عن بريدة .

1544. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دۇنيا ئەھلىنىڭ ھەسەپلىرى، پەزىلىتى، شەرەپلىرى، پەخىرلىنىشى، كۆپايىلىنىشى، مۇشۇ مال ـ دۇنيادۇر، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكىگە يۈرۈش قىلىدۇ، (چۈنكى ئۇلار دۇنيا ئەھلى). ئەھمەد 21912 ـ ھەدىس، نەسەئى 3173 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحسن ما دخل الرجل على أهله إذا قدم من سفر أول الليل ( د ) عن جابر

1545. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ سەپەردىن كەلگەندە ئەھلىگە كىرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقتى ، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح )إن أحسن ما غيرتم به هذا الشيب: الحناء و الكتم ( حم 4 حب ) عن أبي ذر .

1546. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئاق چاچنى، ئاق ساقالنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى

خىنىدۇر ۋە كەتىمە دېگەن ئۆسۈملۈكتۇر، ياغ ئارىلاشتۇرۇلغان زائىپىراندۇر، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار كەتىمىنى، خىنە بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسە، چاچ ـ ساقالنى قارا قىلىپ قويىدۇ، بۇ قارا بوياشتىن چەكلەنگەن، كەتمى دېگەن خىنىگە ئوخشاش ئۆسۈملۈكنى ئايرىم ئىشلەتسۇن دېگەن ، دىنىسىزلارغا ئوخشىماسلىق شەرت.

( صحيح ) إن أحق الشروط أن توفوا به ما استحللتم به الفروج ( حم ق 4 ) عن عقبة بن عامر

1547 ، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ۋاپا قىلىشقىلارغا ئەڭ ھەقلىق، لايىق بولغان شەرتلەر بولسا، سىلەر ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ھالال قىلغان شەرتلەردۇر، يەنى نىكاھدا قويۇلغان شەرتلەردۇر، مېھرى تويلۇقتا ۋاپا قىلىشدۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أحق ما أخذتم عليه أجرا كتاب ئاللاھ ( خ ) عن ابن عباس

1548. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەجىر، ئىش ھەققى ئالىدىغان نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ لايىق، ھەقلىقراقى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى بۇخارى تېبابەتنىڭ كىتابىدا توپلىغان. 5296 ـ ھەدىس بولۇپ، ھەدىس خېلى ئۇزۇن بولۇپ ، ئۇلار سۈرە فاتىھە بىلەن كېسەل داۋالاپ، بىر نەچچە قوينى ئېلىپ كېلىپ، دە ـ تالاش قىلغاندا، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى دېگەن ئىدى، بۇخارى رەھمەھۇللا، بىر نەچچە قويغا رۇقى قىلىپ، ئايەتى شىپا ئوقۇپ، داۋالاشتا شەرت قويۇش دەپ باب قويغان، شۇنداقلا، ئىجارىنىڭ كىتابىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ، داۋالاشقا بېرىلگەن ئەجىر ھەققى دەپ باب قويغان.

شۇئبى رەھمەھۇللا مۇئەللىم شەرت قويمىسا، پەقەت ئازراق نەرسە بېرىلسە، ياكى شەرت قويسىمۇ قوبۇل قىلسا بولىدۇ دېگەن ، يەنى بۇ تەپسىر ھەدىس ئۆگىتىش مەسىلىسى، ئىسلام دۆلىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ھەسەن بەسرى، ئىلىم ئېلىشتا ئۇستازىغا 10 دىرھەم بېرەتتى، مۇئەللىملەرنىڭ ئەجىر ، ھەق ئېلىشنى ھېچكىشى مەكروھ دېمىگەن دەپ مۇشۇ بابدا خاتىرىلەندى، جۇمھۇر ئالىملار قۇرئان ئۆگىتىشكە ئەجىر، ھەق ئالسا بولىدۇ دېدى، دەلىل، مۇشۇ ھەدىستۇر، ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا، ئايەتى شىپاغا بولىدۇ، ئىلىم ئۆگىتىشدە بولمايدۇ دېدى، چۈنكى، ئىبادەتكە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما ، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشقا خوتۇن ئېلىپ بەرگىنى سەھىھ، بەزى ئالىملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن ئەجىر، ھەق دېگىنى ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ دېگەن ، لېكىن، بۇ سۈرىنى تىلاۋەتتە دېمىگەن، بەلكى ئايەتى شىپا ئوقۇغاندا دېگەندۇر ، كېسەلنى ساقايتسا، ئەنە شۇنداق دۇرۇس، ئەگەر ساختا بولسا، ساقايتالمىسا، دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ ئىشنى كەسىپ قىلىۋالسا، تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئۇنداق كەسىپ قىلماي، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

( صحيح ) إن أخاكم النجاشي قد مات فقوموا فصلوا عليه ( م ن ) عن جابر ( حم م ت ن ه ) عن عمران بن حصين ( ه ) عن مجمع بن جارية

1549. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۆجىزە خاراكتىرلىك ھالدا غەيىبدىن خەۋەر بېرىپ، مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قېرىندىشىڭلار نەجاشى شەكسىز ۋاپات بولدى، تۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا ناماز چۈشۈرۈڭلار، ( دەپ ناماز ئوقۇغان، نەجاشى ھەبەشىستان پادىشاھى مۇسۇلمان كىشى ئىدى، يوق يېرىدە غائىپ ناماز ئوقۇغان، بۇ دۇرۇس) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، نەسەئى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىندىن، مەجمەئ ئىبنى جارىيەدىن توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أخاك محبوس بدينه فاقض عنه ( حم ه هق ) عن سعد بن الأطول

1550. سەئد ئىبنى ئەتۋەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ۋاپات تاپقان قېرىندىشىڭلار، قەرزگە مەھبۇس بولۇپ، تۇتۇلۇپ قالسا، سەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلغىن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا شەھىد بولسىمۇ قەرز كەچۈرۈلمەس، ھەدىسى ئۆتتى.

إن أخوف ما أخاف على أمتي الأئمة المضلون ( حم طب ) عن أبي الدرداء .

1551. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسەم بولسا، يەنى مەن ئەڭ قاتتىق قورقۇپ، ئەنسىرەيدىغان نەرسە، ئىلىمسىز ئازدۇرغۇچى ئىماملاردۇر، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان سەھىھ.راست شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

( صحيح ) إن أخوف ما أخاف على أمتي عمل قوم لوط ( حم ت ه ك ) عن جابر

1552. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان ئەڭ قورقۇنۇشلۇق نەرسە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىشى، يەنى لىۋات، بەچچىۋازلىقتۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن أخوف ما أخاف على أمتي في آخر زمانها: النجوم و تكذيب بالقدر و حيف السلطان ( طب ) عن أبي أمامة

1553. ئەبۇ ئۇمامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمگە زامانىنىڭ ئاخىرىدا ئەنسىرەيدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ قورقۇنۇشلۇقى، ئىلمى نۇجۇم، يۇلتۇز بىلەن پال سېلىش، غەيىپ داۋاسى قىلىش، نېئمەت سەۋەبىنى يۇلتۇزغا باغلاش، تەقدىرنى ئىنكار قىلىش، سۇلتاننىڭ زۇلۇم قىلىشىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أخوف ما أخاف على أمتي كل منافق عليم اللسان ( حم ) عن عمر .

1554. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسەم بولسا، ھەرقانداق تىلى مۇلايىم، سۆزى ئۆتكۈر، تىلغا باي، تىلى ئالىم، سۆزى قايىل قىلارلىق مۇناپىقتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، بۇنداق مۇناپىق ئاسانلا سۆزگە ئىشەندۈرىدۇ، شېرىن سۆزگە ئەمەس، سالامەت قەلبگە قاراپ نىيىتىگە قاراپ، ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش قىلايلى.

إن أخوف ما أخاف عليكم الشرك الأصغر الرياء يقول ئاللاھ يوم القيامة إذا جزي الناس بأعمالهم: اذهبوا إلى الذين كنتم تراءون في الدنيا فانظروا هل تجدون عندهم جزاء ( حم ) عن محمود بن لبيد .

1555. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرگە ئەڭ ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق نەرسە، كىچىك شېرىكتۇر، ئۇ بولسا، رىيا قىلىشتۇر، ئاللاھ قىيامەت كۈنى كىشلەرنىڭ ئەمەللىرىگە مۇكاپات بەرگەندە، رىياخورلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر دۇنيادىكى چاغدا، رىيا قىلىپ، ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن، كۆرسۇن دېگەن كىشلىرىڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا مۇكاپات، ساۋابىنى تاپالامسىلەر؟ قاراپ بېقىڭلار، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن أخوف ما أخاف عليكم بعدي كل منافق عليم اللسان ( طب هب ) عن عمران بن حصين

1556. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن، ئەنسىرەيدىغان قورقۇنۇشلۇق

نەرسە، ھەرقانداق تىلغا باي تىلى مۇلايىم، شېرىن سۆزلۈك مۇناپىقدۇر، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاپ كەتىدىغان مۇنداق پەرقلىنىدۇ.

1. ساھابىلەر ئوخشاشمايدۇ، بىرى ئۆمەر، بىرى ئىمراندۇر.

2. كاتىپلار ئوخشىمايدۇ، بىرى ئەھمەد، بىرى تەبرانى، بەيھەقى.

3. سىلەرگە دېگەن سۆز بىلەن ئۈممىتىم دېگىنى شۇنداقلا مەندىن كېيىن دېگەن سۆز ئوخشاشمايدۇ.

إن أدنى أهل الجنة منزلا رجل صرف ئالالاھ وجهه عن النار قبل الجنة و مثل له شجرة ذات ظل فقال: أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها فقال ئالالاھ: هل عسيت أن تسألني غيره ؟ قال: لا و عزتك فقدمه ئالالاھ إليها و مثل له شجرة ذات ظل و ثمر فقال: أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها و آكل من ثمرها فقال ئالالاھ: هل عسيت إن أعطيتك ذلك أن تسألني غيره ؟ فيقول: لا و عزتك فيقدمه ئالالاھ إليها فيمثل ئالالاھ له شجرة أخرى ذات ظل و ثمر و ماء فيقول: أي رب قدمني إلى هذه الشجرة فأكون في ظلها و آكل من ثمرها و أشرب من مائها فيقول له: هل عسيت إن فعلت أن تسألني غيره ؟ فيقول: لا و عزتك لا أسألك غيره فيقدمه ئالالاھ إليها فيبرز له باب الجنة فيقول: أي رب قدمني إلى باب الجنة فأكون تحت سجاف الجنة فأرى أهلها فيقدمه ئالالاھ إليها فيرى الجنة و ما فيها فيقول: أي رب أدخلني الجنة فيدخل الجنة فإذا دخل الجنة قال: هذا لي ؟ فيقول ئالالاھ له: تمن فيتمنى و يذكره ئالالاھ عز و جل سل من كذا و كذا حتى إذا انقطعت به الأماني قال ئالالاھ: هو لك و عشرة أمثاله ثم يدخله ئالالاھ الجنة فيدخل عليه زوجتاه من الحور العين فيقولان: الحمد لله الذي أحياك لنا و أحيانا لك فيقول: ما أعطي أحد مثل ما أعطيت و أدنى أهل النار عذابا ينعل من نار بنعلين يغلي دماغه من حرارة نعليه ( حم م ) عن أبي سعيد

1557. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ مەنزىلى،مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەن كىشىسى بولسا، ئالالاھ يۈزىنى دوۋزاختىن جەننەت تەرىپكە چۆرگەن كىشىدۇر، ئالالاھ ئۇنىڭغا سايىلىق بىر دەرەخنىڭ سۈرىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ، بۇنى كۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم! مېنى بۇ دەرەخنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويساڭ، مەن ئۇنىڭ سايىسىدا بولسام، ئالالاھ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنداق قىلسام، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىمۇ مەندىن سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇندىن باشقىنى سورىمايمەن دەيدۇ، ئالالاھ ئۇنى يېقىن قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن سايىسى، مېۋىسى بار، بىر توپ دەرەخنى ھاسىل قىلىدۇ، كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئەي رەببىم، مېنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېقىن قىلساڭ، سايىدىسام، مېۋىسىنى يېسەم دەيدۇ، ئالالاھ ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇنى بەرسەم، مەندىن يەنە باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ، ئۇ يەنە ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ھەرگىز سورىمايمەن دەيدۇ، ئالالاھ ئۇنى يېقىن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئارقىسىدىنلا سايىسى، مېۋىسى ، سۈيى بار، بىر توپ دەرەخنى ھاسىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.ئاندىن ئۇ قەسىمىنى بۇزۇپ، ئى رەببىم، مېنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا يېقىن قىلىپ قويساڭ، سايىسىدا سايىدىسام، مېۋىسىنى يېسەم، سۈيىنى ئىچسەم دەيدۇ، ئالالاھ ئۇنىڭغا ئەگەر شۇنداق قىلسام، مەندىن يەنە باشقىسىنى سورايسەن دەيدۇ، ئۇ ياق، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز سورىمايمەن دەيدۇ، ئالالاھ ئۇنى بۇ دەرەخنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاشكارىلاپ كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئاندىن ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويساڭ، مەن جەننەتنىڭ پەردىسىنىڭ يوچۇقىدا تۇرۇپ، جەننەت ئەھلىنى كۆرۈۋالسام دەيدۇ، ئالالاھ بۇ قېتىم قەسەم قىلدۇرمايلا ئاپىرىپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇ جەننەتنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، ئى رەببىم! مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۇ جەننەتكىمۇ كىرىدۇ، جەننەتكە كىرىپ، ئاھ! مانا بۇ مېنىڭ بولدى دەپ خۇشال بولىدۇ، ئالالاھ ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا! دەيدۇ، ئۇ ئارزۇ قىلىپ، ئارزۇسىنى توگەتكەندە، ئالالاھ ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ، ئانى سورا، مانى سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈزۈلۈپ، پەقەت توگىگەندە، ئالالاھ ئۇنىڭغا بۇ جەننەت، ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە سېنىڭ بولسۇن دەيدۇ، ئاندىن ئالالاھ ئۇنى جەننەتكە رەسمىي، ھەقىقى كىرگۈزگەندە، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھۆرلىئەيىن يەنى خوما كۆزلۈك، شەھلا كۆزلۈك،

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى گۈزەل، يۈزلىرى گۈزەل، جەننەت ئاياللاردىن ئىككى ئايال كىرىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار سىنى بىزگە بىزنى ساڭا ياراتقان ئاللاھقا خاستۇر دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندە ماڭا بېرىلگەن بۇ مۇكاپاتلار ھېچكىشىگە بېرىلمىدى دەپ قالىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئىدى) ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابتا ئەڭ تۆۋەن ئازابلىنىدىغان كىشىگە ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈلىدۇ، شۇ ئوتتىن بولغان ئىككى ئاياغنىڭ ھارارىتى، قىزىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى، دىمىغى قاينايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ۋە ئادىللىقى، مانا بۇ ئىككى غايە ئىككى قارارگاھ، مانا بۇ ئىككى مەنزىلنىڭ ئەڭ تۆۋىنى يۇقىرىسى قانداق بولار ھە؟! ئاللاھ بىزنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!

إن أرواح الشهداء في جوف طير خضر لها قناديل معلقة تحت العرش تسرح من الجنة حيث شاءت ثم تأوي إلى تلك القناديل فاطلع إليهم ربهم اطلاعة فقال: هل تشتهون شيئا ؟ قالوا: أي شيء نشتهي و نحن نسرح من الجنة حيث شئنا ؟ فيفعل ذلك بهم ثلاث مرات فلما رأوا أنهم لم يتركوا من أن يسألوا قالوا: يا رب نريد أن ترد أرواحنا في أجسادنا حتى نرجع إلى الدنيا فنقتل في سبيلك مرة أخرى! فلمارأى أن ليس لهم حاجة تركوا(م ت) ابن مسعود

1558. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شېھىدلەرنىڭ روھلىرى، يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، بۇ قۇشلارنىڭ قەپەسلىرى ئەرشى تەھتىدە ئېسىقلىق تۇرىدۇ، قۇشلار بىلەن ئۇ روھ جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە يايراپ، ئوتلاپ، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ئاندىن قەپەسلىرىگە قايتىشىدۇ، رەببى ئۇلارغا ئاشكارا بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: يەنە بىرەر نەرسە ئارزۇ قىلامسىلەر؟ ئۇلار بىز جەننەتتە خالىغان يېرىمىزدە ياياراپ، ئۇچۇپ يۈرسەك، يەنە قانداق نەرسىنى ئارزۇ ۋە ئىشتىھا قىلارمىز؟ دەيدۇ، بۇ سوئال ـ جاۋابلار ئۇلارغا ئۈچ قېتىم قىلىنىدۇ، ئۇلار زادى بىرەر نەرسە تۇرمىغۇچە تەرك ئېتىلمەيدىغىنىنى بىلگەندە، مۇنداق دەپ سورايدۇ، ئى رەببىمىز ئاللاھ، بىز سىلىنىڭ روھلىرىمىزنى جانلىرىمىزنى، جەسەدلىرىمىزگە قايتۇرۇشلىرىنى مەقسەت قىلىمىز، دۇنياغا قايتىپ، سىلىنىڭ يوللىرىدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، شېھىد بولساق دەيمىز. ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن ھېچبىر ھاجەتنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار سوئال سوراشدىن تەرك ئېتىلىدۇ، (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇراتتى ،بۇنى بىزلەرگە شېھىد بولسۇن دەپ سۆزلەتتى) مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أرواح الشهداء في طير خضر تعلق من ثمار الجنة( ت ) عن كعب بن مالك .

1559. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شېھىدلارنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ ئىچىدە جەننەتنىڭ مېۋىلىرىگە ئېسىلىپ ئوتلاپ يۈرىيدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أرواح المؤمنين في طير خضر تعلق بشجر الجنة ( ه ) عن أم بشر بن البراء بن معرور وكعب بن مالك

1560. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىبنى ماجە، ئۇممە بەشەردىن، كەئبى ئىبنى ئۇجرەتتىن توپلىغان، سەھىھ، ئوخشمايدىغان يېرى، بۇ ھەدىستە شېھىد دېمەي، مۆئمىنلەر دېيىلگەن.

إن أزواج أهل الجنة ليغنين أزواجهن بأحسن أصوات ما سمعها أحد قط إن مما يغنين: ; نحن الخيرات الحسان أزواج قوم كرام ; ينظرن بقرة أعيان ; و إن مما يغنين به: ; نحن الخالدات فلا يمتنه نحن الآمنات فلا يخفنه ; نحن المقيمات فلا يظعنه ( طس ) عن ابن عمر

1561. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىگە ئەڭ گۈزەل ئاۋازلار بىلەن ناخشا ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇ ناخشىنى ھېچبىر كىشى ئاڭلاپ باقمىغان، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىدا مۇنداق سۆزلەر بار، بىز ئەڭ ياخشى، گۈزەل ۋە ئەخلاقلىق ئاياللار، ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ قەۋمنىڭ ئاياللىرى ئۇلار ناخشا ئېيتقاچ، شەھلا كۆزلىرى بىلەن قەلبنى خاتىرجەم قىلىپ، كىشىنى خۇرسەن قىلىپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدىن

يەنە مۇنداق سۆزلەر بار، بىز مەڭگۈلۈكىمىز ھەرگىز ئۆلمەيمىز، بىز خاتىرجەم، ئەمىنمىز، ھەرگىز قورقمايمىز، بىز مۇقىم تۇرىمىز، ھەرگىز كۆچمەيمىز، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

إن أشد الناس بلاء الأنبياء ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ( ك ) عن فاطمة بنت اليمان

1562. پاتىمە بىنتى يامان رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ بالاسى، سىناقلىرى دەرد ـ ئەلەملىرى ئەڭ قاتتىق، ئېغىر بولىدىغىنى پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلار، ئاندىن قالسا ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلاردۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أشد الناس عذابا يوم القيامة: المصورون ( حم م ) عن ابن مسعود

1563. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغىنى ، سۈرەت سىزغۇچىلاردۇر، ھەيكەل ياسىغۇچىلاردۇر، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن أشد هذه الأمة بعد نبيها حياء: عثمان ( أبو نعيم في فضائل الصحابة ) عن أبي أمامة

1564. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزدىن قالسا، ئەڭ قاتتىق ھايا قىلىدىغان كىشى ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، يەنى خەلىپە. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

إن أصحاب هذه الصور يعذبون يوم القيامة فيقال لهم: أحيوا ما خلقتم(مالك حم ق ن ه عن عائشةق ن) ابن عمر

1565. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ سۈرەتنى سىزغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئۇلارغا ياراتماقچى بولغان نەرسەڭلارنى تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار دېيىلىدۇ ، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أطيب ما أكلتم من كسبكم و إن أولادكم من كسبكم ( تخ ت ن ه ) عن عائشة

1566. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر يېگەن نەرسىنىڭ ئەڭ پاك، ھالالراقى ئۆزۈڭلارنىڭ كەسپى، ھەقىقەتەن ئەۋلاد، باللىرىڭلار سىلەرنىڭ كەسپىڭلاردۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەرسىنى ئىزنىسىز يەڭلار) تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

إن أعظم الذنوب عند ئاللاھ رجل تزوج امرأة فلما قضى حاجته منها طلقها و ذهب بمهرها و رجل استعمل رجلا فذهب بأجرته و آخر يقتل دابة عبثا ( ك هق ) عن ابن عمر

1567. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىدە، گۇناھى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان كىشى بولسا، بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىپ، توي قىلىپ، ئاندىن ھاجىتىنى ئادا قىلىۋېلىپ، تويلۇقنى ئېلىۋېلىپ، تالاق قىلغان ئەردۇر، يەنە بىرسى بولسا، بىرەر كىشىنى ئىشقا، مەدىكارلىققا سېلىپ ئىش ھەققىنى بەرمەي، ئۆزى ئېلىۋېلىپ، كەتكۈزۈۋەتكەن كىشىدۇر، يەنە بىرسى بولسا، ھايۋاننى ئويۇننىڭ ئورنىدا بىكاردىنلا قارىغا ئېتىش، نىشانى قىلىپ ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، مانا بۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئېغىردۇر، ھەسەن.

( صحيح ) إن أعظم المسلمين في المسلمين جرما: من سأل عن شيء لم يحرم على المسلمين فحرم عليهم من أجل مسألته ( حم ق د ) عن سعد

1568. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى گۇناھى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدىغان كىشى، مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنمىغان نەرسە توغرىسىدا سوراپ، شۇنىڭ، سوئالىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارغا شۇ نەرسە ھارام قىلىنىپ

كېتىدىغان كىشىدۇر، (يەنى سوئال سوراپ ھارام قىلىنىشقا سەۋەب بولغۇچى) ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أعظم الناس عند ئاللاھ فرية: لرجل هاجى رجلا فهجا القبيلة بأسرها و رجل انتفى من أبيه و زنى أمه ( ه هق ) عن عائشة

1569. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ نەزىدە ئەڭ چوڭ بۆھتان قىلغۇچىسى، تۆھمەتتە گۇناھى ئېغىرراقى بولسا، بىرەر كىشىگە ھەجۋىي ، شېئىرى ئوقۇيدىغان، ئاندىن شۇ قەبىلىنى چالا قويماي، ھەجۋىي شېئىرگە كىرگۈزۈۋالىدىغان كىشىدۇر ۋە دادىسىدىن تانىدىغان ئانىسى بىلەن زىنا قىلىدىغان كىشىدۇر، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أعمال العباد تعرض يوم الاثنين و يوم الخميس ( حم د ) عن أسامة بن زيد

1570. ئەسمائ بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى تەڭلىنىدۇ، (يەنى يۇقىرىغا ئۆرلەپ قوبۇل قىلىنىدۇ، ھېساب ـ كىتاب قىلىنىدۇ) ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أفضل عباد ئاللاھ يوم القيامة: الحمادون ( طب ) عن عمران بن حصين

1571. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، پەزىلەتلىكى بولسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانانى كۆپ ئېيتقۇچىلاردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن أفضل ما تداويتم به: الحجامة و القسط البحري فلا تعذبوا صبيانكم بالغمز ( م ) عن أنس

1572. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ياخشىراقى قان ئالدۇرۇشتۇر، دېڭىزغا مەنسۇپ بولغان قىستى ئىسمىلىك، خۇشپۇراق دورا ئۆسۈملۈكدۇر، (بۇنى كىشىلەر قىستى، بەھرى دەپ ئاتىشىدۇ) كىچىك، سەبى باللىرىڭلارنى ئۈلارنىڭ گاللىرىغا، تامغاقلىرىغا مەلۇم كېسەل سەۋەبىدىن بارماقلىرىڭلارنى سىلىپ ئازابلىماڭلار ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ 2952 ـ ھەدىس، بۇخارىي 5263 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11603 ـ ھەدىس.

إن أقربكم مني منزلا يوم القيامة: أحاسنكم أخلاقا في الدنيا ( ابن عساكر ) عن أبي هريرة

1573. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى مەنزىل جەھەتتىن ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار مۇشۇ دۇنيادا ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، (يەنى جەننەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر جايدا بولالايدۇ) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن أقل ساكني الجنة: النساء ( حم م ) عن عمران بن حصين

1574. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتتە ياشىغۇچى، جەننەتتە تۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئازراقى ، ئاياللار ئىكەن، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار دېگەن سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى. راستىنلا (ئايال كىشىنىڭ جەننەت ئەھلى بولۇشى ناھايىتى ئاز ئىكەن.بىر كىشىگە ئىككى ئايال بېرىشمۇ باردۇر.)

إن أقواما بالمدينة خلفنا ما سلكنا شعبا و لا واديا إلا و هم معنا حبسهم العذر ( خ ) عن أنس .

1575. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىنىدە بىزنىڭ كەينىمىزدە قالغان جىھادقا چىقالمىغان كىشىلەرگە ئۆزرىسى

كۆپايە بولىدۇ، بىز ھەرقانداق بىر يولغا كىرسەك، يولدا ماڭساق، ياكى بىرەر چۆل باياۋاننى كېزىپ ئۆتسەك، ۋەھالەنكى ئۇلار بىز بىلەن بىللە يەنى ئەجىر، ساۋاپتا بىللە ھېسابلىنىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن أقواما يخرجون من النار يحترقون فيها إلا دارات وجوههم حتى يدخلون الجنة ( حم م ) عن جابر

1576. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخدىن چىقىدىغان قەۋملەرنىڭ ھەممە يېرى دوۋزاختا كۆيسىمۇ لېكىن، ئۇلار جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىمۇ كۆيمەيدۇ، يەنى يۈزى ساق قالىدۇ، مۇسلىم، 281 ـ ھەدىس، بۇخارى 6073 ـ ھەدىس، تىرمىزى، 2522 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13792 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن أكثر الناس شبعا في الدنيا أطولهم جوعا يوم القيامة ( ه ك ) عن سلمان

1577. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا توق يۈرگىنى، دائىم قورسىقى لىق توق تۇرغىنى، قىيامەت كۈنى بولسا، ئۇزۇنغىچە ئاچ قالىدۇ، ئاچارچىلىقى ئۇزۇن بولىدىغان كىشى بولىدۇ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا و إن حسن الخلق ليبلغ درجة الصوم و الصلاة ( البزار ) عن أنس

1578. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى، ئەخلاقى ئەڭ ياخشىراقىدۇر، ھەقىقەتەن ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى، كۆپلەپ روزا تۇتقاننىڭ ناماز ئوقۇغاننىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

إن الإبل خلقت من الشياطين و إن وراء كل بعير شيطانا ( ص ) عن خالد بن معدان مرسلا

1579. خالىد ئىبنى مەئدان رەھمەھۇللاھدىن مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تۆگە شەيتانلاردىن يارالغان، ھەربىر تۆگىنىڭ ئارقىسىدا شەيتان بار، سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، ھەسەن، بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئىدۇق، بۇ ھەدىسنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە ئاللاھ ئەگەم ئوبدان بىلىدۇ، بىز شەكسىز ئىشىنىمىزكى، خاتا تەئۋىلدىن خاتا چۈشەنچىدىن بۇرمىلاشدىن ساقلىنايلى!

إن الإسلام بدأ غريبا و سيعود غريبا كما بدأ فطوبى للغرباء ( م ه ) عن أبي هريرة ( ت ه ) عن ابن مسعود ( ه ) عن أنس ( طب ) عن سلمان وسهل بنسعد وابن عباس .

1580. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى غېرىب باشلانغان ئۇ يانا پات يۈرسەتتە غەرب باشلانغاندەك، يەنە غېرىبلىقتا قايتىدۇ، شۇ چاغدا غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەنە ئىبنى ماجە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبرانى، سەلماندىن سەھلدىن ئىبنى ئابباسدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ. ئالىملار مۇنداق دېدى، ئىسلام تۇنجى قېتىم ئاشكارا بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقى، ئاجىزلىقى بىلەن غېرىب كىشىگە ئوخشاش ئىدى، كېيىن كۈچ تاپتى، ئاندىن يەنە ئاخىر زاماندا مۇسۇلمانلار ئاز قالىدۇ ئىسلام ئاجىزلىشىدۇ، مۇسىبەت ئىسلام دىنىغا يېتىدۇ، شۇ چاغدا جەننەت ئاشۇ ئازغىنە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار دىنسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىدۇ، ئىمانى ساقلايدۇ، بەزىلەر بولۇپمۇ تەنتاۋى باشتىكىدەك غېرىب بولسا، غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك بولسا، ئىسلام يەنە قايتىدىن گۈللىنىدۇ، باشتا كۈچلىنىپ، گۈللەنگەندەك قايتا گۈللىنىدۇ، كىشلەردىن باشتىكىدەك كىشىلەر يەنى سەلەف، سالىھلاردەك كىشىلەر چىقىدىكەن دېگەن.

إن الإسلام بدأ غريبا و سيعود غريبا كما بدأ و هو يأرز بين المسجدين كما تأرز الحية فيجحرها(م ) عن ابن عمر

1581 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى غېرىب باشلانغاندەك يەنە غېرىبلىققا قايتىدۇ، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلى خۇددى يىلان ئۇۋىسىغا قايتقاندەك ئىككى مەسجىد ئارىسىغا مەككە مەدىنىگە قايتىپ، شۇ جايغا توپلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الأشعريين إذا أرملوا في الغزو أو قل طعام عيالهم بالمدينة جعلوا ما كان عندهم في ثوب واحد ثم اقتسموه بينهم في إناء واحد بالسوية فهم مني و أنا منهم ( ق ) عن أبي موسى

1582 . ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەشئەرىيىن قەبىلىسى غازاتتا ئوزۇقلىرىنى تۈگەتسە، ئوزۇقى تۈگەپ قومغا چاپلىشىپ قالسا، ياكى شەھەردە ئەھلى باللىرىنىڭ تائاملىرى ئاز قالسا، يېنىدا بار نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىر كىيىمگە توپلاپ، يىغىپ ئاندىن ئارىسىغا بىر قاچىدا باراۋەر، ئوخشاش، ئادىل تەقسىم قىلىشىدۇ، ئۇلار مەندىن مەن ئۇلاردىن (يەنى بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىن، مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، بەرىكەت بار) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الأعمال ترفع يوم الاثنين و الخميس فأحب أن يرفع عملي و أنا صائم ( الشيرازي في الألقاب ) عن أبي هريرة ( هب ) عن أسامة بن زيد

1583 . ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەمەللەر دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ، قوبۇل قىلىنىدۇ، مەن شۇ كۈنلەردە روزا تۇتقان ھالدا ئەمگىكىمنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن (بىزچۇ؟! بەيھەقى شىيرازى توپلىغان، سەھىھ.

إن الأمانة نزلت في جذر قلوب الرجال ثم نزل القرآن فعلموا من القرآن و علموا من السنة ينام الرجل النومة فتقبض الأمانة من قلبه فيظل أثرها مثل الوكت ثم ينام النومة فتقبض الأمانة من قلبه فيظل أثرها مثل المجل كجمر دحرجته على رجلك فنفط فتراه منتبرا و ليس فيه شيء فيصبح الناس يتبايعون لا يكاد أحد يؤدي الأمانة حتى يقال: إن في بني فلان رجلا أمينا ! حتى يقال للرجل: ما أجلده ؟ ما أظرفه ؟ ما أعقله ؟ و ما في قلبه حبة خردل من إيمان ( حم ق ت ه ) عن حذيفة .

1584 . ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئامانەت كىشىلەرنىڭ قەلب يىلتىزلىرىغا قۇرئاندىن بۇرۇنلا نازىل قىلىنىپ، ئورنىتىلغان، ئاندىن قۇرئان نازىل بولۇپ، كىشىلەر قۇرئاننى، سۈننەتنى بىلىپ ياخشى ئۆزلەشتۈردى، كېيىنكى كۈندە كىشى ئۇخلاپ قالىدۇ ـ دە، قەلبىدىن ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، پەقەت چېكىتچىلىك، ئانچىكى ئىزى قالىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلايدۇ ـ دە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى قاپىرىپ قالغان قاپارتىمىنىڭ ئاق ئىزىدەك كىچىككىنە ئىز قالىدۇ، بۇ خۇددى پۇتىڭ بىلەن بىر چوغنى دەسسىلىتىۋەتسەڭ، قاراپ باقساڭ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمىغاندەكلا بىر ئىششۇر، (يەنى ئامانەت شۇنچىلىك قالىدۇ، يوق دېيەرلىك) ئاندىن كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلىشسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئامانەتنى ئادا قىلغۇدەك بىرەر ئىشەنچىلىك ئادەم تېپىلمايدۇ، ھەتتا پالانى جەمەتتە بىر ئىشەنچىلىك ئادەم بار ئىكەن دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى، ھەم كۈچلۈك، نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدېگەن دانا دەپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدە قىچا ئۇرۇقچىلىك ئىمان يوقتۇر، باشقا خاتىرىدە ھۇزەيفە ئېيتىدۇ، مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق بىر زامانلار ئۆتكەندۇر، ئۇ چاغلاردا قايسى بىرىڭلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلسام، پەرۋا قىلمايتتىم، ئەگەر مەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىيانىتى ھەققىمنى قايتۇرغۇزاتتى، ئەگەر ئۇ خرىستىئان ، ناسارا، يەھۇدىي بولسا، مېنىڭ ھەققىمنى ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى قايتۇرغۇزاتتى، ئەمما، بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا پەقەت

پالانى ۋە پالانى بىلەنلا سودا مۇئامىلىسى، قىلىشمەن. دېيىلگەن، بۇخارى 6016 ـ ھەدىس، مۇسلىم 206 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2105 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4043 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22171 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الأمير إذا ابتغى الريبة في الناس أفسدهم ( د ك ) عن جبير بن نفير وكثير بن مرة والمقدام وأبي أمامة

1585. جۇبەيىر، كەسىير ئىبنى مۇررەت، مىقدام، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەمىر، خەلىپە بولغان كىشى كىشىلەردىن بولۇپمۇ، ئۆز خادىملىرىدىن شەكلەنسە، گۇمانلانسا، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ، پاساتقا يۈزلەندۈرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الأنبياء يتباهون أيهم أكثر أصحابا من أمته فأرجو أن أكون يومئذ أكثرهم كلهم واردة و إن كل رجل منهم يومئذ قائم على حوض ملآن معه عصا يدعومن عرف من أمته ولكل أمة سيما يعرفهم بها نبيهم(طب)عن سمرة .

1586. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر ئۆزئارا ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۈممىتىدىن ئەڭ كۆپ ئەگەشكۈچى ساھابىلىرى بارلىقىنى باھالىشىدۇ، ماختىنىشىدۇ، شۇ كۈنى مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەگەشكۈچىسى، ساھابىسى، ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى لىق تولغان، ھەۋزى كۆلىنىڭ ئۈستىدە ھاسا تۇتقان ھالدا كىشىلەرنى چاقىرىدۇ، ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئۆزىگە لايىق، بەلگىسى، ئالامىتى بولۇپ، ئۇلارنى پەيغەمبىرى شۇ بەلگە بىلەن تونۇيدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن الأنصار قد قضوا الذي عليهم و بقي الذي عليكم فاقبلوا من محسنهم و تجاوزوا عن مسيئهم ( الشافعي هق في المعرفة ) عن أنس

1587. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەنسارىلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولدى، ئەمدى سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار قېلىپ قالدى، سىلەر ئەنسارىلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىسىدىن ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋېتىڭلار، بەيھەقى، شافىئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الأوعية لا تحرم شيئا فانتبذوا فيما بدا لكم و اجتنبوا كل مسكر ( طب ) عن قرة بن إياس

1588. قۇررەت ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تولۇن، كوزا، ئىدىشلەر بىرەر نەرسىنى ھارام قىلالمايدۇ، ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار خالىغان تولۇن، ئىدىشلەرگە چىلاپ، ئىچىملىك قىلساڭلار بولىدۇ، لېكىن، ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن يىراق بۇلۇڭلار ، (چۈنكى مەست قىلغۇچى، ھاراق بولۇپ، ھارامدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىس مۇسلىمدىمۇ بار بولۇپ، تۇنجى قېتىمقى چەكلەنگەن قاپاق، ھەنتەمەلەرنىڭ ھۆكمىنى مەنسۇخ قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ)

إن الإيمان ليأرز إلى المدينة كما تأرز الحية إلى جحرها ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

1589. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىمان ئاخىرىدا خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك مەدىنىگە قايتىدۇ، (ئىمان ئەھلى شۇ جايغا توپلىنىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الإيمان ليخلق في جوف أحدكم كما يخلق الثوب فاسألوا‌الله تعالى:أن يجدد الإيمان في قلوبكم(طب ك ابن عمرو

1590. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىمان قەلبىڭلاردا خۇددى كىيىم كونىرىغاندەك كونىراپ تۇرىدۇ، ئاللاھدىن قەلبىڭلاردا ئىمانىڭلارنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشىنى سوراڭلار، تەبرانى ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن البركة تنزل في وسط الطعام فكلوا من حافته و لا تأكلوا من وسطه ( ت ك ) عن ابن عباس

1591. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەرىكەت تائامنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تائامنىڭ ئوتتۇرىدىن يېمەي، چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەڭلار، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن البلايا أسرع إلى من يحبني من السيل إلى منتهاه ( حب ) عن عبدئاللاھ بن مغفل .

1592. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بالالەر، مۇسىبەت، سىناقلار مېنى ياخشى كۆرۈدىغان كىشىگە، سەل ئۆز قارارگاھىغا قاراپ ئاققاندىنمۇ تېزراق يېتىدۇ، يەنى ئۇ كىشى كۆپ بالاغا قالىدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن البيت الذي فيه الصور لا تدخله الملائكة ( مالك ق ) عن عائشة .

1593. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ، مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئام ھۆكۈمدىن يەنە بىر سەھىھ ھەدىس بىلەن دەرەخ مەنزىرىلىرىدەك جانسىز سۈرەتلەر مۇستەسنادۇر.

( صحيح ) إن التجار هم الفجار ( حم ك هب ) عن عبدالرحمن بن شبل ( طب ) عن معاوية .

1594. ئابدۇرەھمان ئىبنى شىبل مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تىجارەتچىلەر پۇجەار دوزاخ ئەھلى بولۇپ قالىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئام ھۆكۈمدىن راستچىل، سەممىي، ياخشى، تەقۋا، سېخىي، تىجارەتچىلەر مۇستەسنا قىلىنىدۇ، بۇ مۇستەسنا باشقا ھەدىستە بار.

( صحيح ) إن الجذعة تجزي مما تجزي منه الثنية ( حم هق ) عن رجل من مزينة

1595. مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر ساھابە ئەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قوينىڭ 6 ئايلىقىدىن بىر ياشقا توشقىچە بولغانلىرى ئۆچكىنىڭ ئۈچ ياشقا توشقىنىنىڭ ئورنىدا(يەنى قۇربانلىقتا) كۇپايە قىلىدۇ، ئەھمەد 22043 - ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

إن الجذع من الضأن يوفي مما يوفي منه الثني من المعز ( د ن ه ك هق ) عن مجاشع بن مسعود .

1596. مۇجاشىئ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قوينىڭ ئالتە ئايلىقى، بەزى ئۆچكىنىڭ ئۈچ ياشلىقىنىڭ كۇپايە قىلغىنىدىن كۇپايىدۇر، (يەنى ئالتە ئايلىق قوي سېمىز، ياخشى بولسا، قۇربانلىققا كۇپايە بولىدۇ)، ئىبنى ماجە 3131 - ھەدىس، نەسەئى 4307 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2417 - ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الجماء لتقتص من القرناء يوم القيامة ( عم ) عن عثمان

1597. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزسىز ھايۋان ئۈچۈن، مۈڭگۈزلۈك ھايۋاندىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن ، ئاھ! مانا بۇ ئىسلام دىنى، مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادىل قانۇنى، ئاللاھنىڭ ئادىللىقى، بۇنداق ئادىللىق قايسى قانۇندا بار؟

إن الجنة لتشتاق إلى ثلاثة: علي و عمار و سلمان ( ت ك ) عن أنس

1598. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت، ئەلى، ئەممار، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ئىبارەت ئۈچ كىشىنى سېغىنىپ ئىشتىياق چېكىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن الحج و العمرة لمن سبيل ئاللاھ و إن عمرة في رمضان تعدل حجة ( ك ) عن أم معقل

1599. ئۆممەت مەئقىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پەرز ھەج، ئۆمرە نەپلە ھەج ئەلۋەتتە، ئاللاھ يولدىن ھېسابلىنىدۇ، ھەققەتەن رامزان ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلىش، پەرز ھەجگە تەڭدۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الحسن و الحسين هما ريحانتاي من الدنيا ( ت ) عن ابن عمر ( ن ) عن أنس

1600. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھەسەن ـ ھەسۇيىن ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈلۈمدۇر (يەنى بۇ تەشبىھ ئۇخشىتىشدۇر، يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى قۇچاقلاپ، پۇراپ كېتەتتى)، تىرمىزى توپلىغان.سەھىھ

( حسن ) إن الحمد لله و سبحان ئاللاھ و لا إله إلا ئاللاھ و ئاللاھ أكبر لتساقط من ذنوب العبد كما تساقط ورق هذه الشجرة ( ت ) عن أنس.

1601. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئەلھەمدۇلىللاھ، سۇبھانەللاھ، لائىلاھە ئىللەللاھ، ۋەللاھۇ ئەكبەر دېيىش بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى مۇشۇ دەرەخنىڭ قۇلاقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

إن الحور العين لتغنين في الجنة يقلن: ; نحن الحور الحسان خبئنا لأزواج كرام ( سمويه ) عن أنس .

1602. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھۆر قىزلار جەننەت ئاياللىرى مۇنداق ناخشا ئوقۇيدۇ:بىز ئەڭ ياخشى ھۆر قىزلار، ئۈلۈغ، ھۆرمەتلىك ئەرلەرگە تەييار قىلىنىپ، ئېلىپ قويۇلغانلار، سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

إن الحياء و الإيمان قرنا جميعا فإذا رفع أحدهما رفع الآخر( ك هب ) عن ابن عمر

1603. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھايا بىلەن ئىمان ئەسلى كۆتىكى بىراقلا تۇتاش، ئىككى مۇڭگۈزدۇر، ئەگەر بىرسى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ھايا يوق كىشىدە ئىمان بولمايدۇ.

( حسن ) إن الخمر من العصير و الزبيب و التمر و الحنطة و الشعير و الذرة و إني أهاكم عن كل مسكر ( د ) عن النعمان بن بشير

1604. نۇئمان ئىبنى بۇشەيرىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھاراق: يىمىش، ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، ئارپا، قوناقلارنىڭ سىقىپ چىقىرىلمىسىدىن ياسىلىدۇ، ھەرقانداق ھاراق ؛يۇقىرىقىدەك سىقىپ چىقىرىلغان نەرسىدىن بولىدۇ، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن توسىمەن، چەكلەيمەن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الدال على الخير كفاعله ( ت ) عن أنس

1605. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ياخشىلىققا كۆرسىتىپ قويغۇچى، يېتەكلەپ قويغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر، (يەنى ئەجىر ساۋابتا شۇنداق) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الدجال ممسوح العين اليسرى عليها ظفرة مكتوب بين عينيه كافر ( حم ) عن أنس

1606. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن دەججالنىڭ سول كۆزى سىلاپ قويغاندەكلا تۈپتۈزدۇر، سول كۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆزنى يېپىپ تۇرغان تېرە بار، ئىككى كۆز ئارىسىغا يەنى پېشانىسىغا كافىر دېگەن خەت يېزىقلىق، ئەھمەد 12608 ـ ھەدىس، بۇخارى 3305 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5219 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2171 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3761 ـ ھەدىس.سەھىھ

دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى كور،دېگەنمۇ بەك سەھىھ.بۇ ھەدىستىكى سول كۆزى كور دېگىنى دەججالنىڭ ئەيىب نۇقسانىدۇر .ئىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆزى كوردۇر.ئەيىب نۇقسانى باردۇر.مۇسلىمنىڭ شەرھىسىنى كۆرۈڭ.

( صحيح ) إن الدجال يخرج من قبل المشرق من مدينة يقال لها: خراسان يتبعه أقوام كأن وجوههم المجان المطرقة ( حم ه ) عن أبي بكر

1607. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دەججال، مەشرىق تەرەپتىن خاراسان دېيىلىدىغان شەھەردىن چىقىدۇ، دەججالغا يۈزلىرى يوللۇق قالقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەۋم ئەگىشىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

إن الدنيا حلوة خضرة فمن أصاب منها شيئا من حله فذاك الذي يبارك له فيه و كم من متخوض في مال ئاللاھ و مال رسوله له النار يوم القيامة ( طب ) عن عمرة بنت الحارث بن أبي ضرار

1608. ئۇمرەت بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دۇنيا دېگەن يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە ھالالدىن يەتسە، ئەنە شۇ ھالالدىن تاپقان مالدا شۇ كىشى ئۈچۈن بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مېلىدا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ مېلىدا نۇرغۇن كىشىلەر خۇددى سۇ كەچكەندەك، قالايمىقان كىچىپ، ئاللاھ رازى بولمايدىغان تەسەررۇپاتلارنى قىلىدۇ، ھارامنى ئارىلاشتۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى شۇنداق كىشى پەقەت دوۋزاخقا كىرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الدنيا ملعونة ملعون ما فيها إلا ذكر ئاللاھ و ما والاه و عالما أو متعلما ( ت ه ) عن أبي هريرة

1609. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دۇنيا لەنەت قىلىنغاندۇر، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگىمۇ لەنەت قىلىنغاندۇر، پەقەت زىكرۇللاھ ئاللاھنى ئەسلەش، مانا مۇشۇنىڭغا يېقىن ياكى ئوخشاپ كەتكەن ئىشلار، ئىبادەت، ئالىم ياكى ئىلىم ئالغۇچى ئوقۇغۇچى بۇ لەنەتتىن مۇستەسنادۇر، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، (مال دۇنيا بىلەن ئايال كىشى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇش سەركەردىسى)

( صحيح ) إن الدين النصيحة لله و لكتابه و لرسوله و لأئمة المسلمين و عامتهم ( حم م د ن ) عن تميم الداري ( ت ن ) عن أبي هريرة ( حم ) عن ابن عباس

1610. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دىن دېگەن ئاللاھ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى، باشلىقلىرى ئۈچۈن ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشتۇر، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تەممۇددارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا مۇنداق دېگەن : ئاللاھ ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىش، ئىخلاس قىلىش توغرىسىدا بولىدۇ، شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، رەبلىكى، ئىسىم ـ سۈپىتى، ئەقىدە، تەۋھىد مەسىلىلىرى توغرىسىدا بولىدۇ، كىتابى ئۈچۈن بولىدىغان نەسىھەت بولسا، قۇرئاننى قوغداش، خاتا تەئۋىلىدىن بۇرمىلاشلاردىن قوغداش، ئۇنى ئۆگىتىپ، ئىسلام نۇرىنى ساقلاپ قوغداشتۇر، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش توغرىسىدا بۇيرۇقلىرىغا شەرتسىز ئەمەل قىلىش، چەكلىگەن نەھلىرىدىن يېنىش توغرىسىدا قۇرئاننى قانۇن قىلىش، ئۇنىڭ ئەھكامى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، سۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدىغان نەسىھەت؛ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈش سۆزلىرىنى تەستىقلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش، خەۋەرلىرىگە

ئىشىنىش، راستچىل، سەممىي دېيىش ، بۇيرۇغىنى قىلىپ توسقۇندىن يېنىش، ئۇنىڭ ئىزباساردىن بولۇپ، شەرىئىتىنى قوغداش، ئۇنىڭ سۈننىتىنى، ھەدىسلىرىنى قۇرئانغا تەپسىرى، بايان، ئىزاھات دەپ بىلىش، ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن ياردەم بېرىشتۇر. ئۆلىما، ئىماملار ئۈچۈن بولغان نەسىھەت؛ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۆلگە قىلىش، ئۇلارغا ھەق ئۈچۈن ياردەم بېرىش، ئۇلارنى قوغداش، ئاسراش ، ئىلمىنى تارقىتىشقا ياردەملىشىش، ئىجمائ، قىياسلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەخلاقتا ياخشى بولۇش، سوئال، مۇنازىرىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن قىلىش، دەۋەتنى قوللاش، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا، نەسىھەت قىلىنىدۇ. ئەمىر، خەلىپە، باشلىقلار ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەت بولسا، ئۇلارنىڭ ئىمام، باشلىق، خەلىپە بولۇشىغا رازى بولۇپ، ئىمام دەپ ئېتىقاد قىلىش، ياخشىلىقلىرىغا ياردەم بېرىش، كەڭ تارقىتىش بۇيرۇغىنى توسقىنى ئىسلام شەرىئىتىگە قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ بىلەن بولسا، بۇيرۇغىنىنى قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يېپىش، ئەپۇ قىلىش، ئۇلارغا قارشى قۇرال كۆتۈرۈپ چىقماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان نەسىھەت؛ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، سالام، سەدىقە، نەپىقە، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

1. نەسىھەتنىڭ مۇھىملىقى

2. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياخشى ئىلىم بېرىشى.

3. ساھابىلارنىڭ ئىلمىغا ھېرىسمەن بولۇشى.

4. ئالدى بىلەن ئاللاھ،ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ئان كىتاب، ئىمام دېگەندەك تەرتىپ بىلەن مۇھىملىرىنى بۇرۇن سۆزلەش چىقىپ تۇرىدۇ.

5. نەسىھەتنىڭ ۋاجىپلىقى.

6. ئىسلام جەمئىيىتى ئۈچۈن چوقۇم بىر خەلىپە، ئىمام بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

7. شۇنداقلا مەسجىد ئىمام بولۇش لازىم.

مانا بۇ ھەدىس شەرھىسى، ۋە مۇھىم نۇقتىلىرى، ھەدىستىن ھۆكۈم، پايدا چىقىرىشتا ھەربىر ھەدىسنى ئەنە شۇنداق تەتقىق قىلىپ ئوقۇغلار.

إن الدين يسر و لا يشاد الدين أحد إلا غلبه فسددوا و قاربوا و أبشروا و استعينوا بالغدوة و الروحة و شيء من الدلجة ( خ ن ) عن أبي هريرة

1611. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن دىن بەكلا ئاساندۇر، ھەرقانداق بىر كىشى دىننى يەنى ئەھكاملىرىنى قاتتىق قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىبادەتكە تەكلىپ قىلسا، دىن ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ، (يەنى قاتتىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا مۇشەققەت چۈشۈپ قالىدۇ) شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل، ئىبادەتلەردە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، كەمچىلىك سادىر قىلماي، ئوتتۇرھال، نورمال يول تۇتۇپ، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، تائەت ـ ئىبادەتلەردە توغرا يول تۇتۇپ، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، بېشارەت ئېلىڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئەتىگەن تەرەپلەردە، كەچ تەرەپلەردە ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇرىدا ئىبادەتلەرگە ياردەم تەلەپ قىلىڭلار (يەنى بۇ ۋاقىتلاردا ئىبادەت قىلىش، نامازغا چىقىش بىلەن ياردەم سوراڭلار، بۇ ئىنتايىن ياخشى ۋاقىتتۇر) بۇخارى 38 ـ ھەدىس، ، مۇسلىم 5039 ـ ھەدىس، نەسەئى 4948 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4191 ـ ھەدىس، ئەھمەدتە بۇ ھەدىس 20 قېتىم كېلىدۇ، سەھىھ.

إن الرؤيا تقع على ما تعبر و مثل ذلك مثل رجل رفع رجليه فهو ينتظر متى يضعها فإذا رأى أحدكم رؤيا فلا يحدث بها إلا ناصحا أو عالما ( ك ) عن أنس

1612. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن چۈش، شۇ چۈشكە بېرىلگەن تەبىرگە ئاساسەن يۈز بېرىدۇ، ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ مىسالى: پۇتنى كۆتۈرگەن كىشىگە ئوخشايدۇكى، پۇتىنى قاچان قويۇشىغا ئىنتىزار بولۇپ، كۆتۈپ تۇرىدۇ، (يەنى چۈشنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنداق ئىنتىزار بولۇپ كۈتىدۇ، تەبىر بېرىلگەن ھامان ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىدۇ) بېرىڭلار چۈش كۆرسە چۈشنى پەقەت نەسىھەت قىلغۇچى دوستىغا ياكى دانا ئالىمغا سۆزلەپ بەرسۇن، باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرمىسۇن، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل أحق بصدر دابته و صدر فراشه و أن يؤم في رحله ( طب ) عن عبدئاللاھ بن حنظلة

1613. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى، ئۆز ھايۋىنىنىڭ (ياكى سەييارىسىنىڭ) ئالدى تەرىپىگە، ئۆز كۆرپىسىنىڭ تۆرىگە، ئۆز جايىدا ئىمام بولۇشقا ئۆزى ئەڭ لايىق، ھەقلىقراقدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل إذا دخل في صلاته أقبل ئاللاھ عليه بوجهه فلا ينصرف عنه حتى ينقلب أو يحدث حدث سوء(ه حذيفة

1614. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى نامىزىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق، يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن ئۇ نامازدىن قايتقانغا قەدەر ياكى ئۇ كىشى بىرەر يامان سۆز قىلغانغا قەدەر ئۆرلىۋالمايدۇ،ئەگەر ئۇ يامان سۆز قىلسا،ئاللاھ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إن الرجل إذا صلى مع الإمام حتى ينصرف كتب له قيام ليلة ( حم 4 حب ) عن أبي ذر

1615.ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئىمامى بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇپ ئىمامى قايتقانغا قەدەر بىللە بولسا،ئۇ كىشى ئۇچۇن بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ.ئەھمەد،ئىبنى ھەببان،كىتاب توپلىغان سەھىھ.

إن الرجل إذا مات بغير مولده قيس له من مولده إلى منقطع أثره في الجنة ( ن ه ) عن ابن عمرو

1616.ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى تۇغۇلغان جايى بولغان ئۆز ۋەتىنىدىن باشقا بىر جايدا ئۆلۈپ كەتسە،ئۇ كىشى ئۇچۇن جەننەتتە،تۇغۇلغان جايىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىزى ئەسرى ئۈزۈلگەن يەنى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن جايغىچە ئۆلچىنىپ شۇنداق كەڭرى جاي بېرىلىدۇ.نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان ،ھەسەن.

إن الرجل لترفع درجته في الجنة فيقول: أنى لي هذا ؟ فيقال: باستغفار ولدك لك ( حم ه هق ) عن أبي هريرة

1617. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دەرىجىسى جەننەتتە،ئۇنىڭ خەۋەرسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، ئۇ: بۇ دەرىجە ماڭا قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ دەپ سورايدۇ،ئۇنىڭغا: بالاڭنىڭ سەن ئۇچۇن مەغپىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبىدىن كەلدى دېيىلىدۇ. ئەھمەد،ئىبنى ماجە ، بەيھەقي توپلىغان سەھىھ.

إن الرجل ليتكلم بالكلمة لا يرى بها بأسا يهوي بها سبعين خريفا في النار ( ت ه ك ) عن أبي هريرة .

1618. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى دىققەت قىلماستىن گۇناھ يوق، چاتاق يوق دەپ قاراپ، بىر ئېغىز سۆزنى قىلىپ تاشلايدۇ ـ دە، شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخ ئىچىنىڭ 70 يىللىق چوڭقۇر

يېرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (ئاللاھ بىزنىڭ بارلىق ھەممە گۇناھىمىزنى كەچۈرسۇن، ئامىن!)

إن الرجل ليتكلم بالكلمة من رضوان الله تعالى ما يظن أن تبلغ ما بلغت فيكتب الله له بها رضوانه إلى يوم القيامة و إن الرجل ليتكلم بالكلمة من سخط الله تعالى ما يظن أن تبلغ ما بلغت فيكتب الله عليه بها سخطه إلى يوم القيامة ( مالك حم ت ن ه حب ك ) عن بلال بن الحارث

1619. بىلال ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئاللاھ رازى بولىدىغان بىر ئېغىز سۆزنى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ، بۇ كىشى ئۈچۈن شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە رازىلىقىنى يازىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى ئاللاھ غەزەپ قىلىپ كاپىيدىغان بىر ئېغىز سۆزنى قىلىدۇ، ئۇ بۇ سۆزنىڭ قەيەرگىچە يېتىپ بارىدىغىنىنى گۇمانمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ سەۋەبىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە غەزەپ ـ نەپرىتىنى، ئۆچلۈكىنى يازىدۇ، مالىك، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل ليدرك بحسن خلقه درجات قائم الليل صائم النهار ( حم ك ) عن عائشة

1620. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرغان، كۈندۈزى روزا تۇتقان كىشىنىڭ دەرىجىلىرىنى تاپالايدۇ، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل ليدرك بحسن خلقه درجة القائم بالليل الظامئ بالهواجر ( طب ) عن أبي أمامة

1621. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ئەخلاقىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرغۇچىنىڭ، چىڭ چۈشلەردە ئۇسسۇز قېلىپ، روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسىنى تاپىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الرجل ليسألني الشيء فأمنعه حتى تشفعوا فتؤجروا ( طب ) عن معاوية

1622. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەزى كىشى مەندىن بىرەر نەرسىنى سورىسا، مەن، سىلەر شاپائەت قىلمىغۇچە بېرىش توغرىسىدا سۆز قىلمىغۇچە بەرمەي قېلىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، شاپائەت قىلىڭلار، قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن سۆز قىلىپ قويۇڭلار، شۇنىڭدا سىلەرگە ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل ليعمل الزمن الطويل بعمل أهل الجنة ثم يختم له عمله بعمل أهل النار و إن الرجل ليعمل الزمن الطويل بعمل أهل النار ثم يختم له عمله بعمل أهل الجنة ( م ) عن أبي هريرة

1623. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەزى كىشى، ئۇزۇن زامان جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەمىلى، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، (يەنى ئەڭ ئاخىرىدا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلى بىلەن ئۆلىدۇ) ھەقىقەتەن بەزى كىشى بولسا، ئۇزۇن زامان دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئەمىلى، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن تامام قىلىنىدۇ، (جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئۈستىدە ئۆلىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل ليعمل عمل الجنة فيما يبدو للناس و هو من أهل النار و إن الرجل ليعمل عمل النار فيما يبدو للناس و هو من أهل الجنة ( ق ) عن سهل بن سعد زاد ( خ ) : وإنما الأعمال بخواتيمها

1624. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشىدە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر، ھەقىقەتەن كىشى، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشىدە دوزاخ

ئەمەللىرىنى قىلىۋاتىسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر، بۇخارى رەھمەھۇللا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن ئەمەللەر ئەڭ ئاخىرقىسى بىلەن بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقىسى ھېساب دېگەننى زىيادە قىلغان، بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئەمەللەرنىڭ راستىنلا ئاخىرقىسى ھېساب بولىدۇ، ئاداققىچە چىڭ تۇرايلى!

إن الرجل ليكون له المنزلة عند ئاللاھ فما يبلغها بعمل فلا يزال ئاللاھ يبتليه بما يكره حتى يبلغه إياها( حب ك ) هريرة

1625. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەزى كىشىلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ئالى مەرتىۋىلىك بىر مەنزىلى بولۇپ، بەندە ئۇ ئالى مەرتىبىگە، ئۇ مەنزىلگە، ئەمەل، ئىبادەتلەر بىلەن ھەرگىز يېتەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇ بەندىسىنى شۇ ئالى مەنزىلگە يەتكۈزگەنگە قەدەر بالالەر بىلەن قاتتىق سىنايدۇ، قاتتىق سىناۋېرىپ، ئاخىرى شۇ مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ، (يەنى بەندە ئەمەل، ئىبادەت بىلەن ئېرىشەلمەس، ئالى مەرتىبە، دەرىجىگە، سىناقلار بالالار بىلەن ئېرىشىدۇ) ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن الرجل لينصرف و ما كتب له إلا عشر صلاته تسعها ثمنها سبعها سدسها خمسها ربعها ثلثها نصفها ( حم د حب ) عن عمار بن ياسر

1626. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشى ناماز ئوقۇپ قايتىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ كىشى ئۇچۇن نامىزىنىڭ 1/10، 1/9، 1/8، 1/7، 1/6، 1/5ى (ياخشى بولسا) 1/4، 1/3ع، ھەتتا يېرىمى پۈتۈلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىستە ئەڭ ياخشى ئوقۇغان كىشى نامىزىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشتى، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، 1/10گە ئېرىشتى، نامازنىڭ ئەجرى نىسبەت، ئىخلاس، سەممىيلىك، ئەقىل قەلب چۈشىنىشكە باغلىق بولىدۇ.

إن الرجل من أهل الجنة ليعطى قوة مائة رجل في الأكل و الشرب و الشهوة و الجماع حاجة أحدهم عرق يفيض من جلده فإذا بطنه قد ضمر ( طب ) عن زيد بن أرقم .

1627. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئەرگە يەپ ـ ئىچىش، شەھۋەت، جىنسى مۇناسىۋەتتە، 100 ئەر كىشىنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ تائامغا بولغان ھاجىتى تەرلەش بىلەنلا بولىدۇ، تەر، تېرىسىدىن يۇرۇشى بىلەنلا ناگاھان قورسىقى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، (يەنى مىسكە ئەنبەردەك خۇشپۇراق تەرلەش بىلەنلا يەنە يەپ ـ ئىچىپ، لەززەتلىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الرجل من أهل النار ليعظم للنار حتى يكون الضرس من أضراسه كأحد ( حم ) عن زيد بن أرقم .

1628. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىدىن بولغان كىشى، دوۋزاخدا شۇنداق يوغان چوڭايتىلىدۇكى، ئۇنىڭ چىشلىرىدىن بىر تال چىشى ئۇھۇد تېغىدەك بولۇپ كېتىدۇ، (تاغىي كافىرغا ئازاب قاتتىق بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن الرحم شجنة آخذة بحجزة الرحمن تصل من وصلها و تقطع من قطعها ( حم ) عن ابن عباس

1629. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلە ـ رەھىم، رەھمان دېگەن ئىسمىدىن شاخلاپ چىققان، ئۇ شۇنداق گىرەلەشكەن، چىماشقان ھالدا رەھمان تائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق، بىلىندىن تۇتۇپ مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، سىلە ـ رەھىمنى ئۇلىغان كىشىگە ئۇلايدۇ، ئۈزگەن كىشىدىن رەھمەتنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

إن الرزق ليطلب العبد أكثر مما يطلبه أجله ( طب عد ) عن أبي الدرداء

1630. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن رىزقى بەندىنى ئۇنىڭ ئەجىلى تەلەپ قىلغاندىن بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، (يەنى رىزىق تۈگەپ ئاندىن ئەجىلى توشىدۇ، رىزىق دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۇ سىلەرنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، سىلەر ئۇنى بۇنچە قوغلىشىپ كەتمەڭلار) تەبرانى، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الرسالة و النبوة قد انقطعت فلا رسول بعدي و لا نبي و لكن المبشرات رؤيا الرجل المسلم و هي جزء من أجزاء النبوة ( حم ت ك ) عن أنس

1631. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەلچى ئەۋەتىش، پەيغەمبەرلىك، مەن بىلەن ئۈزۈلۈپ، ئاخىرلاشتى، مەندىن كېيىن مۇرسەل پەيغەمبەرمۇ، نەبىي پەيغەمبەرمۇ يوق، ۋە لېكىن، خۇش بېشارەت بەرگۈچى سىددىق، شېھىد، ئەۋلىيالار قالدى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشى چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ جۈزئىلىرىدىن بىر جۈزئى، پارچىدۇر، (بېشارەت شۇ بولسا كېرەك) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مۆئمىننىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/46گە تەڭ دېگەن بار، ۋەھيي ساق ئالتە ئاي چۈش بىلەن نازىل بولغان، بۇ ئالتە ئاي 23 يىللىق پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/46 گە تەڭدۇر،ئالاھ ئەئلەم.

( صحيح ) إن الرقى و التمائم و التولة شرك ( حم د ه ك ) عن ابن مسعود

1632. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر قىسىم رۇقى يەنى ۋىردە، زىكرىلەرنى ئوقۇپ، شىپا قىلىش، ھىقدى، ھەسەدنى، كۆز تېگىشنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئېسىۋالغان تۇمارلار، ئەر ـ ئايالنى بىر ـ بىرىگە ياخشى كۆرستىدىغان ئىسسىتقۇ، سويۇتقۇلار، سېھرىگەرلىك شېرىكتۇر،(كىچىك شېرىك) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الركن و المقام ياقوتتان من ياقوت الجنة طمس ئاللاھ تعالى نورهما و لو لم يطمس نورهما لأضاءتا ما بين المشرق و المغرب ( حم ت حب ك ) عن ابن عمرو

1633. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن رۈكنى (يەنى ئۇ مەككىنىڭ ئۇل تېشى) مەقام ئىبراھىم، جەننەت ياقۇتلىرىدىن ئىككى گۆھەر ياقۇت ئىدى، ئالاھ بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، ئەگەر نۇرنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن بولسا، بۇ ئىككى گۆھەر ياقۇت مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىنى يورۇتىۋەتكەن بولاتتى، (ئۇنىڭ نۇرى قۇياش نۇرىنى باساتتى) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الروح إذا قبض تبعه البصر ( حم م ه ) عن أم سلمة

1634. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن روھ، جان، تارتىپ ئېلىنسا، كۆز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ئالىيىپ ئېچىلىپ قالىدۇ) مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الساعة لا تقوم حتى تكون عشر آيات: الدخان و الدجال و الدابة و طلوع الشمس من مغربها و ثلاثة خسوف: خسف بالمشرق و خسف بالمغرب و خسف بجزيرة العرب و نزول عيسى و فتح يأجوج و مأجوج و نار تخرج من قعر عدن تسوق الناس إلى المحشر تبيت معهم حيث باتوا و تقيل معهم حيث قالوا حم م 4)عن حذيفة بن أسيد

1635. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئون ئالامەتلەر يۈز بەرمەي تۇرۇپ قايىم بولمايدۇ، ئۇلار بولسا، 1ـ داخان، تۈتۈن، 2ـ دەججالنىڭ چىقىشى، 3ـ سۆزلىگۈچى ھايۋاننىڭ چىقىشى، 4ـ قۇياشنىڭ كىرگەن يېرىدىن چىقىشى، 5ـ ئۈچ قېتىملىق يەر يۇتۇپ كېتىشنىڭ بىرسى

مەشرىقتە، 6ـ يەنە بىرسى مەغرىپتە، 7ـ يەنە بىرسى بولسا، ئەرەب ئاراللىرىدا بولىدۇ، 8ـ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈشى، 9ـ يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرى ئېچىلىپ ئۇلارنىڭ چىقىشى، 10ـ يەمەندىكى ئەدنى دېگەن شەھەرنىڭ بىر چېتىدىن ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە توپلايدۇ، ئوت ئۇلار بىلەن بىللە چۈشۈپ نەدە كەچ قىلسا، شۇ جايدا كەچ قىلىدۇ، قەيەردە ئارام ئالسا، شۇ جايدا بىللە تۇرىدۇ، بەزى خاتىرىدە ئوچۇقلا يەمەندىن چىقىپ، كىشىلەرنى مەھشەرگە قوغلايدۇ دېيىلگەن، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇت، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئالىملار بۇ ئالامەتلەر مۇتىۋاتىر دېگەن .

( صحيح ) إن السحور بركة أعطاكموها ئاللاھ فلا تدعوها ( حم ن ) عن رجل

1636. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن روزىدا زوھۇرلۇق يېيىش، ئاللاھ سىلەرگىلا بەرگەن بەرىكەتتۇر، سىلەر زوھۇرلۇق يېيىشنى تەرك ئەتمەڭلار، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن السعيد لمن جنب الفتن و لمن ابتلي فصبر ( د ) عن المقداد

1637. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سائادەتمەن كىشى دېگەن پىتنە ـ پاساتقا يېقىن ھەمراھ قىلىنغان مۇسۇلمان كىشىدۇر، بالالاردا سىنىلىپ، سىناقتا سەۋرى قىلغان كىشىدۇر، (پىتنە ـ پاسات ، بالالارغا سەۋرى قىلغان كىشى نېمىدېگەن ياخشى) ئەبۇ داۋۇد، 3719 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن السلام اسم من أسماء ئاللاھ تعالى فأفشوه بينكم ( عق ) عن أبي هريرة .

1638. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەسسالام، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر، سالامنى ئاراڭلاردا كەڭرى تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، ئۇقەيلى توپلىغان.سەھىھ

إن السلام اسم من أسماء ئاللاھ تعالى وضع في الأرض فأفشوا السلام بينكم ( خد ) عن أنس

1639. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەسسالام، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىم بولۇپ، ئۇ زېمىنغا قويۇلدى، سىلەر سالامنى ئاراڭلاردا كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، بۇخارى ئەدەب دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن السلف يجري مجرى شطر الصدقة ( حم ) عن ابن مسعود .

1640. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پايدىنى، تەشەككۇرنى مەقسەت قىلماستىن، قەرز بېرىپ تۇرۇش، ئاللاھ رازىلىقىدا بەرگەن سەدىقىنىڭ يېرىمىنىڭ ئورنىدا يۈرىدۇ، ماڭىدۇ، ئەھمەد 3716 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2421 ـ ھەدىس. سەھىھ.

( صحيح ) إن الشاهد يرى ما لا يرى الغائب ( ابن سعد ) عن علي

1641. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن شاھىد، نەخ مەيداندا بار بولغان كىشى، غائىپ، يوق كىشى كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدۇ، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.بۇ ھەدىس،دېلو ئېنىقلاشتا ئاساس قىلىنىدۇ.

إن الشمس و القمر آيتان من آيات ئاللاھ لا يخسفان لموت أحد و لا لحياته فإذا رأيتم ذلك فادعوا ئاللاھ و كبروا و صلوا و تصدقوا يا أمة محمد ! و ئاللاھ ما من أحد أغير من ئاللاھ أن يزني عبده أو تزني أمته يا أمة محمد ! و ئاللاھ لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا و لبكيتم كثيرا ئاللاھم هل بلغت ( مالك حم ق د ن ) عن عائشة

1642. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرەت، مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، بۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. سىلەر كۈن يا ئاينىڭ تۇتۇلغىنىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، تەكبىر ئېيتىڭلار، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر دەڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، يەنى كۇسۇف، خۇسۇپ نامىزىنى ئوقۇڭلار، سەدىقە بېرىڭلار، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ بەندىسى ياكى دېدەك، قۇلنىڭ زىنا قىلىپ قېلىشىدىن ئاللاھدىنمۇ بەكرەك كۆڭلى يېرىم بولىدىغان كىشى يوق، (ئاللاھ، ئۆز بەندىلىرىنىڭ زىنا قىلىشىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، شۇڭا زىنانى، پاھىشىنى ھارام قىلغاندۇر) ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، ئى ئاللاھ، يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى ئاللاھ تولۇق يەتكۈزدۈممۇ؟. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الشمس و القمر ثوران عقيران في النار ( الطيالسي ع ) عن أنس

1643. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي، ھۆركىرەپ، مۆرەپ تۇرىدىغان ئىككى كالىدەك دوۋزاختا بولىدۇ، تەيالىسى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ. قۇياش بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىپ، كاپىرلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ، بۇ ھەر قايسى تەپسىرلەردە كەڭرى باردۇر، بولۇپمۇ تەپسىر مىزانىدا مەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنسىز، مۇشرىكلار ئۆز مەئبۇدلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاخقا تاشلىنىدىغان ئايەت، ھەدىسلەر بار، دېمەك ، قۇياش بىلەن ئاي، يۇلتۇزلار چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن بىرگە دوۋزاختا بولىدۇ.بۇ كافىرلارنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر.

إن الشمس و القمر لا ينكسفان لموت أحد و لا لحياته و لكنهما آيتان من آيات ئاللاھ يخوف ئاللاھ بهما عباده فإذا رأيتم ذلك فصلوا و ادعوا حتى ينكشف ما بكم ( خ ن ) عن أبي بكرة ( ق ن ه ) عن أبي مسعود ( ق ن ) عن ابن عمر ( ق ) عن المغيرة

1644. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى تۇغۇلۇشى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ بۇ ئىككى ئالامەت بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر شۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە، ناماز ئوقۇڭلار، سىلەرگە يۈز بەرگەن بۇ كۈن- ئاي تۇتۇلۇش روشەن ئېچىلغىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتكىچە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، بۇ ھەدىسنى بۇخارى بىلەن نەسەئى، ئەبۇ بۇكرەتتىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ مەسئۇددىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ئۆمەردىن، بەيھەقى، يەنە مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

إن الشهر يكون تسعة و عشرين يوما ( خ ت ) عن أنس ( ق ) عن أم سلمة ( م ) عن جابر وعائشة

1645. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ (29 كۈنمۇ بىر ئاي بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بۇخارى، تىرمىزى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەيھەقى، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇسلىم، جابىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الشيخ يملك نفسه ( حم طب ) عن ابن عمرو

1646. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قېرى كىشىلەر ئۆز نەپسىگە ئىگە بولالايدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، روزا تۇتۇقلۇق تۇرۇپ، ئاياللىنى سۆيسە بولامدۇ؟ دېيىلگەندە، ياش كىشىنى توسۇپ، قېرى

كىشىگە رۇخسەت بېرىلگەندە دېيىلگەن، قىرى كىشىلەر شەھۋەتكە، نەپسىگە ئەگە بولالايدۇ، ئەھمەددىن، 6451 ـ ھەدىس.

إن الشيطان إذا سمع النداء بالصلاة أحال له ضراط حتى لا يسمع صوته فإذا سكت رجع فوسوس فإذا سمع الإقامة ذهب حتى لا يسمع صوته فإذا سكت رجع فوسوس ( م ) عن أبي هريرة .

1647. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان، نامازغا تونۇلانغان نىدانى، ئەزاننى ئاڭلىغاندا، يىراققا قاچىدۇ، قاچىمەن دەپ ئۈسۈرۈپ سالىدۇ، ئۇ ھەتتا ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا قەدەر قاچىدۇ، مۇئەززىن ئەزاننى تۈگىتىپ جىم تۇرغاندا، ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، تەكبىرنى ئاڭلىغاندا، يەنە تەكبىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا قەدەر قاچىدۇ، يەنە جىم بولغاندا بولسا، قايتىپ كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، مالىك، دارىمىلار توپلىغان، ۋە مۇسلىم 582 ـ ھەدىس، بۇخارىدىمۇ بار، تىرمىزى 363 ـ ھەدىس، نەسەئى 664 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 433 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1207 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10139 ـ ھەدىس.

إن الشيطان إذا سمع النداء بالصلاة ذهب حتى يكون مكان الروحاء ( م ) عن أبي هريرة

1648. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان نامازغا توۋلانغان ئەزان، نىدانى ئاڭلىغاندا، شۇنداق نېرىغا قاچىدۇكى، ھەتتا، رەۋھا دېگەن جايغا كېتىدۇ، (رەۋھائ، مەدىنىدىن 36 مىيل يەنى 58 كىلومېتىر يىراقتا) مۇسلىم 581 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14083 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الشيطان عرض لي فشد علي ليقطع الصلاة علي فأمكنني ئاللاھ تعالى منه فذعته و لقد هممت أن أوثقه إلى سارية حتى تصبحوا فتنظروا إليه فذكرت قول سليمان ( رب هب لي ملكا لا ينبغي لأحد من بعدي فرده ئاللاھ خاسئا ) . ( خ ) عن أبي هريرة

1649. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان ماڭا توسقۇنلۇق قىلىپ، نامىزىمنى ئۈزۈپ، بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن ماڭا قارشى قاتتىق چېلىك تۇردى، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ئىمكانىيەت بەردى، مەن ئۇنى بوغۇپ تۇتىۋالدىم، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ تاڭ ئاتقاندا ئۇنى كۆرۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنى تۈۋرۈكتىن بىرىگە باغلاپ قويۇشۇمنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇ بولسا، «ئى رەببىم ئاللاھ، ماڭا مەندىن كېيىن ھېچكىشىگە لايىق بولمايدىغان پەقەت ماڭىلا لايىق بولىدىغان پادىشاھلىق ئاتا قىلىسىلا دېگەن دۇئاسى ئىدى) ئاندىن ئاللاھ، ئۇ شەيتاننى ئۇ خار پېتى قايتۇردى، بۇخارى 1134 ـ ھەدىس، مۇسلىم 842 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7628 ـ ھەدىس.

إن الشيطان قال: و عزتك يا رب لا أبرح أغوي عبادك ما دامت أرواحهم في أجسادهم فقال الرب: و عزتي و جلالي لا أزال أغفر لهم ما استغفروني ( حم ع ك ) عن أبي سعيد

1650. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان مۇنداق دېدى: ئى رەببىم ئاللاھ، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بەندىلىرىڭنىڭ روھلىرى، جانلىرى، تەنلىرىدە بولسىلا مەن ئۇلارنى دائىم ئازدۇرۇپ تۇرىمەن، ئاندىن، پەرۋەردىگار ئاللاھ جاۋابەن مۇنداق دېدى: ئىززىتىم، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مەندىن مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورىسىلا، مەن دائىم ئۇلارنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىمەن، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن الشيطان قد أيس أن يعبده المصلون و لكن في التحريش بينهم ( حم م ت ) عن جابر

1651. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان شەك ـ شۈبھىسىز ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدىن

ئۇمۇدىنى ئۈزدى، لېكىن، يەنىلا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئارىسىدا ئىختىلاپ، زىددىيەت، جەڭ، ئۇرۇش پەيدا قىلىشىدىن ئۇمۇدىنى ئۈزمىدى، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس ھەسەن لىزاتى دېگەن ، ئەمەلىيەتتە ھەدىستە دېيىلگەندەكلا بولدى، ھەم بولۇۋاتىدۇ، بۇنىدىن كېيىنكىسىنى ئاللاھ ساقلىسۇن.

إن الشيطان قعد لابن آدم بأطرقه فقعد له بطريق الإسلام فقال: تسلم و تذر دينك و دين آبائك و آباء آبائك ؟ فعصاه فأسلم ثم قعد له بطريق الهجرة فقال: تهاجر و تدع أرضك و سماءك و إنما مثل المهاجر كمثل الفرس في الطول ! فعصاه فهاجر ثم قعد له بطريق الجهاد فقال: تجاهد فهو جهد النفس و المال فتقاتل فتقتل فتنكح المرأة و يقسم المال ؟ فعصاه فجاهد فمن فعل ذلك كان حقا على ئاللاھ أن يدخله الجنة و من قتل كان حقا على ئاللاھ أن يدخله الجنة و إن غرق كان حقا على ئاللاھ أن يدخله الجنة و إن وقصته دابته كان حقا على ئاللاھ أن يدخله الجنة ( حم ن حب ) عن سبرة بن أبي فاكه .

1652. سەۋرەت ئىبنى ئەبۇ پاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ بارلىق يوللىرىدا ئولتۇرۇپ، ۋەسۋەسە قىلىدۇ، شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ئىسلام يولىدا ئولتۇرۇپ، مۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ، سەن مۇسۇلمان بولامسەن؟، ئۆز دىنىڭنى داداڭنىڭ، ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ دىنىنى تەرك ئېتىپ تاشلامسەن؟ دەيدۇ. ئادەم بالىسى ئۇنىڭ بۇ ۋەسۋەسىسىگە قۇلاق سالماي، شەيتانغا ئاسىي بولۇپ، مۇسۇلمان بولسا، ئاندىن شەيتان ئۇنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق ۋەسۋەسە قىلىدۇ، سەن ھىجرەت قىلامسەن؟ ئۆز زېمىنىڭنى، ئاسمىنىڭنى، ۋەتىنىڭنى تاشلاپ قويامسەن؟ ھەقىقەتەن مۇھاجىر دېگەن ئۇزۇن يول يۈرگەن، ئۇزۇن يىل ئايرىلغان ئاتقا ئوخشايدۇ دەيدۇ. مۇسۇلمان كىشى شەيتانغا ئاسىي بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ھىجرەت قىلىدۇ، ئاندىن شەيتان ئۇنىڭ جىھاد يولىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: سەن جىھاد قىلامسەن؟ ئۇ دېگەن جاننى، مالنى بېرىش تۇرسا؟، يەنە ئۇرۇش قىلامسەن، سەن ئۆلتۈرۈلسەن، ئايالىڭنى باشقىلار ئالىدۇ، مال ـ مۈلۈكىڭنى تەقسىم قىلىۋېتىدۇ، مۇسۇلمان ئۇنىڭ بۇ ۋەسۋەسىلىرىگە قۇلاق سالماي، جىھاد قىلىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. كىم شۇنداق قىلالىسا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، كىم جىھادتا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد قىلىنسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەگەر ئۇ جىھاد، ھىجرەت يولىدا غەرق بولۇپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، كىمنى ھايۋىنى ئېتىپ، تۆگىسى دەسسەپ تاشلىسا، ئۇ بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىمۇ جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، كېپىل بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن الشيطان ليستحل الطعام الذي لم يذكر اسم ئاللاھ عليه و إنه لما جاء بهذا الأعرابي ليستحل به فأخذت بيده و جاء بهذه الجارية ليستحل بها فأخذت بيدها فوالذي نفسي بيده أن يده في يدي مع أيديهما ( حم م د ن ) عن حذيفة

1653. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامغا بىسمىللاھ دېمىگەن ئىككى كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن شەيتان ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلەنمىگەن، بىسمىللاھ دېيىلمىگەن تائامنى ئۆزىگە ھالال قىلىپ يېۋالىدۇ، ھەقىقەتەن شەيتان بۇ ئەئرابى بىلەن بىرگە كېلىپ، تائامنى ھالال قىلىپ يېۋېلىشنى مەقسەت قىلىۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدىم، بۇ قىزچاق بىلەنمۇ كېلىپ، تائامنى يېۋېلىشنى مەقسەت قىلغاندا، مەن بۇ قىزچاقنىڭ قولىنىمۇ تۇتىۋالدىم. جېنىم ئىلكىدە، قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن شەيتاننىڭ قولى ھازىر بۇ ئىككىسىنىڭ قولى بىلەن بىرگە مېنىڭ قولۇمدا دېدى، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الشيطان ليفرق منك يا عمر ( حم ت حب ) عن بريدة

1654. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان ئەلەيھى لەنەت، ئى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەندىن قورقۇپ قاچىدۇ، ئەھمەد 21911 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3623 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببانمۇ توپلىغان، سەھىھ.

إن الشيطان يأتي أحدكم في صلاته فيلبس عليه حتى لا يدري كم صلى فإذا وجد ذلك أحدكم فليسجد سجدتين و هو جالس قبل أن يسلم ثم يسلم( ت ه ) عن أبي هريرة

1655. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان بىرىڭلار نامازدىكى چاغدا كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ نامىزىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا، ئۇ كىشى نەچچە رەكەت ئوقۇغىنىنىمۇ بىلەلمەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ئەھۋالنى تاپىسلا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپلا سالام بېرىشدىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ، ئاندىن سالام بەرسۇن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن سالامدىن بۇرۇنلا سەھۋىگە ئىككى سەجدە قىلىۋېتىپ، ئاندىن سالام بېرىۋەتسە بولىدۇ.

إن الشيطان يأتي أحدكم فيقول: من خلق السماء ؟ فيقول: ئاللاھ فيقول من خلق الأرض ؟ فيقول: ئاللاھ فيقول: من خلق ئاللاھ ؟ ! فإذا وجد ذلك أحدكم فليقل: آمنت بئاللاھ و رسوله ( طب ) عن ابن عمرو .

1656. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان بىرىڭلارغا كېلىپ، ئاسماننى كىم ياراتتى؟ دەپ ۋەسۋەسە بىلەن سورايدۇ، بىرىڭلار ئاللاھ ياراتتى دېسە، ئۇ ئاندىن زېمىننى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، بىرىڭلار، ئاللاھ ياراتتى دېسە، ئۇ ئاندىن ۋەسۋەسە قىلىپ، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، بىرىڭلار شۇنداق ئەھۋالنى تاپسا، مەن ئاللاھقا ئۇنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېۋەتسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ، ياراتقۇچى خالىق، ئۇ ئەزلى ئەۋۋەلدۇر، ئىپتىداسى يوق، ئۇ ئەبەدى ئاخىردۇر، ئىنتىھاسى يوق، ئوخشىشى ئەسلا يوق، ئۇ بارلىق ھادىسىنى پەيدا قىلغۇچى، مەخلۇقلارنى ياراتقۇچى، ھەرىكەتكە تەسىر بەرگۈچى، شەكىللەرگە، سۈرەتلەرگە سۈرەت ئاتا قىلغۇچى، مۇسەۋۋىر ئاللاھدۇر، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھ پەيدا بولغان ئەمەس، ھادىسە ئەمەس، ئۇ ئەزلىدە بار، بىر زاتتۇر، ئوخشىشى يوق، ھەممىدىن ئۇلۇغ، بۈيۈك زاتتۇر،ئاللاھ ھەرنەرسىگە قادىردۇر.

إن الشيطان يأتي أحدكم فيقول: من خلقك ؟ فيقول: ئاللاھ فيقول: فمن خلق ئاللاھ ؟ فإذا وجد أحدكم ذلك فليقل: آمنت بئاللاھ و رسله فإن ذلك يذهب عنه ( ابن أبي الدنيا في مكايد الشيطان ) عن عائشة

1657. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇددۇنيا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، پەقەت ئاخىرىدا، ئاللاھقا، ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈردۈم، ئىشەندىم دېسە، بۇ سۆزى شۇ ۋەسۋەسىنى يوقىتىدۇ دېگەن بار، سەھىھ.

( صحيح ) إن الشيطان يجري من ابن آدم مجرى الدم ( حم ق د ) عن أنس ( ق د ه ) عن صفية .

1658. ئەنەس، سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان ئادەم باللىرىنىڭ قان ئاقىدىغان جايلىرىدا ئېقىپ يۈرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. كۆزگە كۆرۈنگەن ماددا، ئېلېمېنت، ئوكسىگېن ۋە باشقا ماددىلار قاندا ئېقىپ يۈرىدۇكى، كۆزگە كۆرۈنمەس ماددا بولمىغان روھانى ئالەمگە مەنسۇپ بولغان شەيتان ئەلۋەتتە قانلاردا ئېقىپ يۈرۈشى مۇمكىن، ئاللاھ بۇ ئىشنى شەيتانغا بەردى، مەقسەت ، ئىمتىھان دۇنياسىدا بۇ مۇسابىقە دۇنياسىدا سىناق ئېلىپ بېرىش، ئاللاھ بىزنى شەيتاندىن ساقلىسۇن، ئامىن!!!

إن الشيطان يحضر أحدكم عند كل شيء من شأنه حتى يحضره عند طعامه فإذا سقطت من أحدكم اللقمة فليمط ما كان بها من أذى ثم ليأكلها و لا يدعها للشيطان فإذا فرغ فليلعق أصابعه فإنه لا يدري في أي طعامه تكون البركة ( م ) عن جابر

1659. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارنىڭ ھەممە ئىشىدا ھازىر بولىدۇ، ھەتتا، تائام يەۋەتقاندىمۇ ھازىر بولىدۇ، بىرىڭلاردىن بىر لوقما تائام چۈشۈپ كەتسە، ئۇ تائامدىكى نىجاسەتنى، ئەزىيەتنى تازىلىۋېتىپ يەۋەتسۇن، چۈشۈپ كەتكەن ئۇ تائامنى شەيتانغا قالدۇرمىسۇن، تائامدىن پارىغ بولغاندا، بارماقلىرىنى يالىۋەتسۇن، چۈنكى، ئۇ بەرىكەتنىڭ تائامنىڭ قايسى يېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الصالحين يشدد عليهم و إنه لا يصيب مؤمنا نكبة من شوكة فما فوق ذلك إلا حطت عنه بها خطيئة و رفع له بها درجة ( حم حب ك هب ) عن عائشة

1660. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سالىھ، ياخشى كىشىلەرگە قاتتىق ئېغىر كۈنلەر كۆپ كېلىدۇ، سىناق قاتتىق بولىدۇ، ھەرقانداق بىر مۆئمىنگە تىكەن كىرىپ كەتكەنچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بىرەر مۇسىبەت، ئەزىيەت يەتسە، شۇنىڭ باراۋىرىگە ئۇ مۆئمىندىن بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، (باشقا خاتىرىدە گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ دېگەنمۇ بار) ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الصبر عند الصدمة الأولى ( حم ق 4 ) عن أنس

1661. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەۋر قىلىش دېگەن تۇنجى قېتىملىق مۇسىبەت قاتتىق بولغاندا بولىدۇ، (چۈنكى، كېيىن بىر ئاز ئاسان بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

إن الصخرة العظيمة لتلقى من شفير جهنم فتهوي بها سبعين عاما ما تفضي إلى قرارها ( ت ) عتبة بن غزوان

1662. ئۇتبەت ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن چوڭ بىر تاش جەھەننەمنىڭ لېۋىدىن، گىرۋىكىدىن تاشلىنىپ، 70 يىل ئاستى تەرەپكە چۈشۈپمۇ يەنىلا دوۋزاخنىڭ قارارگاھىغا، تېگىگە يېتىپ بولالمىدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، مانا بۇ چوڭقۇرلۇقى.

( صحيح ) إن الصدقة لا تحل لنا و إن مولى القوم منهم ( ت ن ك ) عن أبي رافع

1663. ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەدىقە زاكات بىزگە ھالال ئەمەس، (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىگە ھالال ئەمەس) ھەقىقەتەن ئازادكەردى قۇل ئازاد قىلغان قەۋمنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، (يەنى بىز ئازاد قىلغان قۇلغىمۇ سەدىقە ھالال ئەمەس، بىز ئۇنىمۇ يىمەيمىز) تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الصدقة لا تنبغي لآل محمد و إنما هي أوساخ الناس ( حم م ) عن عبدالمطلب بن ربيعة .

1664. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى رەبىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەدىقە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىگە لايىق ئەمەس، ھالال ئەمەس، شەك ـ شۈبھىسىز سەدىقە، زاكات دېگەن ، كىشىلەرنىڭ تۈگرىسى، كىرلىرىدۇر، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الصدق ليهدي إلى البر و إن البر يهدي إلى الجنة و إن الرجل ليصدق حتى يكتب عند ئاللاھ صديقا و إن الكذب يهدي إلى الفجور و إن الفجور يهدي إلى النار و إن الرجل ليكذب حتى يكتب عند ئاللاھ كذابا ( ق ) عن ابن مسعود

1665. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن راستچىللىق، سەممىي، راست سۆزلەش ياخشىلىققا ھىدايەت قىلىپ ئاپىرىدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ، ھەقىقەتەن كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىلدە سىددىق،

يەنى راستچىل، سەممىي كىشى دەپ يېزىلىدۇ (پاكى ماقامى مەتۈسى سىددىق بولىدۇ) ھەققەتەن يالغانچىلىق گۇناھ، مەئسىيەتكە ئاپىرىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بولسا، دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ، ھەققەتەن كىشى يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىدە كاززاپ دەپ يېزىلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (خۇلاسە، راستچىللىق جەننەتكە، كاززاپلىق دوۋزاخقا سەۋەب بولىدى)

إن الصعيد الطيب طهور ما لم تجد الماء و لو إلى عشر حجج فإذا وجدت الماء فأمسه بشرتك(حم د تعن أبي ذر

1666. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پاك ـ پاكىز تۇپراق، گەرچە سەن 10 يىل سۇ تاپالمساڭمۇ پاكلىغۇچىدۇر، (يەنى تەيەممۇم قىلىنىدۇ) سەن سۇنى تاپقاندا، ئاندىن ئۇنى بەدىنىڭگە، تىرەڭگە تەگكۈزۈپ ئىستېمال قىل، (مەقسەت، زېمىن، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىنىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الصعيد الطيب وضوء المسلم و إن لم يجد الماء عشر سنين فإذا وجد الماء فليمسه بشرته فإن ذلك هو خير ( حم ت حب ك ) عن أبي ذر

1667. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پاك تۇپراق مۇسۇلماننىڭ تاھارىتىدۇر، گەرچە ئۇ 10 يىل سۇ تاپالمىسىمۇ تەيەممۇم قىلىدۇ، سۇنى تاپقاندا ئۇنى تېرىسىگە يەتكۈزۈپ ئىستېمال قىلسۇن، سۇنى ئىستېمال قىلىش ياخشىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن الصلوات الخمس يذهبن بالذنوب كما يذهب الماء الدرن ( محمد بن نصر ) عن عثمان

1668. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بەش ۋاخ ناماز خۇددى سۇ كىرنى يۇيۇپ يوقاتقاندەك گۇناھلارنى يۇيۇپ تازىلاپ يوقىتىدۇ، مۇھەممەد ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الظلم ظلمات يوم القيامة ( ق ت ) عن ابن عمر

1669. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۇ دۇنيادا زۇلۇم قىلىش، قىيامەت كۈنىدە نۇرغۇن زۇلمەت، قاراڭغۇلۇقتۇر، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن العبد إذا أخطاء خطيئة نكتت في قلبه نكته سوداء فإن هو نزع و استغفر و تاب صقل قلبه و إن عاد زيد فيها حتى تعلو على قلبه و هو الران الذي ذكر ئاللاھ تعالى ( كلا بل ران على قلوبهم ما كانوا يكسبون . ( حم ت ن ه حب ك هب ) عن أبي هريرة

1670. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بەندە، بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ قەلبىگە قارا چېكىتتىن بىرسى ئۇرۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ خاتالىقىدىن قول تارتىپ، يېنىپ، تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئېيتسا، ئۇنىڭ قەلبى ئاقىرىپ، سۈزۈلىدۇ، روشەن بولىدۇ، ئەگەر ئۇ يەنە خاتالىقىغا قايتۇۋالسا، ئۇ قارا چېكىت قەلبىنى قورشاپ، يېپىۋالغانغا قەدەر زىيادە بولىدۇ، ئۇ بولسا، ئاللاھ كىتابىدا تىلغا ئالغان رانە شۇدۇر، «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن، دىللىرى، قەلبى قارىيىپ كەتكەندۇر» سۈرە مۇتەففىفىن 14 ـ ئايەت، (يەنى مۇشۇ ئايەتتىكى دىلى قارىيىپ كېتىش، مۆھۈر بېسىلىپ كېتىش بولسا، دەل خاتالىقىغا قايتىۋېلىش، تەۋبە قىلماستىن قايتا ـ قايتا گۇناھ قىلىشتۇر) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بەيھەقىلار توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن العبد إذا قام يصلي أتي بذنوبه كلها فوضعت على رأسه و عاتقيه فكلما ركع أو سجد تساقطت عنه ( طب حل هق ) عن ابن عمر

1671. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بەندە نامازغا تۇرغاندا، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرى بېشىغا، مۈرىسىگە قويۇلىدۇ،

ئۇ ھەر قېتىم رۇكۇ، سەجدە قىلسا، گۇناھلار ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن العبد إذا لعن شيئا صعدت اللعنة إلى السماء فتغلق أبواب السماء دونها ثم تهبط إلى الأرض فتغلق أبوابها دونها ثم تأخذ يمينا و شمالا فإذا لم تجد مساغا رجعت إلى الذي لعن فإن كان لذلك أهلا و إلا رجعت إلى قائلها ( د ) عن أبي الدرداء

1672. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندە بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ لەنەت ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، ئاسمان ئىشىكلىرى ئۇنى كىرگۈزمەي، تاقىلىپ قالىدۇ، ئاندىن لەنەت زېمىنغا چۈشىدۇ، زېمىن ئىشىكلىرىمۇ ئۇنى كىرگۈزمەي، يەنى قوبۇل قىلماي تاقىلىپ قالىدۇ، (چۈنكى، ئاسمان ـ زېمىن لەنەتكە لايىق ئەمەس) ئاندىن لەنەت ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، سىغقۇدەك ئورۇن تاپالمىغاندا،لەنەت قىلىنغان نەرسىگە قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ نەرسە راستىنلا لەنەتكە لايىق بولسا، شۇنداق بولغىنى، ئىش تامام، ئەگەر ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا، شۇ لەنەتنى دېگۈچىگە ئاغزىدىن چىقارغۇچىغا قايتىپ بارىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن العبد إذا مرض أوحى ئالالاھ إلى ملائكته: أنا قيدت عبدي بقيد من قيودي فإن أقبضه أغفر له و إن أعافه فحينئذ يقعد لا ذنب له ( ك ) عن أبي أمامة

1673. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندە كېسەل بولۇپ قالسا، ئاللاھ، پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەپ ۋەھيي قىلىدۇ، ھەقىقەتەن مەن بەندەمنى ئۆزۈمنىڭ كويزا، كىشەنلىرىدىن بىر كىشەن بىلەن كىشەنلەپ قويدۇم، ئەگەر ئۇنىڭ جېنىنى ئالسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن، كەچۈرىمەن، ئەگەر شىپالىق ئاتا قىلىپ ساقايتسام، ئۇ چاغدا بەندەم گۇناھى يوق ھالدا ئولتۇرىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن العبد إذا نصح لسيده و أحسن عبادة ربه كان له أجره مرتين ( مالك حم ق د ) عن ابن عمر

1674. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قۇل كىشى ئۆز خوجايىنىغا نەسىھەت قىلسا، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەتنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجرى ئىككى ھەسسە بولىدۇ، يەنى ئىككى ئەجىر بولىدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ھازىر قۇللۇق تۈزۈم بولمىسىمۇ، ئاتا ـ ئانىغا، ئاكا ـ ئاچاڭغا، ئىمامىڭغا باشلىقلارغا نەسىھەت قىل).

إن العبد إذا وضع في قبره و تولى عنه أصحابه حتى أنه يسمع قرع نعالهم أتاه ملكان فيقعدانه فيقولان له: ما كنت تقول في هذا الرجل ؟ لمحمد فأما المؤمن فيقول: أشهد أنه عبد ئالالاھ و رسوله فيقال: انظر إلى مقعدك من النار قد أبدلك ئالالاھ به مقعدا من الجنة فيراهما جميعا و يفسح له في قبره سبعون ذراعا و يملأ عليه خضرا إلى يوم يبعثون ; و أما الكافر أو المنافق فيقال له ما كنت تقول في هذا الرجل ؟ فيقول: لا أدري كنت أقول ما يقول الناس فيقال له: لا دريت و لا تليت ثم يضرب بمطراق من حديد ضربة بين أذنيه فيصيح صيحة يسمعها من يليه غير الثقلين و يضيق عليه قبره حتى تختلف أضلاعه ( حم ق د ن ) عن أنس

1675. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندە قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، يېقىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن قايتىپ كېتىدۇ، بەندە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىشى توغرىسىدا يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟، مۆئمىن بولسا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھنىڭ بەندىسى، ۋە ئەلچىسى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سېنىڭ دوۋزاخدىن بولغان جايىڭغا قارا، جەزمەن ئاللاھ، ساڭا ئۇ جايىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، بەندە ھەر ئىككىلى جاينى كۆرىدۇ ، ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەز كەڭرى

قىلىنىدۇ، (بۇ گەزنىڭ قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم، پەرىشتىلەرنىڭمۇ؟ئۇنى ئاللاھ بىلىدۇ) كىشىلەر تىرىلىپ قوپۇرۇلىدىغان قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ قەبرىسى يېشىل نۇرغا تولۇپ تۇرىدۇ.ئەمما، كاپىر، دىنسىزغا كەلسەك، ياكى مۇناپىققا كەلسەك، ئۇنىڭغا بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ دېيىلسە ، ئۇ مەن بىلمەيمەن، مەن دۇنيادا ئىنسانلار دېگەن سۆزنى دەپ قويغان دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن زادى بىلمەيتتىڭ، ئوقۇپمۇ باقمىغان دېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىغا تۆمۈر توقماق بىلەن قاتتىق ئۇرۇلىدۇ، ئۇ شۇنداق ئاۋاز قىلىپ، ۋارقىراپ كېتىدۇكى، ئىنسان، جىندىن باشقا بارلىق كىشىلەر، نەرسىلەر ئاڭلايدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە، ئىنسان، جىن ئاڭلاپ قالسا، ئۆلۈپ كېتەتتى دېيىلىدۇ ) ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن العبد المؤمن إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة بيض الوجوه كأن وجوههم الشمس معهم كفن من أكفان الجنة و حنوط من حنوط الجنة حتى يجلسوا منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الطيبة اخرجي إلى مغفرة من ئاللاھ و رضوان فتخرج فتسيل كما تسيل القطرة من في السقاء فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يأخذوها فيجعلوها في ذلك الكفن و في ذلك الحنوط و يخرج منها كأطيب نفحة مسك وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الطيب ؟ فيقولون: فلان بن فلان بأحسن أسمائه التي كانوا يسمونه بها في الدنيا حتى ينتهوا به إلى سماء الدنيا فيستفتحون له فيفتح له فيشيعه من كل سماء مقربوها إلى السماء التي تليها حتى ينتهي إلى السماء السابعة فيقول ئاللاھ عز و جل: اكتبوا كتاب عبدي في عليين و أعيدوا عبدي إلى الأرض فإني منها خلقتهم و فيها أعيدهم و منها أخرجهم تارة أخرى ; فتعاد روحه فيأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك ؟ فيقول: ربي ئاللاھ فيقولان له: ما دينك ؟ فيقول: ديني الإسلام فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول: هو رسول ئاللاھ فيقولان له: و ما علمك ؟ فيقول: قرأت كتاب ئاللاھ فآمنت به و صدقت فينادي مناد من السماء: أن صدق عبدي فأفرشوه من الجنة و ألبسوه من الجنة و افتحوا له بابا إلى الجنة فيأتيه من روحها و طيبها و يفسح له في قبره مد بصره و يأتيه رجل حسن الوجه حسن الثياب طيب الريح فيقول: أبشر بالذي يسرك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول له: من أنت ؟ فوجهك الوجه يجيء بالخير فيقول: أنا عملك الصالح فيقول: رب أقم الساعة رب أقم الساعة ؟ حتى أرجع إلى أهلي و مالي ; و إن العبد الكافر إذا كان في انقطاع من الدنيا و إقبال من الآخرة نزل إليه من السماء ملائكة سود الوجوه معهم المسوح فيجلسون منه مد البصر ثم يجيء ملك الموت حتى يجلس عند رأسه فيقول: أيتها النفس الخبيثة ! اخرجي إلى سخط من ئاللاھ و غضب فتفرق في جسده فينتزعها كما ينتزع السفود من الصوف المبلول فيأخذها فإذا أخذها لم يدعوها في يده طرفة عين حتى يجعلوها في تلك المسوح و يخرج منها كأنتن ريح جيفة وجدت على وجه الأرض فيصعدون بها فلا يمرون بها على ملأ من الملائكة إلا قالوا ما هذا الروح الخبيث ؟ ! فيقولون: فلان بن فلان بأقبح أسمائه التي كان يسمى بها في الدنيا فيستفتح له فلا يفتح له ثم قرأ: ( لا تفتح لهم أبواب السماء فيقول ئاللاھ عز و جل: اكتبوا كتابه في سجين في الأرض السفلى فتطرح روحه طرحا فتعاد روحه في جسده ; و يأتيه ملكان فيجلسانه فيقولان له: من ربك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما دينك ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فيقولان له: ما هذا الرجل الذي بعث فيكم ؟ فيقول: هاه هاه لا أدري فينادي مناد من السماء: أن كذب عبدي فأفرشوه من النار و افتحوا له بابا إلى النار فيأتيه من حرها و سمومها و يضيق عليه قبره حتى تختلف أضلاعه و يأتيه رجل قبيح الوجه قبيح الثياب منتن الريح فيقول: أبشر بالذي يسوؤك هذا يومك الذي كنت توعد فيقول: من أنت فوجهك الوجه يجيء بالشر ؟ فيقول: أنا عملك الخبيث فيقول: رب لا تقم الساعة ) ( حم د ابن خزيمة ك هب الضياء ) عن البراء

1676. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىنىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن خۇددى يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق، ئاپئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە جەننەتنىڭ كېپىنەكلىرى، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن خۇشپۇراق ئەتىرلەر باردۇر، بۇ پەرىشتىلەر مۆئمىندىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرىدۇ، (يەنى كۆرگىلى بولغۇدەك يىراقلىقتا ئولتۇرىدۇ) ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ، ئۇ مۆئمىننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئەي

پاك ، ئىسىل روھ ، جان! ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا چىققىن! ئاندىن روھ ، جان خۇددى تولۇڭنىڭ ئاغزىدىن بىر تامچە سۇ تامغاندەكلا شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالغاندا، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ قويماي تۇرسا، پەرىشتىلەر ئېلىپ، بۇ پاك روھنى ئاشۇ كېپەنلەردە ئاشۇ ئەتىرلەردە قىلىدۇ، بۇ روھدىن مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراق چىقىدۇ، بۇ خۇشپۇراقلار يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇ روھنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ جامائەتلىرىدىن ئۆتسىلا، بۇ پاك ، ئىسىل روھ كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىشىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋەتقانلار، ئۇ بەندىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئاپىرىپ، ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ مۆئمىن روھى ئۈچۈن ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئاندىن بۇ ئىسىل روھقا ھەربىر ئاسمانىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇلار يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىپ بارىدۇ، تاكى بۇ مۆئمىنىنىڭ روھى يەتتىنچى ئاسمانغىچە ئاپىرىلىدۇ ، (ھەربىر ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىۋالىدۇ) ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندەمنىڭ كىتابىنى، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى ئالى مەرتىۋە قاتارىدا يېزىڭلار! بۇ بەندەمنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن، ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم يارىتىپ چىقىرىمەن، ئاندىن مۆئمىنىنىڭ روھى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ ،

رەببىڭ كىم؟ دەپ سورايدۇ:

مۆئمىن، رەببىم ئاللاھ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، دىنىم ئىسلام دىنى دەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ كىشى قانداق كىشى بولىدۇ؟ دەيدۇ:

ئۇ بەندە، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبىرىدۇر دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: سېنىڭ ئىلمىڭ قانداق؟ سەن بۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ دەيدۇ:

مۆئمىن بەندە، مەن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، بۇ كىتابقا شەكسىز ئىمان كەلتۈردۈم، ۋە تەستىقلىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئاسماندىن بىر توۋلىغۇچى، ئىندا قىلىپ، بەندەم راست دېدى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىڭلار! جەننەت كىيىملىرىدىن كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، رىزىقلىرى، پاك ، مول تۇرمۇشلىرى، خۇشپۇراقلىرى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرىسى بىر كۆز يېتىم مىقدارى شۇنداق كەڭ كەڭرىتىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا يۈزى گۈزەل، كىيىمى گۈزەل، خۇشپۇراق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان، سېنىڭ كۈنۈڭدۇر، دەيدۇ، بەندە ئۇنىڭغا سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزىڭ ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈزكەن دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن سېنىڭ سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ، ئاندىن بەندە خاتىرجەم بولۇپ، ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەتنى قوزۇپ بەرگىن، ئى رەببىم، قىيامەتنى قايىم قىلىپ بەرگىن، مەن ئەھلىمگە، مال ـ مۈلۈكلىرىمگە قايتاي دەيدۇ، (مانا بۇ مۆئمىن كىشىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ). ھەقىقەتەن كاپىر، دىنسىز بەندىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاسماندىن يۈزلىرى قاپقارا، تەلەتى سەت، قەبىھ پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇنى كېپەنلەشكە ئەسكى كىگىز، تاشلاندۇق پالاسلارنى ئېلىۋالىدۇ، پەرىشتىلەر بۇ كاپىردىن بىر كۆز يېتىم مىقداردا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس، سېسىق جان، ئاللاھنىڭ كايىشىغا، غەزەپ ـ نەپرىتىگە چىققىن! دەيدۇ: ئاندىن ئۇنىڭ روھى، جېنى پۈتۈن بەدەنلىرىگە تارقاپ كېتىدۇ، ئاندىن

پەرىشتە ئۇ جاننى خۇددى قوينىڭ يۈڭ يۇڭىدىن شوخۇلۇق شاخنى تارتىپ ئالغاندەك، قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ، ئۇنى ئېلىپ، قولىدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مىقداردا قويمايلا، ساقلاپ تۇرغان پەرىشتىلەر ئېلىپ، ھېلىقى كىگىز پالاسنىڭ ئىچىگە سالىدۇ، بۇ نىجىس، سېسىق جاندىن تاپنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بۇ سېسىق پۇراق يەر يۈزىدە تېپىلىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلار ھەربىر پەرىشتە جامائەتلىرىدىن ئۆتسە، ئۇلار بۇ نىجىس، سېسىق جان، روھ كىم بولىدۇ؟ دەيدۇ: ئۆرلەۋاتقانلار، ئۇ دىنىسىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر ئاتايدىغان ئەڭ قەبىھ، سەت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ، پالانىنىڭ بالىسى، پالانى بولىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاسمان ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئىشىك ھەرگىز ئېچىلمايدۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى، «ئۇلارغا ئاسمان ئىشىكلىرى ھەرگىز ئېچىلمايدۇ» سۈرە ئەئراب، 4ـ ئايەت، ئاندىن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كىتابىنى ئەڭ تۆۋەن زېمىننىڭ ئىچىدىكى سىججىيىن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك چوڭقۇر مەنزىللىك قىلىپ يېزىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ روھى قاتتىق تاشلىنىدۇ، جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇنداق سوئال سورايدۇ.

رەببىڭ كىم؟

ئۇ،ھا ! ھا! مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئۇلار، دىنىڭ نېمە؟ دېسە:

ئۇ ھا ھا مەن بىلمەيمەن دەيدۇ.

ئاراڭلارغا ئەۋەتىلگەن ماۋۇ كىشى كىم؟ دېسە:

ئۇ، ھا! ھا! مەن مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئاندىن، ئاسماندىن مۇنداق نىدا كېلىدۇ، ئۇ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭغا دوۋزاخدىن، ئوتتىن كۆرپە سېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۇچۇن دوۋزاخ تەرىپىگە بىر ئىشىك ئېچىڭلار! ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخنىڭ ھارارەتلىرى، قىزىقلىقى ، زەھەرلىرى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى شۇنداق تار قىلىنىدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ، گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، يۈزى، كىيىمى قەبىھ سەت، سېسىق پۇراقلىق بىر كىشى كېلىپ، سىنى خاپا قىلىدىغان، غەم قىلدۇرىدىغان نەرسە بىلەن بېشارەت ئال، مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان سېنىڭ كۈنۈڭدۇر دەيدۇ. ئۇ، سېنىڭ يۈزۈڭ يامانلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان يۈز ئىكەن، سەن زادى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ، مەن سېنىڭ نىجىس، يامان ئەمەللىرىڭ بولىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەتنى قايىم قىلمىغىن دەپ كېتىدۇ، (مانا بۇ دىنىسىزنىڭ ئاقىۋىتى، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى مۆئمىن قىلىپ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىسلا، ئامىن!) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، بىر قىسىم جايلىرى مۇتىۋاتىر.

( صحيح ) ( ه ) عن جناب . إن العبد ليؤجر في نفقته كلها إلا في البناء

1677. جەنناپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بەندىنىڭ بارلىق نەپىقە، چىقىملىرىغا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ لاي بىلەن سۇغا پۇل خەجلەپ سالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئەجىر، ساۋاب يوق، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ئام ھۆكۈمدىن مەسجىد، مەدرىس، دىنى مەكتەپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرى، ھاجىتى ئەسلى بولۇپ قالغان ئۆيلەر، خالىس، ھەقسىز سېلىنغان دوختۇرخانىلار، يول، كۆۋرۈكلەر مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىلىدۇ، بۇلارغا كاتتا ساۋاب، ئەجىر بار، ھەدىسنىڭ مەخسىدى ھاجەتتىن زىيادە، ئۇشۇقدىن ئۇشۇق ئارتۇق قىلىۋالغان ئىشلاردۇر.

إن العبد ليتكلم بالكلمة ما يتبين فيها يزل بها في النار أبعد ما بين المشرق و المغرب ( حم ق ) عن أبي هريرة

1678. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بەندە سۆرۈشتۈرمەستىن ئىنقىلاپ كۆرمەيلا، بىر ئېغىز سۆزنى قىلىدۇ ـ دە، ئۇ، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبىدىن دوۋزاخنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىنمۇ يىراقراق چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن العرق يوم القيامة ليذهب في الأرض سبعين باعا و إنه ليبلغ إلى أفواه الناس أو إلى آذانهم( م ) عن أبي هريرة

1679. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تەرلەر قىيامەت كۈنى شۇ كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىدىن زېمىندا 70 غۇلاچقا يېتىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا، ياكى قۇلاقلىرىغا يېتىدۇ، (يەنى كىشىلەر تەر ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرىيدۇ، ياخشى مۆئمىنلەر ئۇشۇقىغىچە بولىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن العلماء إذا حضروا ربهم كان معاذ بن جبل بين أيديهم رتوة بحجر ( حل ) عن عمر

1680. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۆلىمالار، رەببى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇرغاندا، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن بىر تاش ئېتىم مىقدارى ئالدىدىراق تۇرىدۇ، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ، بۇ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى، كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى.

إن العين لتولع بالرجل بإذن ئاللاھ تعالى حتى يصعد حالقا ثم يتردى منه ( حم ع ) عن أبي ذر

1681. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كۆز تېگىش ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن كىشىگە مۇسىبەت يەتكۈزىدۇ، ھەتتا، كۆز تەگكەننىڭ تەسىرىدىن كىشى ئېگىز تاغقا ئۆرلەپ چىقىپ ئاندىن ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، ئەھمەد 20340 ـ ھەدىس، ئەبۇ يەئلامۇ توپلىغان، سەھىھ، كۆز تېگىش ھەق دېگەن بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا بار.

إن الغادر ينصب له لواء يوم القيامة فيقال: ألا هذه غدرة فلان بن فلان ) مالك ق د ت ( عن ابن عمر .

1682. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن خىيانەتچى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ ، ئاگاھ بولۇڭلار ، مانا بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى دېيىلىدۇ ، مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الفخذ عورة ( ك ) عن جرهد

1683. جەرھەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن يوتا، يەنى ئىنسان يوتىسى ئەۋرەتتۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ (يوتىڭىزنى ئوچۇق قويماڭ)

( حسن ) إن القبر أول منازل الآخرة فإن نجا منه فما بعده أيسر منه و إن لم ينج منه فما بعده أشد منه ( ت ه ك ) عن عثمان بن عفان

1684. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قەبرە، ئاخىرەت مەنزىللىرىنىڭ تۇنجىسىدۇر، ئەگەر قەبرىدىن نىجاد تاپسا، ئۇڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى، ئۇنىڭدىن ئاسانراقتۇر، ئەگەر قەبرىدە نىجاد تاپالمىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوئال ـ سوراق، ئازابلار ئۇنىڭدىن قاتتىقراقتۇر، (قەبرىدە سوراق ـ سوئال ، ئازاب، راھەتنىڭ مۇقەددىمىسى باردۇر) تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن القلوب بين أصبعين من أصابع ئاللاھ يقلبها ( حم ت ك ) عن أنس

1685. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قەلبلەر ئاللاھنىڭ ئۆزگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخشىشى يوق،

بارماقلىرىدىن ئىككى بارمىقى ئارىسىدىدۇر، ئاللاھ قەلبلەرنى ئۆزى خالىغانچە يۆتكەپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الكريم ابن الكريم ابن الكريم يوسف بن يعقوب بن إسحاق بن إبراهيم و لو كنت في السجن ما لبث ثم أتاني الرسول لأجبت و رحمة ئاللاھ على لوط إن كان ليأوي إلى ركن شديد قال: ( لو أن لي بكم قوة أو آوي إلى ركن شديد فما بعث ئاللاھ بعده نبيا إلا في ذروة من قومه ) . ( ت ك ) عن أبي هريرة .

1686. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ بالىسى، يەنە شۇنداق كىشىنىڭ بالىسى، يەنە شۇنداق كىشىنىڭ ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك بالىسى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى، يەئقۇبنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ دادىسى، بوۋىسى، چوڭ بوۋىسىمۇ پەيغەمبەردۇر) ئەگەر مەن يۇسۇف تۈرمىدە تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇرغان بولسام، ئاندىن ماڭا ئەلچى كېلىپ، چىقىپ كەت دېسە، دەرھال جاۋاب بېرىپ، چىقىپ كېتەتتىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى، لۇت ئەلەيھىسسالامغا بولسۇنكى، ھەقىقەتەن ئۇ كۈچلۈك قوشۇنغا ئىرىشكەن، شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ سالغان، «لۇت ئېيتتى: كاشكى مېنىڭ سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم» سۈرە ھۇد 80 ـ ئايەت. (ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر كۈچلۈك ياردەمچى تۇرسا؟) ھەدىسنىڭ ئاخىرى: ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە، لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتسە، پەقەت ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ نەسەبى ئەڭ ئالىيراقىنى ئەۋەتتى، (تىرمىزى 3041 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10483 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4016 ـ ھەدىس، ھەسەن.

إن الذي أمشاهم على أرجلهم في الدنيا قادر على أن يمشيهم على وجوههم يوم القيامة ( حم ق ن ) عن أنس

1687. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا پۇتىچە ماڭدۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئۇلارنى يۈزىچە ماڭدۇرۇشقا قادىردۇر، يەنە بىر خاتىرىدە دوۋزاختا دېگەن بار، ئەھمەد 12913 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس، كاپىرلار قانداق يۈزىچە قوپۇرۇلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا دېيىلگەن.

( صحيح ) إن الذي أنزل الداء أنزل الشفاء ( ك ) عن أبي هريرة

1688. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كېسەلنى چۈشۈرگەن زات ئاللاھ، ئۇنىڭ شىپاسىنى، داۋاسىنىمۇ نازىل قىلىپ چۈشۈرگەندۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي حرم شربها حرم بيعها – يعني الخمر – ( حم م ن ) عن ابن عباس .

1689. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراقنى ئىچىشنى ھارام قىلغان زات ئاللاھ، سېتىشنىمۇ ھارام قىلغاندۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي لا يؤدي زكاة ماله يمثل إليه ماله يوم القيامة شجاعا أقرع له زبيبتان فيلزمه أو يطوقه يقول: أنا كنزك أنا كنزك( حم ن ) عن ابن عمر .

1690. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان كىشىگە قىيامەت كۈنىسى ئۇنىڭ مېلى، تاز يىلاننىڭ سۈرىتىدە كەلتۈرۈلىدۇ، چېكى تۇتۇپ يۆگىشىپ، چىشلەپ تۇرۇپ، مانا مەن سېنىڭ توپلىغان ئالتۇن

ـ كۈمۈشلىرىنىڭ، مانا مەن سېنىڭ مال ـ دۇنيارىڭ دېدۇ، ئەھمەد، 6159 ـ ھەدىس، نەسەئى 2435 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي يأتي امرأته في دبرها لا ينظر ئاللاھ إليه يوم القيامة ( هب ) عن أبي هريرة

1691. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئايالىنىڭ ئارقىسىغا مۇناسىۋەت قىلغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، بەيھەقى شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي يأكل أو يشرب في آنية الفضة و الذهب إنما يجرجر في بطنه نار جهنم ( م ه ) عن أم سلمة زاد ( طب ) : إلا أن يتوب

1692. ئۇممەت سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىلاردا تائام يېگەن ، شاراپ، ئۇچىملىك ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى ئۇياقدىن ـ بۇياققا ھەرىكەتلىنىدۇ،غولدۇرلايدۇ. تەبرانى تەۋبە قىلغانلار مۇستەسنا دېگەننى زىيادە خاتىرىلىگەن، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي يجر ثيابه من الخيلاء لا ينظر ئاللاھ إليه يوم القيامة ( م ن ه ) عن ابن عمر

1693. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىيىملىرىنى تەكەببۇرلۇقدىن ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذي يكذب علي يبني له بيت في النار ( حم ) عن ابن عمر

1694. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن دېمىگەننى مېنى دېدى دەپ ماڭا يالغان سۆزلىگەن كىشى ئۈچۈن دوۋزاخ ئىچىدە ئالاھىدە ئۆتتىن بىر ئۆي سېلىنىدۇ، (ئۇ كازازاپنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدىكەن) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىدە مۇتىۋاتىر ھەدىس بار.

إن الذين يصنعون هذه الصور يعذبون يوم القيامة فيقال لهم: أحيوا ما خلقتم ( ق ن ) عن ابن عمر

1695. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ سۈرەتنى، ھەيكەلنى سىزىدىغانلار، ياسايدىغانلار قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئۇلارغا ياراتماقچى بولغان نەرسەڭلارغا جان، روھ كىرگۈزۈپ، تىرىلدۈرۈپ بېقىڭلار دېيىلىدۇ ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الذين يقطعون السدر يصبون في النار على رءوسهم صبا ( هق ) عن عائشة

1696. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن (مەككىنىڭ يا مەدىنىنىڭ ياكى مۇساپىرلار سايىدايدىغان جىگدە، توغراققا ئوخشاش) نەبىقى دېگەن دەرەخنى كەسكەنلەرنىڭ باشلىرىغا ئوت، يەنى دوۋزاخ ئىچىدە ئوت ۋە باشقا ئېرىتمىلەر قۇيۇلىدۇ ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ أبى ذلك لكم و رسوله أن يجعل لكم أوساخ أيدي الناس ( طب ) عن عبدالمطلب بن ربيعة

1697. ئابدۇلمۇتەللىپ، ئىبنى رەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىسىدىكىلەرگە مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى سىلەرگە، كىشىلەرنىڭ قوللىرىنىڭ كىرلىرىنى يەنى ئۆشرە ـ زاكاتلارنى قىلىپ بېرىشكە ئۇنىمايدۇ، قوشۇلمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا زاكات ئۇلارغا ھالال ئەمەس دېگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

( صحيح ) إن ئاللاھ أبى علي فيمن قتل مؤمنا ثلاثا ( حم ن ك ) عن عقبة بن مالك

1698. ئۇقبەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئۇنىمايدۇ، قوشۇلمايدۇ، يەنى شاپائەتنى قوبۇل قىلىشقا، مەغپىرەت قىلىشقا قوشۇلمايدۇ دەپ ئۈچ قېتىم دېگەن ، ئەھمەد 21452 - ھەدىس، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ احتجر التوبة على كل صاحب بدعة ( ابن فيل طس هب الضياء ) عن أنس

1699. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەرقانداق بىدئەت ئىگىسىگە،ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشنى چەكلىۋەتتى، مەنئى قىلدى، ئىبنى پىل، ئەۋسەت، بەيھەقى زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ أحدث في الصلاة أن لا تكلموا إلا بذكر ئاللاھ و ما ينبغي لكم و أن تقوموا لله قانتين ( ن ) عن ابن مسعود

1700. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ناماز توغرىسىدا يېڭىدىن بەلگىلىمە، تۈزۈم بېكىتتى، ئۇ بولسا، ناماز ئىچىدە ئاللاھنى ئەسلەشتىن باشقا، زىكرىدىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلماسلىقىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، بويسۇنۇپ، تەۋەنچىلىك بىلەن قىيامدا تۇرغان ھالىتىڭلاردا سۆز قىلىشىڭلار، باشقا خىياللاردا بولۇشۇڭلار ھەرگىز لايىق ئەمەستۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، (قەستەن سۆز قىلسا ناماز بۇزۇلىدۇ).

إن ئاللاھ أخذ الميثاق من ظهر آدم بنعمان يوم عرفة و أخرج من صلبه كل ذرية ذرأها فنثرهم بين يديه كالذر ثم كلمهم قبلا قال: ( ألست بربكم قالوا بلى . ( حم ن ك هق في الأسماء ) عن ابن عباس .

1701. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئاراپات كۈنى نۇئمان دېگەن جايدا ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىن ئەھدە، مىيساقنى مۇنداق ئالغان ئىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ سۇلبىدىن بارلىق ياراتماقچى بولغان ئادەمنىڭ باللىرىنى، ئەۋلادلىرىنى چىقىرىپ، ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى زەررىگە، چۈمۈلىنىڭ ئۇششاق باللىرىغا ئوخشاش چېچىپ، تارقىتىپ قويىدى، ئاندىن بىۋاستە سۆز قىلىپ، «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ دېدى، ئۇلار سىلى بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز دېدى» سۈرە ئەئراف 172 - ئايەت.ئەھمەد، نەسئەى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئايەت ھەدىسلەرنى سەييىد قۇتۇپ رەھمەھۇللا مۆجىزە دەپ قاراپ، ئاشۇ ئۇششاق باللار ئىسپېرما ھۈجەيرىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن.

إن ئاللاھ أخذ ذرية آدم من ظهره ثم ( أشهدهم على أنفسهم ألست بربكم قالوا بلى ثم أفاض بهم في كفيه فقال: هؤلاء في الجنة و هؤلاء في النار فأهل الجنة ميسرون لعمل أهل الجنة و أهل النار ميسرون لعمل أهل النار ) . ( البزار طب هق ) عن هشام بن حكيم

1702. ھىشام ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، ئادەم باللىرىنى يەنى نەسلىنى ئۇنىڭ سۇلبىدىن، پۇشتىدىن ئېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھچى قىلىپ مۇنداق دېدى، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئىقرار قىلىپ، سىلى بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز دېدى. ئاندىن ئۇلارنى ئىككى ئالقىنىغا بۆلۈپ مۇنداق دېدى، ئاۋۇلار جەننەتتە بولىدۇ، ئاۋۇلار بولسا، دوۋزاختا بولىدۇ، جەننەت ئەھلىگە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسان قىلىنىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىگە دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسان قىلىنىدۇ، بەزار، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىدۇ؛

1. ئۆز ۋاقتىدا ئادەمنىڭ نەسلىدىن ئىقرار، گۇۋاھلىق ئېلىنغان.

2. ئاشۇ نەسىللەر ھۈجەيرە بولۇشى مۇمكىن.

3. ئادەمنىڭ پۇشتى ۋە نەسلى ئەۋلادتىن - ئەۋلاد يۆتكىلىپ، ئۆزگەرمەي كېلىدۇ، بۇنىڭدىن، گېن تەتقىقاتى كۆرسىتىلىدۇ.

4. ئاللاھ، تەۋھىد رۇبۇبىيەتكە ئىقرار قىلدۇرغان.
5. نەسلى، پۇشتى، ھۆجەيرىلەرمۇ خىتابنى ئاڭلايدۇ.
6. كىشىلەر ئىككى پىرقىگە بۆلۈنىدۇ.
7. ئاخىرقى قارارگاھ ئىككى؛ جەننەت يا دوۋزاخ بولىدۇ.
8. ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، كۆرۈپ تۇرىدۇ.
9. ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرسىمۇ، دوۋزاخ ئەھلىنى ئالدىن بىلسىمۇ يەنىلا يارىتىۋېرىدۇ، بۇ تەقدىر.
10. ئالدىن بىلىپ يارىتىش، جەننەت يا دوۋزاخقا ياراتقانلىق بولىدۇ، بىلىشى يارىتىشىدىن تولسايدۇ، يارىتىۋېرىدۇ.لېكىن سەۋەبنى ئىنسانلار ئۆزلىرى قىلىدۇ.
11. ھەر ئىككىسىگە ئاسان قىلىنىدۇ دېگەندىن ھەر ئىككىلى پىرقە، سەۋەبچى ئۆزى بولىدۇ، ئۆزلىرى سەۋەبچىسىدۇر.

إن ئاللاھ أخرجني من النكاح و لم يخرجني من السفاح ( هب ) عن محمد بن علي مرسلا

1703. مۇھەممەد ئىبنى ئەلى رەھمەھۇللاھدىن، مۇرسەل ھالدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى نىكاھدىن چىقاردى، زىنادىن چىقارمىدى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إن ئاللاھ إذا أحب أهل بيت أدخل عليهم الرفق ( ابن أبي الدنيا في ذم الغضب الضياء ) عن جابر

1704. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرەر ئەھلى بەيتنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كىرگۈزىدۇ، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى إذا أحب عبدا دعا جبريل فقال: إني أحب فلانا فأحبه فيحبه جبريل ثم ينادي في السماء فيقول: إن ئاللاھ تعالى يحب فلانا فأحبوه فيحبه أهل السماء ثم يوضع له القبول في الأرض و إذا أبغض عبدا دعا جبريل فيقول: إني أبغض فلانا فأبغضه فيبغضه جبريل ثم ينادي في أهل السماء: إن ئاللاھ يبغض فلانا فأبغضوه فيبغضونه ثم يوضع له البغضاء في الأرض ( م ) عن أبي هريرة .

1705. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ، مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالاننى ياخشى كۆيمەن ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ئاندىن جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ پالاننى ياخشى كۆرىدۇ ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئاسمان ئەھلى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇچۇن مۇھەببەتنى قوبۇل قىلىش ياخشى كۆرۈشلەر زېمىنغا تاشلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زېمىن ئەھلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.
ئاللاھ بىرەر بەردىنى ئۆچ كۆرسە، غەزەپ قىلسا، جىبرىئىلنى چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن پالاننى ئۆچ كۆرىمەن ، غەزەپ قىلىمەن، سەنمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتقىن، ئاندىن جىبرىئىل ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئاسمان ئەھلىگە مۇنداق دەپ توۋلايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ، پالاننى ئۆچ كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ئۆچ كۆرۈڭلار، دۈشمەن تۇتۇڭلار! ئاندىن ئاسمان ئەھلى ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ بەندىنى ئۆچ كۆرۈش، دۈشمەن تۇتۇش زېمىنغا تاشلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قارا قارا! دوستۇم، مانا بۇ ئىلاھى مۇھەببەت، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى. بىز مانا مۇشۇنى مەخسەت قىلىمىز.

إن ئاللاھ إذا أحب قوما ابتلاهم فمن صبر فله الصبر و من جزع فله الجزع ( حم ) عن محمود بن لبيد .

1706. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى قاتتىق بالالار بىلەن سىنايدۇ، كىم سەۋر قىلسا، سەۋرنىڭ مۇكاپاتى ۋە سەۋر قىلىش بېرىلىدۇ، كىم سەۋر قىلالمىسا، ئاھ، پاھ!

دەپ ۋايىجان تووۋلسا، ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش بېرىلىدۇ، يەنى سىناق بالا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى إذا أراد رحمة أمة من عباده قبض نبيها قبلها فجعله لها فرطا و سلفا بين يديها و إذا أراد هلكة أمة عذبها و نبيها حي فأهلكها و هو ينظر فأقر عينه بهلكتها حين كذبوه و عصوا أمره ( م ) عن أبي موسى

1707. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بەندىلىرىدىن بىرەر ئۇممەتكە رەھىم قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۇممەتنى ھالاك قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى بۇرۇن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، ئالدىن تەييارلانغان ئەجىر كاتتا ساۋاب قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ بىرەر ئۇممەتنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ھايات چاغدىلا ئۇلارنى ئازابلاپ ھالاك قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئاسىي بولغانلىقلىرى ئۇنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقارغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ، قەلبى ئارام تاپىدۇ، خۇرسەن بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ إذا استودع شيئا حفظه ( حب هق ) عن ابن عمر

1708. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھقا بىرەر نەرسە تاپشۇرۇلسا، ئامانەت قويۇلسا، ئاللاھ ئۇ نەرسىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلايدۇ، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، قېرىنداشلىرىمىز، مال ـ مۈلۈكلىرىنى، بارلىقلىرىنى ئاللاھقا ئامانەت دەپ تاپشۇرۇڭلار، ئاللاھقا، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ئامانەت قويۇڭلار.

( صحيح ) إن ئاللاھ إذا أطعم نبيا طعمة فهي للذي يقوم من بعده ( د ) عن أبي بكر

1709. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ پەيغەمبىرىگە بىرەر ئولجا، غەنىيمەت ئاتا قىلسا، ئۇ فيئى مال پەيغەمبەردىن كېيىنكى خەلىپىگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئۇ خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ تعالى إذا أنزل سطواته على أهل نقمته فوافت آجال قوم صالحين فأهلكوا بهلاكهم ثم يبعثون على نياتهم و أعمالهم ( هب ) عن عائشة

1710. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئىنتىقام ئالماقچى بولغان ئەھلىگە، ئازابلىرىنى نازىل قىلىپ چۈشۈرسە، ئۇ ئازاب، ھالاكەت؛ سالىھ، ياخشى قەۋملەرنىڭمۇ ئەجەللىرىنى توشتۇرۇپ، بىراقلا ئېلىپ كېتىدۇ، سالىھ، ياخشى كىشىلەرمۇ، زالىم، پاسىقلارنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن بىرگە ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆز نىيەتلىرى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى إذا أنعم على عبد نعمة يحب أن يرى أثر النعمة عليه و يكره البؤس و التباؤس و يبغض السائل الملحف و يحب الحيي العفيف المتعفف ( هب ) عن أبي هريرة

1711. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بىرەر بەندىگە نېئمەت ئاتا قىلسا، شۇ بەندىنىڭ ئۈستىدە شۇ نېئمەتنىڭ ئەسىرى، تەسىرى، كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاللاھ ئۈمۈدسىزلىكنى، ئۈمۈدنى ئۈزۈشنى، ئۆزىنى ئۈمۈدسىز كۆرسىتىشنى، قادىر تۇرۇپ، ئۆزىنى يوقسىز، غەمكىن، بىچارە، مىسكىن كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ چىڭ تۇرۇپ، قېلىنلىق بىلەن سورىغۇچى سائىلنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۆچ كۆرىدۇ ، ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، ھايالىق، ئىپپەتلىك كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ إذا أنعم على عبد نعمة يحب أن يرى أثر نعمته على عبده ( طب هق ) عن عمران بن حصين

1712. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بىرەر بەندىگە نېئمەت ، مال ـ دۇنيا ئاتا قىلسا، بەندىسىنىڭ ئۈستىدە شۇ نېئمەتنىڭ تەسىرى، ئەسىرى كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىلىم بەرسە ، ئۆزۈڭمۇ باشقىلارمۇ پايدىلانسۇن.

إن ئاللاه إذا كان يوم القيامة يترل إلى العباد ليقضي بينهم و كل أمة جاثية فأول من يدعو به رجل جمع القرآن و رجل قتل في سبيل ئاللاه و رجل كثير المال فيقول ئاللاه للقارئ: ألم أعلمك ما أنزلت على رسولي قال: بلى يا رب قال: فماذا عملت بما علمت ؟ قال: كنت أقوم به آناء الليل و آناء النهار فيقول ئاللاه له: كذبت و تقول له الملائكة: كذبت و يقول ئاللاه له: بل أردت أن يقال فلان قارئ فقد قيل ذلك ; و يؤتى بصاحب المال فيقول ئاللاه له: ألم أوسع عليك حتى لم أدعك تحتاج إلى أحد ؟ قال: بلى يا رب قال: فماذا عملت فيما آتيتك ؟ قال: كنت أصل الرحم و أتصدق فيقول ئاللاه له: كذبت و تقول الملائكة: كذبت و يقول ئاللاه: بل أردت أن يقال: فلان جواد فقد قيل ذلك ; و يؤتى بالذي قتل في سبيل ئاللاه فيقول ئاللاه: في ماذا قتلت ؟ فيقول: أمرت بالجهاد في سبيلك فقاتلت حتى قتلت فيقول ئاللاه له: كذبت و تقول له الملائكة: كذبت و يقول ئاللاه: بل أردت أن يقال فلان جريء فقد قيل ذلك ; يا أبا هريرة أولئك الثلاثة أول خلق ئاللاه تسعر بهم النار يوم القيامة ( ت ك ) عن أبي هريرة .

1713. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا چۈشىدۇ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ھالدا چۈشىدۇ، ۋەھالەنكى، ھەربىر ئۈممەت، تىزلانغان ھالدا ئولتۇرىدۇ، ئاللاھ ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چاقىرىدىغان تۇنجى كىشىلەر بولسا، قۇرئاننى توپلاپ يادا ئالغان داموللا، قارى، مال ـ مۈلۈكى ناھايىتى كۆپ بولغان كىشى، نامدا ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر، ئاللاھ، ئۇ داموللام، قارىغا مۇنداق دەيدۇ: مەن ساڭا پەيغەمبىرىمگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىمنى بىلدۈرمىدىممۇ؟ قارى، ئى رەببىم، ئەلۋەتتە بىلدۈردىلە دەيدۇ، ئاللاھ: ئۇنداق بولسا ، بىلگەن نەرسەڭگە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ قارىي مەن ئۇ قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن كېچە تەرەپلەردە، كۈندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇردۇم دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇنىڭغا سەن يالغان سۆزلىدىڭ، دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ سەن يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ سەن دېگىنىڭدەك مەقسەت قىلمىدىڭ، بەلكى، ئۆزۈڭگە پالانى قارى، داموللام دېيىلىشنى مەقسەت قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر، ئۇنۋانلار ساڭا دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، مال ئىگىسىنى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەن سېنى بىرەر كىشىگە موھتاج قىلىپ قويماي، ساڭا مال ـ دۇنيانى كەڭرى قىلىپ بەردىم، شۇنداقمۇ؟ دەيدۇ. ئۇ، شۇنداق ئى رەببىم دەيدۇ، ئاللاھ: مەن ساڭا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتە قانداق ئەمەل قىلدىڭ دېسە، ئۇ، مەن سىلە ـ رەھىم قىلدىم، سەدىقە قىلدىم دەيدۇ.ئاللاھ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ، بەلكى سەن ئۆزۈڭگە پالانى سېخى دېيىلىشنى مەقسەت قىلدىڭ، بۇ سۆز، ئۇ ئۇنۋان ساڭا دۇنيادا دېيىلىپ بولدى، (مۇكاپات شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى)، ئاندىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ، ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دېسە ، ئۇ، مەن سېنىڭ يوللىرىدا جىھادقا بۇيرۇلۇپ، ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدۈم دەيدۇ، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر سەن يالغان سۆزلىدىڭ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن مېنىڭ يولۇمنى، مېنىڭ رازىلىقىمنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى، ئۆزۈڭگە پالانى باتۇر، قەھرىمان دېيىلىشنى مەخسەت قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر، مەخسىدىڭ بويىنچە دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى، ئى ئەبۇ ھۇرەيرە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن تۇنجى بولۇپ دوزاخ ئوتى يېقىلىدىغان، تۇتاشتۇرۇلىدىغان كىشىلەر ئەنە ئاشۇ ئۈچ كىشىدۇر، يەنى جا شېھىد ، شۆھرەتپەرەس سېخى، رىياخور داموللام، قارى، ھاجىمدۇر، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. رىياخور ھاجى باشقا خاتىرىدە سۆزلىنىدۇ.

إن ئاللاھ أذن لي أن أحدث عن ديك قد مرقت رجلاه الأرض و عنقه مثنية تحت العرش و هو يقول: سبحانك ما أعظمك ! فيرد عليه: لا يعلم ذلك من حلف بي كاذبا ( أبو الشيخ في العظمة طس ك ) عن أبي هريرة

1714. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ماڭا بىر كاتتا خوراز توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلدى، ئۇ خورازنىڭ ئىككى پۇتى ئەڭ تۆۋەنكى زېمىندىن چىقىپ تۇرىدۇ، بويىنى بولسا، ئەرشنىڭ تەھتىدە قاتلىنىپ، ئېگىلىپ تۇرىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ مۇنداق دەپ تۇرىدۇ، ئى ئاللاھ، سىلى پاك، سىلى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە! ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ، ئەنە شۇ پاكلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقىمنى مېنىڭ نامىم بىلەن يالغان قەسەم قىلغان كىشى ھەرگىز بىلمەيدۇ، ئەبۇششەيخ، ھاكىم،تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ أرسلني مبلغا و لم يرسلني متعنتا ( م ) عن عائشة

1715. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، مېنى ھەق دىننى، ھەقىقەتنى يەتكۈزگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى، كىشىلەرگە مۇشەققەت سېلىپ قويغۇچى، قاتتىق قىلىپ قويغۇچى، پاسات تېرىپ، ھالاك قىلغۇچى قىلمىدى، مېنى بۇ مەقسەتتە ئەۋەتمىدى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەقىقەتنى يەتكۈز، ئاسان قىل، قاتتىق قىلىپ قويما، بېشارەت بەرگىن، قاچۇرۇۋەتمە.

إن ئاللاھ استقبل بي الشام و ولى ظهري اليمن و قال لي: يا محمد إني جعلت لك ما تجاهك غنيمة و رزقا و ما خلف ظهرك مددا و لا يزال الإسلام يزيد و ينقص الشرك و أهله حتى تسير المرأتان لا تخشيان إلا جورا و الذي نفسي بيده لا تذهب الأيام و الليالي حتى يبلغ هذا الدين مبلغ هذا النجم ( طب ) عن أبي أمامة

1716. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مېنىڭ ئالدىمنى شام يەنى ھازىرقى سۇرىيە ئەتراپلىرىغا قىلىپ قويۇپ، ئارقامنى، ئۇچامنى بولسا، يەمەن تەرەپكە قىلىپ قويۇپ، مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن ساڭا ئالدىڭدىكىنى يەنى شامنى، ئەھلىنى، مال ـ مۈلۈكىنى غەنىيمەت ۋە رىزىق قىلىپ بەردىم، ئارقاڭدىكىنى بولسا، ساڭا مەدەت، ياردەم قىلىپ بەردىم، ئىسلام دىنى دائىم زىيادە بولۇپ، كېڭىيىپ تۇرىدۇ، شېرىك ۋە ئۇنىڭ ئەھلى مۇشرىكلار كاملاپ يوقايدۇ، ھەتتا، ئىككى ئايال كىشى قورقماستىن، سەير ، سەپەر قىلالايدۇ، پەقەت ئىمام، خەلىپىنىڭ زۇلۇم، جەۋرىسى باشقا بۇ مۇستەسنادۇر،بۇ ئاياللار شۇجەۋرى زۇلۇمدىن قورقىدۇ، جېنىم قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ يۇلتۇز يەتكەن جايغا، بۇ دىن يەتمەي تۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈزلەر يوقمايدۇ، يەنى بۇ ئىسلام دىنى يەرشارى بويىچە تارقاپ يەتمەي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس روشەن مۆجىزە بولدى، راستتىنلا شام ئىشغال قىلىندى، غەنىيمەت رىزىق قىلىندى، ئىسلام دىنى يەرشارىنىڭ پۈتۈن جايلىرىغا يەتتى.

( صحيح ) إن ئاللاھ تعالى اصطفى كنانة من ولد إسماعيل و اصطفى قريشا من كنانة و اصطفى من قريش بني هاشم و اصطفاني من بني هاشم ( م ت ) عن واثلة

1717. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كەنانە قەبىلىسىنى ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن تاللىدى، قۇرەيشنى كەنانەدىن تاللىدى، قۇرەيشلەردىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى، ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى اصطفى من الكلام أربعا: سبحان ئاللاھ و الحمد لله و لا إله إلا ئاللاھ و ئاللاھ أكبر فمن قال: سبحان ئاللاھ كتبت له عشرون حسنة و حطت عنه عشرون سيئة و من قال: ئاللاھ أكبر مثل ذلك و من قال: لا إله إلا ئاللاھ مثل ذلك و من قال: الحمد لله رب العالمين من قبل نفسه كتبت له ثلاثون حسنة و حط عنه ثلاثون خطيئة ( حم ك الضياء ) عن أبي سعيد وأبي هريرة معا

1718. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سۆزلەردىن تۆتنى تاللىدى، ئۇلار بولسا، «سۇبھانەللا، ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋەلائىلاھە ئىللەللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر» كىم سۇبھانەللاھ دېسە، ئۇنىڭغا 20 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 20 گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆچۈرۈلىدۇ،كىم ئاللاھ ئەكبەر دىسە، يەنە شۇنداق بولىدۇ. كىم لائىلاھە ئىللەللاھ دېسە، يەنە شۇنداق 20 ياخشىلىق يېزىلىپ، 20 خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، كىم ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين دېسە، يەنى بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر دېسە، بۇ كىشىگە 30 ياخشىلىق يېزىلىپ، 30 گۇناھى ـ مەئسىيەت، خاتالىقلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى اطلع على أهل بدر فقال: اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم ( ك ) عن أبي هريرة

1719. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا، بەدرى ئەھلىگە ئاشكارا بىلدۈرۈپ، قاراپ تۇرۇپ، مۇنداق دەۋەتكەن، سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، شەك ـ شۈبھىسىز مەن سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋەتتىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ پەزىلىتى ئايەت، ھەدىستە كۆپتۇر.

إن ئاللاھ أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث و الولد للفراش و للعاهر الحجر ( ت ) عن عمرو بن خارجة .

1720. ئەمرۇ ئىبنى خارجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى (يەنى مىراس قانۇنى بىلەن بەردى) مانا ئەمدى ۋارىسلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنمايدۇ، بالا كۆرپىنىڭ، زىناخورغا تاش چالما يەنى رىجىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ أعطاكم ثلث أموالكم عند وفاتكم زيادة في أعمالكم ( طب ) عن خالد بن عبيد السلمي

1721. خالىد ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، سىلەرگە ئۆز ئەمەللىرىڭلارغا زىيادە ئارتۇق پەزلى ئاتا قىلىپ، ۋاپات تېپىۋاتقاندىمۇ ماللىرىڭلارنىڭ 1/3نى ۋەسىيەت قىلىش ھوقۇقىنى بەردى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، يەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا مالنىڭ 1/3نى ۋەسىيەت قىلىپ، سەدىقە قىلسا، زىيادە ساۋاب، ئەجىر ئالىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى.

إن ئاللاھ افترض على العباد خمس صلوات في كل يوم و ليلة ( طس ) عن عائشة

1722. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بەندىلەرگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، ئەۋسەتتە بار، سەھىھ، ھېچكىمنىڭ ئۇنى زىيادە كام قىلىش ھوقۇقى يوق.

( صحيح ) إن ئاللاھ أمرني أن أسمي المدينة طيبة ( طب ) عن جابر بن سمرة

1723. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى، مەدىنىنى تەييىب دەپ ئاتىشىمغا بۇيرىدى، (مەنىسى پاك، پاكىز تازىلىغۇچى) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ أمر يحيى بن زكريا بخمس كلمات أن يعمل بهن و أن يأمر بني إسرائيل أن يعملوا بهن فكأنه أبطأ بهن فأوحى ئاللاھ إلى عيسى: إما أن يبلغهن أو تبلغهن فأتاه عيسى فقال له: إنك أمرت بخمس كلمات أن تعمل بهن و تأمر بني إسرائيل أن يعملوا بهن فإما أن تبلغهن و إما أن أبلغهن فقال له: يا روح ئاللاھ إني أخشى إن سبقتني أن أعذب أو يخسف بي فجمع يحيى بني إسرائيل في بيت المقدس حتى امتلأ المسجد فقعد على الشرفات فحمد ئاللاھ و أثنى عليه ثم قال: إن ئاللاھ أمرني بخمس كلمات أن أعمل بهن و آمركم أن تعملوا بهن ; و أولهن: أن تعبدوا ئاللاھ و لا تشركوا به شيئا فإن مثل من أشرك بئاللاھ كمثل رجل اشترى عبدا من خالص ماله بذهب أو ورق ثم أسكنه دارا فقال:

اعمل و ارفع إلي فجعل العبد يعمل و يرفع إلى غير سيده فأيكم يرضى أن يكون عبده كذلك ؟ و إن ئالللاھ خلقكم و رزقكم فاعبدوه و لا تشركوا به شيئا و أمركم بالصلاة و إذا قمتم إلى الصلاة فلا تلتفتوا فإن ئالللاھ عز و جل يقبل بوجهه على عبده ما لم يلتفت ; و أمركم بالصيام و مثل ذلك كمثل رجل معه صرة مسك في عصابة كلهم يجد ريح المسك و إن خلوف فم الصائم أطيب عند ئالللاھ من ريح المسك ; و أمركم بالصدقة و مثل ذلك كمثل رجل أسره العدو فشدوا يديه إلى عنقه و قدموه ليضربوا عنقه فقال لهم: هل لكم أن أفتدي نفسي منكم ؟ فجعل يفتدي نفسه منهم بالقليل و الكثير حتى فك نفسه و أمركم بذكر ئالللاھ كثيرا و مثل ذلك كمثل رجل طلبه العدو سراعا في أثره فأتى حصنا حصينا فأحرز نفسه فيه و إن العبد أحصن ما يكون من الشيطان إذا كان في ذكر ئالللاھ تعالى . و أنا آمركم بخمس أمرني ئالللاھ بهن: الجماعة و السمع و الطاعة و الهجرة و الجهاد في سبيل ئالللاھ فإنه من فارق الجماعة قيد شبر فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه إلا أن يراجع و من دعا بدعوة الجاهلية فهو من جثاء جهنم و إن صام و صلى و زعم أنه مسلم فادعوا بدعوة ئالللاھ التي سماكم بها المسلمين المؤمنين عباد ئالللاھ ( حم تخ ت ن حب ك ) عن الحارث ابن الحارث الأشعري .

1724. ھارىس ئىبنى ھارىس ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئالللاھتائالا، يەھيا ئەلەيھىسسالامنى بەش كەلىمىگە ئەمەل قىلىشقا، ۋە ئۇ كەلىمىلەرگە بەنى ئىسرائىللارنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىنى بۇيرۇشقا ئەمىر قىلدى، بۇيرۇق چۈشۈردى، يەھيا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمىر ـ پەرمانىنى كېچىكتۈرگەندەك قىلاتتى، ئاندىن، ئالللاھ ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا يا ئۇ يەتكۈزسۇن ياكى سەن يەتكۈزگىن دەپ ۋەھى قىلدى، يەھياغا ئەيسا ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، سەن بەش كەلىمىگە ئەمەل قىلىشقا ۋە بەنى ئىسرائىللارنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىنى بۇيرۇشقا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلۇپسەن، يا سەن يەتكۈزگىن، ياكى مەن يەتكۈزىمەن. يەھيا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، يارۇھۇللاھ!، ھەقىقەتەن مەن، ئەگەر سەن بۇ ئىشتا مەندىن ئىلگىرىلەپ كېتىپ، مېنىڭ قاتتىق ئازابقا قېلىشىمدىن قورقىمەن، ياكى مېنى يەر يۇتۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن، دېدى ـ دە، بەنى ئىسرائىللارنى مەسجىدى ئەقسا، بەيتۇلمۇقەددەسكە توپلىدى، ھەتتا، مەسجىد لىق تولدى، ئاندىن ئۇ، مۇنبەردەك ئېگىز بىر جايدا ئولتۇرۇپ، ئالللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن ئالللاھ مېنى بەش كەلىمىگە ئەمەل قىلىشىمغا ۋە سىلەرنىڭمۇ ئەمەل قىلىشىڭلارنى بۇيرۇشۇمغا ئەمىر، پەرمان چۈشۈردى.

1. ئالللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئالللاھقىلا ئىبادەت قىلىسىلەر، بۇنىڭ مىسالى، يەنى ئالللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ مىسالى، مۇنۇ ۋەقەگە ئوخشايدۇ، بىر كىشى بىر قۇلنى خالىس مېلىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپ خىزمەت قىل، ئىش ھەققىنى ماڭا ئېلىپ كەل دەيدۇ، ئۇ قۇل ئىشلەپ، ئىش ھەققىنى باشقا بىر خوجايىنغا ئاپىرىپ بېرىدۇ، قايسىڭلار ئۆز قۇلىنىڭ ئاشۇنداق بولۇشىغا رازى بولىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئالللاھ سىلەرنى ياراتتى، سىلەرگە رىزىق بەردى، سىلەر ئالللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئالللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

2. ئالللاھ سىلەرنى ناماز ئوقۇشۇڭلارغا بۇيرىدى، نامازغا تۇرغان چاغدا، ئۇياق ـ بۇياققا قارىماڭلار، ھەقىقەتەن ئالللاھ ئەززە ۋە جەللە بەندىسى نامازدىكى چاغدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىمىسىلا، ئۇ بەندىسىگە ئۆز يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلىدۇ.

3. ئالللاھ سىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى: مۇنۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، بۇ كىشى بىر تولۇن مىسكە ئەنبەر بىلەن جامائەت ئارىسىدا يۈرىدۇ، ھەربىر كىشى ئۇ مىسكىنىڭ پۇرىقىدىن تاپالايدۇ، ھەقىقەتەن روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئالللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر.

4. ئالللاھ سىلەرنى سەدىقە بېرىشكە، زاكات بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى، مۇنۇ كىشىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىنى دۈشمەنلەر ئەسىر ئالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مۈرىسىگە باغلاپ تاقاق سېلىپ، كاللىسىنى ئالغىلى مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغاندا، بۇ كىشى ئۇلارغا سىلەردىن

جېنىمنى قۇتقۇزۇشۇم ئۈچۈن فىدىيە بەرسەم بولامدۇ؟ دەپ ئازـ تولىدىن فىدىيە بېرىپ، ئاخىرى ئۇ ئۆز جېنىنى قۇتقۇزىدۇ، (زاكات، سەدىقە بەرگۈچى ئەنە شۇنداق قۇتۇلىدۇ)

5. ئاللاھ سىلەرنى ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشىڭلارغا بۇيرىدى، ئۇنىڭ مىسالى، مۇنۇ كىشىنىڭ ۋەقەسىگە ئوخشاشتۇر، بۇ كىشىنى دۈشمەن كەينىدىن ئاختۇرۇپ، تېز قوغلاپ كېلىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى مەھكەم بىر قورغانغا كىرىۋېلىپ، بۇ قورغاندا جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن بەندە ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرى بىلەن تۇرسا، شەيتان دۈشمەندىن پۇختا قورغان بىلەن ساقلانغان بولىدۇ.(رەسۇلۇللاھ س مۇنداق دېدى )

ئاللاھ مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا مەنمۇ سىلەرنى بۇيرۇيمەن.

1. جامائەتنى (مەيلى مەسجىد جامائىتى بولسۇن، مەيلى خەلىپە جامائىتى بولسۇن) لازىم تۇتۇڭلار

2. ئاڭلاش، 3. ئىتائەت قىلىش، 4. ھىجرەت قىلىش، 5. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، (بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى) ھەقىقەتەن كىم جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھالقىسىنى، بويۇنچىقىنى بوينىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەن بولىدۇ، تەۋبە قىلىپ، قايتىپ كېلىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كىم جاھالىيەت چاقىرقى بىلەن چاقىرسا، جاھىلىيەت دۇئالىرىنى قىلسا، گەرچە ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ، ناماز ئوقۇپ روزا تۇتسىمۇ، يەنىلا جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ چاقىرىقى بىلەن چاقىرىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى مۇسۇلمانلار، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى دەپ ئاتىدى، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى يەھيا، ئەيسا ۋە بەنى ئىسرائىللار بۇيرۇلغان بەش ئىش، ھازىرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق بەش تۈۋرۈكى، پەش پەرىزدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بەش نەرسىنى تەكىتلەپ بۇيرۇغان، يالغۇز سىلەرلا ئەمەس، بۇرۇنقىلارمۇ بۇيرۇلغان، بۇ قەدىمى ئىبادەت دەۋتىپ،يانا بەش نەرسىگە بۇيرىدى.

إن ئاللاھ أوحى إلي: أن تواضعوا حتى لا يفخر أحد على أحد و لا يبغي أحد على أحد( م د ه) عن عياض بن حمار .

1725. ئىياز ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، ئۆزۈڭلارنى ناھايىتى كەمتەر، تۆۋەن تۇتۇڭلار، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە پەخىر قىلمىسۇن، پەخىرلەنمىسۇن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، زۇلۇم قىلمىسۇن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى أوحى إلي: أن تواضعوا و لا يبغي بعضكم على بعض ( خد ه ) عن أنس

1726. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، ئۆزئارا كەمتەر بولۇڭلار ، ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن تۇتۇڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارغا زۇلۇم قىلمىسۇن، تاجاۋۇز قىلمىسۇن، ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

إن ئاللاھ أوحى إلي: أنه من سلك مسلكا في طلب العلم سهلت له طريق الجنة و من سلبت كريمتيه أثبته عليهما الجنة و فضل في علم خير من فضل في عبادة و ملاك الدين الورع ( هب ) عن عائشة .

1727. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا مۇنداق ۋەھى قىلدى، شەك ـ شۈبھىسىز، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىپ، بىر يولغا يول سالسا، بىر يولغا ماڭسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىمەن، مەن كىمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋالغان بولسام، يەنى كور، ئەما قىلىپ قويسام، شۇ ئىككى كۆزگە ئۇنىڭغا جەننەتنى

بېرىمەن، ئىلىمدىكى پەزىلەت، ئىبادەتتىكى پەزىلەتتىن، ئىلىمدىكى پەزلى ئىبادەتتىكى پەزلىدىن ياخشىدۇر، دىنىنىڭ ئاساسلىق نىزامى، پۈت تىرەپ تۇرغۇچىسى ـ تەقۋالىقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ بعثني إلى كل أحمر و أسود و نصرت بالرعب و أحل لي المغنم و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا و أعطيت الشفاعة للمذنبين من أمتي يوم القيامة ( ابن عساكر ) عن علي .

1728. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى بارلىق كىشىلەرگە ھەتتا، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىكلەرگىمۇ پەيغەمبەر، ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ماڭا دىنسىزلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى، مەن ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىد ۋە پاكلىغۇچى يەنى تەيەممۇم قىلىش دورۇس بولىدىغان قىلىندى، ماڭا قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن گۇناھكار ئاسىيلارغا شاپائەت قىلىشىم بېرىلدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تجاوز لأمتي عما توسوس به صدورهم ما لم تعمل أو تتكلم به و ما استكرهوا عليه(ه هق ) عن أبي هريرة

1729. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋەسۋەسە قىلغان نەرسىلەرنى ئەمەل قىلمىغۇچە، ئاغزىدا سۆزلىمىگۈچە ئەپۇ قىلىپ، ئۆتۈۋەتتى، (ئەمەل قىلسا، سۆزلىسە بېزىلىدۇ) شۇنداقلا ئۇلار مەجبۇرلانغان ئىشلارنىمۇ ئۆتۈۋەتتى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى تجاوز لأمتي عما حدثت به أنفسها ما لم تتكلم به أو تعمل به ( ق 4 ) عن أبي هريرة ( طب ) عن عمران بن حصين .

1730. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۈممىتىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىلىدىكى خۇتۇرلىرى پەيدا قىلغان،ئىچىدە سۆزلىگەن نەرسىلەرنى ئېغىزىدا سۆزلىمىگۈچە ياكى ئەمەل قىلمىغۇچە ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋەتتى، (سۆزلىسە ئەمەلىيەت قىلىنىدۇ، لېكىن، بۇ خوتۇر ھەممەتكە قەلبنىڭ پائالىيىتى، قەلبنىڭ قىلىقى كىرمەيدۇ، مەسىلەن: كىبىر قىلىش، ھەسەد قىلىش، ئاداۋەت، رىيا قىلىشلار، مەنمەنلىك، تەئەججۇپلىنىشلەر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ) يۇقىرىقى ھەدىسنى بەيھەقى، تەبرانى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ئاللاھ تعالى تجاوز لي عن أمتي الخطأ و النسيان و ما استكرهوا عليه ( حم ه ) عن أبي ذر ( طب ك ) عن ابن عباس ( طب ) عن ثوبان

1731. ئەبۇ زەر، ئىبنى ئابباس سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمدىن خاتالاشقان ئىشلارنى، ئۇنۇتقان ئىشلارنى، مەجبۇرلانغان ئىشلارنى ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋەتتى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، خاتالاشقان ئىشىدا ئەپۇ قىلىش، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىسلەردە كۆپ، مۇجتەھىد خاتالاشسا، بىر ئەجىر ئالىدۇ، مەجبۇرلانغان ئىشمۇ دىلىدا ئىمانىنى يوشۇرۇپ، تىلىدا باشقا سۆزنى سۆزلەپ قويۇش ئايىتىدە باردۇر.

إن ئاللاھ تجاوز لي عن أمتي ما وسوست به صدورها ما لم تعمل أو تتكلم ( حم خ ن ) عن أبي هريرة

1732. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى خوتۇر ۋەسۋەسە قىلغان ئىشلارنى ئەمەل قىلىپ سالمىسلا ياكى سۆزلەپ سالمىسلا ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋەتتى، بۇخارى، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن ئاللاھ تعالى تصدق عليكم عند وفاتكم بثلث أموالكم و جعل ذلك زيادة لكم في أعمالكم( ه ) عن ( طب ) عن أبي هريرة عن معاذ وأبي الدرداء

1733. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇئاز ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ۋاپات تېپىشىڭلارنىڭ ئالدىدا مېلىڭلارنىڭ 1/3نى سەدىقە قىلىپ بەردى، ئۇنى سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارغا زىيادە، ئارتۇق پەزلى قىلىپ بەردى، (يەنى 1/3نى سەدىقە قىلىپ، ۋەسىيەت قىلىپ ساۋاب تاپىسىلەر) ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن ئاللاھ تطاول عليكم في جمعكم هذا فوهب مسيئكم لمحسنكم و أعطى محسنكم ما سأل ادفعوا بسم ئاللاھ( ه ) عن بلال

1734. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەج پائالىيىتىدە جەمئىي تېغىدا توپلىشىپ تۇرغانلىق ئەتىگىنى مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ يىغىلىپ توپلاشقىنىڭلارغا پەزلەت ئاتا قىلدى، يامانلىق قىلىدىغىنىڭلارغا ياخشىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن بەردى، ياخشىڭلارغا بولسا، سورىغىنىنى بەردى، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كۆچۈڭلار، ئىبنى ماجە 3015 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى جعل البركة في السحور و الكيل ( الشيرازي في الألقاب ) عن أبي هريرة

1735. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بەرىكەتنى زوھۇرلۇق يېيىشتە، نەرسىلەرنى كەمچەنلەشتە قىلدى، شىرازى توپلىدى، ھەسەن. (ئاشلىقنى كەمچەنلەپ، جىڭلاپ ئېلىڭ).

( صحيح ) إن ئاللاھ جعل الحق على لسان عمر و قلبه ( حم ت ) عن ابن عمر ( حم د ك ) عن أبي ذر ( ع ك ) عن أبي هريرة ( طب ) عن بلالوعن معاوية

1736. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەق، ھەقىقەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىدا ۋە قەلبىدە قىلدى، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ئۆمەردىن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەبۇ زەردىن، ئەبۇ يەئلا ھاكىم، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تەبرانى، بىلال، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى، تارىخنى مۇسۇلمانلار چىڭ تۇتۇشى لازىم.

إن ئاللاھ تعالى جعل الدنيا كلها قليلا و ما بقي منها إلا القليل كالثغب شرب صفوه و بقي كدره ( ك ) عن ابن مسعود

1737. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، پۈتۈن دۇنيانى يەنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆمرىنى، ۋاقتىنى ئازلا قىلغاندۇر، بۇ دۇنيادىن پەقەت ئازلا قالدى، ئۇ خۇددى تاغنىڭ ئۈستىدىكى سۇ يىغىلىپ قالىدىغان كۆلچەكنىڭ سۈزۈك سۈيى ئىبقىپ، ئىچىلىپ تۈگەپ، كىر، لاي سۈيى قالغاندەكلا ئىشتۇر، يەنى شۇنچىلىك قالدى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن ئاللاھ تعالى جعل عذاب هذه الأمة في الدنيا القتل ( حل ) عن عبدئاللاھ بن يزيد الأنصاري

1738. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، ھەقىقەتەن ئاللاھ، بۇ ئۈممەتنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازابىنى ئۆلتۈرۈلۈش، قەتلى قىلىنىش قىلدى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى جعل ما يخرج من بني آدم مثلا للدنيا ( حم طب هب ) عن الضحاك بن سفيان

1739. زەھھاك ئىبنى سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى زەھھاك تائاملىق نېمە؟ ئۇ گۆش بىلەن سۈت دېگەندە ، ئۇ ئاخىرىدا

نېمىگە ئايلىنىدۇ؟ ئۇ سىلى بىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ دېدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئادەم بالىلىرىدىن چىقىدىغان نەرسىنى يەنى نىجاسەتنى بۇ دۇنياغا مىسال قىلىغاندۇر دېدى، (يەنى ئاشۇ گۆش بىلەن سۈتنىڭ ئاقىۋىتى نىجاسەت بولغاندەك، بۇ دۇنيانىڭ ئاقىۋىتى رەسۋاچىلىق، پۇشايمان،خارابلىق ، خارلىق، جاپا ـ مۇشەققەت بولىدۇ) ئەھمەد 15185 ـ ھەدىس، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **1595** . ( ابن سعد طب ) عن سعد بن مسعود . إن ئاللاھ جعل هذه الأهلة مواقيت فإذا رأيتموه فصوموا و إذا رأيتموه فأفطروا فإن غم عليكم فعدوا ثلاثين )

1739. سەئىد ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بۇ ئايلارنى ۋاقىت بەلگىلەش، ۋاقىت توختىتىدىغان قىلدى، رامزاندا يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار، روزا تۇتۇڭلار، يەنە ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرگەندە، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ يەڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، ئوتتۇزنى يەنى شەئباندىن 30 كۈننى ساناڭلار، ئىبنى سەئىد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى جعلني عبدا كريما و لم يجعلني جبارا عنيدا ( د ه ) عن عبدئاللاھ بن بسر

1740. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى سېخى، ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ بەندە قىلدى، مېنى جەببار، زومىگەر، زۇلۇمكەش، زالىم، ھەققەتكە بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان، ھەقىقەتتىن مايىل بولىدىغان قىلمىدى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن ئاللاھ تعالى جميل يحب الجمال ( م ت ) عن ابن مسعود ( طب ) عن أبي أمامة ( ك ) عن ابن عمر ( ابن عساكر ) عن جابروعن ابن عمر

1741. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ جەمىيىل يەنى گۈزەل، ئەڭ گۈزەل، ئوخشىشى يوق گۈزەل، ئاللاھ،گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى مەسئۇددىن، تەبرانى ئەبۇ ئۇمامەتتىن، ھاكىم، ئىبنى ئۆمەردىن، ئىبنى ئەساكىر جابىر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى جميل يحب الجمال و يحب أن يرى أثر نعمته على عبده و يبغض البؤس و التباؤس(هبعن أبي سعيد

1742. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، ھەر جەھەتتىن گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۆز نېئمىتىنىڭ ئەسىرى، تەسىرى، بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھاجەتمەن بولۇۋالغان، قاتتىق غەمكىن، مىسكىن بولۇۋالىدىغان ئۆزىنى پېقىر، يوقسىز كۆرسىتىدىغان، ئۈمۈتسىز كىشىنى ئۆچ كۆرىدۇ، يامان كۆرىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن ئاللاھ تعالى جميل يحب الجمال و يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها ( طس ) عن جابر

1743. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مىسلىسىز گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئېسىل، يۈكسەك، ياخشى ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەخلاقنىڭ ناچار، ھاقارەتلىك، رەزىللىرىنى، پەسكەشلىرىنى يامان كۆرىدۇ، ياقتۇرمايدۇ، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى جواد يحب الجود و يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها ( هب ) عن طلحة بن عبيدالله ( حل ) عن ابن عباس

1744. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ كاتتا سېخىيدۇر، سېخىنى ياخشى كۆرىدۇ

، ئېسىل ، ياخشى، ئالى ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ ، رەزىل ، پەسكەش ، چاكىنا ، ناچار ئەخلاقنى يامان كۆرىدۇ ، بەيھەقى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله حبس عن مكة الفيل و سلط عليها رسول الله و المؤمنين ألا فإنها لم تحل لأحد قبلي و لا تحل لأحد بعدي ألا و إنها حلت لي ساعة من نهار ألا و إنها ساعتي هذه حرام لا يختلى شوكها و لا يعضد شجرها و لا يلتقط ساقطتها إلا لمنشد و من قتل له قتيل فهو بخير النظرين إما أن يعقل و إما أن يقاد أهل القتيل ( حم ق د ) عن أبي هريرة .

1745. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مەككىدىن پىلنى توسۇپ توختاتقان ئىدى، ئەمدى مەككىگە ئەلچىنى يەنى مېنى ۋە مۆئمىنلەرنى غالىب قىلدى، ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن مەككە مەندىن بۇرۇن بىرەر كىشىگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھالال قىلىنمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچ كىشىگە ھالال بولمايدۇ.

ئاگاھ بولۇڭلاركى ، مەككە مەن ئۈچۈن پەقەت بىر سائەتلا ھالال قىلىنغان، دىققەت قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەككە مېنىڭ مۇشۇ سائىتىم بىلەنمۇ مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ھارامدۇر، ھالال قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى، شوخىلىرى يۇلۇنمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى، تەلەپ قىلىپ ئىزدىگۈچى ئالالايدۇ، باشقا كىشىلەر ئېلىۋالمايدۇ، كىمنىڭ يېقىن ئادىمى ئۆلتۈرۈلسە ، ئۇ مۇنۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، يا قاتىلدىن دىيەت ، خۇن پۇلىنى ئالىدۇ، ئۇ 100 تۆگە ياكى قاتىلدىن قىساس ئالىدۇ، يەنى قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

إن الله حرم الخمر و حرم الميتة و ثمنها و حرم الخنزير و ثمنه ( د ) عن أبي هريرة

1746. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھاراقنى ھارام قىلدى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى، توڭگۇز، چوشقىنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. تۆگە، ئات، كالا، قويلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئۆلۈكنى ساتسا، پۇلىمۇ ھارام بولىدۇ، دەلىل ئەنە!

إن الله حرم على أمتي الخمر و الميسر و المزر و الكوبة و الغبيراء و زادني صلاة الوتر طب هق)عن ابن عمرو

1747. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمگە ھاراقنى، قىمارنى، مىزرە ئىسىملىك قوناق، ئارپا، بۇغدايدا ياسالغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى، شىششىخالنى، دۇمباقنى، باربىتنى، ئەجەملەر، ھەبەشىيلەر قوناقدىن ياسايدىغان ھاراقنى ھارام قىلدى، (قاتتىق مەنئى قىلىپ چەكلىدى) ماڭا ۋىتىر نامىزىنى زىيادە قىلىپ بەردى، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىستىن ۋىتىر ۋاجىپ دېدى.

إن الله حرم عليكم الخمر و الميسر و المزر و الكوبة و كل مسكر حرام ( هق ) عن ابن عباس

1748. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ھاراقنى، قىمارنى، مىزرە ئىسىملىك مەست قىلغۇچى ھاراقنى، كوبەت يەنى شىششىخال، دۇمباق، باربىتنى ھارام قىلدى، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارام، مەست قىلىش ئىللىتى تېپىلغان ھەرقانداق ئىچىملىكمۇ ھارام، چۈنكى، ئىللەت سەۋەبى ھاراق بىلەن بىردۇر، مانا بۇ قىياستۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى حرم عليكم: عقوق الأمهات و وأد البنات و منعا و هات و كره لكم: قيل و قال و كثرة السؤال و إضاعة المال ( ق ) عن المغيرة بن شعبة

1749. مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئانىلارغا ۋارقىراشنى، بويۇن قىقىشنى، قىز باللارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى بېرىشكە تېگىشلىك باشقىلارنىڭ ھەققىنى چەكلەپ، تورۇپ قېلىشنى، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ھارام قىلدى، (يەنى باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىشنى ياكى ھەققىنى بەرمەي قېلىشنى ھارام قىلدى)، ئاللاھ، سىلەرگە قىيىل قالنى يەنى مۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى مۇنداق دەپتۇ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى قىلىپ، پاراڭ سېلىشنى، كۆپ سوئال سوراۋېرىشنى، ماللارنى زايا قىلىۋېتىشنى يامان كۆرىدۇ ، ياقتۇرمايدۇ، بەيھەقى توپلىغان. بۇ ھەدىستە ھارام ۋە مەكرۇھ بار ئىكەن، سەھىھ

( صحيح ) إن الله حرم علي الصدقة و على أهل بيتي ( ابن سعد ) عن الحسن بن علي .

1750. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ماڭا ۋە ئەھلى بەيتىمگە سەدىقە يەنى ئۆشرە ـ زاكاتنى ھارام قىلدى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

إن الله حرم مكة يوم خلق السموات و الأرض فهي حرام بحرمة الله إلى يوم القيامة لم تحل لأحد قبلي و لا تحل لأحد بعدي و لم تحل لي قط إلا ساعة من الدهر لا ينفر صيدها و لا يعضد شوكها و لا يختلى خلاها و لا تحل لقطتها إلا لمنشد ( خ ) عن ابن عباس

1751. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مەككىنى ئاسمانلارنى، زېمىنلارنى ياراتقاندىن باشلاپ ھارام قىلغان ئىدى، مەككە ھازىرمۇ ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، مەندىن بۇرۇنمۇ ۋە مەندىن كېيىنمۇ ھېچ كىشىگە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال ئەمەس، پەقەت ماڭا مەككىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزدىن بىر سائەت ھالال قىلىندى، مەككىنىڭ ئوۋلىرى قاچۇرۇۋېتىلمەيدۇ، شاخ ـ شۇمبا، شوخلىرى يۇتالمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، مەككىدە چۈشۈپ قالغان،يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلەر ئىگىسىدىن باشقا كىشىگە ھالال ئەمەس، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله حرم من الرضاعة ما حرم من الولادة ( ت ) عن عائشة

1752. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، نەسەبدىن، تۇغۇلۇشتىن ھارام قىلغان نەرسىنى ئېمىلدەشتىنمۇ ھارام قىلدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. نەسەبتە ھارام بولغان كىشى ئېمىلدەشتىمۇ ئوخشاش ھارامدۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى حرم من الرضاع ما حرم من النسب ( ت ) عن علي

1753. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، نەسەب جەھەتتىن ھارام قىلغان كىشىلەرنى ئېمىلدەش جەھەتتىنمۇ ھارام قىلدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مەسىلەن: نەسەبدىن ھارام بولىدىغانلار، ئانىسى، چوڭ ئانىسىنى، ھەتتا ئۇستۇنلىسىمۇ ھارام، قىزى قىزىنىڭ قىزى نەۋرە قىزى ھەتتا تۆۋەنلىسىمۇ ھارام، ئاچ ـ سىڭلىسى ھارام، ئانا تەرەپ، ياكى دادا تەرەپ ھاممىسى ھارام، ئېمىلدەشتە بۇ ئوخشاشتۇر.

( حسن ) إن الله تعالى حيث خلق الداء خلق الدواء فتداووا ( حم ) عن أنس

1754. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، كېسەلنى ياراتقان جايدا داۋانىمۇ، شىپاسىنىمۇ ياراتقان، داۋالىنىڭلار، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

إن الله حين خلق الخلق كتب بيده على نفسه: إن رحمتي تغلب غضبي ( ت ) عن أبي هريرة

1755. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ خەلقلەرنى ، مەخلۇقلىرىنى ياراتقاندا، ئۆز قولى بىلەن ئۆز ـ

ئۆزىگە مۇنداق يازغاندۇر، ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمنى بېسىپ چۈشتى، رەھمىتىم، غەزىپىمدىن غالىب كەلدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى حيي ستير يحب الحياء و الستر فإذا اغتسل أحدكم فليستتر ( حم د ن ) عن يعلى بن أمية .

1756. يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ھايا قىلغۇچى، ھايانىڭمۇ ئىگىسى، پەردىلەپ ياپقۇچى، ئەيىبنى ياپقۇچى، ھايا قىلىشنى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بىرىڭلار يۇيۇنغاندا پەردىلەنسۇن، ھايا قىلسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى حيي كريم يستحي إذا رفع الرجل إليه يديه أن يردهما صفرا خائبتين( حم د ت ه ك ) عن سلمان

1757. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھايانىڭ، تارتىنىشنىڭ ئىگىسى، ھايا ئاتا قىلغۇچى، سېخى، ئۇلۇغ زاتتۇر، كىشى ئاللاھقا ئىككى قولىنى كۆتۈرسە، ئاللاھ ئۇ ئىككى قولىنى زىيانغا ئۇچراتقان ھالدا قۇرۇق قول قايتۇرۇشدىن ھايا قىلىدۇ، تارتىنىدۇ، (دېمەك كۆتۈرۈلگەن قول زىيان تارتمايدۇ، قۇرۇق قايتمايدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**1758** ( صحيح ) إن الله خلق آدم ثم أخذ الخلق من ظهره فقال: هؤلاء في الجنة و لا أبالي و هؤلاء في النار و لا أبالي ( حم ك ) عن عبدالرحمن بن قتادة .

1758. ئابدۇرەھمان ئىبنى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئادەم ئاتىنى يارىتىپ، ئاندىن بارچە خەلقنى، باللىرىنى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن، پۇشتىدىن ئېلىپ، مۇنداق دېگەن ، ئەنە ئاۋۇلار جەننەتتە بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن، مانا ماۋۇلار دوۋزاختا بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ) ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى خلق آدم من قبضة قبضها من جميع الأرض فجاء بنو آدم على قدر الأرض جاء منهم الأحمر و الأبيض و الأسود و بين ذلك و السهل و الحزن و الخبيث و الطيب و بين ذلك ( حم د ت ك هق ) عن أبي موسى

1759. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئادەمنى زېمىننىڭ بارلىق يېرىدىن ئالغان بىر چاڭگال تۇپراقتىن ياراتقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم باللىرى زېمىننىڭ ، تۇپرىقىنىڭ رەڭگىنىڭ مىقداردا كەلدى، ئۇلاردىن سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا يەنى قوڭۇر تەنلىكلەر كېلىپ چىقتى، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئاسان قىلغۇچى، خۇشخۇي مۇلايىم، خاپا قىلغۇچى، قوپال غەمكىن، ۋە نىجىس، مەينەت، پاك، پاكىز، ياخشى ـ ياماناڭلار ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا بولغانلار كېلىپ چىقتى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان.

إن الله تعالى خلق الجنة و خلق النار فخلق لهذه أهلا و لهذه أهلا ( م ) عن عائشة

1760. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ جەننەتنى ياراتتى، دوۋزاخنىمۇ ياراتتى، جەننەت ئۈچۈنمۇ ئەھلى ياراتتى، دوۋزاخ ئۈچۈنمۇ ئەھلى ياراتتى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلىدۇر، دوۋزاخ بولسا ئادىللىقىدۇر، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەھلىنى ئالدىن بىلىپ ياراتتى، شۇڭا دوۋزاخ ياكى جەننەتكە ياراتقانغا ئوخشاشتۇر، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى، يارىتىشىدىن توسمايدۇ ، بىلىپ تۇرۇپ يارىتىۋېرىدۇ، ئەمما، سەۋەبچىسى يەنىلا سىز،بىز.

ئىنسانلار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولىدۇ، ئاللاھ ئالدىن بىلىپلا يارىتىدۇ، مانا بۇ تەقدىر، تاللاش، مېڭىش،

سەۋەب بىزدە، ئىنسان ئۆزى جىنايەتچى، ئاسىي بولىدۇ، بۇنى بىلىپ يارىتىش بولسا، دوۋزاخقا يارىتىشتۇر، ئاللاھقا قىلچە پايدا زىيان يوق، شۇڭا پەرۋا قىلمىدى، ھەر ئىككى ئەمەل، ھەر ئىككى ئەھلگە ئاسان قىلىندۇ، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئەمەل قىلىڭلار.

إن الله تعالى خلق الخلق حتى إذا فرغ من خلقه قامت الرحم فقال: مه ؟ قالت: هذا مقام العائذ بك من القطيعة قال: نعم أما ترضين أن أصل من وصلك و أقطع من قطعك ؟ قالت: بلى يا رب قال: فذلك لك ( ق ن ) عن أبي هريرة

1761. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىپ، پارىغ بولغاندا، سىلە ـ رەھىم دەس تۇرۇپ قارايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمە سۆزۈڭ بار دەيدۇ، ئۇ مانا بۇ سىلىگە سېغىنىپ سىلە ـ رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ جايى دەيدۇ. ئاللاھ شۇنداق راست دەيسەن، سىنى ئۇلىغان كىشىگە مەنمۇ رەھىمتىمنى ئۇلايمەن، سىنى ئۈزگەن كىشىدىن مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، يەنە رازى بولمامسەن؟ دېسە، سىلە ـ رەھىيىم ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، ئى رەببىم، دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنداق بولسا ساڭا شۇ بېرىلدى دەيدۇ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى خلق الداء و الدواء فتداووا و لا تتداووا بحرام ( طب ) عن أم الدرداء

1762. ئۇممە دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كېسەلنى ۋە ئۇنىڭ داۋاسىنى، شىپاسىنىمۇ ياراتتى، داۋالىنىڭلار، لېكىن، ھارام نەرسىلەر بىلەن قەتئىي داۋالانماڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھارامدا داۋا يوقتۇر.

إن الله تعالى خلق الرحمة يوم خلقها مائة رحمة فأمسك عنده تسعا و تسعين رحمة و أرسل في خلقه كلهم رحمة واحدة فلو يعلم الكافر بكل الذي عند الله من الرحمة لم ييأس من الجنة و لو يعلم المؤمن بالذي عند الله من العذاب لم يأمن من النار ( ق ) عن أبي هريرة

1763. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا رەھمەتنى ياراتقان كۈنى ئۇنى 100 رەھمەت قىلىپ ياراتقان، 99 رەھمەتنى ئاخىرەت ئۈچۈن، ئۆز دەرگاھىدا ئېلىپ قېلىپ، پەقەت بىر رەھمەتنى بارلىق مەخلۇقلارغا ئەۋەتكەندۇر، ئەگەر كاپىر، دىنسىز كىشى ئاللاھنىڭ نەزلىدىكى رەھمەتتىن بولغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلسە ئىدى، جەننەتتىن ھەرگىز ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمەيتتى، ئەگەر مۆئمىن كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز دوۋزاخدىن ئەمىن، خاتىرجەم يۈرمىگەن بولاتتى، بەيھەقى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرىدۇر، لېكىن، رەھمەت، رەھمەتكە لايىق كىشىگە بېرىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۇھسىن دەرىجىلىك ياخشىلارغا يېقىن دېگەن ئايەت بار، ھېلىھەممۇ دوۋزاخدىن خاتىرجەم، ئەمىن يۈرمەڭ.

( صحيح ) إن الله تعالى خلق خلقه في ظلمة فألقى عليهم من نوره فمن أصابه من ذلك النور يومئذ اهتدى و من أخطأه ضل ( حم ت ك ) عن ابن عمرو

1764. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەخلۇقلىرىنى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە يارىتىپ، ئۇلارغا ئۆز نۇرىدىن تاشلىغاندۇر، كىمگە شۇ نۇردىن يەتسە، يەنى شۇ كۈنى نۇر يەتسە، ھىدايەت تاپتى، كىمگە نۇر يەتمىسە، ئۇ ئازدى، زالالەت يولىدا ماڭدى، (ئاللاھ نۇرغا لايىق كىشىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا ھازىرمۇ ھەقىقەت يەتسە، قوبۇل قىلغانلار، ھىدايەت تاپتى، رەت قىلغانلار زالالەتتە قالدى.

إن الله خلق مائة رحمة رحمة منها قسمها بين الخلائق و تسعة و تسعين إلى يوم القيامة ( طب ) عن ابن عباس

1765. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، 100 رەھمەتنى يارىتىپ، شۇ 100دىن بىرىنى بارلىق خالايىقلار

ئارىسىغا تەقسىم قىلدى، 99 رەھمەتنى قىيامەت كۈنىگە ئېلىپ قويدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله خلق مائة رحمة فبث بين خلقه رحمة واحدة فهم يتراحمون بها و ادخر عنده لأوليائه تسعة و تسعين ( طب ابن عساكر ) عن معاوية بن حيدة

1766. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، رەھمەتنى 100 رەھمەت قىلىپ ياراتتى، مەخلۇقلىرى ئارىسىغا پەقەت بىرىنى تارقاتتى، ئۇلار شۇ بىر رەھمەت بىلەن ئۆزئارا رەھىم قىلىشىدۇ، 99 رەھمەتنى بولسا، دەرگاھىدا ئۆز دوستلىرىغا ئېلىپ قويدى، تەبرانى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. 99 رەھمەتنى پەقەت دوستلىرىغا ئېلىپ قويغان بۇنى بىلىڭ.

إن الله تعالى خلق يوم خلق السموات و الأرض مائة رحمة كل رحمة طباق ما بين السماء و الأرض فجعل منها في الأرض رحمة فبها تعطف الوالدة على ولدها و الوحش و الطير بعضها على بعض و أخر تسعا و تسعين فإذا كان يوم القيامة أكملها بهذه الرحمة ( حم م ) عن سلمان ( حم ه ) عن أبي سعيد

1767. سەلمان ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان كۈنى 100 رەھمەت ياراتقان، ھەربىر رەھمەت، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بوشلۇقتا لىق كېلىدۇ، شۇنداق كەڭرىدۇر، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى قەۋەتتەك كېلىدۇ، ئۇ 100 رەھمەتتىن بىرىنى زېمىنغا قىلغاندۇر، شۇ بىر دانە رەھمەت سەۋەبىدىن ئاتا، بالىسىغا كۆيۈنىدۇ، مېھرىبان بولىدۇ، ۋەھشى ھايۋانلارمۇ ھايۋان، قۇشلارمۇ جان ـ جانىۋارلارمۇ بەزىسى ـ بەزىسىگە كۆيۈنۈپ رەھىم قىلىشىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە ئات ياكى ھايۋان بالىسىدىن تۇۋۇقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ دېگەن بار) قالغان 99 رەھمەتنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئېلىپ قويدى، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئۇ 99 رەھمەتنى مۇشۇ بىر رەھمەت بىلەن بىرگە مۇكەممەل قىلىپ 100 قىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، يەرشارىدا شۇ رەھمەتنىڭ ئەسىرىنى تەسىرىنى راستىنلا تاپقىلى بولىدۇ، رەھمەت كەڭرى، سىز يۈلىنىۋالماي، ئەمەل قىلىڭ، ئەمەل قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

إن الله رحيم حيي كريم يستحيي من عبده أن يرفع إليه يديه ثم لا يضع فيهما خيرا ( ك ) عن أنس .

1768. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ رەھىم قىلغۇچى، ھايا ئىگىسى، سېخى، ئۇلۇغ زاتتۇر، ئاللاھ، بەندىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرسە، ئۇ ئىككى قولىغا بىرەر ياخشىلىق قويماي، قۇرۇق قول قايتۇرۇشىدىن ھەقىقەتەن ھايا قىلىدۇ، تارتىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇئادا قول كۆتۈرۈشتۇر، لېكىن مەخسۇس نامازنىڭ ئارقىدىلا قول كۆتۈرۈشىدە سەھىھ ھەدىس بولمىغاچقا ئىختىلاپ بار بەزىلەر 100 مەنىۋى مۇتىۋاتىر ھەدىسىدىن قىياس قىلىپ، دۇرۇس دېسە، بەزىلەر بىدئەت دېدى، مەن دېيمەنكى، ئىختىلاپ قىلمىغان ياخشى، ئېتتىپاقلىشىش ياخشى،بۇ سۈننەت مۇستەھەپلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئەركىنلىككە ئىگىدۇر، قىياس قىلىنغان مەسىلەرمۇ كۆپچىلىككە ئىگە، لېكىن، ئۇششاق مەسىلىلەردە سۈننەتچى، ئەسلىيەتچىلەر بىلەن ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابە، تابىئىنلارنىڭدۇر. مانا بۇ توغرا يول بىرلەشتۈرگىلى بولسا، بىرلەشتۈرەيلى. ئىختىلاپى تالاش مەسىلىرى بولسا، ئامال بار ئىختىلاپلاشماي، ئېتتىپاقلىشايلى.

إن الله تعالى رضي لهذه الأمة اليسر و كره لها العسر ( طب ) عن محجن بن الأدرع

1769. مىھجەن ئىبنى ئەدرەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بۇ ئۇممەت ئۈچۈن ئاسانلىقتا رازى بولدى، تەس قىيىنچىلىقتا رازى

بولماي، تەسلىكنى ياقتۇرمىدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.روزا مەسلىسىدىمۇ ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلدى، قىيىنلىقنى ئىرادە قىلمايدۇ دېگەن بار ئايەت، 50 ۋاخ ناماز 5 ۋاخقا قالدى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىنچە بولسا، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس بىلەن بولسا، ئاسان بولسىمۇ ئەجىر، ساۋاب كاتتا بولىۋېرىدۇ، تەقۋا ھېسابلىنىدۇ، ئاسان قىلىڭلار، تەس، قىيىن قىلماڭلار، ھەدىس.

إن الله رفيق يحب الرفق و يرضاه و يعين عليه ما لا يعين على العنف فإذا ركبتم هذه الدواب العجم فترلوها منازلها فإن أجدبت الأرض فانجوا عليها فإن الأرض تطوى بالليل ما لا تطوى بالنهار و إياكم و التعريس بالطريق فإنه طريق الدواب و مأوى الحيات ( طب ) عن معدان

1770. مەئدان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېھرىباندۇر ، كۆيۈمچاندۇر، مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە رازى بولىدۇ، مېھرىبانلىقتا ، كۆيۈنۈشكە، ئىچ ئاغرىتىشقا ياردەم بېرىدۇكى، قوپاللىقتا، باغرى تاشلىقتا ياردەم بەرمەيدۇ، بۇنىڭغا بەرمىگەن ياردەمنى مېھرىبانلىقتا بېرىدۇ، سىلەر بۇ تىلسىز، زۇۋانسىز ھايۋانلارغا مىنسەڭلار، ئۇلارنىمۇ ئۆز جايلىرىغا ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار، قۇرغاق زېمىندا ، چۆل ـ باياۋاندا ماڭساڭلار، ئۇلارنى تىز ـ تېز ھەيدەڭلار، تېز ئۆتۈپ كېتىڭلار، ھەقىقەتەن زېمىن ، يول كۆندۈزى قاتلانماي،قىسقارماي، كېچىسى قاتلىنىپ، قىسقىرىپ بېرىدۇ، (شۇڭا كېچىسى يول ماڭساڭلار ئاسان بولىدۇ) يول بويىدا قونۇپ، يېتىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يول بولسا، ھايۋانلارنىڭمۇ يولىدۇر، يىلان ـ چايانلار جايىدۇر، بەزى خاتىرىدە ھەرخىل جانىدارلار جايىدۇر دېيىلگەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە دېيىلگەن بۇنداق ئەمىر ـ پەرمان، بۇيرۇق، چەكلەشلەر، ئىرشاد، يول كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر، سۈننەت، مۇستەھەب ئۈچۈندۇر، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلسا يەنىلا ساۋاب بېرىلىدۇ.

إن الله تعالى رفيق يحب الرفق و يعطي عليه ما لا يعطي على العنف ( خد د ) عن عبدالله بن المغفل ( ه حب ) عن أبي هريرة ( حم هب ) عن علي ( طب ) عن أبيأمامة ( البزار ) عن أنس

1771. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ناھايىتى كۆيۈمچان، مېھرىباندۇر ، ئاللاھ مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ ، قوپاللىقتا، باغرى تاشلىقتا بەرمىگەن ياردەملەرنى مېھرىبانلىقتا بېرىدۇ، (ئۇنداقتا كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ، مېھرىبان بولۇش بىلەن ئاللاھدىن ياردەم سورايلى) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ، بۇخارى ئەدەپتە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەلدىن، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەلىدىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامەدىن، بەزار، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله زادكم صلاة فحافظوا عليها و هي الوتر ( حم ) عن ابن عمرو

1772. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ سىلەرگە بىر نامازنى زىيادە، ئارتۇق قىلىپ بەردى، سىلەر ئۇنى ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، ئۇ بولسا، ۋىتىر نامىزىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ۋىتىر نامىزى بەش نامازغا زىيادە قىلىنغان، ۋىتىر ۋاجىپ دېگەنلەر بار، ۋىتىرنىڭ رەكەت سانى بىر رەكەتمۇ ، ئۈچمۇ، بەشمۇ باردۇر.

إن الله زوى لي الأرض فرأيت مشارقها و مغاربها و إن ملك أمتي سيبلغ ما زوي لي منها و إني أعطيت الكترين الأحمر و الأبيض و إني سألت ربي لأمتي أن لا يهلكوا بسنة عامة و لا يسلط عليهم عدوا من سوى أنفسهم فيستبيح بيضتهم و إن ربي عز و جل قال: يا محمد إني إذا قضيت قضاء فإنه لا يرد و إني أعطيتك لأمتك أن لا أهلكهم بسنة عامة و أن لا أسلط عليهم عدوا من سوى أنفسهم فيستبيح بيضتهم و لو اجتمع عليهم من بين أقطارها حتى يكون بعضهم يفني بعضا و إنما أخاف على أمتي الأئمة المضلين و إذا وضع في أمتي السيف لم يرفع عنهم إلى يوم القيامة و لا تقوم الساعة حتى تلحق قبائل من أمتي بالمشركين حتى تعبد قبائل من أمتي الأوثان و إنه سيكون في أمتي كذابون ثلاثون كلهم يزعم أنه نبي و أنا خاتم النبيين لا نبي بعدي و لا تزال طائفة من أمتي على الحق ظاهرين لا يضرهم من خالفهم حتى يأتي أمر الله ( حم م د ت ه ) عن ثوبان .

1773. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ماڭا زېمىننى قاتلاپ، يىغىپ كۆرسەتتى، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىپلىرىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى، ئۇنىڭلىك ھوقۇقى پات يېقىندا ماڭا كۆرسىتىلگەن جايلارغا يېتىپ بارىدۇ، ماڭا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىككى كاڭ بېرىلدى، ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىم ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمدىن ئۇلارنى قەھەتچىلىك. قۇرغاقچىلىق بىلەن پۈتۈنلەي ھالاك قىلماسلىقنى سورىدىم ، شۇنداقلا، ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىب قىلماسلىقنى سورىدىم، دۈشمەنلەر غالىب كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ، ھەقىقەتەن رەببىم ئاللاھ، ماڭا مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد! سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مەن بىرەر ھۆكۈمنى، قازانى قىلسام، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۈممىتىڭنى قەھەتچىلىك، قۇرغاقچىلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرىنى تارتىۋالىدىغان، ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلمايمەن، گەرچە دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى پۈتۈن قىتئەلەر ئارا تەرەپ ـ تەرەپتىن بىرلەشسىمۇ يەنىلا ئۈممىتىڭ ئۈستىگە غالىب قىلمايمەن، تاكى ئۇلار يەنى ئۈممىتىڭ بەزىسى ـ بەزىسىنى ھالاك قىلىپ، بەزىسى ـ بەزىسىنى يوقىتىۋېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمگە زالالەتچى ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى ئىماملاردىن قورقىمەن، شۇنداق ئىماملاردىن ئەنسىرەيمەن، ئۈممىتىم ئىچىگە ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قىلىچ قويۇلسا، قىيامەت كۈنىگىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر نەچچە قەبىلە مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگىچە، بىر نەچچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەقىقەتەن يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە 30 كاززاپ چىقىپ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، تامام قىلغۇچىسى، مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە ھەقىقەت ئۈستىدە غەلىبە قىلغان ھالدا، داۋاملىشىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت كەلگەنگە قەدەر شۇنداق غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم 5144 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2102 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3710 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3942 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21415 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الله تعالى سائل كل راع عما استرعاه أحفظ ذلك أم ضيعه ؟ حتى يسأل الرجل عن أهل بيته( ن حب ) عن أنس

1774. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەربىر پادىچىدىن ئۇ پادىشاھلىق قىلغان، باش بولغان ئىشلار توغرىسىدا ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ، ياخشى باشقۇردىمۇ؟ ياكى ئۇنى زايا قىلىۋەتتىمۇ؟ سوراققا تارتىدۇ، ھەتتا، ئەر كىشىنى ئۇنىڭ ئۆي ئەھلىلىرى توغرىسىدا سوراققا تارتىپ، ھېساب ئېلىپ سورايدۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الله تعالى سمى المدينة طابة ( حم م ن ) عن جابر بن سمرة

1775. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەدىنىنى تابەت دەپ ئاتىدى، تابەت، پاك ـ پاكىز مەنىسىدە، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله سيخلص رجلا من أمتي على رءوس الخلائق يوم القيامة فينشر عليه تسعة و تسعين سجلا كل سجل مثل مد البصر ثم يقول: أتنكر من هذا شيئا ؟ أظلمك كتبتي الحافظون ؟ فيقول: لا يا رب فيقول: أفلك عذر ؟ فيقول: لا يا رب فيقول: بلى إن لك عندنا حسنة و إنه لا ظلم عليك اليوم فتخرج بطاقة فيها أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمدا عبده و رسوله فيقول: احضر وزنك فيقول: يا رب ما هذه البطاقة مع هذه السجلات ؟ فيقال: فإنك لا تظلم فتوضع السجلات في كفة و البطاقة في كفة فطاشت السجلات و ثقلت البطاقة و لا يثقل مع اسم الله تعالى شيء ( حم ت ك هب ) عن ابن عمرو .

1776. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى، خالايىقلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى يېزىلغان 99 خاتىرە دەپتەرنى يېيىپ قويىدۇ، ھەربىر خاتىرە كۆز يەتكۈدەك مىقداردا شۇنداق چوڭ، ئۇزۇن، كەڭرىدۇر، ئاندىن ئاللاھ، ئۇنىڭغا، سەن بۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلامسەن؟، ساڭا مۇھاپىزەتچى، كاتىپلىرىم، زۇلۇم قىلىپتىمۇ؟ دېسە، ئۇ ياق يا رەببىم، ئىنكار قىلمايمەن، زۇلۇممۇ يوقكەن دەيدۇ: ئاللاھ: بىرەر ئۆزرەڭ بارمۇ؟ دېسە، ئۇ ياق ئۆزرەممۇ يوق دەيدۇ، ئاللاھ: ئۇنداق ئەمەس، ساڭا بىر ئۆزرە بار، ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا بىر ياخشىلىق بار، بۇ كۈندە ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ دەپ ئارقىدىنلا ئىچىدە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان بىر قەغەزنى چىقىرىلىدۇ، بۇ قەغەزدە «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، جەزمەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دېگەن » كەلىمىلەر باردۇر.

ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشىلىق ۋەزنىگە، مىزانىڭغا كەل، ھازىر بول دېسە، ئۇ كىشى بۇنچىۋالا دەپتەر، خاتىرىلەر ئالدىدا بۇ قەغەز قانچىلىك بولا؟ دەيدۇ، ئۇنىڭغا كەل دېگەنىدىكىن كەل، ساڭا ھەرگىز زۇلۇم قىلىنمايدۇ دېيىلىدۇ ، ئاندىن گۇناھ ـ مەئسىيەت يېزىلغان خاتىرىلەر مىزانىنىڭ بىر ئالقىنىغا، شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان قەغەز بىر ئالقىنىغا قويۇلىدۇ، خاتىرىلەر، دەپتەرلەر يەڭگىل كېلىپ قالىدۇ، ھېلىقى قەغەز ئېغىر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن ھېچنەرسە مىزاندا ئېغىرلىقدا تەڭ كېلەلمەيدۇ ، يەنە بىر خاتىرىدە بىسمىللاھ بىلەن ھېچ نەرسە ئۇنى مىزاندا ئېغىر كېلىپ بېسىپ كېتەلمەيدۇ دېيىلدى، تىرمىزى 2563 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4290 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6699 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتى، ئادىللىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئىسمىنىڭ بەرىكىتى، ئەمدى گەپ، شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېلىپ، ئىمان بىلەن بارالىشىمىزدا قالدى.

إن الله تعالى صانع كل صانع و صنعته ( خ في خلق أفعال العباد ك هق في الأسماء ) عن حذيفة .

1777. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ھەربىر سانئە يەنى ياسىغۇچى، ئىشلەپ چىقارغۇچى، ھۈنەرۋەننىڭ، كەشپىياتچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ سەنئىتىنىڭ، ھۈنىرىنىڭ، ئىشلەپ چىقارغان كەشىپ قىلىپ، كەسىپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭمۇ سانئىدۇر، ياراتقۇچىسىدۇر، ئىجاد ، پەيدا قىلغۇچىدۇر، بۇخارى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بارلىق نەرسىلەرنى مەخلۇقلارنى، ياسالغان نەرسىلەرنى، بىزنىمۇ ۋە بىزلەرنىڭ قىلىقىمىزنىمۇ ئاللاھ ياراتقان، ئاللاھ ھەر نەرسىنىڭ خالىقىدۇر، ئاللاھ يارىتىدۇ، بەندە كەشىپ ۋە كەسىپ قىلىدۇ.

( حسن ) إن الله ضرب الدنيا لمطعم ابن آدم مثلا و ضرب مطعم ابن آدم مثلا للدنيا و إن قزحه و ملحه ( ابن المبارك هب ) عن أبي

1778. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، دۇنيانى ئادەم بالىسىنىڭ تائامىغا، ئادەم بالىسىنىڭ تائامىنى بولسا، دۇنياغا مىسال قىلدى، ئادەم بالىسى گەرچە ئۇ تائامنى رەڭگارەڭ، ئېسىل، خۇشپۇراق، تەملىك،مەززىلىك تاتلىق، خىلمۇ ـ خىل قىلىۋەتسۇن، يەنىلا ئۇ دۇنيانىڭ مىسالىدۇر (يەنى تائام شۇنداق بولۇشى بىلەن لەززەتلىك بولۇشى بىلەن بىرگە ئاخىرىدا نىجاسەتكە ئايلىنىدۇ، دۇنيامۇ رەڭگارەڭ زىبۇ ـ زىننىتى بىلەن لەززەتلىرى بىلەن ئاخىرىدا خارابلىققا ئايلىنىدۇ، ھالاك بولىدۇ، ۋە ھالاك قىلىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئىبنى مۇبارەك، بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېدى.

( حسن ) إن الله تعالى عفو يحب العفو ( ك ) عن ابن مسعود ( عد ) عن عبدالله بن جعفر .

1779. ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرگۈچىدۇر، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ھاكىم، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشتا ھەرگىز ئىككىلەنمەڭلار، ئەمما، ئۆزۈڭلارنى ھەرگىز ئەپۇ قىلماڭلار.

إن الله فضلني على الأنبياء بأربع: أرسلني إلى الناس كافة و جعل الأرض كلها لي و لأمتي طهورا و مسجدا فأينما أدرك رجل من أمتي الصلاة فعنده مسجده و عنده طهوره و نصرني بالرعب مسيرة شهر و أحل لي المغانم ( طب الضياء ) عن أبي أمامة

1780. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مېنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە، تۆت خىسلەت ئىشى بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى.

1. ئاللاھ مېنى بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك كىشلەرگە ئەلچى، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

2. ئاللاھ بارلىق زېمىننى مەن ئۈچۈن، ئۈممىتىم ئۈچۈن پاك ۋە مەسجىد قىلىپ بەردى، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قانداق بىر كىشى نامازنى تاپسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەسجىدى بار، تاھارەت سۈيىنىڭ ئورنىدا پاك تۇپراق بار، (سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىپ، شۇ پاك جايىدىلا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، مۇقىم تۇرغاندا جامائەتكە چىقىپ ئوقۇيدۇ)

3. ئاللاھ، ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە نېرىدىن دىنسىزلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بەردى.

4. ئاللاھ ماڭا غەنىيمەتنى ھالال قىلىپ بەردى، (يەنە بىر خاتىرىدە شاپائەت 5 - ئورۇندا سۆزلىنىدۇ) تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله قال: إنا أنزلنا المال لإقام الصلاة و إيتاء الزكاة و لو كان لابن آدم واد لأحب أن يكون له ثان و لو كان له واديان لأحب أن يكون لهما ثالث و لا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب ثم يتوب الله على من تاب ( حم طب ) عن أبي واقد

1781. ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ھەدىس قۇددۇس) ھەقىقەتەن بىز سۇنى، يامغۇرنى كىشلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن زاكات بېرىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق، ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر ۋېيزا بېرىلسە، ئىككىنچىسىنىڭمۇ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى ۋېيزىسى، داچىسى، شەھىرى بولسا، ئەلۋەتتە ئۈچىنچىسىنىڭ بولۇشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى پەقەت توپا بىلەن تويىدۇ، ئۇنى پەقەت، توپا تويغۇزالايدۇ ، ئاندىن، ئاللاھ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئىنسان شۇنچە ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئۈمۈدلىرى تۈگىمەيدۇ، ئاخىرىدا بۇ قىلمىشىدىن تەۋبىگە چاقىرىدۇ.

إن الله تعالى قال: من عادى لي وليا فقد آذنته بالحرب و ما تقرب إلي عبدي بشيء أحب إلي مما افترضته عليه و ما يزال عبدي يتقرب إلي بالنوافل حتى أحبه فإذا أحببته كنت سمعه الذي يسمع به و بصره الذي يبصر به و يده التي يبطش بها و رجله التي يمشي بها و إن سألني لأعطينه و إن استعاذني لأعيذنه و ما ترددت عن شيء أنا فاعله ترددي عن قبض نفس المؤمن يكره الموت و أنا أكره مساءته ( خ ) عن أبي هريرة

1782. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىپ، ھەددىدىن ئاشسا،مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. مەن بەندەمگە پەرز قىلغان نەرسىلەردىنمۇ ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەك نەرسە بىلەن بەندەم ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ، (يەنى پەقەت پەرز بىلەنلا ياخشى يېقىنلىشالايدۇ، رازى قىلالايدۇ) بەندەم ماڭا مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتقانغا قەدەر نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىشىدۇ، مەن ئۇنى دوست تۇتۇپ، ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى بولۇپ بېرىمەن، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن، ئەگەر مەندىن سورىسا، چوقۇم

بېرىمەن، ماڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، قۇتقۇزىمەن، مەن قىلماقچى بولغان ئىشىمدا مۆئمىنىنىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلىنىپ قالغاندەك ئىككىلىنىپ قالمايمەن، بۇ چاغدا ئىككىلىنىپ قالىمەن، مۆئمىن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، مەن بولسام، ئۇنى خاپا قىلىشنى ياقتۇرمايمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. ئاللاھنىڭ دوست تۇتۇش سۈپىتى بار.

2. ئاللاھنىڭ دوستى ئەۋلىيالار بار.

3. ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىدىغانلار چىقىدۇ.

4. ئاللاھ دوستى تەرەپتە كۈرەش قىلىدۇ.

5. بەندە، ئاللاھقا پەقەت پەرز ئىبادەت بىلەنلا بەك يېقىنلىشىدۇ.

6. نەپلە، سۈننەت ئىبادەت بىلەن مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ.

7. ئاللاھ ياخشى كۆرسە، يۇقىرىدا دېگەندەك قىلىپ بېرىدۇ.

8. ئاللاھ مۆئمىنىنىڭ جېنىنى ئامال يوق ئالىدۇ.

9. كىشى ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ.

10. ئاللاھ دوستى مۆئمىننى خاپا قىلمايدۇ.

11. بۇ ھەدىس، ھەدىس قۇددۇستۇر، ئاللاھنىڭ سۆزى، ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە بۇ ھەدىستىن مۇنداق دېگەن ، كىم ئاللاھقا تەقۋالىق قىلسا، شۇ ئەۋلىيا، ئاللاھنىڭ دوستى بولىدۇ. سۈرە يۇنۇس 63 ـ ئايەتتە ئەۋلىيالار دېگەن ، ئىمان كەلتۈرۈپ، تەقۋادار بولغان كىشىلەر دېگەندۇر .

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن : ھەدىسنىڭ مەنىسى زاھىرغىلا چۈشىنىلمەيدۇ، چۈنكى، ئاللاھ بەندىنىڭ راستتىنلا قۇلىقى، كۆزى، پۇت ـ قولى ئەمەس، بۇ ئەزالار دېگەن ھادىسە، مەخلۇق ئوخششى بار.ئاللاھ بۇ نەرسىلەردەك ھادىسە، مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، بۇ مەخلۇقلار ئاللاھدىن ئايرىم نەرسىدۇر، ئاللاھ ئەزلى، ئەبەدى، مەڭگۈلۈك كامىل ھاياتلىق ئىگىسىدۇر.

بۇ ئەزالار بولسا،مەخلۇققا خاس بولۇپ، ھادىسە ھەم يوقاپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا، ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ، ئىنسان ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئاللاھنىڭ دوستى بولغاندا، ئاللاھنىڭ دوستلۇقىنى ئەسلىسە، ھەممىدىن ئۈستۈن بىلسە، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆز قۇلىقىنى پۇت ـ قولىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ساقلايدۇ، ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئەزالار دائىم ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ھەرىكەت قىلىدۇ، دائىم ئاللاھ بىللىدەك ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئەزالىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى رۇسلاپ، توغرىلاپ ھىدايەت قىلىدۇ. ياخشى ئەمەللىرىنى ئۇتۇقلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ بېرىدۇ، ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىدۇ. بەزىلەر بۇ ئاللاھىدە كارامەت بېرىلىش بولىدۇ، مۆئمىن، پاراسەت بىلەن كۆرىدۇ ، قەلبى نۇر بىلەن كۆرىدۇ ، ماكانىنى قاتلاپ بېرىدۇ، تېز ماڭالايدۇ، زامانىنى قاتلاپ بېرىدۇ، تېزلا نۇرغۇن ئەمەللەرنى قىلالايدۇ، خۇددى قۇرئاننى بىردەمدىلا تامام قىلغاندەك قول كۆتۈرسىلا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى شەرھى قىلىپ باقتى، بۇ ھەدىستىن ئاللاھنىڭ دوستىغا تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنى خاپا قىلىپ، رەنجىتىش گۇناھى كەبىردۇر، چۈنكى، جەڭ ئېلان قىلىندى، قۇرئان ۋە بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئەۋلىيالار ھەق. ئەقىدە كىتابلىرىدا ئۇلارنىڭ كارامىتى ھەق دېيىلىدۇ ، ئاللاھنىڭ دوستلۇقى ئام، خاس، ئىككى خىل بولىدۇ، سۈرە ئەنئام 62 ـ ئايەتتە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسى، دوستى دېگەن بار. بۇ ئامدۇر. خاس بولغىنى بولسا، سۈرە يۇنۇس 63 ـ ئايەتتە بار، ئاللاھ بىلەن ئەۋلىيالار دوستلىرى بەندىلىرى ئارىسىدا پەقەت پەرز، نەپلە ئىبادەت ۋاستە بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن ئىبادەت ئارىسىدا ۋاستە ۋەسىلە يوق، ئاللاھقا ئىبادەتنى ۋاستە بىلەن قىلسا،

شىرىك بولىدۇ، ئاللاھقا پەقەت ئۇلار بۇلار بىلەن ئەمەس، ئەۋلىيا، مازايى ـ ماشايىخ بىلەن ئەمەس، ئىبادەت بىلەنلا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. شەرىئەتتە تەكلىپ؛ پەرز ۋە نەپلە دەپ ئىككى خىلدۇر، پەرىز ئىبادەت نەپلە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر، نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش كۆرسىتىلدى، ئاللاھنىڭ دوستى بولغىنىڭنىڭ ئالامىتى، نىشان بەلگىسى،سۈننەت ،نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، يۇقىرىقى ئەزالار، ھەقنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ رازى بولىدىغانلا ئىشلارنى ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ ، قىلىدۇ، مەنپەئەت ئالىدۇ، ئاللاھنىڭ دوستى بولساڭ، سورىغىنىڭنى بېرىدۇ، قېچىپ پاناھ تىلىسەڭ، سىنى قۇتقۇزىدۇ، پايدىنى ئېلىشدىن، زىيانىدىن قېچىشدىن چوڭ بەخت يوقتۇر، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى شۇكى، ئاللاھ ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە جەڭ ئېلان قىلىدى، سىز ھەربىر ھەدىسنى مۇشۇ ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ ئوقۇڭ، ياخشى ئەمەل قىلىڭ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، سىز ئەسلىسىڭىزلا ئۇ سىزنى ئەسلەيدۇ، تىرىشسىڭىز ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ ، كىشى ياخشى كۆرگىنى بىلەن بىللە بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاخىرەتتە شۇنداق. ئىلىم ـ ئىبادەت، جىھاد بىلەن مەشغۇل بۇلۇڭ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ، ئۆزۈمنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسى مەنپەئەتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاما، خەلققە ياخشىلىق قىلىڭ، مەخلۇققا ياخشىلىق قىلسىڭىز، خالىققا ئىبادەت قىلسىڭىز، جەننەتكە كىرىسىز، ئاللاھ بىزلەرنى دوستلىرىنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!

( صحيح ) إن الله تعالى قبض أرواحكم حين شاء و ردها عليكم حين شاء يا بلال قم فأذن في الناس بالصلاة ( حم خ د ن ) عن أبي قتادة

1783. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ روھلىرىڭلارنى، جانلىرىڭلارنى ئۆزى خالىغان چاغدا ئېلىۋېلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزى خالىغان چاغدا سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئى بىلال، قوپقىن، ئەزان ئېيتىپ كىشىلەرنى نامازغا چاقىرغىن (بۇ ھەدىسنى بامداتتىن ئۇخلاپ قالغاندا دېگەن ) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن الله قبض قبضة فقال: هذه إلى الجنة برحمتي و قبض قبضة فقال: هذه إلى النار و لا أبالي ( ع ) عن أنس

1784. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ئادەم باللىرىدىن بىر چاڭگاللىنى ئېلىپ، مانا بۇ مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ دېدى، يەنە بىر چاڭگاللىنى بولسا، مانا بۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن دېدى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله قد اتخذني خليلا ( ك ) عن جندب

1785. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى خەلىيل، دوست تۇتتى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله تعالى قد أجار أمتي أن تجتمع على ضلالة ( ابن أبي عاصم ) عن أنس

1786. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مېنىڭ ئۈممىتىمنى زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلىشىشدىن قۇتقۇزۇپ قالدى (ئۈممىتىم زالالەت ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ) ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىس ئىجمائقا دەلىلدۇر.

( حسن ) إن الله قد أذهب عنكم عبية الجاهلية و فخرها بالآباء مؤمن تقي و فاجر شقي أنتم بنو آدم و آدم من تراب ليدعن رجال فخرهم بأقوام إنما هم فحم من فحم جهنم أو ليكونن أهون على الله من الجعلان التي تدفع بأنفها النتن ( حم د ) عن أبي هريرة

1787. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەردىن جاھالىيەتنىڭ كىبىرسى، پەخرىسىنى ۋە باشقا

جاھالىيەت قالدۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يوقىتىۋەتتى، جاھالىيەتنىڭ دادىلىرى ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىشنى يوق قىلىۋەتتى، كىشىلەر ئەمدى ئىككىلا سىنىپ بولىدۇ، بىرى مۆئمىن، مۇتتەقى. يەنە بىرسى بولسا، فاجىر، شەقى، گۇناھكار ئاسىي كاپىردۇر، سىلەر ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغان (ئۇنداقتا نېمىگە كىبىر قىلىپ، نېمىگە پەخىرلىنىسىلەر؟) بەزى كىشىلەر بىر تۈركۈم قەۋملەر بىلەن پەخىرلىنىشنى داۋا قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇلار جەھەننەمنىڭ يېقىلغۇسى بولغان قارا كۆمۈردىن بىر پارچە كۆمۈردۇر، ياكى ئۇلار ئاللاھقا، بۇرنى بىلەن سېسىق نىجاسەتنى ئىتتىرىپ ماڭىدىغان نىجاسەتتىن چىقالماس قۇرتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، ئەبۇ داۋۇد 4452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8381 ـ ھەدىس، تىرمىزىدىمۇ بار، ھەسەن.

( صحيح ) إن الله تعالى قد أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث ( ه ) عن أنس

1788. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەربىر ھەق ئىگىسىگە مىراس قانۇنى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى، ئەمدى ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوقتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله قد أعطى كل ذي حق حقه فلا وصية لوارث الولد للفراش و للعاهر الحجر و حسابهم على الله و من ادعى إلى غير أبيه أو انتمى إلى غير مواليه فعليه لعنة الله التابعة إلى يوم القيامة و لا تنفق امرأة شيئا من بيت زوجها إلا بإذن زوجها قيل: و لا الطعام ؟ قال: ذلك أفضل أموالنا ( حم ت ) عن أبي أمامة

1789. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بەردى، ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق (ئۇمۇ ھەققىنى مىراس ھوقۇقى بىلەن ئالىدۇ) بالا كۆرپىنىڭ (يەنى دادىغا مەنسۇپ ) زىناخورغا تاش ـ چالما ، رىجىم قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقا، كىمكى دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن باشقىلارغا مەنسۇپ قىلىۋالسا، بۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ قىيامەتكىچە ئەگىشىدىغان لەنىتى بولىدۇ، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر نەرسە، نەپىقە، سەدىقە قىلمىسۇن، ئېرىنىڭ رۇخستى، رازىلىقى بىلەن خەۋلىسە بولىدۇ، تائامنىمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟ ئۇنىمۇ سەدىقە قىلالامدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام دېگەن ، مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دېدى، (تائامنىمۇ شۇنداق بولدى) ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىقى ئايال كىشى نەپىقە، ئېھسان ، سەدىقە قىلسا، ئېرىگە ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب ئالىدىغان ھەدىس، قۇل، خادىم، خەزىنىچىنىڭ ھەدىسلىرى بولسا، شۇ ئەرنىڭ خوجايىنىنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىدىغان ئىشلاردۇر، ئىككى ھەدىس ئارىسىدا خىلاپلىق، زىتلىق يوق، مۇھىمى رازىلىق.

( صحيح ) إن الله قد أمده لرؤيته فإن أغمي عليكم فأكملوا العدة ( حم م ) عن ابن عباس .

1790. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ روزا تۇتۇشقا ئاي كۆرۈشنى مۇددەت بەلگىلەپ بەردى، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا، سانىنى كامىل قىلىڭلار (يەنى شەئباندىن 30 كۈننى سانىۋېتىپ تۇتۇڭلار) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ كىتابنىڭ تۈزۈلىشىدە ئۆزۈن ـ ئۆزۈن ھەدىسلەردىن پەقەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى دېگەن ياكى قىلغان ئىشلارلا خاتىرىلەنگەن، جىم تۇرغان ھەدىس، تەقرىرمۇ يوق ئەمەس، قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشتىم، سىزمۇ تىرىشىپ كۆرۈڭ.پەقەت ئۆز ئاغزى بىلەنلا دېگەن سەھىھ ھەدىسلەر يېزىلغان.

إن الله تعالى قد أوقع أجره على قدر نيته ( مالك حم د ن ه حب ك ) عن جابر بن عتيك

1791. جابىر ئىبنى ئەتىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى سابىت ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ قىزى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىنىڭ شېھىد بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى،

سەن جىھاد ئۈچۈن تەييارلىنىپ بولغان دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئەجىر مۇكاپاتىنى نىيىتىنىڭ مىقدارىدا، ھېسابىدا چۈشۈردى، نىيىتىگە ئاساسەن بېرىلىدۇ دەپ ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن شېھىددىن باشقا يەنە يەتتە تۈرلۈك شېھىدلەرنى ساناپ بېرىدۇ، ئەھمەد 22635 ـ ھەدىس، نەسەئى 1823 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2704 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2793 ـ ھەدىس، مالىك 493 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الله قد جعل لجعفر جناحين مضرجين بالدم يطير بهما مع الملائكة ( الدارقطني في الأفراد ك ) عن البراء

1792. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ جەئفەرگە قانغا بويالغان ئىككى قانات قىلىپ بەردى، جەئفەر ئۇ ئىككى قانىتى بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە (جەننەتتە)ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. (جەئفەر شېھىد بولغان ئىدى، بۇ جىھادنىڭ پەزىلىتى)

إن الله تعالى قد حرم على النار من قال لا إله إلا الله يبتغي بذلك وجه الله ( ق ) عن عتبان بن مالك

1793. ئۇتبان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، شەك ـ شۈبھىسىز، چىن قەلبىدىن ئاللاھنىڭ دىدارىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دېگەن كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلدى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله قسم لكل وارث نصيبه من الميراث و لا تجوز لوارث وصية الولد للفراش و للعاهر الحجر و من ادعى إلى غير أبيه أو تولى غير مواليه رغبة عنهم فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين و لا يقبل الله منه صرفا و لا عدلا ( حم ه ) عن عمرو بن خارجة

1794. ئەمرۇ ئىبنى خارجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ھەربىر ۋارىسنىڭ مىراسىنى، ھەققىنى مىراس قانۇنى بىلەن تەقسىم قىلىپ بەردى، ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ، مال قالدۇرۇش دۇرۇس ئەمەس، بالا كۆرپىنىڭ، دادىنىڭ، زىناخورغا تاش، كىم دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقىلارنى خوجايىن قىلىۋالسا، بۇنداق تۈز كور كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ پەرز؛ ۋە نەپلە ئىبادەتلىرىنى سەدىقە، تەۋبە قىلىشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى كتب الإحسان على كل شيء فإذا قتلتم فأحسنوا القتلة و إذا ذبحتم فأحسنوا الذبحة و ليحد أحدكم شفرته و ليرح ذبيحته ( حم م 4 ) عن شداد بن أوس

1795. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ بارلىق نەرسىلەرگە ئېھسانىنى ياخشىلىق قىلىشنى پۈتۈۋەتتى، ئۆلتۈرسەڭلار، ياخشىلىقچە، چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار، (ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلاپ قىينىماڭلار ) مال بوغۇزلىساڭلار ياخشىلىق بىلەن بوغۇزلاڭلار، بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىك بىلەپ تېزلا بوغۇزلاپ، بوغۇزلانغان مېلىنى راھەتلەندۈرسۇن، مۇسلىم، ئەھمەد تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. مۇسۇلمانىڭ شەرھىسىدە باشقا كىتابلاردا ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھۇرۇنلۇقدىن ئۆزرىسىز نامازنى تەرك ئەتكەن،ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈش، قىلىچنى ئىتتىك بىلەپ، تېزلا چېپىۋېتىشنى تەكىتلىگەن، بۇ ھۆكۈم نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكۈمىدە باردۇر.

إن الله تعالى كتب الحسنات و السيئات ثم بين ذلك فمن هم بحسنة فلم يعملها كتبها الله تعالى عنده حسنة كاملة فإن هم بها فعملها كتبها الله تعالى عنده عشرة حسنات إلى سبعمائة ضعف إلى أضعاف كثيرة و إن هم بسيئة فلم يعملها كتبها الله عنده حسنة كاملة فإن هم بها فعملها كتبها الله تعالى سيئة واحدة و لا يهلك على الله إلا هالك( ق ) عن ابن عباس

1796. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىلىقلارنى يامانلىقلارنى يازدى، پۈتۈپ بولدى، ئاندىن بايان قىلىپ، مۇنداق دېدى: كىم بىر ياخشىلىقنى قەلبىدە پىلانلاپ نىيەت ۋە مەقسەت قىلسا، تېخى ئەمەل قىلمىسىمۇ ئاللاھ ئۇنى ئۇز نەزىلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلىپ، ئەمەل قىلسا، ئاللاھ، ئۇنىڭ نىيىتى، ئىخلاسى ياخشى بولسا،ئۇز دەرگاھىدا 10 دىن 700 گىچە ياخشىلىق يازىدۇ،ئىخلاسىغا قارىتا تېخىمۇ چەندان زىيادە قىلىپ، ھەسسىلەپ بېرىدۇ، ئەگەر بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ ، ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى ئۇز نەزىلىدە كامىل بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلىپ ، ئۇ يامانلىقنى قىلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى بىر يامانلىق يازىدۇ، مانا ئەمدى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلى ئالدىدا پەقەت ھالاك بولغۇچىلار ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەر ئىچىدە، بىرلەر خانىسى يەنى يامانلىقلىرى 10 لەر 100 لەر 1000 لەر خانىسىنى يەنى نەچچە چەندان ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر، ھەتتا، قىچىنىڭ دېنىچىلىك ياخشىلىق يوق كىشىلەرمۇ باردۇر، ئۇلار دوۋزاخقا لايىق.

إن الله تعالى كتب على ابن آدم حظه من الزنا أدرك ذلك لا محالة فزنا العين النظر و زنا اللسان المنطق و النفس تمنى و تشتهي و الفرج يصدق ذلك أو يكذبه ( ق د ن ) عن أبي هريرة

1797. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئادەم باللىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى يازغاندۇر، ئادەم باللىرى ئۇنى شەكسىز چوقۇم تاپىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ يازدى) كۆزنىڭ زىناسى ھارامغا قاراشتۇر، تىلنىڭ زىناسى ھارامغا تەلەپ قويۇپ سۆزلەشتۇر، نەپسى، كۆڭلى ئارزۇ قىلىپ ئىشتىھا قىلىپ، ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ، ئەۋرەت شۇنى يا تەستىقلاپ راستقا چىقىرىدۇ، ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله كتب عليكم السعي فاسعوا ( طب ) عن ابن عباس

1798. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندا، ساپا مەرۋە تېغىدا ماڭغاندا، سەئيي قىلىشنى ئويناقشىپ، نوچىلىق بىلەن مېڭىشنى پەرزى قىلىپ يازدى، سىلەر ئەمدى (دىنسىزلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) ئويناقشىپ، نوچىلىق بىلەن مېڭىڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئىسلام دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى، ئۇلار لەقۋالىشىپ، قورقۇتماي، قورقۇشتى.

إن الله تعالى كتب كتابا قبل أن يخلق السموات و الأرض بألفي عام و هو عند العرش و إنه أنزل منه آيتين ختم بهما سورة البقرة و لا يقرآن في دار ثلاث ليال فيقربها الشيطان ( ت ن ك ) عن النعمان بن بشير

1799. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن 2000 يىل بۇرۇن، بىر كىتابنى يېزىپ پۈتكەندۇر، ئۇ كىتاب ھازىرمۇ ئەرشىدە باردۇر، ئاللاھ ئۇ كىتابدىن ئىككى ئايەت نازىل قىلىپ، شۇ ئىككى ئايەت بىلەن سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىنى تاماملىغاندۇر، بۇ ئىككى ئايەت بىرەر ئۆيدە، قورۇ، داچىدا ئوقۇلۇپ قالسا، بۇ جايغا ھەرگىز شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله كريم يحب الكرماء جواد يحب الجودة يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها ( ابن عساكر الضياء ) عن سعد بن أبي وقاص

1800. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ھۆرمەتلىك، سېخى زات، ھۆرمەتلىك سېخىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاللاھ، ئەپۇچان، ئەپۇ قىلغاننى ياخشى كۆرىدۇ ، ئاللاھ ئەخلاقنىڭ ئېسىللىرىنى يۈكسەك ئالىيلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ، پەسكەش، ناچار ئەخلاقنى يامان كۆرىدۇ ، ئىبنى ئەساكىر، زىيائۇلمەقدەسى

توپلىغان، سەھىھ، بارچە ئەخلاقتا ئېسىل، گۈزەل، ئالىي، يۈكسەك بولۇك، ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ .

إن الله كريم يحب الكرم و يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها ( طب حل ك هب ) عن سهل بن سعد

1801. بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ نۇئەيىم، ھىلىيەتتە، سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

( صحيح ) إن الله لعن الخمر و عاصرها و معتصرها و شاربها و ساقيها و حاملها و الحمولة إليه و بائعها و مشتريها و آكل ثمنها ( ك هب ) عن ابن عمر

1802 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، ھاراققا، ئۇنى سىقىپ ئىشلەپ چىقارغۇچىغا، ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھاراق زاكاس قىلغۇچىغا، ھاراقنى ئىچكۈچىگە، قۇيۇپ بەرگەن ساقىيسىغا، ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئاپارغۇچىغا يەنى ئىشچىسىغا، توشۇغان كىشىگە، ھاراق ئاپارغان، دۇكاندارغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا ھاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچىگە، ھەممىسىگە قاتتىق لەنەت قىلدى، (ئۇنداقتا، يۇقىرىقى ئىشلار گۇناھى كەبىرە، ھارام بولىدۇ) ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى لما خلق الخلق كتب بيده على نفسه: إن رحمتي تغلب غضبي ( ت ه ) عن أبي هريرة .

1803. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مەخلۇقلارنى ياراتقاندا، ئۆز - ئۆزىگە ئۆز قولى بىلەن ھەقىقەتەن رەھمىتىم، غەزەپ ئاچچىقىمدىن غالىب كەلدى دەپ يازغاندۇر، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى، جەننەتنى بەردى، ھەسسىلەپ بەردى.

إن الله تعالى لم يأمرنا فيما رزقنا أن نكسو الحجارة و اللبن و الطين ( م د ) عن عائشة

1804. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بىزگە رىزىق بەرگەن نەرسىلەردە، تاش - چالمىلارغا، لاي قىشلارغا، كىيىم - كېچەك كىيدۈرۈشىمىزنى بۇيرىمىدى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن، ھاجەتتىن زىيادە ئارتۇق ئۆي بېزەش، ياساش بارلىق تاملارغا گىلەم، پەردە تۇتۇش قاتارلىق ئىسراپچىلىقلار، مەنمەنلىكلەر چەكلىنىدۇ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن زەدىۋال - پەدىۋال بولا.

( صحيح ) إن الله تعالى لم يبعث نبيا و لا خليفة إلا و له بطانتان: بطانة تأمره بالمعروف و تنهاه عن المنكر و بطانة لا تألوه خبالا و من يوق بطانة السوء فقد وقي( خد ت ) عن أبي هريرة

1805. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسىلا، ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا بىرەر خەلىپە دەسسەتسىلا، ئۇنىڭ ئىككى دانە يېقىن، خاس ياردەمچىسى بولىدۇ، بىرسى خەلىپىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، قىزىقتۇرۇپ يامانلىقدىن توسىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، ئۇنىڭغا پاساتنى ، يامانلىقنى ئاز قىلمايدۇ، ئىشلىرىنى بۇزىدۇ، كىم يامان ياردەمچىدىن، خاس يېقىن بولغان كىشىسىنىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانسا، ھەقىقەتەنئۇ، نۇرغۇن پىتنە - پاساتلاردىن ، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. تىرمىزى 2292 - ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله لم يبعثني معنتا و لا متعنتا و لكن بعثني معلما ميسرا ( م ) عن عائشة

1806. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مېنى كىشىلەرگە قاتتىق قىيىنچىلىق قىلىپ قويغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، كىشىلەرنىڭ خاتالىشىشىنى كۈتۈپ تۇرغۇچى، ئېزىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغۇچى، يۇقىرىقىدەك قاتتىق چىڭىتىپ قويغۇچى قىلىپمۇ ئەۋەتمىدى، لېكىن، مېنى كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى، ھەقىقەتنى تەلىم بەرگۈچى

مۇئەللىم قىلىپ، ئاسان قىلغۇچى، ئاسانلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى، مۇسلىم 2703 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى سەھىھ.

إن الله تعالى لم يجعل لمسخ نسلا و لا عقبا و قد كانت القردة و الخنازير قبل ذلك ( حم م ) عن ابن مسعود

1807. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، غەزەپ قىلىپ، ھالاك قىلىپ سۈرەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلەر ئۈچۈن نەسلى قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ياشايدىغان ئەۋلادنىمۇ قىلمىدى، مايمۇنلار بىلەن توڭگۇز، چوشقىلار ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا بار ئىدى، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. دېمەك ، مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلەر، ھالاك بولۇپ كەتكەن، نەسلى يوقتۇر، ھازىرقى مايمۇن، توڭگۇزلار بۇرۇنلا نۇھنىڭ كېمىسىدە بار ئىدى، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەر يارالغاندا يارالغاندۇر، ئادەم مايمۇندىن، مايمۇن ئادەمدىن دېگەن پۈتۈنلەي خاتادۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى لم يضع داء إلا وضع له شفاء فعليكم بألبان البقر فإنها ترم من كل الشجر ( حم ) عن طارق بن شهاب

1808. تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ھەرقانداق بىر كېسەلنى چۈشۈرگەن، قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن شىپاسىنى، داۋاسىنىمۇ قويغاندۇر، چۈشۈرگەندۇر. كالا سۈتىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى كالا بارلىق دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى ئىستېمال قىلىپ يەيدۇ، (سۈتىدە ھەسەلگە ئوخشاش شىپا، داۋا بار ئوخشايدۇ) ئەھمەد 18077 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الله تعالى لم ينزل داء إلا أنزل له دواء علمه من علمه و جهله من جهله إلا السام و هو الموت(ك)عن أبي سعيد

1809. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى چۈشۈرگەن بولسىلا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ، شىپاسىنىمۇ نازىل قىلىپ چۈشۈرگەندۇر، بۇ داۋانى ئاللاھ بىلدۈرگەن كىشى بىلەلەيدۇ، ئاللاھ بىلدۈرمىگەن كىشى بىلەلمەيدۇ، لېكىن، ھەرقانداق كېسەلگە داۋا، شىپا بولسىمۇ، ئۆلۈمگە داۋا تېپىلمايدۇ (خۇددى قېرىلىقنى تېپىلمىغاندەك) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.قېرىلىق، ئۆلۈم، ئاجىزلىق،ئاللاھ ئۆزى ئەزەلدىن مېيىپ ياراتقان چارە ئامال قىلغىلى بولمايدىغان كېسەللەردىن ئىبرەت قىلىنغان كېسەلدىن باشقا بارلىق كېسەلنىڭ شىپاسى، داۋاسى باردۇر، داۋالىنىڭلار.

إن الله تعالى لم ينزل داء إلا أنزل له شفاء إلا الهرم فعليكم بألبان البقر فإنها ترم من كل شجر(ك ) عن ابن مسعود

1810. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى چۈشۈرسە، نازىل قىلسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ نازىل قىلدى، پەقەت قېرىلىق بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆلۈم بىلەن بۇ ئىككىسىگە داۋا يوق، بەزىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆلمەسلىككە، مەڭگۈ ياش تۇرۇشقا تىرىشىپ ئىزدەش يارالمىغان نەرسىنى سورىغانلىقتۇر.بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلارغا جەننەتتە يەتكىلى بولىدۇ) كالا سۈتىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ بارلىق دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يەيدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله لن يعجزني في أمتي أن يؤخرها نصف يوم ( خمسمائة عام ) ( حل ) عن سعد

1811. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا، مېنى ئۈممىتىم توغرىسىدا ئۇلارنى يېرىم كۈن يەنى 500 يىل كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا ئاجىز قىلمايدۇ، (يەنى مەن شاپائەت قىلىپ ، بۇرۇنراق جەننەتكە ئەكىرىپ كېتىمەن دېگەن بولىدۇ) ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله لو شاء أن لا يعصى ما خلق إبليس ( حل ) عن ابن عمر

1812. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىنىشنى خالاپ، ئاسىيلارنى ياراتتى، ئەگەر ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىنماسلىقنى خالاپ ئاسىيلىقنى خالىمىغان بولسا، ئىبلىس، شەيتاننى ياراتمايتتى. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

ئاللاھ ئۆزى رازى بولمايدىغان ئىشلارنى ئۆزى بىلىدىغان مەلۇم ھېكمەتتىن خالاپ، ئىرادە قىلىپ يارىتىدۇ، خۇددى ئىبلىس، شەيتان، دەججال، كاپىرلارنى ياراتقاندەك، ئاللاھ كۇفرىلىققا رازى ئەمەس. تەقدىردىكى قەدىر ، خالاشتا، سىناش ئۈچۈن ئەركىنلىك بېرىپ، ياخشى ـ يامانىنى، ئىمان، كۇپرىنى خالىدى، ياراتتى، لېكىن، قانۇندا، قۇرئان كىتابدا ئىمان ئېيتىشقا،ياخشىغا بۇيرۇپ، كۇپرىدىن،ياماندىن توستى، سىناقتا، تاللاشتا قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەل قىلغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ، سىز ئىمان ئېيتىپ، ياخشىلىق قىلىسىڭىز، ئۇڭ تەرەپنى تاللاپ، قانۇنغا بويسۇنغان بولىسىز، ئەھدى، مىيساقىمۇ ۋاپا، ئەمەل قىلغان بولىسىز، سول تەرەپنى تاللاپ، يامانلىق قىلسىڭىز بۇ ئۆزىڭىزنىڭ شۇملۇقى، ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئەھدىنى بۇزۇپ، دوۋزاخقا كىرىسىز، بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى. دىنسىز، كاپىر، زالىمغا، كۇفرى، شېرىككە، زۇلۇمغا رازى ئەمەس.

( صحيح ) إن الله تعالى ليؤيد الدين بالرجل الفاجر ( طب ) عن عمرو بن النعمان بن مقرن .

1813. ئەمرۇ ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئىسلام دىنىغا فاجىر، پاسىقلار بىلەنمۇ ياردەم بېرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنى، نۇرغۇن، مۇشرىك، دىنسىزنى قىرىپ ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى توغرىسىدا دېگەندۇر ، سەۋەبى شۇنداق، ئەمما، سەۋەب خاس لەۋزى مەنىسى ئامدۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى ليحمي عبده المؤمن من الدنيا و هو يحبه كما تحمون مريضكم الطعام و الشراب تخافون عليه ( حم ) عن محمود بن لبيد ( ك ) عن أبي سعيد

1814. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىسىنى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بۇ دۇنيادىن،مال دۇنيادىن يەنى دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن، زەرەرلىرىدىن ھىمايە قىلىپ قوغدايدۇ، ياخشى كۆرگەچكە ھىمايە قىلىپ ساقلايدۇ. ئۇنىڭ مىسالى خۇددى سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان كېسەل كىشىڭلارنى، ئۇنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرەپ، بىر قىسىم تائام، شاراپلاردىن، ئىچىملىكلەردىن، ئۇنى ھىمايە قىلىپ، قوغداپ ساقلىغانغا ئوخشايدۇ، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مال ـ دۇنيا بەرمەسلىك، ئۇنى ھىمايە قىلىشتۇر، ياخشى كۆرگەنلىكتۇر، بولمىسا، ئېزىپ، مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ.

إن الله ليربي لأحدكم التمرة و اللقمة كما يربي لأحدكم فلوه أو فصيله حتى تكون مثل أحد ( حم حب ) عن عائشة

1815. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدا ھالالدىن تاپقان، ئاندىن سەدىقە ـ ئېھسان قىلغان بىر تال خورما، بىر لوقما تائامىڭلارنى خۇددى بىرىڭلار تايچىقنى ياكى بوتىلىقنى تەربىيىلىگەندەك ، تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ، ئۇ ئۇھۇد تېغىدەك چوڭ بولىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ھالالدىن تېپىپ، ئاللاھ يولىدا خالىس قىلغان سەدىقىگە 10دىن 700 گىچە ، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە ئەجىر، ساۋاب بېرىشكە ئۇيغۇندۇر، بۇ، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىستە باردۇر.

إن الله تعالى ليرضى عن العبد أن يأكل الأكلة أو يشرب الشربة فيحمد الله عليها ( حم م ت ن ) عن أنس

1816. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، تائام يەپ، شاراپ، ئىچىملىك ئىچىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان بەندىسىدىن رازى بولىدۇ (ھەتتا، ئۇنىڭ يەپ ـ ئىچىشىدىنمۇ رازىدۇر) ئەھمەد،



www.uyghurkitap.com

مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن تائام، شاراب، زىياپەتتىن كېيىنلا ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش چىقىدۇ.

( صحيح ) إن الله ليزيد الكافر عذابا ببكاء أهله عليه ( خ ن ) عن عائشة

1817. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ، كاپىر، دىنسىزغا ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا يىغا ـ زار قىلىشقىنىنىڭ سەۋەبىدىن ئازابنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋېتىدۇ، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى ليسأل العبد يوم القيامة حتى يسأله: ما منعك إذا رأيت المنكر أن تنكره ؟ فإذا لقن الله العبد حجته قال: يا رب رجوتك و فرقت من الناس ( حم ه حب ) عن أبي سعيد .

1818. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن سوئال سوراپ، سوراقلا تارتىدۇ، ھەتتا، ئۇنىڭدىن مۇنداق سورايدۇ، سەن مۇنكەر، يامان ئىشنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ئىنكار قىلىشىڭدىن، توسۇشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ بەندە جاۋاب بېرەلمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ، ھۆججەتنى، جاۋابنى تەلقىن قىلىپ تاشلايدۇ. ئاندىن بەندە ئى رەببىم، سىلىنىڭ رەھمەتلىرىنى، ئەپۇلىرىنى ئۈمىد قىلدىم، كىشىلەردىن قورقتۇم دەيدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى ليطلع في ليلة النصف من شعبان فيغفر لجميع خلقه إلا لمشرك أو مشاحن ( ه ) عن أبي موسى

1819. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا شەئبان ئېيى يېرىملاشقان 15 ـ كېچىسى، ئاشكارا چىقىپ بارلىق مەخلۇقلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىدۇ، لېكىن، مۇشرىك، دىنسىز، ئاداۋەتتىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يەنە بىر خاتىرىدە، مۆئمىننى ئۆلتۈرگەن كىشى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى بار، ئىبنى ماجە 1380 ـ ھەدىس، ھەسەن.

( حسن ) إن الله ليعجب من الصلاة في الجمع ( حم ) عن ابن عمر

1820. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەج پائالىيىتىدىكى جەمئىي دېگەن تاغدا ئوقۇلغان نامازدىن خۇرسەن بولۇپ، رازى بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

إن الله ليعجب من العبد إذا قال: لا إله إلا أنت إني قد ظلمت نفسي فاغفر لي ذنوبي إنه لا يغفر الذنوب إلا أنت قال: عبدي عرف أن له ربا يغفر و يعاقب ( ابن السني ك ) عن علي

1821. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، بەندە مۇنداق دېسە، خۇرسەن بولۇپ رازى بولىدۇ. «ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچكىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ) ئاللاھ خۇرسەن بولۇپ، مۇنداق دەپ كېتىدۇ، مىنىڭ بەندەم ئۆزىنىڭ كەچۈرەلەيدىغان ھەم ئازابلىيالايدىغان بىر رەببىنىڭ، پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى تونۇپتۇ، بىلىپتۇ، ئىبنى سانا بىلەن ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى ليملي للظالم حتى إذا أخذه لم يفلته ( ق ت ه ) عن أبي موسى

1822. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ زالىمغا پۇرسەت، مۆھلەت بېرىدۇ، ھالاك قىلىشقا تۇتقاندا بولسا، ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ، خالاس قىلمۇەتمەيدۇ، قاچۇرۇپ قويمايدۇ، ئىبنى ماجە 4008 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3035 ـ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بار، سەھىھ، ئايەتمۇ بىللە باردۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى محسن فأحسنوا ( عد ) عن سمرة

1823. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق ئىنئام ئاتا قىلغۇچىدۇر، سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار، (ئاللاھنىڭ مۇشۇنداق ئەخلاقىدىن ئەخلاقلىنىش لازىم، ياخشىلىققا ياخشىلىق بار) ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله محسن يحب الإحسان فإذا قتلتم فأحسنوا القتلة و إذا ذبحتم فأحسنوا الذبح و ليحد أحدكم شفرته ثم ليرح ذبيحته ( طب ) عن شداد بن أوس .

1824. بۇ ھەدىس 1795 ـ ھەدىسكە ئوخشاشكەن، ئوخشىمايدىغان يېرى بولسا، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق قىلىشنى، ئېھساننى ياخشى كۆرىدۇ دېگەندىن كېيىن، ئاندىن ياخشى ئۆلتۈرۈش، ياخشى بوغۇزلاشنى تىلغا ئالىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى مع الدائن حتى يقضي دينه ما لم يكن دينه فيما يكره الله ( تخ ه ك ) عن عبدالله بن جعفر .

1825. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ قەرزدار بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ قەرزى، ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان، رازى بولمايدىغان ئىشلاردا بولۇپلا قالمىسىلا، ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ، تۈگىتىشىپ بېرىدۇ، ھاكىم، ئىبنى ماجە، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

إن الله مع القاضي ما لم يجر عمدا فإذا جار وكله إلى نفسه ( ه حب ) عن ابن أبي أوفى

1826. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرەر قازى ھۆكۈمدە قەستەن زۇلۇم قىلمىسىلا، قازى بىلەن بىللە بولىدۇ، قازى زۇلۇم قىلىپ، قەستەن خاتا ھۆكۈم قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆز نەپسىگە تاشلاپ قويىدۇ، (يەنى ئادىل بولسا، ياردەم بېرىدۇ، زالىم بولسا، ياردەم يوق) ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

إن الله تعالى مع القاضي ما لم يجر فإذا جار تبرأ منه و ألزمه الشيطان ( ك هق ) عن ابن أبي أوفى

1827. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، زۇلۇم قىلمايدىغان قازى بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، قازى زۇلۇم قىلسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، زالىم قازىغا شەيتاننى لازىم قىلىپ قويىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إن الله تعالى مع القاضي ما لم يحف عمدا ( طب ) عن ابن مسعود ( حم ) عن معقل بن يسار

1828. ئىبنى مەسئۇد، مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قازى قەستەن ھەقنى بۇرمىلاپ زۇلۇم قىلمىسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ياردەم بېرىدۇ. تەبرانى، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الله تعالى وتر يحب الوتر ( ابن نصر ) عن أبي هريرة وعن ابن عمر

1829. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تاق، بىردۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ناماز بەش ۋاخ بولىدۇ، تاۋاپ يەتتە، تەسبىھلەر 33دىن بولىدۇ، 99 ئىسىم ـ سۈپىتى ئاشكارا، بۇمۇ تاق، يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن ، ھەتتا يەتتە كۈن، يەتتە دېگەن ساندىكى مۆجىزە تەنتاۋىدا بار، قەدىر كېچىسى تاق كېچىلەردە بار، تاھارەتتە ئۈچدىن تاق يۇيۇلىدۇ، نامازلاردا تاق رەكەتلەر بار، ھەجدىمۇ تاق ئىشلار بار، بۇلار كۆپتۇر، ئەمما، شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى، چۈنكى ئۆزى بىر، تاقتۇر.

( صحيح ) إن الله وتر يحب الوتر فإذا استجمرتم فأوتر ( ع ) عن ابن مسعود



www.uyghurkitap.com

1830. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن، ئاللاھ تاق، بىردۇر، ئۇ تاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئىستىنجا قىلساڭلار، تاق قىلىڭلار، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله تعالى وتر يحب الوتر فأوتروا يا أهل القرآن ( ت ) عن علي ( ه ) عن ابن مسعود

1831. ئەلى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تاقتۇر، تاقنى، ۋىترنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئى قۇرئان ئەھلى قارىيلار، ۋىتر نامىزىنى ئوقۇڭلار، يەنى كېچىسى قىرائەت بىلەن تەھەججۇت ئوقۇڭلار. ئەھمەد 1165 ـ ھەدىس، تىرمىزى 416 ـ ھەدىس، نەسەئى 1658 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1159 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن الله و رسوله حرم بيع الخمر و الميتة و الخنزير و الأصنام ( حم ق 4 ) عن جابر

1832. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ھاراقنى سېتىشنى، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى، توڭگۇزنى، بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئىبنى ماجە ، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن، ھارام بولۇپ كەتكەن قوي ـ كالىلارنى سېتىش ھارام، پۇلىمۇ ھارامدۇر.

إن الله و رسوله ينهيانكم عن لحوم الحمر الأهلية فإنها رجس من عمل الشيطان ( حم ق ن ه ) عن أنس

1833. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى سىلەرنى ئەھلىيە ئېشەكنىڭ گۆشىدىن توسىدۇ، چۈنكى، ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتقان ئەھلىيە ئېشەك ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش شەيتاننىڭ ئەملىدىن بولغان نىجىس ئىشتۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەھلى ئېشەك ھارام بولسا، گۆشىمۇ، سۈتىمۇ ھارامدۇر،چۈنكى يۇقىرىدا نىجىس دېگەن بار. ۋەھشىي، ياۋايى ئېشەك بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، سەھىھ ھەدىستە ياۋايى، ۋەھشىي ئېشەكنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن بىللە يېگەن .

( صحيح ) إن الله وضع الحق على لسان عمر يقول به ( ه ) عن أبي ذر

1834. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەقىقەتنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىدا قويدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەت بىلەن ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله وضع عن المسافر الصوم و شطر الصلاة ( حم 4 ) عن أنس بن مالك القشيري وماله غيره .

1835. ئەنەس ئىبنى مالىك قۇشەيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ مۇساپىرلاردىن روزا تۇتۇشنى، نامازنىڭ يېرىمىنى (يەنى تۆت رەكەتنىڭ ئىككى رەكئىتىنى) ئېلىپ تاشلىدى، (مۇساپىر نامازنى قەسىر قىلىدۇ، روزا تۇتۇشدا ئىختىيار) ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، ھەسەن.

إن الله تعالى وضع عن أمتي الخطأ و النسيان و ما استكرهوا عليه ( ه ) عن ابن عباس .

1836. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ قالغان، ئۇنتۇپ قالغان، مەجبۇرلانغان ئىشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، بۇ ئىشلاردا جازالاشنى كۆتۈرۈۋەتتى، ئەپۇ قىلدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى وكل بالرحم ملكا يقول: أي رب نطفة أي رب علقة أي رب مضغة فإذا أراد الله أن يقضي خلقها قال: أي رب شقي أم

سعيد ؟ ذكر أو أنثى ؟ فما الرزق ؟ فما الأجل ؟ فيكتب كذلك في بطن أمه ( حم ق ) عن أنس

1837 .ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا، ئانا رەھمىگە بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ئۇ پەرىشتە ئى رەببىم ئاللاھ، بۇ ئابى مەنىي ئىسپېرما سۈيىدۇر، لەختە قاندۇر، چىشلەپ قويغاندەك گۆشتۇر دەيدۇ، ئاللاھ ئۇ بالىنى يارىتىشنى، يارىتىشقا ھۆكۈم قىلىشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇ پەرىشتە ئى رەببىم بۇ بالا شەقى، دوۋزىخى بولامدۇ؟ ياكى سائادەتمەن، جەننىتى بولامدۇ؟ ئوغۇلمۇ؟ قىزمۇ؟ رىزقى قانچىلىك؟ ئەجىلى، ئۆلىدىغان ۋاقتىچۇ ؟ بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى يېزىلىپ بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.(تەقدىر توغرىسىدا ئەقىدە كىتابلىرىنى كۆرۈڭ).

( صحيح ) إن الله و ملائكته حتى النملة في جحرها و حتى الحوت في البحر ليصلون على معلم الناس الخير ( طب الضياء ) عن أبي أمامة

1838 . ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى (بارلىق كىشىلەر) ھەتتا، ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلىلەر، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى، كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مۇئەللىملىرىگە رەھمەت يوللايدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشى ئۈچۈن، مەغپىرەت سورايدۇ، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئايەتلەردە، سەھىھ ھەدىسلەردە، تەقۋا ئەمەل قىلىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، مۇئەللىم، ئۇستازلارنىڭ پەزىلىتى كۆپ كېلىدۇ.

( صحيح ) إن الله و ملائكته يصلون على الصف الأول ( حم د ه ك ) عن البراء ( ه ) عن عبدالرحمن بن عوف ( طب ) عن النعمان بن بشير ( البزار ) عن جابر .

1839. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى بىرىنچى سەپتىكىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە، بەررائى، ئابدۇراھمان، ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبرانى، نۇئمان ئىبنى بۇشەيرىدىن، بەزار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، توپلىغان، سەھىھ.

إن الله و ملائكته يصلون على الصف الأول سووا صفوفكم و حاذوا بين مناكبكم و لينوا في أيدي إخوانكم و سدوا الخلل فإن الشيطان يدخل فيما بينكم مثل الحذف ( حم طب ) عن أبي أمامة

1840 . ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بىرىنچى سەپتىكىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، دۇئايى ـ سالاملار يوللايدۇ، سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، مۈرىلىرىڭلارنى بىر ـ بىرىگە باراۋەر، تۈز قىلىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قوللىرىغىمۇ مۇلايىم بولۇڭلار ، سەپلەرگە كىرمەكچى بولسا، جەينەكلىرىڭلارنى يىغىپ تۇرۇڭلار، بوشلۇقنى، كاۋاكنى ئېتىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان ئاراڭلارغا قوينىڭ قوزىسىدەك كىرىۋالىدۇ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله و ملائكته يصلون على الصف المقدم و المؤذن يغفر له مد صوته و يصدقه من سمعه من رطب و يابس و له مثل أجر من صلى معه ( حم ن الضياء ) عن البراء .

1841. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى ئىلگىرىكى سەپكە رەھمەت يوللايدۇ، مۇئەززىنگە ئۇنىڭ ئاۋازى يېتىپ بارغان جايغىچە مەغپىرەت قىلىنىدۇ، مەغپىرەت سورىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق يول ـ قۇرۇق نەرسىلەر ئۇنى تەستىقلايدۇ، راست، ھەق دېيىشىپ بېرىدۇ، مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەسجىدگە چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئەجرى، مۇكاپاتلىرىنىڭ ئوخشىشى مۇئەززىنگىمۇ بولىدۇ، (چۈنكى، ياخشىلىققا كۆرسەتكۈچىگە قىلغۇچىنىڭ ئەمەللىرىگە ئوخشاش

ئەجىر مۇكاپات بېرىلىدۇ) ئەھمەد ، نەسەئى ، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله و ملائكته يصلون على الصفوف المقدمة ( ن ) عن البراء

1842. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالا ۋە پەرىشتىلىرى ئىلگىرىكى ئالدىدىكى سەپلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، دۇئايى ـ سالام يوللايدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله تعالى و ملائكته يصلون على الذين يصلون الصفوف و من سد فرجة رفعه الله بها درجة ( حم ه حب ك ) عن عائشة

1843. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سەپلەرنى ئۇلاپ، تۇتاشتۇرغان كىشىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، ئاللاھ رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەر دۇئا قىلىدۇ، كىم سەپنىڭ ئىچىدىن بىر بوشلۇقنى، كاۋاكنى توشتۇرسا، توشسا، ئاللاھ ئۇنىڭ باراۋىرىگە ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، (ئىككى دەرىجە ئارىسى، ئاسمان ـ زېمىنچە ) ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان ، ھاكىم توپلىغان ، ھەسەن.

( حسن ) إن الله تعالى و ملائكته يصلون على المتسحرين ( حب طس حل ) عن ابن عمر .

1844. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن، ئاللاھتائالا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سەھەر تۇرغانلارغا ياكى روزا تۇتۇش ئۈچۈن زوھۇرلۇق يېگۈچىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، ئىبنى ھەببان، ئەۋسەت، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الله هو: الحكم و إليه الحكم ( د ن ك حب ) عن هانئ بن يزيد

1845. ھانىيئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بىردىنبىر ھۆكۈم قىلغۇچى، ئاللاھدۇر، ئاخىرى ھۆكۈم قىلىش ئاللاھقا قايتىدۇ، ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر، (ھۆكۈم، ھاكىمىيەت دېمەكتۇر ) ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان ، سەھىھ.

إن الله تعالى هو: الخالق القابض الباسط الرازق المسعر و إني لأرجو أن ألقى الله و لا يطلبني أحد بمظلمة ظلمتها إياه في دم و لا مال ( حم د ت ه حب هق ) عن أنس

1846. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھ ئۆزى ياراتقۇچى، رىزىقنى كەڭرى ھەم تار قىلغۇچى، بېرىپ ئالغۇچى ئاللاھدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچى، رەززاقتۇر، بازارلاردا ماللارنىڭ باھاسىنى پەقەت ئاللاھ بېكىتكۈچىدۇر ، (مەن باھا بېكىتىپ بەرمەيمەن) ھەققەتەن مەن ئاللاھقا ، بىرەر كىشىگە قان، خۇن، مال توغرىسىدا زۇلۇم قىلماستىن، ئۇچقۇشۇشۇمنى شۇنداق زۇلۇم توغرىسىدا مېنى بىرەر كىشى تەلەپ قىلماستىن، ئۇچقۇشۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، (شۇڭا باھا توختاتمايمەن، زۇلۇم قىلمايمەن) ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، يۇقىرىقى ئالتە كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

إن الله هو: السلام فإذا قعد أحدكم في الصلاة فليقل: التحيات لله و الصلوات و الطيبات السلام عليك أيها النبي و رحمة الله و بركاته السلام علينا و على عباد الله الصالحين فإنكم إذا قلتموها أصابت كل عبد لله صالح في السماء و الأرض أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمدا عبده و رسوله ثم ليتخير من المسألة ما شاء ( حم ق ) عن ابن مسعود

1847. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھ ئۆزى سالامدۇر، سالامەتتۇر، بىرىڭلار نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرسا مۇنداق دېسۇن:«**ئەتتەھىييااتۇلىللااھى ۋەسسەلەۋااتۇ ۋەتتەييىباتۇ ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ، ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالاھىين ، ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ**» دېۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى خالىغانچە

ئاللاھدىن سوراشنى، دۇئالارنى تاللىسۇن، (لېكىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىستىن، ساھابە، تابىئىنلاردىن ئېلىنسۇن) سىلەر يۇقىرىقى سالام ۋە بەرىكەتلەرنى دېسەڭلار، بۇ دۇئايى ـ سالام، بەرىكەت، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاللاھنىڭ بارلىق سالىھ، ياخشى بەندىلىرىگە يېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى لا يجمع أمتي على ضلالة و يد الله على الجماعة ( و من شذ شذ في النار ) ( ت ) عن ابن عمر

1848. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مېنىڭ ئۈممىتىمنى زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلەشتۈرمەيدۇ، ئاللاھنىڭ قولى، جامائەت ئۈستىدە، جامائەتتىن ئايرىلىۋالغان كىشى دوۋزاخقا ئايرىلىۋالغان بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، مەسلىھەت، مۇشاۋىرلىق، يىغىن ئېچىش، ئىجمائقا دەلىلدۇر.ئاللاھ جامائەتكە ياردەم بېرىدۇ.

( صحيح ) إن الله لا يحب العقوق ( حم ) عن ابن عمرو

1849. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراشنى، ھۆركىرەشنى، بۇيان قىقشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.(شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ئالدىنى ئېلىپ، دۇئا قىلىش، بەرىكەت، ھىدايەت تەلەپ قىلىش، ئىسىم قويۇش، ئېلان قىلىش، ئىنساپ، تەۋپىق تىلەش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى قوي سويۇپ، ئەقىقە بېرىشنى بېكىتتى، بۇ سۈننەتتۇر).

( حسن ) إن الله لا يحب كل فاحش متفحش ( حم ) عن أسامة بن زيد

1850. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، ھەرقانداق ئاغزى بۇزەپ، قىلىن، پاھىشە سۆز قىلىدىغان كىشىنى شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلغان، سەۋەب بولغان كىشىنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن الله تعالى لا يرضى لعبده المؤمن إذا ذهب بصفيه من أهل الأرض فصبر و احتسب بثواب دون الجنة ( ن ) عن ابن عمرو

1851. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسى ئۈچۈن، ئۇ بەندىنىڭ زېمىن ئەھلىدىن ئەڭ تاللانغان، ياخشى كۆرىدىغان مەھبۇبىنى، يېقىن كىشىسىنى ئېلىپ كەتكەندە، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋرى قىلسا، جەننەتتىن باشقىسىنى بېرىشكە رازى بولمايدۇ، پەقەت جەننەتنى بېرىشكىلا رازى بولىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى لا يستحي من الحق لا تأتوا النساء في أدبارهن ( ن ه ) عن خزيمة بن ثابت

1852. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەقىقەتنى بايان قىلىشتىن تارتىنىپ تۇرمايدۇ، سىلەر ھەرگىز ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە كەلمەڭلار، يەنى مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلماڭلار، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى لا يظلم المؤمن حسنة يعطى عليها في الدنيا و يثاب عليها في الآخرة و أما الكافر فيطعم بحسناته في الدنيا حتى إذا أفضى إلى الآخرة لم تكن له حسنة يعطى بها خيرا ( حم م ) عن أنس

1853. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زۇلۇم قىلمايدۇ، مۆئمىن كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا دۇنيادىمۇ بېرىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا، كاتتا ساۋاب بېرىلىدۇ، كاپىر، دىنسىزغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا بۇ دۇنيادىلا تائام (ۋە باشقا كىيىم ـ كېچەك، سالامەتلىك) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ، ئۇ ئاخىرەتكە بارغاندا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن باراۋەرىگە ياخشىلىق، مۇكاپات بەرگۈدەك بىرمۇ ياخشىلىقى بولمايدۇ، (چۈنكى،



www.uyghurkitap.com

ئۈنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاخىرەت ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەۋەبى ئىمان يوق) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئۈنىڭ ئۈستىگە ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، مۆئمىن كىشى ئەمەللىرىدە ياخشىلىقلىرىدا ئاللاھنى، جەننەتنى، ئاخىرەتنى، ساۋاب، مۇكاپاتنى مەقسەت قىلىدۇ، دىنسىزلار بولسا، قەتئىي ئۈنداق ئەمەس، پەقەت دۇنيانىلا خالاس.

إن الله تعالى لا يقبض العلم انتزاعا ينتزعه من العباد و لكن يقبض العلم بقبض العلماء حتى إذا لم يبق عالما اتخذ الناس رءوساء جهالا فسئلوا فأفتوا بغير علم فضلوا و أضلوا ( حم ق ت ه ) عن ابن عمرو

1854. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىلىرىدىن ئېلىۋالماقچى بولغان ئىلىمنى ئالدىراپ بىراقلا سەۋەبسىز ئېلىۋالمايدۇ، لېكىن، ئىلىمنى ئالىملارنى ئېلىپ كېتىش بىلەن ئېلىۋالىدۇ، ھەتتا، بىر دانە ئالىمنىمۇ قويمايدۇ ـ دە، كىشىلەر نادان، ئىلىمسىز كىشىلەرنى ئۆزىگە باشلىق، رەئىس، ئىمام قىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن سوئال سورالسا، ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ، كىشىلەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، زالالەتتە قويىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن الله لا يقبل صلاة بغير طهور و لا صدقة من غلول ( حم د ن ه حب ) عن والد أبي المليح

1855. ۋالىد ئەبۇ مۇلەيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا تاھارەتسىز نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ، خىيانەتتىن بېرىلگەن سەدىقىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، (چۈنكى تاھارەت شەرت، خىيانەت ھارام) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان.س ه

إن الله تعالى لا يقبل من العمل إلا ما كان له خالصا و ابتغي به وجهه ( ن ) عن أبي أمامة

1856. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئەمەللەردىن پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس، رىياسىز بولغىنىنى، ئۆزىنىڭ دىدارى، جامالى تەلەپ قىلىنىپ قىلغىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇندىن باشقا رىيا بىلەن ياكى باشقا مەقسەت قىلىنىپ قىلىنغان ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايدۇ، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

إن الله لا يقدس أمة لا يأخذ الضعيف حقه من القوي و هو غير متعتع ( هق ) عن أبي سفيان بن الحارث

1857. ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كۈچلۈكلىرىدىن ئاجىزلىرىنىڭ ھەققىنى، ئاجىزلارنى قورقۇتماستىن، ئۇلارغا ئەزىيەت، مۇسىبەت يەتكۈزمەستىن ھەقلىرىنى ئېلىپ بەرمەيدىغان ئۇممەتنى پاكلىمايدۇ، مۇقەددەس قىلمايدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى لا يقدس أمة لا يعطون الضعيف منهم حقه ( طب ) عن ابن مسعود .

1858. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاجىزلىرىغا ھەقلىرىنى بەرمەيدىغان ئۇممەتنى ئاللاھ مۇقەددەس قىلمايدۇ، پاكلىمايدۇ، (چۈنكى، ئۇلاردا كىشىلەر ھەققى بار، ئۇلار زالىم بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله لا يمل حتى تملوا ( البزار ) عن أبي هريرة

1859. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر ئىبادەت قىلىشتا، ھېرىپ ـ چارچاپ قالماڭلار، ئاللاھ قوبۇل قىلىشتا ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن تاقەت يېتىدىغان ئەمەللەرنى گەرچە ئاز بولسىمۇ دائىم قىلىڭلار) بەزار توپلىغان، سەھىھ.

پەرىزلەرنى قەتئىي قىلىش لازىم، نەپلە ئىبادەتلەردە تاقەتنىڭ يېتىشىچە ئاستا ـ ئاستا، تەدرىجىي، كۆپ قىلىش، داۋام قىلىش لازىم، ئەمما تىرىشىش لازىم.

إن الله تعالى لا ينام و لا ينبغي له أن ينام يخفض القسط و يرفعه و يرفع إليه عمل الليل قبل عمل النهار و عمل النهار قبل عمل الليل حجابه النور لو كشفه لأحرقت سبحات وجهه ما انتهى إليه بصره من خلقه(م ه عنأبي موسى

1860. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئۇخلىمايدۇ، ئۇخلاشمۇ ئاللاھقا لايىق ئەمەس، ئاللاھ رىزقنى گاھ پەس، گاھ ئېگىز قىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كەڭرى ياكى تار قىلىپ تۇرىدۇ، (بەزى كىشىلەرگە رىزىقنى كەڭرى بېرىش بىلەن بەزىلەرنى تار قىلىپ، ئاز بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ساقلايدۇ) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېچىنىڭ ئەمەللىرى كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن، كۈندۈزنىڭ ئەمەللىرى كېچىنىڭ ئەمەللىرىدىن بۇرۇن ئۆرلەيدۇ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھىجابى (يەنى مەخلۇقلارنى ئاسرايدىغان پەردىسى) يەنىلا نۇردۇر، ئەگەر ئۇ نۇر پەردىنى ئېچىپ كۆتۈرۈۋەتسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ جامالىنىڭ، دىدارىنىڭ نۇرى، ئۆز مەخلۇقلىرىدىن ئاللاھنىڭ كۆزى يەتكەن، كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى ـ سۈپىتى نۇردۇر، پەردىسى نۇردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھنىڭ جامالى، يۈز ـ كۆزى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە باردۇر، ھەرگىز ئوخشىشى يوق، بۇنى ئۆزگەرتمەيمىز، خاتا، تەتۈر، خاتا چۈشەنچە، خاتا تەپسىر قىلمايمىز، ئەقىل بۇ مەسىلىدە ھەرگىز توغرىنى بىلەلمەيدۇ، پەقەت قۇرئان، سەھىھ ھەتتا مۇتەۋاتىر ھەدىس بولۇشى لازىم، مىزان بولسا، ئوخشىشى يوق دېيىشتۇر، بۇ ھەدىسىدىن ئاللاھ بەندىلىرىنى ئاياپ، ئاسراپ، سىناپ، ئاخىرەتتە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ سېغىندۇرۇش ئۈچۈن پەردىنى ئاچمايدۇ، بۇ دۇنيادا كۆرۈنمەيدۇ، ئەمما، ئاخىرەتتە ئاللاھنى مۆئمىنلەر كۆرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەت، سەھىھ، مۇتەۋاتىر ھەدىس باردۇر.

إن الله لا ينزع العلم منكم بعدما أعطاكموه انتزاعا و لكن يقبض العلماء بعلمهم و يبقى جهال فيسألون فيفتون فيضلون و يضلون ( طس ) عن أبي هريرة

1861. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئىلىمنى سىلەرگە بېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى سىلەردىن تېزلا ئالدىراپ، سەۋەبسىز ئېلىۋالمايدۇ، لېكىن، ئاللاھ، ئالىملارنى ئۇلارنىڭ ئىلىملىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىدۇ، ئاندىن جاھىل، نادان كىشىلەر قالىدۇ، (ئىلىمسىزلار باش بولىدۇ) بۇلاردىن سوئال سورالسا، ئىلىمسىزلا پەتۋا بېرىپ، ئۆزىمۇ ئازىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ زالالەتتە قويىدۇ، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى ھەسەن دېگەن ، سەھىھىسى يۇقىرىدا ئۆتتى.

إن الله تعالى لا ينظر إلى صوركم و أموالكم و لكن إنما ينظر إلى قلوبكم و أعمالكم ( م ه ) عن أبي هريرة

1862. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ سۈرىتىڭلارغا، كۆرۈنىشىڭلارغا، مال ـ مۈلۈكىڭلارغا ، باي بولۇشۇڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا، ئەمەلىڭلارغا، ئەمەلىيىتىڭلارغا قارايدۇ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (پەرىشتىلەرمۇ يوقنى يازمايدۇ، ئىخلاس قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار، نىيىتىڭلار خالىس بولسۇن).

( صحيح ) إن الله تعالى لا ينظر إلى مسبل إزاره ( حم ن ) عن ابن عباس

1863. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا، ئىشتاننى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن كىيگۈچىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى لا ينظر إلى من يجر إزاره بطرا ( م ) عن أبي هريرة

1864. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ، ئىشتىنىنى، رىدالىرىنى كىبىر قىلىپ، سۆرەپ يۈرگەن، ئۇزۇن كىيگەن كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، (بەلكى، ئازاب قىلىدۇ، غەزەپ قىلىدۇ، يۇقىرىدا بۇ كىشى دوۋزاخقا كىرىدىغان ھەدىسلەر بايانى ئۆتتى) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يؤيد حسان بروح القدس ما نافح عن رسول الله ( حم ت ) عن عائشة

1865. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ھەسسانغا، پاك روھ، جىبرىئىل بىلەن ياردەم بېرىپ، كۈچلەندۈرىدۇ، پەقەت ھەسسان، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى مۇداپىئە قىلسىلا، شۇنداق قىلغانلىقىدىن ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ، (ھەسسان شائىر بولۇپ، مۇنبەر ئۈستىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئېيتاتتى) ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يؤيد هذا الدين بأقوام لا خلاق لهم ( ن حب ) عن أنس ( حم طب ) عن أبي بكرة

1866. ئەنەس ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ دىنىدىن قىلچە نېسىۋە يوق قەۋملەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، ياردەم بېرىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يباهي بأهل عرفات أهل السماء فيقول لهم: انظروا إلى عبادي هؤلاء جاءوني شعثا غبرا ( حب ك هق ) عن أبي هريرة

1867. ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئاراپاتتا ۋۇقۇپ قىلىپ تۇرغان ئاراپات ئەھلىنى ئاسمان ئەھلى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، مەدھىيەلەپ بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا قاراڭلا! مېنىڭ ئاۋۇ بەندىلىرىمگە، قاراڭلار، ئۇلار ماڭا مېنى دەپ چاچلىرى چۇۋۇق، چاڭ ـ توزان باسقان ھالدا كەپتۇ دەيدۇ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يباهي ملائكته عشية عرفة بأهل عرفة يقول:انظروا إلى عبادي أتوني شعثا غبرا(حم طب)ابن عمرو

1868. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا پەرىشتىلىرىگە، ئاراپات كۈنى كەچتە، ئاراپات ئەھلىنى ۋۇقۇپ قىلغانلارنى باھالاپ، ماختاپ، مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمگە قاراڭلار! ئۇلار مېنى دەپ، ماڭا چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ـ چاڭ باسقان ھالدا كەپتۇ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يبتلي العبد فيما أعطاه فإن رضي بما قسم الله له بورك له فيه و وسعه و إن لم يرض لم يبارك له و لم يزد على ما كتب له ( حم ابن قانع هب ) عن رجل من بني سليم

1869. بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر ساھابىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىلىرىنى ئۇلارغا بەرگەن نەرسىلەردە سىنايدۇ، ئەگەر بەندە ئاللاھ تەقسىم قىلغان نەرسىگە رازى بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىلەردە بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلىۋېتىدۇ، ئەگەر ئۇ تەقسىماتقا رازى بولمىسا، ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈلگەنىنىڭ ئۈستىگە زىيادە قىلىپ، كەڭرىتىپ بەرمەيدۇ، ئەھمەد ، ئىبنى قانىئ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سوراققا تارتىلمايدۇ، خالىغانچە بېرىپ، خالىغانچە ئۆچۈرەلەيدۇ.

إن الله تعالى يبتلي عبده المؤمن بالسقم حتى يكفر عنه كل ذنب ( طب ) عن جبير بن مطعم ( ك ) عن أبي هريرة

1870. جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسىنى كېسەل قىلىش بىلەن سىنايدۇ، ھەتتا، مۆئمىن بەندىدىن كېسەللەرنى كاپپار

قىلىش ئارقىلىق، بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يبسط يده بالليل ليتوب مسيء النهار و يبسط يده بالنهار ليتوب مسيء الليل حتى تطلع الشمس من مغربها ( حم م ) عن أبي موسى

1871. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا كۈندۈزى گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسى ئۈچۈن كېچىسى قولىنى كەڭ ئېچىپ تۇرىدۇ، كېچىسى گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن تەۋبىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى كەڭ ئېچىپ تۇرىدۇ، بۇ تەۋبىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇش، كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققىچە يەنى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يبعث الأيام يوم القيامة على هيئتها و يبعث الجمعة زهراء منيرة لأهلها فيحفون بها كالعروس تهدى إلى كريمها تضيء لهم يمشون في ضوءها ألوانهم كالثلج بياضا رياحهم تسطع كالمسك يخوضون في جبال الكافور ينظر إليهم الثقلان ما يطرقون تعجبا حتى يدخلوا الجنة لا يخالطهم أحد إلا المؤذنون المحتسبون ( ك هب ) عن أبي موسى .

1872. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ قىيامەت كۈنى بارلىق كۈنلەرنى ئۆز ھەيئىتى، تۈرىقى بىلەن ئەۋەتىدۇ، ئاللاھ جۈمە كۈنىنى، جۈمە ئەھلىگە نۇر چاچقان ھالدا نۇرلۇق، گۈزەل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. جۈمەنىڭ ئەھلى، بۇ كۈننى خۇددى يېقىن، ئۇلۇغ كىشىلىرىگە ھەدىيە بېرىلىدىغان توي ئەھلىدەك، قۇتلۇقلاپ، ئەتراپىدىن قورشىۋالىدۇ، ئولىشىۋالىدۇ، جۈمە كۈن ئۇلارغا نۇر چېچىپ بەرسە، ئۇلار بۇ نۇردا ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ رەڭگىلىرى قاردەك ئاق، نۇرلۇق، پۇراقلىرى بولسا، مىسكىدەك خۇشپۇراق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار كاپورا ئىسىملىك مىسكە، ئەنبەر، ئەتىر تاغلىرىدا كېچىپ يۈرىيدۇ، ئۇلارغا ئىنسى ـ جىنلار قاراپ قالىدۇكى، ھەممىسى ئۇلار جەننەتكە كىرگەنگە قەدەر ھەيران قېلىشىپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىماي پەقەت شۇلارغىلا قارايدۇ، ئۇلارغا ھېچكىشى ئارىلىشىۋالالمايدۇ، پەقەت ساۋاب ئۈمىد قىلغان مۇئەززىنلەرلا ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە جۈمە كۈنىنىڭ جۈمە ئەھلىنىڭ مۇئەززىنلەرنىڭ پەزىلىتى باردۇر.

( صحيح ) إن الله تعالى يبعث ريحا من اليمن ألين من الحرير فلا تدع أحدا في قلبه مثقال حبة من إيمان إلا قبضته ( ك ) عن أبي هريرة

1873. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، يەمەن تەرەپتىن يىپەكتىن يۇمشاق بىر خىل شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال قەلبىدە كىچىك بىر تال دانچىلىك ئىمان بار كىشىنى قويماي جېنىنى ئالىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يبعث لهذه الأمة على رأس كل مائة سنة من يجدد لها دينها ( د ك هق في المعرفة ) عن أبي هريرة

1874. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ھەر 100 يىلنىڭ بېشىدا بۇ ئۈممەتنىڭ ئىسلام دىنىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان كىشىنى ئەۋەتىدۇ، (ئۇ ئىسلام دىنىغا ياردەم بېرىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار ھىجرىيە 101 ـ يىللىرى خەلىپە سايلانغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى دىننى يېڭىلىغۇچى تۇنجى ئەۋەتىلگەن كىشى، ئادىللىقنى بەرپا قىلغۇچى كىشى دېيىشتى، بۇ ھەدىستىن ئۈممەتكە شۇنداقلا ھەربىر ئىسلام دىنىدىكى مىللەتكە، ئۈممەتنىڭ دىنىنى يېڭىلىغۇچى ئەۋەتىلىدۇ.

إن الله تعالى يبغض البليغ من الرجال الذي يتخلل بلسانه تخلل الباقرة بلسانها ( حم د ت ) عن ابن عمرو

1875. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كىشىلەردىن سۆز قىلغاندا باشقىلارنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىدىغان خۇددى كالا، ئوت ـ چۆپلەرنى يۇرلاپ، يوٌغەپ يىگەندەك، تىللىرىنى يوغانتىپ، قالايمىقان ھەممە گەپنى

سۆزلەيدىغان ياكىزا چىقىرىپ، مەسخىرە سۆزنى كۆپ قىلىدىغان مۇبالىغىچى كىشىگە ئۆچ بولۇپ، غەزەپ قىلىدۇ، دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 4352 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6469 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2780 ـ ھەدىس. سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يبغض السائل الملحف ( حل ) عن أبي هريرة

1876. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سورايدىغان قېلىن دىۋانى، سائىلغا ئۆچ، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يبغض الفاحش المتفحش ( حم ) عن أسامة بن زيد

1877. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاغزى بىزەپ، قېلىن، پاھىشە سۆزنى قىلغۇچى ھەم شۇنى تەلەپ قىلىپ، سەۋەب بولغۇچىغا ئۆچ بولىدۇ، ئۇلارغا غەزەپ قىلىدۇ، دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله يبغض كل جعظري جواظ سخاب في الأسواق جيفة بالليل حمار بالنهار عالم بالدنيا جاهل بالآخرة ( هق ) عن أبي هريرة

1878. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەرقانداق قوپال، مۇتەكەببىر، ناچار ئەخلاقلىق، كۆرەڭلەيدىغان بېخىل، بازارلاردا ۋارقىرايدىغان، كېچىسى تاپتەك، كۈندۈزى ئېشەكتەك ، دۇنيا ئىشلىرىغا ئالىم، ئاخىرەتكە جاھىل، نادان كىشىنى ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدۇ ، دۈشمەن تۇتىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يبغض كل عالم بالدنيا جاهل بالآخرة ( ك في تاريخه ) عن أبي هريرة

1879. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ھەرقانداق دۇنياغا، دۇنيا ئىشلىرىغا ئالىم، دانا بولغان، ئاخىرەت كۈنىگە بولسا، جاھىل، نادان بولغان كىشىنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتىدۇ، ھاكىم، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله يحب إذا عمل أحدكم عملا أن يتقنه ( هب ) عن عائشة

1880. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىرىڭلار ئەمەل، خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى، ئەمىلىنى پۇختا، مۇستەھكەم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (ھەربىر ئىشنى پۇختا پىلانلاپ، پۇختا قىلايلى).

( صحيح ) إن الله تعالى يحب الرفق في الأمر كله ( خ ) عن عائشة

1881. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداقدىن دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بارلىق ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى ، ئاسان بولۇشنى، كۆيۈنۈشنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يحب العبد: التقي الغني الخفي ( حم م ) عن سعد بن أبي وقاص

1882. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا تەقۋا، مۇتتەقى، بىھاجەت بولغان، ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت تۇتىدىغان، ئىبادەتتە مەخپى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يحب العطاس و يكره التثاؤب ( خ د ت ) عن أبي هريرة

1883. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا چۈشكۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەسنەشلىرىمىزنى يامان

كۆرىدۇ ، (ئامال بار ئەسنەكنى قايتۇرۇڭلار) بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يحب العطاس و يكره التثاؤب فإذا عطس أحدكم فحمد الله كان حقا على كل مسلم سمعه أن يقول له: يرحمك الله و أما التثاؤب فإنما هو من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليرده ما استطاع فإن أحدكم إذا قال: ها ضحك منه الشيطان ( حم خ د ت ) عن أبي هريرة

1884. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ چۈشكۈرۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەسنەشلىرىنى يامان كۆرىدۇ ، (مەقسەت ، روھلۇق، چېچەن، تېتىك بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، مىس ـ مىس، ھورۇننى يامان كۆرىدۇ )، بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئۇنى ئاڭلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ مۇنداق دېيىشى ھەق بولىدۇ: يەرھەمۇكەللاھ، ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن؛ ئەمما، ئەسنەشكە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇ شەيتان تەرەپىدىن بولىدۇ، بىرىڭلار ئەسنەپ قالسا، ئامال بار قادىر بولۇشىچە ئۇنى قايتۇرسۇن، ئەگەر ئۇ ھا! دېسە، شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە شەيتان كىرىۋالىدۇ، شەيتان مۇسۇلمانلارنى ھورۇنلاشتۇرىدۇ ، سۇسلاشتۇرىدۇ) ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يحب أن تؤتى رخصه كما يحب أن تؤتى عزائمه ( حم هق ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن عباس وعن ابن مسعود .

1885. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ ئەزىمەت، ئەسلى ھۆكۈملىرىگە كېلىنىشنى ياخشى كۆرگەندەك، رۇخسەت ھۆكۈملىرىگە كېلىنىشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ، (شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاسان قىلىپ، رۇخسەت قىلغاندۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ تۇرىدۇ، ھېكمەتسىز ئىش قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىلەر زۆرۈرىيەتتە رۇخسەت ھۆكۈمنى ئالىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى، ئەمىر ـ پەرمانىدۇر. مەسىلەن: سۇ بولمىسا، تەيەممۇم قىلىش، پەرز نامازنى، مۇساپىر قەسىر قىلىدۇ، مەجبۇرلانغۇچى دەئۋەتنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرىدۇ، زۆرۈرىيەتتە ھارام؛ ھالال بولىدۇ، يەۋېرىدۇ، جان ساقلاش ئۈچۈن بىر قىسىم سۆزنى قىلىدۇ) يۇقىرىقى ھەدىسنى ئەھمەد ، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يحب أن تؤتى رخصه كما يكره أن تؤتى معصيته ( حم حب هب ) عن ابن عمر

1886. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە كېلىنىشنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەت ھۆكۈملىرىگە ئاسان قىلىپ بېرىشلىرىگە كېلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن رۇخسەت ھۆكۈملەرنى بەندىلەرنىڭ ئاسىي، گۇناھكار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاسانلاشتۇرۇپ، قىلىپ بەرگەندۇر، سۈرە بەقەردە روزا توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىدۇ، قىيىن، تەسلىكنى ئىرادە قىلمايدۇ دېگەن ئايەت بار، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا، بۇ ئايەتتە ئەگەر ھالال بىلەن ھارام تاقاشسا، تەس، قىيىن ئىش بىلەن ئاسان ئىش تاقىشىپ قالسا، ئاساننى، ھالالنى ئال، چۈنكى، ئاللاھ ئاساننى ئىرادە قىلدى، سەن بۇ ئىرادىگە خىلاپلىق قىلما، ئاسان ئىشلار بىلەنمۇ تەقۋا، مۆئمىن بولۇۋېرىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق شەيئىنىڭ ئەسلى ھالالدۇر، ھالال چەكسىز، ھارام چەكلىك دېگەندۇر ، ھارامغا ئۆچۈق دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، ھارام بولمايدۇ، قاتتىق قىلىۋالماي، سەل قاراپ، ھورۇن بولماي، مۆئتىدىل، ئوتتۇرھال يول تۇتايلى!

( حسن ) إن الله تعالى يحب أن يرى أثر نعمته على عبده ( ت ك ) عن ابن عمرو

1887. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمىتىنىڭ ئەسىرى، كۆرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.مەقسەت ياسىنىش ئەمەس باشقىلارغا ياردەم بېرىشتۇر باشقىلار تونۇپ سورىيالايدۇ

( صحيح ) إن الله تعالى يحب سمح البيع سمح الشراء سمح القضاء ( ت ك ) عن أبي هريرة .

1888. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا نەرسە سېتىۋېلىشتا، نەرسە سېتىشتا، ئېلىم ـ سېتىمدا، قەرزنى سۈيلەشتە، قەرز ئادا قىلىپ بېرىشتە، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتۈۋېتىپ، كەڭ قورساق بولۇپ، ئاسان قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ ، (ھەم ئۆتۈۋېتىدۇ، ئاسان قىلىدۇ) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها ( ك ) عن سهل بن سعد

1889. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئېسىل، ئالى ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، ناچار ئەخلاقنى يامان كۆرىدۇ ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

« إن الله تعالى يحب معالي الأمور و أشرافها و يكره سفسافها ( طب ) عن الحسين بن علي»

1890. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئىشلارنىڭ ئالىسىنى، يۇكسەك ، كاتتىسىنى، ئۇلۇغلىرىنى، شەرەپلىكلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئىشلارنىڭ پەسلىرىنى، ناچارلىرىنى، تۆۋەن دەرىجىلىكلىرىنى يامان كۆرىدۇ ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله تعالى يحب من العامل إذا عمل أن يحسن ( هب ) عن كليب .

1891. كۇلەيبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھەرقانداق ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئاملىنىڭ ئۆز ئىشىنى، خىزمىتىنى ئەڭ ياخشى، پۇختا قىلىشلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يحدث من أمره ما يشاء و إن الله قد أحدث: أن لا تكلموا في الصلاة ( حم د ن هق ) عن ابن مسعود

1892. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۆز ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن ئۆزى خالىغان ھۆكۈملەرنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، جەزمەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ ناماز ئىچىدە سۆز قىلماسلىقىڭلارغا، يېڭىدىن ئەمىر ـ پەرمان قىلدى، تۈزۈم بېكىتتى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يخرج أقواما من النار بعدما لا يبقى منهم فيها إلا الوجوه فيدخلهم الجنة( عبد بن حميد ) عن أبي سعيد .

1893. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىر تۈركۈم قەۋملەرنىڭ دوززاخ ئىچىدە كۆيۈپ يۈزلىرىدىن باشقا ھېچ ئەزالىرى قالمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈگىگەندە شاپائەتلەر سەۋەبىدىن ئۇلارنى دوززاخدىن ئېلىپ چىقىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئابدۇئىبنى ھۇمەيد توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يدني المؤمن فيضع عليه كنفه و ستره من الناس و يقرره بذنوبه فيقول: أتعرف ذنب كذا ؟ أتعرف ذنب كذا ؟ فيقول: نعم أي رب حتى إذا قرره بذنوبه و رأى في نفسه أنه قد هلك قال: فإني قد سترتها عليك في الدنيا و أنا أغفرها لك اليوم ثم يعطى كتاب حسناته بيمينه ; و أما الكافر و المنافق فيقول الأشهاد: هؤلاء الذين كذبوا على ربهم ألا لعنة الله على الظالمين ( حم ق ن ه ) عن ابن عمر .

1894. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ قىيامەت كۈنى مۆئمىننى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپۇ پەردىسىنى قويۇپ، كىشىلەردىن پەردىلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلدۇرىدۇ، ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاۋۇ گۇناھنى تونۇدۇڭمۇ، ماۋۇ گۇناھنى تونۇدۇڭمۇ، دېسە، بەندە شۇنداق، تونۇدۇم، ئى رەببىم دەيدۇ، ئۇ بارلىق گۇناھلىرىغا ئىقرار كېلىپ، ئېتىراپ قىلىپ، ئۆز كۆڭلىدە ئەمدى مەن ھالاك بولدۇم، تۈگەشتىم دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشىغا شەكسىز ئىشىنىپ بولغاندا، ئاللاھ

ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن مەن ساقا بۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چاغدا ياپقان، يوشۇرغان ئىدىم، مانا ئەمدى بۈگۈن مەن ساڭا ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈردۈم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى يېزىلغان كىتابى ئۇڭ قولىغا بېرىلىدۇ، (ئاندىن ئۇ ئى خالايىق كۆرۈڭلار، نامە - ئەمەللىرىمنى، ئىخلاسىمغا لايىق كىتابىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار دەپ توۋلايدۇ) ئەمما، كاپىر، دىنسىز، مۇناپىقلارغا كەلسەك، گۇۋاھچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە ئاشۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىنكار قىلغانلار، يالغان سۆزلىگەنلەردۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ لەنىتى رەھىمسىزدىن يىراق قىلىشى، شۇنداق زالىملارغا بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، مۇسلىمدىمۇ بار، سەھىھ.

إن الله تعالى يرضى لكم ثلاثا و يكره لكم ثلاثا فيرضى لكم: أن تعبدوه و لا تشركوا به شيئا و أن تعتصموا بحبل الله جميعا و لا تفرقوا و أن تناصحوا من ولاه الله أمركم و يكره لكم: قيل و قال و كثرة السؤال و إضاعة المال ( حم م ) عن أبي هريرة

1895. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە ئۈچ ئىشقا رازى بولۇپ، ئۈچ ئىشنى يامان كۆرىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە رازى بولىدىغان ئۈچ ئىش بولسا،

1- ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭلاردۇر.

2- ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى قۇرئانغا ھەممىڭلار بىرلىكتە ئېسىلىپ، مۇتەپەررىق بولماسلىقىڭلاردۇر.

3- ئاللاھ سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ئىگە قىلغان ئىمام، خەلىپىگە نەسىھەت قىلىشىڭلاردۇر.

ئاللاھ سىلەرگە يامان كۆرىدىغان ئۈچ ئىش بولسا:

1- قىيلە- قال سۆزلەر مۇنداق دېيىلىپتۇ، ئۇنداق دېيىلىپتۇ، پالانى ئۇنى دەپتۇ، پوكۇنى بۇنى دەپتۇ دەپ پاراڭ سېلىشىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ.

2- كۆپ سوئال سورىشنى يامان كۆرىدۇ.

3- مالنى زايا قىلىشنى، ئىسراپ قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يرفع بهذا الكتاب أقواما و يضع به آخرين( م ه ) عن عمر .

1896. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ كىتاب، يەنى قۇرئان بىلەن بىر قەۋمنى ئۈستۈن كۆتۈرسە، يەنە بىر قەۋمنى تۆۋەنگە بېسىۋېتىدۇ، مۇسلىم 1353 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 214 - ھەدىس، ئەھمەد 226 - ھەدىس، دارىمى 3231 - ھەدىس، بۇ ھەدىسنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ قۇرئانغا ئالىم، قارى قۇلنى خىزمەتكە باشلىق قىلىپ قويغاندا، دەلىللەپ دېگەندۇر، قۇرئانغا ئالىم بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى ئالەمدە ئۈستۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئەكسى بولسا، مەڭگۈ تۆۋەندۇر، ھەتتا ھالاك بولىدۇ.

( صحيح ) إن الله يزيد الكافر عذابا ببعض بكاء أهله عليه ( ن ) عن عائشة .

1897. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، كاپىر، دىنسىزغا ئۇنىڭ ئەھلى بالىلىرىنىڭ قوشاق قوشۇپ، ئاۋازلىق يىغلىغان يىغىسى سەۋەبلىك ئازابنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله يطلع على عباده في ليلة النصف من شعبان فيغفر للمؤمنين و يملي للكافرين و يدع أهل الحقد بحقدهم حتى يدعوه ( طب ) عن أبي ثعلبة

1898. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا شەئباننىڭ يېرىمىدا 15 - كېچىسى، بەندىلىرىگە قاراپ، ئاشكارا بولۇپ، مۆئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كاپىرلارغا مۆھلەت، پۇرسەت بېرىلىدۇ، ھەسەد، ھىقدە، ئاداۋەت ئەھلىلىرىنى ئۇلار شۇ ئىشنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر مەغپىرەت قىلماي، قويۇپ قويىدۇ، تەبرانى

توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الله يعذب المصورين بما صوروا ( الشيرازي خط ) عن ابن عباس

1899. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سۈرەت سىزغۇچىلارنى ھەيكەلتاراشلارنى ئۇلارنىڭ جانلىقلار سۈرىتىنى سىزغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئازاپلايدۇ، شىيرازى خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ، بۇ خىل ھەدىس بارلىق كىتابلاردا باردۇر.

إن الله تعالى يعذب يوم القيامة الذين يعذبون الناس في الدنيا(حم م د)عن هشام بن حكيم  حم هب) عياض بن غنم .

1900. ھىشام ئىبنى ھەكىيم ئىياز ئىبنى غەنەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلارنى ئازابلايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئام بولۇپ، ھەرقانداق ئازابتا ئازابلىسا، قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ، ھەتتا، مۇھەببەت ئازابىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

إن الله تعالى يغار و إن المؤمن يغار و غيرة الله أن يأتي المؤمن ما حرم الله عليه ( حم ق ت ) عن أبي هريرة .

1901. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھمۇ كۈنلەيدۇ، كۈندەشلىك قىلىدۇ، مۆئمىنمۇ كۈنلەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۈندەشلىك قىلىپ، كۈنلىشى مۆئمىننىڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھارام قىلغان نەرسىگە كىرىشىدىندۇر، (شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام قىلغاندۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يقبل الصدقة و يأخذها بيمينه فيربيها لأحدكم كما يربي أحدكم مهره حتى أن اللقمة لتصير مثل أحد ( ت ) عن أبي هريرة

1902. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ، ھالال نەرسىدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئېلىپ، بىرىڭلار ئۈچۈن، خۇددى ئۇ تايچىقىنى تەربىيلەپ ئۆستۈرگەندەك تەربىيلەپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، ھەتتا، بىر لوقما سەدىقە ئۇھۇد تېغىدەك بولۇپ كېتىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن الله تعالى يقبل توبة العبد ما لم يغرغر ( حم ت ه حب ك هب ) عن ابن عمر .

1903. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىنى غۇرغۇرغىچە يەنى جان ھەلقۇمغا كەلگەنگە قەدەر قوبۇل قىلىدۇ، (پەقەت تەۋبە قىلسىلا) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلار توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن، ھەسەن لىزاتى.

إن الله تعالى يقول: إذا أخذت كريمتي عبدي في الدنيا لم يكن له جزاء عندي إلا الجنة ( ت ) عن أنس .

1904. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ دۇنيادا بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئەما قىلىپ قويغان بولسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ نەزلىمدە جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، (شەرتى مۇسۇلمان بولۇش).

إن الله تعالى يقول: أنا عند ظن عبدي بي إن خيرا فخير و إن شرا فشر ( طس حل ) عن واثلة

1905. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىنىڭ نەزلىدە بولىمەن، ئەگەر گۇمانى ياخشى بولسا، ياخشى بولىدۇ، يامان بولسا، يامان بولىدۇ، (ھەسەن بەسرى، ئاللاھقا گۇمانىنى ياخشى قىلىپ، ئەمەلىنىمۇ ياخشى قىلىڭلار دېگەن) يۇقىرقى ھەدىس ئەۋسەتتە بار، شۇنداقلا ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ دېگەن ھەدىسلەر ھەدىس قۇددۇستۇر.

إن الله تعالى يقول: أنا مع عبدي ما ذكرني و تحركت بي شفتاه ( حم ه ك ) عن أبي هريرة

1906. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنى ئەسلىسىلا مېنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىپ، ماڭا ئىككى لىۋى ھەرىكەتلەنسىلا ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن ، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەرشدىن ئۈستۈن! تۇرۇپمۇ بىللە بولالايدۇ، چۈشۈپ ـ چىقىپ، كېلىپ ـ كېتەلەيدۇ ، ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولىدۇ، ئوخششى يوقتۇر، ئۇ مەخلۇقىقا ئوخشىمىغاچقا، بىللە بولۇشى بىلەن ئەرشدىن ئۈستۈن بولۇشى شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاسماندا بولۇشى زىت، خىلاپ ئەمەس، بۇ ئەھۋال مەخلۇقلاردا زىت بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.چۈشۈۋېتىپ ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ،ھەم ،ھەممەجايدابار دۇر.ئۇ ،بىردۇر.

إن الله تعالى يقول: إن الصوم لي و أنا أجزي به إن للصائم فرحتين: إذا أفطر فرح و إذا لقي الله تعالى فجزاه فرح و الذي نفس محمد بيده لخلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك ( حم م ن ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

1907. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، ھەقىقەتەن بەندىلىرىمنىڭ روزا تۇتۇشى مەن ئۈچۈنلا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى پەقەت مەن ئۆزۈملا بېرىمەن، باشقىلار بېرەلمەيدۇ، شەكسىز، جەزمەن روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئۇ ئىپتار قىلغاندا خۇشال بولىدۇ، يەنە بىرسى بولسا،ئۇ، ئاللاھقا ئۇچراشقاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرگەندە خۇشال بولىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرۇقى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكىنىڭ خۇشپۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراق، مېزىلىكتۇر، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يقول: إن العز إزاري و الكبرياء ردائي فمن نازعني فيهما عذبته ( طس ) عن علي

1908. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىززەت مېنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلىكىم، كىبرى چوڭچىلىق مېنىڭ رىدايىم، كىم مەندىن بۇ ئىككى نەرسىنى تالىشىدىكەن، (يەنى كىبىر قىلىدىكەن، ئىززەت ماڭا خاس دەيدىكەن) مەن ئۇنى ئازابلايمەن، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

( صحيح ) إن الله تعالى يقول: إن عبدا أصححت له جسمه و وسعت عليه في معيشته تمضي عليه خمسة أعوام لا يفد إلي لمحروم ( ع حب ) عن أبي سعيد

1909. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەت، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: شەك شۈبھىسىز بەزى بەندىگە ئۇنىڭ جىسمىنى، تەنلىرىنى ساق ـ سالامەت قىلسام، ئۇنىڭغا تۇرمۇشىنى كەڭرى، مول قىلسام، شۇ ھالەتتە ئۇنىڭغا بەش يىل ئۆتسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزىنى ئازابدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماڭا پىدىيە بەرمەيدۇ، مالدىن مەھرۇم قالغانلارغا نەرسە بەرمەيدۇ، بېخىل بولىدۇ، ئەبۇ يەئلا ، ئەبۇ يەئلا ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يقول: إن عبدي المؤمن عندي بمنزلة كل خير يحمدني و أنا أنزع نفسه من بين جنبيه(حم هب) أبي هريرة

1910. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مۆئمىن بەندەم مېنىڭ نەزىرىمدە ئالاھىدە بىر مەنزىلدە، مەرتىۋىدە بولىدۇ، ئۇ ھەر بىر ياخشىلىقتا ماڭا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىدۇ، مېنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنىڭ جېنىنى، قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئارىسىدىن، يۈرىكىدىن، ھەلقۇملىرىدىن مەن ئۆزۈم تارتىپ ئالىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (يەنە بىر ھەدىستەئۇنىڭ جېنىنى ئالغاندا ئىككىلىنىپ

قىلىشى ئۈتتى)

إن الله تعالى يقول لأهل الجنة: يا أهل الجنة فيقولون: لبيك ربنا و سعديك ! و الخير في يديك فيقول: هل رضيتم ؟ فيقولون: و ما لنا لا نرضى و قد أعطيتنا ما لم تعط أحدا من خلقك فيقول: ألا أعطيكم أفضل من ذلك ؟ فيقولون: يا رب و أي شيء أفضل من ذلك ؟ فيقول: أحل عليكم رضواني فلا أسخط عليكم بعده أبدا(حم ق ت ) عن أبي سعيد

1911. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، جەننەت ئەھلىگە مۇنداق دەيدۇ:ئى جەننەت ئەھلى!، ئۇلار لەببەي بىز تەييار ،بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ، ئاللاھ رازى بولدۇڭلارمۇ؟دەيدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن سىلى بىزگە مەخلۇقلىرىدىن ھېچكىشىگە بېرىپ باقمىغان مۇكاپاتلارنى بىزگە بەرگەن تۇرسىلا، بىز يەنە نېمىگە رازى بولمىغۇدەكمىز؟ دەيدۇ، ئاللاھ: مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەكىنى بەرمەيمۇ؟ دېسە، ئۇلار ئى پەرۋەردىگارىمىز، قايسى نەرسە ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك بولا؟ دەيدۇ. ئاللاھ، ئۇلارغا مەن سىلەرگە مېنىڭ رازىلىقىمنى ھالال قىلىپ چۈشۈرىمەن، مۇندىن كېيىن مەڭگۈ سىلەرگە غەزەپ قىلمايمەن، ئاچچىقلانمايمەن دەيدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يقول: لأهون أهل النار عذابا لو أن لك ما في الأرض من شيء كنت تفتدي به ؟ قال: نعم قال: فقد سألتك ما هو أهون من هذا و أنت في صلب آدم أن لا تشرك بي شيئا فأبيت إلا الشرك ! ( ق ) عن أنس

1912. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ تۆۋەن، يەڭگىل بولغىنىغا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ساڭا زېمىندىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، بۇ ئازابدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئۇ نەرسىلەرنى پىدىيە بىرەمتىڭ؟، ئۇ ھەئە پىدىيە بېرەتتىم دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا، مەن سەندىن سەن ئادەمنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدا تۇرغان ۋاختىڭدىلا ئۇنىڭدىن ئاسان، ناھايىتى يەڭگىل نەرسىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ بولسىمۇ ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلماسلىقىڭ ئىدى، سەن پەقەت شېرىك كەلتۈرۈشكىلا ئۇنىدىڭ، شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئۇنىمىدىڭ دەيدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الله يقول: يا ابن آدم اكفني أول النهار أربع ركعات أكفك بهن آخر يومك ( حم ) عن عقبة بن عامر .

1913. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، سەن ماڭا كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكەت ناماز بىلەن كۇپايىلەنسەڭ، مەن ساڭا شۇ نامازنىڭ باراۋىرىگە كۈنۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن، (يەنى تۆت رەكەت نامازلا ئوقۇساڭ، بەلكى، زۇھا، چاشكادۇر، ئاللاھ ئالىم، مەن ساڭا شۇ كۈنۈڭگە نىسبەتەن كۇپايە بولىمەن) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله تعالى يقول: يا ابن آدم تفرغ لعبادتي أملأ صدرك غنى و أسد فقرك و إن لا تفعل ملأت يديك شغلا و لم أسد فقرك ( حم ت ه ك ) عن أبي هريرة

1914. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، سەن پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىشقا پارىغ بولغىن، ۋاقتىڭنى ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئاجراتقىن، شۇنداق قىلساڭ مەن قەلبىڭگە بىھاجەتلىكنى لىق تولدۇرۋېتىمەن، پېقىرلىقىڭنى توسۇپ قالىمەن، موھتاجلىقىڭنى مەن توسۇپ، سېنى باي، ھەممىدىن باي قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئىبادەت ئۈچۈنلا ئاجراتمىساڭ، مەن سېنىڭ ئىككى قولۇڭغا مەشغۇللۇقنى لىق توللاپ قويىمەن، پېقىرلىقىڭنى، موھتاجلىقىڭنىمۇ توسۇپ قالمايمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئى ئادەم بالىسى، ئاللاھ شۇنداق دەۋاتسا، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، سېنى ئاللاھ پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتقان،

سىپنى تىجارەت ئۈچۈن، مال ـ دۇنيا توپلاش ئۈچۈن، شۆھرەت، مەنمەنلىك، كىبىر، رىيا خورلۇق، تاماخورلۇق ئۈچۈن ياراتمىغان، ھوشۇڭنى تاپ،

**ئۆتكەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، تەۋبە قىل،**
**كەلگۈسى سىنىڭ قولۇڭدا ئەمەس، بۈنى بىل،**
**ھازىرقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل،**
**ئىلىم ئېلىپ، ئاللاھ يولىدا ئىبادەتلام قىل.**

إن الله تعالى يقول يوم القيامة: أين المتحابون لجلالي اليوم أظلهم في ظلي يوم لا ظل إلا ظلي(حم م) هريرة

1915. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: مېنىڭ كاتتىلىقىم، ئۇلۇغلىقىم ئۈچۈنلا دوستلاشقان، مېنى دەپلا ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى! مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ سايىسى بىلەنلا سايە تاشلايمەن! ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن الله تعالى يقول يوم القيامة: يا ابن آدم مرضت فلم تعدني قال: يا رب كيف أعودك و أنت رب العالمين ؟ قال: أما علمت أن عبدي فلانا مرض فلم تعده ؟ أما علمت أنك لوعدته لوجدتني عنده ؟ يا ابن آدم استطعمتك فلم تطعمني فقال: يا رب و كيف أطعمك و أنت رب العالمين ؟ قال: أما علمت أنه استطعمك عبدي فلان فلم تطعمه أما علمت أنك لو أطعمته لوجدت ذلك عندي ؟ يا ابن آدم استسقيتك فلم تسقني قال: يا رب كيف أسقيك و أنت رب العالمين ؟ قال: استسقاك عبدي فلان فلم تسقه أما إنك لو سقيته لوجدت ذلك عندي( م ) عن أبي هريرة

1916. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، مەن كېسەل بولۇپ قالسام، سەن مېنى يوقلىمىدىڭ، بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق يوقلايمەن؟ دەيدۇ: ئاللاھ: ھەقىقەتەن پالانى بەندەم كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنى يوقلىمىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ۋە يەنە ئەگەر سەن ئۇ بەندىنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن يوقلىغان بولساڭ، مېنى شۇ جايدا تاپىدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى مەن سەندىن تائام سورىسام، سەن ماڭا تائام بەرمىدىڭ دەيدۇ، (سەن، سەدىقە قىلىشلار دېسەم، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلدىڭ)، بەندە، ئى رەببىم سەن ئالەملەرنىڭ رەببى، ياراتقۇچى، ئېگىسى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق تائام بېرىمەن دەيدۇ: ئاللاھ ئۇنىڭغا پالانى بەندەم سەندىن تائام سورىغاندا، ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ، بۇنى بىلمەمسەن؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھەقىقەتەن سەن ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزلىمدە تاپىدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەپ، ئاندىن يەنە ئى ئادەم بالىسى مەن سەندىن سۇ سورىسام مېنى سۇغارمىدىڭ دەيدۇ، بەندە، ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق سۇ بېرىپ سۇغۇرىمەن؟ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئۇنى سۇغارمىدىڭ، ئەمما سەن ئۇنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن سۇغارغان بولساڭ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ نەزلىمدە تاپالايدىغىنىڭنى بىلمەمسەن؟ دەيدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستىكى مەقسەت ، ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىشتۇر، ئۇنتۇپ قالماي، كېسەل يوقلاش، باشقىلارغا تائام، سۇ بېرىش، ھاجىتىدىن چىقىش، ياخشىلىق قىلىشلاردۇر، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم، مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە كۆرۈش لازىم.

إن الله يمهل حتى إذا ذهب من الليل نصفه أو ثلثاه قال: لا يسألن عبادي غيري من يسألني استجب له من يستغفرني أغفر له حتى يطلع الفجر ( ه ) عن رفاعة الجهني

1917. رۇپائەتۇلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كېچىنىڭ يېرىمى ياكى ئۈچتەن ئىككى قىسمى ئۆتۈپ



www.uyghurkitap.com

كەتكىچە مۆھلەت بېرىپ، ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: بەندىلىرىم ھەرگىز مېنىڭ غەيرىمدىن، باشقىلاردىن نەرسە سورىمىسۇن، كىم مەندىنلا سوراپ، دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىمەن، كىم مەندىن سورىسا، ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىنى بېرىمەن، كىم مەندىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشى ئۈچۈن مەغپىرەت سورىسا، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، كەچۈرىمەن، تاكى تاڭ ئاتقىچە شۇنداق دەپ تۇۋلايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. باشقا كىتابتىمۇ بار.

إن الله تعالى يمهل حتى إذا كان ثلث الليل الآخر نزل إلى سماء الدنيا فنادى: هل من مستغفر ؟ هل من تائب ؟ هل من سائل ؟ هل من داع ؟ حتى ينفجر الفجر ( حم م ) عن أبي سعيد وأبي هريرة معا .

1918. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتەن بىرى قالغىچە مۆھلەت بېرىپ تۇرۇپ، دەل شۇ چاغدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، مۇنداق نىدا قىلىدۇ، مەغپىرەت سورىغۇچى، كەچۈرۈم سورىغۇچى بارمۇ؟ تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ؟ سائىل نەرسە سورىغۇچى بارمۇ؟ دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ تا سۇبھى يورىغىچە، تاڭ ئاتقىچە شۇنداق تۇۋلاپ تۇرىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىدۇ، تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، بېرىدۇ، ئىجابەت قىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرى قالغاندىكى ۋاقىت، ئىبادەت، تەۋبە ، دۇئا، ئىستىغپار ئۈچۈن ئەۋزەل.

2. ئاللاھ ئەرشىدىن ئۈستۈن بولۇشى بىلەن بىرگە بىز بىلەن بىللە بولۇش بىلەن بىرگە، دۇنيا ئاسمىنىدا بار تۇرۇپ، يەنە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ، چۈشۈۋېتىپ، ئەرشى ئۈستىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، يەنىلا ئەرشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈشۈپ ـ چىقىشى، كېلىپ ـ كېتىشى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بولۇپ، ئوخشىشى يوق، مەخلۇقىا زادى ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەخلۇقىا قىياس قىلىنمايدۇ، ئەقىل بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، چەك ـ چېگراغا، دائىرىگە ئالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، چۈنكى، ئوخشىشى يوقتۇر، بىرلا ۋاقىتتا ئەرشىدىن ئۈستۈن بولۇشى، ئاسمان ئەھلى بىلەن بىللە تۇرۇپ، شۇ جايدىمۇ بار تۇرۇپ، يەنە چۈشۈشى زىت ئەمەس. جىبرىئىل مەخلۇق، بۇنداق قىلالمايدۇ، بۇ خىل ئىش مەخلۇقىا ماھال مۇمكىن ئەمەس، ئەمما، خالىق ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، چۈشىدۇ دېدى، ئاللاھ چۈشىدۇ، بىزمۇ چۈشىدۇ دەيمىز.

ئاللاھ ۋە رەسۇلى دېسە، دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز، ئاللاھنىڭ ئاسمانغا چۈشۈشى مەلۇم، كەيپىياتى، قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈش، شۇنداق ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، كەيپىياتىدىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر،

**مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز.**
**باشقىلاردەك ئىسىم ـ سۈپەتكە تانمايمىز،**
**قار ـ يامغۇردەك ئۇق ياغسىمۇ كۆكسىمىزگە**
**بۇ ئەقىدىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز.**

إن الله تعالى يتزل المعونة على قدر المؤنة و يتزل الصبر على قدر البلاء ( عد ابن لال ) عن أبي هريرة

1919. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ياردەمنى سېلىنغان مەبلەغ قىلىنغان چىقىم، خىراجەتكە چۈشلۈق، شۇنىڭ مىقدارىدا نازىل قىلىپ، چۈشۈرىدۇ، سەۋرىنىمۇ، سىناق، بالالارنىڭ مىقدارىدا نازىل قىلىپ چۈشۈرىدۇ، ئىبنى ئەدى، ئىبنى لال توپلىغان، سەھىھ. تىرىشقان تاپىدۇ، تىرىغان ئورىدۇ، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، دېگەن شۇ ـ دە! مېھنەتكە چۈشلۈق نېئمەت بولۇر، ياخشىلىققا ياخشىلىق، ئېھسانغا ئېھساندۇر

، بۇ سەھىھ ھەدىستىن سەۋر قىلالمىغۇدەك سىناق، بالالار چۈشۈرۈلمەيدۇ، بېرىلمەيدۇ، بالا بولىدىكەن، سەۋر قىلغىلى بولىدۇ، ئاللاھ تاقەت يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، ئاللاھ بىزنى ئىككى ئالەملىك ساقلىسۇن، ئامىن!

إن الله ينشئ السحاب فينطق أحسن النطق و يضحك أحسن الضحك ( حم هق في الأسماء ) عن شيخ من بني غفار

1920. غەففار قەبىلىسىدىكى بىر پېشقەدەم ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇلۇتنى پارتىتىپ، پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن بۇلۇت ئەڭ گۈزەل نۇتۇقدا نۇتۇق سۆزلەيدۇ، ۋە بەكمۇ گۈزەل كۈلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

1. ھەدىس زاھىردا قالىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ خىل ھادىسە بىز بىلمەيدىغان كەيپىياتتا يۈز بېرىدۇ. كېيىنچە بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇشى مۇمكىن.

2. ئۇنىڭ سۆزلىشى، كۈلۈشى، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرمامادىن كېيىن يامغۇر ياغدۇرىشىدۇر.

3. بۇلۇت ۋە ئۇنىڭ سۆزى، كۈلۈشى، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە ئالامەتتۇر، ۋەللاھە ئەئلەم.

4ـ بۇ ھەدىستە جانسىز مەخلۇقنىڭمۇ سۆز قىلىشى، نۇرغۇن يېڭى كەشپىياتلارغا ئىشارەتتۇر.

( صحيح ) إن الله ينهاكم أن تأتوا النساء في أدبارهن ( طب ) عن خزيمة بن ثابت

1921. خۇزەيمەن ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھ سىلەرنى ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتلىرىگە كېلىشتىن يەنى مەقئەتكە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن توسىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇنى لىۋات، بەچچىۋازلىق ھېسابلاپ، ھارام دېگەن ، بۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ، ئەمما، ئۇرۇق، زىرائەتكارلىقتا تېكىلسە زىرائەتكارلىقتا قانداق كەيپىياتتا بولسا بولىدۇ.

( صحيح ) إن الله ينهاكم أن تحلفوا بآبائكم ( حم ق 4 ) عن ابن عمر

1922. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرنى دادىلىرىڭلار بىلەن، ئەجدادلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن توسىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت سەھىھ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

إن الله ينهاكم أن تحلفوا بآبائكم فمن كان حالفا فليحلف بالله و إلا فليصمت ( مالك حم ق د ت ) عن عمر .

1923. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا سىلەرنى داداڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن چەكلەپ توسىدۇ، كىم قەسەم قىلماقچى بولسا، ئاللاھ بىلەن بىللاھى دېيىش بىلەن قەسەم قىلسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، جىم تۇرسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الله يوصيكم بأمهاتكم ثلاثا إن الله تعالى يوصيكم بآبائكم مرتين إن الله تعالى يوصيكم بالأقرب فالأقرب( خد ه طب ك ) عن المقدام

1924. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈچ قېتىم ۋەسىيەت قىلىدۇ، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا دادىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئىككى قېتىم ۋەسىيەت قىلىدۇ، سىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا ئاندىن قالسا، يەنە يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىدۇ، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، ئاناڭغا ياخشىلىق قىل دېگەننى ئۈچ قېتىم دەپ ئاندىن داداڭغا دېگەن ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

( صحيح ) إن الماء طهور لا ينجسه شيء ( حم 3 قط هق ) عن أبي سعيد

1925. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۇ پاكتۇر، ئۇنى بىرەر نەرسە نىجىس قىلالمايدۇ، (بۇ ھەدىسنى بۇزائە قەبىلىسىنىڭ قۇدۇقتىكى ئاستىدىن چىقىپ تۇرىدىغان سۇغا دېگەن ) ئەمەلىيەتتە ، پاك سۇغا نىجىس چۈشۈپ تەمىنى ، پۇرىقىنى ، رەڭگىنى ئۆزگەرتسە ، ئۇ سۇ نىجىس بولىدۇ) يۇقىرىقى ھەدىس، نەسەئى 325 ـ ھەدىس، تىرمىزى 61 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 60 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10827 ـ ھەدىس، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الماء ليس عليه جنابة و لا ينجسه شيء ( حم ) عن ميمونة

1926. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇ ئايال يۇيۇنۇپ، داستا ئازراق سۇ ئېشىپ قالىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ سۇدا يۇيۇنماقچى بولغاندا، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۇدا مەن يۇيۇنغان، بۇ مەندىن ئېشىپ قالغان سۇ دېدى، دەل شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ، ياكى داستا، چەينەكتە ئېشىپ قالغان پاكىز سۇ نىجىس بولمايدۇ دېگەن : ئەھمەد 2954 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئىدىمۇ باردۇر، سەھىھ. ئايال كىشىدىن ئېشىپ قالغان پاكىز سۇدا تاھارەت ئالسا بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى بىلەن بىرگە يۇيۇنغان ھەدىسلەر سەھىھ، ئۇنىڭغا زىت، خىلاپ ھەدىسلەر بولسا ، زەئىپتۇر.

( صحيح ) إن الماء لا يجنب ( د ت ه حب ك هق ) عن ابن عباس

1927. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ، (يەنى جۇنۇپ يۇيۇنۇپ، چەينىكدە ئېشىپ قالغان پاك سىۋ، نىجىس ئەمەس پاكتۇر، دېگەن بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الماء لا ينجسه شيء ( ه ) عن جابر ( حم ن ) عن ابن عباس

1928. جابىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن سۇنى بىرەر نەرسە نىجىس قىلالمايدۇ، (يەنى ئېقىۋاتقان بولسا، ياكى چوڭ كۆل بولسا، ياكى قۇدۇقتىن چىقىۋاتقان بولسا، ياكى تاھارەت ئېلىپ، چەينەكتە قالغان سۇ بولسا، نىجىس ئەمەس) ئىبنى ماجە، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن المؤذن يغفر له مدى صوته و يصدقه كل رطب و يابس سمع صوته و الشاهد عليه خمس و عشرون درجة ( حم ) عن أبي هريرة .

1929. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇئەززىنگە ئۇنى ئاۋازى يەتكەن مۇساپە مىقدارى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەربىر ھۆل، قۇرۇق نەرسىلەر ئۇنى تەستىقلاپ، ھەق راست دەپ تۇرىدۇ، مۇئەززىنگە ھازىر بولۇپ، جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغۇچىغا 25 دەرىجە ئارتۇق يېزىلىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە مۇئەززىنگىمۇ شۇنداق ئەجىر بار) دېگەن ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

إن المؤمن إذا وضع في قبره أتاه ملك فيقول له: ما كنت تعبد ؟ فإن الله هداه قال: كنت أعبد الله فيقول له: ما كنت تقول في هذا الرجل ؟ فيقول: هو عبد الله و رسوله فما يسأل عن شيء غيرها فينطلق به إلى بيت كان في النار فيقال له: هذا بيتك كان في النار و لكن الله عصمك و رحمك فأبدلك به بيتا في الجنة فيقول: دعوني حتى أذهب فأبشر أهلي فيقال له: اسكن ; و إن الكافر إذا وضع في قبره أتاه ملك فينتهره فيقول له: ما كنت تعبد ؟ فيقول: لا أدري فيقال له: لا دريت و لا تليت فيقال: فما كنت تقول في هذا الرجل ؟ فيقول: كنت أقول ما تقول الناس فيضربه بمطراق من حديد بين أذنيه فيصيح صيحة يسمعها الخلق غير الثقلين ( د ) عن أنس

1930. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىن قەبرىسىگە قويۇلغاندا ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭ؟ ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت قىلىپ، توغرا يولغا سالىدۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ

ھىدايىتى بىلەن مەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتىم دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا بۇ ئەر توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا؟، مۆئمىن ئۇ، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەيدۇ، ئاندىن ئۇ پەرىشتە ئۇنىڭدىن باشقا گەپ سورىماي، ئۇنى دوۋزاختىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ ، مانا بۇ سېنىڭ دوۋزاختىكى ئۆيۈڭدۇر، لېكىن، ئاللاھ سېنى ساقلاپ، ساڭا رەھىم قىلدى، ساڭا جەننەتتىكى بىر ئۆينى ئالماشتۇرۇپ بەردى دەيدۇ، مۆئمىن ئاندىن مېنى قويۇپ بېرىڭلار، مەن بېرىپ ئەھلىلىرىمگە خۇش بىشارەت بېرەي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن جىم تۇر دېيىلىدۇ. ھەقىقەتەن كاپىر، دىنسىزغا كەلسەك، ئۇ قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە كېلىپ، قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن سەن! نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭ دەيدۇ. دىنسىز مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، ئۇنىڭغا سەن زادى بىلمەيتتىڭ، ئوقۇپمۇ باقمىغان دېيىلىدۇ ، ئاندىن بۇ ئەر توغرىسىدا نېمە دەيسەن دېيىلىدۇ. ئۇ: مەن كىشىلەر دېگەن سۆزنى دەپ قويغان ئىدىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىغا تۆمۈر توقماق بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ، ئۇ شۇنداق قاتتىق ئاۋاز قىلىپ ۋارقىراپ كېتىدۇكى، ئىنسان، جىندىن باشقا بارلىق مەخلۇقلار ئاڭلايدۇ، (بەزى خاتىرىدە ئىنسان، جىن ئاڭلىسا ئۆلەتتى دېگەن بار) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن المؤمن تخرج نفسه من بين جنبيه و هو يحمد الله تعالى ( هب ) عن ابن عباس

1931. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىننىڭ جېنى، قوۋۇرغىلىرى ئارىسىدىن، جان ھەلقۇملىرىدىن، ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان ھالدا چىقىدۇ، (يەنى شۇنداق ئاسان چىقىدۇ، ئاللاھ ئالىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن المؤمن ليدرك بحسن الخلق درجة القائم الصائم ( د حب ) عن عائشة

1932. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىن ئەخلاقىنى گۈزەل، ياخشى قىلىش ئارقىلىق كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغان، كۈندۈزى روزا تۇتقان كىشىنىڭ ساۋاب دەرىجىلىرىنى تاپالايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن المؤمن لا ينجس ( ق 4 ) عن أبي هريرة ( حم م د ن ه ) عن حذيفة ( ن ) عن ابن مسعود ( طب ) عن أبي موسى .

1933. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۆئمىن نىجىس بولمايدۇ دېگەن ، بۇ ھەدىسنى بەيھەقى ئالتە سەھىھ كىتابىدىن، تۆت كىتاب، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ئەبۇ داۋۇدلار ھۇزەيفەدىن، نەسەئى، ئىبنى مەسئۇددىن، تەبرانى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە جۇنۇپ ھالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇرۇشنى ياقتۇرماي، يۇيۇنۇپ كەلگەندە دېگەن ) ئەگەر ناماز دۇچ كېلىپ قالمىسا، سىرتلارغا جۇنۇپ ھالدا چىقسا، بازاردىن نەرسە ـ كېرەك ئەكىرسە بولىۋېرىدۇ).

( صحيح ) إن المؤمن يجاهد بسيفه و لسانه ( حم طب ) عن كعب بن مالك

1934. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىن قىلىچى بىلەن ھەم تىلى بىلەن جىھاد قىلىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ئەلەم كۆرۈشى بىلەن بىرگە قەلەم كۆرۈشى لازىمدۇر.

إن المؤمنين يشدد عليهم لأنه لا تصيب المؤمن نكبة من شوكة فما فوقها و لا وجع إلا رفع الله له بها درجة و حط عنه خطيئة ( ابن سعد ك هب ) عن عائشة

1935. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىنگە قاتتىق ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇ، چۈنكى، پەقەت ئۇنىڭغا بىرەر جاپا ـ

مۇشەققەت، مۇسىبەت يەتسە، بىرەر تال شوخا كىرىپ كەتسىمۇ يا ئۇنىڭدىن يۇقىرراق مۇسىبەت يەتسە، يا كېسەل بولسا، ئاللاھ مۆئمىن ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىشىنىڭ بىرەرسىنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرىجە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر گۇناھنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئىبنى سەئدى، ھاكىم. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن المتبايعين بالخيار في بيعهما ما لم يتفرقا أو يكون البيع خيارا ( خ ) عن ابن عمر .

1936. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سودا قىلىشۋاتقان، ئېلىپ ساتقۇچىلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسلا، ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، بىرىش ياكى قايتۇرۇۋېلىشتا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئەگەر بىر ـ بىرىدىن سودا بولغان، مەجلىسدىن ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق بولمايدۇ، ياكى سودا ئۆزئارا ئىختىيارلىق، تاللاش، سىناپ كۆرۈپ بېقىش، سودىسى بولسا ئۇ چاغدا ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ، خالىسا ئېلىپ، خالىسا قايتۇرىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسدىن ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى مەجلىسدىن ئايرىلسا، بىر ـ بىرىدىن تەنلىرى بىلەن ئايرىلىپ كەتسىلا، ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، لېكىن، ئۇلار ئىختىيارلىقنى دېيىشىپ، سودا قىلغان بولسا، ئاندىن ئەركىنلىككە ئىگە دېدى، سىناپ كۆرۈپ بېقىشنى ۋاقىتلىق مۇددەت بەلگىلەپ دېسە، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئىختىيارلىق ھوقۇقى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ مۇددەت توشۇپ ئۆتۈپ كەتسە، يەنىلا ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ دېدى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى.

( صحيح ) إن المتحابين بالله في ظل العرش ( طب ) عن معاذ

1937. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھنى دەپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلاشقانلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرەشكەنلەر قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدا بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. مەيلى مۆئمىنلەر ئارا بولسۇن، مەيلى تۇغقانلار ئارا بولسۇن، مەيلى ئەر ـ ئاياللار ئارا بولسۇن، مۇھەببەت، دوستلۇق، ئاللاھ ئۈچۈنلا ئىمان ئۇستىدە بولسۇن.

( صحيح ) إن المختلعات و المنتزعات هن المنافقات ( طب ) عقبة بن عامر

1938. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ئېرىدىن خۇلئى (يەنى تويلۇق مېھرىنى بېرىپ، ئاجرىشىش كېلىشىمنى) تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار، سەۋەبسىزلا ئۇرۇش ـ جېدەل، دە ـ تالاش قىلىدىغان، تولا داۋالىشىدىغان، خۇسۇمەتچى ئاياللار دەل مۇناپىق ئاياللاردۇر، (ئۇنى قويۇۋېتىڭ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن المرأة إذا أقبلت أقبلت في صورة شيطان فإذا رأى أحدكم امرأة فأعجبته فليأت أهله فإن الذي معها مثل الذي معها ( ت حب ) عن جابر

1939. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئايال كىشى دېگەن ئالدىنى قىلىپ كەلسە، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە كېلىدىكەن، بىرىڭلار بىرەر ئايالنى توساتتىن كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، دەرھال ئۇ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي، ئۆز ئاياللىنىڭ قېشىغا بارسۇن، ھەققەتەن ئۆز ئاياللىنىڭ قېشىدىكى نەرسە، شۇ ھەيران قالدۇرغان ئايالدىكى نەرسىگە ئوخشاشتۇر، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بەش مىنۇتلۇق لەززەتنى دەپ بىر ئۆمۈرلۈك، ھەتتا مەڭگۈلۈك بەختىڭىزنى قولدىن بەرمەڭ.

إن المرأة تقبل في صورة شيطان و تدبر في صورة شيطان فإذا رأى أحدكم امرأة أعجبته فليأت أهله فإن ذلك يرد ما في نفسه ( حم م د ) عن جابر

1940. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئايال كىشى دېگەن شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، شەيتاننىڭ سۈرىتىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ، بىرىڭلار بىرەر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئايال ئۇنى ھەيران قالدۇرسا، دەرھال ئاياللىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىللە بولسۇن، ھەققەتەن شۇنداق قىلىش، بىرىڭلارنىڭ قەلبىدىكى، كۆڭلىدىكى

نەرسىنى يەنى ئاشۇ ھەيرانلىقنى، ئاررۇ ـ ئۈمۈدنى قايتۇرىدۇ، يوق قىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. گەرچە مۇھەببەت ئىشقى، ئەخلاق، گۈزەللىك، مىجەز ـ خۇلۇقلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنىلا ئەر كىشى دېگەن ئوخشاشلا بىر خىل مەقسەتكە يېتىدۇ، ھېسسىياتنى غىدىقلىغان، ئۇنى غىدىقلاپ قىچىغلىغان ئىسپېرما ھۆجەيرىسىنى چىقىرىۋەتسە، كۆڭلىدىكى نەرسە راستىنلا قايتىپ كېتىدۇ.

إن المرأة تنكح لدينها و مالها و جمالها فعليك بذات الدين تربت يداك ( حم م ت ن ) عن جابر

1941. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ، دىنىنىڭ، مېلىنىڭ، جامالىنىڭ، چىراي گۈزەللىكىنىڭ جەھەتىدىنلا نىكاھلىنىدۇ، گەرچە قولۇڭ توپا بولسىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتە قالساڭمۇ، سەن دىن ئىگىسىنى لازىم تۇتقىن، (يەنى مال ـ دۇنيارىنى، چىراي گۈزەللىكىنى قويۇپ، ئىسلام دىنىدىكىنى، دىنىي، ئىمانىي، تەقۋالىقنى، ياخشى ئەخلاقنى دەپ ئالغىن) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن المرأة خلقت من ضلع فإن ذهبت تقومها كسرتها و إن تدعها ففيها أود و بلغة ( حم ن ) أبي ذر

1942. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئەگەر شۇ پېتى قويساڭ، ئۇنىڭدا ئەگرىلىك تۇرىۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنپەئەتمۇ باردۇر، رىغبەت باردۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن المرأة خلقت من ضلع لن تستقيم لك على طريقة فإن استمتعت بها استمتعت بها و بها عوج و إن ذهبت تقيمها كسرتها و كسرها طلاقها ( م ت ) عن أبي هريرة .

1943. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ سەن ئۈچۈن ھېچ بىر يولدا مۇستەقىيم، تۈز بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئەگرىلىكىنى شۇ پېتى قويۇپ قويساڭ، ئۇنىڭدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالالايسەن. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنىڭ سۇنۇپ كېتىشى تالاق قىلىنىشىدۇر، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم 2670 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1109 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10044 ـ ھەدىس، دارمى 2125 ـ ھەدىس.

إن المرأة خلقت من ضلع و إنك إن ترد إقامة الضلع تكسرها فدارها تعش بها ( حم حب ك ) عن سمرة .

1944. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئەگەر سەن قوۋۇرغىنىڭ تۈزلىكىنى ئۈزۈ ئەسلىگە، جايىغا قايتۇرۇپ تۈزلەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىسەن، ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ ئايال بىلەن كېلىشىپ، مادارا قىلىپ بىللە ياشىغىن، (بەزى خاتىرىدە ئاياللارغا كۆپ ياخشىلىقنى، كۆپ نەسىھەت قىلىڭلار دېگەن بار) ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسلەردىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىدۇ.

1. ئايال كىشى بولۇپمۇ ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان.
2. ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.
3. ئەسلى يارىلىش، ئەسلى ماددا، تا ھازىرغىچە تەسىر كۆرسەتكەن.
4. ئايال كىشىدە ئەگرىلىك ھەقدىن مايىللىق بار، ئاياللار بۇ سۆزگە ئاچچىقلانماي،ئۆزىنى ـئۆزى تۈزلىسۇن.
5. ئۇنى تۈزلەشنىڭ ياخشى چارىسى، ياخشىلىقنى ۋەسىيەت قىلىشتۇر.

( حسن ) إن المرأة لتأخذ على القوم – يعني تجير على المسلمين – ( ت ) عن أبي هريرة .

1945. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشىمۇ بەزى قەۋمگە يەنى مۇسۇلمانلارغا ئەھدە ئېلىپ، ئامانلىق

بېرەلەيدۇ، ھىمايە قىلىش ھوقۇقى بېرەلەيدۇ، تىرمىزى 1504 ـ ھەدىس.

( صحيح ) إن المرد إلى الله إلى جنة أو نار خلود بلا موت و إقامة بلا ظعن ( طب ) عن معاذ

1946. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاقىۋەت قايتىپ بارىدىغان جاي، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، يە جەننەتكە ياكى دوۋزاختۇر، ئۆلۈمسىز مەڭگۈ تۇرۇشتۇر، كۆچمەستىن، مۇقىم تۇرۇشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

إن المسألة كد يكد بها الرجل وجهه إلا أن يسأل الرجل سلطانا أو في أمر لا بد منه ( ت ن ) عن سمرة

1947. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سائىللىق، دىۋانىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتتۇر، كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قىينايدۇ، جاپادا قويىدۇ، ياكى ئۇ سوراش بىلەن يۈزىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ، ئەمما، كىشىنىڭ سۇلتاندىن سورىشى، يەنى مۇسۇلمان سۇلتاندىن سورىشى ياكى پەقەت چارە ـ ئامال قىلالمىغان ئىشلاردا سورىشى، بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، تىرمىزى 617 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19353 ـ ھەدىس، نەسەئى 2553 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1396 ـ ھەدىس، سەھھە.

إن المسلم إذا عاد أخاه المسلم لم يزل في مخرفة الجنة حتى يرجع ( حم م ت ) عن ثوبان

1948. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر مۇسۇلمان، كېسەل بولۇپ قالغان مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا، ئۇ ئۆيگە قايتقانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا تۇرۇۋېرىدۇ، زىيارەت قىلىسمۇ شۇنداق، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھھە.

إن المسلم المسدد ليدرك درجة الصوام القوام بآيات الله بحسن خلقه و كرم ضريبته ( حم طب ) عن ابن عمرو

1949. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىشلىرىدا ئادىل، ئوتتۇرھال يول تۇتقۇچى مۇسۇلمان، ئەخلاقىنىڭ گۈزەل، ياخشى بولۇشى، نەپىقە، چىقىم قىلىشتا، سېخى بولۇشى سەۋەبلىك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىگە يېتەلەيدۇ، ئوخشاش دەرىجە تاپالايدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

إن المسلم ليؤجر في كل شيء ينفقه إلا في شيء يجعله في هذا التراب ( خ ) عن خباب

1950. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ خەجلىگەن نەپىقە، چىقىم قىلغان بارلىق نەرسىلىرىگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، لېكىن، ئۇ مۇشۇ تۇپراق ئىچىگە قۇرۇلۇشقا چىقىم قىلىشۇتكەن نەرسىلىرىگە ئەجىر يوق، ساۋاب يوق، بۇخارى توپلىغان، سەھھە، مەنمەنلىك، ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش قىلماق.ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ بىلەن لايغا پۇل كەتمەيدۇ.

إن المصلي يناجي ربه فلينظر بم يناجيه و لا يجهر بعضكم على بعض بالقرآن ( طب ) عن أبي هريرة وعائشة

1951. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ناماز ئوقۇغۇچى ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجات قىلىپ، سۆزلەشكەن بولىدۇ، ئۇ رەببىگە نېمە بىلەن مۇناجات قىلىشىشقا قاراپ باقسۇن، بەزىڭلار ـ بەزىڭلارغا قۇرئاننى جەھرى، ئاشكارا ئوقۇمىسۇن، (يەنى ناماز ئىچى ۋە سىرتىدا شۇنداق) تەبرانى توپلىغان، سەھھە.

ھەممە كىشى يىغلىپ قۇرئاننى بىراقلا، تەڭلا جەھرى ئوقۇش بىدئەتتۇر، ھەدىستە يوق، ساھابىلەر، تابىئىنلاردا يوق، سەن ئالىممۇ؟ياكى رەسۇلۇللاھمۇ؟ ساھابىلەر، تابىئىنلارمۇ؟

( صحيح ) إن المعونة تأتي من الله للعبد على قدر المؤنة و إن الصبر يأتي من الله على قدر المصيبة ( الحكيم البزار الحاكم في الكنى هب ) عن أبي هريرة .

1952. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ياردەم، كىرىم ئاللاھ تەرەپىدىن بەندىگە چىقىمنىڭ سىپلىنغان مەبلىغىنىڭ مىقدارىدا كېلىدۇ، ھەقىقەتەن سەۋرىمۇ ئاللاھ تەرەپىدىن، مۇسىبەتنىڭ مىقدارىدا كېلىدۇ، ھەكىيم، بەزار، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن المقسطين عند الله يوم القيامة على منابر من نور عن يمين الرحمن و كلتا يديه يمين الذين يعدلون في حكمهم و أهليهم و ما ولوا ( حم م ن ) عن ابن عمرو

1953. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئادىللار، ئاللاھنىڭ نەزىلدىكى ئادىل كىشىلەر، قىيامەت كۈنى رەھماننىڭ ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، ئۇ ئادىل كىشىلەر ھۆكۈملىرىدە ئەھلى، بالىلىرى، ئائىللىرى توغرىسىدا ھەتتا ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئارلىق ئىشلاردا ئادىللىق قىلىدىغانلاردۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېگەنىدىكىن باردۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە، فىقھۇلئەكبەر دېگەن ئەقىدە كىتابىدا، كىم ئاللاھنىڭ قولى دېگەنگە قۇدرەت، نىئمەت مەئنا بەرسە، ئۇ مۆئتەزىللەردەك ئاللاھنىڭ قول دېگەن سۈپىتىگە تانغان بولىدۇ دېگەن . قولى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ، ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سوئال بىدئەت، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە، سەلەف، سالىھ، ساھابىلەر، تابىئىنلار تۆت چوڭ ئىماملار بىردەك شۇنداق قارايدۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى دېگەننى ئىسپاتلىغاننى ئىسپاتلايدۇ، نەفي، بولۇشسىز قىلغاننى نەفي بولۇشسىز قىلىدۇ، سۈكۈت قىلغانغا سۈكۈت قىلىدۇ، ئۆزگەرتمەيدۇ، خاتا چۈشەنمەيدۇ، ئوخشاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.

( صحيح ) إن المكثرين هم المقلون يوم القيامة إلا من أعطاه الله تعالى خيرا فنفح فيه بيمينه و شماله و بين يديه و ورائه و عمل فيه خيرا ( ق ) عن أبي ذر .

1954. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيانى كۆپ يىغقۇچىلار، قىيامەت كۈنى ئاخىرەتتە ئەجىر ساۋابلىرى ئەڭ ئاز كىشىلەردۇر، پەقەت ئاللاھتائالا ياخشىلىق يەنى مال ـ دۇنيا بەرگەن ئاندىن شۇ مال ـ دۇنيانى ئوڭ تەرىپىدىكىلەرگە، سول تەرىپى ئالدى تەرىپى ئارقا تەرىپىدىكىلەرگە ئايىماي سەرپ قىلغان سەدىقە ـ ئېھسان قىلغان، شۇ مالدا نۇرغۇن ياخشىلىقنى قىلغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇنىڭ ساۋابى كۆپ بولىۋېرىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن الملائكة تنزل في العنان فتذكر الأمر قضي في السماء فتسترق الشياطين السمع فتسمعه فتوحيه إلى الكهان فيكذبون معها مائة كذبة من عند أنفسهم ( خ ) عن عائشة .

1955. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر بۇلۇتلارغا چۈشۈپ، ئاسماندا ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ئەسلىشىدۇ، ئۇنى شەيتانلار ئوغرىلۇقچە ئاڭلىۋېلىپ، كاھىنلارغا يەنى غايىبنى ، سىرنى داۋا قىلىدىغان جىنكەشلەرگە ۋەسۋەسە، ئىلھام قىلىپ تاشلايدۇ، ئاندىن بۇلار ئۇ بىر سۆزگە ئۆز ئىچىدىن 100 يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (ئىسلام دىنى كاھىن، جىنكەشلەرگە بېرىشىدىن ئۇلارغا ئىشىنىشىدىن توسىدۇ).

إن الملائكة لتضع أجنحتها لطالب العلم رضا بما يطلب( الطيالسي ) عن صفوان بن عسال

1956. سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ



www.uyghurkitap.com

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئۇلار تەلەپ قىلىۋاتقان ئىلىمغا رازى بولغانلىقىدىن قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، پەس قىلىپ تۇرىدۇ، تەيالىسى توپلىغان ، سەھىھ.

إن الملائكة لتلعن أحدكم إذا أشار إلى أخيه بحديدة و إن كان أخاه لأبيه و أمه ( حم حل ) أبي هريرة

1957. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر سىلەردىن ئۆز قېرىندىشىغا تۆمۈر تىغ بىلەن ئىشارەت قىلغان ، يەنى ئۆلتۈرۈشكە ئىشارەت قىلىپ ، تىغ كۆتۈرگەن كىشىگە لەنەت قىلىدۇ، گەرچە ئىشارەت قىلىنغان قېرىندىشى بىر دادا، بىر ئانىدىن بولغان ئۆز قېرىنداش بولسىمۇ يەنىلا تۆمۈر بىلەن ئىشارەت قىلسىلا لەنەت قىلىۋېرىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان ، سەھىھ.

( حسن ) إن الملائكة ليقومون يوم الجمعة على أبواب المسجد معهم الصحف يكتبون الناس الأول و الثاني و الثالث حتى إذا خرج الإمام طويت الصحف ( حم ع طب الضياء ) عن أبي أمامة .

1958. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر جۈمە كۈنى مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئۈستىدە تۇرۇپ ، ئۆزلىرىدىكى دەپتەر، خاتىرىلەرگە كىشىلەرنى، تۇنجى بولۇپ كەلگەن كىشىنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كىشىلەرنى شۇ تەرتىپ بويىچە يازىدۇ، ئىمام مۇنبەرگە خۇتبە ئۈچۈن چىققاندا، دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ، زىكرىنى، خۇتبىنى تىڭشايدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا ، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن الملائكة لا تحضر الجنب و لا المضمخ بالخلوق حتى يغتسلا ( طب ) عن ابن عباس

1959. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر جۇنۇپنىڭ ۋە خەلۇق دېيىلىدىغان خۇشپۇراق رەڭلىك ئەتىرى بىلەن بويىۋالغان كىشىنىڭ يېنىغا يۇيۇنمىغۇچە ھازىر بولمايدۇ، يەنى بۇ ئىككى كىشى يۇيۇنۇپ، غۇسلى تاھارەت ئالمىغۇچە پەرىشتە كەلمەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن الملائكة لا تحضر جنازة الكافر بخير و لا المضمخ بالزعفران و لا الجنب ( حم د ) عن عمار بن ياسر

1960. ئاممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر، كاپىر، دىنسىزنىڭ جىنازىسىغا ، ئۆزىنى سېرىق رەڭلىك زەئپىران بىلەن بويىۋالغۇچىغا ، جۇنۇپقا ياخشىلىق بىلەن ھازىر بولمايدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن الملائكة لا تدخل بيتا فيه تماثيل أو صورة ( حم ت حب ) عن أبي سعيد .

1961. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر سۈرەت، ھەيكەل بار ئۆيگە كىرمەيدۇ، ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الملائكة لا تدخل بيتا فيه كلب ( طب الضياء ) عن أبي أمامة

1962. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ، (يەنى رەھمەت پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ) تەبرانى زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن الملائكة لا تدخل بيتا فيه كلب و لا صورة ( ه ) عن علي

1963. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ، (يەنى رەھمەت پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن المنفق على الخيل في سبيل الله كالباسط يديه بالصدقة لا يقبضها ( طب ) عن سهل بن الحنظلية .

1964. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدا باققان (جەڭدە مىنىدىغان) ئېتىغا نەپىقە، چىقىم قىلغۇچى ئىككى قولىنى سەدىقىگە كەڭ ئېچىپ يۇمۇۋالمايدىغان سېخىيغا ئوخشايدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن الموتى ليعذبون في قبورهم حتى إن البهائم لتسمع أصواقم ( طب ) ابن مسعود

1965. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېيىتلەر گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قەبرىلىرىدە ئازابلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئازابلانغاندىكى ئاۋازلىرىنى ھايۋانلارمۇ ئاڭلايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الموت فزع فإذا رأيتم الجنازة فقوموا ( حم م د ) عن جابر

1966. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئۆلۈم قورقۇنچلۇقتۇر، كىشىنى چۆچۈتىدۇ، جىنازىنى كۆرسەڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، مۇسلىمدا بۇ ئىشنى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان دېيىلىدۇ .بەزىلەر ئىختىيار دېگەن .

إن الميت إذا دفن سمع خفق نعالهم إذا ولوا عنه منصرفين ( طب ) عن ابن عباس

1967. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېيىت ، دەپنە قىلىنغان چاغدا، ئەھلىلىرىنىڭ، دەپنە قىلغانلارنىڭ قايتقاندىكى ئايىغىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الميت تحضره الملائكة فإذا كان الرجل صالحا قال: اخرجي أيتها النفس الطيبة كانت في الجسد الطيب اخرجي حميدة و أبشري بروح و ريحان و رب غير غضبان فلا يزال يقال لها ذلك حتى تخرج ثم يعرج بها إلى السماء فيستفتح لها فيقال: من هذا ؟ فيقول: فلان فيقال: مرحبا بالنفس الطيبة كانت في الجسد الطيب ادخلي حميدة و أبشري بروح و ريحان و رب غير غضبان فلا يزال يقال لها ذلك حتى ينتهي بها إلى السماء التي فيها الله تبارك و تعالى ; فإذا كان الرجل السوء قال اخرجي أيتها النفس الخبيثة كانت في الجسد الخبيث اخرجي ذميمة و أبشري بحميم و غساق و آخر من شكله أزواج فلا يزال يقال لها ذلك حتى تخرج ثم يعرج بها إلى السماء فيستفتح لها فيقال: من هذا ؟ فيقال: فلان فيقال: لا مرحبا بالنفس الخبيثة كانت في الجسد الخبيث ارجعي ذميمة فإنها لا تفتح لك أبواب السماء فترسل من السماء ثم تصير إلى القبر ; فيجلس الرجل الصالح في قبره غير فزع و لا مشعوف ثم يقال له: فيم كنت ؟ فيقول: كنت في الإسلام فيقال له: ما هذا الرجل ؟ فيقول: محمد رسول الله صلى الله عليه وسلم جاءنا بالبينات من عند الله فصدقناه فيقال له: هل رأيت الله ؟ فيقول: ما ينبغي لأحد أن يرى الله فيفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له: انظر إلى ما وقاك الله تعالى ثم يفرج له فرجة قبل الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: هذا مقعدك و يقال له: على اليقين كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله ; و يجلس الرجل السوء في قبره فزعا مشعوفا فيقال له: فيم كنت ؟ فيقول: لا أدري فيقال له: ما هذا الرجل ؟ فيقول: سمعت الناس يقولون قولا فقلته ! فيفرج له فرجة قبل الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: انظر إلى ما صرف الله عنك ثم يفرج له فرجة إلى النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال: هذا مقعدك على الشك كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله ( ه ) عن أبي هريرة .

1968. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېيىتكە پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، ئەگەر ئۇ سالىھ، ياخشى بولسا مۇنداق دەيدۇ: ئى پاك جەسەتتىكى پاك جان! مەدھىيىلەنگەن، ماختالغان ھالدا چىققىن!، راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ غەزەپ قىلمىغانلىقى بىلەن خۇش بىشارەت ئالغىن، جان چىققانغا قەدەر شۇنداق دېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئۆرلىتىپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ كىم؟ دېيىلسە ، بۇ پالانى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا پاك جەسەتتىكى پاك جانغا مەرھابا، مەدھىيىلەنگەن ماختالغان ھالدا كىرگىن، راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق بىلەن بىشارەت ئالغىن، رەببىڭ ساڭا غەزەپ

قىلمايدۇ دېيىلىدۇ ، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا ، ئاللاھتائالا بار بولغان يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىتىپ چىققىچە دېيىلىدۇ .

ئەگەر، ئۇ يامان كىشى بولسا ، ئى نىجىس، سېسىق جەسەتتىكى نىجىس جان!، خار ھالدا چىققىن!، قايناق سۇ، يىرىڭ، زەرداپ، زەققۇم، خىلمۇ ـ خىل ئازابلار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، جان چىققىچە شۇنداق دېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنى ئاسمانغا ئۆرلىتىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، كىم بۇ؟ دېيىلسە ، پالانى دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا نىجىس جەسەتتىكى نىجىس جانغا مەرھابالىق يوق، ئۇ قارشى ئېلىنمايدۇ، ئى جان، سەن خار ھالدا قايتقىن، چۈنكى، ساڭا ئىشىك ئېچىلمايدۇ دېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنى ئاسماننىڭ يېنىدىن قايتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ قەبرىگە قايتۇرۇلىدۇ، (ئەمدى بىز بۇ ئىككى خىل كىشىنىڭ قەبرىدىكى ۋەقەسىگە، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قۇلاق سالايلى) ياخشى كىشى قەبرىدە چۈچۈماستىن قاتتىق قورقۇتۇلماستىن ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ مەن ئىسلام دىنىدا ئىدىم دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى دېيىلسە ،ئۇ، بۇ مۇھەممەد  سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ بىزگە ئاللاھ تەرەپتىن روشەن مۆجىزە ئالامەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، بىز تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن ئاللاھنى كۆردۈڭمۇ دېيىلىدۇ ،ئۇ، بۇ دۇنيادا بىرەر كىشىنىڭ ئاللاھنى كۆرەلىشى لايىق ئەمەس دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخ تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ قارىغۇدەك بولسا ، دوۋزاخنىڭ بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاندىن ئۇنىڭغا ، سېنى ئاللاھ ساقلىغان نەرسىگە قارا، كۆردۈڭمۇ؟ دېيىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە، گۈزەللىككە قارايدۇ، ئۇنىڭغا بۇ سېنىڭ جايىڭ، مەڭگۈلۈك ئورنۇڭدۇر، سەن شەكسىز ئىشەنچ ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇ ئىشەنچ، ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە قوپۇرۇلىسەن دېيىلىدۇ .

يامان كىشى بولسا ، قەبرىسىدە چۆچۈغان، قاتتىق قورققان ھالدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا،سەن قايسى دىندا ئىدىڭ؟ دېيىلىدۇ ، ئۇ مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، بۇ قانداق كىشى؟ دېسە ،ئۇ، كىشىلەرنىڭ بىر سۆزىنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ مەنمۇ شۇنداق دەپ قويغان ئىدىم دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جەننەت تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى، گۈزەللىكنى كۆرىدۇ ، ئۇنىڭغا ئاللاھ سېنى چۆرۈۋەتكەن، سەندىنمۇ چۆرۈۋەتكەن نەرسىگە، جەننەتكە قارىۋالغىن، كۆرۈۋالغىن ، دېيىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ قارىسا دوۋزاخ قىزىقلىقىدىن بىر ـ بىرىنى يەپ كېتىۋاتقىدەك، ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ جايىڭ، ئورنۇڭدۇر، سەن شەك ئۈستىدە ئىدىڭ، يەنىلا شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا، سەن يەنىلا شەك ئۈستىدە قوپۇرۇلىسەن دېيىلىدۇ ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بارلىق كىتابلاردا بۇنىڭ ئوخشىشى باردۇر.

( صحيح ) إن الميت ليعذب ببكاء الحي ( ق ) عن عمر

1969. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېيىت ، تىرىكلەرنىڭ يىغا ـ زار قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار ئەگەر مېيىت رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، يىغلاش ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بولسا، ئازابلىنىدۇ دېدى. تەنتاۋى مېيىت يىغىنى، بۇ ئىشنى بىلگەندىكىن ئازابلىنىدۇ دېدى.

( صحيح ) إن الميت ليعذب ببكاء أهله عليه ( حم ق 3 ) عن ابن عمر

1970. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېيىت ، ئەھلىنىڭ، ئۇنىڭغا يىغا ـ زار قىلىشى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

1. ئازابلىنىدۇ دېدى، ئازابلىنىدۇ.

2. يىغا ـ زارنى قەبرە ئىچىدە بىلسە، ئازابلىنىدۇ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.
3. ۋەسىيەت قىلسا، رازى بولسا، ئازابلىنىدۇ.
4. يىغا ـ زار قىلىش مېيىتنىڭ ھايات چاغدىكى ئادىتى، ئارزۇسى بولسا، ئازابلىنىدۇ.
5. ئۇ ئالىم، تەقۋا، ياخشى كىشى بولۇپ، بۇ ئىشىدىن توسۇپ تۇرسا، رازى بولمىسا، ۋەسىيەت قىلمىسا، ئازابلانمايدۇ، يىغلىغۇچى ئۆزى ئازابلىنىدۇ، بىر گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنى، جىنايىتىنى يەنە بىر كىشى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئاۋازلىق يىغلىغۇچى تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كېتىپ، ھاياتى بەرزەختە قەبرىدە ئازابلانسا، بۇرۇن كەتكەن ئىنىڭ يېقىنى بولغان مېيىت ، شۇنى بىلىپ يەنىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئازابلىنىشى مۇمكىن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ دېگەن يەھۇدىيلارغا، دىنسىزلارغا دېيىلگەن سۆز ئىدى دېگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

إن الميت يبعث في ثيابه التي يموت فيها ( ك هق ) عن أبي سعيد .

1971. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، ھەقىقەتەن مېيىت ، قىيامەت كۈنىمۇ، ئۆلۈش ئالدىدا كىيىپ تۇرغان، ئۈچىسىدا بار تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، كىيىم ئىچىدە تىرىلىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
1. ھەدىستە دېيىلگەندەك بولىدۇ، راست شۇنداق.
2. كېپەن بولۇشى مۇمكىن.
3. كىيىم بۇ جايدا ئۇنىڭ دىنى، ئادىتى، بەلگىسى، ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن كىنايە بولىدۇ.

( صحيح ) إن النار أدنيت مني حتى نفخت حرها عن وجهي فرأيت فيها صاحب المحجن و الذي بحر البحيرة و صاحب حمير و صاحبة الهرة ( حم ) عن المغيرة

1972. مۇغىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دوزاخ ماڭا شۇنداق يېقىن قىلىنىدىكى، مەن ئۇنىڭ ھارارەت، قىزىقلىقىنى يۈزۈمدىن پۈۋلەپ كەتتىم، مەن دوزاختا ھاسا ئىگىسىنى، بەھىيرە تۆگىسىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان كىشىنى، ھىمىر قەبىلىسىدىن بولغان ئىگىز ، قارا تەنلىك ئايال، مۈشۈك ئىگىسىنى كۆردۈم، ئۇلار دوزاختا ئازابلىنىۋېتىپتۇ، ئەھمەد 6195 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى 14487 ـ ھەدىس، 17441 ـ ھەدىس، سەھىھ.
ھەدىسنىڭ مەنىسى مۇنداق: ھاسا ئىگىسى دېگىنى ئىلمەك ھاسا بىلەن ئوغرىلۇق قىلىدىغان كىشى، مال ئىگىسى بىلىپ قالسا، ھوي! بىلمەپتىمەن، ھاساغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ دەيدۇ، ئەگەر بىلمەي قالسا، نەرسىنى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ، بەھىيرە تۆگىسىنى يولغا قويغان كىشى بولسا، سۈرە مائىدەنىڭ 103 ـ ئايىتىدىكى سەككىزنى تۇغۇپ، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگىنى قۇلىقىنى يىرىپ قويۇپ بېرىلىدۇ، بۇتقا ئاتاپ قويۇپ بېرىپ يېيىشنى، مىنىشنى، سېغىپ ئىچىشنى ھارام قىلىۋەتكەن، دەل مۇشۇ ئىشى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان كىشىنى دوزاختا كۆرگەن. مۈشۈك ئىگىسى بولغان ھىمىر قەبىلىسىدىن بولغان ئايال، مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، قويۇپ بەرمەي ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن دوزاختا ئازابلانغان، مانا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىپ قېلىش سەۋەبىدىن، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ئوغرىلۇق ھارام، ھارام نەرسىنى ھالال قىلىش،ھالالنى ھارام قىلىۋېلىش ھارام،مۈشۈك بولسۇن، باشقا ھايۋان بولسۇن، سەۋەبسىز سولاپ قويۇپ، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈش، ئازابلاش ھارام دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ.

إن الناس إذا رأوا الظالم فلم يأخذوا على يديه أوشك أن يعمهم الله بعقاب منه ( د ت ه ) عن أبي بكر .

1973. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋالمىسا، زۇلۇم

قىلىشتىن توسماي، رازى بولسا، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئاممەتەن زالىم ۋە باشقا كىشىلەرنىمۇ ھالاك قىلىشى مۇمكىن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الناس إذا رأوا المنكر و لا يغيرونه أوشك أن يعمهم الله بعقابه ( حم ) عن أبي بكر

1974 . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر يامان ئىشنى، مۇنكەر ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى تۈزەتمىسە، ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئازابىنى، ھالاك قىلىشنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا ئومۇمىيۈزلۈك قىلىۋېتىشى مۇمكىن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. (كىيىن نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ).

إن الناس قد صلوا و رقدوا و إنكم لن تزالوا في صلاة ما انتظرتم الصلاة ( ق ه ) عن أنس

1975 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم خۇپتەننى ئۈزۈن ساقلىغانلار ئۈچۈن مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر نامازلىرىنى ئوقۇپ، ئۇخلاپ بولدى، سىلەر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ، ھەقىقەتەن سىلەر نامازنى ساقلاپ تۇردۇڭلار، نامازنى ساقلاپ تۇرساڭلار، شەكسىز ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىۋېرىسىلەر، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الناس قد صلوا و ناموا و أنتم لم تزالوا في صلاة ما انتظرتم الصلاة و لولا ضعف الضعيف و سقم السقيم لأمرت بهذه الصلاة أن تؤخر إلى شطر الليل ( ن ه ) عن أبي سعيد .

1976 . ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم خۇپتەن نامىزىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلارغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر ناماز ئوقۇپ ئۇخلاپ بولدى، سىلەر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ، نامازنى ساقلاپ تۇرغان بولساڭلىلا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر، كاشكى، ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقى، كېسەللەرنىڭ كېسىلى بولمىغان بولسا ئىدى، مەن بۇ خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الناس لم يعطوا شيئا خيرا من خلق حسن ( طب ) عن أسامة بن شريك .

1977 . ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەرگە ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ

إن الناس يصيرون يوم القيامة جثا كل أمة تتبع نبيها يقولون: يا فلان اشفع يا فلان اشفع حتى تنتهي الشفاعة إلى محمد صلى الله عليه وسلم فذلك يوم يبعثه الله المقام المحمود ( خ ) عن ابن عمر .

1978 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر قىيامەت كۈنى، تىزلانغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ، ھەربىر ئۈممەت ھەتتا بارلىق ئۈممەت ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىۋېلىپ، ئى پالانى، شاپائەت قىلغىن، ئى پالانى شاپائەت قىلغىن دەپ كېتىدۇ، ھېچكىشى بۇ چوڭ شاپائەتنى قىلالماي، ئۇ شاپائەت ھوقۇقى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىپ بارىدۇ، ئەنە شۇ كۈن بولسا، ئاللاھتائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەقامەھمۇدقا يەنى ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ يۇقىرى، ھەممىسى ھەتتا ھەممە پەيغەمبەرلەر ئارزۇ قىلىپ قالىدىغان ئورۇنغا ئەۋەتىدىغان كۈندۇر، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ سۆزلىگەن) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن الناس يهاجرون إليكم و لا تهاجرون إليهم و الذي نفسي بيده لا يحب الأنصار رجل حتى يلقى الله إلا لقي الله و هو يحبه ولا يبغض الأنصار رجل حتى يلقى الله إلا لقي الله وهو يبغضه حم طب)عن الحارث بن زياد الأنصاري

1979 . ھارىس ئىبنى زەبياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر ئىلىم ۋە باشقا ھاجەتلىرى ئۈچۈن سىلەرگە ھىجرەت قىلىپ كېلىدۇ، سىلەر ئۇلارغا ھىجرەت قىلىپ بارمايسىلەر، جىنىم ئىلكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھقا ئۇچراشقان كىشىگە ئاللاھمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ، ئەنسارىلارنى يامان كۆرۈپ، ئۆچ كۆرۈپ، ئاللاھقا ئۇچراشقان كىشىگە ئاللاھتائالامۇ ئۇنى يامان كۆرگەن، ئۆچ كۆرگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئۇچرىشىدۇ، (يەنى ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەننى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ، يامان كۆرگەننى ئاللاھ، يامان كۆرىدۇ) ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن النذر لا يقدم شيئا و لا يؤخر و إنما يستخرج به من البخيل ( حم ك ) عن ابن عمر

1980 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن نەزرى، ۋەدىسى يەنى كىشى ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ قىلغان سەدىقە ـ ئېھسان، تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلالمايدۇ، تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ، تەقدىر قىلىپ يازغاندۇر) پەقەت ئۇ بېخىل كىشىدىن سەدىقە ـ ئېھسان چىقىرىدۇ، يەنى بېخىل شۇ سەۋەبلىك سەدىقە قىلىدۇ، ئەھمەد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن النذر لا يقرب من ابن آدم شيئا لم يكن الله تعالى قدره له و لكن النذر يوافق القدر فيخرج ذلك من البخيل ما لم يكن البخيل يريد أن يخرج ( م ه ) عن أبي هريرة

1981. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، نەزىر ۋەدىسى قىلىپ، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش، ئاللاھتائالا تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسىنى ئادەم بالىسىغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، لېكىن، نەزىر سەدىقىسى تەقدىرگە مۇۋاپىق كېلىپ قېلىپ، بېخىل ئادەم چىقىرىشنى، خەجلەشنى ئىرادە قىلمىغان ماللارنى، نەرسىلەرنى بېخىلدىن چىقىرىدۇ، (يەنى بېخىل كىشى شۇ سەۋەبلىك سەدىقە قىلىدۇ) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. نەزىر دېگەنگە مىسال: مەن مەككىدىن سالامەت ھەج قىلىپ قايتىپ كەلسەم، ياكى مۇشۇ كېسەلدىن ساقايسام مۇنچىلىك نەرسە ھەدىيە، ئېھسان ، سەدىقە قىلىمەن دېگەن نەرسە.

إن النذر نذران فما كان لله فكفارته الوفاء به و ما كان للشيطان فلا وفاء له و عليه كفارة يمين(هق) عن ابن عباس

1982. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ۋەدە نەزىرىسى ئىككى خىل بولىدۇ. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان ياخشىلىق يولىدىكى ۋەدە نەزىرىسىنىڭ كاپارىتى؛ شۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتۇر، سەدىقىنى قىلىۋېرىشتۇر، شەيتان ئۈچۈن، گۇناھ، مەئسىيەت ئۈچۈن بولغان نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يوق، ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، قەسەمنىڭ كاپارىتىنى بېرىشى ۋاجىپ، (قەسەمنىڭ كاپارىتى، 10 مىسكىنگە تائام بېرىش، ياكى كىيىم ئېتىپ بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن النساء شقائق الرجال ( حم ) عن عائشة

1983. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئايال كىشى ئېھتىلام بولسا ، چۈشىدە مۇناسىۋەت قىلىپ، ھۆللۈكنى، مەنىي سۇيىنى كۆرسە ، غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنامدۇ؟ دەپ سورالغاندا ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، غۇسلى قىلىدۇ، يۇيۇنىدۇ، ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاشتۇر، مۇشۇ ھۆكۈمدە تېخىمۇ ئوخشايدۇ دېگەن . ئەھمەد 24999 ـ ھەدىس، تىرمىزى 105 ـ ھەدىس، نەسەئى 196 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 205 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن النطفة تقع في الرحم أربعين ليلة ثم يتسور عليها الملك الذي يخلقها فيقول: يا رب أذكر أو أنثى ؟ فيجعله الله ذكرا أو أنثى ثم يقول: يا رب أسوي أو غير سوي ؟ فيجعله الله سويا أو غير سوي ثم يقول: يا رب ما رزقه ؟ ما أجله ؟ ما خلقه ؟ ثم يجعله الله شقيا أو سعيدا ( م ) عن

حذيفة بن أسيد .

1984. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەنىي، ئىسپېرما ھۇجەيرىسى چاچلاشقان كىچىك تۇخۇم، ئانا رەھىمىدە 40 كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى سۈرەتكە كەلتۈرۈشكە، يارىتىلىشىغا مۇئەككەل پەرىشتە چۈشۈپ، مۇنداق سورايدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ بالا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا، جاۋابەن، بۇ بالىنى قىز ياكى ئوغۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ پەرىشتە، ئى رەببىم، بۇ بالا راۋۇرۇس، ئەقىللىق، تۇرقى ساق بولامدۇ؟ ياكى ئۇنداق بولمامدۇ؟ دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇ بالىنى يا رۇس، ساق ـ سالامەت، ئەقىللىق يارىتىدۇ، يا ئۇنداق قىلماي، باشقىچىرەك يارىتىدۇ، ئاندىن ئۇ، ئى رەببىم، بۇ بالىنىڭ يەيدىغان رىزقى قانچىلىك، ئۆمرى، ئەجىلى قانچىلىك، ئۇنىڭ يارىلىشى قانداق، شەقىيمۇ يا سائادەتمەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئاندىن كېيىن، ئاللاھ بۇ سوئاللارغا جاۋابەن، ئۇ بالىنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى بېكىتىپ، ئۇنى يا شەقى، دوۋزاخ ئەھلى، يا سائادەتمەن جەننەت ئەھلى قىلىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىدىن بىلىپ تۇرىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن النفس المخلوقة لكائنة ( طب ) عن عبادة بن الصامت

1985. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن يارالماقچى بولغان جان چوقۇم يارىلىدۇ، بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن النهبة ليست بأحل من الميتة ( د ) عن رجل

1986. ئەنسارلاردىن بولغان بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، ھەقىقەتەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، بۇلاپ ئېلىنغان مال، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكدىن ھالالراق ئەمەس، (يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ھاراملىقىدا پەرقى يوق) ئەبۇ داۋۇد 2330 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن النهبة لا تحل ( ه حب ك ) عن ثعلبة بن الحكم

1987. سۇئلەبە ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇلاڭچىلىق، ئوچۇق ـ ئاشكارا زۇلۇم قىلىپ، قەھرى قىلىپ، ئېلىنغان مال، ھەرگىز ھالال ئەمەس، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

إن الوسيلة درجة عند الله ليس فوقها درجة فسلوا الله أن يؤتينيها على الخلق يوم القيامة (ابن مردويه) أبي سعيد

1988. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ۋەسىلە دېگەن يەنى ئەڭ يېقىن جاي، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالاھىدە كاتتا دەرىجىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر دەرىجە يوقتۇر، ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئۇ جاينى ماڭىلا بېرىشنى ئاللاھدىن سوراڭلار، (بۇ مەقامىمەھمۇد بولۇشى مۇمكىن، ئەزاندا سورىلىدۇ) ئىبنى مەردۇۋىيە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الولد مبخلة مجبنة ( ه ) عن يعلى بن مرة

1989. ئەلى ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېخىللىق قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، قورقۇنچاقلىق قىلىپ، جىھادقا چىقالماسلىقىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ، ئىبنى ماجە 3656 ـ ھەدىس، ئەھمەدتىمۇ بار، سەھىھ.

إن الولد مبخلة مجبنة مجهلة محزنة ( ك ) عن الأسود بن خلف ( طب ) عن خولة بن حكيم .

1990. ئەسۋەد ئىبنى خەلەپ، خەۋلەت ئىبنى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېخىل

بولۇشىغا، جەڭدىن قورقۇشقا، ئىلىم ئالالماي نادان قېلىشىغا نۇرغۇن غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەملىرىگە سەۋەبچى بولىدۇ، (راس، ھەممە خاپىلىققا بالىلار سەۋەبچى، ھەتتا، ئىبادەت، جىھاد، ھىجرەتتىن توسۇپ قويىدۇ) ھاكىم بىلەن تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن الهجرة لا تنقطع ما دام الجهاد ( حم ) عن جنادة

1991. جۇنادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جىھاد داۋام قىلىدىكەن، ھىجرەت ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، (يەنى جىھاد بار جايدا ھىجرەت بولۇپ تۇرىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن الهدى الصالح و السمت الصالح جزء من سبعين جزءا من النبوة ( طب ) عن ابن عباس

1992. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ياخشى يول تېپىش، ھىدايەت، ياخشى ئەخلاق، دىنىدىكى ياخشى ھەيئەت، مەنزىرىلەر پەيغەمبەرلىكنىڭ 70 پارسىدىن بىر پارىدۇر، يەنى پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/70دۇر. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن الهدي الصالح و السمت الصالح و الاقتصاد جزء من خمسة و عشرين جزءا من النبوة( حم د ) عن ابن عباس

1993. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ياخشى يول، توغرا يول تۇتۇش، دىنغا ئەگىشىش، گۈزەل ھەيئەت، ئىشلاردا ئوتتۇرھال نورمال بولۇش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارسىدىن بىر پارىدۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/25دۇر. ئەھمەد 2565 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4146 ـ ھەدىس، ھەسەن.

إن اليدين يسجدان كما يسجد الوجه فإذا وضع أحدكم وجهه فليضع يديه و إذا رفعه فليرفعهما(د ن ك عن ابن عمر

1994. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىككى قول خۇددى يۈز سەجدە قىلغاندەك سەجدە قىلىدۇ، بىرىڭلار يۈزىنى سەجدىگە قويسا، ئىككى قولىنىمۇ قويسۇن، يۈزىنى سەجدىدىن كۆتۈرسە، ئىككى قولىنىمۇ كۆتۈرسۇن، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن اليوم يوم عاشوراء فمن أكل فلا يأكل شيئا بقية يومه و من لم يكن أكل أو شرب فليصم حب) سلمة بن الأكوع .

1995. سەلمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۈگۈن ئاشۇرا كۈنىدۇر، (يەنى بىرىنچى ئاي مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى، ياكى 9 ـ كۈنى) كىم بۈگۈن روزا تۇتماي نەرسە يېۋەتكەن بولسا، بۇ كۈننىڭ قالغان تەرپىدە نەرسە يېمەي تۇرسۇن، كىم يېمەي ـ ئىچمەي تۇرغان بولسا، بۈگۈن ئۇ روزا تۇتسۇن، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن اليهود إذا سلم عليكم أحدهم فإنما يقول: السام عليكم فقولوا: و عليكم ( د ت ) عن ابن عمر

1996. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن يەھۇدىيلارنىڭ بىرەرسى سىلەرگە سالام قىلسا، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ ئەسسامۇ ئەلەيكۇم دەيدۇ، يەنى ئۆلۈم سىلەرگە بولسۇن دەيدۇ، سىلەرمۇ ۋەئەلەيكۇم دەڭلار، يەنى بىزگە ئەمەس سىلەرگە بولسۇن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن اليهود ليحسدونكم على السلام و التأمين ( خط الضياء ) عن أنس

1997. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار سىلەرنىڭ سالام قىلىشىڭلارغا ئامىن! دېيىشىڭلارغا ھەسەت قىلىشىدۇ، (بۇ ھەدىستىن سالام بىلەن ئامىننىڭ پەزىلىتى يۇقىرى ئىكەن) خەتىبۇلبەغداد بىلەن زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

( صحيح ) إن اليهود و النصارى لا يصبغون فخالفوهم( ق د ن ە ) عن أبي هريرة

1998. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار چاچ ـ ساقىلىنى بويىمايدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ خىلاپىنى قىلىپ، بوياڭلار (باشقا خاتىرىلەردە بويىساڭلار قارا رەڭدە بوياشدىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن بار) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أمامكم حوضا كما بين جرباء و أذرح فيه أباريق كنجوم السماء من ورده فشرب منه لم يظمأ بعدها أبدا ( م ) عن ابن عمر

1999. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئالدىڭلاردا ھەۋزى كەۋسەر سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەڭلىكى جەربائ بىلەن ئەزرەھنىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدۇ، (بۇ ئىككىسى، شام دىيارىدىكى ئىككى شەھەر بولۇپ، ئارىلىقى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپە كېلىدۇ) كەۋسەر بۇلاق بويىدا ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ، ئۇرۇق چەينەكلەر، جاملار باردۇر، كەۋسەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ سۈيىدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، شۇنىڭدىن كېيىن، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن أمامكم حوضا ما بين ناحيتيه كما بين جرباء و أذرح ( حم م ) عن ابن عمر .

2000. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئالدىڭلاردا ھەۋزى كەۋسەر باردۇر، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئارىلىقى جەربائ بىلەن ئەزرەھنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر، (بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك يول) ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن أمامكم عقبة كئودا لا يجوزها المثقلون ( ك هب ) عن أبي الدرداء

2001. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئالدىڭلاردا ناھايىتى مۇشەققەتلىك، ئېگىز داۋان باردۇر، ئۇ داۋاندىن يۈكى ئېغىر كىشىلەر ھەرگىز ئۆتەلمەيدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ. (يۈكى ئېغىر كىشىلەر، باشلىق بولغانلار، ئەمەلدار، پادىچى بولغانلار، مال ـ دۇنياغا كۆپ بېرىلگەنلەر، خوتۇن بالىلىرى كۆپ بولۇپ، ھېسابىنى كۆپ بېرىدىغانلار) بۇ داۋاندىن ئۆتۈش چارىسىنى ئاللاھ سۈرە بەلەددە كۆرسىتىپ قويغاندۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

إن أمركن مما يهمني بعدي و لن يصبر عليكن بعدي إلا الصابرون – قاله لأزواجه –( ت حب ) عن عائشة .

2002. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاياللارغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەن بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنكى، مېنى ئەڭ كۆپ غەم قىلدۇرىدىغان نەرسە، سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردۇر، مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ نەپىقە ئىشىڭلارغا پەقەت سابىرلار، سەۋرە قىلغۇچىلارلا سەۋرە قىلالايدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن أمر هذه الأمة لا يزال مقاربا حتى يتكلموا في الولدان و القدر ( طب ) عن ابن عباس

2003. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشى، خەلىپىلىكى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئوخشاپ كەتكەن ھالدا داۋاملىشىدۇ، ھەتتا، ئۇلار كىچىك باللار توغرىسىدا (يەنى كىچىك باللارنىڭ خەلىپە، پادىشاھ قىلىش توغرىسىدا ياكى كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن باللارنىڭ جەننەت ياكى دوۋزاخ ئەھلى بولۇشى توغرىسىدا) سۆز قىلغاندا، تەقدىر توغرىسىدا سۆز قىلغاندا، بۇ ئۇممەتنىڭ خەلىپە ئىشلىرى داۋاملاشماي قالىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن أمة من بني إسرائيل مسخت دواب في الأرض و إني لا أدري أي الدواب هي ؟ ( حم د ن ە ) عن ثابت بن وديعة ( ە ) عن أبي سعيد

2004. سابىت ئىبنى ۋەدىيئەت ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللاردىن مەلۇم بىر ئۇممەت مۇشۇ زېمىندا سۈرىتى ھايۋانغا ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن ئىدى، مەن ئۇ ھايۋانىنىڭ قايسى ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.بىر يۇقىرىدا سۈرىتى ئۆزگەرتىلىپ، ھالاك قىلىنغان ئۇممەت توغرىسىدا سەھىھ ھەدىس يازغان، ئۇنداق ئۇممەتنىڭ نەسلى قالماي ھالاك بولدى.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **1816** . ( ق ) عن أبي هريرة . إن أمتي يدعون يوم القيامة غرا محجلين من آثار الوضوء ( فمن استطاع منكم أن يطيل غرته فليفعل )

2005. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىم، قىيامەت كۈنى تاھارەت ئەسەرلىرىدىن ئىزلىرىدىن قاشقىلىق نۇرلۇق، بەلگىلىك چاقىرىلىدۇ، نۇرنى ئۇزارتىشقا قادىر بولغان كىشى، شۇنداق قىلسۇن، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن أم ملدم تخرج خبث ابن آدم كما يخرج الكير خبث الحديد ( طب ) عن عبدربه بن سعيد بن قيس عن عمته .

2006. ئابدۇرەببىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئۇممەمۇلدەم يەنى قىزىتما كېسەل خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندەك ئادەم باللىرىنىڭ نىجىسلىقىنى، كىرلىرىنى، گۇناھلىرىنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أمن الناس علي في ماله و صحبته أبو بكر و لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخوة الإسلام لا يبقين في المسجد خوخة إلا خوخة أبي بكر ( م ت ) عن أبي سعيد .

2007. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماڭا، مېلىدا، سۆھبىتىدە، ھەمراھلىقىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكى، ئەمىنرەكى، ئەبۇ بەكرىدۇر، ئەگەر مەن ئالاھىدە يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە، ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتىمەن، خاس ياخشى كۆرىمەن ، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، دوستلۇقى ئەۋزەل، مەسجىددە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق مەسجىدكە قاراشلىق ئىشىكلەر قالماي تاقىۋېتىلسۇن، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

إن أناسا من أمتي يأتون بعدي يود أحدهم لو اشترى رؤيتي بأهله و ماله ( ك ) عن أبي هريرة

2008. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى ، بارلىق مال ـ مۈلۈكى ، ئەھلى، باللىرىنىڭ باراۋىرىگە سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

إن أوثق عرى الإسلام: أن تحب في الله و تبغض في الله ( حم ش هب ) عن البراء

2009. بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەھكەم تۇتقۇسى، ئاللاھ يولىدا دوست تۇتۇپ، ياخشى كۆرۈشۈڭ، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇپ، يامان كۆرۈشۈڭدۇر، ئەھمەد، ئەبۇ شەيبە، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن أولئك إذا كان فيهم الرجل الصالح فمات بنوا على قبره مسجدا و صوروا فيه تلك الصورة أولئك شرار الخلق عند الله يوم القيامة ( حم ق ن ) عن عائشة

2010. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاشۇ يەھۇدىيلار بولسا ، ئارىسىدا بىرەر ياخشى ، سالىھ كىشى ئۆلۈپ كەتسە ، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد سالىدۇ ، مەسجىد ئىچىگە شۇ كىشىنىڭ سۈرىتىنى سىزىدۇ ، ئەنە شۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر ، ئەھمەد ، بەيھەقى ، نەسەئى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن أولى الناس بالله من بدأهم بالسلام ( د ) عن أبي أمامة

2011. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئەلارىقى ، يېقىنراقى سالامنى باشتىلا قىلىغۋالغىنى ، (چۈنكى ، ئۇنىڭدا كىبىر ، ھەسەت يوق) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن أولى الناس بي المتقون من كانوا و حيث كانوا ( حم ) عن معاذ

2012. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماڭا ئەڭ لايىق ، ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولسا ، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قانداق مىللەت ، قانداق تىل ، قانداق رەڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، قانداق جايدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ تەقۋادار بولغان ، ئاللاھدىن قورقۇقچى كىشىلەردۇر ، ئەھمەد توپلىغان ، سەھىھ.

إن أول الآيات خروجا طلوع الشمس من مغربها و خروج الدابة على الناس ضحى فأيتهما ما كانت قبل صاحبتها فالأخرى على أثرها قريبا ( حم م د ه ) ابن عمرو

2013. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت ئالدىدىكى ئالامەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ چىقىدىغىنى ، قۇياشنىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشىدۇر ، ئىنسانلارغا چاشكا ۋاقتى بىلەن سۆزلەيدىغان ھايۋاننىڭ چىقىشىدۇر ، بۇ ئىككى ئالامەتنىڭ قايسىسى يەنە بىرسىدىن بۇرۇن يۈز بەرسە ، يەنە بىرسىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا يېقىندۇر ، ئەگىشىپلا كېلىدۇ ، ئەھمەد ، مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

إن أول الناس يقضى يوم القيامة عليه رجل استشهد فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال: فما عملت فيها ؟ قال: قاتلت فيك حتى استشهدت قال: كذبت و لكنك قاتلت ليقال جريء فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه حتى ألقي في النار و رجل تعلم العلم و علمه و قرأ القرآن فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال: فما عملت فيها ؟ قال: تعلمت العلم و علمته و قرأت فيك القرآن قال: كذبت و لكنك تعلمت العلم ليقال عالم و قرأت القرآن ليقال: هو قارئ فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه حتى ألقي في النار و رجل وسع الله عليه و أعطاه من أصناف المال كله فأتي به فعرفه نعمه فعرفها قال: فما عملت فيها ؟ قال: ما تركت من سبيل تحب أن ينفق فيها إلا أنفقت فيها لك قال: كذبت و لكنك فعلت ليقال: هو جواد فقد قيل ثم أمر به فسحب على وجهه ثم ألقي في النار ( حم م ن ) عن أبي هريرة .

2014. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشىلەر مۇنۇ ئۈچ كىشىدۇر.

بىرىنچىسى ، شېھىد بولغان كىشى بولۇپ ، بۇ كەلتۈرۈلىدۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ ، ئۇ تونۇيدۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇ نېئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە ، ئۇ سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ، شېھىد بولدۇم دەيدۇ ، ئاللاھ: يالغان سۆزلىدىڭ ، سەن كىشىلەر سېنى باتۇر ، قەھرىمان دېسۇن دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ ، بۇ ئۇنۋان ساڭا بېرىلىپ ، بۇ سۆزلەر دېيىلىپ بولدى دەيدۇ ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ، ئۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى ، ئىلىم ئۆگىنىپ ، ئىلىم ئۆگىتىپ ، قۇرئان ئوقۇغان كىشى بولۇپ ، بۇمۇ ھۆكۈم مەيدانىغا كەلتۈرۈلىدۇ ، ئاللاھ نېئمەتلىرىنى تونۇتقاندىن كېيىن ، سەن بۇ نېئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟ دېسە ، ئۇ ئى ئاللاھ ، مەن سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن ئىلىم ئېلىپ ، ئىلىم ئۆگىتىپ ، قۇرئان ئوقۇدۇم دەيدۇ ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىدىڭ ، سەن ئۆزۈڭگە ئالىم دېيىلسۇن ، قارى دېيىلسۇن ئۈچۈن ئىلىم ئېلىپ ، ئىلىم بېرىپ ، قۇرئان ئوقۇدۇڭ ، بۇلار ساڭا دېيىلىپ بولدى ، بېرىلىپ بولدى دەپ ئاندىن ئۇمۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ،

ئۇ يۇزىچە سۆرىلىپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى بولسا، ئاللاھ مال ـ دۇنياسىنى كەڭرى قىلغان، مال ـ دۇنيانىڭ بارلىق تۈرلىرىنى، ھەر خىللىرىنى بەرگەن كىشى بولۇپ، بۇمۇ مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ نېئمەتلەرنى تونۇتسا، ئۇ تونۇيدۇ، ئاندىن، سەن بۇ نېئمەتلەردە قانداق ئەمەل قىلدىڭ دېسە، ئۇ: ئى ئاللاھ، سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن، سىلى چىقىم قىلىنىشىنى، خەجلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق يوللارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي خەجلىدىم، نەپىقە، سەدىقە قىلدىم دەيدۇ، ئاللاھ يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئۇ ماللارنى رىيا قىلىپ، باشقىلار سېنى سېخى دەپ قالسۇن ئۈچۈن سېخى دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەجلىدىڭ، بۇمۇ ساڭا دېيىلىپ بولدى دەيدۇ، ئاندىن ئۇمۇ دوۋزاخقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇمۇ يۈزىچە سۆرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە رىياخور، شۆھرەتپەرەس، مەنمەنچى، خەخ دەپ ئىش قىلىدىغان، يالغان شېھىد، تاماخور داموللا، رىياخور سېخى دوۋزاخقا ھۆكۈم قىلىندى، بۇ قىلمىشلار ھارام ئىكەن، چۈنكى، ئازاب بېرىلىدۇ.

إن أول زمرة يدخلون الجنة على صورة القمر ليلة البدر ثم الذين يلونهم على أشد كوكب دري في السماء إضاءة لا يبولون و لا يتغوطون و لا يتفلون و لا يتمخطون أمشاطهم الذهب و رشحهم المسك و مجامرهم الألوة و أزواجهم الحورالعين أخلاقهم على خلق رجل واحدعلى صورة أبيهم آدم ستون ذراعا في السماء(حم ق ه هريرة .

2015. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتلەر 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولىدىغانلار بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى يورۇشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلار جەننەتتە كىچىك ـ چوڭ تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، مىشقارمايدۇ، بۇرۇندىن نەرسە كەلمەيدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارايدىغان تاغاقلىرى ئالتۇندۇر، پۇراقلىرى بولسا، مىسكە ئەنبەردۇر، خۇشپۇراق ئۈچۈن ياندۇرۇپ قويىدىغان شاڭلىرى يورۇتۇپ قويىدىغان نەرسىسى بولسا، ئەلۈت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچتۇر، جۈپتىلىرى، ئاياللىرى بولسا، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلاردۇر، ئەخلاقى بولسا، بىرلا كىشىنىڭ ئەخلاقىدەك، (يەنە بىر خاتىرىدە بىرلا كىشىنىڭ قەلبىدە بولىدۇ) سۈرەت، چىراي، بەدەن شەكلى، دادىسى، ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، (ئاللاھ ئادەم ئاتىنى ئۆز قولى بىلەن ئەڭ گۈزەل ياراتقان،جەننەت ئەھلى شۇ سۈرەتتە بۇلىدۇ)، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن أول شيء خلقه الله القلم فأمره فكتب كل شيء يكون ( حل هق ) عن ابن عباس

2016. ئىبنى ئاببارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا تۇنجى قېتىم ياراتقان نەرسە ، قەلەم بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى بۇندىن كېيىن بولىدىغان، يارىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىرىنى قويماي يېزىشقا بۇيرۇغان ، ئۇ يازغان، ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن أول ما خلق الله القلم فقال له: اكتب قال: ما أكتب ؟ قال: اكتب القدر ما كان و ما هو كائن إلى الأب ( ت ) عن عبادة بن الصامت

2017. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ تۇنجىسى قەلەم بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا يازغىن! دېدى، ئۇ نېمىنى يازىمەن؟ دېدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا تەقدىرنى ياز، مەۋجۇت بولغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تا ئەبەدىلئەبەدكىچە مەۋجۇت بولىدىغان نەرسىلەرنى يازغىن دېدى، (ئۇ يازدى) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أول ما خلق الله القلم فقال له: اكتب قال: يا رب و ما أكتب ؟ قال: اكتب مقادير كل شيء حتى تقوم الساعة من مات على غير هذا فليس مني ( د ) عن عبادة بن الصامت

2018. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھ تۇنجى قېتىم ياراتقان نەرسە، قەلەم بولۇپ، ئۇنىڭغا يازغىن دېدى، ئۇ، ئى رەببىم، نېمىنى يازىمەن؟ دېدى، ئاللاھ: قىيامەت قايىم بولغىچە بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى يازغىن دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ، كىم تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمەي، مۇشۇ ئېتىقادىنىڭ غەيرىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دېدى، (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن أول ما نبدأ به في يومنا هذا أن نصلي ثم نرجع فننحر فمن فعل ذلك فقد أصاب سنتنا و من ذبح قبل ذلك فإنما هو لحم قدمه لأهله ليس من النسك في شيء ( حم ق 3 ) عن البراء .

2019. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇشۇ كۈنىمىزدە يەنى قۇربان ھېيت كۈنىمىزدە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىمىز، ھېيت نامىزىنى ئوقۇشىمىزدۇر، ئاندىن نامازدىن قايتىپ بېرىپ، قۇربانلىق قىلىمىز، كىم شۇنداق قىلسا، بىزنىڭ سۈننىتىمىز بويىنچە توغرا قىلغان بولىدۇ، كىم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ئۇ قوي، ئەھلىگە باللىرىغا تەقدىم قىلغان گۆشلا بولىدۇ، ئۇ قۇربانلىقتىن ھېچنەرسە ئەمەس، قۇربانلىق ھېسابلانمايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن أول ما يحاسب به العبد يوم القيامة من عمله الصلاة فإن صلحت فقد أفلح و أنجح و إن فسدت فقد خاب و خسر و إن انتقص من فريضة قال الرب: انظروا هل لعبدي من تطوع ؟ فيكمل بها ما انتقص من الفريضة ثم يكون سائر عمله على ذلك ( ت ن ه ) عن أبي هريرة

2020. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بەندىلەر، ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر، ئەگەر ناماز يارامىلىق بولۇپ، ئۇكۇشلۇق ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ بەندە، جەننەت ۋە باشقا ئېرىشىدىغان نەرسىگە ئېرىشىش بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش بىلەن نىجات تاپىدۇ، ئەگەر ناماز پاسات بولۇپ، يارامىلىق بولماي، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىسە، جەننەتتىن قۇرۇق قېلىپ، دوۋزاخقا كىرىپ قېلىپ، چوڭ زىيان تارتىدۇ، (يەنى ناماز ياخشى بولسا، قوشلاپ پايدا ئېلىپ، نىجاد تاپىدۇ، نامازدىن چاتاق چىقسا، قوشلاپ زىيان تارتىپ، ھالاك بولىدۇ). ئەگەر، پەرز ئىبادەتلىرىدىن بىرەرسى كاملاپ قالسا، رەبتائالا پەرىشتىلەرگە، قاراپ بېقىڭلار! بەندەم ئۈچۈن بىرەر نەپلە ئىبادەتلەر بارمۇ؟ دەيدۇ، پەرز ئىبادەتلەردىن كاملاپ قالغاننىڭ ئورنى، نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن كامىل، تولۇقلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئۇ بەندىنىڭ قالغان بارلىق ئەمەللىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، (يەنى قايسى پەرز كاملاپ قالسا، شۇنىڭ تۈرىدىكى نەپلە ئىبادەت بىلەن كامىل تولۇقلىنىدۇ) تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(مېنى بۇ ھەدىس شۇنداق خۇشال قىلدىكى، بۇ خۇشاللىقىمنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، نەپلە ئىبادەتلەرنى، سەدىقە ـ ئېھسانلارنى كۆپلەپ قىلىڭلار).

( صحيح ) إن أول ما يحكم بين العباد في الدماء ( ت ) عن ابن مسعود

2021. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەندىلەر ئارىسىدا، ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى، قان، خۇن توغرىسىدا بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أول ما يسأل عنه العبد يوم القيامة من النعيم أن يقال له: ألم نصح لك جسمك و نرويك من الماء البارد ؟ ( ت ك ) عن أبي هريرة

2022. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بەندىدىن سوئال سورۇلۇپ، سوراققا تارتىلىدىغان نېئمەتنىڭ تۇنجىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىش بولىدۇ، سەن ئۈچۈن جىسمىڭنى، تېنىڭنى ساق ـ سالامەت

قىلمىدىمىمۇ؟ سىنى سوغۇق، مۇزلۇق، تاتلىق سۇ بىلەن قاندۇرمىدىمىمۇ؟ دېيىلىدۇ ، (ئاھ! باشقا نېئمەتلەردىن قانداق ھېساب بېرەرمىز؟ ئاللاھ رەھمىتى بىلەن ئاسان قىلا، ئامىن!) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن أول منسك يومكم هذا الصلاة ( طب ) عن البراء

2023. بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىبادىتىڭلارنىڭ تۇنجىسى ھېيت نامىزى ئوقۇشتۇر، (ئاندىن قۇربانلىق قىلىش) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن أول من سيب السوائب و عبد الأصنام أبو خزاعة عمرو بن عامر و إني رأيته في النار يجر أمعاءه فيها ( حم ) عن ابن مسعود

2024. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۈرە مائىدەدە تىلغا ئېلىنغان سائىبە ئىسىملىك تۆگىنى ھارام قىلىۋېلىش ئادىتىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان، بۇتقا چوقۇنۇپ، شۇ بۇتلارغا، ئىبادەت قىلغان كىشى، ئەبۇ خۇزائە ئەمۇر ئىبنى ئامىردۇر، شەك ـ شۈبھىسىز مەن ئۇنى دوۋزاختا كۆردۈم، ئۇ دوۋزاخ ئىچىدە ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل الجاهلية كانوا يقولون: إن الشمس و القمر لا ينخسفان إلا لموت عظيم من عظماء أهل الأرض و إن الشمس و القمر لا ينخسفان لموت أحد و لا لحياته و لكنهما خليقتان من خلقه يحدث الله في خلقه ما شاء فأيهما انخسف فصلوا حتى ينجلي أو يحدث الله أمرا ( ن ) عن النعمان بن بشير .

2025. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جاھالىيەت ئەھلى مۇنداق دەپ قارايتتى، قۇياش بىلەن ئاي، زېمىن ئەھلىدىن كاتتا، ئۇلۇغ بىر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، تۇتۇلىدۇ، بولمىسا، تۇتۇلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي، بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ئىككى مەخلۇقتۇر، ئاللاھ ئۆز مەخلۇقلىرىدا ئۆزى خالىغان ئىشلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى تۇتۇلسا، روشەن ئېچىلغىچە ياكى ئاللاھ بىرەر نەرسە، پەيدا قىلغىچە، كۇسۇف، خۇسۇپ نامىزى ئوقۇڭلار، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل الجنة ليتراءون أهل الغرف في الجنة كما تراءون الكواكب في السماء ( حم ق ) عن سهل بن سعد

2026. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى، جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدىكى غۇرفەت ئەھلىگە يۇقىرى دەرىجىدىكىلەرگە خۇددى سىلەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ قالغاندەك قاراپ قالىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أهل الجنة ليتراءون أهل الغرف من فوقهم كما تراءون الكوكب الدري الغابر في الأفق من المشرق أو المغرب لتفاضل ما بينهم ( حم ق ) عن أبي سعيد ( ت ) عن أبي هريرة .

2027. ئەبۇ سەئىد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىلىرى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى غۇرفەت ئەھلى بولغان ئۈستۈن دەرىجىلىكلەرگە خۇددى سىلەر مەشرىقنىڭ ياكى مەغرىبنىڭ ئۇپۇقلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېشىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاراپ قالغاندەك قارىشىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەت پەرقى، ئەنە شۇنداقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ..

إن أهل الجنة ميسرون لعمل أهل الجنة و إن أهل النار ميسرون لعمل أهل النار ( د ) عن عمر

2028. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىگە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسان قىلىنىدۇ، دوۋزاخ

ئەھلىگىمۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرى ئاسان قىلىنىدۇ. (ھەرقايسى ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىدۇ، ئەمەل قىلغۇچىلار) (ئىنسان قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە جان كۆيدۈرۈشى، شۇ ئەمەللىرى، نىيىتى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل الجنة يأكلون فيها و يشربون و لا يتفلون و لا يبولون و لا يتغوطون و لا يمتخطون و لكن طعامهم ذلك جشاء و رشح كرشح المسك يلهمون التسبيح و التحميد كما تلهمون أنتم النفس ( حم م د ) عن جابر .

2029. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلى، جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، لېكىن، تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە كەلمەيدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ تائامىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى بولسا، قورساق تويغاندىكى كېكىرىش ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىپلا تەرلەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، تەرلىرى بولسا، مىسكىنىڭ خۇشپۇرىقىدەك خۇشپۇراقتۇر، خۇددى سىلەرگە نەپەسلىنىش، تىنىق ئاسان قىلىنغاندەك، ئۇلارغا تەسبىھ، تەكبىر ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ئىلھام بىلەن ئاسان قىلىنىدۇ، نەپەسنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئەھمەد 14394 ـ ھەدىس، دارمى 2706 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4116 ھەدىس، مۇسلىم 5066 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن أهل الدرجات العلى يراهم من هو أسفل منهم كما ترون الكوكب الطالع في أفق السماء و إن أبا بكر و عمر منهم و أنعما ( حم ت ه حب ) عن أبي سعيد ( طب ) عن جابر بن سمرة ( ابن عساكر ) عن ابن عمرو وعن أبي هريرة .

2030. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدىكىلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلەر، خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقلىرىدا ئاشكارا بولغان يۇلتۇزنى ئاران تەستە كۆرەلىگەندەك، ئاران كۆرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، ئاشۇ ئۈستۈن دەرىجىدىكىلەردىن بولۇپ، بۇ ئىككىسىگە نېئمەت بېرىلدى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ سەئىددىن تەبرانى، جابىر ئىبنى سۇمرەتتىن ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى ئەمرۇددىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل المعروف في الدنيا هم أهل المعروف في الآخرة و إن أهل المنكر في الدنيا أهل المنكر في الآخرة ( طب ) عن سلمان وعن قبيصة بن برقة وعن ابن عباس ( حل ) عن أبي هريرة ( خط ) عن علي وأبي الدرداء

2031. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق ئەھلى، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئەھلى بولىدۇ، بۇ دۇنيادىكى يامانلىق، مۇنكەر ئەھلى ئاخىرەتتىمۇ مۇنكەر يامانلىق ئەھلى ھېسابلىنىدۇ، (بۇ ئالامەتلىرىدىن ئەمەللىرىدىن بىلىنىدۇ). بۇ ھەدىسنى تەبرانى، سۇلەيماندىن قەبىيسەتتىن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، ئەبۇ نۇئەيىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن،خەتىبۇلبەغداد، ئەلى، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن أهل النار ليبكون حتى لو أجريت السفن في دموعهم جرت و إنهم ليبكون الدم ( ك ) عن أبي موسى

2032. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلى، شۇنداق يىغا ـ زار قىلىپ يىغلايدۇكى، ئەگەر كېمە، پاراخوتلار ئۇلارنىڭ ياشلىرىدا ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئەركىن ماڭالايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار قان يىغلايدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (ئى ئاللاھ، بىزنى دوۋزاخدىن ساقلىغىن، ئامىن!

إن أهون أهل النار عذابا من له نعلان و شراكان من نار يغلي منهما دماغه كما يغلي المرجل ما يرى أن أحدا أشد منه عذابا و إنه لأهونهم عذابا ( م ) عن النعمان بن بشير

2033. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىللىراقى، ئاسانراقى، ئوتتىن ئىككى

ئاياغ كىيگەن كىشىدۇر، ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ بوغۇچ، شوينىلىرىمۇ ئوتتىندۇر، شۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىزىقلىقىدىن ، خۇددى قازان قاينىغاندەك، ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ، ئۇ ئۆزىدىن ئازابى ئەڭ قاتتىقراق ھېچبىر كىشى يوق دەپ قارايدۇ، پەقەت ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق ئازابتا كۆرىدۇ ، ئەمەلىيەتتە، بولسا، ئۇ ئازابى ئەڭ ئاسان، ئەڭ تۆۋەن كىشىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أهون أهل النار عذابا يوم القيامة رجل يحذى له نعلان من نار يغلي منهما دماغه يوم القيامة ( ك ) عن أبي هريرة

2034. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىل كىشىسى بولسا، ئوتتىن ئىككى ئاياغ كەيدۈرۈلىدىغان كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىزىقلىقىدىن مېڭىسى قاينايدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن أهون أهل النار عذابا يوم القيامة لرجل يوضع في أخمص قدميه جمرتان يغلي منهما دماغه كما يغلي المرجل بالقمقم ( حم خ ن ) عن النعمان بن بشير

2035. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى قەدىمىنىڭ ئاستىغا، ئىككى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى دانە چوغ قويۇلىدىغان كىشىدۇر، شۇ ئىككى چوغنىڭ قىزىقلىقىدىن خۇددى چۆگۈندە سۇ قاينىغاندەك، ياكى قازان بىلەن چۆگۈن قاينىغاندەك ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ، بۇخارى 6077 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2529 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17687 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن بالمدينة أقواما ما سرتم مسيرا و لا أنفقتم من نفقة و لا قطعتم واديا إلا كانوا معكم فيه و هم بالمدينة حبسهم العذر ( حم خ د ه ) عن أنس ( م ه ) عن جابر

2036. ئەنەس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەدىنىدە بىر تۈركۈم قەۋملەر باركى، سىلەر بىرەر ئۇرۇش مەيدانىغا سەپەر قىلساڭلار، بىرەر نەپىقە، چىقىم، سەدىقە قىلساڭلار، بىرەر يېزا ـ قىشلاقلارنى بېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن شۇ ئىشلاردا ئەجىردە بىللە بولىدۇ، ئۇلار مەدىنىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۆزرىسى كۇپايە بولىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن بالمدينة جنا قد أسلموا فإذا رأيتم منهم شيئا فآذنوه ثلاثة أيام فإن بدا لكم بعد ذلك فاقتلوه فإنما هو شيطان ( حم م ) عن أبي سعيد

2037. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان جىنلار بار، سىلەر ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئۈچ كۈن خەۋەر قىلىڭلار، چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلساڭلار، ئەگەر شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە يەنە ئاشكارا بولۇپ كۆرۈنسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ شەيتاندۇر، ئەھمەد، مۇسلىم 4150 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1404 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4575 ـ ھەدىس، مالىك 1547 ـ ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىسنى بىر ياش يىگىت يىلان بىلەن ئېلىشىپ، ئۆز ئۆيىدە ئۆلۈپ كەتكەندە دېگەن .

( صحيح ) إن بحسبكم القتل ( د ) عن سعيد بن زيد

2038. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم چوڭ پىتنە ـ پاساتنى ، بالا، مېھنەتنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ بىزنى ھالاك قىلىۋېتەرمۇ؟ دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆلۈم، ئۆلتۈرۈلۈش كۇپايە قىلىدۇ دېدى، سەئىد مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى راستىنلا كۆردۈم دېدى، ئەبۇ داۋۇد 3729 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن بعدي من أمتي قوما يقرءون القرآن لا يجاوز حلاقمهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية ثم لا يعودون إليه شر الخلق و الخليقة ( حم م ه ) عن أبي ذر ورافع بن عمرو الغفاري معا .

2039. ئەبۇ زەر، رافىئ، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇملىرىدىن، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى دىللىرىغا تەسىر قىلمايدۇ، كۆزى ياش تۆكمەيدۇ) ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ياچاقدىن نىشانغا تېز چىققاندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇلار خەلقلەرنىڭ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. خەلىقەتنىڭ يەنى ھەتتا ھايۋانلارنىڭمۇ يامىنىدۇر، بارلىق خالايىقلارنىڭ يامانلىرىدۇر، مۇسلىم 1775 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 166 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20551 ـ ھەدىس، دارىمى 2327 ـ ھەدىس، مۇسلىمدا خاۋارىجلار ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭمۇ، بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر دېگەن بابنى قويغان، ئالىملار بۇ تۆردىكى ھەدىسلەرنى دەلىللەپ ئەمەلىيەتتىكى ئالامەت بەلگىلەرگە قاراپ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، جۇمھۇر ئالىملار، ئۇلار خاۋارىجلار شۇدۇر دېگەن ، ئۇلارنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باستۇرغان، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

إن بلالا يؤذن بليل فكلوا و اشربوا حتى يؤذن ابن أم مكتوم ( مالك حم ق ت ن ) عن ابن عمر ( خ ن ) عن عائشة

2040. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بەك كېچىدە ئەزان توۋلايدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم ئەزان توۋلىغىچە يەۋېرىڭلار، ئىچىۋېرىڭلار، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، بۇخارى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن ئەزاننىلا ئاڭلاپ يېيىش ـ ئىچىشتىن توختاپ قالماي، سۇبھى يورۇغاندا شۇ چاغدا توۋلانغان ئەزاننى ئاڭلىسا، ئاندىن زوھۇرلۇق يېيىشنى توختاتسا بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

( صحيح ) إن بلالا يؤذن بليل ليوقظ نائمكم و ليرجع قائمكم ( ن ) عن ابن مسعود

2041. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلاپ قالغىنىڭلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇۋاتقىنىڭلارنى، زوھۇرلۇق يەۋېلىشقا قايتۇرۇش ئۈچۈن، كېچىدىرەك ئەزان توۋلايدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن بني إسرائيل افترقت على إحدى و سبعين فرقة و إن أمتي ستفترق على اثنتين و سبعين فرقة كلها في النار إلا واحدة و هي: الجماعة ( ه ) عن أنس

2042. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار 71 پىرقىغە بۆلۈنۈپ كەتتى، شەك ـ شۈبھىسىز مېنىڭ ئۈممىتىم بۇندىن كېيىن 72 پىرقىغە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ھەممىسى دوۋزاخقا كىرىپ، پەقەت بىر پىرقىسى قالىدۇ، يەنى 71 پىرقىسى دوۋزاخقا كىرىپ، بىر پىرقىسى جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇ بىر پىرقىسى بولسا، جامائەتتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ جامائەتنى باشقا ھەدىسلەر بىلەن شەرھىيلەپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك، ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك، سەلەپ، سالىھ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولغان ھەق ئۈستىدە غەلىبە قىلىدىغان بىر تائىپە دەل ئۆزى شۇ دېدى، بۇ دېگەن خەلپە جامائىتى ئىدى، ئىختىلاپ قىلماڭلار.

( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألبانيان بني إسرائيل كان إذا أصاب أحدهم البول قرضه بالمقراض ( فإذا أراد أحدكم أن يبول فليرتد لبوله ) ( حم ك ) عن أبي موسى

2043. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللارنىڭ بىرەرسىگە سۈيدۈك تېگىپ قالسا، ئۇنى قايچا بىلەن كېسەتتى، بىرىڭلار كىچىك تەرەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، سۈيدۈك چاچراپ كەتمىگۈدەك، يۇمشاق، قولايلىق جاينى ئىزدىسۇن، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن بني إسرائيل كتبوا كتابا فاتبعوه و تركوا التوراة ( طب ) عن أبي موسى

2044. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار ئۆزلىرى بىر كىتاب يېزىپ شۇ كىتابقا ئەگىشىپ كەتتى، تەۋراتنى بولسا، تاشلاپ قويدى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ئەھۋاللار قۇرئاندا تەپسىلىي سۆزلەنگەن، ئۇ ئايەتلەر بۇ ھەدىسنىڭ شاھىدى بولىدۇ.

( صحيح ) إن بني إسرائيل لما هلكوا قصوا ( طب الضياء ) عن خباب

2045. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار ھالاك قىلىنغاندا، قىسسە، تارىخ قىلىنىپ سۆزلەندى، ئۇلار ۋە ئىش ئىزلىرى تارىخ، ھېكايىگە ئايلاندى، (مەقسەت سىلەرمۇ ئىبرەت ئېلىپ، ھەزەر قىلىڭلار) تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إن بني هشام بن المغيرة استأذنوني في أن ينكحوا ابنتهم علي بن أبي طالب فلا آذن ثم لا آذن إلا أن يريد ابن أبي طالب أن يطلق ابنتي و ينكح ابنتهم فإنما هي بضعة مني يريبني ما أرابها و يؤذيني ما آذاها ( حم ق د ت ه ) عن المسور بن مخرمة

2046. مىسۋەر ئىبنى مىخرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھىشام ئىبنى مۇغەيرەتنىڭ باللىرى مەندىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا ئۆزلىرىنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ قويۇش توغرىسىدا ئىزنى، رۇخسەت سورىدى، مەن ئۇ ئىشقا ھەرگىز ئىزنى بەرمەيمەن، رۇخسەت قىلمايمەن، ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمەن. لېكىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ مېنىڭ قىزىم پاتىمەنى تالاق قىلىپ، قويۇۋېتىپ ئۇلارنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئالسا، بۇ مۇستەسنا، مەيلى! ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنى خاتىرجەمسىز بىئارام قىلغان نەرسە، مېنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزگەن نەرسە، ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە ئۆتۈپ، ئۇ قىزنى ئالمىدى)

إن بين يدي الساعة الهرج: القتل ما هو قتل الكفار و لكن قتل الأمة بعضها بعضا حتى أن الرجل يلقاه أخوه فيقتله ينتزع عقول أهل ذلك الزمان و يخلف لها هباء من الناس يحسب أكثرهم أنهم على شيء و ليسوا على شيء ( حم ه ) عن أبي موسى

2047. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا زور قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ، ئۇ كۇپپارلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ئەمەس. لېكىن، ئۇ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈشى، ھەتتا، بىر كىشىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇچرىسىمۇ،ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ، شۇ زاماننىڭ ئەھلىنىڭ ئەقىللىرى تارتىلىپ كېتىدۇ، ئۇ زامان ئەھلىگە كىشىلەرنىڭ شاللاقلىرى، نادانلىرى خەلىپە قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدا دەپ داۋا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار توغرا يول ئۈستىدە ئەمەس، ئەھمەد 18885 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2126 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3949 ـ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار، سەھىھ.

( صحيح ) إن بين يدي الساعة ثلاثين دجالا كذابا ( حم ) عن ابن عمر

2048. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا 30 دەججال، كاززاپ بار، (يەنە بىر خاتىرىدە ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، ھەزەر قىلىڭلار دېگەن بار) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن بين يدي الساعة فتنا كقطع الليل المظلم يصبح الرجل فيها مؤمنا و يمسي كافرا و يمسي مؤمنا و يصبح كافرا القاعد فيها خير من القائم و القائم فيها خير من الماشي و الماشي فيها خير من الساعي فكسروا قسيكم و قطعوا أوتاركم و اضربوا سيوفكم بالحجارة فإن دخل على أحد منكم بيته فليكن كخير ابني آدم(حم د ه ك) عن أبي موسى

2049. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت بولۇش ئالدىدا زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىسىدەك، قەبىھ، دەھشەتلىك پىتنە ـ پاساتلار باردۇر، شۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ يامانلىقىدىن، كىشى مۆئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالدا كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلغان بولسا، كاپىر ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۇ پىتنە كۈنلەردە، ئولتۇرۇلگۇچى ئۆرە تۇرغۇچىدىن ياخشى، ئۆرە جىم تۇرغۇچى كىشى ماڭغۇچىدىن، ئاستا ماڭغۇچى يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىدۇر، ئۇ چاغلاردا ئوقيالىرىڭلارنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ زەي تارىسىنى ئۈزۈۋېتىڭلار، قىلىچلىرىڭلارنى تاشقا ئۇرۇۋېتىڭلار، ئەگەر بىرسى ئۆيۈڭلارغا كىرسە، بىرىڭلار ، خۇددى ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياخشىسىدەك بولسۇن، يەنى قاتىل بولماي، ئۆلتۈرۈلسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پىتنە دېگەننىڭ مەنىسى: سىناق، بالا، پاساتلىق ، دىنسىزلارنىڭ مۇسۇلماننى ئېزىشى، زۇلۇم قىلىشى، مۇسۇلمانلار ئارا، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، دىنغا مۇسىبەت يېتىش، ئېزىپ كېتىش، ھەتتا، ئىلىم، ئىبادەتتىن توسۇلۇپ، چەكلىنىپ قېلىشتۇر، باللار، ماللارمۇ بىر پىتنە.

( صحيح ) إن بين يدي الساعة كذابين فاحذروهم ( حم م ) عن جابر بن سمرة

2050. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كاززاپلار چىقىدۇ، قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.يالغان ھەدىسىدىنمۇ ھەزەر قىلىڭلار.

( صحيح ) إن بين يدي الساعة لأياما يترل فيها الجهل و يرفع فيها العلم و يكثر فيها الهرج و الهرج: القتل ( حم ق ) عن ابن مسعود وأبي موسى

2051. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت بولۇشنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كۈنلەر بولۇپ، بۇ كۈنلەردە جاھىللىق، نادانلىق، ئىلىمسىزلىك چۈشىدۇ، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن ثلاثة نفر في بني إسرائيل: أبرص و أقرع و أعمى بدا الله أن يبتليهم فبعث إليهم ملكا فأتى الأبرص فقال: أي شيء أحب إليك ؟ قال: لون حسن و جلد حسن قد قذرني الناس فمسحه فذهب و أعطي لونا حسنا و جلدا حسنا فقال: أي المال أحب إليك ؟ قال: الإبل فأعطي ناقة عشراء فقال: يبارك لك فيها ; و أتى الأقرع فقال: أي شيء أحب إليك ؟ قال: شعر حسن و يذهب هذا عني قد قذرني الناس فمسحه فذهب و أعطي شعرا حسنا قال: فأي المال أحب إليك ؟ قال: البقر فأعطاه بقرة حاملا و قال: يبارك لك فيها ; و أتى الأعمى فقال: أي شيء أحب إليك ؟ قال: يرد الله إلي بصري فأبصر به الناس فمسحه فرد الله إليه بصره قال: فأي المال أحب إليك ؟ قال: الغنم فأعطاه شاة والدا فأنتج هذان و ولد هذا فكان لهذا واد من إبل و لهذا واد من بقر و لهذا واد من غنم ; ثم إنه أتى الأبرص في صورته و هيئته فقال: رجل مسكين تقطعت به الحبال في سفره فلا بلاغ اليوم إلا بالله ثم بك أسألك بالذي أعطاك اللون الحسن و الجلد الحسن و المال بعيرا أتبلغ عليه في سفري فقال له: إن الحقوق كثيرة فقال له: كأني أعرفك ألم تكن أبرص يقذرك الناس فقيرا فأعطاك الله ؟ فقال: لقد ورثت لكابر عن كابر فقال: إن كنت كاذبا فصيرك الله إلى ما كنت ; و أتى الأقرع في صورته و هيئته فقال له مثل ما قال لهذا و رد عليه مثل ما رد عليه هذا قال إن كنت كاذبا فصيرك الله إلى ما كنت ; و أتى الأعمى في صورته و هيئته فقال: رجل مسكين و ابن سبيل و تقطعت بي الحبال في سفري فلا بلاغ اليوم إلا بالله ثم بك أسألك بالذي رد عليك بصرك شاة أتبلغ بها في سفري ؟ فقال: قد كنت أعمى فرد الله بصري و فقيرا فخذ ما شئت فوالله لا أجمدك اليوم لشيء أخذته لله فقال: أمسك مالك فإنما ابتليتم فقد رضي الله عنك و سخط على صاحبيك ( ق ) عن أبي هريرة .

2052. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە ئۈچ نەپەر كىشى بار بولۇپ، بىرسى ئاق

كېسەل، بىرسى تاز، يەنە بىرسى بولسا، كور ئادەم ئىدى، ئاللاھ ئۇلارنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، (ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئالدىدىن بىلىپ تۇرىدۇ) پەرىشتە ئاق كېسىلى بار كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ساڭا قايسى نەرسە ئەڭ سۆيۈملۈك؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى گۈزەل تېرە، گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، چۈنكى، كىشىلەر مېنى نىجىسنىڭ ئورنىدا ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە ئۇنى شۇنداق بىر سىلاپ قويىسا، ئۇ ساقىيىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاللاھ تەرىپىدىن گۈزەل تېرە، گۈزەل، ياخشى رەڭ بېرىلىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا ساڭا مالنىڭ قايسىسى ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە؟ ئۇ تۆگە دەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر دانە بوغاز تۆگە بېرىلىدۇ، پەرىشتە: ئاللاھ ساڭا بۇ تۆگىدە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىپ ئاندىن تازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈكرەك؟ دېسە، ئۇ ئەڭ گۈزەل چاچ، ئاندىن بۇ كېسەل مەندىن يوقىتىلسا، چۈنكى، كىشىلەر مېنى ئەيىبلەيدۇ دەيدۇ. پەرىشتە سىلاپ قويىسا، بۇ كېسەلمۇ ساقىيىدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ گۈزەل چاچ بېرىلىدۇ، مالنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك؟ دېسە، ئۇ، كالا دەيدۇ. ئۇنىڭغا بوغاز كالىدىن بىرنى بېرىپ، بەرىكەت تىلەپ، ئاندىن ئەما كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ساڭا قايسى نەرسە سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، ئاللاھ ماڭا كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسە، مېنى ساق قىلىپ قويىسا، مەن كىشىلەرنى بىر كۆرۈۋالسام دەيدۇ، پەرىشتە سىلاپ قويىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپ قويىدۇ، پەرىشتە، ساڭا قايسى مال ئەڭ سۆيۈملۈك دېسە، ئۇ، قوي دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بوغاز قويدىن بىرسى بېرىلىدۇ، تۆگە بوتىلاقلاپ، كالا ـ قويلار تۇغۇپ، ئاق كېسەلنىڭ بىر جاڭگال تۆگىسى، ئەمانىڭ بىر يايلاق قويلىرى، تازنىڭ بولسا، بىر جاڭگال كالىسى بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ مۇنداق دەيدۇ. مەن مىسكىن ئەر، سەپىرىمدە ئوزۇق ـ تۈلۈكۈم، قاتناش قورالىم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن بۇ سەپەرنىڭ مەنزىلىگە يەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاندىن قالسا، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن يېتىشىم مۇمكىن بولىدۇ، مەن سەندىن ساڭا گۈزەل رەڭ، گۈزەل چىراي، گۈزەل تېرە ئاتا قىلغان، كۆپلەپ مال ـ مۈلۈك ئاتا قىلغان زات، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ھەققى بىلەن پەقەت بىرلا تۆگە سورايمەن، مەن ئۇ تۆگىدە بۇ سەپەرنى قىلىپ، مەقسەتكە يېتىۋالاي دېسە، ئۇ ئاق كېسەل، ھەققەتەن ھەقلەر دېگەن بەك كۆپ! دەيدۇ، پەرىشتە، ئۇنىڭغا مەن سېنى تونۇغاندەك قىلىمەن، سەن ھېلىقى كىشىلەر ئەيىبلەيدىغان پېقىر، يوقسىز ئاق كېسەل شۇغۇ؟، ئاللاھ ساڭا ھەممىنى بېرىپتۇ دەيدۇ، ئۇ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پەسەنت قىلماي، مەن بۇ ماللارغا چوڭلاردىن، ئاتا ـ بوۋامدىن، ئەجدادىمدىن ۋارىس بولۇپ، ماڭا مىراس قالغان دەيدۇ، پەرىشتە: ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئەسلى ھالىتىڭگە ئايرىپ قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ، تازنىڭ قېشىغا شۇ تازنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، يەنى ئاق كېسەلگە دېگەندەك مۇساپىرنىڭ ھاجىتىنى دەيدۇ، تونۇغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، بۇ تازمۇ ئۇنىڭدەك رەت قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتە بۇنىڭغىمۇ، ئەگەر سەن يالغانچى بولساڭ، ئاللاھ سېنىمۇ ئەسلى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن دەپ ئەمانىڭ قېشىغا، بۇنىڭ سۈرىتى، تۇرقى بىلەن كېلىدۇ، ئاندىن شۇ بىچارىلىق بىلەن مەن بىر مىسكىن ئەر، بۇ سەپىرىمدە ئوزۇق ـ تۈلۈكۈم، ئۈلۈغىم ئۈزۈلۈپ قالدى، بۈگۈن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى، ئاندىن قالسا، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سېنىڭ ياردىمىڭ ئارقىلىق مەقسەتكە يېتەلەيمەن، مەن سەندىن پەقەت ساڭا كۆزۈڭنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ ھەققى، ھۆرمىتى بىلەن بىر دانە قوي سورايمەن، مەن بۇ قوينى ئىستېمال قىلىپ، سەپىرىمدىكى مەقسىتىمگە يېتىۋالاي دەيدۇ، ئەما كىشى، ھەققەتەن مەن ئەما، كور ئىدىم، پېقىر ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى ساقايتىپ، ماڭا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بەردى، سەن بۇ ماللاردىن خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مەن سەن ئالغان نەرسىلەرگە، ساڭا تاپا ـ تەنە ياكى تەشەككۈر، مەدھىيە ئوقۇمايمەن، پەقەت، ئاللاھقىلا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، شۈكرى قىلىمەن دېدى، پەرىشتە، ئۇنىڭغا مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئېلىپ قال، ماڭا مال لازىم ئەمەس ئىدى، ھەققەتەن سىلەر سىنالدىڭلار، جەزمەن ئاللاھتائالا سەندىن

رازى بولدى، سەن سىناقدىن ئۆتتۈڭ، ئىككى قېرىندىشىڭغا ئاللاھ كايىپ، غەزەپ قىلدى دېدى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، مشكاتتىمۇ سەھىھ دېيىلگەن، ئاللاھ بەرگەننى بىزمۇ بېرىپ، كۆپ شۈكرى قىلىشىمىز لازىم، گەرچە بىزمۇ ئۇلاردەك ئەما، تاز بولمىساقمۇ، بىزگىمۇ بۇلارنى ئاللاھ بەرگەندۇر، ئاللاھ مۇشۇنداق گۈزەل، قامەتلىك ياراتقان. بۇ ھەدىستە كىبىر، پەخىرلىنىش تۆگە، كالا ئەھلىدە بولىدۇ، مىسكىنلىك، خاتىرجەملىك قوي ئەھلىدە دېگەن چىقىدۇ.

إن جبريل أتاني حين رأيت فناداني فأخفاه منك فأجبته فأخفيته منك و لم يكن يدخل عليك و قد وضعت ثيابك و ظننت أن قد رقدت فكرهت أن أوقظك و خشيت أن تستوحشي فقال: إن ربك يأمرك أن تأتي أهل البقيع فتستغفر لهم ( م ) عن عائشة

2053. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، سەن مېنى كۆرگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا كېلىپ، سەندىن مەخپىي ماڭا نىدا قىلدى، مەنمۇ سەندىن مەخپىي ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردۇم، سەن كىيىمىڭنى سېلىپ، يېتىپ بولغاندا، جىبرىئىل سەن بار ئۆيگە كىرمەيتتى، مەن سېنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، سېنى ئويغىتىشنى ياقتۇرمىدىم، ھەم سېنىڭ چۆچۈپ، قورقۇپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرىدىم،(شۇنىڭ ئۈچۈن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتىم) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ سېنى بەقىيئ دېگەن ، قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت سورىشىڭنى بۇيرىدى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەقسىتى، مۇسۇلمان مېيىتلەرگە مەغپىرەت سورىسا بولىدۇ.

إن جبريل كان يعارضني القرآن كل سنة مرة و إنه عارضني العام مرتين و لا أراه إلا حضر أجلي و إنك أول أهل بيتي لحاقا بي فاتقي الله و اصبري فإنه نعم السلف أنا لك ( ق ه ) عن فاطمة .

2054. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جىبرىئىل ماڭا قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم تەكلەيتتى، يەنى تىڭشاپ ئۆتكۈزەتتى، ئۇ ماڭا بۇ يىل قۇرئاننى ئىككى قېتىم تەكلەپ، تىڭشىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەجىلىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىسەن، ئاللاھدىن قورقىن، تەقۋادار بولغىن، سەۋر قىلغىن. ھەقىقەتەن مەن سەن ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى تەييارلانغان، ئالدىدىن كېتىپ ساقلاپ تۇرىدىغان كىشى ھە! (بۇ سۆزنى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېگەن ئىدى) بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن جبريل لما ركض زمزم بعقبه جعلت أم إسماعيل تجمع البطحاء رحم الله هاجر لو تركتها كانت عينا معينا ( عم ن الضياء ) عن أبي

2055. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جىبرىئىل، زەمزەم سۈيىنى تاپىنى بىلەن ياكى ئىسمائىلنىڭ تاپىنى بىلەن ئۇرۇپ، تېپىپ چىقارغاندا، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى زەمزەم سۈيىنىڭ چۆرىسىگە تاشلارنى يىغىشقا باشلىدى، ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئەگەر ئۇ زەمزەم سۈيىنىڭ چۆرىسىنى ئېتىۋالماي، زەمزەم يەنى توختا ـ توختا دېمەي، جىم قويغان بولسا، ئەلۋەتتە، زەمزەم سۈيى ئاقىدىغان بۇلاق بولاتتى، ئەھمەد 20205 ـ ھەدىس، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن حسن العهد من الإيمان ( ك ) عن عائشة .

2056. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئەھدىنى ياخشى قىلىش، ئەھدىگە ياخشى ۋاپا قىلىش، ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسنىڭ ئايەتتىن شاھىدى بار.

إن حقا على الله تعالى أن لا يرفع شيئا من أمر الدنيا إلا وضعه ( حم خ د ن ) عن أنس

2057. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشىدىن بىرەر نەرسىنى ئۈستۈنگە، يۇقىرى كۆتۈرسە، ھامىنى بىر كۈن ئۇ نەرسىنى تۆۋەنگە، پەسكە چۈشۈرۈۋېتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

إن حوضي أبعد من أيلة من عدن هو أشد بياضا من الثلج و أحلى من العسل باللبن و لآنيته أكثر من عدد النجوم و إني لأصد الناس عنه كما يصد الرجل إبل الناس عن حوضه قالوا: أتعرفنا يومئذ ؟ قال: نعم لكم سيما ليست لأحد من الأمم تردون علي غرا محجلين من أثر الوضوء ( م ) عن أبي هريرة

2058. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ كەڭلىكى، يەمەندىكى ئەدەنى دېگەن شەھەردىن باشلاپ مىسىر بىلەن شام ئارىسىدىكى ئەيلەت دېگەن شەھەرنىڭ يىراق بولغان كەڭلىكىدىنمۇ كەڭرىدۇر، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۈيى قاردىن، سۈتتىن ئاقراق، ھەسەلدىن تاتلىقراق، ئۇنىڭ قاچىلىرى، جاملىرى، يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن مەن بەزى كىشىلەرنى خۇددى كىشى باشقىلارنىڭ تۆگىسىنى ئۆز كۆلىدىن توسقاندەك، كەۋسەردىن توسىمەن، ساھابىلەر شۇ كۈنى بىزنى تونۇيالاملا ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، ئەلۋەتتە سىلەرنى تونۇيمەن، سىلەر ئۈچۈن بارلىق ئۈممەتلەردىن ھېچ كىشىدە بولمىغان ئالاھىدە بەلگە، ئالامەت بار، سىلەر مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىگە، تاھارەتنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك نۇرلۇق، بەلگە بىلەن كېلىسىلەر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن حوضي لأبعد من أيلة إلى عدن و الذي نفسي بيده لآنيته أكثر من عدد نجوم السماء و هو أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل و الذي نفسي بيده إني لأذود عنه كما يذود الرجل الإبل الغريبة عن حوضه قالوا: يا رسول الله أوتعرفنا ؟ قال: نعم تردون علي الحوض غرا محجلين من آثار الوضوء ليست لأحد غيركم ( م ه ) عن حذيفة

2059. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىسىغا ئوخشاشتۇر، مەزمۇنى شۇنداق كەڭ، قاچىلىرى كۆپ، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، بەزى كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىمەن، سىلەر نۇرلۇق كېلىسىلەر دېگەندەك ، سەھىھ.

إن حوضي من عدن إلى عمان البلقاء ماؤه أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل أكاويبه عدد النجوم من شرب منه شربة لم يظمأ بعدها أبدا أول الناس ورودا عليه فقراء المهاجرين: الشعث رؤوسا الدنس ثيابا الذين لا ينكحون المنعمات و لا تفتح لهم السدد الذين يعطون الحق الذي عليهم و لا يعطون الذي لهم ( حم ت ه ك ) عن ثوبان

2060. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ كەۋسەر كۆلۈم، ئەدەندىن باشلاپ، ئۇممانلىبۇلقائ دېگەن جايغىچە شۇنداق كەڭ، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، ئۇنىڭ قاچا، جاملىرى يۇلتۇزنىڭ ساندىنمۇ كۆپتۇر، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، شۇندىن كېيىن، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئۇ كۆلگە تۇنجى بولۇپ كېلىدىغانلار، مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئەھمەد ،تىرمىزى ،ئىبنى ماجە ،ھاكىملار توپلىغان سەھىھ.

( صحيح ) إن حيضتك ليست في يدك ( م 3 ) عن عائشة ( م ن ) عن أبي هرير

2061. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىددىن جايىنامازنى ئېلىۋەتكىن دېسە، ئۇ، مەن ھەيزدار، ئاياللار كېسەلى دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سېنىڭ ھەيزىڭ، ھەيز كېسەللىك قولۇڭدا ئەمەس دېگەن ، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن پەقەت ھەيز قېنى ئۆزى نىجىس بولسىمۇ، ئايال كىشى تېنى، قولى، ئەزالىرى نىجىس بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، بىللە تائام يېيىشكە،

تائام ئېتىشكە، بىر ئۆيدە تۇرۇشقا، ھەتتا مۇناسىۋەت قىلماي، بىللە بىر ئورۇندا يېتىشقىمۇ رۇخسەت قىلدۇ.

إن خيار عباد الله الموفون المطيبون ( طب حل ) عن أبي حميد الساعدي ( حم ) عن عائشة

2062. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋەدىسىگە نەزىرىسىگە، شەرتلىرىگە ۋاپا قىلغانلار، ھالالدىن يەيدىغان، گۇناھلاردىن پاك تۇرىدىغانلاردۇر، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن خياركم أحسنكم قضاء ( حم خ ن ه ) عن أبي هريرة

2063. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلار قەرزنى ياخشى ئادا قىلغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن خير التابعين رجل يقال له: أويس و له والدة هو بها بر لو أقسم على الله لأبره و كان به بياض فمروه فليستغفر لكم ( م ) عن عمر

2064. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇۋەيس دېيىلىدىغان كىشىدۇر، ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەكلا ياخشىلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ، ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئەلۋەتتە قەسىمىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئاق كېسىلى بار بولۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئۇنى ئۇ كېسەلدىن ساقايتۇۋېتىدۇ، پەقەت بىر تەڭگە مىقداردا قېلىپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئۇچراشسا، ئۇنى سىلەرگە مەغپىرەت سوراپ، دۇئا قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇڭلار، مۇسلىم 4612 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن خير طيب الرجال ما ظهر ريحه و خفي لونه و خير طيب النساء ما ظهر لونه و خفي ريحه ( ت ) عن عمران بن حصين .

2065. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئەرلەرنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان خۇشپۇراق ئەتىرلىرىنىڭ ياخشىسى، خۇشپۇراقلىرى ئاشكارا بولغان، رەڭگى مەخپىي بولىدىغىنىدۇر، ئاياللارنىڭ ئەتىرلىرىنىڭ، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ياخشىراقى بولسا، (ئەرلىرى ئۈچۈن) رەڭگى، رەڭ گۈزەللىكى ئاشكارا بولغىنى، خۇشپۇراقلىرى مەخپىي بولغىنىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن خير ما تحتجمون فيه يوم سبع عشرة و تسع عشرة و يوم إحدى و عشرين ( ت ) عن ابن عباس .

2066. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر قان ئالدۇرىدىغان كۈننىڭ ياخشىراقى 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈندۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن داود النبي كان لا يأكل إلا من عمل يده ( خ ) عن أبي هريرة

2067. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن داۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىنلا يەيتتى، (يەنى ھالال ئەمگەك بىلەن يەيتتى، ئۇ تۆمۈرچى ئىدى) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن دماءكم و أموالكم عليكم حرام كحرمة يومكم هذا في شهركم هذا في بلدكم هذا ألا إن كل شيء من أمر الجاهلية تحت قدمي موضوع و دماء الجاهلية موضوعة و أول دم أضعه من دمائنا دم ربيعة بن الحارث بن عبد المطلب و ربا الجاهلية موضوع و أول ربا أضع من ربانا ربا العباس بن عبد المطلب فإنه موضوع كله فاتقوا الله في النساء فإنكم أخذتموهن بأمانة الله و استحللتم فروجهن بكلمة الله و إن لكم عليهن أن لا يوطئن فرشكم أحدا تكرهونه فإن فعلن ذلك فاضربوهن ضربا غير مبرح و لهن عليكم رزقهن و كسوتهن بالمعروف و إني قد تركت فيكم ما لن تضلوا بعده إن اعتصمتم به كتاب الله و أنتم مسؤلون عني فما أنتم قائلون ؟ قالوا: نشهد أنك قد بلغت و أديت و نصحت فقال: اللهم اشهد ( م د ن ) عن جابر

2068. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يەنى بىرـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ـ مۈلۈكىنى ئېلىۋېلىش، خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلار مەككە، مۇشۇ ئېيىڭلار، مۇشۇ كۈنۈڭلار سىلەرگە ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، بۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك، ھارامدۇر، ئاگاھ بۇلۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن جاھالىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى مېنىڭ قەدىمىم ئاستىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىكار قىلىندى، جاھالىيەتنىڭ قان، خۇن، تۆلەم ئىشلىرىمۇ بىكار قىلىندى، جاھالىيەتتىكى خۇن، قان، داۋالىرىمىزدىن تۇنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرىدىغىنىم، رەبىئەت ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ قېنى، خۇن داۋاسىدۇر، ئۇ بىكار قىلىندى، جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈملەرمۇ بىكار قىلىندى، بىزنىڭ جاھالىيەتتىكى ئۆسۈملىرىمىزدىن مەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىكار قىلىدىغان تۇنجى جازانە، ئۆسۈم بولسا، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىبنىڭ جازانە، ئۆسۈمىدۇر، ئۇمۇ بىكار قىلىندى، ھەقىقەتەن جاھالىيەت ئىشلىرى جازانە ئۆسۈملەرنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى، (جازانە، ئۆسۈم، مۇسۇلمانلارغا ھارام، دىنسىز كاپىرلارغىمۇ ھارام، مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىزلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ھارام، دىنسىزلار زېمىنىدا جازانە، ئۆسۈم يوق دېگەن ، ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق، بۇ پەتىۋا خاتادۇر). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن : ئاياللار توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى بىلەن ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ھالال قىلدىڭلار، ھەقىقەتەن ئاياللار ئۈستىدىكى سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئۇلار سىلەرنىڭ كۆرپەڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنى ياتقۇزماسلىقتۇر، (يەنى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىقىدۇر) ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىپ قالسا، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەي ئۇرۇڭلار، (ئەگەر تويى قىلغان ئايال زىنا قىلىپ قالسا، رەجىم قىلىنىدۇ) ئاياللارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى، ئۇلارغا ياخشىلىقچە رىزىق بېرىش، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىشتۇر، ھەقىقەتەن مەن ئاراڭلاردا بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، (يەنە بىرسى بولسا، سۈننەت، ھەدىستۇر) سىلەردىن مەن توغرىلىق سورىلىدۇ، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ دېگەندە ، ھەممىسى بىردەك گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ھەقىقەتەن سىلى تولۇق يەتكۈزدىلە، ئادا قىلدىلا، نەسىھەت قىلدىلا، دېيىشتى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن دېدى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۆز ‹ ‹ھەججەتۇل ـ ۋىدا› › دا سۆزلەنگەن نۇتۇق ئىدى.

إن ربك ليعجب من عبده إذا قال: رب اغفر لي ذنوبي و هو يعلم أنه لا يغفر الذنوب غيري ( د ت ) عن علي

2069. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن رەببىڭ، بەندىسى مۇنداق دېسە، خۇرسەن بولۇپ، ئەجەبلىنىدۇ ، «ئى پەرۋەردىگارىم، ئاللاھ مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن» ۋەھالەنكى، ئۇ بەندە مەندىن باشقا يەنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىشى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالماسلىقىنى پەقەت ئاللاھنىڭلا مەغپىرەت قىلالايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، يەنى، ئاللاھ: بەندەم شۇنى بىلىپتۇ دەپ، خۇرسەن بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

إن ربكم حيي كريم يستحي أن يبسط العبد يديه إليه فيردهما صفرا ( د ه ) عن سلمان .

2070. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، رەببىڭلار سېخى، بەندىسى سورىغاندا، تارتىنىدىغان، ئۇياتچان زاتتۇر، ئاللاھ: بەندىسى ئىككى قولىنى ئۇزاتسا، كەڭ ئېچىپ يايسا، نەرسە سورىسا، ئۇ ئىككى قولىنى قۇرۇق قايتۇرۇشتىن تارتىنىدۇ، ھايا قىلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستىن دۇئادا ئىككى قولىنى

كۆتۈرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

إن ربي أرسل إلي: أن اقرأ القرآن على حرف فرددت إليه: أن هون على أمتي فأرسل إلي: أن اقرأه على حرفين فرددت إليه: أن هون على أمتي فأرسل إلي: أن اقرأه على سبعة أحرف و لك بكل ردة مسألة تسألنيها قلت: اللهم اغفر لأمتي اللهم اغفر لأمتي و أخرت الثالثة ليوم يرغب إلي فيه الخلق حتى إبراهيم ( حم م د ت ) عن أبي

2071. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن رەببىم ماڭا قۇرئاننى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپتىمۇ، (بۇ ئەلچى باشقا ھەدىستە جىبرىئىل دەپ سۆزلەندى) مەن ئۇ ئەلچىنى رەببىمگە، ئۈممىتىمگە ئاسان قىلىش توغرىسىدا ئەۋەتتىم، ماڭا ئىككىنچى قېتىم ئىككى ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەۋەتىپتۇ، مەن يەنە ئۈممىتىمگە ئاسان قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەلچىنى قايتۇردۇم، ئاندىن ماڭا قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچىنى ئەۋەتىپ، مۇنداق دېدى، سەن ئۈچۈن ھەربىر قېتىم ئەلچىنى قايتۇرغانلىق باراۋىرىدە سورىۋېلىش بار، دۇئايىڭ ئىجابەت بولۇش بار، قېنى مەندىن سورىغىن دېدى، مەن، ئى ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن دەپ ئىككى قېتىم سوراپ، ئۈچىنچى قېتىمقى دۇئايىمنى بارلىق خەلقلەر، ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ مېنىڭ قېشىمغا قىزىقىپ، يالۋۇرۇپ كېلىدىغان كۈنگە، قىيامەت كۈنىگە ئېلىپ قويدۇم. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن رجالا من العرب يهدي أحدهم الهدية فأعوضه منها بقدر ما عندي ثم يتسخطه فيظل يتسخط فيه علي و ايم الله لا أقبل بعد مقامي هذا من رجل من العرب هدية إلا من قرشي أو أنصاري أو ثقفي أو دوسي ( ت ) عن أبي هريرة .

2072. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئەرەبلەردىن بولغان كىشىلەرنىڭ بىرسى ماڭا بىرەر ھەدىيە، سوۋغا بەرسە، مەن ئۇنىڭغا يېنىمدا بار بولغان نەرسە بىلەن قادىر بولۇشۇمچە جاۋاب قايتۇرۇپ، ئورنىنى تولۇقلىدىم، ئاندىن ئۇ بۇ ئىشىدا خاپا بولدى، بۇ ئىشىدا ماڭا كايىپ، ئاچچىقلاۋەردى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئەمدى ئەرەبلەردىن بولغان بىرەر كىشىدىن ھەرگىز ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلمايمەن، پەقەت قۇرەيشلەردىن، ئەنسارلاردىن ياكى سوقەفى ياكى دوۋەسى قەبىلىسىدىكىلەردىن قوبۇل قىلىمەن، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن رجالا يتخوضون في مال الله بغير حق فلهم النار يوم القيامة ( خ ) عن خولة .

2073. خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ مېلىدا ھەقسىز، ئورۇنسىز كىچىپ، ھەقسىز تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئاللاھ رازى بولمايدىغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن پەقەت دوۋزاخلا باردۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن رجلا حضره الموت فلما أيس من الحياة أوصى أهله إذا أنا مت فاجمعوا لي حطبا كثيرا جزلا ثم أوقدوا فيه نارا حتى إذا أكلت لحمي و خلصت إلى عظمي فامتحشت فخذوها فاطحنوها ثم انظروا يوما راحا فاذروها في اليم ففعلوا ما أمرهم فجمعه الله و قال له: لم فعلت ذلك ؟ قال: من خشيتك فغفر له حم ق ن ه ) عن حذيفة وأبي مسعود

2074. ھۇزەيفە، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىگە ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇ ھاياتلىقدىن ئۈمىد ئۈزگەندە، ئەھلى باللىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى؛ مەن ئۆلگەندە، مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئوتۇن توپلاپ، مېنى شۇ ئوتۇنغا سېلىپ، ئوت يېقىڭلار، ئوت مېنىڭ گۆشلىرىمنى يېگەندە ، سۆڭەكلىرىمگە يېتىپ بارغاندا، مەن كۆيۈپ كۆل بولغاندا، ئۇنى ئېلىپ، يۇمشاق ئېزىپ، ئاندىن قاتتىق بوران چىققان كۈنگە

قاراپ تۇرۇپ، شۇ كۈنى مېنىڭ كۆلۈمنى دىڭىزغا سورۇۋېتىشلار، ئۇ ئۆلگەندە بالىلىرى ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قىلدى، ئاللاھ، ئۇنىڭ بەدىنىنى توپلاپ، يارىتىپ، مۇنداق دېدى، سەن بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ (ئەمەلىيەتتە بىلىپ تۇراتتى) ئۇ، مەن بۇ ئىشنى سەندىن، سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقۇپ  شۇنداق قىلدىم دېدى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ قورقۇشى سەۋەبلىك مەغپىرەت قىلدى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ، مەقسەت ، ئاللاھدىن قورقۇشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنغان، بۇ ئىش بىزنىڭ ئىسلام دىنىدا دۇرۇس ئەمەس، ئەمەلدىن قالغان.

( صحيح ) إن رجلا قال: و الله لا يغفر الله لفلان قال الله: من ذا الذي يتألى علي أن لا أغفر لفلان ؟ ! فإني قد غفرت لفلان و أحبطت عملك ( م ) عن جندب البجلي

2075. جۇندۇبىل بجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىر كىشى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا پالانىغا ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ دېگەن ئىدى، ئاللاھ مۇنداق دېدى، پالانىغا مەغپىرەت قىلماسلىقىمغا مەن بىلەن ماڭا قەسەم قىلغان كىمكەن ئۇ؟ ھەقىقەتەن مەن شۇ پالانى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، قەسەم قىلغان سېنىڭ بارلىق ئەمەللىرىڭنى كۆيدۈرۈۋەتتىم، بىكار قىلدىم، (قېنى قانداق قىلالايسەن؟) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن خۇددى ھالال ـ ھارام قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولغاندەك، بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىش، ھۆكۈم قىلىش، ئاللاھقىلا خاس بولغاندەك، كەچۈرۈش، مەغپىرەت قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بۇ توغرىسىدا بەندە ـ بەندىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ئاللاھ قادىردۇر.

إن رجلا قتل تسعة و تسعين نفسا ثم عرضت له التوبة فسأل عن أعلم أهل الأرض ؟ فدل على راهب فأتاه فقال: إنه قتل تسعة و تسعين نفسا فهل له من توبة ؟ فقال: لا فقتله فكمل به مائة ثم سأل عن أعلم أهل الأرض ؟ فدل على رجل عالم فقال: إنه قتل مائة نفس فهل له من توبة ؟ قال: نعم و من يحول بينه و بين التوبة ؟ انطلق إلى أرض كذا و كذا فإن بها أناسا يعبدون الله فاعبد الله معهم و لا ترجع إلى أرضك فإنها أرض سوء فانطلق حتى إذا نصف الطريق أتاه الموت فاختصمت فيه ملائكة الرحمة و ملائكة العذاب فقالت ملائكة الرحمة: جاء تائبا مقبلا بقلبه إلى الله تعالى و قالت ملائكة العذاب: إنه لم يعمل خيرا قط فأتاهم ملك في صورة آدمي فجعلوه بينهم فقال: قيسوا بين الأرضين فإلى أيتهما كان أدنى فهو لها فقاسوا فوجدوه أدنى إلى الأرض التي أراد فقبضته ملائكة الرحمة ( حم م ه ) عن أبي سعيد .

2076. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىر كىشى 99 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىش، قەلبىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ دانا، ئالىم كىشىسىدىن سوراپتۇ، بۇ ئالىم، ئۇنى بىر راھىبنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇ راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، 99 كىشىنى ئۆلتۈرگىنىنى ئېيتىپ، ماڭا تەۋبە قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ راھىب ، ياق، ساڭا تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ دەپتۇ، ئۇ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن 100نى كامىل توشتۇرۇپتۇ، ئاندىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئالىم كىشىدىن سورىسا، بۇ ئالىم، ئۇنى يەنە بىر دانا ئالىمغا كۆرسىتىپتۇ، ئۇ بۇ دانا كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، 100 كىشىنى ئۆلتۈرگىنىنى سۆزلەپ، مەن ئۈچۈن تەۋبە قوبۇل بولامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئالىم، ھەئە، سەن تەۋبە قىلساڭ، تەۋبەڭ قوبۇل بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىممۇ توسۇپ قويالىسۇن؟ يەنى، ئاللاھ چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ، سەن پالانى جايغا بېرىپ، پالانى جايدا تۇرغىن، ھەقىقەتەن ئۇ جايدا سالىھ كىشىلەر بار بولۇپ،ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۆز ۋەتىنىڭگە قايتىپ بارما، چۈنكى، ئۇ يامان جايدۇر، ئەھلى ياماندۇر دەپتۇ، ئاندىن ئۇ، شۇ جايغا قاراپ راۋان بوپتۇ، يول تەڭ بولغاندا، ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئاندىن بۇ كىشى توغرىسىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى داۋالىشىپ قاپتۇ، رەھمەت پەرىشتىلىرى بۇ دېگەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، ئاللاھقا ئالدىنى قىلىپ، تەۋبە قىلىپ كەلدى دېسە، ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇ ھەرگىز ياخشى ئەمەل قىلىپ باقمىغان تۇرسا دەپتۇ، ئاندىن

ئۇلارغا ئادەم يەنى ئىنسان سۈرىتىدە بىر پەرىشتە كەپتۇ، ئۇلار بۇ كىشىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغان ھاكىم قىلىپتۇ، بۇ كىشى ئىككى زېمىن ئوتتۇرىنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار، ئۇ قايسى زېمىنغا يېقىن بولسا، شۇنىڭغا تەۋە بولسۇن دەپتۇ، ئۇلار ئۆلچەپ كۆرۈپ، بۇ تەۋبە قىلغۇچىنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلغان ياخشى زېمىن تەرەپكە يېقىن ئىكەنلىكىنى تېپىپتۇ، ئاندىن ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى قولىغا تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. قاتىلمۇ تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ.
2. قاتىل، كاپىر، دىنسىز ھېسابلانمايدۇ.
3. بارلىق گۇناھلارغا بىرلا تەۋبە قىلسا، قوبۇل بولىدۇ.
4. مەسىلىنى يەنىلا دانا ئالىمدىن سوراش لازىم.
5. خاتا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ۋابالى، جازاسى ئۆزىگە بولىدۇ.
6. ياخشى كىشىلەر بار جاي، ياخشى ھېسابلىنىدۇ.
7. يامان، پاسىق كىشىلەر بار جاي يامان جايدۇر.
8. ئاللاھ تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىرەر كىشى ئاللاھ تەۋبە قوبۇل قىلمايدۇ دېسە، ئېغىر خاتالىشىدۇ، بولۇپمۇ پالاننى مەغپىرەت قىلمايدۇ دېسە، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، بۇ گۇناھى كەبىردۇر.
9. سالىھ، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىللە ئىبادەت قىلىش لازىم.
10. تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، شۇ گۇناھقا ھەتتا، شۇ زېمىنغا شۇ ئەھلىگە قايتىسا بولمايدۇ.
11. نىيمىنى نىيەت قىلىپ ئۆلسە، شۇ بېرىلىدۇ،كىشى ئەمەللىرى نىيەتلىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ.
12. پەرىشتىلەر ئىككى قىسىم بولۇپ، ئازابقا، رەھمەتكە مەسئۇللىرى باردۇر.
13. چىگىش داۋاغا دۇچ كەلگەندە، مەسىلىنى ئايرىپ ھۆكۈم قىلىدىغان ھاكىمنى سايلاش لازىم.
14. تەۋبە قىلغۇچى ئاخىرى غەلىبە قىلىپ، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى قولغا ئالدى.
15. تەۋبە ئۈستىدە ئۆلگەچە چىڭ تۇرۇش لازىم.

إن رجلا كان قبلكم رغسه الله مالا فقال لبنيه لما حضر: أي أب كنت لكم ؟ قالوا: خير أب قال: إني لم أعمل خيرا قط فإذا مت فأحرقوني ثم اسحقوني ثم ذروني في يوم عاصف ففعلوا فجمعه الله فقال: ما حملك ؟ قال: مخافتك فتلقاه برحمته ( حم ق ) عن أبي سعيد

2077. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشىگە ئاللاھ نۇرغۇن مال - دۇنيا بەرگەن، ئۇ سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشى بولۇپ، باللىرىغا مۇنداق دېدى، يەنى جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە، ئۆلۈش ئالدىدا مەن سىلەرگە قانداق دادا بولدۇم؟ باللىرى ئەڭ ياخشى دادا دېيىشتى ، ئاندىن ئۇ ھەقىقەتەن مەن ھەرگىز ياخشىلىق قىلىپ باقمىدىم، مەن ئۆلگەندە مېنى كۆيدۈرۈپ، سۆڭەكلىرىمنى ئېزىپ، ئاندىن قاتتىق بوران چىققان كۈندە كۈلۈمنى سورىۋېتىڭلار دېدى، ئۇلار شۇنداق قىلدى، ئاللاھ ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ، سېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ دېسە، ئۇ سېنىڭدىن قورقۇش دېدى، ئاللاھ ئۇنى رەھمىتى بىلەن قوبۇل قىلدى، يەنى كەچۈردى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن رجلا لم يعمل خيرا قط و كان يداين الناس فيقول لرسوله: خذ ما تيسر و اترك ما عسر و تجاوز لعل الله أن يتجاوز عنا فلما هلك قال الله: هل عملت خيرا قط ؟ قال: لا إلا أنه كان لي غلام و كنت أداين الناس فإذا بعثته يتقاضى قلت له: خذ ما تيسر و اترك ما عسر و تجاوز لعل الله أن يتجاوز عنا قال الله: قد تجاوزت عنك( ن حب ك ) عن أبي هريرة

2078. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى كىشىلەرگە قەرز بېرەتتى، ئۇ ئەلچىسىگە ، خادىمىغا مۇنداق دەيتتى، ئاسان بولغىنىدىن بايدىن ئال، تەس بولۇپ قالغانلاردىن

پەيغەمبەرلاردىن ئالماي قويۇپ قوي، ئۆتنۈۋەتكىن، ئاللاھمۇ بىزدىن ئۆتنۈۋېتىشى مۇمكىن، ئۇ ئۆلگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ ياق، مەن قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىدىم، لېكىن، مېنىڭ بىر خىزمەتچىم بار ئىدى، مەن كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتىم، مەن ئۇ خىزمەتچىنى قەرزنى سۈيلەپ ئەۋەتسەم، مۇنداق دەيتتىم، ئاسان بولغىنىدىن بايلاردىن ئالغىن، تەس، قىيىن بولۇپ قالغان، پېقىرلاردىن ئالماي، ئۆتنۈۋەتكىن، ئاللاھمۇ بىزدىن ئۆتنۈۋېتىشى مۇمكىن دەيتتىم. ئاللاھ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئۆتنۈۋەتتىم دېدىۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان،ھاكىم توپلىغان سەھىھ.سۆزلەنگەن كىشى، گەرچە ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، قەرزنى ئۆتنۈۋېتىشىدىن، ئاسان قىلىشىدىن باشقا ئاللاھقا شەكسىز ئىشىنىدىكەن، ئاخىرەتكە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ھېساب بېرىشكە، ھەتتا ئاللاھنىڭ جازالىشى ياكى ئۆتنۈۋېتىشىگە شەكسىز ئىمان كۆلتۈرىدىكەن، ئىمانى، ئېتىقادى، ئەقىدىسى ياخشى بولغاچقا، ئاللاھ ئۆتنۈۋەتكەندۇر، ئەقىدىمىزنى رۇسلايلى!

إن رجلا ممن كان قبلكم أتاه ملك الموت ليقبض نفسه فقال له: هل عملت من خير ؟ قال: ما أعلم قال له: انظر قال: ما أعلم شيئا غير أني كنت أبايع الناس و أحارفهم فأنظر المعسر و أتجاوز عن الموسر فأدخله الله الجنة ( حم ق ه ) عن حذيفة وأبي مسعود

2079. ھۇزەيفە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقتىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ، ياق مەن بىلمەيمەن دېيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا قاراپ باققىن، دېسە، ئۇ، مەن ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىغان ئىدىم، لېكىن مەن كىشىلەر بىلەن ئېلىم ـ سېتىم، سودا قىلاتتىم، كەسىپ قىلاتتىم، ھۈنىرىم بار ئىدى، كەمبەغەل، پېقىر بولسا كۆتۈپ تۇراتتىم، ھەتتا ئۆتنۈۋېتەتتىم، باي بولسا، چىرايلىقچە ئالاتتىم، ئۇنىڭدىنمۇ بەزىدە ئاسان قىلاتتىم دېيدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ئېلىم ـ سېتىم، سودا، ھۈنەر كەسىپلەردە، ئېلىم ـ بېرىملەردە سىلىق، چىرايلىق بولۇش، ياخشى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، پېقىردىن ئۆتنۈۋېتىش، بايدىن ئاسان قىلىش، كۆتۈپ تۇرۇش مەسىلىلىرى چىقىدۇ.

إن رجلا من أهل الجنة استأذن ربه في الزرع فقال له: ألست فيما شئت ؟ قال: بلى و لكن أحب أن أزرع ! فبذر فبادر الطرف نباته و استواؤه و استحصاده فكان أمثال الجبال فيقول الله: دونك يا ابن آدم ! فإنه لا يشبعك شيء ( حم خ ) عن أبي هريرة .

2080. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى، پەرۋەردىگارىدىن، زىرائەت تېرىش، دېھقانچىلىق توغرىسىدا ئىزنى، رۇخسەت سورايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن خالىغان ئىشىڭدا ئەمەسمۇ؟ سەن ئۈچۈن بۇ جايدا خالىغان نەرسەڭ بار ئەمەسمۇ؟ دېيدۇ. ئۇ شۇنداق، لېكىن، مەن زىرائەت تېرىشنى، دېھقانچىلىق قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن دېيدۇ، ئاندىن ئۇرۇقنى تېرىپ، يەنە بىر تەرىپكە بېرىپ بولغۇچە، بىر تەرىپى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ، يېتىلىپ، راۋۇرۇس تۈزلىنىپ، مول ـ ھوسۇل بېرىپ، ئورۇشنى، ھوسۇلنى ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى ئالدىرىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ھوسۇللار تاغدەك دۆۋلىنىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئى ئادەم بالىسى، بۇنى ئالغىن! ھەقىقەتەن بىرەر نەرسە سىنى تويغۇزالمايدىكەن دېيدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، جەننەت ئەھلى ئۈچۈن، جەننەتتە پەقەت گۇناھ ـ مەئسىيەت، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، بىئارام قىلىدىغان يالغانچىلىق بولمىسىلا، خالىغىنى باردۇر.

( صحيح ) إن رجلا من بني إسرائيل سأل بعض بني إسرائيل أن يسلفه ألف دينار فقال: ائتني بالشهداء أشهدهم فقال: كفى بالله شهيدا قال: فأتني بالكفيل قال: كفى بالله و كيلا قال: صدقت فدفعها إليه إلى أجل مسمى فخرج في البحر فقضى حاجته ثم التمس مركبا يركبها يقدم عليه للأجل الذي أجله فلم يجد مركبا فأخذ خشبة فنقرها فأدخل فيها ألف دينار و صحيفة منه إلى صاحبه ثم زج موضعها ثم أتى بها إلى البحر

فقال: اللهم إنك تعلم أني تسلفت فلانا ألف دينار فسألني كفيلا فقلت: كفى بالله و كيلا فرضي بك و سألني شهيدا فقلت: كفى بالله شهيدا فرضي بك و إني جهدت أن أجد مركبا أبعث إليه الذي له فلم أجد و إني أستودعكها فرمى بها إلى البحر حتى ولجت فيه ثم انصرف و هو في ذلك يلتمس مركبا يخرج إلى بلده فخرج الرجل الذي كان أسلفه ينظر لعل مركبا قد جاء بماله فإذا بالخشبة التي فيها المال فأخذها لأهله حطبا فلما نشرها وجد المال و الصحيفة ثم قدم الذي كان أسلفه فأتى بالألف دينار و قال: و الله ما زلت جاهدا في طلب مركب لآتيك بمالك فما وجدت مركبا قبل الذي أتيت فيه قال: هل كنت بعثت إلي شيئا ؟ قال: أخبرك أني لم أجد مركبا قبل الذي جئت فيه قال: فإن الله قد أدى عنك الذي بعثت في الخشبة فانصرف بالألف دينار راشدا ( حم خ ) عن أبي هريرة

2081. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللاردىن بىرسى، ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن 1000 دىنارنى ئالدىدىن بىرىپ تۇرۇشقا، قەرز سوراپتۇ، پۇل ئىگىسى گۇۋاھچى ئەكەلگىن دەپتۇ، پۇل سورىغۇچى، ئاللاھ گۇۋاھچىلىققا كۇپايە دىسە، ئۇ كىشى ئۇنداقتا، بىرەر كېپىل بولىدىغان كىشىنى ئەكەل دەپتۇ، ئۇ يەنە، ئاللاھ كېپىللىككە، ۋەكىللىككە كۇپايە دەپتۇ، پۇل ئىگىسى راست دەيسەن، دەپ پۇلنى ئۇنىڭغا مەلۇم مۇددەتتە ئەكىلىپ بەر دەپ بېرىپتۇ، ئۇ كىشى دېڭىزغا چىقىپ، ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە پۇلنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن كېمە ئىزدەپتۇ، لېكىن، زادى تاپالماپتۇ، ئاندىن ئۇ بىر ياغاچنى ئېلىپ، ئېچىنى تېشىپ، كاۋاك قىلىپ، ئىچىگە 1000 دىنار ئالتۇننى سېلىپ، ئۇ ئالتۇن بىلەن بىرگە پۇل ئىگىسىگە بىر پارچە خەتنى بىللە قوشۇپ سېلىپ، ئاندىن تۆشۈك ئورنىنى ئېتىپ، دېڭىزغا كېلىپ مۇنداق دۇئا قىلىپتۇ، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن سىلى مېنىڭ پالانىدىن 1000 دىنار قەرز سورىغىنىمنى ئوبدان بىلىپ تۇرسىلا، ئۇ مەندىن كېپىل بولىدىغان كىشىنى تەلەپ قىلغاندا، مەن ئاللاھ كېپىل، ۋەكىللىككە كۇپايە دىسەم،ئۇ رازى بولۇپ، سىلىگە ئىشىنىپ، ماڭا پۇل بەرگەن، مەندىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلغاندا، مەن گۇۋاھچىلىققا ئاللاھ كۇپايە دىسەم، ئۇ سىلىگە رازى بولۇپ، 1000 دىنارنى بىرىپ تۇرغان ئىدى، مەن ئۇنىڭ بۇ ئېلىشىنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن كېمە ئىزدەپ خېلى تىرىشقان بولساممۇ، كېمىنى تاپالمىدىم، مەن بۇ 1000 دىنارنى سىلىگە ئامانەت قويدۇم، سىلىگە تاپشۇردۇم، دەپ دېڭىزغا ئېتىپتۇ، ياغاچ، دېڭىز ئىچىدە غايىب بولۇپتۇ، ئاندىن ئۇ شۇ شەھەرگە چىقىش ئۈچۈن كېمە ئىزدىگەچ قايتىپتۇ، پۇل قەرز بىرىپ تۇرغان كىشى بىرەر كېمە مېلىمنى 1000 دىنارنى ئېلىپ كەلدىمىكىن دەپ شۇ چاغدا دېڭىز بويىغا چىقىپتۇ، ناگاھان ئۇ ئىچىدە 1000 دىنار بار ياغاچنى كۆرۈپ، ئەھلىگە ئوتۇن قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ئۆيگە ئەكىلىپ يارسا، 1000 دىنار بىلەن ئۆزىگە يېزىلغان بىر پارچە؛ خەت چىقىپتۇ، ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي پۇل قەرز ئالغان كىشى يەنە 1000 دىنارنى ئېلىپ كەپتۇ، ۋە ئۇ مۇنداق دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ؛ مەن ساڭا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، پۇلۇڭنى، مېلىڭنى ئەكىلىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن كېمە ئىزدەپمۇ ھەرگىز كېمىنى تاپالمىدىم، مەن خېلى تىرىشتىم، لېكىن زادى ئامال بولمىدى دەپتۇ، پۇل ئىگىسى ئۇنىڭغا سەن ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى مەن ساڭا دېدىمغۇ ، مەن كېلىشىدىن بۇرۇن ھېچبىر كېمىنى تاپالمىدىم دەپتۇ، پۇل ئىگىسى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سەندىن سەن ياغاچنىڭ ئىچىدە ئەۋەتكەن نەرسەڭ بىلەن قەرزىڭنى ئادا قىلىۋەتتى دەپتۇ، ئاندىن ئۇ كىشى 1000 دىنارنى ئېلىپ، توغرا يول تاپقان ھالدا قايتىپتۇ، ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەخسىدى ئەنە شۇ كىشىلەردەك ئىخلاس قىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك، ئىشەنچىلىك ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان، سەممىي، راستچىل بولۇش، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن تەۋەككۇل قىلىش، ھەقىقى تەقۋادار بولسا، دۇئاسى ئىجابەت بولۇش، كارامەت كۆرۈلىشلەر چىقىدۇ.

إن رجلا ممن كان قبلكم خرجت به قرحة فلما آذته انتزع سهما من كنانته فنكأها فلم يرقأ الدم حتى مات فقال الله: عبدي بادرني بنفسه حرمت عليه الجنة ( حم ق ) عن جندب البجلي

2082. جۇندۇبلى بىجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ، جاراھەت ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەندە، ئۇ ئوق خالتىسىدىن بىر تال ئوقيانى ئېلىپ، ئۇ جاراھەتكە سانجىۋېتىدۇ، ئاندىن قەتئىي قان توختىماي، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: بەندەم ماڭا نەپسى بىلەن ئالدىراپ قالدى، ماڭا ئالدىراپ، ئۆزىنى ئۆلتۈردى، مەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلدىم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھارام قىلىنغان، ئۇنداق كىشى ھارام ئىشنى قىلىپلا جان ئۈزىدۇ ـ دە، دوۋزاختا بولىدۇ، شۇ قاتىللىق قۇرالى بىلەن ئازابلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىن ئىبارەت بىر كىشىنى ئۆلتۈردى.

إن رجلا يأتيكم من اليمن يقال له: أويس لا يدع باليمن غير أم له قد كان به بياض فدعا الله فأذهبه عنه إلا مثل موضع الدرهم فمن لقيه منكم فمروه فليستغفر لكم ( م ) عن عمر

2083. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەرگە يەمەندىن ئۇۋەيس دېيىلىدىغان بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇ يەمەندە ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن باشقا نەرسە قالدۇرمايدۇ، ئۇ ئانىسىغا بەكمۇ ياخشىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بار ئىدى، ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ساقىيىپ، پەقەت بىر دانە تەڭگىنىڭ ئورنىدەكلا جاي قېلىپ قالدى، سىلەردىن بىر كىشى، ئۇنىڭغا ئۇچراشسا، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت سوراپ، دۇئا قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن، دۇئاسى ئىجابەت بولغۇدەك، سالىھ ياخشى كىشىدىن دۇئا ئېلىش مۇھىمدۇر.

( صحيح ) إن روح القدس معك ما هاجيتهم ( ك ) عن البراء

2084. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسان دېگەن ئىسلام شائىرىغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سەن مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋىي شېئىرنى ئوقۇۋېلا تۇرساڭ، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە بولىدۇ، يەنى ياردەم بېرىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن روح القدس نفث في روعي أن نفسا لن تموت حتى تستكمل أجلها و تستوعب رزقها فاتقوا الله و أجملوا في الطلب و لا يحملن أحدكم استبطاء الرزق أن يطلبه بمعصية الله فإن الله تعالى لا ينال ما عنده إلا بطاعته ( حل ) عن أبي أمامة

2085. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن روھۇلقۇددۇس، پاك روھ، جىبرىئىل قەلبىمگە مۇنداق ئىلھام قىلدى، شەك ـ شۈبھىسىز ھەربىر جان ئىگىسى ئەجىلى توشماي تۇرۇپ، رىزقى پۈتۈنلەي تۈگىمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار ، رىزقنى تەلەپ قىلىشنى چىرايلىق قىلىڭلار، بىرىڭلارغا رىزىق، مال ـ دۇنيانىڭ كېچىكىپ قېلىشى، ئۇنى ئاللاھقا ئاسىي قىلىپ قويمىسۇن (يەنى ئاسىيلىق بىلەن گۇناھ بىلەن تەلەپ قىلماڭلار)، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزلىدىكى نەرسىگە (مەيلى ئۇ، بۇ دۇنيالىق نەرسە بولسۇن، ياكى ئۇ دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك نەرسە بولسۇن) پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ، ئاسىيلىق بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ، ئەبۇ نۇئەيم، ھىلىيەتتە توپلىغان ، سەھىھ.

إن روح القدس لا يزال يؤيدك ما نافحت عن الله و رسوله – قاله لحسان – ( م ) عن عائشة

2086. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ھەسسان! ھەقىقەتەن سەن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغداپ، ئىسلام دىنىنى قوغداپ، دىنسىز مۇشرىكلارغا قارشى، ھەجۋىي شېئىرنى ئوقۇۋېلا تۇرساڭ، جىبرىئىل سېنى كۈچلەندۈرۈپ، ساڭا ياردەم بېرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن زاهرا باديتنا و نحن حاضروه ( البغوي ) عن أنس

2087. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىزنىڭ دىيارىمىز، يېزىلىرىمىز، گۈل ـ چېچەككە تولغان، نۇرلۇق، گۈزەل

ياخشىلىقلىرى كۆپ جايدۇر، بىز ئۇ جايدا مۇقىم تۇرىمىز، ھەم ھازىر بولىمىز، بەغۋى توپلىغان، سەھىھ، بۇ مەدىنىنىڭ پەزىلىتى ئىدى.

( صحيح ) إن ساقي القوم آخرهم شربا ( حم م ) عن أبي قتادة .

2088. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قەۋمگە ئىچىملىك قۇيۇپ بەرگۈچى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىچىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن، ساھىبخان، زىيايەت ئىگىلىرى ئارقىسىدىراق يەپ ـ ئىچىدۇ.

إن سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر تنفض الخطايا كما تنفض الشجرة ورقها ( حم خد ) عن أنس

2089. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۇبھانەللاھ، ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلائىلاھە ئىللەللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئېيتىش، خۇددى دەرەخ قۇلاقلىرىنى تۆككەندەك خاتالىق، گۇناھلارنى ئىنساندىن تۆكۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

إن سليمان بن داود لما بنى بيت المقدس سأل الله عز و جل خلالا ثلاثة: سأل الله حكما يصادف حكمه فأوتيه و سأل الله ملكا لا ينبغي لأحد من بعده فأوتيه و سأل الله حين فرغ من بناء المسجد أن لا يأتيه أحد لا ينهزه إلا الصلاة فيه أن يخرجه من خطيئته كيوم ولدته أمه أما اثنتان فقد أعطيهما و أرجوا أن يكون قد أعطي الثالثة ( حم ن ه حب ك ) عن ابن عمرو

2090. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، بەيتۇلمۇقەددەسنى سالغاندا، ئاللاھتائالادىن ئۈچ خىسلەت ئىشنى سورىغان ئىدى. 1 ـ ئۇ، ئاللاھدىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمگە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى سورىدى، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى، 2 ـ ئاللاھدىن، ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىشىگە لايىق بولمىغۇدەك، ھېچكىشىگە بېرىلمەيدىغان پادىشاھلىقنى سورىدى، بۇمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى. 3 ـ ئۇ، ئاللاھدىن مەسجىد قۇرۇلۇشىنى تامام قىلىپ بولغاندا، مۇنداق سورىدى: ھەرقانداق بىر كىشى بۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە كېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنى ئۆيىدىن پەقەت شۇ مەسجىددە ناماز ئوقۇشلا چىقارسا، باشقا نىيىتى بولمىسا، پەقەت نامازلا نىيىتى بولسا، بۇ كىشىنى خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك بارلىق خاتالىقلىرىدىن، گۇناھلىرىدىن چىقىرىپ، تۇغما ھالەتكە ئەكىلىشنى سورىدى، ئەمما، ئىلگىرىكى ئىككى دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، سورىغىنى بېرىلدى، مەن ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنىڭمۇ بېرىلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن (بىزمۇ شۇنداق) ئەھمەد 6357 ـ ھەدىس، نەسەئى 686 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1398 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن سورة من القرآن ثلاثون آية شفعت لرجل حتى غفر له و هي: ( تبارك الذي بيده الملك . ( حم 4 حب ك ) عن أبي هريرة .

2091. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرە ئۇنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى ئۈچۈن، شاپائەت قىلىپ، ئۇنى مەغپىرەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، ياكى شۇنداق قىلدى، ئۇ سۈرە بولسا، «تەبارەكەللەزى بىيەدىھىلمۇلك» يەنى سۈرە مۇلكتۇر، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

إن سورة من كتاب الله ما هي إلا ثلاثون آية شفعت لرجل فأخرجته من النار و أدخلته الجنة ( ك ) عن أبي هريرة

2092. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ،ئۆزىنى ئوقۇپ، ئەمەل قىلغان كىشىگە شاپائەت قىلىپ، ئۇ كىشىنى دوزاخدىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن سياحة أمتي الجهاد في سبيل الله ( د ك هب ) عن أبي أمامة

2093. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ساياھەت قىلىشى، ئاللاھ يولىدا جىھاد، ئۇرۇش قىلىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن شر الرعاء الحطمة ( حم م ) عن عائذ بن عمرو

2094. ئائىز ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پادىچىلارنىڭ باش بولغانلارنىڭ ئەڭ يامىنى، رەھىم قىلماس، زالىم بولغىنىدۇر، مۇسلىم 3411 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19719 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن شر الناس منزلة عند الله يوم القيامة من تركه الناس اتقاء فحشه ( ق د ت ) عن عائشة

2095. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەنزىل جەھەتتىن ئەڭ يامان كىشى بولسا كىشىلەر ئۇنى، ئۇنىڭ پاھىشە، يامان ئەسكىلىكىدىن قورقۇپ، تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر، يەنى (كىشىلەر ئەسكىلىكىدىن قورقىدىغان، ئەسكى كىشىدۇر)، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن شهداء أمتي إذن لقليل القتل في سبيل الله شهادة و المطعون شهادة و المرأة تموت بجمع شهادة و الغرق و الحرق و المجنوب شهادة ( ه ) عن جابر بن عتيك

2096. جابىر ئىبنى ئەتىيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ بوۋىسى ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوقلاپ كەلگەن، بىرسى بىز سېنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلاتتۇق دېدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، شېھىدلىق بولىدۇ، ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، ئىككى قات، ھامىلدار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شېھىد بولىدۇ، سۇدا غەرىق بولۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، زاتۇلجەنبى دېگەن كېسەلدە، ئۆلگەن كىشى شېھىد بولىدۇ، (بۇ كېسەل، مۇتلەق بىقىنى ئاغرىش ياكى قورساقتا جاراھەت چىقىش ياكى سىلسىلە كېسەل،ئىچكى كېسەل ) بۇ ھەدىس ئىبنى ماجە 2793 ـ ھەدىس، نەسەئى 1823 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2704 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22635ـ ھەدىس، مالىك 493 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەمما، يۇقىرىقى ئىشلاردا مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشى، نىيىتى خالىس بولۇشى شەرت ، باشقا ھەدىسلەردە مۇسۇلمان، مۆئمىن،ئاللاھ يولىدا دېگەن بار.

( حسن ) إن صاحب الشمال ليرفع القلم ست ساعات عن العبد المسلم المخطئ فإن ندم و استغفر الله منها ألقاها و إلا كتبت واحدة ( طب ) عن أبي أمامة .

2097. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سول تەرەپتىكى گۇناھلارنى يازىدىغان پەرىشتە بەندە، گۇناھ قىلغاندا، قەلەمنى خاتالاشقان مۇسۇلمان بەندىدىن ئالتە سائەت كۆتۈرۈپ يازماي تۇرىدۇ، ئەگەر شۇ ۋاقىت ئىچىدە پۇشايمان قىلىپ، تەۋبە قىلىپ، شۇ گۇناھقا ئاللاھدىن مەغپىرەت سورىسا، كەچۈرۈشنى سورىسا، پەرىشتە ئۇ گۇناھنى يازماي، قەلەمنى ئۆز جايىغا تاشلاپ قويىدۇ، ئەگەر پۇشايمان قىلمىسا، تەۋبە قىلمىسا، بىر گۇناھنى بىر يازىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن صلاة الرجل في الجماعة تزيد على صلاته وحده بخمس و عشرين جزءا ( ت ) عن أبي هريرة .

2098. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىنىڭ جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

( صحيح ) إن طعام الواحد يكفي الاثنين و إن طعام الاثنين يكفي الثلاثة و الأربعة و إن طعام الأربعة يكفي الخمسة و الستة ( ه ) عن عمر

2099. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىر كىشىلىك تائام ئىككى كىشىگە ئىككى كىشىنىڭ تائامى، ئۈچ ـ تۆت كىشىگە كۇپايە بولىدۇ، ھەقىقەتەن تۆت كىشىلىك تائام بەش ـ ئالتە كىشىگە كۇپايە بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن طول صلاة الرجل و قصر خطبته مئنة من فقهه فأطيلوا الصلاة و أقصروا الخطبة و إن من البيان لسحرا ( حم م ) عن عمار بن ياسر

2100. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇشى، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشى، شۇ كىشىنىڭ فىقھشۇناس ئالىم ئىكەنلىكىگە ئالامەت دەلىلدۇر، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇپ، خۇتبىنى قىسقا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن بالاغەتلىك، پاساھەتلىك سۆز قىلىشىدا ئەقلىنى لال قىلىدىغان، سېھرى كۈچ بار، مۇسلىم 1437 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17598 ـ ھەدىس، دارمى 1511 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن عاشوراء يوم من أيام الله فمن شاء صامه و من شاء تركه ( حم م ) عن ابن عمر

2101. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاشۇرا كۈن بولسا، يەنى مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى، ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن بىر كۈندۇر خالاس، خالىغان كىشى ئۇ كۈندە روزا تۇتسۇن، خالىغان كىشى روزا تۇتماي، يېسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن عامة عذاب القبر من البول فتنزهوا منه ( عبد بن حميد البزار طب ك ) عن ابن عباس

2102. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قەبرە ئازابىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەممىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ، سىلەر سۈيدۈكتىن، قاتتىق ساقلىنىڭلار، پاك تۇرۇڭلار، ئابدۇ ئىبنى ھەمىيد بەزار، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسىدىن سۈيدۈك ئامدۇر (ئومۇمدۇر)، مەيلى، ئىنسان مەيلى ھايۋان سۈيدۈكى بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

إن عبدا أصاب ذنبا فقال: رب أذنبت فاغفره فقال ربه: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم مكث ما شاء الله ثم أصاب ذنبا فقال: ربي أذنبت آخر فاغفر لي قال: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم أصاب ذنبا فقال: رب أذنبت آخر فاغفر لي قال: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ قد غفرت لعبدي فليعمل ما شاء ( حم ق ) عن أبي هريرة

2103. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىر بەندە بىر گۇناھقا يېتىپ قېلىپ، ئى پەرۋەردىگارىم مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېدى، رەببى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى، بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا ئازابلىيالايدىغان، رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەمنى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، كەچۈرۈۋەتتىم دەپ، ئاندىن ئۇ بەندە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، گۇناھقا پۇشايمان قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ، ئى رەببىم، مەن يەنە بىر گۇناھ قىلىپ قالدىم، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا، ئاللاھ يەنە بەندەم ھەقىقەتەن گۇناھلىرىنى كەچۈرەلەيدىغان ھەم ئازابلىيالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم دەپتۇ، ئاندىن ئۇ بەندە (ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن) يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، ۋە يەنە يۈزى قېلىنلىق قىلىپ، ئى رەببىم ئاللاھ، مەن يەنە گۇناھ قىلىپ سالدىم، مەن ئۈچۈن يەنە مەغپىرەت قىلسىلا دەپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مەغپىرەت قىلىدىغان، ھەقىقەتەن ئازابلىيالايدىغان مەندەك بىر رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، يەنە بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، (يەنى مېنى تونۇپ، شېرىك كەلتۈرمەستىن، مەغپىرەت سورىسىلا، مەن يەنە كەچۈرىمەن) ئەھمەد، بەيھەقى

توپلىغان، سەھىھ. ئى قېرىنداشلار سىلەرمۇ مەندەك خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟

إن عبد الله بن قيس أعطي مزمارا من مزامير آل داود ( حم خد م ن ) عن بريدة

2104. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئابدۇللاھ ئىبنى قىيسقا ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن نەيگە ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازى بېرىلىپتۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن عبد الله رجل صالح لو كان يكثر الصلاة من الليل ( ق ه ) عن حفصة .

2105. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەگەر كېچىسى نامازنى كۆپ ئوقۇسا، سالىھ، ياخشى ئەردۇر، بۇ ھەدىسنى ئۇ دوۋزاخنى چۈشىدە كۆرگەندە، دېگەن ئىدى، ئابدۇللاھ كېچىسى نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى، ئىبنى ماجە 3909 ـ ھەدىس، تىرمىزى 295 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6048 ـ ھەدىس، دارمى 1364 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن عثمان حيي ستير تستحي منه الملائكة ( ع ) عن عائشة

2106. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكمۇ ھايالىق، ئۇيياتچان، ئۆزىنى دائىم پەردىلەپ تۇرىدىغان كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

إن عثمان رجل حيي و إني خشيت إن أذنت له و أنا على تلك الحال أن لا يبلغ إلي في حاجته ( حم م ) عن عائشة

2107. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، ئىزنى سوراپ كىرگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاساياسىنى يېپىنىپ، كۆرپىسىدە ياتاتتى، شۇ ھالەتتە ، رۇخسەت قىلدى، ئۇلار چىقىپ كېتىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇخسەت سورىسا ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، كاسايانى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بېرىپ، كىيىمىگنى تۈزلەپ كىيىۋال دېدى، سوئال سورالغاندا، ئاندىن مۇنداق دېگەن ئىدى، ھەقىقەتەن مەن شۇ ھالەتتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىزنى بەرگەن بولسام، ئۇنىڭ ماڭا ھاجىتىنى يەتكۈزەلمەسلىكىدىن ھاجىتىنى ئادا قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىدىم دېگەن ، (چۈنكى، ئۇ بەك ئۇيياتچان ئىدى) مۇسلىم 4415 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ھايالىق، ئۇيياتچان بولۇش، پەردىلىنىش، ئىزنى رۇخسەت سوراش، ھاجەتنى ئامال بار قولدىن كېلىشىچە ئادا قىلىشتۇر.

إن عدو الله إبليس جاء بشهاب من نار ليجعله في وجهي فقلت: أعوذ بالله منك ثلاث مرات ثم قلت: ألعنك بلعنة الله التامة فلم يستأخر ثلاث مرات ثم أردت أن آخذه و الله لولا دعوة أخينا سليمان لأصبح موثقا يلعب به ولدان أهل المدينة ( م ن ) عن أبي الدرداء

2108. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىس، شەيتان، يۈزۈمگە يېقىۋېتىش ئۈچۈن ئوتتىن بىر چوغنى ئېلىپ كەپتۇ، مەن، ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمەن دەپ ئۈچ قېتىم دېدىم، ئاندىن مەن ساڭا ئاللاھنىڭ كامىل، تولۇق بولغان لەنىتى بىلەن لەنەت قىلىمەن دېدىم، ئۇ ئۈچىلى قېتىم، قايتىپ كەتمىدى، چېكىنمىدى، ئاندىن مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىشنى ئىرادە قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىمىز سۇلايماننىڭ دۇئاسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئەگەر ئۇنىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شەيتان تۈۋرۈككە باغلانغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزاتتى، مەدىنە ئەھلىنىڭ بالىلىرى، ئۇنى ئوينايتتى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن عذاب هذه الأمة جعل في دنياها ( ك ) عن عبدالله بن يزيد

2109. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئۈممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادا قىلىندى (بۇ مۇسۇلمان ئۈممەت ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئازاب يوق) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ھەقىقى مۆئمىن بولسىڭىز، ئازابقا تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ.

(حسن) إن عظم الجزاء مع عظم البلاء و إن الله تعالى إذا أحب قوما ابتلاهم فمن رضي فله الرضا و من سخط فله السخط ( ت ه ) عن أنس .

2110. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇكاپاتنىڭ ياخشىسى، جازانىڭ ئەڭ كاتتىسى، ئالىيسى، بالالەرنىڭ چوڭى بىلەن بىللە بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى بالالەر بىلەن سىنايدۇ، رازى بولغان كىشىگە رازىلىق بولىدۇ، كايىغان، ئاچچىقلانغان كىشىگە كايىش، ئاچچىقلىنىش بولىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن عفريتا من الجن تفلت علي البارحة ليقطع على الصلاة فأمكنني الله منه فذعته و أردت أن أربطه إلى سارية من سواري المسجد حتى تصبحوا و تنظروا إليه كلكم فذكرت قول أخي سليمان ( رب اغفر لي و هب لي ملكا لا ينبغي لأحد من بعدي فرده الله خاسئا ) . ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

2111. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جىندىن بىر ئىشپىيون ئۆتكەن كېچە نامىزىمنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ماڭا تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلدى، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ئىمكانىيەت بەردى، مەن ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، تۇتىۋالدىم، ئۇنى سىلەرنى تاڭ ئاتقاندا كۆرۈۋالسۇن، ھەممىڭلار قاراپ بىلىۋالسۇن دەپ، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلىپ بولۇپ، قېرىندىشىم سۇلايماننىڭ دۇئاسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، قويۇۋەتتىم، ئاللاھ ئۇنى، ئۇ خار ھالدا قايتۇرۇۋەتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن علما لا ينتفع به ككنز لا ينفق منه في سبيل الله ( ابن عساكر ) عن أبي هريرة .

2112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىنمىغان ئىلىم، ئاللاھ يولىدا نەپىقە چىقىم قىلىنمىغان ئالتۇن كاڭغا ئوخشايدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسىدىن، شۇ ئالتۇن كاڭنىڭ ئىگىسى، ئازابلانغاندەك بۇنداق پايدا بەرمىگەن ئىلىم ئىگىسى ئاخىرەتتە ئازابلىنىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

( صحيح ) إن عم الرجل صنو أبيه ( طب ) عن ابن مسعود

2113. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىنىڭ تاغىسى، دادىسىنىڭ ئوخشىشى، بىر شاخچىسى ھېسابلىنىدۇ، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن غلظ جلد الكافر اثنان و أربعون ذراعا بذراع الجبار و إن ضرسه مثل أحد و إن مجلسه من جهنم ما بين مكة و المدينة ( ت ك ) عن أبي هريرة

2114. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دوۋزاخ ئىچىدىكى كاپىر، دىنسىزنىڭ تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى، جاببار، ئاللاھنىڭ گېزى بىلەن 42 گەزدۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر چىشى ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، ئۇنىڭ جەھەننەمدە ئولتۇرىدىغان ئورنى، مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدەك چوڭ، ھەم كەڭدۇر، (ھەممىسى ئازابنى زىيادە قاتتىق قىلىش ئۈچۈندۇر) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن فاطمة بضعة مني و أنا أتخوف أن تفتن في دينها و إني لست أحرم حلالا و لا أحل حراما و لكن و الله لا تجتمع بنت رسول الله و بنت عدو الله تحت رجل واحد أبدا ( حم ق د ه ) عن المسور بن مخرمة .

2115. مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پاتىمە مېنىڭ بىر پارەم، يۈرەك پارەم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ دىنىدا پىتنە ـ پاساتقا دۇچ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھالالنى

ھارام، ھارامنى ھالال قىلالمايمەن، لېكىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ قىزى بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى، بىر ئەرنىڭ ئاستىدا مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ، نىكاھلانمايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، دېگەن، دۈشمەن ئەبۇجەھىلدۇر. ئەھمەد 18154 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد 1773 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1988 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن فسطاط المسلمين يوم الملحمة بالغوطة إلى جانب مدينة يقال لها دمشق من خيرمدائن الشام( د)عن أبي الدرداء

2116. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن زور كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغالغان جەڭ كۈنلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان، قورغانلىنىدىغان جايى، دەمەشق دېيىلىدىغان شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى غوتەت دېيىلىدىغان جايدۇر، ئۇ قورغان جايى، شام شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئەبۇ داۋۇد 3746 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20732 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) إن فضل عائشة على النساء كفضل الثريد على سائر الطعام (حم ق ت ن ه ) عن أنس ( ن ) عن أبي موسى (ن ) عن عائشة .

2117. ئەنەس، ئەبۇ مۇسا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئائىشەنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن فقراء المهاجرين يسبقون الأغنياء يوم القيامة إلى الجنة بأربعين خريفا ( م ) عن ابن عمرو

2118. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى قىيامەت كۈنى بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن فلانا أهدى إلي ناقة فعوضته منها ست بكرات فظل ساخطا لقد هممت أن لا أقبل هدية إلا من قرشي أو أنصاري أو ثقفي أو دوسي ( حم ت ) عن أبي هريرة

2119. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پالانى ماڭا بىر تۆگە ھەدىيە قىلغان ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتە بوتىلاق تۆگىنى ھەدىيە قىلىپ، ياخشىلىقنى قايتۇرساممۇ، ئۇ دائىم مەندىن خاپا بولۇپ، ئاچچىقلاۋەردى، جەزمەن مەن ھېچكىشىدىن ھەدىيىنى قوبۇل قىلماسلىقنى مەقسەت قىلدىم، پەقەت قۇرەيشتىن ياكى ئەنسارىلاردىن ياكى سوقەيى،دۇۋەسىي قەبىلىسىدىكىلەردىن قوبۇل قىلىمەن، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن في الجمعة لساعة لا يوافقها عبد مسلم و هو قائم يصلي يسأل الله فيها خيرا إلا أعطاه الله إياه ( مالك حم م ن ه ) عن أبي هريرة

2120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جۈمە كۈنى بىر سائەت بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە شۇ سائەتتە قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇپ، ئاللاھدىن بىرەر ياخشىلىقنى سورىغان ھالدا مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە شۇ سورىغان نەرسىنى چوقۇم بېرىدۇ، مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن في الجنة بابا يقال له: الريان يدخل منه الصائمون يوم القيامة لا يدخل منه أحد غيرهم يقال: أين الصائمون ؟ فيقومون فيدخلون منه فإذا دخلوا أغلق فلم يدخل منه أحد ( حم ق ) عن سهل بن سعد .

2121. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ رەييان دېيىلىدىغان بىر ئىشىكى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىشىكتىن روزا تۇتقۇچىلار كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قېنى!؟ دېيىلىدۇ ، ئۇلار ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنىپ، ئۇلاردىن باشقا ھېچكىشى كىرەلمەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان،

سەھىھ. ئالىملار بۇ ئىشىكنىڭ رەيھان دەپ ئاتىلىشى، روزا تۇتقۇچىلارنى ئىپسىل مەي، شارابقا، لەززەتكە قاندۇرغۇچى مەنىسىدە بولىدۇ دېدى.

إن في الجنة بحر الماء و بحر العسل و بحر اللبن و بحر الخمر ثم تشقق الأنهار بعد( حم ت ) عن معاوية بن حيدة

2122. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە تاتلىق سۇنىڭ دېڭىزى بار، ھەسەلنىڭ، سۈتنىڭ، ئىپسىل مەينىڭ دېڭىزى بار، ئاندىن كېيىن، باشقا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر شاخلاپ، يېرىلىپ چىقىدۇ، تىرمىزى 2494 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19197 ـ ھەدىس، دارىمى 2714 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن في الجنة غرفا يرى ظاهرها من باطنها و باطنها من ظاهرها أعدها الله تعالى لمن أطعم الطعام و ألان الكلام و تابع الصيام و صلى بالليل و الناس نيام ( حم حب هب ) عن أبي مالك الأشعري ( ت ) عن علي

2123. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر بالىخانا، مېھمانخانا بار، ئۈستىدىن قەۋەتلىك ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ تېشى ئىچىدىن، ئىچى تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇ ئالىي مەرتىۋىنى كىشىلەرگە تائام بەرگەن، سۆزىنى ياخشى، مۇلايىم قىلغان، كېچىنى ـ كېچىدىن كۆپلەپ روزا تۇتقان، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇغان كىشىلەرگە تەييارلاپ قويدى، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھگە يېقىن ھەسەن، بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىسلەردىن شاھىدى بار.

إن في الجنة لسوقا يأتونها كل جمعة فيها كثبان المسك فتهب ريح الشمال فتحثوا في وجوههم و ثيابهم فيزدادون حسنا و جمالا فيرجعون إلى أهليهم و قد ازدادوا حسنا و جمالا فيقول لهم أهلوهم: و الله لقد ازددتم بعدنا حسنا و جمالا فيقولون: و أنتم و الله لقد ازددتم بعدنا حسنا و جمالا ( حم م ) عن أنس .

2124. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، جەننەت ئەھلى بازارغا ھەر جۈمە كۈنى كېلىدۇ، (يەنى ھەر جۈمە كۈنىنىڭ مىقدارىدا كېلىپ تۇرىدۇ) ئۇ بازاردا مىسكە ئەنبەر دۆۋىسى بار بولۇپ، شىمال شامىلى چىقىش بىلەنلا، شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە شۇ مىسكە ئەنبەرنى چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆسنى ـ جامالىغا ھۆسن ـ جامال زىيادە بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلىگە شۇ زىيادە قىلىنغان ھۆسنى ـ جامالى بىلەن قايتىپ بارسا، ئەھلىلىرى ئۇلارغا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىزدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ھۆسنى جامالىڭلار زىيادە بولۇپ شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلىگە؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرمۇ ھۆسنى ـ جامالىڭلار زىيادە بولۇپ، شۇنداق گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر دەيدۇ، ھەر ئىككىسى گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ، (مانا بۇ سۈرەت، گېرىم بازىرى بولۇشى مۇمكىن) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن في الجنة لشجرة يسير الراكب الجواد المضمر السريع في ظلها مائة عام ما يقطعها ( حم خ م ت ) عن أنس ( ق ) عن سهل بن سعد ( حم ق ت ) عن أبي سعيد ( ق ت ه ) عن أبي هريرة .

2125. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، ناھايىتى تېز چاپىدىغان، تېز چاپسۇن ئۈچۈن ئىچى تارتىلغان، ئورۇق قويۇلغان ئېسىل كاتتا ئاتلىق ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا 100 يىل سەير قىلىپ ئات چاپتۇرسا، ئۇ سايىنىڭ بىر چېتىگە ئۇزۇلۇپ چىقالمايدۇ، (جەننەت دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرى شۇنداقتۇر) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزىلار ئەنەسدىن بەيھەقى سەھلى ئىبنى سەئىددىن، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، يەنە بەيھەقى تىرمىزى ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ.

إن في الجنة مائة درجة أعدها الله للمجاهدين في سبيل الله ما بين الدرجتين كما بين السماء و الأرض فإذا سألتم الله فسلوه الفردوس فإنه أوسط الجنة و أعلى الجنة و فوقه عرش الرحمن و منه تفجر أنهار الجنة ( حم خ هريرة

2126. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ دەرىجىلەرنى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغاندۇر، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدىكى پەرقتەك چوڭدۇر، ئاللاھدىن سوراپ قالساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن بۇ جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئۈستىدە، ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. رەھمانتائالانىڭ ئەرشىمۇ، فىردەۋس دېگەن جەننەتنىڭ ئۈستىدىلا، مۇشۇ جەننەتتىن باشقا جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ، ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، ئاسمان كۇرسى، ھەتتا، ئەرشمۇ گۇمبەز، يۇملاق ئىكەن، چۈنكى، فىردەۋس ئوتتۇرىدا بولۇپ، ئۈستۈن بولسا، گۇمبەز ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز بىرەر نەرسىنى ئوتتۇرىنى ئۈستۈن قىلىپ بېقىڭ، گۇمبەز ھاسىل بولىدۇ دېدى، ھازىرمۇ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، قۇياش، ئاي، باشقا پىلانىتلار، سىستىمىلار، سامان يولى قاتارلىقلار، يۇملاق گۇمبەز شەكلىدە بولۇپ چىقتى، ھەتتا، يەرشارىمۇ يۇملاق، ئېلىپىس شەكلىدە ئىكەن.يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن ، ئەرش كۇرسى توغرىسىدا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن باشقا سۆز ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، بۇ غەيب ئالەم، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

إن في الجنة ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب أحد ( طب ) عن سهل بن سعد .

2127. سەھلى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان بىرەر كىشىنىڭ قەلبىگە، كۆڭلىگە خوتۇر بولۇپ، خىيالىغا كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نازۇ ـ نېئمەتلەر ، لەززەتلەر، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، راھەت ـ پاراغەتلەر باردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، نېئمەت چەكسىزدۇر، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى مەنبەسى سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەتتە سۆزلەنگەن، ئالىملار بۇ ھەدىسنى ئاشۇ ئايەتكە تەپسىر قىلىشىدۇ، مۇشۇ ئايەت بىلەن مۇشۇ ھەدىس، ۋە جەننەتتە، جەننەت ئەھلىگە ئۇلارنىڭ خالىغان نەرسىسى باردۇر دېگەن ئايەت، قەلبىنى ئاجايىپ خاتىرجەم قىلىدۇ، ئاللاھ بىزنى شۇلاردىن قىلسۇن، ئامىن.

( صحيح ) إن في الحجم شفاء ( م ) عن جابر

2128. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قان ئالدۇرۇشتا نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا، داۋا باردۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن في الصلاة شغلا ( ش حم ق د ه ) ابن مسعود

2129. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ناماز ئىچىدە دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن مەشغۇل بولىدىغان، مەشغۇللۇق باردۇر، (يەنى، قىرائەت، زىكرى ـ تەسبىھ، ئاللاھدىن قورقۇش، جايىدا ئوقۇشلار بار بولغاچقا، خۇشۇئ بىلەن ئادا قىلىش لازىم بولغاچقا، بىرەر كىشىگە ناماز ئىچىدە سالام قايتۇرۇشقا، جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ) ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن في الليل لساعة لا يوافقها عبد مسلم يسأل الله تعالى فيها خيرا من أمر الدنيا و الآخرة إلا أعطاه إياه و ذلك كل ليلة ( حم م ) عن جابر

2130. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كېچىدە بىر سائەت بار بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە، شۇ سائەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىدىن بىرەر نەرسىنى ئاللاھتائالادىن سورىغان ھالدا، مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ھەرقانداق ياخشى نەرسە

سورىسا ، ئاللاھ ئۇنى شۇ بەندىگە چوقۇم بېرىدۇ، بۇ سائەت ھەر كېچىسى باردۇر، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

إن في أمتي اثني عشر منافقا لا يدخلون الجنة و لا يجدون ريحها حتى يلج الجمل في سم الخياط ثمانية منهم تكفيكهم الدبيلة: سراج من النار يظهر في أكتافهم حتى ينجم من صدورهم ( م ) عن حذيفة .

2131. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە 12 مۇناپىق بار بولۇپ، تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە ئۇلار ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس)، ھەتتا ئۇلار جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ئۇ مۇناپىقلاردىن سەككىزىگە دەبىيەت كېسىلى تېتىيدۇ، كۇپايە بولىدۇ، بۇ كېسەل دوۋزاخ ئوتىدىن بىر چىراغ ئوتتۇر، ئۇلارنىڭ تارغاقلىرى ئۈستىدە ئاشكارا بولۇپ، كۆكسىنى تېشىپ چىقىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، 4984 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22229 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن في أمتي خسفا و مسخا و قذفا ( طب ) عن سعيد بن أبي راشد

2132. سەئىد ئىبنى ئەبۇ راشىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ يەر يۇتۇپ كېتىش ، سۈرەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ كېتىش يەنى ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ قېلىش، ئاسماندىن تاشلار يېغىش يۈز بېرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن في ثقيف كذابا و مبيرا ( حم م ) عن أسماء بنت أبي بكر

2133. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۇقەيىپ قەبىلىسىدە كاززاپ بار، ۋە كىشىلەر ئارىسىدا زۇلۇم قىلغۇچى، پاسات تېرىغۇچى كىشى بار دېدى، (تىرمىزىدا كاززاپ بولسا، مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە، ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كاززاپ ئىدى، مۇبىير پاساتچى بولسا، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف شۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ساناپ، 120000 ئادەم چىقارغان دېيىلدى) تىرمىزى 2146 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4617 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25735 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن في حوضي من الأباريق بعدد نجوم السماء ( ت ) عن أنس

2134. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ ئورۇق، قاچا، جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن في عجوة العالية شفاء و إنها ترياق من أول البكرة ( م ) عن عائشة

2135. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەدىنىنىڭ نەجدىگە يېقىن ئۈستۈن تەرىپىدىكى باغلارنىڭ ئەجۋەت خورمىسى، ياخشى، كاتتا، خورمىلىرىدا شىپالىق داۋا باردۇر، ، ۋە ئۇنى ئەتىگەندە يەپ بەرسە، زەھەر قايتۇرىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە ھەر ئەتىگىنى يەپ بەرسە، ئۇ كىشىگە زەھەر ياكى سېھىر تەسىر قىلمايدۇ دېيىلگەن) مۇسلىم 3815 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23344 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن فيك لخصلتين يحبهما الله تعالى: الحلم و الأناة ( م ت ) عن ابن عباس

2136. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلقەيس ئەلچىسىدىن بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت ئىش بار ئىكەن، بىرسى، مېھرىبانلىق ، چېچەنلىك، كۆيۈنۈش، يەنە بىرى تەمكىنلىك، ئالدىراپ كەتمەسلىك، مۆھلەت بېرىش، سۇباتلىق، مۇسلىم 25 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى، ئەھمەد 10746 ـ ھەدىس، تىرمىزىمۇ توپلىغان، 1934 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن في مال الرجل فتنة وفي زوجته فتنة و ولده ( طب ) عن حذيفة

2137. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىنىڭ مىلىدا پىتنە بار، ئايالىدا، بالىلىرىدا پىتنە باردۇر، (يەنى ئىلىمدىن، ئىبادەتتىن، جىھاددىن توسۇلۇپ قېلىش، دىنغا مۇسىبەت يېتىپ قېلىش باردۇر، ھەرخىل سىناق، بالالار بار) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن قدر حوضي كما بين أيلة و صنعاء من اليمن و إن فيه من الأباريق كعدد نجوم السماء ( حم ق ) عن أنس .

2138. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمىنىڭ چوڭلۇقى، خۇددى يەمەندىكى سەنئا بىلەن شامدىكى ئەيلەت دېگەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق، كەڭدۇر، ھەقىقەتەن ئۇ كۆلدە ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك كۆپ قاچا ـ قۇچا، جاملار بار، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن قريشا أهل أمانة لا يبغيهم العثرات أحد إلا كبه الله لمنخريه ( ابن عساكر ) عن جابر( خد طب رفاعة بن رافع

2139. جابىر روپائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرەيش خەلقى، ئامانەت ئەھلى. بىرەر كىشى ئۇلارغا ھالاكەت، خىيانەتنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ بۇرنىچە دۈم تاشلاپ، ھالاك قىلىدۇ، ئىبنى ئەساكىر، تەبرانى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

إن قريشا حديثو عهد بجاهلية و مصيبة و إني أردت أن أجبرهم و أتألفهم أما ترضون أن يرجع الناس بالدنيا و ترجعون برسول الله إلى بيوتكم ؟ لو سلك الناس واديا أو شعبا لسلكت وادي الأنصار و شعبهم ( ت ) عن أنس

2140. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەنسارىلارغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرەيش خەلقى، جاھالىيەتكە، مۇسىبەتكە، زامانى يېقىندۇر، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارغا ئازراق سوۋغا ـ سالام بېرىپ، قەلبىنى مايىل قىلىشنى، كۆڭلىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلدىم، باشقىلار مال ـ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلارغا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن قايتساڭلار رازى بولماسلەر؟ ئەگەر بارلىق ئىنسانلار بىر يېزىغا يول سالسا، ياكى بىر تاغقا يول سالسا، مەن ئەلۋەتتە، ئەنسارىلارنىڭ يولىغا ماڭىمەن، ئۇلارنىڭ يېزىسىغا بارىمەن، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇخارىدا، مۇسلىمدا، ئەھمەدتە 15874 ـ ھەدىستە ئوخشىشى باردۇر، سەۋرىگە بۇيرۇغان .

إن قلوب بني آدم كلها بين أصبعين من أصابع الرحمن كقلب واحد يصرفه حيث شاء ( حم م ) عن ابن عمر

2141. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئادەم باللىرىنىڭ بارلىق، ھەممە قەلبلىرى رەھمانتائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان، ئوخشىشى يوق، بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىدا خۇددى بىرلا قەلبىدەكتۇر ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە چۆرۈپ بۇرىيالايدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إن كذبا علي ليس ككذب على أحد فمن كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار ( ق ) عن المغيرة ( ع ) عن سعيد بن زيد .

2142. مۇغەيرەت سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماڭا يالغان سۆزلەش، باشقا بىرەر كىشىگە يالغان سۆزلەشكە ئوخشاشمايدۇ، كىم مەن دېمىگەننى، مېنى دېدى دەپ ماڭا يالغان سۆزلىسە، ئۇ ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، يەنى، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ، بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.بۇ مەنىدىكى ھەدىس بارلىق كىتابلاردا بار بولۇپ، مۇتىۋاتىردۇر.

( صحيح ) إن كسر عظم المسلم ميتا ككسره حيا ( عب ص د ه ) عن عائشة .

2143. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇسۇلمان، مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇش، ئۇ تىرىك چاغدا سۇندۇرغاندەك

بولىدۇ، يەنە بىر خاتىرىدە مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇش، ئۇ تىرىك چاغدا سۇندۇرغاندەك بولىدۇ دېگەن (ئىمام مەئابادى ئەۋنۇلمەئبۇد دېگەن ئەبۇ داۋۇدنىڭ شەرھىسىدە يەنى گۇناھىدا ئوخشاش بولىدۇ دېگەن ، ئىبنى مالىك دېگەن ئالىم، ئىبنى ھەجەر، ئەبۇ شەيبە ، تەيىيبى قاتارلىقلار، مېيىت ئازار يەيدۇ، ئەلەمنى ھېس قىلىدۇ، خارلىنىدۇ دېگەن › ئەبۇ داۋۇد 2792 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1605 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24188 ـ ، 25073 ـ ھەدىس، ئابدۇررززاق، سەئىد ئىبنى مەنسۇرمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن كل صلاة تحط ما بين يديها من خطيئة ( حم طب ) عن أبي أيوب

2144. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر ناماز، ھەرقانداق نامىاز ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، يوق قىلىۋېتىدۇ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن لبيوتكم عمارا فحرجوا عليهن ثلاثا فإن بدا لكم بعد ذلك منهن شيء فاقتلوه ( ت ) عن أبي سعيد .

2145. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىن توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئۆيلىرىڭلاردا گۇللەندۇرگۈچى جىنلار بار، ئۇلارنى كۆرسەڭلار، چىقىپ كېتىشكە خەۋەر بېرىپ، ھۇجۇم قىلىپ بېقىڭلار، ئۈچ كۈن ياكى ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلىڭلار، ئەگەر شۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىلەرگە ئۇلاردىن بىرەرسى ئاشكارا بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، يەنى يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار،ئۇ شەيتاندۇر،تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن لصاحب الحق مقالا ( حم ) عن عائشة ( حل ) عن أبي حميد الساعدي

2146. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇمەيدى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەققەتەن ھەق ئىگىسىنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ دېگەن ، ئەھمەد ، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.يەنى ئىلىشى بار كىشى.

( صحيح ) إن لكل أمة أمينا و إن أمين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح ( خ ) عن أنس .

2147. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىز بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر، ئۇ ئىشەنچلىك، ئەمىين كىشىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل أمة فتنة و إن فتنة أمتي المال ( ت ك ) عن كعب بن عياض

2148. كەئبى ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئازدۇرغۇچى سىناق پىتنىسى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مال ـ دۇنيادۇر، (مال ـ دۇنيا بىلەن ئايال كىشى چوڭ سىناق پىتنىسى بولىدۇ) تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن لكل دين خلقا و إن خلق الإسلام الحياء ( ه ) عن أنس وابن عباس

2149. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر دىنىنىڭ ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر، يەنى ئۆزگە خاس ئەخلاقى ھايادۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل شيء حقيقة و ما بلغ عبد حقيقة الإيمان حتى يعلم أن ما أصابه لم يكن ليخطئه و ما أخطأه لم يكن ليصيبه ( حم طب ) عن أبي الدرداء

2150. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر نەرسىنىڭ ھەققىتى بولىدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە؛ ھەققەتەن تەقدىردە ئۇ بەندىگە يېتىدۇ دەپ پۈتۈلگەن نەرسە، خاتا كەتمەي، شۇ بەندىگە يېتىدىغانلىقىغا، تەقدىردە يەتمەيدۇ دەپ پۈتۈلگەن نەرسە ئۇنىڭغا ھەرگىز يېتىپ بارمايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنمىگۈچە،

ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمەيدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل شيء شرة و لكل شرة فترة فإن صاحبها سدد و قارب فارجوه و إن أشير إليه بالأصابع فلا تعدوه ( ت ) عن أبي هريرة

2151. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر نەرسە ئۇچۇن، ھېرىسمەنلىك، شوخلۇق، چاققانلىق بولىدۇ، ھەربىر ھېرىسمەنلىكنىڭ چاققانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى ئۈزۈلۈپ قېلىشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ھېرىسمەن كىشى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە توغرا يول تۇتسا، ئىستىقامەت قىلسا، توغرا، ئوتتۇرھال يول بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدىسە، ئۇنى ئۈمىد قىلساڭلار، ئىزدىسەڭلار بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىگە بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنسا، ئۇنى قاتاردا سانىماڭلار، ئېتىبارغا ئالماڭلار، (چۈنكى، دىندا ياكى دۇنيادا بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىنغان كىشىگە يامانلىقتا شۇ ئىشارەت كۇپايىدۇر، ئاللاھتائالا ساقلاپ قالغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېيىلدى) ترمىزى 2377 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح ) إن لكل عمل شرة و لكل شرة فترة فمن كان فترته إلى سنتي فقد اهتدى و من كانت إلى غير ذلك فقد هلك ( هب ) عن ابن عمرو

2152. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر ئەمەل ئۇچۇن ھېرىسمەنلىك بولىدۇ، ھەربىر ھېرىسمەنلىكنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، كىمنىڭ قىزىقىشى، ھېرىسمەنلىكى ئاخىرىدا ھەم ئاجىزلىشىپ قېلىشمۇ مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە، مېنىڭ سۈننىتىمگە بولسا، ئۇ ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، توغرا يولدا بولىدۇ، كىمنىڭ ئۇنداق بولماي، باشقىچە بولسا، مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە بولمىسا، ھالاك بولىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل غادر لواء يوم القيامة يعرف به عند استه ( الطيالسي حم ) عن أنس .

2153. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ بىردىن بايرىقى بولىدۇ، ئۇ خىيانەتچى، ئارقىسىغا، كۆتىگە قادالغان ئاشۇ بايراق بىلەن تونۇلىدۇ، ئەھمەد، تەيالسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل نبي أمينا و أميني أبو عبيدة بن الجراح ( حم ) عن عمر

2154. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بار، مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن لكل نبي حواريا و إن حواري الزبير ( خ ت ) عن جابر ( ت ك ) عن علي .

2155. جابىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھاۋارىيى يېقىن ئادىمى ھەمراھى باردۇر، جەزمەن مېنىڭ ھاۋارىيىم ھەمراھىم ياردەمچى ساھابەم زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، بۇخارى 2634 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4436 ـ ھەدىس، ترمىزى 3678 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 119 ـ ھەدىس، ھاكىم ۋە ئەھمەد 14408 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن لكل نبي حوضا و إنهم يتباهون أيهم أكثر واردة و إني أرجوا أن أكون أكثرهم واردة ( ت ) عن سمرة

2156. سەمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن ھەۋزى كۆلى بار بولۇپ، ئۇلار قايسىسىنىڭ كېلىدىغان كىشىلىرى كۆپ بولۇشنى باھالىشىپ، ماختىشىپ كېتىدۇ، ھەقىقەتەن مەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، كۆلىگە كېلىدىغان كىشىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، ترمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إن لكل نبي دعوة قد دعا بها في أمته فاستجيب له و إني اختبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة(حم ق ) عن أنس

2157. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەر ئۆچۈن ئىجابەت بولىدىغان دۇئا بار بولۇپ، ئۇلار دۇئالىرىنى ئۈممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، سورىغىنى بېرىلىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويدۇم، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكل نبي ولاة من النبيين و إن وليي أبي و خليل ربي ( ت ) عن ابن مسعود .

2158. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر پەيغەمبەر پەيغەمبەرلەردىن يېقىن دوستى بولىدۇ، شۇڭا ـ شۈبھىسىز مېنىڭ يېقىن دوستۇم، ھەبىبىم رەببىمنىڭ خەلىلى، دوستى بولغان مېنىڭ بوۋام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئاندىن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى، تىرمىزى 2921 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3879 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن لك ما احتسبت ( ە ) عن أبي

2159. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر سۆز ـ ھەرىكەتتە سەن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ئەجرنى نىيەت قىلغان نەرسە، ساڭا يېتىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لك من الأجر على قدر نصبك و نفقتك ( ك ) عن عائشة

2660. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن،سەن چىقىم قىلغان نەپىقىلىرىڭنىڭ، قىيىنالغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىڭنىڭ مىقدارىدا ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لكم بكل خطوة درجة ( م ) عن جابر

2161. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيلىرى مەسجىددىن يىراق كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن ھەربىر قەدەم ئۈچۈن بىر دەرىجە يېزىلىپ تۇرىدۇ، (مەسجىدگە ماڭغان ياكى ئاللاھ يولىدا ماڭغان ھەربىر قەدەمگە بىردىن دەرىجە يېزىلىدۇ) مۇسلىم 1067 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14462 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن للإسلام صوى و منارا كمنار الطريق ( ك ) عن أبي هريرة

2162. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر يولنىڭ مۇنار بەلگىسى بولغاندەك، ئىسلام دىنىنىڭمۇ مۇنار بەلگىسى بار، (ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يول بەلگىلىرى، كۆرسەتمىلىرى باردۇر، سىز بۇ يول بەلگىسىگە قاراپ مېڭىڭ شۇ چاغدا توغرا يول تاپىسىز، ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن لله تعالى آنية من أهل الأرض و آنية ربكم قلوب عباده الصالحين و أحبها إليه ألينها و أرقها طب)عن أبي عنبة

2163. ئەبۇ ئەنبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن زېمىن ئەھلىدىن قاچا، تاۋاق باردۇر، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قاچىسى سالىھ، ياخشى بەندىلىرىنىڭ قەلبلىرى ، دىللىرىدۇر، بۇ دىللارنىڭ ئاللاھقا دوستراق، سۆيۈملۈكرەكى، مۇلايىم، يۇمشاقراق بولغىنىدۇر، يەنى ياش تۆككىنى، زىكرى بىلەن ئەسلەپ تۇرغىنىدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن لله تعالى أقواما يختصهم بالنعم لمنافع العباد و يقرها فيهم ما بذلوها فإذا منعوها نزعها منهم فحولها إلى غيرهم ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج طب حل ) عن ابن عمر

2164. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن خاس قەۋملەر بار، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا مەخسۇس نېئمەت ئاتا قىلىدۇ، بۇ خاس كىشىلەر ئۇ نېئمەتلەرنى بەندىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ تۇرسا،

ئاللاھ ئۇ نېئمەتنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇقىم تۇرغۇزىدۇ.ئەگەر ئۇلار ئۇ نېئمەتنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بەرمەي چەكلەپ قويسا،ئاللاھ ئۇلاردىن ئۇ نېئمەتنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ ئۇلاردىن باشقىلارغا يۆتكەپ بېرىدۇ.ئىبنى ئەبۇددۇنيا،ئەبۇنۇئەيم،تەبرانىي،توپلىغان سەھىھ.

إن لله تعالى أهلين من الناس: أهل القرآن هم أهل الله و خاصته ( حم ن ه ك ) عن أنس

2165. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن كىشىلەردىن يېقىن ئەھلى باردۇر، قۇرئان ئەھلى، ئاللاھنىڭ ئەھلى، ئالاھىدە خاس كىشىلىرىدۇر، ئەھمەد 11844 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 211 ـ ھەدىس، دارمى 3192 ـ ھەدىس، نەسەئى، ھاكىمۇ توپلىغان، ئىمام ئىبنى ئەسىير بۇ سەھىھ ھەدىسنى مۇنداق شەرھىيلىگەن: ئەمەل قىلغانلار ئاللاھنىڭ خاس كىشىلىرى، ئەۋلىيا دوستلىرى بولىدۇ، ئەھلى دېگىنى ، دوستى، يېقىن كىشىسى ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە دېگەن ، «ناھايەت غەربۇلھەدىسدىن ئېلىندى».

( صحيح ) إن لله تعالى تسعة و تسعين اسما مائة إلا واحدا من أحصاها دخل الجنة ( ق ت ه ) عن أبي هريرة ( ابن عساكر ) عن عمر

2166.ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ بىرسى كام 100يەنى 99 ئىسىم ـ سۈپىتى باردۇر، كىم بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى يادا ئېلىپ، چۈشىنىپ ئەقىدە قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بەيھەقى،تىرمىزى،ئىبنى ماجە،ئىبنى ئەساكىر توپلىغان،سەھىھ.

( صحيح ) إن لله تعالى تسعة و تسعين اسما مائة غير واحد لا يحفظها أحد إلا دخل الجنة و هو وتر يحب الوتر ( ق ) عن أبي هريرة

2167. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن 99 ئىسىم ـ سۈپەت باردۇر، بىرسى كام 100 ئىسىم ـ سۈپەتتۇر، كىم بۇ ئىسىملارنى يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلسا، دائىم ئوقۇپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئاللاھ تاق، بىردۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن لله تعالى عبادا يعرفون الناس بالتوسم ( الحكيم البزار ) عن أنس

2168. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭ خاس بەندىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى پاراسەت، ئالامەت بىلەن تونۇۋالىدۇ، (يەنى قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ چۈنكى، ئۇلار نۇر بىلەن قارايدۇ) بەزار، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

إن لله تعالى عتقاء في كل يوم و ليلة لكل عبد منهم دعوة مستجابة(حم)عن أبي هريرة أو أبي سعيد سمويه) جابر

2169. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد، جارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۈچۈن ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزدە (رامزاننىڭ بولۇشى مۇمكىن) دوۋزاخدىن ئازاد قىلىنغان ئازادكەردىلەر باردۇر، ئۇ ئازادكەردىلەردىن بولغان ھەربىر بەندە ئۈچۈن ئىجابەت بولىدىغان دۇئا باردۇر، ئەھمەد، سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

إن لله تعالى عند كل فطر عتقاء من النار و ذلك في كل ليلة ( ه ) عن جابر ( حم طب هب ) عن أبي أمامة .

2170. جابىر، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن رامزان كۈنلىرى ھەربىر ئىپتار قىلىنغاندا، دوۋزاخدىن ئازاد قىلىنىپ كېتىدىغان ئازادكەردىلەر باردۇر، ئاشۇ دوۋزاخدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازاد قىلىش بولسا، رامزان ئېيىنىڭ ھەربىر كېچىسىدە باردۇر، ئىبنى ماجە 1633 ـ ھەدىس، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقىلار توپلىغان، ھەسەن. بۇ رامزاننىڭ پەزىلىتى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلىدۇر.

إن لله تعالى ما أخذ و له ما أعطى و كل شيء عنده بأجل مسمى ( حم ق د ن ه ) عن أسامة بن زيد .



www.uyghurkitap.com

2171. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەۋرىسى ئۆسۈپ كەتكەندە، مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭدۇر ئالغىنى، ئاللاھقا خاستۇر بەرگىنى، ھەربىر نەرسە ئاللاھنىڭ نەزلىدە مەلۇم ئەجەل، مۇددەت بىلەن يېزىقلىقتۇر، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن لله مائة رحمة أنزل منها رحمة واحدة بين الجن و الإنس و البهائم و الهوام فبها يتعاطفون و بها يتراحمون و بها تعطف الوحوش على ولدها و أخر تسعا و تسعين رحمة يرحم بها عباده يوم القيامة ( م ه ) عن أبي هريرة

2172. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا ئۈچۈن 100 رەھمەت بولۇپ، شۇ 100 رەھمەتتىن بىرنى جىنلار، ئىنسانلار، ھايۋانلار، بارلىق ھاشاراتلەر باشقا جانلىقلار ئارىسىغا نازىل قىلىپ چۈشۈردى، ئۇلار شۇ بىر رەھمەت سەۋەبىدىن ئۆزئارا كۆيۈنىدۇ، رەھىيم ـ شەپقەت قىلىشىدۇ، ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارمۇ باشقا يىرتقۇچ قۇشلارمۇ باللىرىغا مېھرىبانلىق قىلىپ كۆيۈنىدۇ، قالغان 99 رەھمەتنى ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە رەھىيم ـ شەپقەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قويدى، ساقلاپ قويدى، (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشى مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە، ياخشىلارغا بەك يېقىندۇر) مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن لله ملائكة سياحين في الأرض فضلا عن كتاب الناس يطوفون في الطرق يلتمسون أهل الذكر فإذا وجدوا قوما يذكرون الله تنادوا: هلموا إلى حاجاتكم فيحفوهم بأجنحتهم إلى السماء الدنيا فيسألهم ربهم و هو أعلم منهم: ما يقول عبادي ؟ فيقولون: يسبحونك و يكبرونك و يحمدونك و يمجدونك فيقول: هل رأوني ؟ فيقولون: لا و الله ما رأوك فيقول: كيف لو رأوني ؟ فيقولون: لو رأوك كانوا أشد لك عبادة و أشد لك تمجيدا و أكثر لك تسبيحا فيقول: فما يسألوني ؟ فيقولون: يسألونك الجنة فيقول: و هل رأوها ؟ فيقولون: لا و الله يا رب ما رأوها فيقول: فكيف لو أنهم رأوها ؟ فيقولون: لو أنهم رأوها كانوا أشد عليها حرصا و أشد لها طلبا و أعظم فيها رغبة قال: فمم يتعوذون ؟ فيقولون: من النار فيقول الله: هل رأوها ؟ فيقولون: لا و الله يا رب ما رأوها فيقول: فكيف لو رأوها ؟ فيقولون: لو رأوها كانوا أشد منها فرارا و أشد لها مخافة فيقول: فأشهدكم أني قد غفرت لهم فيقول ملك من الملائكة: فيهم فلان ليس منهم إنما جاء لحاجة ! فيقول: هم القوم لا يشقى بهم جليسهم ( حم ق ) عن أبي هريرة

2173. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدىغان كاتىپ پەرىشتىلەردىن باشقا زىيادە ساياھەتچى پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئۇلار يوللارنى ئايلىنىپ زىكرى ئەھلىلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنى ئەسلەۋەتقان بىرەر جامائەت قەۋمنى تاپسا، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى توۋلۇشۇپ، بۇياققا كېلىڭلار! ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار، دەپ نىدا قىلىشىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇ زىكرى ئەھلىنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىنمۇ ئالىمراق، بىلىپ تۇرۇپ، بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پەرىشتىلەر: ئۇلار سىلىگە تەسبىھ، تەكبىر ، ھەمدە ئېيتىپ، سىلىنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دېسە،ئۇلار، ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،ئۇلار سىلىنى ھەرگىز كۆرمىگەن دەيدۇ

ئاللاھ: ئەگە ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار، ئەگەر سىلىنى كۆرگەن بولسا، سىلىگە تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سىلىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ كېتەتتى، تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدە ئېيتىپ كېتەتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار مەندىن نېمىنى سوراۋاتىدۇ؟ دەيدۇ: پەرىشتىلەر، ئۇلار سىلىدىن جەننەتنى سوراۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

پەرىشتىلەر؛ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار جەننەتنى كۆرۈپ باقمىغان.

ئاللاھ: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، قانداق قىلاتتى؟ دېسە، پەرىشتىلەر، ئەگەر ئۇلار جەننەتنى

كۆرگەن بولسا، جەننەتكە تېخىمۇ قاتتىق ھېرىسمەن بولاتتى، بەك قىزىققان بولاتتى، قاتتىق تەلەپ قىلاتتى دەيدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ؟، پەرىشتىلەر، ئۇلار سىلىگە سىغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ.

ئاللاھ: ئۇلار دوۋزاخنى كۆرگەنمۇ؟ پەرىشتىلەر، ياق ئى رەببىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوۋزاخنى كۆرمىگەن دەيدۇ.ئاللاھ: ئۇلارغا ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، قانداق بولاتتى؟ دېسە، ئۇلار، ئەگەر دوۋزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاتتىق قاچاتتى، تېخىمۇ قورققان بولاتتى دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ، ئۇلارغا مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەن، جەزمەن ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەردىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ھاجەت بىلەن كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بىر كىشى بار، دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا؛ بۇ ئەھلى زىكرى شۇنداق ئالاھىدە بىر كىشىلەركى، بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىمۇ شەقى ھېسابلانمايدۇ دەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. كىرامەن كاتىپىنلەردىن باشقا ساياھەتچى پەرىشتىلەر باردۇر.
2. ئۇلار زىكرى ئەھلىنى ئىلىم مەجلىسىنى ئىزدەيدۇ.
3. پەرىشتىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، تۈۋلىشىدۇ، بىز بىلمەيمىز.
4. پەرىشتىلەردىن،ئاللاھ تائالا بىلەن خىتاب قىلىپ سۆزلىشىدىغانلىرى باردۇر.
5. ئاللاھ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ، بۇنى ھەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىلسۇن دەپ سۆزلەپ بەردى.
6. تەسبىھ، تەكبىر ، ھەمدۇ ـ سانانىڭ پەزىلىتى بار.
7. بەندىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ.
8. كۆرگەن بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى.
9. جەننەت، دوۋزاخ مەۋجۇتتۇر، ھازىرمۇ باردۇر.
10. بەندىلەر بۇ ئىككىسىنى كۆرەلمەيدۇ.
11. كۆرگەن بولسا، ئىشلار باشقىچە بولاتتى، بىز ھېلىھەممۇ كۆرگەندەك ئىبادەت قىلايلى.
12. ياخشىلارغا ھەمراھ بولغان ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

إن لله تعالى ملائكة سياحين في الأرض يبلغوني من أمتي السلام ( حم ن حب ك ) عن ابن مسعود .

2174. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭ بۇ زېمىندا ساياھەتچى پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئۇلار ماڭا، ئۈممىتىم ماڭا يوللىغان دۇرۇت، سالاملارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، ئەھمەد ، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن لله تعالى ملائكة في الأرض تنطق على ألسنة بني آدم بما في المرء من الخير و الشر ( ك هب ) عن أنس

2175. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالانىڭ زېمىندا مەلۇم پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئىنساندىكى ياخشىلىق، يامانلىق ئەھۋاللىرىنى ئادەم باللىرىنىڭ تىللىرى ئارقىلىق ئىلھام بىلەن سۆزلەيدۇ، ئىلھام قىلىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن لله تعالى ملكا أعطاه سمع العباد فليس من أحد يصلي علي إلا أبلغنيها و إني سألت ربي أن لا يصلي علي عبد صلاة إلا صلى عليه عشر أمثالها ( طب ) عن عمار بن ياسر .

2176. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالانىڭ بىر پەرىشتىسى بار بولۇپ، ئاللاھ ئۇ پەرىشتىگە بارلىق بەندىلەرنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇش قابىلىيىتىنى، ئىقتىدارنى بەرگەن، ھەرقانداق بىر كىشى ھەرقانداق جايدا ھەرقانداق بىر تىل بىلەن ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئۇ دەرھال ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ، ھەقىقەتەن مەن رەببىمدىن قانداق بەندە ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك 10 رەھمەت بېرىشنى سورىغان ئىدىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن للتوبة بابا عرض ما بين مصراعيه ما بين المشرق و المغرب لا يغلق حتى تطلع الشمس من مغربها ( طب ) عن صفوان بن عسال

2177. سەپۋەن ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن تەۋبىنىڭ ئىشىكى ئوچۇقتۇر، ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى يان ياغاچ ئارىلىقى، مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر، تەۋبىنىڭ ئىشىكى، قۇياش كىرگەن جايدىن چىقمىغۇچە تاقىلىپ قالمايدۇ،ئۇ قىيامەتكىچە بار، (لېكىن، ئۆلسە پۇرسەت تۈگەپ كېتىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن للصلاة أولا و آخرا و إن أول وقت صلاة الظهر حين تزول الشمس و آخر وقتها حين يدخل وقت العصر و إن أول وقت العصر حين يدخل وقتها و إن آخر وقتها حين تصفر الشمس و إن أول وقت المغرب حين تغرب الشمس و إن آخر وقتها حين يغيب الشفق و إن أول وقت العشاء الآخرة حين يغيب الشفق و إن آخر وقتها حين ينتصف الليل و إن أول وقت الفجر حين يطلع الفجر و إن آخر وقتها حين تطلع الشمس ( حم ت ) عن أبي هريرة

2178. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن نامازنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىر ۋاقتى بار، ھەقىقەتەن پېشىن نامىزىنىڭ ئەۋۋەلكى ۋاقتى ، كۈن قايرىلغان ۋاقتتۇر، ئاخىرقى ۋاقتى بولسا، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگەن ۋاقتتۇر، (يەنى ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرگىچىلىكتۇر) ھەقىقەتەن ئەسىرنىڭ ۋاقتى ئۇنىڭ ۋاقتى كىرگەن ۋاقتتۇر، يەنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك ئىككى ئوخشاش بولغان ۋاقتتۇر، ئاخىرقى ۋاقتى بولسا، كۈن سارغىيىپ قېلىشتۇر، ھەقىقەتەن شام نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن كىرىشى بىلەنلا بولىدۇ، ئاخىرقى ۋاقتى بولسا، شەپەق يوقالغان ۋاقتتۇر، ئۇ قىزىللىقتۇر. ھەقىقەتەن خۇپتەننىڭ بىرىنچى ۋاقتى بولسا، شەپەق، ئاقلىق يوقىغاندا بولىدۇ، ئاخىرقى ۋاقتى بولسا، يېرىم كېچىگىچە بولىدۇ، ھەقىقەتەن بامداتنىڭ تۇنجى ۋاقتى بولسا، سۇبھى يورۇغاندا بولىدۇ، ئاخىرقى ۋاقتى بولسا، كۈن چىقىش ئالدىدا ئاخىرلىشىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن للطاعم الشاكر من الأجر مثل ما للصائم الصابر ( ك ) عن أبي هريرة .

2179. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، تائام يەپ شۈكرىسىنى قىلالىغان كىشىگە سەۋر قىلىپ روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، (يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ساۋابى، ئەجرى ئوخشاش ئەمەس، ساۋاب بېرىلىشتە ئوخشاش) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن للقبر ضغطة لو كان أحد ناجيا منها نجا سعد بن معاذ ( حم ) عن عائشة

2180. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قەبرە تارىيىپ قىسىدۇ، بېسىم بىلەن گىرەلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر كىشى قۇتۇلالىغان بولسا، ئەلۋەتتە، سەئىد ئىبنى مۇئاز نىجاد تېپىپ قۇتۇلغان بولاتتى، (شۇنىڭغا قارىغاندا، قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن، شېھىد بولغانلارنىڭ قۇتۇلۇشقا ھەدىس بار، بىز دائىم پاناھ تىلەپ تۇرايلى) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن للقرشي مثل قوة الرجلين من غير قريش ( حم حب ك ) عن جبير

2181. جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرەيشلەردىن ھەربىر كىشىگە ئۇلاردىن باشقىلاردىن ئىككى ئەرنىڭ قۇۋۋىتى

بىرىلگەن، ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن للمؤمن في الجنة لخيمة من لؤلؤة واحدة مجوفة طولها ستون ميلا للمؤمن فيها أهلون يطوف عليهم المؤمن فلا يرى بعضهم بعضا ( م ) عن أبي موسى

2182. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھەربىر مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئالاھىدە بىردىن ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن ياسالغان چېدىر بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 مىلدۇر، مۆئمىننىڭ ئۇ چېدىرىدا ئەھلى ئاياللىرى بار، مۆئمىن ئۇلارنى تاۋاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئۇ ئەھلىلەر بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، مۇسلىم 5070 ـ ھەدىس، بۇخارى 4501 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18850 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إن للموت فزعا فإذا رأيتم جنازة فقوموا ( ن حب ) عن جابر

2183. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئۆلۈم قورقۇنچلۇق، چۆچۈتىدىغان نەرسىدۇر، جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن لهذا الحجر لسانا و شفتين يشهد لمن استلمه يوم القيامة بحق ( حب ك ) عن ابن عباس

2184. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ تاشنىڭ يەنى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ قىيامەت كۈنى تىلى، ئىككى لېۋى بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى سۆيگەن كىشىگە ھەق راستلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن لهذه الإبل أوابد كأوابد الوحش فإذا غلبكم منها شيء فافعلوا به هكذا ( حم ق 4 ) عن رافع بن خديج .

2185. راپىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، ھەقىقەتەن بۇ تۆگىلەرنىڭمۇ ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قاچقانلىرى بولغاندەك ، ۋەھشىي قاچقاقلىرى باردۇر، ئەگەر تۆگىدىن بىرەرسى سىلەرگە غالىب كېلىپ قاچسا، ئۇنى ئاشۇنداق بىر تەرەپ قىلىڭلار، (يەنى، ئوقيا ئېتىپ، نەيزە ئېتىپ بىسمىللا دەپ ئۆلتۈرسەڭلار، يېسەڭلار بولىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن لهذه البيوت عوامر فإذا رأيتم شيئا منها فحرجوا عليها ثلاثا فإن ذهب و إلا فاقتلوه فإنه كافر( م ) عن أبي سعيد

2186. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئۆيلەر ئۈچۈن يىلان سۈرەتلىك جىنلاردىن ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلار باردۇر، ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ قېتىم ياكى ئۈچ كۈن چىقىپ كېتىش توغرىسىدا خەۋەر بېرىڭلار، ئەگەر كەتسە، كەتكەنچە بولىدۇ، چىقىپ كەتمىسە، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۇ دېگەن كاپىر جىندۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن له دسما – يعني اللبن – ( ق 3 ) عن ابن عباس ( ه ) عن أنس

2187. ئىبنى ئابباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى بار ئىكەن، (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىنى چايقىغان) بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە ، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

إن له مرضعا في الجنة – يعني ولده إبراهيم – ( ق 3 ) عن البراء

2188. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بالام ئىبراھىمغا جەننەتتە ئۇنى ئېمىتكۈچى ئىنىك ئانىسى بار،بەيھەقى،نەسەئى،تىرمىزى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إن لي خمسة أسماء أنا محمد و أنا أحمد و أنا الحاشر: الذي يحشر الناس على قدمي و أنا الماحي: الذي يمحو الله بي الكفر و أنا

العاقب( مالك ق ت ن ) عن جبير بن مطعم .

2189. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ بەش ئىسمىم بار، مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن ھاشىر، يەنى كىشىلەر مېنىڭ قەدىمىمگە توپلىنىدۇ، مەن ماھىي ئاللاھ، مەن سەۋەبلىك كۇپرىلىقنى ئۆچۈرۈپ يوقىتىدۇ، مەن ئاقىب، يەنى ئارقىدا كەلگۈچى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا دۇرۇت، سالام يوللىسۇن) يۇقىرىقى ھەدىسنى مالىك، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ دېيىلسە ، ئەززە ۋە جەللە دېيىش ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىلغا ئېلىنسا، دۇرۇت، سالام يوللاش، ساھابىلارغا رازىلىق سوراش، تابىئىنلارغا باشقىلارغا رەھمەت سوراش لازىم.

( صحيح ) إن ما بين مصراعين في الجنة لمسيرة أربعين سنة ( حم ع ) عن أبي سعيد .

2190. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىككى يان تەرىپىنىڭ ئارىلىقى ئەلۋەتتە 40 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان ، سەھىھ.

( حسن ) إن ما قد قدر في الرحم سيكون ( ن ) عن أبي سعيد الزرقي

2191. ئەبۇ سەئىد زورقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئانا رەھمىدە تەقدىر قىلىنغان نەرسىلەر چوقۇم شۇ پېتى بولىدۇ، (ئۇلار قىز ـ ئوغۇللۇق، شەقى، يا سائادەتمەن، رىزقى، ئەجىلى، ئۆمرى قاتارلىقلار) نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

إن مثل الذي يعمل السيئات ثم يعمل الحسنات كمثل رجل كانت عليه درع ضيقة قد خنقته ثم عمل حسنة فانفكت حلقة ثم عمل أخرى فانفكت الأخرى حتى يخرج إلى الأرض ( طب ) عن عقبة بن عامر .

2192. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئالدى بىلەن يامان ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاندىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىنىڭ ئوخشىشى، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، بۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى سىقىپ، بوغۇپ تۇرىدىغان ناھايىتى تار تۆمۈر كىيىم بار، ئاندىن بىر ياخشى ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىيىمنىڭ بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، يەنە بىر ياخشىلىق قىلسا، يەنە بىر ھالقىسى يېشىلىدۇ، تاكى ئۇ كىشى يەر ـ زېمىنغا ئازادە چىققانغا قەدەر شۇنداق، (ئەنە شۇنىڭدەك، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئازابىدىن ئازاد بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

إن مثل الذي يعود في عطيته كمثل الكلب أكل حتى إذا شبع قاء ثم عاد في قيئه فأكله ( ه ) عن أبي هريرة .

2193. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سوۋغا ـ سالام، سەدىقە ـ ئېھسان، ھەدىيلىرىدىن قايتۇۋالغۇچى كىشى، ئالدى بىلەن يەپ، ئاندىن تويۇپ، قۇسۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ قۇسقان نەرسىسىگە يەنە قايتىپ كېلىپ يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ھەدىيە، سەدىقە ـ ئېھسان قىلغان نەرسىسىدىن يېنىۋېلىش ھارام دېدى.

إن مسح الحجر الأسود و الركن اليماني يحطان الخطايا حطا ( حم ) عن ابن عمر

2194. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەككىدىكى يەنى كەئبىدىكى ھەجەر ئەسۋەد قارا تاشنى ۋە رۇكنى يامان دېگەن ئۇل تاشنى سىلاش (ۋە سۆيۈش) يەنى (ھەج پائالىيەتلىرى ئىچىدە سىلاش، سۆيۈش) قاتارلىقلار، گۇناھلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، تۆكۈپ تاشلايدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن مطعم ابن آدم قد ضرب مثلا للدنيا و إن قزحه و ملحه فانظر إلى ما يصير ( حب طب ) عن أبي .

2195. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئادەم باللىرىنىڭ تائاملىرى گەرچە ئۇ تائاملارنى شۇنداق مېزىلىك، تاتلىق، رەڭگارەڭ، خىلمۇ ـ خىل قىلىۋەتسىمۇ، يەنىلا دۇنيا ئۈچۈن مىسال قىلىنىدى، ئۇ تائامنىڭ ئاخىرقى ئايلانغان جايىغا ئاخىرى ئۆرۈلگەن ھالغا قاراڭلار! (يەنى قۇۋۋەتلىك تائام شۇنچە سېسىق نىجاسەتكە ئايلانغاندەك، بۇ دۇنيامۇ ئاخىرىدا ھالاك، خاراب بولىدۇ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، مۇشۇ دۇنيا بىلەنلا بولغانلارنى خار، زار، ھالاك، رەسۋا قىلىدۇ) ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. يۇقىرىدا بۇ ھەدىسنىڭ ۋە باشقا ھەدىسلەرنىڭمۇ ئوخشىشى ئۆتتى، بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ ئۆتكەن، يەنە بىر سەۋەب شۇكى، بۇ كىتابنى ئەلبانى رەھمەھۇللا، ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتىنىڭ جامىئۇسسەغىير دېگەن كىتابىنىڭ زەئىپ ھەدىسلەرنى شاللاپ ئېلىۋېتىپ، سەھىھ ھەدىسلەرنى قوشۇپ تۈزگەن، بۇ ئىككى مۇھەددىس ئىمامنىڭ كىتابى بولغاچقا، تەكرار چىقىشى مۇمكىن، ياكى مەلۇم سەۋەبلەر باردۇر.

إن مع الدجال إذا خرج ماء و نارا فأما الذي يرى الناس أنها النار فماء بارد و أما الذي يرى الناس أنها ماء بارد فنار تحرق فمن أدرك منكم فليقع في الذي يرى أنها نار فإنه عذب بارد ( خ ) عن حذيفة

2196. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دەججال چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن سۇ ھەم ئوت باردۇر، ئەمما، كىشىلەر ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسە، ئەمەلىيەتتە سوغۇق سۇدۇر، ئەمما كىشىلەر، مۇزلۇق سۇ دەپ گۇمان قىلغان نەرسە بولسا، ئەمەلىيەتتە، كۆيدۈرىدىغان ئوتتۇر، سىلەردىن كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، دەججالنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلسە، ئوت دەپ گۇمان قىلغان نەرسىسگە ئىككىلەنمەي سەكرەپ چۈشسۇن، چۈنكى، ئۇ تاتلىق سوغۇق سۇدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (دەججال بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ بىلەن كىشىلەرنى سىناپ، ئازدۇرىدۇ، ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ، ئۇنىڭدا سېھىرگەرلىك بار، جىنلار ھەمكارلىشىدۇ، شەيتان ياردەمچى بولىدۇ، بەندىلەرنى سىناش ئۈچۈن ھەرخىل ئىشلار باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، پېشانىسىدە كافىر دېگەن خەت يېزىقلىق بولىدۇ).

إن مكة حرمها الله و لم يحرمها الناس فلا يحل لامرئ يؤمن بالله و اليوم الآخر أن يسفك بها دما و لا يعضد بها شجرة فإن أحد ترخص لقتال رسول الله صلى الله عليه وسلم فيها فقولوا:إن الله قد أذن لرسوله و لم يأذن لكم و إنما أذن لي ساعة من نهار ثم عادت حرمتها اليوم كحرمتها بالأمس وليبلغ الشاهد الغائب(حم ق ت ن)عن أبي شريح

2197. ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەككىنى كىشىلەر ھارام قىلمىدى، بەلكى، ئاللاھ ئۆزى ھارام قىلغاندۇر، مەككە، ئاللاھقا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىشىنىدىغان كىشى ئۈچۈن ھالال ئەمەس، مەككىدە قان تۆكۈش، ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ھالال ئەمەس، ئەگەر بىرسى سىلەردىن مەككىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇرۇش قىلىش، ھالال قىلىنىدىمۇ؟ رۇخسەت بېرىلدىمۇ؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇلارغا ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۆز ئەلچىسىگە رۇخسەت قىلىپتۇ، سىلەرگە رۇخسەت قىلماپتۇ، ھالال ئەمەسكەن دەپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن، ئاللاھ مەن ئۈچۈن مەككىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن، كۈندۈزدىن بىر سائەتلا رۇخسەت قىلغان ئىدى، ئاندىن ئۇ، مەككە خۇددى ئاخشام ھارام بولغاندەكلا بۈگۈنمۇ ھارام بولۇپ، ھارام بولۇشى ئەسلىگە قايتتى، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ھارامدۇر، ھازىر بولغانلار غائىپ بولغان، يوقلارغا يەتكۈزسۇن، (مەن يەتكۈزدۇم، ئى ئاللاھ، گۇۋاھ بولغىن دېگەن سۆزمۇ بار) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسائى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن ملكا أتاني فقال: إن ربك يقول لك: أما ترضى أن لا يصلي عليك أحد من أمتك إلا صليت عليه عشرا و لا يسلم عليك إلا سلمت عليه عشرا ؟ قلت: بلى ( ن ) عن أبي طلحة .

2198. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە كېلىپ، ماڭا مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن رەببىڭ، ساڭا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن بىر كىشى ساڭا بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، مەن ئۇ كىشىگە 10 قېتىم رەھمەت يوللايمەن، ساڭا پەقەت بىر قېتىملىق سالام يوللىسا، مەن ئۇ كىشىگە 10 قېتىم سالام يوللايمەن، سەن يەنە رازى بولماسمەن؟ مەن ئى رەببىم، ئەلۋەتتە رازىمەن دېدىم، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن من إجلال الله إكرام ذي الشيبة المسلم و حامل القرآن غير الغالي فيه و الجافي عنه و إكرام ذي السلطان المقسط ( د ) عن أبي موسى

2199. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلىسەڭلار؛ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقىدىن، ئاللاھ رازى بولغانلىقىدىن، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەڭلار، قۇرئان توغرىسىدا ھەددىدىن ئاشمىغان، قەلبى قۇرئاندىن قاتمىغان ، قۇرئاندىن يىراق بولمىغان، قۇرئان ئەھلىنى، قارى، موللا، ئالىملارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئادىل سۇلتاننى، ئەمىر، باشلىقلارنى ھۆرمەتلەڭلار، (بۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئۇلۇغلىغان بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن من أحبكم إلي أحسنكم أخلاقا ( خ ) عن ابن عمرو

2200. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەكىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، بۇخارى توپلىغان.

إن من أحبكم إلي و أقربكم مني مجلسا يوم القيامة أحاسنكم أخلاقا و إن أبغضكم إلي و أبعدكم مني يوم القيامة الثرثارون و المتشدقون و المتفيهقون قالوا: يا رسول الله ما المتفيهقون ؟ قال: المتكبرون ( ت ) عن جابر

2201. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماڭا سۆيۈملۈك بولغان، قىيامەت كۈنى مەجلىستە ماڭا يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ماڭا دۈشمەن بولۇپ، قىيامەت كۈنىمۇ مەندىن يىراق بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقسىز، ئورۇنسىز كۆپ سۆزلىگۈچىلەر، پاساھەت بىلەن ئاغزىنى تولدۇرۇپ، ياساپ سۆزلىگۈچىلەر، مۇتەكەببىرلەردۇر، تىرمىزى 1941 ـ ھەدىس، ھەسەن.

إن من أحسن الناس صوتا بالقرآن الذي إذا سمعته يقرأ رأيت أنه يخشى الله ( ه ) عن جابر

2202. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرئانغا ئاۋازى ئەڭ گۈزەل، مۇكەللەق بولغان كىشى قۇرئاننى ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان كىشىدۇر، ئاڭلاپ باقساڭ شۇنداق كۆرۈسەن ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن من أربى الربا الاستطالة في عرض المسلم بغير حق ( حم د ) عن سعيد بن زيد .

2203. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈمنىڭ ئەڭ چوڭراقى، مۇسۇلماننىڭ مېلىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا ھەقسىز تاجاۋۇز قىلىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد 4233 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1564 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إن من أشد الناس عذابا يوم القيامة الذين يشبهون بخلق الله ( م ن ه ) عن عائشة

2204. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئازابتا ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغىنى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشاتقۇچىلاردۇر، يەنى ھەيكەلتاراشلار، سۈرەت، رەسىم سىزغۇچىلاردۇر، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن من أشراط الساعة أن تقاتلوا قوما ينتعلون نعال الشعر و إن من أشراط الساعة أن تقاتلوا قوما عراض الوجوه كأن وجوههم المجان

المطرقة( حم خ ه ) عن عمرو بن تغلب

2205. ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتى، يۇڭ ئاياغ كىيىدىغان قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلاردۇر، يەنە بىر ئالامىتى بولسا، يۈزلىرى كىچىك، يۇملاق، خۇددى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىڭلاردۇر، (ئالىملار، بۇ قەۋم تۈركلەر ياكى بابىك ئەھلى دېدى) ئەھمەد 19755 ـ ھەدىس، بۇخارى 2710 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4088 ـ ھەدىس، ئەھمەد، سەھىھ.

( صحيح ) إن من أشراط الساعة أن يرفع العلم و يظهر الجهل و يفشو الزنا و يشرب الخمر و يذهب الرجال و تبقى النساء حتى يكون لخمسين امرأة قيم واحد ( حم ق ت ن ه ) عن أنس .

2206. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلىق، جاھىللىق ئاشكارا بولىدۇ، زىنا ئاشكارا قىلىنىدۇ، ھاراق ئىچىلىدۇ، ئەرلەر كېتىپ، ئاياللار قېلىپ قالىدۇ، ھەتتا، 50 ئايالغا بىرلا ئەر كىشى تۇرمۇشقا ئىگە بولىدۇ، (يەنى ئاياللىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ھاممىلىرى، قىزلىرى قاتارلىق) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من أشراط الساعة أن يلتمس العلم عند الأصاغر ( طب ) عن أبي أمية الجمحي .

2207. ئەبۇ ئۇمەييە تولجۇمەھى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرسى، ئىلىم، كىچىك ياش بالىلاردىن تەلەپ قىلىنىپ ئېلىنىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، (راستىنلا دىنىي ئىلىم، ياشلاردىن ئېلىنىۋاتىدۇ)

( صحيح ) إن من أطيب ما أكل الرجل من كسبه و ولده من كسبه ( د ك ) عن عائشة .

2208. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن كىشى يېگەن نەرسىنىڭ ئەڭ ھالال، پاكىراقى، ئۆز كەسپىدىن بولغان نەرسىدۇر، كىشىنىڭ بالىلىرى، ئۇنىڭ ئۆز كەسپىدۇر، (يەنى بالىلىرىنىڭكىدىن ئىزنىسىز يەۋېرىڭلار) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من أعظم الجهاد كلمة عدل عند سلطان جائر ( ت ) عن أبي سعيد .

2209 ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئەڭ چوڭ جىھاد بولسا، زالىم سۇلتان، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئادىل، ھەق سۆز قىلىشتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من أعظم الفرى أن يدعى الرجل إلى غير أبيه أو يرى عينيه ما لم تريا و يقول على رسول الله صلى الله عليه وسلم ما لم يقل ( خ ) عن واثلة

2210. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن كىشىنىڭ دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلىشى ياكى ئىككى كۆزى كۆرمىگەننى كۆردۈم دەپ داۋا قىلىشى، ھەتتا كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەننى دېدى دەپ داۋا قىلىشى، ئەڭ چوڭ بوھتاندۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من أفرى الفرى أن يرى الرجل عينه في المنام ما لم تر ( حم ) عن ابن عمر .

2211. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن كىشى چۈشىدە كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دېيىشى ، كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېيىشى ئەڭ چوڭ بوھتاندۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

إن من أفضل أيامكم يوم الجمعة فيه خلق آدم و فيه قبض و فيه النفخة و فيه الصعقة فأكثروا علي من الصلاة فيه فإن صلاتكم معروضة



www.uyghurkitap.com

علي إن الله حرم على الأرض أن تأكل أجساد الأنبياء(حم د ن ه حب ك)عن أوس بن أوس .

2212. ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، جۈمە كۈنىدۇر، ئادەم جۈمە كۈنىدە يارىتىلىپ، يەنە جۈمە كۈنىدە ۋاپات تاپتۇرۇلدى، كىشىلەر ئۆلتۈرۈلۈش، تىرىلدۈرۈلۈش ئۈچۈن، جۈمە كۈنىدە سۇر چېلىنىدۇ، قىيامەت، جۈمە كۈنىدە بولىدۇ، بارلىق مەخلۇق جۈمە كۈنىدە ئۆلىدۇ، يەنى قىيامەتتە. جۈمە كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇئايى ـ سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۇرۇت، سالاملىرىڭلار ماڭا تەڭلىنىپ يەتكۈزۈلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زېمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى چىرىتىپ، يەۋېتىشنى ھارام قىلدى، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إن من أكبر الكبائر الشرك بالله و عقوق الوالدين و اليمين الغموس و ما حلف حالف بالله يمين صبر فأدخل فيها مثل جناح بعوضة إلا جعلت نكتة في قلبه إلى يوم القيامة ( حم ت حب ك ) عن عبدالله بن أنيس

2213. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن گۇناھى كەبىيرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش (ئاللاھ ساقلىسۇن) ئاتا ـ ئانىغا ۋارقىراپ، بويان قىېقىش، (ئاللاھ كەچۈرسۇن) يالغان قەسەمدۇر، ھەرقانداق بىر قەسەم قىلغۇچى، ئاللاھ بىلەن يالغان قەسەم قىلىپ، دائىم قەسەمنى بانا سەۋەب قىلىپ، ئۆز مېلىغا پاششىنىڭ قانىتى چاغلىق ھارام مالنى كىرگۈزۈۋالسا، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى شۇ قەسەمخورنىڭ قەلبىدە قارا چېكىت، بەلگە قىلىپ قويىدۇ، ئەھمەد 15465 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2946 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىملارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

إن من أكبر الكبائر أن يلعن الرجل والديه: يلعن أبا الرجل فيلعن أباه و يلعن أمه فيلعن أمه ( د ) عن ابن عمرو

2214. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىيرە بولسا، كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىشىدۇر، ئۇ مۇنداق يۈز بېرىدۇ، كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دادىسىغا يا ئانىسىغا لەنەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىمۇ بۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭكىگە لەنەت قىلغان بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من البيان سحرا و إن من الشعر حكما ( حم د ) ابن عباس

2215. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىلمى بايانىدا پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆزلەشتە، ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھرىي كۈچ باردۇر، شېئىردا، ھېكمەت باردۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من البيان لسحرا ( مالك حم خ د ت ) ابن عمر

2216. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆز قىلىشتا، ئەقىلنى لال قىلىدىغان سېھىر باردۇر، (كىشى پاساھەتلىك، كېلىشكەن سۆزلەرنى ئاڭلىسا، ھەيران قالىدۇ، قايىل بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى، سېھىر بىلەن تەسىرلەنگەندەك، تەسىرلىنىدۇ) مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من الحنطة خمرا و إن من الشعير خمرا و إن من التمر خمرا و إن من الزبيب خمرا و إن من العسل خمرا و أنا أنهى عن كل مسكر ( حم ت ه ك ) عن النعمان بن بشير .

2217. بۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھاراق بۇغدايدىن ياسىلىدۇ، ھەقىقەتەن ھاراق ئارپىدىن، خورمىدىن، ئۈزۈمدىن، ييمىشتىن، قۇرۇق ئۈزۈمدىن، ھەسەلدىن ياسىلىدۇ، مەن ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن توسىمەن، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن من الشجر شجرة لا يسقط ورقها و إنها مثل المسلم فحدثوني ما هي؟ ثم قال: هي النخلة(حم ق ت عن ابن عمر

2218. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دەرەخلەردىن بىر دەرەخ بولۇپ، ھەرگىز قۇلىقى چۈشمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ دەرەخ (پايدا يەتكۈزۈشتە، زىيان سالماسلىقتا) مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ، قىنى دەپ بېقىڭلار ھە، ئۇ قايسى دەرەخ؟ دەپ ئاندىن ئۇ خورما دەرىخى دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من الشعر حكمة ( حم ق د ه ) عن أبي ( ت ) ابن مسعود ( طب ) عن عمرو بن عوف وأبي بكرة ( حل ) عن أبي هريرة ( خط ) عن عائشة وحسان بن ثابت ( ابن عساكر ) عن ابن عمر .

2219. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن شېئىردىن ھېكمەت چىقىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، بەيھەقى ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر ، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، تىرمىزى، ئىبنى مەسئۇددىن، تەبرانى ئەمدۇردىن، ئەبۇ بۇكرەتتىن، ئەبۇ نۇئەيم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، خەتىبۇلبەغداد، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەسساندىن، ئىبنى ئەساكىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى 5679 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20225 ـ ھەدىس.

ئالىملار مۇنداق ئىزاھات بەردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باياندىن، پاساھەتلىك سۆزلەشتىن، سېھىر بار دېگىنى ، پاساھەتلىك سۆزى بىلەن ھېلى ماختاپ، ھېلى ئەيىبلەپ ، قايىل قىلىپ ، ھەقدىن بۇرمىلاپ، ھەقىقەتتىن مايىل قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ چەكلىنىدۇ. شېئىردىن ھېكمەت بار دېگىنى ، سۆرە شۇئەرادىكى ئاللاھ رۇخسەت قىلغان ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، مۆئمىن شائىرنى، ئاللاھنى ئەسلىگەن، زاكىر، شاكىر، شائىرنى كۆزدە تۇتىدۇ، خۇددى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دىنىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇداپىئە قىلىپ، شېئىر ئوقۇغاندەك، بۇلار دۇرۇس، ھېكمەت باردۇر، ئەمما، ئىشق ـ مۇھەببەت، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان، شەھۋانى شېئىردىن ھېلى ماختاش، ھېلى خارلاش شېئىرلىرىدىن، خۇشامەتچى، مەئسىيەت شېئىرلىرىنى قورساقتا توللىغاندىن، يىرىڭ، زەرداپنى توللىغان ياخشىراق، مۇشۇ مەنىدىكى ھەدىسمۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا بار بولۇپ، سەھىھ. مەقسەت ، شېئىرنىڭ ياخشى ـ يامىنى، ھالال، ھارىمى باردۇر.

( صحيح ) إن من العنب خمرا و إن من التمر خمرا و إن من العسل خمرا و إن من البر خمرا و إن من الشعير خمرا ( د ) عن النعمان بن بشير

2220. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ھاراق ئۈزۈمدىن، خورمىدىن، ھەسەلدىن، بۇغدايدىن ، ئارپىلاردىن ياسىلىدۇ، (ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ، قوناقدىن ياسالسىمۇ ھارام) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن من الغيرة ما يحب الله و منها ما يبغض الله و إن من الخيلاء ما يحب الله و منها ما يبغض الله فأما الغيرة التي يحبها الله فالغيرة في الريبة و أما الغيرة التي يبغض الله فالغيرة في غير الريبة و أما الخيلاء التي يحبها الله فاختيال الرجل في القتال و اختياله عند الصدقة و أما الخيلاء التي يبغض الله فاختيال الرجل في البغي و الفخر ( حم د ن حب ) جابر بن عتيك

2221. جابىر ئىبنى ئەتىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان ھەم، ئۆچ كۆرۈدىغان كۆنلەش بار، ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان ،ھەم يامان كۆرۈدىغان ، چوڭچىلىق، مەنمەنلىك بار، ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان كۆنلەش، كۆندەشلىك قىلىش بولسا، شەك قىلغان، بىرەر گۇمان بىلەن كۆنلەشتۇر، ئاللاھ يامان كۆرۈدىغان كۆنلەش بولسا، شەكسىز، گۇمانسىز، ئورۇنسىز، كۆندەشلىك قىلىشتۇر، ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان چوڭچىلىق بولسا، كىشىنىڭ جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، نوچىلىق قىلىشى، مەنمەنلىك قىلىشى، سەدىقە قىلغاندا، نوچىلىق، مەنمەنلىك قىلىشى، چوڭچىلىق قىلىشىدۇر، ئاللاھ ئۆچ كۆرۈدىغان كىبىر، چوڭچىلىق بولسا،

كىشىنىڭ تاجاۋۇزدا، زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئېشىشتا، پەخىر قىلىشتا، چوڭچىلىق، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىشدۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إن من الفطرة: المضمضة و الاستنشاق و السواك و قص الشوارب و تقليم الأظفار و نتف الإبط و الاستحداد و غسل البراجم و الانتضاح بالماء و الاختتان ( حم ش د ه ) عن عمار بن ياسر

2222. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پىترەتتىن قەدىمى سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر، مەز مەز قىلىپ ئاغزىنى چايقاش، بۇرنىغا سۇ ئېلىش، مىسۋاك سىلىش، بۇرۇتىنى قىرقىپ، قىسقا قويۇش، تىرناقلارنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىۋېتىش، ئەۋرەت تۈكىنى ئېلىش، بارماقلارنىڭ قاتلىشىپ، تۈرلۈشۈپ قالىدىغان جايلىرىنى سۇ يەتكۈزۈپ يۇيۇش، ئىشتاننىڭ ئېغىغا سۇ سېپىش، ياكى يۇيۇش، خەتنە قىلىشلار، (ساقال قويۇشمۇ باردۇر) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، ھەسەن.

إن من الناس ناسا مفاتيح للخير مغاليق للشر و إن من الناس ناسا مفاتيح للشر مغاليق للخير فطوبى لمن جعل الله مفاتيح الخير على يديه و ويل لمن جعل الله مفاتيح الشر على يديه ( ه ) عن أنس .

2223. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەردىن ياخشىلىققا ئاچقۇچ، يامانلىققا قۇلۇپ بولىدىغانلار باردۇر، ھەقىقەتەن كىشىلەردىن يامانلىققا ئاچقۇچ،ياخشىلىققا قۇلۇپ  بولىدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر، ئاللاھتائالا ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئىككى قولىدا قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئاللاھتائالا يامانلىقنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئىككى قولىدا قىلغان كىشىگە ۋايدۇر، (بۇ ئىككى كىشىلەر ئىشلىرىنىڭ ئەكسىگە قۇلۇپ، تاقاق بولىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن من أمتي قوما يعطون مثل أجور أولهم ينكرون المنكر ( حم ) عن رجل .

2224. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر باركى، ئۇلارغا ئەۋۋەلكى، تۇنجى كىشىلەرگە بېرىلگەن ئەجىرلەرنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ، ئوخشاش ساۋاب، مۇكاپات بولىدۇ، بۇ قەۋملەر بولسا، يامانلىقنى مۇنكەر ئىشلارنى كۆرگەن ھامان توسىدۇ، قارشى تۇرىدۇ، قاتتىق ئىنكار قىلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من تمام الصلاة إقامة الصف ( حم ) عن جابر

2225. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سەپلەرنى تۈزلەش، نامازنى كامىل قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من شر الناس عند الله يوم القيامة ذا الوجهين ( ت ) عن أبي هريرة

2226. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزلىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانراقى بولسا، ئىككى يۈزلۈك كىشىلەردۇر، (مانىڭغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئانىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئىككى يۈزلىمىدۇر) تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ. ئىككى يۈزلىمە بولۇش، ئىككى يۈزلىمە سۆز قىلىش ھارامدۇر، چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىندى.

إن من ضئضئ هذا قوما يقرءون القرآن لا يجاوز حناجرهم يقتلون أهل الإسلام و يدعون أهل الأوثان يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لئن أدركتهم لأقتلنهم قتل عاد ( ق د ن ) عن أبي سعيد

2227. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماللارنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ئادىل بولغىن دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن، كىشى كەتكەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ ۋە مۇشۇ خىلدىكى كىشىنىڭ پۇشتىدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، لېكىن، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇم، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ) ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇتقا چوقۇنغانلارنى مۇشرىكلارنى قالدۇرۇپ، تەرك ئېتىدۇ، يەنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك، تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى مەن تاپسام، ئەلۋەتتە ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، (ئالىملار ئۇلار خاۋارىجلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن دېدى، يەنىلا، قىيامەتكىچە چىقىشى مۇمكىن ئىكەن) بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن من عباد الله من لو أقسم على الله لأبره ( حم ق د ن ه ) أنس

2228. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئەگەر، ئۇلار ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، سورىغىنىنى بېرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن من قبل مغرب الشمس بابا مفتوحا عرضه سبعون سنة فلا يزال ذلك الباب مفتوحا حتى تطلع الشمس نحوه فإذا طلعت من نحوه لم ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا ( ه ) عن صفوان بن عسال

2229. سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كۈن كىرىش تەرەپتىن، بىر ئىشىك تەۋبىگە ئوچۇق تۇرىدۇ، ئۇ ئىشىكنىڭ كەڭرىلىكى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئۇ ئىشىك تەۋبە ئۈچۈن تاكى كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققانغا قەدەر ئوچۇق تۇرىدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، بۇ ئىشىك تاقىلىدۇ، كۈن كىرگەن يېرىدىن چىققاندا، بۇ قىيامەت ئالامىتى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان كىشىگە ئىمانى مەنپەئەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ھېچبىر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىگە ئۇ چاغدىكى ئىمانى، ياخشىلىقى مەنپەئەت قىلمايدۇ، پايدا بەرمەيدۇ، (چۈنكى، سىناق ئىمتىھان تۈگىدى) ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إن مما أدرك الناس من كلام النبوة الأولى: إذا لم تستحي فاصنع ما شئت ( حم خ د ه عن ابن مسعود( حم)عن حذيفة

2230. ئىبنى مەسئۇد ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر سۆزلىرىدىن تاپقان بىر سۆزى شۇكى، (كىشىلەردىن ياكى ئاللاھدىن) ھايا قىلمىساڭ، خالىغان ئىشىڭنى قىلغىن، (يەنى بۇ تەھدىت سۆزى بولۇپ، ئاللاھدىن كىشىلەردىن ھايا قىلغان كىشى، يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن) ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن مما يلحق المؤمن من عمله و حسناته بعد موته علما نشره و ولدا صالحا تركه و مصحفا ورثه أو مسجدا بناه أو بيتا لابن السبيل بناه أو نهرا أجراه أو صدقة أخرجها من ماله في صحته و حياته تلحقه من بعد موته ( ه ) عن أبي هريرة

2231. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىن كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئەمەللىرىدىن قوشۇپ قويۇلىدىغان، ئارقىسىدىن يېتىپ بارىدىغان ئەمەللەر تۆۋەندىكىچە:

1ـ ئۇ كەڭ تارقاتقان ۋە تەلىم بەرگەن ئىلىم بۇنىڭ ساۋابى.

2ـ ئۇ ياخشى، سالىھ تەربىيىلەپ قالدۇرغان بالا.

3ـ ئۇ مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن قۇرئان كىتاب.

4ـ ئۇ سېلىپ قويۇپ كەتكەن مەسجىدنىڭ ساۋابى.

5- ئۇ سالغان مۇساپىرلار ئۆيى، غېرىبخانىنىڭ ساۋابى.
6- ئۇ چاپقان، ياسىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر ساۋابى.
7- ئۇ ھايات چاغدا، ساق چاغدا ئۆز مال - دۇنياسىدىن چىقارغان سەدىقە جارىيەتنىڭ ساۋابى، بۇ ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭ ساۋابلىرى، مۆئمىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئارقىسىدىن يەتكۈزۈلىدۇ، قوشۇپ قويۇلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن موجبات المغفرة بذل السلام و حسن الكلام ( طب ) عن هانئ بن يزيد

2232. ھانىئ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەغپىرەتنى ۋاجىپ قىلىدىغان، مەغپىرەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار بولسا، سالامنى ئايىماي، كەڭرى قىلىش، سۆزلەرنى ياخشى، گۈزەل قىلىشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن من ورائكم أياما ينزل فيها الجهل و يرفع فيها العلم و يكثر فيها الهرج: القتل ( ت ه ) عن أبي موسى

2233. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردا بۇندىن كېيىن كېلىدىغان بىر كۈنلەر بولۇپ، ئۇ كۈنلەردە ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، جاھىللىق، نادانلىق چۈشىدۇ، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح)إن من ورائكم زمان صبر للمتمسك فيه أجر خمسين شهيدا منكم ( طب ) عن ابن مسعود

2234. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئارقاڭلاردا سىلەردىن كېيىن كېلىدىغان سەۋرىنىڭ زامانى باردۇر، (يەنى پىتنە - پاساتقا ، بالالارغا، سىناقلارغا، دىنسىزلارنىڭ زۇلۇمىغا سەۋرى قىلىش زامانى) شۇ كۈنلەردە سەۋر قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەم چىڭ تۇتۇپ تۇرغۇچىلار ئۈچۈن سىلەردىن بولغان 50 شېھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إن من يمن المرأة تيسير خطبتها و تيسير صداقها و تيسير رحمها( حم ك هق ) عن عائشة

2235. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئايال كىشىنىڭ مېھرى ئاسان بولغىنى، رەھمى، بالىياتقۇسى ئاسان بولغىنى يەنى تۇغۇشى، بالا يۈز كۆرۈشى ئاسان بولغىنى، شۇ ئايالنىڭ بەرىكىتىدىندۇر، ئەھمەد 23338 - ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إن منكم رجالا لا أعطيهم شيئا أكلهم إلى إيمانهم منهم فرات بن حيان ( حم د ك هن ) عن الفرات بن حيان ( حم ) عن بعض الصحابة .

2236. پۇرات ئىبنى ھەييان ۋە بەزى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن سىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر باركى، مەن ئۇلارغا نەرسە بەرمەي، نەرسە تەقسىم قىلىپ بەرمەي، ئۇلارنى ئىمانىغا تاپشۇرىمەن، پۇرات ئىبنى ھەييان ئەنە شۇلاردىندۇر، (يەنى نەرسىنى، سەدىقىنى، ئۆلجىنى باشقىلارغا بېرىمەن، بۇلارنى بولسا، كۈچلۈك ئىمانىغا تاپشۇرىمەن) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن منهم من تأخذه النار إلى كعبيه و منهم من تأخذه إلى ركبتيه و منهم من تأخذه إلى حجزته و منهم من تأخذه إلى عنقه ( حم م ) عن سمرة

2237. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى دوزاخ ئوتى ئوشۇقىغىچە تۇتىدۇ، بەزىسىنى ئىككى تىزىغىچە، بەزىسىنى بېلىگىچە، بەزىسىنى بويىنىغىچە تۇتىدۇ، كۆيدۈرىدۇ، مۇسلىم 5079 - ھەدىس، ئەھمەد 19244 - ھەدىس، سەھىھ.

إن موسى قال: يا رب أرنا آدم الذي أخرجنا و نفسه من الجنة فأراه الله آدم قال أنت أبونا آدم ؟ فقال له آدم: نعم قال أنت الذي نفخ

الله فيك من روحه و علمك الأسماء كلها و أمر الملائكة فسجدوا لك ؟ قال: نعم قال: فما حملك على أن أخرجتنا و نفسك من الجنة ؟ فقال له آدم: و من أنت ؟ قال: أنا موسى قال: أنت نبي بني إسرائيل الذي كلمك الله من وراء حجاب لم يجعل بينك و بينه رسولا من خلقه ؟ قال: نعم قال: فما وجدت أن ذلك كان في كتاب الله قبل أن أخلق ؟ قال: نعم قال: فبم تلومني في شيء سبق من الله فيه القضاء قبلي ؟ فحج آدم موسى فحج آدم موسى ( د ) عن عمر .

2238. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، ئى رەببىم ئاللاھ، ماڭا ئۆزىنى ۋە بىزنى جەننەتتىن چىقىرىشقا سەۋەب بولغان ئادەمنى كۆرسەتكىن، ئاللاھ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئادەمنى كۆرسەتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام، سەن بىزنىڭ دادىمىز، ئادەم شۇمۇ؟ دېدى، ئادەم، ھەئە، مەن شۇ دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ روھ پۈۋدېگەن، بارلىق ئىسىملارنى بىلدۈرگەن، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان ئادەم سەنمۇ؟، ئادەم، مەن شۇ دېدى ، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنداقتا بىزنى ۋە ئۆزۈڭنى جەننەتتىن چىقىرىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ دېدى، ئادەم، سەن كىم دېدى؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام، مەن مۇسا دېدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام، سەن ئاللاھ بىۋاستە سۆز قىلغان، سۆز قىلىشتا سەن بىلەن ئارىسىغا بىرەر ئەلچى قىلمايلا پەردىنىڭ ئارقىسىدىنلا سۆز قىلغان، بەنى ئىسرائىللارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسامۇ؟ دېدى. مۇسا ھەئە دېدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام، سەن شۇ ئىشلارنىڭ مەن يارىلىشتىن بۇرۇنلا، ئاللاھنىڭ كىتابىدا يېزىلىپ بولغىنىنى بىلمەمسەن؟ دېدى، مۇسا، شۇنداق بىلىمەن دېدى، ئادەم، ئۇنداقتا، مەندىن بۇرۇنلا قازايى ـ قەدەر ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىش توغرىسىدا ماڭا نېمە ئۈچۈن تاپا ـ تەنە قىلىسەن؟ دېدى، شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھۆججەت قويۇپ يېڭىۋالدى، (يەنى بۇ، ئاللاھنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداق جازالىشى، خالىشى، ئىرادىسى، تەقدىردە پۈتۈشى، تەۋبە قىلدىم، ماڭا تاپا قىلما دېگەن بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

إن موسى كان رجلا حييا ستيرا لا يرى من جلده شيء استحياء منه فآذاه من آذاه من بني إسرائيل فقالوا: ما استتر هذا التستر إلا من عيب بجلده إما برص و إما أدرة و إما آفة و إن الله عز و جل أراد أن يبرئه مما قالوا فخلا يوما وحده فوضع ثيابه على الحجر ثم اغتسل فلما فرغ أقبل إلى ثيابه ليأخذها و إن الحجر عدا بثوبه فأخذ موسى عصاه و طلب الحجر فجعل يقول: ثوبي حجر ثوبي حجر ! حتى انتهى إلى ملأ من بني إسرائيل فرأوه عريانا أحسن ما خلق الله و برأه مما يقولون و قام الحجر فأخذ ثوبه فلبسه و طفق بالحجر ضربا بعصاه فوالله إن بالحجر لندبا من أثر ضربه ثلاثا أو أربعا أو خمسا فذلك قوله تعالى: ( يا أيها الذين آمنوا لا تكونوا كالذين آذوا موسى فبرأه الله مما قالوا و كان عند الله وجيها . ( حم خ ت ) عن أبي هريرة

2239. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بەكمۇ ھايالىق كىشى ئىدى، يۇيۇنسا، پەردە تارتىپ يۇيۇناتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق ھايا قىلغانلىقىدىن، تارتىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھېچ يېرى كۆرۈنۈپ باقمىغان، بەنى ئىسرائىللاردىن ئازار بەرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازار بەردى، ئۇلار مۇسا چوقۇم بەدىنىدە بىرەر ئەيىب بولغاچقا يا ئاق كېسەل، يا بوداق بۆرىكى چىققان ياكى بىرەر ئاپەت بولغانلىقىدىن پەردىلىنىدۇ دېيىشتى ، ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇسانى ئۇلار دېگەن سۆزلەردىن ئەيىبلەردىن پاكلاشنى ئىرادە قىلدى، بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام خالى ھالدا يالغۇز يۇيۇندى، كىيىمىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە قويغان ئىدى، يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىمىنى ئېلىپ، كىيىش ئۈچۈن تاش تەرەپكە ماڭدى، تاش كىيىمىنى ئېلىپ قاچتى، (سۇبھانەللاھ، بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى) مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى ئېلىپ، تاشنى قوغلايتتى، ئۇ: ئى تاش، كىيىمىنى قوي! ئى تاش مېنىڭ كىيىمىم دەيتتى، تاش قېچىپ بېرىپ، بەنى ئىسرائىللارنىڭ جامائىتى يېنىغا باردى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق ھالىتىدە يالىڭاچ كۆردى، ئەڭ گۈزەللىكىنى كۆردى، ئاللاھ ئۇنى ئۇلارنىڭ دېگەن

تۆھمەتلىرىدىن پاكلىدى، تاش جىم تۇردى، ئۇ كىيىمىنى ئېلىپ كىيگەندىن كېيىن، ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇسانىڭ ھاسا بىلەن ئۇرغان تەسىرىدىن، تاشتا ئۈچ تاتۇق ياكى بەش دانە ئىز قالدى، ئۇ ئىشلار بولسا، ئاللاھنىڭ مۇشۇ سۆزىدە سۆزلەندى، «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار بەرگەن بەنى ئىسرائىللاردەك بولماڭلار، ئاللاھ مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقان تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدى، مۇسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۈز ئابرۇيلۇق ئىدى» سۈرە ئەھزاپ 69 ـ ئايەت. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن ناسا من أمتي سيماهم التحليق يقرءون القرآن لا يجاوز حلوقهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية هم شر الخلق و الخليقة ( حم م ) عن أبي هريرة

2240. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەلگە ئالامىتى، دائىم بېشىنى، چىچىنى چۈشۈرتۈپ تۇرۇشتۇر، قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇملىرىدىن، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ھەتتا، ھايۋانلارنىڭمۇ ئەڭ يامانراقىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار ئۇلار دەل خاۋارىجلار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلارنى باستۇرغان دېدى، بەزىلەر بولسا، ئۇلار بۇندىن كېيىن قىيامەتكىچە چىقىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، نەسلى، پۇشتى قالىدۇ دېدى.

( صحيح ) إن نفرا من الجن أسلموا بالمدينة فإذا رأيتم أحدا منهم فحذروه ثلاث مرات ثم إن بدا لكم بعد أن تقتلوه فاقتلوه بعد الثلاث ( حم د ) أبي سعيد .

2241. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەدىنىدە مۇسۇلمان بولغان بىر نەچچە مۇسۇلمان جىنلار باردۇر، سىلەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن، ئۈچ قېتىم خەۋەر بېرىپ، ئاگاھلاندۇرۇڭلار، ئاندىن يەنە ئاشكارا بولۇپ، سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، ئۈچ قېتىم ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈڭلار، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.يەنى ئۇ جىن يىلان سۈرەتتە.

( صحيح ) إن هاتين الصلاتين – يعني العشاء و الصبح – من أثقل الصلاة على المنافقين و لو يعلمون فضل ما فيهما لأتوهما و لو حبوا عليكم بالصف المقدم فإنه مثل صف الملائكة و لو تعلمون فضيلته لابتدرتموه و صلاة الرجل مع الرجل أزكى من صلاته وحده و صلاته مع الرجلين أزكى من صلاته مع الرجل و ما كان أكثر فهو أحب إلى الله تعالى ( حم د ن ه حب ك ) عن أبي

2242. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىككى ناماز يەنى خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزى مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نامازدۇر، ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازدىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، بۇ نامازلارغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى، سىلەر بىرىنچى سەپنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ سېپىگە ئوخشاشتۇر، ئەگەر بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئالدىرايتتىڭلار، (ئەمدى بىلدۇق، ئالدىرايلى! ئالدىرايلى!) كىشىنىڭ بىر ئەر بىلەن ناماز ئوقۇشى، يالغۇز ئوقۇغاندىن پاك، ئەۋزەلدۇر، ئۇنىڭ ئىككى كىشى بىلەن ناماز ئوقۇشى، بىر ئەر بىلەن ئوقۇغان نامازدىن ئەۋزەلرەكتۇر، جامائەت كۆپ بولغانسېرى، ئاللاھتائالاغا سۆيۈملۈك، دوستراق بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا اخترط سيفي و أنا نائم فاستيقظت و هو في يده صلتا فقال لي: من يمنعك مني ؟ قلت: الله ؟ فها هو ذا جالسا ! ( حم ق ن ) عن جابر .

2243. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرەخ

سايىسىدا ياتسا بىرسى كېلىپ، قىلىچنى سۇغۇرۇپ، تەھدىت سالغان ئىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماۋۇ كىشى مەن ئۇخلاۋاتقاندا مېنىڭ قىلىچىمنى سۇغۇرۇپتۇ، مەن ئويغىنىپ قارىسام، قىلىچ ئۇنىڭ قولىدا غىلاپسىز يالىڭاچ تۇرۇپتۇ، ئۇ ماڭا، سېنى مەندىن توسۇپ، قۇتقۇزىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئەمدى سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ دېدى، مەن، ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ دېدىم، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەنە ئولتۇرۇپتۇ دېدى، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(يەنە بىر خاتىرىدە قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىچنى ئېلىپ، ئەمدى سېنى كىم قۇتۇلدۇرىدۇ؟ دېسە، ئۇ يالۋۇرىدۇ، سەھىھ.)

إن هذا الأمر في قريش لا يعاديهم أحد إلا كبه الله على وجهه ما أقاموا الدين ( حم خ ) عن معاوية .

2244. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىش يەنى ئىسلام خەلىپىلىكى، قۇرەيشلەردە بولىدۇ، قۇرەيشلەر خەلىپىلىكنى لايىقىدا قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرسىلا، ئىسلام دىنىنى ھەققى لايىقىدا بەرپا قىلسىلا، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى، ھۇجۇم قىلغان كىشىنى ئاللاھ يۈزىچە دۈم سېلىپ ھالاك قىلىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن هذا الدينار و الدرهم أهلكا من قبلكم و هما مهلكاكم ( طب هب ) عن ابن مسعود وعن أبي موسى .

2245. ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ھالاك قىلدى، سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىدۇ، (ھەزەر قىلىڭلار) تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إن هذا الدين متين فأوغلوا فيه برفق ( حم ) عن أنس

2246. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ دىن، پۇختا، مۇستەھكەم، كۈچلۈكتۇر، سىلەر بۇ دىنغا مېھرىبانلىق بىلەن كىرىپ، بۇ دىندا مېھرىبانلىق بىلەن مېڭىڭلار، (ئاجىز كېلىدىغان تەكلىپلەردىن يىراق تۇرۇڭلار) ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

(حسن) إن هذا الشهر قد حضركم و فيه ليلة خير من ألف شهر من حرمها فقد حرم الخير كله و لا يحرم خيرها إلا محروم ( ه ) عن سعيد

2247. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئاي، يەنى رامزان سىلەرگە كېلىپ قالدى، بۇ ئايدىكى بىر كېچە، يەنى قەدىر كېچىسى 1000 ئايدىن ياخشىدۇر، بۇ كېچىدىن مەھرۇم قالغان كىشى بارلىق ياخشىلىقدىن مەھرۇم قالىدۇ، بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىدىن، پەقەت مەھرۇم قالىدىغان كىشىلەرلا مەھرۇم قالىدۇ، باشقىلار مەھرۇم قالمايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إن هذا الطاعون رجز و بقية عذاب عذب به قوم فإذا وقع بأرض و أنتم بها فلا تخرجوا منها فرارا منه و إذا وقع بأرض و لستم بها فلا تدخلوها ( حم م ) عن أسامة بن زيد وسعد وخزيمة بن ثابت .

2248. ئۇسامەت ئىبنى زەيىد، سەئىد، خۇزەيمەت، ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ۋابا كېسىلى، كىشىلەرنى يامانلىقىدىن توسىدىغان ئازابتۇر، مەلۇم بىر قەۋم ئازابلانغان ئازابنىڭ قالدۇقىدۇر، سىلەر بار بولغان زېمىنغا ۋابا كېسىلى چۈشسە، ۋابا يۈز بەرسە، ۋابادىن قېچىپ ئۇ زېمىندىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار، سىلەر بولمىغان باشقا بىر زېمىندا ۋابا كېسىلى يۈز بەرسە، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، (يەنى ۋابا كېسىلىدىن قاچماڭلار، چۈنكى، ۋابانى ئېلىپ قاچىسىلەر، ۋابا بار جايغا كىرمەڭلار، چۈنكى، ۋابادا ئۆلسىلەر) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا القرآن أنزل على سبعة أحرف فاقرءوا ما تيسر منه ( حم ق 3 ) عن عمر

2249. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇشۇ قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن چۈشكەن، شۇ يەتتە ھەرپتىن ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا المال خضر حلو فمن أخذه بحقه بورك له فيه و من أخذه بإشراف نفس لم يبارك له فيه و كان كالذي يأكل و لا يشبع و اليد العليا خير من اليد السفلى ( حم ق ت ن ) عن حكيم بن حزام

2250. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ مال ـ دۇنيا، يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم ئۇنى ھەققى بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە شۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، كىم ئۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالسا، ئۇ كىشىگە بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، زاكات بەرمەس، بۇ ئاچ كۆز كىشى خۇددى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بېرىدىغان ئۈستۈن قول، ئالىدىغان تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا المال خضرة حلوة فمن أصابه بحقه بورك فيه و رب متخوض فيما شاءت نفسه من مال الله و رسوله ليس له يوم القيمة إلا النار ( حم ت ) عن خولة بنت قيس

2251. خەۋلەت بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ مال، يېشىل، تاتلىق نەرسە، كىم بۇ مالغا ھەققى بىلەن يەتسە، ئۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ماللىرىدا نەپسى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان، ئاللاھ رازى بولمايدىغان، ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان جايلارغا تەسەررۇپ قىلىدىغان كىشىلەر باركى، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا پەقەت دوۋزاخلا باردۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن، مەيلى ۋالىي، باشلىق بولسۇن، مەيلى پۇقرا بولسۇن، مالنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى، سەدىقە ـ ئېھسانلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم، ھارام يوللارغا ئىستېمال قىلماسلىق لازىم.

( حسن ) إن هذا المسجد لا يبال فيه و إنما بني لذكر الله و الصلاة ( ه ) عن أبي هريرة

2252. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ مەسجىدگە سىيىشكە بولمايدۇ، ئۇ سۈيدۈك ئۈچۈن سېلىنمىغان، ھەقىقەتەن مەسجىد دېگەن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن ئاللاھنى ئەسلەش ئۈچۈن، ناماز ئۈچۈن سېلىنغان، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إن هذا الوباء رجز أهلك الله به الأمم قبلكم و قد بقي منه في الأرض شيء يجيء أحيانا و يذهب أحيانا فإذا وقع بأرض فلا تخرجوا منها فرارا و إذا سمعتم به في أرض فلا تأتوها ( حم ق ن ) عن أسامة بن زيد

2253. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ۋابا كېسىلى بولسا، ئاللاھتائالا سىلەردىن بۇرۇنقى مەلۇم قەۋملەرنى ھالاك قىلغان ئازابتۇر، زېمىندا ئۇنىڭدىن قېلىپ قالغان ۋابا كېسىلى باردۇر، بەزى چاغلاردا كېلىپ، بەزى چاغلاردا كېتىدۇ، ۋابا كېسىلى بىرەر زېمىنغا چۈشسە، يۈز بەرسە، سىلەر ئۇ جايدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار، بىرەر زېمىندا ۋابا كېسىلى بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ زېمىنغا كىرمەڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا أمر كتبه الله على بنات آدم فاغتسلي و أهلي بالحج و اقضي ما يقضي الحاج غير أن لا تطوفي بالبيت و لا تصلي ( حم م د ) عن جابر .

2254. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىۋېتىپ، ئاياللار كېسىلى بولغان ئايالغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ، ئاللاھتائالا، ئادەم ئاتىنىڭ

قىزلىرى ئۈستىگە پۈتكەن ئىشدۇر، سەن يۇيۇنۇپ ھەجگە ئېھرام باغلىغىن، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا، سەن ناماز ئوقۇشۇڭدىن باشقا ھاجى ئادا قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى سەنمۇ ئادا قىل، پەقەت ھەيز كۆرگەندە ناماز ئوقۇما، كەئبىنى تاۋاپ قىلما، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن هذا أمر كتبه الله على بنات آدم فاقضي ما يقضي الحاج غير أن لا تطوفي بالبيت ( ق د ن ) عن عائشة

2255. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەج قىلىۋېتىپ، كېسەل بولۇپ قالغاندا، يۇقىرىقى سۆزنى قىلغان، يەنى بۇ، ئاللاھ پۈتۈۋەتكەن ئىشتۇر، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي، ئۇندىن باشقا ھاجى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋېرىش، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا بكى لما فقد من الذكر – يعني الجذع – ( حم خ ) عن جابر

2256. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ يەنى، كۆتەك، زىكرىنى، خۇتبىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا يىغلاۋاتىدۇ، (چۈنكى، مۇنبەر ياسالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قويۇپ، مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇسا، ئۇ كۆتەك ئىڭراپ غىڭشىغان ئىدى) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

إن هذا ملك لم ينزل الأرض قط قبل هذه الليلة استأذن ربه أن يسلم علي و يبشرني بأن فاطمة سيدة نساء أهل الجنة و أن الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة ( ت ) عن حذيفة

2257. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ پەرىشتە مۇشۇ كېچىدىن بۇرۇن زېمىنغا قەتئىي چۈشۈپ باقمىغان، ئۇ پەرىشتە، پەرۋەردىگارىدىن چۈشۈشكە، ماڭا ھەقىقەتەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجايىنى ئىكەنلىكىگە، ھەقىقەتەن ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى ئىكەنلىكى بىلەن بىشارەت بېرىش ئۈچۈن ئىزنى، رۇخسەت سوراپ چۈشۈپتۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذا يوم جعله الله عيدا للمسلمين فمن جاء إلى الجمعة فليغتسل و إن كان طيب فليمس منه و عليكم بالسواك ( مالك الشافعي ) عن عبيد بن السباق مرسلا ( ه ) عنه عن ابن عباس .

2258. ئۇبەيد ئىبنى سەبباق، ئىبنى ئاببلس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ كۈننى ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا ھېيت قىلىپ بەردى، كىم بۇ كۈندە جۈمەگە كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، ئەگەر خۇشپۇراق ئەتىرلىرى بولسا، ئۇنىڭدىن سۈيۈپ ئىشلەتسۇن، مىسۋاكنى لازىم تۇتۇڭلار، مالىك شاپىئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش، ئەتىر ئىشلىتىش، مىسۋاك سىلىشلار سۈننەت.

( صحيح ) إن هذا يوم كان يصومه أهل الجاهلية فمن أحب أن يصومه فليصمه و من أحب أن يتركه فليتركه – يعني يوم عاشوراء – ( م ) عن ابن عمر

2259. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ كۈندە يەنى ئاشۇرا كۈنىدە جاھالىيەت ئەھلى، روزا تۇتاتتى، ئەمدى بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرگەن كىشى روزا تۇتسۇن، روزا تۇتماسلىقنى ياخشى كۆرسە تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن هذه الآيات التي يرسل الله لا تكون لموت أحد و لا لحياته و لكن الله يرسلها يخوف بها عباده فإذا رأيتم منها شيئا فافزعوا إلى ذكر الله و دعائه و استغفاره ( ق ن ) عن أبي موسى .

2260. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇشىدىن ئىبارەت، ئاللاھ ئەۋەتىدىغان ئالامەتلەر، بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن بولمايدۇ، لېكىن، ئاللاھ ئۇنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ تۇرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، يەنى كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا ئاللاھدىن قورقۇپ، زىكرى ئېيتىڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، دۇئا قىلىڭلار، مەغپىرەت سوراڭلار، يەنە بىر خاتىرىدە سەدىقە قىلىڭلار دېگەن بار، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إن هذه الأمة أمة مرحومة عذابها بأيديها فإذا كان يوم القيامة دفع إلى كل رجل من المسلمين رجل من المشركين فيقال: هذا فداؤك من النار ( ه ) عن أنس

2261. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەت رەھىم قىلىنغان ئۇممەتتۇر، بۇلارنىڭ ئازابى ئۆز قوللىرىدا مۇشۇ دۇنيادا بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەربىر مۇسۇلمانغا بىردىن مۇشرىك دىنىسىزنى بېرىپ، مانا بۇ سېنىڭ دوۋزاخدىن قۇتۇلىدىغان فىدىيەڭ بولىدۇ، دېيىلىدۇ .ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن هذه الأمة تبتلى في قبورها فلولا أن لا تدافنوا لدعوت الله أن يسمعكم من عذاب القبر الذي أسمع منه تعوذوا بالله من عذاب النار تعوذوا بالله من عذاب القبر تعوذوا بالله من الفتن ما ظهر منها و ما بطن تعوذوا بالله من فتنة الدجال ( حم م ) عن زيد بن ثابت

2262. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئۇممەت قەبرىلىرىدە سوئال سورىلىدۇ، سىنىلىدۇ، ئازابلىنىدۇ، ئەگەر مېيىتلەرنى دەپنە قىلالماسلىقىڭلار بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مەن ئاڭلىغان قەبرە ئازابىنى سىلەرگىمۇ ئاڭلىتىپ قويۇشنى سورىغان بولاتتىم، (ئەگەر ئاڭلاپ قالساڭلار، مېيىتلەرنى دەپنە قىلالمايسىلەر، ياكى ئۆلسىلەر) سىلەر ئاللاھقا سىغىنىپ، دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇنلىرىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إن هذه الحشوش محتضرة فإذا أتى أحدكم الخلاء فليقل: أعوذ بالله من الخبث و الخبائث ( حم د ن ه حب ك ) عن زيد بن أرقم

2263. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۇشۇ ھاجەت ئادا قىلىنىدىغان جايلارغا، ھاجەتخانىلارغا، شەيتانلار ھازىر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەردىن بىر كىشى ھاجەتخانىغا بارغان ھامان، «ئاللاھقا سىغىنىپ، ئەركەك ـ چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن» دېسۇن، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەلخۇبسى ۋەلخابائىس) ئەبۇ داۋۇد 5 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 292 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18525 ـ ھەدىس، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

إن هذه الصدقات إنما هي أوساخ الناس و إنها لا تحل لمحمد و لا لآل محمد ( م د ن ) عن المطلب بن ربعية

2264. مۇتەللىپ ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ سەدىقە، ئۆشرە ـ زاكاتلار جەزمەن كىشىلەرنىڭ توڭرا، كىرلىرىدۇر، ئۆشرە ـ زاكات، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ھالال ئەمەس، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح )إن هذه الصلاة لا يصلح فيها شيء من كلام الناس إنما هو التسبيح و التكبير و قراءة القرآن ( حم م د ن ) عن معاوية بن الحكم .

2265. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ نامازلاردا ئىنسانلار سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسە دۇرۇس بولمايدۇ، جەزمەن ناماز دېگەن تەسبىھ، تەكبىر ، قۇرئان قىرائىتىدۇر، (بۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى دۇرۇس ئەمەس) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**إن هذه الصلاة – يعني العصر – عرضت على من كان قبلكم فضيعوها فمن حافظ منكم اليوم عليها كان له أجره مرتين و لا صلاة بعدها حتى يطلع الشاهد ( م ن ) عن أبي بصرة الغفاري**

2266. ئەبۇ بەسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ناماز يەنى ئەسىر نامىزى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە تەكلىپ قىلىندى، لېكىن، ئۇلار بۇ نامازنى زايا قىلىۋەتتى، تەرك ئەتتى، بۈگۈن سىلەردىن كىمكى بۇ ئەسىر نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇھاپىزەت قىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجىر بولىدۇ، ئىككى ئەجىرنىڭ مۇكاپاتى بولىدۇ، شاھىد، گۇۋاھچى، ئاشكارا بولمىغۇچە يەنى يۇلتۇزدىن خەۋەر بولمىغۇچە ئەسىردىن كېيىن ناماز يوق، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**إن هذه القبور ممتلئة على أهلها ظلمة و إن الله ينورها لهم بصلاتي عليهم ( حم ) عن أنس ( م ) عن أبي هريرة**

2267. ئەنەس ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ قەبرە ئەھلىگە قاراڭغۇ زۇلمەت لىق تولغان ئىكەن، ئاللاھتائالا مېنىڭ ئۇلارغا ئوقۇغان جىنازا نامىزىم سەۋەبىدىن ئۇلار ئۈچۈن بۇ قەبرىلەرنى نۇرغا تولدى، (بۇ ھەدىسنى قەبرىگە قويۇلۇپ بولغان بىر مېيىتكە جىنازا نامىزى ئوقۇپ دېگەن ئىدى، ئالىملار ئەگەر مېيىت چىرىپ، سىڭىپ كەتمىسە،قەبرىدىكى مېيىتكىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ دېدى) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إن هذه المساجد لا تصلح لشيء من القذر و البول و الخلاء إنما هي لقراءة القرآن و ذكر الله و الصلاة ( حم م ) عن أنس**

2268. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ مەسجىد نىجىس نەرسىگە، نىجىس سۈيدۈككە ھاجەتخانا قىلىشقا ھەرگىز لايىق ئەمەس، دۇرۇس ئەمەس، جەزمەن مەسجىد دېگەن قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إن هذه النار إنما هي عدو لكم فإذا نمتم فأطفئوها عنكم ( ق ه ) عن أبي موسى .**

2269. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئوت سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار سىلەر ئۇخلىغان چاغلاردا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار، (ئوت، چىراغ، ھەتتا توك چىراغنىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇخلاڭلار) بۇخارى، مۇسلىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إن هذه ضجعة لا يحبها الله تعالى ( حم ت ك ) عن أبي هريرة .**

2270. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھتائالا ياخشى كۆرمەيدىغان يېتىشتۇر، يەنى قورسىقىنى زېمىنغا قىلىپ، دۈم يېتىشنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**إن هذه ضجعة يبغضها الله تعالى – يعني الاضطجاع على البطن – ( حم د ه ) عن طخفة بن قيس الغفاري**

2271. تەخپەت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ خىل يېتىش يەنى قورسىقىنى چاپلاپ دۈم يېتىش، ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدىغان غەزەپ قىلىدىغان يېتىشتۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إن هذه ليست بالحيضة و لكن هذا عرق فإذا أدبرت الحيضة فاغتسلي و صلي و إذا أقبلت فاتركي لها الصلاة ( ن ك ) عن عائشة**

2272. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم توختىماي بولىدىغان خۇن كېسىلى بار ئاياللا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ھەيز كېسىلى ئەمەس، لېكىن، بۇ تومۇرنىڭ ئىشى، يەنى تومۇرنىڭ قېنى. ساقا ھەيز، ئاياللار كېسىلى يەنى ھەيزنىڭ مىقدارى ئاخىرلىشىپ، يىراقلاپ كەتكەندە غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇغىن، ھەيز كېسىلى يېتىپ كەلگەندە بولسا، نامازنى ئوقۇماي، تەرك ئېتىپ تۇرغىن دېدى، (بۇ كۈنلەرنى ئادىتى بويىچە ھېسابلايدۇ) نەسەئى،

ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إن هذه من ثياب الكفار فلا تلبسوها – يعني المعصفر – ( حم م ن ) عن ابن عمرو

2273. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ كىيىم، يەنى سېرىق، قىزىلدا بويالغان بۇ كىيىم، كۇپپار، دىنسىزلارنىڭ كىيىمى ئىكەن، سىلەر بۇنى ھەرگىز كىيمەڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن سېرىق، قىزىل بويالغان بولۇپمۇ دىنسىزلار پوسۇنىدىكى بەلگىسىدىكى كىيىملەرنى ئەرلەر كىيىشى دۇرۇس ئەمەس، ئاياللارمۇ ئۇلارنىڭ پوسۇنىدىن ھەزەر قىلىپ، مۇسۇلمانچە، كەڭ، ئۇزۇن كىيىم كىيىشى لازىم.

إن هذين حرام على ذكور أمتي حل لإناثهم – يعني الذهب و الحرير – ( حم د ن ه ) عن علي ( ه ) عن ابن عمر

2274. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى رەزىيەللاھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى يەنى ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئۈممىتىمنىڭ ئەر كىشىلىرىگە ھارام قىلىنىدى، ئايال كىشىلىرىگە ھالال قىلىنىدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت، ئەر كىشىلەرگە ھارام، چۈنكى، ھەدىستە ئوچۇقلا ھارام دېگەن ، ئاياللارغا ھالالدۇر.

إن وسادك إذن لعريض طويل إنما هو: سواد الليل و بياض النهار ( حم د ) عن عدي بن حاتم

2275. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سېنىڭ ياستۇقۇڭ، ئۇنداقتا تومۇ ھەم ئۇزۇن ئىكەن، يوغانكەن، (يەنى بۇ دېگەن كىنايە سۆز بولۇپ، سەن چۈشىنەلمەي قاپسەن، بىلەلمەپسەن) ئۇ دېگەن كېچىنىڭ قارىلىقى، كۈندۈزنىڭ، سۈبھىنىڭ ئاقلىقى، (بۇ ھەدىسنى بىر ساھابە ئاق يىپ قارا يىپتىن ئاشكارا بولغۇچە زوھۇرلۇقنى يەپ ـ ئىچىڭلار دېگەن ئايەتنى چۈشىنەلمەي ياستۇق بېشىغا قارا، ئاق يىپنى قويۇپ قويۇپ، تاڭ ئاتقاندا بىرگەندە دېگەن بولۇپ، سۈبھى، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن ئاشكارا بولغۇچە يەپ ئىچىش دۇرۇس بولىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إن يأجوج و مأجوج ليحفرون السد كل يوم حتى إذا كادوا يرون شعاع الشمس قال الذي عليهم: ارجعوا فستحفرونه غدا فيعيده الله أشد ما كان حتى إذا بلغت مدتهم و أراد الله أن يبعثهم على الناس حضروا حتى إذا كادوا يرون شعاع الشمس قال الذي عليهم: ارجعوا فستحفرونه غدا إن شاء الله و استثنوا فيعودون إليه و هو كهيئته حين تركوه فيحفرونه و يخرجون على الناس فينشفون الماء و يتحصن الناس منهم في حصونهم فيرمون سهامهم إلى السماء فترجع و عليها كهيئة الدم الذي اجفظ فيقولون: قهرنا أهل الأرض و علونا أهل السماء ! فيبعث الله عليهم نغفا في أقفائهم فيقتلهم بها و الذي نفسي بيده إن دواب الأرض لتسمن و تشكر شكرا من لحومهم و دمائهم ( حم د ك ) عن أبي هريرة

2276. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن يەئجۇج ۋە مەئجۇجلەر ھەر كۈنى توساقنى كۈننىڭ نۇرىنى كۆرگىلى تاس قالغانغا قەدەر كولايدۇ، ئاندىن باشلىقى قايتىڭلار، ئەتە كولايلى دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار قايتقاندا، ئاللاھ ئۇ توساقنى بالدۇرقىدىن قاتتىق، پۇختىراق ئەسلىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ چىقىش مۇددىتى، قىيامەت ئالامىتى يېتىپ كەلگەندە، ئاللاھ ئۇلارنى كىشىلەرگە ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلغاندا ئۇلار كېلىپ يەنە كولايدۇ، كۈننىڭ نۇرىنى كۆرگىلى تاس قالغاندا ئىش بېشى قايتىڭلار، ئاللاھ خالىسا ئەتە كولايمىز دەيدۇ، ئاللاھ خالىسا دېگەن سۆز بىلەن ئىنشائاللاھ دېگەن سۆز بىلەن مۇستەھسنا قىلىپ قايتىدۇ، (ئەگەر بۇنداق دېمىگەن بولسا، مەڭگۈ تېشىپ چىقالمايتتى) ئۇلار ئەتىسى قايتىپ كەلسە، ئۇ كولىغان جاي ئۇلار قالدۇرغان پېتى كولاغلىق تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇلار كولاپ، تېشىپ، كىشىلەرگە قارشى باستۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇلار سۇنىمۇ ئىچىپ

قۇرۇتۇپ تۆگىتىدۇ، كىشلەر ئۇلاردىن ئۆز قورغانلىرى بىلەن قورغانلىنىپ ساقلىنىدۇ. ئۇلار ئاسمانغا ئۇقيا ئاتىدۇ، ئوق ئۇلارغا قانغا بويالغان ھالەتتە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ، بىز دېگەن زېمىن ئەھلىنى قەھرى قىلىپ بويسۇندۇردۇق، ھەتتا، ئاسمان ئەھلىدىنمۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدۇق، بىز ھەممىدىن ئۈستۈن، غالىب دەيدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئاللاھتائالا تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالغان كۆكۈيۈنگە ئوخشاش بىر خىل قۇرۇت، جانىۋارنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئەۋەتىدۇ، بۇ جاندار، ئۇلارنىڭ بوينىدىن تۇتۇپلا ئۆلتۈرىدۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن زېمىندىكى بارلىق گۆشخور ھايۋانلار جانىۋارلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ، قانلىرىنى ئىچىپ، سەمرىپ كېتىدۇ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىدۇ، بۇ شۈكرى سەمرىپ كېتىش مەنىسىدە كەلگەن، ئەبۇ داۋۇد 4070 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3078 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10222 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4070 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

إن يمين الله ملأى لا يغيضها نفقة سحاء الليل و النهار أرأيتم ما أنفق منذ خلق السموات و الأرض ؟ فإنه لم يغض ما في يمينه و عرشه على الماء و بيده الأخرى القبض يرفع و يخفض ( حم ق ) عن أبي هريرة

2277. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قولى لىق تولغاندۇر، كېچە ـ كۈندۈز نەپىقە قىلىپ خەجلەش چىقىم قىلىشلار، ئۇنى ھەرگىز كامىلتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقاندىن باشلاپ، چىقىم، نەپىقە قىلىۋاتقىنىغا قارىمامسىلەر؟ شۇنداق خەجلەشمۇ چىقىم قىلىپ بېرىشمۇ ھەرگىز كامىلتالمىدى، يەنىلا، ئاللاھنىڭ قولى لىق تۇرىدۇ، ئەرشى سۇ ئۈستىدە بولۇپ، (كەيپىياتىنى ئاللاھ بىلىدۇ) ئاللاھنىڭ يەنە بىر قولىدا ھەممىنى تۇتۇپ تۇرۇش بولۇپ، خالىغانچە ئېگىز ـ پەس كەڭ ـ تار قىلىپ تۇرىدۇ، (يەنى رىزىقنى كەڭرى يا تار قىلىپ تۇرىدۇ.بەزىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرسە، بەزىسىنى پەس قىلىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إن يوم الاثنين و الخميس يغفر الله فيهما لكل مسلم إلا مهتجرين يقول: دعهما حتى يصطلحا ( ه ) عن أبي هريرة

2278. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلەردە ئاللاھتائالا ئاداۋەتلەشكەنلەردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئاداۋەتتىكى كىشلەرگە بولسا، ئۇلار يارىشىۋالمىغىچە قويۇپ تۇرۇڭلار دەپ مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إن يوم الجمعة سيد الأيام و أعظمها عند الله و هو أعظم عند الله من يوم الأضحى و يوم الفطر فيه خمس خلال: خلق الله فيه آدم و أهبط الله فيه آدم إلى الأرض و فيه توفى الله آدم و فيه ساعة لا يسأل الله فيها العبد شيئا إلا أعطاه إياه ما لم يسأل حراما و فيه تقوم الساعة و ما من ملك مقرب و لا سماء و لا أرض و لا رياح و لا جبال و لا بحر إلا و هو يشفق من يوم الجمعة أن تقوم فيه الساعة ( حم ه ) عن أبي لبابة بن عبدالمنذر

2279. ئەبۇ لۇبابەت ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جۈمە كۈنى بارلىق كۈنلەرنىڭ سەييىدى، خوجايىنىدۇر، جۈمە كۈنى، بارلىق كۈنلەردىن ھەتتا قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىنمۇ ئاللاھنىڭ نەزىدە ئۇلۇغراقتۇر، روزا ھېيت كۈنىدىنمۇ ئۇلۇغدۇر ، بۇ كۈندە بەش خىسلەت ئىشلار بار.

1. ئاللاھ بۇ كۈندە ئادەم ئاتىنى ياراتقان.
2. ئاللاھ بۇ كۈندە ئادەمنى زېمىنغا تاشلىغان.
3. ئاللاھ بۇ جۈمە كۈنى ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغان.
4. جۈمە كۈندە بىر سائەت بولۇپ، ھەرقانداق بەندە، شۇ سائەتتە ئاللاھدىن بىرەر نەرسە سورىسا، پەقەت ھارام نەرسىنى سورىمىسىلا چوقۇم ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ.

5. جۇمە كۈنىدە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ھەرقانداق مۇقەررەپ، ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى ئاسمان ياكى زېمىن ياكى شامال تاغلار ھەتتا دېڭىزلارمۇ جۇمە كۈنى قىيامەت قايىم بولۇشىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ، جۇمە كۈنىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنا آل محمد لا تحل لنا الصدقة ( حم حب ) عن الحسن بن علي

2280. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىسىگە سەدىقە، ئۆشرە زاكات ھالال ئەمەس، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا آل محمد لا تحل لنا الصدقة و إن مولى القوم من أنفسهم ( حم د ن حب ك ) عن أبي رافع

2281 ئەبۇراپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىسىگە ئۆشرە ـ زاكات ھالال ئەمەس، ھەققەتەن قەۋملەرنىڭ ئازاد قىلغان قۇلمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئازاد قىلغان قۇللارغىمۇ ئۆشرە ـ زاكات دۇرۇس ئەمەس) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا أمة أمية لا نكتب و لا نحسب ( ق د ن ) عن ابن عمر

2282. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز ئەرەبلەر تۇرۇك، ساۋاتسىز ئۈممەت، بىز خەت يازالمايمىز، ھېساب ـ كىتاب قىلالمايمىز، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان مەڭگۈ مۆجىزە، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

إنا قد اتخذنا خاتما و نقشنا فيه نقشا فلا ينقش أحد على نقشه ( خ ن ه ) عن أنس

2283. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز ئۈزۈك تۇتتۇق، ئۇ ئۈزۈككە نەقش چەكتۇق، بىرەر كىشى ئۇ نەقىشتەك نەقش چەكمىسۇن (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكىنىڭ نەقشى،مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ئىدى) بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا كنا نهيناكم عن لحومها أن تأكلوها فوق ثلاث لكي تسعكم فقد جاء الله بالسعة فكلوا و ادخروا و اتجروا ألا و إن هذه الأيام أيام أكل و شرب و ذكر الله ( د ) عن نبيشة .

2284. نەبىيشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق يېيىشتىلاردىن توسقان ئىدۇق، بۇ سىلەرگە كەڭرى بولسۇن ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى، ئاللاھتائالا سىلەرگە كەڭرى قىلىپ بەردى، ھەممىڭلاردا بار بولدى، ئەمدى سىلەر خالىغانچە يەڭلار، ئېلىپ قويۇڭلار، ساقلاپ يەڭلار، (يەنە قۇربانلىق قىلىشىڭلار، كەڭرى يەپ ـ ئىچىشىڭلار، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشىڭلار ئۈچۈن). تىجارەت قىلىڭلار، ئاگاھ بۇلۇڭلاركى ، بۇ كۈنلەر يەپ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا لن نستعمل على عملنا من أراده ( حم ق د ن ) عن أبي موسى

2285. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز خىزمەت ھوقۇقلىرىمىزغا، ئەمەللىرىمىزگە، ئۇنى مەقسەت قىلغان، ئىرادە قىلغانلارنى ئىشلەتمەيمىز، (ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ، قاچقانلارنى ئىشلىتىمىز) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا معشر الأنبياء أمرنا أن نعجل إفطارنا و نؤخر سحورنا و نضع أيماننا على شمائلنا في الصلاة ( الطيالسي طب ) عن ابن عباس

2286. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى، جامائەتنى ئىپتارنى بۇرۇن قىلىشىمىزغا، زوھۇرلۇقنى كېيىنگە تارتىپ يېيىشىمىزگە، ئوڭ قوللىرىمىزنى نامازدا، سول قوللىرىمىز ئۈستىگە قويۇشىمىزغا بۇيرۇلدۇق (بىزمۇ شۇنداق بۇيرۇلدۇق) تەيالىسى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا معشر الأنبياء تنام أعيننا و لا تنام قلوبنا ( ابن سعد ) عن عطاء مرسلا .

2287. ئەتائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن بىز پەيغەمبەرلەر جامائەتنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇخلايدۇ، قەلب دىللىرىمىز ئۇخلىمايدۇ، ئىبنى سەئد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا معشر الأنبياء يضاعف علينا البلاء ( طب ) عن اخت حذيفة

2288. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىڭلىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز پەيغەمبەرلەر جامائەتتىگە سىناق بالالەر چەندان ـ چەندان نەچچە ھەسسە ئارتۇق كېلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إنا نخطب فمن أحب أن يجلس للخطبة فليجلس و من أحب أن يذهب فليذهب ( د ك ) عن عبدالله بن السائب

2289. ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھېيت نامىزىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز خۇتبە سۆزلەيمىز، خۇتبىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنلەر ئولتۇرسۇن، قايتىشنى ياخشى كۆرگەنلەر قايتسا بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 975 ـ ھەدىس، نەسەئى 1553 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1280 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا نهينا أن ترى عوراتنا ( ك ) عن جابر بن صخر

2290. جابىر ئىبنى سەخرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز ئەۋرەتىمىزنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن چەكلەندۇق، ئەۋرەتىمىزنى ئوچۇق قويۇشتىن توسۇلدۇق، (يەنى ئەۋرەتلار ھەرگىز ئېچىلىپ قالمىسۇن) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا و الله لا نولي على هذا العمل أحدا سأله و لا أحدا حرص عليه ( م ) عن أبي موسى

2291. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئەمەل تۇتۇش خىزمىتىگە، ئۇ خىزمەتنى سورىغان، تەلەپ قىلغان، ھېرىسمەن بولغان، ئىرادە قىلغان كىشىنى ھەرگىز ئىگە قىلمايمىز، سايلىمايمىز، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا لا نستعين بالمشركين على المشركين ( حم تخ ) عن خبيب بن يساف

2292. خەبىيب ئىبنى بەساق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن، بىز مۇشرىك، دىنسىزلارغا قارشى، مۇشرىك، دىنسىزلار بىلەن ياردەم تەلەپ قىلمايمىز، ئەھمەد، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا لا نستعين بمشرك ( حم د ه ) عن عائشة

2293. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز، مۇشرىك يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشى بىلەن ياردەم تەلەپ قىلمايمىز، (دىنسىزلار، كاپىرلار ئەلۋەتتە بۇ دائىرىگە كىرىشكە ئەڭ لايىق، بىزمۇ دىنسىزلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايمىز، كاشكى، ئىسلام دۆلىتى ئەمەل قىلسا ھە!) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنا لا نقبل شيئا من المشركين ( حم ك ) عن حكيم بن حزام

2294. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن بىز مۇشرىكلەردىن بىرەر نەرسە قوبۇل قىلمايمىز، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىسلەردىن دىنسىزدىن، مۇشرىكلەردىن ياردەم سوراش ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلاردىن بىرەر نەرسە يەنى ياردەم ياكى خەۋەر قوبۇل قىلىش ياكى مائاش، ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشلار چەكلىنىدۇ، ھارامدۇر.

( صحيح ) إنك إن اتبعت عورات الناس أفسدتهم أو كدت تفسدهم ( د ) عن معاوية

2295. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن سەن كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئىزدەپ ئەگەشسەڭ، يەنى ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، سىرلىرىنى ئىزدىسەڭ، شەك، گۇمان قىلساڭ، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىسەن ياكى پىتنە پاساتقا قويغىلى تاس قالىسەن، ئىشلار بۇزۇلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إنك تقدم على قوم أهل كتاب فليكن أول ما تدعوهم إليه عبادة الله فإذا عرفوا الله فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم خمس صلوات في يومهم و ليلتهم فإذا فعلوا فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم زكاة تؤخذ من أموالهم فترد على فقرائهم فإذا أطاعوا بها فخذ منهم و توق كرائم أموال الناس ( ق ) عن ابن عباس

2296. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن سەن ( يەنى مۇئاز)، ئەھلى كىتاب بولغان قەۋملەرگە بارىسەن، ئۇلارنى چاقىرىپ، دەۋەت قىلغان نەرسەڭنىڭ تۇنجىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولسۇن، ئىبادەتۇللاھ بولسۇن، ئۇلار ئاللاھنى تونىغاندا، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئۇلار ئۇنى قىلىپ بەش نامازنى ئوقۇسا، ھەققەتەن، ئاللاھتائالا ئۇلارغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئۇلار بويۇنسۇنسا ئىتائەت قىلسا، زاكات ماللىرىنى ئۇلاردىن سەن ئال، لېكىن، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى ، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىلغىن، قاتتىق ساقلان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنك دعوتنا خامس خمسة و هذا رجل قد تبعنا فإن شئت أذنت له و إن شئت رجع ( ق ) عن ابن مسعود

2297. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ساھابە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى زىياپەتكە چاقىرسا، بىر كىشى ئەگىشىۋالىدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا مۇنداق دەيدۇ، سەن بىزنى بەش كىشى كەلسۇن دەپ چاقىرغان، ماۋۇ كىشى بىزگە ئەگىشىۋالدى، ئەگەر خالىساڭ ئىزنى، رۇخسەت قىل، ئۇ كىرسۇن، ئەگەر خالىساڭ ئۇ كەتسۇن، قايتسۇن دېگەندە ، ئۆي ئىگىسى رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ كىشىمۇ كىرىدۇ، (ھەدىسنىڭ مەقسىتى، ئىزنى بىلەن كىرىش) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنك ستأتي قوما أهل كتاب فإذا جئتهم فادعهم إلى أن يشهدوا أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم خمس صلوات في كل يوم و ليلة فإن هم أطاعوا لك بذلك فأخبرهم أن الله قد فرض عليهم صدقة تؤخذ من أغنيائهم فترد على فقرائهم فإن هم أطاعوا لك بذلك فإياك و كرائم أموالهم و اتق دعوة المظلوم فإنه ليس بينها و بين الله حجاب ( حم ق 4 ) عن ابن عباس

2298. ئىبنى ئابباس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن سەن ئەھلى كىتابلار يەنى يەھۇدىي، ناسارالارغا بارىسەن، ئۇلارغا بارغاندا، ئۇلارنى ھەققەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ھەققەتەن ئاللاھنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىپ، نامازنى ئوقۇسا ئۇلارغا ھەققەتەن ئاللاھتائالانىڭ زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا شۇ ئىشلارغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ

ئېسىللىرىنى ، خىللىرىنى ئېلىۋېلىشىدىن ھەزەر قىلغىن، مەزلۇمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا ھىجاب، پەردە يوقتۇر، (يەنى تېز ئىجابەت بولۇپ، سەن ھالاك بولىسەن) ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

إنك كالذي قال الأول: اللهم أبغني حبيبا هو أحب إلي من نفسي ( م ) عن سلمة بن الأكوع

2299. سەلمەت ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جەڭ كىيىمىنى تاغىسىغا بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سەن تۇنجى قېتىمقى مۇنداق دۇئا قىلغان كىشىگە ئوخشايدىكەنسەن، ئى ئاللاھ، ماڭا ھەبىبىمنى بەرگىن، دوستۇمنى بەرگىن، ئۇ ماڭا جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، (يەنى سەن تاغاڭنى جېنىڭدىنمۇ ئېزىز بىلىدىكەنسەن) بۇ مۇسلىمنىڭ جىھاد كىتابىدىكى ناھايىتى ئۇزۇن ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدۇر، مۇسلىم 3372 ـ ھەدىس، بۇخارى 3887 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇتتىمۇ بار، سەھىھ.

إنك لن تخلف بعدي فتعمل عملا صالحا إلا ازددت به درجة و رفعة ثم لعلك أن تخلف حتى ينتفع بك أقوام و يضر بك آخرون اللهم أمض لأصحابي هجرتهم و لا تردهم على أعقابهم لكن البائس سعد بن خولة حم ق د ت)عن سعد

2300. سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يوقلاپ كەلسە، مېلىنى ۋەسىيەت قىلىش توغرىسىدا سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 1/3نى ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاندىن ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن ھەمراھلىرىمنىڭ ئارقىسىدا قالدىم، يەنى ئۇلار شېھىد بولۇپ كەتتى، ھەم ئۇلار ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە كەتتى، مەن مۇشۇ يەردە قالدىم دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى سەئىد سەن كېيىن قېلىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ياخشى ئەمەل قىلساڭ، شۇ سەۋەبلىك دەرىجە، ئۇستۈن ماقام، يۇقىرى ئۇنۋانىنى زىيادە قىلىسەن، دەرىجەڭ كۆتۈرۈلىدۇ، سەن يەنە ياشاپ كېيىن قالساڭ، سەن سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار پايدا ـ مەنپەئەت ئالىدۇ، باشقىلار يەنى دىنسىزلار زىيان تارتىپ زەرەرگە ئۇچرايدۇ، دەپ ئاندىن ئى ئاللاھ، ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى راۋان قىلىپ، يورۇتۇپ بەرگىن، ئۇلارنى ئارقىسىغا قايتۇرۇۋەتمىگىن، لېكىن، سەئىدى بىچارە يوقسىز، پېقىر كىشىدەك بولۇپ قالدى، « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەئىيد مەككىدە ۋاپات تاپقانلىقىغا مەرسىيە ئوقۇپ، قايغۇرۇپ، ئىچ ئاغرىتتى، لېكىن، بۇ ھەدىستە سەئىد ۋە باشقىلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئەمەلنى كۆپ قىلسا، دەرىجە زىيادە بولىدىكەن، مەردىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىراقنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، مۇسۇلمانلار پايدا ئالدى، دىنسىزلار زىيان تارتتى، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولدى، ھىجرەت توغرىلىق دۇئا قىلىشى، جىھاد مەقسەت ئىدى، قايتا يەنىلا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كۆچەتتى، قايتاتتى» ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ياكى جىھاددىكى ھىجرەتكە دۇئا قىلدى، سەئىدكە قايغۇردى، مۇسلىم ۋەسىيەتنىڭ كىتابىدا توپلىغان، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

إنكم تتمون سبعين أمة أنتم خيرها و أكرمها على الله ( حم ت ه ك ) عن معاوية بن حيدة

2301. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر 70 ئۇممەتنى تاماملاپ، تولۇقلايسىلەر، سىلەر ئۇ 70 ئۇممەتنىڭ ئەڭ ياخشىراقى، ئاللاھقا ھۆرمەتلىكرەكى ھېسابلىنىسىلەر، يەنى ئاخىرقى ياخشى ئۇممەت، ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان ، ھەسەن

إنكم تحشرون رجالا و ركبانا و تجرون على وجوهكم هاهنا وأومأ بيده نحو الشام حم ت ك)عن معاوية بن حيدة

2302. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر پىيادە ۋە ئاتلىق ھالدا توپلىنىسىلەر، سىلەر يۈزۈڭلارچە مۈشۈ تەرەپكە يەنى شام تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ شۇ تەرەپكە يۈزۈڭلارچە سۆرىلىسىلەر دېدى، (يەنى بۇ ئىشلار قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدۇ، مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنى قىيامەتنىڭ سۈپىتىدە يازدى، تىرمىزى 3068 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19189 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنكم تنتظرون صلاة ما ينتظرها أهل دين غيركم و لولا أن يثقل على أمتي لصليت بهم هذه الساعة ( ن ) عن ابن عمر .

2303. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر بۇ خۇپتەن نامىزىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاۋاتىسىلەر، ھازىر بۇ نامازنى سىلەردىن باشقا دىن ئەھلىدىن ھېچكىشى ساقلاپ تۇرۇغلۇق ئەمەس، ئۈممىتىمگە ئېغىر كېلىپ، مۇشەققەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا بۇ نامازنى مۇشۇ سائەتتە ئوقۇپ بېرەتتىم يەنى بەك كېچە، يېرىم كېچىدە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنكم ستحرصون على الإمارة و إنها ستكون ندامة و حسرة يوم القيامة فنعم المرضعة و بئست الفاطمة ( خ ن ) عن أبي هريرة .

2304. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر پات يېقىندا ئەمىرلىككە، خەلىپىلىككە، باشلىقلىققا ھېرىسمەن بولىسىلەر، ھەقىقەتەن ئۇ باش بولۇش، بۇندىن كېيىن قىيامەت كۈنى ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ، بالىنى ئېمىتكۈچى نېمىدېگەن ياخشى، بالىسنى ئايرىۋەتكۈچى نېمىدېگەن يامان (يەنى بۇ كىنايە سۆز بولۇپ، ماقال تەمسىلدۇر، مەنىسى ئۇنىڭغا بۇ دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى، ئاخىرەت نېمىدېگەن يامان دېگەن بولىدۇ، چۈنكى، باشلىق بولسا، بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابرۇي، سۆزى ئۆتكۈرلۈك، ماددىي، مەنىۋى لەززەت بار، راھەت ـ پاراغەت بار، ئۆلگەن ھامان ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، دەھشەتلىك كۈنلەرگە قالىدۇ) بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنكم سترون بعدي أثرة و أمورا تنكروها أدوا إليهم حقهم و سلوا الله حقكم ( خ ت ) عن ابن مسعود .

2305. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن سىلەر يېقىندا قاتتىق شەخسىيەتچىلىكنى كۆرىسىلەر ، ھەممىسى مەن، مەنلا دەيدۇ، سىلەر ئىنكار قىلىدىغان نۇرغۇن مۇنكەر ئىشلارنى كۆرىسىلەر ، شۇ كۈنلەردە ئۇلارغا يەنى سىلەرگە باشلىق، خەلىپە بولغانلارغا ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلارنى بولسا، ئاللاھتىنلا سوراڭلار، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إنكم سترون ربكم كما ترون هذا القمر لا تضامون في رؤيته فإن استطعتم أن لا تغلبوا على صلاة قبل طلوع الشمس و صلاة قبل غروبها فافعلوا ( حم ق 4 ) عن جرير

2306. ھەقىقەتەن سىلەر يېقىندا،يەنى قىيامەت كۈنى رەببىڭلارنى كۆرۈسلەر .خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرۈشتە ،قىستى قىستاڭ، دە ـ تالاش قىلماي قىنىپ كۆرگەندەك، ئاللاھنى قىنىپ كۆرۈسلەر .ئەگەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى بامدات نامزى بىلەن كۈن كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەسىر نامىزىدىن مەغلۇپ بولماسلىققا قادىر بولساڭلار،شۇنداق قىلىڭلار.(يەنى بۇ ئىككى نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار،بۇ ئاللاھنى كۆرۈشكە پايدىلىق.) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھنى ئايغا ئوخشاتمىغان، بەلكى ئاي چەكلىك، كىچىك مەخلۇق تۇرۇپ، ھەممىسى ئۇنى قىنىپ كۆرگەن، ئۆزنى ئاي بىلەن بىللە بولغاندەك ھېس قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كاتتا، ئۇلۇغدۇر، ئوخششى يوقتۇر، ھەممىسى ئۆزنى ئاللاھ بىلەن بىللە ھېس قىلىدۇ، ئاللاھمۇ بىللە بولىدۇ، ھەممىسى قىنىپ كۆرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بامدات نامىزىغا، ئەسىر نامىزىغا، ھەممە نامازغا چىڭ تۇرۇش لازىم، خىتاب ، ساھابىلارغا بولغان ئىكەن، ساھابىلەردەك بولۇش لازىم، ئاللاھنىڭ ئوخششى يوقتۇر.قىيامەت كۈنى ئاللاھنى

مۆئمىنلەرنىڭ كۆرۈشى توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر، ئەڭ ئىشەنچلىك، قەتئىي ئىلىمنى پايدا بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەتتىمۇ دەلىل باردۇر، ئايەتتىكى زىيادە دېگەننى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئاللاھنىڭ جامالى دېگەن ،ئۇلار رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ دېگەن بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلىگە خالىغانلىرى بار دېگەن ئايەتمۇ بار، دەلىل كۆپتۇر.

إنكم ستفتحون مصر و هي أرض يسمى فيها القيراط فإذا فتحتموها فاستوصوا بأهلها خيرا فإن لهم ذمة و رحما فإذا رأيت رجلين يختصمان في موضع لبنة فاخرج منها ( حم م ) عن أبي ذر

2307. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر پات يېقىندا بىر شەھەرنى ئىشغال قىلىسىلەر، ئۇ جايدا قىيرات دەپ ئاتىلىدىغان بىر زېمىن باردۇر، سىلەر ئۇ شەھەرنى ئىشغال قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەھلىگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇچۇن ئەھدە، زىممە، كېپىللىك بار، ئەھدىسىدە تۇرۇش، رەھىم قىلىپ، كۆيۈنۈش بار. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ زەرگە سەن بىر تال قىشنىڭ ئورنىچىلىك ئورۇن توغرىسىدا داۋالاشقان ئىككى كىشىنى كۆرسەڭ، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپ قويماي، بۇ داۋادىن يېنىپ چىققىن دېدى، (يەنى قىيامەت يېقىنلاشقاندا، ھاكىم بولما دېدى) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنكم ستلقون العدو غدا فليكن شعاركم ( حم لا ينصرون ) . ( حم ن ك ) عن البراء

2308. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىسىلەر، شۇ چاغدا شوئارىڭلار ھا مىم لايونسەرۇن دېگەن ئايەت بولسۇن، (يەنى ھام، مىم، ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ) دېگەننى كۆپ دەڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إنكم ستلقون بعدي أثرة فاصبروا حتى تلقوني غدا علي الحوض( حم ق ت ن)عن أسيد بن حضير(حم ق)عن أنس

2309. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن باشلىقلارنىڭ قاتتىق شەخسىيەتچىلىك قىلىشىغا ئۇچرايسىلەر، سىلەر شۇ چاغدا ئەتە يەنى قىيامەت كۈنى ھەۋزى كەۋسەر يېنىدا مەن بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر چىداپ سەۋرى قىلىڭلار، (يوقىرىقى ھەدىستە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىپ، ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار دېگەن ) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنكم شكوتم جدب دياركم و استئخار المطر عن إبان زمانه عنكم و قد أمركم الله عز و جل و وعدكم أن يستجيب لكم ( الحمد لله رب العالمين الرحمن الرحيم مالك يوم الدين لا إله إلا الله يفعل ما يريد اللهم أنت الله لا إله إلا أنت الغني و نحن الفقراء أنزل علينا الغيث و اجعل ما أنزلت لنا قوة و بلاغا إلى حين ) . ( د ك ) عن عائشة

2310. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر يۇرت، دىيارىڭلارنىڭ قۇرغاق بولۇپ، قەھەتچىلىك يۈز بەرگىنىدىن يامغۇرنىڭ سىلەردىن يېغىش ۋاقتىدىن بەكلا كېچىكىپ كەتكىنىدىن، شىكايەت قىلدىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە سىلەرنى دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى، سىلەر ئۇچۇن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى، ئۇنداقتا دۇئا قىلايلى، «بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئۆزى خالاپ ئىرادە قىلغىنىنى قىلىدۇ، ئى ئاللاھ، سىلى ھەقىقى ھەق مەئبۇد ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سىلى غەنىي ھەممىدىن بىھاجەت بىز بولساق، پېقىر، سىلىگە موھتاج ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسىلە، بىزگە ياغدۇرۇپ بەرگەن، يامغۇرنى چۈشۈرۈپ بەرگەن بارلىق رىزىقلارنى قۇۋۋەت ۋە مەلۇم ۋاقىتقىچە يېتەرلىك قىلىپ بەرسىلە، ئامىن، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنكم لن تدركوا هذا الأمر بالمغالبة ( ابن سعد حم هب ) عن ابن الأدرع

2311. ئىبنى ئەررەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە قۇرئاننى جەھرى قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر بۇ ئىشقا يەنى جەننەتكە غەلىبىگە يۇقىرى دەرىجىگە، غەلىبە قىلىشىش بىلەن مۇسابىقىلىشىش بىلەن، چېلىشىش بىلەن ھەرگىز ئېرىشەلمەيسىلەر، (پەقەت، ئالالھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن ئېرىشەلەيسىلەر) ئەھمەد 18203 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنكم لن تروا ربكم عز و جل حتى تموتوا ( طب في السنة ) عن أبي أمامة .

2312. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر ئۆلمىگۈچە ئۆلۈپ، ئاخىرەتكە بارمىغىچە رەببىڭلار،ئالالھ ئەززە ۋەجەللىنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنكم لن تزالوا في صلاة ما انتظرتم الصلاة ( ن ) عن أنس

2313. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ، نامازنى ساقلاپ تۇرساڭلارلا، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنكم مصبحوا عدوكم و الفطر أقوى لكم فأفطروا ( حم م ) عن أبي سعيد

2314. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەر ئەتە سەھەردە ئەتىگەندە، دۈشمەنگە ئۇچرىشىسىلەر، تائام يېيىش سىلەر ئۈچۈن قۇۋۋەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتماي، تائام يەڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇقنى ئوبدان ئېلىپ، ئوبدان ئىستېمال قىلىپ، كۈچ توپلاپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش، جىداپ سەۋرى قىلىشلار چىقىدۇ.

## << إنما >> بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

مەنىسى: پەقەت، ھەقىقەتەن، جەزمەن دېگەن بولىدۇ.

إنما أجلكم فيما خلا من الأمم كما بين صلاة العصر إلى مغارب الشمس و إنما مثلكم و مثل اليهود و النصارى كمثل رجل استأجر أجراء فقال: من يعمل من غدوة إلى نصف النهار على قيراط قيراط ؟ فعملت اليهود ثم قال: من يعمل من نصف النهار إلى صلاة العصر على قيراط قيراط ؟ فعملت النصارى ثم قال: من يعمل من العصر إلى أن تغيب الشمس على قيراطين قيراطين ؟ فأنتم هم فغضبت اليهود و النصارى و قالوا: ما لنا أكثر عملا و أقل عطاء؟قال: هل ظلمتكم من حقكم شيئا ؟ قالوا:لا قال:فذلك فضلي أوتيه من أشاء(مالك حم خ ت)عن ابن عمر .

2315. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ مۇددىتىڭلار بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن ئەسىر نامىزىدىن كۈن كىرگىچە بولىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ، يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ مىسالى؛ نۇرغۇن مەدىكار، ئىشچىلارنى ئىجارە ئېلىپ ئىشلەتكەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشى كىم ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىر قىيرات ـ بىر قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، ئاندىن بۇ بىر قىيراتقا يەھۇدىيلار ئىشلىدى، ئاندىن ئۇ كىشى، كىم چۈشتىن ئەسىرگىچە بىر قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، بۇنىڭغا ناسارالار ئىشلىدى، ئاندىن، ئۇ كىم ئەسىردىن باشلاپ، كۈن كىرگىچە ئىككى ئىككى قىيرات، ئىككى قىيراتقا ئىشلەيدۇ؟ دېدى، ئاشۇ ئىككى قىيراتقا ئىشلىگەنلەر سىلەر بولىسىلەر، يەھۇدىي، ناسارالار غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقى كېلىپ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئەمىلىمىز، جاپا، مۇشەققەتلىرىمىز كۆپ، ئەجىر مۇكاپاتىمىز ئاز بولىدۇ؟ دېيىشتى، ئالالھ ئۇلارغا مەن سىلەرگە ھەققىڭلاردىن

بىرەر نەرسىگە زۇلۇم قىلدىمۇ؟ ھەققىڭلاردىن ئاز بەردىمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار، ياق ھەرگىز زۇلۇم قىلمىدىلا دەيدۇ، ئاللاھ، ئۇلارغا بەرگىنىم بولسا، مېنىڭ رەھمەت پەزلىم، مەن ئۇنى ئۆزۈم خالىغان كىشىگە بېرىمەن دەيدۇ، مالىك، ئەھمەد ، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بىزنىڭ مۇددىتىمىز بەكلا قىسقا، يەنى ياشاش مۇددىتىمىز، ئۆمرىمىز قىسقا، ئەمەل، ئىبادەت قىلىش ۋاقتىمىز قىسقا، قەبرىدە تۇرۇش ۋاقتىمىز، ئەمەللىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئازدۇر.

2. لېكىن، ئەجىر، مۇكاپاتىمىز كۆپ، كاتتا بولىدۇ.

3. بۇ، ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بولۇپ، خالىغانغا بېرىدۇ.

4. مىسال، تەمسىل قىلىپ سۆزلەش دۇرۇس.

5. ئىشچى ئىجارە ئېلىش دۇرۇس. ئالىملار بۇ ھەدىسدىن مۇنداق ھۆكۈم ئالغان.

6. ئەسىرنىڭ ۋاقتى كېيىنرەك ئوقۇلىدۇ، چۈنكى، پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتىن ئەسىر بىلەن كۈن كىرگىچە بولغان ۋاقىت قىسقىراقتۇر دېگەن ، ئۇسەيمىن بۇ دېگەن مىسال كەلتۈرۈش، يەنىلا نامازنىڭ ۋاقتى ، ۋاقتىنى سۆزلىگەن ھەدىسلەردىن ئېلىنىدۇ دېگەن ، بۇ سەھىھ.

( صحيح ) إنما أخاف على أمتي الأئمة المضلين ( ت ) عن ثوبان

2316. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن ئۈممىتىمگە ئازدۇرغۇچى، زالالەتچى ئىماملاردىن قورقىمەن، ئەنسىرەيمەن، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إنما أخاف عليكم من بعدي ما يفتح عليكم من زهرة الدنيا و زينتها إنه لا يأتي الخير بالشر أن مما ينبت الربيع يقتل حبطا أو يلم إلا آكلة الخضر فإنها أكلت حتى إذا امتلأت خاصرتاها استقبلت الشمس فثلطت و بالت ثم رتعت و إن هذا المال خضرة حلوة و نعم صاحب المسلم هو لمن أعطاه المسكين و اليتيم و ابن السبيل فمن أخذه بحقه و وضعه في حقه فنعم المعونة هو و من أخذه بغير حقه كان كالذي يأكل و لا يشبع و يكون عليه شهيدا يوم القيامة ( حم ق ن ه ) عن أبي سعيد .

2317. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى، گۈزەللىك، مال ـ دۇنيالىرى كەڭ ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ھەققەتەن ياخشىلىق، يامانلىق بىلەن كەلمەيدۇ، ياخشىلىق، ياخشىلىق بىلەن كېلىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى ئېلىپ كەلمەيدۇ، (لېكىن، بۇ مىسالغا قۇلاق سېلىڭلار) ھەققەتەن باھار ئۈندۈرگەن ئوت ـ چۆپلەردىن ماللارنىڭ قورسىقىنى ئىششىپ، قورسىقىنى ئېتىۋېتىپ ئۆلتۈرىدىغان ياكى ھالاكەتكە، ئۆلۈمگە يېقىن ئاپىرىپ قويىدىغان نەرسىلەر بار، (بۇ مال ـ دۇنيانى ھەقسىز ئېلىۋېلىپ، ئورۇنسىز تەسەررۇپ قىلغان كىشىنىڭ ھالاك بولىشىدۇر) لېكىن، يېشىل ئوت ـ چۆپنى لايىقىدا يەپ، قورسىقى تويۇپ، قورسىقى چىقىپ، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ، تېزەكلەپ، ماياقلاپ، سىيىپ، ئىچىنى بوشىتىپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئوتلىغان ئۇلاغ، ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. ھەققەتەن بۇ مال؛ ـ دۇنيا دېگەن ، يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، «بۇ مال ـ دۇنيانى لايىقىدا ھەققى بىلەن ئېلىپ، ھەققىنى ئادا قىلىپ، جايىغا سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىدۇر» . مۇسۇلمانغا ھەمراھ بولغان مال ـ دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى، ئۇ مال ـ دۇنيا دېگەن ؛ مۇنداق مۇسۇلمان كىشىگە خاستۇر، مۇسۇلمان كىشى ئۇ ماللارنى مىسكىن، يېتىم، مۇساپىرلارغا، غېرىبلارغا بېرىدۇ، كىم ئۇ مال ـ دۇنيانى ھەققى بىلەن ئېلىپ، شۇ ماللارنىڭ ھەققى بار جايلارغا قويالىسا، جايىدا تەسەررۇپ قىلسا، مال ـ دۇنيا دېگەن ئۇ كىشىگە نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى ھە! (بۇنداق كىشىگە بەرىكەت بېرىلىدۇ) كىم مال ـ دۇنيانى ھەققىسىز ئېلىپ، ھارامدىن ئېلىپ، تەسەررۇپ قىلسا، ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ مال ـ دۇنيا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قارشىسىغا، زىيىنىغا گۇۋاھچى بولىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە

توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس مۇسۇلمانلارغا مال ـ دۇنياغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشنى ئۆگەتتى

إنما أرى بني هاشم و بني المطلب شيئا واحدا إنهم لم يفارقونا في جاهلية ولا إسلام (حم خ د ن ه) جبير بن مطعم

2318. جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەن ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىپ جەمەتىنى بىر نەرسە دەپ قارايمەن، (ھەقىقەتەن ئۇلار بىرلا نەرسىدەكتۇر) ھەقىقەتەن ئۇلار بىزدىن جاھالىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ ئايرىلىپ كەتمىدى، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما استراح من غفر له ( حل ) عن عائشة ( ابن عساكر ) عن بلال

2319. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلىنغان كىشى، گۇناھلىرى كەچۈرۈلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ دۇنيادىن جاپا ـ مۇشەققەتتىن راھەتكە چىقىدۇ، ئارام تاپىدۇ، ئەبۇ نۇئەيم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

إنما الأعمال كالوعاء إذا طاب أسفله طاب أعلاه و إذا فسد أسفله فسد أعلاه ( ه ) عن معاوية .

2320. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئەمەللەر تولۇندىكى نەرسىگە ئوخشايدۇ، تولۇننىڭ ئاستى پاكىز، پاك بولسا، ئۈستىمۇ پاك، پاكىز تۇرىدۇ، تولۇننىڭ ئاستى پاسات بولۇپ بۇزۇلسا، ئۈستىمۇ بۇزۇلىدۇ، پاسات بولىدۇ، «ئەمەللىرىڭىزمۇ ئەسلى يەنى ئەقىدە، كۆڭۈلدىكى ئىمان ياخشى بولسا، مۇقىم تۇرىدۇ، ئەقىدە، ئىمان باتىل بولسا، ئەمەللەر پاسات بولۇپ، يوقايدۇ، ئەمەللەر نىيەتكە، ئىخلاسقا باغلىقتۇر» ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الإمام جنة يقاتل به ( د ) عن أبي هريرة

2321. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام دېگەن قالقانغا ئوخشايدۇ، قالقان بىلەن ساقلىنىپ تۇرۇپ جەڭ قىلىنىدۇ، (يەنى ئىمام، قوماندان بولغان كىشى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىنىپ، ساقلىنىپ جەڭ قىلىنىدىغان قالقانغا ئوخشاش، دۈشمەنگە ئۇزى ئالدىدا تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشى لازىم) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الإمام جنة يقاتل من ورائه و يتقى به فإن أمر بتقوى الله و عدل فإن له بذلك أجرا و إن أمر بغيره فإن عليه وزرا ( ق ن ) عن أبي هريرة .

2322. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام قالقاندۇر، قوماندان بولغان، ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ تۇرۇپ جەڭ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىمام، ئاللاھدىن قورقۇشقا، تەقۋالىققا بۇيرۇسا، ئادىل بولسا، جەزمەن ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئىشلاردا ئەجىر، مۇكاپات بولىدۇ، ئەگەر ئۇ يۇقىرىدىن باشقا ئىشلارغا بۇيرۇسا، ئادىل بولمىسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ، جىنايەت ئارتىلىدۇ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ بىزلەرنى تەقۋادار، باتۇر، ئادىل، ئەمەل قىلىدىغان ئالىم ئىمام قىلسۇن، ئامىن!

( صحيح ) إنما البيع عن تراض ( ه ) عن أبي سعيد

2323. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئېلىم ـ سېتىم، بەيئى سودا دېگەن ئۆزئارا رازى بولۇش بىلەن بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الدين النصح ( أبو الشيخ في التوبيخ ) عن ابن عمر

2324. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دىن دېگەن نەسىھەت قىلىشتۇر، ئەبۇششەيخ توپلىغان، سەھىھ، بىز يۇقىرىدا نەسىھەتنى كەم ئۈچۈن قىلىشنى ۋە نەسىھەت توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدۇق.

( صحيح ) إنما الربا في النسيئة ( حم م ن ه ) عن أسامة بن زيد

2325. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن جازانە، ئۆسۈم دېگەن ، نېسى ئېلىشىدا، نېسى سېتىشتا بولىدۇ. «يەنى نېسى سېتىپ، قىممەت سېتىپ ساتقان پۇلنىڭ ئۈستىگە زىيادە ئېلىشىدا بولىدۇ، جازانە، ئۆسۈم توغرىسىدا ئەڭ ئۈچۈق، ئەڭ روشەن توغرا، ئادىل مىزان، سەھىھ مۇسلىمدىكى مۇنۇ ھەدىستۇر. «كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ» بۇ ھەدىس مۇتلەق، نەخ، نېسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الشؤم في ثلاثة: في الفرس و المرأة و الدار ( خ د ه ) عن ابن عمر

2326. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، پەخىرگە بېقىلغان ئاتتا، ئەخلاقى يامان، تۇغماس ئايالدا، تار، ھەم قوشنىسى يامان ئۆيدە، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الطاعة في المعروف ( حم ق ) عن علي .

2327. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلىش دېگەن ياخشىلىقتا ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ، (يامانلىقتا گۇناھ ـ مەئسىيەتتە بولمايدۇ، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنما العلم بالتعلم و إنما الحلم بالتحلم و من يتحر الخير يعطه و من يتق الشر يوقه ( الدارقطني في الأفراد خط ) عن أبي هريرة ( خط ) عن أبي الدرداء

2328. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىلىم دېگەن ئىلىم ئېلىپ ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئەقىللىق بولۇش، مېھرىبان بولۇشمۇ ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ، كىم ياخشىلىقنى ئىزدىسە، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق بېرىلىدۇ، كىم يامانلىقدىن ساقلانسا، ئۇ كىشى يامانلىقدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، دارىقۇتنى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الماء من الماء ( م د ) عن أبي سعيد ( حم ن ه ) عن أبي أيوب

2329. ئەبۇ سەئىيد، ئەبۇ ئەبۇييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سۇنى ئىستىمال قىلىپ، يۇيۇنۇش، سۇ يەنى مەنىي چىققاندا بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس مەنسۇخ يەنى ئەمەلدىن قالغان كۆچكە ئىگە ئەمەس، كۆچكە ئىگە ھەدىس بولسا، خەتنە قىلىنىدىغان جاي خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىلەن ئۇچراشسا، يەنى ئىككى ئەۋرەت ئۇچراشقان ھامان غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ، كىشى ئايالىنىڭ چاترىقىدا ئولتۇرۇپ، تىرىشچانلىق قىلغان ھامان غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىسلەردۇر.

( حسن ) إنما المجالس بالأمانة ( أبو الشيخ في التوبيخ ) عن عثمان وابن عباس

2330. ئوسمان ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەجلىس، يىغىندا دېيىلگەن سۆزلەر ياكى ئادەتتە ئولتۇرۇپ دېيىشكەن سۆزلەر ئامانەتتۇر، (ئۇنى مەخپىي ساقلاش لازىم، سىر ساقلاش لازىم، كۆرگەنلا كىشىگە دېيىشكە بولمايدۇ)

ئەبۇششەيخ توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنما المدينة كالكير تنفي خبثها و تنصع طيبها ( حم ق ت ن ) عن جابر

2331. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەدىنە كۆرەككە ئوخشاش ئۆزىدىن پاسىقلىق، مەئسىيەت مۇناپىقلىقنى تازىلاپ يوقىتىدۇ، نىجىسلىرى يوقۇلۇپ، پاك ـ پاكىز ياخشىلىرى ئايرىلىپ چىقىدۇ، قىلىپ قالىدۇ، مۇسلىم 2453 ـ ھەدىس، بۇخارى 6777 ـ ھەدىس، 6676 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3855 ـ ھەدىس، مالىك 1377 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما الناس كإبل مائة لا تكاد تجد فيها راحلة ( حم ق ت ه ) عن ابن عمر

2332. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كىشىلەر يۈزلەرچە تۆگىگە ئوخشايدۇ، سەن شۇنچە كۆپ تۆگىلەر ئارىسىدىن سەپەرگە يارامىلىق ياخشى بىر تۆگىنىمۇ تاپالمىغىلى تاس ـ تاس قالىسەن.(يەنى بىرەرسىنى ئاران تەستە تاپالايسەن.ھازىرقى كىشىلەردىن،ياخشى،يارامىلىقى 1000دىن بىرسى باردۇر.) ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما النساء شقائق الرجال ( حم د ت ) عن عائشة ( البزار ) عن أنس

2333. ئائىشە ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشتۇر، يەنى چۈشىدە ئېھتىلام بولسا ، غۇسلى قىلىدۇ، يۇيۇنىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما النفقة و السكنى للمرأة إذا كان لزوجها عليها الرجعة ( ن ) عن فاطمة بنت قيس

2334. پاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئايال كىشىگە نەپىقە بېرىش، ئۆي، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قىلىپ بېرىش دېگەن ئايالنى بىرلا تالاق قىلغان، قايتۇۋېلىش ھوقۇقى بار كىشىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، (يەنى ئېرى رەجئى تالاق قىلسا، قايتۇۋالسا، شۇ ئايالغا نەپىقە ئۆي بېرىدۇ، ئۈچ تالاق قىلغان بولسا، بۇلارنى بەرمەيدۇ) (ئەگەر ئېرى ئۆلسە، مىراس بىلەن ئالىدۇ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنما الوتر بالليل ( طب ) عن الأغر بن يسار

2335. ئەغەر ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ۋىتىر نامىزى دېگەن كېچىدە ئوقۇلىدۇ، (يەنى خۇپتەندىن كېيىن، بامداتتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنما الولاء لمن أعتق ( خ ) عن ابن عمر

2336. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ۋەلىيلىك قۇلغا ئىگە بولۇش دېگەن ، قۇلنى ئازاد قىلغان كىشىگە خاستۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما أمرت بالوضوء إذا قمت إلى الصلاة ( 3 ) عن ابن عباس

2337. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەرەت قىلغاندا، تاھارەت ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سۇ بېرىلگەندە مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مەن نامازغا تۇرسام، تاھارىتىم بولمىسا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم، (ھەر قېتىم ھاجەتخانىدىن چىقىپلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلمىدىم) نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إنما أنا بشرإذا أمرتكم بشيء من دينكم فخذوا به وإذا أمرتكم بشيء من رأيي فإنما أنا بشر(م ن عن رافع بن خديج

2338. راپىئ ئىبنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن دېگەن بىر ئىنسان، مەن سىلەرنى دىن ئىشلاردىن بىرەر نەرسىگە بۇيرۇسام، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار، مەن سىلەرنى دۇنيا ئىشلاردىن بىرەر نەرسىگە ئۆز كۆز قارىشىم بىلەن بۇيرۇغان بولسام، ھەققەتەن مەن دېگەن بىر ئىنسان، (دۇنيا ئىشلارغا ئۆزۈڭلار ئالىم، بۇ ھەدىسنى خورما ئۇلاش، چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە دېگەن ) مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنما أنا بشر أنسى كما تنسون فإذا نسي أحدكم فليسجد سجدتين و هو جالس ( حم ه ) عن ابن مسعود

2339. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم نامازدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، بىرىڭلار نامازدا ئۇنتۇپ قېلىپ، سەۋەنلىك قىلىپ سالسا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان ھالدا، ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إنما أنا بشر تدمع العين و يخشع القلب و لا نقول ما يسخط الرب و الله يا إبراهيم إنا بك لمحزونون ( ابن سعد) عن محمود بن لبيد .

2340. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، مەنمۇ يىغلايمەن، كۆز ـ ياش تۆكىدۇ، قەلب ، دىل غەم قىلىدۇ، دەرد تارتىدۇ، بىز ھەرگىز رەببىتائالا كايىيدىغان، غەزەپ قىلىدىغان سۆزلەرنى دېمەيمىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبراھىم، ھەققەتەن بىز ساڭا ئەلۋەتتە غەم قىلىپ قايغۇردۇق، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ

إنما أنا بشر مثلكم و إن الظن يخطئ و يصيب و لكن ما قلت لكم: قال الله فلن أكذب على الله ( حم ه ) عن طلحة

2341. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، شەك ـ شۈبھىسىز گۇمان دېگەن بەزىدە خاتا، بەزىدە توغرا بولىدۇ. لېكىن، مەن سىلەرگە دىن ئىشلىرىدا ئاللاھ دېگەننى دېسەم، مەن ھەرگىز ئاللاھقا يالغان سۆزلىمەيمەن، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، سۈرە نەجمىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن سۆزلىمەيدۇ دېگەن بار، ھەربىر سۆزى دىن ئىشىدا، ۋەھيى بىلەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ ھەدىس ھۆججەت قىلىنىدۇ، شەرىئەتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ، قۇرئاننىڭ تەپسىرى، ئىزاھاتى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن)

إنما أنا بشر و إنكم تختصمون إلي فلعل بعضكم أن يكون ألحن بحجته من بعض فأقضي له على نحو ما أسمع فمن قضيت له بحق مسلم فإنما هي قطعة من النار فليأخذها أو ليتركها ( مالك حم ق 4 ) عن أم سلمة

2342. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، سىلەر ماڭا داۋالىشىپ كېلىسىلەر، بەزىڭلار ـ بەزىڭلاردىن ھۆججەت كەلتۈرۈشتە گەپدان، سۆزگە ئۇستا بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن مەن ئاڭلىغىنىم بويىچە بۇ سۆزگە ئۇستا كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن كىمگە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ سالسام، ھەققەتەن ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر پارچىدۇر، ئۇنى ئالسۇن، خالىسا، خالىسا تەرك ئېتىپ قويۇپ قويسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر دىن ئىبارەت تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إنما أنا بشر و إني اشترطت على ربي عز و جل: أي عبد من المسلمين شتمته أو سببته أن يكون ذلك له زكاة و أجرا (حم م) عن جابر

2343. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەن بىر ئىنسان، شەك ـ شۈبھىسىز مەن رەببىم ئەززە ۋە جەللىگە مۇنداق شەرت قويۇپ دۇئا قىلدىم، مۇسۇلمانلاردىن قانداق بىر بەندىنى تىللاپ سالغان ياكى ئەيىبلەپ سالغان بولسام، شۇ

ئىشىم ئۇ بەندە ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش ۋە ئەجىر، مۇكاپات بولسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنما أنا خازن و إنما يعطي الله فمن أعطيته عطاء عن طيب نفس مني فيبارك له فيه و من أعطيته عطاء عن شره نفس و شدة مسألة فهو كالآكل يأكل و لا يشبع ( حم م ) عن معاوية

2344. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن خەزىنىچى بولىمەن، ھەقىقەتەن بېرىدىغىنى بىر ئاللاھدۇر، مەن بىرەر كىشىگە چىن قەلبىمدىن رازى بولۇپ، ئۆزۈم خالاپ بىرەر نەرسە بەرسەم، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ مالدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، مەن بىرەر كىشىگە ئۇ كىشىنىڭ ئاچ كۆزلىكىدىن نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن قاتتىق چىڭ تۇرۇپ سورىغانلىقىدىن بىرەر نەرسە بەرسەم، قەتئىي بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، ئۇ كىشى يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنما أنا رحمة مهداة ( ابن سعد الحكيم ) عن أبي صالح مرسلا ( ك ) عنه عن أبي هريرة

2345. ئەبۇ سالىھ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ھىدايەت يەتكۈچىدۇرمەن، ئىبنى سەئىد، ھەكىيم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنما أنا لكم بمنزلة الوالد أعلمكم فإذا أتى أحدكم الغائط فلا يستقبل القبلة و لا يستدبرها و لا يستطب بيمينه ( حم د ن ه حب ) عن أبي هريرة

2346. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە نىسبەتەن دادىنىڭ ئورنىدا تۇرىمەن، مەن سىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىمەن، بىرىڭلار ھاجەتخانىغا بارسا، قىبلىگە ئالدىنى ھەم ئارقىسىنىمۇ قىلمىسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلمىسۇن، ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تازىلىمىسۇن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما أنا مبلغ و الله يهدي و إنما أنا قاسم و الله يعطي ( طب ) عن معاوية

2347. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن يەتكۈزگۈچى، ئاللاھ ئۆزى ھىدايەت قىلىدۇ، ھەقىقەتەن مەن قاسىم، تەقسىم قىلغۇچى، ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتنى، ئىسلام دىنىنى، قۇرئاننى يەتكۈزدى، ئىلمىنى، ئەھكامنى، مىيراس مېلىنى ئەسكەرلەرگە غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلدى.)

(صحيح) إنما أهلك الذين من قبلكم أنهم كانوا إذا سرق فيهم الشريف تركوه و إذا سرق فيهم الضعيف أقاموا عليه الحد (حم ق 4) عن عائشة .

2348. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلمىشلىرى ھالاك قىلغۇەتتى، جەزمەن ئۇلار ئۆز ئىچىدىن يۇز ئابرۇيلۇق، ئۇلۇغراق كىشى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنى قويۇپ بېرىپ، جازالىمايتتى، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەد، جازانى تۇرغۇزاتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھالاك بولدى، (ئەلۋەتتە، مەن قىزىم پاتىمە ئوغرىلۇق قىلغان بولسىمۇ قولىنى كېسەتتىم دېگەن بار) ئەھمەد، بەيھەقى، سەھىھ تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما بعثت لأتمم صالح الأخلاق ( ابن سعد خد ك هب ) عن أبي هريرة

2349. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى، ئېسىل ئەخلاقنى، مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، ئىبنى سەئىد، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما بعثتم ميسرين و لم تبعثوا معسرين ( ت ) عن أبي هريرة .

2350. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەر ئاسان قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلدىڭلار، تەس، قىيىن قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىڭلار، ئاسان قىلىڭلار، تەس قىلماڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنما بعثني الله مبلغا و لم يبعثني متعنتا ( ت ) عن عائشة .

2351. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، مېنى ئىسلام دىنىنى، ھەقىقەتنى، قۇرئاننى يەتكۈزگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۈممىتىمگە تەسلىكنى، قىيىنچىلىقنى، جاپا ـ مۇشەققەتنى قىلىپ قويغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدى، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ئىككى ھەدىسىدىن، ئىشلارنى، دەۋەتنى نورمال ئېلىپ بېرىش، قىيىن تەس قىلىپ كىشىلەرنى نەپرەتلەندۇرۇپ، قاچۇرماسلىق، قاتتىق قول بولماي، سەل قارىماي، مۆتىدىل، ئوتتۇرھال، نورمال بولۇش لازىم

( صحيح ) إنما تفرقكم في الشعاب و الأودية من الشيطان ( حم د ك ) عن أبي ثعلبة الخشني .

2352. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر بىرەر جايغا چۈشسە، يوللارغا، ئازگال جايلارغا، مۇتەپەررىق بولۇپ، تارقاپ كېتەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ يوللارغا ئازگال جايلارغا تارقاپ، مۇتەپەررىق بولۇشۇڭلار شەيتاندىندۇر، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدۇر، ئەھمەد 17070 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2259 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما جزاء السلف الحمد و الوفاء ( حم ن ه ) عن عبدالله بن أبي ربيعة

2353. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھۈنەين ئۇرۇشىدا 30000نى قەرز ئېلىپ، ھۈنەين ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپ، قەرزنى ئادا قىلىپ، ئاللاھ ساڭا، ئەھلىڭگە، ماللىرىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، ھەقىقەتەن قەرز ئېلىشنىڭ جازاسى، ۋاپا قىلىپ، ئۇنى قايتۇرۇش ۋە ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش، مال ئىگىسىنى ماختاپ، تەشەككۇر ئېيتىپ، بەرىكەت تىلەشتۇر دېدى، ئەھمەد 15814 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2415 ـ0 ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما جعل الاستئذان من أجل البصر ( حم ق ت ) عن سهل بن سعد

2354. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ پەردىسىدىن مارىلاپ قارىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كايىپ، ئاچچىقلاپ، ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا قارىشىنى بىلگەن بولسام، مۇشۇ تارغاقنى كۆزىگە سانجىۋېتەتتىم دەپ، ئاندىن ھەقىقەتەن ئىزنى، رۇخسەت سوراش دېگەن ، كۆزنىڭ جەھەتىدىن قىلىنغان دېدى. (ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن كۆزى كىرىپ بولسا، ئىزنى، رۇخسەت سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟) ئەھمەد 21737 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2633 ـ ھەدىس، نەسەئى 4776ـ ھەدىس، دارىمى 2279 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إنما جعل الإمام جنة فإذا صلى قاعدا فصلوا قعودا و إذا قال سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا لك الحمد فإذا وافق قول أهل الأرض قول أهل السماء غفر له ما تقدم من ذنبه ( م ) عن أبي هريرة .

2355. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام قالقان قىلىنىدى، ئۇ ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئىمام سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر ئاللا ھۇممە رەببەنا

لەكەلھەمدۇ دەڭلار، زېمىن ئەھلىنىڭ سۆزى، ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا صلى قائما فصلوا قياما و إن صلى جالسا فصلوا جلوسا و لا تقوموا و هو جالس كما يفعل أهل فارس بعظمائها ( حم م ن ) عن جابر

2356. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن سايلانغان، ئىمام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا سىلەرمۇ ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار، ئەگەر ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار، ئىمام ئولتۇرغاندا خۇددى پارس ئەھلى، ئۇلۇغ كىشىلىرىنى، باشلىقلىرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆرە تۇرغاندەك سىلەرمۇ ئۆرە تۇرماڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار دېگەن مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، كۆپچىلىك ئىگە ئەمەس، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان، ساھابىلار ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇدى.

إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا كبر فكبروا و إذا رفع فارفعوا و إذا قال: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا و لك الحمد و إذا سجد فاسجدوا و إذا صلى جالسا فصلوا جلوسا أجمعين(مالك حم خ د)عن أنس(حم ق د ه ) عن عائشة

2357. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن قىلىندى، ئۇ تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىڭلار، بېشىنى كۆتۈرسە ئاندىن سىلەرمۇ كۆتۈرۈڭلار، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، سىلەر، ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، سەجدە قىلسا، سەجدە قىلىڭلار، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ، ھەممىڭلار ئولتۇرغان ھالدا ناماز ئوقۇڭلار، مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم 629 ـ ھەدىسىدىن باشلاپ، 638 ـ ھەدىسكىچە مەخسۇس باب تۈزۈپ، ئىمام ئولتۇرۇپ ئوقۇسا جامائەتمۇ ئولتۇرۇپ ئوقۇش مەنسۇخ، كۆپچىلىك ئىگە ئەمەس، كۆپچىلىك ئىگە ھەدىسلەر مانا مۇشۇلار دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئولتۇرۇپ، ساھابىلارنىڭ بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىنىنى كەلتۈرگەن).

( صحيح ) إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا كبر فكبروا و إذا قرأ فأنصتوا و إذا قال سمع الله لمن حمده فقولوا: ربنا لك الحمد ( ن ) عن أبي هريرة .

2358. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش، ئەگىشىش ئۈچۈن سايلانغان، ئۇ تەكبىر ئېيتسا، تەكبىر ئېيتىڭلار، قىرائەت قىلسا، سىلەر جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار، ئىمام، سەمىئەللاھۇ ھەمىدە دېسە، سىلەر رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، مەنىسى ئى رەببىمىز، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ساڭىلا خاستۇر) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنما جعل الإمام ليؤتم به فإذا كبر فكبروا و إذا قرأ فأنصتوا و إذا قال ( غير المغضوب عليهم و لا الضالين فقولوا: آمين و إذا ركع فاركعوا و إذا قال: سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا و لك الحمد و إذا سجد فاسجدوا و إذا صلى جالسا فصلوا جلوسا ). ( ش ه هق ) عن أبي هريرة .

2359. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن ئىمام قىلىنغان، ئۇ تەكبىر ئېيتسا، تەكبىر ئېيتىڭلار، قىرائەت قىلسا، جىم تۇرۇڭلار، غەيرىلمەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلەززالىين! دېسە، سىلەر ئامىن! دەڭلار، رۇكۇ قىلسا، رۇكۇ قىلىڭلار، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، يەنى (ئاللاھ ئۆزىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان كىشىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ) سىلەر ئاللا ھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدە دەڭلار، ئىمام سەجدە قىلسا، سىلەرمۇ سەجدە قىلىڭلار، ئىمام ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار، (بۇ ئەمەلدىن قالغان) ئەبۇ شەيبە ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنما جعل الإمام ليؤتم به فلا تختلفوا عليه و إذا كبر فكبروا و إذا ركع فاركعوا و إذا قال: سمع الله لمن حمده فقولوا: ربنا لك الحمد و إذا سجد فاسجدوا و إذا صلى جالسا فصلوا جلوسا أجمعين ( حم ق د ) عن أبي هريرة

2360. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئىمام ئىقتىدا قىلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان، سىلەر ئۇنىڭغا ئىختىلاپ قىلماڭلار، نامازنى ئۇنىڭ بىلەن ئىگىز ـ پەس ئوقۇپ يۇرمەڭلار، تەكبىر ئېيتسا، تەكبىر ئېيتىڭلار، رۇكۇ قىلسا، رۇكۇ قىلىڭلار، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، رەببەنا لەكەلھەمدۇ دەڭلار، سەجدە قىلسا، سەجدە قىلىڭلار، ئۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما خيرني الله فقال: ( استغفر لهم أو لا تستغفر لهم إن تستغفر لهم سبعين مرة و سأزيده على سبعين ) . ( م ) عن ابن عمر

2361. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مۇناپىقنىڭ جىنازا نامىزى ئوقۇماقچى بولغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توسۇۋالدۇ، دەل شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ماڭا ئىختىيارلىق بەردى، قۇرئاندا: ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت سورامسەن ياكى سورىمامسەن، گەرچە ئۇلارغا 70 قېتىم مەغپىرەت سورىساڭمۇ، ھەرگىز مەغپىرەت قىلىنمايدۇ) دېگەن ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىسلا 70دىن كۆپرەك مەغپىرەت سورايمەن دېگەن، (ئاندىن كېيىن ئۇ مۇناپىقلارنىڭ قەبرىسىدە تۇرما، ئۇلارغا ناماز چۈشۈرمە، مەغپىرەت سورىما دەپ ئايەت چۈشتى، كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك، مۇناپىق مەغپىرەت قىلىنمىدى، مەغپىرەت سوراشمۇ چەكلەندى) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما ذلك جبريل ما رأيته في الصورة التي خلق فيها غير هاتين المرتين رأيته منهبطا من السماء سادا عظم خلقه ما بين السماء و الأرض( ت ) عن عائشة

2362. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاشۇ بولسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، مۇشۇ ئىككى قېتىمدىن باشقا مەن ئۇنى ئۇ يارىتىلغان ئۆزىنىڭ ھەقىقى سۈرىتى بىلەن كۆرۈپ باقمىدىم، پەقەت ئىككى قېتىملا كۆرۈپ باقتىم، مەن ئۇنى، ئۇ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقاندا، يارىلىشىنىڭ چوڭلۇقىدىن، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىنى توسۇۋالغان ھالدا چۈشكىنىنى كۆردۈم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما ذلك عرق فانظري فإذا أتى قرؤك فلا تصلي فإذا مر قرؤك فتطهري ثم صلي ما بين القرء إلى القرء ( د ن ) عن فاطمة بنت أبي حبيش

2363. پاتىمە بىنتى ئەبۇ جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ خۇن كېسىلى بار ئايالغا مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئۇ تۆكۈلۈۋاتقان قان بولسا، تومۇرنىڭ قېنىدۇر، سەن كۈتۈپ تۇرغىن، ھەيز مەزگىلىڭ كەلگەندە، ناماز ئوقۇماي تۇرغىن، ھەيز مەزگىلىڭ ئۆتۈپ كەتسە، پاكلىنىپ، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇۋەرگىن، ئىككى ھەيز ئارىسىدىكى پاكلىق مۇددىتىدە ناماز ئوقۇيسەن، (بۇنى ساق چاغدىكى ئادىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما سمي الخضر خضرا لأنه جلس على فروة بيضاء فإذا هي تهتز تحته خضراء ( حم ق ت ) عن أبي هريرة ( طب ) عن ابن عباس

2364. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خىزىر بىر ئاپئاق، قۇرۇپ قالغان ئوت ـ چۆپ، ئۆسۈملۈك ئۈستىدە ئولتۇرسا، ناگاھان ئۇ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ خىزىرنىڭ ئاستىدا ياپيېشىل كۆكىرىپ، يەلپۈنۈپ كېتەتتى، يېشىل ھالەتتە ھەرىكەتلىنەتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق

دېگەن چىقىدۇ، خىزىرنى پەيغەمبەر دېگەنلەر بار، ئەمما، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز.

( صحيح ) إنما سمي القلب من تقلبه إنما مثل القلب مثل ريشة بالفلاة تعلقت في أصل شجرة يقلبها الريح ظهرا لبطن ( طب ) عن أبي موسى

2365. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دىل تولا يۆتكەلگەنلىكىدىن يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبىدىن قەلب دەپ ئاتالغان. ھەقىقەتەن قەلب دىلنىڭ ئوخشىشى، تۈپتۈز، بىپايان زېمىندىكى پەيگە ئوخشايدۇ، ئۇ پەي، دەرەخلەرنىڭ كۆتىكىگە ئېسىلىۋالىدۇ، شامال بولسا، ئۇ پەينى ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىپ، يۆتكەپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تۇرىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك، بۇ دىلنى، قەلبنى ھەرخىل ھادىسىلەر ياخشى ـ يامانلىقلار، راھەت ـ پاراغەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەر بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى، شەيتان ۋەسۋەسىلىرى يۆتكەپ تۇرىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما فاطمة بضعة مني يؤذيني ما آذاها و ينصبني ما أنصبها ( حم ت ك ) عن الزبير

2366. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ ئازار بەرگەن نەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، ماڭىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، ئۇنى جاپا ـ مۇشەققەتتە قىينىغان نەرسە مېنىمۇ قىينايدۇ،جاپاغا قويىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما كان يكفيك أن تضرب بيديك إلى الأرض فتمسح بهم وجهك و كفيك ( د ) عن عمار

2367. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەيەممۇم قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئىككى قولۇڭنى زېمىنغا ئۇرۇپ، قولۇڭ بىلەن يۈزۈڭنى، ئىككى قولۇڭنى سىيلىشىڭ ساڭا كۇپايە قىلاتتى، (ئەممار زېمىندا يۇمىلىغان ئىدى) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إنما مثل الجليس الصالح و جليس السوء كحامل المسك و نافخ الكير فحامل المسك إما أن يحذيك و إما أن تبتاع منه و إما أن تجد منه ريحا طيبة و نافخ الكير إما أن يحرق ثيابك و إما أن تجد ريحا خبيثة ( ق ) عن أبي موسى

2368. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ياخشى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش بىلەن يامان كىشىلەرگە ئارىلىشىشنىڭ مىسالى؛ مىسكە ئەنبەر كۆتۈرۈۋالغۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ، مىسكە كۆتۈرۈۋالغۇچى يا ساڭا مىسكە ئەنبەردىن بېرىدۇ، چېچىپ قويىدۇ، يا سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق، مەزىلىك پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر زىيىنى يوقتۇر. كۆرەك باسقۇچىغا كەلسەك، يا ئۇ كىيىمڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراقنى تاپىسەن، ھېچبىر پايدا يوق، (ئەنە شۇنىڭدەك ياخشى تەقۋادار ئالىملار بىلەن ئارىلاشساڭ، ئىلىم ئالىسەن، نەسىھەت ئاڭلايسەن، ئەگىشىسەن، مەنپەئەت باردۇر، يامان كىشىگە ئارىلاشساڭ، زىياندىن باشقىسى يوق، يامانلىنىڭ يامىنى يۇقىدۇ خالاس) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنما مثل الذي يصلي و رأسه معقوص مثل الذي يصلي و هو مكتوف ( حم م طب ) عن ابن عباس .

2369. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن چېچىنى تۈگۈپ، يومپايتىپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئوخشىشى، ئىككى قولى ئارقىسىدىن باغلاقلىق ھالدا ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشايدۇ، مۇسلىم، 761 ـ ھەدىس، تەبرانى، نەسئى 1102 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 552 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2752 ـ ھەدىس، دارمى 1346 ـ ھەدىس، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە چاچنى يىغىۋالماسلىق، تۈگىۋالماسلىق، چۈنكى چاچمۇ سەجدە قىلىدۇ دېيىلگەن. ئالىملار بىردەك مۇنداق ئىتتىپاققا كەلگەن، نامازدا كىيىمنى تۈرۈۋېلىش، يېڭنى، پاچىقىنى تۈرۈۋېلىش، چېچىنى تۈگۈۋېلىش قاتارلىقلار مەكرۇھ بولۇپ، ئەگەر شۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇپ قالسا،

نامىزى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ، لېكىن چەكلەنگەن ئىشنى قىلىپ يامان قىلدى دېگەن .

( صحيح ) إنما مثل المؤمن حين يصيبه الوعك أو الحمى كمثل حديدة تدخل النار فيذهب خبثها و يبقى طيبها (طب ك ) عن عبدالرحمن بن أزهر

2370. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن تەپ كېسەل، قىزىتما كېسەل يېتىپ ئۇرغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى؛ خۇددى ئوتقا كىرگەن تۆمۈرگە ئوخشايدۇ، تۆمۈرنىڭ ئوتتا كىرلىرىنى، پاسكىنا جايلىرى تازىلىنىپ، يوقايدۇ، پاك ـ پاكىز، ياخشى جايلىرى قېلىپ قالىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىننىڭ گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ) تەبرانى بىلەن ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إنما مثل المهجر إلى الصلاة كمثل الذي يهدي البدنة ثم الذي على أثره كالذي يهدي البقرة ثم الذي على أثره كالذي يهدي الكبش ثم الذي على أثره كالذي يهدي الدجاجة ثم الذي على أثره كالذي يهدي البيضة ( ن ) عن أبي هريرة

2371. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن نامازغا بۇرۇن بارغان كىشىنىڭ ئوخشىشى؛ بىر تۆگە ھەدىيە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن كىشى بولسا، بىر كالا ھەدىيە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئاندىن كېيىنكى كىشى قوچقار ھەدىيە قىلغان كىشىگە، ئاندىن كېيىنكى توخۇ، ئاندىن كېيىنكى كىشى بولسا، بىر تال تۇخۇم ھەدىيە قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ، (مانا بۇ نامازغا بۇرۇن بېرىشنىڭ مۇكاپاتلىرى) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما مثل صاحب القرآن كمثل صاحب الإبل المعقلة إن عاهد عليها أمسكها و إن أطلقها ذهبت ( مالك حم ق ن ه ) عن ابن عمر .

2372. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادا ئالغۇچى خۇددى باغلاقلىق تۆگىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى، ھېزى بولۇپ، چىڭ تۇرسا، يوقلاپ تۇرسا، تۆگىنى ساقلاپ تۇتالايدۇ، ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرسە، كارى بولمىسا، تۆگە قېچىپ كېتىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك قۇرئاننى تەكرارلاپ، تىڭشىتىپ دائىم ئوقۇپ تۇرمىسا، قېچىپ كېتىدۇ، راستىنلا نۇرغۇن قارىيلار تۇرۇككە ئايلىنىپ قالدى، قارى ئەمەس، قارىغۇ بولدى) مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنما نسمة المؤمن طائر يعلق في شجر الجنة حتى يبعثه الله إلى جسده يوم يبعثه (مالك حم ن ه حب) كعب بن مالك

2373. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن مۆئمىننىڭ روھى، جېنى؛ ئاللاھتائالا ئۇ مۆئمىننى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە مۆئمىننىڭ جەسىتىگە ئۇ روھنى قايتۇرغانغا قەدەر، جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ) مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما هلك من كان قبلكم باختلافهم في الكتاب ( م ) عن ابن عمرو

2374. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر كىتابلىرى توغرىسىدا، كىتابتىكى ئىلىم توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كېتەتتى، (مەقسەت سىلەر قۇرئان ھەدىستە ئىختىلاپ قىلماڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

« إنما هلكت بنو إسرائيل حين اتخذ هذه نساؤهم – يعني قصة من شعر – ( ق 3 ) عن معاوية »

2375. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار، ئاياللىرى ياسالغان چاچ سالغاندا ھالاك بولۇپ كەتكەن، (ئاياللارنىڭ ياسالغان چاچ سېلىشىدەك پىتنە ـ پاساتلىرى ، ھىيلە ـ مىكىرلىرى، ھالاكەتنىڭ سەۋەبى.



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ، پىتنە ـ پاساتقا دۇچ كەلگەن ھالاك بولۇشى سەۋەبى شۇدۇر) بەيھەقى ، نەسەئى ، تىرمىزى ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

إنما هم قبضتان فقبضة في النار و قبضة في الجنة ( حم طب ) عن معاذ .

2376. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بارلىق كىشىلەر (ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا) ئىككى چاڭگالدۇر، بىر چاڭگال دوۋزاختا بولىدۇ، بىر چاڭگال بولسا، جەننەتتە بولىدۇ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە ئاللاھ شۇنداق دېگەندۇر ، بۇ ھەدىس قۇددۇستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىدىن بىلىپ يارىتىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ يارىتىشى ئۇلارنى شۇ ئىككى جايغا ياراتقانغا ئوخشاشتۇر، ئەمما ، سەۋەب ئۇلارنىڭ تاللىشىدا، ئاسان قىلىنغان ئەمەللەرنى قىلىشىدا بولىدۇ، جەننەت ئەھلى ئېرىشكەن مۇكاپات، ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلىدۇر، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلىدۇر، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ جازاسى بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر.ئالدىن بىلىشى يارىتىشتىن توسمايدۇ.

( صحيح ) إنما هي أربعة أشهر و عشر و قد كانت إحداكن في الجاهلية ترمي بالبعرة على رأس الحول ( مالك ق ت ن ه ) عن أم سلمة .

2377. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر، ھەقىقەتەن بىرىڭلار جاھالىيەت دەۋرىدە بىر يىل توشقاندا يىل بېشىدا تۆگىنىڭ مايىقىنى ئاتاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىددەت تۈتۈش ئادىتى ئىدى، بۇ ئەمەلدىن قالدى، مالىك، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ئىسلام دىنىدا تۆت ئاي ئون كۈندۇر، ئەگەر ئۇ ئايال ھامىلىدار بولسا ، تۇغۇپ، نىپاسلىقىدىن پاكلانسا ئىددىتى توشىدۇ، ئەرگە تەگسە بولىدۇ، بۇ سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئايەتلەر بىلەن بېكىتىلدى.

( صحيح ) إنما هي توبة نبي – يعني سجدة ( ص . ( د ك ) عن أبي سعيد

2378. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ساد سۈرىسىدىكى سەجدە پەيغەمبەرنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن بىزمۇ سەجدە قىلىمىز، چۈنكى، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ قىلىشقا بۇيرۇلغان، بىز ھەممە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز، بىرىنىمۇ ئايرىۋەتمەيمىز، لېكىن، ئەمەل ـ ئىبادەتنى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس بويىچە قىلىمىز، قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كەلگەن بۇرۇنقىلارنىڭ شەرىئىتى مەنسۇخ بولمىغان بولسا ، ئەمەلدىن قالمىغان بولسا ، بىزگىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بىزگىمۇ شەرىئەت بولىدۇ، دەلىل، روزىنىڭ ياخشىسى داۋۇدنىڭ روزىسىدۇر، بىزمۇ شۇنداق تۇتىمىز، ئەمما، قۇرئان، ھەدىستە كەلمىگەن، ھازىرقى يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ كىتابىدىكى خەۋەر، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە كەلسەك ، قولىمىزدىكى، قۇرئان، ھەدىس تەستىقلىسا، راستقا چىقارسا، ئىشىنىمىز، يەنىلا قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز، ئەگەر يالغانغا چىقارسا، ئۆزگەرگەن دەپ گۇۋاھلىق بەرسە رەت قىلىمىز، سۈكۈت قىلسا ، سۈكۈت قىلىمىز، راستقىمۇ چىقارماي، يالغانمۇ دېمەي ئېھتىيات قىلىمىز، ھەزەر قىلىمىز، ئەڭ ياخشىسى قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىك ، كۇپايىدۇر، سىز قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسنى چىڭ تۇتۇڭ.

( صحيح ) إنما يبعث الناس على نياقم ( ه ) عن أبي هريرة

2379. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەر نىيەتلىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ، (چۈنكى، ھالاك بولغانلار قاتارىدا ياخشى كىشىلەر بار) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما يخرج الدجال من غضبة يغضبها ( حم م ) عن حفصة

2380. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن دەججال قاتتىق غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلانغاندا چىقىدۇ، (بۇ ھەدىسنى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئۇ ئىبنى سەييادنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ غەزەپلەندۈرگەندە سۆزلەپ بەرگەن، مۇسلىم 5216 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25223 ـ ھەدىس، 25221 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( حسن ) إنما يرحم الله من عباده الرحماء ( طب ) عن جرير

2381. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، رەھىمدىل بەندىلىرىگە، كىشىلەرگە بەك كۆيۈنىدىغان، رەھىم قىلىدىغان بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ، شەپقەت قىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إنما يزرع ثلاثة: رجل له أرض فهو يزرعها و رجل منح أرضا فهو يزرع ما منح و رجل استكرى أرضا بذهب أو فضة ( د ن ه ) عن رافع بن خديج

2382. راپىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن زېمىننى ئۈچ تۈرلۈك كىشى تېرىيدۇ، 1ـ ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ زېمىنى بار كىشى زىرائەت تېرىيدۇ. 2ـ تېرىلغۇ زېمىن ئۆتنە بېرىلگەن كىشى زىرائەت تېرىيدۇ. 3ـ زېمىننى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىجارە ئالغان كىشى تېرىيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنما يغسل من بول الأنثى و ينضح من بول الذكر ( حم د ه ك ) عن أم الفضل .

2383. ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن تائام يەپ باقمىغان قىز بالىنىڭ سىيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سىيدۈكىگە سۇ سېپىلىدۇ، (بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇچىقىغا تېخى تائام يېمىگەن، سۈت ئېمىپ باقمىغان كىچىك بالا قويۇلۇپ، سىيىپ قويغاندا دېگەن ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما يكفي أحدكم ما كان في الدنيا مثل زاد الراكب ( طب هب ) عن خباب

2384. ئەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىرىڭلارغا بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەردىن مۇساپىرنىڭ ئوزۇقچىلىك نەرسە كۇپايە بولىدۇ، (يەنى سىلەر مۇساپىر ھېسابلىنىسىلەر، بۇ دۇنياغا مۇساپىردەك مۇئامىلىدە بولۇڭلار ، نەرسە توپلىماي، ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىڭلار) تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إنما يكفيك أن تحثي على رأسك ثلاث حثيات من ماء ثم تفيضي على سائر جسدك من الماء فإذا أنت قد طهرت ( حم 4 ) عن أم سلمة

2385. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ساڭا، غۇسلى قىلىشتا بېشىڭغا ئۈچ چاڭگال سۇنى قويۇشۇڭ ، يەنى ئۈچ قېتىم سۇ قويۇشۇڭ ، ئاندىن قالغان جەسەتلىرىڭگە سۇ قويۇشۇڭ كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، يەنى بېشىڭنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، بارلىق بەدىنىڭنى يۇساڭ، جەزمەن پاك بولىسەن، ئەھمەد، تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنما يكفيك من جمع المال خادم و مركب في سبيل الله ( ت ن ه ) عن أبي هاشم بن عتبة

2386. ئەبۇ ھاشىم، ئىبنى ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ساڭا مال توپلاپ يىغىشتىن بىر دانە خادىم يەنى قۇل ۋە ئاللاھ يولىدىكى مەركەپ يەنى تۆگە، ئاتتەك مىنىدىغان نەرسە كۇپايە بولىدۇ، يېتەرلىكتۇر ، تىرمىزى، نەسەئى،

ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إنما يلبس الحرير في الدنيا من لا خلاق له في الآخرة ( حم ق د ن ه ) عن عمر .

2387. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن يىپەك رەختنى بۇ دۇنيادا، ئاخىرەتتە نېسىۋىسى بولمىغان كىشى كىيىدۇ، (يەنى يىپەك رەخت ئاياللارغا ھالال، ئەرلەرگە ھارام) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنما ينصر الله هذه الأمة بضعيفها بدعوتهم و صلاتهم و إخلاصهم ( ن ) عن سعد .

2388. سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرى سەۋەبلىك شۇ ئاجىزلارنىڭ دۇئالىرى، نامازلىرى، ئىخلاسلىرى سەۋەبلىك ياردەم بېرىدۇ، (خۇددى ئۈممەتكە ئاجىزلىرىنىڭ سەۋەبىدىن رىزىق بەرگەندەك) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه اتبعنا رجل لم يكن معنا حين دعينا فإن أذنت له دخل ( ت ) عن أبي مسعود .

2389. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىياپەتكە چاقىرىلىپ ئۇ ئۆيگە كەلگەندە، ئۆي ئىگىسىگە مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بىز چاقىرىلغاندا، بىز بىلەن بىللە بولمىغان ماۋۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، ئەگەر ئىزنى، رۇخسەت بەرسەڭ، ئۇ كىرىدۇ دېدى، ئۇ كىشى رۇخسەت بەردى، ئەگەشكەن كىشى كىردى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه أوحي إلي أنكم تفتنون في القبور ( ن ) عن عائشة

2390. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ماڭا جەزمەن سىلەر قەبرىلەردە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر، ئازابلىنىسىلەر دەپ ۋەھيي قىلىندى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنه خلق كل إنسان من بني آدم على ستين و ثلاثمائة مفصل فمن كبر الله و حمد الله و هلل الله و سبح الله و استغفر الله و عزل حجرا عن طريق الناس أو شوكة أو عظما عن طريق الناس و أمر بمعروف أو نهى عن منكر عدد تلك الستين و الثلاثمائة السلامى فإنه يمسي يومئذ و قد زحزح نفسه عن النار ( م ) عن عائشة

2391. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن ئادەم بالىلىرىدىن ھەربىر ئىنسان 360 مەفسەللىك يارىتىلدى، كىم ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلىسا، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا، يەنى لائىلاھە ئىللەللاھ دېسە، تەسبىھ ئېيتسا، ئىستىغفار ئېيتسا، كىشىلەرنىڭ يوللىرىدىن بىرەر تاشنى ئېلىۋەتسە، ياكى يولدىن تىكەننى ياكى پۇتلاشقان سۆڭەك چاغلىق نەرسىنى ئېلىۋەتسە، ياخشىلىققا بۇيرىسا، يامانلىقدىن توسسا، ھەتتا ئاشۇ 360 مەپسەللەرنىڭ سانىدا، باراۋەرىدە ياخشىلىق، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇ كىشى شۇ كۈندە ئۆزىنى دوۋزاخدىن يىراق قىلغان ھالدا ماڭىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغان) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنه ستكون فرقة و اختلاف فإذا كان كذلك فاكسر سيفك و اتخذ سيفا من خشب و اقعد في بيتك حتى تأتيك يد خاطئة أو منية قاضية ( حم ت ) عن أهبان بن صيفي

2392. ئەھبان ئىبنى سەيپى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پات يېقىندا بۇندىن كېيىن تەپرىقچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ، شۇنداق بولغان كۈنلەردە قىلىچىڭنى سۇندۇرۇۋېتىپ، ياغاچدىن قىلىچ تۇتۇپ، ساڭا بىرەر

خاتالاشقۇچىنىڭ سىنى ئۆلتۈرىدىغان قولى كەلگەنگە قەدەر ياكى قازىيەدەك ھۆكۈمدار ئۆلۈم ساڭا كەلگەنگە قەدەر ئۆيۈڭدە مەھكەم ئولتۇرغىن، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان. سەھىھ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، پىتنە ـ پاسات كۆنلەردە غارلاردا، ئۆيلىرىدە چىقماي ئىبادەت بىلەن ياغاچدىن قىلىچ تۇتۇپ ئولتۇرغان، بەدايەت دېگەن تارىخدا بار.

( صحيح ) إنه ستكون هنات و هنات فمن أراد أن يفرق أمر هذه الأمة و هي جميع فاضربوه بالسيف كائنا من كان ( حم م د ن ) عن عرفجة

2393. ئەرپەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە پىتنە ـ پاسات ، بىدئەت، مۇنكەر ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشى، خەلىپىلىكى، ھۆم بىرلا ھالدا ئىتتىپاق ھالدا تۇرسا، كىم ئۇنى پارچىلاپ، مۇتەپەررىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار، (ئۈممەت بىرلىكىنى، خەلىپىلىكنى پارچىلىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ) مۇسلىم 3442 ـ ھەدىس، نەسەئى 3955 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4134 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19396 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إنه سيكون أمراء يؤخرون الصلاة عن مواقيتها ألا فصل الصلاة لوقتها ثم ائتهم فإن كانوا قد صلوا كنت قد أحرزت صلاتك و إلا صليت معهم فكانت تلك نافلة( حم م ن ) عن أبي ذر

2394. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن بۇندىن كېيىن نامازنى ۋاقتلىرىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىر، باشلىقلار بولىدۇ، ئاگاھ بولغىنكى، سەن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغىن، ئەگەر ئۇلار نامىزنى ئوقۇپ بولغان بولسا ، سەنمۇ نامىزىڭنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇپ، ساقلاپ قالغان بولىسەن، ئەگەر ئۇلار نامازلىرىنى ئوقۇپ بولمىغان بولسا، ئۇلار بىلەن يەنە ناماز ئوقۇغىن، ئۇ ناماز ساڭا نەپلە، زىيادە بولىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه سيكون عليكم أئمة تعرفون و تنكرون فمن أنكر فقد برئ و من كره فقد سلم و لكن من رضي و تابع ( حم ت ) عن أم سلمة

2395. ئۈممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن پات يېقىندا سىلەرگە سىلەر تونۇيدىغان، نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئىمام بولىدۇ، كىم ئۇنىڭ مۇنكەر ئىشلىرىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ، پاك بولۇپ، گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، كىم قەلبىدىن ئۇنى ياقتۇرمىسا، ئۇ سالامەت قالىدۇ، يەنى ئىمانى سالامەت قالىدۇ، گۇناھىدىن سالامەت قالىدۇ، لېكىن، ئۇلارغا رازى بولغان، ئەگەشكەن كىشى ئۇنداق ئەمەس، سالامەت قالمايدۇ، پاك بولالمايدۇ، (ئۇلار ناماز ئوقۇسلا، ئۆلتۈرمەڭلار) ئەھمەد 25391 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4133 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إنه سيكون في هذه الأمة قوم يعتدون في الطهور و الدعاء ( حم د ه حب ك ) عن عبدالله بن مغفل

2396. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە بۇ ئۈممەت ئىچىدە تاھارەتتە ، دۇئادا، ھەددىدىن ئاشىدىغان قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، (تاھارەتتە ھەددىدىن ئېشىش بولسا، سۇنى ئىسراپ قىلىش، ئۈچدىن كۆپ، ئارتۇق يۇيۇش ياكى باشقىلار. دۇئادا بولسا، ۋارقىراش، لايىقىدا سورىماي، ھەددىدىن ئېشىپ، خۇددى، ئۆزىنى جەننەت ئەھلىدەك ھېس قىلىپ، جەننەتكە كىرىپ بولغاندەك پالانى بىلەن بىللە بولسام دەپ پەيغەمبەرلەر مەرتىبىسىنى سوراش ياكى شاپائەت مەسىلىلىرىدە ھەددىدىن ئېشىپ دۇئا قىلىدۇ، ۋاستە قىلىدۇ)

( صحيح ) إنه سيلي أموركم بعدي رجال يعرفونكم ما تنكرون و ينكرون عليكم ما تعرفون فلا طاعة لمن عصى الله فلا تضلوا بربكم ( حم ك ) عن عبادة بن الصامت

2397. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەندىن كېيىن پات يېقىندا ئىشلارغا بىر تۈركۈم بىدئەتچىلەر ئىگە بولىدۇ، ئۇلار سىلەرگە سىلەر مۇنكەر، يامان ئىش دەپ قارايدىغان ئىشلارنى ياخشى دەپ تونۇتىدۇ، سىلەر ياخشى دېگەن ئىشلارنى بولسا، ئىنكار قىلىپ، مۇنكەر ھېسابلايدۇ، (يەنى ئۇلار بىدئەتنى پەيدا قىلىپ، سۈننەتنى يوقىتىدۇ) ئاللاھقا ئاسىي بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا تولا ئىللەت، سەۋەب كۆرسىتىپ بەرمەڭلار، ئىززىپ كەتمەڭلار، (خالىققا ئاسىي بولۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق) ئەھمەد 21721 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إنه عرضت علي الجنة و النار فقربت مني الجنة حتى لقد تناولت منها قطفا قصرت يدي عنه و عرضت علي النار فجعلت أتأخر رهبة أن تغشاني و رأيت امرأة حميرية سوداء طويلة تعذب في هرة لها ربطتها فلم تطعمها و لم تسقها و لم تدعها تأكل من خشاش الأرض و رأيت فيها أبا ثمامة عمرو بن مالك يجر قصبه في النار و إنهم كانوا يقولون: إن الشمس و القمر لا ينكسفان إلا لموت عظيم و إنهما آيتان من آيات الله يريكموها فإذا انكسفا فصلوا حتى تنجلي ( م ) عن جابر

2398. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ماڭا جەننەت، دوۋزاخ تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى، ماڭا جەننەت شۇنداق يېقىن قىلىنىدىكى، مەن جەننەتتىن بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىشنى مەقسەت قىلسام، قولۇم قىسقا كېلىپ قالدى، ماڭا دوۋزاخ تەڭلەنگەن ئىدى، دوۋزاخنىڭ مېنى قورشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، كەينىمگە قاچتىم، مەن دوۋزاختا ھەمرىيە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان قارا تەنلىك ئېگىز بىر ئايالنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ مۈشۈكى توغرىسىدا ئازابلىنىۋېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇ ئايال مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، تائام بەرمەپتۇ، سۇ بىلەن سۇغارماپتۇ، يا ئۇنى قويۇپ بەرمەپتۇ، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يېگەن بولاتتى، مەن دوۋزاختا ئەبۇ سۇمامەت ئەمرۇ ئىبنى مالىكنى كۆردۈم، ئۇ دوۋزاخ ئىچىدە ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ (بۇ كىشى بۇتقا چوقۇناتتى، نۇرغۇن ھارام قىلىش قانۇن ئادىتىنى يولغا قويغان) ھەققەتەن ئەرەبلەر قۇياش بىلەن ئاي پەقەت ئۇلۇغ كىشلەرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈنلا تۇتۇلىدۇ دەيتتى، (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس) ھەققەتەن بۇ ئىككىسى، ئاللاھنىڭ مۆجىزە، ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە پات ـ پات كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، قۇياش بىلەن ئاي تۇتۇلۇپ قالسا، تاكى ئۇ روشەن ئېچىلغىچە كۇسۇف نامىزى ئوقۇڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنه في ضحضاح من النارولولا أنا لكان في الدرك الأسفل – يعني أبا طالب –( حم ق ) عن العباس بن عبدالمطلب .

2399. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئەبۇ تالىپ دوۋزاخنىڭ ئۈستىدە، يۈزىدە چوڭقۇر ئەمەس جايىدا بولىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولاتتى، ئەھمەد 1678 ـ ھەدىس، مۇسلىم 309 ـ ھەدىس، بۇخارى 3594 ـ ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقى چىقىدۇ.

إنه قد حضر من أبيك ما ليس الله تعالى بتارك منه أحدا لموافاة يوم القيامة( حم خ ) عن أنس

2400. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن دادىڭىزغا، ئاللاھتائالا، قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ جازا ـ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىش ئۈچۈن ھېچبىر كىشىنى قاچۇرمايدىغان، تەرك ئېتىپ قالدۇرمايدىغان نەرسە يەنى ئۆلۈم ھازىر بولۇپ قالدى، (بۇ سۆزنى جان ئۈزۈش ئالدىدا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېگەن ئىدى) ئەھمەد 11983 ـ ھەدىس، بۇخارى 4103 ـ ھەدىس، نەسەئى 1821 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 514 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إنه قد لعن الموصولات ( ق ) عن عائشة .

2401. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن چاچ ئۆلىغان، ئۇلاتقانلارغا لەنەت قىلىندى، (بۇ ئىش ھارام ئىكەن چۈنكى لەنەت بار.) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنه لم يقبض نبي قط حتى يرى مقعده من الجنة ثم يخير ( حم ق ) عن عائشة

2402. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ھەربىر پەيغەمبەر جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرمىگىچە ئاندىن باشاش ياكى جەننەتكە كېتىش ، ئۆلۈش توغرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلمەي تۇرۇپ ۋاپات تاپمايدۇ، جەننەتنى كۆرۈپ ئاندىن تاللاش، ئىختىيارلىق بېرىلىپ ۋاپات تاپىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنه لم يكن نبي قبلي إلا كان حقا عليه أن يدل أمته على ما يعلمه خيرا لهم و ينذرهم ما يعلمه شرا لهم و إن أمتكم هذه جعل عافيتها في أولها و سيصيب آخرها بلاء شديد و أمور تنكروها و تجيء فتن فيرفق بعضها بعضا و تجيء الفتنة فيقول المؤمن: هذه مهلكتي ثم تنكشف و تجيء الفتنة فيقول المؤمن: هذه هذه ; فمن أحب منكم أن يزحزح عن النار و يدخل الجنة فلتأته منيته و هو يؤمن بالله و اليوم الآخر و ليأت إلى الناس الذي يحب أن يؤتى إليه و من بايع إماما فأعطاه صفقة يده و ثمرة قلبه فليطعه ما استطاع فإن جاء آخر ينازعه فاضربوا عنق الآخر ( حم م ن ه ) عن ابن عمرو .

2403. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن مەندىن بۇرۇنقى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىگە، ئۈممىتىنى ياخشىلىققا كۆرسىتىپ قويۇشى، ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ قويۇشى، يامانلىقدىن ئاگاھلاندۇرۇشى ۋاجىپ، ھەق بولدى، ھەققەتەن بۇ ئۈممەتكە كەلسەك، بۇلارنىڭ ساقلىنىشى، ئەۋۋەلكى كىشىلىرىدە قىلىندى، بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىغا قاتتىق بالالەر، سىلەر تونۇمايدىغان ، ئىنكار قىلىدىغان ئىشلار يېتىدۇ، نۇرغۇن پىتنىلەر بىرسى ـ بىرسىگە ھەمراھ بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن كېلىدۇ، بىر پىتنە كەلسە، مۆئمىن ھە! مانا بۇ مېنىڭ ھالاك بولۇشۇم دەيدۇ، ئاندىن ئۇ پىتنە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بىر پىتنە ـ پاسات كەلسە، مۆئمىن ھە! مانا بۇ، مۇشۇ شۇ، ئەمدى ھالاك بولدۇم دەيدۇ، سىلەردىن بىر كىشى دوۋزاخدىن يىراق بولۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ياخشى كۆرسە، ئۇ كىشىگە ئۆلۈم؛ ئۇ، ئالالاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا مۆئمىن ھالدا كەلسۇن، يەنى مۆئمىن ھالدا ئۆلسۇن، ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان ئۇنىڭمۇ كېلىشىنى ياخشى كۆرۈپ، قارشى ئالىدىغان كىشىلەرگە بارسۇن. كىم بىر ئىمامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى بەرسە، قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرسە، چىن قەلبىدىن بەيئەت قىلسا، ئۇ ئىمامغا قادىر بولۇشىچە ئىتائەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ بەيئىتىنى تالىشىپ، يەنە بىرسى كەلسە، يەنە بىرسى ئىماملىق داۋاسى قىلىپ، بەيئەت تەلەپ قىلسا، كېيىنكى كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، (چۈنكى، ئىسلام خەلىپىسى، ئىمامى بىرلا بولىدۇ) ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لم يمنعني أن أرد عليك إلا أني كنت أصلي ( م ) عن جابر

2404. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئوقۇۋاتسا، سالام قىلدى، سالام قايتۇرۇلمىدى، كېيىن، نامازدىن پارىغ بولۇپ، ھەققەتەن ساڭا سالام قايتۇرۇشۇمنى پەقەت ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىم توسۇپ قويدى دېگەن ، (نامازدا تۇرۇپ سالام قايتۇرسا بولمايدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنه لم يمنعني أن أرد عليك إلا أني كنت على غير وضوء ( حم ه ) عن المهاجر بن قنفذ

2405. مۇھاجىر ئىبنى قونغۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ساڭا سالام قايتۇرۇشۇمدىن پەقەت تاھارەتسىزلىكىم توسۇپ قويدى، (تاھارىتىم بولغان بولسا، سالام قايتۇراتتىم، ئالالاھنىڭ سالام دېگەن ئىسمىنى تاھارەتسىز تىلغا ئېلىشنى

ياقتۇرمىدىم) ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، تاھارەت بىلەن يۈرۈش ياخشى، ياكى بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇسۇسىيىتى.

إنه لو حدث في الصلاة شيء لنبأتكم به و لكن إنما أنا بشر مثلكم أنسى كما تنسون فإذا نسيت فذكروني و إذا شك أحدكم في صلاته فليتحر الصواب فليتم عليه ثم ليسجد سجدتين ( ق د ن ه ) عن ابن مسعود .

2406. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم نامازدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، ساھابىلار نامازدا بىرەر يېڭى ئىش پەيدا بولدىمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن نامازدا بىرەر يېڭى ئىش پەيدا بولغان بولسا، مەن سىلەرگە خەۋەر قىلاتتىم، يېڭى ئىش پەيدا بولمىدى، لېكىن، مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن، ئۇنتۇپ قالسام ماڭا ئەسلىتىڭلار، بىرىڭلار نامىزىدا شەك قىلىپ قالسا، راستىنى، توغرىسىنى ئىزدەپ، شۇنىڭغا ئاساسەن نامازنى تامام قىلىپ، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن دېدى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنه ليأتي الرجل العظيم السمين يوم القيامة لا يزن عند الله جناح بعوضة ( ق ) عن أبي هريرة

2407. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن قىيامەت كۈنى ناھايىتى چوڭ، سېمىز، كېلىشكەن كىشىلەر كېلىدۇ، لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزلىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك مىيزاندا ئېغىر كەلمەيدۇ، پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ، (يەنى قىلچىلىك ياخشىلىقى يوق) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىستە، قىيامەت كۈنى ئەمەللەرنى مىيزاندا تارتىش كۆرسىتىلدى، ئۆزىنى يا ياخشى سۈرەتنى يا ئەمەللەرنى يارىتىدۇ.)

( صحيح ) إنه ليس بدواء و لكنه داء – يعني الخمر – ( حم م ه ) عن طارق بن سويد

2408. تارىق ئىبنى سۇۋەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ھاراق، كېسەلگە داۋا ئەمەس، بەلكى، ئۇ كېسەلدۇر، دەتتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن ھاراق، دوختۇر بۇيرىسىمۇ داۋا ئەمەس كېسەلدۇر، ئىچىشكە بولمايدۇ.

إنه ليس شيء بين السماء والأرض إلا يعلم أني رسول الله إلاعاصي الجن و الإنس(حم الدارمي الضياء)عن جابر

2409. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەر شەك ـ شۈبھىسىز مېنىڭ؛ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ، جىنلارنىڭ ئاسىيلىرى بۇ ھەققەتكە تېنىۋالىدۇ، بىلمەيدۇ، ئەھمەد، دارمى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) إنه ليس في النوم تفريط إنما التفريط في اليقظة فإذا نسي أحدكم صلاة أو نام عنها فليصلها إذا ذكرها لوقتها من الغد ( 4 ) عن أبي قتادة

2410. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن سەھۋەنلىك، كەمچىلىك سادىر بولۇش، ئۇيقۇدىكى چاغدا بولمايدۇ، ئۇ ئويغاق چاغدا بولىدۇ، بىرىڭلار نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندە ئەتىسى شۇ نامازنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇۋالسۇن، ياكى ئەتىسى شۇ نامازنىڭ ۋاقتىدا ئېسىگە كەلسىمۇ ئوقۇۋالسۇن، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إنه ليس لنبي أن يدخل بيتا مزوقا ( د ) عن علي ( حم ه حب ك ) عن سفينة .

2411. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەپىنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پەيغەمبەرگە زىننەت بېرىلگەن ئۆيگە كىرىشى دۇرۇس ئەمەس، (يەنى ئالتۇن ھەل، كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن قاتتىق

زىننەت بېرىلگەن، نەقىش بېرىلگەن ئۆيگە پەيغەمبەرلەرنىڭ كىرىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇممەتلەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ ئەلۋەتتە) ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا ھەشەمەتكە قىلىنغان قۇرۇلۇشقا ئەجىر، ساۋاب يوق دېگەن ئۆتتى.

( صحيح ) إنه ليس لنبي أن يومض ( حم د ) عن أنس

2412. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە باشقىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە، مەخپىي ئىشارەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، (بۇ ھەدىسنىڭ دېيىلىشى سەۋەبى مۇنداق ئىدى، بىر مۇسۇلمان ئەسكەر يەنە بىر دىنسىزنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا قەسەم قىلىپ، ئۆزىگە ۋەدە قىلىدۇ، كېيىن ئۇ دىنسىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغىلى كېلىدۇ، مۇسۇلمان ئەسكەر مەن ۋەدەمنى قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر نەچچە كۈن كېچىكتۈرگەن دېدى، ئۇ ئەسكەر سىلى ماڭا مەخپىي ئىشارەت قىلىۋەتسىلە بولمامدۇ؟ دېگەندە ، مانا بۇ ھەدىسنى دېگەن .كېيىن ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ)، ئەھمەد 12071 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2779 ـ ھەدىس، تىرمىزى 955 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1483 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إنه ليس من الناس أحد أمن علي في نفسه و ماله من أبي بكر ابن أبي قحافة و لو كنت متخذا من الناس خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن خلة الإسلام أفضل سدوا عني كل خوخة في هذا المسجد غير خوخة أبي بكر ( حم خ ) عن ابن عباس

2413. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كىشىلەر ئىچىدە ماڭا نەپسىدىمۇ، جېنىدىمۇ، مال ـ مۈلۈكىدىمۇ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قەھاپەدەك ئىشەنچلىك، ئەمىن كىشى يوق، ئۇ ماڭا يۇقىرىقى نەرسىلەردە ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر، ئەگەر مەن كىشىلەردىن ئەڭ يېقىن دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلام دوستلۇقى ئەۋزەلدۇر، بۇ مەسجىددىكى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا بارلىق ئىشىكلەرنى مەندىن تاقىۋېتىڭلار، (يەنى مەسجىددىكى كىچىك يان ئىشىك) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه ليس من فرس عربي إلا يؤذن له مع كل فجر يدعو بدعوتين يقول: اللهم إنك خولتني من خولتني من بني آدم فاجعلني من أحب أهله و ماله إليه ( حم ن ك ) عن أبي ذر .

2414. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھەربىر ئەرەب ئاتلىرىغا ھەر ئەتىگىنى سۈبھى ۋاقتىدا ئىككى قېتىم دۇئا قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت بېرىلدى، ئات مۇنداق دۇئا قىلىدۇ، ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن سەن، مېنى ئادەم بالىسىدىن مېنى بېرىشكە تېگىشلىك كىشىگە ئاتا قىلىپ بەردىڭ، مېنى ئۇنىڭغا ئەھلىدىنمۇ، مال ـ دۇنيالىرىدىنمۇ دوستراق، سۆيۈملۈك قىلىۋەتكىن. (يەنە بىر خاتىرىدە ئەرەب ئاتلىرى دېمەستىن مۇتلەق ھەرقانداق ئاتلا بولىدىكەن، شۇنداق دۇئا قىلىشى خاتىرىلەنگەن) ئەھمەد 20469 ـ ھەدىس، نەسەئى 3523 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىسدىن ھەربىر ھايۋان ئات، تۆگە، كالا، قويلارمۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىشى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنى ئايەتلەر،يەنى تەسبىھ ئايىتى قوللايدۇ)

إنه ليغان على قلبي و إني لأستغفر الله في اليوم مائة مرة ( حم م د ن ) عن الأغر المزني

2415. ئەغەررەلمۇ زەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنىڭ قەلبىممۇ بەزىدە ئاللاھنى ئەسلەشتىن، زىكرىدىن غەپلەتتە قالىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ھەربىر كۈندە 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ ئاللاھدىن مەغپىرەت سورايمەن، ئەھمەد 17173 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1294 ـ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پەيغەمبەر

تۇرۇپ شۇنداق دېسە، 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرسا، بىزلەر 1000 قېتىم دېيىشكە لايىقمىز. ئەلۋەتتە ھەدىسنىڭ مەخسىدى، بۇ خەۋەرنى سۆزلەپ قويۇش، بىزگە يەتكۈزۈشلا ئەمەس، بىزنى زىكرى ئېيتىڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، مەغپىرەت سوراڭلار دېمەكچى .

إنه ليغضب علي أن لا أجد ما أعطيه من سأل منكم و له أوقية أو عدلها فقد سأل إلحافا( ن ) عن رجل من بني أسد

2416. بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا نەرسە سوراپ بارسام، بىر كىشى نەرسە سوراپ تۇرۇپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە مەن ساڭا بەرگىدەك نەرسە تاپالمىدىم دېدى، ئۇ كىشى غەزەپ قىلىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن ئۇ مەن ئۇنىڭغا بەرگىدەك نەرسە تاپالمىغانلىقىمغا غەزەپ قىلىۋاتىدۇ، سىلەردىن بىر كىشى 40 دىرھەم كۈمۈش پۇلى بار تۇرۇپ سورىسا، جەزمەن ئۇ چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورىغان بولىدۇ، (بۇ ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن) ئاندىن ئۇ ئەسەدىيلىك كىشى مېنىڭ بوغاز تۆگەم 40 دىرھەم كۈمۈشتىن ياخشى دەپ، نەرسە سورىماي كەتتى. نەسەئى 2549 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1386 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22540 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إنه من قام مع الإمام حتى ينصرف كتب له قيام ليلة ( ت ه حب ) عن أبي ذر

2417. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن كىم ئىمامى ئۆيگە قايتقانغا قەدەر بىللە تۇرسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ، (مەقسەت ، نامازنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇپ،ئۆزرىسى بولمىسا، ئىمام بىلەن بىللە قايتىشتۇر) تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه من لم يسأل الله تعالى يغضب عليه ( ت ) عن أبي هريرة

2418. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئاللاھتائالاغا دۇئا قىلمىغان، نەرسە سورىمىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لا بد للعرس من وليمة ( حم ن ) عن بريدة

2419. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن توي ئۇچۇن توي تامىقى زۆرۈردۇر، (چۈنكى، توي تامىقى بىلەن نىكاھنى ئېلان قىلىدۇ) ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنه لا تتم صلاة أحدكم حتى يسبغ الوضوء كما أمره الله فيغسل وجهه و يديه إلى المرفقين و يمسح رأسه و رجليه إلى الكعبين ثم يكبر الله و يحمده و يمجده و يقرأ ما تيسر من القرآن مما علمه الله و أذن له فيه ثم يكبر فيركع فيضع يديه على ركبتيه و يرفع حتى تطمئن مفاصله و تسترخي ثم يقول: سمع الله لمن حمده فيستوي قائما حتى يأخذ كل عظم مأخذه و يقيم صلبه ثم يكبر فيسجد فيمكن جبهته من الأرض حتى تطمئن مفاصله و تسترخي ثم يكبر فيرفع رأسه فيستوي قاعدا على مقعدته فيقيم صلبه ثم يكبر فيسجد حتى يمكن وجهه و يسترخي لا تتم صلاة أحدكم حتى يفعل ذلك ( د ن ه ك ) عن رفاعة بن رافع .

2420. رىۋايەت ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بىرىڭلارنىڭ نامىزى، تاھارەتنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك كامىل ئالمىغۇچە تولۇق، مۇكەممەل بولمايدۇ، تاھارەتنى مۇنداق كامىل ئالىدۇ، (قولىنى يۇيۇپ، ئېغىز ـ بۇرنىغا سۇ بېرىپ، ئاندىن كېيىن) يۈزىنى يۇيىدۇ، بېشىغا مەسىھ قىلىدۇ، ئىككى پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيىدۇ، ئاندىن نامازغا تۇرغاندا ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىدۇ، ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ، قۇرئاندىن ئاسان بولغان سۈرىنى ئاللاھ ئۆگەتكەندەك رۇخسەت قىلغانىنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، رۇكۇ قىلىپ ئىككى قولىنى ئىككى تىزىغا قويىدۇ، ئاندىن رۇكۇدىن بېشىنى

ھەربىر مەيسەللەر ئۆز جايىغا قايتىپ  ئارام تاپقانغا قەدەر تۆز تۇرۇپ كۈتۈربدۇ، ئەزالار، مەيسەللەر ئازادە، كەڭ تاشا ئەسلىگە قايتىدۇ، ئاندىن سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېگەن ھالدا ھەربىر سۆڭەك ئۆز جايىنى ئالغانغا قەدەر تۆپتۈز، رۇس تۇرۇپ سۇلبىنى، ئۇچىسىنى تۈزلەيدۇ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، سەجدە قىلىدۇ، ھەربىر مەيسەللەر ئۆز جايىدا كەڭتاشا، ئازادە ئارام تاپقانغا قەدەر پىشانىسىنى زېمىنغا قارار ئالدۇربدۇ، رۇس،مەزمۇت قويىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە بۇرنى بىلەن بىللە قويىدۇ) ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، كاسىسىدا ئولتۇرغان ھالدا تۆز تۇرۇپ ئۇچىسىنى تۈزلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ يەنە بىر سەجدە قىلىدۇ، پىشانىسىنى زېمىنغا راۋۇرۇس قويىدۇ، سەجدىدە ئازادە تۇربدۇ، ئەنە شۇنداق قىلمىغىچە ھېچبىرىڭلارنىڭ نامىزى مۇكەممەل تامام بولمايدۇ، كامىل بولمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد 730 ـ ھەدىس، تىرمىزى 278 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 453 ـ ھەدىس، نەسەئى 1123 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لا قدست أمة لا يأخذ الضعيف فيها حقه غير متعتع ( ٥ ) عن أبي سعيد .

2421. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاجىز كىشىلىرى، كۈچلۈكلىرىدىن ھەققىنى قورقماستىن ئەزىيەتكە ئۇچرىماستىن ئالالمىغان ئۈممەت پاك ھېسابلانمايدۇ، مۇقەددەس بولمايدۇ، ئىبنى ماجە 2417 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لا يحبك إلا مؤمن و لا يبغضك إلا منافق – قاله لعلي – ( ت ن ٥ ) عن علي .

2422. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سېنى پەقەت مۆئمىن كىشىلا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتىدۇ، سېنى پەقەت مۇناپىقلا ئۆچ كۆرۈپ، ساڭا غەزەپ قىلىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنه لا يدخل الجنة إلا نفس مسلمة و إن الله ليؤيد هذا الدين بالرجل الفاجر ( حم ق ) عن أبي هريرة .

2423. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى پاسىق، فاجىر كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈربدۇ، ياردەم بېربدۇ،(خۇددى نۇرغۇن دىنسىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن كىشىدەك) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إنه لا يدخل الجنة ألا نفس مسلمة و أيام منى أيام أكل و شرب ( حم ن ٥ ) عن بشير بن سحيم .

2424. بۇشەيىر ئىبنى سۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرەلەيدۇ، مۇسۇلمان بولمىغان، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن كىشىلەر كىرەلمەيدۇ. مىنا كۈنلىرى يەنى قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەپ ـ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر (روزا تۇتماڭلار) ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لا ينبغي أن يعذب بالنار إلا رب النار( د ) عن ابن مسعود ( م ) عن كعب بن مالك

2425. ئىبنى مەسئۇد، كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئوت بىلەن ئوت ئىگىسى  ئاللاھدىن باشقا كىشىنىڭ ئازابلىشى لايىق ئەمەس، پەقەت ئاللاھلا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئازابلاشقا ئەڭ لايىقتۇر، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنه لا ينبغي لنبي أن تكون له خائنة الأعين ( د ن ك ) عن سعد .

2426. سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئۈچۈن كۆزلەر خىيانىتى بولۇشى لايىق ئەمەس، (يەنى كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا مارلاپ قارىمايدۇ) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بىزلەرمۇ كۆزنىڭ خىيانىتىدىن چەكلەنگەن.

( صحيح ) إنه يخرج من ضئضئ هذا قوم يتلون كتاب الله رطبا لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية لئن أدركتهم لأقتلنهم قتل ثمود ( حم ق ) عن أبي سعيد .

2427. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ يەنى پەيغەمبەرگە ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىنىڭ پۇشتىدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئاغزىلىرىنى ھۆل قىلىشىپ ئوقۇپ كېتىدۇ، لېكىن، قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا قاراپ چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى مەن تاپقان بولسام، ئەلۋەتتە سەمۇد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك رەھىم قىلماي ئۆلتۈرەتتىم، (چۈنكى، ئۇلار ئىسلامدىن چىقەتتى) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنها حرم آمن إنها حرم آمن – يعني المدينة – ( حم م ه ) عن سهل بن حنيف .

2428. سەھلى ھەنىيپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىينە ھارامدۇر، ئەمىن جايدۇر، ھارام قىلىنغان ئەمىن جايدۇر، (كىشىلىرى خاتىرجەم، ئەمىن ھالدا ياشايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ ، ئوۋلىرى ئوۋلانمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنها ستكون عليكم بعدي أمراء يشغلهم أشياء عن الصلاة لوقتها حتى يذهب وقتها فصلوا الصلاة لوقتها قال رجل: إن أدركتها معهم أصلي معهم ؟ قال: نعم إن شئت ( حم د الضياء ) عن عبادة بن الصامت

2429. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن سىلەرگە (كەلگۈسىدە) بىر تۈركۈم ئەمىر، باشلىقلار باش بولىدۇ، ئۇلارنى نۇرغۇن نەرسىلەر نۇرغۇن ئىش، خىزمەتلەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپمۇ، چىقىپمۇ كېتىدۇ، سىلەر نامازنى ئۇلارغا قاراپ تۇرماي ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇڭلار، بىرسى ئەگەر ئۇ نامازنى ئۇلار بىلەنمۇ تاپسام، يەنە ئوقۇسام بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، ئەگەر خالىساڭ بولىدۇ دېدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إنها ستكون فتن ألا ثم تكون فتنة المضطجع فيها خير من الجالس و الجالس فيها خير من القائم و القائم فيها خير من الماشي و الماشي فيها خير من الساعي إليها ألا فإذا نزلت أو وقعت فمن كانت له إبل فليلحق بإبله و من كانت له غنم فليلحق بغنمه و من كانت له أرض فليلحق بأرضه و من لم يكن له شيء من ذلك فليعمد إلى سيفه فيدق على حده بحجر ثم لينج إن استطاع النجاء اللهم هل بلغت اللهم هل بلغت ( حم م د ) عن أبي بكرة

2430. ئەبۇ بەكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن كەلگۈسىدە نۇرغۇن پىتنە ـ پاساتلار يۈز بېرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ئاندىن كېيىن چوڭ بىر پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىدۇ، بۇ پىتنە ـ پاساتتا يېتىۋالغۇچى ئولتۇرغۇچىدىن ياخشى، ئولتۇرغۇچى ئۆرە تۇرغۇچىدىن ياخشى، ئۆرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن ياخشى، ئۇ پىتنە ـ پاسات كۆتۈلەردە ماڭغۇچى، پىتنە ـ پاساتقا يۈگۈرگۈچىدىن ياخشى، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ئۇ پىتنە ـ پاسات يۈز بەرسە، تۆگىسى بار كىشى تۆگىسىگە، قويى بار كىشى قويىغا زېمىنى بار كىشى زېمىنىغا قوشۇلۇپ شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسۇن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەنلا بولسۇن، ھېچنېمىسى يوق كىشى، قىلىچىنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرۇپ، ياتقۇزۇۋېتىپ، ئاندىن قادىر بولۇشىچە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە نىجاتلىققا ئېرىشىپ، پىتنە ـ پاساتتىن ئەمىن قىلىپ، ئىمانىنى ئېلىپ نىجاد تاپسۇن، ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۈممۇ؟، گۇۋاھ بولغىن، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إنما ستكون فتنة القاعد فيها خير من القائم و القائم خير من الماشي و الماشي خير من الساعي قيل: أفرأيت إن دخل علي بيتي قال: كن كابن آدم ( د ) عن سعد

2431. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۇندىن كېيىن، كەلگۈسىدە چوڭ پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىدۇ،(يەنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق) ئۇ كۈنلەردە ئولتۇرغان كىشى ئۆرە تۇرغان كىشىدىن ياخشى، ئۆرە تۇرغۇچى، ماڭغۇچىدىن، ماڭغۇچى بولسا، پىتنە ـ پاساتقا ئالدىراپ يۈگۈرگەن كىشىدىن ياخشىدۇر، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرسە، قانداق قىلىمەن؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلىنىڭ ياخشىسىدەك بولغىن، يەنى قاتىل بولماي، زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلگىن دېدى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنها ستكون فتنة و فرقة و اختلاف فإذا كان ذلك فائت بسيفك أحدا فاضربه حتى ينقطع ثم اجلس في بيتك حتى يأتيك يد خاطئة أو منية قاضية ( حم ه ) عن محمد بن مسلمة .

2432. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن پات يېقىندا چوڭ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، ئىختىلاپ بولىدۇ، شۇنداق بولغاندا، سەن قىلىچىڭنى ئۇھۇد تېغىغا ئاپىرىپ، قىلىچ سۇنغىچە بىسى ياتقىچە تاشقا ئۇرۇپ، ئاندىن ئۆيۈڭدە مەھكەم ئولتۇرغىن، ھەتتا، ساڭا بىرەر خاتالاشقۇچى قول ياكى ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم سەۋەبلىرى كەلگەنگە قەدەر ئۆيۈڭدە ئولتۇرغىن. بۇ كىشى راستتىنلا شۇنداق بولدى،ئۇ مەن شۇنداق قىلدىم دېگەن ، ئىبنى ماجە 3952 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17299 ـ ھەدىس، سەھىھ، بۇنداق قىلغان ساھابىلەر، تابىئىنلار كۆپتۇر.

إنها صلاة رغبة و رهبة سألت الله فيها ثلاث خصال فأعطاني اثنتين و منعني واحدة سألته أن لا يسحتكم بعذاب أصاب من كان قبلكم فأعطانيها و سألته أن لا يسلط على بيضتكم عدوا فيجتاحها فأعطانيها و سألته أن لا يلبسكم شيعا و يذيق بعضكم بأس بعض فمنعنيها (ع طب الضياء)عن خالد الخزاعي ( حم ت ن حب الضياء ) عن خباب

2433. خالىدىلخۇزائى خەببات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بۇ، ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلىنى ئۈمىد قىلىپ، قىزىقىپ ئوقۇلغان ناماز بولدى، مەن ئاللاھتائالادىن بۇ نامازدا ئۈچ خىسلەت ئىشنى سورىسام، ماڭا ئىككىنى بېرىپ، بىرىنى بەرمىدى، بىرىنى بەرمىدى، مەن ئاللاھدىن سىلەرنى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە يەتكەن قەھەتچىلىكتەك ئازاب بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، ماڭا ئۇنى بەردى، مەن ئاللاھدىن سىلەرنىڭ خەلىپىلىك سەلتەنەتىڭلارغا دۈشمەننى غالىب قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنىمۇ بەردى، ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ سەلتەنەتنى بۇلاپ تارتىۋالىدۇ ئىسلام ئۈممىتىنى ھالاك قىلىدۇ، مەن ئاللاھدىن سىلەرنى پىرقە ـ پىرقىگە بۆلۈۋەتمەسلىكنى ئىختىلاپ قىلدۇرماسلىقنى، بەزىڭلارنىڭ ئازابىنى بەزىڭلارغا تېتىتماسلىقنى سورىسام، بۇنى ماڭا بەرمىدى، بۇ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلمىدى. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنى ئالىملار سۈرە ئەنئام 65 ـ ئايەتكە تەپسىر قىلىشىدۇ، بۇ ئايەتتە ئاللاھ «سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ، بىرىڭلارغا ـ بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىپشقا قادىردۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستتىنلا شۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن، ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئەمما ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، مۆجتەھىدلەر بولار توغرا قىلغىنى ئىككى ئەجىر ئالسا، خاتالاشقىنى بىر ئەجىر ئالاتتى، خاتالىقى ئەپۇ قىلىناتتى، ئۇلار يۇسۇق ئەلەيھىسسالام ئاكا ـ ئىنىلىرىدەك ئۇرۇشۇپ قالغان، بىز بۇنى توغرا چۈشىنىمىز، تېخىمۇ توغرا چۈشۈنۈپ، تەپسىلىي بىلەي دېسىڭىز، ئىمام ئىبنى كەسىيرنىڭ «بەدايەت ۋە نەھايەت» دېگەن تارىخ كىتابىنى كۆرۈڭ.

( صحيح ) إنها طيبة تنفي الرجال كما تنفي النار خبث الحديد ( ق ن ) عن زيد بن ثابت

2434. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەدىنە پاكپاكىز قىلغۇچى تەييىبەتتۇر، ئۇ كىشىلەرنى خۇددى ئوت تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلىغاندەك تازىلاپ، پاك پاكىز قىلىۋېتىدۇ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنها لمباركة هي طعام طعم و شفاء سقم ( الطيالسي ) عن أبي ذر

2435. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن زەمزەم سۈيى بەرىكەتلىكتۇر، ئۇ تائامنىڭ ئورنىدا تائام بولىدۇ، كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنها ليست بدواء و لكنها داء – يعني الخمر – ( ن ) عن وائل بن حجر

2436. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ھاراق داۋا ئەمەس، كېسەلدۇر، شىپا ئەمەس، دەرد ـ ئەلەمدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

إنها ليست بنجس إنها من الطوافين عليكم و الطوافات – يعني الهرة – ( مالك حم 4 حب ك ) عن أبي قتادة ( د هق ) عن عائشة .

2437. ئەبۇ قەتادە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مۈشۈكلەر نىجىس ئەمەس، ئۇلار بولسا، سىلەرنى ئۆيۈڭلارنى زىيارەت قىلىپ، تاۋاپ قىلغۇچىلاردۇر، (نىجىس چاشقاننى يوقىتىدۇ) مالىك، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى ئالتە كىتابنىڭ تۆتى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إنها مباركة إنها طعام طعم – يعني زمزم – ( حم م ) عن أبي ذر

2438. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن زەمزەم سۈيى بەرىكەت ئاتا قىلىنغان سۇدۇر، ئۇ تائامنىڭ ئورنىدا تائام بولالايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إنها لا يرمى بها لموت أحد و لا لحياته و لكن ربنا تبارك و تعالى إذا قضى أمرا سبح حملة العرش: ماذا قال ربكم ؟ فيخبرونهم ماذا قال فيستخبر بعض أهل السموات بعضا حتى يبلغ الخبر هذه السماء الدنيا فيخطف الجن السمع فيقذفون إلى أوليائهم و يرمون فما جاءوا به على وجهه فهو حق و لكنهم يفرقون فيه فيزيدون ( حم ت ) عن ابن عباس ( م ت ) عنه عن رجل من الأنصار .

2439. ئىبنى ئاباس ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇ يۇلتۇزلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈم ياكى ھاياتى ئۈچۈن ئېتىلمايدۇ، ئېقىپ چۈشمەيدۇ، لېكىن رەببىمىز، ئاللاھتائالا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىپ كېتىدۇ، رەببىڭلار نېمە دېدى؟ دېيىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىرسى ـ بىرسىگە ئاللاھنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشىپ، ئاسمان ئەھلى بەزىسى ـ بەزىسىدىن خەۋەر تەلەپ قىلىشىپ تاكى ئۇ خەۋەر ھۆكۈم بولسا، مۇشۇ دۇنيا ئاسمىنىغىچە يېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى جىنلار ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ، قېچىپ، جىنكەش دوستلىرىغا تاشلايدۇ، ئۇ جىنلار ئەنە شۇ ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ، (زېمىنغا چۈشكىچە ساق قالىدىغىنى ئاز) ئۇلار ئۇز ئەينى ئېلىپ كەتكەن خەۋەر ھەق، راست ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ خەۋەردە پىرقە ـ پىرقىگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا چۈشكىچە ئىختىلاپ قىلىشىپ، نۇرغۇن يالغان سۆزلەرنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.بۇ سەھىھ ھەدىس جىنلار خەۋىرى، جىنكەش توغرىسىدا مۆجىزە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى ئىلىم پەندىمۇ، بولۇپمۇ ئاسترونومىيەدە مۆجىزە بولىدۇ، شۇنداقلا سۈرە سافقاتتىكى ئايەتلەر بۇ ھەدىس بىلەن شۇ ئايەتكە بەرگەن، ساھابە، تابىئىنلارنىڭ تەپسىر ئىزاھات، شەرھىيلىرى مۆجىزە بولماقتا، راستىنلا ئاقار يۇلتۇز بىر نەرسىنى

قوغلايدۇ، ئىزدەيدۇ، راستىنلا يۇلتۇزلار نۇرى ئاجرايدۇ، ئۆزى ئەمەس، نۇرى، ئۇتى ئاجراپ، ئاندىن مېتېئورىت تاشقا ئايلىنىپ ئاندىن قوغلاپ ئاتموسفېرادا كۆيۈپ، كۆيدۈرىدۇ، بۇ روشەن مۆجىزىدۇر.

( صحيح ) إنهما ليعذبان و ما يعذبان في كبير أما أحدهما فكان لا يستتره من البول و أما الآخر فكان يمشي بالنميمة ( حم ق 4 ) عن ابن عباس ( حم ) عن أبي أمامة

2440. ئىبنى ئاباس ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇ ئىككىسى قەبرىسىدە ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە چوڭ گۇناھى كەبىر توغرىسىدا ئازابلانمايدۇ، بىرسى بولسا، سىيدۈكتىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرسى سۇخەنچىلىك قىلىپ، گەپ ـ سۆز توشۇيتتى، مانا بۇ شۇ سەۋەبتىن ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنهما ليعذبان و ما يعذبان في كبير أما أحدهما فيعذب في البول و أما الآخر فيعذب في الغيبة ( حم ه ) عن أبي

2441. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، يۇقىرىقىسىغا ئوخشاشتۇر، سەھىھ.

( صحيح ) إنهم كانوا يسمون بأنبيائهم و الصالحين قبلهم ( حم م ت ) عن المغيرة .

2442. مۇغىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەريەم ئانىنى قۇرئاندا ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى دەپ كەلگەن ئايەتكە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ، ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قوياتتى، (يەنى بۇ ھارۇن شۇنداق ئىسىم قويۇلغان كىشى دېدى) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان ئايىتىنى ئۆزى تەپسىر قىلىپ بېرىشى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، بارلىق ھەدىسلەر قۇرئانغا تەپسىردۇر.

( صحيح ) إنهم يبعثون على نياتهم ( ت ه ) عن أم سلمة

2443. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالاك بولغانلار ئىچىدە سالىھ، ياخشى كىشىلەرمۇ بارغۇ؟ دېيىلگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن ئۇلار نىيەتلىرىگە، ئىخلاسلىرىغا ئاساسەن تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ دېگەن ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إنهم يخيروني بين أن يسألوني بالفحش أو يبخلوني و لست بباخل ( حم م ) عن عمر

2444. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇلار مېنى؛ مەندىن پاھىشە، قىلىنلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سوراشلىرى بىلەن مېنى بېخىل دەپ ئەيىبلەشلىرى ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىپ، تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ، مەن ھەرگىز بېخىل ئەمەس، (يەنى ئۇلار مەندىن پاھىشە بىلەن قىلىنلىق، قوپاللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ سورايدۇ، بەرمىسەم مېنى بېخىل دەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىمەن دېگەن ) مۇسلىم 1748 ـ ھەدىس، ئەھمەد 228 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إني أبرأ إلى الله أن يكون لي منكم خليل فإن الله قد اتخذني خليلا كما اتخذ إبراهيم خليلا و لو كنت متخذا من أمتي خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا ألا و إن من كان قبلكم كانوا يتخذون قبور أنبيائهم و صالحيهم مساجد ألا فلا تتخذوا القبور مساجد إني أنهاكم عن ذلك ( م ) عن جندب

2445. جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن سىلەردىن يېقىن دوست بولۇپ قېلىشىدىن، ئاللاھقا قاچىمەن، چۈنكى، ئاللاھتائالا مېنى ئىبراھىمنى دوست تۇتقاندەك يېقىن دوست تۇتتى، ماڭا شۇ كۇپايە، ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن يېقىن، سىرداش دوست تۇتماقچى بولسام ئەلۋەتتە، ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، (لېكىن،

ئىسلام قىرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر) ئاگاھ بولۇڭلاركى ، سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر پەيغەمبەرلىرىنىڭ، سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالاتتى، ئاگاھ بۇلۇڭلار ، سىلەر ھەرگىز قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ئۇنداق قىلىشتىن قاتتىق توسىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني أحدثكم الحديث فليحدث الحاضر منكم الغائب ( طب ) عن عبادة بن الصامت

2446. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىمەن، سىلەردىن بۇ جايدا ھازىر بولغانلار بۇ جايدىن غايىپ بولغانلارغا ھەدىس سۆزلەپ بەرسۇن، بۇ جايدا بارلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إني أحرج عليكم حق الضعيفين: اليتيم و المرأة ( ك هب ) عن أبي هريرة

2447. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرگە يېتىم بىلەن ئايال كىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەققىنى، ئېغىر گۇناھ دەپ ھېسابلايمەن، (يەنى ھارام دەپ قارايمەن، چۈنكى ئايەتتە ھارام دېيىلگەن) ھاكىم بىلەن بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

إني أحرم ما بين لابتي المدينة أن يقطع عضاهها أو يقتل صيدها المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون لا يدعها أحد رغبة عنها إلا أبدل الله فيها من هو خير منه و لا يثبت أحد على لأوائها و جهدها إلا كنت له شفيعا أو شهيدا يوم القيامة و لا يريد أحد أهل المدينة بشر إلا أذابه الله في النار ذوب الرصاص أو ذوب الملح في الماء حم م)عن سعد

2448. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ئىككى تەرەپ ئارىسىنى ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ كېسىلىشىنى، ئوۋلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھارام قىلىمەن، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلارغا ياخشىدۇر، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى تاشلاپ كەتسە ، ئاللاھ مەدىنىگە ئۇنى تاشلاپ كەتكەن كىشىدىن ياخشىراق كىشىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىنىڭ بالالىرىغا ، قىيىنچىلىق ، مۇشەققەتلىرىگە، دەرد ـ ئەلەملىرىگە سەۋرە قىلىپ چىداپ، مۇقىم تۇرسا، مەن بۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇپ، شاپائەت قىلىمەن، ھەرقانداق بىر كىشى مەدىنىگە ئۇنىڭ ئەھلىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا ، ئاللاھتائالا ئۇنى دوۋزاخ ئوتى ئىچىدە خۇددى قوغۇشۇن، مىس، تۇچلارنى ئوتتا ئېرىتكەندەك ، سۇدا تۇز ئېرىگەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ، (يەنە ئەسلىگە كەلسە، يەنە كۆيدۈرۈپ ئېرىتىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إني أرى ما لا ترون و أسمع ما لا تسمعون أطت السماء و حق لها أن تئط ما فيها موضع أربع أصابع إلا و ملك واضع جبهته لله تعالى ساجدا و الله لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا و لبكيتم كثيرا و ما تلذذتم بالنساء على الفرش و لخرجتم إلى الصعدات تجأرون إلى الله ( حم ت ه ك ) عن أبي ذر

2449. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەر كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيمەن، ئاڭلىيالمىغاننى ئاڭلايمەن، ئاسمان غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەق، لايىقتۇر، چۈنكى، ئاسماندا تۆت بارماقنىڭ يەنى بىر ئالقاننىڭ يېرىمىچىلىك ئورۇنلا بولسا، شۇ جايغا پەرىشتە، ئاللاھ ئۈچۈن سەجدە قىلغان ھالدا پېشانىسىنى قويۇپ تۇرۇغلۇق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، كۆرپە، تۆشەكلەر ئۈستىدە ئاياللىرىڭلاردىن لەززەت ئالالمايتتىڭلار، ئەلۋەتتە، ئېگىز ـ ئېگىز تاغلارغا، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ چىقىپ كېتەتتىڭلار، ئاللاھ ئاللاھ! دەپ كېتەتتىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

إني أراك تحب الغنم و البادية فإذا كنت في غنمك أو باديتك فأذنت للصلاة فارفع صوتك بالنداء فإنه لا يسمع مدى صوت المؤذن جن و لا إنس و لا حجر و لا شيء إلا شهد له يوم القيامة ( حم مالك خ ن ه ) عن أبي سعيد

2450. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىنى قويلارنى يېزا، يايلاق، جاڭگاللارنى ياخشى كۆرىدىغان كۆردۈم، سەن يايلاقتا قويلىرىڭ ئارىسىدا بولساڭمۇ نامازغا ئەزان توۋلىغىن، ئەزان توۋلىغاندا ئاۋازىڭنى يۇقىرى كۆتۈرگىن، چۈنكى، مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى، ئاۋازى يەتكەن، جاراڭلىق نىدانى جىنلار، ئىنسانلار، ھەتتا تاش، چالمىلارمۇ ھەرقانداق بىر نەرسە ئاڭلىسا، قىيامەت كۈنى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىدۇ، ئەھمەد، مالىك، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، بۇ ھەدىستە ھەربىر شەيئى ھەتتا تاش ـ چالمىمۇ نىدانى، ئاۋازنى ئاڭلاپ قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى بولۇشى سۆزلەنگەن، بىرىنچىدىن جانسىز بۇ ماددىلار سۆزلەيدۇ، خۇددى ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، رادىئو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېردەك بولۇپمۇ تېلېفون. ئىككىنچىدىن ئاۋازلار ھەربىر شەيئىدە ھەتتا تاشلاردا قېلىپ قالىدۇ، بۇنى كەلگۈسىدە ئىلغار ئۇسكۇنىلەر مەيدانغا كەلسە، يېڭى كەشپىياتلار مەيدانغا كەلسە، چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ، سۈرەت، ئاۋاز چوقۇم قېلىپ قالىدۇ، بۇ سىرلىق مۆجىزىلەر تەنتاۋىيدا، ھارۇن يەھيانىڭ كىتاب، فىلىملىرىدە كۆپتۇر.

( صحيح ) إني أريت ليلة القدر ثم أنسيتها فالتمسوها في العشر الأواخر في الوتر و إني رأيت أني أسجد في ماء و طين من صبيحتها ( مالك حم ق ن ه ) عن أبي سعيد

2451. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا قەدىر كېچىسى چۈشۈمدە كۆرسىتىلگەن، ئاندىن كېيىن ئۇنتۇلدۇرۇلدۇم، ئۇنى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈن ئىچىدە، تاق كېچىلەردە ئىزدەڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى قەدىر كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى سۇ بىلەن لايغا سەجدە قىلىپ كۆردۈم، (يەنى ئالامىتى قار ـ يامغۇردۇر) مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إني أعطي رجالا حديثي عهد بكفر أتألفهم أما ترضون أن يذهب الناس بالأموال و ترجعون إلى رحالكم برسول الله ؟ فوالله لما تنقلبون به خير مما ينقلبون به إنكم سترون بعدي أثرة شديدة فاصبروا حتى تلقوا الله و رسوله فإني فرطكم على الحوض ( ق ) عن أنس

2452. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەنسارىلارغا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، كۇفرىلىقتا زامانى يېڭى بولغان كىشىلىرىگە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىمەن، كىشىلەر مال ـ دۇنيا بىلەن قايتسا، سىلەر ئۆيۈڭلەرگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن قايتساڭلار يەنە رازى بولامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىللە قايتقان نەرسە، ئۇلار ئېلىپ قايتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر، ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىكنى ماڭلا بولسا دېگەننىلا كۆرۈسىلەر ، سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىپ، چىداڭلار، مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر يېنىدا ساقلايمەن، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني أعطي قريشا لأتألفهم لأنهم حديثو عهد بجاهلية ( خ ) عن أنس

2453. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇتتۇپلىش، ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىمەن، چۈنكى، ئۇلارنىڭ زامانى، جاھالىيەتكە بەكلا يېقىندۇر، يېڭىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني أعطي قوما أخاف ظلعهم و جزعهم و أكل قوما إلى ما جعل الله في قلوبهم من الخير و الغنى منهم عمرو بن تغلب ( خ ) عن عمرو بن تغلب

2454. ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر قىسىم كىشىلەرگە نەرسە بېرىمەن، چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ

بۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ھەققەتتىن مايىل بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق غەم ـ قايغۇلىرىدىن ئەنسىرەيمەن ، بەزى قەۋملەرنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدە قىلىپ بەرگەن ياخشىلىققا بىھاجەتلىكىگە قەلبىدىكى بايلىقىغا تاپشۇرىمەن، ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني أوعك كما يوعك رجلان منكم ( حم م ) عن ابن مسعود

2455. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەققەتەن مەن سىلەردىن ئىككى كىشى قاتتىق قىززىپ كېسەل بولغاندەك قىزىتما كېسەل بولدۇم دېگەن ، ئەجرىمۇ ئىككى كىشىلىك بولىدۇ، بۇخارى 5216 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4663 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3988 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إني بين أيديكم فرط لكم و أنا شهيد عليكم و إن موعدكم الحوض و إني و الله لأنظر إلى حوضي الآن و إني قد أعطيت مفاتيح خزائن الأرض و إني و الله ما أخاف عليكم أن تشركوا بعدي و لكني أخاف عليكم الدنيا أن تنافسوا فيها ( حم ق ) عن عقبة بن عامر

2456. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېرىپ، سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمەن، سىلەر ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئەجرىنىڭ ئورنىدا بولىمەن ، مەن سىلەرگە گۇۋاھچى بولىمەن ، ھەققەتەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن جاي، ھەۋزى كەۋسەر بولىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن ھازىر ھەۋزى كەۋسەرگە قاراپ ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن، ھەققەتەن ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈپ، مۇشرىك بولۇشۇڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن، مەن سىلەرنىڭ دۇنياغا قىزىقىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) إني تارك فيكم خليفتين: كتاب الله حبل ممدود ما بين السماء و الأرض و عترتي أهل بيتي و إنهما لن يتفرقا حتى يردا علي الحوض ( حم طب ) عن زيد بن ثابت .

2457. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاراڭلارغا ئىككى ئىز باسار، قالدۇق نەرسىنى قويۇپ كېتىمەن، بىرى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بولۇپ، ئۇ ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىغا ئۇزۇن تارتىلغان ئارغامچىدۇر، (كىم ئۇنىڭغا ئېسىلسا، نىجات تاپىدۇ، ھىدايەت تاپىدۇ) يەنە بىرسى بولسا، مېنىڭ ئەھلى بەيتىم، يەنى سۈننىتىم، ھەققەتەن بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا بىللە كەلگەنگە قەدەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

إني تارك فيكم ما إن تمسكتم به لن تضلوا بعدي أحدهما أعظم من الآخر كتاب الله حبل ممدود من السماء إلى الأرض و عترتي أهل بيتي و لن يتفرقا حتى يردا علي الحوض فانظروا كيف تخلفوني فيهما(ت)عن زيد بن أرقم

2458. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاراڭلاردا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، مەندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرسى يەنە بىرىدىن ئۇلۇغ، كاتتىدۇر، ئۇ بولسا، ئاللاھنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت كىتابىنى بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن زېمىنغا سوزۇلغان ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، (بۇ ئارغامچىغا ھەممىڭلار بىرلىكتە مەھكەم ئېسىلىڭلار) يەنە بىرسى بولسا، مېنىڭ ئەھلى بەيتىم بولىدۇ، (يەنى سۈننەت ھەدىس) بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر بىر ـ بىرىدىن قەتئىي ئايرىلمايدۇ، سىلەر ئۇ ئىككىسىدە ماڭا قانداقراق ئىز باسار، خەلىپە بولغانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار (پادىچىلىققا دىققەت قىلىڭلار) تىرمىزى 3720 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10707 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إني حدثتكم عن الدجال حتى خشيت أن لا تعقلوا إن المسيح الدجال رجل قصير أفحج جعد أعور مطموس العين ليست بناتئة و لا حجراء فإن ألبس عليكم فاعلموا أن ربكم ليس بأعور و أنكم لن تروا ربكم حتى تموتوا ( حم د ) عن عبادة بن الصامت .

2459. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بەردىم، شۇنداقتىمۇ مەن سىلەرنىڭ ئەقىل قىلىپ چۈشىنەلمەسلىكىڭلاردىن ئەنسىرەپ قالدىم، بىلىۋېلىڭلاركى، ھەقىقەتەن دەججال پاكىنەك ئەر كىشىدۇر، ئىككى پاچىقىنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئىنچىكە پاچاقتۇر، ئۆزى سەت، قوپال، چاچلىرى چۈۋۈق، بىر كۆزى كور، يەكچەشمە بولۇپ، بىر كۆزى تۈزلا،سىلىقۋەتكەندەك قارىغۇ قىلىنغان، بەكمۇ تېشىغا چىقىغلىق ئەمەس، ئىچىگە كىرىگلىكمۇ ئەمەس، ئورا كۆزمۇ ئەمەس، ئەگەر سىلەرگە ئېلىشىپ كەتسە، شۇنى بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس (ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق، ئىككى كۆزى باردۇر) ھەقىقەتەن سىلەر ئۆلۈپ ئاخىرەتكە بارمىغۇچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر، ئەھمەد 21701 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3763 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إني حرمت ما بين لابتي المدينة كما حرم إبراهيم مكة ( م ) عن أبي سعيد .

2460. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن مەدىنىنىڭ ئىككى تەرەپ ئىككى سايلىق ئارىسىنى خۇددى ئىبراھىم مەككىنى ھارام قىلغاندەك ھارام قىلدىم، (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ھەرەمەيىن دېيىلىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني خرجت لأخبركم بليلة القدر و إنه تلاحى فلان و فلان فرفعت و عسى أن يكون خيرا لكم فالتمسوها في السبع و التسع و الخمس ( حم خ ) عن عبادة بن الصامت

2461. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە قەدىر كېچىسىنى خەۋەر قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، لېكىن، پالانى بىلەن پالانى دە ـ تالاش قىلىپ، جېدەل ، مۇنازىرە قىلىشىپ، ئۇ مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئۇنتۇپ قېلىشىمىمۇ سىلەرگە ياخشى بولۇشى مۇمكىن، قەدىر كېچىسىنى، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدە، توققۇزىدا، بەشىنچى كېچىلىرىدە ئىزدەڭلار، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني ذاكر لك أمرا و لا عليك أن لا تعجلي حتى تستأمري أبويك إن الله تعالى قال: ( يا أيها النبي قل لأزواجك إلى قوله ( عظيما ) . ( ق ن ه ) عن عائشة

2462. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ساڭا بىر ئىشنى دەيمەن، ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئالدىراپ كەتمىگىن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى پاراۋان تۇرمۇشنى، دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي» سۈرە ئەھزاپ 28ـ ئايەت، ئەلىيم غىچە ئوقۇدى، كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاللىدى، ئاخىرەتكە تۇردى، ھەممىسى شۇنداق قىلدى، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إني ذكرت و أنا في العصر شيئا من تبر كان عندنا فكرهت أن يبيت فأمرت بقسمه ( ن ) عن عقبة بن الحارث

2463. ئۇقبەت ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆيىمىزدىكى ئىشلىتىلىپ باقمىغان ئازراق ئالتۇننى ئېسىمگە ئېلىپ قالدىم، ئۇ تويپا ئارىلاش خام ئالتۇننىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر كېچە قونۇپ قېلىشىنىمۇ ياقتۇرماي ئۇنى تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇۋېتىپ

چىقتىم، نەسەئى 1348 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18611 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إني راكب غدا إلى يهود فمن انطلق منكم معي فلا تبدءوهم بالسلام فإن سلموا عليكم فقولوا: و عليكم ( حم ه ) عن أبي عبدالرحمن الجهني ( حم ن الضياء ) عن أبي بصرة .

2464. ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەبۇ بەسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئەتە يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا بارىمەن، سىلەردىن بىر كىم مەن بىلەن بىللە بارسا، سالامنى ئۇلارغا باشتا قىلمىسۇن، ئەگەر ئۇلار سالام قىلسا، ۋەئەلەيكۇم دەپلا قويسۇن، (چۈنكى ئۇلار ئەسسام يەنى ئۆلۈم سىلەرگە بولسۇن دەيدۇ) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

إني رأيت في المنام كأن جبريل عند رأسي و ميكائيل عند رجلي يقول أحدهما لصاحبه: اضرب له مثلا فقال: اسمع سمعت أذنك و اعقل عقل قلبك إنما مثلك و مثل أمتك كمثل ملك اتخذ دارا ثم بنى فيها بيتا ثم جعل فيها مائدة ثم بعث رسولا يدعو الناس إلى طعامه فمنهم من أجاب الرسول و منهم من تركه فالله هو الملك و الدار الإسلام و البيت الجنة و أنت يا محمد رسول من أجابك دخل الإسلام و من دخل الإسلام دخل الجنة و من دخل الجنة أكل ما فيها ( خ ت ) عن جابر

2465. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن چۈشۈمدە مۇنداق كۆرۈپتىمەن، گوياكى جىبرىئىل بېشىمدا تۇرۇپتۇ، مىكائىل پۇتۇمنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار بىرسى ـ بىرسىگە بۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈرگىن دەۋاتىدۇ، مىسال كەلتۈرگۈچى مۇنداق دېدى، ئاڭلا، قۇلىقىڭ ئاڭلىدى، ئەقىل قىلىپ چۈشەنگىن، دىلىڭ چۈشەندى، ھەققەتەن ئۈممىتىڭ بىلەن سېنىڭ ئوخشىشىڭ مۇنۇ مىسالغا ئوخشايدۇ، بىر پادىشاھ كەڭ ھويلىنىڭ ئىچىگە ئۆي سالىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئۆيگە زىياپەت، دوسقان سالىپتۇ، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئەلچى كىشىلەرنى تائامغا چاقىرىدۇ، ئەلچىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ كىرگەنلەر بار، تەرك ئەتكەنلەرمۇ باردۇر. ئۇ پادىشاھ ئاللاھدۇر، ھويلا، ئىسلام دىنى، ئۆي جەننەتتۇر، سەن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلچى شىز، سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ ساڭا جاۋاب بەرگەن كىشى ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، ئىسلامغا كىرگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتكە كىرگەن كىشى زىياپەتتىن يەيدۇ، (ئۇنداق قىلمىسا، ئىسلامغا كىرمىسە، ساڭا ئەگەشمىسە، جەننەتكە ئەمەس، دوزاققا كىرىدۇ) بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إني صليت صلاة رغبة و رهبة و سألت الله لأمتي ثلاثا فأعطاني اثنتين و رد علي واحدة: سألته أن لا يسلط عليهم عدوا من غيرهم فأعطانيها و سألته أن لا يهلكهم غرقا فأعطانيها و سألته أن لا يجعل بأسهم بينهم فردها علي ( حم ه ) عن معاذ

2466. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن بۇ قېتىم ئاللاھدىن قورقۇپ، ھەم رەھمىتىگە قىزىقىپ، ئۈمىد قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم، ئۈممىتىم ئۈچۈن ئاللاھدىن ئۈچ خىسلەت نەرسە سورىسام، ئىككىسىنى بېرىپ، بىرىنى رەت قىلدى، مەن ئاللاھدىن ئۈممىتىمگە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلماسلىقنى سورىسام، ماڭا ئۇنى بەردى، ئۇلارنى سۇدا، توپاندا ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، ماڭا ئۇنىمۇ بەردى، مەن ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئازابىنى بەزىسىگە قىلىپ قويماسلىقنى سورىسام، بۇنى رەت قىلدى، (راستىنلا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ)، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إني على الحوض حتى أنظر من يرد علي منكم و سيؤخذ أناس دوني فأقول: يا رب مني و من أمتي ! فيقال: هل شعرت ما عملوا بعدك؟والله ما برحوا بعدك يرجعون على أعقابهم(ق)عن أسماء بنت أبي بكر حم م )عن عائشة .

2467. ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ھەۋزى كەۋسەر ئۈستىدە سىلەردىن ماڭا كېلىدىغان كىشىلەرگە قاراپ تۇرىمەن، پات يېقىندا نۇرغۇن كىشىلەر قېشىمغا كېلەلمەي، مەندىن يىراق

جايدا تۇتۇلىدۇ، مەن ئى رەببىم، ئۇلار مەندىن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلەمسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سەندىن كېيىن ئارقىغا قايتىپ، چېكىنىپ، ئىسلامدىن يېنىۋېلىشۋەردى، مۇرتەد بولۇپ كەتتى دېيىلىدۇ ، بەيھەقى، ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إني فرطكم على الحوض من مر بي شرب و من شرب لم يظمأ أبدا و ليردن علي أقوام أعرفهم و يعرفوني ثم يحال بيني و بينهم فأقول: إنهم مني فيقال: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك فأقول: سحقا سحقا لمن بدل بعدي ( حم ق ) عن سهل بن سعد وأبي سعيد

2468. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتەلىگەن كىشى ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئەلۋەتتە، ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلار مېنى تونۇيدۇ، ئاندىن ئارىلىقىمىز توسۇلۇپ قالىدۇ، مەن ھەقىقەتەن ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن، نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەمسەن دېيىلىدۇ ، مەن ئاندىن مەندىن كېيىن دىنىمنى ئۆزگەرتكەن، دىننى ئالماشتۇرغان، دىندا بىدئەت پەيدا قىلغانلارغا ھالاكەت بولسۇن، ئۇلار ھالاك بولسۇن دەيمەن، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إني فرطكم على الحوض و إن عرضه كما بين أيلة إلى الجحفة أني لست أخشى عليكم أن تشركوا بعدي و لكن أخشى عليكم الدنيا أن تنافسوا فيها و تقتتلوا فتهلكوا كما هلك من كان قبلكم ( م ) عن عقبة بن عامر

2469. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر يېنىدا ساقلاپ تۇرىمەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كەڭلىكى، شامدىكى ئەيلەت دېگەن جايدىن جەھپەتكىچە بولغان ئارلىقدەك كەڭدۇر، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن شېرىك كەلتۈرۈشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، لېكىن، سىلەرگە مۇشۇ دۇنيادىن ئەنسىرەيمەن، دۇنياغا قىزىقىپ كېتىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

إني قد اتخذت خاتما من فضة و نقشت عليه محمد رسول الله فلا ينقش أحد على نقشه ( حم ق ) عن أنس

2470. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن مەن كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك سالدىم، ئۇنىڭغا «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ نەقىش چەكتۈردۈم، بىر كىشى ئۈزۈكىگە شۇ نەقىشكە ئوخشاش نەقىش چەكتۈرمىسۇن،ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني قد بدنت فإن ركعت فاركعوا و إذا رفعت فارفعوا و إذا سجدت فاسجدوا و لا ألفين رجلا سبقني إلى الركوع و لا إلى السجود ( ه ) عن أبي موسى .

2471. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سەمرىپ قالدىم، قېرىپمۇ قالدىم، رۇكۇ قىلسام ئاندىن كېيىن سىلەر رۇكۇ قىلىڭلار، بېشىمنى كۆتۈرسەم كۆتۈرۈڭلار، سەجدە قىلسام ئاندىن كېيىن سىلەر سەجدە قىلىڭلار، مەن بىرەر كىشىنىڭ رۇكۇ، سەجدىگە مەندىن بۇرۇن ئىلگىرىلەپ كەتكىنىنى تېپىپ قالماي. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني كرهت أن أذكر الله إلا على طهر ( د ن حب ك ) عن المهاجر بن قنفذ .

2472 .مۇھاجىر ئىبنى قونپۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تاھارەتسىز سالام قايتۇرمىغاندا،مۇنداق دېگەن:ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنى تاھارەتسىز ئەسلەپ، تىلغا ئېلىپ قېلىشنى ياقتۇرمىدىم،ئاللاھنى تاھارەت بىلەنلا ئەسلەيمەن،ئەبۇ

داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح) إني كنت أمرتكم أن تحرقوا فلانا و فلانا بالنار و إن النار لا يعذب بها إلا الله فإن أخذتموهما فاقتلوهما (حم خ ت) عن أبي هريرة

2473. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى پالانى بىلەن پالانىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشۈڭلارغا بۇيرۇغان ئىدىم، ھەقىقەتەن ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ، پەقەت ئاللاھلا ئازابلايدۇ ، باشقىسى ئازابلىيالمايدۇ، ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇۋالساڭلار، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، كۆيدۈرمەي ئۆلتۈرۈڭلار، ئەھمەد ، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إني كنت نهيتكم: أن تأكلوا لحوم الأضاحي إلا ثلاثا فكلوا و أطعموا و ادخروا ما بدا لكم و ذكرت لكم: أن لا تنبذوا في الظروف: الدباء و المزفت و النقير و الحنتم انتبذوا فيما رأيتم و اجتنبوا كل مسكر و نهيتكم عن زيارة القبور فمن أراد أن يزور فليزر و لا تقولوا هجرا ( ن ) عن بريدة .

2474. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق يېيىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى يەۋېرىڭلار، باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىڭلار سىلەر خالىغانچە ساقلاپ، ئىلىپ قويۇڭلار، مەن سىلەرگە ھەرخىل قاچا، تاۋاقلارغا ئىچىملىك چىلاپ ئىچمەسلىكىڭلارنى دېگەن ، قاپاق تۇتقىسى بار رومكا، ياغاچ بىلەن چېپىپ ياسالغان تولۇن ، قاچا، ھەنتەم يەنى لاي، يۇڭ بىلەن ياسالغان قاچىلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى خالىغانچە چىلاپ ئىچىۋېرىڭلار، ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن ھەزەر قىلىپ، يىراق بۇلۇڭلار ، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، زىيارەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى زىيارەت قىلىۋەرسۇن، لېكىن، سىلەر پاھىشە بىزەپ سۆزلەرنى قىلماڭلار، نەسەئى 2006 ـ ھەدىس، سەھىھ.

إني كنت نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها لتذكركم زيارتها خيرا و كنت نهيتكم عن لحوم الأضاحي بعد ثلاث فكلوا و أمسكوا ما شئتم و كنت نهيتكم عن الأشربة في الأوعية فاشربوا في أي وعاء شئتم و لا تشربوا مسكرا ( حم م ت ن ) عن بريدة

2475. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشدىن توسقان ئىدىم، ئەمدى سىلەر زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، قەبرىنى زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى ياخشىلىق قىلىشنى ئەسلىتىدۇ، مەن سىلەرنى قۇربانلىق قويىنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئوشۇق يېمەسلىككە بۇيرۇپ، ئۈنىڭدىن ئوشۇق ساقلاپ يېيىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى يەڭلار، خالىغانچە ساقلاپ يەڭلار، مەن سىلەرنى نۇرغۇن تولۇن ، قاچا، تاۋاقلاردىكى شارابلاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى قانداق تولۇن، قاچىلاردا ئىچىشنى خالساڭلار ئىچىۋېرىڭلار، مەست قىلغۇچىنى ھەرگىز ئىچمەڭلار، (چۈنكى ئۇ ھارام) ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە مەنسۇخ، ئەمەلدىن قېلىشقا ئاندىن ناسىخ، كۈچكە ئىگە مەسىلىلەرگە دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت بار، بۇ مەلۇم ھېكمەتتىن دۇرۇستۇر، ئاياللار قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن چەكلىنىدۇ.

( صحيح ) إني كنت نهيتكم عن لحوم الأضاحي فوق ثلاث كيما تسعكم فقد جاء الله بالخير فكلوا و تصدقوا و ادخروا إن هذه الأيام أكل و شرب و ذكر الله ( حم م ن ه ) عن نيشة .

2476. نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قۇربانلىق گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشنى توسقان ئىدىم، بۇ ئىشىم سىلەرگە كەڭرى بولسۇن ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى ئاللاھ ياخشىلىقنى مال ـ دۇنيانى كەڭرى بەردى، يەڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، ساقلاپ، ئىلىپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ كۈنلەر يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى تەكبىر ئېيتىشنىڭ كۈنلىرىدۇر. ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن بۇ كۈنلەردە يەنى قۇربان ھېيت كۈنى ئۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە روزا تۇتۇش چەكلىنىدۇ، روزا ھېيت كۈنىمۇ چەكلىنىدۇ.

( صحيح ) إني لأتوب إلى الله تعالى في اليوم سبعين مرة ( ن حب ) عن أنس

2477. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئاللاھتائالاغا ھەر كۈنى 70 قېتىم تەۋبە قىلىمەن (ئىستىغفار، مەغپىرەت سوراشمۇ بار دۇر) نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان.

(صحيح) إني لأدخل في الصلاة و أنا أريد أن أطيلها فأسمع بكاء الصبي فأتجوز في صلاتي مما أعلم من شدة وجد أمه ببكائه (حم ق ه) عن أنس

2478. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ناماز ئىچىگە كىرىپ ئۇزۇن ئوقۇشنى ئىرادە قىلىمەن، كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قاتتىق غەم قىلغىنىنى بىلگەنلىكىمدىن نامىزىمنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇيمەن، بۇخارى 668 ـ ھەدىس، مۇسلىم 723 ـ ھەدىس، تىرمىزى 343 ـ ھەدىس، نەسەئى 1123 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 754 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 979 ـ ھەدىس، ئەھمەدتە بۇ ھەدىس 26 قېتىم كېلىدۇ، 12377 ـ ھەدىسلەر سەھىھ، بەيھەقى، دارىمى 1232 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأراكم من و رائي كما أراكم ( خ ) عن أنس

2479. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئالدىمدىن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرەلەيمەن، (بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن مۆجىزە، خۇددى كۆزى ئۇخلاپ دىلى ئۇخلىمىغاندەك) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأرجو أن أفارقكم و لا يطلبني أحد منكم بمظلمة ظلمته ( ه ) عن أبي سعيد

2480. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن، بىرەرسىڭلارنىڭ مەن قىلىپ سالغان زۇلۇمنى مەندىن تەلەپ قىلمىغان ھالەتتە ئايرىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، يەنى بىرەرسىڭلارغا زۇلۇم قىلمىغان ھالدا ئايرىلسام دەيمەن، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايتتى، بۇ دېگەن سۆزى بىزگە شۇنداق بولۇڭلار دېگەن بولىدۇ.

( صحيح ) إني لأرجو أن لا تعجز أمتي عند ربها أن يؤخرهم نصف يوم ( حم د ) عن سعد .

2481. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۇلارنى يېرىم كۈن كېچىكتۈرۈۋېتىشىدىن ئاجىز كەلمەسلىكنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، (يەنى 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن) (ئۇ بىر كۈن 1000 يىلچە كېلىدۇ، مۆئمىنگە ئۇنداق ئەمەس) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأرجو أن لا يدخل النار أحد إن شاء الله ممن شهد بدرا و الحديبية( حم ه ) عن حفصة

2482. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھ خالىسا، بەدىر ئۇرۇشىغا ۋە ھۇدەيبىييە ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشىلەردىن بىر كىشىنىڭمۇ دوۋزاخقا كىرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، (بۇلارغا ئايەتتىمۇ پەزىلەت سۆزلەنگەن) ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأستغفر الله في اليوم سبعين مرة ( ت ) عن أبي هريرة

2483. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ھەر كۈنى 70 قېتىم ئاللاھتائالادىن مەغپىرەت سورايمەن، ئىستىغفار ئوقۇيمەن، (يۇقىرىدا تەۋبە قىلىمەن دېگەن ھەدىس ئۆتتى، بۇنى سۆزلەپ بىرىشى سىلەر شۇنداق قىلىڭلار دېگەن بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأسمع بكاء الصبي فأتجوز في الصلاة ( ه ) عن عثمان ابن أبي العاص

2484. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولغان نامىزىمنى،قىسقا يەڭگىل ئوقۇيمەن.ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (ئۇ چاغلاردا ئاياللارمۇ مەسجىددە جامائەت بولۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، ناماز ئوقۇيتتى، مەلۇم سەۋەبدىن نامازغا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزمەي يەڭگىل، قىسقا ئوقۇسا بولىدۇ).

إني لأعرف آخر أهل النار خروجا من النار و آخر أهل الجنة دخولا الجنة رجل يؤتى به يوم القيامة فيقال: اعرضوا عليه صغار ذنوبه و ارفعوا عنه كبارها فيقال له: عملت يوم كذا و كذا كذا و كذا و عملت يوم كذا و كذا كذا و كذا فيقول: نعم لا يستطيع أن ينكر و هو مشفق من كبار ذنوبه أن تعرض عليه فيقال له: فإن لك مكان كل سيئة حسنة فيقول: يا رب عملت أشياء لا أراها هاهنا (حم م ت) عن أبي ذر

2485. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىش جەھەتتىن جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشىنى ئوبدان تونۇيمەن، بۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى كەلتۈرۈلۈپ، پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېيىلىدۇ ، ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنىڭ كىچىكلىرىنى تەڭلەڭلار، ئۇنىڭدىن چوڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار، ئاندىن ئۇ كىشىگە پالانى كۈنى پالانى ئىشنى، پوكۇنى كۈنى پوكۇنى ئىشنى قىلدىڭ، پالانى كۈنى مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ دېيىلىدۇ ، ئۇ ئىنكار قىلىشقا قادىر بولالماي، ھەئە شۇنداق دەيدۇ، راست مەن قىلغان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ گۇناھلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭلىرىنىڭ تەڭلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سەن ئۇچۇن ھەربىر يامانلىقنىڭ باراۋىرىگە بىردىن ياخشىلىق بېرىلىدۇ دېيىلىدۇ ، ئاندىن ئۇ ئى رەببىم ئاللاھ، مەن نۇرغۇن ئىشلارنى بەزى گۇناھلارنى قىلغان ئىدىم، بۇ جايدا ئۇ ئىشلارنى كۆرمىدىمغۇ؟ دەپ قالىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئاللاھ خالىغان كىشىگە يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأعرف أصوات رفقة الأشعريين بالقرآن حين يدخلون بالليل و أعرف منازلهم من أصواتهم بالقرآن بالليل و إن كنت لم أر منازلهم حين نزلوا بالنهار ( ق ) عن أبي موسى .

2486. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەشئەرىيلەرنىڭ كېچىدە كىرگەن چاغدىكى قۇرئانغا بولغان مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى تونۇۋالالايمەن، گەرچە مەن ئۇلارنىڭ كۈندۈزى چۈشكەن چاغدىكى مەنزىللىرىنى، جايلىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان ئاۋازلىرىدىن مەنزىل ئورۇنلىرىنى كېچىدىمۇ تونۇيالايمەن، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إني لأعرف حجرا بمكة كان يسلم علي قبل أن أبعث ( حم م ت ) عن جابر بن سمرة

2487. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەككىدىكى بىر تاشنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇ تاش مەن پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىمدىن بۇرۇنمۇ ماڭا سالام قىلاتتى، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأعطي رجالا و أدع من هو أحب إلي منهم لا أعطيه شيئا مخافة أن يكبوا في النار على وجوههم ( حم ن ) عن سعد .

2488. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە قەلبىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن نەرسە بېرىمەن، ماڭا ئۇلاردىن دوستراق، سۆيۈملۈكرەك بولغان كىشىلەرنى بولسا، نەرسە بەرمەي قالدۇرىمەن، ئۇلارغا نەرسە بېرىشىم، ئۇلارنىڭ دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈندۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**إني لأعلم آخر أهل النار خروجا منها و آخر أهل الجنة دخولا الجنة رجل يخرج من النار حبوا فيقول الله له: اذهب فادخل الجنة فيأتيها فيخيل إليه أنها ملأى فيرجع فيقول: يا رب وجدتها ملأى ! فيقول الله له: أذهب فأدخل الجنة فإن لك مثل الدنيا و عشرة أمثالها فيقول: أتسخر بي و أنت الملك ؟ ( حم ق ت ه ) عن ابن مسعود**

2489. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن دوۋزاخدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان جەننەت ئەھلىنىڭ ئاخىرقى كىشىسىنى ئوبدان بىلىمەن، بۇ كىشى دوۋزاخدىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بارغىن، جەننەتكە كىرگىن! دەيدۇ، ئۇ جەننەتكە كەلسە، ئۇنىڭغا جەننەت تولۇپ بولغاندەك خىيال قىلىنىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، مەن جەننەتنى لىق تولغان تاپتىم، جەننەت توشۇپ بوپتۇ دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، ھەقىقەتەن سەن ئۈچۈن جەننەتتە دۇنيادەك ھەتتا دۇنيانىڭ ئون ئوخشىشىدەك ئون ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك بېرىلىدۇ دەيدۇ، ئۇ، ئى ئاللاھ، سىلى ئالەملەرنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامىلا دەيدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلى شۇنداق كەڭرى، بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بىزلەرنى رەھمەت ـ پەزلى بىلەن جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**إني لأعلم إذا كنت عني راضية و إذا كنت علي غضبى أما إذا كنت عني راضية فإنك تقولين: لا و رب محمد و إذا كنت علي غضبى قلت: لا و رب إبراهيم ! ( حم ق ) عن عائشة**

2490. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سېنىڭ مەندىن رازى بولغىنىڭنى ۋە مەندىن رازى بولماي ماڭا غەزەپ قىلغىنىڭنى بىلىۋالىمەن، ئەمما سەن مەندىن رازى بولساڭ، لا ۋە رەببى مۇھەممەد يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دېيسەن، ماڭا غەزەپ قىلىپ، ئۆچ بولۇپ قالساڭ، ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى دېيسەن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) إني لأعلم كلمة لو قالها لذهب عنه ما يجد لو قال: أعوذ بالله من الشيطان الرجيم ذهب عنه ما يجد ( حم ق ت ) عن سليمان بن صرد ( حم د ت ) عن معاذ**

2491. سۇلەيمان ئىبنى سەرەد مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچچىقى كەلگەن، غەزەپ قىلغان بىر كىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ كىشى بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇ تاپقان ئاچچىق كېتەتتى، ئۇ بولسا، ئەگەر ئۇ ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم يەنى ئاللاھقا سېغىنىپ، قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، ئۇنىڭ ئاچچىقى، غەزىپى يوقاپ كېتىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ، ئاچچىقىڭلار كەلسە، بۇ سۆزنى دەڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھ ئاسان قىلا.

**( صحيح ) إني لأعلم كلمة لا يقولها عبد عند موته إلا كانت نورا لصحيفته و إن جسده و روحه ليجدان لها روحا عند الموت ( ن ه حب ) عن طلحة**

2492. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەن، ھەرقانداق بىر بەندە ئۇ كەلىمىنى ئۆلۈم ئالدىدا دېسە، ئۇ كەلىمە ئۇ بەندىنىڭ نامە ئەمەل دەپتەرلىرىنى نۇر قىلىۋېتىدۇ، نۇرغا توشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ بەندىنىڭ جەسىدى، روھى شۇ كەلىمىنى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلگەندە راھەت، لەززەت تاپىدۇ، (ئۇ بولسا، لائىلاھە ئىللەللاھ!!! ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىشتۇر ) نەسەئى، ئىبنى ماجە 3785 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1312 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**(صحيح ) إني لأقوم للصلاة و أنا أريد أن أطول فيها فأسمع بكاء الصبي فأتجوز في صلاتي كراهية أن أشق على أمه ( حم خ د ن ه ) عن أبي قتادة**

2493. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن نامازغا تۇرۇپ، ئۇزۇن ئوقۇتۇشنى ئىرادە قىلىمەن، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ، ئانىسىغا مۇشەققەت سېلىپ قويۇشۇمنى ياقتۇرماي، نامىزىمنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇيمەن، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لأمزح و لا أقول إلا حقا ( طب ) عن ابن عمر ( خط ) عن أنس .

2494. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن چاقچاق سۆزنى دەيمەن، لېكىن، مەن پەقەت ھەق، ھەقىقەتنىلا سۆزلەيمەن، ھەق چاقچاق قىلىمەن، تەبرانى خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

إني لأنذركموه – يعني الدجال – و ما من نبي إلا قد أنذره قومه و لقد أنذره نوح قومه و لكن سأقول لكم فيه قولا لم يقله نبي لقومه: إنه أعور و إن الله ليس بأعور ( ق د ت ) عن ابن عمر

2495. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، ھەر قانداق پەيغەمبەر قەۋمىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، دەججالدىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، لېكىن، مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە دەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى دەپ بېرىمەن، ئۇ بولسىمۇ، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىر كۆزى كور ئەمەستۇر، (ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، دەججال دېگەن ئادەم بالىسى) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

إني لأنظر إلى شياطين الجن و الإنس قد فروا من عمر ( ت ) عن عائشة

2496. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن جىنلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ، شەيتانلىرىغا قاراپ باقسام، ئۇ شەيتانلارنىڭ جەزمەن ئۆمەردىن قاچقانلىقىنى كۆردۈم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھ بىزلەرگىمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەندەك ئىمان ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

( صحيح ) إني لأنقلب إلى أهلي فأجد التمرة ساقطة على فراشي فأرفعها لآكلها ثم أخشى أن تكون صدقة فألقيها ( حم ق ) عن أبي هريرة

2497. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەھلىمگە قايتىپ بېرىپ، كۆرپەم ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان بىر تال خورمىنى تاپىمەن، ئۇنى يېيىشىم ئۈچۈن ئېغىزىمغا ئاپىرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ خورمىنىڭ سەدىقە، ئۆشرە ـ زاكات بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ تاشلىۋېتىمەن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زاكات ھالال ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك زاكات ھالال بولمىغان بايلار قورقۇپ تاشلىۋەتسۇن، پېقىرغا بەرسۇن)

إني لبعقر حوضي يوم القيامة أذود الناس لأهل اليمن و أضربهم بعصاي حتى يرفض عليهم فسئل عن عرضه ؟ فقال: من مقامي إلى عمان شرابه أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل يصب فيه ميزابان يمدانه من الجنة أحدهما من ذهب و الآخر من ورق ( حم م ) عن ثوبان

2498. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن كەۋسەر كۆلۈمنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىدا قىيامەت كۈنى ئەھلى يەمەنلەر ئۈچۈن ياكى كىتابىي ئۇلۇغ تەرەپدىن بېرىلىدىغانلار ئۈچۈن كىشىلەرنى توسۇپ تۇرىمەن، (يەمەن ئەھلى ئۈچۈن توسۇپ، چەكلەپ تۇرىمەن دېگىنى سەھىھ) مەن كىشىلەرنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن قانلار ئاققانغا قەدەر ھاسام بىلەن ئۇرىمەن، كەۋسەر كۆلىنىڭ كەڭلىكىدىن سورالدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: كەۋسەرنىڭ كەڭلىكى مېنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدىن ئۇممان دېگەن دۆلەتكىچە شۇنداق كەڭدۇر، شارابى، ئىچىملىكى بولسا، سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر، كەۋسەر كۆلىگە ئىككى

ئۆستەڭ سۇ قويۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭ كەۋسەرنىڭ ئىچىملىكىنى جەننەتتىن زىيادە قىلىپ، كۆپەيتىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ئۆستەڭنىڭ بىرى ئالتۇن، يەنە بىرسى بولسا، كۈمۈشتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم 4256 ـ ھەدىس، ئەھمەد، 21390 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إني لست مثلكم إني أبيت يطعمني ربي و يسقيني ( حم ق ) عن أنس ( خ ) عن ابن عمر وأبي سعيد وأبي هريرة وعن عائشة .

2499. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە،سىلى روزىنى زوھۇرلۇق يېمەي ئۇلاپ تۇتىدىكەنلا دېيىلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن مەن سىلىگە ئوخشىمايمەن، ھەقىقەتەن مەن كېچىسى ياتىمەن، ۋەھالەنكى رەببىم ماڭا تائام بېرىپ، مېنى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ دېگەن ، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن بەزى ئىشلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇسۇسىيىتى دېگەن چىقىدۇ، بىز زوھۇرلۇق يەپ تۇتىمىز، ئەگەر يېيىشكە ئۈلگۈرەلمىسەك، روزا تۇتۇۋېرىمىز.

( صحيح ) إني لكم فرط على الحوض فإياي لا يأتين أحدكم فيذب عني كما يذب البعير الضال فأقول: فيم هذا ؟ فيقال: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك فأقول: سحقا ( م ) عن أم سلمة

2500. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بۇرۇنراق بېرىپ، سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بېشىدا ساقلاپ تۇرىمەن، بىرىڭلار ماڭا ھەرگىز مۇنداق ھالەتتە كېلىپ قالمىسۇن، ئۇ بولسىمۇ،ئۇ مەندىن چەكلىنىپ، يىراقلاشتۇرۇلىدۇ، خۇددى ئېزىپ قالغان تۆگە، كۆل بويىدىن يىراققا قوغلانغاندەك قوغلىنىدۇ، ئاندىن مەن بۇ نېمە قىلغان ئىدى؟ بۇ نېمە قىلغان؟ دەپ قالىمەن، ماڭا ھەقىقەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېملەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ ، ئاندىن مەن ئۇنداق بولسا، ئۇ رەھمەتتىن يىراق قىلىنسۇن، ھالاك بولسۇن دەيمەن، دەل مۇشۇ ھالەتتە ماڭا كېلىپ قالماڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لم أبعث لعانا ( طب ) عن كريز بن أسامة

2501. كۇرەيز ئىبنى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن لەنەت قىلغۇچى، لەنەت ئەۋەتكۈچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لم أبعث لعانا و إنما بعثت رحمة ( خد م ) عن أبي هريرة .

2502. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن لەنەت قىلغۇچى قىلىنىپ ئەۋەتىلمىدىم، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لم أؤمر أن أنقب على قلوب الناس و لا أشق بطونهم ( حم خ ) عن أبي سعيد .

2503. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر كىشىنىڭ پۇشتىدىن چىقىدىغان دىنسىز كىشلەرنى سۈپەتلەپ سۆزلىگەندە، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالمايمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ ناماز ئوقۇشى مۇمكىن دېدى، ئاندىن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇن ناماز ئوقۇغۇچى بار، تىلى بىلەن دىلىدا يوق نەرسىنى دەيدۇ دېدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن مەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، دىللىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا، قورساقلىرىنى يېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇلمىدىم دېگەن ، ئەھمەد 10575 ـ ھەدىس، بۇخارى 4004 ـ ھەدىس، 6419 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1768 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

إني نسيت أن آمرك أن تخمرالقرنين فإنه ليس ينبغي أن يكون في البيت شيء يشغل المصلي(د)ع عثمان الحجي

2504. ئۇسمان ھەجبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سېنى ئۇ ئىككى مۈڭگۈزنى يېپىپ قويۇشۇڭنى بۇيرۇشۇمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھەقىقەتەن ئۆيدە ناماز ئوقۇغۇچىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان نەرسىنىڭ بولۇشى لايىق ئەمەس، (ئۇ ئىككى مۈڭگۈز ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا فىدىيە قىلىنغان قوچقارنىڭ مۈڭگۈزى ئىدى)، ئەبۇ داۋۇد 1735 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22137 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) إني نهيت عن زبد المشركين ( د ت ) عن عياض بن حمار .

2505. ئىياز ئىبنى ھەمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (بۇ كىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تۆگە ھەدىيە قىلدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ دېسە، ئۇ: ياق دەيدۇ، ئاندىن) ھەقىقەتەن مەن مۇشرىكلارنىڭ سوۋغا ـ سالام، ھەدىيەلىرىدىن توسۇلدۇم، چەكلەندىم دېگەن ، ئەھمەد 16835 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1502 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2657 ـ ھەدىس، بۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن بۇرۇنقى قوبۇل قىلىشلار مەنسۇخ بولۇپ، ئەمەلدىن قالدۇ، چۈنكى، چەكلەندىم، توسۇلدۇم دېگىنى شۇنى كۆرسىتىدۇ.

( صحيح ) إني نهيت عن قتل المصلين ( د ) عن أبي هريرة

2506. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن نەھى قىلىنىپ چەكلەندىم، (مۆئمىنىنىڭ قاتىلى دوۋزاختا بولىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) إني و الله إن شاء الله لا أحلف على يمين فأرى غيرها خيرا منها إلا كفرت عن يميني و أتيت الذي هو خير (ق د ه) عن أبي موسى

2507. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، بىرەر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئىشتىن باشقىسىنى ياخشىراق دەپ قارىسام، يەنى قىلىشنى ياخشى دەپ قارىسام قەسىمىم توغرىسىدا كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىمەن. (قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىپ، قەسەمگە كاپارەت بېرىمەن) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشنى قىلماسلىق ياخشى بولسا، قىلىش گۇناھ بولسا، كاپارەت بېرىۋېتىپ، ئۇنى قىلماسلىق لازىم.

( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2097** . ( حم ه ) عن فاطمة بنت قيس . إني و الله ما قمت مقامي لأمر ينفعكم لرغبة و لا لرهبة و لكن تميما الداري أتاني فأخبرني خبرا ( منعني القيلولة من الفرح و قرة العين فأحببت أن أنشر عليكم فرح نبيكم ألا إن تميما الداري أخبرني: أن الريح ألجأتهم إلى جزيرة لا يعرفونها فقعدوا في قوارب السفينة حتى خرجوا إلى الجزيرة فإذا هم بشيء أهلب كثير الشعر قالوا له: ما أنت ؟ قالت: أنا الجساسة ; قالوا: أخبرينا قالت: ( ما أنا بمخبرتكم شيئا و لا سائلتكم شيئا ) و لكن هذا الدير قد رمقتموه فأتوه فإن فيه رجلا بالأشواق إلى أن تخبروه و يخبركم فأتوه فدخلوا عليه فإذا هم بشيخ موثق شديد الوثاق ( يظهر الحزن شديد التشكي ) فقال لهم: من أين ؟ قالوا: من الشأم قال: ما فعلت العرب ؟ قالوا: نحن قوم من العرب عم تسأل ؟ قال: ما فعل هذا الرجل الذي خرج فيكم ؟ قالوا: خيرا ناوى قوما فأظهره الله عليهم فأمرهم اليوم جميع: إلههم واحد و دينهم واحد قال: ما فعلت عين زغر ؟ قالوا: خيرا يسقون منها زرعهم و يستقون منها لسقيهم قال: ما فعل نخل ( بئر عمان ) و بيسان ؟ قالوا: يطعم ثمره كل عام قال: ما فعلت بحيرة طبرية ؟ قالوا: تدفق جنباتها من كثرة الماء ; ( فزفر ثلاث زفرات ) ثم قال: لو انفلت من وثاقي هذا لم أدع أرضا إلا وطئتها برجلي هاتين إلا طيبة ليس لي عليها سبيل ( إلى هذا انتهى فرحي ) هذه طيبة و الذي نفسي بيده ما فيها طريق ضيق و لا واسع و لا سهل و لا جبل إلا و عليه ملك شاهر سيفه إلى يوم القيامة )

2508. پاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئورنۇمدا سىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەتلىك

بىرەر ئىش ئۈچۈن قىزىقىپ قورقۇپ، قىزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇش ئۈچۈن تۇرمىدىم، لېكىن تەمىيمۇددارى ماڭا كېلىپ خۇشاللىق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى، مەن بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ، قەلبىم ئارام تېپىپ، چۈشتە ئۇخلىيالمىدىم، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ بۇ خۇشاللىقنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى ياخشى كۆردۈم، دىققەت قىلىڭلار، ھەقىقەتەن تەمىيمۇددارى ماڭا مۇنداق خەۋەر قىلدى، شامال ئۇلارنى كېمىسى بىلەن ئۇلار تونۇمايدىغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئۇلار كېمىسگە يېقىن بىر جايدا ئولتۇرۇپتۇ، بەنى كېمىسىنىڭ بىخەتەر قايدا ئولتۇرۇپ، مەلۇم بىر ئارالغا چىقىپتۇ، ناگاھان ئۇلار يۇڭلۇق، يۇڭلىرى، چاچ، تۈكلىرى ناھايىتى قويۇق ھەم كۆپ بىر مەخلۇققا ئۇچراپتۇ، ئۇلار بۇ مەخلۇقنىڭ ئەر يا ئاياللىقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار ئۇنىڭغا سەن نىمە؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ: مەن جاسۇس (دەججالنىڭ جاسۇسى) دەپتۇ، ئۇلار، ئۇنداق بولسا، بىزگە بىرەر خەۋەر دەپ بەرگىن دەپتۇ، ئۇ، مەن سىلەرگە بىرەر خەۋەرنى دەپ بەرمەيمەن، سىلەردىنمۇ خەۋەر تەلەپ قىلمايمەن، لېكىن، بۇ غاردا خەۋەر بار، سىلەر جاھىللارچە ئىزىپ بۇ جايغا يېقىن كېلىپ قاپسىلەر، كۆپ مۇشەققەت تارتىپسىلەر، بۇ غارغا بېرىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىچىدە سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى كۈتۈپ، ئىشتىياق چېكىپ تۇرغان سىلەرگىمۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغان بىر كىشى بار دەپتۇ، ئۇلار كېلىپ، ئىچىگە كىرىسە، ئۇ غاردا قاتتىق باغلاقلىق، زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن باغلاپ قويۇلغان بىر قېرى شەيخ تۇرغۇدەك، بۇ قېرى، غەم ـ قايغۇسىنى شىكايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار، شامدىن دەپتۇ، ئۇ: ئەرەبلەر نىمە قىلىشۋاتىدۇ؟ دەپتۇ، ئۇلار: مانا بىز ئەرەبلەر، نىمىدىن سورايسەن؟ دەپتۇ، ئۇ: ئاراڭلاردا ئاشكارا بولۇپ چىققان بىر كىشى بار، ئۇ نىمە ئىش قىلىشۋاتىدۇ؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇلار: ياخشى، ئۇ بىر قەۋم بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇرۇش قىلغان، ئاللاھ ئۇنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلدى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىشى ئۆم، ئىتتىپاقتۇر، ئىلاھى بىردۇر، دىنى بىردۇر دېدى، ئۇ: زەغرە قۇدۇقىغا نىمە بولدى؟ دېدى، ئۇلار: ياخشى، كىشىلەر ئۇ قۇدۇقتىن زىرائەتلىرىنى سۇغۇرىۋاتىدۇ، سۇ، ئىچىملىك ئۈچۈن سۇ ئېلىشۋاتىدۇ دېسە، ئۇ، ئەممان قۇدۇقچۇ؟ بىيسان خورمىلىرىچۇ؟ دېدى، ئۇلار: بۇ باغلار ھەر يىلى مېۋە بېرىۋاتىدۇ دېدى، ئۇ تەبرىيىە دېڭىزى نىمە بولدى؟ دەپ سورىدى، ئۇلار سۇيىنىڭ كۆپلۈكىدىن تېشىپ كېتەي دەپ قالدى دېدى، ئاندىن ئۇ ھەسرەتلىك ھالدا قاتتىق ئۈچ قېتىم تىنىدى، ۋە مۇنداق دېدى، ئەگەر مەن مۇشۇ باغلاقدىن بوشانسام، قېچىپ قۇتۇلسام، مۇشۇ ئىككى پۇتۇم بىلەن ھېچبىر زېمىن قويماي، بارلىق زېمىنغا دەسسەيمەن، يەنى پۇتۇن جايغا بارىمەن، لېكىن، تەيىبەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ماڭا ئۇ جايغا كىرىشكە يول يوق دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ، مېنىڭ خۇشاللىقىم مانا مۇشۇ يەرگە يەتتى، مەن مۇشۇ ئاخىرقى سۆزگە خۇشال بولدۇم، مانا بۇ مەدىنىە تەيىبەت دېگەن شۇدۇر، جېنىم ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنىڭكى ھەربىر تار يول، كەڭ يول، تاغ، يايلاق بولسۇن، ھەممىلا جايدا پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنىگىچە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، غىلاپسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن دەججال كىرەلمەيدۇ) دېدى، ئەھمەد 26083 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4064 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3767 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2179 ـ ھەدىس، مۇسلىمدىمۇ ئوخشىشى باردۇر، سەھىھ.

( صحيح ) إني و إن داعبتكم فلا أقول إلا حقا ( حم ت ) عن أبي هريرة

2509. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن گەرچە سىلەر بىلەن چاقچاق قىلىشىپ، ئويناشقان بولساممۇ، يەنىلا ھەقنى، ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، پەقەت ھەق سۆز قىلىپلا، چاقچاق قىلىمەن، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لا أخيس بالعهد و لا أحبس البرد ( حم د ن حب ك ) عن أبي رافع

2510. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئەھدىنى بۇزمايمەن، ماڭا ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى تۇتۇپ قالمايمەن، (بۇ ھەدىسنى ئەبۇ راپىئ قۇرەيشلەرنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كېلىپ، مەن مۇسۇلمان بولىمەن، قايتىپ كەتمەيمەن دېگەندە دېگەندۇر ) ئەبۇ داۋۇد 2377 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22737 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لا أدري ما قدر بقائي فيكم فاقتدوا باللذين من بعدي: أبي بكر و عمر و تمسكوا بهدي عمار و ما حدثكم ابن مسعود فصدقوه ( حم ت ه حب ) عن حذيفة .

2511. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاراڭلاردا ھايات قالىدىغان ۋاقتىمنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمەن، مەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەردىن ئىبارەت ئىككى كىشىگە ئەگىشىپ ئىش قىلىڭلار، ئەممارنىڭ ھىدايىتىگە يېتەكلىنىشكە چىڭ ئېسىلىڭلار، سىلەرگە ئىبنى مەسئۇد سۆزلەپ بەرگەن سۆزلەرنى تەستىقلاپ ئىشىنىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لا أشهد على جور ( ق ك ) عن النعمان بن بشير .

2512. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ناھەق ئىشقا، جەۋرى ـ زۇلۇمغا گۇۋاھچى بولمايمەن، (بۇ ھەدىسنى ئۇ بالىلىرىغا ئادىل، تەڭ نەرسە بەرمىگەندە دېگەن ) بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إني لا أصافح النساء ( ت ن ه ) عن أميمة بنت رقيقة

2513. ئۇمەييە تەبىنتى رەققە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئەجنەبى، يات ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ھارامدۇر، ئانىسى ياكى ھامىسى ياكى ئايالى بولسا بولىدۇ.

( صحيح ) إني لا أقبل هدية مشرك ( طب ) عن كعب بن مالك

2514. كەئبنى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن مۇشرىك كىشىنىڭ يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلمايمەن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، ئاللاھنى بار دەپ تۇرۇپ، شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلىش ھارام بولسا، ئاللاھنى پەقەت يوق دەپلا ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ھەدىيىسنى تېخمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، مۇشرىكنىڭ ھەدىيىسنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بۇخارىدا ھەدىس ۋە مەخسۇس باب بار، لېكىن، ئۇ مەنسۇخ بولۇشى كۈچكە ئىگە ئەمەس بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئەھۋاللار ئوخشاشمايدۇ، ئىسلام دىنى شۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى، شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ ، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، بۇ ھەدىس سەھىھ، ئەمەل قىلايلى.

( صحيح ) أنهى عن كل مسكر أسكر عن الصلاة ( م ) عن أبي موسى .

2515. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ھەرقانداق مەست قىلغۇچىدىن توسىمەن، نامازدىن بىخۇت قىلىپ قويىدىغان، غەپلەتتە، مەست قالدۇرىدىغان نەرسىدىن توسىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنهاكم عن الزور ( طب ) عن معاوية

2516. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرنى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن توسىمەن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنهاكم عن صيام يومين: الفطر و الأضحى ( ع ) عن أبي سعيد

2517. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى روزا ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسىمەن، (بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش ھارام دېگەنگە ئىشتىياقتا كەلدى) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنهاكم عن قليل ما أسكر كثيره ( ن ) عن سعد

2518. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كۆپ ئىچسە مەست قىلغان نەرسىنىڭ ئىزىدىنمۇ توسىمەن يەنى مەن سىلەرنى كۆپ ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازراقىدىنمۇ توسىمەن (مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىمۇ، ئىزىمۇ ئوخشاش ھارام) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أمر الدم بما شئت و اذكر اسم الله عليه ( ن ) عن عدي بن حاتم

2519. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاننى سەن خالىغان نەرسە بىلەن تۆككىن، بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىگە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىگىن، بىسمىللاھ دېگىن ، (ھايۋاننى بوغۇزلىماقچى بولغان نەرسىدىن تىرناق بىلەن سۆگەك چەكلىنىدۇ، باشقىسى دۇرۇس) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أنهكوا الشوارب و أعفوا اللحى ( خ ) عن ابن عمر

2520. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى قىرقىپ ئېلىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى بولسا، كامىل قويۇڭلار، بۇخارى 5443 ـ ھەدىس، مۇسلىم 381 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2688 ـ ھەدىس، نەسەئى 12 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3667 ـ ھەدىس، ئەھمەد 5716 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) اهتز عرش الرحمن لموت سعد بن معاذ ( حم م ) عن أنس ( حم ق ن ه ) عن جابر .

2521. ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەئدى ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن رەھمانتائالانىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى، ئەھمەد ، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەنە شۇنداق كىشى ئۈچۈنمۇ قەبرە تارايغان تەقۋالىقتا چىڭ تۇرۇڭلار، قەبرە ئازابىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار.

( صحيح ) اهج المشركين فإن روح القدس معك – قاله لحسان – ( حم ق ن ) عن البراء .

2522. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسسان دېگەن شائىرغا مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن پاك روھ، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە ياردەم بېرىدۇ، سەن مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋى شېئىر ئوقۇغىن، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىدى، مۇشرىك، دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئارىسىدا مۇنداق كىشىلەر بولۇشى كېرەك، قوماندان ، گېنېرال ، ئوڭ قانات، سول قانات، ئەسكەر باشلىقلىرى، ئالاھىدە قىسىم، قارغا ئېلىش ئەترىتى، ھۇجۇمچى قىسىم، ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپ، ياردەمچى قىسىم، يوشۇرۇن كۈچ، مۇداپىئە قىسىم، قورۇقلۇق، ھاۋا، دېڭىز ئارمىيىلىرى، مەخسۇس تەربىيىلەنگەن جاسۇسلار، رازۋېدچىكلار، زاپاس قىسىم تەمىنات، ئوق ـ دورا توشۇغۇچى قىسىم، ئۈچۈر ـ ئالاقە قىلغۇچى قىسىم، ئۇندىن باشقا مەخسۇس دەئۋەتچىلەر ۋائىزلار، ئالىم،دوكتورلار ، ئىنجىنىر، مۇتەخەسسىسلەر ، موللا ئالىملار، مەخسۇس جىھاد ئايىتىنى ئوقۇيدىغان قارىيلار، مۇھەددىس، ھەدىسشۇناسلار، ھەتتا ھەسساندەك شائىرلار، دۇمباقچى قىسىم، كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان باتۇرلار،ئىلغار قورال ياراقلار،ھەتتا يادرو قورالالار بولۇشى لازىم.

( صحيح ) اهج قريشا فإنه أشد عليهم من رشق النبل ( ق ) عن عائشة

2523. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ھەسسانغا مۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ ھەجۋى شېئىرى ئارقىلىق ئەدۇنى بەر، قۇرەيشلەرگە يەنى شۇ چاغدىكى مۇشرىكلارغا قارشى ھەجۋى شېئىر ئوقۇغىن، ھەققەتەن ئۇ ئۇلارغا ئوقيا ئېتىلغاندىنمۇ قاتتىقراقتۇر، ئوق ياغقاندىنمۇ قاتتىق، چىڭ تۇيۇلىدۇ. (چۈنكى، ئاساسى جەڭ روھ، ئەدىبىدە بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أهريقوا علي من سبع قرب لم تحلل أوكيتهن لعلي أعهد إلى الناس ( خ ) عن عائشة

2524. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈستۈمگە بوغۇچلىرى يېشىلىپ باقمىغان، ئاغزى ئېچىلىپ باقمىغان يەتتە تولۇن سۇ قۇيۇڭلار، (يەنى لىق يەتتە تولۇن سۇ قۇيۇڭلار) مەن كىشىلەرگە نەسىھەت، ۋەسىيەت قىلىشىم مۇمكىن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سۇ بىلەن داۋالاش.

( حسن ) أهل الجنة: جرد مرد كحل لا يفنى شبابهم و لا تبلى ثيابهم ( ت ) عن أبي هريرة .

2525. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ بولسا، جەسەد، بەدەنلىرىدە تۈك يوقتۇر، (قولتۇق، ئەۋرەتلىرىدىمۇ زادى تۈك يوقتۇر) ئېڭىكىدىمۇ تۈك يوق، يەنى ساقال يوقتۇر، مەقسەت ، شۇنداق گۈزەل، چىرايلىق، ئۇلارنىڭ ياشلىقلىرى تۈگىمەيدۇ، چىراي گۈزەللىك، تەنلىرىنىڭ قۇۋۋىتى تۈگىمەيدۇ، كىيىملىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمايدۇ، تىرمىزى 2462 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9006 ـ ھەدىس، ھەسەن دېگەن بولسىمۇ بۇ ھەدىسنىڭ ئايەتتە شاھىدى بار، جەننەتتە جەننەت ئەھلى خالىغان نەرسە باردۇر.

( صحيح ) أهل الجنة عشرون و مائة صف ثمانون منها من هذه الأمة و أربعون من سائر الأمم ( حم ت ه حب ك ) عن بريدة ( طب ) عن ابن عباس وابن مسعود وأبي موسى

2526. بۇرەيرەت ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى 120 سەپتۇر، ئۇلاردىن 80 سەپ كىشى مۇشۇ ئۈممەتتىن بولىدۇ، (يەنى مۇھەممەدىييە سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىدىن بولىدۇ) قالغان 40 سەپ كىشى باشقا ئۈممەتلەردىن بولىدۇ، (ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى، ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أهل الجنة من ملأ الله تعالى أذنيه من ثناء الناس خيرا و هو يسمع و أهل النار من ملأ الله تعالى أذنيه من ثناء الناس شرا و هو يسمع ( ه ) عن ابن عباس

2527. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن جەننەت ئەھلى دېگەن ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ مەدھىيە، ماختاشلىرىدىن ياخشىلىقنى لىق تولدۇرۇپ كەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ مەدھىيە، ماختاشتىكى ياخشىلىقلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، (بۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ، ياخشى گۇۋاھلىق) دوۋزاخ ئەھلى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا كىشىلەرنىڭ يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئەيىبلەشلىرىنى لىق تولدۇرۇپ كەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، (بۇ يامانلىق بىلەن بېرىلگەن گۇۋاھلىق، دوۋزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أهل القرآن أهل الله و خاصته ( أبو القاسم بن حيدر في مشيخته ) عن علي .

2528. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئەھلى، ئاللاھنىڭ ئەھلى، خاس كىشىلىرى بولىدى (ئىمام ئىبنى ئەسىر، بۇ ئەھلى دېگەن ئەۋلىيالىرى، يېقىن دوستلىرى دېگەن بولىدۇ دېگەن ) ئەبۇلقاسىم ھەيدەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أهل النار كل جعظري جواظ مستكبر و أهل الجنة الضعفاء المغلوبون(ابن قانع ك)عن سراقة بن مالك

2529. سوراقەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلى دېگەن ھەرقانداق سۆزى قوپال، چوڭچى، مۇتەكەببىر، پەخىرلىنىپ ماڭىدىغان، كىبىر قىلىدىغان، مالنى كۆپلەپ توپلاپ، ئاللاھ يولىدا بەرمەيدىغان، كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان، ھەققەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر، جەننەت ئەھلى بولسا، ياۋاش، ئاجىز، دائىم مەغلۇپ بولۇپ باشقىلار تەرەپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان، زۇلۇم قىلىنىدىغان كىشىلەردۇر، ئىبنى قانىئ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أهل اليمن أرق قلوبا و ألين أفئدة و أسمع طاعة ( طب ) عن عقبة بن عامر

2530. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەمەن ئەھلى قەلبى يۇمشاق، دىللىرى مۇلايىم، ھەققەتنى ئاسان قوبۇل قىلىپ، ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أهون الربا كالذي ينكح أمه و إن أربى الربا استطالة المرء في عرض أخيه(أبو الشيخ في التوبيخ) عن أبي هريرة

2531. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم يېگۈچىنىڭ ئەڭ يەڭگىل جىنايىتى ئۆز ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ھەققەتەن ئەڭ چوڭ جازانە ئۆسۈم بولسا، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مېلىغا، يۈز ـ ئابرۇيىغا ھەقسىز تاجاۋۇز قىلىشتۇر. ئەبۇششەيخ توپلىغان، ھەسەن. يۈز ئابرۇيىنى سېتىشمۇ جازانە ئۆسۈمدۇر.

أهون أهل النار عذابا أبو طالب و هو منتعل بنعلين من نار يغلي منهما دماغه ( حم م ) عن ابن عباس .

2532. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى، ئەبۇ تالىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى ئاياغ كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇ ئىككى ئاياغنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇنىڭ دىمىغى، مېڭىسى قاينايدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (ئەگەر رەسۇلۇللاھ شاپائەت قىلمىغان بولسا، دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشەتتى).

أهون أهل النار عذابا يوم القيامة رجل يوضع في أخمص قدميه جمرتان يغلي منهما دماغه( حم م) عن ابن عباس

2533. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئەڭ يەڭگىلرەكى، ئىككى قەدىمىنىڭ ئاستىغا، ئىككى پۇتىنىڭ ئالقىنىغا ئىككى چوغ قويۇلىدىغان كىشى بولۇپ، بۇ ئىككى چوغدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قايناپ كېتىدۇ، (خۇددى چۆگۈن قاينىغاندەك) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أوأملك لك أن نزع الله من قلبك الرحمة ؟ ( حم ق ه ) عن عائشة

2534. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەلۇم بىر قەۋم بىز كىچىك بالىلىرىمىزنى سۆيۈپ قويمايمىز دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ قەلبىڭدىن رەھمەتنى تارتىپ ئېلىۋەتسە، مەن ساڭا قانداق ئىگە بولالايمەن دېگەن، ئەھمەد 23272 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3655 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أوإنكم تفعلون ذلك ؟ لا عليكم أن لا تفعلوا ذلك فإنها ليست نسمة كتب الله أن تخرج إلا هي خارجة ( ق ) عن أبي سعيد

2535. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر شۇنداق قىلامسىلەر؟ يەنى سۈنى يەرگە تۆكۈپ، ئۆزلەت قىلامسىلەر؟ ئۇنى قىلىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچقىسى يوق، ياكى ئۇنداق قىلماسلىقىڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھ بىرەر جاننىڭ دۇنياغا چىقىشىنى پۈتۈۋەتكەن بولسا، ئۇ جان چوقۇم دۇنياغا چىقىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ مەسىلىنى بىز سۆزلىگەن، كېيىن يەنە سۆزلەيمىز.

( صحيح ) أوتروا قبل الفجر ( ن ك ) عن أبي سعيد ( ك هق ) عن ابن عمر

2536. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈبھىدىن بۇرۇن يەنى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇڭلار، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أوتروا قبل أن تصبحوا ( حم م ت ه ) عن أبي سعيد

2537. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزى ئوقۇشۇڭلاردىن بۇرۇن، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇڭلار (يەنى سۈبھىدىن بۇرۇن) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أوتروا يا أهل القرآن إن الله وتر يحب الوتر ( د ) عن ابن مسعود

2538. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى قۇرئان ئەھلى، قۇرئان قىرائەت قىلىش بىلەن ۋىتىر ئوقۇڭلار، تەھەججۇد ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تاق، بىردۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أوثق عرى الإيمان: الموالاة في الله و المعاداة في الله والحب في الله والبغض في الله عزوجل(طب)عن ابن عباس

2539. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىماننىڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دوستلىشىش، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ دۈشمەن تۇتۇش، ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتۇش، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللىنىڭ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش ئۆچ كۆرۈشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أوجب طلحة حين صنع برسول الله صلى الله عليه وسلم ما صنع ( حم ت حب ك ) عن الزبير

2540. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇھۇد كۈنى تەلھەنى مەدھىيلەپ، مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە قىلىنغان ئىشلار يەنى جاراھەت، مۇشەققەت قىلىنغان چاغدا، تەلھە ئۆزىگە جەننەتنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى مۇقىم قىلدى، ھەقلىق بولۇۋالدى دېگەن ، تىرمىزى 3671 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1342 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

(صحيح) أوصيك أن تستحي من الله تعالى كما تستحي من الرجل الصالح من قومك (الحسن بن سفيان طب هب) عن سعيد بن يزيد بن الأزور

2541. سەئىد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا قەۋمىڭنىڭ سالىھە، ياخشى كىشىسىدىن ھايا قىلغاندەك، ئاللاھتائالادىن ھايا قىلىشىڭغا ۋەسىيەت قىلىمەن، (ئاللاھتىنلا ھايا قىلغىن) ھەسەن ئىبنى سوفىيان، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أوصيك أن لا تكون لعانا ( حم تخ طب ) عن جرموز بن أوس

2542. جۇرمۇز ئىبنى ئەۋسەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنىڭ لەنەت قىلغۇچى بولماسلىقىڭغا ۋەسىيەت قىلىمەن، (مەيلى ئىنسان، مەيلى ھايۋان بولسۇن، لەنەت قىلما) ئەھمەد ، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

أوصيك بتقوى الله تعالى فإنه رأس كل شيء و عليك بالجهاد فإنه رهبانية الإسلام و عليك بذكر الله تعالى و تلاوة القرآن فإنه روحك في السماء و ذكرك في الأرض ( حم ) عن أبي سعيد

2543. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ئاللاھقا تەقۋادار بولۇشۇڭنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەقىقەتەن ئۇ، بارلىق ئىشنىڭ بېشىدۇر، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى لازىم تۇتقىن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ راھىبلىقىدۇر، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشىڭنى، قۇرئان تىلاۋىتىنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن بۇ سىنىڭ ئاسماندىكى روھىڭ، راھەت ـ پاراغەت، رىزقىڭ، دۇنيادىكى شۆھرىتىڭ، زىكرىڭدۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) أوصيك بتقوى الله تعالى في سر أمرك و علانيته و إذا أسأت فأحسن و لا تسألن أحدا شيئا و لا تقبض أمانة و لا تقض بين اثنين ( حم ) عن أبي ذر

2544. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان، مەن ساڭا ئاللاھدىن قورقۇپ، تەقۋادار بولۇشۇڭنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئىشىڭنىڭ يوشۇرۇنلىرىدا ئاشكارا بولغانلىرىدىمۇ مەخپى بولسۇن، ئاشكارا بولسۇن، تەقۋادار بولغىن، يامانلىق قىلىپ سالساڭ، ئارقىدىنلا ياخشىلىق قىل، ھەرگىز كىشىدىن نەرسە سورىما، ئامانەتنى خىيانەت قىلىپ، ئېلىۋالما، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈمدار قازى بولمىغىن، ھۆكۈم قىلمىغىن، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن، مۇھىم نۇقتىسى تەقۋادار بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، نەرسە سورىماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ھاكىم، قازىلىقدىن ھەزەر قىلىش.

( حسن ) أوصيك بتقوى الله تعالى و التكبير على كل شرف ( ه ) عن أبي هريرة .

2545. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ئاللاھتائالاغا تەقۋادار بولۇشۇڭنى ئاللاھدىنلا قورقۇشۇڭنى ھەربىر ئېگىز جايغا چىققاندا ياكى شەرەپلىك ئىشنى قىلىپ، نەتىجە قازانغاندا ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ، ئۇلۇغلۇشىڭنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

أوصيكم بأصحابي ثم الذين يلوهم ثم الذين يلوهم ثم يفشو الكذب حتى يحلف الرجل و لا يستحلف و يشهد الشاهد و لا يستشهد ألا لا يخلون رجل بامرأة إلا كان ثالثهما الشيطان عليكم بالجماعة و إياكم و الفرقة فإن الشيطان مع الواحد و هو مع الاثنين أبعد من أراد بحبوحة الجنة فليلزم الجماعة من سرته حسنته و ساءته سيئته فذلكم المؤمن ( حم ت ك ) عن عمر

2546. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ساھابىلىرىمنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان تابىئىنلارنى ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتبائلارنى لازىم تۇتۇشۇڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، ئاندىن كېيىن، يالغانچىلىق ئاشكارا يامراپ كېتىدۇ، ھەتتا، كىشى قەسەم تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىپ كېتىدۇ، گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھچى يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن يالغۇز، خالىي جايغا چىقمىسۇن، ئۇنداق قىلماي خالىي جايغا چىقسا، ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ، (ئاندىن كېيىن، ئۈچىلىسى شەيتان بولىدۇ) سىلەر جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىكدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ، ئىككى كىشىدىن يىراقراق تۇرىدۇ، كىم جەننەتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى قاپ ئوتتۇرىسىنى ئىرادە قىلسا، جامائەتنى لازىم تۇتسۇن، (بولۇپمۇ خەلىپە جامائىتىنى لازىم تۇتسۇن) كىمنى ياخشىلىق قىلىشى، خۇرسەن خۇشال قىلسا، يامانلىقى خاپا قىلسا، ئەنە شۇ كىشى مۆئمىندۇر، ئەھمەد 109 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2354 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2091 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أوصيكم بالأنصار فإنهم كرشي و عيبتي و قد قضوا الذي عليهم و بقي الذي لهم فاقبلوا من محسنهم و تجاوزوا عن مسيئهم ( خ ) عن أنس

2547. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەنسارىلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن، (يەنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار) ئەنسارىلار مېنىڭ سىرداشلىرىم ئىچكى خاس ئادەملىرىم، ئۇلار ئۈزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلەرنى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ھەقلىرى قېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىلىرىدىن قوبۇل قىلىڭلار، يامانلىقلىرى كۆرۈلۈپ قالسا، ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋېتىڭلار، بۇخارى 3515 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4565 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3842 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13075 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) أوصيكم بالجار ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن أبي أمامة

2548. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەرگە، خوشىنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن، خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.

أوصيكم بتقوى الله و السمع و الطاعة و أن أمر عليكم عبد حبشي فإنه من يعش منكم بعدي فسيري اختلافا كثيرا فعليكم بسنتي و سنة الخلفاء المهديين الراشدين تمسكوا بها و عضوا عليها بالنواجذ و إياكم و محدثات الأمور فإن كل محدثة بدعة و كل بدعة ضلالة ( حم د ت ه ك ) عن العرباض بن سارية

2549. ئىرباز ئىبنى سارىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالاغا تەقۋادار بولۇشۇڭلارغا گەرچە سىلەرگە ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك قۇل باشلىق بولسىمۇ، (بۇيرىغىنى ھەق، ياخشىلىق بولسىلا) ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشىڭلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن، ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى مەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ياشاپ قالسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ ، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى كۆرىدۇ ، شۇ چاغدا سىلەر مېنىڭ سۈننەت، ھەدىسلىرىمنى، توغرا يول تاپقان ھىدايەت تاپقان يېتەكچى بولۇپ، توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننەتلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، سىلەر ئۇ سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن مەھكەم چىشلەڭلار، ئىشلارنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ھەرقانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت، زالالەت، ئازغۇنلۇق، بۇ بولسا، دوۋزاختا بولىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ، يۇقىرىدا سەھىھ مۇسلىم توپلىغان سەھىھ ھەدىس ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاھ يولىدا ھەقىقەتكە ۋەسىيەت قىلىش.

2. تەقۋالىققا ۋەسىيەت قىلىش.

3. قۇل ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى ياكى پېقىر ياكى بىر ياش بالا بولسىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىسە، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش بۇ بەك مۇھىم.نۇرغۇن ئىختىلاپ ئىنسانلار تەرىپىدىن يۈز بېرىدۇ.

4. ئىختىلاپ ئاز ئەمەس، ئۇ نۇرغۇندۇر.

5. ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇيدان چارىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، سۈننەت، تولۇق ئىلىمدۇر.

6. خەلىپىلىك تۈزۈمى، ئىسلام ئۈممىتىگە مۇھىمدۇر.

7. خەلىپە توغرا يول تاپقان توغرا يولغا باشلىشى لازىم.

8. سۈننەتنى، ھەقىقەتنى بىرلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى چىڭ تۇتۇش، مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش.

9. بىدئەت ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش.

10. ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەت، زالالەت بولۇپ، ئۇ، دوۋزاختا بولىدۇ، ئەقىدىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى توغرا، رۇس قىلايلى!

( صحيح ) أوف بنذرك ( حم ق ت ) عن ابن عمر

2550. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز ـ ئۆزۈڭگە بەرگەن نەزىر ۋەدىسى بولسىمۇ، ۋاپا قىلغىن، ئۇنى ئورۇنلا، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أوف بنذرك فإنه لا وفاء لنذر في معصية الله تعالى و لا فيما لا يملك ابن آدم ( د ) عن ثابت بن الضحاك

2551. سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالاغا ئاسىي بولىدىغان، گۇناھ ـ

مەئسىيەت ۋەدىلىرىگە، نەزىرلەرگە ۋاپا قىلىش يوق، (كاپارەت بېرىۋېتىدۇ) شۇنداقلا ئادەم بالىسى ئىگە بولالمىغان نەرسىلەرگە بەرگەن سەدىقە قىلىش، نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يوقتۇر، (قەسەم كاپارەتنى بېرىدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

أوفي شك أنت يا ابن الخطاب ؟ ! أولئك قوم عجلت لهم طيباهم في الحياة الدنيا ( حم ق ت ) عن عمر.

2552. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىسلام ئۈچۈن مال ـ دۇنيالارنىڭ كۆپىيىشىگە دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى خەتتاپ ئوغلى، سەن شەك قىلىۋاتامسەن؟ ئاۋۇلار بولسا، يەنى ئەھلى كىتابلار مەجۇسىيلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تەييىبات، نازۇ ـ نېئمەتلىرى ، نېسىۋىلىرى مۇشۇ ھاياتى دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن كىشىلەردۇر، (بىزگە ئاخىرەت بېرىلىدۇ، سەن رازى ئەمەسمۇ دېگەن ) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

أوفوا بحلف الجاهلية فإن الإسلام لم يزده إلا شدة و لا تحدثوا حلفا في الإسلام ( حم ت ) عن ابن عمرو

2553. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەتتىكى قەسەملەرگە (ياخشىلىق ئۈچۈن قىلىنغان بولسىلا) ۋاپا قىلىڭلار، ھەققەتەن ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا پەقەت، تېخىمۇ قاتتىقلىقنى زىيادە قىلىدۇ، ئاندىن تېخىمۇ ۋاپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، ئىسلام دىنىدا قەسەمنى يېڭىدىن پەيدا قىلماڭلار، ياكى جاھالىيەت قەسەملىرىنى ئىسلام ئىچىدە قىلماڭلار، ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان ،سەھىھ

( صحيح ) أوكلما نفرنا في سبيل الله تخلف أحدهم له نبيب كنبيب التيس منح إحداهن الكثبة من اللبن ؟ ! و الله لا أقدر على أحدهم إلا نكلت به ( حم م د ) عن جابر بن سمرة ( م ) عن أبي سعيد .

2554. جابىر ئىبنى سۇمرەت، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قاچان بىز، ئاللاھ يولىدا جەڭگە چىقىپ كەتسەك، ئۇلاردىن بىر كىشى جەڭدىن چېكىنىپ، ئارقىدا قالىدۇ، ئۇنىڭ قوچقار، چىشى قويغا ئارتىلغاندا ئاۋاز چىقارغاندەك، ئاۋاز چىقىرىشى باردۇر، (يەنى بۇ ئۇ مۇناپىقنىڭ جەڭگە چىقماي، شەھۋەتپەرەسلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئائىلى بىلەن ياكى پاھىشىۋاز بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن كىنايە) ئۇ كىشى، ئۇ ئاياللارنىڭ بىرىگە ناھايىتى ئاز نەرسە، سۈتتىن ئازراقلا بېرىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ئۇنىڭغا قادىر بولغىنىمدا ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزسام ئۇنى قاتتىق ئىبرەتلىك ئازابلايمەن، مۇسلىم 3204 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19873 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3839 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) أولكلكم ثوبان ؟ ( ق ن ه ) عن أبي هريرة ( حم د حب ) عن طلق

2555. ئەبۇ ھۇرەيرە، تەلەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ،ھەممىڭلارنىڭ ئىككىدىن كىيىمى بارمۇ؟دېگەن .(يەنى بىر كىيىمدە ، تون رىدالاردا ناماز بولۇۋېرىدۇ دېگەن بولىدۇ) بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ئايالارمۇ بېشىغا رومال سالسا، پۇتىنىڭ دۈمبىسى يېپىلىپ تۇرغۇدەك كەڭ، ئۇزۇن پەلتۇ، رىدالار بىلەن ئىچىدە كىيىم يوق ھالدا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

( صحيح ) أولم و لو بشاة ( مالك حم ق 4 ) عن أنس ( خ ) عن عبدالرحمن بن عوف .

2556. ئەنەس، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلغان بىرسىگە گەرچە بىر قوي بىلەن بولسىمۇ توي تاماقى بەرگىن دېگەن ، (بۇ توي تاماقى، نىكاھنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سۈننەت) مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان.

( حسن ) أولياء الله تعالى: الذين إذا رءوا ذكر الله تعالى ( الحكيم ) عن ابن عباس

2557. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار دېگەن ، ئۇلار كۆرۈلگەندە، ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنى باشقىلار كۆرسە، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ، (ئايەتتە، ئەۋلىيا، مۇتتەقى شۇ دېگەن ) ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أوما علمت ما أصاب صاحب بني إسرائيل ؟ كانوا إذا أصابهم شيء من البول قرضوه بالمقاريض فنهاهم صاحبهم فعذب في قبره ( حم ن ) عن عبدالرحمن بن حسنة

2558. ئابدۇرەھمان ئىبنى ھەسەنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بەنى ئىسرائىللارنىڭ ساھىبىغا، باش بولغان كىشىسگە يەتكەن مۇسىبەتنى بىلمەمسەن، ئۇلارغا سۈيدۈكتىن بىرەر نەرسە تېگىپ قالسا، ئۇنى قايچا بىلەن كېسەتتى، ئۇلارنى ئۇ ساھىبى، باش بولغۇچى، يۇرت ئاقساقىلى توسقان ئىدى، (يەنى كېسىشتىن توسقان ئىدى) قەبرىدە ئازابلاندى، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن قەبرە ئازابى يەنىلا سۈيدۈك تېگىشىدىن، سۈيدۈكتىن ھەزەر قىلماسلىقىدىن بولىدىغانلىقى، بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭمۇ قەبرە ئازابىدا ئازابلىنىدىغانلىقى چىقىدۇ.

(صحيح) أوما علمت ما شارطت عليه ربي ؟ قلت: اللهم إنما أنا بشر فأي المسلمين لعنته أو سببته فاجعله له زكاة و أجرا ( م ) عن عائشة

2559. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن تېخى مېنىڭ رەببىمگە شەرت قويۇپ دۇئا قىلغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ مەن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدىم، «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان. ئەگەر مەن قايسى بىر مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىپ سالغان بولسام، ياكى تىللاپ، ئەيىبلەپ سالغان بولسام بۇ ئىشىمنى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇناھىدىن پاكلاش كاپارەت قىلىپ بەرسىلە، ياخشىلىق قىلىپ بەرسىلە» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.ئەگەر دېگىنى شەرت شۇدۇر.

( صحيح ) أول الآيات طلوع الشمس من مغربها ( طب ) عن أبي أمامة

2560. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ تۇنجىسى قۇياشنىڭ كىرگەن جايدىن چىقىشىدۇر، (ئاندىن قالغانلىرى كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول الناس هلاكا: قريش و أول قريش هلاكا: أهل بيتي ( طب ) عن عمرو بن العاص

2561. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت قايىم بولۇش ئۈچۈن) كىشىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ھالاك بولىدىغانلىرى قۇرەيشتۇر، قۇرەيشلەردىن تۇنجى بولۇپ ھالاك بولۇپ، يوقلىدىغىنى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أول جيش من أمتي يركبون البحر قد أوجبوا و أول جيش من أمتي يغزون مدينة قيصر مغفور لهم (خ ) عن أم حرام بنت ملحان

2562. ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن جىھاد ئۈچۈن دېڭىزغا سەپەر قىلىدىغان تۇنجى قوشۇنلار ، ئاللاھنىڭ ساۋابىغا، جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ، ئېرىشىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قەيسەرگە قارشى، ئۇنىڭ شەھرىدە ئۇرۇش، غازات قىلغان تۇنجى قوشۇنلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أول خصمين يوم القيامة جاران ( طب ) عن عقبة بن عامر

2563. ئۇقبەت ئىبنى ئامرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ داۋالىشىدىغانلار يېقىن خوشنىلاردۇر، (بۇ ئىككىسى

يېقىن بولغاچقا، ھەققى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈپ تۇرغاچقا، تۈنجى بولۇپ داۋالىشىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

أول زمرة تدخل الجنة على صورة القمر ليلة البدر و الثانية على لون أحسن من كوكب دري في السماء لكل رجل منهم زوجتان على كل زوجة سبعون حلة يبدو مخ ساقها من ورائها ( حم ت ) عن أبي سعيد

2564. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان تۈنجى جامائەتلەر 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە شۇنداق نۇرلۇق گۈزەل ھالدا كىرىدۇ، ئاندىن كېيىن، ئىككىنچى جامائەت بولسا، ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكىنىڭ رەڭگىدە، نۇرىدا بولىدۇ، ئۇلاردىن ھەربىر ئەر كىشىگە ئىككىدىن ئايالى بېرىلىدۇ، ھەربىر ئايالنىڭ ئۈستىدە 70 تون رەڭدا باردۇر، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يىلىكى شۇ تونلار، پاچاقلىرى ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، (ئۇلار شۇنداق گۈزەل، سۈزۈك، چىرايلىقتۇر) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ مۇسلىمدا ئوخشىشى بار بولۇپ، بۇ ھەدىسدىن ئايالنار بەكلا كۆپ يارىلىدىكەن دېيىلگەن).

أول زمرة تدخل الجنة على صورة القمر ليلة البدر و الذين على أثرهم كأشد كوكب دري في السماء إضاءة قلوبهم على قلب رجل واحد لا اختلاف بينهم و لا تباغض و لا تحاسد لكل امرئ منهم زوجتان كل واحدة منهما يرى مخ سوقها من وراء لحمها من الحسن يسبحون الله بكرة و عشيا لا يسقمون و لا يمتخطون و لا يبصقون آنيتهم الذهب و الفضة و أمشاطهم الذهب و وقود مجامرهم الألوة ( ق ) عن أبي هريرة

2565. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان تۈنجى قېتىمقى جامائەت، 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە شۇنداق نۇرلۇق، گۈزەلدۇر، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كىرىدىغانلار ئاسماندىكى نۇرى ئەڭ كۈچلۈك يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا شۇنداق نۇرلۇق، گۈزەل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىرلا كىشىنىڭ دىلىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، ئۆزئارا دۈشمەنلىك، ئۆچ ـ ئاداۋەت، ھەسەت قىلىش يوق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككىدىن ئايالى باردۇر، بۇ ئايالنارنىڭ سۈزۈك، گۈزەللىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ جەننەت ئەھلى ئەتىگەن ـ ئاخشام مىقداردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، كېسەل بولمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە تاشلىمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قاچىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر، تارغاقلىرى ئالتۇندۇر، خۇشپۇراق بولسۇن ئۈچۈن يېقىپ قويىدىغان نەرسىسى ئەلۇۋۇت دېگەن خۇشپۇراق ياغاچدۇر، (لېكىن، بۇ دۇنيادىكىسىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أول زمرة تلج الجنة صورهم على صورة القمر ليلة البدر لا يبصقون فيها و لا يمتخطون و لا يتغوطون آنيتهم فيها الذهب و أمشاطهم من الذهب و الفضة و مجامرهم الألوة و رشحهم المسك و لكل واحد منهم زوجتان يرى مخ سوقها من وراء اللحم من الحسن لا اختلاف بينهم و لا تباغض قلوبهم قلب واحد يسبحون الله بكرة و عشيا ( حم ق ت ) عن أبي هريرة .

2566. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىدىغان تۈنجى جامائەتلەرنىڭ سۈرىتى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، (يەنى شۇنداق نۇرلۇق، گۈزەلدۇر) ئۇلار جەننەتتە تۈكۈرمەيدۇ، بۇرنىدىن نەرسە تاشلىمايدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، جەننەتتىكى قاچىلىرى ھەتتا چاچ تارايدىغان تارغاقلىرىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇر، ئۇلارنىڭ شاگىلىرى، خۇشپۇراق ئۈچۈن ئوت يېقىپ قويىدىغان نەرسىسى ئەلۇۋەت دېگەن خۇشپۇراق، مىززىلىك ياغاچدۇر، تەرلىرى مىسكىدەك مىززىلىكدۇر، ھەر بىرىنىڭ ئىككىدىن ئايالى بولۇپ، بۇ ئايالنارنىڭ سۈزۈك، گۈزەل ئىكەنلىكىدىن پاچىقىنىڭ يىلىكى گۆشىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، ئۆچ ـ ئاداۋەت يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قەلبى، دىلى بىرلا كىشىنىڭ قەلبى، دىلىدەك. ئۇلار ئەتىگەن ـ ئاخشام مىقداردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشىپ تۇرىدۇ، (بۇ ئۇلارغا نەپەسنىڭ ئۆرنىدا ئاساندۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول شيء يأكله أهل الجنة زيادة كبد الحوت ( الطيالسي ) عن أنس

2567. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى يەيدىغان تۇنجى نەرسە، لەھەڭ، بېلىقنىڭ جىگىرىدۇر،جىگەر پارچىسىدۇر. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول شيء يحشر الناس نار تحشرهم من المشرق إلى المغرب ( الطيالسي ) عن أنس

2568.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىشىلەرنى توپلايدىغان تۇنجى نەرسە ئوت بولۇپ،بۇ ئوت ئۇلارنى مەشرىقتىن مەغرىپ تەرەپكە توپلايدۇ،تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ

( أول شيء يرفع من هذه الأمة الخشوع حتى لا ترى فيها خاشعا ( طب ) عن أبي الدرداء)

2569. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۈممەتتىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى خۇشۇئ يەنى ئاللاھدىن قورقۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش، ھەتتا بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بىرمۇ شۇنداق كىشى يەنى ئاللاھدىن قورقۇپ ئەيمىنىپ تۇرىدىغان كىشى كۆرۈلمەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول ما تفتقدون من دينكم الأمانة ( طب ) عن شداد بن أوس

2570. شەددداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر دىنىڭلاردىن يوقۇتۇپ قويىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى ئامانەتتۇر، (يەنى بۇ چاغدا ئامانەتكە خىيانەت قىلىنىدۇ، بۇ، يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىستە ئۆتتى) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أول ما يحاسب الناس به يوم القيامة من أعمالهم الصلاة يقول ربنا عز و جل لملائكته و هو أعلم: انظروا في صلاة عبدي أتمها أم نقصها ؟ فإن كانت تامة كتبت له تامة و إن كان انتقص منها شيئا قال: انظروا هل لعبدي من تطوع ؟ فإن كان له تطوع قال: أتموا لعبدي فريضته ثم تؤخذ الأعمال على ذاكم ( حم د ن ك ) عن أبي هريرة

2571. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر، رەببىمىز ئەززە ۋە جەللە پەرىشتىلىرىگە بىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنىڭ نامازلىرىغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇ نامازنى كامىل، تولۇق قىلدىمۇ، ياكى كام قىلىپ قويدىمۇ؟ قاراڭلار، ئەگەر تولۇق، كامىل قىلىنغان بولسا، كامىل يېزىلىدۇ، ئەگەر نامازدىن بىرەر نەرسە كاملاپ قالسا، بەندەمنىڭ نەپلە ناماز، ئىبادەتلىرى بارمۇ؟ قاراڭ بېقىڭلار دەيدۇ، ئەگەر ئۇ بەندە ئۈچۈن نەپلە ناماز بولسا، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنىڭ پەرز نامىزىنى شۇ نەپلە ناماز بىلەن تولۇق، كامىل قىلىۋېتىڭلار! ئاندىن بارلىق ئەمەللىرىدىن شۇ يوسۇندا ھېساب ئېلىنىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئەي قېرىنداشلار! نەپلە ناماز، نەپلە زاكات، سەدىقە ـ ئېھسان، نەپلە روزا، نەپلە ھەج، نەپلە جىھادقىچە ياخشىلىق ئەمەللىرىنى كۆپلەپ قىلىڭلار، ئوشۇق دۆلەت باشنى يارمايدۇ، ئاللاھ بىزلەرگە رەھمەت  پەزلىدىن ئاتا قىلا، ئامىن!

أول ما يحاسب به العبد الصلاة و أول ما يقضى بين الناس في الدماء ( ن ) عن ابن مسعود

2572. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى نامازدۇر. كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى قان، خۇن داۋاسىدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول ما يحاسب به العبد يوم القيامة الصلاة فإن صلحت صلح له سائر عمله و إن فسدت فسد سائر عمله ( طس الضياء ) عن أنس

2573. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بەندە ھېساب بېرىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى ناماز بولۇپ، ئەگەر ناماز

يارامىلىق ياخشى بولۇپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسە، ئۇنىڭ قالغان بارلىق ئەمەللىرى يارايدۇ، ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولماي، نامازدىن چاتاق چىقسا، ناماز، پاسات بولسا، بارلىق ئەمەللىرى پاسات بولۇپ يارىمايدۇ، ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيدۇ، ئەۋسەتتە بار، زىيائۇلمەقدەسىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

أول ما يحاسب به العبد يوم القيامة صلاته فإن كان أتمها كتبت له تامة و أن لم يكن أتمها قال الله لملائكته: انظروا هل تجدون لعبدي من تطوع فتكملون بها فريضته ؟ ثم الزكاة كذلك ثم تؤخذ الأعمال على حسب ذلك ( حم د ه ك ) عن تميم الداري

2574. تەمىمۇددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بەندىدىن ھېساب ئېلىنىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجىسى ناماز بولۇپ، ئەگەر ئۇ نامازنى تولۇق، كامىل قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن كامىل يېزىلىدۇ، ئەگەر كامىل قىلالمىغان بولسا، ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە بەندەم ئۈچۈن بىرەر نەپلە ناماز تاپالامسىلەر؟ قاراپ بېقىڭلار دەيدۇ، ئاندىن شۇ نەپلە ناماز بىلەن پەرز ناماز كامىل، تولۇق قىلىنىدۇ، ئاندىن زاكاتمۇ شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئاندىن بارلىق ئەمەللىرى شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) أول ما يرفع من الناس الأمانة و آخر ما يبقى من دينهم الصلاة و رب مصل لا خلاق له عند الله تعالى (الحكيم) عن زيد بن ثابت

2575. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان تۇنجى نەرسە، ئامانەتتۇر، ئۇلارنىڭ دىنىدىن قېلىپ قالىدىغان ئاخىرقى نەرسە نامازدۇر، لېكىن، كۆپىنچە ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىلدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نېسىۋە يوقتۇر، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أول ما يرفع من الناس الخشوع ( طب ) عن شداد بن أوس

2576. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان تۇنجى نەرسە، خۇشۇئدۇر، ئاللاھدىن قورقۇش، نامازدا تىترەپ تۇرۇش، ئەيمىنىپ تۇرۇش، (راستىنلا ھازىر بۇنداق كىشى يوقتۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول ما يقضى بين الناس يوم القيامة في الدماء ( حم ق ن ه ) عن ابن مسعود .

2577. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان نەرسە، قان، خۇن داۋاسى، قاتىللىق دېلوسىدۇر ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أول ما يهراق من دم الشهيد يغفر له ذنبه كله إلا الدين ( طب ك ) عن سهل بن حنيف

2578. سەھلى ئىبنى ھەنىيپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدنىڭ قېنىدىن تۆكۈلىدىغان نەرسىنىڭ تۇنجى تامچىسى بىلەنلا (يەنى قاندىن تۇنجى تامچە زېمىنغا چۈشۈشى) بىلەنلا ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، كەچۈرۈلسىمۇ قەرزى قېلىپ قالىدۇ، (بۇ بەندىنىڭ ھەققى بولغاچقا، بېرىپ رازى قىلىنىدۇ) تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أول مسجد وضع في الأرض المسجد الحرام ثم المسجد الأقصى و بينهما أربعون سنة ثم أينما أدركتك الصلاة بعد فصل فإن الفضل فيه ( حم ق ن ه ) عن أبي ذر

2579. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىنغا قويۇلغان، سېلىنغان تۇنجى مەسجىد، مەسجىدى ھەرەمدۇر، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، مەسجىدى ئەقسادۇر، (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىكى) بۇ ئىككى مەسجىدنىڭ ئارىلىقى 40 يىلدۇر، ئاندىن كېيىن مانا ئەمدى سىنى ناماز قايسى جايدا تاپسا شۇ جايدىلا نامازنى ئوقۇۋەرگىن، ھەققەتەن

پەزىلەت شۇنداق قىلىشقىدا بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أول من غير دين إبراهيم عمرو بن لحي بن قمعة بن خندف أبو خزاعة ( طب ) عن ابن عباس

2580. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتكەن كىشى ئەمرۇ ئىبنى لوھيە ئىبنى قۇمئەت ئىبنى خەندەف، ئەبۇ خۇزائەرۇر (يەنى ئەمرۇ بولۇپ، ئۇ لۇھيەنىڭ ئوغلى لوھيە قۇمئەنىڭ، قۇمئە خەندەپنىڭ ئوغلى بولىدۇ، تۆگىنى ھارام قىلىۋالغانمۇ مۇشۇ كىشىدۇر، شۇڭا ئۇ دوۋزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇخارىدىمۇ بار.

أول من فتق لسانه بالعربية المبينة إسماعيل و هو ابن أربع عشرة سنة ( الشيرازي في الألقاب ) عن علي

2581. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇنجى قېتىم روشەن ئەرەب تىلى بىلەن تىل چىققان ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلىگەن كىشى ئىسمائىلدۇر، ئۇ شۇ چاغدا 14 ياش ئىدى، شىرازى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أول من يبدل سنتي رجل من بني أمية ( ع ) عن أبي ذر

2582. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇنجى بولۇپ مېنىڭ سۈننەتلىرىمنى ئۆزگەرتىدىغان كىشى، بەنى ئۇمەييەدىن يەنى ئۇمەييە جەمەتىدىن بولغان كىشىدۇر، (بۇ كىشى ئۇمەۋىييە خەلىپىلىكى ئىچىدىن چىققان) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن ، تارىخنى كۆرۈڭ.

أول من يدعى يوم القيامة: آدم فتتراءى له ذريته فيقال: هذا أبوكم آدم فيقول: لبيك و سعديك فيقول: أخرج بعث جهنم من ذريتك: فيقول: يا رب كم أخرج ؟ فيقول: أخرج من كل مائة تسعة و تسعين قالوا: يا رسول الله إذا أخذ منا من كل مائة تسعة و تسعون فماذا يبقي منا ؟ قال: إن أمتي في الأمم كالشعرة البيضاء في الثور الأسود ( خ ) عن أبي هريرة

2583. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى چاقىرىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا بارلىق باللىرى كۆرسىتىلىدۇ، ئاندىن مانا بۇ سىلەرنىڭ داداڭلار، بوۋاڭلار ئادەم بولىدۇ دېيىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى لەببەي، خوش، مانا بىز تەييار دەيدۇ، ئاللاھتائالا ئادەمگە باللىرىڭدىن، ئەۋلادلىرىڭدىن جەھەننەم ئەھلىنى چىقارغىن! دەيدۇ، ئادەم: ئى رەببىم، قانچىلىك چىقىرىمەن؟ دەيدۇ، ئاللاھ: ھەر 100دىن 99نى چىقىرىسەن، دەيدۇ، (يەنى 100 كىشىدىن 99 كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ) ساھابىلەر، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزنىڭ ھەر 100 كىشىمىزدىن 99 كىشى دوۋزاخقا تۇتۇلسا، بىزدىن نېمە قالىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن تۇم، قارا كالىنىڭ دۈمبىسىدىكى بىر نەچچە تال ئاق تۈككە ئوخشايدۇ دېدى، (يەنى بۇ ئۈممەتتىن دوۋزاخقا كىرىدىغىنى ئاز دېگەن ، باشقا خاتىرىدە بۇ ئۈممەت جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، يەنە تېخى يۇقىرىدا 120 سەپدىن 80 سەپ جەننەت ئەھلى مۇشۇ ئۈممەت بولىدى،يۇقىرىقى دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارمۇ باردۇر. ئاللاھ ئەئلەم) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول من يكسى من الخلائق إبراهيم ( البزار ) عن عائشة

2584. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىقلاردىن تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أول نبي أرسل نوح ( ابن عساكر ) عن أنس

2585. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: تۇنجى بولۇپ ئەۋەتىلگەن مۇرسەل پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أولاد المشركين خدم أهل الجنة ( طس ) عن سمرة وعن أنس

2586. سۇمرەت، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى يەنى كىچىك ۋاپات بولغان بالىلىرى جەننەت ئەھلىنىڭ خادىمى، خىزمەتچىلىرىدۇر، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ. (باشقا خاتىرىلەردە ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ دېگەن )

( صحيح ) أولياء الله تعالى الذين إذا رءوا ذكر الله تعالى ( الحكيم ) عن ابن عباس

2587. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالانىڭ دوستلىرى بولغان ئەۋلىيالار دېگەن دائىم ئاللاھنى ئەسلىگەن ھالدا كۆرۈلىدۇ، ياكى ئۇلارنى باشقىلار كۆرگەن ھامان ئاللاھ ئەسلىنىدۇ، ئاللاھ تىلغا ئېلىنىپ، زىكىر ئېيتىلىدۇ، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ، ئەۋلىيا دېگەن مۇتتەقىيلاردۇر، ئايەت.

أوليس قد جعل الله لكم ما تصدقون به ؟ إن بكل تسبيحة صدقة و بكل تكبيرة صدقة و بكل تحميدة صدقة و بكل تهليلة صدقة و أمر بالمعروف صدقة و نهي عن المنكر صدقة و في بضع أحدكم صدقة قالوا: يا رسول الله أيأتي أحدنا شهوته و يكون له فيها أجر ؟ قال: أرأيتم لو وضعها في الحرام أليس كان يكون عليه وزر ؟ فكذلك إذا وضعها في الحلال يكون له أجر ( حم م ) عن أبي ذر .

2588. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە سىلەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە قىلىپ بەرمىدىمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن ھەربىر تەسبىھ، سەدىقە، ھەربىر تەكبىر سەدىقە، ھەربىر ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش سەدىقە، ھەربىر تەھلىل لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىش سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقە، مۇنكەر، يامان ئىشدىن توسۇش سەدىقە، بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن بىللە بولغان مۇناسىۋىتىمۇ سەدىقە، ساھابىلەر يا رەسۇلۇللاھ، بىرىمىز شەھۋەتكە كەلسە، ھېسسىياتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن جىنسىي مۇناسىۋەتتىگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولامدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇنى ھارامدا قويسا، ئۇ كىشىگە گۇناھ بولمامدۇ؟ (ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ) ئەنە شۇنىڭدەك ھالالدا قويسا، يەنى ھالالدىن مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ دېدى، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەدىقە ھېسابلىنىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، يەنىلا مال ـ دۇنياسى بار كىشىلەر زاكاتتىن باشقا ئاللاھ يولىدا سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشى لازىم، مالدا زاكاتتىن باشقىمۇ ھەق بار، سەھىھ ھەدىس.

( صحيح ) ألا أحدثكم بأشقى الناس رجلين ؟ أحيمر ثمود الذي عقر الناقة و الذي يضربك يا علي على هذه حتى يبل منها هذه ( طب ك ) عن عمار بن ياسر

2589. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە دوۋزاخ ئەھلىدىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ شەقىسى بولغان ئىككى كىشىنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ بىرىسى تۆگىنى ئۆلتۈرگەن سەمۇد قەۋمىدىكى ئۇھەيمىردۇر، (ئىسمى قىدام دېيىلدى)، (سۈرە شەمسدە بۇ كىشى ئەڭ شەقى دېيىلگەن) يەنە بىر شەقى بولسا، ئى ئەلى، سېنى ئۇرىدىغان ساكا خەنجەر سالىدىغان كىشى بولۇپ، مۇشۇ جايغا خەنجەر ئۇرىدۇ، ھەتتا ماۋۇ جاي قان بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. (يەنى بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى بولۇپ، شۇ قاتىل ئەڭ شەقى كىشىدۇر) تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راستىنلا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى).

ألا أحدثكم بأمر إن أخذتم به أدركتم من قبلكم و لم يدرككم من بعدكم و كنتم خير من أنتم بين ظهرانيه إلا من عمل مثله ؟ تسبحون و تحمدون و تكبرون خلف كل صلاة ثلاثا و ثلاثين ( ق ) عن أبي هريرة .

2590. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىشنى چىڭ تۇتساڭلار، ئەمەل قىلساڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ مۇكاپاتلىرىنى تاپالايسىلەر، سىلەردىن كېيىن، ھېچكىشى بۇ مۇكاپاتىڭلارنى تاپالمايدۇ، سىلەر بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەردىنمۇ ياخشى بولۇپ كېتىسىلەر، لېكىن، شۇ ئىشنى سىلەردەك قىلغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇمۇ سىلەردەك ياخشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئىش بولسا، ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدىن 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ـ سانا، 33 تەكبىر ئېيتىشىڭلاردۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أحدثكم حديثا عن الدجال ما حدث به نبي قبلي قومه ؟ إنه أعور يجيء معه تمثال الجنة و النار فالتي يقول إنها الجنة هي النار و إني أنذركم به كما أنذر به نوح قومه ( ق ) عن أبي هريرة

2591. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە دەججال توغرىسىدا مەندىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەر قەۋمىگە سۆزلەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى سۆزلەپ بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇ بىر كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەننەت، دوۋزاخنىڭ مىسالى، ئوخشاش سۈرىتى بار، ئۇ جەننەت دېگىنى دوۋزاخدۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ ئوت دېگىنى مۇزلۇق سۇدۇر) ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى دەججالدىن خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاگاھلاندۇرىمەن، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋە ھازىر ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دەججالدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىشى، يامانلىقتا، رەزىللىككە، مۇنكەر ئىشقا، باتىلغا، دىنسىزلىقتا قارشى تۇرۇشىدۇر، دۈشمەنگە ئالدىن تەييارلىق قىلىشدۇر، ئىدىيىدە جەڭ قىلىشتۇر، شەكسىز ئىشەنگەن ئىماندۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم، دەججال چوقۇم چىقىدۇ.

ألا أخبرك بأخير سورة في القرآن ( الحمد لله رب العالمين . ( حم ) عن عبدالله بن جابر البياضي .

2592. ئابدۇللاھ ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە قۇرئاندىكى ئەڭ ياخشى سۈرىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ، ئۇ سۈرە بولسا، «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين» دېگەن سۈرە فاتىھەدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبرك بأفضل ما تعوذ به المتعوذون: ( قل أعوذ برب الفلق و ( قل أعوذ برب الناس (طب) عن عقبة بن عامر

2593. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ئەڭ ئەۋزەل نەرسىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، «قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق»، «قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس» يەنى سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناستۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (ئى ئىنسانلار، جىن ـ شەيتان بىلەن پاناھ تىلمەي، باخشى، داخاننى قويۇپ، مۇشۇ سۈرىلەرنى لازىم تۇتۇڭلار)

( صحيح ) ألا أخبرك بأهل النار ؟ كل جعظري جواظ مستكبر جماع منوع ألا أخبرك بأهل الجنة ؟ كل مسكين لو أقسم على الله تعالى لأبره ( طب ) عن أبي الدرداء

2594. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا دوۋزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ھەرقانداق تىلى قوپال، چوڭچى، توك، مۇتەكەببىر، بېخىل، مالنى كۆپ يىغىپ، باشقىلارغا بەرمەس، زاكات ئايرىماس كىشى دوۋزاخ ئەھلىدۇر، جەننەت ئەھلىدىنمۇ خەۋەر بەرمەيدۇ؟ ھەرقانداق مىسكىن مۇسۇلمان جەننەت ئەھلى بولۇپ، ئەگەر ئۇ، ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، قەسىمگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أخبركم بأفضل من درجة الصيام و الصلاة و الصدقة ؟ إصلاح ذات البين فإن فساد ذات البين هي الحالقة ( حم د ت ) عن أبي الدرداء .

2595. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە روزىنىڭ، نامازنىڭ، سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرى، ئەۋزەل تۇرىدىغان بىر دەرىجىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، كىشىلەر ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرۇشتۇر، (ھەتتا، دۆلەتلەر ئارىسىمۇ ياراشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەقىقەتەن كىشىلەر ئارىسىنى پاسات تېرىپ بۇزۇۋېتىش، ئاداۋەتتە، ئۆرۈش ـ جېدەلدە قويۇش دىننى يوقىتىدۇ، (چاچنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، دىننى پاكىز چۈشۈرۈۋېتىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم بالتيس المستعار ؟ هو المحل فلعن الله المحل و المحلل له ( ه ك ) عن عقبة بن عامر .

2596. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئارىيەت بېرىلگەن، ئارىيەت ئېلىنغان قوچقارنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالىنى ھالال قىلىپ بەرگۈچىدۇر، ئاللاھتائالا ھالال قىلىپ بەرگۈچى بىلەن ھالال قىلىنغان كىشىگە لەنەت قىلدى، ئىبنى ماجە بىلەن ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستە گەرچە ھالال قىلىش دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن ئېرى بىلەن ئالدىن دېيىشىۋېلىپ ھالال قىلسا، بۇ دۇرۇس ئەمەس، دېيىشىۋالماي، ئالدىن سۆزلەشمەي، تەبىئىي، ئادەتتىكىدەك بولسا،ئىددەتكە رىئايە قىلسا بولىدۇ.

ألا أخبركم بأمر إذا فعلتموه أدركتم من قبلكم و فتم من بعدكم ؟ تحمدون الله في دبر كل صلاة و تسبحونه و تكبرونه ثلاث و ثلاثين و ثلاث و ثلاثين و أربعا و ثلاثين ( ه ) عن أبي ذر

2597. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە، ئەگەر قىلساڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ مۇكاپاتىنى تاپىدىغان، سىلەردىن كېيىنكىلەر سىلەرنىڭ بۇ مۇكاپاتىڭلارنى تاپالمايدىغان شۇنداق ئەۋزەل بىر ئىشنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ـ سانا، 34 تەكبىر ئېيتىشىڭلاردۇر، (ئەگەر باشقىلارمۇ بۇ ئىشنى قىلسا، سىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ خىل سوئال سورىشى، شۇ ئىشلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى، مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ، ۋە شۇ ئىشلارغا قىزىقتۇرۇشتۇر، تەقەززا قىلىشتۇر.

( صحيح ) ألا أخبركم بأهل الجنة ؟ كل ضعيف متضعف لو أقسم على الله لأبره ألا أخبركم بأهل النار ؟ كل عتل جواظ جعظري مستكبر ( حم ق ت ن ه ) عن حارثة بن وهب

2598. ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسا، ھەرقانداق زەئىپ، ئاجىز، ياۋاش، باشقىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ، بوزەك قىلىنىدىغان مۇسۇلماندۇر، دوزاخ ئەھلى بولسا، مۇتەكەببىر، چوڭچى، مەنمەنچى، تىلى، دىلى قاتتىق قوپال، مال جۇغلاپ، ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەيدىغان، كىبىر قىلىدىغان كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان كىشىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أخبركم بخيار أمرائكم و شرارهم ؟ خيارهم الذين تحبونهم و يحبونكم و تدعون لهم و يدعون لكم و شرار أمرائكم الذين تبغضونهم و يبغضونكم و تلعنونهم و يلعنونكم ( ت ) عن عمر .

2599. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەمىر، خەلىپە، باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن ئەڭ يامىنىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا، سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان كىشىلەردۇر، ( بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، بىر ـ بىرىگە مەھبۇب كىشىلەر) ئەمىر، باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامانلىرى

بولسا، سىلەر ئۇلارغا غەزەپ قىلىدىغان، ئۆچ كۆرۈدىغان، ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرۈپ، غەزەپ قىلىدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت قىلىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم بخير الشهداء ؟ الذي يأتي بشهادته قبل أن يسألها ( مالك حم م د ن ) عن زيد بن خالد الجهني .

2600. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، گۇۋاھلىقنى سورۇلۇشتىن بۇرۇنلا ھەق، ئادىل ھالەتتە كەلتۈرگەن، سورۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىدۇر، مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، بۇ ياخشى گۇۋاھچى سورۇلۇشتىن بۇرۇن كېلىپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھېلىقى بىدئەتچى كىشىگە ئوخشاشمايدۇ، سەھىھ.

ألا أخبركم بخير الناس منزلة ؟ رجل ممسك بعنان فرسه في سبيل الله حتى يموت أو يقتل ; ألا أخبركم بالذي يتلوه ؟ رجل معتزل في شعب يقيم الصلاة و يؤتي الزكاة و يعتزل شرور الناس ; ألا أخبركم بشر الناس ؟ رجل يسأل بالله و لا يعطي ( حم ت ن حب ) عن ابن عباس

2601. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مەنزىل جەھەتتىن ئەڭ ياخشى كىشىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى ئاللاھ يولىدا ئۆلۈپ كەتكەنگە ياكى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولغانغا قەدەر چىڭ تۇتۇپ تۇرغان كىشىدۇر، مەن سىلەرگە ئاشۇ مەنزىلى ياخشى مۇجاھىدقا ئەگىشىدىغان، كەينىدىنلا ماڭىدىغان ياخشى كىشىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، تاغقا، غارغا ئايرىلىپ ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئايرىلىۋالغان كىشىدۇر، (مەخسۇس ئىلىم، ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن كىشى بولۇپ، بۇ سۆزدىن يول ئېككىلا، بىرى جىھاد قىلىپ شېھىد بولۇش، يەنە بىرى ئىلىم، ئىبادەتتۇر) مەن سىلەرگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورالسىمۇ بەرمەيدىغان كىشىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! يول شۇنداق روشەن، ئوچۇقتۇر، قىلىدىغان ئىش باردۇر، نېمىگە ھەيران ھالدا گاڭگىراپ يۈرىيسىلەر؟ يا جىھاد، شېھىدلىق، يا ئىلىم، ئىبادەت، زاھىدلىقتۇر، ئۇندىن باشقىسى غورۇر، دىنسىزلىق، پاسىقلىقتۇر، جاھالەتتۇر.

ألا أخبركم بخير دور الأنصار ؟ دار بني النجار ثم دار بني عبد الأشهل ثم دار بني الحارث ثم الخزرج ثم دار بني ساعدة و في كل دور الأنصار خير ( حم ق ت ن ) عن أنس ( حم ق ن ) عن أبي أسيد الساعدي ( حم ق ) عن أبي حميد الساعدي ( حم م ) عن أبي هريرة

2602. ئەنەس، ئەبۇ ئۇسەيد، ئەبۇ ھۇمەيد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەنسارلارنىڭ ھويلا، ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ بەنى نەججار ھويلىسى، بەنى ئابدۇ ئەشھەل ھويلىسى، بەنى ھارىس ھويلىسى، ئاندىن خەزرەج ئاندىن بەنى سائىدەت ھويلىسى، ئەنسارلارنىڭ ھەربىر ھويلا، ئۆيلىرىدە ياخشىلىق باردۇر، (بۇ ئەنسارلار يەزلىتىدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أخبركم بخيركم من شركم ؟ خيركم من يرجى خيره و يؤمن شره و شركم من لا يرجى خيره و لا يؤمن شره ( حم ت حب ) عن أبي هريرة .

2603. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشى كىشىلەر بىلەن ئەڭ يامان كىشىنى دەپ بېرەيمۇ؟ سىلەرنىڭ ياخشىلار، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنىدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن قىلىنىدىغان يەنى يامانلىقى يوق كىشىدۇر، يامىنىڭلار بولسا، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنمايدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان كىشىدۇر، (ياخشىلىقى يوق، يامانلىقى كۆپ كىشىدۇر) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى

ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم برجالكم من أهل الجنة ؟ النبي في الجنة و الشهيد في الجنة و الصديق في الجنة و المولود في الجنة و الرجل يزور أخاه في ناحية المصر في الله في الجنة ; ألا أخبركم بنسائكم من أهل الجنة ؟ الودود الولود العئود التي إذا ظلمت قالت: هذه يدي في يدك لا أذوق غمضا حتى ترضى ( الدارقطني في الأفراد طب ) عن كعب بن عجرة

2604. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئەرلىرىڭلار بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ پەيغەمبەر جەننەتتە، شېھىد جەننەتتە، سىددىق جەننەتتە، ئىسلام ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك بالىلار جەننەتتە، شەھەرنىڭ چەت جايلىرىدىكى قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ تۇرغان كىشى جەننەتتە، جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللار بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدىغان، ئېرىگە سەممىي، سادىق، ئىتائەتچان، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى كۆپ تۇغقان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان چاغدىمۇ ئېرىگە قايتىپ كېلىپ، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز كۆز يۇممايمەن، ئۇخلىمايمەن دەيدىغان ئاياللاردۇر، دارىقۇتنى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىستە ناماز ئوقۇپ روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، بۇ ئايال جەننەت ئەھلى دېگەن ھەدىس ئۆتتى، بۇ ھەدىستىكى ئىشلار قوشۇمچە ئەخلاقدۇر.

( صحيح ) ألا أخبركم بشيء إذا نزل برجل منكم كرب أو بلاء من أمر الدنيا دعا به ففرج عنه ؟ دعاء ذي النون: لا إله إلا أنت سبحانك إني كنت من الظالمين( ابن أبي الدنيا في الفرج ك ) عن سعد

2605. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەگەر سىلەردىن بىر كىشىگە دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، بالالەر چۈشۈپ قالغاندا دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان، مۇشەققىتى ئاسان بولىدىغان بىر نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ بېلىق ئىگىسى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدۇر، (لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىين) تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەممە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاك، ھەقىقەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلدىم» (مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلسا، ئىجابەت بولۇر) ھاكىم، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم بصلاة المنافق ؟ أن يؤخر العصر حتى إذا كانت الشمس كثرب البقرة صلاها قط ك) رافع بن خديج

2606. راپىئ ئىبنى خەدىيجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە مۇناپىقنىڭ نامىزىنىڭ قانداقلىقى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئۇ مۇناپىق ئەسىر نامىزىنى قۇياش، كالىنىڭ ئىچ يېغىدەك ئاقارغىچە يەنى كىرىپ كېتەي دېگۈچە كېچىكتۈرۈپ ئاندىن توخۇ چوقۇغاندەك توك ـ توك ئوقۇيدۇ، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) ألا أخبركم بما هو أخوف عليكم عندي من المسيح الدجال ؟ الشرك الخفي: أن يقوم الرجل فيصلي فيزين صلاته لما يرى من نظر رجل ( ه ) عن أبي سعيد .

2607. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە مېنىڭ نەزىرىمدە مەسىيھ دەججالدىنمۇ قورقۇنۇشلۇق، خەتەرلىك نەرسە بىلەن خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ مەخپىي شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، بۇ مەخپىي شېرىك بولسا، كىشىنىڭ نامازغا تۇرۇپ، ئاندىن يېنىدىكى كىشىنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن نامازنى زىننەتلەپ، رۇسلاپ ياخشى ئوقۇشىدۇر، (يەنى رىيا قىلىپ ناماز ئوقۇشىدۇر) ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

ألا أخبركم بما يذهب وحر الصدر ؟ صوم ثلاثة أيام من كل شهر ( ن ) عن رجل من الصحابة

2608. ئاھالىلەردىن بىر كىشىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە قەلبىڭلار دىلىڭلار پەردىسىنى، ۋەسۋەسىسىنى ھىقدە، ھەسەد، ئاداۋەت، غەزەپلىرىنى يوق قىلىۋېتىدىغان بىر نەرسە بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أخبركم بمن تحرم عليه النار غدا ؟ على كل هين لين قريب سهل ( ع ) عن جابر ( ت طب ) عن ابن مسعود

2609. جابىر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەتە يەنى قىيامەت كۈنىدە دوۋزاخ ھارام بولىدىغان كىشى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق مۇلايىم، يۇمشاق دىل، كىشىلەرگە يېقىن، ئاسان قىلغۇچى، ئىشلارنى يەڭگىللەشتۈرگۈچى، قولغا يېقىن، ئايىغى يېنىك، مۇئامىلىدىمۇ ئاسانلاشتۇرغۇچى كىشىدۇر، ئەبۇ يەئلا، تىرمىزى 2412 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أدلك على باب من أبواب الجنة ؟ لا حول و لا قوة إلا بالله ( حم ت ك ) عن قيس بن سعد بن عبادة .

2610. قىيس ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېيىشتۇر ، تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشنى، ئىبادەتنى، مەئسىيەتتىن يېنىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أدلك على جهاد لا شوكة فيه ؟ حج البيت ( طب ) عن الشفاء

2611. شىپا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا قورالسىز جىھادنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (ھەج ئاياللارنىڭ جىھادى دېگەن ھەدىس بار)

ألا أدلك على سيد الاستغفار ؟ اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على عهدك و وعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت و أبوء لك بنعمتك علي و أعترف بذنوبي فاغفر لي ذنوبي إنه لا يغفر الذنوب إلا أنت لا يقولها أحد حين يمسي فيأتي عليه قدر قبل أن يصبح إلا وجبت له الجنة و لا يقولها حين يصبح فيأتي عليه قدر قبل أن يمسي إلا وجبت له الجنة ( ت ) عن شداد بن أوس

2612. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا سەييىدۇل ئىستىغفارنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ كاتتا خوجىسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ «ئاللاھۇممە ئەنتە رەببى لائىلاھە ئىللە ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئەبدۈكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە، ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ، ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ۋە ئەبۇئۇ لەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەئتەرفۇ بىزەنبى فەغفىرلى زۇنۇبى ئىننەھۇ لايەغفىرۇز زۇنۇبە ئىللىل ائەنتە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلى مېنىڭ رەببىم، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى مېنى ياراتقان، مەن سىلىنىڭ بەندىلىرى، مەن قادىر بولۇشۇمچە سىلىگە بەرگەن ئەھدە، كېلىشىم، توختام، ۋەدىنىڭ ئۈستىدە بولىمەن. سىلىگە سېغىنىپ مەن قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن سىلىگە سىلىنىڭ ماڭا بولغان نېئمەتلىرى بىلەن قايتىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئىقرارمەن، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسىلە، گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچكىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا ئى رەببىم» بۇ ئىستىغفارنى بىر كىشى كەچ كىرگەندە دەپ شۇ كېچە ئۇنىڭغا ئۆلۈم تەقدىر قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئەتىگىنى دەپ كەچ كىرىشىدىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە ئۆلۈم تەقدىرى كېلىپ قالسا، بۇ كىشىگىمۇ جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى ئەتىگەن ـ ئاخشام بۇ ئىستىغفارنى ئېيتىپ تۇرغان كىشى جەننەتكە لايىق بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇنىڭ مۇھىملىقىدىن تەرجىمىسىنى قوشۇپ قويدۇق،مەنىسىنى چۈشۈنۈپ بىلىپ ئوقۇرسىز.

( صحيح ) ألا أدلك على غراس هو خير من هذا ؟ تقول: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر يغرس لك بكل كلمة منها شجرة في الجنة ( ه ك ) عن أبي هريرة .

2613. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە دەرەخ تىكىۋاتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپ مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا بۇنىڭدىن ياخشىراق دەرەخ تىكىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟، بولىدۇ يا رەسۇلۇللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ئۇنداق بولسا، «سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر» دېگىن ، سەن ئۇچۇن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەربىر كەلىمىسىنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ، ئىبنى ماجە 3797 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت:دەرەخ تىكىشدىن توسۇش ئەمەس، مۇشۇ جەننەت كاڭلىرى بولغان سۆزنى كۆپ دېگۈزۈشتۇر.

( صحيح ) ألا أدلك على كلمة من تحت العرش من كنز الجنة ؟ تقول: لا حول و لا قوة إلا بالله فيقول الله: أسلم عبدي و استسلم ( ك ) عن أبي هريرة

2614. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنى ئەرشىنىڭ تەھتىدىكى جەننەت كاڭلىرىدىن بولغان بىر كەلىمىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى» دېگىن ، سەن شۇنداق دېسەڭ، ئالللاھتائالا بەندەم مۇسۇلمان بولدى، تەسلىم بولدى، ماڭا شەرتسىز بويسۇندى دەيدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ألا أدلك على ما هو أكثر من ذكرك الله الليل مع النهار ؟ تقول: الحمد لله عدد ما خلق الحمد لله ملء ما خلق الحمد لله عدد ما في السموات و ما في الأرض الحمد لله عدد ما أحصى كتابه و الحمد لله على ما أحصى كتابه و الحمد لله عدد كل شيء و الحمد لله ملء كل شيء وتسبح الله مثلهن تعلمهن و علمهن عقبك من بعدك(طب)عن أبي أمامة

2615. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ئالللاھ تائالانى ئەسلەپ كېچە ـ كۈندۈز زىكرى ئېيتقاندىنمۇ كۆپرەك زىكىر تەسبىھ ھېسابلىنىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ مۇنداق دېگىن : ئەلھەمدۇلىللاھى ئەدەدەما خەلەق (ئالللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ باراۋىرىدە ھەمدۇ ـ سانالار ئالللاھقا خاستۇر، ياكى شۇ سانلارنىڭ باراۋىرىدە ئەلھەمدۇلىللاھ دەيمەن) ئالللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەر لىق تولغۇدەك ئەلھەمدۇلىللاھ دەيمەن، شۇنداق كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئالللاھقا خاستۇر، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە ھەمدۇ ـ سانالار ئالللاھقا خاستۇر، ئالللاھنىڭ كىتابى لەۋھۇلمەھپۇز ھېسابلىغان نەرسىنىڭ باراۋىرىدە ھەمدۇ ـ سانالار ئالللاھقا خاستۇر، ئالللاھنىڭ كىتابى ھېسابلىغان نەرسىگە ئەلھەمدۇلىللاھ، ھەربىر نەرسىنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە ئەلھەمدۇلىللاھ، ھەربىر نەرسە لىق تولغۇدەك ئەلھەمدۇلىللاھ دەيمەن، تەسبىھ، تەكبىر يەنى سۇبھانەللا ئالللاھۇ ئەكبەرنىمۇ شۇنداق دەيسەن، بۇنى سەندىن كېيىنكى كىشىلەرگە ئۇبدان ئۆگەتكىن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أدلك على ما هو خير لك من خادم ؟ تسبحين الله ثلاثا و ثلاثين و تحمدين ثلاثا و ثلاثين و تكبرين أربعا و ثلاثين حين تأخذين مضجعك ( م ) عن أبي هريرة

2616. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىنى سەن ئۈچۈن خادىم، قۇلدىنمۇ ياخشى بولغان نەرسىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ سەن ياتىقىڭنى تۇتقاندا يېتىش ئالدىدا ئالللاھتائالاغا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ـ سانا، 34 تەكبىر ئېيتقىن، (بۇ سۆزنى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، خادىم، قۇل، دېدەك سوراپ بارغاندا دېگەن ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أدلكم على ما يكفر الله به من الخطايا و يزيد في الحسنات ؟ إسباغ الوضوء على المكروهات و كثرة الخطا إلى المساجد و انتظار الصلاة بعد الصلاة( ه ) عن أبي سعيد .

2617. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن؛ مەن سىلەرنى ئاللاھ، بارلىق خاتالىقلارنى كاپارەت ھېسابلاپ ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ياخشىلىقلارنى زىيادە كۆپ قىلىپ بېرىدىغان بىر ئىشقا كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ مۇشەققەتلىك چاغلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ مېڭىش، جامائەت بىلەن كۆپ قېتىم ناماز ئوقۇش، نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇشتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، تاھارەتنى قىشتا، سوغۇقتا، ئىسسىق ئاپتاپتا كېسەل بولۇپ قالغان، قېرىپ قالغان چاغلاردا، سەپەر كۆڭلەردىمۇ، جەڭ كۆڭلەردە ۋە باشقا چاغلاردا كامىل ئېلىشتۇر.

ألا أدلكم على ما يمحو الله به الخطايا و يرفع به الدرجات ؟ إسباغ الوضوء على المكاره و كثرة الخطا إلى المساجد و انتظار الصلاة بعد الصلاة فذلكم الرباط فذلكم الرباط (مالك حم م ت ن ) عن أبي هريرة .

2618. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئاللاھتائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسا، مۇشەققەتلىك چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ بېرىش، نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا تەييار تۇرۇشتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا جىھادقا تەييارلىق قىلغاندەك ئىشتۇر (بۇ رىبات تەييارلىق سۆزە ئال ئىمرانىنىڭ ئاخىرىدا بار) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أدلكما على خير مما سألتماه ؟ إذا أخذتما مضاجعكما فكبرا الله أربعا و ثلاثين و احمدا الله ثلاثا و ثلاثين و سبحا ثلاثا و ثلاثين فإن ذلك خير لكما من خادم ( حم ق د ت ) عن علي .

2619. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خادىم سوراپ بارغان ئاخشىمى كېلىپ مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى سىلەر ئىككىڭلار سورىغان نەرسىدىن ياخشىراق نەرسىگە كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سىلەر ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندا ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاھقا 34 تەكبىر 33 ھەمدۇ ـ سانا، 33 تەسبىھ ئېيتىپ يېتىڭلار، (يەنى ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، پاك دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ھەمدۇ ـ سانا بىلەن شۈكۈر قىلىپ يېتىڭلار) ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش سىلەرگە قۇل، خادىمدىن ياخشىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا أستحي من رجل تستحي منه الملائكة ؟ – يعني عثمان –( حم م ) عن عائشة .

2620. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىپ تارتىنىدىغان كىشىدىن مەن ھايا قىلمامدىم؟ تارتىنمامدىم؟ (يەنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەقسەت قىلغان) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2170** . ( ت ) عن علي . ألا أعلمك كلمات إذا قلتهن غفر الله لك و إن كنت مغفورا لك ؟ قل: لا إله إلا الله العلي العظيم لا إله إلا الله الحكيم الكريم لا إله إلا الله سبحان الله رب السموات السبع و رب العرش العظيم الحمد لله رب العالمين ( و رواه ' خط ' بلفظ: إذا أنت قلتهن و عليك مثل عدد الذر خطايا غفر الله لك )

2621. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ سەن ئۇ كەلىمىلەرنى دېسەڭ، گەرچە سەن مەغپىرەت قىلىنىپ بولغان كىشى بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ سېنى يەنىلا مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىدۇ، يەنىلا سەن دېگىن، «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇل ھەكىيمۇل كەرىيم، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇل ئەلىييۇل ئەزىيم، لائىلاھە ئىللەللاھۇ سۇبھانەللاھ رەببۇسساماۋاتى سسەبئى ۋە رەببۇل ئەرشىل ئەزىيم، ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل

ئالەمىين» تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ،خەتىبۇلبەغداد ئەگەر بۇ كەلىمىلەرنى دېسەڭ، سېنىڭ زەررىچىلەردەك كۆپ خاتالىقلىرىڭ بولسىمۇ، ئاللاھ ساڭا مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ دېگەن لەۋزى بىلەن خاتىرىلىگەن ئەلبانى رەھمەھۇللا، بۇ كېيىنكى لەبزىنى زەئىپ دېگەن ، لېكىن، مەغپىرەت قىلىنىش سەھىھ،بۇ ئىتتىپاقتۇر.

ألا أعلمك كلمات تقولها إذا أويت إلى فراشك فإن مت من ليلتك مت على الفطرة و إن أصبحت أصبحت و قد أصبت خيرا ؟ تقول: اللهم أسلمت نفسي إليك و وجهت وجهي إليك و فوضت أمري رغبة و رهبة إليك و ألجأت ظهري إليك لا ملجأ و لا منجا منك إلا إليك آمنت بكتابك الذي أنزلت و بنبيك الذي أرسلت ( ت ن ) عن البراء

2622. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا سەن كۆرپەڭگە، تۆشەكلىرىڭگە يارغاندا دەيدىغان بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ، ئەگەر شۇ سۆزلەرنى دەپ يېتىپ شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىسەن، ئەگەر ئۆلمەي ساق ھالدا تاڭ ئاتقۇزساڭ، نۇرغۇن ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىسەن، مۇنداق دېگىن ، «ئى ئاللاھ، نەپسىمنى، جېنىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، بارلىق زاتىمنى، رىزالىقىمنى سىلىگىلا قاراتتىم، سىلىگىلا يۈزلەندىم، سىلىدىن قورقۇپ سىلىدىن ئۈمىد قىلىپ، بارلىق ئىشلىرىمنى سىلىگىلا تاپشۇردۇم، مەن ئۈچامنى سىلىگىلا يۆلىدىم، سىلىگە يۆلەندىم، سىلىنىڭ ئازابلىرىدىن سىلىنىڭ رەھمەتلىرىدىن باشقا سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدىن باشقا ئىلتىجا قىلىدىغان نىجاتلىق جاي يوقتۇر، پەقەت سىلىنىڭ رەھمەتلىرىلا بار، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئەۋەتكەن ئەلچى پەيغەمبەرلىرىگە شەكسىز ئىمان كەلتۈردۇم» تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أعلمك كلمات تقولهن عند الكرب ؟ الله ربي لا أشرك به شيئا ( حم د ه ) عن أسماء بنت عميس .

2623. ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا مۇشەققەت، بالا چۈشكەندە دەيدىغان كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ «ئاللاھ! ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، مەن ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن» دېگىن ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ألا أعلمك كلمات تقولينها ؟ سبحان الله عدد خلقه سبحان الله عدد خلقه سبحان الله عدد خلقه سبحان الله رضا نفسه سبحان الله رضا نفسه سبحان الله رضا نفسه سبحان الله زنة عرشه سبحان الله زنة عرشه سبحان الله زنة عرشه سبحان الله مداد كلماته سبحان الله مداد كلماته سبحان الله مداد كلماته ( ت ن حب ) عن جويرية

2624. جۇۋەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا سەن دەيدىغان ئەڭ ئەۋزەل، قۇلايلىق، ساۋابى كۆپ سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ «سۇبھانەللا ئەدەدەخەلقىھى ئۈچ قېتىم، سۇبھانەللا رىزانەپسىھى ئۈچ قېتىم دەيسەن، سۇبھانەللا زىنەتى ئەرشىھى ئۈچ، سۇبھانەللاھ مىدادى كەلىماتى دەپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ يەنى ھەممە تەكبىرنىڭمۇ ھەربىرىنى شۇنىڭدەك ئۈچتىن دېگىن ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ئۆز زاتىنىڭ رازىلىقىدا ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىدا، كەلىمىلىرىنىڭ سىيالىرىنىڭ باراۋىرىدە ئاللاھقا ھەمدىلەر خاستۇر، ئاللاھ پاكتۇر دېگەن بولىدۇ، شۇنىڭ باراۋىرىدە شۇنداق دەيمەن دېگەن بولىدۇ.

( حسن ) ألا أعلمك كلمات لو كان عليك مثل جبل صبير دينا أداه الله عنك ؟ قل: اللهم اكفني بحلالك عن حرامك و أغنني بفضلك عمن سواك ( حم ت ك ) عن علي

2625. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇلارنى دېسەڭ، ئۈستۈڭدە سەبىر تېغىدەك چوڭ، كۆپ قەرز بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنى سەندىن ئادا قىلىۋېتىدۇ، «ئاللاھۇممە ئەكپىنىي بىھالالىكە ئەن ھارامىكە ۋە ئەغنىي بىپەزلىكە ئەممەن سىۋاكە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، ھالاللىرىڭ بىلەن ماڭا ھاراملاردىن

كۇپايە بولغىن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن سەندىن باشقا كىشىلەردىن مېنى بىھاجەت قىلغىن دېگىن ، (ھالاللىرىڭ بىلەن ماڭا ھارامدىن كۇپايە قىلغىن، پەزلىڭ بىلەن مېنى سەندىن باشقىلاردىن بىھاجەت قىلغىن ئامىن!) ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ألا أعلمكم شيئا تدركون به من سبقكم و تسبقون به من بعدكم و لا يكون أحد أفضل منكم إلا من صنع مثل ما صنعتم ؟ تسبحون و تكبرون و تحمدون في دبر كل صلاة ثلاثا و ثلاثين مرة ( حم م ) عن أبي هريرة .

2626. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە بۇرۇنقىلارنىڭ مۇكاپاتىنى، ئەجىرلىرىنى تاپىدىغان سىلەردىن كېيىنكىلەردىن ئىلگىرىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان، سىلەردىن كېيىن ھېچكىشى ئەۋزەل بولالمايدىغان، لېكىن، شۇ ئىشنى قىلسا، ئاندىن سىلەرگە ئوخشاش بولالايدىغان بىر ئىشنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ـ سانا، 33 تەكبىر ئېيتىشىڭلاردۇر، ئەھمەد ،مۇسلىم توپلىغان.سەھىھ.زىكرىنىڭ ئەجىر، ساۋابى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە؟!

( صحيح ) ألا أنبئك بأهل الجنة ؟ الضعفاء المغلوبون ( طب ) عن ابن عمرو

2627. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا جەننەت ئەھلى بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بولسا ئاجىز، مەغلۇپ بولىدىغان ياۋاش، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان مۇسۇلمانلاردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أنبئكم بأكبر الكبائر ؟ الإشراك بالله و عقوق الوالدين و قول الزور ( حم ق ت ) عن أبي بكرة .

2628. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە گۇناھى كەبىيرلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراش، بويۇن قېقىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر، (ئاللاھ بىزنى بۇ ئىشلاردىن ساقلىسۇن، ئامىن!) ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ألا أنبئكم بخير أعمالكم و أزكاها عند مليككم و أرفعها في درجاتكم و خير لكم من إنفاق الذهب و الورق و خير لكم من أن تلقوا عدوكم فتضربوا أعناقهم و يضربوا أعناقكم ؟ ذكر الله ( ت ه ك ) عن أبي الدرداء .

2629. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پادىشاھىڭلار ئاللاھنىڭ نەزىدە ئەڭ پاك، ئېسىلى، دەرىجەڭلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش نەپىقە، سەدىقە قىلىپ، خەزلىگەندىنمۇ ياخشى، سىلەر ئۈچۈن دۈشمىنىڭلارغا ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرۇشۇڭلاردىن ئۇلار سىلەرنىڭ بوينۇڭلارغا قىلىچ ئۇرغاندىنمۇ ياخشى بولغان ئەمەل، ئىبادەتنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرۇللاھدۇر، مانا بۇ زىكرۇللاھ ،ئاللاھنى ئەسلەش ھەممىدىن ياخشىدۇر، تىرمىز، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (زىكرى، ئاللاھنى ئەسلەش دېگەن يەنىلا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى، يوليورۇقى بىلەن بولۇشى لازىم، مەسىلەن: قۇرئاندا قۇرئان تىلاۋىتى، زىكرى، ناماز زىكرى دېيىلگەن قۇرئاننىڭ بىر ئىسمى زىكرىدۇر، ھەر قانداق ئىبادەت زىكرى بولىدۇ.ئاللاھ ئەسلەنمەي قىلىنغان ئىبادەت ئىبادەت ئەمەس، ئاللاھ ئەسلىنىپ قىلىنغان ئىبادەت زىكرىدۇر، زىكرى ئېيتقۇچى ۋەزىپە ئىشلىگۈچى چوقۇم قۇرئان، سەھىھ ھەدىسنىڭ يولىيورۇقى بىلەن بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەلىلنى خاتا چۈشەنمەي، ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك چۈشىنىش لازىم، زاھىدلىقتا ياخشىلار باغچىسى دېگەن كىتاب بولغىنىدەك، زىكرىگە ئەزكارۇننەۋەۋى باردۇر، قۇرئان ئايىتى ۋە مۇشۇ كىتابتەك سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر.

( صحيح ) ألا أنبئكم ما العضه ؟ هي النميمة القالة بين الناس ( م ) عن ابن مسعود

2630. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئېزىھىنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا گەپ - سۆز توشۇپ، سۇخەنچىلىك قىلىشتۇر، (گۇناھى ئېغىردۇر) مۇسلىم 4718 - ھەدىس، ئەۋسەتتە، دارىمىدا ئوخششى بار، سەھىھ.

( صحيح ) ألا إن آل أبي فلان ليسوا لي بأولياء إنما وليي الله و صالح المؤمنين ( ق ) عن ابن عمرو

2631. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن پالانىنىڭ بالىلىرى جەمەتى مېنىڭ دوستلىرىم ئەمەس، پەقەت مېنىڭ دوستلىرىم، ئاللاھ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ، سالىھ، ياخشىلىرىدۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا إن الفتنة هاهنا ؟ من حيث يطلع قرن الشيطان ( ق ) عن ابن عمر

2632. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن پىتنە - پاسات مۇشۇ يان تەرەپتە، ئۇ شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان تەرەپتىن كېلىدۇ، (يەنى مەشرىق تەرەپنى كۆرسەتكەن) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسمۇ مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ قالدى، راستتىنلا پىتنە - پاسات بارلىق پاھىشە، يامان ئىشلار، دىنغا يەتكەن مۇسىبەت شەرق تەرەپتە بولۇۋاتىدۇ.

ألا إن القوة الرمي ألا إن القوة الرمي ألا إن القوة الرمي ؟ ( حم م د ه ) عن عقبة بن عامر

2633. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇرە تەۋبىدىكى دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق كۆرۈشتىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلار ھەقىقەتەن كۈچ - قۇۋۋەت، ئوق ئېتىش، ئوق ئېتىش! ئوق ئېتىش!!! دەپ ئۈچ قېتىم دېگەن . ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، (سىلەرمۇ ئاگاھ بولۇڭلاركى ، راستتىنلا كۈچ - قۇۋۋەت، تەييارلىق، ئوق ئېتىش، بومبا ئېتىش! ئاتوم ئېتىشتۇر!!!.

ألا إن الله سيفتح لكم الأرض و ستكفون المؤنة ؟ فلا يعجزن أحدكم أن يلهو بأسهمه (حم م ت)عن عقبة بن عامر .

2634. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلار ھەقىقەتەن يات يېقىندا ئاللاھتائالا سىلەرگە نۇرغۇن زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ ئېلىپ بېرىدۇ، يات يېقىندا ئاللاھ سىلەرگە چىقىم، خىراجەتتە كۇپايە قىلىدۇ، (يەنى توققۇزۇڭلار تەل بولىدۇ) شۇ چاغلاردىمۇ بىرىڭلار ئوقيالىرىنى ئويناشتىن ئاجىز كەلمىسۇن، يەنى قارىغا ئېتىشنى، ئوقيا ئېتىشنى تاشلىمىسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا إني أبرأ إلى كل خل من خلته و لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و إن صاحبكم خليل الله ( م ن ه ) عن ابن مسعود

2635. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن مەن بارلىق يېقىن دوستلۇقدىن ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغىلا قاچىمەن، ھەممە دوستلۇقدىن بىزارمەن، پەقەت ئاللاھنىڭ دوستلۇقى ماڭا كۇپايە، ئەگەر يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى يېقىن دوست تۇتاتتىم، (لېكىن ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل) ھەقىقەتەن ساھىبىڭلار يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ يېقىن دوستىدۇر، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ألا إن المسيح الدجال أعور العين اليمنى كأن عينه عنبة طافية و أراني الليلة عند الكعبة في المنام فإذا رجل آدم كأحسن ما ترى من أدم الرجال تضرب لمته بين منكبيه رجل الشعر يقطر رأسه ماء واضعا يديه على منكبي رجلين و هو بينهما يطوف بالبيت ; فقلت: من هذا ؟ فقالوا: المسيح بن مريم ثم رأيت رجلا وراءه جعدا قططا أعور العين اليمنى كأشبه من رأيت بابن قطن واضعا يديه على منكبي رجل يطوف بالبيت فقلت: من هذا ؟ فقالوا: المسيح الدجال ( ق ) عن ابن عمرو .

2636. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم



www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن مەسىھ دەججال ئوڭ كۆزى كوردۇر، خۇددى ئۈنىڭ كۆزى سوق ئۈزۈمدەك ئۆرلەپ چىقىغلىقتۇر، مەن بۈگۈن كېچە ئۈزۈمنى كەئبىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتىمەن، ناگاھان سىلەر كۆرۈدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى بولغان بۇغداي ئۆڭلۈك بىر كىشى كۆرۈندى، ئۈنىڭ چاچلىرى ئىككى مۈرىسىگە تېگىپ يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، چاچلىرى تاراغلىق، سۇ تېمىتىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى كىشىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، شۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇ كىم؟ دېسەم، ئۇلار بۇ مەريەم ئوغلى مەسىھ ئەيسادۇر دېدى، ئاندىن كېيىن ئۈنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كىشىنى كۆردۈم، چاچلىرى چۇۋۇق، سەت، بۈدرە قىلىنغان، ئوڭ كۆزى كور، خۇددى ئىبنى قەتەنگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئىككى قولىنى بىر كىشىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە قويۇپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇلار بۇ مەسىھ دەججال بولىدۇ دېدى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابىتىمۇ بار.

ألا إن ربي أمرني أن أعلمكم ما جهلتم مما علمني يومي هذا كل مال نحلته عبدا حلال و إني خلقت عبادي حنفاء كلهم و إنهم أتتهم الشياطين فاجتالتهم عن دينهم و حرمت عليهم ما أحللت لهم و أمرتهم أن يشركوا بي ما لم أنزل به سلطانا ; و إن الله نظر إلى أهل الأرض فمقتهم عربهم و عجمهم إلا بقايا من أهل الكتاب و قال: إنما بعثتك لأبتليك و أبتلي بك و أنزلت عليك كتابا لا يغسله الماء تقرؤه نائما و يقظانا و إن الله أمرني أن أحرق قريشا فقلت يا رب إذن يثلغوا رأسي فيدعوه خبزة قال: استخرجهم كما استخرجوك و اغزهم نغزك و أنفق فسننفق عليك و ابعث جيشا نبعث خمسة مثله و قاتل بمن أطاعك من عصاك و أهل الجنة ثلاثة: ذو سلطان مقسط متصدق موفق و رجل رحيم رقيق القلب لكل ذي قربى و مسلم و عفيف متعفف ذو عيال ; و أهل النار خمسة: الضعيف الذي لا زبر له الذين هم فيكم تبع لا يبتغون أهلا و لا مالا و الخائن الذي لا يخفى له طمع و إن دق إلا خانه و رجل لا يصبح و لا يمسي إلا و هو يخادعك عن أهلك و مالك ; و ذكر البخل و الكذب و الشنظير الفحاش ( حم م ) عن عياض بن حمار

2637. ئىياز ئىبنى ھەمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۈگۈنكى مۇنۇ كۈندە ماڭا ئۆگەتكەن، بىلدۈرگەن، سىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەرنى سىلەرگە ئۆگىتىشىمنى بۇيرىدى، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمگە ئاتا قىلىپ بەرگەن ماللار ھالالدۇر، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىنى ھەققە مايىل مۇسۇلمان ياراتتىم، ھەقىقەتەن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ، ئۇلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىپ ئازدۇرۇۋېتىدۇ، مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى ماڭا مەن بىرەر ھۆججەت، دەلىل - ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زېمىن ئەھلىگە قاراپ ئازغىنە ئەھلى كىتابلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرگە ئەرەب ، ئەجەملەرگە غەزەپ قىلدى، كايىدى ۋە دېدىكى ھەقىقەتەن مەن سېنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش، سەن بىلەن باشقىلارنى سىناپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، ساڭا كىتاب قۇرئاننى نازىل قىلدىم، ئۇنى سۇمۇ يۇيۇپ چىقىرۋېتەلمەيدۇ، يەنى قوغدايمەن، ئۇنى سەن ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالدا ئوقۇيسەن، (چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىلى ئۇخلىمايتتى) ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مېنى قۇرەيشلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشىمگە بۇيرىدى، مەن ئاندىن ئى رەببىم، ئۇنداقتا ئۇلار بېشىمنى دەسسەپ، يەنجىپ، چەيلەپ بىردانە ياپىلاق تانىدەك تاشلاپ قويىدۇ دېدىم، ئاللاھتائالا، ئۇنداق بولسا، ئۇلار سېنى قوغلاپ چىقارغاندەك، سەنمۇ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل، بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز، ئاللاھ يولىدا خەجلە، ساڭىمۇ خەجلىنىدۇ، قوشۇن ئەۋەتكىن، بىزمۇ سېنىڭ قوشۇنىڭدەك بەش ھەسسە قوشۇن ئەۋەتىمىز، ساڭا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە ساڭا ئاسىي بولغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغىن.

جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئادىل، سەممىي، راستچىل، تەۋپىق تاپقان، سۇلتان، پادىشاھ.

2. دىلى يۇمشاق، مېھرىبان، ھەرقانداق يېقىن تۇغقان ۋە مۇسۇلمانلارغا قەلبى يۇمشاق، رەھىمدىل كىشىدۇر.

3. ھارامدىن ساقلانغان ئىپپەتلىك، سائىللىق قىلىشتىنمۇ ئىپپەتلىك، كۆپ ئەھلى باللىرى بولغان مۇشەققەتلىك مۇسۇلماندۇر.

دوۋزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك بولىدۇ؛

1.لايىق بولمايدىغان ئىشلاردىن توسۇپ قالغىدەك ئەقىل ـ پاراسەت يوق، دائىم سىلەرگە ئەگىشىۋالىدىغان يا ئەھلى، يا مالنى تەلەپ قىلمايدىغان، دىن، دۇنيادا نەتىجىسى يوق، ئاجىز، دۆت كىشىدۇر.

2. كىچىككىنە تاما قىلغۇدەك نەرسە كۆرۈنسىلا خىيانەت قىلىدىغان خائىندۇر.

3. تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، دائىم دېگۈدەك ئەھلىڭ ۋە مېلىڭ توغرىسىدا سېنى ئالدايدىغان ھىيلە ـ مىكىر قىلىدىغان كىشىدۇر.

4. بېخىل ياكى كاززاپ كىشىدۇر.

5. ئەخلاقى يامان، ناچار ئەخلاقلىق، پاھىشە ئىشنى قىلغۇچى، پاھىشە سۆزلىگۈچى كىشىدۇر، (چۈنكى، بۇ ھاياسىزدۇر) مۇسلىم 5109 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4250 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4169 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17616 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(صحيح) ألا إن قتل الخطأ شبه العمد بالسوط و العصا فيه مائة من الإبل مغلظة منها أربعون خلفة في بطونها أولادها (ن هق) عن ابن عمر

2638. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن قەستەن قاتىللىققا ئوخشاپ كېتىدىغان، قامچا، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن خاتا ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ جازاسى، دىيەت، خۇن، تۆلىمى 100 تۆگىدۇر، بۇ 100 تۆگىدىن 40 تۆگە باللىرى ئىچىدە بولغان بوغاز بولۇشى لازىم، (مۇغەللەزەت دىيەت مەنىسىدە) (مانا بۇ خاتا ئۆلتۈرگەن قاتىللىقنىڭ جازاسى) نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ألا إن كلكم مناج ربه فلا يؤذين بعضكم بعضا و لا يرفع بعضكم على بعض في القراءة ( حم د ك ) عن أبي سعيد

2639. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەممىڭلار پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن مۇناجات قىلىپ، مۇڭدىشىسىلەر، بەزىڭلار ـ بەزىڭلارغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن، بەزىڭلار ـ بەزىڭلارغا قىرائەتنى جەھرى ئوقۇپ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمىسۇن، (بۇ مەيلى ناماز ئىچى، مەيلى نامازنىڭ سىرتى بولسۇن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، ئۆزئارا توپلىشىپ، ھەممىسى بىراقلا يۇقىرى ئاۋازدا قىرائەت قىلىپ، قۇرئان تامام قىلىشلارنى، ساھابىلەر قىلمىغان،مېيىت نەزرىسىنىڭ ھەپتىسى، قىرىقى، يىلى دېگەنلەر بىدئەتتۇر.

( صحيح ) ألا إنما هي أربع: لا تشركوا بالله شيئا و لا تقتلوا النفس التي حرم الله إلا بالحق و لا تزنوا و لا تسرقوا ( حم ن ك ) عن سلمة بن قيس

2640. سەلەمەت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇل ۋىدادا مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن سىلەر قىلمايدىغان ئىشدىن تۆتى بار، ئاللاھقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرمەڭلار، يەنى قاتىللىق قىلماڭلار، بۇ ھارام ئىشتۇر، لېكىن، ھەقلىق بىلەن بولسا بۇ مۇستەسنا (يەنى قاتىل بولسا، زىنا قىلسا، مۇرتەد بولسا ئۆلتۈرۈلىدۇ) زىنا قىلماڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار، ئەھمەد 18220 ـ ھەدىس، نەسەئى، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

ألا إن من قبلكم من أهل الكتاب افترقوا على ثنتين و سبعين ملة و إن هذه الملة ستفترق على ثلاث و سبعين ثنتان و سبعون في النار و واحدة في الجنة و هي الجماعة و إنه سيخرج من أمتي أقوام تجارى بهم تلك الأهواء كما يتجارى الكلب لصاحبه لا يبقى منه عرق و لا مفصل إلا دخله ( د ) عن معاوية .

www.uyghurkitap.com

2641. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلار ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى ئەھلى كىتابلار 72 مىللەت، دىنغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەققەتەن بۇ مىللەت پات يېقىندا 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، 72سى دوۋزاختا بولىدۇ، پەقەت بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، ئۇلار بولسا، جامائەت (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەردۇر) ھەققەتەن بۇندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئاشۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر، تەپرىقچىلىقلەر، ئۇلارغا خۇددى ئىت ئىگىسىگە چاپلىشىپ، لازىم تۇتۇۋالغاندەك، كەڭ تارقىلىپ چاپلىشىپ، چىرمىشىپ لازىم تۇتۇۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەربىر تومۇر، مەپسەللەر قالماي ئۇ ھاۋايى ـ ھەۋەس، تەپرىقچىلىك كىرىۋالىدۇ، چىرمىۋالىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 3981 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16329 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) ألا إنه ينصب لكل غادر لواء يوم القيامة بقدر غدرته( ه ) عن أبي سعيد .

2642. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەققەتەن قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىگە ئۇنىڭ خىيانىتىنىڭ مىقدارىدا بىردىن بايراق تىكلىنىدۇ، (ئارقىسىغا قادىلىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ألا إني أوتيت الكتاب و مثله معه ألا يوشك رجل شبعان على أريكته يقول: عليكم بهذا القرآن فما وجدتم فيه من حلال فأحلوه و ما وجدتم فيه من حرام فحرموه ألا لا يحل لكم لحم الحمار الأهلي و لا كل ذي ناب من السبع و لا لقطة معاهد إلا أن يستغني عنها صاحبها و من نزل بقوم فعليهم أن يقروه فإن لم يقروه فله أن يغصبهم بمثل قراه( حم د ) عن المقدام بن معد يكرب

2643. مىقدام ئىبنى مەئدىي كەربە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەققەتەن ماڭا قۇرئان كىتابىنىڭ ئوخشىشى قۇرئان بىلەن بىرگە بېرىلدى، (ئۇ بولسىمۇ سەھىھ ھەدىس، ھەدىس قۇددۇستۇر) دىققەت قىلىڭلار، پات يېقىندا بەزى كىشىلەر قورسىقىنى لىق تويغۇزۇپ ، ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: سىلەر پەقەت مۇشۇ قۇرئاننىلا لازىم تۇتۇڭلار، قۇرئاندا ھالال دەپ تاپقىنىڭلارنى ھالال بىلىڭلار، ھارام دەپ تاپقىنىڭلارنى ھارام بىلىڭلار، شۇلا كۇپايە. (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ، ئاللاھ تەرەپدىن قۇرئانغا ئوخشاش ھالال ـ ھارام قىلالايدىغانلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات سۆزلەپ مۇنداق دېدى) ئاگاھ بولۇڭلار ، سىلەرگە ئەھلى ئېشەكنىڭ گۆشى ھالال ئەمەس، (يەنى ھارام بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېغى، سۈتىمۇ ھارام بولىدۇ، ۋەھشىي، ياۋايى ئېشەك بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر) سىلەرگە ھەرقانداق يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان، مەگىنلىك ھايۋان ھارام، ھالال ئەمەس، ئارىمىزدا ئەھدى كېلىشىم بار كىشىلەرنىڭ چۈشۈپ قالغان نەرسىسىمۇ ھارام، ھالال ئەمەس، لېكىن، ئىگىسى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، بىھاجەت بولسا ھالال بولىدۇ، (ئەھدى بار كىشىنىڭ ھالال بولمىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ تېخىمۇ ھالال ئەمەس) بىر كىشى بىر قەۋمگە چۈشسە، ئۇ كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېھمان قىلىش، كۈتۈۋېلىش، شۇ قەۋم ئۈستىگە ۋاجىپ، ئەگەر ئۇلار ئۇ كىشىنى مېھمان قىلمىسا، بۇ كىشى ئۆزىنى ئورۇنلاشتۇرغۇدەك مېھمان قىلىپ كۈتكۈدەك نەرسىنى ئۇلاردىن ئىزنىسىز ئالسا بولۇۋېرىدۇ، (بۇ ئۇنىڭ ھەققىدۇر) ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، ئېشەك گۆشى ھالال بولماي، ھارام بولسا، ئۇنىڭ سۈتىمۇ ھارام بولىدۇ،چۈنكى ئۇنى نىجىستۇر.

( صحيح ) ألا إني فرط لكم على الحوض و إن بعد ما بين طرفيه مثل ما بين صنعاء و أيلة كأن الأباريق فيه النجوم ( حم م ) عن جابر بن سمرة

2644. جابىر ئىبنى سەمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئارىلىقى سەنئا بىلەن ئەيلەت شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدەك شۇنداق كەڭدۇر، ئۇنىڭ ئورۇق، ئاپتۇۋا، چەينەك، قاچىلىرى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ألا تأمنوني و أنا أمين من في السماء ؟ يأتيني خبر السماء صباحا و مساء( حم ق ) عن أبي سعيد

2645. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىلەر؟ مەن دېگەن ئاسماندىكى زاتنىڭ ئىشەنچىلىك كىشىسى تۇرسام، ماڭا ئەتىگەن ـ ئاخشام ئاسمان خەۋىرى، ۋەھى كېلىپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا تبايعوني على أن تعبدوا الله و لا تشركوا به شيئا و أن تقيموا الصلوات الخمس و تؤتوا الزكاة و تسمعوا و تطيعوا و لا تسألوا الناس شيئا ؟ ( م ن ) عن عوف بن مالك

2646. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ سىلەر ماڭا بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشۇڭلارغا، زاكات بېرىشكە، ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا، كىشىلەردىن ھېچنەرسە تىلەپ سورىماسلىققا بەيئەت قىلمامسىلەر؟ (يەنى شۇنداق بەيئەت قىلىڭلار!!) مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا تسمعون ؟ إن الله لا يعذب بدمع العين و لا بحزن القلب و لكن يعذب بهذا – و أشار إلى لسانه – أو يرحم و إن الميت يعذب ببكاء أهله عليه ( ق ) عن ابن عمر

2647. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا كۆزنىڭ يىغىشى، قەلبنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ئازابلىمايدۇ، لېكىن، مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىن يەنى تىلنىڭ سەۋەبىدىن ئازابلايدۇ، ياكى رەھىم قىلىدۇ، ھەقىقەتەن مېيىت، قەبرىسىدە ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يىغىسى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ألا تصفون كما تصف الملائكة عند ربها ؟ يتمون الصلاة بالصفوف الأول و يتراصون في الصف ( حم م د ن ه ) عن جابر بن سمرة

2648. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا سەپ تۈزگەندەك سەپ تۈزمەمسىلەر؟ ئۇلار نامازدا ئۆنجى سەپلەرنى تولۇق، كامىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن سەپلەردە زىچ، تۈز تۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ألا تعجبون كيف يصرف الله عني شتم قريش و لعنهم يشتمون مذمما و يلعنون مذمما و أنا محمد(خ ن)عن هريرة

2649. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر، ئاللاھتائالانىڭ مەندىن قۇرەيشلەرنىڭ تىللاشلىرىنى، ھاقارەتلەشلىرىنى، لەنەتلىرىنى قانداق چۆرۈۋەتكىنىدىن ھەيران قالدىڭلارمۇ؟ ئۇلار مېنى مۇزەممەم يەنى خارلانغان دەپ تىللاپ، لەنەت قىلاتتى، مەن بولسام،مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنى مەدھىيىلىنىدىغان، ماختىلىدىغان كىشى، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا تعلمين هذه رقية النملة كما علمتيها الكتابة ؟ ( د ) عن الشفاء

2650. شەپا بىنتى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ھەپسىنىڭ يېنىدا ئىدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى دە، مۇنداق دېدى: بۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويغاندەك چۇمۇلىدىن (ۋە باشقا زەھەرلىك نەرسىلەردىن) پاناھ تىلەيدىغان يوللۇق ئايىتى شىپالارنى ئۆگىتىپ قويمامسەن؟ ئەھمەد 3389 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25847 ـ ھەدىس، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ئاياللارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش، ئىلغار مائارىپنى ئۆگىتىش دۇرۇستۇر.

( صحيح ) ألا ثمرته و لو أن تعرض عليه عودا ؟ ( حم ق د ) عن جابر ( م ) عنه عن أبي حميد الساعدي

2651. جابىر، ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گەرچە ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ شال، قويۇپ قويۇپمۇ بولسا، ئۇنى يەنى

(تولۇن ، قاچا ، قازان ، تائاملارنى) يېيىپ قويىمامسەن؟ ئەھمەد ، بەيھەقى ، ئەبۇ داۋۇد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) ألا رجل يتصدق على هذا فيصلي معه ( حم د حب ك ) عن أبي سعيد

2652. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسچىتتە يالغۇز ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ماۋۇ كىشىگە سەدىقە قىلىدىغان (ئۆزگىمۇ كۆپ ئەجىر ئالىدىغان) كىشى يوقمۇ؟ ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم ، ئىبنى ھەببان توپلىغان ، سەھىھ ، نەپلەنى پەرزگە ياكى نەپلەگە ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ.

ألا رجل يمنح أهل بيت ناقة تغدو بعشاء و تروح بعشاء ؟ إن أجرها لعظيم ( م ) عن أبي هريرة

2653. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرەر ئۆي ئەھلىگە ئەتىگەن ـ ئاخشام سۈتى ئارقىلىق ، ئەتىگەنلىك ، كەچلىك تائام ، غىزا بېرىدىغان تۆگىنى (ياكى كالىنى) ئارىيەت ، ئۆتنە بېرىدىغان كىشى يوقمۇ ، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئەجرى كاتتا ، ئۇلۇغدۇر ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

ألا شققت عن قلبه حتى تعلم من أجل ذلك قالها أم لا ؟ من لك بلا إلا الله يوم القيامة ( حم ق د ه ) عن أسامة

2654. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كىشىنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ ، شۇنداق دېدى دەپ ئۆلتۈرگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەن ئۇنىڭ ئۇ سۆزنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ قىلىچدىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىنى بىلىشلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا يېرىپ باقمىدىڭ؟ قىيامەت كۈنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن بۇ شاھادەت سۆزى بىلەن قانداقمۇ قىلارسەن؟ كىممۇ ساڭا كېپىل بولۇپ ياردەم بېرەر؟ دەپ تاپا قىلدى ، ئەھمەد ، بەيھەقى ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ ، ئەگەر ئۇ شاھادەت ئېيتىپ ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە . قويۇپ تۇرۇپ ، ناماز ئوقۇمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ ، ناماز بىلەن زاكات ، ئىماننىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولىدۇ.

ألا من ظلم معاهدا أو انتقصه حقه أو كلفه فوق طاقته أو أخذ منه شيئا بغير طيب نفس منه فأنا حجيجه يوم القيامة ( د هق ) عن صفوان بن سليم عن عدة من ابناء الصحابة عن آبائهم

2655. سەفۋان ئىبنى سەلىم رەزىيەللاھۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، نۇرغۇن ساھابىلارنىڭ باللىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلاركى ، كىم ئەھدى ، توختام ، كېلىشىم تۈزگۈچىگە زۇلۇم قىلسا ، ياكى ھەققىنى كام بەرسە ، ياكى ئۇنىڭ تاقىتى ، كۈچ ـ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلسا ، ياكى ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئۇ چىن دىلىدىن رازى بولماستىن ئېلىۋالسا ، قىيامەت كۈنى مانا مەن ئۇنىڭ داۋاگىرى ، ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدىغان كىشىسى بولىمەن ، ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

ألا هل عسى أحدكم أن يتخذ الصبة من الغنم على رأس ميل أو ميلين فيتعذر عليه الكلأ فيرتفع ثم تجيء الجمعة فلا يجيء ولا يشهدها و تجيء الجمعة فلا يشهدها وتجيء الجمعة فلا يشهدها حتى يطبع على قلبه(ه ك عن هريرة

2656. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاگاھ بولۇڭلار ، بىرىڭلار بىر توپ قوينى ئېلىپ ، بىر مىل ، ئىككى مىل يەنى ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ ئۈستىگە چىقىشى مۇمكىن ، ئاندىن ئۇنىڭغا يايلاق ، ئوت ـ چۆپلەر قىيىن بولۇپ ، تېخىمۇ يىراققا ، تېخىمۇ ئېگىزگە ئۆرلىشى مۇمكىن ، ئاندىن جۈمە كېلىدۇ ، ئۇ كىشى يايلاقدىن جۈمە نامىزىغا كېلەلمەيدۇ ، ھازىر بولالمايدۇ ، ئاندىن ئىككىنچى جۈمەمۇ كېلىدۇ ، ئۇ يەنىلا ھازىر بولالمايدۇ ، ئاندىن ئۈچىنچى جۈمە كەلسە ، يەنىمۇ ھازىر بولالمايدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ قەلبىگە پېچەت ، مۆھۈر بېسىلىپ كېتىدۇ ، (ئۇ مۇناپىقلىشىدۇ) ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان ، ھەسەن.

ألا هل عسى رجل يبلغه الحديث عني و هو متكئ على أريكته فيقول: بيننا و بينكم كتاب الله فما وجدنا فيه حلالا استحللناه و ما وجدنا فيه حراما حرمناه و إن ما حرم رسول الله كما حرم الله ( ت ) عن المقدام بن معد يكرب

2657. مىقدام ئىبنى مەئدى كەربە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرەر كىشىگە مەندىن ھەدىس يەتسە، ئۇ كارىۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېيىشى مۇمكىن، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، قۇرئاندا ھالال تاپقان نەرسىنى ھالال دەپ بىلىمىز، ھارام تاپقان نەرسىنى ھارام دەپ بىلىمىز، (ئەنە شۇ كۇپايە) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق رەددىيە بەرگەن، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھارام قىلغان نەرسە، ئاللاھ ھارام قىلغانغا ئوخشاشتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئاللاھ تەرەپىدىن ھارام قىلالايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ألا لا يلومن امرؤ إلا نفسه يبيت و في يده ريح غمر ( ٥ ) عن فاطمة الزهراء

2658. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىققەت قىلىڭلار، قولىدا گۆش ـ ياغ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يۇقلىرى، كىرلىرى بار ھالدا ياتقان كىشى، (بىرەر كېسەل بولسا، ياكى نەرسە چىشلىۋالسا) باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى ئەيىپلىسۇن ، ئۆزىگە تاپا ـ تەنە، مالامەت قىلسۇن، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أي إخواني لمثل هذا اليوم فأعدوا ( حم ٥ ) عن البراء

2659. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەي قېرىنداشلىرىم، مانا مۇشۇ كۈننىڭ ئوخشىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار، (بۇ ھەدىسنى جىنازا نامىزىدىن كېيىن، قەبرە بېشىدا دېگەن ) (مەقسەت، قىيامەت كۈنى ئۈچۈن قەبرىگە كىرگەندىن كېيىنكى كۈنلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار دېمەكچى ) ئىبنى ماجە 4185 ـ ھەدىس، ئەھمەدمۇ توپلىغان، سەھىھ.

أيحب أحدكم إذا رجع إلى أهله أن يجد ثلاث خلفات عظام سمان ؟ فثلاث آيات يقرأ بهن أحدكم في صلاته خير له من ثلاث خلفات عظام سمان ( م ٥ ) عن أبي هريرة .

2660. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلار ئەھلىگە قايتىپ بارغاندا، سېمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىنى تېپىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ بىرىڭلارنىڭ نامىزى ئىچىدە قىرائەت قىلىپ ئوقۇغان ئۈچ ئايەت، سېمىز، چوڭ ئۈچ دانە بوغاز تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أيسر أحدكم أن يبصق في وجهه ؟ إن أحدكم إذا استقبل القبلة فإنما يستقبل ربه عز و جل و الملك عن يمينه فلا يتفل عن يمينه و لا في قبلته و ليبصق عن يساره أو تحت قدمه فإن عجل به أمر فليتفل هكذا – يعني في ثوبه – ( د ) عن أبي سعيد

2661. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلار ئۆزىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەردىن بىر كىشى نامازدا قىبلىگە ئالدىنى قىلسا، جەزمەن ئۇ رەببى ئەززەۋەجەللىگە ئالدىنى قىلغان بولىدۇ، پەرىشتىلەر ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىغا ياكى ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمىسۇن، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، ئەگەر ئۇنى بىرەر ئىش يەنى بەلغەم ئالدىرىتىپ، جىددىيلەشتۈرسە، مانا مۇنداق چاپىنىنىڭ پېشىگە تۈكۈرسۇن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ھەسەن.

أيعجز أحدكم أن يتقدم أو يتأخر أو عن يمينه أو عن شماله في الصلاة ؟– يعني في السبحة–( د ٥ ) عن أبي هريرة

2662. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلار پەرزدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇشتا ئالدىغا بىر قەدەم ياكى ئارقىغا، ياكى ئوڭ تەرىپىگە ياكى سول تەرىپىگە يۆتكىلىۋېتىشتىن ئاجىز كېلەرمۇ؟ ئەبۇ داۋۇد 854 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە،

سۈننەت، نەپلە ناماز ئوقۇشتا خاتىرلىگەن، 1417 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9132 ـ ھەدىس، سەھىھ.

سۈرە زىلزالدىكى زېمىن گۇۋاھلىق بېرىش ئايىتى بىلەن مۇشۇ سەھىھ ھەدىس ۋە يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس بىلەن پەرزەن كېيىن يۆتكىلىش ياكى سۆز قىلىۋېتىش سۈننەت. قىلىسىڭىز مۇكاپات كاتتا بولىدۇ.

( صحيح ) أيعجز أحدكم أن يقرأ ثلث القرآن في ليلة ؟ فإنه من قرأ ( قل هو الله أحد الله الصمد في ليلة فقد قرأ ليلته ثلث القرآن ) . ( حم ت ن ) عن أبي أيوب

2663. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىر كېچىدىلا قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ ھەقىقەتەن كىم «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى يەنى، «سۈرە ئىخلاس»نى ئوقۇسا، شۇ كېچىسى قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇپ چىققان بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان.

( صحيح ) أيعجز أحدكم أن يقرأ في كل ليلة ثلث القرآن ؟ إن الله جزأ القرآن ثلاثة أجزاء فجعل ( قل هو الله أحد جزءا من أجزاء القرآن ) . ( حم م ) عن أبي الدرداء

2664. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇپ چىقىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۈچ پارچىغا بۆلدى، قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى يەنى سۈرە ئىخلاسنى قۇرئاننىڭ ئۈچ پارىسىدىن بىر پارا قىلدى، (كىم بۇ سۈرىنى بىر قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ 1/3نى ئوقۇغان بولىدۇ، ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيعجز أحدكم أن يكسب كل يوم ألف حسنة ؟ يسبح الله مائة تسبيحة فيكتب الله له بها ألف حسنة ويحط عنه بها ألف خطيئة ( حم م ن ) عن سعد

2665. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەر كۈنى 1000 ياخشىلىق قىلىشتىن ئاجىز كېلەرمۇ؟ ئۇ، ئاللاھقا 100 تەسبىھ ئېيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ 100نىڭ باراۋىرىگە 1000 ياخشىلىق يېزىپ ئۇنىڭدىن 1000 خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيمن امرئ و أشأمه ما بين لحييه ( طب ) عن عدي بن حاتم

2666. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ بەرىكەتى ياخشىلىقى ئۇلۇك كېلىشى بىلەن شۇملۇقى، يامانلىقى، بەتبەخت بولۇشى ئۇنىڭ ئىككى زاڭىقى، ئېڭىكى ئارىسىدىدۇر، يەنى ئاغزىغا باغلىقتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

إيه يا ابن الخطاب ! و الذي نفسي بيده ما لقيك الشيطان قط سالكا فجا إلا سلك فجا غير فجك ( ق ) عن سعد

2667. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى خەتتاب! جىم تۇرغىن، بولدى قىلغىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شەيتان سەن بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇ سەندىن قورقۇپ، سېنىڭ يولۇڭدىن باشقا بىر يول بىلەن ماڭىدۇ، بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

( حسن ) إياك و التنعم فإن عباد الله ليسوا بالمتنعمين ( حم هب ) عن معاذ

2668. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرمۇشلىرىدا) نېئمەتلىك ، باياشات بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ياراملىق بەندىلىرى راھەت ـ پاراغەت، مول تۇرمۇشتا ئەمەستۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إياك و الحلوب ( م ه ) عن أبي هريرة

2669. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىرسى قوي ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بوغاز قويىنى ئۆلتۈرۈشتىن، بالىسى باردىن ھەزەر قىلغىن دېگەن ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستىن بوغاز قويىنى، بالىسى بارنى ئۆلتۈرمەسلىك لازىم، چۈنكى، بۇ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن.

إياك و السمر بعد هدأة الرجل فإنكم لا تدرون ما يأتي الله في خلقه ( ك ) عن جابر

2670. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھان تىنچلانغاندىن كېيىن، كېچىدە پاراڭ سېلىشتىن، مۇڭدىشىشتىن ھەزەر قىلغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىگە نىمىلەرنى كەلتۈرىدىغىنىنى سەن بىلمەيسەن، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) إياك و كل أمر يعتذر منه ( الضياء ) عن أنس

2671. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق ئۆزرە ئېيتقىلى، كەچۈرۈم سورىغىلى سالىدىغان ئىشتىن ھەزەر قىلغىن، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إياكم و أبواب السلطان فإنه قد أصبح صعبا هبوطا ( طب ) عن رجل من سليم .

2672. سۇلەيم قەبىلىسىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۇلتان، پادىشاھلارنىڭ ئىشىكلىرىگە قاتراشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، سىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەت، قاتتىق كۈنلەرگە قويىدۇ، تۆۋەن مەرتىۋىگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) إياكم و التعريس على جواد الطريق و الصلاة عليها فإنها مأوى الحيات و السباع و قضاء الحاجة عليها فإنها الملاعن ( ه ) عن جابر

2673. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن، يوللارنىڭ ئوتتىگە كېچىدە چۈشۈشتىن ھەزەر قىلىڭلار، يول تۆپىسىدە ناماز ئوقۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، يول دېگەن ، يىلان ـ چايانلارنىڭ جايى، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلار جايىدۇر، يول تۆپىگە ھاجەت قىلىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ كىشىلەر لەنەت قىلىدىغان ئىشتۇر، ئىبنى ماجە 324 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13759 ـ ھەدىس، ھەسەن.

( صحيح ) إياكم و التمادح فإنه الذبح ( ه ) عن معاوية

2674. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپتۈرۈپ مەدھىيلەشتىن، ماختاشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ بوغۇزلىۋەتكەنلىكتۇر، (راستتىنلا ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، مېنىڭ بۇ خىزمىتىمنى مەدھىيلەش ، ماختاشلار سەۋەبىدىن ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاللاھ ساقلىسۇن) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و الجلوس على الطرقات فإن أبيتم إلا المجالس فأعطوا الطريق حقها غض البصر و كف الأذى و رد السلام و الأمر بالمعروف و النهي عن المنكر ( حم ق د ) عن أبي سعيد

2675. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئولتۇرۇشتىن باشقىغا ئۇنىمساڭلار يولنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىپ ئولتۇرۇڭلار، ئۇ بولسىمۇ ھارامدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ئازارنى توسۇش، سالام قايتۇرۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇشتۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و الخذف فإنها تكسر السن و تفقأ العين و لا تنكي العدو ( طب ) عن عبدالله بن مغفل

2676. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :سوزماق رەگەتكىدە ئۇششاق تاش ئېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن ئۇ چىشنى سۇندۇرىدۇ، كۆزنى قويۇۋېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە دۈشمەننى ئېغىر ياردار قىلالمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إياكم و الدخول على النساء ( حم ق ت ) عن عقبة بن عامر

2677. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللار ئۇستىگە ئىزنسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إياكم و الشح فإنما هلك من كان قبلكم بالشح أمرهم بالبخل فبخلوا و أمرهم بالقطيعة فقطعوا و أمرهم بالفجور ففجروا ( د ك ) عن ابن عمرو

2678. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بېخىللىقتىن، ئاچ كۆزلۈكتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر بېخىللىق سەۋەبىدىن ھالاك بولۇپ كەتكەن، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق ئۇلارنى بېخىللىققا، ئاچ كۆزلۈككە بۇيرىدى، ئۇلار بېخىللىق قىلدى، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرىدى، ئۇلار ئۈزۈۋەتتى، پاسىقلىق، فاجىرلىققا، مەئسىيەتكە بۇيرىدى، ئۇلار گۇناھ قىلىپ، فاجىر بولدى، ئاندىن ھالاك بولدى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و الظن فإن الظن أكذب الحديث و لا تجسسوا و لا تحسسوا و لا تنافسوا و لا تحاسدوا و لا تباغضوا و لا تدابروا و كونوا عباد الله إخوانا و لا يخطب الرجل على خطبة أخيه حتى ينكح أو يترك . ( مالك حم ق د ت ) عن أبي هريرة

2679. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۇمان قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنى، كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئىزدىمەڭلار، قۇلاق سالماڭلار، ئەيىپلىرىنى ئىزدەپ، سۈرۈشتە قىلماڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا، پەزىلىتىگە قىزىقىشماڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، سىيلە ـ رەھىمنى ئۈزمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىۋالماڭلار، ئاللاھنىڭ، بىر تۇغقان قېرىنداش، ئاكا ـ ئۇكا بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر كىشى، قېرىندىشى ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا، قېرىندىشى نىكاھلاپ ئالمىغىچە ياكى تەرك ئېتىپ، ۋاز كەچمىگىچە ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، (يا ئۇ نىكاھىغا ئالدۇ، خالاس، يا ئۇ ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، بەيھەقى، دارىمى توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و الغلو في الدين فإنما هلك من كان قبلكم بالغلو في الدين ( حم ن ه ك ) عن ابن عباس

2680. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھالاك بولۇپ كەتكەن، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەقىدىدە پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ ۋە غايىبنى بىلىش داۋاسىنى قىلىپ، ئىبادەتتە بىدئەتنى پەيدا قىلىپ، ھالاك بولغان.

( صحيح ) إياكم و الوصال إنكم لستم في ذلك مثلي إني أبيت يطعمني ربي و يسقيني فاكلفوا من العمل ما تطيقون ( ق ) عن أبي هريرة .

2681. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رامزان روزىسىنى زوھۇرلۇق يېمەي ئۇلاپ تۇتۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، بۇ ئىشتا سىلەر ماڭا ئوخشىمايسىلەر، ھەققەتەن مەن كېچىسى ياتىمەن، رەببىم ماڭا تائام بېرىدۇ، مېنى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ،

سىلەر ئۆزۈڭلارنى تاقەت قىلالمايدىغان، قادىر بولالمايدىغان ئەمەلگە تەكلىپ قىلىڭلار، (قاتتىق قىلساڭ، قاتتىق بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و دعوة المظلوم و إن كانت من كافر فإنه ليس لها حجاب دون الله عز و جل( سمويه ) عن أنس .

2682. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، گەرچە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كاپىر، دىنسىز بولسىمۇ، يەنىلا دۇئاسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەزلۇمنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىلىقىدا پەردە يوقتۇر، سەمۇيە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستە دىنسىز، كاپىرنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغان چاغدىكى دۇئاسى ئىجابەت بولۇشى سۆزلەندى، بىرىنچىسى، بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بۇ باشقىراق بولىدۇ، زالىم، دىنسىزغا ئوخشىمايدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ مۇشۇ دۇنياغىلا تۇرغانلارنىڭ ئىجابەت بولغاندەك بولۇشى مۇمكىن، ئاللاھ ئالىمدۇر.

( حسن ) إياكم و سوء ذات البين فإنها الحالقة ( ت ) عن أبي هريرة

2683. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئارىسىنى پىتنە - پاسات بىلەن بۇزۇۋېتىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ چاچنى ئەمەس، دىنىڭنى چۈشۈرۈپ پاكىز تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ھەسەن.

( حسن ) إياكم و كثرة الحديث عني فمن قال علي فليقل حقا أو صدقا و من تقول علي ما لم أقل فليتبوأمقعده من النار ( حم ك ) عن أبي قتادة

2684. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەندىن ھەدىسنى كۆپ سۆزلەشتىن ھەزەر قىلىڭلار، مەن توغرىسىدا سۆز قىلماقچى بولغان كىشى ھەق، ھەقىقەتنى، راستنى دېسۇن، كىم ماڭا مەن دېمىگەننى دېدى دەپ تۆھمەت قىلىپ، يالغان سۆزلىسە، ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و كثرة الحلف في البيع فإنه ينفق ثم يمحق ( حم م ن ه ) عن أبي قتادة

2685. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، بەيئى سودىدا قەسەمنى كۆپ قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ كۆرۈنۈشكە سودىنى ئاقتۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئاندىن كېيىن بەرىكىتىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، مالنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إياكم و محقرات الذنوب فإنما مثل محقرات الذنوب كمثل قوم نزلوا بطن واد فجاء ذا بعود و جاء ذا بعود حتى حملوا ما أنضجوا به خبزهم وإن محقرات الذنوب متى يؤخذ بها صاحبها تهلكه(حم طب هب الضياء)عن سهل بن

2686. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :گۇناھلارنىڭ ھەقىرلىك، كىچىكلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئوخشىشى چۆل، بىيابان زېمىنغا چۈشكەن كىشىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشاش بولۇپ بىرسى بىر تال ياغاچ، بىرسى بىر تال چاۋار ئېلىپ كېلىپ، تاكى بۇلار بىر دۆۋە ئوتۇن توپلاپ، ئوتنى ئۇلغايتىپ، ئۇنىڭدا نەرسىلىرىنى ،نانلىرىنى پىشۇرىدۇ،ھەقىقەتەن كىچىك گۇناھلارنىڭ ئىگىسى ھېساب ئېلىش بىلەن تۇتۇلۇپ قالسا ئۇ گۇناھلار ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ.(كىم ھېسابىدا زىغىرلانسا ھالاك بولىدۇ. ) ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان.سەھىھ.

إياكم و محقرات الذنوب فإنهن يجتمعن على الرجل حتى يهلكنه كرجل كان بأرض فلاة فحضر صنيع القوم فجعل الرجل يجيء بالعود و الرجل يجيء بالعود حتى جمعوا من ذلك سوادا و أججوا نارا فأنضجوا ما فيها ( حم طب ) عن ابن مسعود

2687. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۇناھلارنىڭ ھەقىرلىك، كىچىكلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ

توپلىشىپ كىشىنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، خۇددى چۆل، بىياپان زېمىندا چۈشكەن كىشىلەر بىرسى بىر تال ياغاچ، بىرسى بىر تال چاۋار ئېلىپ كېلىپ، تاكى بۇلار بىر دۆۋە ئوتۇن توپلاپ، ئوتنى ئۇلغايتىپ، ئۇنىڭدا نەرسىلىرىنى پىشۇرىدۇ، (ئەنە شۇنداق گۇناھلار توپلانسا، ھالاك قىلىشتا مەقسىتىگە يېتىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) إياكم و هاتين البقلتين المنتنتين أن تأكلوهن و تدخلوا مساجدنا فإن كنتم لا بد آكليهما فاقتلوهما بالنار قتلا ( طس ) عن أنس

2688. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مانا مۇشۇ ئىككى كۆكتات، سېسىق ئوتياشدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئۇنى خام يەپ، مەسچىتلەرگە كىرىپ قېلىشدىن ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ ئىككى سېسىق كۆكتاتنى زادى يەيمىز، بۇنى يېمەي ئامالىمىز يوق دېسەڭلار، ئۇلارنى ئوت بىلەن قاتتىق ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن يەڭلار، (يەنى پىياز بىلەن سامساقنى خام يېمەي، قاتتىق پىشۇرۇۋېتىپ يەڭلار) بۇ ھەدىس، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

( صحيح ) أيام التشريق أيام أكل و شرب و ذكر الله ( حم م ) عن نبيشة

2689. نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (قۇربان ھېيتنىڭ ئەتىسى، ئۆگىنى يەنە بىر كۈندىن ئىبارەت ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلەر) مانا شۇ ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەپ ـ ئىچىش، ئاللاھنى ئەسلەش، تەكبىر ئېيتىش كۈنلىرىدۇر، (روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيام منى أيام أكل و شرب ( ه ) عن أبي هريرة

2690. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىنا كۈنلىرى يەنى يۇقىرىقى قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەپ ـ ئىچىشنىڭ كۈنىدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

إياي أن تتخذوا ظهور دوابكم منابر فإن الله تعالى إنما سخرها لكم لتبلغكم إلى بلد لم تكونوا بالغيه إلا بشق الأنفس و جعل لكم الأرض فعليها فاقضوا حاجاتكم ( د ) عن أبي هريرة

2691. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايۋانلىرىڭلارنىڭ ئۈچىسىنى، ئۈستىنى مۇنبەر، كۇرسا قىلىۋېلىشدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ئۇنى سىلەرگە پەقەت جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەنلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يىراق شەھەرلەرگە يېتىپ بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى قىلىپ بەردى، ھاجەتلىرىڭلارنى زېمىن ئۈستىدە ئادا قىلىڭلار، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) إياي و الفرج – يعني في الصلاة – ( طب ) عن ابن عباس

2692. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازدا ئەۋرەتنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار، ياكى سەپلەر ئارىلىقى بوش، كاۋاپ قېلىشىدىن ھەزەر قىل، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيتكن أرادت المسجد فلا تقربن طيبا ( ن ) عن زينب الثقفية

2693. زەينەپ سوقەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئاياللار قايسىڭلار مەسچىتكە كېلىشنى ئىرادە قىلسا، يەنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، خۇشپۇراق ئەتىرگە يېقىن كەلمىسۇن، (بۇ سۆز ئىستىمال قىلمىسۇن دېگەندىن تەكىتلىكرەك بولۇپ، ئاياللار ئەرلەر يېنىغا خۇشپۇراق ئەتىر سېپىپ چىقمايدۇ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيكم خلف الخارج في أهله و ماله بخير كان له مثل نصف أجر الخارج ( م د ) عن أبي سعيد .

2694. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : قايسىڭلار جىھادقا چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدنىڭ مال ـ مۈلۈكىدە ، ئەھلىدە ياخشىلىقچە ئىز باسار بولۇپ، ياردەم بەرسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ مۇجاھىدنىڭ ئەجىر ـ ساۋاپلىرىنىڭ يېرىمىدەك مۇكاپات ئەجىر بېرىلىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيكم كانت له أرض أو نخل فلا يبعها حتى يعرضها على شريكه ( ن ) عن جابر

2695. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسىڭلارنىڭ زېمىنى ياكى خورمىلىق بېغى بولسا، ئۇنى شېرىكىگە (ياكى قوشنىسىغا ئالامسىلەر؟) دەپ تەكلەپ باقمىغىچە ساتمىسۇن، (بۇ ئىسلام قانۇنىدا شۇفئەت دېيىلىدۇ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيكم مال وارثه أحب إليه من ماله ؟ فإن ماله ما قدم و مال وارثه ما أخر ( خ ن ) عن ابن مسعود .

2696. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسىڭلارغا ئۆزىنىڭ مېلىدىن ۋارىسىنىڭ مېلى سۆيۈملۈك؟ (ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ مېلى دېگەندە ) ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مېلى دېگەن ئۆزىدىن بۇرۇن تەقدىم قىلغاچ تۇرغان مالدۇر، ۋارىسىنىڭ مېلى بولسا، كېيىن قالغان، قالدۇرغان مالدۇر دېگەن ، (مەقسەت ، ئاخىرەت ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا نەرسە بەرگىن) بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيكم يحب أن يغدو كل يوم إلى بطحان أو إلى العقيق فيأتي منه بناقتين كوماوين زهراوين في غير إثم و لا قطع رحم فلأن يغدو أحدكم إلى المسجد فيتعلم أو يقرأ آيتين من كتاب الله خير له من ناقتين و ثلاث خير له من ثلاث و أربع خير له من أربع و من أعدادهن من الإبل ( حم م د ) عن عقبة بن عامر

2697. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسىڭلار ئەتىگەندە بوتھان ياكى ئەقىيق دېگەن جايغا بېرىپ ناھايىتى يوغان، سېمىز ئاقتا مايىل بوز تۆگىدىن ئىككىنى گۇناھ قىلماستىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋەتمەستىن ئېلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ؟ (ئۇلار، ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز دېگەندە ) بىرىڭلارنىڭ ئەتىگەندە مەسچىتكە بېرىپ، ئىلىم ئېلىشى ياكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئىككى تۆگىدىن ياخشىدۇر، ئۈچ ئايەت ئوقۇشى ئۈچ تۆگىدىن ياخشىدۇر، قانچە ئايەت ئوقۇسا، شۇنچە تۆگىدىن ياخشىدۇر، مۇسلىم 1336 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16767 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1244 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مۇنداق پايدىلىق ھۆكۈملەر ئېلىنىدۇ.

1. پايدا ئالغاندا گۇناھ ئىشنى قىلماسلىق، زىيان سالماسلىق.

2. مەسچىتكە بالدۇر بېرىش، ئىبادەتنى مەسچىتتە قىلىش.

3. مەسچىتتە قۇرئان ئوقۇش، ئاللاھ يولىدا ئوقۇش.

4. مەسچىتتە ئىلىم ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش، بۇ ئىلىم ھازىر تەرەققىي قىلىپ، مائارىپ تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمى تەرەققىياتتۇر.

5. قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، ساۋاب ئەجىرلىرى كاتتا.

أيما امرئ قال لأخيه: كافر فقد باء بها أحدهما إن كان كما قال و إلا رجعت إليه ( م ت ) عن ابن عمر .

2698. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئىنسان قېرىندىشىغا ئى كاپىر دېسە، شەك ـ شۈبھىسىز بۇ كۇفرىلىق بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ قېرىندىشى راستىنلا كاپىر بولسا، ئۇ قايتىدۇ، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىسا، ئۇ چاغدا، بۇ سۆزنى دېگۈچى كاپىر بولۇپ قايتىدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىمام نەۋەۋى سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە بۇ توغرىلىق مۇنداق دېگەن :

1. كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بىلەن قايتىدۇ.

2. مۆئمىننى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلسا، كاپىر بولىدۇ.
3. شۇ سۆزنى دېيىشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولۇپ قايتىدۇ.
4. بۇ سۆز ئاخىرىدا ئۇنى كاپىرلىققا يېقىن ئاپىرىپ كاپىر قىلىشۋېتىدۇ.
5. توغرىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ. بۇ ھەدىس، ئۆز ئەينى زاھىرىدا قالىدۇ.
6. بۇ قېرىنداشلىق نېئمىتىگە كۇفرىلىق بولىدۇ.

أيما امرئ مات و عنده مال امرئ بعينه اقتضى منه شيئا أو لم يقتض فهو أسوة الغرماء ( ه ) عن أبي هريرة

2699. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ نەزىدە ئىككىنچى بىر ئىنسانىنىڭ مال ـ مۈلۈكى ئۆز ئەينى بولسا، ئىككىنچى ئىنسان ئۆلگەن كىشىدىن نەرسە تەلەپ قىلىپ ئالغان بولسۇن، ياكى ئالمىسۇن، ئۇ باشقا قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالىدۇ، (يەنى ئۆز مبلغا ئۆزى لايىق) ئىبنى ماجە 2352 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10375 ـ ھەدىس، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇدتا ئوخشىشى باردۇر.

أيما امرئ مسلم أعتق امرءا مسلما فهو فكاكه من النار يجزي بكل عظم منه عظما منه و أيما امرأة مسلمة أعتقت امرأة مسلمة فهي فكاكها من النار يجزي بكل عظم منها عظما منها و أيما امرئ مسلم أعتق امرأتين مسلمتين فهما فكاكه من النار يجزي بكل عظمين منهما عظما منه ( طب ) عن عبدالرحمن بن عوف ( د ه طب ) عن مرة بن كعب ( ت ) عن أبي أمامة

2700. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، مۇررەت ئىبنى كەئبى، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئازاد قىلسا، بۇ ئازاد قىلىش، ئازاد قىلغۇچىنىڭ دوزاختىن ئازاد بولۇشىدۇر، ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر سۆڭەك ئەزاسى، ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزالىرىغا دوزاختىن ئازاد بولۇشىغا كۇپايىدۇر، قايسى بىر مۇسۇلمان ئايال، بىر مۇسۇلمان ئايالنى قۇللۇقدىن ئازاد قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى، دوزاختىن ئازاد بولۇپ قۇتۇلۇشىدۇر، بۇنىڭمۇ ھەربىر ئەزاسى ئەزالىرىغا كۇپايە بولۇپ، ئازابدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قايسى بىر مۇسۇلمان ئەر ئىككى مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلسا، بۇ ئىككىسى ئۇ مۇسۇلماننىڭ دوزاختىن ئازاد بولۇپ قۇتۇلۇشىدۇر، ئازاد قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەربىر سۆڭەك ئەزالىرى، ئازاد قىلغۇچىنىڭ سۆڭەك ئەزالىرىغا كۇپايە بولۇپ، ئازابدىن قۇتقۇزىدۇ، تەبرانى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى شۇنداقلا ئۆزىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسى، ئۇنداق بولسا، بىز مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى تۈرمىدىكى دىنى ئالىملارنى قۇتۇلدۇرايلى!

أيما امرأة استعطرت ثم خرجت فمرت على قوم ليجدوا ريحها فهي زانية وكل عين زانية(حم نك)عن أبي موسى

2701. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئايال ئەتىر، خۇشپۇراق نەرسە ئىستېمال قىلىپ ئاندىن سىرتقا چىقىپ، بىرەر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن شۇ قەۋم مېنىڭ خۇشپۇراقلىرىمنى تاپسۇن، پۇرىسۇن دەپ ئۆتسە، ئۇ ئايال زىنا قىلغۇچى بولىدۇ، ھەربىر كۆزمۇ زىنا قىلىدۇ، (يەنى زىنا قىلغاندەك ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، كۆز زىناسى ھارامغا قاراشتۇر) ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما امرأة أصابت بخورا فلا تشهد معنا العشاء الآخرة ( حم م د ن ) عن أبي هريرة

2702. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئايال بەخۇر ئىسمىلىك خۇشپۇراق ئەتىرنى ئىستېمال قىلغان بولسا، بىز بىلەن بىللە خۇپتەن نامازغا ھازىر بولمىسۇن، (چۈنكى پىتنە ـ پاسات بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما امرأة تطيبت ثم خرجت إلى المسجد لم تقبل لها صلاة حتى تغتسل ( ه ) عن أبي هريرة

2703. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئايال خۇشپۇراق ئەتىرنى ئىستىمال قىلىپ، ئاندىن مەسچىتكە چىقسا، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنمىغىچە نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما امرأة توفي عنها زوجها فتزوجت بعده فهي لآخر أزواجها ( طب ) عن أبي الدرداء

2704. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئەرگە تەگكەن بولسا، بۇ ئايال (ئاخىرەتتە) تەگكەن ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ، (ئاخىرقىسىغا بېرىلىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە ئەخلاقى ياخشىسىنى تاللايدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما امرأة زادت في رأسها شعرا ليس منه فإنه زور تزيد فيه ( ن ) عن معاوية

2705. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئايال ئۆز چېچى بولمىغان چاچنى چېچىغا ئۇلاپ، زىيادە قىلىۋالسا، ھەقىقەتەن ئۇ چوڭ يالغانچىلىق، ئۇ ئۆزى زىيادە قىلغان يالغان، باتىل ئىشدۇر، نەسەئى 5006 ـ ھەدىس، سەھىھ.

أيما امرأة سألت زوجها الطلاق من غير ما بأس فحرام عليها رائحة الجنة ( حم د ه ت حب ك ) عن ثوبان

2706. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئايال ئېرىدىن ھېچبىر چاتاقسىز، ئۆزرىسىز، ئەيىبسىز تالاق قىلىشنى سورىسا، بۇنداق ئايالغا جەننەتنىڭ پۇرىقىمۇ ھارامدۇر، (ئۇ جەننەتكە كىرىش تۇگۇل، پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما امرأة مات لها ثلاثة من الولد كن لها حجابا من النار ( خ ) عن أبي سعيد .

2707. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ بالىلار قىيامەت كۈنى ئۇ ئايال ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

أيما امرأة نزعت ثياها في غير بيتها خرق الله عز و جل عنها ستره ( حم طب ك هب ) عن أم سلمة

2708. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قانداق بىر ئايال كىيىمىنى ئۆز ئۆيىدىن باشقا بىر جايدا سالسا، ئاللاھتائالا ئۇ ئايالدىن ئۆزىنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىۋېتىدۇ، (يەنى ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، رەسۋاچىلىقلىرىنى، گۇناھلىرىنى يېپىپ تۇرغان پەردىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىككى ئالەمدە رەسۋا قىلىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

أيما امرأة نكحت بغير إذن وليها فنكاحها باطل فنكاحها باطل فنكاحها باطل فإن دخل بها فلها المهر بما استحل من فرجها فإن اشتجروا فالسلطان ولي من لا ولي له ( حم د ت ه ك ) عن عائشة .

2709. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر ئايال ئۆز ۋەلىيسىنىڭ (يەنى ئىگە بولغۇدەك كىشى، دادا، ئاكا، تاغىلىرىنىڭ) ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز نىكاھلانسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل، نىكاھى باتىل، ئەگەر ئەر كىشى بۇ باتىل نىكاھ بىلەن ئۇ ئايالغا چېقىلغان بولسا، ئايالنىڭ ئەۋرىتىنى ھالال قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۇ ئايالغا تويلۇق مەھرى بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ، داۋالىشىپ قالسا، سۇلتان، ئەمىرلەر ۋەلىسى يوق كىشىگە ۋەلى بولالايدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أيما امرأة وضعت ثياها في غير بيت زوجها فقد هتكت ستر ما بينها و بين الله عز و جل ( حم ه ك ) عن عائشة

2710. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : قايسى بىر ئايال كىيىمنى ئىبرىنىك ئۆيىدىن باشقا بىر ئۆيدە سالسا ، ھەققەتەن ئۇ ئۆزى بىلەن ئاللاھتائالانىڭ ئارىلىقىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلىغان بولىدۇ، (ئاللاھ ئۇنى ئىككى ئالەم رەسۋا قىلىدۇ) ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) أيما إهاب دبغ فقد طهر ( حم ت ن ە ) عن ابن عباس

2711. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قانداق بىر تېرە ئاشلانسا،پىششىقلانسا جەزمەن پاك بولىدى، ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

أيما داع دعا إلى ضلالة فاتبع فإن عليه مثل أوزار من اتبعه و لا ينقص من أوزارهم شيئا و أيما داع دعا إلى هدى فاتبع فإن له مثل أجور من اتبعه و لا ينقص من أجورهم شيئا ( ە ) عن أنس

2712. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قانداق بىر دەۋەتچى، زالالەت، ئازغۇنلۇققا چاقىرسا، باشقىلار ئەگەشسە كەتسە، ھەققەتەن ئۇ دەۋەتچىنىڭ ئۈستىگە شۇ زالالەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئوخشاش گۇناھلار بولىدۇ، قانداق بىر دەۋەتچى ھىدايەتكە، توغرا يولغا چاقىرسا، كىشىلەر ئەگەشسە، ھەققەتەن بۇ كىشىگىمۇ شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىر، ساۋابلىرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

( صحيح ) أيما راع غش رعيته فهو في النار ( ابن عساكر ) عن معقل بن يسار

2713. مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قانداق بىر پادىچى يەنى باشلىق، ئۆز پادىچىلىقىدا خىيانەت قىلسا ، ساختىپەزلىك قىلىپ ئالدىسا، ئۇ دوزاختا بولىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل آتاه الله علما فكتمه ألجمه الله يوم القيامة بلجام من نار ( طب ) عن ابن مسعود

2714. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشىگە ئاللاھتائالا ئىلىم ئاتا قىلسا، ئاندىن ئۇ ئىلىمنى يوشۇرۇۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان يۈگەن بىلەن يۈگەن سالىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل أعمر رجلا عمرى له و لعقبه فهي له و لمن يرثه من عقبه موروثة ( ن ) عن ابن الزبير .

2715. ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە مال ـ دۇنياسىنى ئۆمرا قىلسا، (يەنى ھاياتلا بولسام، بۇ ماللاردىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، بۇ سىنىڭ ۋارىسىڭنىڭ دېسە) ئۇ ماللار شۇ كىشىگە ۋە كېيىنكى ئىز باسار ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ، ۋارىسلىرى ۋارىس بولۇپ، تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ساڭا ۋە ۋارىسىڭغا دېگەن ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل أعمر عمرى لرجل له و لعقبه فإنها للذي أعطيها لا ترجع إلى الذي أعطاها ( م 3 ) عن جابر

2716. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى مال ـ دۇنياسىنى بىر كىشى ئۇچۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلىرى ئۇچۇن ئۆمرا قىلىپ، ھاياتلا بولسام، مەن ۋە سەن، ۋە سىنىڭ كەينىڭدىكى ۋارىسلىرىڭ تەڭ بەھرىمەن بولىمىز دېسە، ھەققەتەن ئۇ، مال بېرىلگەن شۇ كىشىگە ۋە ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ، بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە،ئۇنىڭ ھەققى بەرگەن مال ئىگىسىگە قايتمايدۇ، بەلكى، شۇ كىشىنىڭ ۋارىسلىرى تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

أيما رجل أفلس و وجد رجل سلعته عنده بعينها فهو أولى بها من غيره ( ت ن ) عن أبي هريرة .

2717. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى ئىپلاس بولۇپ، تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا، ئىككىنچى بىر كىشى ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى شۇنىڭ يېنىدا تاپسا، مانا بۇ مېلىنى تاپقۇچى كىشى ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ئەۋزەلراق، ھەقلىقراقتۇر، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى مەقسەت ، شۇ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ شۇ مال ئۈچۈن بولغان پۇل ئېلىشى بولسا، شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر مالنىڭ پۇلى بېرىلىپ بولسا، ھېچقانداق ھوقۇق بولمايدۇ، شەرت ئېلىشى بولۇشتۇر.

( حسن ) أيما رجل أم قوما و هم له كارهون لم تجز صلاته أذنيه ( طب ) عن طلحة

2718. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى قەۋمىگە ئىمام بولسا، قەۋملەر ئۇنى ياقتۇرمىسا، ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمىسا، بۇ كىشىنىڭ نامىزى ئىككى قۇلىقىدىن يۇقىرى ئۆتمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل باع سلعة فأدرك سلعته بعينها عند رجل و قد أفلس و لم يكن قبض من ثمنها شيئا فهي له و إن كان قبض من ثمنها شيئا فهي أسوة الغرماء ( ه ) عن أبي هريرة .

2719. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى مېلىنى ساتسا، ئاندىن مېلىنى ئۆز ئەينى يەنە بىر كىشىنىڭ يەنى سېتىۋالغۇچىنىڭ يېنىدا تاپسا، بۇ كىشى بۇ چاغدا ۋەيران بولۇپ دەسمايىسىنى يوقاتسا، مالنى ساتقان كىشى مالغا پۇل ئالمىغان بولسا، ئۇ مال ساتقۇچى كىشىنىڭ بولىدۇ، يەنى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر ساتقۇچى مالنىڭ پۇلىدىن بىرەر نەرسە ئالسا، بۇ چاغدائۇ، باشقا قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ، يەنى شۇلارغا ئوخشاش ئۆز ھەققىنى ئالىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

أيما رجل باع متاعا فأفلس الذي ابتاعه و لم يقبض الذي باعه من ثمنه شيئا فوجد متاعه بعينه فهو أحق به و إن مات المشتري فصاحب المتاع أسوة الغرماء ( مالك د ) عن أبي بكر بن عبدالرحمن بن الحارث بن هشام مرسلا

2720. ئەبۇ بەكرى، ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى بىرەر مالنى ساتسا، سېتىۋالغان كىشى دەسمايىسىنى يوقىتىپ ۋەيران بولسا، مالنى ساتقۇچى مالغا پۇل ئالمىغان بولسا، شۇنداقلا مېلىنى ئۆز ئەينى ھۆججەت دەلىلى بىلەن تاپقان بولسا، بۇ ساتقۇچى ئۆز مېلىغا ئۆزى ھەقلىقتۇر، (چۈنكى مال شۇنىڭ) ئەگەر سېتىۋالغۇچى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا مالنىڭ ئىگىسى باشقا قەرزدارلارغا ئوخشاش ئۆز ھەققىنى ئالىدۇ، (ۋارىس رازى قىلىدۇ) مالىك، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ ھەدىس تەكرار كەلگەن بولۇپ شۇ پېتى يېزىلدى).

( حسن صحيح ) صحيح ابن ماجه ( 1954 ) أيما رجل تدين دينا و هو مجمع أن لا يوفيه إياه لقي الله سارقا ( ه ) عن صهيب

2720. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىشى قەرزنى قايتۇرماسلىقنى، ۋاپا قىلماسلىقنى ئىرادە قىلغان ھالدا قەرز ئالسا، بۇ كىشى ئاللاھتائالاغا، ئوغرى ھېسابلانغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى دېگەن كىتابىنىڭ 1954 ـ ھەدىسى).

( صحيح ) أيما رجل خرج يفرق بين أمتي فاضربوا عنقه ( ن ) عن أسامة بن شريك .

2721. ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قانداق بىر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئارىلىقىنى تەپرىقچىلىق سېلىپ ئايرىۋېتىش ئۈچۈن بەيئەت تەلەپ قىلىپ چىقسا، ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇپ، كاللىسىنى ئېلىڭلار! نەسەئى

توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما رجل ظلم شبرا من الأرض كلفه الله تعالى أن يحفره حتى يبلغ آخر سبع أرضين ثم يطوقه يوم القيامة حتى يقضى بين الناس ( طب ) عن يعلى بن مرة

2722. يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئىلىۋالسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى يەتتە قات زېمىننىڭ ئاخىرىغىچە ئەڭ ئاستىغىچە كولاشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغۇچە ئۇ يەتتە قات زېمىننى ئۇ زالىمنىڭ بويىنىغا كىيدۈرۈپ يۆگەپ قويىدۇ، (ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، قىرنى تاراشلىماق) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل عاهر بحرة أو أمة فالولد ولد زنا لا يرث و لا يورث ( ت ) عن ابن عمرو

2723. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر ئەر كىشى بىرەر ھۆر ئايال بىلەن ياكى دېدەك چۆرە بىلەن زىنا قىلسا، بۇ زىنادىن بولغان بالا، زىنانىڭ بالىسى ھارامدىن بولغان بولىدۇ، بۇ قانۇنسىز بالا بولغاچقا، ۋارىس بولالمايدۇ، ھەم ئۇنىڭغىمۇ بىرسى ۋارىس بولمايدۇ، ۋارىس قىلىنمايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، (زىنادىن، ھارامدىن بولغان بالا دوزاخقا كىرىدۇ دېگەنلىك: كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتسە، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسىدىن نەسەبى ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە،نەسەبى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىدەك جەننەتكە كىرەلمەيدۇ).

أيما رجل قام إلى وضوئه يريد الصلاة ثم غسل كفيه نزلت خطيئته من كفيه مع أول قطرة فإذا غسل وجهه نزلت خطيئته من سمعه و بصره مع أول قطرة فإذا غسل يديه إلى المرفقين و رجليه إلى الكعبين سلم من كل ذنب هو له و من كل خطيئة كهيئته يوم ولدته أمه فإذا قام إلى الصلاة رفعه الله عز و جل بها درجة و إن قعد قعد سالما ( حم ) عن أبي أمامة

2724. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشى نامازنى ئىرادە قىلغان ھالدا تاھارەت ئېلىشقا تۇرسا، ئاندىن ئىككى قولىنى يۇسا، ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرى تۇنجى قېتىمقى تامغان سۇ بىلەن بىرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ يۈزىنى يۇسا، خاتالىقلىرى كۆز، قۇلاقلىرىدىن تۇنجى تامغان سۇ بىلەن بىرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىككى قولىنى، ئىككى جەينىكى بىلەن ئىككى پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇسا، بارلىق گۇناھلاردىن سالامەت بولىدۇ، بارلىق خاتالىقلاردىن ئۇنى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك ـ پاكىز بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ نامازغا تۇرسا، ئاللاھ ئۇنى بۇ ناماز سەۋەبىدىن بىر دەرىجە يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئولتۇرسا، گۇناھىدىن سالامەت ھالدا ئولتۇرىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل مس فرجه فليتوضأ و أيما امرأة مست فرجها فلتتوضأ ( حم قط ) عن ابن عمرو

2725. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر ئەر كىشى ئەۋرىتىنى سىيلىسا، «تاھارىتى سۇنىدۇ» ئۇ تاھارەت ئالسۇن، قايسى بىر ئايال كىشىمۇ ئەۋرىتىنى سىيلىسا، تاھارەت ئالسۇن، (ئالىملار قولنىڭ ئالقىنى بىلەن شەھۋەت بىلەن سىيلىسا سۇنىدۇ، تاھارەت ئالىدۇ دېدى.بەزى ھەدىس كىتابلىرىدا رۇخسەت قىلىنغان ھەدىسلەر يېزىلدى.) ئەھمەد، قۇرتەبى توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل مسلم أعتق رجلا مسلما فإن الله تعالى جاعل وقاء كل عظم من عظامه عظما من عظام محرره من النار و أيما امرأة أعتقت امرأة مسلمة فإن الله تعالى جاعل وقاء كل عظم من عظامها عظما من عظام محررتها من النار يوم القيامة ( د حب ) عن أبي نجيح السلمي

2726. ئەبۇ نەجىيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر مۇسۇلمان ئەر كىشى بىر مۇسۇلمان ئەر قۇلنى ئازاد قىلسا، قىيامەت كۈنى

ئاللاھتائالا ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر سۆڭىكى ئەزالىرىنىڭ باراۋىرىگە، ئازاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىر سۆڭەك، ئەزالىرىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلايدۇ، قايسى بىر مۇسۇلمان ئايال، مۇسۇلمان ئايالنى قۇللۇقدىن ئازاد قىلسا، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بۇنىڭمۇ سۆڭەك ئەزالىرىنى دوزاختىن ئازاد قىلىپ ساقلايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أيما رجل مسلم أكفر رجلا مسلما فإن كان كافرا و إلا كان هو الكافر ( د ) عن ابن عمر

2727. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر مۇسۇلمان كىشى يەنە بىر مۇسۇلمان كىشىنى كاپىر دېسە، كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلسا، ئەگەر ئۇ كىشى راستىنلا كاپىر بولسا، ئىش شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر كاپىر بولماي قالسا، بۇ سۆزنى دېگۈچى ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆزى كاپىر بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، شەرھىسى يۇقىرىدا ئۆتتى.

أيما رجل من أمتي سببته سبة أو لعنته لعنة في غضبي فإنما أنا من ولد آدم أغضب كما تغضبون و إنما بعثني الله رحمة للعالمين فأجعلها عليهم صلاة يوم القيامة ( حم ه ) عن سلمان .

2728. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشىنى تىللاپ، غەزەپتىن ئەيىبلەپ قالغان بولسام، ياكى لەنەت قىلغان بولسام، ھەقىقەتەن مەن ئادەم بالىسى، سىلەر غەزەپ قىلغاندەك مەنمۇ غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقلايمەن، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى، مەن يۇقىرىقى ئەيىبلەپ لەنەت قىلىشلارنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا رەھمەت، دۇئايى ـ سالام، شاپائەت قىلىمەن (يۇقىرىدا بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئاللاھدىن دۇئا قىلىپ سورىغان گۇناھدىن پاكلاش، ئەجىر ساۋاب بېرىش بار) ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أيما صبي حج ثم بلغ الحنث فعليه أن يحج حجة أخرى و أيما أعرابي حج ثم هاجر فعليه أن يحج حجة أخرى و أيما عبد حج ثم أعتق فعليه أن يحج حجة أخرى ( خط الضياء ) عن ابن عباس

2729. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر كىچىك بالا، ھەج قىلسا، ئاندىن بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز، قايسى بىر يېزىلىق ئەئرابى ھەج قىلسا، ئاندىن شەھەرگە ھىجرەت قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ھەج قىلىش پەرز قىلىنىدۇ، قايسى بىر قۇل ھەج قىلسا، ئاندىن ئۇ ئازاد قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ يەنە بىر ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ، (ئىسلامدىكى پەرزى ھەجنى قايتا قىلىدۇ) خەتىبۇلبەغداد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أيما ضيف نزل بقوم فأصبح الضيف محروما فله أن يأخذ بقدر قراه و لا حرج عليه ( ك ) عن أبي هريرة

2730. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر مېھمان بىرەر قەۋمگە چۈشسە، ئۇ مېھمان قىلىنىشىدىن مەھرۇم قالسا، ئۇ قەۋم ئۇنى مېھمان قىلمىسا، كۈتىۋالمىسا، ئۇ كىشى مېھمان بولۇش ھەققىنى ئۆزىنىڭ زۆرۈر بولغان ھاجىتىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئالسا، ھېچ گۇناھ يوق، بۇ ئۇنىڭ ھەققى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيما عبد أبق من مواليه فقد كفر حتى يرجع إليهم ( م ) عن جرير

2731. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىدىن قاچسا، تاكى ئۇلارغا قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ، يەنى نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلىش، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

أيما عبد أصاب شيئا مما نهى الله عنه ثم أقيم عليه حده كفر الله ذلك الذنب ( ك ) عن خزيمة بن ثابت .

2732. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر بەندە ئاللاھ توسقان نەرسىدىن بىرەر ھارام نەرسىگە يېتىپ، قىلىپ قالسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەد، جازا تۈرغۈزۇلسا، ئاللاھتائالا شۇ جازا سەۋەبلىك ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى كاپارەت قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيادا ئىسلام قانۇنىدا جازاغا تارتىلسا، ئاخىرەتتە تارتىلمايدۇ.

( صحيح ) أيما عبد تزوج بغير إذن أهله فهو عاهر ( حم د ت ك ) عن جابر

2733. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر قۇل، ئەھلىنىڭ يەنى خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز توي قىلىپ، خوتۇن ئالسا، ئۇ زىنا قىلغۇچى بولىدۇ، ئەھمەد 13696 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1779 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1030 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) أيما عبد تزوج بغير إذن مواليه فهو زان ( ه ) عن ابن عمر

2734. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر قۇل ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ئىزنىسىز توي قىلسا، خوتۇن ئالسا، ئۇ زىنا قىلغۇچىدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن 1949 ـ ھەدىس.

أيما عبد كاتب على مائة أوقية فأداها إلا عشرة أواق فهو عبد و أيما عبد كاتب على مائة دينار فأداها إلا عشرة دنانير فهو عبد ( حم د ه ك ) عن ابن عمرو

2735. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر قۇل 100 ئۆۋقىيگە يەنى (4000 دىرھەم كۆمۈش پۇلنى بەرسە ئازاد بولۇشقا) كىتاب، خەت يېزىشقان بولسا، ئۇنى ئادا قىلىپ پەقەت 10 ئۆۋقى 400 دىرھەم قالغان بولسا، ئۇ يەنىلا قۇل ھېسابلىنىدۇ، قايسى بىر قۇل 100 دىنار ئالتۇن بېرىپ، ئازاد بولۇشقا، كىتاب، خەت يېزىشقان بولسا، مۇكاتەپ قۇل بولغان بولسا، ھەممىنى ئادا قىلىپ، پەقەت ئون دىنار قالغان بولسا، ئۇ يەنىلا قۇل ھېسابلىنىدۇ، (تولۇق ئادا قىلىپ بولسا، ئاندىن ئازاد، ھۆر بولىدۇ)، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

أيما عبد مات في إباقه دخل النار و إن كان قتل في سبيل الله تعالى ( طس هب ) عن جابر

2736. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر قۇل خوجايىنىدىن قاچقان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، گەرچە ئۇ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، دوزاخقا كىرىدۇ، ئەۋسەت، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) أيما قرية أتيتموها و أقمتم فيها فسهمكم فيها و أيما قرية عصت الله و رسوله فإن خمسها لله و لرسوله ثم هي لكم ( حم م د ) عن أبي هريرة .

2737. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسەڭلار، ئۇ جايدا مۇقىم تۇرالساڭلار، (يەنى، قۇرال كۈچى ئىشلەتمەي، ئىشغال قىلساڭلار) سىلەرنىڭ نېسىۋە ، ئۈلۈشىڭلار شۇ شەھەردە بولىدۇ، (يەنى بۇ فىيئى مال ئولجا قاتارىدا تەقسىم قىلىنىدۇ) قايسى بىر شەھەر ئەھلى ئاللاھقا ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلسا، قۇرال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلساڭلار، ھەققەتەن ئۇ غەنىيمەتلەرنىڭ 1/5ى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، قالغان تۆت ھەسسىسى سىلەر ئۈلۈشىسىلەر، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەقسىتى، غەنىيمەت، ئولجا بىلەن قورالسىز ئالغان فىيئى ئولجىنىڭ پەرقىنى ئايرىپ تەقسىم قىلىشتۇر.

أيما قوم جلسوا فأطالوا الجلوس ثم تفرقوا قبل أن يذكروا الله تعالى أو يصلوا على نبيه كانت عليهم ترة من الله إن شاء عذبهم و إن شاء

غفر لهم ( ك ) عن أبي هريرة

2738. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر قەۋم مەجلىسدە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ئاندىن ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشتىن ياكى پەيغەمبىرىگە دۇرۇت، سالام يوللاشتىن بۇرۇن تارقاپ كەتسە، ئۇلارغا ئاللاھتائالا تەرەپتىن، ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ، خالىسا، ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ، ھاكىم توپلىغان، تىرمىزى، ئەھمەدتتە ئوخششى بار، سەھىھ.

أيما مسلم رمى بسهم في سبيل الله فبلغ مخطئا أو مصيبا فله من الأجر كرقبة أعتقها من ولد إسماعيل و أيما رجل شاب في سبيل الله فهو له نور و أيما رجل أعتق رجلا مسلما فكل عضو من المعتق بعضو من المعتق فداء له من النار و أيما رجل قام و هو يريد الصلاة فأفضى الوضوء إلى أماكنه سلم من كل ذنب و خطيئة هي له فإن قام إلى الصلاة رفعه الله تعالى بها درجة و إن رقد رقد سالما ( طب ) عن عمرو بن عبسة

2739. ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قايسى بىر مۇسۇلمان ئاللاھ يولىدا ئوقيا ئاتسا، ئوقيا خاتا يەتسۇن ياكى توغرا تەگسۇن، (نىيىتى، ئىخلاسى توغرا بولغاچقا) ئۇ كىشى ئۇچۇن ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن يەنى ئەرەبدىن بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ئەجرى ، مۇكاپاتى بېرىلىدۇ، قايسى بىر كىشى ئاللاھ يولىدا چاچلىرىغا ئاق كىرگۈزسە ،ئۇ بۇ كىشى ئۇچۇن نۇر بولىدۇ، قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننى ئازاد قىلسا، ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسى، ئازاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشىغا فىدىيە ھېسابلىنىدۇ، ھەرقانداق بىر كىشى نامازنى ئىرادە قىلىپ تۇرسا، ئاندىن تاھارەتنى مۇكەممەل كامىل ئالسا، بارلىق گۇناھلاردىن خاتالىقلىرىدىن سالامەت قۇتۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ نامازغا تۇرسا، ئاللاھ ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇخلىسا، سالامەت ھالدا ئۇخلايدۇ، تەبرانى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستە جىھادنىڭ، ئاللاھ يولىدا چاچنى ئاقارتىش يەنى ئىلىم ئېلىش، بىرىشنىڭ قىرىغىچە، ئاخىرىغىچە، ئاداققىچە چىلىك تۇرۇشنىڭ، قۇل ئازاد قىلىشنىڭ، تاھارەت ۋە نامازنىڭ پەزىلەتلىرى سۆزلەندى.

( صحيح ) أيما مسلم شهد له أربعة بخير أدخله الله الجنة أو ثلاثة أو اثنان ( حم خ ن ) عن عمر

2740. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشىگە تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، (يەنى بۇ بەندە ھەققەتەن سالىھ، ياخشى كىشى ئىدى، ئەمەل قىلىدىغان، ئالىم ئىدى، مۇجاھىد ئىدى دېسە) ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ياكى ئىككى ئۈچ كىشى شۇنداق ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، (چۈنكى، مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى گۇۋاھچىلىرى، ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، راستنى دەيدۇ، پەرىشتىمۇ يوقنى يېزىپ قويمايدۇ) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) أيما مسلمين التقيا فأخذ أحدهما بيد صاحبه فتصافحا و حمدا الله تعالى جميعا تفرقا و ليس بينهما خطيئة ( حم الضياء ) عن البراء .

2741. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرسى يەنە بىرسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ھەر ئىككىلىسى ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىشسا، ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق خاتالىق قالمىغان ھالدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

أيها الناس اتقوا الله و أجملوا في الطلب فإن نفسا لن تموت حتى تستوفي رزقها و إن أبطأ عنها فاتقوا الله و أجملوا في الطلب خذوا ما حل و دعوا ما حرم ( ه ) عن جابر

2742. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، رىزقى تەلەپ قىلىشتا چىرايلىق تەلەپ قىلىڭلار،

ھەقىقەتەن ھەربىر جان ئىگىسى گەرچە كېچىكىپ كەلسىمۇ، رىزقى توشماي تۇرۇپ ئۆلمەيدۇ، (رىزقىنىڭ كېچىكىپ قېلىشى سىلەرنى گۇناھكار قىلمىسۇن) ئاللاھدىن قورقۇڭلار، چىرايلىقچە تەلەپ قىلىڭلار، ھالال بولغىنىنى ئېلىڭلار، ھارام بولغىنىنى قويۇپ قويۇڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئەي ئىنسان، ساڭا پۈتۈلگەن رىزقى چوقۇم كېلىدۇ، ئالدىراپ كېتىپ گۇناھكار بولما، رىزقىڭ تۈگىمەي تۇرۇپ ئۆلمەيسەن، ھالالدىن يېگىن.

أيها الناس إذا كان هذا اليوم فاغتسلوا و ليمس أحدكم أفضل ما يجد من دهنه و طيبه ( د ك ) عن ابن عباس

2743. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار، بۇ كۈن يەنى جۈمە كۈنى بولغاندا، يۇيۇنۇڭلار، ھەر بىرىڭلار ياغ، ماي، ئەتىر، خۇشپۇراقلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىنى ئىشلەتسۇن، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

أيها الناس إن الله طيب لا يقبل إلا طيبا و إن الله أمر المؤمنين بما أمر به المرسلين فقال: ( يا أيها الرسل كلوا من الطيبات و اعملوا صالحا إني بما تعملون عليم و قال: ( يا أيها الذين آمنوا كلوا من طيبات ما رزقناكم ) ثم ذكر الرجل يطيل السفر أشعث أغبر يمد يديه إلى السماء: يا رب يا رب ! و مطعمه حرام و مشربه حرام و ملبسه حرام و غذي بالحرام فأنى يستجاب لذلك ) . ( حم م ت ) عن أبي هريرة

2744. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى خالايىق، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا پاكتۇر، پەقەت پاك ـ پاكىزنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىنى بۇيرۇغان نەرسىگە مۆئمىنلەرنى بۇيرىدى، ئاللاھ، پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېدى:

«ئى پەيغەمبەرلەر! پاك ـ پاكىز ھالالدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر قىلغان ئەمەللەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىمەن» ئاللاھ مۆئمىنلەرگە مۇنداق دېگەن : «ئى مۆئمىنلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنىڭ پاك ـ پاكىز ھالاللىرىدىن يەڭلار، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار»، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق بىر كىشىنى تىلغا ئالدى، بۇ كىشى سەپەرنى ئۇزۇن قىلدى، ئۇزۇن سەپەر قىلىش جەريانىدا مۇشەققەتنىڭ ئېغىر، قاتتىقلىقىدىن چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ـ چاڭ باسقان، بىچارە ھالدا ئاسمانغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم، ئى رەببىم دەيدۇ، دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېگەن تائامى ھارام تۇرسا، ئىچكەن شارابى، ئىچىملىكى ھارام تۇرسا، كىيگەن كىيىمى ھارام تۇرسا، ھارام بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداقمۇ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن؟ ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەقسىدى، ھالالدىن يەپ ـ ئىچىپ، ھالالدىن كىيىم كىيىشتۇر، بۇنىڭغا بارلىق مۆئمىنلەر ھەتتا، پەيغەمبەرلەرمۇ بۇيرۇلغان، يەپ ـ ئىچىش تۈگۈل، ئۈچىسىدا بىر كوي چاغلىق ھارام ئارىلاشقان كىيىم بولسا، ئىبادەت دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ، بۇ چوڭ زىياندۇر.

أيها الناس إنه قد كان لي فيكم إخوة و أصدقاء و إني أبرأ إلى الله أن يكون لي فيكم خليل و لو كنت متخذا من أمتي خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و إن ربي اتخذني خليلا كما اتخذ إبراهيم خليلا ألا إن من كان قبلكم كانوا يتخذون قبور أنبيائهم و صالحيهم مساجد ألا فلا تتخذوا القبور مساجد إني أنهاكم عن ذلك ( م ن ) عن جندب

2745. جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەي ئىنسانلار! ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ئاراڭلاردا قېرىنداش ۋە يېقىن دوستلار بار ئىدى، ھەقىقەتەن مەن ئەمدى مەن ئۈچۈن سىلەردىن يېقىن دوست، خەلىل بولۇشىدىن ئاللاھ تەرەپكە قېچىپ ئاللاھقا يۈزلىنىمەن، (پەقەت ئاللاھلا مېنىڭ خەلىلىم) ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى يېقىن دوست تۇتاتتىم، (لېكىن، ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلام دوستلۇقى ئەۋزەل) ھەقىقەتەن رەببىم ئاللاھتائالا مېنى خۇددى ئىبراھىمنى دوست تۇتقاندەك يېقىن دوست تۇتتى، ئاگاھ بولۇڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر، پەيغەمبەرلىرىنىڭ، سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد

قىلىۋالاتتى، ئاگاھ بولۇڭلار ، سىلەر ھەرگىز قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالماڭلار، جەزمەن مەن سىلەرنى شۇنداق قىلىشتىن قاتتىق توسىمەن، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

أيها الناس إنه لم يبق من مبشرات النبوة إلا الرؤيا الصالحة يراها المسلم أو ترى له ألا و إني نهيت أن أقرأ القرآن راكعا أو ساجدا فأما الركوع فعظموا فيه الرب و أما السجود فاجتهدوا في الدعاء فقمن أن يستجاب لكم ( حم م د ن ه ) عن ابن عباس

2746. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار، ھەققەتەن پەيغەمبەرلىك بېشارەتلىرىدىن ھېچنەرسە قالماي پەقەتلا ئاخىرلاشتى، پەقەت مۇسۇلمان كۆرۈدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان ياخشى، راست بېشارەت چۈشلا قالدى، ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەققەتەن مەن قۇرئاننى رۇكۇ ياكى سەجدە قىلغان ھالدا ئوقۇشتىن چەكلەندىم، رۇكۇغا كەلسەڭ، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنى ئۇلۇغلاپ، (سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم) دەڭلار، ئەمما سەجدىگە كەلسەڭ، ئۇنىڭدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىۋېتىپ، دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار، سىلەر ئوچۇن سەجدىدىكى دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى چوقۇمدۇر، ۋاجىپ، مۇقىم قىلىندى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيها الناس عليكم بالقصد عليكم بالقصد فإن الله تعالى لا يمل حتى تملوا(ه ع حب ) عن جابر

2747. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار! ئەمەللەردە نورمال، ئوتتۇرھال قادىر بولغانلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇڭلار، مۆئتەدىللىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەققەتەن سىلەر ئىبادەتتە ھېرىپ ـ چارچاپ قالمىساڭلار، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىشتا ھېرىپ قالمايدۇ، ئىبنى ماجە، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

أيها الناس قد تركت فيكم ما إن أخذتم به لن تضلوا: كتاب الله و عترتي أهل بيتي ( ت ) عن جابر .

2748. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مەن ئاراڭلاردا بىر نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىپ چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، قۇرئان كەرىم، مېنىڭ ئەھلى بەيتىم، (يەنى سۈننەت ھەدىسلىرىم) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) أيها الناس ما زال بكم صنيعكم حتى ظننت أن سيكتب عليكم فعليكم بالصلاة في بيوتكم فإن خير صلاة المرء في بيته إلا الصلاة المكتوبة ( د ) عن زيد بن ثابت

2749. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار (يەنى رامزاندا جامائەت بولۇپ ناماز بىلەن قىيامدا تۇرۇش خېلى داۋاملىشىپ قالدى،) ھەتتا، مەن بۇ ئىشنىڭ سىلەرگە پات يېقىندا پەرز بولۇپ قېلىشىغا گۇمان قىلىپ قالدىم، بۇ نەپلە نامازلارنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار، ھەققەتەن ئىنساننىڭ نامازلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆيىدە ئوقۇغان نامازدۇر، پەرزلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، (رامزاندىكى قىيامدا تۇرۇش، كېيىن ئەسلىگە كەلگەن، بۇنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن ياخشى يېڭىلىنىش دېگەن ئىدى).

أيها الناس لا تتمنوا لقاء العدو و اسألوا الله العافية فإذا لقيتموهم فاصبروا و اعلموا أن الجنة تحت ظلال السيوف اللهم منزل الكتاب و مجري السحاب و هازم الأحزاب اهزمهم و انصرنا عليهم ( ق د ) عن عبدالله بن أبي أوفى

2750. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىنسانلار! دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئاللاھدىن ئىككى ئالەملىك ساقلىنىشنى سوراڭلار، ئەگەر دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ قالساڭلار، (سەۋر قىلىپ، چىداڭلار، بىلىڭلاركى، ھەققەتەن جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدۇر، (يەنى شېھىدلارنىڭدۇر)

www.uyghurkitap.com

ئى ئاللاھ! ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى بۇلۇتلارنى ماڭدۇرغۇچى، قوشۇنلارنى يەڭگۈچى، ئۇلارنى ئۆزۈڭ يەڭگىن، مەغلۇپ قىلغىن، بىزگە دىنسىزلارغا قارشى ياردەم بەرگىن. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الآخذ و المعطي سواء في الربا ( قط ك ) عن أبي سعيد

2751. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈمدە زىيادە ئالغۇچى ۋە بەرگۈچى ھەر ئىككىلىسى باراۋەر، ئوخشا گۇناھكاردۇر، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الآن حمي الوطيس ( حم م ) عن العباس ( ك ) عن جابر ( طب ) عن شيبة .

2752. ئابباس، جابىر شەيبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مانا ھازىر ئەمدى جەڭ تازا قىززىدى، ئۇرۇش كۆچەيدى، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولغان كۈنى دېگەن بولۇپ، ئاق قېچىر ئۈستىگە مىنىپ، كاپىرلار تەرەپكە جەڭگە ئاتلانغان، ساھابىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇرۇشقا قىزىقتۇرغان، كۇپپارلارنىڭ يۈز ـ كۆزىگە توپا تاش چاچقان بولۇپ، ئۇلار بۇ توپىنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولغان، بۇ قۇرئاندا سۆزلەنگەن) مۇسلىم 3324 ـ ھەدىس، ئەھمەد 1679 ـ ھەدىس، ھاكىم، تەبرانىلار توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) الآن حين بردت عليه جلده ( حم قط ك ) عن جابر

2753. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ئۆلۈپ كېتىپ، تەييار قىلىنىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ناماز چۈشۈرۈشكە چاقىرساق كېلىپ، ئۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟ دېدى، ئىككى دىنار قەرزى بار دېيىلدى، ناماز چۈشۈرگىلى ئۇنىماي، ئۇ قەرزنى ئەبۇ قەتادە ئۆز ئۈستىگە ئالغاندا، ئاندىن ناماز چۈشۈردى، ئىككى كۈندىن كېيىن، قەرزنى بىرىۋەتتىم دېسە، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مۇنداق دېگەن : مانا ئەمدى ئۇنىڭ تېرىلىرى سوۋىدى، ئەھمەد 14009 ـ ھەدىس، ھاكىم، دارىقۇتنى توپلىغان، باشقا كىتابلاردا ئوخشىشى بار، سەھىھ.

( صحيح ) الآن نغزوهم و لا يغزونا ( حم خ ) عن سليمان بن صرد

2754. سۇلايمان ئىبنى سەرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مانا ئەمدى بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلالمايدۇ، بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، ئۇلارغا بىز بارىمىز، «بۇ ھەدىسنى مەدىنىنى قورشىۋالغان ئەھزاپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەندە دېگەن ئىدى، كېيىن راستىنلا شۇنداق بولدى) بۇخارى 3901 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25949 ـ ھەدىس،سەھىھ.

« الآيات خرزات منظومات في سلك فانقطع السلك فيتبع بعضها بعضا ( حم ك ) عن ابن عمرو»

2755. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت ئالامەتلىرى خۇددى بىر تال يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ تىزىلغان مارجانغا ئوخشايدۇ، يىپ ئۈزۈلسە، مارجانلار كەينى ـ كەينىدىن بەزىسى ـ بەزىسىگە ئەگىشىپ تۆكۈلگەندەك، بىر ئالامەت يۈز بەرسە، كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىۋېرىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الآيتان من آخر سورة البقرة من قرأهما في ليلة كفتاه ( حم ق ه ) عن ابن مسعود

2756. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ئايەت بولۇپ، كىم ئۇ ئىككى ئايەتنى بىرەر كېچىدە ئوقۇسا، شۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە بالرلىق ياخشىلىقا كۇپايە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

الأئمة من قريش أبرارها أمراء أبرارها و فجارها أمراء فجارها و إن أمرت عليكم قريش عبدا حبشيا مجدعا فاسمعوا له و أطيعوا ما لم يخير

أحدكم بين إسلامه و ضرب عنقه فإن خير بين إسلامه و ضرب عنقه فليقدم عنقه ( ك هق ) عن علي

2757. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمام خەلىپىلەر، قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئەمىر، خەلىپە بولغانلاردۇر، ئەڭ يامىنىمۇ يامان، فاجىر ئەمىر باشلىق بولغانلاردۇر، ئەگەر سىلەرگە ئى قۇرەيش، پۇت - قوللىرى كېسىۋېتىلگەن، چولاق، ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك بىر قۇل باشلىق، ئەمىر قىلىنسا، ئۇ بىرىڭلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئارىلىقىدا ئىختىيارلىق بەرمىسىلا ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ باشلىق بىرىڭلارغا ئىسلام دىنىنى تاللاش بىلەن كاللىسى ئېلىنىشنىڭ بىرىنى تاللا دەپ ئىختىيارلىق بەرسە، ئىسلام دىنىنى تاللاپ، كاللىسنى تەقدىم قىلىپ، بويىنىنى مانا چاپە! دەپ تۇتۇپ بەرسۇن، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن خەلىپە، قۇرەيش بولۇش ئايدىن كېيىن مەيلى قۇرەيش بولسۇن، مەيلى باشقا مۇسۇلمانلار بولسۇن، قۇل، باشلىق، خەلىپە قىلىنسا، ھەق، ھەقىقەتكە بۇيرۇسىلا ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىش، گۇناھقا، مەئسىيەتكە بۇيرىسا، ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق، مۇھىم بولغان بىر ئاقىۋەت، جاننى تەقدىم قىلىپمۇ بولسا، ئىسلام دىنىنى، ئىماننى ساقلاپ قېلىشتۇر، بۇ ئاساسى نىشان، مەخسۇتتۇر، ھازىر يەرشارىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بىر خەلىپە بەكمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى.

الأئمة من قريش و لهم عليكم حق و لكم مثل ذلك ما إن استرحموا رحموا و إن استحكموا عدلوا و إن عاهدوا وفوا فمن لم يفعل ذلك منهم فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل منه صرف و لا عدل ( حم ن الضياء ) عن أنس

2758. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خەلىپە ئىماملار قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ئۇلارنىڭ ھەققى بار، سىلەر ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ھەققىڭلار بولىدۇ، (بۇ خەلىپە، ئىمام بىلەن جامائەت، خەلق ئوتتۇرىدىكى ھەق) قۇرەيشلەردىن بولغان ياخشى ئىماملار رەھىمدىللىك تەلەپ قىلىنسا، رەھىم قىلىدۇ، ھۆكۈم تەلەپ قىلىنسا، ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەھدە، توختام، كېلىشىم تۈزسە، ۋاپا قىلىدۇ، كىم ئۇلاردىن شۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى لەنەتلىرى ياغىدۇ، ئۇنىڭدىن پەرز، نەپلە ئىبادەتلەر تەۋبە ، سەدىقىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەھمەد 12433 - ھەدىس، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأبعد فالأبعد من المسجد أعظم أجرا ( حم د ه ك هق ) عن أبي هريرة

2759. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەسچىتكە ئەڭ يىراق بەك يىراق بولغان كىشىنىڭ ئەجىر، ساۋابى ئۇلۇغ، كاتتا بولىدۇ، (چۈنكى، ئۇ يىراقتىن مېڭىپ كېلىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

الإبل عز لأهلها و الغنم بركة و الخير معقود في نواصي الخيل إلى يوم القيامة ( ه ) عن عروة البارقي

2760. ئۇرۋە تولباقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۆگە ئۆز ئەھلىگە ئىززەتتۇر، قوي بولسا، بەرىكەتتۇر، ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، يەنى جەڭگە مىنىلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإثمد يجلو البصر و ينبت الشعر ( تخ ) عن معبد بن هوذة

2761. مەئبەد ئىبنى ھەۋزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسمەت دېگەن سۈرمە تېشى كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ ، كىرپىكنى قارايىتىپ، تۈك ئۆستۈرىدۇ، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

الإحسان أن تعبد الله كأنك تراه فإن لم تكن تراه فإنه يراك ( م 3 ) عن عمر ( حم ق ه ) عن أبي هريرة .

2762. ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېھسان دېگەن ئاللاھتائالاغا، سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، (ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرگەن چاغدا قانداق ئىبادەت قىلساڭ، ھازىرمۇ سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك شۇنداق ئىبادەت قىل، مانا بۇ ئېھسان ، مۇھسىنلەر دەرىجىسى، ئەڭ يۇقىرى دەرىجە ھېسابلىنىدۇ) مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

الأخوات الأربع ميمونة و أم الفضل و سلمى و أسماء بنت عميس أختهن لأمهن مؤمنات ( ن ك ) عن ابن عباس

2763. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۆت ھەمشىرە قېرىنداشلار بولسا، مەيمۇنە، ئۇمىمۇلپەزلى، سەلما، ئەسما بىنتى ئۇمەيس، بۇلار بىر ئانىدىن بولغان مۆئمىن ھەمشىرىلەردۇر، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأذان تسع عشرة كلمة و الإقامة سبع عشرة كلمة ( ن ) عن أبي محذورة

2764. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەزان 19 كەلىمە، تەكبىر بولسا، 17 كەلىمىدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

( {ئاللاھۇ ئەكبەر»دىن تۆتى تۆت كەلىمە} ئىككى قېتىملىق شاھادەت كەلىمىلىرى «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» تۆتتىن سەككىز كەلىمە، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ ئىككىدىن تۆت كەلىمە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھ، ئۈچ كەلىمە جەمئىي 19 كەلىمە، مۇشۇ ئەزانغا ئىماملار ئىتتىپاقلا كەلگەن، بامداتتا ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋمەدىن ئىككىنى زىيادە قىلىنىدۇ، مەنىسى، ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى دېگەن بولىدۇ، تەكبىرگە كەلسەك، مۇشۇنىڭدەك، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ، ئىمام مالىك بىلەن ئەبۇ ھەنىيفە جۈپ ئېيتىشنى دېدى، ئىمام شافئى بىلەن ھەنبەلىي تاق ئېيتىشنى دېدى، تەكبىرنى تاق ئېيتىش مۇنداق:ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ،ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ھەييە ئەلەسسالات، ھەييە ئەلەلفەلاھ،قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات،ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھ.مانا بۇ تاق تەكبىر ، بۇنداق تەكبىر ئېيتىشقىمۇ بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلاردا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، بۇ ئىختىيارلىق بىرىلگەن ئىش، تەكبىر ئېيتىسلا ياخشىسى شۇدۇر، ئىختىلاپ يوقتۇر.

( صحيح ) الأذنان من الرأس ( حم د ت ه ) عن أبي أمامة ( ه ) عن أبي هريرة وعبدالله بن يزيد ( قط ) عن أنس وأبي موسى وابن عباس وابن عمر وعائشة .

2765. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى قۇلاق باشنىڭ جۈملىسىدىن، (يەنى يۇيۇلماي مەسھ قىلىنىدۇ) تىرمىزى 35 ـ ھەدىستە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرۈپ، قۇلاققا مەسھ قىلىنىدۇ دېدى، شافئىي رەھمەھۇللاھ، قۇلاققا يېڭى سۇ بىلەن مەسھ قىلىنىدۇ دېگەن ، بەزىلەر قۇلاقنىڭ ئالدى تەرىپى، يۈز بىلەن بىللە يۇيۇلىدۇ، ئارقا تەرىپىگە باش بىلەن بىرگە مەسھ قىلىنىدۇ دېدى، تىرمىزى 35 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 438 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزىلار، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىددىن، دارىقۇتنى، ئەنەس، ئائىشە، ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئاببas، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

الأرض أرض الله و العباد عباد الله من أحيا مواتا فهي له ( طب ) عن فضالة بن عبيد

2766.پۇزالەت ئىبنى ئەبىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىن ، ئاللاھنىڭ زېمىنى ، بەندىلەرمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، كىم بىر ئۆلۈك

زېمىننى يەر ئەھيا قىلسا، يەنى قۇرغاق، قاقاس زېمىننى يەر ئېچىپ ئەھيا قىلسا، كۆكەرتسە ئۇ زېمىن شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، (لېكىن، ئىگىسى بار زېمىننى ئىگىسىدىن سوراپ، رازى قىلىپ سېتىۋېلىپ، ئەھيا قىلىشقىمۇ ھەدىس بار).

( صحيح ) الأرض كلها مسجد إلا المقبرة و الحمام ( حم د ت ه حب ك ) عن أبي سعيد .

2767. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەبرىستانلىق بىلەن مۇنچىدىن باشقا بارلىق زېمىن ، مەسچىتتۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار دەلىللەپ (قەبرىستانلىقتا، مۇنچىدا، نىجىس زېمىنلاردا ، تۆگە، قوتانلىرىدا ناماز بولمايدۇ دېيىلگەن).

الأرواح جنود مجندة فما تعارف منها ائتلف و ما تناكر منها اختلف ( خ ) عن عائشة ( حم م د ) عن أبي هريرة ( طب ) عن ابن مسعود

2768. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روھلار، ئەرۋاھلار توپلىشىپ بىرلىشىدىغان قوشۇندۇر، روھ دۇنيادا تونۇشقان، كېلىشكەن روھلار بۇ جايدىمۇ تونۇشۇپ، كېلىشىپ ئۆتىدۇ، شۇ جايدا تونۇشمىسا، ئىختىلاپلىشىدۇ، تونۇشمايدۇ، (ياخشىلار، ياخشىنى، شەقى شەقىينى، يامانلار يامانلارنى تاپىدۇ) بۇخارى، ئائىشەدىن، ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، تەبرانى، ئىبنى مەسئۇددىن توپلىغان، مۇسلىم 4773 ـ ھەدىس، بۇخارى 3123 ـ ھەدىس، بۇخارىدا سەككىز جايدا كېلىدۇ، تىرمىزى 1948 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4229 ـ ھەدىس، ئەھمەدتە 18 جايدا كېلىدۇ، 10404 ـ ھەدىس، مالىك، دارمىيلاردا بار، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن روھىي، ئىدىيە، تەبىئىي تۇغما ئەخلاقى ئەسلىدىن ياخشىلار، ياخشىلار بىلەن يامانلار، يامانلار بىلەن بىرگە بولۇش چىقىدۇ.

( صحيح ) الإزار إلى نصف الساق أو إلى الكعبين لا خير في أسفل من ذلك ( حم ) عن أنس

2769. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىشتان، پاقالچاقنىڭ يېرىمىغىچە ياكى ئىككى ئوشۇققىچە بولۇشى لازىم، ئۇنىڭدىن پەسلەپ كەتكەندە، ياخشىلىق يوق، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

الإسبال في الإزار و القميص و العمامة من جر منها شيئا خيلاء لم ينظر الله إليه يوم القيامة د ن ه) عن ابن عمرو

2770. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىشتان، كۆڭلەك، سەللە قاتارلىقلارنى سۆرەپ، ئۇزۇن كىيىشكە كەلسەك، كىم بۇلاردىن بىرەرسىنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ، چوڭچىلىق قىلىپ سۆرەپ يۈرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الاستئذان ثلاث فإن أذن لك و إلا فارجع ( م ت ) عن أبي موسى وأبي سعيد .

2771. ئەبۇ مۇسا، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىزنى سوراش، رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئۈچ قېتىم ئىچىدە ساڭا رۇخسەت بېرىلسە كىرگىن، ئەگەر رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كەتكىن، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) الاستجمار تو و رمي الجمار تو و السعي بين الصفا و المروة تو و الطواف تو و إذا استجمرأحدكم فليستجمر بتو( م ) عن جابر

2772. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىستىنجا تاق، شەيتانغا تاش ئېتىش تاق، سەفا ـ مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى ئويناقشىپ مېڭىش تاق، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش تاق، بىرىڭلار ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلسۇن، (ئاللاھ تاقنى ياخشى كۆرىدۇ ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) الاستنجاء بثلاثة أحجار ليس فيهن رجيع ( طب ) عن خزيمة بن ثابت

2773. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىستىنجا قىلىش، ئۈچ تال تاش ياكى چالمىدا بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھايۋان تېزىكى بولماسلىق لازىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

الإسلام: إقام الصلاة و إيتاء الزكاة و حج البيت و صوم شهر رمضان و الاغتسال من الجنابة ( حب ) عن عمر .

2774. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دېگەن ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، جۇنۇپلىقدىن يۇيۇنۇشتۇر، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإسلام أن تشهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و تقيم الصلاة و تؤتي الزكاة و تصوم رمضان و تحج البيت إن استطعت إليه سبيلا ( م 3 ) عن عمر .

2775. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دېگەن يەنى مۇسۇلمانچىلىق دېگەن ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭ، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇشۇڭ، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ، بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىپ، ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇر، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإسلام أن تعبد الله و لا تشرك به شيئا و تقيم الصلاة و تؤدي الزكاة المفروضة و تصوم رمضان و تحج البيت ( حم ق ٥ ) عن أبي هريرة ( ن ) عن أبي هريرة وأبي ذر معا

2776. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دېگەن ، ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، روزا تۇتۇشۇڭ، بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشىڭدۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإسلام يجب ما كان قبله ( ابن سعد ) عن الزبير وجبير بن مطعم

2777. زۇبەير جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققەتەن ئىسلام كەلتۈرۈش، مۇسۇلمان بولۇش، ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق كۈپرىلىقنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن ئىلگىرىكى بارلىق قىلمىش، ئەتمىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، ئىسلام دىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا، مال ـ مۈلۈكلىرىمۇ ھالال ھالدا ئۆزىگە قالىدۇ.

( حسن ) الإسلام يعلو و لا يعلى ( الروياني قط هق الضياء ) عن عائذ بن عمرو

2778. ئائىز ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام ئۈستۈن تۇرىدۇ، غالىب كېلىدۇ، ئۇ يۈكسەكتۇر، ھەرگىز ئىسلام ئۈستىگە بىرەر نەرسە ئۈستۈن بولالمايدۇ، ھېچنەرسە ئىسلامدىن يۈكسەك قىلىنمايدۇ، رويانى، دارىقۇتنى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەسەن ھەدىسدىن ئالىملار مۇسۇلمان كىشى كاپىر، دىنسىزنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قانداقمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن دىنسىزلارنى تەڭ ئورۇندا قويغىلى بولىدۇ؟ دېدى، يەنە بەزىلەر كاپىر، مۇشرىك، دىنسىز مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ، مۇسۇلمان بولالايدۇ، دەپ باقتى، ئەمما، سەھىھ ھەدىستە،بۇلار بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ دېيىلگەن، سەھىھ بىلەن ھەسەن تاقىشىپ قالسا، ئەلۋەتتە، سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ.

( صحيح ) الأسنان سواء الثنية و الضرس سواء ( ٥ ) عن ابن عباس

2779. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : چىشلار دىيەتتە تۆلەم پۇلىدا ئوخشاش، باراۋەردۇر، ئىككى ياندىكى ئەقىل چىش، ئېزىق چىش بىلەن باراۋەر، ئوخشاش تۆلەم تۆلەپ بېرىلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأسنان سواء خمسا خمسا ( ن ) عن ابن عمرو

2780. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : چىشلار باراۋەر ئوخشاشتۇر، چىشنىڭ تۆلەم پۇلى، بەش تۆگىدۇر، نەسەئى، 4759 ـ ھەدىس، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن كىم بىرەرسىنىڭ چىشنى تۆكۈپ، چۇشۇرۇۋەتسە، ھەربىر چىشقا بەشتىن تۆگە تۆلەم بېرىدۇ.

( حسن ) الأشرة شر ( خد ع ) عن البراء

2781. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۆرەڭلەپ، چوڭچىلىق قىلىش، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك، قاتتىق يامان ئىشتۇر، ئەبۇ يەئلا، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأصابع سواء عشر عشر من الإبل ( د ن ه ) عن أبي موسى

2782. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بارماقلار ئوخشاش، باراۋەردۇر، ئوندىن تۆگە دىيەت بېرىلىدۇ، (بىر بارماققا 10 تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأصابع سواء كلهن فيهن عشر من الإبل ( ن ه ) عن ابن عمرو

2783. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بارماقلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر، ئوخشاشتۇر، بارماقلاردا 10 تۆگە تۆلەپ بېرىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ھەربىر بارماققا ئون تۆگە تۆلەيدۇ.

الأصابع سواء و الأسنان سواء الثنية و الضرس سواء هذه و هذه سواء– يعني الإبهام و الخنص( د)عن ابن عباس

2784. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بارماقلار باراۋەر، چىشلار باراۋەر، ئوتتۇر چىش بىلەن ئېزىق چىش باراۋەر، باش بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماق باراۋەر، (بارماققا 10 تۆگە، چىشقا بەش تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

الأكثرون هم الأسفلون يوم القيامة إلا من قال بالمال هكذا و هكذا و كسبه من طيب ( ه حب ) عن أبي ذر

2785. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيادا، مال ـ دۇنيانى كۆپ توپلىغانلار، قىيامەت كۈنى تۆۋەن تۇرىدىغانلاردۇر، (بۇ دۇنيادا كۆپ، ئاخىرەتتە ئاز بولىدۇ) لېكىن، ماللارنى ئاللاھ يولىدا تۆت تەرىپىدىكىلەرگە سەدىقە قىلىپ تۇرغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تاپقانلار، سەدىقە قىلغانلار، يەنىلا يۇقىرى تۇرۇۋېرىدۇ. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإمام ضامن فإن أحسن فله و لهم و إن أساء فعليه و لا عليهم ( ه ك ) عن سهل بن سعد

2786. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمام بولغان كىشى نامازغا كېپىلدۇر، ئەگەر ئۇ ياخشى ئوقۇسا، ئۆزى ئۈچۈن ئۇلار ئۈچۈنمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ نامازنى ناچار ئوقۇسا، (يەنى ھالالدىن يېمىسە، قىرائەتنى جايىدا تەجۋىتلىك ئوقۇيالمىسا، بىدئەتچى بولسا) بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، جامائەتلەرنىڭ زىيىنىغا بولمايدۇ، (چۈنكى، جامائەتتە گۇناھ يوق! جامائەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇۋېرىدۇ، پەقەت شەرتكە توشسا) ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسدىن ئىمام، ئالىم، ئابىد، قارى بولۇشى، تەقۋا بولۇشى،

ئۆلگە بولۇشى لازىم، بىدئەتچى، خۇراپىي بولماسلىقى لازىم، بولۇپمۇ ھالالدىن يېيىشى، كىيىشى لازىم.

الإمام ضامن و المؤذن مؤتمن اللهم أرشد الأئمة و اغفر للمؤذنين ( د ت حب هق)عن هريرة( حم) عن أبي أمامة

2787. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمام دېگەن نامازغا كېپىل بولىدۇ، زىممىسىگە ئالغاندۇر، يۈكى ئېغىر، (نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشى، ۋاقتىغا رىئايە قىلىشى لازىم) مۇئەززىنگە بولسا، ناماز ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى ئامانەت قويۇلدى، (بۇنىڭغا خىيانەت قىلىنسا بولمايدۇ) ئى ئاللاھ، ئىماملارنى ھىدايەت قىلىپ، توغرا يولغا يېتەكلىگىن، مۇئەززىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأمراء من قريش ما عملوا فيكم بثلاث: ما رحموا إذا استرحموا و أقسطوا إذا قسموا و عدلوا إذا حكموا ( ك ) عن أنس

2788. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇرەيشلەر ئاراڭلاردا ئۈچ ئىشنى قىلسىلا، ئەمىر، خەلىپىلىك قۇرەيشلەردىن سايلىنىدۇ، رەھىمدىللىك تەلەپ قىلىنسا، رەھىم - شەپقەت قىلسا، تەقسىم قىلسا، ئادىل تەقسىم قىلسا، ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلسا، (ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلمىسا، لەنەتكە قېلىپ، خەلىپىلىك باشقىلارغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأمر أسرع من ذاك ( د ) عن ابن عمرو

2789. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىز بىر ئۆينى ئوڭشاۋاتساق، ئۇتتۇرىمىزدىن ئۆتۈپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ دېدى، بىز بۇ ئۆينى ئوڭشاپ قويايلى دېدۇق، دېسەك، شۇ چاغدا ئىش ئۇنىڭدىن تېزراق بولۇشى مۇمكىن دېگەن ، (يەنى ئۆلۈم سىلەرگە بۇ تاملار خاراب بولۇشىدىن بۇرۇنراق كېلىشى مۇمكىن) ئەبۇ داۋۇد 4558 - ھەدىس، تىرمىزى 2257 - ھەدىس، ئەھمەد 6213 - ھەدىس، سەھىھ، بارلىق ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسنى زاھىدلىقنىڭ بابىغا كەلتۈرگەن، ئەمر دېگەن شۇ ئىشنى ئۆلۈم دەپ شەرھىيلىگەن، چۈنكى، تاغدىكى تاملار ئۇزۇن تۇرالايدۇ.

( صحيح ) الأنبياء أحياء في قبورهم يصلون ( ع ) عن أنس

2790. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ھاياتتۇر، ئۇلارغا دائىم دۇرۇت، سالاملار يوللىنىپ تۇرىدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

الأنصار شعار و الناس دثار و لو أن الناس استقبلوا واديا أو شعبا و استقبلت الأنصار واديا لسلكت وادي الأنصار و لو لا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار ( ه ) عن سهل بن سعد

2791. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەنسارىلار ئىچ كىيىمگە باشقا كىشىلەر تاشقى كىيىمگە ئوخشايدۇ، (يەنى ئەنسارىلار مېنىڭ ئىچكى سىرىمنىڭ ئورنى) ئەگەر كىشىلەر يايلاق، چاڭگاللىغا ياكى بىر تاغ يولىغا ماڭسا، ئەنسارىلار يەنە بىر يولغا ماڭسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارىلار ماڭغان يولغا ماڭىمەن، ھىجرەت قىلىش بولمىغان بولسا، ئەنسارىلاردىن بىر ئىنسان بولغان بولاتتىم، (لېكىن، ھىجرەت پەزىلىتى باردە!) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأنصار كرشي و عيبتي و إن الناس سيكثرون و هم يقلون فاقبلوا من محسنهم و تجاوزوا عن مسيئهم ( ن ) عن أسيد بن حضير ( ق ت ن ) عن أنس

2792. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلار مېنىڭ ئىچكى سىرلىرىمنى ساقلايدىغان كىشىلەر، مەخپىيەتلىككە ئىشەنچلىك خاس كىشىلىرىم، ھەقىقەتەن كىشىلەر كۆپىيىپ ئۇلار ئاز قالىدۇ، ئۇلارنىڭ

ياخشىلىق قىلغۇچىسىدىن قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىك ئەيىب ـ نۇقسان سادىر قىلىپ قالىدىغىنىدىن ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈپتىڭلار، نەسەئى، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇخارى قاتارلىقلاردىمۇ باردۇر.

( صحيح ) الأنصار و مزينة و جهينة و غفار و أشجع و من كان من بني عبد الدار موالي دون الناس و الله و رسوله مولاهم ( حم م ت ) عن أبي أيوب

2793. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەنسارىلار، مۇزەينە، جۇھەينەت، غەپپار، ئەشجەئى قەبىلىسى، ئابدۇددار جەمەتىدىكىلەر مېنىڭ دوستلىرىم، باشقىلار ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ دوستى، ئىگىسى بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأيدي ثلاثة فيد الله العليا و يد المعطي التي تليها و يد السائل السفلى فأعط الفضل و لا تعجز عن نفسك ( حم د ك ) عن مالك بن نضلة

2794. مالىك ئىبنى نەزلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قوللار ئۈچتۇر، ئاللاھنىڭ قولى، ئۇ ھەقىقى ياراتقۇچى، بەرگۈچى قولدۇر، ئۈستۈن قولدۇر، يەنە بىرسى، كىشىلەرگە نەرسە بەرگۈچى، سېخىينىڭ قولىدۇر، بۇ قول ئەخلاقتا ئاللاھنىڭ قولىغا يېقىندۇر، ياكى ياردەمگە ئېرىشىشتە يېقىندۇر، يەنە بىرسى بولسا، نەرسە سورىغۇچى سائىلىنىڭ تۆۋەن قولىدۇر، (بەرگۈچى، ئۈستۈن قول سورىغۇچى قولدىن ياخشى) ئۆز ھاجەتلىرىڭدىن، ئەھلى بالىلىرىڭدىن، ئاتا ـ ئاناڭدىن ئاشقىنىنى. ئوشۇقىنى بەرگىن، ئاللاھ يولىدا خەجلە، ئۆزۈڭگە خەجلەشتىن ئاجىز كەلمە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىستە، سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتىدىن باشقا مۇھىم بىر ئەقىدە مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، قولى باردۇر، بۇ ئايەتتە، سەھىھ، ھەتتا مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلاندى، قولى بار، ئوخشىشى يوق، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، ئىمان كەلتۈرىمىز، قولى بار دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، كەيپىياتىدىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

( صحيح ) الإيمان: الصبر و السماحة ( ع طب في مكارم الأخلاق ) عن جابر

2795. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن ، سەۋر قىلىش، كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش، باشقىلارغا ئاسان قىلىپ بېرىش بىلەن بولىدۇ، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، سەۋر قىلىش دېگەن جىھاددا، مۇسىبەتتە پىتنە ـ پاساتتا ، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا، ئايرىلىپ قالغاندا گۇناھدىن توختاپ تۇرۇشتا بولىدۇ.

الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتابه و بلقائه و برسله و تؤمن بالبعث الآخر ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

2796. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن ئاللاھقا پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئاللاھقا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇچرىشىشقا، ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تىرىلىشكە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشىڭدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتبه و رسله و اليوم الآخر و تؤمن بالقدر خيره و شره ( م 3 ) عن عمر

2797. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى ـ يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتبه و رسله و تؤمن بالجنة و النار و الميزان و تؤمن بالبعث بعد الموت و تؤمن بالقدر خيره و شره ( هب ) عن عمر

2798. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، كىتاب، ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشىڭ، جەننەت ـ دوزاخقا ئەمەللەرنى تارتىدىغان مىزانغا شەكسىز ئىشىنىشىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىلىشكە، تەقدىرگە،

ياخشى ـ يامانلىنىڭ تەقدىردە يېزىلىپ بولغىنىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر دەل بىز ئېتىقاد قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بۇنى ئەقىدە، ئىمان دېگەندۇر ، بۇ ئەقىدە مەسىلىسىدۇر، بۇ مەسىلىلەرگە تاھاۋى ئەقىدىسى، ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئەقىدەتۇۋاستىييە، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى، فىقھۇلئەكبەر، تۆت ئىمامنىڭ ئەقىدىسى قاتارلىق ئىشەنچلىك كىتابلار بار، تەرجىمە قىلغىنىمۇ باردۇر، ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە باردۇر، توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلەر، تابىئىنلار، سەلەپ ـ سالىھ ئەقىدىسىدۇر، ئىمان دېگەن قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان ھۆكۈملەرگە قارىغاندا يۇقىرىقى ئەقىدە مەسىلىلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش، قەلبىدىن تەستىقلاش، تىلىدا ئىقرار قىلىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتۇر، مانا بۇ ئىمان. ئىشىنىش دېگەن لۇغەتتىكى ئىماندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز لۇغىۋى مۆئمىن بولماي، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ، كامىل، مۆئمىن بولۇڭ ، ئۇنداق بولسا، بىز ئىمانغا قارايلى!

الإيمان بضع و سبعون بابا فأدناها إماطة الأذى عن الطريق و أرفعها قول: لا إله إلا الله ( ت ) عن أبي هريرة

2799. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن 70 نەچچە باب، ئىشىكتۇر، ئەڭ تۆۋىنى مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇشتۇر، ئەڭ يۇكسەك، يۇقىرىسى بولسا، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر! دېگەن شۇئاردۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإيمان بضع و سبعون شعبة فأفضلها قول: لا إله إلا الله و أدناها إماطة الأذى عن الطريق و الحياء شعبة من الإيمان ( م د ن ه ) عن أبي هريرة

2800. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر، ئەڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دېگەن شۇئار، سۆزدۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يوقۇتۇشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإيمان بضع و ستون شعبة و الحياء: شعبة من الإيمان ( خ ) عن أبي هريرة

2801. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان 60 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مەن بۇ جايدا ھەممىمىزنىڭ كامىل مۆئمىنلەردىن بولۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھى، ئىزاھاتلىرىدىن ئاشۇ 70 نەچچە شاخچىلارنى يېزىشنى لايىق كۆردۈم، ئېلىنغان ئورۇن، بۇخارى، شەرھىسى پەتھۇلبارى، مىشكات شەرھىسى، مىرقات، ئىماننىڭ 70 نەچچە شاخچىلىرى.

1. ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئوخشىشى يوق زات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

2. پەرىشتىلىرىگە. 3. كىتابلىرىغا، 4. ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە، 5. تەقدىرىگە ئىشىنىش.

6. ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش.

7. قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە، ھېساب، مىيزان، سىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ـ دوزاخقا ئىشىنىش.

8. ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش.

9. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.

10. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.

11. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش.

12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلۇغلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش.
13. ئىخلاس قىلىش، رىياخور، مۇناپىق بولماسلىق.
14. تەۋبە قىلىش. 15. ئاللاھدىن قورقۇش. 16. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش. 17. شۈكرى قىلىش. 18. ۋاپا قىلىش. 19. سەۋرى قىلىش. 20. رازى بولۇش. 21. تەۋەككۇل قىلىش، 22. رەھىم - شەپقەت قىلىش.
23. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، شەيخلەرگە ھۆرمەت قىلىش.
24. كىبىر قىلماسلىق، تەئەججۇپلەنمەسلىك.
25. ھىقدە، ھەسەد قىلماسلىق.
26. غەزەپ قىلماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق.
27. تەۋھىد كەلىمىسىنى، شاھادەتنى تىلدا ئىقرار قىلىش.
28. قۇرئان تىلاۋىتى، 29. ئىلىم ئېلىش.
30. ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئۆگىتىش.
31. دۇئا قىلىش، 32. زىكىر - تەسبىھ، ئىستىغفار.
33. لەغۋە، قۇرۇق سۆز - ھەرىكەتتىن يىراق بولۇش.
34. ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش.
35. ئەۋرەتنى يېپىش، 36. پەرز ۋە نەپلە ناماز، 37 - زاكات.
38. قۇل ئازاد قىلىش، 39. سېخىيلىق قىلىش، تائام بېرىش.
40. مېھماننى ھۆرمەتلەپ كۈتۈش، 41. پەرز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش.
42. ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش.
43. تاۋاپ قىلىش، 44. رامزاندا ئېتىكاپ قىلىش.
45. قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تۈنەش.
46. دىنىسىزلار زېمىنىدىن ، ئىمانى، دىنى بىلەن كۆچۈش، پىتنىدىن قېچىش.
47. ۋەدىگە نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەمگە ۋاپا قىلىش، كاپارەت بېرىش.
48. نىكاھ بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش.
49. ئەھلى بالىلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش.
50. ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ۋارقىرىماسلىق.
51. ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيىلەش .
52. سىلە - رەھىم قىلىش، تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.
53. ئىسلامىي باشلىق، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش، خادىم، قۇللارغا مېھرىبان بولۇش.
54. خەلىپە، ئەمىرلىكنى بەرپا قىلىشى، ئادىل بولۇش.
55. خەلىپە جامائىتىگە، مەسجىد جامائىتىگە ئەگىشىش، ئايرىلىۋالماسلىق.
56. خەلىپىلەرگە، ئەمىر، باشچىلارغا ئىتائەت قىلىش.
57. كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈش.
58. ياخشىلىققا ياردەم بېرىش.
59. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش.
60. ھەد، جازالارنى تۇرغۇزۇش.
61. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، تەييارلىق قىلىش.

62. ئامانەتنى ئادا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق.
63. قەرزنى ۋاپا قىلىپ قايتۇرۇش.
64. خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش.
65. مۇئامىلىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش، ئەخلاقتا گۈزەل بولۇش.
66. پۇل ـ مالنى ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تېپىش.
67. ماللارنى ئىسراپ قىلماي، جايىدا خەجلەش.
68. سالام قايتۇرۇش، 69. چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرۇش، تەشەككۈر بىلدۈرۈش.
70. كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش.
71. ئاللاھ يولىغا ،ئىسلام جىھاد يولىغا دەۋەت قىلىش.
72. لەھۋە،لەغۋدىن، ئەزىيەتتىن، ئازار بېرىشتىن يىراق بولۇش، ھارامدىن يىراق بولۇش.
73. مۇسۇلمان يولىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىۋېتىش.

يۇقىرىسى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش، ئوتتۇر دەرىجىسى، ھايا قىلىش بولغان، 70 نەچچە ئىمان شاخچىسى ئەنە شۇلاردۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

يۇقىرىقى شاخچا، مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىلدۇر، دەلىللەر يۇقىردا ئۆتتى، يەنە كېلىدۇ، ئەي ئىنسانلار، ئەي مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مانا مۇشۇ شاخچىلارنى مۇكەممەل قىلىپ، كامىل ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇپ، جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، دىدارىنى كۆرۈشنى قولىغا كەلتۈرەيلى! ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!.

( صحيح ) الإيمان قيد الفتك لا يفتك مؤمن ( تخ د ك ) عن أبي هريرة ( حم ) عن الزبير ومعاوية

2802. ئەبۇ ھۇرەيرە، زۇبەير، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان دېگەن ؛ خىيانەت قىلىپ، تۇيۇقسىز غەپلەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسۇپ، چەكلەپ قويىدى، مۆئمىن تۇيۇقسىز غەپلەتتە قالدۇرۇپ، باشقىلارنى خىيانەت قىلىپ ئۆلتۈرمەيدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإيمان يمان ( ق ) عن أبي مسعود .

2803. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان يەمەندە يەنى يەمەن ئەھلىدە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الإيمان يمان ألا إن القسوة و غلظ القلوب في الفدادين عند أصول أذناب الإبل حيث يطلع قرنا الشيطان في ربيعة و مضر ( حم ق ) عن أبي مسعود

2804. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان يەمەندە بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، ھەقىقەتەن قەلبىنىڭ قېتىپ كېتىشى، قوپاللىقى، كالا ـ تۆگىلەرنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىپ، ۋارقىرايدىغانلاردا بولىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان جايدا بولىدۇ، مۇزەر رەبىيئە قەبىلىلىرىدە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈردى، تۆگىنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىرايدىغانلار دېھقانلار ، پادىچىلار، زىرائەتكارلىقتا، چارۋا ـ ماللارنى ھەيدەشتە ۋارقىرايدۇ، يېزىلاردا دېھقانچىلىق قىلىدۇ، يايلاق، جاڭگاللاردا پادا باقىدۇ، بۇلار قوپال، ھەدىسدىن ئىلىمسىز قېلىپ، قەلبى قېتىپ، قاسماق بولۇپ كېتىدۇ، شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى دېگەن سۆزگە كەلسەك، توغرىسىنى ئاللاھ ۋە ئەلچىسى بىلىدۇ، ھەدىس، زاھىرى بويىچە قالدۇ شۇنداقتىمۇ ئەللامە، ئۇسەيمىين مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇنىڭ خۇددى بىر پادىشاھ شەرقنى ، غەربنى ئېلىپ، ئىگىلەپ، زۇلقەرنەين ئىككى مۈڭگۈزلۈك پادىشاھ دېيىلگەندەك، شەرق ، غەرب ھەممە جايدا

ۋەسۋەسە قىلىپ، ئىگىلىگەچكە شۇنداق دېيىلگەن.

الإيمان يمان و الفتنة هاهنا و هاهنا يطلع قرن الشيطان ( خ ) عن أبي هريرة

285. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان يەمەندە بولىدۇ، پىتنە ـ پاسات بولسا، شەيتانىنىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان مۇشۇ تەرەپتە يەنى مەشرىق تەرەپتە بولىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

الإيمان يمان و الكفر قبل المشرق و السكينة لأهل الغنم و الفخر و الرياء في الفدادين أهل الخيل و أهل الوبر يأتي المسيح إذا جاء دبر أحد صرفت الملائكة وجهه قبل الشام و هنالك يهلك ( ت ) عن أبي هريرة .

2806. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمان يەمەندە بولىدۇ، كۇفرىلىق بولسا، مەشرىق، كۈن چىقىش تەرەپتە بولىدۇ، خاتىرجەملىك، تىنچلىق قوي ئەھلىدە، پەخىرلىنىش، رىيا قىلىش، كىبىر بولسا، ئات، تۆگە ئەھلى بولغان ئاۋاز قىلىپ ۋارقىرىغۇچىلاردا بولىدۇ، (يەنى مال ـ دۇنيا بىلەن پەخىرلەنگۈچى، چارۋا بېقىش، دېھقانچىلىق بىلەن دىلى قېتىپ كەتكەنلەردە بولىدۇ) مەسىيھ دەججال ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە چۆرۈپ قويىدۇ، ئۇ شۇ جايغا بېرىپ، شۇ جايدا ھالاك بولىدۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الأيمن فالأيمن ( مالك حم ق 4 ) عن أنس

2807. ئىبنى ئاببباس، ئىبنى ئۆمەر، سەھلى ئىبنى سەئىد، ئىبنى زۇبەيىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈت كەلتۈرۈلۈپ، ئىچىپ بولغاندا، سول تەرىپىدىكى ئەبۇ بەكرىگە بەرمەي، ئوڭ تەرىپىدىكى بىر ئەئرابىغا بېرىپ، مۇنداق دېگەن ، ئوڭ تەرەپدىن، ئوڭ تەرەپتىن كەلسۇن، تىرمىزى، 1815 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3238 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12941 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، مالىك، دارمى، بەيھەقى، نەسەئىدا بار بولۇپ، سەھىھ، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار.

( صحيح ) الأيمنون الأيمنون الأيمنون ( ق ) عن أنس

2808. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئوڭ تەرەپتىكىلەر، ئوڭ ياندىكىلەر، ئوڭ تەرەپتىكىلەر، «يەنى تائام، ئىچىملىك مەسىلىلىرىدە ئوڭدىن باشلايمىز، كىيىم كېيىشتىمۇ ئوڭدىن، تاھارەتتىمۇ، مەسچىتكە كىرگەندىمۇ، ئېلىپ بېرىشتىمۇ يەنىلا ئوڭ قولدا بۇ مەسىلىلەر ئاخىرەتتە نامە ـ ئەمەل كىتابى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىشكە مۇناسىۋەتلىك» بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

الأيم أحق بنفسها من وليها و البكر تستأذن في نفسها و إذنها صماتها ( مالك حم م 4 ) عن ابن عباس

2809. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر قېتىم توي قىلغان تۇل ئايال ئۆزىگە ئۆزى ۋەلىدىنمۇ بەكرەك ھەقلىقراق بولۇپ، ئىگە بولالايدۇ، ئىزنى سورالمايدۇ، (يەنى ۋەلىيسىز نىكاھلانسا بولۇۋېرىدۇ) توي قىلمىغان قىزچاق، نىكاھ ئىشىدا ئىزنى، رۇخسەت سورۇلۇپ، رازىلىقى ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ جىم تۇرۇشى، رازى بولغانلىقىدۇر، (بۇنىڭغا ۋەلى ئىگە بولغۇچى لازىم) مالىك، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىز، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## ب بە ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

( صحيح ) بابان معجلان عقوبتهما في الدنيا: البغي و العقوق ( ك ) عن أنس



www.uyghurkitap.com

2810. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىسلەت ئىنسانىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادىلا ناھايىتى تېز بېرىلىدۇ، بىرسى ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىش، يەنە بىرى بولسا، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراپ، گەدەن قېقىش، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بادروا الصبح بالوتر ( م ت ) عن ابن عمر

2811. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈبھى نامىزى بامداتقا، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇش بىلەن ئالدىراڭلار، (يەنى سۈبھى يورۇشىدىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇڭلار) مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بادروا بالأعمال ستا: إمارة السفهاء و كثرة الشرط و بيع الحكم و استخفافا بالدم و قطيعة الرحم و نشوا يتخذون القرآن مزامير يقدمون أحدهم ليغنيهم و إن كان أقلهم فقها ( طب ) عن عابس الغفاري .

2812. ئابىسى لغەپپارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتە ئىشنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار:

1. نادان، جاھىللارنىڭ ئەمىر، باشلىق بولۇشى.

2. شەرتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى.

3. ھاكىملارنىڭ تىجارەت قىلىشى، ھوقۇق سېتىشى، قازىيلارنىڭ ھۆكۈمنى سېتىشىدىن بۇرۇن.

4. قاننى، خۇن، تۆلەملىرىنى يەڭگىل ساناشىدىن.

5. سىلە ـ رەھىمنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن بۇرۇن.

6. شۇنداق بىر جامائەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن بۇرۇن، ئۇلار قۇرئاننى نەيگە ئوخشاش مۇڭلۇق ناخشا قىلىۋالىدۇ، گەرچە فىقھىدا، ئىلىمدا ئاز، تۆۋەن بولسىمۇ ئۆزلىرىگە قۇرئان ئارقىلىق ناخشا ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن بىرسىنى ئىلگىرى قىلىپ ئالدىغا چىقىرىپ قويىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بادروا بالأعمال ستا: طلوع الشمس من مغربها و الدخان و دابة الأرض و الدجال و خويصة أحدكم و أمر العامة( حم م ) عن أبي هريرة

2813. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتە ئىشنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، 1. كۈننىڭ كىرگەن جايى مەغرىبتىن چىقىشى، 2. كەڭ كۆلەملىك تۈتۈن، گاز. 3. زېمىندىن ھايۋاننىڭ چىقىپ سۆزلىشى، 4. دەججالنىڭ چىقىشى، 5. ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆلۈمى يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، 6. ئاۋام خەلقنىڭ ئۆلۈمى قىيامەتتىن بۇرۇن، مۇسلىم ، ئەھمەد 8910 ـ ھەدىس، سەھىھ.

بادروا بالأعمال فتنا كقطع الليل المظلم يصبح الرجل مؤمنا و يمسي كافرا و يمسي مؤمنا و يصبح كافرا يبيع أحدهم دينه بعرض من الدنيا قليل ( حم م ت ) عن أبي هريرة .

2814. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلمەتلىك كېچىنىڭ پارچىسىدەك قەبىھ پىتنە ـ پاساتنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار، ئۇ چاغلاردا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالەتتە كەچ قىلىپ، كاپىر بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى دىنىنى، ئىمانىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇچەك نەرسىلىرىگە سېتىۋېتىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

مانا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىماندىن، مال ـ دۇنيا سۆيۈملۈكتۇر، بۇ دۇنيا پۈتۈنلەي ئازغىنە نەرسىدۇر.

( حسن ) بادروا بصلاة المغرب قبل طلوع النجم ( حم قط ) عن أبي أيوب

2815. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : شام نامىزىغا يۇلتۇز ئاشكارىلىنىپ چىقىشىدىن بۇرۇنراق، ئالدىراڭلار، ئەھمەد، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بحسب أصحابي القتل ( حم طب ) عن سعيد بن زيد

2816. سەئىد ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پىتنىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆلتۈرۈش، مېنىڭ ساھابىلىرىمنىڭ ھېسابىدا مىقداردا بولىدۇ، يەنى ئۇلار قانچىلىك بولسا، ئۇلارنى شۇنچىلىك ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ئەھمەدنىڭ 15314 ـ ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىسنى 1560 ـ ھەدىس ئىزاھات بولۇپ، شەرھىيلەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ، كىشلەرنىڭ ھالاك بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ھايات تۇرغان مىقداردا بولىدۇ، (بۇ پۈتۈنلەي پىتنە ـ پاسات زامانىدا يۈز بېرىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بخ بخ لخمس ما أثقلهن في الميزان: لا إله إلا الله و سبحان الله و الحمد لله و الله أكبر و الولد الصالح يتوفى للمرء المسلم فيحتسبه ( البزار ) عن ثوبان ( ن حب ك ) عن أبي سلمى ( حم ) عن أبي أمامة

2817. سەۋبان، ئەبۇ سەلما، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش نەرسە نېمىدېگەن ياخشى! ئۇلار مىيزاندا نېمىدېگەن ئېغىر ھە! «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، سۇبھانەللا، ئەلھەمدۇلىللا، ئاللاھۇ ئەكبەر، بەشىنچىسى بولسا، مۇسۇلمان ئۆچۈن ئۆلۈپ كەتكەن سالىھ ياخشى بالىدۇر، بۇ مۇسۇلمان سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىدۇ، (بۇ بالىمۇ مىيزاندا ئېغىر كېلىدۇ) بەزار، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) برئت الذمة ممن أقام مع المشركين في ديارهم ( طب ) عن جرير

2818. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ يۇرت، دىيارلىرىدا مۇقىم تۇرغان، ئۆلتۈراقلاشقان كىشلەردىن ئەھدى، زىممى، كېپىل بولۇشلار، بىكار بولۇپ، ساقىت قىلىنىدۇ، (يەنى ئۇنداق مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلۈپ كەتسە، تۆلەم بېرىلمەيدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) بر الحج إطعام الطعام و طيب الكلام ( ك ) عن جابر

2819. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەجنىڭ ئەڭ ياخشىسى تائام بېرىش، سۆزلەرنى ياخشى، مۇلايىم قىلىش، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، (ھەجنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق، ھەدى تائام بېرىش، سۆزنى ياخشى قىلىش، زىكرى ـ تەسبىھ، تەلبىيەلەرنى ئېيتىپ تۇرۇش، پاھىشە سۆز قىلماسلىق لازىم).

بسم الله الرحمن الرحيم من محمد عبد الله و رسوله إلى هرقل عظيم الروم سلام على من اتبع الهدى أما بعد ; فإني أدعوك بدعاية الإسلام أسلم تسلم يؤتك الله أجرك مرتين فإن توليت فإن عليك إثم الأريسيين و ( يا أهل الكتاب تعالوا إلى كلمة سواء بيننا و بينكم أن لا نعبد إلا الله و لا نشرك به شيئا و لا يتخذ بعضنا بعضا أربابا من دون الله فإن تولوا فقولوا اشهدوا بأنا مسلمون . ( حم ق ت ) عن أبي سفيان

2820. ئەبۇ سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھىرەقلگە مۇنداق خەت يازغان، (بسم الله الرحمن الرحيم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلگە ھىدايەتكە ئەگەشكەن كىشلەرگە سالام، تىنچلىق بولسۇن، أما بعد ، ھەقىقەتەن مەن سېنى ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقى بىلەن چاقىرىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن، مۇسۇلمان بول، سالامەت قالىسەن، ئاللاھ ساڭا ئەجرىڭنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، ئەگەر يۈز ئۆرۈپ، مۇسۇلمان بولمىساڭ، بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ، «ئى ئەھلى كىتاب، (يەنى يەھۇدىي، ناسارالار) كېلىڭلار پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلماسلىقتەك ھەممىزگە ئورتاق، باراۋەر بولغان،

بىر سۆزگە يەنى بىر خىل ئەقىدىگە ئەمەل قىلايلى، دېگىن ، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈپ، بۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئى يەھۇدىي، ناسارالار، جامەسى! بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار دېگىن » سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بسم الله الرحمن الرحيم هذا ما اشترى العداء بن خالد بن هوذة من محمد رسول الله صلى الله عليه وسلم اشترى منه عبدا أو أمة على أن لا داء و لا غائلة و لا خبثة بيع المسلم للمسلم ( ت ه ) عن العداء بن خالد

2821. ئەدائى ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سودىدا مۇنداق ھۆججەتلەشكەن، بسم الله الرحمن الرحيم بۇ ئەدائى ئىبنى خالىد، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەرسە سېتىۋالغان ھۆججەت، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر قۇلنى ياكى بىر دېدەك، چۆرىنى مۇنۇ شەرتلەرگە ئاساسەن سېتىۋالدى، بۇ قۇلدا ياكى چۆرىدە كېسەل يوق، زەرەرلىك ئاپەت، ھالاكەتلىك خىسلەت يوق، نىجىسلىق يوق، يەنى شەك، گۇمان، ھارامىلىق يوق، بۇ مۇسۇلمانىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا بولغان سودىسىدۇر، ئەنە شۇنداق سودىدا سېتىۋالدى، تىرمىزى 1137 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2242 ـ ھەدىس، ھەسەن.

( صحيح ) بشرى الدنيا الرؤيا الصالحة ( طب ) عن أبي الدرداء

2822. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيادىكى خۇش بېشارەت ؛ ياخشى، راست چۈشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس سۈرە يۇنۇسنىڭ 62 ـ ئايىتىدىن 64 ـ ئايىتىگىچە بولغان ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ بۇ دۇنيادىكى خۇش بىشارىتىگە تەفسىر بولىدۇ، بارلىق ئالىملار شۇنداق تەپسىر قىلغان، بۇ بەزى تەپسىردە ھاكىم توپلىغان دەپ يېزىلغان.

بشر المشائين في الظلم إلى المساجد بالنور التام يوم القيامة ( د ت ) عن بريدة ( ه ك ) عن أنس وسهل بن سعد

2823. بۇرەيدەت، ئەنەس، سەھلى، ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىلەردە مەسچىتلەرگە كۆپ ماڭغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىدىكى كامىل نۇر بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بشر الناس أنه من قال: لا إله إلا الله وحده لا شريك له وجبت له الجنة ( ن ) عن سهل بن حنيف وعن زيد بن خالد الجهني .

2824. سەھلى ئىبنى ھەنىيپ، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە مۇنداق خۇش بېشارەت بەرگىن، ھەقىقەتەن كىم چىن قەلبىدىن شەكسىز ئىشىنىپ، يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر دېسە، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، (يەنى ئۇ كىشى بۇ شاھادەت بىلەن جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بشر هذه الأمة بالسناء والدين و الرفعة و النصر و التمكين في الأرض فمن عمل منهم عمل الآخرة للدنيا لم يكن له في الآخرة من نصيب ( حم حب ك هب ) عن أبي

2825. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ ئۈممەتكە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى يۈكسەك ئالىي مەرتىۋە ئۈستۈن مەنزىل بىلەن ، دىن، ئىمان بىلەن يۈكسەك ئورۇنغا چىقىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن، كىم ئۇلاردىن ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىنى، ئىبادەتلەرنى مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈنلا قىلسا، ئۇنداق كىشىگە ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسىۋە يوق، مۇكاپات يوق، ئەھمەد 20275 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بشروا خديجة ببيت في الجنة من قصب لا صخب فيه و لا نصب ( ق ) عن عبدالله ابن أبي أوفى وعن عائشة .

2826. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، جەننەتتىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەد بىلەن ياسالغان ئۆي بىلەن خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۇ ئۆيدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار يوق، جاپا ـ مۇشەققەت ئەسلا يوقتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) بطحان على بركة من برك الجنة ( البزار ) عن عائشة

2827. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇتھان دېگەن جاي جەننەتنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بىر بەرىكەتنىڭ ئۈستىدۇر، بەزار توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) بعثت إلى أهل البقيع لأصلي عليهم ( حم ) عن عائشة

2828. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن بەقىيئ دېگەن قەبرىستانلىق ئەھلىگە ئۇلارغا ناماز چۈشۈرۈشۈم، مەغپىرەت سوراپ دۇئا قىلىشىم ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بعثت أنا و الساعة كهاتين ( حم ق ت ) عن أنس ( حم ق ) عن سهل بن سعد

2829. ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتكەن) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن قىيامەت شۇنداق يېقىن، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بعثت بجوامع الكلم و نصرت بالرعب و بينا أنا نائم أتيت بمفاتيح خزائن الأرض فوضعت في يدي ( ق ن ) عن أبي هريرة

2830. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول بولغان كەلىمىلەر توپلىمى قۇرئان بىلەن ئەۋەتىلدىم، ماڭا دۈشمەنلەر قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى، مەن ئۇخلاۋاتسام، زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى كەلتۈرۈلۈپ، قولۇمغا قويۇلدى، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بعثت بين يدي الساعة بالسيف حتى يعبد الله تعالى وحده لا شريك له و جعل رزقي تحت ظل رمحي و جعل الذل و الصغار على من خالف أمري و من تشبه بقوم فهو منهم ( حم ع طب ) عن ابن عمر

2831. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم، شېرىكى بولمىغان يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنغانغا قەدەر قىلىچ بىلەن (كاپىر، دىنسىز، مۇشرىكلارغا قارشى) ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىلدىم، مېنىڭ رىزقىم، نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى، (يەنى، غەنىيمەت ھالالدۇر) خارلىق، ھاقارەت، ھالاكەت مېنىڭ ئىشىمغا، ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە قىلىندى، كىم بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلاردىن بولۇپ كېتىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بعثت في نسم الساعة ( الحاكم في الكنى ) عن أبي جبيرة

2832. ئەبۇ جۇبەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن قىيامەت شاملىنىڭ ئەۋۋىلىدە يەنى قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئەۋەتىلدىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بعثت لأتمم صالح الأخلاق ( خ ) عن أبي هريرة

2833. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى يەنى ئەڭ ياخشى ئەخلاقنى مۇكەممەل قىلىشىم ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بعثت من خير قرون بني آدم قرنا فقرنا حتى كنت من القرن الذي كنت فيه( خ ) عن أبي هريرة .

2834. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئادەم باللىرىنىڭ ئەسىر زامانلىرىنىڭ ئەسىرمۇ ـ ئەسىر ئەڭ ياخشىسىدا ئەۋەتىلدىم، ھەتتا مەن دۇنياغا كەلگەن مۇشۇ ئەسىردە بولدۇم، (يەنى ياخشى كىشىلىرى ئىچىدىن ئەۋەتىلدىم) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بكروا بالإفطار و أخروا السحور ( عد ) عن أنس

2835. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىپتارنى بالدۇر قىلىڭلار، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يەڭلار، (يۇقىرىدا يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن بۇرۇن شامغا ئالدىراڭلار دېگەن ، ئىپتار شامدىن بۇرۇن قىلىنىدۇ، ئىپتار يۇلتۇزى يوق.) ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

بل الله يخفض و يرفع و إني لأرجو أن ألقى الله و ليس لأحد عندي مظلمة ( د هق ) عن أبي هريرة .

2836. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەلكى ئاللاھ، ئېگىز ـ پەس قىلىپ رىزىقنى تار ھەم كەڭرى قىلىدۇ، مىنىڭ نەزىلمەدە بىرەر كىشى ئۈچۈن زۇلۇم بولمىغان، مەندىن بىرەرسى زۇلۇمنى تەلەپ قىلمىغان ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، (شۇنىڭ ئۈچۈن باھا توختىتىپ بەرمەيمەن) (بۇ ھەدىسنى نەرسىلەرگە باھا توختىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا دېگەنىدۇر ) ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) بلغوا عني و لو آية و حدثوا عن بني إسرائيل و لا حرج و من كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار (حم خ ت) عن ابن عمرو

2837. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەندىن بىر ئايەت (بىر ھەدىس) بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىللار توغرىسىدا (قۇرئان، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى) بويىچە ھەدىس سۆزلىسەڭلار، گۇناھ بولمايدۇ، كىم ماڭا مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلەيدىكەن، ئۇ ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن، (يەنى دوزاخقا كىرىدۇ) ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) بلوا أرحامكم و لو بالسلام (البزار) عن ابن عباس (طب) عن أبي الطفيل (هب) عن أنس وسويد بن عمرو وقيل ابن عامر الأنصاري

2838. ئىبنى ئابباس، ئەبۇتۇپەيل، ئەنەس، سۇۋەيد، ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گەرچە سالام قىلىش بىلەن بولسىمۇ سىيلە ـ رەھىم قىلىشىشلارنى داۋام قىلىڭلار، يەنى شۇنچىلىك نەرسە بىلەن بولسىمۇ، سىيلە ـ رەھىم قىلىڭلار، بەزار، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بنو هاشم و بنو المطلب شيء واحد ( طب ) عن جبير بن مطعم

2839. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىپ جەمەتى بىر نەرسىدۇر، يەنى ھاشىم باللىرى بىلەن مۇتەللىپ باللىرى بىر تۇغقان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بني الإسلام على خمس: شهادة أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله و إقام الصلاة و إيتاء الزكاة و حج البيت و صوم رمضان ( حم ق ت ن ) عن ابن عمر

2840. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلدى:

1. ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئىسلام دىنىغا كىرىش.

2. ناماز ئوقۇش، 3. زاكات بېرىش.

4. بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش، 5. رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئىسىڭلاردا بولسۇن، ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىدە، ئىسلام دىنى ئايرىم، بەش نەرسە، ئايرىم بولۇپ، شۇ بەش نەرسە ئۈستىدە ئىسلام دىنى بولىدۇ، ئۇ بەش نەرسە ئاساسى ئۇلىدۇر، بەش نەرسە دېگەنلىك ، ئىسلام دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئۇلىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەكلىپلەر باردۇر.

بورك لأمتي في بكورها ( طس ) عن أبي هريرة ( عبد الغني في الإيضاح ) عن ابن عمر

2841. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىم ئۇچۇن ئەتىگەن، سەھەرلىرىگە بەرىكەت بېرىلدى، (شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر تابىئىنلارنىڭ تىجارەتچىلىرى ماللارنى ئەتىگەندە بازارغا سالاتتى) ياكى ھەدىس، ئۈممىتىمنىڭ ئەۋۋەلكى كىشىلىرىگە بەرىكەت بېرىلدى، دېگەن بولىدۇ، ئاللاھ ئالىمدۇر، ئابدۇغەنىي ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بول الغلام ينضح و بول الجارية يغسل ( ه ) عن أم كرز

2842. ئۇممەكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تائام يېمىگەن ئوغۇل بالىنىڭ سىيدىكىگە سۇ سېپىلسە بولىدۇ، قىز بالىنىڭ سىيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، (ھېكمەت ، ئاللاھ ۋە رەسۇلغا بويسۇنۇش) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بؤسا لك يا ابن سمية تقتلك الفئة الباغية ( حم م ) عن أبي قتادة

2843. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ساڭا ۋايدۇر، ساڭا قاتتىق غەم قايغۇلۇق كۈنلەر كېلىدۇ، ئى سۇمەييەنىڭ ئوغلى يەنى ئەممار، سېنى تاجاۋۇزچى، زالىم پىرقە بولغان ھەددىدىن ئاشقانلار ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، مۇسلىم 5192 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10588 ـ ھەدىس، بۇخارىدىمۇ باردۇر، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزىدۇر.

( صحيح ) بيت لا تمر فيه جياع أهله ( حم م د ت ه ) عن عائشة

2844. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خورما بولمىغان ئۆيىنىڭ ئەھلى ئاچ قالىدۇ، (چۈنكى، ئۇلار خورما، سىز، ئارپا بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بيت لا تمر فيه كالبيت لا طعام فيه ( ه ) عن سلمى .

2845. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خورما بولمىغان ئۆي، تائام يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بئس مطية الرجل زعموا ( حم د ) عن حذيفة

2846. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۇ كىشىنىڭ ئۇلار ياخشى دەپ داۋا قىلغان بۇ تۆگىسى نېمىدېگەن يامان، (يەنى كىشىلەر ياخشى دېگەن تۆگە ناچار چىقىپ قالغان) ئەھمەد 22313 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4321 ـ ھەدىس، سەھىھ.

بئسما لأحدكم أن يقول: نسيت آية كيت و كيت بل هو نسي ( حم ق ت ن ) عن ابن مسعود

2847. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلارنىڭ پالانى ئايەتنى، مانداق ئايەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېيىشى

نېمىدېگەن يامان، ئۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، بەلكى ئۇ ئۆزى ئۇنتۇلدۇرۇلدى، تاشلىنىدۇ، (يەنى، سۈرە تاھا 126 ـ ئايەتتىكى سەن بىزگە ئايەتلىرىمىز كەلگەن، سەن ئۇنى ئۇنتۇدۇڭ، شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن» دېگەن كىشىدىن بولىدۇ، ئەھمەد 3876 ـ ھەدىس، دارىمى 3213 ـ ھەدىن، نەسەئى 934 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2866 ـ ھەدىس، بەيھەقى، بۇخارى،مۇسلىمدىمۇ بار، سەھىھ.

( صحيح ) بين الرجل و بين الشرك و الكفر ترك الصلاة ( م د ت ه ) عن جابر

2848. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشى بىلەن مۇشرىك، كاپىر بولۇشنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ، نامازنى تەرك ئېتىش، ناماز ئوقۇماسلىق، (يەنى ناماز ئوقۇمىسا ، شەكسىز كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ، بۇ ساھابىلەر، تابىئىنلار ئىجماسىدا بار، ئىجمائنى ئىنكار قىلسا، تېخىمۇ كاپىر بولىدۇ، نامازغا ئىنكار قىلسا، تانسا، كاپىر بولىدۇ، تەرك ئېتىپ، ئوقۇمىسامۇ كاپىر بولىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بەك سەھىھ.

( صحيح ) بين الكفر و الإيمان ترك الصلاة ( ت ) عن جابر

2849. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۇفرىلىق بىلەن ئىماننىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ، نامازنى تەرك ئېتىش، (ناماز بولمىسا، كاپىر، ناماز بولسا، مۆئمىن بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا كاپىر بولىدۇ دېدى، كاپىر بولىدۇ، بۇ سەھىھ، سەن ئالىممۇ؟ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ سەن ئالىممۇ، ساھابىلەر، تابىئىنلارمۇ؟ ھەدىسنى سەن بەك چۈشىنەمسەن؟ ئۇلارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ، دەلىلنى ساھابىلەردەك چۈشەنگىن، بۇ توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار بار، كۆرگىن، نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتسە، ئۆلتۈرۈلىدۇ، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ئۇلار ناماز ئوقۇغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىمەن دېگەن ، ئۇلار ناماز ئوقۇسا، قېنىنى، جېنىنى ساقلاپ قالىدۇ، يەنى ئوقۇمىسا، ساقلاپ قالالمايدۇ دېگەن ، ناماز ئوقۇغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەندىم، يەنى ناماز ئوقۇمىسا، ئۆلتۈرىمەن دېگەن ، بۇ توغرىسىدا سۈرە تەۋبەدە باردۇر.

( صحيح ) بين كل أذانين صلاة لمن شاء ( حم ق 4 ) عن عبدالله بن مغفل

2850. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىدا يەنى ئەزان، تەكبىرنىڭ ئارىسىدا خالىغان كىشىگە ناماز باردۇر، (بۇرۇنقى سەلەپ، سالىھلار ئىككى رەكەتتىن ناماز ئوقۇغان) ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بين كل ركعتين تحية ( هق ) عن عائشة

2851. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەربىر ئىككى رەكەتنىڭ ئارىسىدا يەنى ھەر قېتىم ئىككى رەكەت ئوقۇپلا بىر تەھىييەت باردۇر، يەنى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيسىلەر، (ئىككى رەكەتلىك بولسا، ئاخىرىدا دۇئا قىلىپ سالام بېرىسىلەر، تۆت ياكى ئۈچ رەكەتلىك نامازدا، ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ دەپ توختاپ، كېيىنكى رەكەتكە قوپۇپ، ئاندى ئاخىرىدا ناماز تامام بولسا، يەنە بۇنى ئوقۇپ سالام بېرىسىلەر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بين يدي الساعة أيام الهرج ( حم طب ) عن خالد بن الوليد

2852. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئۆلتۈرۈلۈش، چوڭ قىرغىنچىلىق، جەڭنىڭ كۈنلىرى باردۇر، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بين يدي الساعة تقاتلون قوما نعالهم الشعر و هم أهل النار ( خ ) عن أبي هريرة

2853. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بين يدي الساعة تقاتلون قوما ينتعلون الشعر و تقاتلون قوما كأن وجوهم المجان المطرقة ( خ ) عن عمرو بن

2854. ئەمرۇ ئىبنى تەغلىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەتنىڭ ئالدىدا يۇڭدىن ئاياغ كىيىدىغان قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، خۇددى يۈزلىرى يوللۇق قالقاندەك كىشىلەر بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىسىلەر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بين يدي الساعة فتن كقطع الليل المظلم ( ك ) عن أنس

2855. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەتنىڭ ئالدىدا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك دەھشەتلىك قەبىھ پىتنىلەر، پىتنە ـ پاساتلار باردۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) بين يدي الساعة مسخ و خسف و قذف ( ه ) عن ابن مسعود

2856. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەتنىڭ ئالدىدا سۈرەت، چىرايلار باشقا نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىش، يەر يۇتۇپ كېتىش، ئاسماندىن تاشلار يېغىش يۈز بېرىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا أسير في الجنة إذ عرض لي نهر حافتاه قباب اللؤلؤ المجوف قلت: يا جبريل ما هذا ؟ قال: هذا الكوثر الذي أعطاكه الله ثم ضرب بيده إلى طينه فاستخرج مسكا ثم رفعت لي سدرة المنتهى فرأيت عندها نورا عظيما ( خ ت ) عن أنس

2857. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن جەننەت ئىچىدە سەير قىلىپ كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز ماڭا بىر ئۆستەڭ ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭ ئىككى گىرۋىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر، مارجان، گۈمبەزدىن ئىكەن، مەن ئى جىبرىئىل، بۇ قايسى ئۆستەڭ؟ دېسەم، ئۇ: بۇ ئاللاھتائالا ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇ دېدى، ئاندىن قولى بىلەن ئۇ ئۆستەڭنىڭ لېيىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئۇ لايدىن مىسكە ئەنبەر چىقاردى، (يەنى ئۇنىڭ لېيى مىسكە ئەنبەر ئىكەن) ئاندىن ماڭا سىدرەتۇلمۇنتەھا كۆرسىتىلدى، مەن ئۇنىڭ نەزلىدە بەكمۇ ئۇلۇغ، كاتتا نۇرنى كۆردۈم، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا نائم أتيت بخزائن الأرض فوضع في يدي سواران من ذهب فكبرا علي و أهماني فأوحى الله إلي:أن انفخهما فنفختهما فذهبا فأولتهما الكذابين اللذين أنا بينهما: صاحب صنعاء و صاحب اليمامة( حم ق)عن هريرة

2858. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرى بېرىلدى، قولۇمغا ئالتۇن بىلەيزۈكتىن ئىككىسى قويۇلدى، بۇ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك ماڭا ناھايىتى چوڭ كېلىپ، مېنى غەم قىلدۇردى، ئاللاھتائالا ماڭا، ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىگىن دەپ ۋەھيى قىلدى، مەن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋدىسەم، ئۇلار ئۇچۇپ، يوقاپ كەتتى، مەن ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى مەن ئارىسىدا تۇرىۋاتقان پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدىغان ئىككى كاززاپ دەپ چۈشەندىم، چۈشۈمگە شۇنداق تەبىر بەردىم، بىرسى سەنئا ئىگىسى يەنە بىرى يەمامە ئىگىسى، (يەنى ئەنىسى بىلەن مۇسەيلەمەت كاززاپلار) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا نائم إذ أتيت بقدح لبن فشربت منه حتى لأرى الري يجري في أظفاري ثم أعطيت فضلي عمر بن الخطاب قالوا: فما أولته يا رسول الله ؟ قال: العلم ( حم ق ت ) عن ابن عمر .

2859. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە تۇيۇقسىز ماڭا بىر قەدەھ سۈت كەلتۈرۈلدى، مەن

ئۈنىڭدىن قانغىچە ئىچتىم، ھەتتا، قانغانلىقىمدىن سۈتلەر تىرناقلىرىمدىن ئېقىپ چۈشتى، ئاندىن مەن ئاشقىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردىم، ساھابىلەر بۇ چۈشلىرىگە قانداق تەبىر بېرىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ بولسا، ئىلىمدۇر دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا نائم رأيت الناس يعرضون علي و عليهم قمص منها ما يبلغ الثدي و منها ما يبلغ أسفل من ذلك و عرض علي عمر بن الخطاب و عليه قميص يجره قالوا: فما أولته يا رسول الله ؟ قال: الدين( حم ق ت ن ) عن أبي سعيد

2860. ئەبۇ ھەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە بارلىق كىشىلەرنىڭ ماڭا تەكلەنگىنىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە كۆڭلەك بولۇپ، بەزىسىنىڭ كۆكرىكىگە يېتەتتى، بەزىسىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەندە، پەس ئىدى، ئاندىن ماڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ تەكلەندى، ئۇنىڭ كۆڭلىكى شۇنداق ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ كۆڭلىكىنى سۆرەپ يۈرىيدۇ، ئۇلار يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بېرىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ بولسا، دىنىدۇر دېدى، (دېمەك ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ،دىن ئىگىسى ھەم ئالىمدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا نائم رأيت في يدي سوارين من ذهب فأهمني شأنهما فأوحي إلي في المنام: أن انفخهما فنفختهما فطارا فأولتهما كذابين يخرجان من بعدي فكان أحدهما العنسي والآخر مسيلمة(ق ن ه)عن أبي هريرة(خ) عن ابن عباس

2861. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە قولۇمدا ئىككى دانە ئالتۇن بىلەيزۈكنى كۆردۈم، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى مېنى غەمگە سالدى، چۈشۈمدە ماڭا ئۇ ئىككىسىنى پۈۋلىگىن دەپ ۋەھيى قىلىندى، مەن ئۇ ئىككىسىنى پۈۋلىسەم، ئۇلار ئۇچۇپ يوقاپ كەتتى، مەن بۇ ئىككى بىلەيزۈكنى مەندىن كېيىن چىقىدىغان ئىككى كاززاپ دەپ چۈشەندىم، بىرسى ئەنسىي يەنە بىرسى مۇسەيلىمە كاززاپتۇر، (بۇلار ئۆلتۈرۈلگەن، مۇسەيلىمەتنى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن) بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بينا أنا نائم رأيتني في الجنة فإذا أنا بامرأة تتوضأ إلى جانب قصر فقلت: لمن هذا القصر ؟ قالوا: لعمر بن الخطاب فذكرت غيرتك فوليت مدبرا ( ق ه ) عن أبي هريرة

2862. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە مېنى جەننەتتە كۆرۈپتىمەن، ناگاھان مەن بىر قەسىرنىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىمەن، مەن بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ دېسەم، ئۇلار بۇ قەسىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ دېدى، مەن ئاندىن ئۆمەرنىڭ كۈندەشلىكىنى ئەسلەپ، ئارقامغا بۇرۇلۇپ كەتتىم، (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مەن سىلىدىنمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ دەپ يىغلاپ كەتتى) بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بينا أيوب يغتسل عريانا خر عليه جراد من ذهب فجعل أيوب يحثي في ثوبه فناداه ربه تبارك و تعالى: يا أيوب ألم أكن أغنيتك عما ترى ؟ قال: بلى و عزتك و لكن لا غنى بي عن بركتك ( حم خ ن ) عن أبي هريرة

2863. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن چېكەتكىلەر چۈشتى، ئەييۇب، كىيىمىنىڭ ئىچىگە ئۇ چېكەتكىلەردىن چاڭگاللاپ تۇتۇپ سېلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا رەببى تەبارەك ۋەتەئەلا، يا ئەييۇب، مەن سېنى سەن كۆرگەن بۇ نەرسىلەردىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟! دەپ نىدا قىلدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، ئەلۋەتتە بىھاجەت قىلدىلا، ئى رەببىم، ئىززەتلىرى بىلەن

قەسەمكى، لېكىن مەن بەرىكەتلىرىدىن بىھاجەت بولالمايمەن دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، (ھەرقانچە بىھاجەت بولغان كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ بەرىكىتى لازىم، ئۇ يەنىلا موھتاج )

بينا رجل بفلاة من الأرض فسمع صوتا في سحابة يقول: اسق حديقة فلان فتنحى ذلك السحاب فأفرغ ماءه في حرة فإذا شرجة من تلك الشراج قد استوعبت ذلك الماء كله فتتبع الماء فإذا رجل قائم في حديقته يحول الماء بمسحاته فقال له: يا عبد الله ما اسمك ؟ قال: فلان للاسم الذي سمع في السحابة فقال له: يا عبد الله لم تسألني عن اسمي ؟ قال: إني سمعت صوتا في السحاب الذي هذا ماؤه يقول: اسق حديقة فلان لاسمك فما تصنع فيها؟ قال: أما إذ قلت هذا فإني أنظر إلى ما يخرج منها فأتصدق بثلثه و آكل أنا و عيالي ثلثا وأرد فيها ثلثا ( حم م) عن أبي هريرة

2864. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا بىر كىشى ئوچۇق، چۆل زېمىندا بۇلۇتتىن مۇنداق ئاۋاز چىققىنىنى ئاڭلاپتۇ، ئۇ ئاۋاز: پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن دەپتۇ، ئاندىن بۇلۇت يىراقلىشىپ، يامغۇر سۈيىنى سايلىققا تۆكۈپتۇ، ناگاھان بۇ سايلىقدىن سۇلار سىزىپ، ساقىپ كىچىك ئېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ، بارلىق سۈنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، شۇ باغ تەرەپكە قاراپ ئېقىپتۇ، بۇ كىشى ئۇ سۇغا ئەگىشىپتۇ، ناگاھان بىر كىشى بېغىدا شۇ سۇلارنى كەتمەن بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ قويىۋاتقىدەك، ئەگىشىپ كەلگەن كىشى، ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سوراپتۇ، باغدىكى كىشى، ئىسمىم پالانى دەپ، دەل بۇلۇتتىن چىققان ئىسمىنى دەپتۇ، ۋە ئۇ كىشىگە ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، نېمە ئۈچۈن ئىسمىمنى سورايسەن؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ كىشى ھەققەتەن مەن مۇشۇ سۈنى تۆككەن بۇلۇتتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئاۋاز پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن دېدى، ئۇ پالانى سەن ئىكەنسەن، سەن بۇ باغدا نېمە ئىشلارنى قىلىسەن؟ دېدى، باغ ئىگىسى، ئەمما سەن دېگەن بۇ سۆزگە كەلسەك، مەن بۇ باغدىن چىقىدىغان مەھسۇلات، كىرىمگە ساقلاپ، كۈتۈپ تۇرىمەن، مەھسۇلات كىرىم، چىققاندا بولسا، كىرىمنىڭ 1/3نى ئاللاھ يولىدا سەدىقە ـ ئېھسان قىلىمەن، 1/3نى مەن ۋە ئەھلى باللىرىم يەيمىز، قالغان 1/3نى بولسا، يەنە باغ ئۈچۈن چىقىم قىلىمەن دەپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ ۋە تىجارەتتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ 1/3`نى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىش، 1/3نى ئۆزى ئىستېمال قىلىش، 1/3نى يەنىلا شۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چىقىم قىلىشلار چىقىپ تۇرىدۇ، ئۆشرە ـ زاكاتنى ئايرىم بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بينما أنا على بئر أنزع منها إذ جاء أبو بكر و عمر فأخذ أبو بكر الدلو فنزع ذنوبا أو ذنوبين و في نزعه ضعف فغفر الله له ثم أخذها ابن الخطاب من يد أبي بكر فاستحالت في يده غربا فلم أر عبقريا من الناس يفري فريه حتى ضرب الناس بعطن ( حم ق ) عن ابن عمر

2865. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن بىر قۇدۇق بويىدا سۇ تارتىۋاتىمەن، تۇيۇقسىز ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر كېلىپ، ئەبۇ بەكرى چېلەكنى ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇ تارتتى، ئۇنىڭ تارتىشىدا ئاجىزلىق بار ئىدى، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرسۇن، ئاندىن ئەبۇ بەكرىنىڭ قولىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ، ئۇ كىچىك چېلەك ئۇنىڭ قولىدا چوڭ چېلەككە ئايلاندى، (بۇ ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن كىنايە سۆزدۇر) مەن ئىنسانلارنىڭ ئېسىل، سەرخىللىرىنىڭمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇختا، كاتتا ئەمەل قىلغانىدەك ئەمەل قىلالىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، يەقەت ئۆمەرلا شۇنداق پۇختا، كاتتا ئەمەل قىلدىكى، ھەتتا كىشىلەر تۆگىلىرىنى سۇغارغىلى بۇ قۇدۇق بويىغا ئالدىراپ كېلىشتى، (ئالىملار بۇ ئىسلام دىنىنىڭ خەلىپىلىك ئىشى دېدى) ئەھمەد 5594 ـ ھەدىس، بۇخارى 3361 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4407 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2213 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ ئىككى يىل ئۆتۈپلا ۋاپات بولدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىش جەريانىدا يەرشارىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىشغال قىلدى.

**2866** ( صحيح ) بينما أنا في الحطيم مضطجعا إذ أتاني آت فقد ما بين هذه إلى هذه فاستخرج قلبي ثم أتيت بطست من ذهب مملوءة

إيمانا فغسل قلبي بماء زمزم ثم حشي ثم أعيد ثم أتيت بدابة دون البغل و فوق الحمار أبيض يقال له البراق يضع خطوه عند أقصى طرفه فحملت عليه فانطلق بي جبريل حتى أتى السماء الدنيا فاستفتح قيل من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت فإذا فيها آدم فقال: هذا أبوك آدم فسلم عليه فسلمت عليه فرد السلام ثم قال: مرحبا بالنبي الصالح و الابن الصالح ؛ ثم صعد بي حتى أتى السماء الثانية فاستفتح فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت إذا بيحيى و عيسى و هما ابنا الخالة قال: هذا يحيى و عيسى فسلم عليهما فسلمت فردا ثم قالا: مرحبا بالأخ الصالح و النبي الصالح ؛ ثم صعد بي إلى السماء الثالثة فاستفتح قيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت إذا يوسف قال: هذا يوسف فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال: مرحبا بالأخ الصالح و النبي الصالح ؛ ثم صعد بي حتى أتى السماء الرابعة فاستفتح قيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء ففتح فلما خلصت إذا إدريس قال: هذا إدريس فسلم عليه فسلمت فرد ثم قال: مرحبا بالأخ الصالح و النبي الصالح ؛ ثم صعد بي إلى السماء الخامسة فاستفتح قيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء فلما خلصت إذا هارون قال: هذا هارون فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال: مرحبا بالأخ الصالح و النبي الصالح ؛ ثم صعد بي إلى السماء السادسة فاستفتح قيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد أرسل إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء فلما خلصت فإذا موسى قال: هذا موسى فسلم عليه فسلمت عليه فرد ثم قال: مرحبا بالأخ الصالح و النبي الصالح فلما تجاوزت بكى قيل له: ما يبكيك ؟ قال: أبكي لأن غلاما بعث بعدي يدخل الجنة من أمته أكثر ممن يدخل من أمتي ؛ ثم صعد بي إلى السماء السابعة فاستفتح قيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: نعم قيل: مرحبا به فنعم المجيء جاء فلما خلصت إذا إبراهيم قال: هذا أبوك إبراهيم فسلم عليه فسلمت عليه فرد السلام فقال: مرحبا بالابن الصالح و النبي الصالح ؛ ثم رفعت لي سدرة المنتهى فإذا نبقها مثل قلال هجر و إذا ورقها مثل آذان الفيلة قال: هذه سدرة المنتهى و إذا أربعة أنهار نهران باطنان و نهران ظاهران قلت: ما هذان يا جبريل ؟ قال: أما الباطنان فنهران في الجنة و أما الظاهران فالنيل و الفرات ثم رفع لي البيت المعمور فقلت: يا جبريل ! ما هذا ؟ قال: هذا البيت المعمور يدخله كل يوم سبعون ألف ملك إذا خرجوا منه لم يعودوا إليه آخر ما عليهم ثم أتيت بإناء من خمر و إناء من لبن و إناء من عسل فأخذت اللبن فقال: هي الفطرة التي أنت عليها و أمتك ؛ ثم فرض علي خمسون صلاة كل يوم فرجعت فمررت على موسى فقال: بم أمرت ؟ قلت: أمرت بخمسين صلاة كل يوم قال: إن أمتك لا تستطيع خمسين صلاة كل يوم و إني و الله قد جربت الناس قبلك و عالجت بني إسرائيل أشد المعالجة فارجع إلى ربك فسله التخفيف لأمتك فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فرجعت إلى موسى فقال مثله فرجعت فوضع عني عشرا فأمرت بعشر صلوات كل يوم فقال مثله فرجعت فأمرت بخمس صلوات كل يوم فرجعت إلى موسى فقال: بم أمرت ؟ قلت: أمرت بخمس صلوات كل يوم قال: إن أمتك لا تستطيع خمس صلوات كل يوم و إني قد جربت الناس قبلك و عالجت بني إسرائيل أشد المعالجة فارجع إلى ربك فسله التخفيف لأمتك قلت: سألت ربي حتى استحييت منه و لكن أرضى و أسلم فلما جاوزت نادانى مناد أمضيت فريضتي و خففت عن عبادي ( حم ق ن ) عن مالك بن صعصعة

2866. مالىك ئىبنى سەئسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا مەن ھەتىيم، يەنى كەئبىنىڭ ئۇل تېشىدا ياكى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ياتسام، تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ، يەنە بىر خاتىرىدە ئۈچ كىشى كېلىپ قورسىقىمنى كىندىكىمدىن كۆكرىكىمگىچە يېرىپ، يۈرىكىمنى چىقىرىپ، ئىمان ۋە ھېكمەتكە لىق تولغان ئالتۇن قاچا كەلتۈرۈلۈپ، يۈرىكىم يۇيۇلدى، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇيۇلدى، ئىلىم ـ ھېكمەت ، ئىمان تولدۇرۇلدى، ئاندىن ئۈچەيلىرىم ۋە باشقا ئەزالىرىم جايىغا قايتۇرۇلۇپ، ياماپ قويغاندەك ئەسلىگە قايتۇرۇلدى، ئاندىن ماڭا بوراق كەلتۈرۈلدى........ ئاخىرىغىچە، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد 17165 ـ ھەدىستە، نەسەئى 444 ـ ھەدىستە، تىرمىزى 3269 ـ ھەدىستە، بەيھەقى ھەتتا بۇخارى مۇسلىملارمۇ توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس 127 ـ ھەدىستە يېزىلىپ بولغان، ئۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن مۇسلىم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ، ھەر ئىككىلى ھەدىس مىئراج ھەدىسى دېيىلىدۇ ، جەزمەن بەش نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى 50 ۋاخدىن

بەش ۋاختقا چۈشۈرۈلۈشى، 127 ـ ھەدىس بىلەن بۇ 2866 ـ ھەدىس ئوخشاش، پەقەت تۆت ئۆستەڭ سۆزلىنىش بىلەن قەلبىنى يۇيۇشى ئوخشمايدۇ.

بينما أنا نائم إذا زمرة حتى إذا عرفتهم خرج رجل من بيني و بينهم فقال: هلم قلت: أين ؟ قال: إلى النار و الله قلت: ما شأنهم ؟ قال: إنهم ارتدوا بعدك على أدبارهم القهقرى ثم إذا زمرة حتى إذا عرفتهم خرج رجل من بيني و بينهم فقال: هلم قلت: أين ؟ قال: إلى النار قلت: ما شأنهم ؟ قال: إنهم ارتدوا بعدك على أدبارهم القهقرى فلا أراه يخلص منهم إلا مثل همل النعم ( خ ) عن أبي هريرة

2867. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋاتسام، چۈشۈمدە بىر توپ جامائەت ئاشكارا بولدى، ھەتتا مەن ئۇلارنى تونۇدۇم، ئاندىن مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى چىقىپ، بۇياققا كېلىڭلار! دېدى، مەن قەيەرگە بارىدۇ دېسەم، ئۇ: دوۋزاختا دېدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلار نېمە ئىش قىلغان دېسەم؟ ئۇ كىشى، ھەقىقەتەن ئۇلار سەن كەتكەندىن كېيىن كەينىگە چېكىنىپ، مۇرتەد بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن دېدى، ئاندىن يەنە بىر توپ جامائەت ئاشكارا بولدى، بۇلارنىمۇ تونۇدۇم، يەنە بىر كىشى ئارىمىزنى توسۇپ، بۇياققا كېلىڭلار دېدى، مەن نەگە بارىدۇ؟ دېسەم، دوۋزاختا دېدى، بۇلار نېمە ئىش قىلغان دېسەم، بۇلارمۇ سەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ ئارقىسىغا چېكىنىپ، دىنىدىن قايتىۋالدى دېدى، مەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ دوۋزاخدىن قۇتۇلدىغان كۆرمىدىم، پەقەت پادىچى يوق، ئازغۇن تۆگە ئىزىپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ دوۋزاخدىن قۇتۇلىدىغىنى ناھايىتى بەك ئازدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، 6099 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا مۇرتەدلەر چىققان.

بينما أنا نائم رأيتني أطوف بالكعبة فإذا رجل آدم سبط الشعر بين رجلين ينطف رأسه ماء فقلت: من هذا ؟ قالوا: هذا ابن مريم ثم ذهبت ألتفت فإذا رجل أحمر جسيم جعد الرأس أعور العين كأن عينه عنبة طافية قلت: من هذا ؟ قالوا: الدجال أقرب الناس به شبها ابن قطن ( م ) عن ابن عمر

2868. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، چۈشۈمدە ئۆزۈمنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ كۆردۈم، ناگاھان بۇغداي ئۆڭلۈك، چېچى مۈرىسىگە چۈشىدىغان، چېچىدىن سۇ تېمىپ تۇرىدىغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان بىر كىشى تۇرىدۇ، مەن بۇ كىم؟ دېسەم، ئۇلار، بۇ مەريەم ئوغلى ئەيسا دېدى، ئاندىن مەن، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا باشلىدىم، ناگاھان ئۇسقانلىق، قىزىل چاچلىرى چوۋۇق، بۇدرە، ئوڭ كۆزى كور، خۇددى كۆزى سوقا ئۈزۈمدەك ئۆرلەپ چىقىپ قالغان، سەت بىر كىشىنى كۆردۈم، بۇ كىم؟ بولىدۇ دېسەم، ئۇلار، بۇ دەججال دېدى، ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ بەك ئوخشاپ كېتىدىغىنى ئىبنى قەتەن ئىكەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بينما أنا نائم رأيتني على قليب عليها دلو فترعت منها ما شاء الله ثم أخذها ابن أبي قحافة فترع بها ذنوبا أو ذنوبين و في نزعه ضعف و الله يغفر له ضعفه ثم استحالت غربا فأخذها ابن الخطاب فلم أر عبقريا من الناس يترع نزع عمر ثم ضرب الناس بعطن ( ق ) عن أبي هريرة

2869. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا مەن ئۇخلاۋېتىپ، ئۆزۈمنى بىر قۇدۇقنىڭ بويىدا كۆرۈپتىمەن، ئۇ جايدا چېلەك بار ئىكەن، ئۇ قۇدۇقتىن ئاللاھ خالىغان مىقداردا سۇ تارتتىم، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئىبنى ئەبۇ قەھاپە يەنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى چېلەك سۇ تارتتى، ئۇنىڭ تارتىشىدا ئاجىزلىق بار ئىدى، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئاندىن ئۇ كىچىك چېلەك چوڭ چېلەككە ئۆزگەردى، ئۇنى ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ شۇنداق سۇ تارتتىكى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ باتۇر، سەر خىلىنىمۇ ئۆمەر سۇ تارتقاندەك سۇ تارتىپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئاندىن كىشىلەر سۇ ئىچىشكە سۇ بىلەن سۇغۇرۇشقا تۆگىلىرى بىلەن كېلىشتى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بينما ثلاثة نفر يمشون أخذهم المطر فآووا إلى غار في جبل فانحطت على فم غارهم صخرة من الجبل فانطبقت عليهم فقال بعضهم لبعض:

انظروا أعمالا عملتموها صالحة لله فادعوا بها لعله يفرجها عنكم ؛ فقال أحدهم: اللهم إنه كان لي والدان شيخان كبيران و امرأتي و لي صبية صغار أرعى عليهم فإذا أرحت عليهم حلبت فبدأت بوالدي فسقيتهما قبل بني و إني نأى بي ذات يوم الشجر فلم آت حتى أمسيت فوجدتهما قد ناما فحلبت كما كنت أحلب فجئت بالحلاب فقمت عند رءوسهما أكره أن أوقظهما من نومهما و أكره أن أسقي الصبية قبلهما و الصبية يتضاغون عند قدمي فلم يزل ذلك دأبي و دأبهم حتى طلع الفجر فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج لنا فرجة نرى منها السماء ففرج الله منها فرجة فرأوا منها السماء ؛ و قال الآخر: اللهم إنه كانت لي ابنة عم أحببتها كأشد ما يحب الرجال النساء و طلبت إليها نفسها فأبت حتى آتيها بمائة دينار فتعبت حتى جمعت مائة دينار فجئتها بها فلما وقعت بين رجليها قالت: يا عبد الله اتق الله و لا تفتح الخاتم إلا بحقه فقمت عنها فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج لنا منها فرجة ففرج لهم فرجة ؛ و قال الآخر: اللهم إني كنت استأجرت أجيرا بفرق أرز فلما قضى عمله قال لي: أعطني حقي فعرضت عليه فرقه فرغب عنه فلم أزل أزرعه حتى جمعت منه بقرا و رعاءها فجاءني فقال: اتق الله و لا تظلمني حقي قلت: اذهب إلى تلك البقر و رعائها فخذها فقال: اتق الله و لا تستهزئ بي فقلت: إني لا أستهزئ بك خذ ذلك البقر و رعاءها فأخذه و ذهب به فإن كنت تعلم أني فعلت ذلك ابتغاء وجهك فافرج ما بقي ففرج الله ما بقي( ق ) عن ابن عمر

2870. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، بۇ ھەدىس 1504 ـ ھەدىس بىلەن ئوخشاشتۇر، ھەر ئىككىلىسىنى بەيھەقى توپلىغان، پەقەت باشلىنىشى ئىككى خىل ھەرپ بىلەن بولغاچقا، ياكى بۇ ئىككى ئىمامنىڭ رەتلەپ، تىزىپ چىققان سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى بولغاچقا، ھەدىس تەكرار ئىكەن، مەزمۇنى ئۈچ كىشىنىڭ غارغا قامىلىپ قېلىپ، ياخشى ئەمەللىرىنى شپى كەلتۈرۈپ قۇتۇلىشىدۇر.

بينما رجل راكب على بقرة التفتت إليه فقالت: إني لم أخلق لهذا إنما خلقت للحرث فإني أومن بهذا أنا و أبو بكر و عمر و بينما رجل في غنمه إذ عدا الذئب فذهب منها بشاة فطلبه حتى استنقذها منه فقال له الذئب: هنا استنقذها مني فمن لها يوم السبع يوم لا راعي لها غيري فإني أومن بهذا أنا و أبو بكر و عمر ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

2871. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا بىر كىشى كالىغا مىنىپ كېتىپ بارسا، كالا ئۇ كىشىگە قاراپ ھەقىقەتەن مەن بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىغان، مەن پەقەت زىرائەت، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن يەر ھەيدەشكە يارىتىلغان دەپتۇ، ھەقىقەتەن بۇ كالىنىڭ سۆز قىلىشىغا مەن، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز، بىر چاغدا بىر كىشى قويلىرىنى بېقىۋاتسا، تۇيۇقسىز بىر بۆرە قويلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ، ئۇ كىشى بۆرىنى قوغلاپ قوينى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، بۆرە ئۇ كىشىگە: ھازىر بۇ جايدا سەن مەندىن بۇ قوينى قۇتقۇزۇۋالدىڭ، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ كۈنى كەلگەندە، بۇ قوينى كىممۇ قۇتقۇزۇۋالا؟ ئۇ كۈندە بۇ قويلار ئۈچۈن مەندىن باشقا پادىچى يوق دەپتۇ، بۇ بۆرىنىڭ سۆز قىلغىنىغا مەن ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ئۈچىمىز شەكسىز ئىشىنىمىز، (بىزمۇ ئىشىنىمىز، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ۋە قىيامەت ئالامىتى بولۇپ سۆز قىلىپ چىقىدىغان ھايۋاننىڭ ئايەت، ھەدىسلىرى مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا ھايۋانلاردا تىل بار، بۇ ئىشلار راستىنلا يۈز بېرىدۇ.

بينما رجل يجر إزاره من الخيلاء خسف به فهو يتجلجل في الأرض إلى يوم القيامة ( حم خ ن ) عن ابن عمر

2872. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر چاغدا بىر كىشى كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ، تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتان، رىدالىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنى يەر يۇتىۋەتتى، ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئىچىگە ھەرىكەتلىنىپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئاللىملار ئۇ كىشى قارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى دېدى.

بينما رجل يمشي بطريق اشتد عليه العطش فوجد بئرا فنزل فيها فشرب منها ثم خرج فإذا هو بكلب يلهث يأكل الثرى من العطش فقال: لقد بلغ هذا الكلب من العطش مثل الذي بلغ بي فنزل البئر فملأ خفه ماء ثم أمسك بفيه ثم رقي فسقى الكلب فشكر الله فغفر له في كل ذات كبد رطبة أجر ( مالك حم ق د ) عن أبي هريرة

2873. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كېتىدۇ، ئۇ بىر قۇدۇقنى تېپىپ، قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقسا، ناگاھان بىر ئىت ئۇسسۇزلۇقتىن نەم تۇپىنى يالاۋاتقىدەك، ئۇ كۆڭلىدە، بۇ ئىتقا ماڭا يەتكەندەك ئۇسسۇزلۇق يېتىپتۇ دەپ قۇدۇققا چۈشۈپ، ئۆتۈكىنى سۇغا توللاپ ئاندىن ئۆتۈكىنى ئاغزى بىلەن يەنى چىشى بىلەن چىشلەپ، پۇت ـ قوللىرىدا بولسا يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىپ ئۇ ئىتنى سۇغۇرۇپ قويۇپتۇ، ئىت، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپتۇ، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن رازى بولۇپ، مەغپىرەت قىلىپتۇ، ھەربىر ھۆل جىگەر ئىگىسىنى سۇغارسا، تائام بەرسە، ئەجىر، ساۋاب باردۇر، مۇسلىم، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ھايۋانلارغا بەرگەن سۇ، ئوت ـ چۆپلەرگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ.

بينما رجل يمشي بطريق وجد غصن شوك على الطريق فأخره فشكر الله له فغفر له مالك حم ق ن)عن هريرة

2874. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تىكەنلىك بىر شاخنى ئۆچرىتىپ ئۇنى زىيان سالالمىغۇدەك جايغا سۆرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدى، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بار بولۇپ، سەھىھ.

( صحيح ) بينما رجل يمشي في حلة تعجبه نفسه مرجل جمته إذ خسف الله به الأرض فهو يتجلجل فيها إلى يوم القيامة ( حم ق ) عن أبي هريرة

2875. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر چاغدا بىر كىشى ئېسىل تونلىرى ئىچىدە چاچلىرى تارالغان، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا ئۇنى يەرگە يۇتكۈزۈۋەتتى، ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىگە چۆكۈپ، كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەھمەد 10050 ـ ھەدىس، دارمى 438 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3895 ـ ھەدىس، بۇخارى 5343 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى كىشىلەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، بىزگىمۇ قانۇندۇر، مەنسۇخ قىلىنمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە سۆزلەپ بېرىلدى.

(صحيح) بينما كلب يطيف بركية كاد يقتله العطش إذ رأته بغي من بغايا بني إسرائيل فنزعت موقها فاستقت له به فغفر لها ( ق ) عن أبي هريرة

2876. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر ئىت ئۇسسۇزلۇقتىن قۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا، تۇيۇقسىز ئۇنى بەنى ئىسرائىلنىڭ پاھىشە ئاياللىرىدىن بىر پاھىشە ئايال كۆرۈپ قېلىپ، ئۆتىكى بىلەن سۇ تارتىپ، ئىتنى سۇغۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالغا مەغپىرەت قىلىندى، بەيھەقى توپلىغان، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار، سەھىھ.

**2877** ( صحيح ) البحر الطهور ماؤه الحل ميتته ( ه ) عن أبي هريرة

2877. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دېڭىزنىڭ سۈيى پاك ـ پاكىز، ئۇنىڭدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بېلىقلىرى ھالالدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2878** ( صحيح ) البخيل من ذكرت عنده فلم يصل علي( حم ت ن حب ك ) عن الحسين

2878. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بېخىل دېگەن مەن ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللىمىغان كىشىدۇر، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسمى چىققان ھامان دۇرۇت يوللاڭ) ئەھمەد،

تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**2879** ( صحيح ) البذاذة من الإيمان ( حم ه ك ) عن أبي أمامة الحارثي

2879. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەيئەت، تۇرقى، كۆرۈنۈشى ناچار، كۆرۈمسىز، كەمتەر، يۇرۇشمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن (چۈنكى بۇ كىشىدە كىبىر يوق، كەمتەر كېلىدۇ) ئىبنى ماجە 4108 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3630 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21289 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

البر حسن الخلق و الإثم ما حاك في صدرك و كرهت أن يطلع عليه الناس ( خد م ت ) عن النواس بن سمعان

2880. نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىق دېگەن ئەخلاقى گۈزەل بولۇشتۇر، يامانلىق، گۇناھ بولسا، قەلبىڭنى شەكلەندۇرگەن، سېنى ئىككىلەندۇرگەن كىشلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى، بىلىپ قېلىشىنى، سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر، مۇسلىم 4633 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2311 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) البر ما سكنت إليه النفس و اطمأن إليه القلب و الإثم ما لم تسكن إليه النفس و لم يطمئن إليه القلب و إن أفتاك المفتون (حم)عن أبي ثعلبة

2881. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىق ياخشى ئىش دېگەن نەپسى، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغان، قەلبى ئۇنىڭغا ئارام تاپقان ئىشتۇر، يامانلىق گۇناھ دېگەن گەرچە ساڭا پەتىۋاچىلار كومتېتى پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغان، قەلب ئارام تاپمىغان، سېنى شەكلەندۇرگەن ئىشتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2882** ( صحيح ) البركة في ثلاثة: في الجماعة و الثريد و السحور ( طب هب ) عن سلمان

2882. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەرىكەت ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، 1 ـ جامائەتتە (يەنى جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇلسا، بىرگە تائام يېسە)، 2ـ شورپىدا (يەنى خوشنىلارغا بېرىلسە)، 3ـ روزا تۇتقاندا، زوھۇرلۇق يېيىشتە، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2883** ( صحيح ) البركة في نواصي الخيل ( حم ق ن ) عن أنس

2883. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەرىكەت ئاللاھ يولىدا بېقىلغان ئاتنىڭ چېكىسىدە بولىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2884** ( صحيح ) البركة مع أكابركم ( حب حل ك هب ) عن ابن عباس

2884. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەرىكەت سىلەرنىڭ ئەكابىر يەنى قېرىپ قالغان ئاجىز كىشلىرىڭلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، (يەنى ئۇلار بىلەن بىرگە تائام يەڭلار، ئىشنى قىلىپ بېرىڭلار) ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، دۇئاسىنى ئېلىڭلار، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ نۇئەيىم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2885** ( حسن ) البزاق في المسجد سيئة و دفنه حسنة ( حم طب ) عن أبي أمامة

2885. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەسجىد ئىچىدىكى تۈكۈرۈك، بەلغەم يامان گۇناھتۇر، ئۇنى كۆمۈۋېتىش ياخشىلىقتۇر، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**2886** ( صحيح ) البصاق في المسجد خطيئة و كفارتها دفنها ( ق 3 ) عن أنس

2886. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەسجىد ئىچىگە بەلغەم تۈكۈرۈش، خاتالىق گۇناھتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى بولسا، ئۇنى

كۆمۈۋىتىشتۇر، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2887** ( صحيح ) البضع ما بين الثلاث إلى التسع ( طب ابن مردويه ) عن دينار بن مكرم .

2887. دىينار ئىبنى مۇكرىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىز ئە دېگەن سۆز ئۈچ بىلەن توققۇزنىڭ ئارىسىدىكى سان بولىدۇ، (بۇ ھەدىس سۈرە يۇسۇفدىكى بىز ئە يەنى بىر نەچچە يىل تۈرمىدە تۇردى، دېگەنگە ۋە سۈرە رۇمدىكى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يېڭىدۇ دېگەنگە ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر دېگەندىكى بىزئىگە تەپسىردۇر) تەبرانى، ئىبنى مەردىۋىيە توپلىغان، سەھىھ.

**2888** ( صحيح ) البطن و الغرق شهادة ( طس ) عن أبي هريرة

2888. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قورساق ئاغرىپ ئۆلۈش، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈش، (مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن) شېھىدلىكتۇر، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ، باشقىلاردىمۇ بار.

**2889** ( صحيح ) البقرة عن سبعة و الجزور عن سبعة ( حم د ) عن جابر

2889. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كالا يەتتە كىشى ھەققىدىن تۆگە يەتتە كىشىدىن قۇربانلىققا كۇپايە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، تۆت مەزھەپ ئالىملىرى بىردەك قۇربانلىققا پەقەت مۇسىننە يەنى كالا ئىككى ياشتىن يۇقىرى بولۇشى، تۆگە بەش ياش، قوي، ئۆچكە بىر ياشلىقنى بوغۇزلاڭلار دېگەن سەھىھ ھەدىسنىڭ دەلىل بىلەن كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش بولىدۇ دېدى، بۇ ھەدىس مۇسلىم 3631 ـ ھەدىس، ھەممە كىتابتا بار.

ئەبۇ داۋۇدنىڭ شەرھىسىدە ۋە باشقا كىتابلاردا بار، تۆت مەزھەپ فىقھىسى دېگەن كىتابتا بار، مۇسىننە دېگەن كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش، ئۆچكە، قوي بىر ياشلىق بولۇشى لازىم ئىكەن، پەقەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆچكە، قوينىڭ ئالتە ئايلىقى، چوڭ، سېمىز بولسا بولىدۇ دېگەن، باشقىسى يۇقىرىقى شەرت بويىچە بولىدۇ.يەنى مۇسىننە بۇلىشى شەرت مەنىسى كالا ئىككى ياش.........

**2890** ( صحيح ) البقرة عن سبعة و الجزور عن سبعة في الأضاحي ( طب ) عن ابن مسعود

2890. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇربانلىق قىلىشتا، كالا يەتتە كىشىدىن، تۆگە يەتتە كىشىدىن كۇپايە بولىدۇ، (شەرتى يۇقىرىدىكىدەك كالا ئىككى ياش، تۆگە بەش ياش بولىشىدۇر، بۇ بارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، يەنى مۇسىننەنى بوغۇزلاش) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مۇسىننە يەنى كالا ئىككى ياشنى تۆگە بەش ياشنى، قويلار، بىر ياشنى بوغۇزلاش ھەدىسى، مۇسلىم 3631 ـ ھەدىس، نەسەئى 4302 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2415 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3132 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13978 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنى قۇربانلىق توغرىسىدا يازغان، فىقھى ئالىملار بۇ ھەدىسنى دەلىللەپ، يۇقىرىقى ھۆكۈمنى چىقارغان، (قوي، ئۆچكىگە ئالتە ئايلىقدىن يۇقىرىسىغا رۇخسەت بار، لېكىن، تۆگە، كالىدا يېشى كىچىكىنى قىلىشىدا رۇخسەت يوقتۇر.

( صحيح ) البيت المعمور في السماء السابعة يدخله كل يوم سبعون ألف ملك ثم لا يعودون إليه حتى تقوم الساعة ( حم ن ك هب ) عن أنس

2891. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەيتۇلمەئمۇر يەتتىنچى ئاسماندا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت، زىيارەت ئۈچۈن ھەر كۈنى 70000 پەرىشتە كىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىرلا كىرىپ ئىككىنچى قايتا كىرمەيدۇ، بۇ تا قىيامەت قايىم بولغۇچە شۇنداقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2892** ( صحيح ) البيعان إذا اختلفا في البيع ترادا البيع ( طب ) عن ابن مسعود



www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

2892. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېلىپ ـ ساتقۇچى ئىككى كىشى سودىدا بەيئىسدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، كېلىشەلمىسە، بەيئى سودىسى قايتۇرۇلۇپ، رەت قىلىنىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2893** ( صحيح ) البيعان بالخيار ما لم يتفرقا ( حم د ه ) عن أبي برزة ( ه ك ) عن سمرة

2893. ئەبۇ بەرزەت، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېلىپ ـ ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، (ئەگەر بەدەنلىرى مەجلىسدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، ئېلىش ياكى قايتۇرۇش، سېتىش ياكى ياندۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، يوق بولىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2894** ( حسن ) البيعان بالخيار ما لم يتفرقا إلا أن تكون صفقة خيار و لا يحل له أن يفارق صاحبة خشية أن يستقيله ( حم ن ) عن ابن عمرو

2894. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېلىپ ـ ساتقۇچى، ئالغۇچى كىشى بىلەن ساتقۇچى كىشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئەگەر ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، لېكىن، بىر ـ بىرىگە سىناپ، تەجرىبە قىلىپ بېقىشنى دېيىشىپ ، ئىختىيارلىق بېرىشىپ، سودا قىلىشسا بۇ مۇستەسنادۇر، يەنى ئىختىيارلىق سودىسى بولغاچقا، ئىختىيارلىق ھوقۇقى بولىدۇ، (يەنى مالنى ئېلىش ياكى قايتۇرۇش، سېتىش ياكى قايتۇرۇۋېلىش) ئالغۇچىغا ياكى ساتقۇچىغا سودىنى بۇزۇۋېتىشىدىن قورققان ھالدا ھەمراھىدىن ئايرىلىشى ھالال ئەمەس، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن، (ئۇ ھەمراھىنى رازى قىلىپ قورقماي، ئەنسىرىمەي قايتىشى، ئايرىلىشى لازىم، ساختىلىق زىيانغا ئۇچرىتىش بولۇپ قالسا، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قورقىدۇ، ئالدامچى بىزدىن ئەمەس دېگەن ھەدىس بار، ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ).

البيعان بالخيار ما لم يتفرقا أو يقول أحدهما لصاحبه اختر ( حم خ 3 ) عن ابن عمر

2895. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېلىپ ـ ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ياكى ئىككىسىنىڭ بىرسى ھەمراھىغا ئىختىيار قىل دېسە، يەنىلا بۇ ئىختىيارلىق سودىسى بولىدۇ، (سىناپ كۆرگەندىن كېيىن خالىسا ئالىدۇ، خالىسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەسلىھەتتىن كېيىن خالىسا ساتىدۇ، خالىسا قايتۇرۇۋالىدۇ) گەپ ـ سۆز قىلماي ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2896** ( صحيح ) البيعان بالخيار ما لم يتفرقا فإن صدقا و بينا بورك لهما في بيعهما و إن كتما و كذبا محقت بركة بيعهما ( حم ق 3 ) عن حكيم بن حزام

2896. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى كىشى (تەنلىرى بىلەن) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئىختىيارلىق بولىدۇ، (ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق يوق) ئەگەر ئۇلار راست سۆزلەپ، ئەيىبلىرىنى بايان قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئەيىبلىرىنى يوشۇرسا، يالغان سۆزلىسە، سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**2897** ( صحيح ) البينة على المدعي و اليمين على المدعى عليه ( ت ) عن ابن عمرو

2897. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋالاشقۇچى دەۋاگەرنىڭ ئۈستىگە،، قەسەم

قىلىش بولسا، جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، گۇۋاھچى بىلەن بىرگە قەسەم قىلدۇرۇپ، داۋا سورىغان ھەدىسمۇ بار، داۋا، ئىقرار بىلەن قەسەم قىلدۇرۇش، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرۈشلەر بىلەن سورىلىدۇ.

**2898** ( صحيح ) البينة و إلا فحد في ظهرك ( د ن ه ك ) عن ابن عباس

2898. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كىشى ئايالى توغرىسىدا سۆز قىلىپ كەلگەندە، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت يەنى گۇۋاھچى كەلتۈر، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇچاڭغا، ھەد جازا ئۇرۇلىدۇ، (يەنى تۆھمەتنىڭ جازاسى 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ) دېگەن ، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

تۆھمەت، بوھتان قىلغۇچ تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىسە، ياكى ئۇ جىنايەتچى ئىقرار قىلمىسا، ياكى ھامىلدار بولمىسا، تۆھمەت قىلغان، بوھتانچىنى 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ.

## « ت » تە ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

تابعوا بين الحج و العمرة فإن متابعة بينهما تنفي الفقر و الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد ( ه ) عن عمر

2899. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە، نەپلە ھەجنى بىرگە قىلىڭلار، ھەققەتەن پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى ئەگەشتۈرۈپ بىرگە قىلىش، خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، يوقاتقاندەك، گۇناھلارنى، پېقىرلىقنى تازىلاپ يوقىتىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

تابعوا بين الحج و العمرة فإنهما ينفيان الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد ( ن ) عن ابن عباس

2900. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرز ھەج بىلەن بىرگە ئۆمرە ھەج قىلىڭلار، ھەققەتەن بۇ ئىككى ھەج، خۇددى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى كورەك تازىلاپ يوقاتقاندەك گۇناھلارنى تازىلاپ پاك ـ پاكىز يوقىتىدۇ، نەسەئى 2583 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجەدىمۇ باردۇر، سەھىھ، ھەج قىلىشدا گۇناھلار مەغپىرەت بولۇشى سەھىھ، لېكىن، گەردەندىكى قەرز قىلىپ قالىدۇ.

**2901** ( صحيح ) تابعوا بين الحج و عمرة فإنهما ينفيان الفقر و الذنوب كما ينفي الكير خبث الحديد و الذهب و الفضة و ليس للحجة المبرورة ثواب إلا الجنة ( حم ت ن ) عن ابن مسعود

2901. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىڭلار، ھەققەتەن بۇ ئىككى ھەج، خۇددى كورەك ئوتى،تۆمۈر،ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ، يوق قىلغاندەك، پېقىرلىق بىلەن گۇناھلارنى تازىلاپ يوق قىلىۋېتىدۇ،قوبۇل بولغان ياخشى ھەج ئۈچۈن پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ،جەننەتتىن باشقا ساۋاب يوق،ئەھمەد،تىرمىزى،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ،پېقىرلىقنى يوقىتىدۇ دېگىنى،پېقىرلىقدىن ئەنسىرىمەي،ھەج قىلىڭلار،يەنىلا باي بولىسىلەر دېگىنىدۇر .

تأتي الإبل على ربها على خير ما كانت إذا هي لم يعط فيها حقها تطؤه بأخفافها و تأتي الغنم على ربها على خير ما كانت إذا لم يعط فيها حقها تطؤه بأظلافها و تنطحه بقرونها و من حقها أن تحلب على الماء ألا لا يأتين أحدكم يوم القيامة ببعير يحمله على رقبته له رغاء فيقول: يا محمد ! فأقول: لا أملك لك شيئا قد بلغت ألا لا يأتين أحدكم يوم القيامة بشاة يحملها على رقبته لها يعار فيقول: يا محمد ! فأقول: لا أملك لك شيئا قد بلغت و يكون كنز أحدكم يوم القيامة شجاعا أقرع يفر منه صاحبه و يطلبه: أنا كنزك فلا يزال حتى يلقمه إصبعه ( ن ه ) عن أبي هريرة

2902. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەقىقى زاكىتى بېرىلمىگەن تۆگىلەر قىيامەت كۈنى دۇنيادىكىدىن چوڭ ، ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىپ، ئىگىسىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ تېپىدۇ، زاكىتى بېرىلمىگەن كالا ـ قويلارمۇ قىيامەت كۈنى دۇنيادىكىدىن ياخشىراق ھالەتتە كېلىپ ، ئىگىسىنى دەسسەپ ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈيدۇ، ئۇ ماللارنىڭ سەندىكى ھەققى بولسا ، سۇ بېرىپ ، سېغىپ ئىچىشىڭدۇر ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، بىرىڭلار قىيامەت كۈنى مۈرىسىدە بوزلاۋاتقان، مۆرەۋاتقان تۆگىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالمىسۇن ، ئۇ، شۇ ھالەتتە كېلىپ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيدۇ، مەن ساڭا ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن دەيمەن، مەن سىلەرگە تولۇق يەتكۈزدۇم، ئاگاھ بولۇڭلار ، بىرىڭلار قىيامەت كۈنى مەرەۋاتقان قويلارنى كۆتۈرۈپ كەلمىسۇن، ئۇ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەن ساڭا ھېچ نەرسىگە يەنى مەغپىرەت، شاپائەتكە ئىگە بولالمايمەن دەيمەن، مەن تولۇق يەتكۈزدۇم، قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان، مال كاڭلىرى تاز يىلان بولىدۇ، مال ئىگىسى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، يىلان ئۇنى قوغلاپ،مەن سېنىڭ كاڭلىرىڭ،مەن سېنىڭ خەزىنىلىرىڭ دەپ ئاخىرى بارماقلىرىدىن باشلاپ چېقىپ يۇتۇۋېتىدۇ،نەسەئى،ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

تأخذ إحداكن ماءها و سدرها فتطهر فتحسن الطهور ثم تصب على رأسها فتدلكه دلكا شديدا حتى يبلغ شئون رأسها ثم تصب عليها الماء ثم تأخذ فرصة ممسكة فتطهر بها ( حم م د ه ) عن عائشة .

2903. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاياللارنىڭ پاكلىنىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : بىرىڭلار ئالدى بىلەن سۈيىنى، كىر چىقىرىدىغان نەرسىنى ئالىدۇ، ئاندىن تاھارەتنى ياخشى ئالىدۇ، ئاندىن بېشىغا سۇ قۇيۇپ، قاتتىق تاتىلاپ، بېشىنىڭ چاچ كۆتىكىگە ، تېرىسىگە تولۇق سۇ يەتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە سۇ قۇيىدۇ، ئاندىن مىسكە ئەتىر بىلەن ھۆل قىلىنغان پاختا بىلەن بەدىنىنى پاكلايدۇ، يەنى قاننى پاكلايدۇ، مۇسلىم 500 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24375 ـ ھەدىس، دارمى 766 ـ ھەدىس، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**2904** ( صحيح ) تؤخذ صدقات المسلمين على مياههم ( حم ه ) عن ابن عمرو

2904. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلارنىڭ سەدىقە زاكىتى، ئۇلارنىڭ سۇلىرى ئۈستىدە ئېلىنىدۇ، يەنى (سەدىقە، زاكات يىغقۇچى، ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنىڭ زاكىتىنى سۇ ئىچىدىغان جايىدا ئالىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى ماجە 1796 ـ ھەدىس، سەھىھ.

تأكل النار ابن آدم إلا أثر السجود حرم الله عز و جل على النار أن تأكل أثر السجود ( ه ) عن أبي هريرة

2905. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دوۋزاخ ئادەم باللىرىنىڭ سەجدە قىلغان جايىنىڭ ئىزلىرىدىن باشقا جايلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يەپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە دوۋزاخقا سەجدە ئىزلىرىنى يېيىشنى، كۆيدۈرۈشنى ھارام قىلدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2906** ( صحيح ) تبايعوا الذهب بالفضة كيف شئتم و الفضة بالذهب كيف شئتم( ن ) عن أبي بكرة .

2906. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇننى كۈمۈشكە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا خالىغانچە ساتىساڭلار بولىدۇ، (چۈنكى، بۇلار ئالمىشىپ كەتكەن، جىنسى بىر ئەمەس) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2907** ( حسن ) تبا للذهب و الفضة ( حم في الزهد ) عن رجل ( هب ) عن عمر

2907. بىر ساھابىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن ـ كۈمۈشكە زىيان، ھالاكەت بولسۇن، ئۇلارغا ۋاي، ئەھمەد 22022 ـ

ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنى زاھىدلىقنىڭ بابىغا كەلتۈرگەن، مال ـ دۇنياغا لەنەت قىلغان، پەقەت ئۇ ئاللاھ يولىدا بولسا، مۇسۇلمانغا ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

**تبسمك في وجه أخيك لك صدقة و أمرك بالمعرف و نهيك عن المنكر صدقة و إرشادك الرجل في أرض الضلال لك صدقة و إماطتك الحجر و الشوك و العظم عن الطريق لك صدقة و إفراغك من دلوك في دلو أخيك لك صدقة ( خد ت حب ) عن أبي ذر**

2908. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ كۆرۈشىشىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە، يامانلىقدىن توسۇشۇڭ سەدىقە، بىرەر زېمىندا ئېزىپ قېلىپ، يول تاپالمىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلاپ يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە قىلغان بولىدۇ، يولدىن تاش ـ چالما، شوخا، سۆڭەكلەرنى تازىلاپ ئېلىۋەتسەڭ، بۇمۇ سەدىقە، چېلەكىڭدىن قېرىندىشىڭنىڭ چېلىكىگە سۇ قۇيۇپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**2909 ( صحيح ) تبعث الملائكة يوم الجمعة إلى أبواب المسجد يكتبون الأول فالأول فإذا صعد الإمام على المنبر طويت الصحف ( طب ) عن أبي أمامة**

2909. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرىشتىلەر جۈمە كۈنىدە مەسجىدنىڭ ئىشىكلىرىگە ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار تۇنجى بولۇپ بىرىنچى قېتىم كەلگەنلەرنى ئاندىن كېيىنكىلەرنى يازىدۇ، ئىمام مۇنبەرگە خۇتبە ئۈچۈن ئۆرلىگەندە، دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ، زىكرى تىڭشايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، كېيىن كەلگەنلەر گەرچە جۈمەگە ئۈلگۈرگەن، جۈمەنى تاپقان بولسىمۇ، بۇرۇن كېلىشتىكى پەزىلەت، دەرىجىلەرنى تاپالمايدۇ.

**تبعث النخامة في القبلة يوم القيامة و هي في وجه صاحبها ( البزار ) عن ابن عمر**

2910. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىبلە تەرەپكە (مەسجىددە) تۈكۈرۈلگەن بەلغەملەر، تۈكۈرۈكلەر قىيامەت كۈنى ئەۋەتىلىپ، ئىگىلىرىنىڭ يۈزلىرىگە چاپلىنىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**2911 ( صحيح ) تبلغ الحلية من المؤمن حيث يبلغ الوضوء ( م ) عن أبي هريرة**

2911. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆئمىننىڭ نۇردىن بولغان زىننەت ـ بېزەملىرى تاھارەت سۈيى يەتكەن جايغىچە بولىدۇ، نەگە سۇ يەتسە شۇ جايغا نۇر، زىننەت يېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**2912 ( صحيح ) تبلغ المساكن إهاب ( م ) عن أبي هريرة**

2912. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئولتۇرۇشلۇق جاي ، ماكانلار، ئۆيلەر ئىھابە دېگەن جايغىچە يېتىدۇ، (بۇ جاي، مەدىنىدىن نەچچە مىيل كېلىدىكەن. مەدىنىدىكى تۇرالغۇ جايلار شۇنداق كەڭرىگەن.) مۇسلىم 5165 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**تتركون المدينة على خير ما كانت لا يغشاها إلا العوافي و آخر من يحشر راعيان من مزينة يريدان المدينة ينعقان بغنمهما فيجداها وحوشا حتى إذا بلغا ثنية الوداع خرا على وجوههما ( حم ق ) عن أبي هريرة**

2913. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر ياكى كىشىلەر مەدىنىنى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتىدە قالدۇرۇسىلەر، ئۇنى پەقەت يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلار، قۇشلار قورشايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا توپلىنىدىغان كىشى بولسا، مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى پادىچىدۇر، ئۇلار مەدىنىنى ئىرادە قىلىپ قويلىرىغا ئاۋاز قىلىشىپ كېلىدۇ،

مەدىنىنى كىشىلەردىن خالىي، قۇيقۇرۇق ۋەھشىي تاپىدۇ، قورقۇنچلۇق تاپىدۇ، ھەتتا، ئۇلار سىنىيەتولۋادا دېگەن جايغا كەلگەندە، يۈزلىرىچە دۈم چۈشۈپ يەر چىشلەيدۇ، ئەھمەد 6895 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ تۆردىكى ھەدىسلەر كەلگۈسى غايىبتىن بىشارەت بەرگەن، مۆجىزە خاراكتېرلىك ھەدىس بولغاچقا، ئالىملار ھېچ بىر شەرھى ئىزاھات بېرەلمەيدۇ، ئاللاھ ئالىمدۇر.

تجافوا عن عقوبة ذوي المروءة ( أبو بكر بن المزربان في كتاب المروءة طب في مكارم الأخلاق ) عن ابن عم

2914. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەققىي ئىنسانىدەك ياشايدىغان، ئىنسان پەرۋەرلىكى بار كىشىلەرنى ئازابلاشدىن يىراق تۇرۇڭلار، تەبرانى بىلەن ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ.

تجب الجمعة على كل مسلم إلا امرأة أو صبيا أو مملوكا ( الشافعي هق ) عن رجل من بني وائل .

2915. بەنى ۋائىلدىن بىر ساھابىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمە ئوقۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرىزدۇر، لېكىن، ئايال كىشىگە، كىچىك باللارغا، قۇللارغا پەرىز ئەمەس، (لېكىن، ئۇلار جۈمەگە ھازىر بولسا، دۇرۇس، ئەجىر ساۋاب بولىدۇ) بەيھەقى، شافىئىي توپلىغان، سەھىھ.

تجدون الناس معادن فخيارهم في الجاهلية خيارهم في الإسلام إذا فقهوا و تجدون خير الناس في هذا الشأن أشدهم له كراهية قبل أن يقع فيه و تجدون شر الناس يوم القيامة عند الله ذا الوجهين: الذي يأتي هؤلاء بوجه و يأتي هؤلاء بوجه ( حم ق ) عن أبي هريرة .

2916. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنى مەدەن، كاڭلاردەك تاپىسلەر، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىلىرى ئىسلام دىنىدىمۇ فىقھشۇناس ئالىم بولسلا ياخشى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىشتا يەنى ئەمىر خەلىپە بولۇشدا، باشلىق بولۇشتا، شۇ ئىشقا چۈشۈپ قېلىشدىن بۇرۇن قاتتىق ياقتۇرمىغان كىشىنى، كىشلەرنىڭ ياخشىسى دېسەڭلار بولىدۇ، (دەل شۇلار سايلىنىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزلىدە سىلەر تاپىدىغان كىشلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمە كىشىدۇر، ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**2917** ( صحيح ) تجوزوا في الصلاة فإن خلفكم الضعيف و الكبير و ذا الحاجة( طب ) عن ابن عباس

2917. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇپ بېرىڭلار، چۈنكى، ئارقاڭلاردا ئاجىز، زەئىپ، قېرى، ھاجەت ئىگىلىرى باردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

(تجيء ريح بين يدي الساعة ! فيقبض فيها روح كل مؤمن ( طب ك ) عن عياش بن أبي ربيعة

2918. ئىياس ئىبنى ئەبۇ رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا بىر خىل شامال كېلىپ، ھەربىر مۆئمىننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، (ئاندىن قىيامەت ئەڭ يامان كىشلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ) تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

تحاجت النار و الجنة فقالت النار: أوثرت بالمتكبرين و المتجبرين و قالت الجنة: فما لي لا يدخلني إلا ضعفاء الناس و سقطهم و عجزهم ؟ فقال الله عز و جل للجنة: إنما أنت رحمتي أرحم بك من أشاء من عبادي و قال للنار: إنما أنت عذابي أعذب بك من أشاء من عبادي و لكل واحدة منكما ملؤها فأما النار فلا تمتلئ حتى يضع الله قدمه عليها فتقول: قط قط فهنالك تمتلئ و يزوي بعضها إلى بعض فلا يظلم الله من خلقه أحدا و أما الجنة فإن الله ينشئ لها خلقا ( حم ق ) عن أبي هريرة .

2919. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دوزاخ بىلەن جەننەت، ھۆججەت قويۇشۇپ داۋالىشىپ قالدى، دوزاخ دېدىكى

، مەن مۇتەكەببىر، زالىم، زومىگەرلەردىن قىساس، ئىنتىقام ئېلىپ ئازابلايمەن، جەننەت بولسا، ماڭا پەقەت كىشىلەرنىڭ زەئىپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى، ئاجىزلار كىرىدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتكە ھەقىقەتەن سەن مېنىڭ رەھمىتىم، سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن مەن خالىغان كىشىگە رەھمەت قىلىمەن دېدى، دوۋزاخقا بولسا، سەن پەقەت مېنىڭ ئازابىم، سەن بىلەن بەندىلىرىمدىن مەن خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، ھەر ئىككىڭلار لىق تولىسىلەر، ئەمما، دوۋزاخقا كەلسەك، (ئۇ يەنە بارمۇ؟ دەپ) ھەرگىز تولمايدۇ، تاكى ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق قەدىمىنى قويغاندا دوۋزاخ قەتتىۇ، قەتتىۇ ئەمدى بولدى، ئەمدى كۇپايە دەپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا بەزىسى ـ بەزىسىگە قاتلىشىپ، يىمىرىلىپ تولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھتائالا مەخلۇقلىرىدىن ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ، (بۇ جازالاش ئادىللىقى) ئەمما، جەننەتكە كەلسەك؛ ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا جەننەتنى توللاش ئۈچۈن، ئالاھىدە مەخلۇق يارىتىپ، جەننەتكە پەيدا قىلىدۇ، بۇمۇ تولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردىمۇ ئوخشىشى باردۇر، بۇ سەھىھ ھەدىستە ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۆزىگە لايىق قەدىمى باردۇر.

**2920** ( صحيح ) تحروا ليلة القدر فمن كان متحريها فليتحرها في ليلة سبع و عشرين ( حم ) عن ابن عمر

2920. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى ئىزدەڭلار، ئۇنى ئىزدىمەكچى بولغان كىشى، رامزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئىزدىسۇن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**2921** ( صحيح ) تحروا ليلة القدر في السبع الأواخر ( مالك م د ) عن ابن عمر

2921. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى ئاخىرقى يەتتىسىدە ئىزدەڭلار، مالىك، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

تحروا ليلة القدر في الوتر من العشر الأواخر من رمضان ( حم ق ت ) عن عائشة .

2922. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەردىن ئىزدەڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**2923** ( صحيح ) تحروا ليلة القدر ليلة ثلاث و عشرين ( طب ) عن عبدالله بن أنيس

2923. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ 23 ـ كېچىسى ئىزدەڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.ھەدىسلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي كېلىشى، بۇ كېچە مەخپىي قىلىنغان توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، لېكىن، قەدىر كېچىسى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا،تاق كېچىسى چوقۇم بار،بۇ سەھىھ 27 ـ كېچىسى سەھىھ دېگەنلەرمۇ بار.

**2924** ( صحيح ) تحشرون حفاة عراة غرلا ( خ ) عن عائشة ( ت ك ) عن ابن عباس

2924. ئائىشە، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قىيامەت كۈنى يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان ھالدا قوپۇرۇلىسىلەر، (بۇ تىرىلىپ قوپۇشتا ئاياللارمۇ بار) بۇخارى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2925** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2409** . ( ك ) عن أبي حازم . تحول إلى الظل ( فإنه مبارك )

2925. ئەبۇ ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاپتاپتىن سايىغا يۆتكىلىپ كەتكىن، ھەقىقەتەن سايە بەرىكەتلىكتۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2926** ( صحيح ) تحولوا عن مكانكم الذي أصابتكم فيه الغفلة ( د هق ) عن أبي هريرة

2926. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرگە غەپلەت يەتكەن ئورۇن ، ماكانلىرىڭلاردىن باشقا جايغا يۆتكىلىپ كېتىشىڭلار، ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. گەرچە بۇ ھەدىسنى بامدات نامىزىدىن ئۇخلاپ قالغان چاغدا، شۇ جايدىن يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدا دېگەن بولسىمۇ، غەپلەت يەتكەن ماكاندىن، بارلىق ماكاندىن يۆتكىلىپ كېتىشنىمۇ ، ھەتتا تەقۋا ئالىملار بار يۇرتقا يۆتكىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ بۇ ھەدىس ئەبۇ داۋۇدنىڭ 371 ـ ھەدىس سەھىھ.

**2927 ( صحيح ) تخرج الدابة فتسم الناس على خراطيمهم ثم يعمرون فيكم حتى يشتري الرجل الدابة فيقال: ممن اشتريت ؟ فيقول: من الرجل المخطم ( حم ) عن أبي أمامة .**

2927. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇندىن كېيىن، بىر ھايۋان چىقىپ، كىشىلەرنىڭ بۇرۇنلىرىغا بەلگە سالىدۇ، ئاندىن بۇ بەلگىلىك كىشىلەر ئاراڭلاردا ناھايىتى كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر كىشى بىر ھايۋاننى، تۆگىنى سېتىۋالسا، كىمدىن سېتىۋالدىڭ؟ دەپ سورالسا، ئۇ كىشى بۇرنىغا بەلگە سېلىنغان كىشىدىن سېتىۋالدىم دەپ جاۋاب بېرىدۇ، (يەنى شۇ كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ) ئەھمەد 21276 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**2928 ( صحيح ) تخيروا لنطفكم فانكحوا الأكفاء و انكحوا إليهم ( ه ك هق ) عن عائشة**

2928. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسپېرماڭلارغا (يەنى باللىرىڭلارنىڭ ياخشى چۈشۈشى) ئۈچۈن ، ئاياللارنى تاللاپ ئېلىڭلار، ھەمتەڭلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار، ھەم شۇنداقلارغا نىكاھلاپ بېرىڭلار، ئىبنى ماجە 1958 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**تداووا بألبان البقر فإني أرجو أن يجعل الله فيها شفاء فإنها تأكل من كل الشجر ( طب ) عن ابن مسعود .**

2929. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كالا سۈتلىرى بىلەن داۋالىنىڭلار، ھەققەتەن مەن ئاللاھتائالانىڭ كالا سۈتىدە شىپا، داۋا قىلىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى، كالا ھەرقانداق دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنى يەۋېرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**تداووا عباد الله فإن الله تعالى لم يضع داء إلا وضع له دواء غير داء واحد: الهرم ( حم 4 حب ك ) عن أسامة بن**

2930. ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەل بولۇپ قالساڭلار، داۋالىنىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى قويسىلا، نازىل قىلسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋاسىنى، شىپاسىنىمۇ قويغاندۇر، لېكىن، قېرىلىقدىن ئىبارەت بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى يوق، ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**تدمع العين و يحزن القلب و لا نقول إلا ما يرضي الرب و الله إنا بفراقك يا إبراهيم لمحزونون حم م د ) عن أنس**

2931. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات تاپقاندا، مۇنداق دېگەن : كۆز، ياش تۆكىدۇ، قەلب غەم قىلىدۇ، قايغۇرىدۇ، بىز پەقەت پەرۋەردىگار رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلىمىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئىبراھىم، بىز سەندىن ئايرىلىپ ھەققەتەن قايغۇردۇق، غەم قىلدۇق، ئازابلاندۇق، ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**تدمع العين و يحزن القلب و لا نقول ما يسخط الرب و لولا أنه وعد صادق و موعود جامع و أن الآخر منا يتبع الأول لوجدنا عليك يا إبراهيم وجدا أشد مما وجدنا و إنا بك يا إبراهيم لمحزونون ( ه ) عن أسماء بنت يزيد**

2932. ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز رەببىمىز رازى بولمايدىغان، كايىيدىغان

سۆزلەرنى قىلمايمىز، ھەقىقەتەن راستچىل ۋەدە، ھەممىنى يىغقۇچى ۋەدە قىلىنغان قىيامەت كۈنى بولمىغان بولسا، بىزدىن كېيىنكىلەر بۇرۇن كەتكەنلەرگە ئەگىشىپ بىرىشى بولمىغان بولسا، ئى ئىبراھىم، بىز ساڭا قاتتىق قايغۇرغان بولاتتۇق، قەلبىمىز ئازابلانغان بولاتتى، يەنىلا بىز ساڭا ئەي ئىبراھىم، ھەقىقەتەن قايغۇردۇق، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

تدنوا الشمس يوم القيامة من الخلق حتى تكون منهم كمقدار ميل فيكون الناس على قدر أعمالهم في العرق فمنهم من يكون إلى كعبيه و منهم من يكون إلى ركبتيه و منهم من يكون إلى حقويه و منهم من يلجمه العرق إلجاما ( م ) عن المقداد بن الأسود

2933. مىقدام ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت كۈنى قۇياش كىشىلەرگە شۇنداق يېقىنلىشىدۇكى، ھەتتا ئۇلاردىن بىر مىيىل يەنى 1700 مېتىر يىراقتا تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مىقدارىدا تەردە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئوشۇقىغىچە تەردە تۇرىدۇ، بەزىسى تىزىغىچە، بەزىسى بېلىگىچە تەردە تۇرىدۇ، بەزىسىنى تەر پۈتۈن سىڭلىۋالىدۇ، (يەنى تەرگە چۆكۈپ تۇرىدۇ، تەر ئاغزىغىچە يېتىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

تدور رحى الإسلام لخمس و ثلاثين أو ست و ثلاثين أو سبع و ثلاثين فإن يهلكوا فسبيل من هلك و إن يقم لهم دينهم يقم لهم سبعين عاما بما مضى ( حم د ك ) عن ابن مسعود

2934. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دىنىنىڭ پەلەك چاقى 35 ياكى 36 ياكى 37 يىل ئايلىنىدۇ، (يەنى ئىسلام قوشۇنىنىڭ كاپىرلارغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش قىلىشى)، ئەگەر ئۇلار ھالاك بولۇپ تۈگەششە، توغرا يول ئاشۇ ھالاك بولغانلارنىڭ يولىدۇر، (يەنى توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ يولىدۇر) ئەگەر ئۇلارغا دىنى داۋام قىلىپ قالسا، ئۆتۈپ كەتكەن يىللار بىلەن بىرگە 70 يىل مۇقىم ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، ئەھمەد 3523 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3712 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستتىنلا دىنسىزلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش 37 يىل داۋام قىلغان، كېيىن مۇسۇلمانلار بۆلۈنۈپ كەتكەن، راستتىنلا 70 يىلدىن كېيىن بەكلا پارچىلىنىپ قالايمىقان پىتنە ـ پاسات يۈز بەرگەن، ھازىرغۇ تېخىمۇ شۇنداق، تارىخ كۆرۈك، توغرا، راست تارىخنى كۆرۈش ئۈچۈن بەدايەتنى لازىم تۇتۇڭ.

تذهبون الخير فالخير حتى لا يبقى منكم إلا مثل هذه ( تخ طب ك ) عن رويفع بن ثابت

2935. رۇۋەيپىئ ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ساھابىلىرىم! ياخشىلىقنى سىلەر ئېلىپ كېتىسىلەر، ئاندىن يەنە سىلەر ئېلىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ياخشىلىقدىن پەقەت سىلەردىن مۇشۇنچىلىك قېلىپ قالىدۇ، (بارمىقىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتتى) تەبرانى، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

ترد علي أمتي الحوض و أنا أذود الناس عنه كما يذود الرجل إبل الرجل عن إبله قالوا: يا نبي الله تعرفنا ؟ قال: نعم لكم سيما ليست لأحد غيركم تردون علي غرا محجلين من آثار الوضوء و ليصدن عني طائفة منكم فلا يصلون فأقول: يا رب هؤلاء من أصحابي ! فيجيبني ملك فيقول: وهل تدري ما أحدثوا بعدك

2936. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىمنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن، ھەۋزى كەۋسەر سۈيى توختىماي قويۇلۇپ تۇرىدۇ، مەن بولسام ، بەزى كىشىلەرنى خۇددى كىشى ئۆز تۆگىلىرىدىن باشقا كىشىنىڭ تۆگىسىنى توسۇپ تۇرغاندەك بۇ كۆلدىن توسۇپ تۇرىمەن، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سىلى بىزنى تونۇيالامىلا؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق، مەن تونۇيالايمەن، سىلەر ئۈچۈن سىلەردىن باشقا ھېچ كىشىلەردە بولمىغان بەلگە ئالامەت بار، سىلەر ماڭا تاھارەتنىڭ ئەسەرلىرىدىن، ئىزلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقا نۇرلۇق ھالەتتە كېلىسىلەر، سىلەردىن بىر تائىپە كىشىلەر مەندىن توسۇلۇپ قېلىپ، مېنىڭ

قىشمىغا كىيلەلمەيدۇ، مەن ئى رەببىم، ئۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم ئىدى دەيمەن، ئاندىن ماڭا بىر پەرىشتە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن قانداق نەرسىلەرنى قانداق بىدئەتلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟ (باشقا خاتىرىدە ئۇلار سەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەن دېيىلىدۇ ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

تركت فيكم شيئين لن تضلوا بعدهما: كتاب الله و سنتي و لن يتفرقا حتى يردا علي الحوض ( ك ) عن أبي هريرة

2937. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئاراڭلارغا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، سىلەر ئۇ ئىككى نەرسىگە مەھكەم ئېسىلساڭلار ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان يەنە بىرى مېنىڭ سۈننىتىم، ھەدىسلەردۇر، بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، (يەنى مەڭگۈ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**2938** ( صحيح ) تزوج و لو بخاتم من حديد ( خ ) عن سهل بن سعد

2938. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گەرچە بىر تال تۆمۈر ئۈزۈك بىلەن بولسىمۇ توي قىلىپ خوتۇن ئالغىن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بىرىنچى توي قىلىش، ئىككىنچى بۇ تويلۇق مېھرىنىڭ شۇنچىلىك بولسىمۇ ئايال كىشى رازى بولسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تزوجوا الأبكار فإنهن أعذب أفواها و أنتق أرحاما و أرضى باليسير ( طب ) عن ابن مسعود

2939. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : توي قىلساڭلار، قىز ـ ئاياللارنى ئېلىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئازغا رازى بولىدۇ، كۆپ تۇغۇپ بېرىدۇ، ئاسان بويىدا قالىدۇ، ئاغزى تاتلىق بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**2940** ( صحيح ) تزوجوا الودود الولود فإني مكاثر بكم ( د ن ) عن معقل بن يسار

2940. مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىلا ياخشى كۆرىدىغان سىلەرگە مۇھەببىتى بار، كۆپ تۇغىدىغان، تۇغۇش قابىلىيىتى بار ئاياللارنى ئېلىڭلار، شۇلار بىلەن توي قىلىڭلار، چۈنكى، مەن سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن ئۈممىتىم كۆپىيىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

تزوجوا فإني مكاثر بكم الأمم و لا تكونوا كرهبانية النصارى ( هق ) عن أبي أمامة

2941. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : توي قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن ئۈممىتى كۆپ بولغان كىشى بولىمەن، سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، ناسارالارنىڭ راھىبلىرىدەك بولىۋالماڭلار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار خۇسۇسەن تۆت مەزھەپ ئالىملىرى بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ياكى سۈننەت ئۈچۈن، چۈنكى، نىكاھ سۈننەت، ئەگەر ئەر ياكى ئايال كىشى ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈن توي قىلماي ئۆتسە دۇرۇس، بۇ ئەۋزەل دېگەن ، پەقەت ئەبۇ ھەنىيفەلا توي قىلىش ئەۋزەل دېگەن ، بۇ مەسىلىلەر ھەر قايسى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ نىكاھ بابىدا تۆت مەزھەپ فىقھىسى دېگەن كىتابتا بار، تەپسىلىي كۆرۈڭلار.

تستأمر اليتيمة في نفسها فإن سكتت فهو إذنها و إن أبت فلا جواز عليها ( د ن ك ) عن أبي هريرة .

2942. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېتىم قىزچاقنى ئەرگە بېرىش توغرىسىدا ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى، رازىلىقى ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ جىم تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ رازىلىقىدۇر، ئەگەر رەت قىلىپ ئۇنىمىسا، ئۇ چاغدا نىكاھ بۇ قىزغا

دۇرۇس بولمايدۇ، (مەجبۇر قىلىنغان نىكاھ قايتۇرۇلىدۇ) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

تسحروا فإن في السحور بركة ( حم ق ت ن ه ) عن أنس ( ن ) عن أبي هريرة وابن مسعود ( حم ) عن أبي سعيد

2943. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا تۇتقاندا زوھۇرلۇق يەڭلار، ھەقىقەتەن زوھۇرلۇق يېيىشتە بەرىكەت باردۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2944** ( صحيح ) تسحروا و لو بالماء ( ابن عساكر ) عن عبدالله بن سراقة

2944. ئابدۇللاھ ئىبنى سوراقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گەرچە سۇ ئوتلاپمۇ بولسا زوھۇرلۇق يەڭلار، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**2945** ( صحيح ) تسحروا و لو بجرعة من ماء ( ع ) عن أنس

2945. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا تۇتقاندا گەرچە سۇ ئوتلاش بىلەن بولسىمۇ زوھۇرلۇق يەڭلار، (چۈنكى، ئۇنىڭدا بەرىكەت بار) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**2946** ( حسن ) تسليم الرجل بإصبع واحدة يشير بها فعل اليهود ( ع طس هب ) عن جابر

2946. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام قىلىشى يەھۇدىيلارنىڭ قىلىقىدۇر، (سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار) ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى، ئەۋسەت توپلىغان، ھەسەن.

**2947** ( صحيح ) تسمعون و يسمع منكم و يسمع ممن يسمع منكم ( حم د ك ) عن ابن عباس .

2947. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (سۆزۈمنى) ئوبدان ئاڭلاڭلار! سىلەردىنمۇ ئاڭلىنىدۇ، ۋە سىلەردىن سۆز ئاڭلىغانلاردىنمۇ سۆز ئاڭلىنىدۇ، قۇلاق سېلىنىدۇ، (يەنى، سىلەردىن ۋە سىلەردىن سۆز ئاڭلىغانلاردىن باشقىلار سۆز ئاڭلايدۇ، ھەدىس ئاڭلايدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

تسموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي ( حم ق ت ه ) عن أنس ( حم ق ه ) عن جابر

2948. ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، لېكىن، مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلماڭلار، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

تسموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي فإنما أنا أبو القاسم أقسم بينكم ( م ) عن جابر

2949. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويساڭلار بولىدۇ، لېكىن، كىنايە ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويماڭلار، كىنايە قىلماڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئەبۇلقاسىم، مەن ئاراڭلارغا (ئىلىم، غەنىيمەت ۋە باشقىلارنى) تەقسىم قىلىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

تصدقوا فسيأتي عليكم زمان يمشي الرجل بصدقته فيقول الذي يأتيه بها: لو جئت بها بالأمس لقبلتها فأما الآن فلا حاجة لي فيها فلا يجد من يقبلها ( حم ق ن ) عن حارثة بن وهب .

2950. ھارىس ئىبنى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەدىقە قىلىۋېلىڭلار، پات يېقىندا سىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى سەدىقىنى كۆتۈرۈپ قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ كېلىدۇ، سەدىقە ئېلىپ كېلىنگەن كىشى ئەگەر ئاخشام ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، قوبۇل قىلاتتىم، ئەمما ھازىر ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ

سەدىقىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

تصدقوا و لو بتمرة فإنها تسد من الجائع و تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار (ابن المبارك ) عن عكرمة مرسلا

2951. ئىكرەمەت رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر تال خورما بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇمۇ ئاچلىقنى توسۇپ قالىدۇ، خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، سەدىقە قىلىش خاتالىقلارنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئىبنى مۇبارەك توپلىغان، سەھىھ.

2952 ( صحيح ) تصدقي و لا توعي فيوعى عليك ( خ ) عن أسماء بنت أبي بكر

2952. ئەسمائ بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەدىقە قىلغىن، بوخچاڭغا يىغىۋالما، ساقلاپ قىلىپ، بېخىللىق قىلما، ئۇنداق قىلساڭ، ساڭىمۇ ساقلاپ قىلىنىدۇ، ساڭىمۇ بېرىلمەيدۇ، يىغىۋېلىنىدۇ، بۇخارى 2401 ـ ھەدىس، سەھىھ.

2953 ( صحيح ) تطوع الرجل في بيته يزيد على تطوعه عند الناس كفضل صلاة الرجل في جماعة على صلاته وحده ( ش ) عن رجل .

2953. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ ئۆيدە يالغۇز ئوقۇغان نامىزى ئۈستىگە، جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان نامىزى پەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغاندەك كىشىنىڭ ئۆيدە ئوقۇغان نەپلە نامىزى، كىشىلەر بار جايدا ئوقۇغان نەپلە نامىزى ئۈستىگە پەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەرىجىدە ئارتۇقتۇر، (يەنى پەرز نامازنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇسا، يالغۇز نامازدىن 25 دەرىجە ئۈستۈن بولغاندەك، نەپلە، سۈننەت نامازنى كىشىلەر يوق جايدا، ئۆيدە ئوقۇسا، 25 دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

تعافوا الحدود فيما بينكم فما بلغني من حد فقد وجب ( د ن ك ) عن ابن عمرو

2954. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆز ئاراڭلاردىكى ھەد، جازالارنى ئەپۇ قىلىشىڭلار، (ماڭا ئېلىپ كەلمەڭلار) ماڭا يېتىپ قالغان ھەد، جازا ۋاجىب بولۇپ كېتىدۇ، (مەن چوقۇم جازاغا تارتىمەن) ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى نەرسەمنى ئوغۇرلىۋالدى دەپ ئېلىپ كېلىدۇ، قولىنى كەسمەكچى بولسا، ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن بۇنى مەقسەت قىلمىغان دېگەندە دېگەندۇر ، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ، سۆرەپ بارمىغان بولسا، قولىنى كەسمەيتتى.

تعالوا بايعوني على أن لا تشركوا بالله شيئا و لا تسرقوا و لا تزنوا و لا تقتلوا أولادكم و لا تأتوا ببهتان تفترونه بين أيديكم و أرجلكم و لا تعصوني في معروف فمن وفى منكم فأجره على الله و من أصاب من ذلك شيئا فعوقب به في الدنيا فهو له كفارة و من أصاب من ذلك شيئا فستره الله فأمره إلى الله إن شاء عاقبه و أن شاء عفا عنه ( خ ) عن عبادة بن الصامت

2955. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېلىڭلار! ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، يۇت ـ قوللىرىڭلار بىلەن بۆھتان قىلماسلىققا، يەنى بالىلىرىڭلاردىن تانماسلىققا، باشقىلارنىڭ بالىسى دەپ داۋا قىلماسلىققا، ياخشىلىقتا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا، ماڭا بەيئەت قىلىڭلار! سىلەر كىم بۇ بەيئەتكە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئاللاھقىدۇر. كىم يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالسا، ئاندىن بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلىپ، ئازابلانسا، ئۇ جازا، ئازاب ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بولىدۇ، ئاخىرەتتە سورۇشتۇرۇلمەيدۇ، ئەگەر بىر كىشى يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىپ سالسا، جازاغا تارتىلماي، ئاللاھ ئۇنى ياپقان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقىدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا، ئەپۇ قىلىپ، ئۆتنۈۋېتىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

تعاهدوا القرآن فوالذي نفسي بيده هو أشد تفصيا من قلوب الرجال من الإبل من عقلها ( حم ق ) عن أبي موسى

2956 .ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن:قۇرئاننى يادلاش ، تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇپ،ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە،قۇرئان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن تۆگە باغلاقتىن قاچقاندىن بەكرەك قاچىدۇ،ئەھمەد ،بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

**2957** ( صحيح ) تعجلوا إلى الحج فإن أحدكم لا يدري ما يعرض له ( حم ) عن ابن عباس

2957. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەج قىلىشقا ئالدىراڭلار، ھەقىقەتەن بىرىڭلار ئۆزىگە قانداق ھادىسىلەرنىڭ دۇچ كېلىشىنى بىلەلمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، راست ھەج قىلىۋېلىڭلار، نۇرغۇن كىشىلەر مانا ھازىر، ئاينا! دەپ كېچىكتۈرۈپ ھەج قىلالماي ھالاك بولىدۇ.

تعرض أعمال الناس في كل جمعة مرتين: يوم الاثنين و يوم الخميس فيغفر لكل عبد مؤمن إلا عبدا بينه و بين أخيه شحناء فيقال اتركوا هذين حتى يفيئا ( م ) عن أبي هريرة

2958. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى تەكشۈرۈلۈپ ھېساب ـ كىتاب قىلىنىپ، سۈرۈشتە قىلىنىدۇ، ھەربىر مۆئمىن بەندە ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، پەقەت ئارىلىقىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ، بۇلار ئۈچۈن بۇ ئىككى كىشى يارىشىۋالمىغۇچە، ئەپلىشىۋالمىغۇچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېيىلىدۇ ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

تعرض الأعمال يوم الاثنين و الخميس فأحب أن يعرض عملي و أنا صائم ( ن ) عن أبي هريرة .

2959. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەمەللەر دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى تەكشۈرۈلىدۇ، (يۇقىرى ئۆرلەپ، قوبۇل قىلىنىدۇ) مەن روزا تۇتقان ھالدا ئەمەللىرىمنىڭ تەكشۈرۈلۈشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، دۈشەنبە، پەيشەنبە روزا تۇتۇڭلار.

تعرض الفتن على القلوب عرض الحصير عودا عودا فأي قلب أشربها نكتت فيه نكتة سوداء و أي قلب أنكرها نكتت فيه نكتة بيضاء حتى يصير القلب أبيض مثل الصفا لا تضره فتنة ما دامت السموات و الأرض و الآخر أسود مربدا كالكوز مجخيا لا يعرف معروفا و لا ينكر منكرا إلا ما أشرب من هواه ( حم م ) عن حذيفة

2960. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پىتنە ـ پاساتلار قەلبىگە خۇددى بورا بىر تالدىن بىر تالدىن توقۇلغاندەك بىردىن ـ بىردىن تەكشۈرۈلىدۇ، قايسى قەلبىگە پىتنە ـ پاسات ئۆچۈرۈلۈپ كىرگۈزۈلسە، ئۇ قەلبىگە بىر دانە قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ، (كۆپ كىرگۈزۈلسە كۆپ ئۇرۇلىدۇ) قايسى قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، رەت قىلسا، بۇ قەلبكە ئاق چېكىت ئۇرۇلىدۇ، ھەتتا، بۇ قەلب ، تۈپتۈز، ئۈستىدە نەرسە تۇرماس، نەرسە يۇقماس، ئاق تاشتەك ئاقىرىدۇ، بۇ قەلبگە ئاسمان ـ زېمىن داۋام قىلىپ ھەمىشە تۇرسىلا مەڭگۈ بىرەر نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، پىتنە ـ پاسات ، زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنە بىر قەلب بولسا ، چار، قارا بولۇپ قالىدۇ، ئالا چىپار بولۇپ قېلىپ، ئۇ خۇددى، دۈم قىلىنغان، يېنى قىلىنغان كۆزىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قارىلىقىدىن تەتۈرلىكىدىن، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونۇمايدۇ ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت ئۇ ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىپ تونۇيدۇ، مۇسلىم 207 ـ ھەدىس، بۇخارى 6567 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2184 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3945ـ ھەدىس، ئەھمەد 22322 ـ ھەدىس، سەھىھ.

تعرف إلى الله في الرخاء يعرفك في الشدة ( أبو القاسم بن بشران في أماليه ) عن أبي هريرة

2961. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەن ئاللاھتائالانى كەڭچىلىك، ئاسانچىلىقدا ئوبدان تونۇپ ئىبادەت قىلساڭ،

ئاللاھتائالا سېنى سەن قاتتىق كۆنەلەرگە قالغاندا تونۇپ ياردەم بېرىدۇ، ئەبۇلقاسىم توپلىغان، سەھىھ.

تعس عبد الدينار و عبد الدرهم و عبد الخميصة إن أعطي رضي و إن لم يعط سخط تعس و انتكس و إذا شيك فلا انتقش طوبى لعبد آخذ بعنان فرسه في سبيل الله أشعث رأسه مغبرة قدماه إن كان في الحراسة كان في الحراسة و إن كان في الساقة كان في الساقة إن استأذن لم يؤذن له و إن شفع لم يشفع ( خ ه ) عن أبي هريرة .

2962. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كېيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قۇللىرى بەندىلىرى ھالاك بولۇپ كەتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلسە، رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە، كايىپ، ئاچچىقلايدۇ، ئۇنداق دۇنيا پەرەس كىشىلەر ھالاك بولۇپ كەتتى، ھەر جەھەتتىن چوڭ زىيان تارتتى، ئەگەر ئۇنىڭغا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسە، ئۇنى تارتىپ قويۇلمايدۇ، (بۇ ئۆزىنىڭ شورى). ئاللاھ يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، چاچلىرى چۇۋۇق، قەدەملىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان، مۇجاھىد كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئۇ پوستا قويۇلسا، پوستا تۇرىدۇ، شۇ جايدا بولىدۇ، ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ، ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شاپائەت سورىسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇنداق كىشىگە خۇش مۇبارەك، بۇخارى 2673 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2297 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4126 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**2963** ( صحيح ) تعلموا أنه لن يرى أحد منكم ربه حتى يموت ( م ن ) عن رجل

2963. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەردىن ھەربىر كىشى ئۆلۈپ، ئاخىرەتكە بارمىغۇچە پەرۋەردىگارنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

تعلموا كتاب الله و تعاهدوه و تغنوا به فوالذي نفسي بيده لهو أشد تفلتا من المخاض في العقل ( حم ) عن عقبة بن

2964. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئۆگىنىڭلار، ئۇنى يادلاپ، تەكرارلاپ چىڭ تۇتۇپ، مۇھاپىزەت قىلىڭلار، قۇرئاننى مۇڭلۇق ئوقۇڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە، قۇرئان قەلبىدىن تۆگە باغلاقدىن قاچقاندىنمۇ بەكرەك قاچىدۇ، تېز ئۇنتۇلدۇرۇلىدۇ، ئەھمەد 16679 ـ ھەدىس، دارمى 3215 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) تعلموا من أنسابكم ما تصلون به أرحامكم فإن صلة الرحم محبة في الأهل مثراة في المال منسأة في الأثر ( حم ت ك ) عن أبي هريرة

2965. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نەسەبلىرىڭلاردىن سىيلە ـ رەھىم قىلغۇدەك نەرسىنى بىلىۋېلىڭلار، ھەققەتەن سىيلە ـ رەھىم قىلىش، ئەھلىدە مۇھەببەتتۇر، مال ـ دۇنيادا بايلىقتۇر، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ، (يەنى شۇ ئىشلارغا سەۋەب بولۇر) تىرمىزى 1902 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم، بۇخارىمۇ ئوخشىشىنى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) تعلموا من قريش و لا تعلموها و قدموا قريشا و لا تؤخروها فإن للقرشي قوة الرجلين من غير قريش ( ش ) عن سهل بن أبي خيثمة

2966. سەھلى ئىبنى ئەبۇ خەيسەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىننى قۇرەيشلەردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا سىلەر ئۆگەتمەڭلار، (يەنى بىدئەتنى) قۇرەيشلەرنى ئالدىدا قويۇڭلار، ھەرگىز ئارقىدا قويماڭلار، (يەنى جىھادتا) چۈنكى، ھەربىر قۇرەيشلىك ئۈچۈن، ئۇلاردىن باشقا كىشىلەردىن ئىككى كىشىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بېرىلگەندۇر ، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

تعوذوا بالله من جار السوء في دار المقام فإن الجار البادي يتحول عنك ( ن ) عن أبي هريرة

2967. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇقىم تۇرىدىغان جايدىكى يامان خوشنىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ، پاناھ تىلىگىن،

چۈنكى، سەپەردىكى يايلاقتىكى قوشنا ، سەندىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

تعوذوا بالله من جهد البلاء و درك الشقاء و سوء القضاء و شماتة الأعداء ( خ ) عن أبي هريرة

2968. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھقا سېغىنىپ، مۇشەققەتلىك بالادىن، شەقىيلىكنىڭ تېپىۋېلىشىدىن، قازايى قەدەرنىڭ يامانلىرىدىن، دۈشمەننىڭ خۇرسەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەڭلار، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**2969** ( صحيح ) تغزون جزيرة العرب فيفتحها الله ثم فارس فيفتحها الله ثم تغزون الروم فيفتحها الله ثم تغزون الدجال فيفتحها الله ( حم م ه ) عن نافع بن عتبة

2969. نافىئ ئىبنى ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر ئەرەب ئاراللىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ئىشغال قىلىدۇ، ئاندىن پارس (مەجۇسىيلارغا) قارشى ئۇرۇش، غازات قىلىسىلەر، ئۇنىمۇ ئاللاھ ئىشغال قىلىپ بېرىدۇ، ئاندىن رۇم خەلقىگە (ئەھلى كىتابلارغا) قارشى ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇلارنىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئىشغال قىلىپ ئېلىپ بېرىدۇ، ئاندىن دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاللاھ ئۇنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، ئىشغال قىلىپ بېرىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

تفتح أبواب الجنة يوم الاثنين و يوم الخميس فيغفر فيها لكل عبد لا يشرك بالله شيئا إلا رجلا كانت بينه و بين أخيه شحناء فيقال: انظروا هذين حتى يصطلحا ( خد م د ت ) عن أبي هريرة

2970. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى دۈشەنبە كۈنى، پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بارلىق بەندىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ، لېكىن، ئارىلىقىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بار كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنماي قالىدۇ، ئۇلار توغرىسىدا بۇ ئىككىسى يارىشۇالغىچە، كېلىشىۋالغىچە قالدۇرۇپ قويۇڭلار دېيىلىدۇ ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**2971** ( صحيح ) تفتح أبواب السماء نصف الليل فينادي مناد: هل من داع فيستجاب له ؟ هل من سائل فيعطى ؟ هل من مكروب فيفرج عنه ؟ فلا يبقى مسلم يدعو بدعوة إلا استجاب الله تعالى له إلا زانية تسعى بفرجها أو عشارا ( طب ) عن عثمان بن أبي العاص

2971. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تەڭ كېچە بولغاندا ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، نىدا قىلغۇچى مۇنداق توۋلايدۇ: دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجابەت قىلىنىدۇ، سورىغۇچى بارمۇ؟ بېرىلىدۇ، بالا ـ مۇشەققەتكە قالغان كىشى بارمۇ؟ ئۇنىڭدىن بالا كۆتۈرۈلۈپ ، ئاسان قىلىنىدۇ، دۇئا قىلغانلا مۇسۇلمانلاردىن ھېچ كىشى قالماي، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، ئاللاھ ئىجابەت قىلىپ، سورىغىنىنى بېرىدۇ، پەقەت ئەۋرىتى بىلەن سەئيي ھەرىكەت قىلغۇاتقان زىناخور بىلەن قانۇنسىز ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى باجگىرلا قالىدۇ، بۇلارغا ئىجابەت قىلىنمايدۇ، (ئەگەر بۇ باجگىر قانۇنلۇق، شەرىئەت بويىچە بولغان بولسا ، ئەجىر، ساۋاب بولاتتى، ئىجابەت بولاتتى) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2972** تفتح اليمن فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم و من أطاعهم و المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون و تفتح الشأم فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم و من أطاعهم و المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون و تفتح العراق فيأتي قوم يبسون فيتحملون بأهليهم و من أطاعهم و المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون ( مالك ق ) عن سفيان بن أبي زهير

2972. سوفيان ئىبنى ئەبۇ زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يەمەن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشىلەرنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلار ئەھلىلىرىنى مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ ، ئەگەر ئۇلار بىلسە ، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى،

شام ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن قەۋملەر كېلىپ، كىشىلەرنى مەدىنىدىن چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارمۇ ئەھلى بالىلىرى، مال ـ مۈلۈكى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشىلەر بىلەن بىرگە مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، ئىراق ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىپ، كىشىلەرنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە قىزىقتۇرىدۇ، كىشىلەر ئەھلىلىرىنى،مال ـ مۈلۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئېلىپ كۆچۈپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر، مالىك، بەيھەقى، ئەھمەد 20908 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2460 ـ ھەدىس، سەھىھ.

تفتح يأجوج و مأجوج فيخرجون على الناس كما قال الله عز و جل: ( من كل حدب ينسلون فيغشون الناس و ينحاز المسلمون عنهم إلى مدائنهم و حصونهم و يضمون إليهم مواشيهم و يشربون مياه الأرض حتى إن بعضهم ليمر بالنهر فيشربون ما فيه حتى يتركوه يبسا حتى إن من يمر من بعدهم ليمر بذلك النهر فيقول: قد كان هاهنا ماء مرة حتى إذا لم يبق من الناس أحد إلا أحد في حصن أو مدينة قال قائلهم: هؤلاء أهل الأرض قد فرغنا منهم بقي أهل السماء ! ثم يهز أحدهم حربته ثم يرمي بها إلى السماء فترجع إليه مختضبة دما للبلاء و الفتنة فبينما هم على ذلك إذ بعث الله عز وجل دودا في أعناقهم كنغف الجراد الذي يخرج في أعناقه فيصبحون موتى لا يسمع لهم حس فيقول المسلمون: ألا رجل يشري لنا نفسه فينظر ما فعل هذا العدو ؟ فيتجرد رجل منهم محتسبا نفسه قد أوطنها على أنه مقتول فيترل فيجدهم موتى بعضهم على بعض فينادي: يا معشر المسلمين ألا أبشروا إن الله عز و جل قد كفاكم عدوكم فيخرجون من مدائنهم و حصونهم و يسرحون مواشيهم فما يكون لهم مرعى إلا لحومهم فتشكر عنه كأحسن ما شكرت عن شيء من النبات أصابته قط ) . ( حم ه حب ك ) عن أبي سعيد .

2973. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يەئجۇج بىلەن مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرى ئېچىلىپ، ئۇلار كىشىلەرگە ئاللاھ قۇرئاندا دېگەندەك ھەربىر ئېگىز جايلاردىن باستۇرۇپ، ئالدىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، كىشىلەرنى پۈتۈنلەي قورشىۋالىدۇ، مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىگە، قورغانلىرىغا كىرىۋېلىپ ئۇلاردىن ساقلىنىدۇ، قورغانلىنىدۇ، چارۋا ـ ماللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە يىغىۋالىدۇ، يەئجۇج ـ مەئجۇجلار زېمىننىڭ سۇلىرىنى ئىچىپ تۈگىتىدۇ، (ئۇلار شۇنداق كۆپتۇر) ھەتتا، ئۇلار بىرەر ئۆستەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، سۈيىنى ئىچىپ بولۇپ، قۇپقۇرۇق قويىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن كېيىنكى كىشىلىرى ئۆتۈپ، ھەقىقەتەن بۇ ئۆستەڭدە بىر قېتىم سۇ ئېقىپتىكەن ھە؟! دەپ قالىدۇ، كىشىلەردىن ھېچ كىشى قالماي، پەقەت شەھەرلىرىدە، قورغانلىرىدا قېلىپ قالغاندا، ئۇلاردىن بىرسى ئەنە ئاۋۇ زېمىن ئەھلىدىن پارىغ بولدۇق، ئۇلارنى ئىشغال قىلىپ بولدۇق، ئەمدى ئاسمان ئەھلى قالدى دەپ ئاندىن قۇرالنى قولغا ئېلىپ، ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ، ئۇلارنى قاتتىق سىناش، ئۇلارنى پىتنە ـ پاسات ، كۇفرىلىقتا قالدۇرۇش يۈزىسىدىن ئوقيا ئۇلارغا قانغا بويالغان ھالدا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلار، ھە! ئاسمانىنىمۇ ئىشغال قىلدۇق! دەپ شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا خۇددى ئۇنىڭ بوينىغا چىقىدىغان چېكەتكىنىڭ قۇرتىدەك تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالغان قۇرۇتتەك بىر خىل قۇرۇتنى ئەۋەتىدۇ، بۇ قۇرۇت ئۇنىڭ بوينىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۇلار پۈتۈنلەي ئۆلۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھېچ بىر تىۋىش، ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلار ئاگاھ بولۇڭلار ، بىز ئۈچۈن جېنىنى قۇربان بېرىدىغان ماۋۇ دۈشمەنلەرگە نېمە بولغىنىغا قاراپ باقىدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟ ـ دەيدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر كىشى ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ، جېنىنى تەقدىم قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەكسىز ئۆلتۈرۈلۈشكە ئىشەنگەن ھالدا كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ، ئۇ كىشى قورغاندىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بەزىسى ـ بەزىسىگە مىنگىشىپ يېتىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئى مۇسۇلمانلار!!! ئى مۇسۇلمانلار جامەسى! دىققەت قىلىڭلار! خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى كۇپايە قىلىپتۇر، ئۆزى غەلبە قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپتۇ! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدىن، قورغانلىرىدىن چىقىدۇ، ئۇلار ئۇلاغلىرىنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىدۇ، لېكىن، بۇ چارۋا ماللار ئۈچۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ گۆشلىرىدىن

باشقا ئۇتلاق يوق ئىدى، ئاندىن ئۇ ھايۋانلار بولۇپمۇ گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆسۈملۈكتە سەمرىگەندىنمۇ ياخشىراق، بەكرەك سەمرىپ كېتىدۇ، ئۆسۈملۈكتە ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق سەمرىپ باقمىغان ئىدى، ئەھمەد 11306 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4069 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

بۇ ھەسەن ھەدىسنىڭ ۋە بۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىدىكى سەھىھ ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. يەئجۇج مەئجۇجلار ئادەم باللىرىدۇر، بۇ 100دىن 99 كىشى دوزاخقا كىرىدىغان سەھىھ ھەدىستە ئوچۇق سۆزلىنىدۇ.
2. ئۇلار ئىككى تائىپىدۇر، لېكىن، ئىنتىپاقتۇر.
3. ئۇلار ھازىر قاماقلىق، ھامىنى بىر كۈن چىقىدۇ.
4. ئۇلار ئېگىز جايلاردىن ئالدىراپ كېلىدۇ.
5. بۇ تائىپىلەر قۇرئاندا سۈرە كەھپىدە سۆزلىنىدۇ.
6. بۇلارنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ ئالامىتى.
7. بۇلار كىشىلەرنى قورشىۋالىدۇ، ئىنتايىن كۆپتۇر.
8. ئۇلار دىنسىزدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىدۇر.
9. مۇسۇلمانلار ئاجىز كېلىپ قورغانغا كىرىۋالىدۇ.
10. ئۇلار ھەممە نەرسىنى يەيدۇ، ھەتتا، سۇمۇ قالمايدۇ.
11. ئۇلار يەر يۈزىدە سەير قىلىدۇ، پۈتۈن جايلارغا بېرىپ، پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ.
12. لېكىن، ئۇلار مەدىنىگە، مەككىگە، بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرەلمەيدۇ،كىرىشكە قادىر بولالمايدۇ.
13. ئۇلار تەكەببۇرلىقىدىن ئاسمانغا ئوق ئاتىدۇ.
14. ئۇلارنى تېخىمۇ پىتنىگە قالدۇرۇلىدۇ.
15. ئاللاھ ئۇلارنى قۇرۇت دېگەن قوشۇن بىلەن ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.
16. شۇ چاغلاردىمۇ باتۇر مۇجاھىد مۇسۇلمانلار مەۋجۇتتۇر.

**2974** ( صحيح ) تفضل صلاة الجمع صلاة أحدكم وحده بخمس و عشرين جزءا و تجتمع ملائكة الليل و ملائكة النهار في صلاة الفجر ( خ ن ) عن أبي هريرة

2974. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز بىرىڭلارنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە يەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەرىجىسى ئارتۇقتۇر، كېچىنىڭ ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامازدا بىرلىشىدۇ، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**2975** ( حسن ) تفكروا في آلاء الله و لا تفكروا في الله ( أبو الشيخ طس عد هب ) عن ابن عمر

2975. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ، مەخلۇقلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلماڭلار، (چۈنكى، بۇ كۇفرىلىققا ئاپىرىدۇ، ئەقىل تاپالمايدۇ) ئەبۇشەيخ، ئەۋسەت، ئىبنى ئەدى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق.

**2976** ( حسن ) تفكروا في خلق الله و لا تفكروا في الله ( حل ) عن ابن عباس

2976. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى توغرىسىدا پىكىر، تەپەككۇر قىلىپ، ئەقىل يۈرگۈزۈڭلار، (چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە ئالامەتتۇر) ئاللاھنىڭ زاتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلماڭلار،چۈنكى ئەقىل ئاللاھ نى چەك، دائىرىگە ئالالمايدۇ، تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

www.uyghurkitap.com

(صحيح) تقاتلون اليهود فتسلطون عليهم حتى يختبئ أحدهم وراء الحجر فيقول الحجر: يا عبد الله هذا يهودي ورائي فاقتله (ق ت ) عن ابن عمر

2977. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىسىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۋالسا، تاش سىلەرگە؛ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مانا بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا يوشۇرۇنۋالدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دەيدۇ، بەيھەقى، تىرمىزى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن كەلگۈسىدىكى خۇش بېشارەت مۆجىزىسىدىن باشقا تاش سۆز قىلىدىغان مۆجىزە باردۇر، بەلكىم، بۇ شۇ چاغدا ئۆز ئەينى يۈز بېرىشى مۇمكىن، ياكى تاشتا سىگنال، بەلگە بېرىدىغان نەرسە ئورنىتىلغان بولىدۇ، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى كەشپىياتقا ئىشارەتتۇر.

تقبلوا لي بست أتقبل لكم بالجنة إذا حدث أحدكم فلا يكذب و إذا وعد فلا يخلف و إذا ائتمن فلا يخن غضوا أبصاركم و كفوا أيديكم و احفظوا فروجكم ( ك هب ) عن أنس

2978. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا سىلەر ئالتە ئىشقا كېپىل بولۇپ بۇ ئىشلارنى قوبۇل قىلساڭلار، مەن سىلەرگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن.

1. بىرىڭلار سۆز قىلسا، يالغان سۆز قىلمىسۇن.
2. ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلمىسۇن، 3. ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلمىسۇن.
4. كۆزۈڭلارنى ھارامدىن يۇمۇڭلار، 5. قولۇڭلارنى ھارامدىن، گۇناھدىن يىغىڭلار.
6. ئەۋرەتىڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

تقتل عمارا الفئة الباغية ( حم ) عن خزيمة بن ثابت وعن عمرو بن العاص وعن ابنه وعن عمرو بن حزم ( م ) عن أم سلمة

2979. خۇزەيمەت ئىبنى سابىت، ئەمرۇ ئىبنى ئاسدىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھدىن، ئەمرۇ ئىبنى ھەزىمدىن، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەممار ئىبنى ياسىرنى ھەددىدىن ئاشقان زالىم جامائەت ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، (راستىنلا ئۇ خاتالاشقانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى) مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

تقدموا فأتموا بي و ليأتم بكم من بعدكم و لا يزال قوم يتأخرون حتى يؤخرهم الله ( حم م د ن ه ) عن أبي سعيد

2980. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ماڭا ئىقتىدا قىلىڭلار، سىلەرگە سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىكىلەر ئىقتىدا قىلىدۇ، قەۋم نامازدىن كېچىكىۋەرسە، ئاللاھمۇ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشتە كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

2981 ( صحيح ) تقطع اليد في ثمن المجن ( حم ه ) عن سعيد

2981. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئوغرىنىڭ قولى بىر دانە قالقاننىڭ پۇلچىلىك، (ياكى قىممىتچىلىك) نەرسىدە كېسىلىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ئۇنىڭ قىممىتى ئۈچ دىرھەم يەنى 80، 90 يۈەن كېلىدۇ.

2982 ( صحيح ) تقطع يد السارق في ربع دينار فصاعدا ( خ د ن ) عن عائشة

2982. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغرىنىڭ قولى بىر دىنارنىڭ 1/4دە كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە بولغان ھالدا كېسىلىدۇكى، ئاز بولۇپ قالسا كېسىلمەيدۇ، (ياكى شۇنىڭ قىممىتىدىكى نەرسىگە كېسىلىدۇ) بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بىر دىنار بىر مىسقال ئالتۇن بولۇپ، باھاسى جۇڭگو پۇلىدا 300 يۈەندىن ئاشىدۇ، دېمەك 80 يۈەن ئەتراپىدا قولى كېسىلىدۇ، ئەگەر ئالتۇننىڭ باھاسى ئۆرلىسە، بۇ ئۆلچەم ئۆرلەيدۇ، پەسلىسە

چۈشىدۇ، مەسىلەن: بىر دىنار ئالتۇن 200 يوْن بولسا، 50 يوْنىگە قولى كېسىلىدۇ، يۇقىرى بولسا يۇقىرىلىتىلىدۇ.

**2983** ( حسن ) تقعد الملائكة على أبواب المساجد يوم الجمعة فيكتبون الأول و الثاني و الثالث حتى إذا خرج الإمام رفعت الصحف ( حم ) عن أبي أمامة

2983. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرىشتىلەر جۈمە كۈنىسى مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىدە ئولتۇرۇپ، تۇنجى قېتىم ئىككىنچى، ئۈچىنچى..... قېتىم كەلگەنلەرنى يازىدۇ، ئىمام خۇتبىگە چىققاندا دەپتەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، يەنى ئۇلار دەپتەرلەرنى قاتلاپ قويۇپ، خۇتبە تىڭشايدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**2984** ( صحيح ) تقوم الساعة و الروم أكثر الناس ( حم م ) عن المستورد .

2984. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رۇم خەلقى كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان ھالەتتە يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەردىن كۆپ ھالەتتە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، رۇم خەلقى، يەھۇدىي، ناسارالار ئەھلى كىتاب شۇلاردۇر، رۇم ئىمپېرىيىسى ھەممىگە مەلۇم، قۇرئاندىكى بىر سۈرىمۇ رۇم دەپ ئاتالغان، ھازىر ئىتالىيىدە رىم شەھىرى باردۇر.

رۇمنىڭ كاتتىۋشى ھىرەقىل ئۆز ۋاقتىدا شامدا ئىدى، شام ھازىرقى سۈرىيە ئەتراپىدۇر.

تكفل الله لمن جاهد في سبيله لا يخرجه من بيته إلا الجهاد في سبيله و تصديق كلماته بأن يدخله الجنة أو يرجعه إلى مسكنه الذي خرج منه مع ما نال من أجر أو غنيمة ( ق ن ) عن أبي هريرة .

2985 .ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان، ئۇنى پەقەت ئاللاھ يولىدىكى جىھادلا ئۆيىدىن چىقارغان، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى قۇرئاننى تەستىقلاش، ئىشىنىشلا ئۆيىدىن چىقارغان كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋېتىشكە كېپىل بولدى، ياكى ئۇنى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىستە، ئاللاھقا، ئۇنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ، تەستىقلىغان، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىھاد قىلغان كىشى، ئەجىر، غەنىيمەتنىمۇ ئالىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ.

**2986** ( حسن ) تكفير كل لحاء ركعتان ( طب ) عن أبي أمامة

2986. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر قېتىمقى مۇنازىرىلىشىشنىڭ، دە ـ تالاش قىلىش، داۋالىشىش، گەپ ـ سۆز تالىشىشنىڭ كاپارىتى، ئىككى رەكەت نامازدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەسەن ھەدىسنىڭ مەنىسى؛ مۇنازىرىلىشىشدىكى، داۋالىشىشدىكى گۇناھنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى، كاپارىتى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشتۇر.

**2987** ( صحيح ) تكون إبل للشياطين و بيوت للشياطين ( د ) عن أبي هريرة .

2987. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شەيتانلار ئۈچۈن تۆگە بولىدۇ، شەيتانلار ئۈچۈن ئۆيلەر بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، 2205 ـ ھەدىس، سەھىھ، ساھابىلار بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھىيلىدى، شەيتانلار ئۈچۈن بولغان تۆگە، كىشىلەر يول ئۈستىدە ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالىدىغان ئەمما ئۇنىڭغا كىشىلەرنى مىندۈرۈۋالمايدىغان، پەخىر ئۈچۈن باققان تۆگىدۇر. شەيتانلار ئۈچۈن بولغان ئۆيلەر بولسا، ھاجەتتىن زىيادە سېلىنغان، بارلىق تاملىرى ئېسىل پەردىلەر بىلەن قاپلانغان، ياكى مۇنكەر ئىشلار ئۈچۈن سېلىنغان ئۆيلەردۇر.

**2988** ( صحيح ) تكون الأرض يوم القيامة خبزة واحدة يتكفؤها الجبار بيده كما يتكفأ أحدكم خبزته في السفر نزلا لأهل الجنة ( حم ق ) عن أبي سعيد



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2988. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىن قىيامەت كۈنى بىر دانە ناندەك بولۇپ قالىدۇ، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى جەببار ئاللاھ زېمىننى ئۆز قولى بىلەن خۇددى بىرىڭلار سەپەر تەييارلىقىغا ناننى راستلىغاندەك جەننەت ئەھلىگە زىياپەت بېرىش ئۈچۈن قولدىن ـ قولغا يۆتكەپ، راسلايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ 5000 ـ ھەدىسىدە، قىيامەت ۋە جەننەتنىڭ سۈپىتىدە بۇ ھەدىسنى كەلتۈرگەن، ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسكە شەرھى يېزىپ، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى زېمىننى چوڭ بىر دانە نان قىلىپ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن زىياپەت بېرىدۇ، ئۇلار بۇ نان بىلەن بىرگە كالا گۆشى، لەھەڭنىڭ جىگەر پارچىسىنى يەپ ناشتا قىلىدۇ دېگەن، ئاللاھ قادىردۇر.

تكون النسم طيرا تعلق بالشجر حتى إذا كان يوم القيامة دخلت كل نفس في جسدها ( طب ) عن أم هانئ

2989. ئۇممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روھلار قۇش بولۇپ جەننەت دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ يۈرىدۇ، قىيامەت كۈنى بولغاندا ھەربىر جان ئۆز جەسىدىگە كىرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىدا جەننەت ئەھلىنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا جەننەتتە ئوتلايدۇ دېگەن ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى.

تكون أمراء يقولون و لا يرد عليهم يتهافتون في النار يتبع بعضهم بعضا ( طب ) عن معاوية

2990. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن ئەمىر، باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلار سۆز قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ خاتا سۆزلىرى جازالىشىدىن قورقۇپ) ئۇلارغا رەت قىلىنمايدۇ، ئۇلار بەزىسى ـ بەزىسىگە ئەگەشكەن ھالدا دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**2991 ( صحيح ) تكون بينكم و بين بني الأصفر هدنة فيغدرون بكم فيسيرون إليكم في ثمانين غاية تحت كل غاية منهم اثنا عشر ألفا ( ه ) عن عوف بن مالك**

2991. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەر يەنى رۇملۇقلار يەنى ئەھلى كىتابلار ئارىسىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بولىدۇ، سۈلھى بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار سىلەرگە خىيانەت قىلىپ، كېلىشىمنى بۇزۇپ، سىلەرگە قارشى 80 بايراق ئاستىدا قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 12000 كىشىلىك قوشۇن بار، ئىبنى ماجە 4085 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4348 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22860 ـ ھەدىس، سەھىھ.

تكون بين يدي الساعة أيام يرفع فيها العلم و ينزل فيها الجهل و يكثر فيها الهرج و الهرج:القتل(ه) عن ابن مسعود

2992. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە كۈنلەر بولۇپ، بۇ كۈنلەردە ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلىق، جاھىللىق چۈشۈرۈلىدۇ، بۇ كۈنلەردە ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**2993 ( صحيح ) تكون بين يدي الساعة فتن كقطع الليل المظلم يصبح الرجل فيها مؤمنا و يمسي كافرا و يمسي مؤمنا و يصبح كافرا يبيع أقوام دينهم بعرض من الدنيا ( ت ) عن أنس**

2993. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدا زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك دەھشەتلىك قەبىھ پىتنە ـ پاسات بولىدۇ، ئۇ پىتنە ـ پاساتلاردا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر بولۇپ كەچ قىلىدۇ، مۆئمىن ھالدا كەچ قىلىپ، كاپىرغا ئايلىنىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، نۇرغۇن قەۋملەر دىنىنى، ئىمانىنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە سېتىۋېتىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

تكون دعاة على أبواب جهنم من أجابهم إليها قذفوه فيها هم قوم من جلدتنا يتكلمون بألسنتنا فالزم جماعة المسلمين و إمامهم فإن لم تكن

**جماعة و لا إمام فاعتزل تلك الفرق كلها و لو أن تعض بأصل شجرة حتى يدركك الموت و أنت كذلك ( ه ) عن حذيفة**

2994. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرىگە چاقىرىدىغان چاقىرىقچى، دەۋەتچىلەر بولىدۇ، كىم ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشسا جاۋاب بەرسە، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە تاشلىۋېتىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ تىرمىزىدىكى يەنى سېرىق تەنلىكلەردىن بولغان قەۋم بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىز ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلەيدۇ، شۇ چاغدا مۇسۇلمانلار جامائىتىنى، ئۇلارنىڭ ئىمامىنى، خەلىپىسىنى لازىم تۇت، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا جامائەت، ئىمام، خەلىپە بولمىسا، شۇ پىرقىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغىن، گەرچە سەن دەرەخ يىلتىزلىرىنى چايناپ، يەپ قالساڭمۇ، سىنى ئۆلۈم تاپقانغا قەدەر شۇ ھالەتتە تۇرغىن. (يەنى، گەرچە سەن دەرەخ يىلتىزلىرىنى چايناپ، تۇرمۇش كەچۈرسەڭمۇ، شۇ ھالەتتە سېنى ئۆلۈم تاپسۇن، ئۇ ئازغۇن پىرقىلەرگە ھەرگىز ئەگەشمە) ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ، مۇسلىمدا ئوخششى بار.

**2995 ( حسن ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني . ( حم د ) عن حذيفة .تكون هدنة على دخن: ( قلوب لا تعود على ما كانت عليه ثم تكون دعاة الضلالة فإن رأيت يومئذ خليفة الله في الأرض فالزمه و إن نهك جسمك و أخذ مالك و إن لم تره فاضرب في الأرض و لوأن تموت و أنت عاض على جذل شجرة )**

2995. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇندىن كېيىن، سۈلھى، كېلىشىملەر خالىس ياخشىلىق ئۈستىدە بولماي، ھىقدە، ھەسەد، نۇقسانلار، ئارىلاشما نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ، بۇ دېگەنلىك ، كىشىلەرنىڭ قەلبى، ئەسلى ھالىتىگە قايتمايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاندىن دوۋزاخقا، زالالەتكە چاقىرىدىغانلار بولىدۇ، شۇ كۈنلەردە زېمىندا ئاللاھنىڭ ئىسلام خەلىپىسىنى كۆرسەڭ، گەرچە ئۇ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ، جىسمىڭنى جاراھەتلەندۈرسىمۇ شۇ خەلىپىنى لازىم تۇت، ئەگەر خەلىپە كۆرمىسەڭ، زېمىننىڭ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكىن، گەرچە سەن دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىنى چايناپ ھايات كەچۈرسەڭمۇ، ئۇلارغا ئەگەشمە، بۇ تۇرمۇشۇڭ ئۇلارغا ئەگەشكەندىن ياخشىدۇر، ئەبۇ داۋۇد 3706 - ھەدىس، ئەھمەد 22333 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 3969 - ھەدىس، ھەسەن.

**تلقى الأرض أفلاذ كبدها أمثال الأسطوان من الذهب و الفضة فيجيء القاتل فيقول: في هذا قتلت و يجيء القاطع فيقول: في هذا قطعت رحمي و يجيء السارق فيقول: في هذا قطعت يدي ثم يدعونه فلا يأخذون منه شيئا ( م ن ) عن أبي هريرة**

2996. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىن ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى يەنى كاڭلىرىنى قۇسۇپ، تۈۋرۈكلەردەك ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاشلاپ بېرىدۇ، ئاندىن قاتىل كېلىپ، مەن مانا مۇشۇنى دەپ قاتىللىق قىلغان دېيدۇ، قاراقچى كېلىپ، مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىيلە - رەھىم، تۇغقانلىقنى ئۈزگەن ئىدىم دېيدۇ، ئوغرى كېلىپ، مېنىڭ قولۇم مۇشۇنى دەپ كېسىلگەن دېيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۇنى قالدۇرۇپ قويىدۇ، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھېچ نەرسە ئالمايدۇ، نەسەئى، مۇسلىم 1683 - ھەدىس، تىرمىزى 2124 - ھەدىس، سەھىھ.

**تمرق مارقة عند فرقة بين المسلمين فيقتلها أولى الطائفتين بالحق ( م د ) عن أبي سعيد**

2997. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك يۈز بەرگەندە، تەپرىقچى، بۆلگۈنچى بىر قوشۇن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنى ئىككى تائىپىنىڭ ھەققە يېقىنراقى، ئەلاراقى ئۆلتۈرىدۇ، يەنى ھەققەتچىلەر غەلىبە قىلىدۇ، مۇسلىم 1767 - ھەدىس، بۇ ھەدىس، بۇخارىدا 10 قېتىم كېلىدۇ، 7007 - ھەدىس، نەسەئى 4032 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4136 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 - ھەدىس، ئەھمەد 10855 - ھەدىس، سەھىھ، ئالىملار خاتا پىرقە، خاۋارىجلار بۇلارنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باستۇردى دېدى.

**2998 ( صحيح ) تمسحوا بالأرض فإنها بكم برة ( طص ) عن سلمان**

2998. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىنغا بىرەر نەرسە سالماستىن، ناماز ئوقۇۋېرىڭلار، (ياكى يېتىۋېرىڭلار) ھەقىقەتەن زېمىن سىلەرگە خۇددى ئاتا، بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدۇ، رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ، تەبرانى، سەغىيردا توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى ھەسەن دېگەن ، ۋە يۇقىرىقى شەرھىنى يازغان، ئىمام ئەلبانى سەھىھ دېدى.

2999 ( صحيح ) تمضمضوا و استنشقوا و الأذنان من الرأس ( حل ) عن ابن عباس

2999. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تاھارەتتە ئېغىزىڭلارنى چايقاڭلار، بۇرنۇڭلارغا سۇ ئېلىڭلار، ئىككى قۇلاق، باشنىڭ جۈملىسىدىن، يەنى مەسىھ قىلىنىدۇ، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

3000 ( صحيح ) تنام عيناي و لا ينام قلبي ( ابن سعد ) عن الحسن مرسلا

3000. ھەسەنۇلبەسەرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلايدۇ، قەلبىم ئۇخلىمايدۇ، بۇ ھەدىسنى ئىبنى سەئىد توپلىغان بولۇپ، ئىمام سۇيۇتى زەئىپ دېگەن ، ئىمام ئەلبانى سەھىھ دېگەن ، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ باشقا ھەدىسلەردىن شاھىدى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سەھىھلىغىيرى بولىدۇ.

تنزل المعونة من السماء على قدر المؤنة و ينزل الصبر على قدر المصيبة ( الحسن بن سفيان ) عن أبي هريرة

3001. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياردەم ئاسماندىن چىقىمنىڭ، سىلىنغان مەبلەغنىڭ مىقدارىدا چۈشىدۇ، سەۋرىمۇ مۇسىبەتنىڭ مىقدارىدا نازىل بولىدۇ، (سەۋرى قىلالمىغۇدەك بالا، مۇسىبەت يوق) ھەسەن ئىبنى سوفيان توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن قانچىلىك قىلساق، شۇنچىلىك ئەجىر، ساۋابلار بېرىلىدۇ، نىيەتكە، ئىخلاسقا ئاساسەن كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، بەرىكەت بېرىلىدۇ.

3002 ( صحيح ) تنزهوا من البول فإن عامة عذاب القبر منه ( قط ) عن أنس

3002. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن قەبرە ئازابىنىڭ ھەممىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ، دارىقۇتنى توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى ھەسەن دېگەن ، ئىمام ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

تنكح المرأة لأربع: لمالها و لحسبها و لجمالها و لدينها فاظفر بذات الدين تربت يداك ( ق د ن ه ) عن أبي هريرة

3003. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئايال كىشى تۆت نەرسىنىڭ جەھىتىدىن نىكاھلىنىدۇ، مېلى ئۈچۈن، ھەسەب يۈز ـ ئابرويى، ئىناۋىتى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن نىكاھلاپ ئېلىنىدۇ، گەرچە ئىككى قولۇڭ توپا بولسىمۇ يەنى قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتتە قالساڭمۇ، دىن ئىگىسىنى ئېلىش بىلەن زەپەر قۇچقىن، غەلىبە قىلغىن، (يەنى مال ـ دۇنيا بىلەن چىراي گۈزەللىكىنى قويۇپ، دىنى، ئىمانى بارنى ئال) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە ھەتتا بۇخارى، مۇسلىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

3004 ( حسن ) تهادوا تحابوا ( ع ) عن أبي هريرة .

3004. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆزئارا ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام بېرىشىپ تۇرۇڭلار، شۇنداق قىلغاندا بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، مۇھەببەت، دوستلۇقىڭلار كۈچىيىدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئىمام جالالۇددىين سۇيۇتى سۆز قىلمىغان، ئىمام ناسىرۇددىن ئەلبانى ھەسەن دېدى .

3005( صحيح) توبوا إلى الله تعالى فإني أتوب إليه كل يوم مائة مرة(خد)عن ابن عمر

3005. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەنمۇ ھەر كۈنى ئاللاھقا 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3006** ( صحيح ) توضئوا من لحوم الإبل و لا تتوضئوا من لحوم الغنم و صلوا في مرابض الغنم و لا تصلوا في مبارك الإبل ( حم د ت ه ) عن البراء ( حم م ه ) عن جابر بن سمرة

3006. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۆگە گۆشىنى يېگەندە ، تاھارەت ئېلىڭلار، قوي گۆشىدىن تاھارەت ئالمىساڭلارمۇ بولىدۇ، قوينىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار، تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، ھېكمەت : ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت.

بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل، يەھيا ئىبنى مەئىيىن، ئىسھاق ئىبنى مۇنزىر، ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلار تۆگە گۆشىنى يېسە، تاھارىتى سۇنىدۇ، تاھارەت ئالىدۇ دېدى. جۇمھۇر ئالىملار تۆت خەلىپە، ئىبنى مەسئۇد ، ئىبنى ئاببىاس، ئۇبەي، ئەبۇ دەردائى، ئەبۇ تەلھە، ئامىر، ئەبۇ ئۇمامە، جۇمھۇر تابىئىنلار، مالىك، ئەبۇ ھەنىيفە، شافىئى رەھمەھۇللاھلار تۆگە گۆشىنى يېسە، تاھارەت سۇنمايدۇ، تاھارەت ئالمايدۇ دېگەن ، دەلىلى، ئوت تەگكەن نەرسىدىن تاھارەت ئېلىشنى تەرك ئېتىش، ئىككى ئىشنىڭ ئاخىرى بولدى، يەنى تاھارەت ئېلىنمايدۇ،تاھارەت ئېلىش كۆچكە ئىگە ئەمەس، بۇ دائىرىگە تۆگە گۆشىمۇ كىرىدۇ دېدى، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئىمام نەۋەۋى، بۇ ھەدىس ئام ، تۆگە گۆشىدىكى ھەدىس خاس، خاسقا ئەمەل قىلىنىدۇ دېدى، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ۋەللاھۇ ئەئلەم، تۆگە گۆشىدىن تاھارەتنى ئالسا توسماڭلار، ئالمىسا ئۇ تۆت خەلىپە، تابىئىنلار، ئۈچ ئىماملار يولىدا ماڭغان بولىدۇ سۆز قىلماڭلار.مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى.

**3007** ( صحيح ) توضئوا مما مست النار ( حم م ن ) عن أبي هريرة ( حم م ه ) عن عائشة .

3007. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئوت تەگكەن نەرسىدىن تاھارەت ئېلىڭلار، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسىدىن، تۆگە ، كالا گۆشلىرىنى يېسە ، كاۋاپ يېسە ، تاھارىتى سۇنىدۇ، تاھارەت ئالىدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقاتتى، ئەمما، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ھەدىستە « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاخىرقى ئىشى تاھارەتنى ئالماسلىق بولدى» دېگەن بار، يەنى بۇ يۇقىرىقى ـ ھەدىس مەنسۇخ، كۆچكە ئىگە ئىش بولسا، كۆچكە ئىگە ئەمەس. گۆش يېسە ، كاۋاپ يېسە تاھارىتى سۇنمايدۇ، تاھارەت ئالمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن بولدى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن، نەسەئىدىن ئېلىندى.

**3008** ( حسن ) التائب من الذنب كمن لا ذنب له ( ه ) عن ابن مسعود ( الحكيم ) عن أبي سعيد

3008. ئىبنى مەسئۇد ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۇناھىدىن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچى، گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ، ئىبنى ماجە، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن، تەۋبىنى تەلەپكە لايىق شەرتكە ئۇيغۇن قىلىشى لازىم، دەرھال قول تارتىش، قايتا قىلماسلىق، پۇشايمان قىلىش، كىشى ھەققىنى بېرىشتەك.

**3009** ( صحيح ) التؤدة في كل شيء خير إلا في عمل الآخرة ( د ك هب ) عن سعد .

3009. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەربىر ئىشتا ھەربىر نەرسىدە تەمكىنلىك، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق بەك ياخشى، لېكىن،

ئاخىرەت ئەمەللىرىدە ئىبادەتلەردە ئالدىراش بەك ياخشى، ئەبۇ داۋۇد 4176 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

التؤدة و الاقتصاد و السمت الحسن جزء من أربعة و عشرين جزءا من النبوة (عبد بن حميد طب الضياء) عبدالله

3010. ئابدۇللاھ ئىبنى سىرجەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالدىرىماسلىق، تەمكىنلىك، ئىشلاردا نورمال، ئوتتۇرھال بولۇش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 24 پارچىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، 1/24دۇر. ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3011** ( حسن ) التأني من الله و العجلة من الشيطان ( هب ) عن أنس

3011. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەمكىنلىك، ئاللاھتائالا تەرەپتىندۇر، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىندۇر، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

التثاؤب في الصلاة من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليكظم ما استطاع ( ت حب ) عن أبي هريرة

3012. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازدا تۇرۇپ ئەسنەش، شەيتان تەرەپدىن بولىدۇ، بىرىڭلار نامازدا ئەسنىمەكچى بولسا، (يەنى ئەسنەش تۇتۇپ كەتسە) قادىر بولىشىچە توختىتۋالسۇن، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) التثاؤب من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليرده ما استطاع فإن أحدكم إذا قال: ها ضحك منه الشيطان ( ق ) عن أبي هريرة

3013. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەسنەش، شەيتان تەرەپدىن بولىدۇ. بىرىڭلار ئەسنىمەكچى بولسا، (يەنى ئەسنەش تۇتۇپ كەتسە) قادىر بولىشىچە توختىتۋالسۇن.ئەگەر بىرىڭلار ئەسنىگەندە ‹‹ھـــا!!›› دېسە،شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىدۇ.بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ.

**3014** ( حسن ) التحدث بنعمة الله شكر و تركها كفر و من لا يشكر القليل لا يشكر الكثير و من لا يشكر الناس لا يشكر الله و الجماعة بركة و الفرقة عذاب ( هب ) عن النعمان بن بشير

3014. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش، شۈكرى قىلىشتۇر، (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ سۆزلەش) ئۇنى تەرك ئېتىش، ئېتىراپ قىلماسلىق، نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلىشتۇر، ئازغا شۈكرى قىلمىغان كىشى كۆپكىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ، كىشىلەرنىڭ قىلىپ بەرگەن ياخشىلىقلىرىغا تەشەككۈرنى بىلدۈرمىگەن رەھمەت دېمىگەن كىشى ‹‹جازاكەللاھۇ خەيىر›› دېمىگەن كىشى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ، جامائەت بەرىكەتتۇر، تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ئازابتۇر، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3015** ( صحيح ) التسبيح للرجال و التصفيق للنساء ( حم ) عن جابر

3015. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (نامازدىكى چاغدا، جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغاندا) تەسبىھ ئەرلەرگە، چاۋاك قولدىن ئاۋاز چىقىرىش، ئاياللارغا دۇرۇس بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3016** ( صحيح ) التفل في المسجد خطيئة و كفارته أن يواريه ( د ) عن أنس

3016. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەسجىدگە تۈكۈرۈش خاتالىقدۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

التكبير في الفطر سبع في الأولى و خمس في الآخرة و القراءة بعدهما كلتيهما ( د ) عن ابن عمر

3017. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا ھېيت نامىزىدا بىرىنچى رەكەتتە يەتتە، ئىككىنچى رەكەتتە بەش تەكبىر ئېيتىلىدۇ، ھەر ئىككى رەكەتتە قىرائەت تەكبىردىن كېيىن ئوقۇلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد 971 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ ئالدىدا قۇربان ھېيت نامىزىمۇ مۇشۇنىڭغا ئىشاش خاتىرلەنگەن، ھەسەن.

**3018** ( حسن ) التلبينة مجمة لفؤاد المريض تذهب ببعض الحزن ( حم ق ) عن عائشة

3018. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھالۋا كېسەلنىڭ يۈرىكىنى راھەتلەندۈرىدۇ، ئۇ بىر قىسىم غەم ـ قايغۇلارنى يوقىتىدۇ، ئەھمەد 24036 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىم 4106 ـ ھەدىس، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**3019** ( صحيح ) التمر بالتمر و الحنطة بالحنطة و الشعير بالشعير و الملح بالملح مثلا بمثل يدا بيد فمن زاد و استزاد فقد أربى إلا ما اختلفت ألوانه ( حم م ن ) عن أبي هريرة .

3019. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خورما خورمىغا، بۇغداي بۇغدايغا، ئارپا ئارپىغا، تۇز تۇزغا ئوخشاش باراۋەر ھالدا قولدىن ـ قولغا ئالماشسا، سېتىلسا جائىزە بولمايدۇ. كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ. لېكىن، تۈرلىرى ئالمىشىپ كەتسە، كېرەك يوق، جازانە، ئۆسۈم بولمايدۇ، (يەنى يۇقىرىقىلارنى ئالماشتۇرۇپ، سودا قىلساڭلار بولىدۇ). مۇسلىم 2972. ھەدىس، نەسەئى 4491 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2246 ـ ھەدىس، 1144 ـ ھەدىس سەھىھ.

**3020** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2518** . ) حم ( عن عمار بن ياسر . التيمم ضربة للوجه و ( ضربة للكفين )

3020. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تەيەممۇم دېگەن يۈز ئۈچۈن بىر ئۇرۇشتۇر، ئىككى قول ئۈچۈن يەنە بىر ئۇرۇشتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. (يەنى سۇ بولمىسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئىككى قولنى پاك تۇپراققا بىر ئۇرۇپ، يۈزنى، يەنە بىر ئۇرۇپ ئىككى قولنى سىلايدۇ) مانا بۇ تەيەممۇم دېيىلىدۇ ، بۇ تاھارەت ئورنىدىكى تاھارەتتۇر. تاھارەت ئالغانغا ئوخشاش ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى، ئوخشاش پەرزدۇر.

## ئۈچ چېكىتلىك سە (ث) ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر
## ئۈچ دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر

ثلاث أحلف عليهن: لا يجعل الله تعالى من له سهم في الإسلام كمن لا سهم له و أسهم الإسلام ثلاثة: الصلاة و الصوم و الزكاة و لا يتولى الله عبدا في الدنيا فيوليه غيره يوم القيامة و لا يحب رجل قوما إلا جعله الله معهم و الرابعة لو حلفت عليها رجوت أن لا آثم: لا يستر الله عبدا في الدنيا إلا ستره يوم القيامة ( حم ن ك هب ) عن عائشة ( ع ) عن ابن مسعود ( طب ) عن أبي أمامة .

3021. ئائىشە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن سىلەرگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدىغان ئۈچ ئىش باردۇر.

1. ئاللاھتائالا ئىسلام دىنىدا نېسىۋىسى ، ئۈلۈشى بار كىشىنى، ئىسلام دىنىدا نېسىۋىسى يوق كىشىگە ئوخشاش قىلمايدۇ. ئىسلام دىنىدىكى نېسىۋىلەر ئۈچتۇر، ناماز، زاكات، روزا تۇتۇش. (بۇ ئۈچ ئىش بار كىشىلەر بۇ ئۈچ ئىش يوق كىشىگە ھەرگىز ئوخشاشمايدۇ، مەڭگۈ باراۋەر ئەمەس)

2. ئاللاھتائالا بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىسىگە ئىگە بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ بەندىگە باشقا بىرسىنى ئىگە قىلىپ قويمايدۇ، (ئۇ بەندىگە بۇ دۇنيادا قىيامەت كۈنى ئۆزىدىن باشقا كىشىنى ئىگە قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىگە بولغان ئەمەس، پەقەت ئۆزىلا ئىگە بولىدۇ)

3. بىر كىشى بىرەر قەۋمنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ قەۋملەر بىلەن بىللە قىلىپ قويىدۇ، تۆتىنچى ئىشقا قەسەم قىلسام، گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆتىنچى ئىش بولسا، ئاللاھتائالا بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىنىڭ گۇناھىنى، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپقان بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ چوقۇم ياپىدۇ، رەسۋا قىلمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث أخاف على أمتي: الاستسقاء بالأنواء و حيف السلطان و تكذيب بالقدر ( حم طب ) عن جابر بن سمرة

3022. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۈممىتىمگە ئەنسىرەيدىغان ئۈچ ئىش بار.

1. ئۇلارنىڭ يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىشى.

2. سۇلتان، پادىشاھنىڭ زۇلۇم قىلىشى.

3. تەقدىرنى ئىنكار قىلىشى، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3023** ( صحيح ) ثلاث إذا خرجن لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا: طلوع الشمس من مغربها و الدجال و دابة الأرض ( م ت ) عن أبي هريرة

3023. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە چىقسا، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئىماندا بىرەر ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان كىشىلەرگە ئىمانى ياخشىلىقلىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدۇ، (چۈنكى، بۇ ئۈچ نەرسە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى).

1. كۈننىڭ كىرگەن جايىدىن چىقىشى. 2. دەججالنىڭ چىقىشى.

3. زېمىننىڭ سۆزلەيدىغان ھايۋىنى چىقسا، ھېچ كىشىگە ئىمان پايدا ـ مەنپەئەت بەرمەيدۇ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث أقسم عليهن: ما نقص مال عبد من صدقة و لا ظلم عبد مظلمة صبر عليها إلا زاده الله عز و جل عزا و لا فتح عبد باب مسألة إلا فتح الله عليه باب فقر و أحدثكم حديثا فاحفظوه إنما الدنيا لأربعة نفر: عبد رزقه الله مالا و علما فهو يتقي فيه ربه و يصل فيه رحمه و يعمل لله فيه حقا فهذا بأفضل المنازل و عبد رزقه الله تعالى علما و لم يرزقه مالا فهو صادق النية يقول: لو أن لي مالا لعملت بعمل فلان فهو بنيته فأجرهما سواء و عبد رزقه الله مالا و لم يرزقه علما يخبط في ماله بغير علم لا يتقي فيه ربه و لا يصل فيه رحمه و لا يعمل لله فيه حقا فهذا بأخبث المنازل و عبد لم يرزقه الله مالا و لا علما فهو يقول: لو أن لي مالا لعملت فيه بعمل فلان فهو بنيته فوزرهما سواء ( حم ت ) عن أبي كبشة الأنماري

3024. ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۈچ ئىشقا قەسەم قىلىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەدىقە، زاكات بەرگەنگە مال كاملاپ قالمايدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇمغا سەۋر قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇ بەندىگە ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەرقانداق بىر بەندە سائىللىققا بىر ئىشىكنى ئاچسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە پېقىرلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ، مەن سىلەرگە بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرەي، ئۇنى ئوبدان يادا ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن دۇنيا تۆت نەپەر كىشى ئۈچۈندۇر، بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مال بىلەن ئىلىمنى، رىزىق بېرىدۇ، ئۇ بەندە بۇ مال بىلەن ئىلىمدا پەرۋەردىگارىدىن قورقۇپ، تەقۋالىق قىلىدۇ، سىيلە ـ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ئۈچۈنلا ھەق، توغرا ئەمەللەرنى قىلىدۇ، مانا بۇ كىشى مەنزىللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدە بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا ئىلىمنى رىزىق بېرىپ، مالنى بولسا، رىزىق بەرمەيدۇ، بۇ بەندىنىڭ نىيىتى سەمىمىي،

سادىق، راستچىل بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ، كاشكى، مېنىڭمۇ مېلىم بولغان بولسا، پالانىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى قىلاتتىم! بۇ كىشى نىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئاشۇ ياخشى ئەمەل قىلغان كىشى بىلەن بۇنىڭ ئەجرى، ساۋابى باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مال ـ دۇنيا بېرىپ، ئىلىم بەرمەيدۇ، بۇ كىشى مال ـ دۇنياسىدا ئىلىمسىز پاتقاقتا پېتىپ، قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىدۇ، مال ـ دۇنياسىدا پەرۋەردىگارىدىن قورقمايدۇ، تەقۋالىق قىلمايدۇ، سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ئۇ ماللاردا ھەق ئەمەللەرنى قىلمايدۇ، مانا بۇ كىشى مەنزىللەرنىڭ ئەڭ نىجىس، پايتىسىدا بولىدۇ. يەنە بىر بەندىگە ئاللاھتائالا مالمۇ، ئىلىممۇ بەرمەيدۇ، بۇ ئىلىمسىز مۇنداق دەيدۇ، كاشكى مېنىڭمۇ مال ـ دۇنيالىرىم بولسا، پالانىدەك ئەمەللەرنى قىلاتتىم! (بۇ پالانى يامان كىشى بولۇپ، ئەمەللىرىمۇ يامان) بۇ بەندىمۇ نىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ يامان ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ گۇناھى باراۋەر، ئوخشاش بولىدۇ، (چۈنكى، بۇ رازى بولۇپ ئارزۇ قىلدى) ياكى ئەجرىدە باراۋەر ئوخشاش بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**ثلاث أقسم عليهن: ما نقص مال قط من صدقة فتصدقوا و لا عفا رجل عن مظلمة ظلمها إلا زاده الله تعالى بها عزا فاعفوا يزدكم الله عزا و لا فتح رجل على نفسه باب مسألة يسأل الناس إلا فتح الله عليه باب فقر ( ابن أبي الدنيا في ذم الغضب ) عن عبدالرحمن بن عوف**

3025. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسىگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەدىقە، زاكات بەرگەندىن، مال ھەرگىز كاملاپ كەتمەيدۇ، سەدىقە قىلىڭلار، بىر كىشى ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇمنى ئەپۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئىززەتنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، ئەپۇ قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئىززەتنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، بىر كىشى ئۆزىگە، سائىلىلىقنىڭ، دىۋانىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللا ئۇ كىشىگە پېقىرلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

**3026 ( صحيح ) ثلاث إن كان في شيء شفاء فشرطة محجم أو شربة عسل أو كية تصيب ألما و أنا أكره الكي و لا أحبه ( حم ) عن عقبة بن عامر .**

3026. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە بولۇپ، ئەگەر بىرەر نەرسىدە كېسەلگە شىپا بولۇپ قالسا، ئاشۇ ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ.

قان ئالدۇرۇش، 2. ھەسەل ئىچىپ بېرىش، 3. ئوتتا داغلاپ داۋالاش، بۇ كىشىگە ئەلەم، ئاغرىقنى يەتكۈزىدۇ، مەن ئوتتا داغلاپ داۋالاشنى ياقتۇرمايمەن، ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمەيمەن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**ثلاث جدهن جد و هزلهن جد: النكاح و الطلاق و الرجعة ( د ت ه ) عن أبي هريرة**

3027. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسىنىڭ راستىمۇ راست، چاخچىقىمۇ راست، بىرى نىكاھ، ئىككىنچى تالاق، ئۈچىنچى رەجئى تالاق قىلغۇچىنىڭ ئايالىغا قايتىۋېلىشى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسىدىن، چاقچاق قىلىپ نىكاھ ئوقۇسا، تالاق قىلسا، تالاق قىلغۇچى ئايالىغا قايتىۋالسا، بۇ راستقا ئوخشاشتۇر، راستتۇر.

**3028 ( صحيح ) ثلاث حق على كل مسلم: الغسل يوم الجمعة و السواك و الطيب ( ش ) عن رجل**

3028. بىر ساھابىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ھەق بولدى، 1. جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش، 2. مسۋاك سىلىش، 3. خۇشپۇراق ئەتىر ئىستىمال قىلىش، بۇ ئۈچ نەرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

**(صحيح) ثلاث خصال من سعادة المرء المسلم في الدنيا: الجار الصالح و المسكن الواسع و المركب الهنيء (حم طب ك ) عن نافع بن عبدالحارث**



www.uyghurkitap.com

3029. ناپىئ ئىبنى ئابدۇھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ خىسلەت ئىش مۇسۇلماننىڭ بۇ دۇنيادىكى بەخت ـ سائادىتىدۇر، سالىھ، ياخشى قوشنا ، كەڭرى ئۆي، تۇرالغۇ جاي، مۇلايىم ياخشى مەركەپ، يەنى مىنىدىغان ئۇلاغ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

ثلاث دعوات مستجابات: دعوة الصائم و دعوة المظلوم و دعوة المسافر ( عق هب ) عن أبي هريرة .

3030. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ دۇئا ئىجابەت بولىدۇ، روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، بەيھەقى، ئۇقەيلى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث دعوات مستجابات لا شك فيهن: دعوة الوالد على ولده و دعوة المسافر و دعوة المظلوم ( حم خد د ت ) عن أبي هريرة

3031. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ دۇئا شەكسىز ئىجابەت بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان ، ھەسەن.

( حسن ) ثلاث دعوات لا ترد: دعوة الوالد لولده و دعوة الصائم و دعوة المسافر ( أبو الحسن بن مهرويه في الثلاثيات الضياء ) عن أنس

3032. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ دۇئا ھەرگىز رەت قىلىنمايدۇ، يەنى قايتۇرۇلماي ئىجابەت بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ، روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى، ئەبۇلھەسەن، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

ثلاث دعوات يستجاب لهن لا شك فيهن: دعوة المظلوم و دعوة المسافر و دعوة الوالد لولده ( ه ) عن أبي هريرة

3033. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ دۇئا شەكسىز ئىجابەت قىلىنىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ، مۇساپىرنىڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

3034 ( حسن ) ثلاث فيهن شفاء من كل داء إلا السام: السنا و السنوت ( ن ) عن أنس .

3034. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسىدە ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلگە شىپا باردۇر، بىرى سەنا دېگەن ئۆسۈملۈك، ئىككىنچىسى ھەسەل. نەسەئى توپلىغان، ھەسەن. ئۈچىنچى نەرسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىمىگەن، ئىمام سۇيۇتى جامىئۇسسەغىيردا بۇ ئۈچىنچى نەرسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىمىگەن، بۇ كېيىنكىلەرنىڭ خاتالىقى، نۇسخىنىڭ بېسىپ نەشر قىلىشنىڭ خاتالىقى ئەمەس، بەلكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىدۇ دەپ سۆزلىمىگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن. ئىبنى ماجەدە ئوخششى باردۇر.

ثلاث كلهن حق على كل مسلم: عيادة المريض و شهود الجنازة و تشميت العاطس إذا حمد الله ( خد ) عن هريرة

3035. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققى بولىدۇ، كېسەل يوقلاش، جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇش، چۈشكۈرگۈچى، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسا، يەرھەمۇكەللاھ دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، بۇخارى ئەدەپ ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ھەسەن.

3036 ( صحيح ) ثلاث للمهاجر بعد الصدر ( خ ه ) عن العلاء بن الحضرمي

3036. ئىسلا ئىبنى ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاجىلار قايتىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇشى

دۇرۇس بولىدۇ، (بۇ ھەدىسنى ھەجەتۇلۋىدادا دېگەن بولۇپ، مەككىدىن چىقىپ كەتكەن مۇھاجىرلار، ئۈچ كۈن تۇرۇپ يەنە مەدىنىگە قايتىدۇ) بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3037** ( صحيح ) ثلاث لم تزلن في أمتي: التفاخر بالأحساب و النياحة و الأنواء ( ع ) عن أنس

3037. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ ئىش ئۈممىتىم ئىچىدە داۋام قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئۈچ ئىشنى تەرك ئېتەلمەيدۇ، ھەسەب، نەسەب، يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋەت بىلەن پەخىرلىنىش، ئۆلگەنلەرگە ئاۋازلىق يىغلاش، يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىش، ئەبۇيەئلا توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث من أخلاق النبوة:تعجيل الإفطار و تأخير السحور و وضع اليمين على الشمال في الصلاة طب)عن الدرداء

3038. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە، پەيغەمبەرلەر ئەخلاقلىرىدىندۇر، رامزاندا ئىپتارنى بۇرۇن قىلىش، زوھۇرلۇقنى كېيىن يېيىش، (يەنى سۈبھىگە قىستاپ يېيىش) نامازدا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇش، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث منجيات: خشية الله تعالى في السر و العلانية و العدل في الرضا و الغضب و القصد في الفقر و الغنى و ثلاث مهلكات: هوى متبع و شح مطاع و إعجاب المرء بنفسه ( أبو الشيخ في التوبيخ طس ) عن أنس

3039. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئازابدىن قۇتقۇزغۇچى ئۈچ نەرسە بار.

1. مەخپىي يوشۇرۇن ھالەتتىمۇ، ئاشكارا ھالەتتىمۇ ئاللاھتائالادىن قورقۇش.

2. رازى بولغان چاغدىمۇ غەزەپ قىلىپ، ئاچچىقى كەلگەندىمۇ ئادىل بولۇش.

3. پېقىرلىقتىمۇ، باي ھالەتتىمۇ نورمال، ئوتتۇرھال بىر خىل بولۇش، ھالاك قىلغۇچى ئۈچ نەرسە بار.

1ـ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش.

2ـ ئىنائەت قىلىنغان بېخىللىق.

3ـ ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشى، ئەبۇشەيخ،تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**3040** ( صحيح ) ثلاث من فعل أهل الجاهلية لا يدعهن أهل الإسلام: استسقاء بالكواكب و طعن في النسب و النياحة على الميت ( تخ طب ) عن جنادة بن مالك

3040.جۇنادەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :جاھالىيەت ئەھلىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئۈچ نەرسە بولۇپ،ئىسلام ئەھلىمۇ بۇ ئۈچ نەرسىنى تەرك ئېتەلمەيۋاتىدۇ.

1ـ يۇلتۇزلار بىلەن سۇ تەلەپ قىلىش، يامغۇرنىڭ سەۋەبىنى يۇلتۇزدىن كۆرۈش.

2. نەسەبتە تەنە قىلىشىش.

3. مېيىتكە ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاشتۇر، تەبرانى، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئۈچ ئىش جاھالىيەت ئىشى بولغاچقا ھارامدۇر.

ثلاث من فعلهن فقد طعم طعم الإيمان: من عبد الله وحده و أنه لا إله إلا الله و أعطى زكاة ماله طيبة بها نفسه رافدة عليه كل عام و لا يعطي الهرمة و لا الدرنة و لا المريضة و لا الشرط اللئيمة و لكن من أوسط أموالكم فإن الله لم يسألكم خيره و لم يأمركم بشره و زكى نفسه ( د ) عن عبدالله بن معاوية الغاضري

3041. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ ئىش بار، كىم بۇ ئۈچ ئىشنى قىلسا، ئىماننىڭ لەززىتىنى، تەمىنى تېتىيدۇ.

1. كىم يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق.

2. مېلىنىڭ زاكىتىنى چىن قەلبىدىن، كۆڭلىدىن رازى بولۇپ، ھەر يىلى ئىئانە قىلغان ھالدا بەرسە، (ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلغان بولىدۇ)، زاكات بېرىشتە قېرى، ئاجىزنى ،تەمرەتكىلىكنى، كېسەل ھايۋاننى، پەسكەش رەزىل، ناچارنى، ئەسكىنى بەرمەسلىكى لازىم. لېكىن، مېلىڭلارنىڭ ئوتتۇرىھاللىرىنى بېرىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مالىنىڭ بەك ياخشىسىنى بېرىشكە ياكى يامىنىنى ناچىرىنى بېرىشكە بۇيرىمايدۇ، ئوتتۇرىھالنى بۇيرۇيدۇ.

3. نەپسىنى پاكلىغان كىشى، (مانا مۇشۇ ئۈچ ئىشنى قىلسا، ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ) ئەبۇ داۋۇد 1349 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3042** ( صحيح ) ثلاث من كل شهر و رمضان إلى رمضان فهذا صيام الدهر كله ( م د ن ) عن أبي قتادة

3042. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، رامزان كېلەر رامزانغىچە مانا بۇ پۈتۈن زاماندا پۈتۈن ۋاقىتتا روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بىرگە ئونى بېرىلگەچكە، ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زاماندا روزا تۇتۇش بولىدۇ، رامزان روزىسىدىن باشقا ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتايلى.

**3043** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2554** . ( رستة في الإيمان أبو الشيخ في التوبيخ ) عن أنس . ثلاث من كن فيه فهو منافق و إن صام و صلى ( و حج و اعتمر و قال: إني مسلم: من إذا حدث كذب و إذا وعد أخلف و إذا ائتمن خان )

3043. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئىش بولۇپ، كىمدە بۇ ئۈچ ئىش مەۋجۇت بولىدىكەن، گەرچە ئۇ ناماز ئوقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ، ھەج قىلسىمۇ مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ، يەنىلا مۇناپىق ھېسابلىنىدۇ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدىغان، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدىغان، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان كىشى. ئەبۇشەيخ بىلەن رۇستەت توپلىغان، سەھىھ.

ثلاث من كن فيه وجد حلاوة الإيمان: أن يكون الله و رسوله أحب إليه مما سواهما و أن يحب المرء لا يحبه إلا لله و أن يكره أن يعود في الكفر بعد إذ أنقذه الله منه كما يكره أن يلقى في النار ( حم ق ت ن ه ) عن أنس

3044. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدە ئۈچ ئىش بولىدىكەن، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى، لەززىتىنى تېتىيدۇ.

بىرىنچى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈك، دوستراق بولۇشى.

ئىككىنچى، ئۇ مۇسۇلمان دوستىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتۇشى.

ئۈچىنچى، ئاللاھتائالا ئۇنى كۇفرىلىقدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، خۇددى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشنى ياقتۇرمىغاندەك ئۇ كۇفرىلىققا قايتىشنى قەتئىي ياقتۇرماسلىقدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇخارى ،مۇسلىمدىمۇ بار. سەھىھ.

ثلاث مهلكات و ثلاث منجيات و ثلاث كفارات و ثلاث درجات ; فأما المهلكات: فشح مطاع و هوى متبع و إعجاب المرء بنفسه و أما المنجيات: فالعدل في الغضب و الرضا و القصد في الفقر و الغنى و خشية الله تعالى في السر و العلانية ; و أما الكفارات: فانتظار الصلاة بعد الصلاة و إسباغ الوضوء في السبرات و نقل الأقدام إلى الجماعات ; و أما الدرجات: فإطعام الطعام و إفشاء السلام و الصلاة بالليل و الناس نيام ( طس ) عن ابن عمر

3045. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالاك قىلغۇچى ئۈچ نەرسە بار، قۇتقۇزغۇچى ئۈچ نەرسە بار، كاپارەت بولىدىغان ئۈچ نەرسە، دەرىجە بولىدىغان ئۈچ نەرسە باردۇر، ئەمما، ھالاك قىلغۇچىلار بولسا، ئىتائەت قىلىنغان، بېخىللىق

ئەگىشىلىپ كېتىلگەن، ھاۋايى ـ ھەۋەس كىشىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشىدۇر، ئەمما قۇتقۇزغۇچىلار بولسا، غەزەپ قىلغاندىمۇ رازى بولغاندىمۇ ئادىل بولۇش، پېقىرلىقتىمۇ، باي ھالەتتىمۇ ئوتتۇرھال، بىر خىل بولۇش، ئاشكارا، يوشۇرۇن ھالەتتە ئاللاھتائالادىن قورقۇش، ئەمما، كاپارەت بولىدىغان ئۈچ نەرسە بولسا، نامازدىن كېيىن، نامازغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاش، قاتتىق سوغۇقتىمۇ مۇشەققەتلىك چاغلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، جامائەتكە كۆپ چىقىش، ئەمما، دەرىجە بولىدىغان ئۈچ نەرسە بولسا، سالامنى ئاشكارا، كەڭرى قىلىش، تائام بېرىش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلەردە ناماز ئوقۇشتۇر، بۇ ھەدىس ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى ھەسەن دېگەن ، چۈنكى، بۇنىڭ ئايەتتىن سەھىھ ھەدىسلەردىن شاھىدى بار.

**3046** ( حسن ) ثلاث لا ترد: الوسائد و الدهن و اللبن ( ت ) عن ابن عمر

3046. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە رەت قىلىنمايدۇ، ياغ، سۈت، كىشىنىڭ ئاستىغا سېلىنىغان ياستۇق، كۆرپە، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**3047** ( حسن ) ثلاث لا يجوز اللعب فيهن: الطلاق و النكاح و العتق ( طب ) عن فضالة بن عبيد .

3047. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسىدە ئوينىشىشقا، چاقچاق قىلىشقا قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، تالاق، نىكاھ، قۇل ئازاد قىلىش، (بۇنىڭ چاخچىقىمۇ راستتۇر) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3048** ( صحيح ) ثلاث لا يمنعن: الماء و الكلأ و النار ( ه ) عن أبي هريرة

3048. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە كىشىلەردىن چەكلەنمەيدۇ، توسۇپ قېلىنمايدۇ، سۇ، ئوت ـ چۆپ، ئوتتۇر، (يەنى ئېچىدىغان سۇ، يايلاق، ياقىدىغان ئوت) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3049** ( حسن ) ثلاثة تستجاب دعوقم: الوالد و المسافر و المظلوم ( حم طب ) عن عقبة بن عامر .

3049. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر ، ئاتا ـ ئانىنىڭ، مۇساپىرنىڭ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

ثلاثة حق على الله تعالى عونهم: المجاهد في سبيل الله و المكاتب الذي يريد الأداء و الناكح الذي يريد العفاف( حم ت ن ه ك ) عن أبي هريرة

3050. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە ياردەم بېرىشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالدى، 1ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىد، 2ـ قەرزنى ئادا قىلىشنى ئىرادە قىلغان مۇكاتەپ قۇل، (يەنى مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسەڭ سەن ئازاد دېيىلگەن قۇل) 3ـ ئىپپەتلىك بولۇشنى ئىرادە قىلغان، نىكاھلانغۇچى توي قىلغۇچى كىشى، ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

ثلاثة في ضمان الله عز و جل: رجل خرج إلى مسجد من مساجد الله عز و جل و رجل خرج غازيا في سبيل الله تعالى و رجل خرج حاجا ( حل ) عن أبي هريرة

3051. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشى ئاللاھتائالانىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن بىرەر مەسجىدكە چىققان كىشى، ئاللاھتائالانىڭ يولىدا غازى، جەڭچى بولۇپ چىققان كىشى، ھەج قىلغۇچى بولۇپ چىققان كىشى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة قد حرم الله عليهم الجنة: مدمن الخمر و العاق و الديوث الذي يقر في أهله الخبث ( حم ) عن ابن عمر

3052. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە ئاللاھتائالا جەننەتنى جەزمەن ھارام قىلدى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى زاباي كىشىگە، ئاتا - ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەدەن قاققۇچىغا، ئەھلىگە نىجىس كىشىنى، پاھىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان، خوتۇن قىزلىرىدىن كۈندەشلىك قىلمايدىغان، دەيۈزگە جەننەتنى ھارام قىلدى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة كلهم ضامن على الله: رجل خرج غازيا في سبيل الله فهو ضامن على الله حتى يتوفاه فيدخله الجنة أو يرده بما نال من أجر أو غنيمة و رجل راح إلى المسجد فهو ضامن على الله حتى يتوفاه فيدخله الجنة أو يرده بما نال من أجر و رجل دخل بيته بسلام فهو ضامن على الله ( د حب ك ) عن أبي أمامة

3053. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ.

بىرىنچى، ئاللاھ يولىدا غازى، جەڭچى بولۇپ چىققان كىشى، ئۇ ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ ۋاپات تاپقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ياكى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتۇرىدۇ.ئىككىنچى، ئەتىگەندە مەسجىدكە ماڭغان كىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ تاكى ئۇنى ۋاپات تاپقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزگەنگە قەدەر ياكى ئۇ ئېرىشكەن ئەجىر، ساۋاب بىلەن ئۆيىگە قايتۇرغانغا قەدەر، ئاللاھتائالا كېپىلدۇر.ئۈچىنچى، ئۆيىگە سالام قىلىپ كىرگەن كىشى، ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ، بۇ كىشىگىمۇ ئاللاھ كېپىلدۇر، ئەبۇ داۋۇد 2133 - ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3054** ( صحيح ) ثلاثة من أعمال الجاهلية لا يتركهن الناس: الطعن في الأنساب و النياحة على الميت و قولهم مطرنا بنوء كذا و كذا ( طب ) عن عمرو بن عوف .

3054. ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جاھالىيەت ئەمەللىرىدىن ئۈچ نەرسە بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئۈچ نەرسىنى تەرك ئېتەلمەيۋاتىدۇ، نەسەبلەردە تەنە قىلىش، مېيىتقا ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش، ئۇلارنىڭ يامغۇر پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن پالانى يۇلتۇزدىن چۈشتى دېيىشلىرى ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة من الجاهلية: الفخر بالأحساب و الطعن في الأنساب و النياحة ( طب ) عن سلمان

3055. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە جاھالىيەت قىلىقدىندۇر، يۈز - ئابرۇي ئىناۋەت بىلەن پەخىرلىنىش، نەسەبلەردە تەنە قىلىش، مېيىتقا ئاۋازلىق يىغلاش، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة من السعادة و ثلاثة من الشقاء فمن السعادة: المرأة الصالحة تراها فتعجبك و تغيب عنها فتأمنها على نفسها و مالك و الدابة تكون و طيئة فتلحقك بأصحابك و الدار تكون واسعة كثيرة المرافق و من الشقاء: المرأة تراها فتسوؤك و تحمل لسانها عليك و إن غبت عنها لم تأمنها على نفسها و مالك و الدابة تكون قطوفا فإن ضربتها أتعبتك و إن تركتها لم تلحقك بأصحابك و الدار تكون ضيقة قليلة المرافق ( ك ) عن سعد .

3056. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ نەرسە بەخت - سائادەتتىن ھېسابلىنىدۇ، ئۈچ نەرسە بولسا، جاپا - مۇشەققەتتۇر، بەختنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئۈچ نەرسە؛بىرىنچى، سالىھ، ياخشى ئايال، قارىساڭ سىنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن غايىب بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ، ئۆز نەپسىگە، مېلىڭغا ياخشى ئىگە بولۇپ، سېنى خاتىرجەم قىلىدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ.

ئىككىنچى، مۇلايىم، قولغا يېقىن، سىنى ھەمراھلىرىڭنىڭ، قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغان ھايۋان.

ئۈچىنچى، ياخشى خوشنىلىرى، ھەمراھلىرى كۆپ، كەڭرى ئۆي. جاپا - مۇشەققەت بولغان ئۈچ نەرسە يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسى.

1. ناچار خوتۇن، قارىساڭ سىنى خاپا قىلىدۇ، تىلىنى سىنىڭ زىيىنىڭغا ئىشقا سالىدۇ، ئاغزى بىزەپ، سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ، ئۆزىگە، مېلىڭغا ياخشى ئىگە بولمايدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، سىنى خاتىرجەم قىلمايدۇ.

2. ئۇششاق قەدەم ئالىدىغان، ئاستا ماڭىدىغان قوتۇر ھايۋان، ئەگەر ئۇرساڭ سېنى تېخمۇ جاپا ـ مۇشەققەتتە قويىدۇ، جىم قويساڭ، سېنى قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېشىغا يات ئاپارمايدۇ.
3. ياخشى خوشنىلىرى يوق، ھەمراھلىرى ئاز بولغان تار ھويلىدۇر، بۇلار جاپا ـ مۇشەققەتتۇر، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3057** ( حسن ) ثلاثة لا تجاوز صلاتهم آذانهم: العبد الآبق حتى يرجع و امرأة باتت و زوجها عليها ساخط و إمام قوم و هم له كارهون ( ت ) عن أبي أمامة

3057. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى قۇلىقىدىن يۇقىرى ئۆرلىمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ) قاچقان قۇل، خوجايىنىغا قايتىپ كەلمىگۈچە نامىزى قوبۇل ئەمەس، ئېرى غەزەپ قىلىپ، كايىپ، ئاچچىقلىغان ھالدا ياتقان ئايال كىشى، (يەنى بىللە بولۇشنى رەت قىلغان)، ئۈچىنچىسى بولسا، بىر قەۋمنىڭ ئىمامى بولۇپ، بۇ قەۋم ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا تسأل عنهم: رجل فارق الجماعة و عصى إمامه و مات عاصيا و أمة أو عبد أبق من سيده فمات و امرأة غاب عنها زوجها و قد كفاها مؤنة الدنيا فتبرجت بعده فلا تسأل عنهم ( خد ع طب ك هب ) عن فضالة بن عبيد

3058. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشى توغرىسىدىن سوئال سورىما.
بىرىنچى، جامائەتتىن ئايرىلىپ چىققان، ئىمام، خەلىپىگە ئاسىيلىق قىلغان، ئاسىي ھالەتتە ئۆلگەن كىشى.
ئىككىنچى، دېدەك، چۆرە ياكى بىر قۇل خوجايىنىدىن قېچىپ شۇ ھالەتتە ئۆلدى.
ئۈچىنچى، ئېرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن غايىپ بولغان ئايال كىشى بولۇپ ئېرى بۇ ئايالنىڭ دۇنيادىكى بارلىق چىقىملىرىغا كۆپايە قىلغان، بۇ ئايال ئېرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ھامان جاھالىيەتلەرچە ياسىنىدۇ، زىننەت قىلىدۇ، مانا مۇشۇ ئۈچ كىشىدىن گەپ سورىما، (يەنى بۇلارنىڭ گۇناھى، جىنايىتى بەكمۇ ئېغىردۇر) بەيھەقى، ھاكىم، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا تسأل عنهم: رجل ينازع الله إزاره و رجل ينازع الله رداءه فإن رداءه الكبرياء و إزاره العز و رجل في شك من أمر الله و القنوط من رحمة الله ( خد ع طب ) عن فضالة بن عبيد .

3059. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشى توغرىسىدا سوئال ، گەپ سوراپ يۈرمە، (چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇناھى قاتتىق ئېغىردۇر)
بىرىنچى، ئاللاھنىڭ ئىزارنى، ئىشتىنىنى تالاشقان كىشى.
ئىككىنچى، ئاللاھنىڭ رىداسىنى تالاشقان كىشى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ رىداسى، كىبرىسى، ئۇلۇغلۇقى، چوڭچىلىقىدۇر، تەكەببۇرلۇق ئاللاھقا خاستۇر، ئىزارى بولسا، ئىززىتى، غالىبلىقى بولۇپ، بۇمۇ ئاللاھقا خاستۇر.
ئۈچىنچىسى، ئاللاھنىڭ ئىشىدا ئەمرىدە شەك قىلغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىدۇر، (بۇ ئۈچىنىڭ گۇناھى چېكىدىن ئاشقاندۇر) تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3060** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **2594** . ( البزار ) عن بريدة . ثلاثة لا تقربهم الملائكة: السكران و المتضمخ بالزعفران ( و الحائض و الجنب )

3060. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە پەرىشتىلەر يېقىن كەلمەيدۇ.
1ـ مەست كىشى، 2ـ زەئىپران دېگەن رەڭلىك خۇشپۇراق نەرسىگە قېنىپ، بويىنىۋالغۇچى، 3ـ ھەيزدار ئايال بىلەن جۇنۇپ كىشى، بەزار توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئەلبانى ھەيزدار ئايال دېگىنىنى زەئىپ دېگەن .

**ثلاثة لا تقربهم الملائكة: جيفة الكافر و المتضمخ بالخلوق و الجنب إلا أن يتوضأ ( د ) عن عمار بن ياسر**

3061. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە پەرىشتىلەر يېقىن كەلمەيدۇ، 1 ـ كاپىرنىڭ جەسەت، تاپى، 2 ـ خەلۇق ئىسمىلىك، رەڭلىك، خۇشپۇراق نەرسە بىلەن بويىنىۋالغۇچى، 3 ـ جۇنۇپ كىشى، لېكىن، جۇنۇپنىڭ كىچىك تاھارەت ئېلىۋېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

(يۇقىرىقى ھەدىستىكى دېيىلگەن پەرىشتىلەر، رەھمەت، پەرىشتىلىرىدۇر، ئازاب پەرىشتىلىرى، كۆزەتچىلەر كىرىۋېرىدۇ، كاتىپلار يېزىۋېرىدۇ).

**ثلاثة لا يدخلون الجنة أبدا: الديوث و الرجلة من النساء و مدمن الخمر ( طب ) عن عمار بن ياسر**

3062. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ تۈرلۈك كىشى مەڭگۈ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، 1 ـ خوتۇن ـ قىزلىرىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى كۈنلىمەيدىغان، كۈندەشلىك قىلمايدىغان، دەيۈز كىشى، 2 ـ ھەر جەھەتتىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئايال كىشى، 3 ـ ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى زاباي كىشى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ۋە باشقا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىدىن توسقان، لەنەت قىلغان ھەدىسلەردىن ئەر، جىنسى ئەزاسىنى ئايالغا ئۆزگەرتسە، ئايال ئەرگە ئۆزگەرتسە، قەتئىي ھارامدۇر.

**ثلاثة لا يدخلون الجنة: العاق لوالديه و الديوث و رجلة النساء ( ك هب ) عن ابن عمر**

3063. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاققۇچى، كۈندەشلىكى يوق، دەيۈز كىشى، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئايال كىشى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلىنغان، بۇ قاتتىق مەنئى قىلىنغان.

**ثلاثة لا يرد الله دعاءهم: الذاكر الله كثيرا و المظلوم و الإمام المقسط ( هب ) عن أبي هريرة .**

3064. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئاللاھتائالا رەت قىلماي، ئىجابەت قىلىدۇ، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ تۇرغۇچى زاكىر كىشى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ئادىل ئىمامدۇر، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**ثلاثة لا يقبل الله منهم يوم القيامة صرفا و لا عدلا: عاق و منان و مكذب بالقدر ( طب ) عن أبي أمامة**

3065. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىدىن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى، نەپلە ئىبادەتلىرىنى، پەرز ئىبادەتلىرىنى، فىدىيەسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بىرىنچى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى، ئىككىنچى، سۇخەنچى، ئۈچىنچى، تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچى كىشى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة و لا ينظر إليهم: رجل حلف على سلعته لقد أعطي بها أكثر مما أعطي و هو كاذب و رجل حلف على يمين كاذبة بعد العصر ليقتطع بها مال رجل مسلم و رجل منع فضل مائه فيقول الله: اليوم أمنعك فضلي كما منعت فضل ما لم تعمل يداك ( ق ) عن أبي هريرة .**

3066. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ.

1. مېلىنى يالغان قەسەم قىلىپ ساتقان كىشى بولۇپ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا شۇ يالغان قەسەم سەۋەبىدىن بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن كۆپرەك بېرىلىدۇ.

2. مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىۋېلىش ، يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن يالغان قەسەم قىلغان كىشى.

3. سۈيىنىك ئاشقىنىنى باشقىلارغا بەرمەي چەكلىگەن كىشى بولۇپ، بۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سېنىڭ ئىككى قولۇڭ ھېچ ئەمەل خىزمەت قىلمىغان سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى سەن بەرمىگەنىدەك، بۈگۈن مەن مېنىڭ پەزلىمنى، رەھمىتىمنى، ساڭا بەرمەي چەكلەپ قويىمەن دەيدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة و لا ينظر إليهم و لا يزكيهم و لهم عذاب أليم: المسبل إزاره و المنان الذي لا يعطي شيئا إلا منه و المنفق سلعته بالحلف الكاذب ( حم م 4 ) عن أبي ذر

3067. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بولىدۇ، بىرىنچى: ئىشتىنىنى تۇشۇقىدىن ئۇزۇن كىيىگۈچى، ئىككىنچى، مىننەت قىلغۇچى كىشى، ئۈچىنچى، يالغان قەسەم قىلىپ، مال ساتقۇچى، يالغان قەسەم بىلەن سودىسىنى راۋاجلاندۇرغۇچى، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة و لا ينظر إليهم و لا يزكيهم و لهم عذاب أليم: رجل على فضل ماء بالفلاة يمنعه من ابن السبيل و رجل بايع رجلا بسلعة بعد العصر فحلف له بالله لأخذها بكذا و كذا فصدقه و هو على غير ذلك و رجل بايع إماما لا يبايعه إلا لدنيا فإن أعطاه منها وفى و إن لم يعطه لم يف ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة .

3068. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدۇ، رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەردلىك ئازاب بار.

1. چۆل ـ باياۋاندا مۇساپىردىن سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى بەرمەي، چەكلەيدىغان كىشى.

2. ئەسىردىن كېيىن بىر كىشىگە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، بۇنى مەن مانچىلىك پۇلغان ئالغان، پالانى يەنگە ئالغان دەپ مېلىنى قىممەت ساتقان كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى بۇنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ، مالنى قىممەت ئالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ يالغان قەسەم قىلغاندۇر، (ئەسىردىن كېيىن دېگەن سۆزنى قوشۇپ كەلتۈرۈش، بۇنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، ئالىملار بۇ نامازدىن كېيىن بولۇپمۇ جامائەت بار جايدا تاھارەت بىلەن يالغان قەسەم قىلىش، گۇناھى كەبىرە دېدى)

3. ئىمام، خەلىپىگە پەقەت دۇنيا ئۈچۈنلا بەيئەت قىلغان كىشى بولۇپ، ئەگەر مال ـ دۇنيا بەرسە ۋاپا قىلىدۇ، بەرمىسە، ۋاپا قىلمايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يۇقىرىقى ئىشلار گۇناھى كەبىرە ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھارامدۇر، چۈنكى، ئازاب ۋەدە قىلىندى، ئى تىجارەتچىلەر! قەسەم قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار.

3069 ( صحيح ) ثلاثة لا يكلمهم الله يوم القيامة و لا يزكيهم و لا ينظر إليهم و لهم عذاب أليم: شيخ زان و ملك كذاب و عائل مستكبر( م ن ) عن أبي هريرة

3069. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارغا دەردلىك ئازاب باردۇر، قېرى شەيخ زىناخور، يالغانچى كاززاپ پادىشاھ، مۇتەكەببىر كىبىرسى بار پېقىردۇر، مۇسلىم بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3070 ( حسن ) ثلاثة لا ينظر الله إليهم غدا: شيخ زان و رجل اتخذ الأيمان بضاعة يحلف في كل حق و باطل و فقير مختال يزهو ( طب ) عن عصمة بن مالك

3070. ئەسمەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئەتە يەنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، قېرى زىناخور، ھەر قانداق ھەقىقەتكىمۇ، باتىلغىمۇ قەسەم قىلىۋېرىدىغان، قەسەم، ۋەدىلەرنى دەستەك قىلىۋېلىپ، پايدا تاپىدىغان كىشى، قەسەم ئۈنىڭ ئۈچۈن مالدۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، پەخىرخور، مۇتەكەببىر پېقىر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

ثلاثة لا ينظر الله إليهم يوم القيامة: العاق لوالديه و المرأة المترجلة المتشبهة بالرجال و الديوث و ثلاثة لا يدخلون الجنة: العاق لوالديه و المدمن الخمر و المنان بما أعطى ( حم ن ك ) عن ابن عمرو .

3071. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا قارىمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ، گەردەن قاققۇچى، ئەرلەرگە ھەر جەھەتتىن ئوخشىۋالغۇچى ئايال، ئەھلىنى كۈنلىمەس، كۈندەشلىكى يوق دەيۈز، ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىرىغۇچى قوپال سۆزلىگۈچى، ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى زاباي، بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلغۇچى مىننەتخور، ئەھمەد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة لا ينظر الله إليهم يوم القيامة و لا يزكيهم و لهم عذاب أليم: أشيمط زان و عائل مستكبر و رجل جعل الله بضاعته لا يشتري إلا بيمينه و لا يبيع إلا بيمنه ( طب هب ) عن سلمان

3072. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كىشىگە ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا دەردلىك ئازاب باردۇر، قېرى زىناخور، مۇتەكەببىر، پېقىر كىشى، ئاللاھ تىجارەت مېلى قىلىپ بەرسە، پەقەت قەسەم قىلىش بىلەنلا سېتىۋالىدىغان، پەقەت قەسەم بىلەنلا ساتىدىغان كىشىدۇر، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة يؤتون أجرهم مرتين: رجل من أهل الكتاب آمن بنبيه و أدرك النبي صلى الله عليه وسلم فآمن به و اتبعه و صدقه فله أجران و عبد مملوك أدى حق الله و حق سيده فله أجران و رجل كانت له أمة فغذاها فأحسن غذاءها ثم أدبها فأحسن تأديبها و علمها فأحسن تعليمها ثم أعتقها و تزوجها فله أجران ( حم ق ت ن ه ) عن أبي موسى

3073. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە ئەجىر، ساۋاب ئىككى ھەسسە بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت، ئەھلى كىتابلاردىن ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تېپىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەن، شەكسىز تەستىقلىغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار.

ئىككىنچى، خوجايىنىنىڭ ھەققىنى، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ياخشى ئادا قىلغان، قولغا ئىككى ئەجىر بار.

ئۈچىنچى، ئۆز دېدىكى ، چۆرىسىگە ياخشى غىزا بېرىپ، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ، ياخشى تەلىم بېرىپ، ئىلىم ئۆگىتىپ، ئاندىن ئازاد قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، توي قىلغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بار، (يەنى ئىككى كىشىلىك ئەجىر، مۇكاپات بېرىلىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

ثلاثة يحبهم الله و ثلاثة يشنؤهم الله: الرجل يلقى العدو في فئة فينصب لهم نحره حتى يقتل أو يفتح لأصحابه و القوم يسافرون فيطول سراهم حتى يحبوا أن يمسوا الأرض فيتزلون فيتنحى أحدهم فيصلي حتى يوقظهم لرحيلهم و الرجل يكون له الجار يؤذيه جاره فيصبر على أذاه حتى يفرق بينهما موت أو ظعن و الذين يشنؤهم الله: التاجر الحلاف و الفقير المختال ; و البخيل المنان ( حم ) عن أبي ذر

3074. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :ئۈچ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ،ئۈچ كىشىنى بولسا ئۈچ كۆرىدۇ ،غەزەپ قىلىدۇ، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ كىشىنىڭ

1 ـ جامائەت ئىچىدە قېرىنداشلىرى ئارىسىدا دۈشمەنلىككە ئۈچرىشىپ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قېرىنداشلىرىغا غەلىبە، ئىشغال ئېلىپ كەلگەن كىشىدۇر.

2ـ مەلۇم قەۋم سەپەر قىلىپ، سەيرى ئۇزۇن بولۇپ كېتىپ، ئۇلار زېمىنغا چۈشۈپ، ئارام ئېلىشىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ـ دە، چۈشۈپ ئارام ئالىدۇ، ئۇلاردىن بىر كىشى ئاستا ئايرىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، ھەتتا، ئۇلارنى سەپىرى ئۈچۈن ئويغۇتۇپ قويىدۇ، دەل مۇشۇ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ.

3ـ دائىم ئازار بېرىپ تۇرىدىغان يامان خوشنىسى بار كىشى بولۇپ، بۇ كىشى خوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلۈم ياكى كۆچۈش ئايرىۋەتكەنگە قەدەر سەۋرى قىلىدۇ، بۇ كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئۈچ كىشى بولسا، دائىم قەسەم قىلىدىغان تىجارەتچى، پەخىرخور مۇتەكەببىر پېقىر، مىننەت قىلغۇچى، بېخىل كىشىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ثلاثة يدعون الله عز و جل فلا يستجاب لهم: رجل كانت تحته امرأة سيئة الخلق فلم يطلقها و رجل كان له على رجل مال فلم يشهد عليه و رجل آتى سفيها ماله و قال الله تعالى: ولا تؤتوا السفهاء أموالكم .( ك ) عن أبي موسى

3075. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك كىشى دائىم ئاللاھتائالاغا دۇئا قىلىدۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ دۇئايى ئىجابەت بولمايدۇ.

1. ئاستىدا ئەخلاقى ناچار،يامان خوتۇن بار كىشى بولۇپ، بۇ كىشى ئۇ خوتۇننى تالاق قىلمايدۇ.

2. باشقىلاردا مال ـ مۈلۈكى ، ئېلىشى بار، لېكىن، گۇۋاھچى كەلتۈرمىگەن كىشى.

3. مال ـ مۈلۈكىنى نادان، ئەقىلسىز، دۆت كىشىلەرگە بەرگەن كىشى، چۈنكى، ئاللاھتائالا قۇرئاندا «مال ـ مۈلۈكلىرىنى نادانلارغا بەرمەڭلار» دېگەن ،مانا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ،ھاكىم توپلىغان،سەھىھ.

ثمن الخمر حرام و مهر البغي حرام و ثمن الكلب حرام و الكوبة حرام و إن أتاك صاحب الكلب يلتمس ثمنه فاملأ يديه ترابا و الخمر و الميسر حرام و كل مسكر حرام ( حم ) عن ابن عباس

3076. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق ساتقان پۇل ھارام، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلى ھارام، ئىتنى ساتقان پۇل ھارام، شىشخال، بىليارت ھارام، ئەگەر ساڭا بىرسى ئىتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى قولىغا توپىنى لىق توللاپ قوي، ھاراق بىلەن قىمار ھارام، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ثمن الكلب خبيث و مهر البغي خبيث و كسب الحجام خبيث ( حم م د ت ) عن رافع بن خديج

3077. راپىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىتنىڭ پۇلى نىجىستۇر، (يەنى ئىت ساتقان پۇل ھارام) زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ پۇلى نىجىستۇر، قان ئېلىش كەسپى بىلەن تاپقان پۇل ھارام، نىجىستۇر، ئەھمەد 15251 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2931 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1196 ـ ھەدىس، نەسەئى 4220 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇتتىمۇ بار، سەھىھ.

**3078** ( حسن ) ثنتان ما تردان: الدعاء عند النداء و تحت المطر ( ك ) عن سهل بن سعد .

3078. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى چاغدىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ، قايتۇرۇلمايدۇ، ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئەزان چىقىلاندىكى دۇئا بىلەن يامغۇرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئا (چۈنكى، بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ) ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

ثنتان لا تردان: الدعاء عند النداء و عند البأس حين يلحم بعضهم بعضا ( د حب ك ) عن سهل بن سعد .

3079. سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى چاغدىكى دۇئا ھەرگىز رەت قىلىنماي، ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئەزان ئىنداسى ئاڭلانغاندىكى دۇئا بىلەن بەزىسى ـ بەزىسى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىۋاتقان، جەڭ مەيدانىدىكى دۇئا، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3080** ( صحيح ) الثلث و الثلث كثير ( حم ق ن ه ) عن ابن عباس

3080. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەئدگە مېلىنىڭ 1/3نى ۋەسىيەت قىلىشقا بۇيرۇپ، 1/3نى ۋەسىيەت قىل، 1/3 مۇ بەك كۆپتۇر دېگەن ، بەيھەقى، ئەھمەد ، نەسئەى، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

الثلث و الثلث كثير إن صدقتك من مالك صدقة و إن نفقتك على عيالك صدقة و إن ما تأكل امرأتك من مالك صدقة و إنك أن تدع أهلك بخير خير من أن تدعهم يتكففون الناس ( م ) عن سعد .

3081. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : 1/3نى ۋەسىيەت قىلساڭ بولىدۇ، 1/3 مۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن مېلىڭدىن قىلغان سەدىقەڭمۇ سەدىقە بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھلى، باللىرىڭغا قىلغان نەپىقىلىرىڭمۇ سەدىقە، ئايالىڭنىڭ سېنىڭ مېلىڭدىن يېيىشىمۇ سەدىقە، ھەقىقەتەن ئەھلىڭنى باي، ياخشى ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەردىن نەرسە سوراپ، ئۇلارنى تونۇشالىدىغان، يوقسىز، پېقىر ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

الثلث و الثلث كثير إنك أن تذر ورثتك أغنياء خير من أن تذرهم عالة يتكففون الناس و إنك لن تنفق نفقة تبتغي بها وجه الله إلا أجرت بها حتى ما تجعل في في امرأتك ( مالك حم ق 4 ) عن سعد .

3082. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : 1/3 گە ۋەسىيەت قىل 1/3 مۇ كۆپتۇر، ھەقىقەتەن ۋارىسلىرىڭنى باي قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى باشقىلاردىن نەرسە سوراپ ئالدىنى توسىۋالىدىغان پېقىر ھالدا قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دىدارىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ قىلغان نەپىقە، چىقىملىرىڭغا ساڭا ئەجىر بېرىلىدۇ، ھەتتا، سەن ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان نەرسىگىمۇ ئەجىر، ساۋاب باردۇر، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسئەى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

« الثيب أحق بنفسها من وليها و البكر يستأذنها أبوها في نفسها و إذنها صماتها ( م د ن ) عن ابن عباس .

3083. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر قېتىم توي قىلغان ئايال ئۆزىگە يەنى نىكاھ ئىشىغا ۋەلىدىنمۇ بەكرەك ھەقلىق، لايىقتۇر، (بۇ ئايال ئوچۇق سۆز قىلىدۇ، ئۆزى ئىگە بولىدۇ) قىزچاقنى كەلسەك، بۇنى ئەرگە بېرىشتە دادىسى رۇخسىتىنى، رازىلىقىنى ئالىدۇ، قىزچاقنىڭ ئىزنى، رازى بولۇشى (تارتىنغانلىقتىن) سۈكۈتتە جىم تۇرۇشىدۇر، (ئەگەر رەت قىلىپ، ئۇنىمىسا، مەجبۇرلاپ نىكاھ قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسئەى توپلىغان، سەھىھ.

**3084** ( صحيح ) الثيب تعرب عن نفسها و البكر رضاها صمتها ( حم ه ) عن عميرة الكندي

3084. ئۇمەيرەتولكىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر قېتىم توي قىلغان ئايال نىكاھ ئىشى توغرىسىدا ئوچۇق سۆز قىلىدۇ، ئاشكارا سۆز قىلىپ، رازى بولۇش، بولماسلىقىنى ئوچۇق دەيدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنىڭ رازىلىقى بولسا، ئۇنىڭ جىم تۇرىشىدۇر، (قوشۇلمىسا مەجبۇرلانمايدۇ، بولمىسا قايتۇرۇلىدۇ) ئەھمەد 17058 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1862 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3085** ( صحيح ) الثيبان يجلدان و يرجمان و البكران يجلدان و ينفيان ( الحاكم في تاريخه ) عن أبي

3085. ئۆبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان ئەر ـ ئايالنى 100دىن قامچا ئۇرۇپ، رەجىم قىلىپ، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، توي قىلمىغان ھالەتتە زىنا قىلغۇچى ئەر، ئايالنى 100دىن قامچا ئۇرۇپ، يۇرتتىن پالاندى قىلىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، لەززەتنى بارلىق بەدەن ئالغاچقا، بارلىق بەدەنلىرىگە قامچا ئۇرۇلىدۇ، ئەگەر مۇسۇلمان بولۇپ رازى بولسا، بۇ كاپارەتتۇر.

## « ج » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

جاء جبريل فقال: ما تعدون من شهد بدرا فيكم ؟ قلت: خيارنا قال و كذلك من شهد بدرا من الملائكة هم عندنا خيار الملائكة ( حم خ ه ) عن رفاعة بن رافع الزرقي ( حم ه حب ) عن رافع بن خديج .

3086. رۇپائەت ئىبنى راپىئدىن، راپىئ ئىبنى خەدىيج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ مۇنداق دېدى، سىلەر ئاراڭلاردا بەدرى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى قانداق كىشىلەردىن سانايسىلەر؟ مەن ئۇنىڭغا ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىمىز دېسەم، ئۇ ئەنە شۇنىڭدەك پەرىشتىلەردىنمۇ بەدىر ئۇرۇشقا قاتناشقانلار بىزنىڭ نەزىلىمىزدە پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3087** ( صحيح ) جار الدار أحق بالدار من غيره ( ابن سعد ) عن الشريد بن سويد

3087. شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھويلا، قورۇسىنىڭ خوشنىسى باشقىلاردىن بەكرەك شۇ ھويلىغا لايىق، ھەقلىقراقتۇر، (يەنى شۇپئەت ھوقۇقى بولىدۇ، ئالدى بىلەن خوشنىغا سېتىپ بېرىلىدۇ) ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**3088** ( صحيح ) جار الدار أحق بالشفعة ( طب ) عن سمرة

3088. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شۇپئەتكە ھويلا، خوشنىسى ھەقلىقتۇر، (يەنى تۇرالغۇ جاي يەر زېمىننى ئالدى بىلەن قوشنا سېتىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاشسا باشقىلار) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3089** ( صحيح ) جار الدار أحق بدار الجار ( ن ع حب ) عن أنس ( حم د ت ) عن سمرة

3089. ئەنەس، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھويلا ئۆيلەرنىڭ خوشنىسى ئۆز خوشنىسىنىڭ قورۇسىغا بەكرەك لايىقتۇر، ھويلىنىڭ خوشنىسى خوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا ھەقلىقتۇر، (يەنى شۇپئەت ھوقۇقى بار) نەسەئى، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزيلار توپلىغان، سەھىھ.

**3090** ( صحيح ) جاهدوا المشركين بأموالكم و أنفسكم و ألسنتكم ( حم د ن حب ك ) عن أنس .

3090. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد، ئۇرۇش قىلىڭلار، (قەلەم كۆرۈشى، ئەلەم كۆرۈشىدىن يامان) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

جزى الله الأنصار عنا خيرا و لا سيما عبد الله بن عمرو بن حرام و سعد بن عبادة ( ع حب ك ) عن جابر



www.uyghurkitap.com

3091. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلاردىن رازى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھتائالا ئەنسارىلارغا بىزدىن يەنى بىزنىڭ ھەققىمىزدىن ياخشى، مۇكاپاتلارنى بەرسۇن، بىز توغرىسىدىن، بىز تەرەپدىن ئوبدان رازى قىلسۇن، بولۇپمۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇنى، سەئىد ئىبنى ئۇبادەتنى ياخشى رازى قىلىپ، ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، ئەبۇيەئلا، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3092** ( صحيح ) جزوا الشوارب و أرخوا اللحى خالفوا المجوس ( م ) عن أبي هريرة

3092. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇرۇتلارنى ئېلىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى كامىل، ئۇزۇن قويۇڭلار، مەجۇسىيلارنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلىڭلار، (مەجۇسىيلار بۇرۇتلىرىنى يۈگەپ، ئۇزۇن قوياتتى، ساقىلى يوق ئىدى) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

جعل الله الأهلة مواقيت للناس فصوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن غم عليكم فعدوا ثلاثين يوما(ك) عن ابن عمر

3093. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا ئايلارنى يېڭى ئاينى كىشىلەرگە ۋاقىت توختىتىدىغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان قىلىپ بەردى، (ئاي ۋاقىتنى بەلگىلىگەچكە) ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇڭلار، يېڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، 30 كۈننى ساناڭلار، (يەنى شەئباندىن ، رامزاندىن 30نى ساناڭلار) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

جعل الله الحسنة بعشر أمثالها الشهر بعشرة أشهر و صيام ستة أيام بعد الشهر تمام السنة ( أبو الشيخ ) عن ثوبان

3094. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا بىر ياخشىلىقتا ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىقنى قىلىپ بەردى، بىر ئاي رامزان ، ئون ئايغا تەڭ بولىدۇ، رامزان ئېيىدىن كېيىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇش بىلەن بىر يىل ساق كامىل بولىدۇ، (يەنى 36 كۈن روزا 360 كۈنگە تەڭ بولىدۇ) ئەبۇشەيخ توپلىغان، سەھىھ.

جعل الله الرحمة مائة جزء فأمسك عنده تسعة و تسعين جزءا و أنزل في الأرض جزءا واحدا فمن ذلك الجزء تتراحم الخلق حتى ترفع الفرس حافرها عن ولدها خشية أن تصيبه ( ق ) عن أبي هريرة

3095. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا رەھمەتنى 100 پارچە قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەزلىدە 99 رەھمەتنى (ئاخىرەت ئۈچۈن) ساقلاپ قويدى، پەقەت بىر دانە رەھمەتنى زېمىنغا نازىل قىلىپ چۈشۈردى، شۇ بىر پارچە رەھمەتنىڭ سەۋەبىدىن بارچە مەخلۇق ئۆزئارا رەھىم قىلىشىدۇ، ھەتتا، ئات تۇۋقىنى بالىسىدىن بالىسىغا مۇسىبەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن، تىگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، بەيھەقى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**3096** ( صحيح ) جعل الله عذاب هذه الأمة في دنياها ( طب ) عن عبدالله بن يزيد

3096. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :ئاللاھتائالا بۇ ئۇممەتنىڭ ئازابىنى مۇشۇ دۇنيادا قىلدى، (ئاخىرەتتە ئازابلىمايدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

جعل الله عليكم صلاة قوم أبرار يقومون الليل و يصومون النهار ليسوا بأثمة ولا فجار(عبد بن حميد الضياء) أنس

3097. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا سىلەرگە كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان ئاسىي ئەمەس، گۇناھكار ئەسلا ئەمەس، فاجىر، بەدبەخت ئەمەس ، قەۋملەرنىڭ نامىزىنى قىلىپ بەردى، (بۇ سۆز بەش ناماز

توغرىسىدا ياكى مۇجاھىدلارغا دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن) ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3098** ( صحيح ) جعلت قرة عيني في الصلاة ( طب ) عن المغيرة

3098. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۆزۈمنىڭ گۆھىرى قارارى خۇشاللىقى يەنى قەلبىمنىڭ خاتىرجەملىكى نامازدا قىلىندى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3099** ( صحيح ) جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا ( ه ) عن أبي هريرة ( د ) عن أبي ذر .

3099. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۈچۈن (ئۈممىتىم ئۈچۈن) زېمىن مەسجىد ۋە پاك قىلىندى (يەنى بارلىق جايىدا ناماز ئوقۇسا بولىدىغان تەيەممۇم قىلسا بولىغان قىلىندى) ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3100** ( صحيح ) جعلت لي كل أرض طيبة مسجدا و طهورا ( حم الضياء ) عن أنس

3100. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەممە جايلىرى پاك ـ پاكىز مەسجىد قىلىندى، پاكلىغۇچى يەنى تەيەممۇم قىلسا بولىدىغان قىلىندى، ئەھمەد، بىلەن زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

جنتان من فضة آنيتهما و ما فيهما و جنتان من ذهب آنيتهما و ما فيهما و ما بين القوم و بين أن ينظروا إلى ربهم إلا رداء الكبرياء على وجهه في جنة عدن ( ق ت ن ه ) عن أبي موسى

3101. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى جەننەت كۈمۈشتىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاچىسى ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ كۈمۈشتۇر، ئىككى جەننەت ئالتۇندىن بولۇپ، قاچىلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ ئالتۇندۇر، جەننەت ئەدنى دىكى قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرۇشى ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق جامالىغا لايىق رىداسى باردۇر، كاتتىلىقى باردۇر، (يەنى ئۇلار ئالاھنى كۆرەلەيدۇ، ئالاھنىڭ ئوخشىشى يوق) بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3102** ( صحيح ) جهادكن الحج ( خ ) عن عائشة

3102. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاياللارغا مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ جىھادىڭلار ئۇرۇش قىلىشقىلار ـ ھەج قىلىشتۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

الجار أحق بشفعة جاره ينتظر بها و إن كان غائبا إذا كان طريقهما واحد ( حم 4 ) عن جابر .

3103. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خوشنىلار ئۆز خوشنىسىنىڭ شۇپئەتگە يەنى شېرىكچىلىككە نەرسە سېتىشىدا ئالدى بىلەن بېرىشكە لايىق، ھەقلىقتۇر، ئىككى خوشنىنىڭ يولى بىر بولسا، يەنى ئۆيگە كىرىش يولى بىر بولسا، گەرچە ئۇ غايىب بولۇپ يوق بولۇپ قالسىمۇ، نەرسە سېتىشىدا خوشنىسىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، (كەلگەندىن كېيىن يا ئالىدۇ، يا ۋاز كېچىدۇ، ئاندىن باشقىلار ئالىدۇ) ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3104** ( صحيح ) الجار أحق بصقبه ( خ د ن ه ) عن أبي رافع ( ن ه ) عن الشريد بن سويد

3104. ئەبۇ راپىئ، شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قوشنا ئۆز خوشنىسىغا ئۆز يېقىنىغا ھەقلىقتۇر، باشقىلاردىن لايىقراقتۇر، (يەنى شۇپئەتتە) ئەھمەد 25927 ـ ھەدىس، بۇخارى 2098 ـ، 6465 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

الجاهر بالقرآن كالجاهر بالصدقة و المسر بالقرآن كالمسر بالصدقة ( د ت ن ) عن عقبة بن عامر ( ك ) عن معاذ

3105. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇرئاننى جەھرى، ئاشكارا ئوقۇغۇچى، ئاشكارا بەرگۈچىگە، مەخپىي ئوقۇغۇچى، سەدىقىنى مەخپىي بەرگۈچىگە ئوخشايدۇ، (تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى،قۇرئان تىلاۋىتىنى، قىرائىتىنى مەخپىي ئوقۇغۇچى ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى، سەدىقىنىڭ مەخپىيسى ئەۋزەل دېگەن ) تىرمىزى 2843 ـ ھەدىس، نەسەئى 1645 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1136 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16802 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3106** ( صحيح ) الجدال في القرآن كفر ( ك ) عن أبي هريرة

3106. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا ، دە ـ تالاش قىلىش كۇفرىلىقتۇر . (يەنى، نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلىش ياكى كاپىر بولۇشتۇر) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3107** ( صحيح ) الجرس مزامير الشيطان ( حم م د ) عن أبي هريرة

3107. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كولدۇرما ، شەيتاننىڭ نېيىدۇر، سىېزىدۇر، (يەنى ئۇلاغلارغا ، باللارغا، ئاياللار پۇت ـ قوللىرىغا كولدۇرما ئاسسا ، قەتئىي بولمايدۇ، شەيتان ئازدۇرىدۇ) ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3108** ( صحيح ) الجزور عن سبعة ( الطحاوي ) عن أنس

3108. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۆگە يەتتە كىشىدىن قۇربانلىققا كۇپايە بولىدۇ، تەھاۋى توپلىغان، سەھىھ.

**3109** ( حسن ) الجماعة رحمة و الفرقة عذاب ( عبدالله في زوائد المسند القضاعي ) عن النعمان بن بشير

3109. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت رەھمەتتۇر، (يەنى خەلىپە جامائىتى بۇ مەسجىد جامائىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەپرىقچىلىق، بۆلگۈنچىلىك ئازابتۇر ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ، قۇزائى توپلىغان، ھەسەن.

**3110** ( صحيح ) الجمعة إلى الجمعة كفارة ما بينهما ما لم تغش الكبائر ( ه ) عن أبي هريرة .

3110. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمە ئوقۇش يەنە بىر جۈمەگىچە گۇناھى كەبىيرگە يېقىن كەلمىسلا، چوڭ گۇناھىنى قىلمىسلا ئارىلىقدىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

الجمعة حق واجب على كل مسلم في جماعة إلا أربعة:عبدا مملوكا أو امرأة أو صبيا أو مريضا(د ك ) عن طارق

3111. تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمە ئوقۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە جامائەت ئىچىدە ئادا قىلىشى ھەق، ۋاجىپ، يەنى پەرىزدۇر، لېكىن، تۆت كىشىگە پەرىز ئەمەستۇر، قۇل، ئايال كىشى، كىچىك سەبى بالا، كېسەل، (بۇ تۆت كىشىدىن باشقىلار جۈمەنى ، جامائەت ئىچىدە ئوقۇيدۇ، بەزى خاتىرىدە مۇساپىرمۇ مۇستەسنادۇر) ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3112** ( حسن ) الجمعة على من سمع النداء ( د ) عن ابن عمرو

3112. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمە دېگەن نىدانى يەنى ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ پەرىزدۇر، (يەنى بۇ كىشى شۇ ئەزان چىققان جايغا بېرىپ ئوقۇيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،ھەسەن،بۇ ھەدىسدىن جۈمەنى چوڭ جامەگە يىغىلىپ ئوقۇش چىقىدۇ.

**3113** ( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني . ( طب ) عن تميم الداري . الجمعة واجبة إلا على: امرأة أو صبي أو مريض أو عبد

( أو مسافر )

3113. تەمىيمۇددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمە ئوقۇش ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرز، لېكىن، ئايال كىشىگە، سەبى باللارغا، كېسەلگە، قۇلغا، مۇساپىرغا پەرز ئەمەس، (بۇلار قاتناشسا بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

الجن ثلاثة أصناف فصنف لهم أجنحة يطيرون بها في الهواء و صنف حيات و كلاب و صنف يحلون و يظعنون ( طب ك البيهقي في الأسماء ) عن أبي ثعلبة الخشني .

3114. ئەبۇ سۇئلەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جىنلار ئۈچ سىنىپ، ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىر تۈرىنىڭ قاناتلىرى بار بولۇپ، قاناتلىرى بىلەن ھاۋادا ئۇچالايدۇ، يەنە بىر تۈرى بولسا، يىلان،ئىتلارنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ياكى تۈرى يىلان ئىتتۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، گاھ بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ، گاھ سەپەر قىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

الجنة أقرب إلى أحدكم من شراك نعله و النار مثل ذلك ( حم خ ) عن ابن مسعود

3115. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ جەننەت بىرىڭلارغا ئاياغ شوينىسىدىنمۇ يېقىندۇر، دوۋزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىن، ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، يەنى جەننەت بىلەن دوۋزاختا ئاپىرىدىغان يېقىن قىلىدىغان، تائەت ئىبادەت بىلەن گۇناھ ـ مەئسىيەت يېقىندۇر، پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى.

الجنة بناؤها لبنة من فضة و لبنة من ذهب و ملاطها المسك الأذفر و حصباؤها اللؤلؤ و الياقوت و تربتها الزعفران من يدخلها ينعم لا يبأس و يخلد لا يموت لا تبلى ثيابهم و لا يفنى شبابهم ( حم ت ) عن أبي هريرة .

3116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتنىڭ بىنالىرى، قۇرۇلۇشلىرى، بىر قىشى كۈمۈشتىن، بىر قىشى ئالتۇندىن، بۇ قىشلارغا قويىدىغان لايلىرى خۇشپۇراق مىسكە ـ ئەنبەردۇر، نەقىش تاشلىرى بولسا، گۆھەر، مارجان، ياقۇتتۇر، تۇپرىقى زەئپىراندۇر، جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ نېئمەتتە لەززەت ئالىدۇ، كېسەل بولمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، مەڭگۈ قالىدۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ ياش تۇرىدۇ، ئەھمەد 2700 ـ ھەدىس، بۇخارى 3005 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5067 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2450 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3117** ( صحيح ) الجنة تحت ظلال السيوف ( ك ) عن أبي موسى

3117. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەت، قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر، (يەنى مۇجاھىد ، شېھىدلار كىرىدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3118** ( صحيح ) الجنة لبنة من ذهب و لبنة من فضة ( طس ) عن أبي هريرة

3118. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتنىڭ بىر قىشى ئالتۇن، بىر قىشى كۈمۈشتۇر.

ئەۋسەتتە بار، سەھىھ، بۇ ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بولۇپ، بەندىلىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈندۇر.

**3119** ( صحيح ) الجنة لها ثمانية أبواب و النار لها سبعة أبواب ( ابن سعد ) عن عتبة بن عبد .

3119. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى باردۇر، دوۋزاخنىڭ بولسا، يەتتە ئىشىكى باردۇر، (بۇ، قۇرئاندىمۇ باردۇر) ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

**3120** ( صحيح ) الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض( ابن مردويه)عن أبي هريرة

3120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭ، پەرقلىقتۇر ، (بۇ دەرىجىلەر مۇجاھىدلارغا تەييارلانغان) ئىبنى مەردىۋەيھ توپلىغان، سەھىھ.

الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض و الفردوس أعلى الجنة و أوسطها و فوقه عرش الرحمن و منها يتفجر أنهار الجنة فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس ( ه ) عن معاذ ( ك ) عن عبادة بن الصامت وأبي هريرة ( ابن عساكر ) عن أبي عبيدة بن الجراح .

3121. مۇئاز ئۇبادەت ئىبنى سامىت، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتتە 100 دەرىجە باردۇر، ھەربىر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر، (دەرىجىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار) پىردەۋس دېگەن جەننەت، جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىندە، قاپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، رەھمانتائالانىڭ ئەرشى، پىردەۋسنىڭ ئۈستىدىلا ، جەننەتلەرنىڭ بۇلاق، ئۆستەڭلىرى، پىردەۋسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئاللاھدىن سورىساڭلار، پىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، (چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۈستۈندۇر)، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىرلار توپلىغان، سەھىھ، ئى ئاللاھ، بىزنى پىردەۋسكە كىرگۈزسىلە، ئامىن!

## «ح» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

حافظ على العصرين: صلاة قبل طلوع الشمس و صلاة قبل غروبها ( د ك ق ) عن فضالة الليثي

3122. پۇزالەتۇللەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى، كۈن كىرىشتىن بۇرۇنقى نامازنى يەنى بامدات بىلەن ئەسىردىن ئىبارەت ئىككى نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلغىن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3123** ( صحيح ) حب الأنصار آية الإيمان و بغض الأنصار آية المنافق ( ن ) عن أنس

3123. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتى، ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتۇش، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر، نەسەئى توپلىغان، بۇخارى ،مۇسلىمدىمۇ بار سەھىھ.

حبب إلي من دنياكم: النساء و الطيب و جعلت قرة عيني في الصلاة ( حم ن ك هق ) عن أنس

3124. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا بۇ دۇنيارىڭلاردىن ئايالار بىلەن (يەنى ئايالى) خۇشپۇراق ئەتىرلەر ياخشى كۆرسىتىلدى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، خۇرسەن بولۇپ، خۇشال بولۇشى، نامازدا قىلىندى، ئەھمەد ، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3125** ( حسن ) حبذا المتخللون من أمتي ( ابن عساكر ) عن أنس

3125. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئۈممىتىمدىن (ساقاللىرىغا، پۇت ـ قوللىرىنىڭ بارماقلىرىغا) خىلال قىلغۇچىلار، سۇ يەتكۈزگۈچىلەر نېمىدېگەن ياخشى ھە! ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3126** ( صحيح ) حجبت النار بالشهوات و حجبت الجنة بالمكاره ( خ ) عن أبي هريرة

3126. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دوۋزاخ، شەھۋەتلەر بىلەن پەردىلەندى، جەننەت بولسا، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن پەردىلەندى، (كىم ئاشۇ پەردىلەرنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسىگە كىرىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3127** ( صحيح ) حج عن أبيك و اعتمر ( ت ن ه ك ) عن أبي رزين العقيلي

3127. ئەبۇ رەزىين ئۇقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : داداڭ (ئاناڭ) ھەققىدىنمۇ ھەج قىلغىن، ئۆمرە ھەج قىلىپ قويغىن، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3128** ( صحيح ) حج عن نفسك ! ثم حج عن شبرمة ( د ) عن ابن عباس

3128. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر كىشىنىڭ شىبرىمەت ئىسىملىك قېرىندىشى توغرىسىدا ھەجگە نىيەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈڭگە ھەج قىلدىڭمۇ؟ دېدى، ئۇ: ياق دېگەندە ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ھەققىدىن ھەج قىلىپ، ئاندىن شىبرىمەت ھەققىدە ھەج قىلغىن دېگەن. ئەبۇ داۋۇد 1546 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2894 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3129** ( صحيح ) حد الطريق سبعة أذرع ( طس ) عن جابر

3129 جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يولنىڭ كەڭلىكىدىكى چېگراسى يەتتە گەزدۇر، (ئەگەر يەنە سىغىشمىسا، كەڭرىتىسە دۇرۇس) ئەۋسەتتە بار بولۇپ، سەھىھ.

حد يعمل في الأرض خير لأهل الأرض من أن يمطروا أربعين صباحا ( ن ه ) عن أبي هريرة

3130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىندا ئەمەل قىلىنىدىغان ئىجرا قىلىنىدىغان، ئاللاھنىڭ ھەد جازا قانۇنى، زېمىن ئەھلى ئۈچۈن 40 كۈن يامغۇر ياغقىنىدىن ياخشىدۇر، (يەنى ئىجرا قىلىنغان بىر قېتىملىق ھەد جازا، 40 كۈنلۈك يامغۇردىن ياخشىدۇر، چۈنكى، بۇنىڭدا باشقىلار ئىبرەت ئېلىپ، گۇناھدىن يانىدۇ)، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**3131** ( صحيح ) حدثوا عن بني إسرائيل و لا حرج ( د ) عن أبي هريرة

3131. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەني ئىسرائىللار توغرىسىدا ھەدىس سۆزلىسەڭلار، گۇناھ يوق، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇ قۇرئاندا، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە كۆپ سۆزلەندى، شۇلارنى سۆزلەڭلار، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنىڭ راستىنى سۆزلەپ، يالغانىنى ئىنكار قىلىپ، ئىلىم يوق بولغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، راستىقمۇ، يالغانمۇ چىقارماي، نورمال، ئوتتۇرھال ھالەتتە مۇئامىلە قىلىمىز، قاتتىق ھەزەر قىلىڭ.

**3132** ( حسن ) حرام شف ما لم يضمن ( هق ) عن ابن عمرو

3132. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېپىل قىلىنمايدىغان نەرسىنىڭ زىيادىسى، كېپىل بولۇنمايدىغان نەرسىنىڭ پايدىسى ھارامدۇر، (يەنى كېپىللىك بولمىغان سودىنىڭ پايدىسى چەكلىنىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، (بۇ ھەدىسدىن ساتقان نەرسىگە كېپىل بولاللىشى لازىم).

**3133** ( صحيح ) حرام قليل ما أسكر كثيره ( البغوي ) عن وافد أهل اليمن

3133. ئەھلى يەمەننىڭ ئەلچىسى بولغان بىر ساھابىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۆپرەكى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىزىمۇ ھارامدۇر، يەنى كۆپ ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازراقىمۇ ھارامدۇر، بەغۋىي توپلىغان، سەھىھ.

**3134** ( صحيح ) حرم الله الخمر و كل مسكر حرام ( ن ) عن ابن عمر

3134. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا ھاراقنى ھارام قىلدى، ھەرقانداق مەست قىلغۇچىنى ھارام قىلدى، (مەست قىلغۇچىنىڭ ئېزىمۇ كۆپىمۇ ئوخشاش ھارام) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3135** ( صحيح ) حرم على النار كل هين لين سهل قريب من الناس ( حم ) عن ابن مسعود

3135. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرگە يېقىن تۇرغۇچى، مۇلايىم كىشى، باشقىلارغا دائىم ئاسانلاشتۇرغۇچى، ئاسان قىلغۇچى كىشى، ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرماي يەڭگىللەشتۈرگۈچى، دوۋزاخقا ھارامدۇر، يەنى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

حرم على عينين أن تنالهما النار: عين بكت من خشية الله و عين باتت تحرس الإسلام و أهله من أهل الكفر ( ك هب ) عن أبي هريرة .

3136. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى تۈرلۈك كۆزگە دوۋزاخ ئوتىنىڭ يېتىشى ھارام قىلىندى، بىرى، ئاللاھتائالادىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز. يەنە بىرى كۈپپار ئەھلىدىن، دىنسىزلاردىن ئىسلام دىنىنى، ئىسلام ئەھلىنى، مۇسۇلمانلارنى قوغداپ پوستا تۇرغان كۆز، (بۇ ئىككى كۆز ئىگىسى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ) ھاكىم بىلەن بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3137** ( صحيح ) حرم لباس الحرير و الذهب على ذكور أمتي و أحل لإناثهم ( ت ) عن أبي موسى

3137. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يىپەك رەختىنىڭ كىيىمى بىلەن ئالتۇن، ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

حرم ما بين لابتي المدينة على لساني ( خ ) عن أبي هريرة ( ن ) عن أبي سعيد

3138. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىق ئارىسى، ئىككى چەت تەرەپ ئارىلىقى مېنىڭ تىلىم بىلەن ھارام قىلىندى، (مەدىنىمۇ مەككىگە ئوخشاش ھارام. قان تۆكۈلمەيدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قوغدىلىدۇ) بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3139** ( صحيح ) حرمت التجارة في الخمر ( خ د ) عن عائشة

3139. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق تىجارىتى قىلىش ھارام قىلىندى، (يەنى ھاراق ئېلىش، سېتىش ھارام) بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3140** ( حسن ) حرمة مال المسلم كحرمة دمه ( حل ) عن ابن مسعود

3140. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلماننىڭ مېلى باشقىلارغا خۇددى ئۇنىڭ قېنى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، يەنى مېلى، قېنىنى تۆكۈش ھارام بولغاندەك ھارام، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

حرمة نساء المجاهدين على القاعدين كحرمة أمهاقم و ما من رجل من القاعدين يخلف رجلا من المجاهدين في أهله فيخونه فيهم إلا وقف له يوم القيامة فقيل له: قد خلفك في أهلك فخذ من حسناته ما شئت فيأخذ من عمله ما شاء فما ظنكم ؟ ( حم م د ن ) عن بريدة

3141. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى، جەڭگە چىقماي ئولتۇرغانلارغا خۇددى ئانىلىرى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، جەڭدىن ئولتۇرۇۋالغان كىشىلەردىن بىرەر كىشى مۇجاھىدلاردىن بىرەر

كىشىنىڭ ئەھلىگە خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ قالسا، بۇ خائىن قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن مەخسۇس توختىتىپ بېرىلىدۇ، ئاندىن مۇنداق دېيىلىدۇ، مانا بۇ ئورنۇڭدا ئىز باسار خەلىپە بولۇپ، خىيانەت قىلغان كىشى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئۆزۈڭ خالىغانچە ئېلىۋالغىن. ئاندىن مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ، گۇمانىڭلار قانداقراق؟ (يەنى سىلەرچە قانچىلىك ئېلىۋالا؟) (مېنىڭچە، ھەممىنى ئېلىۋالىدۇ، ياخشىلىقى بولمىسا، يامانلىقلىرىنى ئۇنىڭ گەردىنىگە ئارتىپ قويىدۇ،پەقەت بولمىسا، دەرىجە بېرىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3142** ( صحيح ) حريم النخلة مد جريدها ( ه ) عن ابن عمر وعبادة بن الصامت .

3142. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورمىنىڭ مەھراسى، تەۋەلىكى، ئۇنىڭ بادرا شاخلىرى يەتكەن مۇساپە جايدۇر، (نەگە شاخلىرى يەتسە، شۇ جاي ئۇنىڭ مەراسى، تەۋەلىك ئورنى بولىدۇ) ئىبنى ماجە 2480 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**3143** ( صحيح ) حسبك من نساء العالمين: مريم بنت عمران و خديجة بنت خويلد و فاطمة بنت محمد و آسية امرأة فرعون ( حم ت حب ك ) عن أنس

3143. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللاردىن (كامالەتكە يەتكەن ئەۋزەلرەكىنى، ئالى مەرتىۋىسىنى سۈرۈشتە قىلساڭ)، ساڭا ئالەملەرنىڭ ئاياللىرىدىن پەقەت تۆۋەندىكى تۆت ئايال كۇپايە، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە (بۇلار كامالەتكە يەتتى) ئەھمەد 11942 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3813 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3144** ( حسن ) حسن الصوت زينة القرآن ( طب ) عن ابن مسعود .

3144. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاۋازنىڭ گۈزەللىكى، قۇرئاننىڭ زىننىتىدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

حسنوا القرآن بأصواتكم فإن الصوت الحسن يزيد القرآن حسنا ( الدارمي ابن نصر في الصلاة ك ) عن البراء

3145. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئانغا ئاۋازىڭلارنى گۈزەل قىلىڭلار، ھەقىقەتەن گۈزەل ئاۋاز قۇرئانغا تېخىمۇ گۈزەللىكنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ، (قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئوقۇڭلار) ھاكىم، دارمى، ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

حسين مني و أنا منه أحب الله من أحب حسينا الحسن و الحسين سبطان من الأسباط ( خد ت ه ك ) عن يعلى بن

3146. يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۈسەيىن مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن، ھۈسەيىننى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ياخشىلىقتا ئۈممەتلەردىن ئىككى ئۈممەتتۇر، (ياكى ئىككى باش بولغۇچى كىشى، ياكى پەيغەمبەر ئەۋلادى) تىرمىزى 3708 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 141 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16903 ـ ھەدىس، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

حفت الجنة بالمكاره و حفت النار بالشهوات ( حم م ت ) عن أنس(م)عن هريرة ( حم في الزهد ) عن ابن مسعود

3147. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت مۇشەققەتلىك ئەمەللەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، دوۋزاخ بولسا، شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ پەردىلەندى، (ئۇنى بۆسۈپ ئۆتسە، بۇ ئىككىسىگە كىرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

حق الزوج على زوجته أن لو كانت به قرحة فلحستها ما أدت حقه ( ك ) عن أبي سعيد

3148. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئۈستىدىكى ھەققى شۇنداق چوڭكى، ئەگەر ئەر كىشىدە بىرەر جاراھەت، يارا بولسا، ئايالى ئۇنى ياللاپ ساقايتقان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنى ئەگەر ئىنسانىنى بىر ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم دېگەن سەھىھ ھەدىس قوللايدۇ. ئاللاھ شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

**3149** ( صحيح ) حق المرأة على الزوج أن يطعمها إذا طعم و يكسوها إذا اكتسى و لا يضرب الوجه و لا يقبح و لا يهجر إلا في البيت ( طب ك ) عن معاوية بن حيدة

3149. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەققى بولسا، ئەر كىشى تائام يېسە، يېگەن تائامدىن تائام بېرىش، كىيىم كىيسە، ئايالىغىمۇ كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىشتۇر، يۈزىگە ئۇرماسلىقى لازىم، قەبىھ سەتلىمەسلىك كېرەك، ۋارقىراپ تىللاپ ئەيىبلىمەسلىك لازىم، لېكىن، ئامال بولمىسا سىرتتا ئەمەس، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەدەپلىسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، مۇسۇلمانىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇش ھارام.

**3150** ( صحيح ) حق المسلم على المسلم خمس: رد السلام و عيادة المريض و اتباع الجنائز و إجابة الدعوة و تشميت العاطس ( ق ) عن أبي هريرة

3150. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر مۇسۇلمانىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى بەشتۇر، سالام قايتۇرۇش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىسىغا ئەگىشىش، چاقىرسا بېرىش، چۈشكۈرسە يەرھەمۇكەللاھ بىلەن جاۋاپ بېرىش، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

حق المسلم على المسلم ست: إذا لقيته فسلم عليه و إذا دعاك فأجبه و إذا استنصحك فانصح له و إذا عطس فحمد الله فشمته و إذا مرض فعده و إذا مات فاتبعه ( خد م ) عن أبي هريرة

3151. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمان كىشىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئالتە، 1ـ ئۇنىڭغا ئۇچراشساڭ سالام قىل، 2ـ چاقىرسا بار، 3ـ نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى سورىسا نەسىھەت قىلىپ قوي، يول كۆرسەت، 4ـ چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسا، ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، سەن يەرھەمۇكەللاھ دەپ جاۋاب بەر، 5ـ ھەر قانداق مۇسۇلمان كېسەل بولسا، يوقلاپ بار، 6ـ ئۆلۈپ كەتسە، جىنازىسىغا ئەگەشكىن، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3152** ( حسن ) حق على الله عون من نكح التماس العفاف عما حرم الله ( عد ) عن أبي هريرة

3152. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىپ ئەپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، نىكاھلانماقچى بولغان، توي قىلماقچى بولغان كىشىگە ياردەم بېرىشنى ئاللاھتائالا ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن، ياردەم بېرىشى ھەقتۇر.

حق كل مسلم السواك و غسل يوم الجمعة و أن يمس من طيب أهله إن كان ( البزار ) عن ثوبان .

3153. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ مىسۋاك سىيلىشى، جۈمە كۈنىدە يۇيۇنۇشى، ئەگەر بولسا، ئەھلىنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرلىرىدىن ئىستىمال قىلىشى ھەقتۇر، ۋاجىپتۇر، بەززار توپلىغان، سەھىھ.

حق لله على كل مسلم أن يغتسل في كل سبعة أيام يوما يغسل فيه رأسه و جسده ( ق ) عن أبي هريرة

3154. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر يەتتە كۈندە بىر كۈن يۇيۇنۇش، غۇسلى قىلىش، بېشىنى، چىچىنى جەسەدلىرىنى يۇيۇش، ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، «ئالىملار ھەر جۈمە كۈنى جۈمەگە يۇيۇنۇش ۋاجىپ دېدى، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دېدى، ئەتىرمۇ بار ئەلۋەتتە. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

حلوة الدنيا مرة الآخرة و مرة الدنيا حلوة الآخرة ( حم طب ك هب ) عن أبي مالك الأشعري .

3155. ئەبۇ مالىك ئەشئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيانىڭ تاتلىقى، لەززىتى ئاخىرەتنىڭ ئاچچىقىدۇر، بۇ دۇنيانىڭ ئاچچىقلىرى، ئاخىرەتنىڭ تاتلىقىدۇر، «يەنى بۇ دۇنيانىڭ تاتلىق، لەززەتكە تويساڭ، ئاخىرەتنىڭ ئاچچىق بولۇر، ئازاب بولۇر، بۇ دۇنيادا سەۋرى قىلىپ، تىرىشساڭ، جىھاد قىلساڭ، ئىبادەت قىلساڭ، كىيسەلگە، زۇلۇمغا چىداپ سەۋر قىلساڭ، ئاخىرەتكە تويساڭ، ئاخىرەتنىڭ تاتلىق، لەززەتلىك بولۇر، يەنى راھەت نېئمەت ) ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3156** ( صحيح ) حليف القوم منهم و ابن أخت القوم منهم ( طب ) عن عمرو بن عوف

3156. ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەۋمنىڭ قەسەمدىشى شۇ قەۋمنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ قېرىنداشىنىڭ بالىسى، شۇ قەۋمنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3157** ( صحيح ) حمزة بن عبد المطلب أخي من الرضاعة ( ابن سعد ) عن ابن عباس وأم سلمة

3157. ئىبنى ئابباس، ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ مېنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشىم، (ھەم تاغىسى ئىدى) ئىبنى سەئد توپلىغان، سەھىھ.

**3158** ( صحيح ) حمزة سيد الشهداء يوم القيامة ( الشيرازي في الألقاب ) عن جابر

3158. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى بارلىق شېھىتلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى بولىدۇ، شىيرازى توپلىغان، سەھىھ.

حوسب رجل ممن كان قبلكم فلم يوجد له من الخير شيء إلا أنه كان رجلا موسرا و كان يخالط الناس و كان يأمر غلمانه أن يتجاوزوا عن المعسر فقال الله عز و جل لملائكته: نحن أحق بذلك منه تجاوزوا عنه ( خد ت ك هب ) عن أبي مسعود

3159. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىدىن ھېساب ئېلىنىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى، پەقەت ئۇ باي كىشى بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئېلىم ـ بېرىم قىلاتتى، قەرز بېرىپ تۇراتتى، خادىم غۇلاملىرىنى كەمبەغەللەردىن ئۆتۈۋېتىشكە بۇيرۇيتتى، ئاللاھتائالا پەرىشتىلىرىگە ئۆتۈۋېتىشكە ئۇنىڭدىن بىز بەك لايىق، ھەقلىقمىز، ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىپ ئۆتۈۋېتىڭلار دېدى . تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

حوضي كما بين صنعاء و المدينة فيه الآنية مثل الكواكب ( ق ) عن حارثة بن وهب وعن المستورد .

3160. ھارىسە ئىبنى ۋەھبى مۇستەۋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈم سەنئا دېگەن جاي بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقىدەك كېڭىدۇر، ئۇنىڭدا يۇلتۇزلاردەك كۆپ قاچا، جاملار بار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

حوضي مسيرة شهر و زواياه سواء و ماؤه أبيض من اللبن و ريحه أطيب من المسك و كيزانه كنجوم السماء من يشرب منه فلا يظمأ أبدا ( ق ) عن ابن عمرو

3161. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : مېنىڭ كەۋسەر كۆلۈم بىر ئايلىق مۇسابە كەلگىدەك كەڭرىدۇر، ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى شۇنداق كەڭ، ھەم چوڭقۇردۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، پۇرىقى مىسكە ئەنبەردىن خۇشپۇراق، قاچا، جاملىرى بولسا، ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك كۆپتۇر، كىم ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچسە، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

حوضي من عدن إلى عمان البلقاء ماؤه أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل و أكوابه عدد نجوم السماء من يشرب منه شربة لم يظمأ بعدها أبدا أول الناس ورودا عليه فقراء المهاجرين الشعث رءوسا الدنس ثيابا الذين لا ينكحون المتنعمات و لا تفتح لهم السدد ( ت ك ) عن ثوبان

3162. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ھەۋزى كۆلۈمنىڭ كەڭلىكى ئەدىندىن باشلاپ، ئۇممانۇلبۇلقاغىچە كەڭدۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، قاچا، جاملىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، كەۋسەر كۆلىگە تۇنجى بولۇپ سۇ ئىچكىلى كېلىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كىر، ئېسىل ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىپ، لەززەتلىنىپ باقمىغان، ئۇلار ئۇچۇن ھاجەت راۋا بولۇشنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ باقمىغان، شۇنداق پېقىر، نامرات مۇھاجىرلار ئىدى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3163 ( صحيح ) حولها ندندن ( د ) عن بعض الصحابة ( ه ) عن أبي هريرة

3163. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە بىر قىسىم ساھابىلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر كىشىگە نامىزىڭدا نېمە دەيسەن دېسە، ئۇ كىشى، تەشەھھۇددىن كېيىن، ئاللاھدىن جەننەتنى سورايمەن، دوۋزاخدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، لېكىن، مەن سىلىنىڭ ۋە مۇئازىنىڭ قىلغان دۇئالىرىڭلاردا مەخپىي، گۇدۇڭشىپ بىر نېمىلەرنى دېگىنىڭلاردەك ياخشى قىلالمايمەن دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىزمۇ ئاشۇ جەننەتنى سوراپ ئاللاھقا سېغىنىپ دوۋزاخدىن پاناھ تىلەپ مەخپىي پىچىرلاپ دۇئا قىلىمىز دېگەن ، ئىبنى ماجە 900ـ ھەدىس، ئەھمەد 9101 ـ ھەدىس، نەسەئى 5421 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخششى بار، سەھىھ.

3164 ( صحيح ) حيثما كنتم فصلوا علي فإن صلاتكم تبلغني ( طب ) عن الحسن بن علي

3164. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەيەردە بولساڭلار، ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، ھەققەتەن دۇئايى ـ سالاملىرىڭلار ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3165 ( صحيح ) حيثما مررت بقبر كافر فبشره بالنار ( ه ) عن ابن عمر ( طب ) عن سعد .

3165. ئىبنى ئۆمەر سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر قانداق بىر جايدا كاپىر، دىنسىزنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ قالساڭ، ئۇ كاپىرغا دوۋزاخ بىلەن بېشارەت بېرىپ قويغىن، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الحائض و النفساء إذا أتتا على الوقت تغتسلان و تحرمان و تقضيان المناسك كلها غير الطواف بالبيت ( حم د ) عن ابن عباس

3166. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :ھەج پائالىيىتى توغرىسىدا ئاياللارغا مۇنداق دېگەن : ھەيزدار ئايال بىلەن نىپاسدار ئايال ئېھرام باغلايدىغان جايغا كېسەل ھالىتىدە كېلىپ قالسا، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇپ ئاندىن ئېھرام باغلاپ، بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ، ھاجىلارغا ئوخشاش ئادا قىلىدۇ، لېكىن، كەئبىنى تاۋاپ قىلالمايدۇ، (ئەگەر ھەج تۈگەشىدىن بۇرۇن ساقىيىپ قالسا، قازاسىنى قىلىپ، تاۋاپ قىلىۋالىدۇ) ئەھمەد بىلەن ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3167 ( حسن ) الحاج: الشعث التفل ( ت ) عن ابن عمر

3167. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاجى دېگەن يىراق سەپەردىن كەلگىچە چاچلىرىنى چاك ـ توزان باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، تەرلەپ، كىيىملىرى كىر بولۇپ، كىر پۇراپ كەتكەن كىشىدۇر، تىرمىزى 2924 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2887 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**3168** ( صحيح ) الحبة السوداء فيها شفاء من كل داء إلا الموت ( أبو نعيم في الطب ) عن بريدة .

3168. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قارا داندا يەنى سىيادانا ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق كېسەللەرگە شىپا باردۇر، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

الحجامة على الريق أمثل و فيها شفاء و بركة و تزيد في الحفظ و في العقل فاحتجموا على بركة الله يوم الخميس و اجتنبوا الحجامة يوم الجمعة و يوم السبت و يوم الأحد و احتجموا يوم الاثنين و الثلاثاء فإنه اليوم الذي عافى الله فيه أيوب من البلاء و اجتنبوا الحجامة يوم الأربعاء فإنه اليوم الذي ابتلي فيه أيوب و ما يبدو جذام و لا برص إلا في يوم الأربعاء أو في ليلة الأربعاء ( ه ك ابن السني أبو نعيم ) عن ابن عمر

3169. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەتىگەندە ناشتىدا قان ئالدۇرۇش ئەۋزەل، قان ئالدۇرۇشتا شىپا بار، بەرىكەت بار، ئۇ ئەقىلنى، يادلاش قابىلىيىتىنى زىيادە قىلۇر، ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن پەيشەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇڭلار، جۈمە ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى قان ئالدۇرۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرىمۇ قان ئالدۇرساڭلار بولىدۇ، ھەققەتەن ئۇ، ئاللاھتائالا ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنى بالادىن، كېسەلدىن ساقايتقان كۈندۇر، چارشەنبە، شەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇشتىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەققەتەن ئۇ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، بالا، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كۈندۇر، جوزام، تېرە كېسىلى بىلەن ئاق كېسەل، چارشەنبە كۈنى كۈندۈز ياكى شۇ كۈننىڭ كېچىسى ئاشكارا بولغان، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى سەنا، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ئەسلى بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، مەنمۇ زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا يازغان، لېكىن، بۇ جايدا بۇ ھەدىس ھەسەنۇللغەير بولىدۇ دېگەن ، ئىمام سۇيۇتى، جامئۇسسەغىيردا زەئىپ دېگەن ، بەلكىم ھەسەنگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

**3170** ( حسن ) الحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة ( طب ) عن ابن عباس ( حم ) عن جابر

3170. ئىبنى ئابباس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەقبۇل بولغان ھەجگە جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، تەبرانى، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**3171** ( حسن ) الحج جهاد كل ضعيف ( ه ) عن أم سلمة

3171. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەج قىلىش ھەرقانداق ئاجىز، زەئىپ كىشىلەرنىڭ جىھادىدۇر، (ھەج ئاياللارنىڭ جىھادى دېگەن ھەدىس ئۆتتى) ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

الحج عرفة من جاء قبل طلوع الفجر من ليلة جمع فقد أدرك الحج أيام منى ثلاثة فمن تعجل في يومين فلا إثم عليه و من تأخر فلا إثم عليه ( حم 4 ك هق ) عن عبدالرحمن بن يعمر

3172. ئابدۇراھمان ئىبنى يەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەج ئاراپات (يەنى، ئاراپاتتا ۋۇقوف قىلىشتا بولىدۇ) كىم، جەمئى كېچىسى سۈبھى يورۇشىدىن بۇرۇن كېلەلىسە، ئۇ جەزمەن ھەجنى تاپالايدۇ، مىنا كۈنلىرى ئۈچ كۈندۇر، (يەنى ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرى شۇ) كىم بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە كۆچۈشكە ئالدىراپ قالسا، ئۇنىڭغا گۇناھ يوق، كىم بۇ كۈندىن كېچىكىپ قالسا، گۇناھ يوقتۇر، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ

داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3173 ( حسن ) الحجاج و العمار وفد الله دعاهم فأجابوه و سألوه فأعطاهم ( البزار ) عن جابر .**

3173. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرىز ھەج قىلغۇچىلار ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدۇر، (يەنى ئۇلار ئاللاھقا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەر) ئاللاھ ئۇلارنى چاقىرسا، ئۇلار چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جاۋاب بېرىپ كەلدى، ئۇلار ئاللاھدىن نېمە سورىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارغا سورىغىنىنى بېرىدۇ، بەزار توپلىغان، ھەسەن.

**3174 ( صحيح ) الحجر الأسود من الجنة ( حم ) عن أنس ( ن ) عن ابن عباس**

3174. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەجەر ئەسۋەد جەننەتدىن چۈشۈرۈلگەن (يەنى كەئبىنىڭ يېنىدىكى كىشلەر سۆيىدىغان قارا تاش، جەننەتتىن نازىل قىلىنغان) ئەھمەد بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3175 ( صحيح ) الحجر الأسود من حجارة الجنة ( سمويه ) عن أنس**

3175. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەجەر ئەسۋەد، جەننەتنىڭ تاشلىرىدىن ئىدى، سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

**3176 ( صحيح ) الحرب خدعة ( حم ق د ت ) عن جابر ( ق ) عن أبي هريرة ( حم ) عن أنس ( د ) عن كعب بن مالك ( ه ) عن ابن عباس وعائشة ( البزار ) عن الحسين ( طب ) عن الحسين وزيد بن ثابت وعبدالله بن سلام وعوف بن مالك ونعيم بن مسعود والنواس بن سمعان ( ابن عساكر ) عن خالد بن الوليد .**

3176. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەڭ دېگەن ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بولىدۇ، (مەسىلەن؛ شەرقدىن شەپە بېرىپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىش) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بەزار، تەبرانى، ئىبنى ئەساكىرلار، ھەتتا بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ، جابىر، ھۇرەيرە، ئەنەس، كەئبى ئىبنى مالىك، ئىبنى ئاببا‌س، ھۇسەيىن، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەۋف ئىبنى مالىك، نۇئەيم، ئىبنى مەسئۇد، نەۋۋاس، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملادىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىر.

**3177 ( صحيح ) الحرير ثياب من لا خلاق له ( طب ) عن ابن عمر .**

3177. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يىپەك رەخت ئاخىرەتتىن نېسىۋىسى يوق كىشىنىڭ كىيىمدۇر، (يەنى بۇ دۇنيادا يىپەك رەخت كىيسە، ئاخىرەتتە شۇنىڭدىن نېسىۋىسى بولمايدۇ.ئاياللار مۇستەسنا) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3178–( صحيح ) الحسب: المال و الكرم: التقوى ( حم ت ه ك ) عن سمرة**

3178. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نەسەب ، يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋەت بولسا، مال ـ دۇنيادۇر، سېخى، كەرىملىك بولسا، تەقۋالىقتۇر، نەسەب، مال ـ دۇنيادۇر، كەرەم بولسا، تەقۋالىق، (بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەپسىر ئىزاھاتى) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3179ـ ( حسن ) الحسن مني و الحسين من علي ( حم ابن عساكر ) عن المقدام بن معدي كرب**

3179. مىقدام ئىبنى مەئدى، كەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن ھۇسەيىن بولسا ئەلىدىن (يەنى ھەسەن ماڭا ھۇسەيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشايدۇ) ئەھمەد بىلەن ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

**3180ـ الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة ( حم ت ) عن أبي سعيد ( طب ) عن عمر وعلي وجابر وأبي هريرة ( طس ) عن أسامة بن زيد والبراء ( عد ) عن ابن مسعود**

3180. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەسەن ـ ھۈسەيىن، ئىككىسى جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ سەئىددىن، تەبرانى ، ئۇمەر، ئەلى، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەۋسەت، ئۇسامە ، زەيدىدىن، ئىبنى ئەدى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، ھەسەن.

3181–الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة إلا ابني الخالة عيسى بن مريم و يحيى بن زكريا و فاطمة سيدة نساء أهل الجنة إلا ما كان من مريم بنت عمران ( حم ع حب طب ك ) عن أبي سعيد

3181. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەسەن ـ ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ خوجىسى، لېكىن، بىر تۇغقان ھامملارنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى بىرسىنىڭ ئانىسى، يەنە بىرسىنىڭ ھاممىسى بولغان ئىككى ئوغۇل، بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇلار بولسا، مەريەم ئوغلى ئەيسا بىلەن يەھيا ئىبنى زەكەرىيا، پاتىمە جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ خوجىسى، لېكىن، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، بۇنىڭ سىرتىدا، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3182 ( صحيح ) الحسن و الحسين سيدا شباب أهل الجنة و أبوهما خير منهما ( ه ك ) عن ابن عمر ( طب ) عن قرة ومالك بن الحويرث ( ك ) عن ابن مسعود

3182. ئىبنى ئۇمەر، قۇررەتم مالىك، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەسەن ـ ھۈسەيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ئۇ ئىككىسىنىڭ دادىسى، ئەلى ئۇلاردىن ياخشىدۇر، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3183 ( صحيح ) الحلف منفقة للسلعة ممحقة للبركة ( ق د ن ) عن أبي هريرة

3183. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەسەم قىلىپ سېتىش، تىجارەتنى ئوبدان راۋاجلاندۇرىدۇ، ماللارنى ئوبدان ساتتۇرىدۇ، لېكىن، بەرىكەتنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3184–الحمد لله رب العالمين: أم القرآن و أم الكتاب و السبع المثاني ( د ت ) عن أبي هريرة

3184. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين، يەنى سۈرە فاتىھە، ئۇممۇلقۇرئان، قۇرئاننىڭ ئاساسى، كىتابنىڭ ئاساسى، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3185..الحمد لله رب العالمين هي: السبع المثاني الذي أوتيته و القرآن العظيم( خ د ) عن أبي سعيد بن المعلى

3185. ئەبۇ سەئىد ، ئىبنى مەئەللى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىن، يەنى سۈرە فاتىھە، ماڭا بېرىلگەن، تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، قۇرئان ئەزىيمدۇر، ئۇلۇغ قۇرئاندۇر، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، بۇ سەھىھ ھەدىس، سۈرە ھىجرىنىڭ 87 ـ ئايىتىگە تەپسىردۇر، «نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا بەردۇق».

3186 ( صحيح ) الحمى حظ المؤمن من النار يوم القيامة ( ابن أبي الدنيا ) عن عثمان

3186. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل، مۆمىننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخ ئۇستىدىن بولغان نېسىۋىسىدۇر، (يەنى گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ ـ دە، دوزاخقا كىرمەيدۇ) ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

3187 ( صحيح ) الحمى حظ كل مؤمن من النار ( البزار ) عن عائشة

3187. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل ھەربىر مۆمىننىڭ دوزاختىن بولغان نېسىۋىسىدۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3188 ( حسن ) الحمى كير من جهنم فما أصاب المؤمن منها كان حظه من النار ( حم ) عن أبي أمامة

3188. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل جەھەننەمدىن بولغان كورەك ئوتىدۇر، (يەنى گۇناھدىن تازىلايدۇ) ھەرقانداق مۆمىنگە قىزىتما كېسەل يەتسە، بۇ ئۇنىڭ دوزاخ ئوتىدىن بولغان نىسىۋىسىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

3189 ( صحيح ) الحمى كير من جهنم فنحوها عنكم بالماء البارد ( ه ) عن أبي هريرة

3189. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل، (گۇناھلاردىن تازىلىغۇچى) جەھەننەمدىن بولغان كورەك ئوتىدۇر، سىلەر بۇ ئوتنى سوغۇق سۇ بىلەن ئۆچۈرۈپ يىراق قىلىڭلار، ئۆزۈڭلاردىن يىراقلاشتۇرۇڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3190 ( صحيح ) الحمى كير من جهنم و هي نصيب المؤمن من النار ( طب ) عن أبي ريحانة

3190. ئەبۇ رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل، جەھەننەمدىن بولغان كورەك ئوتى، ئۇ مۆمىننىڭ دوزاختىن بولغان نىسىۋىسىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3191 ( صحيح ) الحمى من فيح جهنم فأبردوها بالماء ( حم خ ) عن ابن عباس ( حم ق ن ه ) عن ابن عمر ( ق ن ه ) عن عائشة ( حم ق ت ن ه ) عن رافع بن خديج ( ق ت ه ) عن أسماء بنت أبي بكر

3191. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزىتما كېسەل، جەھەننەمنىڭ زەھەرلىك قىزىق ئوتى، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار، (سۇ بىلەن ئۆچۈرۈڭلار) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، راپىئ ئىبنى خەدىچە، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ.

3192 ( حسن ) الحمام حرام على نساء أمتي ( ك ) عن عائشة

3192. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاممىۋى مۇنچىلار مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا ھارامدۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3193 ـ الحلال بين و الحرام بين و بينهما أمور مشتبهات لا يعلمها كثير من الناس فمن اتقى الشبهات فقد استبرأ لعرضه و دينه و من وقع في الشبهات وقع في الحرام كراع يرعى حول الحمى يوشك أن يواقعه ألا و إن لكل ملك حمى ألا و إن حمى الله تعالى في أرضه محارمه ألا و إن في الجسد مضغة إذا صلحت صلح الجسد كله و إذا فسدت فسد الجسد كله ألا و هي القلب ( ق 4 ) عن النعمان بن بشير

3193. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھالالمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا، ھاراممۇ ئوچۇق ئاشكارىدۇر، نۇرغۇن شۈبھىلىك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلەلمەيدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىپ ساقلانسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى، ئىناۋىتى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن پاكلانغان، پاكلىق يولىنى تۇتقان بولىدۇ، كىم شۈبھىلىك نەرسىنى قىلىپ سالسا، شۈبھىگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ھارامغا چۈشكەن بولىدۇ، (يەنى، بۇ ھارامغا ئاپىرىدۇ) ئۇنىڭ مىسالى، چېگرا ئەتراپىدا پادا باققان پادىچىغا ئوخشايدۇ، پادىچى، چېگرا ئىچىگە كىرىپ كېتىشى، چېگرا ئىچىدىمۇ پادىنى بېقىپ سېلىشى مۇمكىن، (ئەنە شۇنىڭدەك، شۈبھىلىك نەرسە بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھارامغىمۇ كىرىپ كېتىدۇ) ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى چېگرالىرى ھارام قىلغان

نەرسىلەردۇر، دىققەت قىلىڭلار، جەسەتتە بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ ئوڭشالسا، بارلىق جەسەت ئوڭشىلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا، جەسەتنىڭ ھەممە يېرى بۇزۇلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ گۆش بولسا، قەلب ، يۇرەكتۇر، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

شەيخ ئەللامە، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن مۇنداق پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغان.

1. شەيئىلەر بۇ ھەدىسىدىن ئۈچ قىسىم بولىدۇ، ھالال، ھارام، شۈبھىلىك، ھالالغا ھېچ كىشىگە مالامەت قىلىنمايدۇ، خۇددى، بۇغداي، قوناق ، كۆكتاتنى يېگەندەك . ھارامغا ھەرقانداق ئىنسان مالامەت قىلىنىپ ئازابقا ئۇچرايدۇ، ھاراق، قىمار، توڭگۇز زىنادەك. شۈبھىلىك نەرسىلەردە، ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان، بەزىسى ھالال دېسە، بەزىسى ھارام دېگەن ، بەزىسى تەپسىلي سۆزلەپ ئىللەت يازغان، مەسىلەن، تاماكا بۇرۇن شۈبھىلىك دەپ قارالغان، بەزىسى ھارام دېسە، بەزىسى مەكروھ ، بەزىسى ھالال دېگەن ، مانا ئەمدى، تېبابەتتە ئاشكارا بولۇپ ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، نۇرغۇن ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەردىن قىياس قىلىنىپ، تاماكا قەتئىي ھارام قىلىندى، بۇنىڭ ھاراملىقىغا ئىسلام ئالىملىرى، ھەتتا خەلقئارا ئالىملار، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلدى، بىرلىككە كەلدى، ھارام دېگەن چەكلىنىدۇ دېگەن بولىدۇ، تاماكا ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ. بۇ بۇرۇن شۈبھى بولسا، ھازىر ئوچۇق ھارام قىلىندى، ماگىزىنلاردا نۇرغۇن شۈبھىلىك نەرسىلەر بار، ئۇ ھارامغىمۇ ئوخشايدۇ، ھالالغىمۇ ئوخشايدۇ، شۇڭا شۈبھىدۇر.

2. ئىلىمنىڭ ئازلىقىدىن چۈشەنچىنىڭ يوقلۇقىدىن تەدبىرنىڭ كەملىكىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ يوقلۇقىدىن شۈبھى كېلىپ چىقىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر سۇيىقەست قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر شەخسى غەرىزى بىلەنلا ھۆكۈم قىلىۋېتىپ، شۈبھىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسكە سالساق ئوچۇقلىشىدۇ.

3. شۈبھىلىك نەرسىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ئىلىمغا ھېرىسمەن كىشى بىلەن، ھېرىسمەن ئەمەس كىشىلەر ئاشكارىلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغانلار بىلەن ھېچ كارى يوقلار ئاشكارىلىنىدۇ، كىشىلەر سىنىلىدۇ.

4. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلەلمەيدۇ، دېگىنى چوقۇم ئاز ساندىكىلەر بۇنى بىلەلەيدۇ، شەرىئەتتە كىشىلەر بىلەلمىگۈدەك، چۈشىنەلمىگۈدەك ئىشلار يوق.

5. شۈبھىلىك نەرسىدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم، چۈنكى، ئۇ ھارامغا ئاپىرىدۇ.

6. شۈبھىگە چۈشكۈچى، ھارامغا چۈشكەن بولىدۇ.

7. ئىلىمنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن ئۆگىتىش لازىم.

8. ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار دېگىنى باشقا پادىشاھقا چېگرا توختىتىپ، ئۇنىڭغا رازى بولغانلىق، ئىقرار قىلغانلىق ئەمەس، بۇ بىر مىسال كەلتۈرۈش خالاس، ھۆكۈم ئېلىنمايدۇ، چېگرا، زېمىن ، پادىشاھلىق، ئاللاھقىلا خاستۇر.

9. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا چېگراسى دۇرۇس.

10. ھارامغا ئاپىرىدىغان ھەرقانداق نەرسە چەكلىنىدۇ، ھارامغا ۋاستە، ۋەسىيلە بولسا، ئۇمۇ ھارام.

11. مۇسۇلمانلار چېگراسىنى مۇداپىئە قىلىشى لازىم.

12. بارلىق پاسات بىلەن ئىسلاھ ئوڭشىلىش، قەلبگە ، ئىدىيىگە باغلىقتۇر، ئەقىدىنى رۇسلاڭ.

13. قەلبگە ، ئىدىيىگە، ئەقىدىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

14. بۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن بىرگە ئۇلاردا ئەقىل قىلىدىغان قەلب بارمۇ؟ دېگەن ئايەت، ئەقىل قەلبدە بولىدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ، ئەقىل قەلبدە .

15. مۇسۇلمانلار يۈز ـ ئابرۇيىنى، ئىناۋىتىنى ساقلىشى لازىم.

**3194 ( حسن ) الحلال بين و الحرام بين فدع ما يريبك إلى ما لا يريبك ( طس ) عن عمر**

3194. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھالالمۇ ئاشكارا، ھاراممۇ ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر، سىنى شەكلەندۈرگەن نەرسىنى شەكلەندۈرمىگەن نەرسىگە تەرك ئەت، يەنى شەك بار نەرسىنى تاشلاپ، شەك، شۈبھى يوقنى قىلغىن، ئەۋسەتتە بار، ھەسەن.

**3195ـ الحلال ما أحل الله في كتابه و الحرام ما حرم الله في كتابه و ما سكت عنه فهو مما عفا عنه ( ت ه ك ) عن سلمان**

3195. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھالال دېگەن ئاللاھ تائالا كىتابىدا ھالال قىلغان نەرسىلەردۇر، ھاراممۇ ئاللاھ تائالا كىتابىدا ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر، ئاللاھ سۆز قىلماي، سۈكۈت قىلغان نەرسىلەر بولسا، ئاللاھ ئەپۇ قىلغان نەرسىلەردۇر، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەت، ھەدىسلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ئىزاھاتى، تەپسىرىدۇر، ھەدىستىمۇ ھارام قىلىنغان نەرسە ھارام، ھالال قىلغان نەرسە، ھالالدۇر، سۈكۈت قىلىپ، سۆز قىلمىغىنى ئەپۇدۇر.

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ھارام دېمىگەن، توسمىغان، چەكلىمىگەن ھەرقانداق نەرسە، ھالالدۇر، دۇرۇستۇر، ئەلۋەتتە، ئىجمائ، قىياسمۇ شەرىئەتنىڭ مەنبەسىدۇر

**3196 ( صحيح ) الحياء خير كله ( م د ) عن عمران بن حصين .**

3196. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا دېگەن بارچە ياخشىلىقتۇر، ياكى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ھايادۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3197 ( صحيح ) الحياء من الإيمان ( م ت ) عن ابن عمر**

3197. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، (يەنى ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر) مۇسلىم بىلەن تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3198 ـ الحياء من الإيمان و أحيى أمتي عثمان ( ابن عساكر ) عن أبي هريرة**

3198. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ھايالىق كىشىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3199 ( صحيح ) الحياء من الإيمان و الإيمان في الجنة و البذاء من الجفاء و الجفاء في النار ( ت ك هب ) عن أبي هريرة ( خد ه ك هب ) عن أبي بكرة ( طب هب ) عن عمران بن حصين**

3199. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ بەكرە، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان جەننەتتە (يەنى ھايا ۋە ئىمان ئەھلى جەننەتتە بولىدۇ). قىلىن پاھىشە سۆزلەش، ئېغىزى بۇزۇپلۇك، قەلبىنىڭ قاتتىقلىقى، ئەخلاقى، تەبىئىتى قوپاللىق، سىلە ـ رەھىم قىلماسلىقدىندۇر،بۇ دوزاختا بولىدۇ، ، تىرمىزى 1932 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10108ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3200 ـ الحياء و الإيمان قرنا جميعا فإذا رفع أحدهما رفع الآخر ( حل ك هب ) عن ابن عمر**

3200. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا بىلەن ئىمان بىرلىشىپ كەتكەن ئىككى مۇڭگۈزدۇر، بۇلارنىڭ بىرسى كۆتۈرۈلۈپ

كەتسە، يەنە بىرسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، (يەنى ئىمان بولمىسا، ھايا بولماس.ھايابولمىسا،ئىمانى كەمىل بولماس.) ئەبۇ نۇئەيىم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3201 الحياء و العي شعبتان من الإيمان و البذاء و البيان شعبتان من النفاق ( حم ت ك ) عن أبي أمامة**

3201. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاياقىلىش بىلەن سۆزنى ئاز قىلىش، ئىماننىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، پاھىشە سۆزلەش، ئېغىزى بېزەپلىك بىلەن كۆپ سۆزلىۋېتىش، مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى شاخچىسىدۇر، تىرمىزى 1950 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21280 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3202 ( صحيح ) الحياء لا يأتي إلا بخير ( ق ) عن عمران بن حصين**

3202. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايا قىلىش پەقەت ياخشىلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقتىنلا كېلىدۇ، (يەنى ھايا قىلىش، ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىدۇ، ھايا پەقەت ياخشىلىقدىن ھاسىل بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3203 ـ الحيات مسخ الجن صورة كما مسخت القردة و الخنازير من بني إسرائيل ( طب أبو الشيخ ) عن ابن عباس**

3203. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يىلانلار؛ خۇددى مايمۇنلار بىلەن توڭگۇز، چوشقىلار، بەنى ئىسرائىللاردىن سۈرىتى ئۆزگەرتىلىپ لەنەت قىلىنغاندەك، جىنلاردىن سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن مەخلۇقلاردۇر، (ئەمما، ئۇ مايمۇن بىلەن توڭگۇزلار ھالاك بولغان، نەسلى قالدۇرمىغان، لېكىن، يىلان جىنلار باردۇر) تەبرانى، ئەبۇشەيخ توپلىغان، سەھىھ.

**3204 ـ ( صحيح ) الحية فاسقة و العقرب فاسقة و الفأرة فاسقة و الغراب فاسق ( ه ) عن عائشة**

3204. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يىلان، چايان، چاشقان، قاغىلار، پاسىقلاردۇر، يەنى پاسات تېرىيدىغان نىجىسلاردۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## « خ » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**( حسن ) خاب عبد و خسر لم يجعل الله تعالى في قلبه رحمة للبشر ( الدولابي في الكنى أبو نعيم في المعرفة ابن عساكر ) عن عمرو بن حبيب**

3205. ئەمرۇ ئىبنى ھەبىيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا قەلبىدە ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى، كۆيۈنۈشنى قىلمىغان بەندە، قوشلاپ زىيان تارتىدۇ، (يەنى قولدىن كېتىپ، پايدىدىن قۇرۇق قالىدۇ ـ دە قوش زىيان تارتىدۇ) دولابىي، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن

**. 3206 ( صحيح ) خالد بن الوليد سيف من سيوف الله ( البغوي ) عن عبدالله بن جعفر**

3206. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خالىد ئىبنى ۋەلىد ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر، (ئاشۇنىڭدىن باشلاپ، سەيفۇللا دەپ ئاتالغان) بەغەۋى توپلىغان، سەھىھ.

**3207 ـ خالد بن الوليد سيف من سيوف الله سله الله على المشركين ( ابن عساكر ) عن عمر**

3207. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ قىلىچنى

مۇشرىكلارغا قارشى سۇغاردى، غىلاپىدىن چىقاردى، (ئۇ قوماندان ئىدى) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3208 ( صحيح ) خالد سيف من سيوف الله و نعم فتى العشيرة ( حم ) عن أبي عبيدة**

3208. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خالىد، ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچتۇر، ئۇ نېمىدېگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقى ياخشى ياش يىگىت ھە! نېمىدېگەن ياخشى، يېقىن تۇغقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3209 ( صحيح ) خالفوا المشركين أحفوا الشوارب و أوفوا اللحى ( ق ) عن ابن عمر**

3209. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇشرىكلارنىڭ خىلاپىدا، قارشىسىدا ئىش قىلىڭلار، بۇرۇتنى ئېلىپ تۇرۇپ، ساقالنى تولۇق، كەمىل قويۇڭلار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3210 ( صحيح ) خالفوا اليهود فإنهم لا يصلون في نعالهم و لا خفافهم ( د ك هق ) عن شداد بن أوس**

3210. شەددات ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يەھۇدىيلارنىڭ خىلاپىدا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئاياغلىرى، ئۆتۈكلىرى بىلەن ناماز ئوقۇمايدۇ، (يەنى سىلەر نىجاسەت بولمىغان، پاكىز ئاياغ، ئۆتەكلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىڭلار) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ

**3211ـ خبرني ربي أني سأرى علامة في أمتي فإذا رأيتها أكثرت من قول: سبحان الله و بحمده استغفر الله و أتوب إليه فقد رأيتها ( إذا جاء نصر الله و الفتح فتح مكة ( و رأيت الناس يدخلون في دين الله أفواجا فسبح بحمد ربك و استغفره إنه كان توابا ) . ( م ) عن عائشة**

3211. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا رەببىم شۇنداق خەۋەر قىلدىكى، ھەقىقەتەن مەن پات يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە بىر ئالامەتنى كۆرسەم، سۇبھانەللا ۋەبىھەمدىھى ئەستەغفىرۇللاھ ۋە ئەتۇبۇئىلەيھى دېگەن سۆزنى كۆپ دېيىشىم كېرەك، (يەنى، ئاللاھقا تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، ئىستىغپار ئوقۇپ، تەۋبە قىلىمەن، چۈنكى، بۇ ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغىنىنىڭ ئالامىتىدۇر) شەك ـ شۈبھىسىز مەن ئۇ ئالامەتنى كۆردۈم، ئۇ بولسىمۇ، مۇنۇ سۈرىدىكى ئالامەتتۇر، «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ئېيتقىن، ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر»، 110 ـ سۈرە نەسر ، بۇ سۈرىدىكى غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىشتۇر، (مەن ئۇنى كۆردۈم) (كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەن)، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3212 ( صحيح ) خذ عليك ثوبك و لا تمشوا عراة ( د ) عن المسور بن مخرمة**

3212. مىسكەر ئىبنى مەخرەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىيىمىڭنى كىيىۋالغىن، سىلەر يالىڭاچ ماڭماڭلار، (يەنى سىرتتا) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3213ـ خذوا القرآن من أربعة من ابن مسعود و أبي بن كعب و معاذ بن جبل و سالم مولى أبي حذيفة ت ك)عن ابن عمر**

3213. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇرئاننى تۆت كىشىدىن دەرس ئېلىڭلار، ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، مۇئاز ئىبنى جەبەل، سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3214ـ خذوا جنتكم من النار قولوا: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر فإنهن يأتين يوم القيامة مقدمات و معقبات و مجنبات و هن الباقيات الصالحات ( ن ك ) عن أبي هريرة**

3214. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دوزاخنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا جەننەتتىكىلەرنى ئېلىڭلار، سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر دەڭلار، ھەقىقەتەن بۇ كەلىمىلەر قىيامەت كۈنى ئېگىسىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا، يان تەرەپلىرىدە نۇر بولۇپ ئويناقشىپ شاپائەت قىلىدۇ، بۇ كەلىمىلەر مەڭگۈلۈك ياخشىلىقلاردۇر، باقىيياتۇسسالىھاتتۇر، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3215 ( صحيح ) خذوا عني خذوا عني قد جعل الله لهن سبيلا البكر بالبكر جلد مائة و نفي سنة و الثيب بالثيب جلد مائة و الرجم ( حم م ٥ ) عن عبادة بن الصامت**

3215. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەندىن ئېلىڭلار، مەندىن ئېلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يول قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ، توي قىلمىغان كىشى توي قىلمىغان كىشى بىلەن زىنا قىلسا، ئۇلارنى 100 قامچا ئۇرۇپ، بىر يىل پالايمىز، توي قىلغان كىشى بىلەن توي قىلغان كىشى زىنا قىلسا، ئۇلار 100 قامچا ئۇرۇلۇپ، رەجىم قىلىنىپ، چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىس سۈرە نىسانىڭ 15 ـ ئايىتىگە تەپسىردۇر. «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆت گۇۋاھچىنى ئۆزۈڭلاردىن كەلتۈرۈڭلار، ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ، جىنايەتنى ئىسپاتلىسا، تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا قەدەر ياكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بىرەر چىقىش يولى قىلىپ بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار» مانا بۇ سەھىھ ھەدىستىكى چىقىش يولى، زىناخورلار توي قىلمىغان بولسا، 100 قامچا ئۇرۇپ، بىر يىل پالاش، توي قىلغان كىشى بولۇپ قالسا، گەرچە ئايالى، ئېرى يېنىدا بولمىسىمۇ بىرقېتىم توي قىلغانلا بولسا، زىنا قىلسا رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**3216 ـ خذوا مقاعدكم فإن الناس قد صلوا و أخذوا مضاجعهم و إنكم لن تزالوا في صلاة ما انتظرتم الصلاة و لولا ضعف الضعيف و سقم السقيم و حاجة ذوي الحاجة لأخرت هذه الصلاة إلى شطر الليل ( حم د ) عن أبي سعيد**

3216. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر نامازلىرىنى ئوقۇپ، ياتاقلىرىنى ئېلىپ، ئۇخلاپ بولدى، ھەقىقەتەن سىلەر نامازنى ساقلاپ تۇرساڭلار، نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر، ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقى كېسەللەرنىڭ كېسەللىكى، ھاجەت ئېگىسىنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولسا، مەن بۇ نامازنى يەنى خۇپتەننى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتۇم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3217 ( صحيح ) خذوا من العبادة ما تطيقون فإن الله لا يسأم حتى تسأموا ( طب ) عن أبي أمامة**

3217. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىبادەت ئەمەللىرىدىن سىلەر تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغان، ئەمەللەرنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىشتىن ھېرىپ قالمايدۇ، تاكى سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالسىلەر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3218 ( صحيح ) خذوا من العمل ما تطيقون فإن الله لا يمل حتى تملوا ( ق ) عن عائشة**

3218. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، ئەمەل، ئىبادەتتىن، تاقەت يېتىدىغىنىنى قىلىڭلار، ئاللاھ ھېرىپ قالمايدۇ، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالسىلەر، سەھىھ.

**3219 ـ ( صحيح ) خذوا يا بني أرفدة حتى تعلم اليهود و النصارى أن في ديننا فسحة ( أبو عبيدة في الغريب الخرائطي في اعتلال القلوب ) عن الشعبي مرسلا**

3219. شۇئبى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئەرپەتىنىڭ بالىلىرى! ئېلىڭلار، تاكى يەھۇدىي، ناسارالارمۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا

خىلى كەڭرىلىكنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن، (ھەدىسنىڭ مەقسىتى ، ئىسلام دىنىدا كەڭرىچىلىك بار) ئەبۇ ئۇبەيدە، خارائىتى توپلىغان، سەھىھ.

**3220** ( صحيح ) خذي فرصة من مسك فتطهري بها ( ق ن ) عن عائشة

3220. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇن كېسىلى بار ھەيزدار ئاياللا مۇنداق دېگەن : مىسكە بىلەن ھۆل قىلىنغان پاختىنى ئېلىپ، قاننى تازىلىغىن، پاكلانغىن، بەيھەقى بىلەن نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3221** ( صحيح ) خذي من ماله بالمعروف ما يكفيك و يكفي بنيك ( ق د ن ه ) عن عائشة

3221. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالىغا مۇنداق دېگەن : ئەبۇ سۇفيانىنىڭ مېلىدىن ساڭا ۋە بالىلىرىڭغا كۇپايە قىلغۇدەك مالنى ياخشىلىقچە ئالغىن، (يەنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، خەۋەرسىز ئېلىپ، بالىلىرىڭغا چىقىم قىل، بۇ ياخشىلىقچە بولسۇن) بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) خرج رجل ممن كان قبلكم في حلة له يختال فيها فأمر الله الأرض فأخذته فهو يتجلجل فيها إلى يوم القيامة ( ت ) عن ابن عمرو

3222. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەردىن بىر كىشى تونى، رىدالىرى ئىچىدە كىبىر قىلغان، پەخىرلەنگەن ھالدا چىقتى، ئاللاھ تائالا ئۇنى زېمىننىڭ يۇتۇپ كېتىشىگە بۇيرىدى، زېمىن ئۇنى يۇتۇۋەتتى، ئۇ تا قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىگە ھەرىكەتلىنىپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، (يەنى قارۇن) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3223** ( حسن ) خرجت من لدن آدم من نكاح غير سفاح ( ابن سعد ) عن ابن عباس

3223. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئادەم ئاتىدىن باشلاپ، (تاكى ئاتا ـ ئانامغىچە) زىنادىن ئەمەس، نىكاھدىن چىقىپ كەلدىم، (ھارامدىن ئەمەس، ھالالدىن چىقىپ كەلدىم) ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

**3224** ( حسن ) خرجت من نكاح غير سفاح ( ابن سعد ) عن عائشة

3224. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن زىنادىن ئەمەس، نىكاھدىن چىقتىم، يەنى زىنادىن ئەمەس، نىكاھتىن تۇغۇلدۇم، ئىبنى سەئىدى توپلىغان، ھەسەن.

**3225** ( حسن ) خرجت من نكاح و لم أخرج من سفاح من لدن آدم إلى أن ولدني أبي و أمي لم يصبني من سفاح الجاهلية شيء ( العدني عد طس ) عن علي

3225. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئادەم ئاتىدىن باشلاپ، مېنى ئاتا ـ ئانام تۇغقانغا قەدەر ھارام زىنادىن ئەمەس، بەلكى، نىكاھدىن چىقىپ كەلدىم، نىكاھدىن تۇغۇلدۇم، ماڭا جاھىلىيەتتىكى زىناخورلۇقدىن، پاھىشىۋازلىقتىنمۇ بىرەر نەرسە يەتمىدى، يۇقۇپ قالمىدى. ئەدەنى، ئىبنى ئەدى،تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن

**3226** ـ خرجت و أنا أريد أن أخبركم بليلة القدر فتلاحى رجلان فاختلجت مني فاطلبوها في العشر الأواخر: في سابعة تبقى أو تاسعة تبقى أو خامسة تبقى ( الطيالسي ) عن عبادة بن الصامت

3226. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئەسلى سىلەرگە قەدىر كېچىسىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، ئىككى كىشى دە ـ تالاش، جېدەل ـ ماجىرا قىلىپ، قەدىر كېچىسى مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنى سىلەر رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا، ئاخىرىدا قېلىپ قالغان يەتتىنچى، توققۇزىنچى، بەشىنچى كېچىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىزدەڭلار، تەيالىسى توپلىغان.سەھىھ

3227 ـ خروج الآيات بعضها على أثر بعض يتتابعن كما تتابع الخرز في النظام ( طس ) عن أبي هريرة

3227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ چىقىشى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجان كەينى ـ كەينىدىن تۆكۈلگەندەك كەينى ـ كەينىدىن بىرسى ـ بىرسىگە ئەگىشىپ چىقىدۇ، ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

3228 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 2827 . ( حم طب ) عن ابن عمرو . خصاء أمتي الصيام ( و القيام )

3228. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پىچىتۇرۇلۇشى، روزا تۇتۇش، كېچىسى قىيامدا تۇرۇشتۇر، (يەنى روزا تۇتۇش، ئىپپەتلىك قىلىدۇ، شەھۋەتنى باسىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3229 ـ خصلتان لا يجتمعان في منافق: حسن سمت و لا فقه في الدين ( ت ) عن أبي هريرة

3229. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى خىسلەت ئىش مۇناپىقدا ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ، ياخشى ئەخلاق بىلەن دىندا فىقھى ئالىم بولۇش، بۇ ئىككى ئىش مۇناپىقدا يوقتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3230 ـ خصلتان لا يحافظ عليهما عبد مسلم إلا دخل الجنة ألا و هما يسير و من يعمل بهما قليل يسبح الله في دبر كل صلاة عشرا و يحمده عشرا و يكبره عشرا فذلك خمسون و مائة باللسان و ألف و خمسمائة في الميزان و يكبر أربعا و ثلاثين إذا أخذ مضجعه و يحمده ثلاثا و ثلاثين و يسبح ثلاثا و ثلاثين فتلك مائة باللسان و ألف في الميزان فأيكم يعمل في اليوم و الليلة ألفين و خمسمائة سيئة ( حم خد 4 ) عن ابن عمرو

3230. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ئىككى خىسلەت ئىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم قىلىپ بەرسە، جەننەتكە كىرىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار ، ئۇ ئىككى ئىش بەك ئاساندۇر، ئۇ ئىشلارغا ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەر بەك ئازدۇر، بىرى ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھ تائالا 10 تەسبىھ، 10 ھەمدە، 10 تەكبىر ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ بەش نامازدا، تىلدا 150 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىزاندا 1500 بولىدۇ، ئىككىنچى ئىش شۇكى، ياتاقنى تۇتۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئاللاھ تائالاغا 34 تەكبىر ، 33 ھەمدە، 33 تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئەنە شۇ تىلدا 100 بولىدۇ، قىيامەت كۈنى مىزاندا 1000 بولىدۇ، قايسىڭلار بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 2500 يامان گۇناھ ئىشنى قىلىدۇ؟ (يەنى بۇ 2500 ياخشىلىق بولىدۇ، 2500 يامانلىق بولمىغاچقا، جەننەتكە كىرىدۇ) ئەھمەد ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، تا ھازىرقىلارمۇ نامازدىن كېيىن 33دىن ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ.

3231 ( صحيح ) خفف على داود القرآن فكان يأمر بدوابه فتسرج فيقرأ القرآن من قبل أن تسرج دوابه و لا يأكل إلا من عمل يده ( حم خ ) عن أبي هريرة

3231. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان يەنى زەبۇر شۇنداق يەڭگىل قىلىنغانكى، ئۇ ھايۋىنىنى يەنى ئېتىنى ئىگەر توقۇشقا بۇيرۇيتتى، ئۇ ئېتىغا ئىگەر توقۇلۇشتىن بۇرۇنلا زەبۇر قۇرئانىنى ئوقۇپ تاماملاپ بولاتتى، ئۇ پەقەت ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن يەيتتى، (يەنى ئۇ تۆمۈرچى ئىدى) ئەھمەد بىلەن بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار خۇددى سەپەردە كارامەت بىلەن ماكان قاتلاپ بېرىلگەندەك كارامەت بېرىلىپ، زامان قاتلاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ۋاقىتتا قۇرئانىنى تامامەن قىرائەت قىلىپ بولىدۇ دېگەن .

3232 ( صحيح ) خلفت فيكم شيئين لن تضلوا بعدهما: كتاب الله و سنتي و لن يتفرقا حتى يردا علي الحوض ( أبو بكر الشافعي في الغيلانيات ) عن أبي هريرة

3232. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئاراڭلاردا ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئۇ ئىككى نەرسىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، يەنە بىرى سۈننىتىم، ھەدىستۇر، بۇ ئىككىسى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ماڭا كەلگەنگە قەدەر ھەرگىز بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، يەنى مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئەبۇ بەكرى، شافىئىي توپلىغان، سەھىھ.

3233 ـ خلق الله آدم على صورته و طوله ستون ذراعا ثم قال: اذهب فسلم على أولئك النفر و هم نفر من الملائكة جلوس فاستمع ما يحيونك فإنها تحيتك و تحية ذريتك فذهب فقال: السلام عليكم فقالوا: السلام عليك و رحمة الله فزادوه و رحمة الله فكل من يدخل الجنة على صورة آدم في طوله ستون ذراعا فلم تزل الخلق تنقص بعده حتى الآن ( حم ق ) عن أبي هريرة

3233. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىنى ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى، ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەزدۇر، ئاندىن، بارغىن، ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرگە سالام قىلغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان سالامىغا قۇلاق سالغىن، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ ۋە بالىلىرىڭنىڭ سالامى بولىدۇ، ئادەم بېرىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېدى، ئۇلار ئەسسالامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللا دەپ كېيىنكى رەھمەت يوللاشنى زىيادە قىلدى، جەننەتكە كىرىدىغان ھەرقانداق كىشى ئادەم ئاتىنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى، يارىلىش، جىسىم ئادەمدىن باشلاپ ھازىرغىچە كېمىلەپ، كىچىكلەپ كەلدى، ئەھمەد بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئاللاھ تۇپراقتىن ياراتتى.

2. ئادەمنى ئاللاھ تائالا ئۆز قولى بىلەن مەخسۇس گۈزەل سۈرەتتە ياراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ سۈرىتىدە جەننەتكە كىرىدۇ.

3. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 60 گەز ئىدى.

4. كېمىلەش، كىچىكلەش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىغىچە بولغان، ئۇندىن كېيىن ھەم ھازىر ھەم كەلگۈسىدە كىچىكلىمەيدۇ.

5. سالام قەدىمى ئىبادەتتۇر.

6. سالام قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر.

7. ئاللاھ تائالا ئوخشىشى يوق ھالەتتە سۆز قىلىدۇ.

3234 ـ خلق الله آدم فضرب كتفه اليمنى فأخرج ذرية بيضاء كأنهم اللبن ثم ضرب كتفه اليسرى فخرج ذرية سوداء كأنهم الحمم قال: هؤلاء في الجنة و لا أبالي و هؤلاء في النار و لا أبالي ( ابن عساكر ) عن أبي الدرداء

3234. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تاغىقىغا ئۇرۇپ، خۇددى سۈتتەك ئاق بالىلىرىنى چىقاردى، ئاندىن سول تارغىقىغا ئۇرۇپ، خۇددى كۆمۈرگە ئوخشاش قاپقارا بالىلىرىنى چىقاردى، ۋە ئاۋۇ ئاق باللار جەننەتتە بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن، ئاۋۇلار دوزاختا بولىدۇ، پەرۋا قىلمايمەن دېدى، (چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئالدىن بىلىپ يارىتىدۇ، سەۋەب يەنىلا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدە بولىدۇ) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئاشۇ باللار ھۆجەيرە بولۇشى مۇمكىن، سەھىھ.

3235 ـ خلق الله التربة يوم السبت و خلق فيها الجبال يوم الأحد و خلق الشجر يوم الاثنين و خلق المكروه يوم الثلاثاء و خلق النور يوم الأربعاء و بث فيها الدواب يوم الخميس و خلق آدم بعد العصر من يوم الجمعة في آخر الخلق في آخر ساعة من ساعات الجمعة فيما بين العصر إلى الليل ( حم م ) عن أبي هريرة

3235. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا تۇپراقنى شەنبە كۈنى ياراتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاغلارنى بولسا، يەكشەنبە كۈنى ياراتتى، دەرەخلەرنى دۈشەنبە كۈنى ياراتتى، مەكروھ ئىشلارنى، ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنى سەيشەنبە كۈنى ياراتتى، نۇرنى چارشەنبە كۈنى ياراتتى، زېمىن ئىچىگە ھايۋانلارنى بولسا، پەيشەنبە كۈنى ياراتتى، كەڭ تارقاتتى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جۈمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن، مەخلۇقلارنىڭ ئاخىرىدا جۈمەنىڭ سائەتلىرىنىڭ ئاخىردا،ئەسىر بىلەن كۈن كىرىش ئارىلىقىدا ياراتتى، ئەھمەد 7991 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1410 ـ ھەدىس، 4997 ـ ھەدىس، تىرمىزى 450 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3236 ـ خلق الله مائة رحمة فوضع رحمة واحدة بين خلقه يتراحمون بها و خبأ عنده مائة إلا واحدة ( م ت ) عن هريرة

3236. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا، 100 رەھمەتنى يارىتىپ، پەقەت بىر رەھمەتنىلا مەخلۇقلىرى ئارىسىغا قويدى، ئۇلار ئاشۇ بىر رەھمەت سەۋەبىدىن ئۆزئارا رەھمەت قىلىشىدۇ، كۆيۈنۈشىدۇ، 99 رەھمەتنى بولسا، ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆز نەزرىدە يوشۇرۇن ئېلىپ قويدى، (بۇ 99 رەھمەت بىلەن رەھمەتكە لايىق كىشىلەرگە رەھىم قىلىدۇ) مۇسلىم بىلەن تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3237 ـ خلق الله يحيى بن زكريا في بطن أمه مؤمنا و خلق فرعون في بطن أمه كافرا ( عد طب ) عن ابن مسعود

3237. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا، زەكەرىيا ئوغلى يەھيانى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا مۆمىن ياراتقان، پىرئەۋننى بولسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا كاپىر ياراتقاندۇر. ئىبنى ئەدى، تەبراى توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى، بىلىپ ياراتتى، بىلىپ يارىتىشى، مۆمىن ياكى كاپىر ھالەتتە يارىتىشىدۇر، بىلىشى يارىتىشىدىن توسمايدۇ ، بىلىپ يارىتىشى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ياراتقانغا ئوخشاشتۇر، لېكىن، بەندىلەرمۇ ئۆزى سەۋەب قىلىدۇ، پەقەت ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازدى، نېمىنى يازدى؟، بەندىلەر قىلىدىغىنىنى يازدى، ئىختىيارلىق بېرىپ تۇرۇپ، چەكسىز ئىلمى بىلەن بىلىپ يازدى، بىلىشى يېزىشنى يارىتىشنى توسمايدۇ ، بىلىدۇ، يارىتىدۇ، تەقدىرنى يېزىۋېرىدۇ، بەندىلەر ئۆزلىرى سەۋەبچى، ئۆزلىرى جىنايەتچىدۇر، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ كەلگۈسىنى بىلىپ، بۇرۇنقى، ھازىرقى، كەلگۈسىدىكى ھەممىنى بىلىپ يازدى.دەلىل؛ بارماق ئىزىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس ياراتتى.

3238 ـ خلقت الملائكة من نور و خلق الجان من مارج من نار و خلق آدم مما و صف لكم( حم م ) عن عائشة

3238. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار بولسا، ئوتنىڭ تۇتۇن ئارىلاش يالقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم بولسا ، سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن يەنى تۇپراقتىن يارىتىلدى، مۇسلىم 5314 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24186 ـ ھەدىس، سەھىھ.

3239 ( صحيح ) خلل أصابع يديك و رجليك ( حم ) عن ابن عباس

3239. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پۇت ـ قوللىرىڭنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا خىلال قىلىپ، سۇ كىرگۈزگىن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

324 ـ خمس بخمس ما نقض قوم العهد إلا سلط عليهم عدوهم و ما حكموا بغير ما أنزل الله إلا فشا فيهم الفقر و لا ظهرت فيهم الفاحشة إلا فشا فيهم الموت و لا طففوا المكيال إلا منعوا النبات و أخذوا بالسنين و لا منعوا الزكاة إلا حبس عنهم القطر ( طب ) عن ابن عباس

3240. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش نەرسە بەش نەرسىگە باغلىق بولۇپ، شۇ بەش نەرسە يۈز بەرسە، كەينىدىنلا بەش نەرسە يۈز بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

1. قەۋم ئەھدىنى بۇزۇۋەتسە، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى شۇ خىيانەتچى قەۋمدىن غالىب كېلىدۇ.

2. ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلماي، ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پېقىرلىق، نامراتلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ، (چۈنكى، ئۇنداق ھاكىم، كاپىر دىنسىز بولىدۇ).

3. قەۋم ئىچىدە پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۆلۈم ئاشكارا بولۇپ، ئۆلۈش كۆپىيىپ كېتىدۇ.

4. ئۇلار جىلىك، تارازا، مىزان، كەمچەنلەردە كەم بېرىپ، ئوشۇق ئېلىپ كىشىلەرگە زىيان سالسا، ئۆسۈملۈك، گىياھلار، زىرائەتلەر ئۈنمەيدۇ، مەھسۇلاتلىرىدىن چەكلىنىدۇ، ئاپەت يۈز بېرىپ، قەھەتچىلىك بىلەن ئازابلىنىدۇ.

5. ئۇلار ئۆشرە ـ زاكاتنى بەرمىسە، ئۇلاردىن يامغۇر توختاپ قېلىپ، ياغمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) خمس تجب للمسلم على أخيه: رد السلام و تشميت العاطس و إجابة الدعوة و عيادة المريض و اتباع الجنازة ( د ) عن أبي هريرة

3241. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە بەش نەرسە ۋاجىپ بولىدۇ، سالام قايتۇرۇش، چۈشكۈرۈككە جاۋاب قايتۇرۇش، چاقىرسا بېرىش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىش، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3242 ـ خمس صلوات افترضهن الله عز و جل من أحسن وضوءهن و صلاهن لوقتهن و أتم ركوعهن و خشوعهن كان له على الله عهد أن يغفر له و من لم يفعل فليس له على الله عهد إن شاء غفر له و إن شاء عذبه ( د هق ) عن عبادة بن الصامت

3242. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا بەش نامازنى پەرز قىلدى، كىم بۇ نامازلارنىڭ تاھارىتىنى كەمىل، ياخشى ئالسا، بۇ بەش نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسا، رۇكۇ، سەجدىلىرىنى كەمىل قىلىپ، ئاللاھدىن قورقۇپ، خوشۇئ بىلەن ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۈستىگە ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈش ئەھدىنامىسى، كېلىشىم، توختامنامە بولىدۇ، كىم يۇقىرىقىدەك قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا توختام، كېلىشىم، ئەھدىنامە بولمايدۇ، ئەگەر خالىسا، مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3243 ـ خمس صلوات كتبهن الله على العباد فمن جاء بهن لم يضيع منهن شيئا استخفافا بحقهن كان له عند الله عهد أن يدخله الجنة و من لم يأت بهن فليس له عند الله عهد إن شاء عذبه و إن شاء أدخله الجنة. ( مالك حم د ن ه حب ك ) عن عبادة بن الصامت

3243. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ نامازنى بەندىلەرگە پەرزى قىلىپ پۈتتى، كىم بۇ نامازلارنىڭ ھەققىدىن بىرەر نەرسىنى يەڭگىل ساناپ، ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى زايا قىلىۋەتمەي، بەش نامازنى تولۇق كەلتۈرەلىسە، (يەنى زايا قىلماي، يەڭگىل سانىماي، تولۇق كەلتۈرسە) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەھدە توختام بولىدۇ، كىم بۇ بەش نامازنى تولۇق ئادا قىلالمىسا، كەلتۈرەلمىسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەھدە بولمايدۇ، ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، ئەگەر خالىسا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3244 ـ خمس فواسق تقتلن في الحل و الحرم: الحية و الغراب الأبقع و الفأرة و الكلب العقوروالحديا ( م ن ه ) عن عائشة

3244. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش پاسىق، نىجىس نەرسە بولۇپ، بۇلار ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسۇن، يەنى ھارام قىلىنغان جايدا بولسۇن، ئۇنىڭ سىرتىدا بولسۇن، ئۆلتۈرۈلىۋېرىدۇ، يىلان، چايان، ئالا قاغا، چاشقان، غالجىر ئىت، غورۇلاي (بىر خىل گۆشخور زىيانلىق قۇش)، مۇسلىم 2069 ـ ھەدىس، نەسەئى 2780 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3078 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25043 ـ ھەدىس، سەھىھ.

3245 ـ خمس قتلهن حلال في الحرم: الحية و العقرب و الحدأة و الفأرة و الكلب العقور ( د ) عن أبي هريرة

3245. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرەمدىكى ئېھرام باغلىمىغان كىشىلەر، ھالال ھالەتتە (ئاستىدا ئېھرام باغلىغۇچىمۇبار) بەش نەرسىنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ، يىلان، چايان، غورلاي، چاشقان، غالجىر ئىت، (بۇلار زىيانلىق نىجىسلار) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) خمس كلهن فاسقة يقتلهن المحرم و يقتلن في الحرم: الفأرة و العقرب و الحية و الكلب العقور و الغراب ( حم ) عن ابن عباس

3246. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش نەرسىنىڭ ھەممىسى پاسىق، نىجىس، زىيانلىق بولۇپ، ئۇلارنى ئېھرام باغلىغۇچى كىشىمۇ ئۆلتۈرسە بولىدۇ، بۇ بەش نەرسە ھەرەمدىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، چاشقان، يىلان، چايان، غالجىر ئىت، ئالا قاغىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3247 ( حسن ) خمس ليس لهن كفارة: الشرك بالله و قتل النفس بغير حق و بهت المؤمن و الفرار من الزحف و يمين صابرة يقتطع بها مالا بغير حق( حم أبو الشيخ في التوبيخ ) عن أبي هريرة

3247. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش گۇناھى كەبىرگە كاپارەتمۇ كار قىلمايدۇ، كاپارەت بېرىش يوق، ئۇلار بولسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، (ئاللاھ ساقلىسۇن) قەستەن ھەقسىز قاتىللىق قىلىش، (يەنى مۆمىننى ئۆلتۈرۈش) مۆمىن كىشىگە بۆھتان چاپلاش، جەڭدىن قېچىش، ھەقسىز باشقىلارنىڭ مېلىنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلىش، ئەھمەد، ئەبۇشەيخ توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) خمس من الدواب كلهن فاسق يقتلن في الحرم: الغراب و الحدأة و العقرب و الفأرة و الكلب العقور ( ق ت ن ) عن عائشة

3248. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى،تىرمىزى، نەسەئى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يولىدىن توپلىغان توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، مەزمۇنى يۇقىرىقى بەش نەرسىنى ئۆلتۈرۈش.

3249 ( صحيح ) خمس من الدواب ليس على المحرم في قتلهن جناح: الغراب و الحدأة و الفأرة و العقرب و الكلب العقور ( مالك حم ق د ن ه ) عن ابن عم

3249. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش ھايۋان بولۇپ، بۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە ئېھرام باغلىغۇچىغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ،ئۇلار ھەرەمدە بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، قاغا، چاشقان، چايان، يىلان، غالجىر ئىت، (بەزىلەر ھىدئەتنى سېغىزخان دېگەن )، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

3250ـ خمس من الفطرة: الختان و الاستحداد و قص الشارب و تقليم الأظفار و نتف الإبط ( حم ق ) عن أبي هريرة

3250. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەدىمكى سۈننەتتىن ھازىرمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدىغان بەش نەرسە باردۇر، خەتنە قىلىش، ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاش، بۇرۇتنى قىرقىپ تۈرۈش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇق تۈكىنى ئېلىش، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3251 ( صحيح ) خمس من حق المسلم على المسلم: رد التحية و إجابة الدعوة و شهود الجنازة و عيادة المريض و تشميت العاطس إذا حمد الله ( ه ) عن أبي هريرة

3251. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى بەشتۇر، سالام قايتۇرۇش، چاقىرسا بېرىش، جىنازىسىغا ھازىر بولۇش، كېسەل بولسا يوقلاش، چۈشكۈرگۈچى، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتسا، يەرھەمۇكەللاھ بىلەن جاۋاب بېرىشتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3252 ( صحيح ) خمس من عملهن في يوم كتبه الله من أهل الجنة: من صام يوم الجمعة و راح إلى الجمعة و عاد مريضا و شهد جنازة و

أعتق رقبة ( ع حب ) عن أبي سعيد

3252. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىم بەش ئىشنى بىر كۈن ئىچىدە قىلالىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى جەننەت ئەھلىدىن قىلىپ يازىدۇ، كىم جۈمە كۈنى روزا تۇتسا، جۈمەگە بالدۇر بارسا، كېسەل كىشىنى يوقلىسا، جىنازىغا قاتناشسا، بىر قۇل ئازاد قىلسا، (ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ) ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3253 ـ خمس من فعل واحدة منهن كان ضامنا على الله: من عاد مريضا أو خرج غازيا أو دخل على إمامه يريد تعزيره و توقيره أو قعد في بيته فسلم الناس منه و سلم من الناس ( حم طب ) عن معاذ

3253. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش خىسلەت ئىش بولۇپ، كىم بۇ ئىشلاردىن بىرنى قىلسا، ئۇ ئاللاھقا كېپىللىككە تاپشۇرۇلىدۇ، (يەنى ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ئەجىر بېرىشكە ئاللاھ كېپىل) كېسەل يوقلىسا، ئاللاھ يولىدا غازى بولۇپ، ئۇرۇشقا چىقسا، ئىمام، خەلىپىسىنىڭ يېنىغا ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ، تەزىر ئۇردۇرۇش ئۈچۈن كىرسە، جازالاتسا، ياكى ئۆزئۆيىدە ئولتۇرسا، كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئۇ كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قالسا، (يەنى ئىلىم، ئىبادەت بىلەن زاھىد بولۇش ياكى غازى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش يول ئىككى) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3254 ـ خمس من قبض في شيء منهن فهو شهيد: المقتول في سبيل الله شهيد و الغريق في سبيل الله شهيد و المبطون في سبيل الله شهيد و المطعون في سبيل الله شهيد و النفساء في سبيل الله شهيدة ( ن ) عن عقبة بن عامر

3254. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىم بەش ئىشتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شاھىد، ئاللاھ يولىدا سۇدا غەرق بولغان كىشى شېھىد، ئاللاھ يولىدا قورساقى ئاغرىپ ئۆلگۈچى شېھىد، ئاللاھ يولىدا ۋابا كېسىلىدە ئۆلگەن كىشى شېھىد، ئاللاھ يولىدىكى نىپاسدار ھالدا ئۆلگەن ئايال شېھىد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىس، مۇشۇ مەنىدىكى باشقا سەھىھ ھەدىسلەرگە تەيسىر، شەرھى بولالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ يۇقىرىقى ئىشلاردا ئۆلگۈچى چوقۇم مۇسۇلمان بولۇشى، ئاللاھ يولىدا بولۇشى لازىم، ئاللاھ يولىدا ئۆلگۈچى شېھىددىن باشقىسى ھۆكۈمەن شېھىدتۇر.

3255 ـ خمس لا يعلمهن إلا الله: ( إن الله عنده علم الساعة و ينزل الغيث و يعلم ما في الأرحام و ما تدري نفس ماذا تكسب غدا و ما تدري نفس بأي أرض تموت إن الله عليم خبير . ( حم الروياني ) عن بريدة

3255. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش نەرسىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ، پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ، «قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتى توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزدىدىدۇر، ئاللاھ يامغۇرنى ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا بەلگىلىگەن جايغا ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكى نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (ئوغۇل، قىز، ساق، ناقىس، بەختلىك ، بەختسىزلىكىنى ) ئاللاھلا بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، (نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ، بۇنى بىلمەيدۇ) ھېچبىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى بىلەلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، تورغۇچىدۇر، ئىچكى ـ تاشقى ئىشلارنى تولۇق بىلىپ خەۋەردار بولۇپ تورغۇچىدۇر) 31 ـ سۈرە لوقمان، 34 ـ ئايەت، ئەھمەد، روياني توپلىغان، سەھىھ.

3256 ـ خمروا الآنية و أوكئوا الأسقية و أجيفوا الأبواب و اكفتوا صبيانكم عند المساء فإن للجن انتشارا و خطفة و أطفئوا المصابيح عند الرقاد فإن الفويسقة ربما اجترت الفتيلة فأحرقت أهل البيت ( خ ) عن جابر

3256. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : قاچا ـ قۇچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار، (سۇ بار تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، چىگىپ قويۇڭلار،تولۇن بولسا ، ئېغىزنى يېپىپ قويۇڭلار) ئىشىكلەرنى تاقاپ پېتىڭلار ، كەچ كىرگەندە باللىرىڭلارنى سىرتقا چىقارماي، ئۆيدە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن كەچلەردە جىنلار تارقىلىدۇ، ئوغرىلىقچە سۆز تىڭشايدۇ، ئۇخلىغاندا چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار، چۈنكى چاشقان چىراغ پىلىكىنى سۆرەپ، ئۆي ئەھلىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئوت قويۇپ بېرىدۇ، بۇخارى 3069 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3755 ـ ھەدىس، ئەھمەدلەرمۇ توپلىغان ، سەھىھ.

**3257** ( صحيح ) خلافة النبوة ثلاثون سنة ثم يؤتي الله الملك من يشاء ( د ك ) عن سفينة

3257. سەپىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىكى 30 يىل داۋاملىشىدۇ، ئاندىن كېيىن، پادىشاھلىقنى ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ ھەم مۆجىزىدۇر، تۆت خەلىپىنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتى 30 يىلدۇر، بەزىلەر ئۆمەرئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىنى قوشىدۇ، ئۇ بەك ئازدۇر.

## ياخشىڭلار، ياخشىسى دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3258** ـ خيار أئمتكم الذين تحبونهم و يحبونكم و تصلون عليهم و يصلون عليكم و شرار أئمتكم الذين تبغضونهم و يبغضونكم و تلعنونهم و يلعنونكم ( م ) عن عوف بن مالك

3258. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمام خەلىپىلىرىڭلارنىڭ ياخشىسى سىلەر ئۇلارنى ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرۈدىغان ، سىلەر ئۇلارغا ئۇلار سىلەرگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان، مەغپىرەت سوراپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر، ئىمام، خەلىپەڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا ، سىلەر ئۇلارغا غەزەپ قىلىدىغان، ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرۈپ، سىلەرگە غەزەپ قىلىدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت قىلىدىغان، ئۇلار سىلەرگە لەنەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

**3259** ( صحيح ) خياركم أحاسنكم أخلاقا ( حم ق ت ) عن ابن عمرو

3259. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

**3260** ـ خياركم أحاسنكم أخلاقا الموطئون أكنافا و شراركم الثرثارون المتفيهقون المتشدقون ( هب ) عن ابن عباس

3260. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى ياخشى بولغانلاردۇر، ئۇلار ئەخلاقىنىڭ ياخشىلىقىدىن، كەمتەرلىكىدىن، ئەتراپى دەسسىلىپ يۈرىدۇ، سىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىڭلار، تەكەللۇپ قىلىپ، كۆپ سۆزلەيدىغان، ياساپ، پاساھەتلىك سۆزلەپ كېتىدىغان، مۇتەكەببىر، ئەخلاقسىزلاردۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3261** ( صحيح ) خياركم أحسنكم قضاء للدين ( ت ن ) عن أبي هريرة

3261. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىڭلار قەرزنى ئادا قىلىشتا ، ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان ، سەھىھ.

**3262** ( صحيح ) خياركم أطولكم أعمارا و أحسنكم أخلاقا ( حم البزار ) عن أبي هريرة

3262. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىلار ئۆمرى ئۇزۇن، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد ، بەزار توپلىغان ، سەھىھ.

**3263 ( صحيح ) خياركم أطولكم أعمارا و أحسنكم أعمالا ( ك ) عن جابر**

3263. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىلار ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، (چۈنكى، بۇنىڭ ئەجرى ، دەرىجىسى كاتتا بولىدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3264 ( حسن ) خياركم ألينكم مناكب في الصلاة ( د هق ) عن ابن عباس**

3264. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ئەڭ ياخشىلار نامازدا قېرىندىشى ئۈچۈن سەپلەرنى تۈزلەش ئۈچۈن مۈرىسىنى مۇلايىم تۇتقىنىڭلاردۇر، ئەبۇ داۋۇد ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3265 ( صحيح ) خياركم خياركم لنسائهم ( ه ) عن ابن عمرو**

3265. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغىنىڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

**3266 ( صحيح ) خياركم خيركم لأهله ( طب ) عن أبي كبشة**

3266. ئەبۇ كەبشەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار، ئەھلىگە ياخشى بولغان كىشىدۇر، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ، ياخشىلار ھەر جەھەتتە ياخشى بولۇر، دەرىجىسى ئۇنىڭدىن كاتتا بولۇر.

**3267 ( صحيح ) خياركم في الجاهلية خياركم في الإسلام إذا فقهوا ( خ ) عن أبي هريرة**

3267. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشى كىشىلار دىندا فىقھى قانۇنشۇناس ئالىم بولسا ، ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشى كىشىلەردۇر، بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

**3268 ( صحيح ) خياركم من تعلم القرآن و علمه ( ه ) عن سعد**

3268. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان ، سەھىھ.

**3269 ( صحيح ) خير أسمائكم عبد الله و عبد الرحمن و الحارث ( طب ) عن أبي سبرة**

3269. ئەبۇ سەۋرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بالىلىرىڭلارغا قويىماقچى بولغان ئىسمىلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئابدۇللاھ، ئابدۇراھمان ھارىس قاتارلىقلاردۇر، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**3270ـ خير الأصحاب عند الله خيرهم لصاحبه و خير الجيران عند الله خيرهم لجاره ( حم ت ك ) عن ابن عمرو**

3270. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەمراھلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆز ھەمراھىغا، قېرىندىشىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر، خوشنىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا ، قوشنىسىغا ياخشى بولغان كىشىدۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**3271 ( حسن ) خير البقاع المساجد و شر البقاع الأسواق ( طب ك ) عن ابن عمر**

3271. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىن جايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەسجىدلەر، زېمىن جايلارنىڭ ئەڭ يامىنى بازارلاردۇر،

(مەساجىد ئەڭ ياخشى جاي، بازار بولسا، يامان جاي) ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

3272 ( صحيح ) خير التابعين أويس ( ك ) عن علي

3272. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇۋەيسدۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح ) خير الخيل الأدهم الأقرح الأرثم المحجل الثلاث مطلق اليمين فإن لم يكن أدهم فكميت على هذه الشية (حم ت ه ك ) عن أبي قتادة

3273. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتنىڭ ياخشىسى تۇم قارا، يۈزىدە ئاق قاشقا بار، بۇرنى بىلەن ئۈستۈنكى لىۋى ئاق بولغان ئاتتۇر، ئاندىن قالسا، قاشقىلىق ئوڭ پۇتىدىن باشقا پۇتلىرىدا ئاق رەڭ بار، ئوڭ پۇتىدا ئاقلىق بار ئاتتۇر، ئەگەر تۇم قارا ئات بولمىسا، مۇشۇ ئالامەتلەرگە شەرتكە ئاساسەن، قارىغا مايىل، قىزىل ئات بولسىمۇ بولىدۇ، قارامتۇل قىزىل. تىرمىزى 1619 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2779 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21518 ـ ھەدىس، دارىمى 2321 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

3274 ( حسن ) خير الدعاء يوم عرفة و خير ما قلت أنا و النبيون من قبلي: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير( ت ) عن ابن عمرو

3274. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دۇئانىڭ ياخشىسى ئاراپات كۈنىدىكى دۇئادۇر، مەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى «لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ، ۋەلەھۇلھەمدۇ، ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير»، تەرجىمىسى: يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

3275 ( حسن ) خير الرزق الكفاف ( حم في الزهد ) عن زياد بن جبير مرسلا

3275. زەيادەت ئىبنى جۇبەيىر رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رىزىقنىڭ ياخشىسى ئېشىپمۇ قالماي، كەملەپمۇ قالماي، نورمال، ئوتتۇرھال كۈپايە بولغىنىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

3276 ( صحيح ) خير الشهادة ما شهد به صاحبها قبل أن يسألها ( طب ) عن زيد بن خالد

3276. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۇۋاھچىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى سورىلىشىدىن بۇرۇن سوراقتا تارتىلىشىدىن بۇرۇن، ئادىل گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچىنىڭ لىللاھ گۇۋاھلىقىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3277 ( صحيح ) خير الشهود من أدى شهادته قبل أن يسألها ( ه ) عن زيد بن خالد

3277. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۇۋاھچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سوراشىدىن سوراقتا تارتىشىدىن بۇرۇن گۇۋاھلىقنى ئادىل، لىللاھ ئادا قىلغان كىشىدۇر، (پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح ) خير الصحابة أربعة و خير السرايا أربعمائة و خير الجيوش أربعة آلاف و لا تهزم اثنا عشر ألفا من قلة ( د ت ك ) عن ابن عباس

3278. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ساھابىلارنىڭ ياخشىلىرى تۆتتۇر، (يەنى تۆت خەلىپە) كىچىك ئۇرۇشلارغا ئەۋەتىلگەن كىچىك قوشۇننىڭ ياخشىسى 400دۇر، زور چوڭ قوشۇننىڭ ياخشىسى 4000دۇر، 12000 كىشىلىك قوشۇن ئاز كىلىپ يېڭىلىپ قالمايدۇ، (يېڭىلىپ قالسا، ئازلىقىدىن باشقا سەۋەب بار) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3279 ( صحيح ) خير الصداق أيسره ( ك ه ) عن عقبة بن عامر**

3279. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللارنىڭ تويلۇق مېھرىنىڭ ياخشىسى، ئاسان، ئاز بولغىنىدۇر، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3280 خير الصدقة ما أبقت غنى و اليد العليا خير من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول ( طب ) عن ابن عباس**

3280. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەدىقىنىڭ ياخشىسى سەن باشقىلارغا موھتاج بولمىغىدەك باي ھالىتىڭدە قىلغىنىڭدۇر، (يەنى سەدىقىنى قىلىپ، يەنىلا بىھاجەتلىكنى ساقلاپ قال) بەرگۈچى، ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەدىقە قىلىشنى سەن ئىگە بولىدىغان، ساڭا موھتاج ئائىلەڭدىن باشلىغىن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3281 ( صحيح ) خير الصدقة ما كان عن ظهر غنى و ابدأ بمن تعول( خ د ن ) عن أبي هريرة**

3281. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەدىقىنىڭ ياخشىسى بايلىقدىن بىھاجەتلىكدىن ئائىلىسىدىن ئاشقىنىنى قىلىشتۇر، (يەنى ئائىلەڭدىن ئاشقىنىنى سەدىقە قىل) سەدىقە قىلىشنى، نەپىقىسى ساڭا ۋاجىپ بولىدىغان، سەن ئىگە بولىدىغان، ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3282 ( صحيح ) خير العمل أن تفارق الدنيا و لسانك رطب من ذكر الله ( حل ) عن عبدالله بن بسر**

3282. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەمەلنىڭ ئەڭ ياخشىسى، تىلىڭ ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ھۆل ھالەتتە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشىڭدۇر، (يەنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دەپ جان ئۈزۈشتۇر) ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**3283 ( حسن ) خير الكسب كسب يد العامل إذا نصح ( حم ) عن أبي هريرة**

3283. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەسپنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەمەل قىلغۇچى ئىشچىنىڭ ئۆز قولىنىڭ كەسپىدۇر، پەقەت ئۇ، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىپ تۇرسىلا. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**3284 (صحيح ) خير الكلام أربع لا يضرك بأيهن بدأت: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر ( ابن النجار فر ) عن أبي هريرة**

3284. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا، تەسبىھ ئېيتىدىغان كەلىمە سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆتتۇر، قايسىسى بىلەن باشلىساڭ، ساڭا زىيان يوق، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر (ياخشىسى مۇشۇنداق دەڭ) ئىبنى نەججار بىلەن دەيلىمى، فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ.

**3285 ( صحيح ) خير المجالس أوسعها ( حم خد د ك ه ) عن أبي سعيد ( البزار ك هب ) عن أنس.**

3285. ئەبۇ سەئىد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەجلىسلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كەڭرى بولغىنىدۇر، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، بەزار، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3286 ( صحيح ) خير المسلمين من سلم المسلمون من لسانه و يده ( م ) عن ابن عمرو**

3286. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قولىنىڭ، تىلىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.بۇ مۇتتەپەق ھەدىستۇر.

www.uyghurkitap.com

3287 ( صحيح ) خير الناس أحسنهم خلقا ( طب ) عن ابن عمر

3287. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەخلاقى ياخشىسىدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3288 ( حسن ) خير الناس القرن الذي أنا فيه ثم الثاني ثم الثالث ( م ) عن عائشة

3288. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن ياشاۋاتقان زامانىدىكى ساھابىلەر، ئاندىن قالسا، ئىككىنچى ئەسىردىكىلەر يەنى تابىئىنلار ئاندىن قالسا، ئۈچىنچى ئەسىردىكىلەر، يەنى تابىئىنلارغا ئەگەشكەن ئەتباﺋلاردۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) خير الناس أنفعهم للناس ( القضاعي ) عن جابر

3289. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگىنىدۇر، قۇزائى توپلىغان، ھەسەن.

3290 ( صحيح ) خير الناس خيرهم قضاء ( ه ) عن عرباض بن سارية

3290. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغىنىدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3291 خير الناس ذو القلب المحموم و اللسان الصادق قيل: ما القلب المحموم ؟ قال: هو التقي النقي الذي لا إثم فيه و لا بغي و لا حسد قيل: فمن على أثره ؟ قال: الذي يشنأ الدنيا و يحب الآخرة قيل: فمن على أثره ؟ قال: مؤمن في خلق حسن ( ه ) عن ابن عمرو

3291. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، سەممىي سادىق، راستچىل تىلىنىڭ، مەھمۇم دىلىنىڭ ئىگىسىدۇر، مەھمۇم دىل دېگەن نېمە؟ دېيىلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەھمۇم دىل دېگەن ، ھىقدە، ھەسەد، ھەددىدىن ئېشىش، تاجاۋۇزچىلىق، گۇناھ بولمىغان پاك، پاكىز، ئاق، تەقۋا قەلبدۇر دېدى، بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان ياخشى كىشى كىم؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ دۇنيانى ئۆچ كۆرۈپ، ئاخىرەتنى ياخشى كۆرگەن كىشى دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسچۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، گۈزەل، ياخشى ئەخلاقلىق مۆمىن دېدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3292 خير الناس في الفتن رجل آخذ بعنان فرسه خلف أعداء الله يخيفهم و يخيفونه أو رجل معتزل في بادية يؤدي حق الله الذي عليه ( ك ) عن ابن عباس ( طب ) عن أم مالك البهزية

3292. ئىبنى ئاbbاس، ئۇممۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پىتنە ـ پاسات دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دىنىنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، جەڭگە تەييار تۇرىدىغان كىشىدۇر، بۇ كىشى ئۇ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇپ، ئەنسىرىتىدۇ، ئۇلار بۇ كىشىنى قورقۇتىدۇ، ياكى يېزىدىن، غاردىن بىرگە ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان كىشىدۇر، (يەنى، يول ئىككى، بىرى جەڭچى بولۇپ، شېھىد بولۇش، يەنە بىرى، ئالىم، ئابىد، زاھىد بولۇش) ھاكىم بىلەن تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3293 خير الناس قرني ثم الثاني ثم الثالث ثم يجيء قوم لا خير فيهم ( طب ) عن ابن مسعود

3293. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى مېنىڭ ئەسىرىمدىكى، مېنىڭ زامانىمدىكى

كىشىلەردۇر، يەنى ساھابىلار ئاندىن قالسا، ئىككىنچى ئەسىردىكى كىشىلەر، ئاندىن قالسا، ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، (يەنى تابىئىنلار، ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەتبائىلاردۇر) ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلاردا ياخشىلىق يوقتۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

مانا بۇ سەلەپ سالىھ ياخشىلاردۇر،

ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەردۇر،

ئەقىدە بىلەن ئىبادەتتە توغرا يول تۇتقانلار،

ئەنە شۇلارغا ئەگەشكەن ئەرلەردۇر.

**3294 ( صحيح ) خير الناس قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يأتي من بعدهم قوم يتسمنون و يحبون السمن يعطون الشهادة قبل أن يسألوها( ت ك ) عن عمران بن حصين**

3294. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلاردۇر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار سېمىزدۇر، سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلاردىن سورىلىشتىن بۇرۇنلا يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ بولىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) خير الناس قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يجيء أقوام تسبق شهادة أحدهم يمينه و يمينه شهادته ( حم ق ت ) عن ابن مسعود**

3295. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ياخشىسى، مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن قالسا، ئۇلارغا يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى، قەسىمىگە ، قەسىمى گۇۋاھلىقىغا ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ، (يەنى، يالغان قەسەم، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ) ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3296 ( صحيح ) خير الناس من طال عمره و حسن عمله ( حم ت ) عن عبدالله بن بسر**

3296. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىدۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3297 خير الناس من طال عمره و حسن عمله و شر الناس من طال عمره و ساء عمله ( حم ت ك ) عن أبي بكرة**

3297. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى يامان بولغان كىشىدۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، كىشىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، ئەمەلىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا باغلىق.

**3298 خير النساء التي تسره إذا نظر و تطيعه إذا أمر و لا تخالفه في نفسها و لا مالها بما يكره ( حم ن ك ) عن هريرة**

3298. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قارىسا ئېرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرىسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆز نەپسىدە، مال ـ مۈلۈكىدە ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلار بىلەن ئېرىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان ئايالدۇر، ئەھمەد ، نەسائى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3299 خير النساء من تسرك إذا أبصرت و تطيعك إذا أمرت و تحفظ غيبتك في نفسها و مالك( طب)عن عبدالله بن سلام**

3299. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قارىساڭ سېنى خۇرسەن قىلالىغان، بۇيرۇساڭ ساڭا

ئىتائەت قىلمىدىغان، سىرتقا چىقىپ كېتىپ، غايىب بولساڭ، ئۆزىنى ۋە مېلىڭنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ، ساقلايدىغان ئايالدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3300 ( صحيح ) خير النكاح أيسره ( د ) عن عقبة بن عامر

3300. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نىكاھنىڭ ئەڭ ياخشىسى، تويلۇق، مېھرى ھەققى ئاز، ئاسان بولغىنىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئىشلارنىڭ ياخشىسى، نورمال، ئوتتۇرھال بولغىنىدۇر، تويلۇق سېلىشدا ئۇغۇل تەرەپنى قىيناپ قويماسلىق، شۇلارنىڭ قادىر بولىشىچە بولۇشى لازىم.

3301 ( صحيح ) خير أمتي القرن الذي بعثت فيه ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يخلف قوم يحبون السمانة يشهدون قبل أن يستشهدوا ( م ) عن أبي هرير

3301. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىمنىڭ ياخشىلىرى، مەن ئەۋەتىلگەن زاماندىكىلەر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئەسىردىكىلەرگە يېقىن بولغان ئۈچىنچى ئەسىردىكىلەردۇر، ئاندىن كېيىن، سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدىغان قەۋم ، ئىز باسار بولىدۇ، ئۇلار گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنىشتىن بۇرۇن گۇۋاھلىق بېرىپ كېتىدۇ، سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدىغانلار بولسا، كۈندۈز روزا تۇتماس، كېچىسى قىيامدا تۇرماس، جىھاد قىلمايدىغان، راھەتپەرەس، دۇنياپەرەس كىشىلەردۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3302 ( صحيح ) خير أهل المشرق عبد القيس ( طب ) عن ابن عباس

3302. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەشرىق ئەھلىنىڭ ياخشىسى ئابدۇلقەيىستۇر، (يەنى بىر ساھابە)، تەبرانى توپلىغا ، سەھىھ.

3303 خير تمراتكم البرني يذهب الداء و لا داء فيه ( الروياني عد هب الضياء ) عن بريدة ( عق طس ابن السني أبو نعيم في الطب ك ) عن أنس ( طس ك أبو نعيم ) عن أبي سعيد

3303. بۇرەيرەت، ئەنەس، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خورمىلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بەرنىي دېگەن خورمىدۇر، ئۇ كېسەللىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭدا كېسەل يوقتۇر، (يەنى بۇ خورما شىپادۇر) رويانى، ئىبنى ئەدىي، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى، ئۇقەيلى، ئەۋسەت، ئىبنى سىنا، ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3304 ( صحيح ) خير ثيابكم البياض ألبسوها أحياءكم و كفنوا فيها موتاكم ( الدارقطني في الأفراد ) عن أنس

3304. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كىيىمىڭلارنىڭ ياخشىسى ئاق كىيىمدۇر، ھاياتلىرىڭلارغا ئاق كىيىم كەيدۈرۈڭلار، مېيىتلىرىڭلارنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار، دارىقۇتنى توپلىغان سەھىھ.

(صحيح) خير ثيابكم البياض فكفنوا فيها موتاكم و ألبسوها أحياءكم و خير أكحالكم الإثمد ينبت الشعر و يجلو البصر(ه طب ك)عن ابن عباس

3305. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىيىملىرىڭلارنىڭ ياخشىسى ئاق كىيىمدۇر، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار ، ھاياتلىرىڭلارغا ئاق كىيىم كىيدۈرۈڭلار، سۈرمەڭلارنىڭ ياخشىسى ئىسمەد دېگەن تاش بولۇپ، ئۇ كۆزنى روشەن قىلىدۇ، تۈك، يەنى كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3306 ( صحيح ) خير ديار الأنصار بنو النجار ( ت ) عن جابر

3306. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەنسارلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، بەنۇنەججارنىڭ دىيارىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3307 ( صحيح ) خير ديار الأنصار بنو عبد الأشهل ( ت ) عن جابر

3307. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارلارنىڭ دىيارلىرىنىڭ ياخشىسى، ئابدۇ ئەشھەل جەمەتىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3308 ( صحيح ) خير دينكم الورع ( أبو الشيخ في الثواب ) عن سعد

3308. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىنىڭلارنىڭ ياخشىسى تەقۋالىقتۇر، ئەبۇششەيىخ توپلىغان، سەھىھ.

3309 ( صحيح ) خير دينكم أيسره ( حم خد طب ) عن محجن بن الأدرع ( طب ) عن عمران بن حصين ( طس عد الضياء ) عن أنس

3309. مىھجەن، ئىمران، ئىبنى ھۇسەيىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىنىڭلارنىڭ ياخشىسى، يەڭگىل، ئاسان بولغىنىدۇر، ئەھمەد، تەبرانى، ئەۋسەت، ئىبنى ئەدى، زىيائۇلمەقدەسى،بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

3310 ( صحيح ) خير صفوف الرجال أولها و شرها آخرها و خير صفوف النساء آخرها و شرها أولها ( م 4 ) عن أبي هريرة ( طب ) عن أبي أمامة وابن عباس

3310. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەرلەرنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى سەپ، يامىنى بولسا، ئاخىرقىدۇر، ئاياللارنىڭ سەپلىرىنىڭ ياخشىسى ئاخىرقى، يامىنى بولسا ئەۋۋەلقىدۇر، (ئۆز ۋاقتىدا ئاياللار جامائەتكە قاتنىشاتتى) مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3311 ( صحيح ) خير صلاة النساء في قعر بيوتهن ( طب ) عن أم سلمة

3311. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللارنىڭ نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆيلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نامازدۇر، (يەنى ئىچكىرى ئۆيدە ئوقۇسۇن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3312 ( صحيح ) خيركم إسلاما أحاسنكم أخلاقا إذا فقهوا ( خد ) عن أبي هريرة

3312. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەردىن ئىسلامى ياخشى بولغان كىشى يەنى مۇسۇلماندارچىلىقى ياخشى كىشى بولسا، دىندا فىقھى ئالىم بولسىلا، ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشىدۇر، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ئەخلاقى ياخشى، فىقھشۇناس ئالىم ياخشى مۇسۇلماندۇر.

3313 ( صحيح ) خيركم خيركم قضاء ( ن ) عن عرباض

3313. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىڭلار قەرزنى ئادا قىلىشتا ياخشى بولغان كىشىدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3314 ( صحيح ) خيركم خيركم لأهله و أنا خيركم لأهلي ( ت ) عن عائشة ( ه ) عن ابن عباس ( طب ) عن معاوية

3314. ئائىشە، ئىبنى ئابباس، مۇئاۋىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، مانا مەن ئۆز ئەھلىمگە ياخشى بولۇشتا ياخشىلىق قىلىشتا سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار بولىمەن، تىرمىزى، تەبرانى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3315 ( حسن ) خيركم خيركم لأهلي من بعدي ( ك ) عن أبي هريرة

3315. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىڭلار مەندىن كېيىن مېنىڭ ئەھلىم ئۈچۈن ياخشىلىق قىلغىنىڭلاردۇر،

ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3316 ( صحيح ) خيركم خيركم للنساء ( ك ) عن ابن عباس

3316. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىلار ئاياللىرىغا ياخشى بولۇپ، ياخشىلىق قىلغىنىڭلاردۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3316 خيركم قرني ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم ثم يكون بعدهم قوم يخونون و لا يؤتمنون و يشهدون و لا يستشهدون و ينذرون و لا يوفون و يظهر فيهم السمن ( ق 3 ) عن عمران بن حصين

3317. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدىكىلەر، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن كېيىن، ئۇچىنچى ئەسىردىكى تابىئىنلارغا يېقىن بولغانلار، بەنى ئەتباتلار ئاندىن كېيىن، شۇنداق قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇكى، ئۇلار ئامانەتنى ئادا قىلماي، خىيانەت قىلىدۇ، گۇۋاھچىلىققا تەلەپ قىلىنماي تۇرۇپمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ۋەدە قىلىپ ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك ئاشكارا بولىدۇ، (يەنى دىن ئۈچۈن غەم قىلماي، خىزمەت قىلماي سەمرىيدۇ) بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3318 ( حسن ) خيركم من أطعم الطعام و رد السلام ( ع ك ) عن صهيب

3318. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىلار تائام بەرگەن، سالام قايتۇرغان كىشىدۇر، ھاكىم بىلەن ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

. 3319 ( صحيح ) خيركم من تعلم القرآن و علمه ( خ ت ) عن علي ( حم د ت ه ) عن عثمان

3319. ئەلى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەڭ ياخشىلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر، بۇخارى، تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3320 ( صحيح ) خيركم من يرجى خيره و يؤمن شره و شركم من لا يرجى خيره و لا يؤمن شره ( ع ) عن أنس ( حم ت ) عن أبي هريرة

3320. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلار بولسا، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنىدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن قىلىنىدىغان كىشىدۇر، ئەڭ يامىنىڭلار بولسا، ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنمايدىغان، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن قىلىنمايدىغان كىشىدۇر، ئەبۇ يەئلا، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، «يۇقىرىقى ياخشى دېگەننى قىلغانلار ياخشىدۇر» ئۇلارنىڭ ئەكسى يامان كىشىلەردۇر.

## 3321 مەزمۇن يوق ـ تولۇقلاش لازىم

3321 ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىستىكى ھەممىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر

3322 خير ماء على وجه الأرض ماء زمزم فيه طعام من الطعم و شفاء من السقم و شر ماء على وجه الأرض ماء بوادي برهوت بقبة حضرموت كرجل الجراد من الهوام تصبح تتدفق و تمسي لا بلال بها ( طب ) عن ابن عباس.

3322. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زېمىن يۈزىدىكى سۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى زەمزەم سۈيىدۇر، ئۇ تائام ئورنىدا تائام بولالايدۇ، كېسەللەر دىن شىپا بولالايدۇ، زېمىن يۈزىدىكى سۇنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا، ھەزرى مەۋت دېگەن جايدىكى گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى بەرھۇت دېگەن قۇدۇقنىڭ سۈيىدۇر،بۇ خۇددى چېكەتكە دېگەن ھايۋاننىڭ

پۈتىدەك ئەتىگىنى ھۆل، كەچتە قۇرۇق بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.يەنى موھتاج ۋاقتىتا يوق.

3323 ( صحيح ) خير ما تداويتم به الحجامة ( حم طب ك ) عن سمرة

3323. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسى قان ئالدۇرۇشتۇر، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3324 خير ما تداويتم به الحجامة و القسط البحري و لا تعذبوا صبيانكم بالغمز من العذرة ( حم ن ) عن أنس.

3324. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر داۋالىنىدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسى قان ئالدۇرۇش، قىستى بەھر دېگەن ئۈسۈملۈكتۇر. باللىرىڭلارنىڭ گېلىغا چىقىپ قالغان جاراھەتتىن، گال ئاغرىقلىرىدىن، بارماقلىرىڭلارنى گاللىرىغا سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئازابلىماڭلار، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

. 3325 ( صحيح ) خير ما ركبت إليه الرواحل مسجدي هذا و البيت العتيق ( حم ع حب ) عن جابر

3325. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەر قىلىدىغانلار بارىدىغان جاينىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، يەنى مەدىنىدىكى مەسجىد بىلەن بەيتۇلئەتىيق يەنى مەككىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3326 (حسن) خير ما يخلف الإنسان بعده ثلاث: ولد صالح يدعو له و صدقة تجري يبلغه أجرها و علم ينتفع به من بعده ( ه حب ) عن أبي قتادة

3326. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىنسان ئۆزىدىن كېيىن قالدۇرىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۈچتۇر، بىرىنچى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ، ياخشى بالا.ئىككىنچى، ئەجرى، ساۋابى ئۆزىگە يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە جارىيە (مەسجىد، مەكتەپ، دوختۇرخانىدەك) ئۈچىنچى، ئۇنىڭدىن كېيىن پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىنىغان ئىلىمدۇر، (يەنى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى،ۋە يازغان ئەسىرىدۇر) ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

3327 ( صحيح ) خير مساجد النساء قعر بيوتهن ( حم هق ) عن أم سلمة

3327. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان مەسجىدلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۆيلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3328 (صحيح) خير نساء العالمين أربع: مريم بنت عمران و خديجة بنت خويلد و فاطمة بنت محمد و آسية امرأة فرعون (حم طب ) عن أنس

3328. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالەملەردىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆتتۇر، ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، پىرئەۋنىنىڭ ئايالى ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3329 (صحيح ) خير نساء ركبن الإبل صالح نساء قريش أحناه على ولد في صغره و أرعاه على زوج في ذات يده ( حم ق ) عن أبي هريرة

3329. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۆگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ياخشىلىرى قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ سالىھ ياخشىسىدۇر، بۇ ئاياللار باللىرىغا ، باللاركىچىك چېغىدىن باشلاپلا كۆيۈمچان، ئېرىگە ئىنائەتچان، ئېرىگە بەكمۇ رىئايە قىلىدىغان ئاياللاردۇر، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3330 خير نسائكم الولود الودود المواسية المواتية إذا اتقين الله و شر نسائكم المتبرجات المتخيلات و هن المنافقات لا يدخل الجنة منهن إلا مثل الغراب الأعصم ( هق ) عن أبي أذينة الصدفي مرسلا وعن سلمان بن يسار مرسلا

3330. ئەبۇ ئۇزەينەت، سەلمان يەسسار رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇسۇلمان پەرزەنتىنى كۆپ تۇغىدىغان، پەقەت ئېرىنىلا ياخشى كۆرۈدىغان كۆيۈمچان، ئىتائەتچان، قولغا يېقىن ئاياللار، پەقەت ئۇ، ئاللاھدىن قورقۇپ تەقۋادار بولسىلا. ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى جاھىلىيەت ئاياللىرىدەك ياسىنىدىغان، كىيىم كىيىشتە، چاچ، بويۇنلىرىنى ئوچۇق قويۇپ، نېپىز كىيىم كىيىدىغان، مۇنكەر ئىشنى خىيال قىلىدىغان، ھەم باشقىلارغا خىيال قىلدۇرىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار مۇناپىقتۇر، ئۇلاردىن جەننەتكە كىرىدىغانلىرى، پەقەت خۇددى باشقا قاغىلارغا نىسبەتەن پۇتىدا ئاق بار، ئاق پاچاق قاغىلار ناھايىتى ئاز بولغىنىدەك، ئىنتايىن ئازدۇر، (كۆپىنچىسى دوزاختا بولىدۇ، چۈنكى، نا شۈكرى، مۇناپىقتۇر.) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3331 ( صحيح ) خير نسائها مريم بنت عمران و خير نسائها خديجة بنت خويلد ( ق ت ) عن علي

3331. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەت ئاياللىرىنىڭ ياخشىسى ئىمراننىڭ قىزى مەريەم بىلەن خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىددۇر، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3332 ( حسن ) خير يوم تحتجمون فيه سبع عشرة و تسع عشرة و إحدى و عشرين و ما مررت بملإ من الملائكة ليلة أسري بي إلا قالوا: عليك بالحجامة يا محمد ( حم ك ) عن ابن عباس وعن ابن مسعود

3332. ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر قان ئالدۇرىدىغان كۈننىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئاسماندىكى ئاينىڭ 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈنلىرىدۇر، مەن پەقەت مېنى سەير قىلدۇرۇلغان مىراج كېچىسى، پەرىشتىلەر جامائەتتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپلا قالسام، ئۇلار ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ! قان ئالدۇرۇشنى لازىم تۇت دېدى، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3333 ( صحيح ) خير يوم طلعت عليه الشمس يوم الجمعة فيه خلق آدم و فيه أدخل الجنة و فيه أخرج منها و لا تقوم الساعة إلا في يوم الجمعة ( حم م ت ) عن أبي هريرة

3333. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇياش چىقىدىغان كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى يارىتىلغان، جۈمە كۈنىدە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا جۈمە كۈنى جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەت، پەقەت جۈمە كۈنىلا قوزغىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3334خير يوم طلعت فيه الشمس يوم الجمعة فيه خلق آدم و فيه أهبط و فيه تيب عليه و فيه قبض و فيه تقوم الساعة ما على وجه الأرض من دابة إلا و هي تصبح يوم الجمعة مصيخة حتى تطلع الشمس شفقا من الساعة إلا ابن آدم و فيه ساعة لا يصادفها عبد مؤمن و هو في الصلاة يسأل الله شيئا إلا أعطاه إياه ( مالك حم 3 حب ك ) عن هريرة

3334. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇياش چىقىدىغان كۈننىڭ ئەڭ ياخشىسى، جۈمە كۈنىدۇر، ئادەم جۈمە كۈنى يارىتىلىپ، جەننەتتىن جۈمە كۈنى زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن، جۈمە كۈنى تەۋبىسى قوبۇل بولغان، جۈمە كۈنى ۋاپات تاپقان، قىيامەت جۈمە كۈنى قوزغىلىدۇ، زېمىن يۈزىدىكى ھەرقانداق ھايۋان، قىيامەت قوزغىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ جۈمە كۈنى قۇياش چىققانغا قەدەر قورققان، ئەنسىرىگەن ھالدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، پەقەت ئادەم باللىرىلا قورقمايدۇ، جۈمە كۈنىدە بىر سائەت بولۇپ، ھەرقانداق مۆمىن بەندە، ناماز ئىچىدە ئاللاھدىن بىرەر نەرسە سورىغان ھالدا شۇ سائەتكە تاسادىپى دۈچ كېلىپ، مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ. مالىك، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3335 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 2932 . ( حم ) عن ابن عمر ه عن أبي موسى . ( خيرت

بين الشفاعة و بين أن يدخل شطر أمتي الجنة فاخترت الشفاعة ( لأنها أعم و أكفى أترونها للمؤمنين المتقين ؟ ! لا و لكنها للمذنبين الخاطئين )

3335. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا شاپائەت قىلىشىم بىلەن ئۈممىتىمنىڭ يېرىمى جەننەتكە كىرىشىنىڭ ئارىسىدا تاللاش ئەركىنلىكى، ئىختىيارلىقى بېرىلدى، مەن شاپائەت قىلىشىمنى تاللىدىم، چۈنكى، شاپائەت قىلىش، ھەممىدىن ئامراق ئومومىيۈزلۈكرەك، كۇپايە قىلىدىغان ياخشى ئىشتۇر. سىلەر شاپائەتنى تەقۋادار مۆمىنلەرگە قىلىنىدۇ دەپ قارامسىلەر؟ ياق، لېكىن، ئۇ شاپائەت خاتالاشقان گۇناھكارلارغا قىلىنىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3336 ( صحيح ) الخازن المسلم الأمين الذي يعطي ما أمر به كاملا موفرا طيبة به نفسه فيدفعه إلى الذي أمر له به أحد المتصدقين ( حم ق د ن ) عن أبي موسى

3336. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : باشقىلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان نەرسىنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، تولۇق، كەمىل بېرىدىغان، بېرىشتىمۇ شۇ نەرسە بىرلىشكە بۇيرۇلغان كىشىگە بېرىدىغان، كىمگە بەر دېسە، شۇ كىشىگە بېرىدىغان، ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان خەزىنىچى، ئامبارچى، ئىككى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى خوجايىنغا ئوخشاش، ئەجىر، ساۋاب ئالىدۇ) چۈنكى،ئۇ سەدىقە قىلغۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3337 ( صحيح ) الخال وارث ( ابن النجار ) عن أبي هريرة

3337. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئانا تەرەپ تاغا ۋارىس بولالايدۇ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

3338 ( صحيح ) الخال وارث من لا وارث له ( ت ) عن عائشة ( عق ) عن أبي الدرداء

3338. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئانا تەرەپ، تاغا، ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، تىرمىزى، ئۇقەيلى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس تەپسىلىرەك ئىكەن.

3339 ( صحيح ) الخالة بمنزلة الأم ( ت ق ) عن البراء ( د ) عن علي

3339. بەررائى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، (يەنى بالىنى تەربىيىلەشتە شۇنداق) تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3340 ( صحيح ) الخالة والدة ( ابن سعد ) عن محمد بن علي مرسلا

3340. مۇھەممەد ئىبنى ئەلى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاما، ئانا دېگەن ئانىدۇر، ھاما دېمەك ، ئانا دېمەكتۇر ، (يەنى بالىنى تەربىيىلەشتە ئانىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ) ئىبنى سەئىدى توپلىغان، سەھىھ.

3341 ( صحيح ) الخلافة بعدي في أمتي ثلاثون سنة ثم ملك بعد ذلك(ح ت ع حب)عن سفية

3341. سەپىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەندىن كېيىنكى خەلىپىلىك ئۈممىتىم ئىچىدە 30 يىل داۋام قىلىدۇ، ئاندىن، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىق تۈزۈمى بولىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، خەلىپىلىك تۈزۈمى نېمىدېگەن توغرا ھە!

3342 ( صحيح ) الخلافة في قريش و الحكم في الأنصار و الدعوة في الحبشة و الجهاد و الهجرة في المسلمين و المهاجرين بعد( حم طب ) عن عتبة بن عب

3342. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خەلىپىلىك قۇرەيشلەردە بولىدۇ، ھاكىملىق، ھۆكۈم قىلىش ئەنسارىلاردا بولىدۇ، دەۋەت ھەبەشىستانلىقتا بولىدۇ، جىھاد بىلەن ھىجرەت قىلىش، مۇسۇلمانلاردا مۇندىن كېيىنكى مۇھاجىرلاردا بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3343** ( صحيح ) الخلق كلهم يصلون على معلم الخير حتى نينان البحر ( فر ) عن عائشة

3343. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خەلقلەرنىڭ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى مۇئەللىملەرگە رەھمەت يوللاپ مەغپىرەت سورايدۇ، ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، دەيلىمى، فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ، سىزنىڭ يەنىمۇ ئوقۇتقۇچى، ياخشى ئۇستاز بولغىڭىز يوقمۇ؟

**3344** (حسن ) الخمر أم الخبائث فمن شربها لم تقبل صلاته أربعين يوما فإن مات و هي في بطنه مات ميتة جاهلية ( طس ) عن ابن عمرو

3344. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق بارلىق نىجىس گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر، كىم ھاراق ئىچسە، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى 40 كۈنگىچە قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ ھاراق قورسىقىدا، ئىچىدىكى ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈكلىرىدەك، ئىمانسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ئەلبانى ھەسەن دېگەن .

**3345** الخمر أم الفواحش و أكبر الكبائر من شربها وقع على أمه و خالته و عمته ( طب ) عن ابن عباس

3345. ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق بارلىق پاھىشە گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر، گۇناھى كەبىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر، ھاراقنى ئىچكەن كىشى، ئانىسىغا، ھاممىسىغا چېقىلىدۇ، ياكى چېقىلغان بولىدۇ، (يەنى جىنسى مۇناسىۋەتتە) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3346** ( صحيح ) الخمر من هاتين الشجرتين: النخلة و العنبة ( حم م 4 ) عن أبي هريرة

3346. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق مۇشۇ ئىككى خىل دەرەختىن، خورما، ئۈزۈمدىن ياسىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ باشقا ھەدىسلەردە ھاراق، ئۈزۈم، خورما، بۇغداي، قوناق، ئارپا، ھەسەل قاتارلىقلاردا ياسىلىدۇ دېگەن بار، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر.

**3347** ( صحيح ) الخوارج كلاب النار ( حم ه ك ) عن ابن أبي أوفى ( حم ك ) عن أبي أمامة

3347. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر، (يەنى خەلىپە ئىمامغا قارشى چىققۇچىلار) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3348** ( حسن ) الخير عادة و الشر لجاجة و من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين ( ه ) عن معاوية

3348. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىق دېگەن مۆمىنگە ئادەتتۇر، (چۈنكى، ئۇ دائىم ياخشىلىق قىلىپ كۆنگەندۇر) يامانلىق بولسا، داۋالىشىپ، ئۆزىنى قىلدۇرىدۇ، (يامانلىق قەلبكە ۋەسۋەسە بىلەن مەجبۇر كىرگۈزۈلىدۇ، نەپسىنىڭ بۇيرىشىمۇ بار تېخى، يامانلىق دەۋاگەردۇر) ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىنى ئىسلام دىنىدا فىقھى ئالىم قىلىدۇ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ھەسەنۇلبەسرى فىقھى ئالىم دېگەن ، دۇنيادىن زاھىد بولغان ئاخىرەتكە قىزىققان كىشى ھەقىقى فىقھى ئالىم بولىدۇ دېگەن .

**3349** الخير معقود بنواصي الخيل إلى يوم القيامة والمنفق على الخيل كالباسط كفه بالنفقة لا يقبضها(طس)عن هريرة

3349. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

www.uyghurkitap.com

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىق قىيامەت كۈنىگىچە ئاللاھ يولىدا بېقىلغان ئاتنىڭ چېكىسىگە باغلانغاندۇر، بۇنداق ئاتقا، نەپىقە، چىقىم قىلغۇچى، خۇددى سەدىقە، نەپىقىگە ئالقىنىنى يۇمماستىن ئېچىپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئەۋەستەتە بار، سەھىھ.

الخيل ثلاثة: ففرس للرحمن و فرس للشيطان و فرس للإنسان فأما فرس الرحمن فالذي يرتبط في سبيل الله فعلفه و روثه و بوله في ميزانه و أما فرس الشيطان فالذي يقامر أو يراهن عليه و أما فرس الإنسان فالفرس يرتبطها الإنسان يلتمس بطنها فهي ستر من الفقر ( حم ) عن ابن مسعود

3350. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، رەھمان تائالا ئۈچۈن بېقىلغان ئات، شەيتان ئۈچۈن بېقىلغان ئات، ئىنسان ئۈچۈن بولغان ئات، ئەمما، رەھمان تائالا ئۈچۈن بولغىنى ئاللاھ يولىدا مەخسۇس جىھاد ئۈچۈن باغلانغان ئات بولۇپ، بۇ خىل ئاتنىڭ ھەلەپ تېزەك، سۈيدۈكىمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ مىزانىدا ياخشىلىق بولۇپ چۈشىدۇ، ئەمما، شەيتان ئۈچۈن بېقىلغان ئات بولسا، ئىگىسى بۇ ئاتتا قىمار ئوينايدۇ ياكى گۆرۈگە قويۇشنى ئادەت قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلىدۇ، ئەمما، ئىنسان ئۈچۈن بېقىلغان ئاتقا كەلسەك، ئىنسان بۇ ئاتنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن باقىدۇ، بۇ خىل ئاتمۇ پېقىرلىقتىن پەردىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3351 ( حسن ) الخيل في نواصي شقرها الخير ( خط ) عن ابن عباس

3351. ئىبنى ئاببېس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىق، ئاتنىڭ قىزىل چېكىسىدە، قىزىل ياللىسىدابولىدۇ (يەنى ئاللاھ يولىدا جەڭ ئۈچۈن بېقىلغان ئات) تەختىبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن.

3352 الخيل لثلاثة: هي لرجل أجر و لرجل ستر و على رجل وزر فأما الذي هي له أجر فرجل ربطها في سبيل الله فأطال لها في مرج أو روضة فما أصابت في طيلها من المرج و الروضة كانت له حسنات و لو أنها قطعت طيلها فاستنت شرفا أو شرفين كانت آثارها و أرواثها حسنات له و لو أنها مرت بنهر فشربت و لم يرد أن يسقيها كان ذلك له حسنات و رجل ربطها تغنيا و سترا و تعففا ثم لم ينس حق الله في رقابها و ظهورها فهي له ستر و رجل ربطها فخرا و رياء و نواء لأهل الإسلام فهي له وزر ( مالك حم ق ت ن ه ) عن أبي هريرة

3352. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئات ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ئۈچ خىل بولىدۇ، بىر كىشىگە ئەجرى ، بىر كىشىگە سۈترە، پەردە، يەنە بىر كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، ئەجرى بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇنى ئاللاھ يولىدا جىھاد تەييارلىق ئۈچۈن باغلاپ باقىدۇ، ئۇ كىشى ئاتنى يايلاقتا ياكى باغقا ئۇزۇن باغلاپ قويىدۇ، ئات ئۇزۇنىنىڭ باغلاقتىكى ئارغامچىسىدا تۇرۇپ، باغدىن يەتكەن يېگەن نەرسىسىدە شۇكىشى ئۈچۈن ياخشىلىقلار بولىدۇ، ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىر ئىككى ئېگىز جايغا كىشنىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ، چىقسا ياكى بىر ئىككى ئېگىزجايدىن ئۆتسە، ئاتنىڭ ئىزلىرى ھەتتا تېزەكلىرىمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇپ يېزىلىدۇ، ئەگەر ئات، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىگىسى ئۇنى سۇغۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان ھالدا ئۆزى سۇ ئىچىۋالسا، بۇمۇ ئۇ كىشىگە ياخشىلىق بولىدۇ. گۇناھدىن پەردە بولىدىغان ئاتقا كەلسەك، بىر كىشى ئۇ ئاتنى ئۆزىنى بىھاجەت قىلىشنى پەردىلىنىشنى ئېيپەتلىكنى مەقسەت قىلىپ باقىدۇ، ئاتنىڭ بويىنىدىكى، ئۇچىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەنە شۇ ئات گۇناھدىن پەردىدۇر، بىر كىشى ئاتنى پەخىرلىنىپ رىيا قىلىپ، ئىسلام ئەھلىگە ئاداۋەت قىلىپ باقسا، بۇ خىل ئات ئۇ كىشىگە گۇناھ بولىدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3353 الخيل معقود بنواصيها الخير إلى يوم القيامة الأجر و المغنم ( حم ق ت ن ) عن عروة البارقي(حم م ن)عن جرير.

3353. ئۇرۋەت، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر، غەنىيمەتدىن ئىبارەت، ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3354 ( صحيح ) الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة ( مالك حم ق ن ه ) عن ابن عمر ( حم ق ن ه ) عن عروة بن الجعد ( خ ) عن أنس ( م ت ن ه ) عن أبي هريرة ( حم ) عن أبي ذر وأبي سعيد ( طب ) عن سوادة بن الربيع والنعمان بن بشير وأبي كبشة

3354. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېگىلگەندۇر، (بۇ ياخشىلىق ئەجىر بىلەن غەنىيمەتتۇر) بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، بۇخارى، مۇسلىم ، تىرمىزى، تەبرانىيلار، ئىبنى ئۇمەر، ئۇرۋەت، ئەنەس، ئەبۇ زەر، ئەبۇسەئىد ، سەۋادەت، نۇئمان، ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتىۋاتىردۇر.

3355 ( حسن ) الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة و أهلها معانون عليها فامسحوا بنواصيها و ادعوا لها بالبركة و قلدوها لا تقلدوها الأوتار ( حم ) عن جابر

3355. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق باغلانغان، ئەھلى ئۇنىڭغا كۆيۈنسە، ياردەم بېرىدۇ،شۇنداقلا ئۇلارغا ئاتقا ئاساسەن ياردەم بېرىلىدۇ. ئاتنىڭ چېكىسىنى سىلاپ قويۇڭلار، ئات ئۈچۈن بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىپ بەرىكەت تىلەڭلار، ئۇنىڭ بوينىغا نەرسە ئېسىپ قويساڭلار بولىدۇ، لېكىن، زەي تارا ئاسماڭلار، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

3356 (حسن ) الخيل معقود في نواصيها الخير و اليمن إلى يوم القيامة و أهلها معانون عليها قلدوها و لا تقلدوها الأوتار ( طس) عن جابر

3356. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە بەرىكەت بىلەن ياخشىلىق چېگىلگەن، ئاتنىڭ ئەھلى يەنى مۇجاھىدلار ئات ئۈستىدە ياردەمگە ئېرىشىدۇ، ئاتقا بىرەر نەرسە ئېسىپ قويساڭلار بولىدۇ، لېكىن، زەي تارا ئاسماڭلار، ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ھەسەن. يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدىن قىيامەت كۈنىگىچە ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئىسلام ئەھلى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇشى، بىر تائىپە ھەق ئۈستىدە غەلىبە قىلىشى كۆرسىتىلگەن.

3357 ( صحيح ) الخيمة درة مجوفة طولها في السماء ستون ميلا في كل زاوية منها للمؤمن أهل لا يراهم الآخرون ( ق ) عن أبي موسى

3357. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننىڭ جەننەتتىكى چېدىرى ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەتتىن بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 مىل (يەنى 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ مىلنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ) چېدىرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا مۆمىن ئۈچۈن ئەھلى جۈپتى، مەھبۇبى بولۇپ، بىرسىنى يەنە بىرسى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، (يەنى چېدىر شۇنداق كەڭرى گۈزەلدۇر) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## « د » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

3358 ( حسن ) داووا مرضاكم بالصدقة ( أبو الشيخ في الثواب ) عن أبي أمامة

3358. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بېرىش بىلەن بىرگە داۋالاڭلار، ئەبەششەيخ توپلىغان، ھەسەن، سەدىقە ئېھسان بېرىش بىلەن بىرگە داۋالانسا ياخشىراق شىپا تاپىدۇ.

3359 ( صحيح ) دباغ الأديم طهوره ( حم م ) عن ابن عباس ( د ) عن سلمة بن المحبق ( ن ) عن عائشة ( ع ) عن أنس ( طب ) عن أبي أمامة والمغيرة

3359. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تېرىنىڭ ئاشلىنىشى، ئۇنىڭ پاك ـ پاكىز بولۇشىدۇر، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ئاباستىن، ئەبۇ داۋۇد ، سەلەمەدىن، نەسەئى،

ئائىشەدىن، ئەبۇ يەئلا ئەنەستىن، تەبرانى، ئەبۇ ئۇمامە، مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن توپلىغان، سەھىھ.

**3360 ( صحيح ) دباغ جلود الميتة طهورها ( قط ) عن زيد بن ثابت**

3360. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ تېرىسىنى پىششىقلاپ ئاشلاش، ئۇنى پاكلاشتۇر، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**3361 ( صحيح ) دباغ جلود الميتة طهورها ( قط ) عن زيد بن ثابت**

3361. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق تېرىنىڭ ئاشلىنىشى، ئۇنىڭ پاكلىنىشىدۇر، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس تەكرار يېزىلدى، 3361دىن ئىككىسى بار.

**3361 دب إليكم داء الأمم قبلكم: الحسد و البغضاء هي الحالقة حالقة الدين لا حالقة الشعر و الذي نفس محمد بيده لا تدخلوا الجنة حتى تؤمنوا و لا تؤمنوا حتى تحابوا أفلا أنبئكم بشيء إذا فعلتموه تحاببتم أفشوا السلام بينكم ( حم ت الضياء ) عن الزبي**

3361.زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشلەرنىڭ ھىقدە، ھەسەت، ئۆچ ـ ئاداۋەتلىرىدىن ئىبارەت، كېسەللىكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆملەپ كىرىۋالدى، ئۇ بولسا، چاچنى ئەمەس، دىننى چۈشۈرۈپ تاشلىغۇچى ھالاك قىلغۇچىدۇر. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆمىن بولالمايسىلەر، مەن سىلەرگە ئەگەر ئىجرا قىلساڭلار، ئۆزئارا دوستلىشالايدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا، كەڭرى قىلىڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن، تىرمىزىنىڭ 2038 ـ ھەدىسدا سەھىھ دېيىلگەن.

**( صحيح ) دحية الكلبي يشبه جبريل و عروة بن مسعود الثقفي يشبه عيسى بن مريم و عبد العزى يشبه الدجال ( ابن سعد ) عن الشعبي مرسلا**

3362. شۇئبى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىھيەتۇلكەلبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىبرىئىلغا ئوخشايدۇ، ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇد سۇقەفى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدۇ، ئابدۇلئۇززا بولسا، دەججالغا ئوخشايدۇ، ئىبنى سەئدى توپلىغان، سەھىھ.ئابدۇلئۇززا ،ئەبۇلەھەبتۇر.

**3363 دخلت الجنة البارحة فنظرت فيها فإذا جعفر يطيرمع الملائكة وإذا حمزة متكئ على سرير(طب عد ك) ابن عباس**

3363. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆتكەن كېچە جەننەتكە كىرىپ قارىسام، ناگاھان، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ناگاھان ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەتتە ساپا، كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، (چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى شېھىد قىلىنغان) تەبرانى، ئىبنى ئەدى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3364 دخلت الجنة فإذا أنا بقصر من ذهب فقلت: لمن هذا القصر ؟ قالوا: لشاب من قريش فظننت أني أنا هو فقلت: و من هو ؟ قالوا: عمر بن الخطاب فلولا ما علمت من غيرتك لدخلته ( حم ت حب ) عن أنس ( حم ق ) عن جابر ( حم ) عن بريدة ومعاذ**

3364. ئەنەس، جابىر، بۇرەيرەت، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتكە كىرسەم، ناگاھان مەن بىر ئالتۇن قەسىرنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، بۇ كىمنىڭ؟ دېسەم، ئۇلار قۇرەيشتىن بولغان بىر ياش يىگىتنىڭ دېدى، ئۇ ياش يىگىت، ھەقاچان مەن شۇ دەپ گۇمان قىلىپ ئۇ ياش يىگىت كىم بولىدۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇلار ئۇمەر ئىبنى خەتتات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولىدۇ دېدى، ئۇمەرنىڭ كۈندەشلىكىنى بىلمىگەن بولسام، ئۇ قەسىرگە كىرىپ باققان بولاتتىم، (بۇ سۆزنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاڭلاپ سىلىدىنمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ؟ دەپ يىغلاپ كەتتى) ئەھمەد،

تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3365 ( صحيح ) دخلت الجنة فإذا أنا بنهر حافتاه خيام اللؤلؤ فضربت بيدي إلى ما يجري فيه الماء فإذا مسك أذفر فقلت: ما هذا يا جبريل ؟ قال: هذا الكوثر الذي أعطاكه الله ( حم خ ت ن ) عن أنس**

3365. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتكە كىرسەم، ناگاھان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قىرى، گىرۋىكى ئىچى كاۋاك، گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چېدىرلار بىلەن ئورالغان ئىكەن، سۇ ئېقىۋاتقان جايغا قولۇمنى سىلىپ ئۇرۇپ باقسام، ناگاھان ئۇ مىسكە، خۇشپۇراق ئەنبەر ئىكەن، يا جىبرىئىل بۇ نېمە؟ دېسەم، ئۇ: بۇ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن كەۋسەر شۇدۇر دېدى، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.

**3366ـ دخلت الجنة فاستقبلتني جارية شابة فقلت: لمن أنت ؟ قالت: لزيد بن حارثة ( الروياني الضياء ) عن بريدة**

3366. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جەننەتكە كىرسەم، ئالدىمغا ناھايىتى گۈزەل ياش بىر قىزچاق چىقتى، مەن ئۇنىڭغا سىز كىم ئۈچۈن؟ دېسەم، ئۇ مەن زەيد ئىبنى ھارىسىنىڭ دېدى، رويانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3367 ( حسن ) دخلت الجنة فرأيت لزيد بن عمرو بن نفيل درجتين ( ابن عساكر ) عن عائشة**

3367. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە كىرىپ، زەيد ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى نۇپەيىل ئۈچۈن ئىككى دەرىجە بارلىقىنى كۆردۈم، (بۇ كىشىمۇ جەڭدە شېھىد بولغان) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

**3368 دخلت الجنة فسمعت خشفة بين يدي فقلت: ما هذه الخشفة ؟ فقيل: الغميصاء بنت ملحان ( حم م ن ) عن أنس**

3368. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە كىرىپ ئالدىمدا بىرسىنىڭ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن بۇ كىمنىڭ ماڭغان ئاۋازى؟ دېسەم، ماڭا بۇ رۇمەيسا بىنتى مولھاندۇر دېيىلدى، (بۇ ئايال ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىدۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3369 دخلت الجنة فسمعت خشفة بين يدي قلت: ما هذه الخشفة ؟ فقيل: هذا بلال يمشي أمامك ( طب عد ) عن أبي أمامة**

3369. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە كىرىپ ئالدىمدا بىرسىنىڭ شىپ ـ شىپ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، بۇ كىمنىڭ ماڭغان ھەرىكەت ئاۋازى؟ دېسەم، ماڭا مانا بۇ بىلال ،ئۇ تېخى ئالدىڭدا مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ دېيىلدى، تەبرانى، ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

**3370 ( صحيح ) دخلت الجنة فسمعت خشفة فقلت: ما هذه ؟ قالوا: هذا بلال ثم دخلت الجنة فسمعت خشفة فقلت: ما هذه ؟ قالوا: هذه الغميصاء بنت ملحان ( عبد بن حميد ) عن أنس ( الطيالسي ) عن جابر**

3370. ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە كىرىپ، بىرسىنىڭ ماڭغان ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار بۇ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر دېدى، ئاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم جەننەتكە كىرىپ، يەنە شۇنداق بىرسىنىڭ شىپىر ـ شىپىر ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇلار بۇ رۇمەيسا بىنتى مولھاندۇر دېدى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدى تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**3371 دخلت الجنة فسمعت فيها قراءة فقلت: من هذا ؟ قالوا: حارثة بن النعمان كذلكم البر كذلكم البر!(ت ك ) عن عائشة**

3371. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە كىرىپ، جەننەتتە قىرائەتنى ئاڭلىدىم، بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇلار بۇ ھارىسە ئىبنى نۇئمان بولىدۇ دېدى، ياخشى كىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، قۇرئاننى ياخشى ئوقۇغان كىشى

شۇنداق بولىدۇ، تىرمىزى بىلەن ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3372 (صحيح ) دخلت الجنة ليلة أسري بي فسمعت في جانبها وجسا فقلت: يا جبريل ما هذا ؟ قال: هذا بلال المؤذن (حم ع) عن ابن عباس

3372. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى سەيلە قىلدۇرۇلغان مىراج كېچىسى مەن جەننەتكە كىرىپ، جەننەتنىڭ بىر تەرىپىدە مەخپىي شىپ ـ شىپ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم، ئى جىبرىئىل، بۇ نېمە ئىش؟ دېسەم، ئۇ ماڭا بۇ مۇئەززىن بىلال بولىدۇ دېدى، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ، مۇئەززىنلىك ئەۋزەل ئىش.

3373 دخلت العمرة في الحج إلى يوم القيامة ( م د ) عن جابر ( د ت ) عن ابن عباس مرسلا

3373. جابىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆمرە ھەج قىلىش قىيامەت كۈنىگىچە پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، (يەنى پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە، نەپلە ھەجنى بىرگە قىلسا بولىدۇ، بىرگە ئىھرام باغلىسا، بۇ قىران ھەج بولىدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ئىھرام باغلىسا، تەمەتتۇئ ھەج بولىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3374 ( صحيح ) دخلت امرأة النار في هرة ربطتها فلم تطعمها و لم تدعها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت (حم ق ه ) عن أبي هريرة ( خ ) عن ابن عمر

3374. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر ئايال مۈشۈك سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىپ كەتتى، بۇ ئايال مۈشۈكنى تاكى مۈشۈك ئۆلگەنگە قەدەر تائام بەرمەي يا قويۇپ بەرمەي باغلاپ قويدى، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يېگەن بولاتتى، ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3375 درهم ربا يأكله الرجل و هو يعلم أشد عند الله من ستة و ثلاثين زنية ( حم طب ) عن عبدالله بن حنظلة

3375. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشى بىلىپ تۇرۇپ يېگەن بىر دەرھەم جازانە، ئۆسۈم پۇلى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن قاتتىق، يامانراقتۇر، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھاراملىقنى بىلىپ قىلغان گۇناھ قاتتىق ئېغىردۇر.

3376 ( حسن ) دع داعي اللبن ( حم تخ حب ك ) عن ضرار بن الأزور

3376. زەرار ئىبنى ئەزۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كالا، تۆگە سېغىشدا يېلىنىدا ئازراق سۈتنى قالدۇرۇپ قوي ھەممىنى مەجبۇر سىغىۋالما، سەن قالدۇرغان سۈت، يەنە سۈتنى ئېلىپ كېلىدۇ،سۈت كۆپ چىقىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

3337 دع ما يريبك إلى ما لا يريبك ( حم ) عن أنس ( ن ) عن الحسن بن علي ( طب ) عن وابصة بن معبد ( خط ) عن ابن عمر

3377. ئەنەس، ھەسەن، ۋاسىبەت، ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىنى شەكلەندۈرگەن نەرسىنى شەكلەندۈرمىگەن نەرسىگە تەرك ئەتكىن، (يەنى شەكلەندۈرگەننى قويۇپ شەكلەندۈرمىگەن، ئىككىلەندۈرمىگەن ئىشنى قىلغىن) دېگىن ، ئەھمەد، نەسەئى، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

3378 دع ما يريبك إلى ما لا يريبك فإن الصدق طمأنينة و الكذب ريبة ( حم ت حب ) عن الحسن

3378. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىنى شەكلەندۈرگەن، ئىككىلەندۈرگەن نەرسىنى قويۇپ، شەكلەندۈرمىگەننى قىل، ھەققەتەن سەمىمىيلىك، راستچىللىق، دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر، يالغان بولسا، شەك، گۇماندۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3379 ( صحيح ) دعاء الأخ لأخيه بظهر الغيب لا يرد ( البزار ) عن عمران بن حصين**

3379. ئىمران، ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر قېرىنداشنىڭ يەنە بىر قېرىندىشىغا يوق يېرىدە غەيبەتتىن قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنماي ئىجابەت قىلىنىدۇ، (ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ ئوخششى بېرىلىدۇ) بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**3380 ( صحيح ) دعاء المرء المسلم مستجاب لأخيه بظهر الغيب عند رأسه ملك موكل به كلما دعا لأخيه بخير قال الملك: آمين و لك بمثل ذلك ( حم م ه ) عن أبي الدرداء**

3380. ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېرىندىشىغا غەيۋىتىنى قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئۇ مۇسۇلماننىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا مۇئەككەل پەرىشتە، ئۇ ھەرقاچان قېرىندىشىغا غەيبەتتىن دۇئا قىلسا، ئامىن ئامىن ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخششى بېرىلىدۇ دەپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3381 دعوة الرجل لأخيه بظهر الغيب مستجابة و ملك عند رأسه يقول: آمين و لك بمثل ذلك ( أبو بكر في الغيلانيات ) عن أم كرز**

3381. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەكرى غەيلانىياتتا ئۇممەكەرز رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىردىكىگە ئوخشاش، كىشىنىڭ غەيبەدىن قېرىندىشىغا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىپ شۇ كىشىگىمۇ ئوخششى بېرىلىدۇ.

**3382 دعوة المظلوم مستجابة و إن كان فاجرا ففجوره على نفسه ( الطيالسي ) عن أبي هريرة**

3382. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، گەرچە ئۇ پاسىق،فاجىر بولسىمۇ، ئىجابەت بولۇۋېرىدۇ، ئۇنىڭ فاجىرلىق گۇناھى، پاسىقلىقى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، (دۇئا، زۇلۇمغا ئۇچراش سەۋەبىدىن ئىجابەتتۇر ) تەيالىسى توپلىغان، ھەسەن.

**3383 دعوة ذي النون إذ دعا بها و هو في بطن الحوت لا إله إلا أنت سبحانك إني كنت من الظالمين لم يدع بها رجل مسلم في شيء قط إلا استجاب الله له ( حم ت ن ك هب الضياء ) عن سعد**

3383. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بېلىق ئىگىسى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىق قارنىدا تۇرۇپ قىلغان دۇئاسى «لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەززالىمىين» ئىدى، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىپ، بىرەر نەرسە سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە چوقۇم دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەممىدىن پاك، ھەققەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچى بولدۇم، بۇ دۇئادا ئاللاھنىڭ ئىسىم زاتى بار، شۇنداقلا گۇناھنى ئېتىراپ قىلىش باردۇر.

**3384 ( حسن ) دعوا الحبشة ما ودعوكم و اتركوا الترك ما تركوكم ( د ) عن رجل**

3384. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەبەشىستانلىقلار، سىلەرنى جىم قويسىلا سىلەرمۇ ئۇلارنى جىم قويۇڭلار، تۈركلەر سىلەرنى ئۇرۇش قىلماي جىم، تەرك ئەتسىلا سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي، ئۇلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. لېكىن، ئايەت سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ يوليورۇقى، تەلىپى شۇكى، قادىر بولساقلا مەملىكەتنى، زېمىننى ھۆكۈمنى ئاللاھقىلا قىلىشتۇر.

**3385 دعوا الناس يصيب بعضهم من بعض فإذا استنصح أحدكم أخاه فلينصحه ( طب ) عن أبي السائب**

3385. ئەبۇ سائىبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن پايدا ـ مەنپەئەتكە يەتسۇن،

بىرىڭلاردىن قېرىندىشى نەسھەت تەلەپ قىلسا، قېرىندىشىغا نەسھەت قىلىپ قويسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3386 دعوا لي أصحابي فوالذي نفسي بيده لو أنفقتم مثل أحد ذهبا ما بلغتم أعمالهم( حم ) عن أنس

3386. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساھابىلىرىمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، (يەنى ئۇلار توغرىسىدا غەيۋەت، ئەيىبلەش سۆزىنى قىلماڭلار) ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەدىقە قىلساڭلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجە مۇكاپىتىغا ھەرگىز يېتەلمەيسىلەر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3387( صحيح ) دعوه فإن لصاحب الحق مقالا ( خ ت ) عن أبي هريرة

3387. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇنى قويىۋېتىڭلار، سۆز قىلغىلى قويۇڭلار، ھەققەتەن ھەق ئىگىسىنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3388 ( حسن ) دعوات المكروب: اللهم رحمتك أرجو فلا تكلني إلى نفسي طرفة عين و أصلح لي شأني كله لا إله إلا أنت ( حم خد د حب ) عن أبي بكرة

3388. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا، مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ قىلىدىغان دۇئايى مۇنداق بولىدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن رەھمەتلىرىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى نەپسىمگە كۆزنى بىر قېتىم يۇمۇپ ـ ئاچقان مىقدارمۇ تاشلاپ قويمىسلا، مەن ئۈچۈن بارلىق ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭۇشلۇق قىلىپ بەرسىلە، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق» ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

3389 ( حسن ) دفن بالطينة التي خلق منها ( طب ) عن ابن عمر

3389. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مېيىتتىكە مۇنداق دېگەن، ئۇ يەنەئۆزى يارىتىلغان تۇپراققا دەپنە قىلىندى، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

3390 ( حسن ) دليل الخير كفاعله ( ابن النجار ) عن علي

3390. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى كۆرسىتىپ قويغۇچى، ئەجىردە شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر، ئىبنى نەججار توپلىغان، ھەسەن.

3391 ( حسن ) دم عفراء أحب إلى الله من سوداوين ( حم ك ) عن أبي هريرة

3391. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇربانلىق قىلىشتا) ئاق قوينىڭ قېنى قارا قوينىڭ قېنىدىن ئاللاھ تائالاغا سۆيۈملۈك، دوستراقتۇر، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3392 ( حسن ) دم عفراء أزكى عند الله من دم سوداوين ( طب ) عن كثيرة بنت سفيان

3392. كەسىرەت بىنتى سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق قوينىڭ قېنى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قارا قوينىڭ قېنىدىن پاكراق، ئەۋزەلرەكتۇر، تەبرانى توپلىغان، (قۇربانلىققا ئاق قوي قىلىش ياخشى) ھەسەن، (قارا قويمۇ ياخشىدۇر).

3393 ( صحيح ) دونك فانتصري ( ه ) عن عائشة

3393. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ھەققىڭنى ئالغىن، ساڭا ئىزنىسىز كىرىپ ئازار بەرگەن كىشىدىن ياردەم سوراش ئارقىلىق ھەققىڭنى ئالغىن، ئۇنىڭغا قارشى نۇسرەتكە ئېرىشكىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3394 دية أصابع اليدين و الرجلين سواء عشر من الإبل لكل إصبع ( ت ) عن ابن عباس

3394. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى قول ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرىنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلى ئوخشاش، باراۋەردۇر، ھەربىر بارماققا ئون تۆگە تۆلەيدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3395 ( صحيح ) دية المعاهد نصف دية الحر ( د ) عن ابن عمرو**

3395. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەھدە، توختام، كېلىشىم نامە تۈزۈشكەن دىنسىزنىڭ دىيەت خۇن پۇلى ھۆر مۇسۇلماننىڭ دىيەت، خۇن پۇلىنىڭ يېرىمى بولىدۇ ، (يەنى كېلىشىم، نامە بار، دىنسىزنى ئۆلتۈرسە 50 تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3396 دية المكاتب بقدر ما عتق منه دية الحر و بقدر ما رق منه دية العبد ( طب ) عن ابن عباس**

3396. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەلۇم مىقداردا پۇل، مال بەرسەڭ، سەن ئازاد دېيىلگەن، قولىغا خەت پۈتۈن بېرىلگەن، مۇكاتەپ قۇلنىڭ دىيەت خۇن، تۆلەم پۇلى، ئازاد قىلىنغان مىقداردىكىسى ھۆرنىڭكىدەك، قۇل قىلىنىدىغان مىقداردىكى قۇلنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىدەك بولىدۇ، (تۆلىگەن پۇلغا قارىتا ئايرىلىدۇ، پۇلنى بېرىپ بولسا، ھۆر ئىنسان قاتارىدا بولىدۇ، ئەگەر بېرىپ بولالمىسا، ئۆلچىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان.

**3397 ( صحيح ) دية عقل الكافر نصف عقل المؤمن ( ت ) عن ابن عمرو**

3397. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كاپىر، دىنسىزنىڭ دىيەت، خۇن پۇلى، مۆمىننىڭ خۇن پۇلىنىڭ يېرىمىدۇر، (يەنى 50 تۆگە) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3398 ( صحيح ) دينار أنفقته في سبيل الله و دينار أنفقته في رقبة و دينار تصدقت به على مسكين و دينار أنفقته على أهلك أعظمها أجرا الذي أنفقته على أهلك ( م ) عن أبي هريرة**

3398. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر دىنارنى ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن بولساڭ، بىر دىنارنى قۇل ئازاد قىلىشقا خەجلىسەڭ، بىر دىنارنى مىسكىنگە سەدىقە قىلغان بولساڭ، بىر دىنارنى ئەھلى بالىلىرىڭغا چىقىم قىلىپ خەجلىگەن بولساڭ، ھەممىدىن ئەجرى ، ساۋابى كاتتا، ئۇلۇغراق بولغىنى، ئەھلىڭگە خەجلىگەن دىناردۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3399 الدال على الخير كفاعله ( البزار ) عن ابن مسعود ( طب ) عن سهل بن سعد وأبي مسعود**

3399. ئىبنى مەسئۇد، سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشىلىقتا كۆرسىتىپ دالالەت قىلغۇچى شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا مۇكاپاتتا ئوخشاشتۇر، بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3400 الدجال أعور العين اليسرى جفال الشعر معه جنة و نار فناره جنة و جنته نار ( حم م ه ) عن حذيفة**

3400. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەججالنىڭ ئۇڭ كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ تۈكلىرى بەك كۆپ، قويۇقتۇر، (چۈنكى ئۇ ئۇزۇن باغلاقتا تۇرغان) ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت، دوزاخنىڭ تەقلىدى كۆرۈنۈشى باردۇر، ئۇنىڭ دوزاخ دېگىنى جەننەتتۇر، جەننەت دېگىنى دوزاختۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3401 ( صحيح ) الدجال عينه خضراء ( تخ ) عن أبي**

3401. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەججالنىڭ ساق كۆزى يېشىل، كۆكتۇر، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

3402 ( صحيح ) الدجال ممسوح العين مكتوب بين عينيه كافر يقرؤه كل مسلم ( م ) عن أنس

3402. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەججالنىڭ بىر كۆزى سىلاپ قويغاندەك تۈپتۈز، كوردۇر، ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئارىلىقىغا يەنى پېشانىسىگە «كاپىر» دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەرقانداق مۇسۇلمان ئوقۇيالايدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3403 ( صحيح ) الدجال لا يولد له و لا يدخل المدينة و لا مكة ( حم ) عن أبي سعيد

3403. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەججال ئۆچۈن بالا تۇغۇلمايدۇ، دەججال مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3404 الدجال يخرج من أرض بالمشرق يقال لها خراسان يتبعه أقوام كأن وجوههم المجان المطرقة (ت ك) عن أبي بكر

3404. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دەججال مەشرىق زېمىندىن خاراسان دېيىلىدىغان جايدىن چىقىدۇ، دەججالغا خۇددى يۈزلىرى يوللۇق قالقاندەك كىشىلەر ئەگىشىدۇ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار ئۇلار موڭغۇل ، خەنزۇ، تۈركلەر بولۇشى مۇمكىن دېگەن ، يەھۇدىيلارمۇ باردۇر.

3405 ( صحيح ) الدعاء بين الأذان و الإقامة مستجاب فادعوا ( ع ) عن أنس

3405. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ، شۇ چاغدا دۇئا قىلىڭلار، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

3406 ( حسن ) الدعاء مستجاب بين النداء و الإقامة ( ك ) عن أنس

3406. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا ئىجابەتتۇر ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3407 ( صحيح ) الدعاء هو العبادة ( حم ش خد 4 حب ك ) عن النعمان بن بشير ( ع ) عن البراء

3407. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دۇئانىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر، «چۈنكى قۇرئاندا دۇئا قىلىڭلار! دېگەن بار» ئەھمەد ، ئەبۇ شەيبە ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

3408 ( صحيح ) الدعاء لا يرد بين الأذان و الإقامة ( حم د ت ن حب ) عن أنس

3408. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەزان، تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا رەت قىلىنماي، ئىجابەت بولىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3409 ( حسن) الدعاء ينفع مما نزل و مما لم يترل فعليكم عباد الله بالدعاء ( ك ) عن ابن عم

3409. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دۇئا چۈشكەن چۈشمىگەن نەرسىدىن (يەنى بالا، مۇسىبەتكە ۋە باشقا نەرسىدىن) پايدا ـ مەنپەئەت قىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، دۇئا قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار! ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3410 ( صحيح ) الدنيا حلوة خضرة فمن أخذها بحقه بورك له فيها و رب متخوض فيما اشتهت نفسه ليس له يوم القيامة إلا النار ( طب ) عن ابن عمرو

3410. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : دۇنيا دېگەن يېشىل، تاتلىق نەرسىدۇر، كىم ئۇنى ھەققى بىلەن ئالسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن مال ـ دۇنياسىدا بەرىكەت بېرىلىدۇ، مال ـ دۇنيا توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى ئارزۇ قىلغان بويىچىلا ئاللاھ رازى بولمايدىغان جايلارغا سەرپ قىلىدۇ، قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن دوزاختىن باشقا نەرسە يوق، پەقەت دوزاخلا بېرىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3411** ( صحيح ) الدنيا خضرة حلوة ( طب ) عن ميمونة

3411. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، دۇنيادىن ھەزەر قىلدۇرۇپ، دۇنيا دېگەن يېشىل، تاتلىقتۇر دېگەن ، (ھەرقانداق كىشى مال ـ دۇنيا بىلەن ئايال كىشى سەۋەبىدىن ئېزىپ كېتىدۇ، ياخشىسى تەۋبە قىلغىنىدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3412** الدنيا سجن المؤمن و جنة الكافر ( حم م ت ه ) عن أبي هريرة ( طب ك ) عن سلمان ( البزار ) عن ابن عمر .

3412. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيا دېگەن مۆمىننىڭ تۈرمىسى، كاپىر، دىنسىزلارنىڭ جەننىتىدۇر، ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، تەبرانى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، سەھىھ، بۇ دۇنيا جەننەتكە نىسبەتەن تۈرما بولسا، دوزاخقا نىسبەتەن جەننەتتۇر.

**3413** ( صحيح ) الدنيا كلها متاع و خير متاع الدنيا المرأة الصالحة ( حم م ن ) عن ابن عمرو

3413. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيانىڭ ھەممىسى مەنپەئەتلىنىدىغان ماتادۇر، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ، ياخشى ئايالدۇر، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3414** الدنيا ملعونة ملعون ما فيها إلا ذكر الله و ما والاه و عالما أو متعلما ( ه ) عن أبي هريرة ( طس ) عن ابن مسعود

3414. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنياغا لەنەت قىلىنغاندۇر، (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغاندۇر) بۇ دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە لەنەت قىلىنغاندۇر، پەقەت ئاللاھنىڭ زىكرى ئاللاھنى ئەسلەش يەنى ئىبادەت، ئالىم، ئۇستاز، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئۇلارغا لەنەت قىلىنمايدۇ، ئىبنى ماجە ، ئەۋسەت توپلىغان، ھەسەن.

**3415** الدواء من القدر و قد ينفع بإذن الله تعالى ( طب أبو نعيم ) عن ابن عباس

3415. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (بالا ـ قازا كېسەللەرلا ئەمەس بەلكى) داۋالىنىشمۇ تەقدىردىن بولىدۇ، بۇمۇ تەقدىر، داۋالىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت قىلىدۇ، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**3416** ( حسن ) الدواء من القدر و هو ينفع من يشاء بما شاء ( ابن السني ) عن ابن عباس

3416. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : داۋالىنىشمۇ داۋامۇ تەقدىردىندۇر، داۋالىنىش، ئاللاھ خالىغان نەرسە بىلەن ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، (ئاللاھنىڭ خالىشى، ئىرادىسىز ھېچ ئىش يوق) ئىبنى سەنا توپلىغان، ھەسەن.

**3417** ( صحيح ) الدين النصيحة ( تخ ) عن ثوبان ( البزار ) عن ابن عمر

3417. سەۋبان ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىن دېگەن نەسىھەت قىلىشتۇر، بەزار، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3418** ( صحيح ) الدين دينان فمن مات و هو ينوي قضاءه فأنا وليه و من مات و لا ينوي قضاءه فذاك الذي يؤخذ من حسناته ليس

**يومئذ دينار و لا درهم ( طب ) عن ابن عمر**

3418. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەرز ئىككى خىل بولىدۇ، كىم قەرزنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، مەن ئۇنىڭ ۋەلىيسى، ئىگىسى مەن بېرىمەن، كىم قەرزنى ئادا قىلىشنى، بېرىۋېتىشنى نىيەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئەنە شۇ بىر قەرزكى ، قىيامەت كۈنى ئالتۇن ـ كۈمۈش يوق كۈندە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن قەرز ئىگىسىگە، ئېلىشى بار كىشىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3419 ( حسن ) الدين قبل الوصية و ليس لوارث وصية ( هق ) عن علي**

3419. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (قۇرئاندا ۋەسىيەت، قەرزدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ) ئەمەلىيەتتە قەرز ، ۋەسىيەت قىلىشدىن بۇرۇن بېرىلىشى لازىم، ۋارىسلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىش يوق، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3420 ( صحيح ) الدين يسر و لن يغالب الدين أحد إلا غلبه ( هب ) عن أبي هريرة**

3420. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دىنى ناھايىتى ئاساندۇر، دىن بىلەن غەلىبە قىلىشىشتا مۇسابىقىلەشكەن كىشىنى دىن يېڭىپ تاشلايدۇ، دىن غالىب كېلىدۇ، (يەنى دىننى قاتتىق قىلىۋالسا، ئۆزى مەغلۇپ بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3421 ( صحيح ) الدينار بالدينار و الدرهم بالدرهم و صاع حنطة بصاع حنطة و صاع شعير بصاع شعير و صاع ملح بصاع ملح لا فضل بين شيء من ذلك . ( طب ك ) عن أبي أسيد الساعدي**

3421. ئەبۇ ئۇسەيد سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر دىنار بىر دىيارنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرھەم بىر دەرھەمنىڭ باراۋىرىدە، بىر سا بۇغداي ، بىر سا بۇغدايىنىڭ ، بىر سا ئارپا، بىر سا ئارپىنىڭ باراۋىرىدە، بىر سا تۇزمۇ بىر سا تۇزنىڭ بارابىرىدە ئوخشاشتۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەزىلەتلىك يوق، ئارتۇق ئېلىش، ئارتۇق بېرىش يوق، (كىم زىيادە بەرسە، ياكى ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ) تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3422 ( صحيح ) الدينار بالدينار لا فضل بينهما و الدرهم بالدرهم لا فضل بينهما . ( م ن ) عن أبي هريرة**

3422. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىنار ئالتۇن ئالتۇنغا تەڭ، كۈمۈش پۇل كۈمۈش پۇلغا تەڭ باراۋىرىدۇر، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئېگىز ـ پەسلىك، ئارتۇقلۇق يوق، (ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ) مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3423 الدينار بالدينار لا فضل بينهما والدرهم بالدرهم لا فضل بينهما فمن كانت له حاجة بورق فليصطرفهما بذهب ومن كان له حاجة بذهب فليصطرفها بالورق والصرف هاؤها ( ه ك ) عن علي**

3423. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دىنار دىنارنىڭ باراۋىرىدە تەڭدۇر، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئارتۇقلۇق يوقتۇر، دەرھەم دەرھەمگە تەڭ، بۇنىڭ ئارىسىدىمۇ ئارتۇقلۇق يوق، كىمنىڭ كۈمۈشكە ھاجىتى بولۇپ قالسا، ئۇنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ سودا قىلسۇن، كىمنىڭ ئالتۇنغا ھاجىتى بولۇپ قالسا، ئۇنى كۈمۈشكە سېتىپ ئالسۇن، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ سودىسى نەق بولۇشى، مەيداندا ئالدىم ـ بەردىم بولىشى لازىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى زىيادە ئارتۇق قىلىپ سودا قىلسا، نەخ بولسا، دۇرۇس بولىدۇ، نېسى، جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزئارا يەنى ئالتۇننى ئالتۇنغا كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە قىلىشسا جازانە بولىدۇ.

**3424 ( صحيح ) الدينار كنز و الدرهم كنز و القيراط كنز . ( ابن مردويه ) عن أبي هريرة**

3424. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زاكىتى ئايرىلمىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ، دىنار، دەرھەملەر ، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى كاۋدۇر، ئىبنى مەردەۋىييە توپلىغان، سەھىھ، (يەنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، ئىگىلىرى قاتتىق ئازابلىنىدىغان كاۋدۇر).

## « ذ »زال ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3425** ذاق طعم الإيمان من رضي بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد رسولا . ( حم م ت ) عن العباس بن عبدالمطلب

3425. ئاbbas ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالاغا رەب جەھەتتىن رازى بولغان، ئىسلام دىنىغا دىن جەھەتتىن رازى بولغان، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولغان كىشى ئىمانىنىڭ تەمىنى ھەقىقى تېتىغان بولىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(يەنى ھەقىقى ئىمان كەلتۈرۈپ، چىن دىلدىن رازى بولۇپ تەستىقلاپ ئەمەل قىلغان كىشى).

**3426** ( صحيح ) بوا عن أعراضكم بأموالكم ( خط ) عن أبي هريرة ( ابن لال ) عن عائشة

3426. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مال ـ مۈلۈكىڭلار ئارقىلىق يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋىتىڭلارنى قوغداپ، مۇداپىئە قىلىڭلار، خەتىبۇلبەغداد بىلەن ئىبنى لال توپلىغان ، سەھىھ.ھەدىسنىڭ مەقسىتى، مال ـ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا ئىسلام ئۈچۈن جىھاد ئۈچۈن چىقىم قىلدۇرۇش، يۈز ـ ئابرۇي، ئىناۋىتىنى دىنسىزلاردىن قوغداپ قېلىش زۆرۈر.

**3427** ذبح الرجل أن تزكيه في وجهه . ( ابن أبي الدنيا في الصمت ) عن إبراهيم التيمي مرسلا

3427. ئىبراھىم تەمىيمى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنى يۈزىدىن ـ يۈزىگىلا ئالدىدا ماختاپ مەدھىيلىشىڭ، ئۇنى بوغۇزلاپ ھالاك قىلغانلىقتۇر، ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان ، سەھىھ.

**3428** ( صحيح ) ذراري المسلمين يكفلهم إبراهيم . ( أبو بكر بن أبي داود في البعث ) عن أبي هريرة

3428. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتكەن سەبىي باللىرىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېپىل بولۇپ تۇرىدۇ، ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ.

**3429** ذر الناس يعملون فإن الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض و الفردوس أعلاها درجة و أوسطها و فوقها عرش الرحمن و منها تفجر أنهار الجنة فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس . ( حم ت ) عن معاذ

3429. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەرگە خۇش بىشارەت بېرەي دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنى قويۇۋەتكىن، ئۇلار ياخشى ئەمەل قىلىۋالسۇن، ھەققەتەن دەرىجە 100 بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدەك چوڭدۇر، فىردەۋس دېگەن جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ھەممىدىن ئەۋزەل، دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈن يۇكسەكتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدىلا رەھمان تائالانىڭ ئەرشى باردۇر، جەننەتلەرنىڭ بۇلاق، ئۆستەڭلىرى فىردەۋسدىن ئېقىپ چىقىدۇ، ئاللاھدىن سورىساڭلار فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3429** ( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألبانيطب عن أبي أمامة ( ذروة سنام الإسلام: الجهاد في سبيل الله ( لا يناله إلا أفضلهم )

3429. (بۇ ھەدىسمۇ تەكرار كەلگەن) ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئەڭ ئۈستۈنكى، چوققىسى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر، ئۇنىڭغا پەقەت ئەۋزەللەرلا ئېرىشەلەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3430 ذروني ما تركتكم فإنما هلك من كان قبلكم بكثرة سؤالهم و اختلافهم على أنبيائهم فإذا أمرتكم بشيء فأتوا منه ما استطعتم و إذا نهيتكم عن شيء فدعوه . ( حم م ن ه ) عن أبي هريرة

3430. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى جىم قويسام، سىلەرمۇ مەندىن كۆپ سوئال سورىماي، مېنى جىم قويۇڭلار، ھەققەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر سوئاللىرىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى پەيغەمبەرلىرىگە ئىختىلاپنى كۆپ قىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك ھالاك بولۇپ كەتتى، مەن سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرۇسام، قادىر بولىشىچە كەلتۈرۈڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، بىرەر نەرسىدىن توسسام دەرھال يېنىپ تەرك ئېتىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3431 ( صحيح ) ذكاة الجنين ذكاة أمه . ( د ك ) عن جابر ( حم د ت ه حب قط ك ) عن أبي سعيد ( ك ) عن أبي أيوب وأبي هريرة ( طب ) عن أبي أمامة وأبي الدرداء وكعب بن مالك

3431. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋاننىڭ ئىچىدىكى تۆرەلمىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى، ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن كۇپايە بولىدۇ، (يەنى ئانىسىنى بوغۇزلىسا، ئىچىدىكى بالىسىنى بوغۇزلىماي يېگىلى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، دارىقۇتنى، تەبەرانىيلار، ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ئەييۇب، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇددەردائى، كەئىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، بەزىلەر بۇ ھەدىسنى تۆرەلمىنى ئايرىم بوغۇزلاش كېرەك دېگەن، لېكىن، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئۇنداق چۈشەنمىگەن، ئانىسىنى بوغۇزلىسا شۇ كۇپايە دېگەن .

3432 ( صحيح ) ذكاة الميتة دباغها . ( ن ) عن عائشة

3432. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ تېرىسىنىڭ پاكلىنىشى ئۇنىڭ ئاشلىنىشىدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3433 ( صحيح ) ذكاة كل مسك دباغه ( ك ) عن عبدالله بن الحارث

3433. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق تېرىنىڭ پاك ـ پاكىز بولۇشى، ئۇنى ئاشلاش بىلەن بولىدۇ، (يەنى زاۋۇتتا پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن پاكىز بولىدۇ) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3434 ذكرت و أنا في الصلاة تبرا عندنا فكرهت أن يبيت عندنا فأمرت بقسمته ( حم خ ) عن عقبة بن الحارث

3434. ئۇقبە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن كېيىن تېزلا ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ مۇنداق دېگەن: مەن ناماز ئىچىدە تۇرۇپ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، خام ئالتۇننى ئەسلەپ قالدىم، ئۇنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا قونۇپ قېلىشىنى بىر كېچە تۇرۇپ قېلىشىنى ياقتۇرماي تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇۋېتىپ چىقتىم، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

3435 ( صحيح ) ذمة المسلمين واحدة فإن جارت عليهم جائرة فلا تخفروها فإن لكل غادر لواء يعرف به يوم القيامة ( ك ) عن عائش

3435. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىردۇر، (ھەممىسى ئورتاق ئەمەل قىلىدۇ، بۇزمايدۇ) ئەگەر ئۇلارغا بىرەر جەۋرىكەش زالىم زۇلۇم سالسا، سىلەر ئەھدىنى بۇزماڭلار، ھەققەتەن ھەربىر خىيانەتچىنىڭ ئەھدىنى

بۇزغۇچىنىڭ بىردىن بايرىقى بولۇپ، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ بايراق بىلەن تونۇلىدۇ، (ئاھ! بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ھە!) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3436 ( صحيح ) ذهب المفطرون اليوم بالأجر ( حم ق ن ) عن أنس**

3436. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە روزا تۇتقانلار ئۇچۈن روزا تۇتمىغانلارنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن : بۈگۈن ئەجىر ساۋابىنى روزا تۇتمىغانلار ئېلىپ كەتتى، ئەھمەد ، بەيھەقى ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3437 ( صحيح ) ذهب أهل الهجرة بما فيها ( طب ك ) عن مجاشع بن مسعود**

3437. مۇجاشىئ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھىجرەت ئەھلى ئۇنىڭدىكى ئەجىر ـ ساۋابلارنى ئېلىپ كەتتى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3438 ذهبت النبوة فلا نبوة بعدي إلا المبشرات: الرؤيا الصالحة يراها الرجل أو ترى له ( طب ) عن حذيفة بن أسيد**

3438. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەرلىك كېتىپ ئاخىرلاشتى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يوق، لېكىن، خۇش بېشارەتچى راست چۈش كۆرۈدىغانلار قېلىپ قالدى، بۇ بېشارەت بولسا ، كىشى كۆرۈدىغان ياخشى، راست چۈشتۇر، ياكى ئۇ كىشىگە كۆرسىتىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3439 ( صحيح ) ذهبت النبوة و بقيت المبشرات ( ه ) عن أم كرز**

3439. ئۇممەكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پەيغەمبەرلىك ئاخىرلىشىپ، بېشارەتچىلەر قېلىپ قالدى، (يەنى راست ياخشى چۈشتۇر) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3440 ( صحيح ) ذيل المرأة شبر ( هق ) عن أم سلمة وابن عم**

3440. ئۇممە سەلەمە، ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئايال كىشىنىڭ پۇتىنىڭ دۇمبىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئىشتان ـ كۆڭلىكىنىڭ قۇيرىقى بىر غېرىچ بولىدۇ، (يەنى بىر غېرىچ ئۇزۇن بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3441 ( صحيح ) ذيلك ذراع ( ه ) عن أبي هريرة**

3441. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سەلەمەگە مۇنداق دېگەن : (ئەگەر بىر غېرىچ قۇيرۇقى بېسىپ تۇرالمىسا) ئىشتان ـ كۆڭلەكىنىڭ پۇتىنىڭ دۇمبىسىنى بېسىپ تۇرىدىغان، قۇيرۇقى بىر گەز بولىدۇ، (يەنى40، 50 سانتىمېتىر ئۇزۇن بولسۇمۇ چوقۇم پۇتنىڭ دۇمبىسىنى ،كەپىياتىنى يېپىپ تۇرسۇن) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3442 الذباب كله في النار إلا النحل ( البزار ع طب ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن عباس وابن مسعود**

3442. ئىبنى ئۇمەر، ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەسەل ھەرىسىدىن باشقا بارلىق ھەرىلەر چىۋىن ھەرە تۈرىدىكى ھاشاراتلەر دوزاختا بولىدۇ، (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، دوزاخ ئەھلىنى ئازابلاش ئۈچۈن، دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئاللاھ ئالىم) بەزار، ئەبۇ يەئلا ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3443 الذهب بالذهب تبره و عينه و الفضة بالفضة تبرها و عينها و البر بالبر مدين بمدين و الشعير بالشعير مدين بمدين و التمر بالتمر مدين بمدين و الملح بالملح مدين بمدين فمن زاد أو ازداد فقد أربى و لا بأس ببيع الذهب بالفضة و الفضة أكثرهما يدا بيد و أما نسيئة فلا و لا بأس ببيع البر بالشعير و الشعير أكثرهما يدا بيد و أما نسيئة فلا ( د ن ) عن عبادة بن الصامت**

3443. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇننى ئالتۇنغا باراۋەر، ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇڭلار، ئۇنىڭ پىششىقلانغان، پىششىقلانمىغان ھەر ئىككىلىسى ئۆزگە ئوخشاش، باراۋەر مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈشنىڭمۇ پىششىقلانغان بىلەن خام توپا ئارىلاش بولغىنى ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ.

بۇغداي ، ئارپا، خورما، تۇز قاتارلىقلارمۇ بىر بىرگە باراۋەر ئوخشاش ئىككى كىلوغا ئىككى كىلو تەڭدۇر، يۇقىرىقى نەرسىلەردىن كىم زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىز جازانە ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتسا، ئالماشتۇرسا، كۈمۈش كۆپرەك بىرىلسىمۇ گۇناھ يوق، شەرتى بۇ سودا نەخ بولۇشى لازىم، نىسىگە كەلسەك، دۇرۇس ئەمەس، نىسى، جازانەئۆسۈم بولىدۇ، بۇغداينى ئارپىغا ساتسا، ئارپىنى كۆپرەك بەرسە، گۇناھ يوق، نەخمۇ نەخ بولۇشى شەرت ، نىسى بولسا دۇرۇس ئەمەس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3444 الذهب بالذهب مثلا بمثل و الفضة بالفضة مثلا بمثل و التمر بالتمر مثلا بمثل و البر بالبر مثلا بمثل و الملح بالملح مثلا بمثل و الشعير بالشعير مثلا بمثل فمن زاد أو ازداد فقد أربى بيعوا الذهب بالفضة كيف شئتم يدا بيد و بيعوا الشعير بالتمر كيف شئتم يدا بيد ( ت ) عن عبادة بن الصامت

3444. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن، ئالتۇن بىلەن ئوخشاش مىقداردا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، خورما خورما بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، تۇز تۇز بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن ئوخشاش، باراۋەر ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، ئالتۇننى كۈمۈشكە قولدىن ـ قولغا نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، ئارپىنى خورمىغا (ياكى تۈرنى ئالماشتۇرۇپ) نەخ ھالەتتە خالىغانچە سېتىڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(يەنى يۇقىرىقى نەرسىلەرنى قەرز ئۆتنە، ئارىيەت بەرسە ،زىيادە بەرمىسۇن ھەم ئالمىسۇن .)

3445 الذهب بالذهب و الفضة بالفضة و البر بالبر و الشعير بالشعير و التمر بالتمر و الملح بالملح مثلا بمثل سواء بسواء يدا بيد فإذا اختلفت هذه الأصناف فبيعوا كيف شئتم إذا كان يدا بيد ( حم م د ه ) عن عبادة بن الصامت

3445. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن ئارپا ئارپا بىلەن، خورما ـ خورما بىلەن، تۇز تۇز بىلەن ئوخشاش، باراۋەر، نەخ ھالەتتە ئالماشتۇرۇلىدۇ، زىيادە، كەم قىلسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، بۇ سىنىپ تۈرلەر ئالمىشىپ كەتسە، خالىغانچە ئېلىپ ـ ساتساڭلار بولىدۇ، لېكىن، شەرت، نەخ قولدىن قولغا بولۇشى لازىم، (نىسى ياكى زىيادە ئالغان نەرسە جازانە بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3446 الذهب بالذهب و الفضة بالفضة و البر بالبر و الشعير بالشعير و التمر بالتمر و الملح بالملح مثلا بمثل يدا بيد فمن زاد أو استزاد فقد أربى و الآخذ و المعطي سواء ( حم م ن ) عن أبي سعيد

3446. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، كۈمۈش كۈمۈش بىلەن، بۇغداي بۇغداي بىلەن، ئارپا ئارپا بىلەن خورما خورما بىلەن، تۇز تۇز بىلەن ئوخشاش باراۋەر مىقداردا قولدىن قولغا نەخ ئېلىم ـ سېتىم،ئۆتنە بېرىم قىلىنىدۇ، ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىم زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، ئۇ جەزمەن جازانە ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ، زىيادە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى باراۋەر ئوخشاش گۇناھكاردۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3447 (صحيح) الذهب بالذهب وزنا بوزن مثلا بمثل و الفضة بالفضة وزنا بوزن مثلا بمثل فمن زاد أو استزاد فهو ربا ( حم ن) عن أبي هريرة

3447. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇن ئالتۇن بىلەن، ۋەزنىدە، مىقداردا ئوخشاش، باراۋەر ھالدا ئالماشتۇرۇلىدۇ،

ئېلىم ـ سېتىم قىلىنىدۇ، كىم زىيادە بەرسە، مىقداردىن زىيادە ئالسا، جەزمەن جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3448** ( صحيح ) الذهب بالورق ربا إلا هاء و هاء و البر بالبر ربا إلا هاء و هاء و التمر بالتمر ربا إلا هاء و هاء و الشعير بالشعير ربا إلا هاء و هاء ( مالك ق ) عن عمر

3448. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتسا، جازانە، ئۆسۈم ئالغان بولىدۇ، لېكىن، نەخ ئېلىم ـ بېرىم قىلسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىدۇ، بۇغداي بۇغدايغا ، خورما خورمىغا، ئارپا ئارپىغا ئالماشسا، سودا قىلىنسا، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، لېكىن، نەخ مەيداندا ئالدىم ـ بەردىم قىلىپ، نەخ بولسا، بۇ مۇستەسنا بولىدۇ، (زىيادە بەرگۈچى، ئالغۇچى يەنىلا جازانىخوردۇر) مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

خۇلاسە سۆز شۇكى، نىسى بولغان پايدىدا جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بىر ـ بىرىگە نېسى ئېلىپ ـ سېتىشقا رۇخسەت يوق، ھەرقانداق نەرسە ئۆز جىنسىدا مىقداردىن زىيادە بېرىلسە، زىيادە ئېلىنسا، جازانە، ئۆسۈمدۇر، جىنسى تۈرى ئالماشسا دۇرۇس، ئالتۇن ئالتۇنغا سېتىلمايدۇ، كۈمۈش كۈمۈشكە، لېكىن مىقدارى ئوخشاش بولسا، ۋەزنىدە باراۋەر بولسا بولىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىر ـ بىرىگە نەخ سېتىلسا بولىدۇ، نېسى بولمايدۇ، بىر سەرنى ئىككى سەرگە ئالسا،ياكى بەرسە جازانە، مانا بۇ زىيادە بەرگەن ياكى ئالغان بولىدۇ، ناچارلىرىنى پۇلغا سېتىپ، ياخشىسىنى ئالىمىز، گەرچە شۇنداق باھادا شۇنداق نەخ كېلىپ قالسىمۇ، يەنىلا ئېلىپ ساتىمىز، زىيادە، كەم قىلىپ تېگىشمەيمىز، نەخ 10 دەرھەمگە ساتقاننى نىسى 12 ـ 15 دەرھەمگە ساتسا، مانا بۇ نەخ جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، مۇددەتنى، ۋاقىتنى ساتتى، زىيادە ئالدى، زىيادە بەردى، بۇ جازانىدۇر.

**3449** الذهب و الحرير حل لإناث أمتي و حرام على ذكورها ( طب ) عن زيد بن أرقم وواثلة

3449. زەيد ئىبنى ئەرقەم، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن بىلەن يىپەك رەخت ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا ھالال، ئەرلىرىگە ھارامدۇر، (يەنى زىننەتتە، كىيىمدە)، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## « ر » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3450** ( صحيح ) رأى عيسى ابن مريم رجلا يسرق فقال له: أسرقت ؟ قال: كلا و الذي لا إله إلا هو فقال عيسى: آمنت بالله و كذبت عيني ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

3450. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئوغرىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەن ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ كىشى ئۆزىدىن باشقا ھەق ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمىدىم دېدى، ئەيسا: مەن ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم، مېنىڭ كۆزۈم يالغانچى ئوخشايدۇ دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3451** رأت أمي كأنه خرج منها نور أضاءت منه قصور الشام ( ابن سعد ) عن أبي أمامة

3451. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئانام چۈشىدە گوياكى، ئۇنىڭدىن بىر نۇر چىقىپ، شۇ نۇردىن شامنىڭ قەسىرلىرىمۇ نۇرلىنىپ يورۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ، (مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بېشارەت ئىدى) ئىبنى سەئدى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

3452 ( صحيح ) رأس الكفر نحو المشرق و الفخر و الخيلاء في أهل الخيل و الإبل و الفدادين أهل الوبر و السكينة في أهل الغنم ( مالك ق ) عن أبي هريرة

3452. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۇفرىنىڭ بېشى مەشرىق، كۆڭ چېقىش تەرەپتىدۇر، پەخىر قىلىش، كىبىر، تەكەببۇرلۇق، ئات ـ تۆگە ئەھلىدە بولىدۇ، تۆگە يۇڭىنىڭ ئەھلى بولغان كالا ـ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىدا ۋارقىراپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغانلاردا بولىدۇ، (ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دىنىدىن خەۋەرسىز، قەلبى قېتىپ كېتىدۇ) خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك قوي ئەھلىدە بولىدۇ، مالىك بىلەن بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

3453 رأس الكفر هاهنا من حيث يطلع قرن الشيطان – يعني المشرق – ( م ) عن ابن عمر

3453. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كۇفرىنىڭ ئاساسلىق بېشى شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى چىقىدىغان مۇشۇ يان تەرەپتە يەنى مەشرىق، كۈن چىقىش تەرەپتە بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3454 ( صحيح ) راصوا الصفوف فإن الشيطان يقوم في الخلل ( حم ) عن أنس

3454. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەپلەردە زىچ، ھەم تۈرۈڭلار، چۈنكى، شەيتان بوشلۇقتا كاۋاكلاردا تۇرۇۋالىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ئۇنىڭ تۇرۇۋېلىشى ئازدۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3455 ( صحيح ) راصوا صفوفكم و قاربوا بينها و حاذوا بالأعناق ( ن ) عن أنس

3455. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەپلەردە زىچ، تۈز تۇرۇڭلار، ئارىلىقنى يېقىن قىلىپ، يېقىن تۇرۇڭلار، بويۇنلارنى بىر ـ بىرىگە باراۋەر قىلىپ تۈزلەڭلار، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3456 ( صحيح ) رؤيا المؤمن جزء من أربعين جزءا من النبوة و هي على رجل طائر ما لم يحدث بها فإذا تحدث بها سقطت و لا تحدث بها إلا لبيبا أو حبيبا ( ت ) عن أبي رزين

3456. ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننىڭ راست چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 40 پارىسىدىن بىر پارچىدۇر، (يەنى بىر خاتىرىدە 1/46دۇر دېگەن بار) چۈش كىشىنىڭ ئۈستىدە سۆزلەنمىسلا، تەبىر بېرىلمىسلا، ئۇچۇپ يۈرىيدۇ، ئەگەر سۆزلىنىپ تەبىر بېرىلسە، دەرھال چۈشىدۇ، (يەنى تەبىر بويىنچە يۈز بېرىدۇ) چۈشنى پەقەت ئەقىللىق، دانا ئالىمغا ياكى يېقىن دوستقا سۆزلەپ بېرىڭلار، باشقىلارغا قالايمىقان سۆزلەپ بەرمەڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3457 ( صحيح ) رؤيا المؤمن جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة ( حم ق ) عن أنس ( حم ق د ت ) عن عبادة بن الصامت ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

3457. ئەنەس،ئۇبادە، ئىبنى سامىت، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننىڭ راست ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارىدۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىمدا ئوخشىشى بار، سەھىھ.

3458 ( صحيح ) رؤيا المؤمن جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة و هي على رجل طائر ما لم يحدث بها و إذا حدث بها وقعت ( ت ك ) عن أبي رزين

3458. ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننىڭ چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/46دۇر، چۈش كىشىنىڭ ئۈستىدە

سۆزلەنمىسلا تەبىر بېرىلمىسلا، ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ، سۆزلىنىپ تەبىر بېرىلسىلا، يۈز بېرىدۇ، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3459** ( صحيح ) رؤيا المسلم الصالح جزء من سبعين جزءا من النبوة ( ه ) عن أبي سعيد

3459. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سالىھ، ياخشى مۇسۇلماننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 70 پارىسىدىن بىر پارچىدۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3460** ( رأيت إبراهيم ليلة أسري بي فقال: يا محمد أقرئ أمتك السلام و أخبرهم أن الجنة طيبة التربة عذبة الماء و أنها قيعان و غراسها: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبرولا حول و لا قوة إلا بالله ) طب عن ابن مسعود

3460. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىراج كېچىسى، مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مەندىن ئۈممىتىڭگە سالام دېگىن ، ۋە ئۇلارغا مۇنۇ ئىشنى خەۋەر قىلغىن، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ تۇپرىقى پاك ـ پاكىز مۇنبەتتۇر، سۈيى تاتلىقتۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تۇپرىقى تۈپتۈز، دەرەخ يوقتۇر، ئۇنىڭ دەرىخى مۇنۇ تەسبىھدۇر، «سۇبھانەللا، ئەلھەمدۇلىللاھ ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر» ، (لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھى) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3461** رأيت الذي صنعتم فلم يمنعني من الخروج إليكم إلا أني خشيت أن تفرض عليكم ( مالك ن ) عن عائشة

3461. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزاندىكى قىيام توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : مەن سىلەر قىلغان ئىشنى كۆردۈم، مېنى سىلەرگە چىقىپ، ناماز ئوقۇپ بېرىشىمدىن پەقەتلا بۇ نامازنىڭ بۇ قىيامنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىم، قورقىشىم توسىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن چىقمىغان، كېيىن ئەسلىگە كەلگەن) مالىك، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3462** ««رأيت الليلة رجلين أتياني فأخذا بيدي فأخرجاني إلى الأرض المقدسة فإذا رجل جالس و رجل قائم على رأسه بيده كلوب من حديد فيدخله في شدقه فيشقه حتى يخرجه من قفاه ثم يخرجه فيدخله في شدقه الآخر و يلتئم هذا الشدق فهو يفعل ذلك به فقلت: ما هذا ؟ قالا: انطلق ; فانطلقت معهما فإذا رجل مستلق على قفاه و رجل قائم بيده فهر أو صخرة فيشدخ بها رأسه فيتدهده الحجر فإذا ذهب ليأخذه عاد رأسه كما كان فيصنع مثل ذلك فقلت: ما هذا ؟ قالا: انطلق ; فانطلقت معهما فإذا بيت مبني على بناء التنور أعلاه ضيق و أسفله واسع يوقد تحته نار فيه رجال و نساء عراة فإذا أوقدت ارتفعوا حتى يكادوا أن يخرجوا فإذا أخمدت رجعوا فيها فقلت: ما هذا ؟ قالا: انطلق ; فانطلقت فإذا نهر من دم فيه رجل و على شاطئ النهر رجل بين يديه حجارة فيقبل الرجل الذي في النهر فإذا دنا ليخرج رمى في فيه حجرا فرجع إلى مكانه فهو يفعل ذلك به فقلت: ما هذا ؟ قالا: انطلق ; فانطلقت فإذا روضة خضراء و إذا فيها شجرة عظيمة و إذا شيخ في أصلها حوله صبيان و إذا رجل قريب منه بين يديه نار فهو يحشها و يوقدها فصعدا بي في شجرة فأدخلاني دارا لم أر دارا قط أحسن منها فإذا فيها رجال شيوخ و شباب و فيها نساء و صبيان فأخرجاني منها فصعدا بي في الشجرة فأدخلاني دارا هي أحسن و أفضل فيها شيوخ و شباب فقلت لهما: إنكما قد طوفتماني منذ الليلة فأخبراني عما رأيت قالا: نعم ; أما الرجل الأول الذي رأيت فإنه رجل كذاب يكذب الكذبة فتحمل عنه في الآفاق فهو يصنع به ما رأيت إلى يوم القيامة ثم يصنع الله تعالى به ما شاء ; و أما الرجل الذي رأيت مستلقيا على قفاه فرجل آتاه الله القرآن فنام عنه بالليل و لم يعمل بما فيه بالنهار فهو يفعل به ما رأيت إلى يوم القيامة ; و أما الذي رأيت في التنور فهم الزناة ; و أما الذي رأيت في النهر فذاك آكل الربا ; و أما الشيخ الذي رأيت في أصل الشجرة فذاك إبراهيم عليه السلام ; و أما الصبيان الذين رأيت فأولاد الناس ; و أما الرجل الذي رأيت يوقد النار فذلك خازن النار و تلك النار ; و أما الدار التي دخلت أولا فدار عامة المؤمنين ; و أما الدار الأخرى فدار الشهداء ; و أنا جبريل و هذا ميكائيل ; ثم قالا لي: ارفع رأسك فرفعت فإذا كهيئة السحاب فقالا لي: و تلك دارك فقلت لهما: دعاني أدخل داري فقالا: إنه قد بقي لك عمر لم تستكمله فلو استكملته دخلت دارك ( حم ق ) عن سمرة»»

3462. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن بۈگۈن كېچە ئىككى كىشىنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇپ، مېنى

مۇقەددەس، پاك ـ پاكىز ئۇلۇغ بىر جايغا ئاپاردى، بۇ جەرياندا ناگاھان بىر كىشى ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدا يەنە بىر كىشى قولىدا ئىلمەك تۆمۈرنى ئامبۇرنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، تۆمۈرنى ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن، زاڭقىدىن سېلىپ، ئاغزىنى يېرىپ، گەدىنىدىن چىقىرىۋاتىدۇ، ئاندىن ئۇنى چىقىرىپ، يەنە بىر تەرىپىگە سېلىپ، يەنە گەردىنىدىن چىقىرىۋاتىدۇ، بىرنى يىرتىپ شۇنداق قىلىپ بولغۇچە يەنە بىر تەرىپى ساقىيىپ، ئەسلىگە كېلىدۇ، ئاندىن يەنە شۇنداق قىلىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش دېسەم، ئۇلار مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا بىر كىشى ئوڭدا ياتىدۇ، بېشىدا بىر كىشى قولىدا تاشنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىپ، يەنجىۋاتىدۇ، تاش يۇملاپ كەتسە، تاشنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ تاشنى ئەكەلگىچە ساقىيىپ بولىدۇ، ئاندىن يەنە شۇنداق ئۇرۇپ قىينايدۇ ، مەن بۇ نېمە ئىش؟ دېسە، ئۇلار ماڭغىن دېدى، مەن بىللە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا تونۇرغا ئوخشاش سېلىنغان بىر ئۆي، ئازگال تۇرىدۇ، ئۈستى تار، ئاستى كەڭرىدۇر، ئۇنىڭ ئاستىغا ئوت يېقىلىپتۇ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن يالىڭاچ ئەرلەر، ئاياللار كۆيۈۋېتىپتۇ، ئوت ئۇلغايسا، ئۇلار ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتەي دېگەندە ئوت پەسلەيدۇ ـ دە، ئۇلار يەنە ئاستىغا چۈشۈپ، ئوت يەنە ئۇلغىيىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش دېسەم، ئۇلار مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا قانلار ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ تۇرىدۇ، ئۆستەڭ ئىچىدە بىر كىشى تۇرىدۇ،ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا ئالدىغا تاش دۆۋىلىۋالغان بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۆستەڭ ئىچىدىكى كىشى قىرغاققا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يېقىن قالغاندا قىرغاقتىكى كىشى ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش ئېتىپ، چىققىلى قويمايدۇ، ئۇ كىشى ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىدۇ، ئۇ دائىم شۇنداق قىلىپ تۇرىدۇ، مەن بۇ نېمە ئىش دېسەم، ئۇلار مېڭىۋەرگىن دېدى، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم، ناگاھان ئۇياندا ياپيېشىل چوڭ بىر باغ تۇرىدۇ، بۇ باغدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، بۇ دەرەخنىڭ كۆتىكىدە بىر شەيخ ، قېرى كىشى ئولتۇرىدۇ، ئەتراپىدا نۇرغۇن سەبىي باللار بار ئىكەن، ناگاھان ئۇنىڭغا يېقىنلا بىر جايدا بىر كىشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئوت باردۇر، بۇ كىشى دائىم دىگىدەك، ئوتنى يەنە يېقىپ، ئۇلغايتىپ، قىزىقلىق گىرادۇسىنى زىيادە قىلىپ تۇرىدىكەن، ئاندىن ئۇلار مېنى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى ئۆرلىتىپ، مېنى بىر ھويلىغا كىرگۈزدى، مەن ئۇنىڭدىن گۈزەلرەك ھويلىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ناگاھان بۇ ھويلىدا نۇرغۇن قېرى، ياش كىشىلەر ئاياللار باللار بار ئىكەن، ئۇلار مېنى بۇ ھويلىدىن ئېلىپ چىقىپ، يەنە بىر دەرەخدىن ئۆرلىتىپ، بالدۇرقىدىن گۈزەلرەك، ئەۋزەلرەك بىر ھويلىغا ئەكىردى، بۇ قورۇدا نۇرغۇن قېرى ـ ياش كىشىلەر بار ئىكەن، مەن ئۇلارغا ئىككىڭلار مېنى بۈگۈنكىچە خېلى كۆپ تاۋاپ قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن جايلارنى نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسەتتىڭلار، ئەمدى مەن كۆرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ خەۋەر قىلىڭلار دېدىم، ئۇلار، بولىدۇ، قۇلاق سال، ئەمما سەن كۆرگەن تۇنجى ، يەنى ئاغزى، ئېڭىكى يېرىلغان كىشى بولسا، يالغانچى، كاززاپ ئىدى، ئۇ بىر يالغاننى سۆزلىسە، بۇ يالغان سۆز ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ، پۈتۈن ئۇپۇققا ئەتراپلارغا تارقاپ كېتەتتى، بۇ كاززاپقا سەن كۆرگەن شۇ ئازاب تا قىيامەت كۈنىگىچە شۇنداق قىلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن قىيامەتتىن كېيىن ئاللاھ خالىغان ئازابلارنى قىلىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن ئوڭدا ياتقان بېشى يېرىلۋاتقان كىشى بولسا، ئاللاھتالا قۇرئاننى بەرگەن يەنى 30 پارا قۇرئاننى يادا بىلىپ تۇرۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرمايدىغان، كۈندۈزى قۇرئان ئىچىدىكى يوليورۇقلارغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشى بولۇپ، سەن كۆرگەن شۇ ئازاب، قىيامەت كۈنىگىچە بولۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن بۇمۇ ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن تونۇردىكى كىشىلەر، زىناخورلار بولۇپ، بۇلارمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەمما سەن كۆرگەن قاندىن بولغان ئۆستەڭ ئىچىدىكى كىشى بولسا، جازانە، ئۆسۈم يىگۈچىدۇر، بۇمۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ، (ئاندىن كېيىن قەبرىسىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭدەك قوپىدۇ) ئەمما سەن كۆرگەن دەرەخ كۆتىكىدىكى قېرى شەيخ بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك باللار ئىنسانلارنىڭ بارلىق كىشلەرنىڭ

بالىلىرىدۇر، (يۇقىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك بالىلارغا ئۇ كېپىل دېگەن) ئەمما، سەن كۆرگەن ئوت يېقىۋاتقان كىشى بولسا، دوزاخنى باشقۇرغۇچى مالىك خازىندۇر، ئاشۇ بولسا، دوزاختۇر. سەن تۇنجى بولۇپ كىرگەن ھويلا بولسا، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ھويلىسى جەننەتتۇر، كېيىنكى ھويلا بولسا، مەخسۇس شېھىدلەرنىڭ قارارگاھىدۇر، يەنى جەننەتتۇر، مەن بولسام، جىبرىئىل ماۋۇ كىشى مىكائىل، بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار ماڭا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارا دېدى، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئاگاھان بۇلۇتنىڭ تورقىدەك ئۇستۈن بىر مەنزىلنى كۆردۈم، ئۇلار ماڭا، ئەنە شۇ بولسا، سېنىڭ ھويلاڭ، قارارگاھىڭ دېيدى، مەن ئۇلارغا مېنى قويىۋېتىڭلار، بىر كىرىپ باقاي دېسەم، ئۇلار ھەقىقەتەن ساڭا ئازغىنە ئۆمۈر قالدى، سەن تېخى ئۇنى مۇكەممەل تولۇقلىمىدىڭ، ئەگەر سەن ئۇ ئۆمۈرنى كەمىل تولۇقلىساڭ، بۇ ھويلاڭغا چوقۇم كىرىسەن دېيدى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، باشقا كىتابلاردا ئاز ـ ئازدىن باردۇر، بۇ ھەدىسنىمۇ يۇقىرىقىدەك تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ كۆرۈڭلار، چۈنكى، بۇ جەننەت ـ دوزاخ تەتقىقاتى.

**3463** رأيت الملائكة تغسل حمزة بن عبد المطلب و حنظلة بن الراهب ( طب ) عن ابن عباس

3463. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ بىلەن ھەنزەلەت ئىبنى راھىبنى يۇغىنىنى كۆردۈم، (يەنى بۇلار شېھىد بولغان، نامازدىن بۇرۇن پەرىشتىلەر يۇغان) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3464** ( صحيح ) رأيت جبريل له ستمائة جناح ( طب ) عن ابن مسعود

3464. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جىبرىئىلنى 600 قاناتلىق كۆردۈم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3465** رأيت جعفر بن أبي طالب ملكا يطير في الجنة مع الملائكة بجناحين ( ت ك ) عن أبي هريرة

3465. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنى جەننەتتە خۇددى پەرىشتىدەك ئىككى قانات بىلەن پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆردۈم، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3466** ( صحيح ) رأيت ربي عز و جل ( حم ) عن ابن عباس

3466.ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن پەرۋەردىگارىم ئەززە ۋە جەللە يەنى رەببىمنى كۆردۈم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ھاكىم توپلىغان بىر ھەدىستىمۇ مەن رەببىمنى كۆردۈم دېيىلگەن، باشقا ھەدىسلەردە كۆردۈم، ئەڭ گۈزەل كۆردۈم دېگەن ، خىيلى كەڭرىدۇر، ئاللاھ قادىردۇر.توغرا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆردى دېسە بوھتان چاپلىغان بولىدۇ دېدى، بىز كۆردى دېمىدۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى كۆردۈم دېدى، ئاندىن بىر ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئاللاھ قادىردۇر، كۆرسەتسە كۆرسىتەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپتۇ دېدۇق، ھەم شەكسىز ئىشەندۇق، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئالىملار ئەقىدە كىتابلاردا ئاللاھنى چۈشىدە كۆرۈش، ئىنسانغا مۇمكىن بولىدۇ دەپ تەبىر بەرگەن، ئەبۇ ھەنىفە نەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى يەنى چۈشىدە، دىلىدا كۆرگەنلىكىنى يازغان، ئەھمەد رەھمەھۇللامۇ شۇنداق، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەدىسىدىكى مەقسەت ، چۈشىدە ئەمەس، ئوڭدا ئويغاق تۇرۇپ پېشانىسىدىكى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرگەندۇر، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بىزلەرگە قىيامەت كۈنى جەننەتتە جامالىنى كۆرسەتكەي، ئامىن!

**3467** ( صحيح ) رأيت شابا و شابة فلم آمن من الشيطان عليهما ( حم ت ) عن علي

3467. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن بىر ياش يىگىت بىلەن ياش گۈزەل قىزچاقنىڭ بىللە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا شەيتاننىڭ

زىيانكەشلىكىدىن ۋەسۋەسىدىن خاتىرجەم بولالمىدىم، (مەقسەت: ئەر بىلەن يات ئايال خالىي بىللە بولمىسۇن) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3468 ( حسن ) رأيت شياطين الإنس و الجن فروا من عمر ( عد ) عن عائشة**

3468. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئىنسان، جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچقانلىقىنى كۆردۈم، ئىبنى ئەدى توپلىغان، ھەسەن.

**3469 ( صحيح ) رأيت عمرو بن عامر الخزاعي يجر قصبه في النار و كان أول من سيب السوائب و بحر البحيرة ( حم ق ) عن أبي هريرة**

3469. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن، دوزاخ ئىچىدە ئەمرۇ ئىبنى ئامىر خۇزا ئىينىڭ ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ تۇنجى بولۇپ سائىبە بەھىيرەت ئىسمىلىك تۆگىنى ھارام قىلىۋېلىش، بۇتقا ئاتاش قائىدىسىنى يولغا قويغان كىشىدۇر، (تۇنجى بولۇپ بۇددا دىنغا ئاساس سالغۇچى) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3470 رأيت عمرو بن لحي بن قمعة بن خندف أخا بني كعب و هو يجر قصبه في النار ( م ) عن أبي هريرة**

3470. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن دووزاخ ئىچىدە ئەمرۇ ئىبنى لوھيە ئىبنى قۇمئەت ئىبنى خەندەپنى يەنى بەنىي كەئبنىڭ قېرىندىشىنىڭ، ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3471 رأيت عيسى و موسى و إبراهيم فأما عيسى فأحمر جعد عريض الصدر و أما موسى فآدم جسيم سبط كأنه من رجال الزط و أما إبراهيم فانظروا إلى صاحبكم – يعني نفسه – ( خ ) عن ابن عباس**

3471. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئەيسا، مۇسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنى كۆردۈم، ئەيساغا كەلسەك، ئۇ قىزىلغا مايىل بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدرە چاچ، چىچى ئۇزۇن مۇرىسىگىچە، كۆكسى كەڭ ئىكەن، ئەمما مۇساغا كەلسەك، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۇسقانلىق، چېچى مۇرىسىگە چۈشكەن، گوياكى ئۇ، زىنتى قەبىلىسىنىڭ ئەرلىرىدىن ئىكەن، ئەمما ئىبراھىمغا كەلسەك، ساھىبىڭلارنى يەنى ماڭا قاراڭلار، (مەن ئوخشايمەن) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇلارنى مىئراج كېچىسى كۆرگەن.

**3472 رأيت في المنام أني أهاجر من مكة إلى أرض بها نخل فذهب وهلي إلى أنها اليمامة أو هجر فإذا هي المدينة يثرب و رأيت في رؤياي هذه أني هززت سيفا فانقطع صدره فإذا هو ما أصيب من المؤمنين يوم أحد ثم هززته أخرى فعاد أحسن ما كان فإذا هو ما جاء الله به من الفتح و اجتماع المؤمنين و رأيت فيها بقرا و الله خير فإذا هم النفر من المؤمنين يوم أحد و إذا الخير ما جاء الله به من الخير بعد و ثواب الصدق الذي آتانا الله بعد يوم بدر ( ق ه ) عن أبي موسى**

3472. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە مەككىدىن خورمىلىق بىر زېمىنغا ھىجرەت قىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، گۇمانىم ئۇ زېمىن يەمامە ياكى ھەجەرمىكى دېگەنگە باردى، ناگاھان ئۇ يەسرىپ دېيىلىدىغان مەدىنە ئىكەن، مەن يەنە مۇشۇ چۈشۈمدە قىلىچنى چېپىپ، شىلتىپ كۆرۈپتىمەن، قىلىچنىڭ باش تەرىپى سۇنۇپ كەتتى، ناگاھان ئۇ مۆمىنلەرگە ئوھۇد كۈنى يەتكەن مۇسىبەت ئىكەن، ئاندىن يەنە بىر قېتىم چاپتىم، شىلتىدىم، قىلىچ بۇرۇنقىدىن ياخشىراق ھالەتكە قايتتى، مانا بۇ، ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان غەلىبە، مەككىنى ئىشغال قىلىش، مۆمىنلەرنىڭ توپلىشىپ، يىغىلىشى ئىكەن، مەن بۇ چۈشۈمدە كالىنى كۆردۈم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشىلىقتۇر، ناگاھان ئۇ ئوھۇد كۈنىدىكى مۆمىنلەردىن بىر نەچچە نەپەر كىشىلەر ئىكەن، ناگاھان ياخشىلىق بولسا، ئاللاھتائالا بىزگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ياخشىلىقلار ئىكەن، بەدرى كۈنىدىن كېيىنكى

ئاللاھ بىرزگە ئاتا قىلغان راستچىل ساۋاب ئىكەن، ئەجرىنى بىز ئىكەن، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3473 رأيت قوما ممن يركب ظهر هذا البحر كالملوك على الأسرة ( د ) عن أم حرام**

3473. ئۇممە ھارام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدە مۇشۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدە خۇددى پادىشاھلار تەختىدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، كەڭ ـ تاشا سەپەر قىلىدىغان جىھاد قىلىدىغان قەۋملەرنى كۆردۈم، (كېيىن بۇ ئايال شۇ قوشۇن ئىچىدە شېھىد قىلىندۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3474 ( صحيح ) رأيت كأن امرأة سوداء ثائرة الرأس خرجت من المدينة حتى نزلت مهيعة فأولتها أن وباء المدينة نقل إليها ( خ ت ه ) عن ابن عمر**

3474. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن چۈشۈمدە خۇددى چاچلىرى چۇۋۇق، قارا تەنلىك بىر ئايالنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ، مۇھەيئەتكە چۈشكىنىنى كۆردۈم، ئاندىن مەن بۇ چۈشۈمگە ھەقىقەتەن مەدىنىنىڭ ۋاباسى شۇ جايغا يۆتكىلىپتۇ دەپ تەبىر بەردىم، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3475 رأيت كأني الليلة في دار عقبة بن رافع و أتيت بتمر من تمر ابن طاب فأولت أن لنا الرفعة في الدنيا و العاقبة في الآخرة و أن ديننا قد طاب ( حم م د ن ) عن أنس**

3475. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن چۈشۈمدە گوياكى مەن بۈگۈن كېچە ئۇقبە ئىبنى راپىئنىڭ ھويلىسىدا تۇرىمەن، ماڭا ئىبنى تابەنىڭ خورمىلىرىدىن خورما كەلتۈرۈلدى، بۇ چۈشۈمگە مۇنداق تەبىر بەردىم، ھەقىقەتەن بىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، يۈكسەكلىك بولىدىكەن، ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەت بىز ئۈچۈن بولىدىكەن، ھەقىقەتەن دىنىمىز پاك ـ پاكىز بولۇپتۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، يۈكسەكلىك راپىئدىن ئاقىۋەت ئۇقبەدىن پاكلىق تابەتدىن ئېلىنغان.

**3476 ( صحيح ) رأيت كأني في درع حصينة و رأيت بقرا تنحر فأولت أن الدرع الحصينة المدينة و أن البقر نفر و الله خير ( حم ن الضياء ) عن جابر**

3476. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن چۈشۈمدە گوياكى مەن پۇختا قورغان ئىچىدە تۇرىمەن، ۋە بىر كالىنىڭ بوغۇزلانغانلىقىنى كۆردۈم، ھەقىقەتەن پۇختا قورغان، مەدىنە، كالا بولسا، بىر نەچچە نەپەر مۆمىن دەپ چۈشەندىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ياخشىلىقتۇر، ئەھمەد، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3477 رأيت ليلة أسري بي موسى رجلا آدم طوالا جعدا كأنه من رجال شنوءة و رأيت عيسى رجلا مربوع الخلق إلى الحمرة و البياض سبط الرأس و رأيت مالكا خازن النار و الدجال ( حم ق ) عن ابن عباس**

3477. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىنى سەيىر قىلدۇرۇلغان كېچىسى مۇسانى كۆردۈم، ئۇ ئېگىز ، ئۇسقانلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدىر چاچ ئىكەن، خۇددى شەنۇئەت كىشىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئەيسانى كۆردۈم، ئوتتۇرىھال نورمال رەڭگى قىزىل بىلەن ئاقلىققا مايىل، چېچى مۇرىسىگە چۈشكەن، گۈزەل كىشى ئىكەن، مەن بۇ كېچە دوزاخ باشقۇرغۇچى مالىكنى ۋە دەججالنى كۆردۈم، ئەھمەد بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3478 رأيتني دخلت الجنة فإذا أنا بالرميصاء امرأة أبي طلحة و سمعت خشفا من أمامي فقلت: من هذا يا جبريل ؟ قال: هذا بلال و رأيت قصرا أبيض بفنائه جارية فقلت: لمن هذا القصر ؟ قالوا: لعمر بن الخطاب فأردت أن أدخله فأنظر إليه فذكرت غيرتك ( حم ق ) عن جابر**

3478. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چۈشۈمدەئۆزۈمنى جەننەتكە كىرىپ كۆرۈپتىمەن، ناگاھان مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى

رومەيسانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئاندىن كېيىن مەن ئالدىم تەرەپتە بىر كىشىنىڭ ماڭغان ھەرىكەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئى جىبرىئىل بۇ كىم؟ دېسەم، ئۇ، ماڭا بۇكىشى بىلال دېدى، مەن شۇ جايدا ئاق قەسىرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قىزچاق تۇرىدۇ، بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ دېسەم، ئۇلار ئۇمەرئىبنى خەتتاپنىڭ دېدى، ئىچىگە كىرىپ قاراپ بېقىشنى ئىرادە قىلدىم يۇ، كېيىن سىنىڭ كۈندەشلىكىڭنى ئەسلەپ كىرمىدىم، (ئى ئۇمەر! ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلىدىنمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ يا رەسۇلۇللاھ دەپ يىغلاپ كەتتى) ئەھمەد، بەيھەقى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

3479 رباط شهر خير من صيام دهر و من مات مرابطا في سبيل الله أمن من الفزع الأكبر و غدي عليه برزقه و ريح من الجنة و يجرى عليه أجر المرابط حتى يبعثه الله ( طب ) عن أبي الدرداء

3479. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر ئاي جىھادنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقاندىن ياخشىدۇر، كىم، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات توقۇپ، تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، چوڭ قورقۇنجىدىن قاتتىق چۆچۈشىدىن ئەمىن بولىدۇ، ئۇنىڭ رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ـ ئاخشام يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنى تىرىلدۈرۈپ قوپارغانغا قەدەر ئۇ كىشىگە مۇجاھىدىنىڭ جىھادقا تەييارلىق قىلغۇچىنىڭ ئەجرى، مۇكاپاتى يېتىپ تۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3480 ( صحيح ) رباط يوم خير من صيام شهر و قيامه ( حم ) عن ابن عمرو

3480. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3481 ( صحيح ) رباط يوم في سبيل الله أفضل من صيام شهر و قيامه و من مات فيه وقي فتنة القبر و نما له عمله إلى يوم القيامة ( ت ) عن سلمان

3481. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن جىھادقا تەييارلىق قىلىش، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندىن ئەۋزەلدۇر، كىم جىھاد تەييارلىقى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتسە، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ ئەمەللىرى مۇكاپاتى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3482 رباط يوم في سبيل الله خير من الدنيا و ما عليها و موضع سوط أحدكم من الجنة خير من الدنيا و ما عليها و الروحة يروحها العبد في سبيل الله أو الغدوة خير من الدنيا و ما عليها ( حم خ ت ) عن سهل بن سعد

3482. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كۈن جەڭ تەييارلىقى پۈتۈن دۇنيادىن بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، (چۈنكى، ئۇ جەننەتكە كىرگەنلىك بولىدۇ) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن بەندىنىڭ ئەتىگەن ئاخشام بېرىپ ـ كېلىشى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3483 ( صحيح ) رباط يوم و ليلة خير من صيام شهر و قيامه و إن مات مرابطا جرى عليه عمله الذي كان يعمله و أجري عليه رزقه و أمن من الفتان ( م ) عن سلما

3483. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش تەييارلىق قىلىش، بىر ئاي روزا تۇتقاندىن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندىن ياخشىراقتۇر، ئەگەر مۇجاھىد تەييارلىق قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇخلىماقچى بولغان

ئەمەللىرى ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن رىزىق يېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ قەبرىدىكى سوراق ـ سۇئالدىن ئازابدىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3484 ( صحيح ) رب أشعث مدفوع بالأبواب لو أقسم على الله لأبره ( حم م ) عن أبي هريرة**

3484. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەمدىن ـ كەم بىر تۇركۇم كىشىلەر باركى، چاچلىرى چۇۋۇق ئىشىكلەردىن قوغلىنىدۇر، ئىتتىرىلىدۇ، ئەگەر بۇ كىشى ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، سورىغىنىنى بېرىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغام، سەھىھ، ئەنە شۇنداق ئەۋلىيالار بۇ رەزىل دۇنيادا قارشى ئېلىنمايدۇ، رەت قىلىنىدۇ.

**3485 ..رب أعني و لا تعن علي و انصرني و لا تنصر علي و امكر لي و لا تمكر علي و اهدني و يسر هداي إلي و انصرني على من بغى علي ; اللهم اجعلني لك شاكرا لك ذاكرا لك راهبا لك مطواعا إليك مخبتا إليك أواها منيبا ; رب تقبل توبتي و اغسل حوبتي و أجب دعوتي و ثبت حجتي و اهد قلبي و سدد لساني و اسلل سخيمة قلبي ( حم 4 ك ) عن ابن عباس**

3485. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى رەببىم! ماڭا ياردەم بەرگىن ماڭا قارشى ياردەم بەرمىگىن، ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ماڭا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلمىغىن، مەن ئۇچۇن چارە ـ ئامال كۆرسەتكىن، زىيىنىمغا كۆرسەتمىگىن، مىنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا ھىدايەت توغرا يولنى ئاسان قىلغىن، ماڭا تاجاۋۇز قىلغان زۇلۇم قىلغان كىشىگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! مېنى سىلىگە شۈكۈر قىلغۇچى سىلىنى ئەسلەپ ،زىكرى ئېيتقۇچى، سىلىدىن قورققۇچى سىلىگە ئىتائەت قىلغۇچى، سىلىگە بويسۇنۇپ، ئاھ ئۇرۇپ، تەۋبە قىلىپ قايتقۇچى قىلسىلا، ئى رەببىم تەۋبەمنى قوبۇل قىلسىلا، گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ تازىلىسىلا، دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلسىلا، ھۆججىتىمنى مۇقىم قىلىپ بەرسىلە، قەلبىمنى توغرا، ھەق يولغا ھىدايەت قىلسىلا، تىلىمنى توغرىلاپ رۇسلىسىلا، ھەق سۆز قىلىدىغان قىلسىلا، قەلبىمنىڭ ھىقدە ھەسەدلىرىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىۋەتسىلە، (ئامىن) ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3486 ( صحيح ) رب اغفر لي و تب علي إنك أنت التواب الغفور ( ه ) عن ابن عم**

3486. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى رەببىم، مەن ئۇچۇن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، تەۋبەمنى قوبۇل قىلسىلا، ھەقىقەتەن سىلى بەكمۇ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، ئىبنى ماجە تولىغان، سەھىھ.

**3487 ( صحيح ) رب ذي طمرين لا يؤبه له لو أقسم على الله لأبره ( البزار ) عن ابن مسعود**

3487. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەمدىن ـ كەم ئاز ئۇچرايدىغان چاچلىرى چۇۋۇق، كونا جونداق كىيىملىك ھاقارەتلىنىپ، قارشى ئېلىنمايدىغان قېقىلىپ سوقۇلۇپ يۈرىدىغان كىشى باركى، ئەگەر ئۇ ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ سورىغىنىنى بېرىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، بەزار توپلىغان، ئالىملار بۇ ھەدىسنى زاھىد، ئەۋلىيالارغا دەلىللەيدۇ، سەھىھ.

**3488 رب صائم ليس له من صيامه إلا الجوع و رب قائم ليس له من قيامه إلا السهر ( ه ) عن أبي هريرة**

3488. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئۇچۇن روزىدىن پەقەت ئاچ، ئۇسسۇز قالغاندىن باشقا نىسىۋە، ئەجىر يوق، ئۇلار ئاچ قالغىنى قالغان، نۇرغۇن قىيامدا تۇرۇپ،ناماز ئوقۇغۇچىلار باركى، ئۇلارنىڭ كېچىلىك قىياملىرىدىن پەقەت، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقدىن باشقا نەرسە يوق، «يەنى نىيەت، ئىخلاسى يوق، تائام ھارام بولسا، ئەمەلنى كۆيدۇرسە، رىيا قىلسا شۇنداق بولىدۇ» ئىبنى ماجە

توپلىغان، سەھىھ.

3489 ( صحيح ) رب عذق مذلل لابن الدحداحة في الجنة ( ابن سعد ) عن ابن مسعود

3489. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبنى دەھداھ ئۈچۈن جەننەتتە نۇرغۇن شاخ ـ شۇمبىلىرى ئېگىلىپ تۇرغان خورمىلار بار، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

3490 رب قائم حظه من قيامه السهر و رب صائم حظه من صيامه الجوع و العطش ( طب ) عن ابن عمر ( حم ك هق ) عن أبي هريرة

3490. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن كېچىلىرى قىيامدا تۇرغۇچىلار بار، ئۇنىڭ نېسىۋىسى قىيامدىن پەقەت ئۇيقۇسىزلىقتۇر، نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى روزىدىن پەقەت ئاچ، ئۇسسۇز قېلىشتۇر، (يەنى رىيا قىلىپ، ئەمەللىرىنى كۆرىدۇرۇپ، غەيۋەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىپ، ئازار بېرىپ، نېسىۋىسى تۆگەيدۇ) تەبرانى، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3491 ( صحيح ) رحم الله أخي يوسف لو أنا أتاني الرسول بعد طول الحبس لأسرعت الإجابة حين قال: ( ارجع إلى ربك فاسأله ما بال النسوة ) ( حم في الزهد ابن المنذر ) عن الحسن مرسلا

3491. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا قېرىندىشىم يۇسۇفكە رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر مەن شۇنىڭدەك تۈرمىدە ئۇزۇن سولانغاندىن كېيىن، ئەلچى ماڭا كەلسە، دەرھال چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، لېكىن، ئۇ مۇنداق دېدى، «سەن خوجايىن، پادىشاھىڭغا قايتىپ بېرىپ، سوراپ باققىن، ئاياللارنىڭ ئىشى ھالى قانداق ئىشتۇر» (مەخسەت، ئۇ بەكمۇ سەۋرچان، تەمكىن ئىكەن) ئەھمەد بىلەن ئىبنى مۇنزىر توپلىغان، سەھىھ.

3492 ( حسن ) رحم الله امرءا تكلم فغنم أو سكت فسلم ( هب ) عن أنس والحسن مرسلا

3492. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۆزلىسە، ياخشى سۆزلەپ ئەجىر ئالىدىغان، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ياخشى سۆلەرنى قىلىشقا ئالدىغان ياكى جىم، سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئاپەتتىن سالامەت قالىدىغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

3493 ( حسن ) رحم الله امرءا صلى قبل العصر أربعا ( د ت حب ) عن ابن عم

3493. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

3493 رحم الله رجلا قام من الليل فصلى و أيقظ امرأته فصلت فإن أبت نضح في وجهها الماء و رحم الله امرأة قامت من الليل فصلت و أيقظت زوجها فصلى فإن أبى نضحت في وجهه الماء ( حم د ن حب ك ) عن أبي هريرة

3494. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغان ئايالنى ئويغۇتۇپ قويسا ئاندىن ئايالمۇ ناماز ئوقۇغان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمسا يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئېرىنى ئويغۇتۇپ قويسا، ئېرىمۇ ناماز ئوقۇغان، ئەگەر قوپقىلى ئۇنىمسا، يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئايالغىمۇ ئاللاھ تائالا كۆپتىن كۆپ رەھمەت قىلىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3495 رحم الله عبدا سمحا إذا باع سمحا إذا اشترى سمحا إذا قضى سمحا إذا اقتضى ( خ ه ) عن جابر

3495. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: نەرسە ساتقاندا، نەرسە سېتىۋالغاندا، قەرز ئادا قىلغاندا، قەرزنى يەنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، سۈيلەپ بارغاندا، كەڭ قورساق بولۇپ، كىشىلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرىدىغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3496** رحم الله عبدا قال خيرا فغنم أو سكت عن سوء فسلم ( ابن المبارك ) عن خالد بن أبي عمران مرسلا

3496. خالىد ئىبنى ئەبۇ ئىمران رەھمەھۇللاھدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى سۆزلەپ غەنىيمەت ئالغان ، ياخشى سۆز قىلىپ، ئەجىر ئالغان ياكى يامان سۆز قىلىشدىن سۈكۈتتە تۇرۇپ، سالامەت قالغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ، (يەنى سۆزلىسەڭ، ياخشى سۆز قىل ياكى سۈكەتتە جىم تۇر) ئىبنى مۇبارەك توپلىغان، ھەسەن.

**3497** ( حسن ) رحم الله عبدا قال فغنم أو سكت فسلم ( أبو الشيخ ) عن أبي أمامة

3497. بۇ ھەدىسنى ئەبۇشىشەيخ، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، ئۈستىدىكىگە ئوخشاشتۇر، ھەسەن.

**3498** رحم الله فلانا لقد أذكرني كذا و كذا آية كنت أسقطتها من سورة كذا و كذا ( حم ق د ) عن عائش

3498. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا پالانغا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا پالانى ـ پالانى سۈرىدىن مەن چۈشۈرۈپ قويغان، پالانى ـ پوكۇنى ئايەتنى ئەسلىتىپ قويدى، ئىسمىگە سالدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3499** رحم الله لوطا كان يأوي إلى ركن شديد و ما بعث الله بعده نبيا إلا و هو في ثروة من قومه ( ك ) عن أبي هريرة

3499. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ كۈچلۈك قوشۇنغا كۈچلۈك ياردەمچىگە ئېرىشكەن ئىدى، (لېكىن، ئۇ بۇنى سەزمەي كاشكى مېنىڭ كۈچلۈك جەمەتىم بولغان بولسا ھە! دەپ سالغان) ئاللاھ تائالا لۇتدىن كېيىن پەقەت ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئېسىل نەسەبلىك يۈز ـ ئابرۇيلۇق، باي كىشىلىردىنلا پەيغەمبەر ئەۋەتتى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3500** ( صحيح ) رحم الله موسى قد أوذي بأكثر من هذا فصبر ( حم ق ) عن ابن مسعود

3500. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەزىيەتكە ئۇچراپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچراپ، سەۋرە قىلغان ئىدى، ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3501** رحمة الله علينا و على موسى لو صبر لرأى من صاحبه العجب ( د ن ك ) عن أبي زاد الباوردي: العجاب

3501. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇسا بىلەن خىزىرنىڭ قىسسىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىزگە ۋە مۇساغا بولسۇنكى، ئەگەر مۇسا يەنىمۇ سەۋرى قىلغان بولسا ، ھەمراھى خىزىردىن نۇرغۇن، ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى كۆرگەن بولاتتى، (بىزگىمۇ بۇ سۆزلەپ بېرىلەتتى). باۋرى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3502** ( صحيح ) ردوا السائل و لو بظلف محرق ( حم تخ ن ) عن حواء بنت السكن

3502. ھاۋائ بىنتى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سائىلنى قوينىڭ ئۆكلەنگەن پاقالچىقىنى بىرىپمۇ بولسا قايتۇرۇڭلار، (قۇرۇق قول قايتۇرماڭلار) ئەھمەد ، نەسەئى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3503** ( صحيح ) ردوا القتلى إلى مضاجعها ( ت حب ) عن جاب

3503. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلارنى كىشىلەر

يۈتكىمەكچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيتلەرنى، شېھىدلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇڭلار، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3504 ( صحيح ) رسول الرجل إلى الرجل إذنه ( د ) عن أبي هرير

3504. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە چاقىرىپ، ئەلچى ئەۋەتىشى، ئۆيگە كىرىسەڭ بولىدۇ دېگەن ئىزنى، رۇخسىتىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

3505 ( صحيح ) رصوا صفوفكم و قاربوا بينها و حاذوا بالأعناق فوالذي نفسي بيده إني لأرى الشياطين تدخل من خلل الصفوف كأنها الحذف ( حم د ن حب ) عن أنس

3505. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپلىرىڭلارنى زىچ قىلىڭلار، ئارىلىقنى يېقىن قىلىپ تۈز تۇرۇڭلار، مۈرە، بويۇنلارنى باراۋەر تەڭشەپ، تۈز تۇرۇڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن شەيتانلارنى سەپلەر ئارىسىغا خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك كىرىۋالغىنىنى كۆرىۋاتىمەن، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3506 رضا الرب في رضا الوالد و سخط الرب في سخط الوالد ( ت ك ) عن ابن عمرو ( البزار ) عن ابن عمر

3506. ئىبنى ئەمرۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىنىڭ رازىلىقى، ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىدا، رەببىنىڭ كايىشى، غەزىپى ئاتا ـ ئانىنىڭ كايىشى، غەزەپ قىلىشىدا بولىدۇ، (ئاتا ئانا رازى رەب رازى) تىرمىزى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3507 رضا الرب في رضا الوالدين و سخطه في سخطهما ( طب ) عن ابن عمرو

3507. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەبتائالانىڭ رازىلىقى، ئاتا ـ ئانىنىڭ رازى بولۇشىدا . غەزىپى، كايىشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ نارازى بولۇپ، كايىشىدا بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، «لېكىن، ئاتا ـ ئانىلارمۇ شەرىتكە، تەلەپكە لايىق بولۇشى لازىم، ئۇلارمۇ ئاخىرەتكە تۇرۇشى، بۇ دۇنياغا ئەمەس، ئۇ دۇنياغا رازى بولۇشى لازىم، ھەق يولىدا باللىرىنى، ماللىرىنى، جانلىرىنى ئاتىشى لازىم، بىزگە زادى قانداق ئاتا ئانا كېرەك؟ ساھابىلاردەك، تابىئىنلاردەك ئاتا ـ ئانا كېرەك»

3508 ( صحيح ) رضاها صمتها – يعني البكر – ( ق ) عن عائشة

3508. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىز بالىنىڭ توي قىلىشقا بولغان رازى بولۇشى، (تارتىنغانلىقتىن) جىم، سۈكۈتتە تۇرۇشىدۇر، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ، ئەگەر ئۇ رەت قىلىپ، ئۈنىمىسا، مەجبۇر نىكاھ ئوقۇلمايدۇ، بۇنداق نىكاھ رەت قىلىنىدۇ.

3509 ( صحيح ) رضيت لأمتي ما رضي لها ابن أم عبد ( ك ) عن ابن مسعود

3509. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۈممە ئابدۇ ئۈممىتىم ئۈچۈن رازى بولغان نەرسىگە مەنمۇ رازى بولدۇم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، يەنى بۇ كىشى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد شۇ بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىلمىغا، ھۆكۈمىگە، ھىدايىتىگە رازى بولغان، قۇرئاننى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىڭلار دېگەن، سۆز قىلسا، تەستىقلاپ ئىشىنىڭلار دېگەن.

3510 رغم أنف رجل ذكرت عنده فلم يصل علي و رغم أنف رجل دخل عليه رمضان ثم انسلخ قبل أن يغفر له و رغم أنف رجل أدرك عنده أبواه الكبر فلم يدخلاه الجنة ( ت ك ) عن أبي هريرة

3510. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئالدىدا، ھوزۇرىدا، تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇئايى ـ دۇرۇت، سالام يوللىمىغان كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم تېقىلسۇن، رامىزان ئېيى كىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمىگەن، ئۆزى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنماي، بۇ ئاي چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ بۇرنىغىمۇ قۇم تېقىلسۇن، ئۆز نەزىرىدە ئاتا ـ ئانىسى قېرىپ قالغان، ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى جەننەتكە ئەكىرەلمىگەن كىشىنىڭ يەنى قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمىغان، شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم، تۇپراق تېقىلسۇن، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئىشلار شاپائەتكە رەھمەت، مەغپىرەتكە، جەننەتكە يەتكۈزگەچكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار!

**3511** ( صحيح ) رغم أنفه ثم رغم أنفه ثم رغم أنفه: من أدرك أبويه عنده الكبر أحدهما أو كلاهما ثم لم يدخل الجنة ( حم م ) عن أبي هريرة

3511. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرنىغا قۇم تېقىلسۇن، بۇرنىغا قۇم تېقىلسۇن، بۇرنىغا قۇم ـ تۇپراق تېقىلسۇن، بۇ شۇنداق بىر كىشىكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاتا ـ ئانىسى ھەر ئىككىلىسى ياكى بىرسى قېرىپ قالىدۇ، ئاندىن بۇ كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلماي، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، شۇنداق كىشىنىڭ بۇرنىغا قۇم تېقىلسۇن، (ئەگەر ياخشىلىق قىلغان بولسا، جەننەتكە كىرەتتى) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3512** ( صحيح ) رفع القلم عن ثلاثة: عن المجنون المغلوب على عقله حتى يبرأ و عن النائم حتى يستيقظ و عن الصبي حتى يحتلم ( حم د ك ) عن علي وعمر

3512. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتالىقنى يازىدىغان قەلەم ئۈچ كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەقلىغا مەغلۇبىيەت يەتكەن، ئەقلىدىن ئاداشقان مەجنۇن، ساراڭ ساقايغانغا قەدەر قەلەم كۆتۈرۈلدى، ئۇخلاپ قالغۇچى، ئويغانغانغا قەدەر، سەبىي، كىچىك بالا ئىھتىلام بولۇپ، بالىغ بولغانغا قەدەر قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ ئۈچ كىشى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا بەكمۇ مۇناسىۋەتلىك، بۇلار جىنايەتسىز.

رفع القلم عن ثلاثة: عن النائم حتى يستيقظ و عن المبتلى حتى يبرأ و عن الصبي حتى يكبر ( ت ه ك ) عن علي

3513. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاپ قالغۇچى، ئويغانغانغا قەدەر، مەجنۇن، ساراڭ، ساقايغانغا قەدەر، كىچىك، سەبى بالا چوڭ بولغانغا قەدەر بۇ ئۈچ كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، (بۇلارغا گۇناھ، جىنايەت ياكى قىلالمىغان ئىشلار گۇناھ يېزىلمايدۇ) تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3514** رفع القلم عن ثلاث: عن النائم حتى يستيقظ و عن الصبي حتى يشب و عن المعتوه حتى يعقل( ت ه ك ) عن علي

3514. بۇ ھەدىسنىمۇ تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجەلەر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بالا چوڭ بولۇپ، ياش باللار قاتارىدا بولغانغا، ساراڭ، مەجنۇن ئەقىل قىلالىغانغا قەدەر دېيىلگەن، سەھىھ.

**3515** ( صحيح ) بلفظ: وضع ( طب ) عن ثوبان :رفع عن أمتي الخطأ و النسيان و ما استكرهوا عليه

3515. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن خاتالىق، ئۇنتۇپ قېلىش، مەجبۇرلانغان ئىش كۆتۈرۈۋېتىلدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن خاتالاشقان مۇجتەھىدگە بىر ئەجىر بېرىلىۋېرىدۇ، خاتالىقى ئەپۇدۇر، ئۇنتۇپ قېلىپ، نەرسە يەپ ـ ئىچىپ سالسا، روزا سۇنمايدۇ، مەجبۇرلانغاندا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن رۇخسەت، ھۆكۈم چىقىرىلدى، بۇ ھەدىس چوڭ قائىدىدۇر.

3516 رفعت إلى سدرة المنتهى منتهاها في السماء السابعة نبقها مثل قلال هجر و ورقها مثل آذان الفيلة فإذا أربعة أنهار نهران ظاهران و نهران باطنان فأما الظاهران: فالنيل و الفرات و أما الباطنان: فنهران في الجنة و أتيت بثلاثة أقداح قدح فيه لبن و قدح فيه عسل و قدح فيه خمر فأخذت الذي فيه اللبن فشربت فقيل لي: أجبت الفطرة أنت و أمتك ( خ ) عن أنس

3516. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن سىدرەتۇلمۇنتاھاغا كۆتۈرۈلدۈم، ئۇنىڭ ئىنتىھاسى يەتتىنچى ئاسماندا ئىكەن، مېۋىلىرى بولسا، ھەجەر دېگەن جاينىڭ تاۋاقلىرىدەك ئىكەن، قۇلىقى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن، ناگاھان تۆت ئۆستەڭنى كۆردۈم، ئىككىسى زاھىرى ئاشكارا، ئىككىسى يوشۇرۇن، ئاشكارائىككىسى بولسا، نىل دەرياسى بىلەن فرات دەرياسى ئىكەن، يوشۇرۇن، باتىنى بولسا، جەننەتتىكى ئىككى ئۆستەڭ ئىكەن، ماڭا ئۈچ قەدەھ كەلتۈرۈلدى، بىرىدە سۈت، بىرىدە ھەسەل، يەنە بىرىدە بولسا ھاراق، مەي بار ئىدى، مەن سۈتنى ئېلىپ ئىچتىم، ماڭا سەن ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭ ئىسلام دىنىنى تاللىدىڭلار دېيىلدى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

3517 ( صحيح ) ركعتا الفجر خير من الدنيا و ما فيها( ت ن ) عن عائشة

3517. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزى دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3518 ركعتان خفيفتان بما تحقرون و تنفلون يزيدهما هذا في عمله أحب إليه من بقية دنياكم ( ابن المبارك ) عن هريرة

3518. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر كىچىك سانايدىغان، نەپلە زىيادە سانايدىغان، كىشىنىڭ ئۆز ئەمىلىنى زىيادە قىلىدىغان، يەڭگىل ئوقۇغان ئىككى رەكەت نامىزى ئۇ كىشىگە دۇنيارىڭلارنىڭ قېلىپ قېلىشىدىنمۇ پۈتۈن دۇنيادىنمۇ ياخشىراقتۇر. (يەنى قوبۇل بولغان ئىككى رەكەت نەپلە ناماز دۇنيادىن ياخشى) ئىبنى مۇبارەك توپلىغان، سەھىھ.

3519 ( صحيح ) رمضان شهر مبارك تفتح فيه أبواب الجنة و تغلق فيه أبواب السعير و تصفد فيه الشياطين و ينادي مناد كل ليلة: يا باغي الخير هلم و يا باغي الشر أقصر ( حم هب ) عن رجل

3519. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇبارەك ئاي رامىزاندا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا كويزا، كىشەن، تاقاق سېلىنىدۇ، ھەر كېچىسى بىر نىدا قىلغۇچى، ئى ياخشىلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بۇياققا كەل، ئالدىڭنى قىل! ئى يامانلىقنى تەلەپ قىلغۇچى، بولدى قىل، توختاپ قال دەپ توۋلاپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، شەيتانلارغا تاقاق سېلىنسىمۇ يەنىلا كىشىلەر كۆنۈپ كەتكەن خۇي ـ پەيلىدىن، ئادىتىدىن نەپسى شەھۋەتلىرىدىن گۇناھنى قىلىۋېرىدۇ.

3520 ( صحيح ) رميا بني إسماعيل فإن أباكم كان راميا ( حم ه ك ) عن ابن عباس

3520. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئوقيا ئېتىپ مەشىق قىلىۋاتقانلارغا ئى ئىسمائىلنىڭ باللىرى، ئېتىڭلار ھەقىقەتەن بوۋاڭلار ئىسمائىلمۇ ئوقياچى ئىدى، ئوقيانى قارىغا ئېلىپ ئاتاتتى دېگەن . ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، قارىغا ئېتىشنى بىلىش، قارىغا ئېتىش مەيدانى بولۇش، قارىغا ئاتىدىغان مۇجاھىد، جەڭچى بولۇش لازىم.

3521 ( صحيح ) رواح الجمعة واجب على كل محتلم ( ن ) عن حفصة

3521. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جۈمەگە ئەتىگەندە بۇرۇن بېرىش، ھەربىر ئېھتىلام بولغان بالىغ كىشىگە ۋاجىپتۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3522 الراحمون يرحمهم الرحمن تبارك و تعالى: ارحموا من في الأرض يرحمكم من في السماء ( حم د ت ك ) عن ابن عمرو زاد ( حم ت ك ) : والرحم شجنة من الرحمن فمن وصلها وصلهالله ومن قطعها قطعه الله**

3522. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھمان تابارەك ۋەتەئەلا رەھىم قىلىدۇ، سىلەر زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ، سىلە ـ رەھىم بولسا، رەھمان دېگەن ئىسىم ـ سۈپەتتىن شاخلاپ چىققان، رەھمانغا بەكمۇ يېقىندۇركى ئۇنى ئۇلاپ، سىلە ـ رەھىم قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، رەھمىتىنى ئۇلايدۇ، يەتكۈزىدۇ، كىم ئۇنى ئۈزۈۋەتسە، ئاللاھمۇ ئۈزۈۋېتىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**3523 الراكب خلف الجنازة و الماشي حيث شاء منها و الطفل يصلى عليه ( حم ن ه ) عن المغيرة بن شعبة**

3523. مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتلىق كىشى جىنازىنىڭ ئارقىسىدا ماڭىدۇ، پىيادە ماڭغانلار خالىغان جايدا ماڭسا بولىدۇ، كىچىك بالىغىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3524 الراكب شيطان و الراكبان شيطانان و الثلاثة ركب ( حم د ت ك ) عن ابن عمرو**

3524. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يالغۇز ھالدا ئاتلىق سەپەر قىلغۇچى شەيتاندۇر، ئىككى كىشى سەپەر قىلسىمۇ ئۇلارمۇ شەيتاندۇر، ئۈچ كىشى بىرلىشىپ ياكى كۆپ كىشى ماڭسا، مانا بۇلار ھەقىقى كارۋان ھېسابلىنىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، مەقسەت ، يالغۇز ماڭماي توپلىشىپ مېڭىڭلار، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ بىخەتەرلىك ئۈچۈن.

**3525 الراكب يسير خلف الجنازة و الماشي يمشي خلفها و أمامها و عن يمينها و عن يسارها قريبا منها و السقط يصلى عليه و يدعى لوالديه بالمغفرة و الرحمة ( حم د ت ك ) عن المغير**

3525. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاتلىق كىشى جىنازىنىڭ ئارقىسىدا ماڭىدۇ، پىيادە ماڭغانلار جىنازىنىڭ ئالدى ـ ئارقا، ئوڭ ـ سول تۆت تەرىپىدە ماڭسا بولىۋېرىدۇ، يېقىن ماڭىدۇ، چۈشۈپ كەتكەن كىچىك تۆرەلمە بالىغىمۇ جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن مەغپىرەت، رەھمەت سوراپ دۇئا قىلىنىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3526 الرؤيا الحسنة من الرجل الصالح جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة ( حم خ ن ه ) عن أنس**

3526. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سالىھ، ياخشى كىشىنىڭ ياخشى چۈشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ 1/46دۇر، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3527 ( صحيح ) الرؤيا الحسنة هي البشرى يراها المؤمن أو ترى له ( ابن جرير ) عن أبي هرير**

3527. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشى، راست چۈش، مۆمىن كۆرۈدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان خۇش بېشارەتتۇر ، (يەنى سۈرە يۇنۇستىكى بېشارەتتۇر ) ئىبنى جەرىر توپلىغان، سەھىھ.

**3528 الرؤيا الصالحة جزء من خمسة و عشرين جزءا من النبوة ( ابن النجار ) عن ابن عم**

3528. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سالىھ، ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 25 پارىسىدىن بىر پارىسىدۇر ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

3529 الرؤيا الصالحة جزء من سبعين جزءا من النبوة ( حم ه ) عن ابن عمر ( حم ) عن ابن عباس

3529. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 70دەن بىر پارىسىدۇر ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3530 ( صحيح ) الرؤيا الصالحة جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة ( خ ) عن أبي سعيد ( م ) عن ابن عمرو وأبي هريرة ( حم ه ) عن أبي رزين ( طب ) عن ابن مسعود

3530. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ رەزىيىن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشى چۈش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارىدىن بىر پارىسىدۇر ، بۇ ھەدىسنى بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، بۇ بەك سەھىھ، مۇسۇلمانلار، مۆمىنلەر، مۇتتەقىيلەر بىر ـ بىرىگەدەرىجىدە ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ 25 دىن 70گىچە دېيىلگەن.

3531 ( صحيح ) الرؤيا الصالحة من الله و الحلم من الشيطان فإذا رأى أحدكم شيئا يكرهه فلينفث حين يستيقظ عن يساره ثلاثا و ليتعوذ بالله من شرها فإنها لا تضره ( ق د ت ) عن أبي قتادة

3531. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئېھتىلام بولۇش يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش، شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە، ئويغانغان چاغدا سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ كۆرگەن چۈشىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنداق قىلسا ئۇ چۈش زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3532 الرؤيا الصالحة من الله و الرؤيا السوء من الشيطان فمن رأى رؤيا فكره منها شيئا فلينفث عن يساره و ليتعوذ بالله من الشيطان فإنها لا تضره و لا يخبر بها أحدا فإن رأى رؤيا حسنة فليبشر و لا يخبر بها إلا من يحب ( م ) عن أبي قتادة

3532. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ياخشى چۈش ئاللاھ تەرەپتىن يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، كىم ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ،چۈش ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يامان چۈشنى ھېچ كىشىگە خەۋەر قىلمىسۇن، ئەگەر ياخشى چۈش كۆرسە، خۇش بىشارەت ئالسۇن، ئۇنى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا سۆزلەپ بەرسۇن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3533 الرؤيا ثلاثة فبشرى من الله و حديث النفس و تخويف من الشيطان فإذا رأى أحدكم رؤيا تعجبه فليقصها إن شاء على أحد و إن رأى شيئا يكرهه فلا يقصه على أحد و ليقم يصلي و أكره الغل و أحب القيد القيد ثبات في الدين ( ت ه ) عن أبي هريرة

3533. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى ئاللاھ تەرەپتىن خۇش بىشارەتتۇر ، يەنە بىرى نەپسى پەيدا قىلغان دىلدىكى، كۆڭۈلدىكى كەسپى ئىشتۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، شەيتاننىڭ قورقىتىشىدۇر، بىرىڭلار ئۆزىنى خۇرسەن قىلىدىغان چۈشنى كۆرسە، خالىسا بىرەر كىشىگە، دوستىغا سۆزلەپ بەرسۇن، ئەگەر ئۇ ياقتۇرمايدىغان يامان چۈش كۆرسە، ھېچ كىشىگە سۆزلەپ بەرمەي، دەس تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسۇن، مەن چۈشتىكى بويۇنغا سېلىنىدىغان تاقاقنى ياخشى كۆرمەيمەن، كويزا ـ كىشەننى ياخشى كۆرىمەن ، چۈنكى، بۇنىڭ تەبىرى، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3534 الرؤيا ثلاثة: منها تهاويل من الشيطان ليحزن ابن آدم و منها ما يهم به الرجل في يقظته فيراه في منامه و منها جزء من ستة و أربعين جزءا من النبوة ( ه ) عن عوف بن مالك

3534. ئەۋنى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : چۈش ئۈچ خىل بولىدۇ، بىرى ئادەمنى بالىلىرىنى غەم قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەيتاننىڭ ۋەھىمىسى قورقىتىشىدۇر، يەنە بىر خىلى بولسا، كىشىنىڭ ئويغاق چاغدىكى غەم قىلغان، كۆڭۈل بۆلگەن ئىشلىرى بولۇپ، بۇنى ئۇ كىشى چۈشىدە كۆرىدۇ ، «كەسپىنى ياكى مەھبۇبىنى كۆرىدۇ » ئۈچىنچىسى بولسا، پەيغەمبەرلىكنىڭ 46دىن بىر  بولغان، ياخشى چۈشتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3535 الرؤيا على رجل طائر ما لم تعبر فإذا عبرت وقعت و لا تقصها إلا على واد أو ذي رأى ( د ه ) عن أبي رزين**

3535. ئەبۇ رەزىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈش تەبىر بېرىلمىسىلا كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، تەبىر بېرىلگەن ھامان يۈز بېرىدۇ، چۈشنى پەقەت يېقىن دوستقا ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ياكى رەئىي، كۆز قارىشى ئىگىسى بولغان، دانا ئالىملارغا سۆزلەپ بېرىڭلار، باشقىلارغا قالايمىقان سۆزلەپ بەرمەڭلار، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3536 الرؤيا من الله و الحلم من الشيطان فإذا رأى أحدكم شيئا يكرهه فليبصق عن يساره ثلاثا و ليستعذ بالله من الشيطان الرجيم ثلاثا و ليتحول عن جنبه الذي كان عليه ( ه ) عن أبي قتاد**

3536. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى چۈش، ئاللاھ تەرەپتىن، ئىھتىلام بولۇش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ، بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاللاھقا سېغىنىپ لەنەت قىلىنغان، قوغلانغان شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن، ياتقان تەرىپىدىن باشقا تەرىپىگە يۆتكىلىپ ياتسۇن، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3537 ( صحيح ) الربا اثنان و سبعون بابا أدناها مثل إتيان الرجل أمه و إن أربى الربا استطالة الرجل في عرض أخيه ( طس ) عن البراء**

3537. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جازانە، ئۆسۈم بولسا، 72 گۇناھتۇر، 72 ئىشىكى باردۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، كىشىنىڭ ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغاندەك،چوڭ گۇناھتۇر، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ، قېرىندىشىنىڭ مال - مۈلكىگە، يۈز - ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىشى، زۇلۇم قىلىشى،ئۇنىڭ يۈزىنى سېتىشى ئەڭ چوڭ جازانە، ئۆسۈم قىلغانلىق بولىدۇ، ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

**3538 ( صحيح ) الربا ثلاثة و سبعون بابا ( ه ) عن ابن مسعود**

3538. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈم 73 ئىشىكتۇر، يەنى 73 تۈرلۈك گۇناھتۇر، يەڭگىلى يۇقىرىدا دېيىلدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3539 الربا ثلاثة وسبعون بابا أيسرها مثل أن ينكح الرجل أمه وإن أربى الربا عرض الرجل المسلم (ك)عن ابن مسعود**

3539. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈم 73 ئىشىكتۇر، 73 خىل گۇناھ قىلغانلىق بولىدۇ، ئەڭ يەڭگىلرەكى، كىشى ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولىدۇ، ھەقىقەتەن مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيي، ئىناۋىتىنى تۆكۈش، يۈزىنى سېتىش، ئەڭ چوڭ جازانە ھېسابلىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3540 ( صحيح ) الربا سبعون بابا و الشرك مثل ذلك ( البزار ) عن ابن مسعود**

3540. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈم 70 تۈرلۈك گۇناھتۇر، شېرىك كەلتۈرۈشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ، جازانە، ئۆسۈم يېگۈچى 70، 73 خىل گۇناھ قىلغان بولىدۇ، ياكى بۇ گۇناھنىڭ

73 خىل ئىشكى، يولى بولىدۇ، خۇددى شېرىكنىڭ تۈرى كۆپ بولغاندەك، جازانە، ئۆسۈمنىڭمۇ تۈرى كۆپتۇر، ھەممىسى گۇناھى كەبىيرىدۇر.

**3541 ( صحيح ) الربا سبعون حوبا أيسرها أن ينكح الرجل أمه ( ه ) عن أبي هريرة**

3541. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈم 70 گۇناھى كەبىيرىدۇر، ئەڭ يەڭگىلرەكى، كىشى ئانىسىنى نىكاھلاپ ئالغاندەك ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ قاتتىق تەھدىتتىن ، جازانە، ئۆسۈم قاتتىق ھارامدۇر، قۇرئاندىمۇ دوزاخ ۋەدە قىلىنغان.

**3542 ( صحيح ) الربا و إن كثر فإن عاقبته تصير إلى قل ( ك ) عن ابن مسعود**

3542. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جازانە، ئۆسۈم گەرچە كۆپەيگەندەك تۇرسىمۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئازلىقا ھەتتا يوقلۇققا ئايلىنىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3543 ( حسن ) الرجل أحق بصدر دابته و أحق بمجلسه إذا رجع ( حم ) عن أبي سعيد**

3543. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشى ئۆز تۆرىگە، ئالدى تەرىپىگە ئۆزى لايىقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**3544 الرجل أحق بمجلسه و إن خرج لحاجته ثم عاد فهو أحق بمجلسه ( ت ) عن وهب بن حذيفة**

3544. ۋەھبى ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆز ئورنىغا ئۆزى لايىقتۇر، ئەگەر ئۇ بىرەر ھاجەت ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كىرسە، ئۆز ئورنىغا ئۆزى لايىق ھەقلىقتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3545 ( حسن ) الرجل على دين خليله فلينظر أحدكم من يخالل ( د ت ) عن أبي هريرة**

3545. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئارىلاشقان دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، بىرىڭلار قانداق كىشى بىلەن ئارىلىشىپ قانداق كىشى بىلەن دوست بولغىنىغا قاراپ باقسۇن، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**3546 ( صحيح ) الرجم كفارة ما صنعت ( ن الضياء ) عن الشريد بن سويد**

3546. شەرىيد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رىجىم، چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈش، قىلىنغان زىنانىڭ گۇناھىغا كاپارەتتۇر، (ئىسلامي جازاغا تارتىلسا، ئاخىرەتتە سۇرۇشتە قىلىنمايدۇ) نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3547 ( صحيح ) الرحم شجنة معلقة بالعرش ( حم طب ) عن ابن عمرو**

3547. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىم ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرۇپ داۋالىشىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3548 الرحم شجنة من الرحمن قال الله: من وصلك وصلته و من قطعك قطعته ( خ ) عن أبي هريرة وعائش**

3548. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىم، رەھمانتائالاغا يېقىن تۇرۇپ داۋالىشىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىنى ئۇلىغان كىشىگە رەھمىتىمنى ئۇلاپ يەتكۈزىمەن، سىنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن، يەنى رەھمىتىمنى ئۈزۈۋېتىمەن، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3549. الرحم معلقة بالعرش تقول: من وصلني وصله الله و من قطعني قطعه الله ( م ) عن عائشة**

3549. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىم ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ، مېنى ئۇلاپ، سىلە ـ رەھىم قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمىتىنى يەتكۈزىدۇ، مېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن ئاللاھ ئۈزۈۋېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

الرحمة عند الله مائة جزء فقسم بين الخلائق جزءا و أخر تسعا و تسعين إلى يوم القيامة ( البزار ) عن ابن عباس

3550. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھمەت، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە 100 پارا بولۇپ، بارلىق خالايىق، مەخلۇقلار ئارىسىغا پەقەت بىر پارىنىلا تەقسىم قىلدى، 99 رەھمەتنى قىيامەت كۈنىگە رەھمەتكە لايىق مۆمىنلەر ئۈچۈن ئېلىپ قويدى، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3551 ( حسن ) الرزق أشد طلبا للعبد من أجله ( القضاعي ) عن أبي الدرداء

3551. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رىزقى بەندىنى ئۇنىڭ ئەجىلىدىنمۇ بەكرەك تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، (رىزقى تۈگەپ،ئاندىن ئەجەل كېلىدۇ) قوزائى توپلىغان، ھەسەن.

3552 ( صحيح ) الرضاع يحرم ما تحرم الولادة ( مالك ق ت ) عن عائشة

3552. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېمىلداشلىق، تۇغۇلۇش يەنى نەسەب ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، (ھەر ئىككىلىسىدە ئوخشاش بىر نەچچە كىشى ھارام) مالىك، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3553 الرعد ملك من ملائكة الله موكل بالسحاب معه مخاريق من ناريسوق بها السحاب حيث شاء الله(ت عن ابن عباس

3553. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەئدە دېگەن: ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن بۇلۇتقا مۇئەككەل بىر پەرىشتىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتىن بولغان قامچىلار بولۇپ، پەرىشتە قامچا بىلەن بۇلۇتنى ئاللاھ خالىغان جايلارغا ھەيدەيدۇ، تىرمىزى توپلىغان، (بۇ سۈرە رەئدنىڭ تەپسىرىدۇر) ھەسەن.

3554 ( صحيح ) الرقبى جائزة ( ن ) عن زيد بن ثابت

3554. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇقبا دۇرۇس يەنى مەن ئۆلسەم، بارلىق مال ـ مۈلكۈم ساڭا قالسۇن دېيىش، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3555 ( صحيح ) الرقوب التي لا يموت لها ولد ( ابن أبي الدنيا ) عن بريد

3555. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەقوب دېگەن كىشى بالىسى ئۆلۈپ كەتمىگەن ئايال كىشىدۇر، (بىرمۇ بالىسى ئۆلمىگەنچىكە شۇنداق ئاتالغان) ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

3556 ( صحيح ) الرقوب الذي لا فرط له ( تخ ) عن أبي هريرة

3556. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەقوب دېگەن ئۆزىدىن بۇرۇن بىرمۇ بالىسى ئۆلمىگەن، قىيامەتتە ئالدىن تەييارلانغان ئەجرى بولمىغان كىشىدۇر، (بىرمۇ بالىسى ئۆلمىگەچ رەقوب دېيىلگەن) بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

3557 الرقوب كل الرقوب الذي له ولد فمات و لم يقدم منهم شيئا ( حم ) عن رجل

3557. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەقوب دېيىلىدىغان كىشى بالىلىرى بولسىمۇ، بىرمۇ بالىسى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمىگەن كىشىدۇر، ئۇ ئۆلدى ـ دە، بالىلىرى ۋارىس بولدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3558** الركب الذي معهم الجلجل لا تصحبهم الملائكة ( الحاكم في الكنى ) عن ابن عم

3558. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كولدۇرما بار كارۋانغا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولمايدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3558** الركب الذي معهم الجلجل لا تصحبهم الملائكة ( الحاكم في الكنى ) عن ابن ع

3559. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رۇكنى يەنى كەئبىدىكى ئۇل تاش بىلەن مەقام ئىبراھىم جەننەتتىكى ياقۇتلاردىن ئىككى ياقۇتتۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3560** ( صحيح ) الروحة و الغدوة في سبيل الله أفضل من الدنيا و ما فيها( ق ن ) عن سهل بن سعد

3560. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ يولىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام مېڭىش، (يەنى جىھاد ئۈچۈن بېرىپ ـ كېلىش) پۈتۈن دۇنيادىن دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3561** ( صحيح ) الرهن مركوب و محلوب ( ك هب ) عن أبي هريرة

3561. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ھايۋان مىنىلىدۇ، سېغىپ ئىچىلىدۇ، (يەنى رەنىگە ئالغۇچى مىنسە، سېغىپ ئىچسە دۇرۇس) ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3562** الرهن يركب بنفقته و يشرب لبن الدر إذا كان مرهونا ( خ ) عن أبي هريرة

3562. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ھايۋان نەپىقىسى، خىراجىتى بېرىلىپ ئاندىن شۇنىڭ بەدىلىگە مىنىلسە بولىدۇ، يېڭىدىن تۇغقان يىلىنىدە سۈت بار ھايۋان رەنىگە قويۇلسا بۇنىڭمۇ نەپىقىسى بېرىلىپ، سېغىپ ئىچىلسە بولىدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3563** ( صحيح ) الريح تبعث عذابا لقوم و رحمة لآخرين ( فر ) عن عم

3563. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شامال بىر قەۋمگە ئازابنى قوزغاپ ئەۋەتسە، يەنە بىر قەۋملەرگە رەھمەتنى ئاپىرىدۇ، (شامال ئازاب ھەم رەھمەتتۇر) دەيلىمى فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ، ئايەتتىمۇ شۇنداق كېلىدۇ.

**3564** ( صحيح ) الريح من روح الله تأتي بالرحمة و تأتي بالعذاب فإذا رأيتموها فلا تسبوها و اسألوا الله خيرها و استعيذوا بالله من شرها ( خد ك ) عن أبي هريرة

3564. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شامال ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن بولغان روھدىندۇر، ئۇ بەزىدە رەھمەت ئېلىپ كەلسە، بەزىدە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، شامالنى كۆرسەڭلار، ئۇنى تىللاپ ئەيىبلىمەي، ئاللاھدىن شامالنىڭ ياخشىلىقىنى سوراڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ شامالنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ئاللاھنىڭ روھى دېگىنى ئەمىر ـ پەرمانى دېگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئانىمۇ روھ دېگەن ، ئاللاھ ئالىمدۇر.

## « ز » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3565** زادك الله حرصا و لا تعد ( حم خ د ن ) عن أبي بكر

3565. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا ساڭا نامازغا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭنى زىيادە قىلسۇن، بۇندىن كېيىن بۇ ئىشنى قايتا قىلمىغىن، (يەنى رۇكۇدا تۇرۇپ ئالدىغا ماڭما) ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3566** ( صحيح ) زادني ربي صلاة و هي الوتر وقتها ما بين العشاء إلى طلوع الفجر ( حم ) عن معاذ

3566. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەببىم، ماڭا بىر نامازنى زىيادە قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ ۋىتىردۇر، ئۇنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزى بىلەن سۈبھى يورۇغانچە بولغان ئارىلىقتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىستىن ۋىتىر ۋاجىپتۇر دېگەن .

**3567** ( صحيح ) زار رجل أخا له في قرية فأرصد الله له ملكا على مدرجته فقال: أين تريد ؟ قال: أخا لي في هذه القرية فقال: هل له عليك من نعمة تربها ؟ قال: لا إلا أني أحبه في الله قال: فإني رسول الله إليك أن الله أحبك كما أحببته ( حم خد م ) عن أبي هريرة

3567. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر كىشى مەلۇم بىر يېزىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىپ چىقىپتۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچى قىلىپ قويۇپتۇ، پەرىشتە ئۇ كىشىگە قەيەرگە ماڭدىڭ دەپ سوراپتۇ، ئۇ مېنىڭ بۇ يېزىدا ياكى شەھەردە بىر قېرىندىشىم بار، زىيارەت قىلىپ ماڭدىم دەپتۇ، پەرىشتە: ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇستۈڭدە قايتۇرىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمىدى؟ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ چىقتىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ، بۇ كىشى: ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەققەتەن مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن دەپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا ھەققەتەن مەن ساڭا ئەۋەتىلگەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولىمەن، ھەققەتەن سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەنىدەك ئاللاھ تائالا سىنى ياخشى كۆرىدۇ دەپتۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3568** ( صحيح ) زر عبا تزدد حبا (غبا)أي بعد ايام ( البزار طس هب ) عن أبي هريرة ( البزار هب ) عن أبي ذر ( طب ك ) عن حبيب بن مسلمة الفهري ( طب ) عن ابن عمرو ( طس ) عن ابن عمرو ( خط ) عن عائشة

3568. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ زەر ھەبىيب، ئىبنى مەسلىمەن، ئىبنى ئەمرۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىنداشلىرىڭنى پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ زىيارەت قىلىپ تۇرغىن، دائىم كېلىۋالماي بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىم مەسىلەن: ھەپتىدە بىر كەل، شۇنداق قىلساڭ، مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى زىيادە قىلىسەن، بەزار، ئەۋسەت، بەيھەقى، تەبرانى، ھاكىم، خەتىبۇلغەبەغداد توپلىغان، سەھىھ، ھەسەن بەسەرى دوستىڭنى ھەپتىدە بىر قېتىم يوقلىغىن دېگەن.

**3569** ( حسن ) زره عليك و لو بشوكة ( حم ن حب ك ) عن سلمة بن الأكوع

3569. سەلمەن ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈستۈڭدىكى كۆڭلەك، ربدالىرىڭنى گەرچە شوخا بىلەن بولسىمۇ تۈگمىلىۋالغىن، تۈگمىلەپ ئېتىۋالغىن، ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3570** زكاة الفطر طهرة للصائم من اللغو و الرفث و طعمة للمساكين من أداها قبل الصلاة فهي زكاة مقبولة و من أداها بعد الصلاة فهي صدقة من الصدقات ( قط هق ) عن ابن عباس

3570. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزاندىكى سەدىقە، پىترە، روزا تۇتقۇچىنى لەغۋە، قۇرۇق سۆزلەردىن گۇناھ، غەيبەتلەردىن پاكلايدۇ، مىسكىنلەرگە تائام بولىدۇ، كىم ئۇنى روزا ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئادا قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلىنىدىغان زاكات، سەدىقە پىترە بولىدۇ، كىم ئۇنى نامازدىن كېيىن ئادا قىلسا، ئۇ سەدىقىلەردىن بىر سەدىقە بولىدۇ، لېكىن، سەدىقە پىترە ئادا تاپمايدۇ، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3571** (صحيح) زكاة الفطر فرض على كل مسلم حر و عبد ذكر و أنثى من المسلمين صاع من تمر أو صاع من شعير (قط ك هق) عن ابن عم



www.uyghurkitap.com

3571. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە پىترە ھۆر بولسۇن، قۇل بولسۇن ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، مۇسۇلمانلاردىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىدۇ، (بۇغداي ئۈچ جىڭ، قوناق، ئارپا ئالتە جىڭ بولىدۇ) دارىقۇتنى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3572** ( صحيح ) زمزم طعام طعم و شفاء سقم ( ش البزار ) عن أبي ذر

3572. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەمزەم سۈيى، تائام ئورنىدا تائام بولىدۇ، كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ، ئەبۇ شەيبە بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**3573** ( صحيح ) زملوهم بدمائهم فإنه ليس من كلم يكلم في الله إلا و هو يأتي يوم القيامة يدمى لونه لون الدم و ريحه ريح المسك ( ن ) عن عبدالله بن ثعلبة

3573. ئابدۇللاھ ئىبنى سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلارنى قانلىرى بىلەنلا يۇماي،يۆگەپ قويۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدىكى جاراھەت قىيامەت كۈنى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى بولسا، مىسكە ـ ئەنبەرنىڭ خۇشپۇرىقىدا بولىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلار يۇيۇلماي قويۇلىدۇ، يۇيۇلۇپ ناماز چۈشۈرۈلسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى، ھەمزە بىلەن ھەنزەلەتنى پەرىشتىلەر يۇغان.

**3574** ( صحيح ) زن و أرجح ( حم 4 ك حب ) عن سويد بن قيس

3574. سۇۋەيد ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەرسە جىڭلاپ بەرسەڭ ياكى ساتساڭ، ئېغىرراق تارتىپ بەرگىن، يەنى كۆپرەك. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3575** ( صحيح ) زنا العينين النظر ( ابن سعد طب ) عن علقمة بن الحويرث

3575. ئەلقەمەت ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كۆزنىڭ زىناسى ھارامغا قاراشتۇر، تەبرانى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**3576** ( صحيح ) زنا اللسان الكلام ( أبو الشيخ ) عن أبي هرير

3576. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلنىڭ زىناسى پاھىشە سۆز قىلىشتۇر، ئەبۇششەيخ توپلىغان، سەھىھ.

**3577** ( صحيح ) زوروا القبور فإنها تذكركم الآخرة ( ه ) عن أبي هرير

3577. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، (ئاياللاربۇنىڭدىن مۇستەسنا) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3578** ( صحيح ) زوروا القبور و لا تقولوا هجرا ( ه ) عن زيد بن ثابت

3578. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، لېكىن، پاھىشە سۆز قىلماڭلار، ئورۇنسىز قالايمىقان سۆز قىلماڭلار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3579** ( حسن ) زودك الله التقوى و غفر ذنبك و يسر لك الخير حيثما كنت ( ت ك ) عن أنس

3579. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا ساڭا تەقۋالىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرسۇن، گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن، قەيەردە بولساڭ، سەن ئۈچۈن

ياخشىلىقنى ئاسان قىلسۇن، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3580 ( صحيح ) زينوا القرآن بأصواتكم ( حم د ن ه حب ك ) عن البراء ( أبو نصر السجزي في الإبانة ) عن أبي هريرة ( الدارقطني في الأفراد طب ) عن ابن عباس ( حل ) عن عائشة

3580. بەررائى، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاببىاس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئانغا ئاۋازلىرىڭلار بىلەن زىننەت بېرىڭلار، (يەنى ئاللاھدىن قورقۇپ، مۇڭلۇق، گۈزەل ئوقۇڭلار) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، ئەبۇنەسىر، دارىقۇتنى، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

3581 زينوا القرآن بأصواتكم فإن الصوت الحسن يزيد القرآن حسنا( ك ) عن البرا

3581. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇرئانغا ئاۋازىڭلار بىلەن زىننەت بېرىڭلار، ھەقىقەتەن گۈزەل ئاۋاز قۇرئانغا تېخىمۇ گۈزەللىكنى زىيادە قىلىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3582 ( صحيح ) الزبيب و التمر هو الخمر ( ن ) عن جابر

3582. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېمىش يەنى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورما ھاراق بولىدۇ، (يەنى ھاراق ياسىغىلى بولىدۇ، ھاراق ھارام) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3583 ( صحيح ) الزبير ابن عمتي و حواريي من أمتي ( حم ) عن جاب

3583. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تاغامنىڭ ئوغلى، زۇبەير، ئىبنى ئاۋام ئۈممىتىم ئىچىدىكى مېنىڭ ھاۋارىيىم بولىدۇ، (يەنى ئەيسانىڭ ھاۋارىيدەك يېقىن، ھەمراھ، ياردەمچى، ساھابەم بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3584 ( صحيح ) الزكاة في هذه الأربعة: الحنطة و الشعير و الزبيب و التمر ( قط ) عن عمر

3584. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇنۇ تۆت نەرسىدە ئۆشرە ـ زاكات پەرز بولىدۇ، بۇغداي ، ئارپا، يېمىش، قۇرۇق ئۈزۈم، خورما قاتارلىقلار، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسنىڭ مەقسىتى مۇشۇ نەرسىلەرگىمۇ زاكات، ئۆشرە كېلىدۇ دېمەكچى، زاكات، ئۆشرە، زېمىندىن چىققان بارلىق نەرسىلەرگە پەرز بولىدۇ، پەقەت شاخ ـ شۇمبا، ئوتۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

## « س » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

3585 سآمرك بأمرين أيهما فعلت أجزأك عن الآخر و إن قويت عليهما فأنت أعلم إنما هذه ركضة من ركضات الشيطان فتحيضي ستة أيام أو سبعة أيام في علم الله ثم اغتسلي حتى إذا رأيت أنك قد طهرت و استنقأت فصلي ثلاثا و عشرين ليلة أو أربعا و عشرين ليلة و أيامها و صومي فإن ذلك يجزيك و كذلك فافعلي كل شهر كما يحض النساء و كما يطهرن ميقات حيضهن و طهرهن و إن قويت على أن تؤخري الظهر و تعجلي العصر فتغتسلي و تجمعين بين الصلاتين الظهر و العصر و تؤخرين المغرب و تعجلين العشاء ثم تغتسلين و تجمعين بين الصلاتين فافعلي و تغتسلين مع الفجر فافعلي و صومي إن قدرت على ذلك و هذا أعجب الأمرين إلي ( حم 4 ك ) عن حمنة بنت جحش

3585. ھەمنەت بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ قاتتىق ئىستىھزا، خۇن كېسىلى بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن سىنى ئىككى ئىشقا بۇيرۇيمەن، بۇ ئىككى ئىشنىڭ قايسى بىرىنى قىلساڭ، يەنە بىردىن كۇپايە بولىدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى ئىشنى تاللاپ قىلىشقا قادىر بولالىساڭ، ئۆز ئىشىڭغا ئۆزۈڭ ئالىم، ھەقىقەتەن بۇ خۇن كېسىلى بولسا، شەيتاننىڭ

سۈيقەستلىرىدىن ھىيلە ـ مىكىر، پۈرسەتلىرىدىن سىنى ئازدۇرىدىغان دىنىڭنى ئېلىشتۇرىدىغان ۋەسۋەسە پۈرسىتىدۇر، سەن ئاللاھنىڭ ئىلمىدىكى بىر ئايدىن ئالتە كۈننى ياكى يەتتە كۈننى ھەيز كېسىلى ئاياللار كېسىلى ھېسابلىغىن، ئاندىن سەن پاك ـ پاكىز پاكلانغىنىڭغا شەكسىز ئىشەنگەنگە قەدەر غۇسلى قىلىپ يۇيۇنغىن، ئاندىن بۇ تاھارەت بىلەن يەنى شۇنداق غۇسلى قىلىپ، 23 كۈن ياكى 24 كۈن ناماز ئوقۇغىن، رامزان كېلىپ قالسا، روزىمۇ تۇتقىن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش، ساڭا كۇپايە بولىدۇ، ھەر ئايدىن ئايالالار ھەيز كېسەل بولغاندەك كېسەلدىن پاكلانغاندەك، شۇنداق قىلغىن، باشقا ئايالالارنىڭ كېسەل بولۇش، كېسەلدىن ساقىيىپ، پاك بولۇش ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاپ، شۇ ئادەتنى بۇيىنچە شۇنداق ھېسابلىغىن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ، پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ، ئەسرىنى بۇرۇنراق ئوقۇپ، ئىككى نامازغا بىر غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، پېشىن بىلەن ئەسىردىن ئىبارەت بۇ ئىككى نامازنى جۈپلەپ ئوقۇغىن، شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەننى ئالدىغا سۈرۈپ، بۇ ئىككى ناماز ئۈچۈنمۇ بىر غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، بۇ ئىككى نامازنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا ۋاقىتتا جۈپلەپ ئوقۇغىن، بامدات نامىزى ئۈچۈنمۇ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ يۇيۇنۇپ، شۇنداق ناماز ئوقۇغىن، روزا تۇتقىن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىل، مانا بۇ كېيىنكىسى، ئىككى ئىشنىڭ مېنى خۇرسەن قىلىدىغانراقىدۇر، يەنى نامازنى جۈپلەپ غۇسلى قىلىپ ئوقۇش، ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، ھەيز نىپاس كۈنلىرىدىن باشقا، ئىستىھاز، خۇن كېسىلى كۈنلىرى پاك كۈنلەرگە ئوخشاشتۇر، ھەتتا مۇناسىۋەتتىمۇ.

**3586 ( حسن ) ساب المؤمن كالمشرف على الهلكة ( البزار ) عن ابن عمرو**

3586. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننى ئەيىبلەپ تىللىغۇچى ھاقارەتلىگۈچى، خۇددى ھالاكەتنى كۈتۈپ ئىنتىزار بولۇپ ھالاكەتكە بويۇننى سوزۇپ قارىغۇچىغا ئوخشايدۇ، (ئۇ ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن) بەزار توپلىغان.

**3587 ( صحيح ) ساعتان تفتح فيهما أبواب السماء و قلما ترد على داع دعوته: لحضور الصلاة و الصف في سبيل الله ( طب ) عن سهل بن سعد**

3587. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى سائەت بولۇپ بۇ ئىككى سائەتتە ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئايى، ناھايىتى ئاز رەت قىلىنىدۇ، كۆپىنچە ئىجابەت قىلىنىدۇ، بىرى ناماز ھازىر بولغان ۋاقىت، يەنى ناماز ۋاقتى ، يەنە بىرى بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد ئۈچۈن سەپ تارتقان ۋاقىتتۇر، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**3588 ( صحيح ) ساقي القوم آخرهم ( حم تخ د ) عن عبدالله بن أبي أوفى**

3588. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەۋمگە شاراپ، ئىچىملىك قۇيۇپ بەرگۈچى ساقىي، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىچىدۇ، (يەنى زىياپەتتە ساھىبخان، كىيىن تائام يېگەندەك ئىشتۇر) ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، بۇخارى تارىخدا توپلىغان ، سەھىھ.

**3589 ( صحيح ) ساقي القوم آخرهم شربا ( ت ه ) عن أبي قتادة ( طس القضاعي ) عن المغيرة**

3589. ئەبۇ قەتادە، مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەۋمنى سۇغارغۇچى ساقى، ئىچىشتە ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئىچىدۇ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، قۇزائى، ئەۋسەت توپلىغان ، سەھىھ.

**3590 ( صحيح ) سألت الله الشفاعة لأمتي فقال: لك سبعون ألفا يدخلون الجنة بغير حساب و لا عذاب قلت: رب زدني فحثا لي بيديه مرتين و عن يمينه و عن شماله ( هناد ) عن أبي هرير**

3590. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن ئاللاھ تائالادىن ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشىمنى سورىدىم، ئاللاھ ماڭا سەن ئۈچۈن ئۈممىتىڭدىن 70000 كىشى ئازابسىز، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىشى بېرىلدى دېدى،(يەنى ناھايىتى كۆپ) مەن ئى رەببىم، يەنىمۇ زىيادە قىلىپ بەرسەڭ دېدىم، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى، ئوخشىشى يوق ئىككى قولى بىلەن، ماڭا ئۈچ تەرىپىدىن سول تەرىپىدىن ئىككى چاڭگال ئېلىپ بەردى، يەنى بۇ ئىككى چاڭگال كىشىلەر ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەنناد توپلىغان، سەھىھ.(بۇ مەنىۋى ئىش بولۇپ كەيپىياتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.)

3591 سألت جبريل أي الأجلين قضى موسى ؟ قال: أكملهما و أتمهما ( ع ك ) عن ابن عباس

3591. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جىبرىئىلدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىنى كەمىل ئادا قىلدى؟ يەنى سەككىز يىلنىمۇ، ئون يىلنىمۇ؟ دەپ سورىدىم، ئۇ ماڭا ھەر ئىككىلىسىنىڭ كەملىراقىنى يەنى ئون يىلنى مۇكەممەل تامام قىلدى دېدى، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئىش قۇرئاندا سۆزلەنگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ تويلۇق مېھرىگە ئون يىل قوي باققان.

3592 سألت ربي أن لا يعذب اللاهين من ذرية البشر فأعطانيهم ( ش الدارقطني في الأفراد الضياء ) عن أنس

3592. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن رەببىمدىن ئىنسانلارنىڭ كىچىك، سەبىي بالىلىرىنىڭ لەھۋە، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلىرىنى دائىم ئويناپلا ئۆتىدىغانلىرىنى ئازابلىماسلىقنى سورىدىم، ئاللاھ، ماڭا ئۇلارنى بەردى، (يەنى كىچىك بالىلار ئويۇن ئويناشلىرىغا ئازابلانمايدۇ، گۇناھكار بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار بالىغ، مۇكەللەپ ئەمەس) ئەبۇ شەيبە، دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

3593 سألت ربي ثلاثا فأعطاني اثنتين و منعني واحدة سألت ربي أن لا يهلك أمتي بالسنة فأعطانيها و سألته أن لا يهلك أمتي بالغرق فأعطانيها و سألته أن لا يجعل بأسهم بينهم فمنعنيها ( حم م ) عن سعد

3593. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن رەببىمدىن ئۈچ نەرسىنى سورىسام، ئىككىنى بېرىپ، بىرنى بەرمىدى، مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنى ماڭا بەردى، مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى غەرق، توپان بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنىمۇ بەردى، مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قىلماسلىقنى، بەزىسى ـ بەزىسى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى، ئىختىلاپ، زىددىيەت قىلماسلىقنى سورىسام، بۇنى مەندىن چەكلەپ بەرمىدى، ئەھمەد بىلەن مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3594 سأل موسى ربه فقال: يا رب ما أدنى أهل الجنة منزلة ؟ قال: هو رجل يجيء بعدما يدخل أهل الجنة الجنة فيقال له: ادخل الجنة فيقول: أي رب كيف و قد نزل الناس منازلهم و أخذوا أخذاتهم ؟ فيقال له: أترضى أن يكون لك مثل ملك ملك من ملوك الدنيا ؟ فيقول: رضيت رب فيقول: لك و مثله و مثله و مثله و مثله فقال في الخامسة: رضيت رب فيقول هذا لك و عشرة أمثاله و لك ما اشتهت نفسك و لذت عينك فيقول رضيت رب ! قال: رب فأعلاهم منزلة قال أولئك الذين أردت غرست كرامتهم بيدي و ختمت عليها فلم تر عين و لم تسمع أذن و لم يخطر على قلب بشر ( حم م ت ) عن المغيرة بن شعبة

3594. مۇغەيرەت ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىدىن مۇنداق دەپ سورىدى، ئى رەببىم، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەنزىلىدىكىسى قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ دېدىكى : ئۇ كىشى بولسا، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىنكى كېلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەننەتكە كىرگىن دېيىلىدۇ ، ئۇ كىشى ئى رەببىم، مەن قانداق كىرىمەن؟ كىشىلەر مەنزىللىرىگە چۈشۈپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولۇپتۇ، ماڭا ئەمدى ھېچنەرسە يوق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ساڭا دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ پادىشاھلىقى بېرىلسە رازى بولامسەن؟ دېيىلىدۇ ، ئۇ، ئى رەببىم، رازى بولىمەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ئۇچۈن شۇ بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئوخشىشى يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشى يەنە ئوخشىشى دەيدۇ، بەندە بەشىنچى قېتىم ئى رەببىم، رازى بولدۇم، رازى بولدۇم دەپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا مانا بۇلار سەن ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ، سەن ئۈچۈن نەپسىڭ ئىشتىھا قىلغان كۆڭلۈڭ تارتقان كۆزۈڭ لەززەتلەنگەن نەرسە بېرىلىدۇ دەيدۇ، بەندە ئى رەببىم، بەك رازى بولدۇم! دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەنزىل مەرتىۋىسىدىكىلەر چۇ؟ دېدى، ئاللاھ ئېيتتى، ئەنە شۇلار مەن ئىرادە مەخسەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ كارامەت دەرەخلىرىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ قويىدۇم، بۇ كارامەتلەرگە شۇنداق پېچەت ئۇردۇمكى، كۆز كۆرۈپ باقمىدى، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىدى، ھېچبىر كىشىنىڭ قەلبىگە خىيال خوتۇر، چۈشۈپ باقمىدى، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا بولىدۇ، (باشقا خاتىرىدە دائىم رەببىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېيىلگەن) ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

**3595** سباب المسلم فسوق و قتاله كفر ( حم ق ت ن ه ) عن ابن مسعود ( ه ) عن أبي هريرة وسعد ( طب ) عن عبدالله بن مغفل وعمرو بن النعمان بن مقرن ( الدارقطني في الأفراد ) عن جا

3595. ئىبنى مەسئۇد ، ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىد ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل، ئەمرۇ ئىبنى نۇئمان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنى تىللاپ، ئەيىبلەش پاسىقلىق، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بولسا ، كاپىرلىق بولىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، تەبرانى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**3596** سباب المسلم فسوق و قتاله كفر و حرمة ماله كحرمة دمه ( طب ) عن ابن مسعود

3596. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى تىللاش، ئەيىبلەش پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىقتۇر، مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكى، خۇددى قېنى ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنى ھالال بىلسە، كاپىر بولىدۇ، ياكى كاپىرنىڭ قىلىقى، ئەخلاقى بولىدۇ، ياكى بۇ ئىش ئاخىرىدا كاپىرلىققا ئاپىرىدۇ، ياكى بۇ قېرىنداشلىق نېمىتىگە، كۇفرىلىق بولىدۇ، ياكى بۇ چوڭ كۇپرىدىن تۆۋەن كۇپرىلىقنى بولىدۇ، خۇددى كىچىك شېرىك بولغاندەك، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مۇسلىم شەرھىسى.

**3597** ( صحيح ) سبحان الله إنك لا تطيقه و لا تستطيعه هل قلت: اللهم آتنا في الدنيا حسنة و في الآخرة حسنة وقنا عذاب النار ( حم خد م ت ن ) عن أنس

3597. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر مۇسۇلمان كىشى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، نېمە دەپ دۇئا قىلدىڭ؟ دېسە، ئۇ كىشى ئى ئاللاھ، مېنى ئاخىرەتتە ئازابلىماقچى بولساڭ، مۇشۇ دۇنيادىلا ئازابلىغىن دەپ دۇئا قىلدىم دېگەندە ، سۇبھانەللاھ! سەن ھەرگىز تاقەت قىلالمايسەن، قادىر بولالمايسەن، نېمىشقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلمىدىڭ؟ «ئاللاھۇممە ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار»دېگەن . تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق جەننەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» كېيىن بۇ كىشى شۇ دۇئانى قىلسا، كېسىلىدىن ساقىيىپ قالىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**3598** ( صحيح ) سبحان الله بئسما جزتها نذرت لله إن نجاها الله عليها لتنحرنها لا وفاء لنذر في معصية الله و لا فيما لا يملك العبد ( حم م د ) عن عمران بن حصين

3598. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايالنى تۆگە خاپا سېلىپ، ئاۋارە قىلسا، ساق ـ سالامەت بارغاندا، ئۆلتۈرۈشكە نەزىر ۋەدىسى قىلىپتۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ مۇنداق دېگەن : سۇبھانەللا! (بۇ تەئەججۇپ سۆزىدۇر،) ئۇنىڭ تۆگىگە بەرگەن جازاسى نېمىدېگەن يامان! ئەگەر ئاللاھ ئۇنى تۆگىنىڭ ئۈستىدە سالامەت، نىجاتلىققا ئېرىشتۈرسە، قۇتقۇزسا، ئۇ تۆگىنى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە قىلىپتىمۇ؟! ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يوق، بەندە ئىگە بولالمايدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلسا، ۋاپا قىلىش يوق، (چۈنكى ئۇ تۆگە ئۇ ئايالنىڭ ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىدى) قەسەممۇ شۇنداقتۇر، بۇلارغا كاپارەت بېرىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، نەزىر ۋەدىسىنىڭ كاپارىتى، قەسەمنىڭ كاپارىتىدۇر. 10 مىسكىنگە تائام بېرىش ياكى كىيىم بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر.

3599 ( صحيح ) سبحان الله ماذا أنزل الليلة من الفتن ؟ و ماذا فتح من الخزائن ؟ أيقظوا صواحب الحجر فرب كاسية في الدنيا عارية في الآخرة ( حم خ ت ) عن أم سلمة

3599. ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىركېچىسى ئويغۇنۇپ كېتىپ، مۇنداق دېگەن، سۇبھانەللا! بۈگۈن كېچە پىتنە ـ پاسادلاردىن نېمىلەر چۈشۈرۈلگەندۇ؟، خەزىنىلەردىن نىمىلەر ئېچىلغاندۇ؟! ھوجرا ئەھلىلىرىنى ئويغۇتۇپ قويۇڭلار، ناماز ئوقۇۋالسۇن (يەنى ئاياللىرىنى دېمەكچى) بۇ دۇنيادا نۇرغۇن رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەك كىيگۈچى ئاياللار ئاخىرەتتە يالىڭاچ قالىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3600 سبحان الله ماذا أنزل من التشديد في الدين و الذي نفسي بيده لو أن رجلا قتل في سبيل الله ثم أحيي ثم قتل ثم أحيي ثم قتل و عليه دين ما دخل الجنة حتى يقضى عنه دينه ( حم ن ك ) عن محمد بن جحش

3600. مۇھەممەد ئىبنى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇبھانەللا! قەرز توغرىسىدا نازىل قىلىنغان نەرسە نېمىدېگەن قاتتىق ھە! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىر كىشى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولسا، ئاندىن تىرىلسە، يەنە ئۆلتۈرۈلسە، يەنە تىرىلىپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈش، شېھىد بولسىمۇ ئۈستىدىكى قەرزنى ئادا قىلىۋەتمىگىچە ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، (ئەگەر ۋارىسلىرى يېقىن دوست قېرىنداشلىرى ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ، ساھابىلەر شۇنداق قىلغان) ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3601 ( صحيح ) سبحان الله ! هذا كما قال قوم موسى: ( اجعل لنا إلها كما لهم آلهة و الذي نفسي بيده لتركبن سنن من كان قبلكم ) ( ت ) عن أبي واقد

3601. ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ ساھابىلەر مۇشرىكلارنىڭ قىلىچلىرىنى دەرەخ پۇتاقلىرىغا ئېسىپ قويغىنىنى كۆرۈپ، بىزگىمۇ شۇنداق قىلىپ بەرسىلە دېگەندە، مۇنداق دېگەن: سۇبھانەللا! بۇ خۇددى مۇسانىڭ قەۋمى «ئۇلارنىڭمۇ ئىلاھى بولغاندەك، بىزگىمۇ بىر ئىلاھ قىلىپ بەرگىن» دېگەن سۆزگە ئوخشاش سۆز بولدى، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە سىلەر سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ سۈننەت يوللىرىغا مېڭىپ كېتىدىكەنسىلەر دېگەن ئىدى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3602 سبع يجري للعبد أجرهن و هو في قبره بعد موته: من علم علما أو أجرى نهرا أو حفر بئرا أو غرس نخلا أو بنى مسجدا أو ورث مصحفا أو ترك ولدا يستغفر له بعد موته ( البزار سمويه ) عن أنس

3602. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەتتە خىسلەت ئىشنىڭ ئەجرى، ساۋابى بەندە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قەبرىسى ئىچىدە تۇرىسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ تۇرىدۇ، 1ـ ئىلىم ئۆگىتىپ قويغان بولسا، 2ـ ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپقان بولسا،

3ـ قۇدۇق كولاپ قويغان بولسا، 4ـ خورمىدەك دەرەخ تىكىپ قويغان بولسا، 5ـ مەسجىد سېلىپ قويسا، 6ـ قۇرئان كىتابىنى مىراس قالدۇرۇپ قويغان بولسا، 7ـ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا قالدۇرغان بولسا، بۇلارنىڭ ساۋابى، ئەجرى كەينىدىن يېتىپ تۇرىدۇ. بەزار بىلەن سەمۇيە توپلىغان ھەسەن.

**3603...سبعة يظلهم الله في ظله يوم لا ظل إلا ظله: إمام عادل و شاب نشأ في عبادة الله و رجل قلبه معلق بالمسجد إذا خرج منه حتى يعود إليه و رجلان تحابا في الله فاجتمعا على ذلك و افترقا عليه و رجل ذكر الله خاليا ففاضت عيناه و رجل دعته امرأة ذات منصب و جمال فقال: إني أخاف الله رب العالمين و رجل تصدق بصدقة فأخفاها حتى لا تعلم شماله ما تنفق يمينه ( مالك ت ) عن أبي هريرة وأبي سعيد ( حم ق ن ) عن أبي هريرة ( م ) عن أبي هريرة وأبيسعيد**

3603. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يەتتە كىشىگە ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئاللاھ تائالا ئوخششى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى سايىسى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ، سايە تاشلايدۇ، 1ـ ئادىل ئىمام، خەلىپە، 2ـ ئۆمرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياشىغان ياش يىگىت، 3ـ قەلبى مەسجىدگە ئىسقىلىق، مەسجىددىن چىقسا يەنە مەسجىدگە قايتقانغا قەدەر قەلبى مەسجىدگە ئالاقىدار كىشىدۇر، 4ـ ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا دوستلاشقان، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى كىشى، بۇلار شۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈستىگە بىرلىشىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايرىلىپ كېتىدۇ، مۇھەببىتى، دوستلىشىش، ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، 5ـ خالىي، يالغۇز تۇرغان جايدا، ئاللاھنى ئەسلەپ ئىككى كۆزى ياش تۆككەن كىشى. 6ـ مەنسەپ، ھوقۇق ئىگىسى، گۈزەللىك، ھۆسنى ـ جامالى بار ساھىبجامال ئايال بۇياققا كەل! دەپ چاقىرغاندا، مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن قورقىمەن دەپ ئۆزىنى تارتقان كىشى (ئايال كىشىمۇ شۇنداق قىلالىسا سايىدا بولىدۇ). 7ـ سەدىقىنى مەخپىي قىلىدىغان، ئوڭ قولى سەدىقە، نەپىقە قىلغان نەرسىنى سول قولى بىلمەيدىغان كىشىدۇر، بۇ يەتتە كىشى سايىدا بولىدۇ، مالىك، تىرمىزى، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

**3604 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3239 ( البزار ) عن أنس:سبعون ألفا من أمتي يدخلون الجنة بغير حساب: هم الذين لا يكتوون ( و لا يكوون و لا يسترقون و لا يتطيرون و على ربهم يتوكلون )**

3604. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار ئوتتا داغلاپ، كېسەل داۋالاتمايدۇ، داۋالىمايدۇ، رۇقى ئايىتى شىپا قىلدۇرمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، پال سالدۇرمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ، ئىسلام قانۇنى بىلەن بولغان قۇرئان ئايىتى ئىسىم ـ سۈپەت بىلەن بولغان ئايىتى شىپا دۇرۇس.

**3605 ( صحيح ) سبق الكتاب أجله اخطبها إلى نفسها ( ه ) عن الزبي**

3605. زەبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن : ئىددەتنىڭ كىتابى، ئۆز مۇددىتىگە يېتىپتۇ، يەنى بۇ ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپتۇ، ئۇ ئايالغا ئەلچى ئەۋەتسەڭ بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3606 سبق درهم مائة ألف درهم: رجل له درهمان أخذ أحدهما فتصدق به و رجل له مال كثير فأخذ من عرضه مائة ألف فتصدق بها ( ن ) عن أبي ذر ( ن حب ك ) عن أبي هريرة**

3606. ئەبۇ زەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر دەرھەم 100000 دەرھەمنى بېسىپ كەتتى، ئىلگىرىلەپ كەتتى، بىر كىشىنىڭ ئاران ئىككى دەرھەم پۇلى بار ئىدى، ئۇ بىرىنى ئېلىپ، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدى، يەنە بىر

كىشىنىڭ نۇرغۇن مال مۈلۈكى بار ئىدى، ئۇ ماللىرىدىن يۈز مىڭ دەرھەمنى ئېلىپلا سەدىقە قىلدى، ئەنە شۇ كەمبەغەلنىڭ بىر دەرھەم كۈمۈش پۇلى، باي كىشىنىڭ يۈز مىڭ دەرھەمدىن ئېلگىرىلەپ كېتىپ ئەۋزەل بولدى،نەسەئى،ئىبنى ھەببان،ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3607 سبقكن يتامى بدر و لكن سأدلكن على ما هو خير لكن من ذلك: تكبرن الله على إثر كل صلاة ثلاثا و ثلاثين تكبيرة و ثلاثا و ثلاثين تسبيحة و ثلاثا و ثلاثين تحميدة و لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير ( د ) عن أم الحكم بنت الزبير**

3607. ئۇممۇلھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار سىلەردىن بەدرىنىڭ يېتىملىرى ئىلگىرلەپ كەتتى، يەنى بۇ يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ياخشى ئىش، لېكىن، مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشنى كۆرسىتىپ قويىمەن، ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەكبىر، 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ئېيتىپ، لائىلا ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلە كۇللى شەيئىن قەدىير دېيىسلەر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ تەسبىھلار ئەر ـ ئاياللغا ئورتاقدۇر.

**3608 ست من أشراط الساعة: موتي و فتح بيت المقدس و أن يعطى الرجل ألف دينار فيتسخطها و فتنة يدخل حرها بيت كل مسلم و موت يأخذ في الناس كقعاص الغنم و أن يغدر الروم فيسيرون بثمانين بندا تحت كل بند اثنا عشر ألفا ( حم طب ) عن معاذ**

3608. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئالتە ئىش بار، 1ـ كەڭ ـ كۆلەملىك ئۆلۈم ۋەقەسى، 2ـ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، 3ـ بىر كىشىگە 1000 دىنار بېرىلسىمۇ ئۇ يەنە رازى بولماي، ئاچچىقلايدۇ، 4ـ ھارارىتى، تەسىرى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىگە چالا قويىماي كىرىدىغان پىتنە ـ پاسادلار، 5ـ خۇددى قوينىڭ ۋابا كېسىلىدەك، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ كېتىدىغان ئۆلۈم ۋاباسى، 6ـ رۇم خەلقىنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ، خىيانەت قىلىشى، ئۇلار 80 بايراق قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 12000 قوشۇن بار، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3609 ( صحيح ) ستخرج نار من حضرموت قبل يوم القيامة تحشر الناس ( حم ت ) عن ابن عم**

3609. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالدىدا ھەزرە مەۋت دېگەن جاي تەرەپىدىن بىر ئوت چىقىپ، كىشىلەرنى مەشرىقتىن مەغرىپكە توپلايدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، ئىبنى كەسىيرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەتتە بۇ ئوتنى بىر قېتىم چىققان دەپ يازىدۇ.

**3610 (ستر ما بين أعين الجن و عورات بني آدم إذا وضع أحدهم ثوبه أن يقول: بسم الله ( طس ) عن أنس**

3610. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى كىيىملىرىنى سالغان چاغدىكى ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى بىلەن جىن- شەيتانلارنىڭ كۆزلىرى ئارىلىقىدىكى پەردە، بىسمىللا دېيىشتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ كىيىمنى سالىمەن دېسە، جىنلار كۆرەلمەيدۇ) تەبرانىنىڭ ئەۋسەتتە بار، سەھىھ.

**3611 (ستر ما بين أعين الجن و عورات بني آدم إذا وضع أحدهم ثوبه أن يقول: بسم الله ( طس ) عن أنس**

3611. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى بىلەن جىنلارنىڭ كۆزلىرى ئارىلىقىدىكى پەردە بىسمىللا دېيىشتۇر، (بىسمىللا دېسە، جىنلار كۆرەلمەيدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3612ستر ما بين أعين الجن و عورات بني آدم إذا دخل أحدهم الخلاء أن يقول: بسم الله ( حم ت ه ) عن عليستصالحون الروم صلحا أمنا فتغزون أنتم و هم عدوا من ورائهم فتسلمون و تغنمون ثم تنزلون بمرج ذي تلول فيقوم رجل من الروم فيرفع الصليب و يقول:**

غلب الصليب ! فيقوم إليه رجل من المسلمين فيقتله فيغدر القوم و تكون الملاحم فيجتمعون لكم فيأتونكم في ثمانين غاية مع كل غاية عشرة آلاف ( حم د ه حب ) عن ذي مخمر

3612. زىي مەخمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر پات يېقىندا رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش توختۇتۇش، تېنچلىق كېلىشىمنامىسى تۈزىسىلەر، ئاندىن سىلەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلاردىن باشقا بىر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىسىلەر، سىلەر سالامەت ھالدا غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەت ئالىسىلەر، ئاندىن زى تەلەلۇل دېگەن جايدىكى بىر يايلاق باغقا چۈشىسىلەر، رۇملۇق ئەسكەرلىرىدىن بىرسى قوپۇپ، كىرىس بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىس غەلىبە قىلدى، خىرىستوس غەلىبە قىلدى! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلاردىن بىرسى قوپۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خىيانەت قىلىپ، ئەھدىنى بۇزىدۇ، زور قىرغىنچىلىق، چوڭ جەڭ بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار سىلەرگە قارشى توپلۇشۇپ، سىلەرگە 80 بايراق قوشۇن ئېچىدە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 10000 يەنە بىر خاتىرىدە 12000 قوشۇن بار، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3613 ستفتح عليكم أرضون و يكفيكم الله فلا يعجز أحدكم أن يلهو بأسهمه ( حم م ) عن عقبة بن عام

3613. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا سىلەرگە نۇرغۇن زېمىنلار ئىشغال قىلىنىدۇ، سىلەرگە ئاللاھ كۇپايە بولىدۇ، شۇ چاغدىمۇ بىرىڭلار ئوقيالىرىنى ئويناشتىن، قارىغا ئېتىپ تورۇشتىن ئاجىز كەلمىسۇن، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3614 ستفتح عليكم الدنيا حتى تنجدوا بيوتكم كما تنجد الكعبة فأنتم اليوم خير من يومئذ ( طب ) عن أبي جحيفة

3614. ئەبۇ جۇھەيپەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەرگە پات يېقىندا پۈتۈن دۇنيا ئىشغال قىلىنىدۇ، ھەتتا سىلەر خۇددى كەئبىگە زىننەت بەرگەندەك، ئۆيۈڭلارنى زىننەتلەپ كېتىسىلەر، سىلەر بۈگۈن شۇ كۈندىكىدىن ياخشىراق (باشقا بالا بايلىقدىن پېقىرلىق ياخشىدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3615 ستكون أئمة من بعدي يقولون فلا يرد عليهم قولهم يتقاحمون في النار كما تقاحم القردة ( ع طب ) عن معاوية

3615. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەندىن كېيىن بىر تۈركۈم ئىماملار، خەلىپىلەر بولىدۇ، ئۇلار سۆز قىلىدۇ، لېكىن، جازالىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ خاتا زالالەت سۆزلىرى رەت قىلىنمايدۇ، ئۇلار خۇددى مايمۇنلار سەكرىگەندەك دوزاخقا سەكرەپ كىرىپ كېتىدۇ، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3615 ستكون أحداث و فتنة و فرقة و اختلاف فإن استطعت أن تكون المقتول لا القاتل فافعل ( ك ) عن خالد بن عرفطة

3616. خالىد ئىبنى ئەرپەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا نۇرغۇن چوڭ - چوڭ ھادىسىلەر، پىتنە - پاساتلار ، تەپرىقچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، ئىختىلاپلار يۈز بېرىدۇ، شۇ چاغدا ئۆلتۈرگۈچى قاتىل بولماي، ئۆلتۈرۈلگۈچى مەقتۇل بولۇشقا قادىر بولساڭ، شۇنداق قىل، (يەنى ئادەمنىڭ ئىككى باللىسىنىڭ ياخشىسىدەك بول) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3617 ستكون أمراء تشغلهم أشياء يؤخرون الصلاة عن وقتها فاجعلوا صلاتكم معهم تطوعا ( ه ) عن عبادة بن الصامت

3617.ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا نۇرغۇن ئەمىرلەر، باشلىقلار بولىدۇ، ئۇلارنى نۇرغۇن ئىشلار مەشغۇل قىلىۋېلىپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر ئۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامازلىرىڭلارنى نەپلە ناماز قىلىڭلار، (يەنى نامىزىڭلارنى ۋاقتىدا ،بۇرۇن، بالدۇرراق ۋاقتىدا ئوقۇڭلار) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3618 ستكون أمراء فتعرفون و تنكرون فمن كره برئ و من أنكر سلم و لكن من رضي و تابع لم يبرأ(م د) عن أم سلمة**

3618. ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇندىن كېيىن بىر تۈركۈم باشلىقلار، ئەمىرلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلىق دەپ تونۇيسىلەر ھەم ئىنكارمۇ قىلىسىلەر، كىم ئۇلارنى ياقتۇرمىسا، ئۇ قۇتۇلىدۇ، گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، كىم ئىنكار قىلالىسا، سالامەت قالىدۇ، لېكىن، ئۇلارغا رازى بولغان، ئەگەشكەن كىشى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شۇلارنىڭ قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، گەدىنىدىن ساقىت ئەمەس، ئۇ پاك بولالمايدۇ، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3619 ستكون بعدي أئمة يؤخرون الصلاة عن مواقيتها صلوها لوقتها فإذا حضرتم معهم الصلاة فصلوا(طب) ابن عمرو**

3619. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەندىن كېيىن بىر قىسىم ئىماملار بولىدۇ، ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتلىرىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇۋېرىڭلار، ئۇلار بىلەن بىرگە ھازىر بولۇپ قالساڭلار، يەنە ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇڭلار، بۇ نەپلە بولىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3620 ( صحيح ) ستكون بعدي أثرة و أمور تنكرونها قالوا: فما تأمرنا ؟ قال: تؤدون الحق الذي عليكم و تسألون الله الذي لكم ( حم ق ) عن ابن مسعو**

3620. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا مەندىن كېيىن قاتتىق شەخسىيەتچىلىك ماكلا بولسا دەيدىغان ئىشلار، سىلەر ئىنكار قىلىدىغان مۇنكەر ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيلا؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، سىلەر ئۈچۈن بولغان ھەققىڭلارنى ئاللاھدىنلا سوراڭلار دېدى، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3621 ستكون بعدي هنات و هنات فمن رأيتموه فارق الجماعة أو يريد أن يفرق أمر أمة محمد كائنا من كان فاقتلوه فإن يد الله مع الجماعة و إن الشيطان مع من فارق الجماعة يركض ( ن حب ) عن عرفجة**

3621. ئەرفەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەندىن كېيىن پاتپاراقچىلىق ، تەپرىقىچىلىك نۇرغۇن يامان ئىشلار، پىتنە ـ پاساتلار يۈز بېرىدۇ، جامائەتنى تەپرىقىچىلىك سىلىپ ئايرىۋەتمەكچى بولغان كىشىنى ياكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئىشىنى ئايرىۋەتمەكچى بولغان، بۆلۈۋېتىشنى ئىرادە قىلغان كىشىنى كۆرسەڭلار، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ قولى، (نۇسرىتى)جامائەت بىلەن بىرگە بولىدۇ، ھەقىقەتەن جامائەتنى ئايرىغان، بۆلگۈنچىلىك سالغان كىشى بىلەن شەيتان بىرگە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئازدۇرىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3622 ( صحيح ) ستكون بعدي هنات و هنات فمن أراد أن يفرق أمر المسلمين و هم جميع فاضربوه بالسيف كائنا من كان ( د ن ك ) عن عرفجة**

3622. ئەرپەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەندىن كېيىن يامانلىق، پىتنە ـ پاسات ، تەپرىقىچىلىك يۈز بېرىدۇ، كىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى بىر ئۈزۈم، ئىتتىپاق ھالەتتە تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىشىنى بۆلۈۋېتىشنى، پارچىلاشنى مەقسەت قىلسا، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن قۇرئانى قانۇن قىلىپ، ئىسلام دىنىنى يۇكسەلدۇرۇپ، دۈشمەنگە بىرگە تاقابىل تۇرۇپ سوراۋاتقان خەلىپىدىن، خەلىپىلىك تالاشقان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، لېكىن، ئوچۇق كۇپرىلىقنى

كۆرۈلىدىكەن، ئىسلام دىنى بويىچە قۇرئاننى قانۇن قىلىپ سورىمىغان مۇناپىق باشلىقلارمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

3623 ستكون فتنة القاعد فيها خير من القائم و القائم فيها خير من الماشي و الماشي فيها خير من الساعي قيل: أفرأيت يا رسول الله إن دخل علي بيتي و بسط إلي يده ليقتلني ؟ قال: كن كابن آدم ( حم د ت ك ) عن سعد

3623. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا پىتنە ـ پاسات بولىدۇ، بۇ پىتنە پاساتتا ئولتۇرۇۋالغۇچى، ئۆرە تۇرغۇچىدىن ياخشىدۇر، ئۆرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن، ماڭغۇچى ئۇ پىتنە ـ پاساتقا يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىراقتۇر. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەگەر ئۇ ھۇجۇم قىلىپ ئۆيۈمگىچە كىرسە، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قول سۇنسا قانداق قارايلا؟ نېمىگە بۇيرۇيلا؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا ئادەم بالىسىدەك بول دېدى، يەنى قاتىل بولماي، ئۆلتۈرۈلگۈچى بول دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3624 ستكون فتن القاعد فيها خير من القائم و القائم فيها خير من الماشي و الماشي فيها خير من الساعي من تشرف لها تستشرفه و من وجد فيها ملجأ أو معاذا فليعذ به ( حم ق ) عن أبي هريرة

3624. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا نۇرغۇن پىتنە ـ پاساتلار يۈز بېرىدۇ، بۇ پىتنە زامانىدا ئولتۇرۇۋالغۇچى، ماڭغۇچىدىن، ماڭغۇچى يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىدۇر، كىم ئۇ پىتنىگە بويۇن سوزۇپ قارىسا، پىتنە ـ پاساتمۇ ئۇنى كۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشى پىتنىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا بىرەر پاناھگاھ ئىلتىجا قىلىدىغان جاي تاپقان كىشى شۇ جاي بىلەن پاناھلانسۇن، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3625 ( صحيح ) ستكون معادن يحضرها شرار الناس ( حم ) عن رجل من بني سليم

3625. بەنىي سۇلەيمدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەدەن، كانلار ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى يەنى دىنسىزلار ھازىر بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، مارجان، گۆھەر، نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر قاتارلىقلار مەدەن كانلار ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭغا پەقەت دىنسىزلارلا ھازىر بولدى.

3626 ( حسن ) سجدتا السهو في الصلاة تجزئان من كل زيادة و نقصان ( ع عد هق ) عن عائشة

3626. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدىكى سەھۋىنىڭ ئىككى سەجدىسى ھەرقانداق زىيادە نۇقساندىن كۇپايە قىلىدۇ، (يەنى ئۇشۇق، كەم بولۇپ قالسا، ئىككىلا سەجدە قىلىدۇ) ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ئەدى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

3627 ( صحيح ) سددوا و قاربوا ( طب ) عن ابن عمرو

3627. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەمەللىرىڭلاردا نورمال مۆتىدىل، ئوتتۇرھال، ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، توغرا يول تۇتۇڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) سددوا و قاربوا و أبشروا و اعلموا أنه لن يدخل أحدكم الجنة عمله و لا أنا إلا أن يتغمدني الله بمغفرة و رحمة ( حم ق ) عن عائشة

3628. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىشلىرىڭلاردا نورمال، ئوتتۇرھال توغرا يول تۇتۇڭلار، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەرگىز ئۇنىڭ ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، مېنى ئاللاھ تائالا مەغپىرەت قىلىشى ۋە رەھمىتى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، (جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن پەزلى بىلەن كىرىدۇ، ئەمەللەر بولسا، يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىدۇر، رەھمەت، رەھمەتكە سەۋەب بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3629 سعادة لابن آدم ثلاث و شقاوة لابن آدم ثلاث فمن سعادة ابن آدم: الزوجة الصالحة و المركب الصالح و المسكن الواسع و شقوة لابن آدم ثلاث: المسكن السوء و المرأة السوء و المركب السوء ( الطيالسي ) عن سعد**

3629. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئادەم بالىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچتۇر، جاپا ـ مۇشەققىتىمۇ ئۈچتۇر، ياخشى ئايال، ياخشى مەركەپ، كەڭرى ھويلا ئۆي بەختتۇر ، تار، يامان جاي، يامان ئايال، يامان مەركەپ، يەنى مىنىدىغان ھايۋاننىڭ ناچىرى، جاپا ـ مۇشەققەتتۇر، تەيالىسى توپلىغان، ھەسەن.

**3630 ( صحيح ) سكاتما إقرارها – يعني البكر – ( د ) عن عائشة**

3630. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىزچاقنىڭ سۈكۈت قىلىشى، ئىقرار قىلىپ، رازى بولىشىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3631 ( صحيح ) سل الله العفو و العافية في الدنيا و الآخرة ( تخ ك ) عن عبدالله بن جعف**

3631. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن سىنى ئەپۇ قىلىشنى، دۇنيا ئاخىرەتتە سالامەت ساقلاشنى سورىغىن، ھاكىم، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3612 سلوا الله العفو و العافية فإن أحدا لم يعط بعد اليقين خيرا من العافية ( حم ت ) عن أبي بكر**

3632. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەپۇ قىلىشنى ئىككى ئالەمدە ساق ـ سالامەت ساقلاشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن كېيىن قالسا ئىككى ئالەمدە ساق ـ سالامەت قىلىشتىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ، (يەنى بالا، ئازابدىن، پىتنىدىن ساق ـ سالامەت قېلىش، ئىشەنچ ئىماندىن قالسا ياخشىدۇر،). ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

**3633 سلوا الله أن يستر عوراتكم و يؤمن روعاتكم ( الخرائطي في مكارم الأخلاق ) عن أبي هريرة**

3633. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن ئەۋرەتڭلارنى يېپىشنى، قورقىنىڭلاردىن سىلەرنى ئەمىن، خاتىرجەم قىلىشنى سوراڭلار، خەرائىتى توپلىغان، ھەسەن.

**3634 سلوا الله ببطون أكفكم و لا تسألوه بظهورها ( طب ) عن أبي بكرة**

3634. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن دۇئا قىلغاندا ئالقانلىرىڭلارنىڭ ئالقىنى بىلەن سوراڭلار، ئارقىسى، دۈمبىسى، تەتۈرى بىلەن سورىماڭلار، يەنى ئالقىنىڭلارنى يۈزۈڭلارغا قىلىڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3635 ( حسن ) سلوا الله علما نافعا و تعوذوا بالله من علم لا ينفع ( ه حب ) عن جاب**

3635. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن مەنپەئەتلىك ئىلىمنى سوراڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ، مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەڭلار، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**3636 سلوا الله لي الوسيلة أعلى درجة في الجنة لا ينالها إلا رجل واحد و أرجو أن أكون أنا هو ( ت ) عن أبي هريرة**

3636. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن ماڭا ۋەسىيلە بېرىلىشىنى سوراڭلار، ئۇ جەننەتتىكى دەرىجىنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئۇستۈنىدۇر، ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا كىشى ئېرىشەلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ مەقام مەھمۇدتۇر. سورىغان ئىكەن، ئاللاھ بېرىدۇ، بىز ئۇنى ئەزاندا سورايمىز.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

3637 سلوا الله لي الوسيلة فإنه لا يسألها لي عبد في الدنيا إلا كنت له شهيدا أو شفيعا يوم القيامة(ش طس) عن ابن عباس

3637. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالادىن مەن ئۈچۈن ۋەسىيلە سوراڭلار، ھەقىقەتەن بىرەر بەندە مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ۋەسىيلە سورىسا، مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى گۇۋاھچى، شاپائەتچى بولىمەن، ئەبۇ شەيبە ئەۋسەتتە بار بولۇپ، ھەسەن.

بىز بۇ ۋەسىلىنى ئەزاندا مۇنداق سورايمىز، «رەببى ھازىھىددەئۋەتىتتامە ۋەسالاتىلقائىمە ئاتى مۇھەممەد دەنىلۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلە ۋەبئەسھۇ مەقامەم مەھمۇدەنىللەزى ۋەئەتتەھۇ ۋەرزۇقنا شافائەتھۇ يەۋمەلقىيامەت يا ئەرھەمەرراھىمىين، ئامىن!»

3638 سمعتم بمدينة جانب منها في البر و جانب في البحر ؟ لا تقوم الساعة حتى يغزوها سبعون ألفا من بني إسحاق فإذا جاءوها نزلوا فلم يقاتلوا بسلاح و لم يرموا بسهم قالوا: لا إله إلا الله و الله أكبر فيسقط أحد جانبيها الذي في البحر ثم يقول الثانية: لا إله إلا الله و الله أكبر فيسقط جانبها الآخر ثم يقول الثالثة: لا إله إلا الله و الله أكبر فيفرج لهم فيدخلوها فيغنمون فبينما هم يقتسمون المغانم إذ جاءهم الصريخ فقال: إن الدجال قد خرج فيتركون كل شيء و يرجعون ( م ) عن أبي هريرة

3638. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەر مەدىنىنىڭ بىر تەرىپى قۇرۇقلۇقتا يەنە بىر تەرىپى دېڭىزدا دەپ ئاڭلاپ باققانمۇ؟ مەدىنىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئىسھاقنىڭ باللىرىدىن 70000 كىشىلىك قوشۇن غازات قىلمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلار مەدىنىگە چۈشىدۇ، ئۇلار قورال بىلەن جەڭ قىلمايدۇ، ئوقيامۇ ئاتمايدۇ، ئۇلار پەقەت لائىلاھە ئەللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دېسىلا مەدىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىرسى يەنى دېڭىزدىكى تەرىپى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر!!! دەپ تەكبىر ئېيتسا، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى يەنە بىر تەرىپى چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم تەكبىر ئېيتىشى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن غەلىبە ئاتا قىلىنىپ، ئىشلار ئاسان بولىدۇ، ئۇلار مەدىنىگە كىرىپ، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ، تەقسىم قىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر جاكارچى ھەقىقەتەن دەججال چىقىپتۇ!!! دەپ توۋلايدۇ، ئاندىن ئۇلار ھەممە نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كېتىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3639 ( صحيح ) سم ابنك عبد الرحمن ( م ) عن جابر

3639. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئوغلۇڭنىڭ ئىسمىنى ئابدۇراھمان قويغىن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3640 ( صحيح ) سموا الله عليه و كلوه ( خ ه ) عن عائشة

3640. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۇ گۆشكە، تائامغا سىلەر ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىسمىللا دەپ يەڭلار، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3641 ( صحيح ) سموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي ( طب ) عن ابن عباس

3641. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە ئىسىم قويماڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3642 ( صحيح ) سموا باسمي و لا تكنوا بكنيتي فإني إنما بعثت قاسما أقسم بينكم ( ق ) عن جابر

3642. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويساڭلار بولىدۇ، كىنايە ئىسمىم بىلەن كىنايە قىلىپ ئاتىماڭلار، ھەقىقەتەن مەن تەقسىم قىلغۇچى قاسىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم، مەن ئاراڭلارغا تەقسىم قىلىمەن،

(يەنى ئىلىمنى غەنىيمەتنى مىراسلارنى تەقسىم قىلىمەن) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3643 ( صحيح ) سورة تبارك هي المانعة من عذاب القبر ( ابن مردويه ) عن ابن مسعود**

3643. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۈرە تەبارەك يەنى مۇلۇك، قەبرە ئازابىدىن توسىدۇ (يەنى بۇ سۈرىنى كۆپ ئوقۇپ بەرگۈچى قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ) ئىبنى مەردىۋەييە توپلىغان، سەھىھ.

**3644 سورة من القرآن ما هي إلا ثلاثون آية خاصمت عن صاحبها حتى أدخلته الجنة و هي تبارك ( طس الضياء ) عن أنس**

3644. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ پەقەت 30 ئايەتتۇر، ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا كۆپ ئوقۇغان كىشى توغرىسىدا داۋالىشىپ، شاپائەت قىلىپ، ئاخىرى ئىگىسىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ سۈرە بولسا تابارەكتۇر، يەنى سۈرە مۇلۇك. ئەۋسەت، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداقتۇر.

**3645 ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3293طب عن فضالة بن عبيد ( سووا القبور على وجه الأرض ( إذا دفنتم الموتى )**

3645. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېيىتلەرنى دەپنە قىلىپ قالساڭلار، قەبرىلەرنى يەر يۈزى بىلەن تەڭ قىلىڭلار، (باشقا خاتىرىدە مۇتلەق: تۈز قىلىڭلار دېيىلگەن) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3646 ( حسن ) سووا صفوفكم أو ليخالفن الله بين وجوهكم ( ه ) عن النعمان بن بشير**

3646. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈزلىسەڭلار، تۈزلەڭلار. ياكى تۈزلىمىسەڭلار، ئاللاھ تائالا يۈزلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى بىر ـ بىرىگە خىلاپ قىلىۋېتىدۇ، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، يەنى ئىختىلاپتا قىلىۋېتىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**3647 ( صحيح ) سووا صفوفكم فإن تسوية الصفوف من إقامة الصلاة ( حم ق د ه ) عن أنس**

3647. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، باراۋەر، تۈز تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن سەپلەرنى تۈزلەش، نامازنى كەمىل، تولۇق بەرپا قىلغانلىقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3648 ( صحيح ) سووا صفوفكم لا تختلف قلوبكم ( الدارمي ) عن البراء**

3648. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەپلىرىڭلارنى تۈزلەپ، تۈز تۇرۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلار، دىللىرىڭلار ئىختىلاپلاشمايدۇ، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

**3649 سلامة الرجل في الفتنة أن يلزم بيته ( فر أبو الحسن بن المفضل المقدسي في الأربعين المسلسلة) عن أبي موسى**

3649. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ پىتنە ـ پاسات زامانىدا سالامەت قېلىشى، ئۆيىنى مەھكەم لازىم تۇتىشىدۇر، دەيلىمى فىردەۋستە، ئەبۇلھەسەن توپلىغان، ھەسەن.

**3650 سيأتي على الناس سنوات خداعات يصدق فيها الكاذب و يكذب فيها الصادق و يؤتمن فيها الخائن و يخون فيها الأمين و ينطق فيها الرويبضة قيل: و ما الرويبضة ؟ قال: الرجل التافه يتكلم في أمر العامة ( حم ه ك )عن هريرة**

3650. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا كىشىلەرگە ھىيلە ـ مىكىرلىك ئالدامچى يىللار يېتىپ كېلىدۇ، بۇ يىللاردا يالغانچى كاززاپنىڭ سۆزى تەستىقلىنىپ، ئۇ راستچىل ئادەم قىلىنىدۇ، راستچىل، سەممىي كىشىلەر

بولسا، يالغانچى قىلىنىدۇ، خائىنغا ئامانەت قويۇلىدۇ، خائىننى ئىشەنچلىك قىلىنىپ، ئىشەنچلىك كىشىنى خائىن سانىلىدۇ، بۇ يىللاردا ئەقىلسىز، نادان، دۆت كىشىلەر ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆز قىلىپ كېتىدۇ، يەنى باش بولىدۇ .ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3651 سيأتيكم أقوام يطلبون العلم فإذا رأيتموهم فقولوا لهم: مرحبا بوصية رسول الله و أفتوهم ( ه ) عن أبي سعيد**

3651. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېقىندا سىلەرگە نۇرغۇن قەۋملەر ئىلىم تەلەپ قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەندە مۇنداق دەڭلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن سىلەرگە مەرھابا، خۇش كەپسىلەر، ئۇلارغا پەتىۋا بېرىڭلار، (يەنى ئۇ ۋەسىيەت ھەدىسلەردۇر)، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**3652 ( صحيح ) سيحان و جيحان و الفرات و النيل كل من أنهار الجنة ( م ) عن أبي هريرة**

3652. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەيھان، جەيھان، پۇرات، نىيل دەريالىرىنىڭ ھەممىسى جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدىندۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، سەيھان بىلەن جەيھان، تۇرسۇس شەھرىدىكى ئاۋاسىم دېيىلىدىغان جايدىكى ئىككى دەريادۇر، پۇرات كۇفىدىكى دەريادۇر، مەنىسى، تاتلىق سۇ، نىل مىسىردىكى مەشھۇر دەريادۇر، ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى، مەقسىدىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بەلكىم، بىز ئىنسانلارغا كۆرسەتمەي جەننەتتىن مەنبۇى جەھەتتىن ئاقتۇرغاندۇر ياكى بۇ تەمسىلدۇر دېدى، ياكى تۇنجى ھاسىل بولۇشى، شەكىللىنىشى شۇنداق بولىدۇ.

**3652 ( صحيح ) سيحان و جيحان و الفرات و النيل كل من أنهار الجنة ( م ) عن أبي هريرة**

3653. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا بىر تۈرلۈك قەۋملەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىن مەيدانغا چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى خۇددى سۈتنى ئىچكەندەك ئىچىۋېتىدۇ، (يەنى قۇرئان ئوقۇغانغا ئەجىر ئالىدۇ، بۇ خاتا ئىدى) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3653 ( حسن ) سيخرج أقوام من أمتي يشربون القرآن كشربهم اللبن ( طب ) عن عقبة بن عامر**

3654. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا ئاخىر زاماندا يېشى كىچىك، ئەقىلسىز نادان قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار مەخلۇقلار سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يەنى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ، (پەقەت ئاغزىدىلا ياخشى سۆز قىلىپ قويىدۇ) ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، (يەنى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ) ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقىيا ئوقى نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك، تېز چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئالاھىدە ئەجىر، مۇكاپات باردۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3655 سيروا هذا جمدان سبق المفردون الذاكرون الله كثيرا و الذاكرات ( حم م ) عن أبي هريرة**

3655. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن بىر كېچىلىك يىراقتىكى جۇمدان دېگەن تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مۇنداق دېگەن : سەيرە قىلىپ مېڭىڭلار، بۇ جۇمدان تېغىدۇر، تەنھا ھالدا ئاللاھنى ئەسلىگۈچى زاكىر ئەرلەر ۋە زاكىر ئاياللار ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچىلەر ئەجىر ۋە مۇكاپاتتا ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھى، مۇپەررىدۇننىڭ مەنىسى زاكىر، ئالىمدۇر.

**3656 ( صحيح ) سيشدد هذا الدين برجال ليس لهم عند الله خلاق ( المحاملي في أماليه ) عن أنس**

3656. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بۇ دىن بەزى كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزلىرىگە قاتتىق قىلىۋېلىشى سەۋەبىدىن قاتتىق قىلىنىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىلچىلىك نىسىۋە يوقتۇر، مۇھاملى توپلىغان، سەھىھ.

**3657** ( صحيح ) سيصدقون و يجاهدون إذا أسلموا ( د ) عن جاب

3657. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن، ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ قالسا، راست سۆزلەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3658** ( حسن ) سيصيب أمتي داء الأمم: الأشر و البطر و التكاثر و التشاحن في الدنيا و التباغض و التحاسد حتى يكون البغي ( ك ) عن أبي هريرة

3658. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بۇندىن كېيىنرەك مېنىڭ ئۇممىتىمگىمۇ مۇندىن بۇرۇنقى ئۇممەتلەرنىڭ مۇنداق كېسەللىرى يېتىدۇ، تەكەببۇرلۇق، كۆرەڭلەش، مەنمەنلىك، ماللارنىڭ باللارنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىش، مال ـ دۇنيانى دەپ ئاداۋەتلىشىش، دۈشمەنلىشىش، ئۆزئارا ھەسەد قىلىش، ھەتتا تاجاۋۇز ھەددىدىن ئېشىشلار يۈز بېرىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**3659** سيصير الأمر إلى أن تكونوا جنودا مجندة جند بالشام و جند باليمن و جند بالعراق عليك بالشام فإنها خيرة الله من أرضه يجتبي إليها خيرته من عباده فإن أبيتم فعليكم بيمنكم و اسقوا من غدركم فإن الله قد توكل لي بالشام و أهله ( حم د ) عن عبدالله بن حوالة

3659. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىش يەنى خەلىپىلىك سىلەر توپلاشقان نۇرغۇن قوشۇن بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ، پات يېقىندا شۇنداق بولىدۇ، بىر قوشۇن شامدا، بىر قوشۇن يەمەندە، بىر قوشۇن ئىراقتا بولىدۇ، شۇ چاغدا سەن شامنى لازىم تۇت، ھەققەتەن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنىدۇر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى تاللىنىپ شۇ جايغا بارىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار، يەمەندە تۇرۇۋېرىڭلار، سىلەرگە ئەھدىنى بۇزۇپ خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ سۇ بېرىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھ تائالا ماڭا شام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە كېپىل بولدى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**3660** سيقرأ القرآن رجال لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية ( ع ) عن أنس

3660. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا قۇرئاننى بىر قىسىم كىشىلەر ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**3661** سيكون أمراء تعرفون و تنكرون فمن نابذهم نجا و من اعتزلهم سلم و من خالطهم هلك(ش طب) ابن عباس

3661. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەلگۈسىدە سىلەر ئىشلىرىنى تونۇپ، ياخشى دەيدىغان ھەم نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەمىر باشلىقلار بولىدۇ، كىم ئۇلارنى تاشلاپ تەرك ئەتسە، نىجات تاپىدۇ، كىم ئۇلاردىن ئايرىلىۋالسا سالامەت قالىدۇ، كىم ئۇلارغا ئارىلاشسا، ھالاك بولىدۇ، ئەبۇ شەيبە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3662** سيكون بعدي من أمتي قوم يقرءون القرآن لا يجاوز حلاقيمهم يخرجون من الدين كما يخرج السهم من الرمية ثم لا يعودون فيه هم شر الخلق و الخليقة سيماهم التحليق ( حم م ه ) عن أبي ذر ورافع بن عمرو الغفاري

3662. ئەبۇ زەر، رافىئ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مەندىن كېيىن ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا

كېلىپ، قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار دىندىن خۇددى ئوقيا نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇلار بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىنسان، جىنلارنىڭ ھەتتا، ھايۋانلارنىڭمۇ ئەڭ يامانلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى چېچىنى چۈشۈرۈش،تاقىرباش. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3663 ( حسن ) سيكون رجال من أمتي يأكلون ألوان الطعام و يشربون ألوان الشراب و يلبسون ألوان الثياب و يتشدقون في الكلام فأولئك شرار أمتي ( طب حل ) عن أبي أمامة**

3663. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشلەر مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار تائامنىڭ رەڭگارەڭ ھەرخىل تۈردىكىلىرىنى يەيدۇ، شارابنىڭمۇ ھەرخىل تۈردىكىنى ئىچىدۇ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەڭگارەڭ، ھەرخىل تۈرلىرىنى كىيىدۇ، ئاغزىنى مايماق قىلىپ، ياساپ سۆز قىلىپ، كۆپ سۆزلەيدۇ، ئەنە شۇلار مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ يامان كىشلىرىدۇر، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

**3664 سيكون عليكم أمراء يؤخرون الصلاة عن مواقيتها و يحدثون البدع قال ابن مسعود: فكيف أصنع ؟ قال: تسألني يا ابن أم عبد كيف تصنع ؟ لا طاعة لمن عصى الله ( ه هق ) عن ابن مسعود**

3664. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا سىلەرگە نامازنى ئۆز ۋاقتلىرىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان نۇرغۇن بىدئەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان، ئەمىر باشلىقلار بولىدۇ، ئىبنى مەسئۇد شۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئۇممە ئابدۇنىڭ ئوغلى، قانداق قىلىمەن؟ دەپ سوراۋاتامسەن؟ ئاللاھقا ئاسىي بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق دېدى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3665 سيكون في آخر الزمان خسف و قذف و مسخ إذا ظهرت المعازف و القينات و استحلت الخمر طب)عن سهل بن**

3665. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇندىن كېيىن ئاخىر زاماندا ھەرخىل ساز، نەغمە ـ ناۋالار، ناخشا ئېيتىدىغان ئاياللار ئاشكارا بولغاندا، ھاراق ھالال سانالغاندا يەر يۇتۇپ كېتىش، قاتتىق يەر تەۋرەش، ئاسماندىن تاش يېغىش، كىشلەرنىڭ سۈرىتى باشقا نەرسىنىڭ ھەتتا ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىشلەر يۈز بېرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، نەغمە ـ ناۋا، ئاياللار ناخشىسى ھارامدۇر، چۈنكى، ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغدۇ.

**3666 سيكون في آخر الزمان شرطة يغدون في غضب الله و يروحون في سخط الله ( طب ) عن أبي أمامة**

3666. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاخىر زاماندا بىر تۈركۈم ساقچىلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە يولغاچىقسا، كەچ تەرەپتە يەنىلا ئاللاھنىڭ كايىشى، ئاچچىقى ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3667 سيكون في آخر الزمان ناس من أمتي يحدثونكم بما لم تسمعوا به أنتم ولاآباؤكم فإياكم وإياهم ( م ) عن أبي هريرة**

3667. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەلگۈسىدە ئاخىر زاماندا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشلەر مەيدانغا كېلىپ، سىلەرگە: سىلەرمۇ ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى، ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، (چۈنكى، ئۇلار يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچى، بىدئەتچى كازاپلاردۇر) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3668 سيكون في أمتي اختلاف و فرقة قوم يحسنون القيل و يسيئون الفعل يقرءون القرآن لا يجاوز تراقيهم يمرقون من الدين مروق السهم من الرمية لا يرجعون حتى يرتد على فوقه هم شرار الخلق و الخليقة طوبى لمن قتلهم و قتلوه يدعون إلى كتاب الله و ليسوا منه في شيء**

من قاتلهم كان أولى بالله منهم سيماهم التحليق ( د ك ) عن أبي سعيد وأنس معا ( حم د ه ك ) عن أوس وحده

3668. ئەبۇ سەئىد، ئەنەس، ئۇۋەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا ئۇممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ، ۋە بىر قەۋمنىڭ تەپرىقچىلىقى، بۆلۈنۈۋېلىشى يۈز بېرىدۇ، ئۇلار سۆزنى ياخشى قىلىدۇ، ئەمەلنى بولسا يامان قىلىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، دىندىن خۇددى ئوقيا نىشانغا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارغا قارشى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىلمىگىچە ئۇلار دىنغا قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇلار بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا چاقىرىدۇ، لېكىن، ئۇلار قۇرئاندىن ھېچبىر يېرىدە ئەمەس، ھېچبىر جايغا ئەمەل قىلمايدۇ، كىم ئۇلارنى ئۆلتۈرەلىسە، ئۇ ئاللاھقا ئۇلاردىن يېقىنراق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى دائىم چېچىنى چۈشۈرتۈش، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3669 ( صحيح ) سيكون في أمتي أقوام يكذبون بالقدر ( حم ك ) عن ابن عم

3669. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا ئۇممىتىم ئىچىدە تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3670 ( صحيح ) سيكون قوم يأكلون بألسنتهم كما تأكل البقر من الأرض ( حم ) عن سعد

3670. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەلگۈسىدە خۇددى كالا زېمىندىن ئوت ـ چۆپلەرنى يالماپ يېگەندەك ، تىللىرى بىلەن يالماپ، يۈگەپ ھەممىنى يەيدىغان قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇ، (يەنى دۇنياپەرەس) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3671 ( حسن ) سيكون قوم يعتدون في الدعاء ( حم د ) عن سعد

3671. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پات يېقىندا دۇئادا ھەددىدىن ئاشىدىغان قەۋم مەيدانغا كېلىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، (يەنى ۋارقىراش، بىدئەت، مەرتىۋىسىدىكى ئېشىش) ھەسەن.

3672 ( صحيح ) سيلي أموركم من بعدي رجال يعرفونكم ما تنكرون و ينكرون عليكم ما تعرفون فمن أدرك ذلك منكم فلا طاعة لمن عصى الله عز و جل ( طب ك ) عن عبادة بن الصامت

3672.ئۇبادە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەلگۈسىدە ئىشلارغا مەندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىگە بولىدۇ، ئۇلار سىلەر ئىنكار قىلغان مۇنكەر ئىشنى ياخشى دەپ قارايدۇ، سىلەر ياخشىلىق دېگەن ئىشلارنى بولسا ، سىلەرگە ئىنكار قىلىپ يامان سانايدۇ، سىلەردىن كىم شۇنى تاپسا ، بىلىپ قالسۇنكى، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەگە ئاسىي بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3673 سيوقد المسلمون من قسي يأجوج و مأجوج و نشابهم و أترستهم سبع سنين ( ه ) عن النواس

3673. نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەلگۈسىدە مۇسۇلمانلار يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ ئوقيا ئوقلىرىنى، قالقانلىرىنى، يەتتە يىل قالايدۇ، (يەنى ئۇلارنى ئاللاھ ھالاك قىلغاندىن كېيىن) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن يەئجۇج ـ مەئجۇجدىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلار بىر نەچچە يىل ياشايدىكەن.

3674 سيد الاستغفار أن تقول: اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على عهدك و وعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت أبوء لك بنعمتك علي و أبوء لك بذنبي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت من قالها من النهار موقنا بها فمات من يومه قبل أن يمسي فهو من أهل الجنة و من قالها من الليل و هو موقن بها فمات قبل أن يصبح فهو من أهل الجنة ( حم خ ن ) عن شداد بن أوس

3674. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەييىدۇلئىستىغفار يەنى مەغپىرەت سوراشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، كاتتىسى مۇنداق دېيىشتۇر، «**ئاللاھۇممە ئەنتە رەببىي لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە خەلەقتەنى ۋە ئەنە ئابدۇكە ۋە ئەنە ئەلا ئەھدىكە ۋەۋەئدىكە مەستەتەئتۇ ئەئۇزۇبىكە مىن شەررىما سەنەئتۇ ئەبۇئۇلەكە بىنىئمەتىكە ئەلەييە ۋە ئەبۇئۇلەكە بىزەمبى فەغفىرلى فەئىننەھۇ لايەغفىرۇززۇنۇبە ئىللا ئەنتە**» كىم بۇ ئىستىغفارنى كۈندۈزى شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا دەپ شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ، كىم بۇنى شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا كېچىسى ئېيتىپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى: 2612 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇنى تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3675 سيد الشهداء حمزة بن عبد المطلب و رجل قام إلى إمام جائر فأمره و نهاه فقتله ( ك الضياء ) عن جابر**

3675. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ بىلەن زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇپ، ئاندىن ئۇ زالىم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر، بۇ ھەققەتچى ھەمزە بىلەن بىرگە شېھىدلارنىڭ خوجىسى بولىدۇ، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**3676 سيد الشهداء عند الله يوم القيامة حمزة بن عبد المطلب ( ك ) عن جابر ( طب ) عن علي**

3676. جابىر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شېھىدلارنىڭ سەييىدى، خوجىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەللىپ (ۋە ھېلىقى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق سۆز قىلغان ھەققەتچى يىگىتتۇر) ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3677 ( صحيح ) سيد ريحان أهل الجنة الحناء ( طب خط ) عن ابن عمر**

3677. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ رەيھان گۈلىنىڭ سەييىدى، خوجىسى ھىنائ ئىسمىلىك خىنە گۈلدۇر، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3678 ( صحيح ) سيدات نساء أهل الجنة أربع: مريم و فاطمة و خديجة و آسية ( ك ) عن عائشة**

3678. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى تۆتتۇر، مەريەم، پاتىمە، خەدىيچە، ئاسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3679 ( حسن ) السائمة جبار و الجب جبار و المعدن جبار و في الركاز الخمس ( حم ) عن جابر**

3679. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوتلاقتا، يايلاقتا قويۇپ بېرىلگەن ھايۋاننىڭ سالغان زىيىنى بىكاردۇر، قۇدۇق بىكاردۇر، كاڭ مەدەن ئورنى سالغان زىيان يەتكەن، ئاپەت بىكاردۇر (يەنى تۆلەپ بېرىلمەيدۇ، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئۆزى ئىگە) كاڭ، مەدەن تېپىۋالغان بايلىقلاردا بەشتىن بىرىنى(بەيتۇلمالغا) بېرىش ۋاجىپتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3680 الساعي على الأرملة و المسكين كالمجاهد في سبيل الله أو القائم الليل الصائم النهار (حم ق ت ن ه)عن أبي هريرة**

3680. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇل ئاياللارغا، مىسكىنلەرگە خىزمەت قىلىپ، ھاجىتىدىن چىققۇچى كىشى، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر، ياكى كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغۇچى، كۈندۈزى

روزا تۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3681** ( صحيح ) السبع المثاني فاتحة الكتاب ( ك ) عن أبي

3681. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت سۈرە فاتىھە كىتاب ئاچقۇچىدۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3682** السجدة التي في ( ص سجدها داود توبة و نحن نسجدها شكرا ) ( طب خط ) عن ابن عباس

3682. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساد سۈرىسىدىكى سەجدىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن قىلدى، بىز بولساق شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلىمىز، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3683** ( حسن ) السحور أكله بركة فلا تدعوه و لو أن يجرع أحدكم جرعة من ماء فإن الله و ملائكته يصلون على المتسحرين ( حم ) عن أبي سعيد

3683. ئەبۇ سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزاندا زوھۇرلۇق يېيىش بەرىكەتتۇر، گەرچە بىرىڭلار سۇ ئوتلاپمۇ بولسا زوھۇرلۇق يېيىشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ۋە پەرىشتىلىرى زوھۇرلۇق يىگۈچىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**3684** ( صحيح ) السراويل لمن لا يجد الإزار و الخف لمن لا يجد النعلين ( د ) عن ابن عباس

3684. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەجدىكى كىيىدىغان كىيىم توغرىسىدا مۇنداق دېگەن : بەدىنىنى يۆگەيدىغان رەخت، پۈركەنجە تاپالمىغان كىشى ئىشتان كىيسە بولىدۇ، ئايىغىنى تاپالمىغان كىشى ئۆتۈكىنىڭ ئوشۇقى ئاستىدىن كىسىۋېتىپ كىيسە بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3685** ( صحيح ) السعيد من سعد في بطن أمه و الشقي من شقي في بطن أمه ( طص ) عن أبي هريرة

3685. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سائادەتمەن كىشى دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا سائادەتمەن دەپ يېزىلغان كىشىدۇر، شەقىي كىشى دېگەن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا شەقىي دەپ يېزىلغان كىشىدۇر، (ئاللاھ ئالدىن بىلىپ يازىدۇ) تەبرانى سەغىيردا توپلىغان، سەھىھ.

**3686** ( صحيح ) السفر قطعة من العذاب يمنع أحدكم طعامه و شرابه و نومه فإذا قضى أحدكم نهمته من وجهه فليعجل الرجوع إلى أهله ( مالك حم ق ه ) عن أبي هريرة

3686. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەر دېگەن ئازابنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئۇ بىرىڭلارنى تائامدىن، ئىچىملىكىدىن، ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويىدۇ، بىرىڭلار ئۆز يولىدا ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولسا، ئەھلىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3687** ( صحيح ) السفل أرفق ( حم م ) عن أبي أيوب

3687. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگەكېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە مۇنداق دېگەن: سەن ئۈستىدە يېتىۋەرگىن، مەن ئاستىدا تۇراي، ئاستىدا تۇرۇشۇم ساھىبلىرىمغا ۋە مېنى مەخسەت قىلىپ كەلگەنلەرگە قۇلايلىق بولىدۇ، مېھرىبانلىق بولىدۇ، ھاجىتىدىن ئاسان چىقىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3688** ( صحيح ) السكينة عباد الله السكينة ( أبو عوانة ) عن جاب

www.uyghurkitap.com

3688. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، خاتىرجەملىكنى، تېنىچلىقنى لازىم تۇتۇڭلار، (بۇ ھەدىسنى ھەجدە تۆگە ئۈستىدە كېتىۋېتىپ دېگەن ئىدى) ئەبۇ ئەۋانە توپلىغان، سەھىھ.

3689 ( صحيح ) السكينة في أهل الشاء ( البزار ) عن أبي هريرة

3689. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتىرجەملىك، تېنىچلىق قوي ئەھلىلىرىدە بولىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3690 ( صحيح ) السلف في حبل الحبلة ربا ( حم ن ) عن ابن عباس

3690. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھامىلداربوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىغا ئالدىن پۇل بېرىش، بەيئى سەلەم قىلىش جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ، يەنى ھارامدۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (ھارام بولۇش سەۋەبى يارالمىغان يوق نەرسىنى ساتقان).

3691 ( صحيح ) السل شهادة ( أبو الشيخ ) عن عبادة بن الصامت

3691.ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆپكە كېسىلىدە ئۆلگەن ئادەم شېھىد بولىدۇ، (بۇ ھەرقانداق ئۆپكە كېسىلىنى ھەتتا يۆتەل، ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەبۇششەيخ توپلىغان، سەھىھ.

السمت الحسن و التؤدة و الاقتصاد جزء من أربعة و عشرين جزءا من النبوة ( ت ) عن عبدالله بن سرجس

3692. ئابدۇللاھ ئىبنى سىرجەسن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى ئەخلاق تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىق بولۇش ئىشلاردا نورمال، ئوتتۇرھال بولۇش، پەيغەمبەرلىكنىڭ 24 پارسىنىڭ بىر پارسىدۇر ، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

3693 ( صحيح ) السمع و الطاعة حق على المرء المسلم فيما أحب أو كره ما لم يؤمر بمعصية فإذا أمر بمعصية فلا سمع عليه ولا طاعة (حم ق عق ) عن ابن عمر

3693. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ياخشى كۆرگەن ياكى ياقتۇرمىغان ھەرقانداق ئىشلاردا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇلمىسىلا ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر مەئسىيەتكە، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا بۇيرۇلسا، بۇ چاغدا ئاڭلاشمۇ يوق، ئىتائەت قىلىشمۇ يوقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ئۇقەيلى توپلىغان، سەھىھ.

3697 السنور من أهل البيت و إنه من الطوافين أو الطوافات عليكم ( حم ) عن أبي قتادة

3694. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۈشۈك بولسا ، ئەھلى بەيت ئۆيىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر، ھەققەتەن ئۇ سىلەرنى زىيارەت قىلىپ، تاۋاپ قىلغۇچىدۇر، (يەنى ئۇ نىجىس ئەمەس) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3695 السواك مطهرة للفم مرضاة للرب ( حم ) عن أبي بكر(الشافعي حم ن حب ك هق) عن عائشة ( ه ) عن أبي أمامة

3695. ئەبۇ بەكرى، ئائىشە ، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىسۋاك سىلىش، ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەبنى رازى قىلىدۇ، ئەھمەد ، شافىئىي، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

3696 ( صحيح ) السواك يطيب الفم و يرضي الرب ( طب ) عن ابن عباس

3696. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەبنى رازى قىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ، ئىسلام

دىنى مىسۋاك سىلىشنى، ئېغىزنى پاكلاشنى تەكىتلەيدۇ.

**3697 السلام اسم من أسماء الله وضعه الله في الأرض فأفشوه بينكم فإن الرجل المسلم إذا مر بقوم فسلم عليهم فردوا عليه كان له عليهم فضل درجة بتذكيره إياهم السلام فإن لم يردوا عليه رد عليه من هو خير منهم و أطيب ( البزار هب ) عن ابن مسعو**

3697. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەسسالام ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر، ئاللاھ ئۇنى زېمىنغا قويدى، ئورۇنلاشتۇردى، سالامنى ئاراڭلاردا كەڭرى، ئاشكارا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مۇسۇلمان كىشى بىرەر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغا سالام قىلسا، ئۇلارمۇ سالام قايتۇرسا، بۇ مۇسۇلمان كىشى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارغا ئەسسالامنى ئاللاھنى ئەسلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىر دەرىجە، پەزىلەت ئارتۇق بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار سالام قايتۇرمىسا، بۇ كىشىگە ئۇلاردىن پاكراق، ياخشىراق كىشىلەر يەنى پەرىشتىلەر سالام قايتۇرىدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن سالام قىلىۋەرگىن) بەزار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3698 السلام عليكم دار قوم مؤمنين و إنا إن شاء الله بكم لاحقون وددت أنا قد رأينا إخواننا قالوا: أولسنا إخوانك ؟ قال: بل أنتم أصحابي و إخواننا الذين لم يأتوا بعد قالوا: كيف تعرف من لم يأت بعد من أمتك ؟ قال: أرأيت لو أن رجلا له خيل غر محجلة بين ظهري خيل دهم بهم ألا يعرف خيله قالوا: بلى قال: فإنهم يأتون يوم القيامة غرا محجلين من الوضوء و أنا فرطهم على الحوض ألا ليذادن رجال عن حوضي كما يذاد البعير الضال أناديهم: ألا هلم ألا هلم فيقال: إنهم قد بدلوا بعدك فأقول: سحقا فسحقا ( مالك الشافعي حم م ن ه ) عن أبي هريرة**

3698. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەبرىستانغا بارسا مۇنداق دەيتتى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆمىنلەر ھويلىسى، ھەقىقەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا سىلەرگە پات يېقىندا قوشۇلىمىز، قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈشمىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدۇق، ساھابىلەر بىز سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەلكى سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم، ھەمراھلىرىم، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بۇندىن كېيىن كېلىدىغانلاردۇر دېدى، ئۇلار ئۈممەتلىرىدىن تېخى كەلمىگەن بۇندىن كېيىن كېلىدىغان كىشىنى قانداق تونۇيلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇلارغا قانداق قارايسىلەر؟ قېنى دەپ بېقىڭلار چۇ؟ ئەگەر بىر كىشىنىڭ قاشقىلىق نۇرلۇق يۈزىدە پۇتلىرىدا قاشقىلىق نۇرى بار ئېتى بولسا، بۇ ئاتلار تۇم قارا بەلگىسىز، قاشقىسىز ئاتلار ئارىسىدا بولسا بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قاشقىلىق ئېتىنى تونۇيالامسۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە تونۇيدۇ دېيىشتى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەت ئەسەرلىرىدىن نۇرلۇق، قاشقىلىق كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى ھەۋزى كەۋسەر بويىدا ساقلاپ تۇرىمەن، تونۇيمەن! ئاگاھ بولۇڭلاركى ، بىر تۈركۈم كىشىلەر كەۋسەر كۆلۈمدىن خۇددى ئېزىپ قالغان ئازغۇن، ئىگىسى يوق تۆگە ھەيدەلگەندەك ھەيدىلىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، مەن ئۇلارنى بۇياققا كېلىڭلار، بۇياققا كېلىڭلار!!! دەپ توۋلايمەن، ئاندىن ماڭا ئۇلار سەندىن كېيىن دىننى يۆتكىۋەتتى دېيىلىدۇ ، مەن ئاندىن ئۇنداق بولسا، ئۇلار ھالاك بولسۇن، رەھمەتتىن يىراق بولسۇن، ھالاك بولسۇن دەيمەن، مالىك، شافىئىي، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3699 السلام قبل السؤال فمن بدأكم بالسؤال قبل السلام فلا تجيبوه ( ابن النجار ) عن ابن عمر**

3699. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سالام قىلىش، سوئال سوراشتىن بۇرۇن بولىدۇ، كىم سىلەرگە سالام قىلىشتىن بۇرۇن سوئال سورىسا، جاۋاب بەرمەڭلار، (سوئال سورىسا، جاۋاب بەرسە سالام قاچان بولىدۇ؟) ئىبنى نەججار توپلىغان، ھەسەن.

**3700 ( صحيح ) السيد الله ( حم د ) عن عبدالله بن الشخير**

3700. ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قەۋم كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سىلى قۇرەيشلەرنىڭ سەييىدى دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ماختاشلىرىنى ياقتۇرماي، ھەققى سەييىد، خوجايىن ئاللاھ تائالادۇر دېدى، (چۈنكى، ھەممە، ئاللاھقا قۇل بەندىدۇر) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## « ش » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

3701 شارب الخمر كعابد وثن و شارب الخمر كعابد اللات و العزى ( الحارث ) عن ابن عمر

3701. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھاراق ئىچكۈچى، بۇتقا چوقۇنغۇچىغا ئوخشاش، ھاراق ئىچكۈچى لات، ئۇززا دېگەن بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر، (چۈنكى، ئۇ شېرىك، ھارام ئىشلارنى قوشلاپ قىلىدۇ) ھارىس توپلىغان، سەھىھ.

3702 ( صحيح ) شاهت الوجوه ( م ) عن سلمة بن الأكوع ( ك ) عن ابن عباس

3702. سەلەمە ئىبنى ئەكۋە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارغا تاش ـ توپا ئاتقاندا، مۇشرىكلارنىڭ يۈزلىرى قەبىھ بولسۇن، سەت بولسۇن، يەنى ئۇلار ھالاك بولسۇن دېگەن ، «تاشلار ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىگە كىرىپ ئۇلار مەغلۇپ بولغان) مۇسلىم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3703 ( صحيح ) شاهداك أو يمينه ( م ) عن ابن مسعود

3703. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم داۋاگەرگە مۇنداق دېگەن : سەن ئۈچۈن ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى، دەلىل ـ ئىسپاتىڭ بولۇشى لازىم ياكى جاۋابكارنىڭ قەسىمى ساڭا كۇپايە بولىدۇ، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3704 شرار أمتي الثرثارون المتشدقون المتفيهقون و خيار أمتي أحاسنهم أخلاقا ( خد ) عن أبي هريرة

3704. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ يامان كىشىلىرى كۆپ سۆزلەپ، ھەقدىن چىقىپ كېتىدىغان، ياساپ سۆزلەيدىغان، ئەخلاقسىز مۇتەكەببىرلەردۇر، ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرى بولسا، ئەخلاقى گۈزەل، ياخشى بولغانلاردۇر، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

3705 ( حسن ) شرار أمتي الذين غذوا بالنعيم الذين يأكلون ألوان الطعام و يلبسون ألوان الثياب و يتشدقون في الكلام ( ابن أبي الدنيا في ذم الغيبة هب ) عن فاطمة الزهراء

3705. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ يامان كىشىلىرى نېئمەتلىك ، لەززەتلىك غىزالانغانلار، تائاملارنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىدىن يەيدۇ، كىيىملەرنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىدىن كىيىدۇ، سۆزنى ئېھتىيات قىلماي، ھەزەر قىلماي كۆپ سۆزلەيدۇ، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

3706 ( صحيح ) شر الطعام طعام الوليمة يمنعها من يأتيها و يدعى إليها من يأباها و من لا يجب الدعوة فقد عصى الله و رسوله ( م ) عن أبي هريرة

3706. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تائاملارنىڭ ئەڭ يامىنى، كېلىشكە تېگىشلىك چاقىرىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر چەكلەنگەن، چاقىرىلمىغان، ئۈنىمىغان كىشىلەر چاقىرىلىشقا تېگىشلىك ئەمەس كىشىلەر چاقىرىلغان توينىڭ تامىقىدۇر، چاقىرسا بارمىغان كىشى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىي بولغان بولىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3707 شر الكسب مهر البغي و ثمن الكلب و كسب الحجام ( حم م ن ) عن رافع بن خديج**

3707. راپىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەسىپنىڭ ئەڭ يامىنى زىناخورنىڭ كەسپى، پاھىشىۋازنىڭ كەسپى، ئىتنى ساتقان پۇل، قان ئېلىش كەسپى قاتارلىقلاردۇر. يەنى ھارام، ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3708 ( صحيح ) شر الناس الذي يسأل بالله ثم لا يعطي ( تخ ) عن ابن عباس**

3708. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورالسا، بەرمىگەن كىشىدۇر، يەنى بېخىل، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3709 ( صحيح ) شر ما في رجل شح هالع و جبن خالع ( تخ د ) عن أبي هريرة**

3709. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىدىكى ئىللەتنىڭ ئەڭ يامىنى ھېرىسمەن قىلىۋېتىدىغان، قاخشىتىدىغان، بېخىللىق بىلەن جەڭدىن قاتتىق قورقۇشتۇر، ئەبۇ داۋۇد ، بۇخارى تارىىدا توپلىغان، سەھىھ.

**3909 شرف المؤمن صلاته بالليل و عزه استغناؤه عما في أيدي الناس ( عق خط ) عن أبي هريرة**

3710. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۆمىننىڭ شەرىپى، ئۇلۇغلۇقى، كېچىسى ناماز ئوقۇشىدۇر، ئۇنىڭ ئىززىتى، ھۆرمەتلىك بولۇشى، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن بىھاجەت بولۇشىدۇر، ئۇقەيلى، خەتىب توپلىغان، ھەسەن، ئىمام سۇيۇتى سەھىھ دېگەن .

**3711 ( حسن ) شعبان بين رجب و شهر رمضان تغفل الناس عنه ترفع فيه أعمال العباد فأحب أن لا يرفع عملي إلا و أنا صائم ( هب ) عن أسامة**

3711. ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەجەب بىلەن رامزان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەئبان ئېيىدىن كىشىلەر غەپلەتتە قالىدۇ، بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى مۇشۇ ئايدا خۇلاسىلىنىپ كۆتۈرۈلىدۇ، مەن ئەمەلىمنىڭ روزا تۇتقان ھالىتىمدە كۆتۈرۈلۈشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3712 ( صحيح ) شعبتان لا تتركهما أمتي: النياحة و الطعن في الأنساب ( حل ) عن أبي هري**

3712. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىسلەت ئىشنى ئۈممىتىم تەرك ئېتەلمەيۋاتىدۇ، مېيىتكە ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش بىلەن نەسەپلەردە تەنە قىلىشىش، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**3713 شفاء عرق النسا ألية شاة أعرابية تذاب ثم تجزأ ثلاثة أجزاء ثم تشرب على الريق كل يوم جزء ( حم ه ك ) أنس**

3713. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرقۇننەسا دېگەن كېسەلگە (يەنى نېرۋىغا مۇناسىۋەتلىك يان ئاغرىق كېسىلى، يوتا، پاچاق رېماتىزم كېسىلىگە) سەھرادىكى ئەئرابلارنىڭ، قوچقار قويىنىڭ قۇيرۇق يېغى شىپا قىلىدۇ، ياغنى ئېرىتىپ، ئۈچكە بۆلۈپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدا بىر بۆلىكىدىن ئىچىپ بېرىلىدۇ، (ياغ، رېماتىزمغا سوغۇقتىن بولغان كېسەلگە، قۇرغاقچىلىقدىن بولغان كېسەل شىپا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز ھىجاز ئەھلىگە دېيىلگەن) ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3714 شفاعتي لأهل الكبائر من أمتي ( حم د ن حب ك ) عن جابر ( طب ) عن ابن عباس ( خط ) عن ابن عمر وكعب**

3714. جابىر ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۇمەر، كەئبنى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ شاپائىتىم، ئۈممەتلىرىمنىڭ

گۇناھ ـ كەبىرىنى قىلغان كىشىلەرگە بولىدۇ، كابائىر ئەھلىگە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيب توپلىغان، سەھىھ.

**3715 شمت أخاك ثلاثا فما زاد فإنما هي نزلة أو زكام ( ابن السني أبو نعيم في الطب ) عن أبي هريرة**

3715. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : چۈشكۈرگەن قېرىندىشىڭغا ئۈچ قېتىم يەرھەمەكەللاھ دەپ جاۋاب بەرگىن، ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە، ھەقىقەتەن ئۇ بىرەر كېسەلنىڭ چۈشىشى ياكى زۇكەم بولىدۇ، (بۇنىڭغا جاۋاب يوق) ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**3716 شهداء الله في الأرض أمناء الله على خلقه قتلوا أو ماتوا ( حم ) عن رجال**

3716. ساھابىلەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ئاللاھنىڭ زىمىندىكى شېھىد بولىدىغان كىشىلىرى مەيلى جىھاد مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلسۇن، مەيلى ئۆيدە كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆزى ئۆلۈپ كەتسۇن، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەمىن كىشىلەردۇر، بۇ شېھىدلار سۆيىتىدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3717 شهدت غلاما مع عمومتي حلف المطيبين فما يسرني أن لي حمر النعم و أني أنكثه ( حم ك ) عن عبدالرحمن بن**

3717. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : مەن كىچىك چاغدا تاغىلىرىم بىلەن بىرگە قوللىرىنى كەئبىگە سۈكەپ تۇرۇپ قەسەم قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھدىنامىسىغا، قەسەمنامىسىغا قاتناشقان، ئۇ ئەھدىنى بۇزۇشىتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن ئۈچۈن ئۇ ئەھدىنىڭ ئورنىدا ئېسىل تۆگىلەرنىڭ، مال ـ دۇنيانىڭ بولۇشى مېنى خۇرسەن قىلالمايدۇ، (ئەھدى نامە، قەسەمنامە، تىنچلىق ئۈچۈن زۇلۇم قىلماسلىق، زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچىرىغۇچى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش قاتارلىقلار ئىدى) ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، تەپسلاتى، تارىخ كىتابىدا باردۇر.

**3718 شهر الصبر و ثلاثة أيام من كل شهر صوم الدهر ( ن ) عن أبي هريرة**

3718. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : سەۋرى ئېيى، يەنى رامزان ئېيىدىكى بىر ئاي روزا، ۋە ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زاماننىڭ روزىسى ھېسابلىنىدۇ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3719 شهران لا ينقصان شهرا عيد: رمضان و ذو الحجة ( حم ق 4 ) عن أبي بكرة**

3719. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى ئاي ھەرگىز كەملىمەيدۇ، بىرسى رامزان ئېيى، يەنە بىرسى ھەج ئېيىدىن ئىبارەت ئىككى ھېيتنىڭ ئىككى ئېيىدۇر، يەنى ئەجىر ساۋابى كەملىمەيدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، سەھىھ ئالتە كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**3720 ( صحيح ) شيبتني هود و أخواتها ( طب ) عن عقبة بن عامر وأبي جحيفة**

3720. ئۇقبە ئىبنى ئامىر، ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3721 ( صحيح ) شيبتني هود و أخواتها قبل المشيب ( ابن مردويه ) عن أبي بكر**

3721. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن:سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرىش مۇددىتىدىن بۇرۇن ئاق كىرگۈزدى،ئىبنى مەردەۋىيە توپلىغان، سەھىھ.

**3722 شيبتني هود و أخواتها من المفصل ( ص ) عن أنس ( ابن مردويه ) عن عمران**

3722. ئەنەس، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە ھۇد ۋە ئۇنىڭ مۇپەسسەل، ئۇششاق سۈرىلەردىكى ئوخشاشلىرى چېچىمغا ئاق كىرگۈزدى، سەئدى ئىبنى مەنسۇر، ئىبنى مەردەۋەييە توپلىغان، سەھىھ.

**3723 ( صحيح ) شيبتني هود و ( الواقعة و ( المرسلات ) و ( عم يتساءلون ) و ( إذا الشمس كورت ) ) ( ت ك ) عن ابن عباس ( ك ) عن أبي بكر ( ابن مردويه ) عن سعد**

3723. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ بەكرى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، ئەممە پارىسى، سۈرە تەكۋىرلەر چېچىمغا ئاق كىرگۈزۈۋەتتى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى مەردەۋى توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، بۇ سۈرىلەردە ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق ئىشلار، بۇ ئالەم ۋەيران بولۇپ، قىيامەت قۇرۇلۇشى، قىيامەتنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ.

**3724 شيطان يتبع شيطانة – يعني حمامة – ( د ه ) عن أبي هريرة ( ه ) عن أنس وعثمان وعائشة**

3724. ئەبۇ ھۈرەيرە، ئەنەس، ئوسمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەپتەرۋازنى كۆرۈپ، شەيتان، شەيتانغا ئەگىشىۋاپتۇ دېگەن، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، يەنى كەپتەرگە ئەگىشىۋالغان كىشىنى شەيتان دېگەن، چۈنكى، ئۇ ھەقدىن يىراق، ئىبادەتتىن غەپلەتتە قالغان، پايدىسى مەنپەئەتى يوق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كەپتەرنىمۇ شەيتان دېگەن.

**3725 ( صحيح ) الشاة من دواب الجنة ( ه ) عن ابن عمر ( خط ) عن ابن عباس**

3725. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي جەننەتنىڭ ھايۋانلىرىدىندۇر، يەنى جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن، ئىبنى ماجە، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3726 الشام أرض المحشر و المنشر ( أبو الحسن ابن شجاع الربعي في فضائل الشام ) عن أبي ذر**

3726. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام زېمىنى كىشىلەر ھېساب ئۈچۈن توپلىنىدىغان قەبرىلىرىدىن قوپۇرۇلۇپ، ھەيدەپ ئاپىرىلىدىغان مەھشەر مەنشەر زېمىندۇر، (چۈنكى، ئاللاھ بەرىكەت بەرگەن، ئاللاھ نىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنى، پەيغەمبەر كۆپ چىققان، ئەۋلىيالار كۆپ چىققان زېمىن بولغاچقابۇ خاسلاندى) ئەبۇلھەسەن توپلىغان، سەھىھ.

**3727 ( صحيح ) الشؤم في ثلاثة: في المرأة و المسكن و الدابة ( ت ن ) عن ابن عم**

3727. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، ئەخلاقسىز، تۇغماس ئايالدا، تار، خوشنىسى يامان ھويلىدا، ئوسال، ناچار ھايۋاندا بولىدۇ، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3728 ( صحيح ) الشاهد يرى ما لا يرى الغائب ( حم ) عن علي ( القضاعي ) عن أنس**

3728. ئەلى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھازىر بولغۇچى، نەخ مەيداندا بار شاھىد كىشى غائىپ بولغان يوق كىشى، كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، (مېنىڭ ھەدىسلىرىمغا نەخ مەيداندا بار، شاھىد كىشىدەك مۇئامىلە قىلىڭلار) ئەھمەد، قۇزائى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنى شۇ جايدا باردەكىدەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرگە دەۋاتقاندەك ئوقۇڭلار، ئەمەل قىلىڭلار.

**3729 ( حسن ) الشرك الخفي أن يعمل الرجل لمكان الرجل ( ك ) عن أبي سعيد**

www.uyghurkitap.com

3729. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:مەخپى شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن : كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ بارلىقىدىن شۇنىڭ ماكانىنىڭ يەنى يېنىداتۇرغىنىنىڭ جەھىتىدىن ئەمەل قىلىشتۇر، (يەنى يېنىدىكى كىشىنى كۆرسۇن ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى شېرىك) ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3730 ( صحيح ) الشرك في أمتي أخفى من دبيب النمل على الصفا ( الحكيم ) عن ابن عباس

3730. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېرىك مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە تاشنىڭ ئۈستىدە چۈمۈلە ئۆمىلىگەندىنمۇ مەخپىيرەكتۇر، ھەكىم توپلىغان، سەھىھ، ھەسەن.

3731 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3433 الحكيم عن أبي بكر ( الشرك فيكم أخفى من دبيب النمل و سأدلك على شيء إذا فعلته أذهب عنك صغار الشرك و كباره تقول: اللهم إني أعوذ بك أن أشرك بك و أنا أعلم و أستغفرك لما لا أعلم ( تقولها ثلاث مرات )

3731. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېرىك كەلتۈرۈش ئاراڭلاردا چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلىشىدىنمۇ مەخپىيدۇر، ئەگەر ئەمەل قىلساڭ سەندىن چوڭ ـ كىچىك بارلىق شېرىك يوقاپ كېتىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ مۇنداق دېگىن ، «**ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۈزۈبىكە ئەن ئۇشرەك بىكە ۋە ئەنە ئەئلەم ۋەئەستەغفىرۇكەلىمالا ئەئلەم**» ئى ئاللاھ، ھەققەتەن مەن سىلگە شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشىمدىن سىلگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، مەن بىلىدىغان بىلمەيدىغان بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن سىلىدىن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىشلىرىنى سورايمەن دېگەننى ئۈچ قېتىم دېگىن ، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ.

3732 ( صحيح ) الشريك أحق بصقبه ما كان ( ه ) عن أبي رافع

3732. ئەبۇ رابىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېرىك بولغۇچى قوشنا، ئۆز قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا ھەقلىقراق، ئۇنىڭدا بار نەرسىگىمۇ شۇيۇئەتتە ھەقلىقراقتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3733 الشعر بمنزلة الكلام فحسنه كحسن الكلام و قبيحه كقبيح الكلام ( خد طس ) عن ابن عمرو ( ع ) عن عائشة

3733. ئىبنى ئەمرۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېئىرى سۆز باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشتۇر، شېئىرنىڭ ياخشىسى سۆزلەرنىڭ ياخشىسىغا، قەبىھ، يامانلىرى، سۆزلەرنىڭ يامان قەبىھلىرىگە ئوخشاشتۇر، تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار شەرىئەتتە چەكلەنمەي مەدھىيىلىنىدىغان شېئىر دۇرۇس، ئەكسى گۇناھ دېدى.

3734 الشفاء في ثلاثة: شربة عسل و شرطة محجم و كية نار و أنهى أمتي عن الكي ( خ ه ) عن ابن عباس

3734. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شىپا ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ، ھەسەل ئىچىشتە، قان ئالدۇرۇشتا، ئوتتا داغلاپ داۋالاشتا، مەن ئۈممىتىمنى ئوتتا داغلاپ داۋالاشتىن توسىمەن، «چۈنكى ئۇنىڭدا ئازاب زەرەر بار» بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھەسەلدە شىپا بارلىقى قۇرئاندا باردۇر، قان ئالدۇرۇشتا بىر قىسىم مۆجىزىلەر كۆرۈلدى، ئىنتېرنېت تور بېتىدىن كۆرۈڭ، WWW.55A.NET

3735 ( صحيح ) الشفعة في كل شرك في الأرض أو ربع أو حائط لا يصلح له أن يبيع حتى يعرض على شريكه فيأخذ أو يدع فإن أبي فشريكه أحق به حتى يؤذنه ( م د ن ) عن جابر

3735. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەرقانداق شېرىكچىلىكتە، ئۆي ـ زېمىندا تىرىلغۇ يەر باغ ـ بوستاندا، شېرىكنىڭ،

قوشنىسىنىڭ شۇپئەت ھوقۇقى بولىدۇ، يەنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئېتىبار باھادا، ئەرزانراق سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ، مال ئىگىسىنىڭ شېرىكىگە مالنى ئالامسىز؟ دەپ تەكلىپ باقمىغىچە سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى، ياكى خوشنىسى يا ئالىدۇ، يا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئەگەر مال ئىگىسى ئۇنىمسا، ئۇنىڭ شېرىكى، ئىزنى، رۇخسەت بەرگەنگە قەدەر مالغا شۇ لايىق، ھەقلىقراقتۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3736 الشفعة فيما لم تقع فيه الحدود فإذا وقعت الحدود فلا شفعة ( طب ) عن ابن عمر

3736. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېتىبار باھادا سېتىۋالىدىغان قوشنا ، شېرىكچىلىكنىڭ شۇپئەت ھوقۇقى، شېرىكچىلىك ھوقۇقى، تەقسىمات، چەك ـ چېگرا چۇشمىگەن نەرسىلەردە بولىدۇ، تەقسىم قىلىنىپ، چېگرا ئايرىلىپ بولسا ، ئۇ چاغدا شۇپئەت ھوقۇقى يوق بولىدۇ، يەنى يۇقىرىدا دېگەنەدەك ، مەجبۇرىي ئىگە بولغىلى بولمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بەزىلەر ھەسەن دېگەن .

3737 ( صحيح ) الشمس و القمر يكوران يوم القيامة( خ ) عن أبي هريرة

3737. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇياش بىلەن ئاينىڭ قىيامەت كۈنى نۇرى ئۆچۈرۈلىدۇ، (بىر ـ بىرىگە يۆگىلىپ، كىرىشىپ كېتىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

3738 الشونيز دواء من كل داء إلا السام و هو الموت ( ابن السني في الطب عبدالغني في الإيضاح ) عن بريدة

3738. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شۇنىز يەنى قارا سىيادان، ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق كېسەللەرگە داۋا، شىپا بولىدۇ، ئىبنى سەنا، ئابدۇلغەنى توپلىغان، سەھىھ، دوكتور مۇھەممەد قەندەل 1987 ـ يىلى سىيادانى مىكروب ئۆلتۈرۈشتە رولى چوڭ دېگەن ، شۇنىڭدىن باشلاپ، كېسەللەرگە دورا ياسالدى، بۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر.

3739 الشهادة سبع سوى القتل في سبيل الله المقتول في سبيل الله شهيد: و المطعون شهيد و الغريق شهيد و صاحب ذات الجنب شهيد و المبطون شهيد و صاحب الحريق شهيد و الذي يموت تحت الهدم شهيد و المرأة تموت بجمع شهيدة ( مالك حم د ن ه حب ك ) عن جابر بن عتيك

3739. جابىر ئىبنى ئەتىيكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېھىدلىق، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى شېھىد، ۋابا كېسىلىدە ئۆلگۈچى شېھىد ، سۇدا غەرق بولغۇچى شېھىد ، يېنى، بېقىنى ئاغرىق كىشى، ئىچكى كېسەللەردە ئۆلۈپ كەتكۈچى شېھىد ، قورساق ئاغرىقتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد ، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگۈچى، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگۈچى، ئىككى قات يەنى ھامىلدار ئايال تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە شېھىد بولىدۇ، مالىك، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ،ئۆلگۈچى مۇسۇلمان بولۇشى شەرت.

3740 الشهداء الذين يقاتلون في سبيل الله في الصف الأول و لا يلتفتون بوجوههم حتى يقتلوا فأولئك يلقون في الغرف العلا من الجنة يضحك إليهم ربك إن الله تعالى إذا ضحك إلى عبده المؤمن فلا حساب عليه (طس) عن نعيم بن هم

3740. نۇئەيم ئىبنى ھىبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلار دېگەن ئاللاھ يولىدا بىرىنچى سەپتە ئۇرۇش قىلىدىغان، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ باقمايدىغان، جەڭ قىلىشتا قىلچە ئىككىلەنمەس كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئەڭ ئالىي مېھمانخانىلىرىغا چۈشىدۇ، ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇلاردىن رەببىڭ رازى بولۇپ كۈلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كۈلگەن، خۇرسەن بولغان مۆمىن بەندىسىگە ھېساب يوقتۇر، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

3741 الشهداء خمسة: المطعون و المبطون و الغريق و صاحب الهدم و الشهيد في سبيل الله (مالك ق ت)عن أبي هريرة

3741. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېھىد بەش تۈرلۈك بولىدۇ، ۋابادا ئۆلگەن، قورسىقى ئاغرىپ ئۆلگەن، سۇدا غەرق بولۇپ، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن كىشىلەر شېھىتتۇر، مالىك، بەيھەقى، تىرمىز توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەقىقى شېھىد، بۇنى شېھىد دەيمىز، قالغانلىرى بولسا، ھۆكۈمدە شېھىد، ئاخىرەتتە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغان، ھۆكمەن شېھىتتۇر.

3742 الشهداء على بارق نهر بباب الجنة في قبة خضراء يخرج عليهم رزقهم من الجنة بكرة و عشيا ( حم طب ك ) عن ابن عباس

3742. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېھىدلار جەننەتنىڭ ئىشىكى يېنىدا يېشىل گۈمبەزنىڭ ئىچىدە نۇر ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا رىزقى جەننەتتىن ئەتىگەن ـ ئاخشام مىقدارىدا چىقىپ تۇرىدۇ، (يەنى بۇ ئەھۋال ھاياتى بەرزەختە قىيامەتكىچە شۇنداقتۇر) ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

3743 ( صحيح ) الشهر تسع و عشرون فلا تصوموا حتى تروه و لا تفطروا حتى تروه فإن غم عليكم فأكملوا العدة ثلاثين ( حم ق د ) عن ابن عم

3743. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ، يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، يەنە ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە يېمەڭلار، ھېيت نامىزىنى ئوقۇماڭلار، (ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، ساننى 30 قىلىپ 30 كۈننى كەمىل قىلىڭلار، يەنى 30 كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن ناماز ئوقۇڭلار) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3744 ( صحيح ) الشهر يكون تسعة و عشرين و يكون ثلاثين فإذا رأيتموه فصوموا و إذا رأيتموه فأفطروا فإن غم عليكم فأكملوا العدة ( ن ) عن أبي هرير

3744. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ، 30 كۈنمۇ بولىدۇ، رامزاندا يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار، روزا تۇتۇڭلار، ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرۈپ، ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، يەڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، ساننى كەمىل تولۇقلاڭلار، يەنى شەئباننى، رامزاننى ساناپ، تولۇق ھېسابلاڭلار، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3745 الشهيد لا يجد ألم القتل إلا كما يجد أحدكم مس القرصة ( طس ) عن أبي قتادة

3745. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېھىد دېگەن ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئەلەم، ئاغرىقىنى ھېس قىلمايدۇ، پەقەت ئۇ خۇددى بىرىڭلار چۈمۈلىنىڭ چاققانلىقىنى ھېس قىلغانچىلىك شۇنچىلىك ھېس قىلىدۇ، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

3746 الشهيد لا يجد مس القتل إلا كما يجد أحدكم القرصة يقرصها ( ن ) عن أبي هريرة

3746. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شېھىد دېگەن ئۆلتۈرۈلۈشتىن پەقەت بىرىڭلار چۈمۈلىنىڭ چاققانلىقىنى ھېس قىلغانچىلىك، شۇنچىلىكلا ھېس قىلىدۇ، نەسەئى توپلىغان. سەھىھ. شېھىد، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە لەززەت ھېس قىلىدۇ.

3747 ( صحيح ) الشهيد يشفع في سبعين من أهل بيته ( حب ) عن أبي الدرداء

3747. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىد، ئەھلى بەيت ئائىلىسىدىن 70 كىشىگە شاپائەت

قىلالايدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3748 الشيب نور المؤمن لا يشيب رجل شيبة في الإسلام إلا كانت له بكل شيبة حسنة و رفع بها درجة (هب) ابن عمرو**

3748. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاق چاچ مۆمىننىڭ نۇرىدۇر، كىشىنىڭ چاچ ـ ساقىلىغا ئىسلام ئىچىدە ئىسلام يولىدا بىر تال ئاق كىرسە، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، ھەر بىر تال ئاق چاچقا بىردىن ياخشىلىق بېرىلىپ، بىردىن دەرىجىگە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

ئىسلام يولىدا ئىسلام ئۈچۈن غەم يەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك ئاخىرەتتىن قورقۇپ، ئاق كىرىش لازىم، شۇ چاغدا نۇر ياخشىلىق دەرىجە بولىدۇ، دۇنيانى دەپ ئاق كىرىپ كەتسە، ئازاب ئۈستىگە ئازاب.

**3749 الشيخ يضعف جسمه و قلبه شاب على حب اثنتين: طول الحياة و حب المال ( عبدالغني بن سعيد في الإيضاح ) عن أبي هريرة**

3749. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شەيخ ، قېرى كىشىنىڭ جىسمى ئاجىزلايدۇ، قەلبى، دىلى بولسا، ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە تېخى ياش تۇرىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتە، مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە ،دىلى دائىم ياش تۇرىدۇ، ئابدۇلغەنى ئىيزاھتا توپلىغان، ھەسەن.

## « ص » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3750 صحيح ( صاحب الدابة أحق بصدرها ) ( حب ) عن بريدة ( حم طب ) عن قيس بن سعد وحبيب بن مسلمة ( حم ) عن عمر ( طب ) عن عصمة بن مالك الخطمي وعروة بن مغيث الأنصاري ( طس ) عن علي ( البزار ) عن أبي هريرة ( أبو نعيم ) عن فاطمة الزهرا**

3750. بۇرەيدە، قېيىس، سەئىد، ھەببە، ئۆمەر، ئەسمەت، ئۇرۋەت، ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇلاغنىڭ ئالدىغا مىنىشكە ھەقلىقتۇر. ئىبنى ھەببان، ئەھمەد، تەبرانى ئەۋسەتتە، بەزار، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ، قاتناش قائىدىلىرى مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكۈمىدە.

**3751 ( صحيح ) صاحب الدابة أحق بصدرها إلا من أذن ( ابن عساكر ) عن بشي**

3751. بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايۋاننىڭ ئىگىسى باش تەرىپىگە مىنىشكە ھەقلىقتۇر، لېكىن، ئۇ ئىزنى بەرگەن، رۇخسەت بەرگەن كىشىمۇ ئالدىغا چىقسا، دۇرۇس بولىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3752 صاحب الصور واضع الصور على فيه منذ خلق ينتظر متى يؤمر أن ينفخ فيه فينفخ ( خط ) عن البراء**

3752. بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۇر ئىگىسى يەنى ئىسرافىل يارىتىلغاندىن باشلاپ سۇرنى ئاغزىغا قويۇپ، سۇرنى پۈۋلەشكە قاچان بۇيرۇلىشىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇيرۇلغان ھامان پۈۋلەيدۇ، (شۇ ئان ھەممىسى ئۆلۈپ، قىيامەت قايىم بولىدۇ) خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3753 ( صحيح ) صاحب العلم يستغفر له كل شيء حتى الحوت في البحر ( ع ) عن أنس**

3753. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئىگىسىگە ھەربىر نەرسە ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، ئۇ ئىلىم بىلەن ھەممە نەرسىگە پايدا ـ مەنپەئەت بېرىدۇ.

**3754 صبيحة ليلة القدر تطلع الشمس لا شعاع لها كأنها طست حتى ترتفع ( حم م 3 ) عن أبي**

3754. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : قەدىر كېچىسى ئەتىگىنى قۇياش نۇرسىز چىقىدۇ، كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر خۇددى ئۇ ئەينەكتەك، توقاچتەك نۇرسىزلا كۆرۈنىدۇ، (قۇياشنىڭ غۇۋا توقچى نۇرسىز ھالىتى تەست دېيىلىدۇ ، تەخسە، پەتنۇس مەنىسىمۇ بار) ئەھمەد ، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3755 ( صحيح ) صدق ابن مسعود زوجك و ولدك أحق من تصدقت به عليهم ( خ ) عن أبي سعي**

3755. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئىبنى مەسئۇد سەدىقە قىلغىن، سېنىڭ ئايالىڭ، بالىلىرىڭ، سەن سەدىقە قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھەقلىق، لايىقراقىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3756 ( صحيح ) صدق الله فصدقه ( طب ك ) عن شداد بن الهاد**

3756. شەددات ئىبنى ھادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جىھاد قىلغان بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن : ئۇ ئاللاھقا سەممىي سادىق بولدى، راستچىل بولدى، ئاللاھ ئۇنى تەستىقلاپ، راستچىل، سەممىي سادىقلاردىن قىلدى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3757 ( صحيح ) صدق الله و رسوله: ( إنما أموالكم و أولادكم فتنة نظرت إلى هذين الصبيين يمشيان و يعثران فلم أصبر حتى قطعت حديثي و رفعتهما ) ( حم 4 حب ك ) عن بريدة**

3757. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ـ ھۈسەيىننى كۆرۈپ، سۆزنى توختىتىپ ئۇلارنى كۆتۈرۈۋېتىپ، مۇنداق دېگەن : ئاللاھ ۋە ئەلچىسى ھەقىقەتەن راست سۆزلەپتىكەن، «ھەقىقەتەن مال ـ مۈلكىڭلار ، ئەۋلاد ، بالىلىرىڭلار ھەقدىن توسىدىغان، سىناق پىتنىسىدۇر) مەن بۇ ئىككى سەبىي بالىلارنىڭ ئويناپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سەۋرى قىلالماي، سۆزۈمنى ئۈزۈپ، خۇتبىنى توختىتىپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ كەتتىم. ئەھمەد ، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3758 ( صحيح ) صدقت المسلم أخو المسلم ( حم ه ك ) عن سويد بن حنظلة**

3758. سۇۋەيد ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەن راست سۆزلەپسەن، مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولىدۇ، ( بۇ ھەدىسنى سۇۋەيد ۋائىل ئىبنى ھەجەرنى مېنىڭ قېرىندىشىم دەپ قەسەم قىلىپ،دۈشمەندىن قۇتقۇزغاندا دېگەن ) ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**3759 صدقة السر تطفئ غضب الرب ( طص ) عن عبدالله بن جعفر ( العسكري في السرائر ) عن أبي سعيد**

3759. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر،ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :مەخپىي سەدىقە قىلىش رەبتائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ. ئەسكەرى بىلەن تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3760 ( صحيح ) صدقة السر تطفئ غضب الرب و صلة الرحم تزيد في العمر و فعل المعروف يقي مصارع السوء ( هب ) عن أبي سعيد**

3760. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەخپىي سەدىقە قىلىش، رەبنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، سىلە ـ رەھىم قىلىش، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، ياخشىلىقلارنى قىلىش يامان ئاقىۋەتتىن يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئۆمۈرنىڭ زىيادە ئۇزۇن بولۇشى، سالىھ بالىسى بولىدۇ، سەدىقە جارىيەسى بولىدۇ، قالدۇرغان ئەسەرلىرى بولىدۇ.

**3761 ( صحيح ) صدقة الفطر صاع من تمر أو صاع من شعير أو مدان من حنطة عن كل صغير و كبير و حر و عبد ( قط ) عن ابن عم**

3761. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزاندىكى سەدىقە پىترە ھەربىر كىچىك ـ چوڭ، ھۆر ـ قۇل بولسۇن، ھەر قانداق كىشىدىن

بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا ياكى ئىككى كىلوگرام بۇغداي بېرىلىدۇ، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

3762 ( صحيح ) صدقة تصدق الله بها عليكم فاقبلوا صدقته ( ق 4 ) عن عمر

3762. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ھازىر خاتىرجەم تۇرساق، نامازنى قەسىر قىلمىساقمۇ بولامدۇ؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نامازنى قەسىر قىلىش ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان سەدىقىسى، سىلەر ئاللاھنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار دېگەن ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

3763 صدقة ذي الرحم على ذي الرحم صدقة و صلة ( طس ) عن سلمان بن عامر

3763. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېقىن ئۇرۇق تۇغقاننىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانغا سەدىقە قىلىشى، بىرىنچى سەدىقە قىلغانلىق يەنە بىرى سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ، (يەنى سەدىقىدىن باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانغا ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئەجىر، مۇكاپاتى ئىككى ھەسسە بولىدۇ) تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

3764 .صغاركم دعاميص الجنة يتلقى أحدهم أباه فيأخذ بثوبه فلا ينتهي حتى يدخله الله و أباه الجنة ( حم خد م)عن هريرة

3764. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ كىچىكلىرىڭلار كىچىك ئۆلۈپ كەتكىنىڭلار، جەننەت ئەھلىنىڭ كىچىكلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتكەنگە قەدەر قويۇۋەتمەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، سەھىھ.

3765 ( صحيح ) صفوة الله من أرضه الشام و فيها صفوته من خلقه و عباده و ليدخلن الجنة من أمتي ثلة لا حساب عليهم و لا عذاب ( طب ) عن أبي أمام

3765. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ ئەڭ تاللانغان زېمىنى شام زېمىنىدۇر ، ئۇ جايدا ئاللاھنىڭ ئەڭ تاللانغان مەخلۇقلىرى بەندىلىرى تۇرىدۇ، (يۇقىرىدا بۇ زېمىن مەھشەر ئورنى بولىدۇ دېيىلدى، شام، ھازىرقى سۇرىيەدۇر ) ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك جامائەتلەر ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

صلة الرحم و حسن الخلق و حسن الجوار يعمرن الديار و يزدن في الأعمار ( حم هب ) عن عائشة

3766. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلە ـ رەھىم قىلىش، گۈزەل ئەخلاق، خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، چىرايلىق ئۆتۈش، دىيارلارنى گۈللەندۈرىدۇ، ئۆمۈرلەرنى زىيادە، ئۇزۇن قىلىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

3767 صلة الرحم تزيد في العمر و صدقة السر تطفئ غضب الرب ( القضاعي ) عن ابن مسعود

3767. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاۇھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، مەخپى سەدىقە قىلىش، رەببىنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ ، قۇزائى توپلىغان ، سەھىھ.

3768 ( صحيح) صلة القرابة مثراة في المال محبة في الأهل منسأة في الأجل ( طس ) عن عمرو بن سهل

3768. ئەمرۇ ئىبنى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېقىن تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىپ ياخشىلىق قىلىش، مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىپ باي قىلىدۇ، ئەھلىدە مۇھەببەت، دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، ئۆمۈرنى كېچىكتۈرۈپ زىيادە قىلىدۇ، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان ، سەھىھ.

ئۆمۈرنىڭ زىيادە ئۇزۇن بولۇشى، شۇ كىشىلەرنىڭ دۇئا قىلىشى، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشى ياكى ئۇ كىشىنىڭ سالىھ، ياخشى بالىسى بولۇشى ياكى مەنپەئەت بەرگەن، ئىلىم ياكى سەدىقىسى بولۇشىدۇر.

3769 صل من قطعك و أحسن إلى من أساء إليك و قل الحق و لو على نفسك ( ابن النجار ) عن علي

3769. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان كىشىگە سەن سىلە ـ رەھىم قىل، ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل، گەرچە ئۆزۈڭنىڭ زىيىنىغا، قارشىسىغا بولسىمۇ ھەق سۆز قىل، ھەقنى دېگىن ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

3770 (صحيح) صل الصلاة لوقتها فإن أدركت الإمام يصلي بهم فصل معهم و قد أحرزت صلاتك و إلا فهي نافلة لك ( ه ) عن أبي ذ

3770. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئىمامنى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقان ھالەتتە تاپساڭ، ئۇلار بىلەن يەنە ئوقۇغىن، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇساڭ، نامىزىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ قالغان بولىسەن، ئەگەر ئىمام بىلەنمۇ ئوقۇساڭ بۇ سەن ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3771 صل الصلاة لوقتها فإن أدركت معهم فصل و لا تقل إني قد صليت فلا أصلي ( ن حب ) عن أبي ذ

3771. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇلار بىلەن يەنە نامازنى تاپساڭ، ھەقىقەتەن مەن ناماز ئوقۇپ بولدۇم، ئەمدى ئوقۇمايمەن دېمەستىن، ئۇلار بىلەنمۇ يەنە ئوقۇغىن، (بۇ نەپلە بولىدۇ) نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3772 ( صحيح ) صل ب ( الشمس و ضحاها و نحوها من السور ) ( حم ) عن بريدة

3772. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ۋەششەمسى ۋەززۇھاھا دېگەن سۈرە بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغىن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. يەنى كىشىلەرگە قىسقا سۈرىلەر بىلەن يەڭگىل ئوقۇپ بەرگىن، سۈرە بەقەرنى باشلىۋالما.

صل بصلاة أضعف القوم و لا تتخذ مؤذنا يأخذ على أذانه أجرا ( طب ) عن المغيرة

3773. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەۋملەرنىڭ ئاجىز كىشىلىرىنىڭ نامازى مىقدارىدا ناماز ئوقۇپ بەرگىن، يەنى يەڭگىل ئوقۇغىن، ئەزان توۋلىغانغا ئەجىر، ھەق ئالىدىغان مۇئەززىننى تۇتما، ئىشلەتمە، ئەجىر ئالمايدىغان كىشىنى مۇئەززىن قىل، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3774 ( صحيح ) صل ركعتين تجوز فيهما و إذا جاء أحدكم و الإمام يخطب يوم الجمعة فليصل ركعتين و ليخففهما ( طب ) عن جاب

3774. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋالغىن، بىرىڭلار جۈمەگە كەلگەندە، ئىمام جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، يەڭگىل ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسۇن، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3775 صل صلاة الصبح ثم أقصر عن الصلاة حتى تطلع الشمس حتى ترتفع فإنها تطلع حين تطلع بين قرني شيطان و حينئذ يسجد لها الكفار ثم صل فإن الصلاة مشهودة محضورة حتى يستقل الظل بالرمح ثم أقصر عن الصلاة فإن حينئذ تسجر جهنم فإذا أقبل الفيء فصل فإن الصلاة مشهودة محضورة حتى تصلي العصر ثم أقصر عن الصلاة حتى تغرب الشمس فإنها تغرب بين قرني شيطان و حينئذ يسجد لها الكفار ( م ) عن عمرو بن عنبسة

3775. ئەمرۇ ئىبنى ئەنبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن چىقىپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر

نامازنى ئوقۇماي تۇر، چۈنكى، قۇياش چىققاندا شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ، گۇۋاھلىق بېرىدۇ، سايە، نەيزە بىلەن تىكلەشكەندە يەنى كۈن تىكلەشكەن چۈشتە ناماز ئوقۇماي تۇر، شۇ چاغدا جەھەننەمگە ئوت يېقىلىدۇ. كۈن قايرىلىپ، سايە يانتۇ بولۇپ، ئالدىنى قىلغاندا ناماز ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن نامازغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، نامازغا گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، ئەسىرنى ئوقۇغانغا قەدەر ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ، ئەسىرنى ئوقۇپ بولۇپ، كۈن كىرىپ بولغانغا قەدەر ناماز ئوقۇشتىن توختاپ تۇرغىن، چۈنكى، قۇياش شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىغا كىرىدۇ، شۇ چاغدا كۇپپارلار قۇياشقا سەجدە قىلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3776** صل صلاة مودع كأنك تراه فإن كنت لا تراه فإنه يراك و ايأس مما في أيدي الناس تعش غنيا و إياك و ما يعتذر منه ( أبو محمد الإبراهيمي في كتاب الصلاة ابن النجار ) عن ابن عم

3776. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارىدىغان كىشىنىڭ نامىزىدەك ناماز ئوقۇغىن، نامازنى ۋىدالاشقان كىشىدەك ئوقۇغىن، خۇددى سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك شەكسىز ئىشەنچ بىلەن ئوقۇغىن، ئەگەر سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزگىن، تاما قىلما، شۇنداق قىلساڭ، باي بىھاجەت ياشايسەن، ئۆزرە ئېيتقىلى سالىدىغان، كەچۈرۈم سورىغىلى سالىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلغىن، ئەبۇ مۇھەممەد، ئىبنى نەججار توپلىغان، ھەسەن.

**3777** ( صحيح ) صل قائما إلا أن تخاف الغرق ( ك ) عن ابن عم

3777. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قورقمىساڭلا ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق بولۇشتىن قورقۇشۇڭ، بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يەنى غەرق بولۇشتىن قورقساڭ، ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغىن، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3778** صل قائما فإن لم تستطع فقاعدا فإن لم تستطع فعلى جنب ( حم خ 4 ) عن عمران بن حصين

3778. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، يېنى يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3779** صلوا أيها الناس في بيوتكم فإن أفضل الصلاة صلاة المرء في بيته إلا المكتوبة ( خ ) عن زيد بن ثابت

3779. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى كىشىلەر! نەپلە، سۈننەت نامازلارنى ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر، پەرز ناماز بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (يەنى پەرز ناماز مەسجىددە جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇلىدۇ، شۇنداقلا پەرز ناماز، نەپلە، سۈننەتتىن ئەۋزەلدۇر) ئىمام بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3780** صلوا صلاة المغرب مع سقوط الشمس بادروا بها طلوع النجم ( طب ) عن أبي أيوب

3780. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شام نامىزىنى كۈن كىرىشى بىلەنلا ئوقۇڭلار، يۇلتۇز ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن شام نامىزىغا ئالدىراڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3781 صلوا على النبيين إذا ذكرتموني فإهُم قد بعثوا كما بعثت ( الشاشي ابن عساكر ) عن وائل بن حجر

3781. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى تىلغا ئالغان چېغىڭلاردا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇت، سالام يولىماڭلار، چۈنكى، ئۇلارمۇ مەن ئەۋەتىلگەندەك پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئىمام شاشى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

3782 صلوا على أنبياء الله و رسله فإن الله بعثهم كما بعثني ( ابن أبي عمر هب ) عن أبي هريرة ( خط ) عن أنس

3782. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھنىڭ بارلىق نەبىي مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىگە دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خۇددى مېنى ئەۋەتكەندەك پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندۇر، ئىبنى ئەبۇ ئۇمەر، بەيھەقى، خەتىب توپلىغان، ھەسەن.بۇ ھەدىسلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھامان، ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسەللەم دېيىشىمىز لازىم، دۇرۇت، سالام يوللايلى!چۈنكى بىر ياخشىلىقا ئون ئەجرە بېرىلىدۇ.

3783..صلوا علي و اجتهدوا في الدعاء و قولوا: اللهم صل على محمد و على آل محمد و بارك على محمد و آل محمد كما باركت على إبراهيم و آل إبراهيم إنك حميد مجيد ( حم ن ابن سعد سمويه البغوي الباوردي ابن قانع طب ) عن زيد بن خارجة

3783. زەيىد ئىبنى خارجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاڭلار، دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار، مۇنداق دەڭلار، **«ئاللاھۇمە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەدىن ۋەبارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىم ۋە ئەلائالي ئىبراھىم ئىننەكە ھەمىدۇمەجىد»** تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت، بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك رەھمەت قىلسىلا، بەرىكەت ئاتا قىلسىلا دەڭلار،، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى سەئىد، سەمۇيىھ، بەغۋى، بارۇدى، ئىبنى قانىئ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3784 ( صحيح ) صلوا في بيوتكم و لا تتخذوها قبورا ( ت ن ) عن ابن عمر

3784. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆيلىرىڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، ئۇنى قەبرىستانلىقدەك قىلىۋالماڭلار، يەنى نەپلە سۈننەتنى ئۆيدە ئوقۇڭلار، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، قەبرىستانلىقتا ناماز دۇرۇس ئەمەس.

3785 ( صحيح ) صلوا في بيوتكم و لا تتخذوها قبورا و لا تتخذوا بيتي عيدا و صلوا علي و سلموا فإن صلاتكم تبلغني حيثما كنتم ( ع الضياء ) عن الحسن بن عل

3785. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازنى ئۆيۈڭلاردىمۇ ئوقۇڭلار (يەنى نەپلەنى ) ئۆيىنى قەبرىگە ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، (يەنى نامازسىز، زىكرى ـ تەسبىھسىز قىلىۋالماڭلار) مېنىڭ ئۆيۈمنى يەنى قەبرەمنى ھېيت ـ بايرام قىلىۋالماڭلار، (يەنى ھېيت ـ بايرامدەك توپلىشىپ ۋاقىت بەلگىلەپ يىغىلىپ زىيارەت قىلماڭلار) ماڭا دۇرۇت، سالام، رەھمەت يوللاڭلار، ھەقىقەتەن قەيەردە بولساڭلار، سىلەرنىڭ دۇرۇت، سالاملىرىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ، ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان.

3786 صلوا في بيوتكم و لا تتركوا النوافل فيها ( الدارقطني في الأفراد ) عن أنس وجابر

3786. ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نەپلە نامازلارنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار، ئۆيۈڭلاردا نەپلە، سۈننەت نامازلارنى ئوقۇشنى تەرك ئەتمەڭلار، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

3787 ( صحيح ) صلوا في مرابض الغنم و لا تصلوا في أعطان الإبل ( ت ) عن أبي هرير

3787. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قويىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ يايلاقتىكى كەڭرى قوي قوتانلىرىدۇر.

**3788** صلوا في مرابض الغنم و لا تصلوا في أعطان الإبل فإنها خلقت من الشياطين ( ه ) عن عبدالله بن مغفل

3788. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قويىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇۋېرىڭلار، تۆگىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، چۈنكى، تۆگە شەيتانلاردىن يارىتىلغان، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ئىمام جالالىددىن سۇيۇتى بۇ دېگەنلىك تۆگە قورقۇنچلۇق، نەپرەتلىك، نامازنى ئۈزۈپ قويىدۇ، قەلبىگە تەشۋىش سالىدۇ، خوشۇئدىن توسۇپ قويىدۇ، قوي ئۇنداق ئەمەس دېگەن ، قوي قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇڭلار دېگىنى دۇرۇس دېگىنىدۇر . ۋاجىپ، سۈننەت ئەمرى ئەمەستۇر.

**3789** صلوا في مراح الغنم و امسحوا رغامها فإنها من دواب الجنة ( عد هق ) عن أبي هريرة

3789. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قويىنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، قويىنىڭ بۇرنىنى ئېتىپ، سۈرتۈپ قويۇڭلار، چۈنكى، قوي جەننەتنىڭ ھايۋانلىرىدىن، ئىبنى ئەدى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3790** ( صحيح ) صلوا في نعالكم و لا تشبهوا باليهود ( طب ) عن شداد بن أوس

3790. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماي، ئايىغىڭلار بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئاياغ نىجاسەتتىن پاك بولۇشى لازىم.

**3791** صلوا قبل المغرب ركعتين صلوا قبل المغرب ركعتين لمن شاء ( حم د ) عن عبدالله المزني

3791. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇڭلار، شام نامىزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇڭلار، ئۈچىنچى قېتىم بۇ خالىغان كىشىگە دېگەن ، (شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ناماز ئەزان۔ تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا مۇستەھەپ ھالەتتە ئوقۇلىدۇ) ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3792** ( صحيح ) صلي في الحجر إن أردت دخول البيت فإنما هو قطعة من البيت و لكن قومك استقصروه حين بنوا الكعبة فأخرجوه من البيت ( حم ت ) عن عائشة

3792. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن : بەيتۇللاھنىڭ يەنى كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلساڭ، ھەجەر ئىچىدە يەنى ئىككى رۇكنى، ئۇل تاش ئىچىدە ھەتىيم دېيىلىدىغان ئۇل تاشنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇغىن، ھەققەتەن ئۇ كەئبىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر، لېكىن، قەۋمىڭ كەئبىنى بىنا قىلغاندا خىراجەت يېتىشمەي، ئۇنى قىسقارتىپ، ئۇل تاشنى چىقىرىۋەتكەن ئىدى، (كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەن كىشى شۇ ھەتىيم دېيىلىدىغان ئۇل تاشنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇسا، كەئبىنىڭ ئىچىدە ئوقۇغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كەئبىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى) ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3793** ( صحيح ) صم أفضل الصيام صيام داود صوم يوم و فطر يوم ( ن ) عن ابن عمرو

3793. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقىن، روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر، بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن يېيىشتۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3794** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3491 . د ه عن الباهلي ( صم شهر الصبر رمضان

صم شهر الصبر و ثلاثة أيام من كل شهر ( صم من الحرم و اترك صم من الحرم و اترك صم من الحرم و اترك )

3794. باھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەۋرىنىڭ ئېيى رامىزاندا روزا تۇتقىن، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن، مۇھەررەم ئېيىدا روزا تۇتساڭمۇ تۇتمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3795 ( صحيح ) صنائع المعروف تقي مصارع السوء و الآفات و الهلكات و أهل المعروف في الدنيا هم أهل المعروف في الآخرة ( ك ) عن أنس

3795. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش، يامان ئاقىۋەت يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، ئاپەتلەردىن ھالاكەتلەردىن ساقلايدۇ، بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق ئەھلى ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلى ئەھلى شۇلاردۇر، (ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادىكى ياخشىلار ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلار شۇدۇر) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3796 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3494 ( طس ) عن أم سلمة ( صنائع المعروف تقي مصارع السوء و الصدقة خفيا تطفئ غضب الرب و صلة الرحم زيادة في العمر و كل معروف صدقة و أهل المعروف في الدنيا هم أهل المعروف في الآخرة و أهل المنكر في الدنيا هم أهل المنكر في الآخرة ( و أول من يدخل الجنة أهل المعروف )

3796. ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش، يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، مەخپىي سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش رەببىنىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، سىلە رەھىم قىلىش، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، ھەرقانداق ياخشىلىق سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىق ئەھلى بولسا، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئەھلىدۇر، بۇ دۇنيادىكى مۇنكەر ئەھلى ئاخىرەتتىمۇ مۇنكەر ئەھلى بولىدۇ، جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار ياخشىلىق ئەھلىدۇر، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

3797 ( حسن ) ( طب ) عن أبي أمامة ( صنائع المعروف تقي مصارع السوء و صدقة السر تطفئ غضب الرب و صلة الرحم تزيد في العمر )

3797. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش، يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ، مەخپى سەدىقە قىلىش، رەبتائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ، سىلە ـ رەھىم ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.يەنى ئۇلار دۇئا قىلىدۇ.

3798 ( حسن ) ( طب ) عن أبي أمامة صنفان من أمتي لن تنالهما شفاعتي: إمام ظلوم غشوم و كل غال مارق

3798. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىككى سىنىپ كىشىگە شاپائىتىم يەتمەيدۇ، بىرسى قەلبى قاتتىق قوپال، زالىم ئىمام. يەنە بىرسى بولسا، دىندا ھەددىدىن ئاشقۇچى، شۇنداق قىلىپ دىندىن چىقىپ كەتكۈچى كىشىدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، دىندا ھەددىدىن ئېشىش ھارامدۇر.

3799 ـ صنفان من أهل النار لم أرهما بعد: قوم معهم سياط كأذناب البقر يضربون بها الناس و نساء كاسيات عاريات مميلات مائلات رءوسهن كأسنمة البخت المائلة لا يدخلن الجنة و لا يجدن ريحها و إن ريحها ليوجد من مسيرة كذا و كذا ( حم م ) عن أبي هريرة

3799. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى سىنىپ كىشىلەر بار بولۇپ، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىدىم، (يەنى بۇندىن كېيىن چىقىدۇ) بىرسى كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان كىشىلەردۇر، (يەنى زالىملار) يەنە بىرسى بولسا، ئەمەلىيەتتە كىيىم كىيىۋالغان، ئەمما ئۆزىنىڭ كىيىمى نېپىز، بەزى جايدا بولمىغاچقا يالىڭاچ ھېسابلىنىدىغان ياكى زىننەت كىيىمنى كىيىۋالغان تەقۋالىق كىيىمدىن يالىڭاچ ياكى نېئمەت كىيىمنى كىيىۋالغان شۈكرىدىن يالىڭاچ،ياخشى كىيىمنى كىيىۋالغان ياخشىلىقدىن يالىڭاچ، بەزى يېرىگە كىيىم كىيىۋالغان بەزى يېرى يالىڭاچ ئاياللاردۇر، تائەتتىن مايىل، مېڭىشىدا كىبىرە قىلىشدا مايىل، ئەرلەرگە مايىل ھەم ئەرلەرنى مايىل قىلغۇچى، قەلبنى پىتنە ـ پاساتقا مايىل

قىلغۇچى، بىشى، چىچى تۆگىنىك لوكىسىدەك چىچىنى مۆكۈر چىقىرىپ گەدىنىگە تۆگۈپ، باشقىلارغا كۆرسەتكۈچى ئايالار بولۇپ، بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇراقلىرى مۇنداق ـ مۇنداق، يەنى 500 يىل مۇساپىدىن تىپىلىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.شەيخ زەندانى بۇھەدىسنى مۆجىزە قاتارىدا تىزغان.

3800 ( صحيح ) صوت أبي طلحة في الجيش خير من ألف رجل ( سمويه ) عن أنس

3800. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ئەبۇتەلھەنىڭ قوشۇن ئىچىدىكى جەڭگە قىزىقتۇرغان ئاۋازى، 1000 كىشىلىك قوشۇندىن ياخشىراقتۇر، سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

3801 صوتان ملعونان في الدنيا و الآخرة: مزمار عند نعمة و رنة عند مصيبة ( البزار الضياء ) عن أنس

3801. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ئىككى خىل ئاۋاز، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە لەنەت قىلىنغان: بىرى، نىئمەتلەنگەندە خۇرسەن، خۇشال بولغاندىكى نەي، نەغمە ـ ناۋا ئاۋازى، يەنە بىرى بولسا، مۇسىبەت يەتكەندە ئاۋازلىق يىغلاش. بەزار، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

3802 صوم ثلاثة أيام من كل شهر و رمضان إلى رمضان صوم الدهر و إفطاره ( حم م ) عن أبي قتادة

3802. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ۋە رامزان يەنە بىر رامزانغىچە پۈتۈن زاماندا روزا تۇتقانلىق ۋە ئىپتار قىلغانلىق بولىدۇ، (چۈنكى بىرگە ئون بېرىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3803 صوم شهر الصبر و ثلاثة أيام من كل شهر صوم الدهر ( حم هق ) عن أبي هريرة

3803. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ۋە ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، (30 كۈنگە 300 كۈننىڭ، ئۈچ كۈنگە 30 كۈننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3804 صوم شهر الصبر و ثلاثة أيام من كل شهر يذهبن وحر الصدر ( البزار ) عن علي وابن عباس ( البغوي الباوردي طب ) عن النمر بن تولب

3804. ئەلى، ئىبنى ئابباس، نەمىر ئىبنى تۆۋلەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزاتۇتۇش، قەلبىنىڭ ھىقدە، ھەسەد، ئۆچ ـ ئاداۋەت، كىرلىرىنى تازىلاپ يوقىتىدۇ. بەزار، بەغۋى، تەبرانى، بارۇدى توپلىغان، سەھىھ.

3805 ( صحيح ) صوم يوم عرفة كفارة السنة الماضية و السنة المستقبلة ( طس ) عن أبي سعيد

3805. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ئاراپات كۈنى روزا تۇتۇش،(يەنى ئەتە قۇربان ھېيت كۈنى بولىدۇ دىگەن ،ھەج ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى)روزا تۇتۇش ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كەلگۈسىدىكى بىر يىللىق گۇناھلارغا كاپارەت ھېسابلىنىدۇ.تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

3806 صوم يوم عرفة يكفر سنتين ماضية و مستقبلة و صوم عاشوراء يكفر سنة ماضية ( حم م ت ) عن أبي قتادة

3806. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ئاراپات كۈنىنىڭ روزىسى ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كەلگۈسىدىكى بىر يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىللىق گۇناھقا كاپارەت بولىدۇ، ئاشۇرا كۈنىنىڭ يەنى مۇھەررەمنىڭ 10 ـ ياكى توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتۇش بىر يىللىق گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ، گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابى

**3807 ( صحيح ) صومكم يوم تصومون و أضحاكم يوم تضحون ( هق ) عن أبي هريرة**

3807. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ روزاڭلار، سىلەر روزا تۇتقان كۈندۇر، سىلەرنىڭ ھېيتىڭلار بولسا، سىلەر ھېيت قىلغان كۈندۇر، (يەنى ئاي كۆرۈشۈڭلار بىلەن بولىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سۈيۇتى، ھەسەن دېگەن، ئەلبانى سەھىھ دېدى.

**3808 ( حسن ) صوموا الشهر و سرره ( د ) عن معاوي**

3808. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاينىڭ بېشىدا روزا تۇتۇڭلار، ۋە ئاينىڭ ئاخىرىداياكى ئوتتۇرىدىكى ئاق كۈنلەردە روزا تۇتۇڭلار، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن، ئىمام سۈيۇتى سەھىھ دېگەن.

**3809 ( صحيح ) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن حال بينكم و بينه سحاب فأكملوا عدة شعبان و لا تستقبلوا الشهر استقبالا و لا تصلوا رمضان بيوم من شعبان ( حم ن هق ) عن ابن عباس**

3809. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاخىرىدا يەنە يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، يەڭلار، ئەگەر سىلەردىن ئاينى بۇلۇت توسۇۋالسا، شەئباننىڭ سانىنى تولۇق قىلىڭلار، (يەنى 30 كۈن) رامزان ئېيىدىن بۇرۇن روزا تۇتۇش بىلەن بۇ ئاينى كۈتۈۋالماڭلار، رامزان ئېيىغا شەئباندىن بىرەر كۈن روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، روزىنىڭ، ھېيتنىڭ، ھەجنىڭ ۋاقىتلىرى ئاي كۆرۈش بىلەن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن.

**3810 ( صحيح ) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن غم عليكم فأكملوا شعبان ثلاثين ( ق ن ) عن أبي هريرة ( ن ) عن ابن عباس ( طب ) عن البرا**

3810. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، يېڭى ئاينى كۆرۈپ ھېيت نامىزى ئوقۇپ يەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، شەئباننىڭ 30 كۈننى تولۇق قىلىڭلار، بەيھەقى، نەسەئى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3811 ( صحيح ) صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته و انسكوا لها فإن غم عليكم فأتموا ثلاثين فإن شهد شاهدان مسلمان فصوموا و أفطروا ( حم ن ) عن رجال من الصحابة**

3811. ساھابىلەردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېڭى ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، ھەج ئىبادەتلىرىنىمۇ ئاينى كۆرۈپ قىلىڭلار، سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، 30 كۈننى تولۇق قىلىڭلار، ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان كىشى ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، شۇ گۇۋاھلىق بويىچە روزا تۇتساڭلار، بۇزساڭلار بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3812 ( حسن ) صوموا من وضح إلى وضح ( طب ) عن والد أبي المليح**

3812. ۋالىد ئىبنى ئەبۇلمەلىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : يېڭى ئاينى كۆرۈشتىن باشلاپ يەنە يېڭى ئاينى كۆرگەنگە قەدەر روزا تۇتۇڭلار، (ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولسا، 30 كۈننى تولۇق ساناڭلار) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3813 ( صحيح ) صومي عن أختك ( الطيالسي ) عن ابن عباس**

3813. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، روزا تۇتۇشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلىۋېلىپ، تولۇق ئادا قىلىپ بولالماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ

ھەمشىرىسىگە مۇنداق دېگەن : ھەمشىرە قېرىندىشىڭنىڭ ھەققىدىن سەن روزا تۇتقىن، تەيالىسى توپلىغان، مەناۋى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن ، يېقىن كىشى يېقىندىن روزا تۇتۇپ قويسا بولىدۇ، لېكىن، ھايات كىشىدىن تۇتۇپ قويسا بولمايدۇ، ھايات كىشى ئاللاھقا مۇسۇلمان ئەمەسمىكەن؟

## 3814 صلاة أحدكم في بيته أفضل من صلاته في مسجدي هذا إلا المكتوبة ( د) عن زيد بن ثابت(ابن عساكر) ابن عمر

3814. زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلارنىڭ ئۆيىدىكى نەپلە نامىزى مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدىكى نامىزىمدىنمۇ ئەۋزەل، ياخشىدۇر، پەرز ناماز بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

## 3815 ( صحيح ) صلاة الجالس على النصف من صلاة القائم ( حم ) عن عائشة

3815. زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، قايتقۇچى ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ نامىزى تۆگە بوتىلاقلىرىنىڭ تاپىنى قىززىغان ۋاقىتتۇر، (يەنى زوھا)، چاشكا نامىزىنى ھاۋا قىززىغان ۋاقىتتا كېچىكتۈرۈش ئەۋزەلدۇر) ئەھمەد ، مۇسلىم ، سەمۇيە، ئابدۇ ئىبنى ھەمىد توپلىغان، سەھىھ. زوھا، چاشكا نامىزى ياخشىلار نامىزى.

## 3816 ( صحيح ) صلاة الجالس على النصف من صلاة القائم ( حم ) عن عائشة

3816. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ يېرىمىغا تەڭدۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 3817 صلاة الجماعة أفضل من صلاة أحدكم وحده خمسة و عشرين جزءا ( ن ه ) عن أبي هريرة

3817. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز، بىرىڭلارنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە ئەۋزەلدۇر، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 3818 صلاة الجماعة تعدل خمسا و عشرين من صلاة الفذ ( م ) عن أبي هريرة

3818. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز كىشىنىڭ نامىزىدىن 25 نامازغا تەڭدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 3819 صلاة الجماعة تفضل صلاة الفذ بخمس و عشرين درجة ( حم خ ه ) عن أبي سعيد

3819. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەتنىڭ نامىزى يالغۇز كىشىنىڭ نامىزىدىن 25 دەرىجە يەزىلەتتە ئۈستۈندۇر، 25 دەرىجە ئەۋزەلدۇر، ئەھمەد ، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 3820 صلاة الجماعة تفضل صلاة الفذ بسبع و عشرين درجة ( مالك حم ق ت ن ه ) عن ابن عمر

3820. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 دەرىجە ئەۋزەل، ئۈستۈندۇر، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر.

## 3821 صلاة الرجل تطوعا حيث لا يراه الناس تعدل صلاته على أعين الناس خمسا و عشرين ( ع ) عن صهيب

3821. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ باشقىلار كۆرمەيدىغان جايدا مەخپى ئوقۇغان نەپلە نامىزى، كىشىلەرنىڭ كۆزى

ئالدىدا، كۆرىدىغان جايىدا ئوقۇغان نەپلە نامىزىدىن 25 نامازغا تەڭدۇر، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

3822 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3510 صلاة الرجل في جماعة تزيد على صلاة الرجل وحده أربعا و عشرين (أو خمسا و عشرين درجة ) ( ه ) عن أبي

3822. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 24 ياكى 25 دەرىجە زىيادە، ئارتۇقتۇر، ئايال كىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ دېگەنگە سەھىھ ھەدىس بار، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئايال كىشىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىغا جامئۇسسەغىيردا سەھىھ ھەدىس بار،ئۇنى فىردەۋس توپلىغان.

3823 صلاة الرجل في جماعة تزيد على صلاته في بيته و صلاته في سوقه خمسا و عشرين درجة و ذلك أن أحدكم إذا توضأ فأحسن الوضوء ثم أتى المسجد لا يريد إلا الصلاة لم يخط خطوة إلا رفعه الله بها درجة و حط عنه بها خطيئة حتى يدخل المسجد فإذا دخل المسجد كان في صلاة ما كانت الصلاة تحبسه و تصلي الملائكة عليه ما دام في مجلسه الذي يصلي فيه يقولون: اللهم اغفر له اللهم ارحمه اللهم تب عليه ما لم يؤذ فيه أو يحدث فيه ( حم ق د ه ) عن أبي هريرة

3823. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان نامىزى؛ ئۆيىدىكى نامىزىنىڭ بازاردىكى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداق بولۇشى، ھەقىقەتەن بىرىڭلار تاھارەتنى ياخشى، كەمىل ئېلىپ ئاندىن مەسجىدكە پەقەت نامازنىلا مەخسەت قىلىپ كەلسە، ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمنىڭ باراۋىرىگە ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرىغا كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇ مەسجىدكە كىرگەنگە قەدەر شۇنداق بولىدۇ، مەسجىدكە كىرسە، ناماز ئۇنى ساقلىتىپ، توختىتىپ قويغان بولسىلا ئۇ نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇيدىغان جايىدا مۇقىم ئولتۇرسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ، پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ، ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسىلا، ئۇنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسىلا دەپ، شۇ كىشى بۇ جايىدا بىرەر كىشىگە ئازار، ئەزىيەت بەرمىسىلا ياكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا شۇنداق دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3824 صلاة الرجل في جماعة تزيد على صلاته وحده خمسا و عشرين درجة فإذا صلاها بأرض فلاة فأتم وضوءها و ركوعها و سجودها بلغت صلاته خمسين درجة ( عبد بن حميد ع حب ك ) عن أبي سعيد

3824. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ جامائەت ئىچىدىكى نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈندۇر، ئەگەر ئۇ نامازنى چۆل - باياۋان زېمىندا ، تاھارەتنى ياخشى، كەمىل ئېلىپ، رۇكۇ، سەجدىلىرىنى تولۇق، كەمىل قىلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى 50 دەرىجىگە يېتىدۇ، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدى، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3825 صلاة الرجل قائما أفضل من صلاته قاعدا و صلاته قاعدا على النصف من صلاته قائما و صلاته نائما على النصف من صلاته قاعدا ( حم د ) عن عمران بن حصي

3825. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزى ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇغان نامىزىدىن ئەۋزەل، ئولتۇرۇپ ئوقۇغان نامىزى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان نامازنىڭ يېرىمىغا تەڭدۇر، يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزى ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزىنىڭ يېرىمىغا تەڭدۇر، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3826 صلاة الرجل قاعدا نصف الصلاة و لكني لست كأحد منكم ( م د ن ) عن ابن عمرو

3826. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ ئولتۇرغان ھالدا ئوقۇغان نامىزى نامازنىڭ يېرىمىدۇر، لېكىن، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرىغاندا، كېسەل چاغدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3827** ( صحيح ) صلاة الضحى صلاة الأوابين ( فر ) عن أبي هريرة

3827. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زۇھا، چاشكا نامىزى، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ قايتقۇچى ئىخلاسمەن بەندىلەرنىڭ نامىزىدۇر، دەيلىمى، فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ.

**3828** ( صحيح ) صلاة القاعد نصف صلاة القائم ( حم ن ه ) عن أنس ( ه ) عن ابن عمرو ( طب ) عن ابن عمر وعبدالله بن السائبوعبدالمطلب بن أبي وداعة

3828. ئەنەس، ئىبنى ئەمرۇ، ئىبنى ئۇمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب، ئابدۇلمۇتەللىپ، ئىبنى ئەبۇ ۋەدائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ يېرىمىغا تەڭ، (كېسەل كىشى ئۆزرە بىلەن ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، خۇددى ساق كىشىدەك ئۆرە تۇرغاندەك بولىۋېرىدۇ) ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3829** ( صحيح) صلاة الليل مثنى مثنى فإذا خشي أحدكم الصبح صلى ركعة واحدة توتر له ما قد صلى ( مالك حم ق 4 ) عن ابن عم

3829. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېچىنىڭ نامىزى ئىككى رەكەتتىن ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ، بىرىڭلار سۇبھىدىن، بامدات نامىزىدىن ئەنسىرەپ قالسا، بىر رەكەت ئوقۇسا بۇ بىر رەكەت ناماز، ئالدىدا ئوقۇغان نامازلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ۋىتىر ھېسابلىنىدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتابمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**3830** صلاة الليل مثنى مثنى و الوتر ركعة من آخر الليل ( طب ) عن ابن عباس

3830. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېچىنىڭ نامىزى ئىككى رەكەت ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ، ۋىتىر دېگەن كېچىنىڭ ئاخىرىدىن بىر رەكەت ناماز ئوقۇۋېتىشتۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3831** ( صحيح ) صلاة الليل و النهار مثنى مثنى ( حم ع ) عن ابن عمر

3831. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نامىزى يەنى نەپلە نامىزى ئىككى رەكەتتىن ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن نۇرغۇن نەپلە ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

**3832** صلاة الليل مثنى مثنى فاذاخفت الصبح فأوتر بواحدة فان الله وتر يحب الوتر(ابن نصر ط )عن ابن عمر

3832. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېچىنىڭ نامىزى ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ، ئەگەر بامدات نامازدىن ئەنسىرىسەڭ، بىر رەكەت بىلەنلا ۋىتىر ئوقۇغىن، ھەققەتەن ئاللاھ تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىبنى نەسىر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3833** ( صحيح ) صلاة المرأة في بيتها أفضل من صلاتها في حجرتها و صلاتها في مخدعها أفضل من صلاتها في بيتها ( د ) عن ابن مسعود ( ك ) عن أم سلمة

3833. ئىبنى مەسئۇد، ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئايال كىشىنىڭ ئۆيدىكى نامىزى ھوجرىسىدىكى نامازدىن ئەۋزەل، ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىكى تىخمۇ ئىچىدىكى كىچىك ئۆيدىكى نامىزى تاشقىرى ئۆيدىكى نامازدىن ئەۋزەلدۇر، (يەنى ئاياللار، مەخپىيرەك ناماز ئوقۇسۇن) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نامازدا شۇنداق بولسا، باشقا چاغ

قانداقتۇ ھە!

3834 ( صحيح ) صلاة المغرب وتر النهار ( ش ) عن ابن عمر

3834. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شام نامىزى كۈندۈزنىڭ ۋىترىسىدۇر، ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن ۋە يۇقىرىدىكى ئالدىدا ناماز بولسا، ياكى بامداتتىن ئەنسىرسە، بىر رەكەت ئوقۇش بولمىسا، ئۈچ رەكئەت دېگەن مەنىسى بىلەن ئۇندىن باشقا بىر رەكەت ئۈچ رەكئەت ، بەش رەكئەت ، ھەتتا يەتتە رەكەت ۋىترىنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن ۋىتىر ئۈچ رەكەت بولسا ئەۋزەل دېدى .

3835 ( صحيح ) صلاة الوسطى صلاة العصر ( حم ت ) عن سمرة ( ش ت حب ) عن ابن مسعود ( ش ) عن الحسن مرسلا ( هق ) عن أبي هريرة ( البزار ) عن ابن عباس ( الطيالسي ) عن علي

3835. سەمرەت ئىبنى مەسئۇد، ھەسەن بەسرى، ئەبۇ ھۇرەيرە،ئىبنى ئاببىاس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان) ۋۇستا نامىزى، ئەسىر نامىزىدۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى، ئەبۇ شەيبە ، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، بەزار، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

3836 صلاة رجلين يؤم أحدهما صاحبه أزكى عند الله من صلاة أربعة تترى و صلاة أربعة يؤمهم أحدهم أزكى عند الله من صلاة ثمانية تترى و صلاة ثمانية يؤمهم أحدهم أزكى عند الله من صلاة مائة تترى (طب هق)عن قباث بن

3836. قۇبباث ئىبنى ئەشيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى كىشىنىڭ بىرسى ـ بىرىگە ئىمام بولۇپ، ئوقۇغان نامىزى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم تاق ھالەتتە ئوقۇغان تۆت كىشىنىڭ نامىزىدىن پاك ئەۋزەلدۇر، تۆت كىشىنىڭ بىرسى ئىمام بولۇپ، جامائەت ھالەتتە ئوقۇغان نامىزى ئايرىم ھالدا جامائەتسىز ئوقۇغان سەككىز كىشىنىڭ نامىزىدىن ئەۋزەل، سەككىز كىشىنىڭ بىرسى ئىمام بولۇپ، جامائەت ھالدا ئوقۇغان نامىزى، ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇغان 100 كىشىنىڭ نامىزىدىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەۋزەلدۇر، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

3837 ( حسن ) صلاة في إثر صلاة لا لغو بينهما كتاب في عليين ( د ) عن أبي أمامة

3837. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نامازنىڭ ئارقىسىدىن، ئىككى ناماز ئارىسىدا پايدىسىز قۇرۇق لەغۋە سۆز قىلماي، گۇناھ قىلماي، يەنە بىر ناماز ئوقۇش، ئىللىيىن دەرىجىلىك ئۈستۈن ئالى ماقامغا يېزىلىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ھەسەنگە كۆتۈرۈلدۇ دېگەن .

صلاة في مسجدي أفضل من ألف صلاة فيما سواه إلا المسجد الحرام و صلاة في المسجد الحرام أفضل من مائة ألف صلاة فيما سواه ( حم ه ) عن جابر

3838. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ مەدىنىدىكى مۇشۇ مەسجىدىمدىكى ناماز ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەلدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا، مەسجىد ھەرەمدىكى بىر ناماز، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى (100000) نامازدىن ئەۋزەلدۇر، ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3839 صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سواه من المساجد إلا المسجد الحرام (حم ق ت ن ه) عن هريرة ( حم م ن ه ) عن ابن عمر ( م ) عن ميمونة ( حم ) عن جبيربن مطعم وسعد والأرقم

3839. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، مۇسلىم قاتارلىقلار، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۇمەر، مەيمۇنە ، جۇبەيىر، سەئىد ، ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىدىكىدەك مەدىنىدىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدىكى بىر ناماز ،

ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايدىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەل، ھەرەم مۇستەسنا دېيىلگەن، سەھىھ، بۇ مەككە ـ مەدىنىنىڭ پەزىلىتى.

**3840** ( صحيح ) صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سواه من المساجد إلا المسجد الحرام فإني آخر الأنبياء و إن مسجدي آخر المساجد ( م ن ) عن أبي هريرة

3840. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەل، ھەقىقەتەن مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ھەقىقەتەن مېنىڭ مەسجىدىم، بارلىق مەسجىدلەرنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەر مەسجىدىنىڭ) ئاخىرقىسىدۇر مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3841** صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سواه من المساجد إلا المسجد الحرام و صلاة في المسجد الحرام أفضل من صلاة في مسجدي هذا بمائة صلاة ( حم حب ) عن ابن الزبي

3841. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنىڭ مەسجىدىمدىكى بىر ناماز: ئۇنىڭدىن باشقا، مەسجىد ھەرەمدىن باشقا بارلىق جايلاردىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەل بولسا، مەسجىد ھەرەمدىكى بىر ناماز، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدىكى 100 نامازدىن ئەۋزەلدۇر، (باشقا مەسجىددىكى 100000 نامازدىن ئەۋزەل بولدۇ) ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، ئىسنىدىزە بولسۇن، پەزىلەتنى ئاللاھ بېرىدۇ.

**3842** صلاة مع الإمام أفضل من خمس و عشرين صلاة يصليها وحده ( م ) عن أبي هريرة

3842. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان 25 نامازدىن ئەۋزەلدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3843** صلاتان لا يصلى بعدهما: الصبح حتى تطلع الشمس و العصر حتى تغرب الشمس ( حم حب ) عن سعد

3843. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەينىدىن، ئارقىسىدىن ناماز ئوقۇلمايدىغان ئىككى ناماز بار، بىرىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن، كۈن رەسمى چىقىپ بولمىغىچە يەنە بىرى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن رەسمى كىرىپ بولمىغىچە ناماز ئوقۇلمايدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3844** صلاتكن في بيوتكن أفضل من صلاتكن في حجركن و صلاتكن في حجركن أفضل من صلاتكن في دوركن و صلاتكن في دوركن أفضل من صلاتكن في مسجد الجماعة ( حم طب هق ) عن أم حميد

3844. ئۇممە ھۇمەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئاياللار سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلاردىكى نامىزىڭلار، ھۇجراڭلاردىكى نامازدىن ئەۋزەل، ھۇجراڭلاردىكى نامىزىڭلار، ھويلاڭلاردىكى نامازدىن ئەۋزەل، ھويلاڭلاردىكى ناماز بولسا، جامائەت مەسجىدىدىكى نامىزىڭلاردىن ئەۋزەلدۇر، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3845** صلاح أول هذه الأمة بالزهد و اليقين و يهلك آخرها بالبخل و الأمل ( حم في الزهد طس هب ) عن ابن عمرو

3845. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەتنىڭ تۇنجى كىشىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ياخشىلىنىشى، زاھىدلىق بىلەن شەكسىز ئىشەنچ بىلەن بولىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ئارزۇ ـ ئۇمىدىنى كۆپ، ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3846** ( صحيح ) صياح المولود حين يقع نزغة من الشيطان ( م ) عن أبي هريرة

3846. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلۇپ چۈشكەندىكى يىغا ئاۋازى، شەيتاننىڭ چىمدىشىدۇر، ئازار بېرىشىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، ئەيسا بىلەن مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**3847 صيام المرء في سبيل الله يبعده من جهنم مسيرة سبعين عاما ( طب ) عن أبي الدرداء**

3847. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىشى، ئۇ كىشىنى جەھەننەمدىن 40 يىللىق مۇسابە يىراقلاشتۇرىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3848 ( صحيح ) صيام ثلاثة أيام من كل شهر صيام الدهر و إفطاره ( حم حب ) عن قرة بن إياس**

3848. قۇررەت ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زامان روزا تۇتۇپ ئىپتار قىلغانلىق بولىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3849 ( حسن ) صيام ثلاثة أيام من كل شهر صيام الدهر و هي أيام البيض: صبيحة ثلاث عشرة و أربع عشرة و خمس عشرة ( ن ع هب ) عن جرير**

3849. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، ئۇ روزا بولسا، 13 ـ ، 14 ـ ، 15 ـ ، كېچە ـ كۈندۈز ئاق كۈنلەردۇر، نەسەئى، ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3850 ـ ـ صيام حسن صيام ثلاثة أيام من الشهر ( حم ن حب ) عن عثمان بن أبي العاص**

3850. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ئەڭ ياخشى، روزا تۇتۇشدۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، بىر كۈن 10 كۈنگە تەڭ بۇ زامانلاپ روزا تۇتقانلىقتۇر.

**3851 صيام شهر رمضان بعشرة أشهر و صيام ستة أيام بعده بشهرين فذلك صيام السنة ( حم ن حب ) عن ثوبان**

3851. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رامزان ئېيىدىكى روزا 10 ئايغا تەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتۇش ئىككى ئايغا تەڭدۇر، ئەنە ئاشۇ بولسا، بىر يىل روزا تۇتقانلىق بولىدۇ، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3852 ( صحيح ) صيام يوم السبت لا لك و لا عليك ( حم ) عن امرأة**

3852. بىر ساھابە ئايالدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شەنبە كۈنىدە روزا تۇتۇشۇڭ سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈنمۇ، زىيىنىڭ ئۈچۈنمۇ بولمايدۇ، (يەنى ساڭا زىيادە ساۋابمۇ يوق، تاپا ـ تەنىمۇ يوق) ئايرىم، خاسلاپ بۇ كۈندە روزا تۇتسا بولمايدۇ، شەنبە، يەھۇدىيلارنىڭ يەكشەنبە، ناسالارنىڭ كۈنى) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**3853 صيام يوم عرفة إني أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله و السنة التي بعده و صيام يوم عاشوراء إني أحتسب على الله أن يكفر السنة التي قبله ( ت حب ) عن أبي قتادة**

3853. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاراپات كۈنىنىڭ روزىسىنى مەن ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق گۇناھنى كاپارەت قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن، ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى بولسا، بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەت قىلىپ، بىر يىللىق گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ دەپ ھېسابلايمەن، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3854 ( صحيح ) الصائم المتطوع أمير نفسه إن شاء صام و إن شاء أفطر ( حم ت ك ) عن أم هانئ**

3854 . ئۇممە ھانىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : نەپلە روزا تۇتقۇچى ئۆزىگە ئۆزى باشلىق ئۆزى ئىگە بولۇپ ، ئەگەر خالىسا تۇتىدۇ، ئەگەر خالىسا تۇتماي يەۋېتىدۇ، (يېگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق خالىسا قازاسىنى قىلىپ تۇتىدۇ، خالىسا يوق) ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللا ، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار، باتىل قىلىۋەتمەڭلار دېگەن ئايەت بىلەن بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى قىلىدۇ دېگەن ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئوبدان بىلەتتى .

**3855** ( صحيح ) الصابر الصابر عند الصدمة الأولى ( تخ ) عن أنس

3855. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەۋر قىلغۇچى ھەقىقى سابىر دېگەن ، تۇنجى قېتىم مۇسىبەت قاتتىق بولغاندا سەۋر قىلىدۇ، (كېيىنكىگە ياكى يەڭگىل مۇسىبەتكە ئاساندۇر) بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**3856** ( صحيح ) الصبر عند الصدمة الأولى ( البزار ع ) عن أبي هريرة

3856. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەۋر قىلىپ چىداش دېگەن ، تۇنجى قېتىمقى قاتتىق مۇسىبەتتە بولىدۇ، (كېيىنكىسى ئىككىنچىسى يەڭگىل بولغىنى ئاساندۇر) بەزار، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**3857** ( صحيح ) الصبر عند أول صدمة ( البزار ) عن ابن عباس

3857. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كەمىل سەۋر قىلىش بولسا ، قاتتىق، ئېغىر مۇسىبەتنىڭ ئەۋۋىلىدىلا بولىدۇ، بەزار توپلىغان ، سەھىھ.

**3858** الصدقة على المسكين صدقة و هي على ذي الرحم اثنتان: صدقة و صلة ( حم ت ن ه ك ) عن سلمان بن عامر

3858. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىش بولسا، بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، يېقىن تۇغقانغا سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش بولسا ، ھەم سەدىقە ھەم سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ، (ئىككى ئەجىر بولىدۇ) ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى ، ھاكىم ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

**3859**ـ الصرعة كل الصرعة: الذي يغضب فيشتد غضبه و يحمر وجهه و يقشعر شعره فيصرع غضبه ( حم ) عن رجل

3859. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرلۇق، ھەقىقى باتۇرلۇق بولۇپ ، غەزەپ قىلىپ ئاچچىقى كېلىپ، ئاچچىقى كۆچىيىپ ، يۈزى قىزىرىپ ، چاچلىرى، تۈكلىرى تىترەپ كەتكەندە ، ئاچچىقنى يەڭگەن كىشى ھەقىقى باتۇردۇر، ئەھمەد توپلىغان ، ھەسەن.

**3860** الصعيد الطيب وضوء المسلم و إن لم يجد الماء عشر سنين ( ن حب ) عن أبي ذر

3860. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پاك ـ پاكىز تۇپراق گەرچە 10 يىل سۇ تاپالمىسىمۇ، مۇسۇلماننىڭ تاھارىتىدۇر، يەنى سۇ تاپالمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ، قىلىۋېرىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3861** الصعيد وضوء المسلم و إن لم يجد الماء عشر سنين فإذا وجد الماء فليتق الله و ليمسه بشرته فإن ذلك خير ( البزار ) عن أبي هريرة

3861. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : پاك تۇپراق گەرچە 10 يىل سۇ تاپالمىسىمۇ مۇسۇلماننىڭ تاھارىتىدۇر، سۇنى تاپقان ، ھامان ئاللاھدىن قورقۇپ تېرىلىرىگە سۇنى تەگكۈزسۇن ، يەنى سۇدا تاھارەت ئالسۇن ، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش بەك ياخشىدۇر، بەزار توپلىغان ، سەھىھ.

3862 الصلح جائز بين المسلمين إلا صلحا أحل حراما أو حرم حلالا ( حم د ك ) عن أبي هريرة ( ت ه )عن عمرو اب

3862. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇف، ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دە ـ تالاشنى، داۋانى ئاخىرلاشتۇرىدىغان سۈلھى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۇرۇس، لېكىن، ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ھالالنى ھارام قىلىدىغان، سۈلھى دۇرۇس ئەمەس، (خۇددى جازانە ، ئۆسۈمدەك. ھارام سودىدەك) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

3863 ( صحيح ) الصور قرن ينفخ فيه ( حم د ت ك ) عن ابن عمرو

3863. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : (قۇرئاندا پۈۋدىلىشى تىلغا ئېلىنىدىغان) سۇر بولسا، پۈۋدىلىدىغان مۈڭگۈزدۇر، (بۇنى ئىسراپىل پۈۋدەيدۇ، كەيپىياتىنى بىلمەيمىز) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3864 ـ الصورة الرأس فإذا قطع الرأس فلا صورة ( الإسماعيلي في معجمه ) عن ابن عباس

3864. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سۈرەت دېگەن باشتا بولىدۇ، بېشى كېسىۋېتىلسە، سۈرەت مەۋجۇد بولمايدۇ، ئىسمائىل توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن ، باشقا ھەدىستە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سۈرەتنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىشنى بۇيرۇغان ، خاتىرىلەر بار.

3865 ( صحيح ) الصوم جنة ( ن ) عن معاذ

3865. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا تۇتۇش قالقاندۇر، (يەنى شەھۋەتنى سۇندۇرۇپ، گۇناھدىن، ئازابدىن ساقلايدىغان قالقاندۇر) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

3866 ( صحيح ) الصوم جنة من عذاب الله ( هب ) عن عثمان بن أبي العاص

3866. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا تۇتۇش، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان قالقاندۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. گۇناھدىن ساقلىسا، ئازابتىنمۇ ساقلايدۇ.

3867 ( حسن ) الصوم جنة يستجن بها العبد من النار ( طب ) عن عثمان بن أبي العاص

3867. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا بولسا، بەندە دوزاختىن ئوت ئازابىدىن ساقلىنىدىغان قالقاندۇر، (روزا بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى قورشايدىغان بولغاچقا، ئۇ چاغدا ئوتقا كۆيدۈرۈش يولى يوقتۇر) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

3868 الصوم في الشتاء الغنيمة الباردة( حم ع طب هق)عن عامر بن مسعود( طس عد هب)عن أنس(عد هب)عن جابر

3868. ئامىر ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قىش پەسلىدىكى روزا بولسا، جاپاسىز، مۇشەققەتسىز، مۇقىم غەنىيمەتتۇر، ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، بەيھەقى، ئىبنى ئەدى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

3869 ـ الصوم يوم تصومون و الفطر يوم تفطرون و الأضحى يوم تضحون ( ت ) عن أبي هريرة

3869. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا بولسا، سىلەر روزا تۇتقان كۈندۇر، روزىنى بۇزۇپ، ھېيت نامىزى ئوقۇش بولسا، سىلەر ئايىنى كۆرۈپ ھېيت قىلغان ئىپتار قىلغان كۈندۇر، ھېيت كۈن بولسا، سىلەر ھېيت قىلغان كۈندۇر، يەنى ئايغا قاراپ، بىرلىككە كېلىشتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3870 الصلاة خير موضوع فمن استطاع أن يستكثر فليستكثر ( طس ) عن أبي هريرة

3870. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ناماز قويۇلغان ۋەزىپىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كىم كۆپ ئوقۇشقا قادىر بولسا، كۆپ ئوقۇۋالسۇن، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**3871 ( صحيح ) الصلاة في جماعة تعدل خمسا و عشرين صلاة فإذا صلاها في فلاة فأتم ركوعها و سجودها بلغت خمسين صلاة ( د ك ) عن أبي سعيد**

3871. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : جامائەت ئىچىدە ئوقۇغان ناماز 25 نامازغا تەڭدۇر، نامازنى چۆل ـ باياۋاندا تاھارەت، رۇكۇ، سەجدىلىرىنى كەمىل، تولۇق قىلىپ ئوقۇسا، 50 نامازغا تەڭ بولىدۇ، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (يەنى چۆل باياۋاندىكى سەپەردىمۇ جامائەت بولۇپ ئوقۇسا)

**3872 ( صحيح ) الصلاة في مسجد قباء كعمرة ( حم ت ه ك ) عن أسيد بن حضي**

3872. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قۇبا مەسجىدىدىكى ناماز، ئۆمرە ھەجگە ئوخشاشتۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3873 الصلاة و ما ملكت أيمانكم الصلاة و ما ملكت أيمانكم (حم ن ه حب)عن أنس( حم ه)عن أم سلم(طب ) عن ابن عم**

3873. ئەنەس، ئۇممە سەلەمە، ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جان ئۈزۈش ئالدىدا مۇنداق دېگەن : نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، قول، چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، نامازنى چىڭ تۇتۇڭلار، قوللىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3874 ـ الصلوات الخمس كفارة لما بينهن ما اجتنبت الكبائر و الجمعة إلى الجمعة و زيادة ثلاثة أيام ( حل ) عن أنس**

3874. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش ۋاخ ناماز؛ گۇناھى كەبىرە بولغان، چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولسىلا، ئارىلىقدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە كاپارەت بولىدۇ، يەنە تېخى ئۈچ كۈن زىيادە كاپارەت بولىدۇ، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**3875 ( صحيح ) الصلوات الخمس و الجمعة إلى الجمعة و رمضان إلى رمضان مكفرات لما بينهن إذا اجتنبت الكبائر ( حم م ت ) عن أبي هرير**

3875. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەش ناماز، جۈمە ، جۈمەگىچە ، رامزان رامزانغىچە ، چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولسىلا، ھەزەر قىلسىلا، ئارىلىقدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، (يەنى كىچىك گۇناھلارنى) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3876 ( صحيح ) الصيام جنة ( حم ن ) عن أبي هرير**

3876. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا شەھۋەتتىن، گۇناھدىن ئازابدىن ساقلايدىغان قالقاندۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3877 الصيام جنة و إذا كان أحدكم صائما فلا يرفث و لا يجهل و إن امرؤ قاتله أو شاتمه فليقل: إني صائم مرتين و الذي نفسي بيده لخلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك يترك طعامه و شرابه و شهوته من أجلي الصيام لي و أنا أجزي به و الحسنة بعشر أمثالها ( حم خ ) عن أبي هريرة**

3877. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا قالقاندۇر، بىرىڭلار روزىدار بولسا، پاھىشە، يامان سۆز قىلمىسۇن، نادانلىق، جاھىللىق قىلمىسۇن، ئەگەر بىر كىشى ئۇرۇشماقچى بولسا، ياكى تىللاپ، ئەيىبلىسە، ئىككى قېتىم

ھەقىقەتەن مەن روزىدار دېسۇن، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، بەندەم مېنى دەپ تائامنى، شارابنى، شەھۋەتنى تەرك ئەتتى، روزا پەقەت مەن ئۈچۈنلا خالىس ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈملا بېرىمەن، بىر ياخشىلىققا ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ، بىرگە ئون، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.روزىدار كىشى مىسۋاك سالسا دۇرۇس بولىدۇ .

**3878 الصيام جنة من النار فمن أصبح صائما فلا يجهل يومئذ و إن امرؤ جهل عليه فلا يشتمه و لا يسبه و ليقل إني صائم و الذي نفس محمد بيده لخلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك ( ن ) عن عائشة**

3878. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا دوزاختىن قالقاندۇر، كىم روزا تۇتقان ھالدا تاڭ ئاتقۇزسا، شۇ كۈنى نادانلىق ۋ جاھىللىق قىلمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنىڭغا نادانلىق قىلسا، ئۇنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، مەن روزىدار دېسۇن، مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3879 الصيام جنة من النار كجنة أحدكم من القتال ( حم ن ه ) عن عثمان بن أبي العاص**

3879. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا خۇددى بىرىڭلارنىڭ ئۇرۇشتىكى قالقىنىغا ئوخشاش دوزاخ ئوتىدىن قالقاندۇر، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3880 ( حسن ) الصيام جنة و حصن حصين من النار ( حم هب ) عن أبي هريرة**

3880. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا بولسا، دوزاختىن ساقلىنىدىغان مۇستەھكەم پۇختا قورغاندۇر، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3881 الصيام جنة و هو حصن من حصون المؤمن و كل عمل لصاحبه إلا الصيام يقول الله: الصيام لي و أنا أجزي به ( طب ) عن أبي أمامة**

3881. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىدىغان قالقاندۇر، مۆمىننىڭ قورغانلىرىدىن بىر قورغاندۇر، ھەرقانداق ئەمەل، ئىگىسى ئۈچۈن بولىدۇ، لېكىن، روزا بولسا، خالىس ھالدا ئاللاھقىلا خاس بولىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ، روزا ماڭىلا خاس، ئىبادەت، ئۇنىڭ مۇكاپات، ئەجرىنى مەنلا ئۆزۈم بېرىمەن، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3882 الصيام و القرآن يشفعان للعبد يوم القيامة يقول الصيام: أي رب إني منعته الطعام و الشهوات بالنهار فشفعني فيه يقول القرآن: رب منعته النوم بالليل فشفعني فيه فيشفعان ( حم طب ك هب ) عن ابن عمرو**

3882. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : روزا بىلەن قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ، روزا مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭدىن تائاملىرىنى، شارابلىرىنى چەكلەپ، توسۇپ قويدۇم، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلساڭ، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم، مەن بۇ بەندىدىن كېچىلىرى ئۇيقۇسىدىن توسۇپ قويدۇم، يەنى كېچىلىرى مەن بىلەن ناماز ئوقۇپ، قىيامدا تۇردى، مېنى بۇ بەندە توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ شاپائەت ھوقۇقىنى بەرسەڭ دەپ بۇ ئىككىسى بەندە ئۈچۈن شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئەھمەد، تەبراى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

# « ض » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

3883 ( صحيح )ضالة المسلم حرق النار ( حم ت ن ه حب ) عن الجارود بن المعلى ( حم ه حب ) عن عبدالله بن الشخير ( طب ) عن عصمة بن مالك

3883. جارۇد ئىبنى مۇئەللا، ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير، ئەسمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆمىن مۇسۇلمانىنىڭ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسى، ئۇنى تونۇتماي خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان كىشى ئۈچۈن دوزاخ يېقىلغۇسىدۇر، دوزاخنىڭ كۆيدۈرۈشىدۇر، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىسنىڭ مەنىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسىنى يەنى تۆگە، كالىسىنى ياكى ماللىرىنى تونۇتماي، ئېلانمۇ قىلماي، ئېلىۋالسا، مېنىڭ قىلىۋالسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختا كۆيۈش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇڭ.

3884 ( صحيح ) ضحوا بالجذع من الضأن فإنه جائز ( حم طب ) عن أم بلال

3884. ئۇممە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆچكە، قوينىڭ ئالتە ئايدىن يۇقىرى ياشقا كىرگەنلىرىنى، سېمىز ياخشى بولسا، قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ كۇپايە بولۇپ، دۇرۇس بولىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ضحك الله من رجلين قتل أحدهما صاحبه و كلاهما في الجنة ( حب ) عن أبي هريرة

3885. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا مۇنداق ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرىدۇ، (يەنى بىرى مۇسۇلمان ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولىدۇ، ئاندىن ئۆلتۈرگۈچى قاتىل تەۋبە قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ، بومۇ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولىدۇ) ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، بۇ خىل ھادىسلەر ساھابىلەر، تابىئىنلار دەۋرىدە كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن، خۇددى ھەمزە بىلەن ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردەك.

3886 ضحكت من قوم يساقون إلى الجنة مقرنين في السلاسل ( حم ) عن أبي أمامة

3886. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زەنجىر - كىشەنلەرگە باغلانغان ھالدا جەننەتكە ھەيدەلگەن كىشىلەردىن كۈلۈپ كېتىمەن، (يەنى مۇسۇلمانلار ئەسىر ئالغان كىشىلەر كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3887 ضرب الله تعالى مثلا صراطا مستقيما و على جنبتي الصراط سوران فيهما أبواب مفتحة و على الأبواب ستور مرخاة و على باب الصراط داع يقول: يا أيها الناس ! ادخلوا الصراط جميعا و لا تتعوجوا و داع يدعو من فوق الصراط فإذا أراد الإنسان أن يفتح شيئا من تلك الأبواب قال: ويحك لا تفتحه فإنك إن تفتحه تلجه فالصراط الإسلام و السوران حدود الله تعالى و الأبواب المفتحة محارم الله تعالى و ذلك الداعي على رأس الصراط كتاب الله و الداعي من فوق واعظ الله في قلب كل مسلم ( حم ك ) عن النواس

3887. نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا تۈپتۈز، توغرا يولغا (ئىسلامغا)مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توسما تام باردۇر، بۇ تاملاردا ئوچۇق ئىشىكلەر بار بولۇپ، ئىشىكلەر ئۈستىدە تاشلانغان سۇس، نېپىز پەردىلەر باردۇر، يولنىڭ كىرىش ئېغىزىدا دەۋەتچى دائىم ئى ئىنسانلار! بۇ يولغا ھەممىڭلار بىراقلا كىرىڭلار، باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار دەپ تۇۋلاپ تۇرىدۇ، يەنە بىر چاقىرىقچى، يول ئۈستىدە چاقىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسان شۇ ئىشىكلەردىن بىرەر ئىشىكنى ئېچىشنى ئىرادە قىلسا، بۇ دەۋەتچى ۋاي ساڭا، ئۇ ئىشىكنى ئاچما، ھەقىقەتەن

سەن ئىچپىلا قالساڭ، كىرىپ كېتىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. يول، ئىسلام دىنىدۇر، ئىككى تۇسما تام بولسا، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى، توختىتىپ بەرگەن چەك - چېگرالىرىدۇر. ئوچۇق، ئەمما پەردىلەنگەن ئىشىكلەر بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر، يول بېشىدىكى دەۋەتچى بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، يول ئۈستىدىكى چاقىرىقچى بولسا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى ئاللاھنىڭ ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسىدۇر، يەنى پەرىشتە، نۇردۇر، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3888 ضرس الكافر مثل أحد و غلظ جلده أربعون ذراعا بذراع الجبار ( البزار ) عن ثوبان

3888. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوزاخ ئىچىدىكى كاپىرنىڭ چىشى ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى جەببار، ئاللاھنىڭ گىزى بىلەن 40 گەزدۇر، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3889 ( صحيح ) ضرس الكافر مثل أحد و غلظ جلده مسيرة ثلاث ( م ت ) عن أبي هرير

3889. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت كۈنى ئازابنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن) كاپىرنىڭ چىشى، ئۇھۇد تېغىدەك. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدەك قېلىنىدۇر، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كاپىرلاردىن شۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ئازابلىسا، ھەق بولىدىغانلىرى بار، كاپىرلارنىڭ ئازابلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

3890 ( صحيح ) ضرس الكافر يوم القيامة مثل أحد و عرض جلده سبعون ذراعا و عضده مثل البيضاء و فخذه مثل ورقان و مقعده في النار ما بيني و بين الربذة ( حم ك ) عن أبي هريرة

3890. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەھەننەم ئىچىدىكى كاپىرنىڭ چىشى قىيامەت كۈنىدە ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى 70 گەزدۇر، بىلىكى بولسا، بەيزا تېغىدەك چوڭ، يوتىسى ۋەرقان دېگەن تاغدەك چوڭدۇر، دىنىسىزنىڭ دوزاختىكى ئولتۇرغان ئورنى مەن بىلەن رەبزەتنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر، (يەنى نەچچە كىلومېتىردۇر، ئاللاھ قادىردۇر) ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3891 ـ ضرس الكافر يوم القيامة مثل أحد و فخذه مثل البيضاء و مقعده في النار مسيرة ثلاث مثل الربذة ( ت)عن هرير

3891. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كاپىرنىڭ چىشى ئۇھۇد تېغىدەك، يوتىسى بولسا، بەيزا تېغىدەك چوڭدۇر، ئۇنىڭ دوزاخ ئىچىدىكى ئولتۇرغان ئورنى مۇشۇ جايدىن رەبزەتدەك ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە كېلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3892 ( صحيح ) ضع أنفك ليسجد معك ( هق ) عن ابن عباس

3892. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بىلەن بىرگە سەجدە قىلسۇن ئۈچۈن بۇرنىڭنىمۇ سەجدىگاھقا قويغىن، (يەنى پېشانىسى بۇرۇن بىلەن بىرگە قويۇلىدۇ) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3893 ( صحيح ) ضع يدك على الذي تألم من جسدك و قل: بسم الله ثلاثا و قل سبع مرات: أعوذ بالله و قدرته من شر ما أجد و أحاذر ( حم م ه ) عن عثمان بن أبي العاص الثقفي

3893. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەسىدىڭدىن كېسەل بىلەن ئاغرىغان جايغا قولۇڭنى قويۇپ مۇنداق دېگىن، بىسمىللانى ئۈچ قېتىم دەپ، ئەئۇزۇبىللاھى ۋە قۇدرەتىھى مىن شەررى ما ئەجىدۇ ۋە ئۇھازىرۇ دېگەننى يەتتە قېتىم دېيىسەن، يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئايىتى شىپا قىلىمەن دېگەننى ئۈچ، ئاللاھقا ۋە

ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە سېغىنىپ، مەن تاپقان ۋە مەن ھەزەر قىلغان نەرسىنىڭ يەنى مۇشۇ كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەننى يەتتە قېتىم دەيسەن، ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3894** ( صحيح ) ضع يمينك على المكان الذي تشتكي فامسح بها سبع مرات و قل: أعوذ بعزة الله و قدرته من شر ما أجد في كل مسحة ( طب ك ) عن عثمان بن أبي العاص

3894. ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېسەل بولۇپ قالغان ئورۇنغا قولۇڭنى قويۇپ، ئۇ جاينى يەتتە قېتىم سىلاپ تۇرۇپ، ھەربىر سىلىغاندا مۇنداق دېگىن : «ئەئۇزۇ بىئىززەتىللاھى ۋە قۇدرەتىھى مىن شەررى ما ئەجىدۇ» ئاللاھنىڭ ئىززىتى، غالىبلىقى ، قۇدرىتىگە سېغىنىپ مەن تاپقان نەرسىنىڭ يەنى مۇشۇ كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەننى يەتتە قېتىم دېسە شىپا تاپىدۇ، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3895** ( صحيح ) ضعي في يد المسكين و لو ظلفا محرقا ( حم طب ) عن أم عبيد

3895. ئۇممە ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مىسكىننىڭ قولىغا گەرچە قوينىڭ كۆيدۈرۈلگەن پاقالچىقىنىمۇ بولسا بەرگىن، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**3896** ( صحيح ) ضوال المسلم حرق النار ( ابن سعد ) عن ابن الشخير

3896. ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مۇسۇلماننىڭ يىتتۇپ كەتكەن نەرسىسى ئېزىپ قالغان ئۇلاغلىرى، ئۇنى تونۇتماي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەي ئېلىۋالغان كىشى ئۈچۈن دوزاخ يېقىلغۇسى بولۇپ، ئۇ دوززاخنىڭ كۆيدۈرۈشىدۇر، ئىبنى سەئدى توپلىغان سەھىھ.

**3897** ( صحيح ) الضالة و اللقطة تجدها فانشدها و لا تكتم و لا تغيب فإن وجدت ربها فأدها و إلا فإنما هو مال الله يؤتيه من يشاء ( طب ) عن الجارود

3897. جارۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئېزىپ قالغان ھايۋاننى چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تاپساڭ، ئىگىسىنى تەلەپ قىلىپ ئېلان قىلىپ، تونۇتقىن، يوشۇرما، غايىب قىلىپ يوق قىلىۋەتمە، ئەگەر ئىگىسىنى تاپساڭ، ئۇنى ئادا قىلىپ قايتۇرۇپ بەرگىن، ئەگەر ئىگىسىنى تاپالمىساڭ ، ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھنىڭ مېلى بولۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، (ئاللاھنىڭ مېلى بولغاندىكىن، ئاللاھ يولىدا بېرىۋەت) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسىدىن، تېپىۋالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ئىگىسى تېپىلمىسا ، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېتىش چىقىپ تۇرىدۇ.

**3898** ( صحيح ) الضب لست آكله و لا أحرمه ( حم ق ت ن ه ) عن ابن عم

3898. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىلەنى مەن يېمەيمەن، بىراق ئۇنى ھارامىمۇ دېمەيمەن، ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ، كىلە ئاسىيانىڭ ئىسسىق بەلۋاغ قۇملۇقىدا ياشايدىغان تېنى بىر قەدەر چوڭ، ئەمما توشقاندىن كىچىك، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك تۈرىدىكى ھايۋان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ ، ئۇسسۇزلۇققا چىدامىلىق ، 40 كۈندە بىر قېتىم ھاجەت قىلىدۇ، بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار ئۇنى بوغۇزلاپ يېسە ھالال دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، ئەبۇ ھەنىفە مەكروھ دېگەندۇر ، مەكروھ تەھرىم .دېرىلىق ئۈچۈن ھالال قىلىنغان، ئۇ ھالالدۇر، ھەنەفىلەر ھالال دېگەن ھۆكۈم مەنسۇخ دېگەن .

**3899** ـ الضبع صيد فكلها و فيها كبش مسن إذا أصابها المحرم ( هق ) عن جابر (ت في الحج وقال حسن )

3899. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن : زەبئۇ يەنى بۆرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان ئۇۋدۇر، ئۇۋلىساڭ يېسەڭ بولىدۇ، ئۇنى ئېھرام باغلىغۇچى، ھاجى كىشى ئۇۋلاپ قالسا ، جازاسىغا بىر ياشلىق قوچقار بېرىدۇ، بەيھەقى، تىرمىزى، ھەجدە توپلىغان، تىرمىزى، ھەسەن دېگەن ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

**3900 ( صحيح ) الضبع صيد و فيه كبش ( قط هق ) عن ابن عباس**

3900. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۆرىگە ئوخشاش زەبئۇ ئىسىملىك ھايۋان ئوۋ بولۇپ ئېھرام باغلىغۇچى ئوۋلاپ قالسا ، بىر قوچقار تۆلەم بېرىدۇ، قان قىلىدۇ، دارىقۇتنى ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ، بۇ ھايۋاننى شافىئىي رەھمەھۇللا بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ھالال دەيدۇ، ھەنەفىيەلەر مەگىنى بار، يىرتقۇچى بولغاچقا ھارام دەيدۇ، چۈنكى، بۇ ھەدىس، مەگىنى بار ھايۋاننى ھارام قىلغان سەھىھ ھەدىسگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئىمام مالىك رەھمەھۇللا مەكرۇھ دېگەندۇر، ئىمام سۇيۇتى ھالال دېگەن.

**3901ـ الضيافة ثلاثة أيام فما زاد فهو صدقة ( حم ع ) عن أبي سعيد ( البزار ) عن ابن عمر ( طس ) عن ابن عباس**

3901. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە بولغىنى سەدىقە بولىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا ، بەزار، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان ، سەھىھ.

**3902 الضيافة ثلاثة أيام فما زاد فهو صدقة و كل معروف صدقة ( البزار ) عن ابن مسعود**

3902. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زىياپەت، مېھمان قىلىش ئۈچ كۈن بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، ئۈچ كۈندىن زىيادە، ئارتۇق بولغىنى سەدىقە بولىدۇ، ھەرقانداق ياخشىلىق، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**3903 ( صحيح )الضيافة ثلاثة أيام فما كان فوق ذلك فهو معروف ( طب ) عن طارق بن أشيم**

3903. تارىق ئىبى ئەشيىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق بولغىنى ياخشىلىق بولىدۇ، يەنى سەدىقە ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**3904 الضيافة ثلاثة أيام فما كان وراء ذلك فهو صدقة ( خ ) عن أبي شريح ( حم د ) عن أبي هريرة**

3904. ئەبۇ شۇرەيھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى سەدىقە بولىدۇ، بۇخارى، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ، ئۈچ كۈندىن كېيىنكىسى سەدىقە دېگىنى ئۇنى قىلماسلىققا تەرغىب قىلغان بولىدۇ، چۈنكى، باي كىشىلەر سەدىقە يېيىشنى ياقتۇرمايدۇ، زىياپەت، مېھمان قىلىش، مېھماننى كۈتۈۋېلىش، توي تامىقى، توي زىياپىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭغا باي، پېقىر، مۇسۇلمان، دىنسىز كاپىر، ياخشى ـ يامان كىرىپ كېتىدۇ، تائامنىڭ مۇتتەقى يىسۇن دېگىنى ، زىياپەتتىن باشقا تائامدۇر. توي زىياپىتى، توي تامىقى سۈننەتتۇر، مېھماننى كۈتۈۋېلىش، ئالدىغا چىقىش ۋاجىپتۇر، ياكى سۈننەتتۇر، مېھمان بولغۇچىمۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىشى ياكى يۆتكىلىشى لازىم، تويدىكى زىياپەتنى ئىككى تەرەپ ئىككى كۈن بەرسە بولىدۇ، نەغمە ناۋا، رىياخورلۇق، مەنمەنلىك ئېلان قىلىشلار ھارام.

## « ط » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**3905 طائر كل إنسان في عنقه ( ابن جرير ) عن جابر**

3905. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئىنساننىڭ ئەملى ئۇنىڭ بويىنىدا، گەردىنىدە مەھكەم تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ، (ئاللاھ پۈتكەن ياخشى ـ يامان ئۇنىڭ نىسىۋىسىدۇر، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ پۈتكەندۇر) مۇپەسسىر ئىبنى جەرىر توپلىغان، سەھىيگە كۆتۈرۈلدۇ.

**3906** ( صحيح ) طائفة من أمتي يخسف بهم يبعثون إلى رجل فيأتي مكة فيمنعه الله تعالى و يخسف بهم مصرعهم واحد و مصادرهم شتى إن منهم من يكره فيجيء مكرها ( طب ) عن أم سلمة

3906. ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەرنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ، ئۇلار بىر كىشىگە توپلىشىپ، بۇ كىشى مەككىگە كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇنى چەكلەپ توسۇپ قالىدۇ، ئۇلارنى يەر يۇتىدۇ، ھالاك بولۇشى بىر بولسىمۇ سادىر قىلغان ئىشلىرى، نىيەت، ئەمەللىرى خىلمۇ ـ خىلدۇر، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ يامانلىقنى يامان كۆرۈپ ياقتۇرمايدىغان كىشىمۇ بار بولۇپ، بۇ كىشى نىيىتىگە، ئەملىگە ئاساسەن ياقتۇرمىغۇچى ھالەتتە كېلىدۇ، يەنى بىرلا ھالاك بولۇپ، ياخشىلار نىيىتى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**3906** طاعة الإمام حق على المرء المسلم ما لم يأمر بمعصية الله فإذا أمر بمعصية الله فلا طاعة له ( هب ) عن هرير

3907 .ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : خەلىپە، ئىمامغا ئىتائەت قىلىش ،ئاللاھقا ئاسىي بولۇشقا،گۇناھ،مەئسىيەتكە بۇيرىمىسىلا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرىسا،ئۇنداق ئىمام ئۇچۇن ئىتائەت قىلىش يوقتۇر،بەيھەقى توپلىغان ، ھەسەن.

**3907** طعام الاثنين كافي الثلاثة و طعام الثلاثة كافي الأربعة ( مالك ق ت ) عن أبي هريرة

3908. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى كىشىنىڭ تائامى، ئۈچ كىشىگە، ئۈچ كىشىلىك تائام تۆت كىشىگە كۇپايە بولىدۇ، مالىك، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3909** طعام الاثنين يكفي الأربعة و طعام الأربعة يكفي الثمانية فاجتمعوا عليه و لا تفرقوا ( طب ) عن ابن عمر

3909 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىككى كىشىنىڭ تائامى تۆت كىشىگە تۆت كىشىلىك تائام سەككىزگە كۇپايە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تائام ئۈستىگە بىرلىشىپ يەڭلار، مۇتەپەررىق ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم يېمەڭلار، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قۇرئاندا بىرلىشىپ، يېسىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم يېسىمۇ بولىدىغان بار.

**3910** طعام الواحد يكفي الاثنين و طعام الاثنين يكفي الأربعة و طعام الأربعة يكفي الثمانية ( حم م ت ن ) عن جابر

3910. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر كىشىلىك تائام ئىككى كىشىگە ، ئىككى كىشىلىك تائام تۆت كىشىگە ، تۆت كىشىلىك تائام، سەككىز كىشىگە تېتىپ كۇپايە بولىدۇ، ئەھمەد ، مۇسلىم ، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3911** ( صحيح ) طعام بطعام و إناء بإناء ( ت ) عن أنس

3911. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىدە بىر تائام بار قاچا سۇنۇپ كەتكەندە، تائام، تائامنىڭ، قاچا ، قاچىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ، يەنى تۆلەپ بېرەيلى دېگەن ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

**3912** ( صحيح ) طعام كطعامها و إناء كإنائها ( حم ) عن عائشة

3912 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام

بار قاچا سۇنۇپ كەتكەندە تائام ئۇنىڭ تائامىغا، قاچا ئۇنىڭ قاچىسىغا ئوخشاشتۇر، تۆلەپ بەر دېگەن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3913 ( صحيح ) طلب العلم فريضة على كل مسلم ( عد هب ) عن أنس ( طص خط ) عن الحسين بن علي ( طس ) عن ابن عباس ( تمام ) عن ابن عمر ( طب ) عن ابن مسعود ( خط ) عن علي ( طس هب ) عن أبي سعيد

3913. ئەنەس، ھۈسەيىن، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد، ئەلى، ئەبۇ ھەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىلىم تەلەپ قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، (بولۇپمۇ، ئەقدە، ئىمان، پەرىز ئىلىملىرى زۆرۈر، پەرىزدۇر، پەتىۋا ئىلمى پەرىز كۇپايىدۇر) ئىبنى ئەدى، بەيھەقى، تەبرانى، خەتىبۇلبەغداد، تەبرانى ئەۋسەتتە ئىمام بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

3914 ( صحيح ) طلب العلم فريضة على كل مسلم و إن طالب العلم يستغفر له كل شيء حتى الحيتان في البحر ( ابن عبدالبر في العلم ) عن أنس

3914. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىلىم تەلەپ قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرىزدۇر، ھەقىقەتەن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئۇچۇن، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ. ئىبنى ئابدۇلبەررى توپلىغان، سەھىھ.

3915 طلحة شهيد يمشي على وجه الأرض ( ه ) عن جابر ( ابن عساكر ) عن أبي هريرة وأبي سعي

3915. جابىر ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىندۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەلھە ،زېمىن يۈزىدە ھايات مېڭىپ يۈرگەن شېھىدتۇر،ئىبنى ماجە ،ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

3916 ( صحيح ) طلحة ممن قضى نحبه ( ت ه ) عن معاوية ( ابن عساكر ) عن عائشة

3916. مۇئاۋىيە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تەلھە ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر، يەنى شېھىد دەرىجىسىنى ئېلىپ بولغان، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

3917 طوافك بالبيت و سعيك بين الصفا و المروة يكفيك لحجك و عمرتك ( د ) عن عائشة

3917. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بەيتۇللاھنى يەنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىڭ، سافا ـ مەرۋە تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلىپ مېڭىشىڭ، ساڭا ھەجىڭ ئۈچۈن، ئۆمرە ھەجىڭ ئۈچۈن كۇپايە بولىدۇ، يەنى بۇ ئىش بەك مۇھىمدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3918 طوبى : شجرة في الجنة مسيرة مائة عام ثياب أهل الجنة تخرج من أكمامها ( حم حب ) عن أبي سعيد

3918. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تۇبا دېگەن : جەننەتتىكى دەرەخ بولۇپ، سايىسى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى ئۇ دەرەخنىڭ چېچەكلىرىدىن چىقىرىلىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

3919 طوبى لعيش بعد المسيح يؤذن للسماء في القطر و يؤذن للأرض في النبات حتى لو بذرت حبك على الصفا لنبت و حتى يمر الرجل على الأسد فلا يضره و يطأ على الحية فلا تضره و لا تشاح و لا تحاسد و لا تباغض ( أبو سعيد النقاش في فوائد العراقيين ) عن أبي هريرة

3919. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەيسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشقا خۇش مۇبارەكتۇر، ئۇ چاغدا ئاسمانغا مول يامغۇر ياغدۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، زېمىنغا بولسا، زىرائەت، ئۆسۈملۈك، مېۋە ـ چېۋىلەرنى

كۆپ چىقىرىشقا ئىزنى بېرىلىدۇ، ھەتتا، ئۇرۇق بىرەر دانىنى تولپىتۇز تاش ئۈستىگە تېرىساڭمۇ ئەلۋەتتە ئۈنۈپ كېتىدۇ، مولچىلىقىدىن كىشى يولۋاسىنىڭ، شىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتسىمۇ زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، يىلان ئۈستىگە دەسسەپ سالسىمۇ چاقمايدۇ، ئۇ چاغدا بەرىكەت كۆپ بولغاچقا، ئۇرۇش ـ جېدەل ، ئۆچ ـ ئاداۋەت، ھەسەد قىلىشلار مەۋجۇت ئەمەس، (ئۇ ناھايىتى ئادىل ، بەرىكەتلىك زاماندۇر) ئەبۇ سەئىد توپلىغان سەھىھ، بۇنىڭغا ئوخشاش سەھىھ ھەدىسلەر كۆپتۇر.

### 3920 طوبى للشام لأن ملائكة الرحمن باسطة أجنحتها عليه ( حم ت ك ) عن زيد بن ثابت

3920. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شامغا خۇش مۇبارەك، چۈنكى، رەھمان تائالانىڭ پەرىشتىلىرى شام ئۈستىگە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ، (شام ھازىرقى سۇرىيەدۇر ) ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 3921 طوبى للغرباء أناس صالحون في أناس سوء كثير من يعصيهم أكثر ممن يطيعهم ( حم ) عن ابن عمرو

3921. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : غېرىبلارغا خۇش مۇبارەك، ئۇلار ناھايىتى كۆپ يامان كىشىلەر ئارىسىدىكى ناھايىتى ياخشى، ئاز كىشىلەردۇر، ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشىلەر ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەردىن كۆپتۇر، ئەھمەد توپلىغان ، سەھىھ.

### 3922 طوبى لمن أدركني و آمن بي و طوبى لمن لم يدركني ثم آمن بي ( ابن النجار ) عن أبي هريرة

3922. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى تاپقان ۋە ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، (بۇلار ساھابىلەردۇر) مېنى تاپالمىسىمۇ كۆرەلمىسىمۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگىمۇ خۇش مۇبارەكتۇر. ئىبنى نەججار توپلىغان ، سەھىھ.

### 3923 طوبى لمن رآني و آمن بي ثم طوبى ثم طوبى لمن آمن بي و لم يرني ( حم حب ) عن أبي سعيد

3923. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى كۆرۈپ، ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئاندىن مېنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، خۇش مۇبارەك، خۇش مۇبارەك، ئاندىن يەنە خۇش مۇبارەك. ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان توپلىغان ، سەھىھ.

### 3924 طوبى لمن رآني و آمن بي مرة و طوبى لمن لم يرني و آمن بي سبع مرات ( حم تخ حب ك ) عن أبي أمامة ( حم ) عن أنس

3924. ئەبۇ ئۇمامە ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى كۆرۈپ ماڭا ئىمان ئېيتقان كىشىگە بىر قېتىم خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ماڭا شەكسىز ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە يەتتە قېتىم خۇش مۇبارەك، ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان ، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان ، سەھىھ.

### 3925 طوبى لمن رآني و آمن بي و طوبى لمن آمن بي و لم يرني ثلاث مرات ( الطيالسي عبد بن حميد ) عن ابن عمر

3925. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان كىشىگە ئۈچ قېتىم خۇش مۇبارەك، تەيالىسى، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد توپلىغان ، سەھىھ. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋەھىينىڭ زامانىدا ياشىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىۋاستە دۇئا قىلىپ تۇراتتى، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار ئىدى، ھازىر بولسا، قۇرئاندىن باشقا مۆجىزە يوق، پىتنە ـ پاسات زامانى، ئىماننى ساقلىماق تېخىمۇ قىيىن، خۇددى ئالقاندا چوغ ساقلىغاندەك، ئەمەلىيەتتە ساھابىلەر ئۇلۇغ كىشىلەردۇر، بۇ ھەدىستە كېيىنكىلەرگىمۇ خۇش مۇبارەك دېيىلگەن.

3926 ( صحيح ) طوبى لمن رآني و آمن بي و طوبى لمن رأى من رآني و لمن رأى من رأى من رآني و آمن بي طوبى لهم و حسن مآب ( طب ك ) عن عبدالله بن بسر

3926. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرگە يەنى ساھابىلەرغا خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرگەن كىشىنى كۆرگەن كىشىگە يەنى تابىئىنلارغا خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرۈپ، ئىمان ئېيتقان ساھابىلەرنى كۆرگەن كىشىنى يەنى تابىئىنلارنى كۆرگەن كىشىگە يەنى ئەتبائىلارغا خۇش مۇبارەك، ئۇلارغا خۇش مۇبارەك، ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى، ئاقىۋەتى نېمىدېگەن ياخشى ھە! تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

3927 طوبى لمن رآني و لمن رأى من رآني و لمن رأى من رأى من رآني ( عبد بن حميد ) عن أبي سعيد ( ابن عساكر ) عن واثلة

3927. ئەبۇ سەئىد، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مېنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك، (يەنى ساھابە، تابىئىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە خۇش مۇبارەك) ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

3928 ( صحيح ) طوبى لمن طال عمره و حسن عمله ( طب حل ) عن عبدالله بن بسر

3928. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىگە خۇش مۇبارەك، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

3929 ( حسن ) طوبى لمن ملك لسانه و وسعه بيته و بكى على خطيئته ( طص حل ) عن ثوبان

3929. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تىلىغا ئىگە بولغان، مېھمان ئۈچۈن ئۆيلىرىنى كەڭرى سالغان، خاتالىقلىرىغا يىغلىغان كىشىگە خۇش مۇبارەك، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

3930 ( صحيح ) طوبى لمن وجد في صحيفته استغفارا كثيرا ( ه ) عن عبدالله بن بسر ( حل ) عن عائشة ( حم في الزهد ) عن أبي الدرداء موقوفا

3930. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى، ئائىشە، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەھىپىسىدە، دەپتەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ نۇرغۇن ئىستىغفارنى تاپقان كىشىگە يەنى كۆپ ئىستىغفار ئېيتقان كىشىگە خۇش مۇبارەك، ئىبنى ماجە، ئەبۇ نۇئەيم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

3931 طوبى لمن هدي للإسلام و كان عيشه كفافا و قنع به ( ت حب ك ) عن فضالة بن عبيد

3931. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلىنغان، تۇرمۇشى ئېشىپمۇ قالماي، كەملەپمۇ قالماي، قەرزدار بولۇپ قالماي، نورمال، ئوتتۇرھال ئۆتكەن، شۇنىڭغا قانائەت قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

3932 ( صحيح ) طوفي من وراء الناس و أنت راكبة ( خ د ) عن أم سلمة

3932. ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سەن كەئبىنى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلاغلىق يەنى تۆگىگە مىنگەن ھالەتتە تاۋاپ قىلغىن، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

3933 طهور إناء أحدكم إذا ولغ فيه الكلب أن يغسله سبع مرات أولاهن بالتراب ( م د ) عن أبي هريرة

3933. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىرىڭلارنىڭ ئىت يالاپ قويغان قاچىسىنىڭ پاكلىنىشى، قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشدۇر، ئەۋۋەلراقى، قاچىنى قۇملاپ، تويپا بىلەن يۇيۇشتۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ چىقتى، يەنى مىكروب ئۆلتۈرۈشتە.

**3934** ( صحيح ) طهور كل أديم دباغه ( أبو بكر في الغيلانيات ) عن عائشة

3934. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق تېرىنىڭ پاكلىنىشى، ئۇنىڭ ئاشلىنىشى، زاۋۇتتا پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدۇر. ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ.

**3935** ( حسن ) طهروا أفنيتكم فإن اليهود لا تطهر أفنيتها ( طس ) عن سعد

3935. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھويلا ـ ئاراملىرىڭلارنى، ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئالدىنى پاكىز تازىلاڭلار، ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار ئۇنداق قىلمايدۇ، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**3936** ( حسن ) طهروا هذه الأجساد طهركم الله فإنه ليس عبد يبيت طاهرا إلا بات معه ملك في شعاره لا ينقلب ساعة من الليل إلا قال: اللهم اغفر لعبدك فإنه بات طاهرا ( طب ) عن ابن عم

3936. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ جەسەدلىرىڭلارنى پاك ـ پاكىز تازىلاڭلار، سىلەرنىمۇ ئاللاھ پاك ـ پاكىز تازىلاپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر بەندە پاك ـ پاكىز ھالەتتە ياتسا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرىشتە بىللە ياتىدۇ، كېچىلىرى بىرەر ۋاقىتتا ئويغاقتىن ـ بۇيغاقا ئۆرۈلسە، پەرىشتە، ئى ئاللاھ، بەندەڭ ئۇچۇن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ پاك ـ پاكىز ھالەتتە ياتقان دەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**3937** ( صحيح ) طيب الرجال ما ظهر ريحه و خفي لونه و طيب النساء ما ظهر لونه و خفي ريحه ( ت ) عن أبي هريرة ( طب الضياء ) عن أنس

3937. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەرلەرنىڭ ئىستىمال قىلىدىغان ئەتىربۇيۇملىرى، پۇرىقى ئاشكارا بولۇپ، رەڭگى مەخپى بولغىنىدۇر، ئاياللارنىڭ بولسا ئەرلىرى ئۈچۈن رەڭگى ئاشكارا بولۇپ، پۇرىقى مەخپى بولغان ئەتىر بۇيۇملىرىدۇر ، تىرمىزى، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**3938** ( صحيح ) طير كل عبد في عنقه ( عبد بن حميد ) عن جابر

3938. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ھەربىر بەندىنىڭ نامە ئەمەل دەپتىرى ئۇنىڭ بويۇن، گەردىنىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ، ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيدى توپلىغان، سەھىھ.

**3939** ( صحيح ) طيبوا أفواهكم بالسواك فإنها طرق القرآن ( ه ) عن سمرة

3939. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېغىزلىرىڭلارنى مىسۋاك بىلەن پاك ـ پاكىز خۇشپۇراق قىلىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇ قۇرئاننىڭ يولىدۇر، (يەنى قۇرئان ئېغىزىدىن چىقىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3940** ( صحيح ) طيبوا أفواهكم فإن أفواهكم طريق القرآن( الكجي في سننه ) عن وضين مرسلا ( السجزي في الإبانة ) عن وضين عن بعض الصحابة

3940. ۋەزىيىن ۋە بەزى ساھابىلەردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاغىزىڭلارنى پاك ـ پاكىز، خۇشپۇراق تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئاغزىڭلار قۇرئاننىڭ چىقىش يولى، جارى

بولىدىغان، راۋان بولۇپ يورۇپ تۇرىدىغان يولدۇر، كەجىي، سەجزىي توپلىغان، سەھىھ.

**3941** ( حسن ) طيبوا ساحاتكم فإن أنتن الساحات ساحات اليهود ( طس ) عن سعد

3941. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ھويلا، ئۆي ئالدى، ئۆيىنىڭ ئەتراپلىرىنى پاك - پاكىز تازىلاڭلار، ھەقىقەتەن ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئەڭ سېسىق مەينەتلىرى يەھۇدىيلارنىڭدۇر، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**3942** ( صحيح ) الطاعم الشاكر بمنزلة الصائم الصابر ( حم ت ه ك ) عن أبي هرير

3942. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : تائامنى يەپ شۈكرى قىلغۇچى، سەۋر قىلىپ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3943** ( صحيح ) الطاعم الشاكر له مثل أجر الصائم الصابر ( حم ه ) عن سنان بن سنة

3943. سەنان ئىبنى سۇننەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : تائام يەپ، ئۇنىڭغا شۈكرى قىلغۇچى ئۇچۈن، سەۋر قىلىپ، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**3944** ( صحيح ) الطاعون آية الرجز ابتلى الله به ناسا من عباده فإذا سمعتم به فلا تدخلوا عليه و إذا وقع بأرض و أنتم بها فلا تفروا منه ( م ) عن أسامة بن زيد

3944. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ۋابا كېسىلى ئازابنىڭ بەلگە ئالامىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ۋابا كېسىلى بىلەن قاتتىق سىنىغان، بىرەر جايدا ۋابانىڭ بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر تۇرىۋاتقان زېمىندا ۋابا كېسىلى يۈز بەرسە، ئۇنىڭدىن قاچماڭلار، چىقىپ كەتمەڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، كىرسە ياكى چىقسا ۋابا يۇقىدۇ ياكى يۇقتۇرىدۇ.

**3945** الطاعون بقية رجز أو عذاب أرسل على طائفة من بني إسرائيل فإذا وقع بأرض و أنتم بها فلا تخرجوا منها فرارا منه و إذا وقع بأرض و لستم بها فلا تهبطوا عليها ( ق ت ) عن أسامة

3945. ئۇسامەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ۋابا كېسىلى بەنى ئىسرائىلنىڭ بىر تايپە كىشىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئازابنىڭ قالدۇقىدۇر، ۋابا كېسىلى سىلەر تۇرىۋاتقان زېمىندا يۈز بەرسە، ئۇنىڭدىن قاچىمىز دەپ چىقىپ كەتمەڭلار، سىلەر يوق بولغان زېمىندا يۈز بەرسە، ئۇ جايغا چۈشمەڭلار، كىرمەڭلار، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3946** ( حسن ) الطاعون شهادة لأمتي و وخز أعدائكم من الجن غدة كغدة الإبل تخرج في الآباط و المراق من مات فيه مات شهيدا و من أقام فيه كان كالمرابط في سبيل الله و من فر منه كان كالفار من الزحف ( طس أبو نعيم في فوائد أبي بكر بن خلاد ) عن عائش

3946. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن : ۋابا كېسىلى ئۇممىتىم ئۈچۈن شېھىدلىق ئىلىپ كېلىدۇ، ۋابا كېسىلى جىندىن بولغان دۈشمەنلىرىڭلارغىمۇ يۇقۇتۇش ئازابتۇر، ئۇ خۇددى تۆگىنىڭ قولتۇقلىرىغا، قورساق قاتلاملىرىغا چىقىدىغان ۋابا كېسىلىدەك يەنى تۆگە، ھايۋان ۋاباسىدەك ۋابادۇر، كىم ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد ھالدا ئۆلىدۇ، كىم ۋابا بار جايدا سەۋر قىلىپ، مۇقىم تۇرسا، ئاللاھ يولىدىكى جەڭگە تەييار تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ، كىم ۋابا كېسىلىدىن قاچسا، جەڭدىن قاچقۇچىغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ، (بۇ گۇناھى كەبىيردۇر) تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيىم، ئەبۇ بەكرى ئىبنى خەللاد توپلىغان، ھەسەن.

**3947** ( حسن ) الطاعون شهادة لكل مسلم ( حم ق ك ) عن أنس

3947. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن : ۋابا كېسىلى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن شېھىدلىقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ.

**3948 ( صحيح ) الطاعون غدة كغدة البعير المقيم بها كالشهيد و الفار منها كالفار من الزحف ( حم ) عن عائشة**

3948. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ۋابا بولسا، تۆگىنىڭ ۋابا كېسىلىدەك ۋابا كېسەلدۇر، ۋابا كېسىلى بار جايدا سەۋرە قىلىپ، مۇقىم تۇرغۇچى شېھىدگە ئوخشاشتۇر، ۋابادىن قاچقۇچى، جەڭدىن قاچقۇچىغا ئوخشاشتۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھەھ.

**3949 لطاعون كان عذابا يبعثه الله على من يشاء و إن الله جعله رحمة للمؤمنين فليس من أحد يقع الطاعون فيمكث في بلدة صابرا محتسبا يعلم أنه لا يصيبه إلا ما كتب الله له إلا كان له مثل أجر شهيد ( حم خ ) عن عائش**

3949. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ۋابا كېسىلى ئازاب بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ۋابا كېسىلىنى مۆمىنلەرگە رەھمەت قىلدى، (چۈنكى، ئۇ شېھىد بولىدۇ) ھەرقانداق بىر كىشى ۋابا كېسىلى يۈز بەرگەن شەھىرىدە سەۋرە قىلىپ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ مۇقىم تۇرسا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پۈتكىنى يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى يەتمەيدۇ دەپ تونۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، (ئەگەر ۋابا كېسىلدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ شېھىدتۇر) ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھەھ.

**3950 الطاعون و الغرق و البطن و الحرق و النفساء شهادة لأمتي ( حم طب الضياء ) عن صفوان بن أمية**

3950. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ۋابا كېسىلى، سۇدا غەرق بولۇش، قورساق ئاغرىپ ئۆلۈش، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش، ئاياللار نىپاسدار ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىش، ئۈممىتىم ئۈچۈن شېھىدلىقتۇر، ئەھمەد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھەھ.

**3951 ( صحيح ) الطاعون وخز أعدائكم من الجن و هو لكم شهادة ( ك ) عن أبي موسى**

3951. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ۋابا كېسىلى جىنلاردىن بولغان دۈشمەنلىرىڭلارغىمۇ ئازاب، يوقۇتۇشتۇر، ۋابا سىلەر ئۈچۈن شېھىدلىقتۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ، بۇ ھەدىسدىن جىنلارمۇ ئۆلۈپ تۇرىدۇ.

**3952 ( صحيح ) الطعام بالطعام مثلا بمثل ( حم م ) عن معمر بن عبدالله**

3952. مەئمەر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تائام تائامنىڭ باراۋىرىدە ئوخشاش مىقداردا زىيادە، كەم قىلىنماي ئالماشتۇرۇلىدۇ، (يەنى بىرىپ تۇرسا، ياكى سۇدا قىلسا، ياكى سۇدا قىلسا، زىيادە ئالمايدۇ، زىيادە بەرمەيدۇ، كىم ئارتۇق بەرسە ياكى ئالسا، جازانە، ئۆسۈم يېگەن بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھەھ.

**3953 الطعن و الطاعون و الهدم و أكل السبع و الغرق و الحرق و البطن و ذات الجنب شهادة ( ابن قانع ) عن ربيع**

3953. رەبىئۇلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ يولىدا قىلىچ، نەيزە سانجىلىش، ۋابا كېسىلى، تام بېسىۋېلىش، يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋان يەپ كېتىش، سۇدا، توپاندا غەرق بولۇش، ئوتتا كۆيۈپ كېتىش، قورساق ئاغرىق، يېنى ئاغرىش، ئىچكى كېسەللىك شېھىدلىقتۇر، (يەنى يۇقىرقى ئىشلاردا ئۆلسە، شېھىد بولىدۇ) ئىبنى قانىئ توپلىغان، سەھەھ.

**3954 الطواف بالبيت صلاة و لكن الله أحل فيه المنطق فمن نطق فلا ينطق إلا بخير ( طب حل ك هق ) عن ابن عباس**

3954. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىنى تاۋاپ قىلىش نامازدۇر، لېكىن، ئاللاھ تائالا تاۋاپ ئىچىدە سۆز قىلىشنى

دۇرۇس قىلدى، كىم سۆز قىلسا، پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلسۇن، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3955 الطواف حول البيت مثل الصلاة إلا أنكم تتكلمون فيه فمن تكلم فيه فلا يتكلم إلا بخير ( ت ك هق ) عن ابن عباس

3955. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىنىڭ ئەتراپىدىكى تاۋاپ، نامازغا ئوخشاشتۇر، لېكىن، سىلەر تاۋاپ قىلىش جەريانىدا سۆز قىلالايسىلەر، كىم سۆز قىلىپ قالسا، پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلسۇن، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

3956 ( صحيح ) الطواف صلاة فأقلوا فيه الكلام ( طب ) عن ابن عباس

3956. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاۋاپ قىلىش نامازدۇر، سۆزنى ئاز قىلىڭلار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

3957 الطهور شطر الإيمان و الحمد لله تملأ الميزان و سبحان الله و الحمد لله تملآن ما بين السماء و الأرض و الصلاة نور و الصدقة برهان و الصبر ضياء و القرآن حجة لك أو عليك كل الناس يغدوا فبائع نفسه فمعتقها أو موبقها ( حم م ت ) عن أبي مالك الأشعري

3957. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى (يەنى تاھارەت نامازنىڭ يېرىمى ياكى تاشقى پاكلىق، ئىچكى پاكلىقنىڭ يېرىمى ياكى دەرىجىسى، مۇكاپاتى كۆپىيىپ ئىماننىڭ يېرىمىغا تەڭ بولىدۇ) ئەلھەمدۇلىللاھ مىزاننى توللايدۇ، سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىنى توللايدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە ـ زاكات ھۆججەتتۇر، سەۋر يورۇقلۇقتۇر، قۇرئان سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ياكى زىيىنىڭ ئۈچۈن ھۆججەتتۇر، بارلىق ئىنسانلار ئەتىگەندە ئىش ـ ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ، ئۆزىنى بازارغا سېلىپ ساتىدۇ، يا ئۆزىنى ئازاد قىلغۇچى بولىدۇ، (بۇلار مۆمىنلەردۇر) ياكى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، (بۇلار دىنسىزلاردۇر) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

3958 ( حسن ) الطلاق بيد من أخذ بالساق ( طب ) عن ابن عباس

3958. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : تالاق قىلىش ھوقۇقى، پاچاقنى تۇتقان كىشىنىڭ قولىدا، ئىلىكىدە بولىدۇ، (يەنى ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭلا ئىلىكىدە بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەتتا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بالىسىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلۋېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ) تەبرانى توپلىغان ھەسەن.

3959 ( حسن ) الطير تجري بقدر ( ك ) عن عائشة

3959. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇشلارمۇ تەقدىر بىلەن ئۇچۇپ ماڭىدۇ، ياكى ئەمەللەر تەقدىر بىلەن يۈرىشىدۇر، ياكى ياخشى ـ يامان ئەمەلدىن بولغان نىسىۋە، تەقدىر بىلەن يۈرىشىدۇ، ياكى شۇم پال ئېلىشمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ، (ھەدىس شۇنداق مەنىلەرگە ئىگە، ئاللاھ ئالىمدۇر) ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستە ئۇچۇش تەرەققىياتى تەقدىر بىلەن بولىدۇ دېگەن مەنىگىمۇ ئىشارەت باردۇر.

3960 ( صحيح ) الطيرة شرك ( حم خد 4 ك ) عن ابن مسعود

3960. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ. شۇم پال سالدۇرۇش ھارام.

## « ظ » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

www.uyghurkitap.com

3961 الظلم ثلاثة فظلم لا يغفره الله و ظلم يغفره و ظلم لا يتركه فأما الظلم الذي لا يغفره الله فالشرك قال الله: ( إن الشرك لظلم عظيم و أما الظلم الذي يغفره فظلم العباد أنفسهم فيما بينهم و بين ربهم و أما الظلم الذي لا يتركه الله فظلم العباد بعضهم بعضا حتى يدبر لبعضهم من بعض ) ( الطيالسي البزار ) عن أنس

3961. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : زۇلۇم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم، ئاللاھ كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلىدىغان زۇلۇم، ئاللاھ قىساس ئېلىپ بەرمىگىچە قالدۇرۇپ قويمايدىغان زۇلۇم، ئەمما، ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان زۇلۇم بولسا ، شېرىكتۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن : «ھەقىقەتەن شېرىك كەلتۈرۈش چوڭ زۇلۇمدۇر» سۈرە لوقمان (ئاللاھ شېرىكنى كەچۈرمەيدۇ، لېكىن، مۇشرىكلار تەۋبە قىلىپ، مۆمىن ھالدا ئۆلسە كەچۈرىدۇ) ئەمما، ئاللاھ كەچۈرىدىغان زۇلۇم بولسا، بەندىلەر ئۆزلىرىگە ئۆزى قىلىپ، بەندىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ رەببى ئارىسىدىكى ئىشلاردۇر، يەنى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى، ئاللاھ بۇنى،ئۇلار تەۋبە قىلسا، كەچۈرىدۇ، ئەمما، ئاللاھ تائالا قىساس ئېلىپ بەرمىگىچە قويۇپ قويمايدىغان زۇلۇم بولسا، بەندىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان زۇلۇملىرى بەزىسى ـ بەزىسىگە زۇلۇم قىلغان بولسا، ئاللاھ بۇنى بەزىسىگە، بەزىسىدىن يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا زالىمدىن قىساس ئېلىپ بەرمىگىچە قويۇپ قويمايدۇ، ئۇلارنى چوقۇم رازى قىلىدۇ، تەيالىسى بىلەن بەزار توپلىغان، ھەسەن.

3962 ( صحيح ) الظهر يركب بنفقته إذا كان مرهونا و لبن الدر يشرب بنفقته إذا كان مرهونا و على الذي يركب و يشرب النفقة ( خ ت ه ) عن أبي هرير

3962. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھايۋان كۆرۈكگە، رەنىگە قويۇلغان بولسا، نەپىقىنىڭ، چىقىمىنىڭ باراۋىرىگە مىنىلسە بولىدۇ، سۈتلۈك ھايۋان رەنىگە قويۇلغان بولسا، نەپىقە، چىقىمىنىڭ بەدىلىگە سۈتى ئىچىلسە بولىدۇ، مىنگەن، سۈتنى ئىچكەن كىشىنىڭ ئۈستىگە نەپىقە چىقىم ۋاجىپ بولىدۇ، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## « ع » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

3963 عائد المريض في مخرفة الجنة فإذا جلس عنده غمرته الرحمة ( البزار ) عن عبدالرحمن بن عوف

3963. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېسەل يوقلىغۇچى، جەننەتنىڭ باغلىرىدا بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، ئۇنى رەھمەتلەر قورشىۋالىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

3964 ( صحيح ) عائد المريض يمشي في مخرفة الجنة حتى يرجع ( م ) عن ثوبان

3964. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كېسەل يوقلىغۇچى قايتقانغا قەدەر جەننەت باغلىرى ئىچىدە ماڭىدۇ، (چۈنكى ھەربىر ياخشىلىق، جەننەتكە ئاپىرىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

3965 ( صحيح ) عائشة زوجتي في الجنة ( ابن سعد ) عن مسلم البطين مرسل

3965. مۇسلىمۇلبەتىيىن رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئائىشە مېنىڭ جەننەتتىكى ئايالىمدۇر، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**3966 ( صحيح ) عادى الله من عادى عليا ( ابن مندة ) عن رافع مولى عائشة**

3966. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادكەردە قۇلى راپىئدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە ئاللاھ تائالا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئۇنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى ئاللاھ دۈشمەن تۇتىدۇ، ئىبنى مۇندەھ توپلىغان، سەھىھ.

**3967 ( صحيح ) عارية مؤداة ( ك ) عن ابن عباس**

3967. ئىبن ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئارىيەت ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ، تولۇق ئادا قىلىنىشى كېرەك، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3968 ( صحيح ) عاشوراء يوم العاشر ( قط فر ) عن أبي هرير**

3968. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاشۇرا كۈن مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنىدۇر، دارىقۇتنى، دەيلىمى، فىردەۋستە توپلىغان، سەھىھ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يەھۇدىيلارغا خىلاپ توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتقان، كېلەر يىلدىن باشلاپ شۇنداق دېگەن ).

**3969 ( صحيح ) عاجليها بكتاب الله ( حب ) عن عائشة**

3969. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۇنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن داۋالىغىن، (يەنى كۆز تەگكەن، جىن چاپلاشقان كىشىنى قۇرئان ئايىتى بىلەن ئايىتى شىپا قىلىپ داۋالىغىن) ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**3970 ( صحيح ) عامة أهل النار النساء ( طب ) عن عمران بن حصين**

3970. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : دوزاخ ئەھلىنىڭ ئومومىيۈزلىكى، كۆپچىلىكى ئاياللاردۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، جەننەت ئەھلىدىن بولغان ھەربىر كىشىگە دۇنيا ئاياللىرىدىن ئىككىدىن بېرىلىدىغان ھەدىس بار، شۇنىڭغا قارىغاندا ئادەم بالىلىرىدىن ئايالالار ناھايىتى كۆپتۇر.

**3971 ( صحيح ) عامة عذاب القبر من البول ( ك ) عن ابن عباس**

3971. ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەبرە ئازابىنىڭ ھەممىسى سۈيدۈكتىن بولىدۇ، (سۈيدۈكتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3972 عباد الله لتسون صفوفكم أو ليخالفن الله بين وجوهكم ( ق د ت ) عن النعمان بن بشير**

3972. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، يا سىلەر نامازدا سەپلىرىڭلارنى تۈزلەڭلار، ياكى ئاللاھ تائالا يۈزلىرىڭلارنى تەتۈرگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، بىر ـ بىرىڭلارنى مۇخالىپ، ئىختىلاپتا قىلىۋېتىدۇ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**3973 عباد الله ! وضع الله الحرج إلا امرءا اقترض امرءا ظلما فذاك يحرج و يهلك عباد الله ! تداووا فإن الله تعالى لم يضع داء إلا وضع له دواء إلا داء واحدا: الهرم ( الطيالسي ) عن أسامة بن شريك**

3973. ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ تائالا، گۇناھنى قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتتى، لېكىن، بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىپ، گەردىنىگە قەرز ئارتىۋالسا، مانا شۇ گۇناھكار بولۇپ، قىيىنچىلىقتا قىلىپ ھالاك بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەل بولساڭلار،

داۋالىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا، بىرلا كېسەلدىن يەنى قېرىلىقتىن باشقا بارلىق كېسەللەرگە داۋاسىنى، شىپاسىنى بىرگە نازىل قىلىپ، چۈشۈرگەندۇر، قېرىلىققا داۋا يوقتۇر، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**3974 ( صحيح ) عبادة في الهرج و الفتنة كهجرة إلي ( طب ) عن معقل بن يسار**

3974. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىكى پىتنە ـ پاسات يىللىرىدىكى ئىبادەت، خۇددى ماڭا قىلىنغان ھىجرەتكە ئوخشايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3975 ( صحيح ) عبد الله بن سلام عاشر عشرة في الجنة ( حم طب ك ) عن معاذ**

3975. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام جەننەتكە كىرىدىغان ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسىدۇر، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3976 عتق النسمة أن تنفرد بعتقها و فك الرقبة أن تعين في عتقها ( الطيالسي ) عن البراء**

3976. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر جاننى ئازاد قىلىش دېگەن، ئۇ قۇلنى سەن ئۆزۈڭ يالغۇزلا ئازاد قىلىشىڭدۇر، پەككۇ رەقبەت ناملىق قۇل ئازاد قىلىش بولسا، قۇلنىڭ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن، ياردەم بېرىشىڭدۇر، پەرق شۇدۇر، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**3977 ( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند اللباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3677عثمان أحيا أمتي ( و أكرمها ) ( حل ) عن ابن عمر**

3977. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ھايالىق، ھۆرمەتلىك كىشىسىدۇر، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**3978 ( صحيح ) عثمان حيي تستحيي منه الملائكة ( ابن عساكر ) عن أبي هريرة**

3978. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكمۇ ھايالىق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3979 ( صحيح ) عثمان في الجنة ( ابن عساكر ) عن جابر**

3979. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوسمان جەننەتتە بولىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**3980 ( صحيح ) عجبا لأمر المؤمن إن أمره كله له خير و ليس ذلك لأحد إلا للمؤمن إن أصابته سراء شكر و كان خيرا له و إن أصابته ضراء صبر فكان خيرا له ( حم م ) عن صهيب**

3980. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆمىننىڭ ئىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر، ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر، بۇنداق ياخشىلىق پەقەت مۆمىن ئۈچۈنلا بولىدۇ، مۆمىن بولمىغان كىشىلەرگە ئۇنداق بولمايدۇ، ئەگەر مۆمىنگە خۇرسەن بولىدىغان، خۇشاللىق ئىشلار يەتسە، ئۇ شۈكرى قىلىدۇ ـ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا زەرەر يەتسە، سەۋرى قىلىدۇ ـ دە، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**3981 عجب ربنا من رجل غزا في سبيل الله فانهزم أصحابه فعلم ما عليه فرجع حتى أهريق دمه فيقول الله عز و جل لملائكته: انظروا إلى عبدي رجع رغبة فيما عندي و شفقة مما عندي حتى أهريق دمه ( د ) عن ابن مسعود**

3981. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى



www.uyghurkitap.com

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەببىمىز مۇنداق كىشىدىن رازى بولۇپ ، ئەجەبلىنىپ كېتىدۇكى ، بۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يېڭىلىپ چېكىنىدۇ ، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى تونۇپ يېتىپ ، دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ بېرىپ ، ئۇرۇش قىلىپ تاكى ئۇنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ شېھىد بولىدۇ ، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرىگە مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار ، بۇ بەندەم مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئەجىر ، مۇكاپاتلارغا قىزىقىپ ، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى ئازابدىن قورقۇپ ، دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ ، جەڭ قىلىپ ھەتتا ئۇنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈپ شېھىد بولدى دەيدۇ ، يەنى رازى بولۇپ ، باھالاپ بېرىدۇ ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، ھەسەن .

**3982 عجب ربنا من قوم يقادون إلى الجنة في السلاسل ( حم خ د ) عن أبي هريرة**

3982. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : رەببىمىز ، جەننەتكە زەنجىر ـ كىشەنلەر ئىچىدە سۆرۈلۈپ ھەيدىلىدىغان قەۋملەردىن ئەجەبلىنىدۇ ، ئەھمەد ، بۇخارى ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ .

**3983 عجبت لأقوام يساقون إلى الجنة في السلاسل و هم كارهون ( طب ) عن أبي أمامة ( حل ) عن أبي هريرة**

3983. ئەبۇ ئۇمامە ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن جەننەتكە زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن سۆرۈلۈپ ھەيدىلىپ ماڭغان ، تېخى ئۇلار بۇ ئىشنى ياقتۇرمىغان قەۋملەر ئۈچۈن ئەجەبلىنىپ ، ھەيران قالىمەن ، تەبرانى بىلەن ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان ، ھەسەن بۇ ئىككى ھەدىستىكى مەقسەت ،ئۇلار ، مۇسۇلمان قوشۇنلار ئەسىر ئالغان كىشىلەر بولۇپ ، دەسلەپتە زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن سۆرۈلۈپ ، ئۇلار بۇنى ياقتۇرماي ماڭىدۇ ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ ، ئىمان ئېيتىپ ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ قالىدۇ ، مانا بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر .

**3984 عجبت لصبر أخي يوسف و كرمه و الله يغفر له حيث أرسل إليه ليستفتى في الرؤيا و لو كنت أنا لم أفعل حتى أخرج و عجبت لصبره و كرمه و الله يغفر له أتي ليخرج فلم يخرج حتى أخبرهم بعذره و لو كنت أنا لبادرت الباب و لولا الكلمة لما لبث في السجن حيث يبتغي الفرج من عند غير الله عز و جل ( طب ابن مردويه ) عن ابن عباس**

3984. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قېرىندىشىم يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى سوراپ ، ئەلچى ئەۋەتىلگەندىكى سەۋرىسىگە ، سېخىيلىقىغا ، تەمكىنلىكىگە ، ئەجەبلىنىپ ، ھەيران قالدىم ، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلسۇن ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام ، تۈرمىدىن چىقمىغىچە ھېچ ئىشنى قىلمايتتىم ، مەن ئۇنىڭ سەۋرى قىلىشقا ، سېخىيلىقىغا ئەجەبلىنىپ قالدىم ، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ ، مەغپىرەت قىلسۇن ، ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى ئۈچۈن كىشى كەلسە ، ئۇ ئۇلارغا ئۆزرىسىنى بايان قىلمىغىچە تۈرمىدىن چىقمىدى ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام تۈرمىدىن چىقىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىشىك تەرەپكە ئالدىرىغان بولاتتىم . ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىدىن پاناھ تىلەپ ، چىقىش يولىنى سورىغان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى بولمىغان بولسا ، ئۇ تۈرمىدا ئۇنچە ئۇزۇن تۇرمىغان بولاتتى ، (ئۇ سۆز تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىگە ، مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىپ قويغىن ، ئەسلەپ قويغىن دەپ ئاسانلىق تىلىگەن ئىدى ، شۇنىڭ سەۋەبىدىن يەتتە يىل ئۇشۇق ياتقان ئىدى) تەبرانى بىلەن ئىبنى مەردەۋىيە توپلىغان ، سەھىھ .

**3985 عجبت للمؤمن إن الله تعالى لم يقض له قضاء إلا كان خيرا له ( حم حل ) عن أنس**

3985. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن مۆمىنگە ئەجەبلىنىپ ھەيران قالدىم ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ھۆكۈمنى قىلسا ، بۇ ھۆكۈم ياخشى بولسۇن ياكى يامان ئاقىۋەت بولسۇن ، مۆمىنگە ياخشىلىق بولىدىكەن ، ئەھمەد ، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان ، سەھىھ .

**3986 ( صحيح ) عجبت للمسلم إذا أصابته مصيبة احتسب و صبر و إذا أصابه خير حمد الله و شكر إن المسلم يؤجر في كل شيء**

www.uyghurkitap.com

حتى في اللقمة يرفعها إلى فيه ( الطيالسي هب ) عن سع

3986. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەيران قالدىم، ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتسە، ساۋاب كۈتۈپ سەۋرى قىلىدىكەن، ياخشىلىق يەتسە، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن، مۇسۇلماننىڭ ھەربىر ئىشلىرىدا ئەجىر بېرىلىدىكەن، ھەتتا ئۇ ئايالىنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ئاپارغان بىر لوقما تائامغىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولىدىكەن، تەيالىسى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**3987** ( صحيح ) عجبت من قوم من أمتي يركبون البحر كالملوك على الأسرة ( خ ) عن أم حرام

3987. ئۇممە ھارام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن مېنىڭ ئۇممىتىمدىن پادىشاھلار تەختىدە كەڭ ـ تاشا، خاتىرجەم ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، بەخىرامان ھالدا، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن دېڭىزغا سەپەر قىلىدىغان قەۋمدىن ئەجەبلىنىپ ھەيران قالدىم، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**3988** عجلت أيها المصلي ! إذا صليت فقعدت فاحمد الله بما هو أهله ثم صل علي ثم ادعه ( ت ن ) عن فضالة بن عبيد

3988. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى تېز ناماز ئوقۇغان كىشىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېگەن : ئى ناماز ئوقۇغۇچى، ئالدىراپ قالدىڭ، ناماز ئوقۇپ تەشەھھۇددا ئولتۇرغان چاغدا ئاللاھ تائالاغا ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھلى بولغان يەنى ئاللاھقا لايىق ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىن، ئاندىن ماڭا دۇرۇت، دۇئايى ـ سالام يوللاپ، ئاندىن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**3989** ( صحيح ) عجلوا الإفطار و أخروا السحور ( طب ) عن أم حكيم

3989. ئۇممە ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئىپتارنى بۇرۇنراق قىلىپ، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يەڭلار، (يەنى ئىپتارنى كۈن كىرىش بىلەنلا قىلىڭلار، زوھۇرلۇقنى بولسا، سۈبھىگە قىستاپ يېسەڭلارمۇ بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3990** عجلوا الخروج إلى مكة فإن أحدكم لا يدري ما يعرض له من مرض أو حاجة ( حل هق ) عن ابن عباس

3990. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەككىگە چىقىشقا يەنى ھەجگە ئالدىراڭلار، چۈنكى، بىرىڭلار ئۆزىگە كېسەلدىن ياكى ھاجەتتىن نېمىلەرنىڭ دۇچ كېلىدىغىنىنى بىلمەيدۇ، (يەنى ئۆلۈپ كەتسە، ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ياكى بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە ياكى بىرەر ھاجەت چۈشۈپ، پۇل تۈگىسە ياكى ھۆكۈمەت چەكلىسە، ھەج قىلالماي قالىدۇ) ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**3991** ( صحيح ) عدد آنية الحوض كعدد نجوم السماء ( أبو بكر بن أبي داود في البعث ) عن أنس

3991. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ساندەك كۆپتۇر، ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ، بۇ كىشى ئەبۇ داۋۇدنىڭ ئوغلىدۇر.

**3992** ( صحيح ) عذاب القبر حق ( خط ) عن عائشة

3992. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : قەبرە ئازابى ھەقتۇر، (بىز ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرىمىز) خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**3993** ( صحيح ) عذاب أمتي في دنياها ( طب ك ) عن عبدالله بن يزيد

3993. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادا قىلىنىدى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**3994 ( صحيح ) عذاب هذه الأمة جعل بأيديها في دنياها ( ك ) عن عبدالله بن يزيد**

3994. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ ھاياتىدا دۇنيادا ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىندى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ياكى ئۆزى ئۆزىگە ئۆزگە قىلىدۇ، ئۆزلىرى ئۆزلىرىنى ئازابلايدۇ، ئاخىرەتتە ئازاب يوقتۇر .ئىنشائاللاھ.

**3995 ( صحيح ) عذبت امرأة في هرة حبستها حتى ماتت جوعا فدخلت فيها النار قال الله: لا أنت أطعمتيها و لا سقيتيها حين حبستيها و لا أنت أرسلتيها فأكلت من خشاش الأرض ( حم ق ) عن ابن عمر ( الدارقطني في الأفراد ) عن أبي هريرة**

3995. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر ئايال مۈشۈك توغرىسىدا ئۇنى ئاچ قىلىپ ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپ، دوزاختا ئازابلاندى، دوزاخقا كىرىپ كەتتى، ئاللاھ ئۇ ئايالغا مۇنداق دېدى، سەن ئۇ مۈشۈككە تائام بەرمىدىڭ، ئۇنى سولاپ قويۇپ، سۇغۇرۇپمۇ قويمىدىڭ، ئۇنى ھەم قويۇپ بەرمىدىڭ، قويۇۋەتكەن بولساڭ، ئۇ مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنىمۇ بولسا يېگەن بولاتتى، ئەھمەد ، بەيھەقى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**3996 ( صحيح ) عذبت امرأة في هر ربطته حتى مات و لم ترسله فيأكل من خشاش الأرض فوجبت لها النار بذلك ( حم ) عن جابر**

3996. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بىر ئايال مۈشۈك توغرىسىدا ئازابلاندى، ئۇ مۈشۈكنى ئۆلگەنگە قەدەر قويۇپ بەرمەي، يا تائام، سۇ بەرمەي، باغلاپ قويدى، قويۇۋەتكەن بولسا، زېمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدىن يېگەن بولاتتى، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئايالغا دوزاخ ۋاجىپ بولدى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، ھايۋانلارغا ئوبدان قاراڭلار،مەنپەئەتىڭلاردىن باشقا ساۋاب ياكى جازا باردۇر.

**3997 عرج بي حتى ظهرت بمستوى أسمع فيه صريف الأقلام ( خ طب ) عن ابن عباس وأبي حبة البدري**

3997. ئىبنى ئاباس، ئەبۇ ھەببەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : مەن مىراج كېچىسى شۇنداق يۇقىرى ئۆرلىدىمكى، مۇستەۋادا ئاشكارا بولدۇم، يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئۇستۈن بولغان جايغىچە ئۆرلىدىم، مەن ئۇ جايدا قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، (ئۇ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە ئىدى) بۇخارى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**3998 ( صحيح ) عرش كعرش موسى ( هق ) عن سالم بن عطية مرسلا**

3998. سالىم ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللا، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆيىنى مۇسانىڭ ئۆيىدەكلا شاخ ـ شۇمبا، ئازراق ياغاچ بىلەنلا سايىدىغىدەك سالساق بولدى، (چۈنكى، ئىش يەنى ئۆلۈم ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر) بەيھەقى، ئىبنى نەججار توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى زەئىپ دېگەن بولسىمۇ، ئەلبانى ھەسەنگە ھەتتا سەھىھ لىيغىيرىگە كۆتۈرۈلدۇ دېگەن .

**3999–عرضت علي الأمم فرأيت النبي و معه الرهط و النبي و معه الرجل و الرجلان و النبي و ليس معه أحد إذ رفع لي سواد عظيم فظننت أنهم أمتي فقيل لي: هذا موسى و قومه و لكن انظر إلى الأفق فإذا سواد عظيم فقيل لي: انظر إلى الأفق الآخر فإذا سواد عظيم فقيل لي: هذه أمتك و معهم سبعون ألفا يدخلون الجنة بغير حساب و لا عذاب هم الذين لا يرقون و لا يسترقون و لا يتطيرون و لا يكتوون و على ربهم يتوكلون (حم ق ) عن ابن عباس**

3999. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا بارلىق ئۈممەتلەر تەڭلەندى، مەن بەزى پەيغەمبەرنى بىر توپ جامائەت بىلەن كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەرنى بولسا، بىر ئىككى كىشى بىلەنلا كۆردۈم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچكىشى

يوق،ئۇنى يالغۇزلا كۆردۇم، (يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ ئىمان ئېيتقان، ئەگەشكەن كىشى يوق ئىكەن) تۇيۇقسىز ماڭا ناھايىتى چوڭ جامائەت كۆلەڭگىسى كۆرۈندى، مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكى دەپ گۇمان قىلىپ تۇرسام، ماڭا بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى دېيىلدى، لېكىن، سەن ئاۋۇ ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، مەن قارىسام، ناھايىتى چوڭ جامائەتلەر قارىسى ئىكەن، ماڭا بۇياقدىكى ئۇپۇققا قارا دېيىلدى، قارىسام ناگاھان بەكمۇ كۆپ جامائەت توپى ئىكەن، ئاندىن ماڭا مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلار بىلەن بىرگە جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابىمىز كىرىدىغان 70000 كىشى باردۇر، بۇ كىشىلەر ئايىتى شىپا ئوقۇمايدۇ، ھەم ئوقۇمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، پال قالدۇرمايدۇ، ئوتتا داغلاپمۇ داۋالاشمايدۇ، ئۇلار پەقەت ھەممە ئىشلىرىدا رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4000** ( صحيح ) عرضت علي الأيام فعرض علي فيها يوم الجمعة فإذا هي كمرآة بيضاء و إذا في وسطها نكتة سوداء فقلت: ما هذه ؟ قيل: الساعة ( طس ) عن أنس

4000. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا بارلىق كۈنلەر تەڭلەندى، ماڭا شۇ كۈنلەر ئىچىدە جۈمە كۈنى ئالاھىدە تەڭلەندى، قارىسام ناگاھان ئۇ جۈمە كۈن ئاق، نۇرلۇق ئەينەكتەك بولۇپ، ناگاھان ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا بىر تال قارا چېكىت تۇرىدۇ، مەن بۇ نېمە؟ دەپ سورىسام، بۇ ھېلىقى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر سائەت شۇدۇر دېيىلدى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4001** عرضت علي الجنة حتى لو مددت يدي تناولت من قطوفها و عرضت علي النار فجعلت أنفخ خشية أن يغشاكم حرها و رأيت فيها سارق بدنة رسول الله و رأيت فيها أخا بني دعدع سارق الحجيج فإذا فطن له قال: هذا عمل المحجن و رأيت فيها امرأة طويلة سوداء تعذب في هرة ربطتها فلم تطعمها و لم تسقها و لم تدعها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت و إن الشمس و القمر لا ينكسفان لموت أحد و لا لحياته و لكنهما آيتان من آيات الله فإذا انكسف أحدهما فاسعوا إلى ذكر الله عز و جل ( ن ) عن ابن عمر

4001. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا جەننەت تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى، ھەتتا مەن قولۇمنى سۇنسام، ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىدىن ئالالىغۇدەك يېقىنلاشتۇرۇلدى، ماڭا دوزاخمۇ تەڭلەندى، مەن ئۇنىڭ ھارارىتىنىڭ سىلەرنى قورشىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پۈۋلەشكە باشلىدىم، مەن دوزاخ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ تۆگىسىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنى كۆردۈم، بەنى دەئدەئنىڭ قېرىندىشىنىمۇ دوزاختا كۆردۈم، ئۇ ئىلمەك ھاسا بىلەن ئوغرىلۇق قىلاتتى، ھاجىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلايتتى ، ئاشكارا بولۇپ قالسا بۇنى مەن بىلمەيتىمەن، بۇ ھاسامنىڭ ئىشى دەپ قۇتۇلاتتى، ئاشكارا بولمىسا ئوغرىلايتتى ، مەن يەنە دوزاختا ئېگىز ، قارا تەنلىك بىر ئايالنىڭ مۈشۈك توغرىسىدا ئازابلانغىنىنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى تائام بەرمەي سۇمۇ بەرمەي، يا قويۇپ بەرمەي ئۆلۈپ كەتكىچە باغلاپ قويغان ئىدى، قويۇپ بەرگەن بولسا، زېمىنىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى يەپ ھايات قالاتتى، بۇ ئايال شۇ سەۋەبدىن دوزاختا ئازابلىنىپتۇ، ھەققەتەن كۈن بىلەن ئاي بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، لېكىن، ئۇ ئىككىسى ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان، مۆجىزە، ئالامەتتۇر، ئۇلارنىڭ بىرسى تۇتۇلسا، ئاللاھنى ئەسلەشكە، توسۇپ نامازغا ئالدىراڭلار، سەدىقە قىلىڭلار، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4002** ( صحيح ) عرضت علي الجنة و النار آنفا في عرض هذا الحائط فلم أر كاليوم في الخير و الشر و لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا و لبكيتم كثيرا ( م ) عن أنس

4002. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا باياتىن جەننەت بىلەن دوزاخ مۇشۇ تامنىڭ توغرىسىدا، مۇشۇ تام توغرىسىغا تەڭلەنگەندەك تەڭلەندى، مەن ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم،

ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىنى بىزگە بىلدۈردى، ئىلىمنى ھەرگىز يوشۇرمايتتى، بىز ئەمدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەننى بىلدۇق، يەنە نىمە ئۈچۈن ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىمايمىز؟ كۆرگەن بولساڭلار دېمىدى، بىلگەن بولساڭلار دېدى، يوشۇرمىدى، بىز بىلدۇق، ھەزەر قىلايلى، تەقۋالىقنى تىرىشايلى.

4003 عرضت علي أمتي بأعمالها حسنها و سيئها فرأيت في محاسن أعمالها إماطة الأذى عن الطريق و رأيت في سيء أعمالها النخاعة في المسجد لم تدفن ( حم م ه ) عن أبي ذ

4003. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا ئۈممىتىم، ياخشى ـ يامان بارلىق ئەمەللىرى بىلەن تەڭلەندى، مەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ قاتارىدا يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىشنى كۆردۈم، بۇمۇ ياخشى ئەمەل ئىكەن، (چۈنكى بۇ، ئىمانىنىڭ بىر شاخچىسىدۇر) مەن مەسجىد ئىچىدە كۆمۈلمەي قالغان بەلغەم، تۈكۈرۈكنى ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدا كۆردۈم، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4004 عرض علي الأنبياء فإذا موسى ضرب من الرجال كأنه من رجال شنوءة و رأيت عيسى ابن مريم فإذا أقرب من رأيت به شبها عروة بن مسعود و رأيت إبراهيم فإذا أقرب من رأيت به شبها صاحبكم – يعني نفسه صلى الله عليه وسلم – و رأيت جبريل فإذا أقرب من رأيت به شبها دحية ( م ت ) عن جاب

4004. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ماڭا بارلىق پەيغەمبەرلەر تەڭلەندى، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام شەنۇئەت ئەرلىرىگە ئوخشاش كىشى ئىكەن، مەريەم ئوغلى ئەيسانى كۆردۈم، ئۇ ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئىبراھىمنى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ سەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدە ساھىبىڭلارغا يەنى ماڭا ئوخشاپ كېتىدۇ، جىبرىئىلنى كۆردۈم، ئۇ مەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدە دىھيەتۇلكەلبىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى بۇ ئىنسان سۈرىتى ئىدى، مۇسلىم بىلەن تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

4005 ( صحيح ) عرفة كلها موقف ( ن ) عن جاب

4005. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان يەنى ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان جايدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4006 ( صحيح ) عرفة كلها موقف و ارتفعوا عن بطن عرنة و مزدلفة كلها موقف و ارتفعوا عن بطن محسر و منى كلها منحر ( طب ) عن ابن عباس

4006. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە جايلىرى ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر، بەتنى ئەرنەت دېگەن جايدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆچۈڭلار، مۇزدەلىفە تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر، بەتنى مۇھەسسەر دېگەن جايدىن كۆتۈرۈلۈڭلار، مىنا تېغى ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

4007 عريشا كعريش موسى ثمام و خشيبات و الأمر أعجل من ذلك ( المخلص في فوائده ابن النجار ) عن أبي الدرداء

4007. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئۆيىنى مۇسانىڭ چەللە ئۆيىدەك ئۇششاق بادرا ياغاچ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەنلا سېلىڭلار، ئىش يەنى ئۆلۈم ئۇنىڭدىنمۇ تېزراق يېتىپ كېلىدۇ، يەنى شۇ ئۆي خاراب بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈم يېتىپ كېتىلىدۇ، ئىبنى نەججار توپلىغان، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ ھەدىس بەيھەقى توپلىغان

3998 ـ ھەدىستە ئۆتتى.

**4008 عسى رجل يحدث بما يكون بينه و بين أهله أو عسى امرأة تحدث بما يكون بينها و بين زوجها فلا تفعلوا فإن مثل ذلك مثل شيطان لقي شيطانة في ظهر الطريق فغشيها و الناس ينظرون ( طب ) عن أسماء بنت يزيد**

4008. ئەسما بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشى ئەھلى ئايالى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن، ياكى ئايالى ئېرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى يەنى مەخپىي جىنسى ئىشلىرىنى سۆزلەپ سېلىشى مۇمكىن، ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار، ئاراڭلاردىكى بۇ مەخپىي سۆزلەرنى دېمەڭلار ، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشنىڭ مىسالى بىر شەيتان يول ئۈستىدە يەنە بىر چىشى شەيتانغا ئۇچرىشىپ، شۇ جايىدىلا بىللە بولۇپ ئۇنى بېسىۋالىدۇ، كىشىلەر تاماشا قىلىپ قاراپ تۇرىدۇ، ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى مەخپىي سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈش ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، (بۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ) تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**4009 ( حسن ) عشر من الفطرة: قص الشارب و إعفاء اللحية و السواك و استنشاق الماء و قص الأظفار و غسل البراجم و نتف الإبط و حلق العانة و انتقاص الماء ( حم م 4 ) عن عائشة**

4009. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن 10 ئىش باردۇر، (بۇلار بىرگىمۇ سۈننەتتۇر). 1 ـ بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش، 2 ـ ساقالنى كامىل، تولۇق قويۇش، 3 ـ مسۋاك سېلىش، 4 ـ ئاغىزى بۇرنىغا سۇ ئېلىش، 5 ـ تىرناقلارنى ئېلىپ تۇرۇش، 6 ـ بارماقلارنىڭ بوغۇملىرىنى قاتلىشىپ، تۇرۇلۇپ قالغان جايلارنى يۇيۇش، 7 ـ قولتۇق تۈكنى تازىلاش، 8 ـ ئەۋرەتنى پاك ـ پاكىز تازىلاش، 9 ـ ئىستىنجا قىلىش، 10 ـ (راۋىي ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىش دېگەن بەزىلەر باشقا سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەپ خەتنە قىلىش دېگەن ) بۇ ھەدىسنى مۇسلىم تاھارەتتە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

بىر قىسىم ئالىملار رەببىم بۇيرۇدى دېگەن ، ھەدىسنى دەلىللەپ ساقال ۋاجىپ دېگەن ، بەزىلەر كۈچلۈك سۈننەت دېگەن ، بۇ ھەدىستە سۈننەت دېيىلگەن، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللا، ساقالنى ئۆزرىسىز دائىم ئالدۇرغان كىشى پاسىق دېگەن .

**4010 عشرة في الجنة: النبي في الجنة و أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير بن العوام في الجنة و سعد بن مالك في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة ( حم د ه الضياء ) عن سعيد بن زي**

4010. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : 10 ـ كىشى جەننەتتە بولىدۇ.

1. پەيغەمبەر جەننەتتە يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

2. ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، 3. ئۇمەر جەننەتتە، 4. ئوسمان جەننەتتە، 5. ئەلى جەننەتتە، 6. تەلھە جەننەتتە، 7. زۇبەير ئىبنى ئەۋام جەننەتتە، 8. سەئىد ئىبنى مالىك جەننەتتە ، 9. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، 10 ـ سەئىد ئىبنى زەيىد جەننەتتە بولىدۇ، (يەنى مۇشۇلار جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ھايات چاغدىلا خۇش بېشارەت بېرىلگەن، بەزى خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا ئون كىشىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھدۇر، يۇقىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئونىنچىسى دېيىلگەن ھەدىس ئۆتتى، بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئەر ـ ئايال ساھابىلەرغا جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن، مەسىلەن: بىلال، غۇمەيسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردەك، ھەسەن ـ ھۇسەيىندەك)، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

مەن «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى مۇشۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى، شۇنداقلا ئىككىنچى قىسمىغىمۇ مۇشۇ سەھىھ ھەدىس بىلەن كىرىشنى ياخشى كۆردۈم، چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى ھەدىسى جەننەتكە تۈنجى بولۇپ پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭلا كىرگەنلىكى بىلەن باشلانغان، مانا ھازىر بۇ سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئۈن كىشى قوشۇلۇپ جەننەتكە كىرىش سەھىھ ھەدىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، خۇش بېشارەت بىلەن ئاخىرلاشتى، ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ئەنە شۇلارغا ئوخشاش جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!

ئەبۇ مۇھەممەد

2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 كۈنى، چاھارشەنبە

ئاللاھ خالىسا، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدە كۆرۈشەيلى، ئاللاھقا ئامانەت، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ.

ئاپتۇر: ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتى، ئىمام ناسىرۇددىن ئەلبانىي.